زەكى بايراكتار

# قۇرئان ۋە سۈننەت
# لېكىن
# قايسى سۈننەت؟

**قۇرئاندا نەبى - رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەرق**
**ۋە**
**سۈننەت - ھەدىس مەسىلىسى**

# قۇرئان ۋە سۈننەت
# لېكىن
# قايسى سۈننەت؟

زەكى بايراكتار

اتَّبِعُوا مَا أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ قَلِيلًا مَا تَذَكَّرُونَ

«(ئى ئىنسانلار!) سىلەر رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان (قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار. ئۇنىڭدىن باشقا بىر دوست (يېتەكچىگە) ئەگەشكۈچى بولماڭلار. (لېكىن) سىلەردىن ناھايىتى ئاز بىر قىسىمىڭلار بۇ ۋەز ـ نەسىھەتكە قۇلاق سالىسىلەر» (ئەئراف سۈرىسى، 3 ـ ئايەت).

أَفَغَيْرَ اللَّهِ أَبْتَغِي حَكَمًا وَهُوَ الَّذِي أَنْزَلَ إِلَيْكُمُ الْكِتَابَ مُفَصَّلًا

«(ئېيتقىنكى): مۇپەسسەل (ھەر نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلغان) بىر كىتابنى نازىل قىلغان ئاللاھتىن غەيرى ھۆكۈم قىلغۇچى تەلەپ قىلامدىم؟» (ئەنئام سۈرىسى، 114 ـ ئايەت).

الر كِتَابٌ أُحْكِمَتْ آيَاتُهُ ثُمَّ فُصِّلَتْ مِنْ لَدُنْ حَكِيمٍ خَبِيرٍ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا اللَّهَ إِنَّنِي لَكُمْ مِنْهُ نَذِيرٌ وَبَشِيرٌ

«ئەلىف لام را. بۇ شۇنداق بىر كىتابكى، ئايەتلىرى پۇختا قىلىنغان، ئاندىن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن ئايەتلىرى تەپسىلىي ھالدا بايان قىلىنغان بولۇپ، سىلەرنىڭ ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلماسلىقىڭلار (ئۈچۈن شۇنداق قىلىندى). مەن بولسام سىلەرگە ئۇ (ئاللاھ) تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» (ھۇد سۈرىسى، 2 ـ 1 ـ ئايەتلەر).

مَا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِنْ رِجَالِكُمْ وَلَكِنْ رَسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ وَكَانَ اللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمًا

«مۇھەممەد سىلەر ئىنسانلارنىڭ ھېچقايسىڭلارنىڭ ئاتىسى ئەمەس. لېكىن ئۇ ئاللاھنىڭ رەسۇلى (ئەلچىسى) ۋە نەبىلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر» (ئەھزاب سۈرىسى، 40 ـ ئايەت).

# مۇندەرىجە

ئاپتوردىن ........................................................15
كىرىش سۆز.........................................................19

## بىرىنچى باب
## قۇرئاندا نەبى ۋە رەسۇل ئاتالغۇسى

قۇرئاندا نەبى ۋە رەسۇل ئاتالغۇسى...........................................29
نەبىلەرنىڭ ھەممىسگە كىتاب بېرىلگەن ..............................30
بارلىق نەبىلەر رەسۇلدۇر.............................................32
نەبى بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدا پەرق بارمۇ؟...............................35
قۇرئان رەسۇل مۇھەممەدكە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ...........37
رەسۇلنى ئۆرنەك ئېلىش كېرەك .......................................43
رەسۇلغا قارشى چىقماسلىق كېرەك......................................44
قۇرئان نېمە ئۈچۈن نەبىگە ئەمەس، بەلكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا
بۇيرۇيدۇ؟ ............................................................46
كىشىلىك خاراكتېر رەسۇلنىڭ ئېھتىياتلىرىنى بەلگىلەيدۇ .......................58
«نەبى ئەلچى» ۋە «دىپلوماتىك ئەلچى» ..........................................60
نەبى ـ رەسۇلنىڭ پەرقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سۈرە ـ ئەھزاب سۈرىسى .....67
نەبى بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشماسلىق ۋە ئوخشاشلىقلار
(ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر).............................................75
رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرىمۇ؟ نەبىنىڭ ھەدىسلىرىمۇ؟...............................82
كونتېكستتە «ھەدىس» ئىبارىسى بولغان بەزى ئايەتلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە .....89
قۇرئان پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىمامدۇ؟..............................98
ساھابىلەرنىڭ نەبىگە بولغان ئېتىرازلىرى .......................................102

1. ساھابىنىڭ نەبىگە ئېتىراز قىلغانلىقىغا قۇرئاندىن دەلىللەر............108
1.1. ھەزرىتى زەيدنىڭ نەبىگە ئېتىراز قىلىشى ........................108
2.1. ساھابىلەردىن بىر ئايالنىڭ نەبى بىلەن مۇنازىرىلىششى (نەبىگە ئېتىراز قىلىشى) .............................................109
3.1. بەدىر مۇجاھىدلىرىنىڭ نەبى بىلەن مۇنازىرىلىششى ...........111
4.1. نەبى ئاياللىرىنىڭ نەبىگە قىلغان مۇئامىلىسى ..........................112
5.1. بەيئەتلەشكەن ئاياللارغا بېرىلگەن قارشى چىقىش ھوقۇقى..............115
2. ساھابىنىڭ نەبىگە قىلغان ئېتىرازلىرى ھەققىدە ھەدىسلەردىن دەلىللەر ..120
1.2. مەككىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ قىرقىپ تاشلىنىشى ........................120
2.2. بەدىر غازىتى ........................................................120
3.2. ئۇھۇد غازىتى.........................................................121
4.2. خەندەك غازىتى.......................................................121
5.2. بەرىرەنىڭ نەبىگە تۇتقان مۇئامىلىسى....................................122
6.2. ئۇسامە بىن زەيدنىڭ قوماندان بولۇشى ..............................122
7.2. ھۇدەيبىيە كېلىشىمى..................................................123
8.2. قۇربانلىق قىلىش ۋە چاچ چۇشۇرۇش.....................................129
9.2. نەبىنىڭ ئاياللىرىنىڭ مۇئامىلىسى .....................................130
پەيغەمبەر ئۇقۇمى پەيدا قىلغان زىددىيەتلەر ...................................140
رەسۇل، نەبى ۋە ئۇلۇل ئەمرى مۇھەممەد (ئە س)...............................145
ساھابىلەر قانداق مۇئامىلە قىلاتتى؟ بىز قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز؟............150
نەبىگە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئىتائەت قىلىش (ئەنفال سۇرىسى 64 ـ ۋە تەۋبە سۇرىسى 117 ـ ئايەت) ...............................................151
رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىش.......................................158
رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش قانداق بولىدۇ؟.....................................158
رەسۇلۇللاھ ۋە ھەزرىتى ئىبراھىم (ئە س)نىڭ ئۈلگىلىك تەرىپى ........................159
قۇرئاندىكى «ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا» ئىبارە شەكلى نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ ..163
1. دەلىل (تەۋبە سۇرىسى، 1 ـ ئايەت) ...............................165
2. دەلىل (تەۋبە سۇرىسى، 3 ـ ئايەت) ...............................166

3. دەلىل (تەۋبە سۈرىسى، 24-ئايەت) ............................. 167
4. دەلىل (تەۋبە سۈرىسى، 65-ئايەت) ............................. 167
5. دەلىل (تەۋبە سۈرىسى، 90-ئايەت) ............................. 168
6. دەلىل (تەۋبە سۈرىسى، 16-ئايەت) ............................. 169
7. دەلىل (تەۋبە سۈرىسى، 107-ئايەت) ............................. 169
8. دەلىل (بەقەرە سۈرىسى، 279-ئايەت) ............................. 170
9. دەلىل (نىسا سۈرىسى، 100-ئايەت) ............................. 171
10. دەلىل (مائىدە سۈرىسى، 33-ئايەت) ............................. 171
11. دەلىل (ئەھزاب سۈرىسى، 36-ئايەت) ............................. 171
12. دەلىل (ئەھزاب سۈرىسى، 37-ئايەت) ............................. 172
13. دەلىل (نۇر سۈرىسى، 48-ئايەت) ............................. 173
14. دەلىل (ئەنفال سۈرىسى 1- ۋە 48-ئايەت) ............................. 173
15. دەلىل (ھەشر سۈرىسى، 7-ئايەت) ............................. 174
16. دەلىل (جاسىيە سۈرىسى، 6-ئايەت) ............................. 177
17. دەلىل (نىسا سۈرىسى، 59-ئايەت) ............................. 177
18. دەلىل (ئەنفال سۈرىسى، 20-ئايەت) ............................. 178
19. دەلىل (ھەشر سۈرىسى، 4-ئايەت) ............................. 179
20. دەلىل (قۇرئاننىڭ «ۋ (ۋە)» باغلىغۇچىسىنى ئىشلىتىش شەكلى)... 179
21. دەلىل (رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى) ............................. 184
رەسۇلنىڭ قانۇن (شەرىئەت، يەنى ھالال - ھارام) بەلگىلەش ھوقۇقى بارمۇ؟.... 185
رەسۇلۇللاھنىڭ قازى بولۇشى ............................. 196
رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىش............................. 200
1. ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر............... 201
2. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر ............................. 202
3. رەسۇلغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر ............................. 203
4. قۇرئانغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر ............................. 204
5. قۇرئانغا ۋە رەسۇلغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر ............................. 205
6. ۋەھيىگە (قۇرئانغا) ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر............................. 206

قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھىي مەسىلىسى (ۋەھىي غەيرى مەتلۇۋ) ................ 208
ئەگىشىشكە بولمايدىغانلار ............................................ 217
قۇرئانغا ئەگەشكەنلىك رەسۇلغا ئەگەشكەنلىكتۇر ........................ 221

## ئىككىنچى باب

## قۇرئان تونۇشتۇرغان ئىنسان نەبى - رەسۇل

قۇرئاندا رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى ........................................ 227
1. رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەر ........................................................ 228
2. رەسۇلنىڭ كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئۆگەتكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر..232
1) دەلىل («كىتاب ۋە ھېكمەت» ئىبارىسىنىڭ «ۋە» باغلىغۇچىسى جەھەتتىن «ئاللاھ ۋە رەسۇل» ئىبارىسىغا ئوخشايدىغانلىقى) ........... 234
2) دەلىل (مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەرنىڭ بىردىن ئارتۇق بولۇشى)................................................ 235
3) دەلىل (گىراماتىكىلىق دەلىللەر)......................................... 239
4) دەلىل (ھېكمەتلىك كىتاب، قۇرئانىل ھەكىم، كىتابىل ھەكىم)....... 240
5) دەلىل (كىتاب ۋە ھېكمەتنىڭ «مەرىفەلىك - قاراتمىلىق» بىلدۈرىدىغان «ئەل - ال» قوشۇمچىسى بىلەن كېلىشى)............. 241
6) دەلىل (ھېكمەتنىڭ قۇرئان بىلەن بىرلىكتە تىلاۋەت قىلىنىشى، يەنى مەتلۇۋ بولۇشى) ................................................ 242
7) دەلىل (كىتاب ۋە ھېكمەتنىڭ ئۆگىتىلگەنلىكىدە شەك يوقلىقى، مۇتەۋاتىر نەقىل) ................................................... 243
3. رەسۇلنىڭ بايان ۋەزىپىسى بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەر ......... 245
بايان ۋەزىپىسى پەقەت رەسۇلغا بېرىلگەنمۇ؟................................ 257
ئالەملەرگە رەھمەت بولغان رەسۇل .................................... 258
نەبى بولۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋر ........................................ 260
نۇبۇۋۋەتتىن كېيىنكى مەزگىل .......................................... 261
رەسۇلۇللاھ ھەققىدە توغرا دەپ بىلىنگەن ناتوغرا مەلۇماتلار.................. 266
1. رەسۇلۇللاھنىڭ «ئۇممىي» بولۇشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟............ 266

2. نەپسى ـ خاھشى بىلەن سۆزلىمىگەن كىم ئىدى؟ ..................269
3. رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن مۆجىزە نېمىلەر ئىدى؟ ...................273
4. نەبى ـ رەسۇل ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمىدىمۇ؟ .................278
قايسى نەبى ـ رەسۇلغا ئىمان ئېيتايلى؟ ..........................289
قۇرئانغا ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن رەسۇلغا ئىمان ئېيتىش كېرەك..........................................294
مۇھەممەد (ئە س) پوچتىكەش ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ..........295
رەسۇل بىلەن قۇرئان ئىككى پەرقلىق مەزگىلدە كەلمىگەن ..........301
سىيەرى نەبى كىتابى سۈپىتىدە قۇرئان ..........................313

## ئۈچىنچى باب

## بىردىن بىر مەنبە: قۇرئان

قۇرئان مۇئمىنلەر ئۈچۈن كەمتۈك كىتاب ئەمەس..................333
قۇرئان ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلگەن ھالدا نازىل بولغان كىتاب .........334
پەقەت قۇرئاندىنلا جاۋابكارلىققا تارتىلىمىز ............................338
1. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر ......................338
2. پەقەت ۋەھيي (قۇرئان)غا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر...............339
3. مەسئۇلىيەتنىڭ قۇرئان بىلەن چەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەر.........................................341
4. قۇرئاندىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەر....344
5. ئاللاھ تائالا بىزنى ئادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلارغا بۇيرۇمايدۇ (تەكلىفۇ ما لا يۇتقا) .......................................346
6. قۇرئانغا ئىلاۋە قىلغىلى بولمايدىغانلىق مەسىلىسى ...................348
ئەجىر قىلغان ھەرقانداق كىشى قۇرئاننى چۈشىنەلەيدۇ.....................353
قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ قۇرئانى پىرىنسىپلىرى...............................357
1. قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ ئالدىنقى (تاشقى) شەرتلىرى ...................358
1.1. قۇرئانغا بىر پۈتۈن ھالدا ئىشىنىش................................358
1.2. قۇرئاننىڭ چۈشىنىش ئاسان كىتاب ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش كېرەك ....359
1.3. قۇرئاننىڭ جىمى كىشىگە خىتاب قىلغانلىقىغا ئىشىنىش............360

4.1. قۇرئاننىڭ كەمتۈك ئەمەسلىكىگە ئىشىنىش ........................ 361
5.1. ئەرەبچە بىلىش.................................................. 362
2. قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ شەرتلىرى (ئىچىدىكى شەرتلەر) .................. 364
1.2. قۇرئاننى ھەرقانداق بىر تەرەپلىمە قاراشتىن خالىي ھالدا ئوقۇش...... 364
2.2. قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن ئوقۇش ........................... 365
3.2. قۇرئاننى چۈشەندۈرۈشكە ئەمەس، چۈشىنىشكە ئىنتىلىش كېرەك...... 366
4.2. سۆزلەرگە قۇرئان بەرگەن مەنىنى بېرىش كېرەك .................. 367
5.2. ئايەتلەرنى باشقا ئايەتلەر ئاساسىدا چۈشىنىش كېرەك ............. 368
6.2. ئايەتلەرنى كائىنات ئايەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش كېرەك ... 369
7.2. بىلىش (بىلىملىك بولۇش)........................................ 372
8.2. ئەقىل يۈرگۈزۈش (ئەقلىنى ئىشلىتىش) ............................ 373
9.2. تەدەببۇر، تەپەككۇر، تەزەككۇر، فىقھە قىلىش ...................... 374
10.2. ئايەتلەر (قۇرئان)گە بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىدە نەزەر سېلىش .... 376
قۇرئاندىكى ناماز ئايەتلىرى (تەپسىلاتلىرى).................................. 385
1. نامازنىڭ شەرتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر........................ 386
2. نامازنىڭ ئەركانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ........................ 389
نامازنى قانداق ئوقۇشنى ئاللاھ ئۆگەتكەن ........................................ 401
ۋەھيىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە شەرىئەتتە ئىزچىللىق پرىنسىپى.................... 405
1. مىسال: زىنا جازاسى.............................................. 411
2. مىسال: تاھارەت ۋە ناماز......................................... 412
3. مىسال: ناماز ۋە قىبلە ........................................... 413
4. مىسال: ھەج....................................................... 414
5. مىسال: روزا....................................................... 415
6. مىسال: زاكات..................................................... 415
7. مىسال: قۇربانلىق ................................................ 416
8. مىسال: نامازنىڭ رۇكۇنلىرى...................................... 417
ناماز قاچان پەرز قىلىندى؟....................................................... 419
رەسۇلۇللاھ قاچان ناماز ئوقۇشقا باشلىغان؟ ........................................ 420

قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە ئىلگىرىكى نامازلار ........ 424
1. قۇرئاندىن دەلىللەر........................................ 432
2. تارىخىي دەلىللەر........................................ 437
1) ئىسلامى مەنبەلەردىن دەلىللەر:.............................. 437
2) ئەھلى كىتاب مەنبەلىرىدىن دەلىللەر ........................ 438
رەسۇلۇللاھنىڭ تۇنجى ئىلىم مەنبەسى.............................. 443
ھەنىف ۋە ئەھلى كىتاب بولۇش .................................. 450
سۈننەت نامازلار مەسىلىسى ..................................... 453
قۇرئان سىرتىدىكى (غەيرى مەتلۇۋ) ۋەھيي ۋە ناماز .............. 456
قانداق قىلىش كېرەك؟ ........................................... 463
ئەڭ ياخشى (ئەڭ سەھىھ ـ ئىشەنچلىك) ھەدىسلەر قۇرئان ئايەتلىرىدۇر ..... 465

## تۆتىنچى باب

## رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى: قۇرئان

قۇرئاندىكى سۈننەت ئۇقۇمى...................................... 471
رەسۇلنىڭ سۈننىتى قۇرئاندۇر..................................... 471
فىقھى سۈننەت ۋە رەسۇلنىڭ سۈننىتى.............................. 472
قۇرئاندىكى پەرز، سۈننەت، مۇباھ، مەكرۇھ ۋە هاراملار ............... 473
قۇرئان ۋە مۇتەۋاتىر ئەمەللەر (سۈننەت) ........................... 477
مىساللار بىلەن رەسۇلنىڭ سۈننەتلىرى............................. 479
قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنمىغان ھەرقانداق ئەمەل سۈننەت بولالمايدۇ............ 485
نەبى ۋە رەسۇلنىڭ ئەمەللىرى ئىچىدىن سۈننەتنى ئېنىقلاش ................ 486
نېمىلەر سۈننەت ئەمەس؟ ......................................... 489
1. نەبىنىڭ ئادەت ۋە ئەنئەنە سەۋەبىدىن قىلغان ئىشلىرى ............ 489
2. نەبىنىڭ فىترى تاللىشى سەۋەبىدىن قىلغان ئىشلىرى.................. 490
3. نەبىنىڭ تارىخى سەۋەبلەردىن قىلغان ئىشلىرى .................... 491
4. نەبىنىڭ رايون خاراكتېرلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىلغان ئىشلىرى ..... 491
5. نەبىنىڭ ئىنسان بولغانلىقى سەۋەبىدىن قىلغان ئىشلىرى ............ 492

6. نەبىنىڭ تېببى داۋالىنىش ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرى ......................492
7. نەبىنىڭ دۇنيالىق ئىشلار سەۋەبىدىن قىلغانلىرى ۋە تەۋسىيەلىرى......493
ئۈچ نۇقتىدىن (سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە تەستىق) نەبەۋى ئەمەل ..........501
سۈننەت مۇتەۋاتىر ئەمەل ئارقىلىق يېتىپ كېلىدۇ ...........................506
مۇتەۋاتىر ئەمەللەرنىڭ سۈننەت ئۈچۈن ئەھمىيىتى ..........................509
قۇرئاندىكى سۈننەتلەرگە مىساللار .............................................517
قۇرئان (سۈننەت)نىڭ بۇيرۇق ۋە تەۋسىيەلىرىگە مىساللار ....................518
قۇرئان (سۈننەت) ھارام قىلغانلارغا مۇناسىۋەتلىك مىساللار ....................521

## بەشىنچى باب

## ھەدىسلەر سۈننەتكە ۋەكىللىك قىلالامدۇ؟

ھەدىس مەسىلىسىگە ئومۇمى نەزەر...............................................527
ھەدىس ئۇسۇلى نۇقتىسىدىن ھەدىسلەر.........................................529
مەنبەسى نۇقتىسىدىن ھەدىسلەر.................................................529
ئىلمىي قىممىتى نۇقتىسىدىن ھەدىسلەر .........................................529
سەھىھ بولۇش دەرىجىسى نۇقتىسىدىن ھەدىسلەر ................................529
مەنبەسى نۇقتىسىدىن ھەدىسلەر.................................................530
ئىلمىي قىممىتى نۇقتىسىدىن ھەدىسلەر .........................................530
سەھىھلىك دەرىجىسى جەھەتتىن ھەدىسلەر.....................................531
ئەھەد ۋە مۇتەۋاتىر خەۋەر مەسىلىسى..........................................532
تەۋاتۇر نۇقتىسىدىن مۇتەۋاتىر ھەدىس مەۋجۇت ئەمەس.........................534
ھەدىسلەرنىڭ گۇمانىي (زاننىي) خاراكتېرلىك بولۇشى ..........................535
ھەدىسلەردە سەنەت (رىۋايەت قىلغۇچىلار)نى ئېنىقلاپ چىقىش...................538
مىساللار بىلەن ھەدىس ۋە سەنەت مەسىلىسى ...................................542
ھەقىقىي سەھىھ ھەدىس ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئىپادىلەيدۇ (كۆرسىتىدۇ) .......546
مەۋجۇت ھەدىس توپلاملىرىغا قىسقىچە نەزەر ...................................551
ھەدىسلەرنىڭ قۇرئانغا زىت ئىكەنلىكى قانداق ئېنىقلىنىدۇ؟ ......................560
ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھەدىسلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى..............................562

1. ئۆرنەك: روزىنىڭ كاپارىتى ........................ 568
1.1. قۇرئانغا زىت كېلىشى ........................ 569
1.2. سۈننەتكە زىت كېلىشى ........................ 570
1.3. ئەبۇ ھەنىفەنىڭ پرىنسىپلىرىغا ماس كەلمەسلىكى ........................ 571
1.4. ھەنەفى ئىلمىي قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس ........................ 571
1.5. دەلىل كۆرسەتكەن ھەدىسكە ماس كەلمەسلىك ........................ 572
2. مىسال: زىنا جازاسى ........................ 575
بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر ........................ 577
نەبى ھەدىسلەرنى يازدۇردىمۇ؟ ھەدىسلەر سۈننەتكە ۋەكىللىك قىلالامدۇ؟ ..... 585
ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشىغا قارىتا دەسلەپكى خەلىپىلەرنىڭ پوزىتسىيەسى ...... 589
ھەدىسلەرنى يېزىش ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ شەرھلىنىشى ........................ 590
ۋىدا خۇتبىسى مىسالىدىن ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشىغا نەزەر ........................ 600
ساھابىلەر ۋە سەلەفنىڭ يولى قايسى ئىدى؟ ........................ 605
زەيد (ر ئە) مىسالىدىن ھەدىس مەسىلىسىگە نەزەر ........................ 608
رەسۇلۇللاھ كىمنى ئاللاھقا شىكايەت قىلىدۇ؟ ........................ 610

## ئالتىنچى باب

## قۇرئاندىن يىراقلىششىنىڭ نەتىجىسى: كۇپۇرلۇق ۋە شېرىك

ئىمان ۋە كۇپۇر (مۇئمىن ۋە كاپىر) ........................ 617
قۇرئانغا ئاساسەن كۇپۇرلۇق تۈرلىرى (مەلۇم بولغان تۈرلەرگە ئىلاۋە) .......... 620
1. كىتابنىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىغا ئىشەنمەسلىك .... 620
2. ئايەتلەر ھەققىدە مۇنازىرە (مۇجادىلە) قىلىش ........................ 621
3. ئايەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش........ 621
4. كىتاب (ئايەتلەر)نى يوشۇرۇش ........................ 621
5. قۇرئاندىن باشقا سۆزلەرگە ئەھمىيەت بېرىش ........................ 622
6. قۇرئانغا ئاساسلانماستىن ھۆكۈم (پەتىۋا) بېرىش (قۇرئانغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك) ........................ 623
7. ئايەتلەرنى چۈشىنىشكە تىرىشماسلىق ........................ 623

8. قۇرئاننى پارچىلارغا ئايرىۋېتىش ........................623
9. قۇرئان ئايەتلىرى ئوقۇلسا قەلبى تىترىمەسلىك ........................624
10. قۇرئاننى ئۇنتۇش ........................624
11. قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈش ........................624
12. قۇرئان ئايەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلماسلىق (دىلى پىچەتلىنىش) 625
13. ئىماننىڭ قەلبتە ئەمەس، ئېغىزدا بولۇشى ........................625
14. ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىپ تۇرۇپ، دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتكە تېگىشىش.... 625
مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەتەر ـ شېرىك ........................629
شېرىكنىڭ تۈرلىرى ۋە ئەڭ كۆپ شېرىك قوشۇلغان مەخلۇقلار ........................638
مۇشرىكلار كاپىر، كاپىرلار مۇشرىكتۇر ........................642
دۇئا ئىبادەت بولۇپ، دۇئادا شېرىك كەلتۈرمەسلىك كېرەك ........................644
ئاللاھتىن غەيرى ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ، قۇتقۇزالمايدۇ ........................647
ئۆلگەنلەردىن ياردەم تىلەشكە بولمايدۇ ........................648
بىراۋنىڭ خالىغانچە ھارام ـ ھالال بەلگىلىشى ئاللاھقا تۆھمەت قىلغانلىقتۇر......650
مۇشرىكلارنىڭ ھارام بەلگىلىشى ........................650
ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاللاھ دوستى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، كىمنىڭ تۇغرا؟ ........................651
«بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن بۇنداق ئاڭلىمىدۇق» دېگۈچىلەرگە ........................654
پايدىلانغان مەنبەلەر ........................661

# ئاپتوردىن

قۇرئان ئاساسىدا نەبى ۋە رەسۇل ئاتالغۇلىرىنى تەتقىق قىلغان ۋە ھەدىس - سۈننەت مەسىلىسىنى بۇ دائىرە ئىچىدە مۇھاكىمە قىلغان كىتابىمىز (قىزىلقۇچىلار تەرىپىدىن) ئالقىشقا ئېرىشتى.

كىتابىمىزنىڭ تېمىسى نۇرغۇن سورۇنلاردا مۇزاكىرە قىلىنىدى. تۈركىيە ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپلىگەن سورۇنلاردا لېكسىيە سۆپىتىدە تەقدىم قىلىنىدى. كىتابنىڭ مەزمۇنىنى مەخسۇس تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىدا ئاڭلىتىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. يىغىنچاقلىغاندا، كىتابىم تۈركىيە ئىچى ۋە سىرتىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

بۇ كىتابتا قۇرئان تەرجىمىلىرىدىكى كۆلەڭگىلەرگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، ئىچىدە نەبى ۋە رەسۇل ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان ئۈچ يۈزگە يېقىن ئايەتلەرنى ئەسلى تېكىستىگە سادىق ھالدا (يەنى نەبى ۋە رەسۇل ئىبارىلىرىگە دىققەت قىلىپ) ئوقۇدۇم. ئاندىن كىتابتا مەركىزى ئىدىيەنى يورۇتۇپ بېرىشكە كۆپايە قىلىدىغان ئايەتلەرنى مۇناسىۋەتلىك تېمىلارغا ئايرىپ ئەرەب ۋە تۈرك تىلىدا بىرلىكتە بەردىم. لېكىن ئايەتلەردىكى نەبى ۋە رەسۇل سۆزىنىڭ ھېچبىرىنى «پەيغەمبەر» دەپ تەرجىمە قىلمىدىم. بۇ ئىبارىلەرنى تەرجىمە قىلغاندا ئايەتتە نەبى دەپ كەلگەن بولسا «نەبى»، رەسۇل دەپ كەلگەن بولسا «رەسۇل» شەكلىدە (يەنى ئەسلىگە سادىق ھالدا) ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئايەتلەرنىڭ روشەن ھۆكۈملىرىنى كۆرۈپ يەتتىم ۋە بۇلارنى سىلەرنىڭ دىققىتىڭلارغا تەقدىم قىلدىم. قىلغان ئىشىم مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى شۇ پېتى دىققىتىڭلارغا تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت.

كىتابنى ئىككىنچى قېتىم نەشر قىلغان ۋاقتىمىزدا، تۇنجى نەشرىدە ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بەزى ئىلاۋەلەر قوشۇلغانىدى. ئەمما بۇ ئۈچىنچى نەشرىدىمۇ ئەسەرگە بەزى ئىلاۋەلەر قوشۇلدى. چۈنكى بەزى ئايەتلەر يېڭىدىن كۆزىمىزگە چېلىقتى. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئىلگىرى قايتا - قايتا ئوقۇغان قۇرئاننى يېڭىۋاشتىن بايقاۋاتىمىز. زېھنىمىزدە مەھكەم ئورۇن ئالغان نۇرغۇن ئايەتنىڭ بۇرۇن بايقىمىغان

تەرەپلىرىنى بايقاۋاتىمىز. بۇ سەۋەبتىن نەبى - رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى (بولۇپمۇ بۇنى نەبى - رەسۇل ۋە ساھابىنىڭ ھاياتىدىكى روشەن مىساللار بىلەن) كۆرسىتىپ بەرگەن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بەزى ئايەتلەر ئىلاۋە قىلىندى. ئەسلىدە بۇ ئايەتلەر بىرىنچى نەشرىدىن تارتىپ بۇ ئەسەردە ئورۇن ئېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنداق بولمىدى. چۈنكى كىتابقا ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىغان ئايەتلەرنى كىرگۈزگەن ۋە شۇنداق دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. ھالبۇكى، -مۇناسىۋەتلىك پاراگرافلارنى ئوقۇغاندا كۆرىسىز- مەركىزى ئىدىيەنى يورۇتۇپ بېرىشتە بۇ ئايەتلەر كونكرېت مىساللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. بولۇپمۇ بۇلار نەبى - رەسۇلنىڭ ۋە ساھابىنىڭ ھاياتىدىن ئۆرنەكلەر ئىدى. بۇ ئايەتلەر ۋاستىسى بىلەن كىتابقا بەزى پاراگرافلار ئىلاۋە قىلىندى ۋە مەزكۇر ئايەتلەردىن ھاسىل بولغان چۈشەنچە ئاساسىدا بەزى پاراگرافلارنى قايتىدىن يازدىم.

ھەممىدىن مۇھىم بولغان تەرىپى، قۇرئاننى پەقەت ئاللاھنىڭ ئەھكامى سۈپىتىدە ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىرگە رەسۇلنىڭ سۈننىتى ۋە نەبىنىڭ سىيرەتى (ھاياتى) سۈپىتىدە ئوقۇشىمىز كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئەمدى قۇرئاننى بۇ نۇقتىدىن ئوقۇش كېرەك ئىدى. بۇ مەقسەتتە يېڭى بىر تەتقىقاتنى باشلىدۇق. بۇ ئۆمۈر بويى داۋام قىلىدىغان تەتقىقاتتۇر. لېكىن «سىيرەتى نەبى» كىتابى سۈپىتىدە قۇرئان ماۋزۇسى ئاستىدا بۇ قېتىمقى نەشرىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. چۈنكى بۇ كىرىش سۆز (بۇ نۇقتىئىنەزەر) ھەم نەبى - رەسۇل ھەققىدىكى قارىشىمىزنى ناھايىتى روشەن مىساللار بىلەن تەستىقلايدۇ، ھەم قۇرئانغا بولغان چۈشەنچىمىزنى «يېڭىلايدۇ»، قۇرئاننى تېخىمۇ يېقىندىن تونۇشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىلاۋە قىلىنغان بۇ ماۋزۇنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزدە پەرقلىق چۈشەنچە پەيدا قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

قوشۇلغان ئىلاۋەلەر نەتىجىسىدە ئايدىڭلاشتۇرۇلغان نەبى - رەسۇل مەسىلىسى تېخىمۇ روشەن ھالغا كەلدى. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىلاۋەلەر نەتىجىسىدە مەركىزى ئىدىيەنى تېخىمۇ ياخشى ئىزاھلاش، مەقسىتىمىزنى تېخىمۇ ئوڭاي چۈشەندۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق. ئەسلىدە نەبى ۋە رەسۇل ھەققىدىكى ئايەتلەر ئىزاھلاشقا موھتاج ئەمەس بولۇپ، ئوچۇق ۋە روشەن. ئەمما ئايەتلەردىكى نەبى ۋە رەسۇل ئىبارىسى تەرجىمىلەردە قۇرئاندا بولمىغان «پەيغەمبەر» كەلىمىسى بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، قۇرئاندىكى روشەن ئايەتلەر غۇۋالاشتى. ھالبۇكى، قۇرئاندا ياكى تۈركچىدە «پەيغەمبەر» دەيدىغان

كەلىمە يوق ئىدى[1]. لېكىن بۇنىڭغا قارىماستىن نەبى ۋە رەسۇل ئىبارىلىرى قۇرئان تەرجىمىلىرىدە «پەيغەمبەر» كەلىمىسى بىلەن ئىپادىلىنىپ كېلىندى. نەتىجىدە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بۇ كەلىمىنىڭ كۆلەڭگىسى ئاستىدا قېلىپ، قۇرئاننىڭ نەبى ۋە رەسۇل كەلىمىلىرىگە بەرگەن مىسلىسىز پەرقلىرى نەزەردىن ساقىت بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ روشەن ئايەتلىرى مۇجمەل ھالغا كېلىپ قالدى ۋە نەبى مۇھەممەد بىلەن رەسۇل مۇھەممەد ئوتتۇرىسىدىكى پەرق غايىب بولدى. نېمە ئۈچۈندۇركى، بۇ سەلبىي ئەھۋال پەقەت قۇرئاننىڭ تۈركچە مەنە تەرجىمىلىرى ۋە تەپسىرلەردىلا ئۆزىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئەرەبچە تەپسىرلەردىمۇ ئۆزىنى ئەكس ئەتتۈرگەندى[2]. نەبى - رەسۇل كەلىمىلىرى ئەرەبچە تەپسىرلەردىمۇ ئوخشاش شەكىلدە («پەيغەمبەر» دەپ) چۈشىنىلدى. بۇ سەۋەبتىن ئىختىلاپلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىختىلاپلىرىمىز ھەل بولمىدى. چۈنكى قۇرئان بۇ كۆلەڭگە سەۋەبىدىن چۈشەنگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

ھالبۇكى، شۇنى كېسىپ ئېيتالايمىزكى، دىنىي مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپ -لىرىمىزنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، قۇرئاننىڭ بۇ ئاتالغۇلارغا بەرگەن مەنىسىنى كۆرەلمىگەنلىكىمىز (قۇرئانغا كۆلەڭگە چۈشۈرگەنلىكى)، قۇرئاندىكى «نەبى» ۋە «رەسۇل» پەرقىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەنلىكىمىز سەۋەبىدىندۇر.

قۇرئان ئۈستىدىكى بۇ قارا بۇلۇت تارقىغان ۋاقىتتا (بۇنىڭ ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر ئىش ئايەتلەردىكى نەبى - رەسۇل ئىبارىسىنى ئەسلىگە سادىق ھالدا ئوقۇش)، ئاساسلىق ئىختىلاپلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەل بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇ سۆزىمىزنىڭ مۇبالىغە ئەمەسلىكىنى -ئىنشائاللاھ- كىتابىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك پاراگرافلارنى ئوقۇغان ۋاقىتتا چۈشىنىپ يېتىمىز.

نەبى - رەسۇل تېمىسىدا ئاساسلانغان بۇ مېتود (ئايەتلەرنى ئەسلى ئىبارىسىگە سادىق ھالدا ئوقۇش)نى ھەركىم ئۆزى ئىشەنچلىك دەپ قارىغان قۇرئان تەرجىمىسىگە تەتبىقلىسا بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ھەم نەبى بىلەن

---

(1) پەيغەمبەر، پارسچە سۆز بولۇپ، «پەيامبەر» سۆزىنىڭ تۈرك تىلىدىكى بۇزۇپ ئېيتىلىشىدۇر (يەغىن، ئابدۇللاھ، ئوسمانلىچە - تۈركچە يېڭى لۇغەت ، 562-بەت). پەيغەمبەر - ئاللاھتىن خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھنى ۋە ئاخىرەتنى، پايدىلىق ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنى بىلدۈرگۈچى شەخس، يەنى نەبى.

(2) بىز تەكشۈرۈپ چىققان (تۈركچە - ئەرەبچە ) ئوتتۇزدىن ئارتۇق قۇرئان تەرجىمىسى ۋە تەپسىرنىڭ ھېچبىرسىدە قۇرئاننىڭ نەبى ۋە رەسۇل كەلىمىلىرىگە بەرگەن مەنىگە دىققەت قىلىنغانلىقىنى كۆرمىدۇق. بۇ ئەھۋال ئەرەبچە بىلىشنىڭ قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن زۆرۈر ۋە يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەكتە. قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن ئايەتنىڭ لەۋزىدىن يىراقلاشماسلىق ۋە قەيەردە نەبى، قەيەردە رەسۇل ئىبارىسىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئۆزى كۆرۈپ يېتىدۇ، ھەم كىتابىمىزدا ئوتتۇرىغا قويغان قارىشىمىزنى سىناپ كۆرەلەيدۇ. بۇنى قىلىش ئۈچۈن قۇرئاننى باشتىن ـ ئاخىرىغىچە ئوقۇش كېرەك ئەمەس. پەقەت ئەھزاب سۈرىسىنى، بولۇپمۇ بۇ سۈرىنىڭ 28 ـ ئايەتتىن 40 ـ ئايەتكىچە بولغان قىسمىنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقسا كۇپايە قىلىدۇ. قۇرئاننى باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇپ چىقسا تېخىمۇ ياخشى، ئەلۋەتتە.

تۈرلۈك سوئاللار سوراش، مۇزاكىرە قىلىش، ھەتتا بىز دىققەت قىلالماي قالغان ئايەتلەرنى ئەسلىتىش ئارقىلىق، تۈرلۈك تەكلىپ ۋە تەنقىدلەر بىلەن كىتابىمىزنىڭ مەزمۇنىنىڭ بېيىشىغا تۆھپە بولغان بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن. بولۇپمۇ مول ئىلمى بولۇشىغا قارىماستىن كىتابىمىزنى ئوقۇغان ۋە ئىلھام بەخش ئەتكەن ھۆرمەتلىك ئۇستازلىرىمىزغا ئالايىتەن رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنداقلا بۇ ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق نەشرى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن «سۇلەيمانىيە ۋەخپى» خادىملىرىغا ئايرىم رەھمەت ئېيتىمەن.

بۇ كىتاب، قۇرئان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن يېزىلدى. مانا بۇ بىزنىڭ مەقسىتىمىز. رەببىمىزدىن بۇ ھەقتە تىرىشچانلىقىمىزنى كۈچەيتىشنى ۋە بىزگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىشنى تىلەيمەن.

وَسَلَامٌ عَلَى الْمُرْسَلِينَ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ

«رەسۇللارغا سالام بولسۇن! جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببىگە خاستۇر!» (سافات سۈرىسى 182 ـ 181 ـ ئايەتلەر).

زەكى بايراقتار

2016 ـ يىلى 10 ـ ئاۋغۇست

ئىستانبۇل

# كىرىش سۆز

قۇرئانغا ئاساسلانغاندا بارلىق نەبىلەر ھەم نەبى، ھەم رەسۇل (ئەلچى) بولۇپ، نەبىلەرنىڭ ھەممىسىگە كىتاب بېرىلگەن ۋە بېرىلگەن كىتابلارنى رەسۇل سالاھىيىتى بىلەن تەبلىغ قىلغان (نەبى رەسۇل). نەبىلىك ئۇنۋان بولۇپ، رەسۇللۇق بولسا ۋەزىپىسىدۇر. بۇ سەۋەبتىن «نەبى - رەسۇل» مۇناسىۋىتىنى «دىپلومات - ئەلچى» مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ.

«خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى ياكى يەتكۈزگۈچى» مەنىسىدىكى «ئەلچى» كەلىمىسى ئومۇمىي ئىپادە بولۇپ، خەۋەر ئەۋەتكۈچىگە قاراپ «ئەخمەتنىڭ ئەلچىسى»، «مەھمەتنىڭ ئەلچىسى»، «دۆلەتنىڭ ئەلچىسى» ۋە «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى»... شەكلىدە بولىدۇ. دۆلەتنىڭ ئەلچىسىنى دىپلومات - ئەلچى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى بولسا نەبى - ئەلچى دەپ ئاتايمىز. دىپلوماتلىق ۋە نەبىلىك ئۇنۋانى، ئەلچىلىك بولسا ۋەزىپىنى بىلدۈرىدۇ. دىپلومات ئۇنۋانىنى دۆلەت، نەبىلىك ئۇنۋانىنى بولسا پەقەت ئاللاھلا بېرىدۇ. دۆلەت دىپلوماتلىرىنى، ئاللاھ نەبىلىرىنى ئەلچى سۈپىتىدە ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ. يەنى، دۆلەتنىڭ ئەلچىلىك خىزمىتىنى پەقەت دىپلوماتلار، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولۇش سالاھىيىتىگە پەقەت بولىدۇ ۋە بۇ ۋەزىپىنى نەبىلەرلا ئادا قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن دۆلەتنىڭ بارلىق ئەلچىلىرى دىپلوماتىك - ئەلچى، ئاللاھنىڭ بارلىق ئەلچىلىرى بولسا نەبى - ئەلچىلەردۇر. بارلىق نەبىلەر ئۆزىگە بېرىلگەن كىتابنى تەبلىغ قىلىدۇ. يەنى ئەلچىلىك (رەسۇللۇق) ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر. چۈنكى كىتاب ئۇلارغا بۇ شەرت بىلەن بېرىلگەن.

بارلىق نەبىلەرگە ئوخشاش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ (تەبىئىي ھالدا) ھەم نەبى، ھەم رەسۇلدۇر[1]. چۈنكى ئۇنىڭغا بەزى ئايەتلەردە «ئى رەسۇل»[2]، بەزى ئايەتلەردە بولسا «ئى نەبى»[3] شەكلىدە خىتاب قىلىنغان. يەنى رەسۇل مۇھەممەد بىلەن نەبى مۇھەممەد ئوخشاش بىر كىشىدۇر. لېكىن شۇنداق

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى، 40 - ئايەت

(2) مائىدە سۈرىسى، 41، 67 - ئايەت

(3) ئەنئام سۈرىسى، 64، 65، 70؛ تەۋبە سۈرىسى، 73؛ ئەھزاب سۈرىسى، 1، 28، 45، 50، 59؛ مۇمتەھىنە سۈرىسى، 12؛ تەلاق سۈرىسى، 1؛ تەھرىم سۈرىسى، 1، 9 - ئايەتلەر

بولۇشـغا قارىماسـتىن قۇرئـان (نەبىگـە ئەمـەس) دائىـم رەسـۇلغا ئىتائـەت قىلىشـقا بۇيرۇيـدۇ ۋە رەسـۇلنى ئۈرنـەك قىلىـپ كۆرسـىتىدۇ. قۇرئانـدا «رەسـۇلغا ئىتائـەت قىلىشـقا بۇيرۇغـان» ئۇنلارچـە ئايـەت بـار. لېكـىن «نەبىگـە ئىتائـەت قىلىشـقا بۇيرۇغـان» ياكـى «نەبىنـى ئۈرنـەك قىلىـپ كۆرسـەتكەن» بىرمـۇ ئايـەت يـوق. قۇرئانغا ئاساسـەن ئىتائـەت قىلىش ۋە ئۈلگـە قىلـىش (نەبىگـە ئەمـەس)، بەلكـى رەسـۇلغا قارىتىلغـان. دېمـەك، قۇرئانغـا ئاساسـلانغاندا نەبـى بىلـەن رەسـۇل ئوتتۇرىسـىدا ناھايىتـى چـوڭ پـەرق بـار.

مۇھەممـەد (س ئـە ۋ)، قۇرئـان ۋەھـيي قىلىنىشقا باشـلىغان ۋاقىتتىـن باشـلاپ نەبـى ئىـدى. نەبىلـىك ئۇنـىڭ قۇرئـان بىلـەن بىرلىكتـە تىلغا ئېلىنغـان ئۇنۋانـى بولـۇپ، ئۇنـىڭ بـۇ ئۇنۋانـى ئىزچىللىقنى تەقـەززا قىلىـدۇ. يەنـى 40 يېشـىدىن كېيىـن ئىزچىـل ھالـدا (كېچـە ـ كۈنـدۈز) نەبـى ئىـدى. لېكـىن رەسـۇللۇق بولسا ئـۇ ئـادا قىلغان ۋەزىپـە ئىـدى. ئـۇ پەقـەت قۇرئاننـى تەبلىـغ قىلغـان ۋاقىتتا رەسـۇل ئىـدى. بـۇ سـەۋەبتىن ئـۇ كېچـە ـ كۈنـدۈز (ھـەر دائىـم) نەبـى ئىـدى، لېكـىن پەقـەت قۇرئاننـى تەبلىـغ قىلغـان ۋاقىتتـا رەسـۇل ئىـدى.

مانـا بـۇ قۇرئاننـىڭ رەسـۇلغا ئىتائـەت قىلىشـقا بۇيرۇشـنىڭ سـەۋەبى (رەسـۇلنىڭ قۇرئاننـى تەبلىـغ قىلىشـى) بولـۇپ، رەسـۇل ئۆزىگە ۋەھـيي قىلىنغـان ئايەتلەرنى ئۆز پېتـى تەبلىـغ قىلىـدۇ، قوشـۇپ ياكـى كېمەيتىـپ قويمايـدۇ، قويالمايـدۇ، ئىجتىھات قىلمايـدۇ. بـۇ سـەۋەبتىن رەسـۇلنىڭ خاتالىـق سـادىر قىلىـش ئېھتىمالـى يـوق. رەسۇلنىڭ ئـۆزى ۋە تەبلىـغ قىلغـان ئايەتلـەر ئىلاھـى ھىمايـە ئاسـتىغا ئېلىنغـان. ئەممـا نەبىنـىڭ سـۆزلىرى، ئىزاھاتلـىرى ئىلاھـى ھىمايـە ئاسـتىغا ئېلىنمىغـان. بـۇ سـەۋەبتىن نەبىنـىڭ بـەزى ئىجتىھاتلىرىـدا خاتالاشـقانلىقى كۆرۈلگـەن بولـۇپ، بـۇلار قۇرئانـدا بايـان قىلىنغـان.

قۇرئاننـىڭ رەسـۇلغا شەرتسـىز ئىتائـەت قىلىشـقا بۇيرۇشـى ۋە رەسـۇلنى ئۈرنـەك قىلىـپ كۆرسىتىشـى، لېكـىن نەبىگـە شەرتسـىز ئىتائـەت قىلىشـقا بۇيرۇماسـلىقى ۋە ياكـى نەبىنـى ئۈلگـە قىلىشـقا تەۋسـىيە قىلماسـلىقى مانـا بـۇ سـەۋەبلەرگە ئاساسـلانغان. يەنـى، 1) قۇرئاننـى تەبلىـغ قىلغۇچىنـىڭ رەسـۇل بولۇشـى؛ 2) رەسـۇلنىڭ خاتالاشماسـلىقى؛ 3) رەسـۇل تەبلىـغ قىلغـان ئايەتلەرنـىڭ ئىلاھـى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغانلىقى؛ 4) نەبىنـىڭ ئىلاھـى ھىمايـە ئاسـتىدا بولماسـلىقى؛ 5) بەزىدە خاتالىشـىپ قىلىشـىدۇر. يىغىنچاقلىغاندا، «ئاللاھنىڭ رەسـۇلى ئارقىلىق بىزگـە بىلدۈرگـەن جىمى تەلىماتلىرىنىـڭ ئىلاھـى ھىمايـە ئاستىدا بىزگـە يېتىـپ كېلىشـى، بـۇ سـەۋەبتىن رەسـۇلغا ئىتائەتنىـڭ ئىزچىـل مۇمكىـن بولۇشـى؛ لېكـىن

نەبىگە ئىتائەت قىلىش ۋە نەبىنى ئۈلگە قىلىشنىڭ بىز مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئەمەلىي جەھەتتىن مۇمكىن بولماسلىقى سەۋەبىدىن رەسۇلغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان» دېيىشكە بولىدۇ.

رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ۋە رەسۇلنى ئۈلگە قىلىش (نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان قۇرئان سىرتىدىكى ھەدىسلەرگە ئەگىشىش بىلەن ئەمەس)، بەلكى رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بولغان قۇرئانغا ئەگىشىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھنىڭ كالامى - رەسۇلنىڭ بايانى بولغان قۇرئان، رەسۇل مۇھەممەدنىڭ (ۋەھيگە تايانغان) ھەقىقىي ھەدىسلىرىدۇر. ئەڭ ياخشى، ئەڭ سەھىھ ھەدىسلەر مانا بۇ ھەدىسلەردۇر (ئايەتلەردۇر). قۇرئان، ئايەتلىرىنى مانا مۇشۇنداق تەرىپلىمەكتە ( ئەڭ ياخشى سۆز - ئەھسەنەل ھەدىس دېمەكتە)[1]. قۇرئاننىڭ بارلىق ئايەتلىرى رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بايانلاردۇر[2]. ئىنسانىيەت ئالىمى ئاللاھنىڭ كالامى بولغان بۇ ئايەتلەرنى «شەرەپلىك بىر ئەلچىنىڭ سۆزى»[3] سۈپىتىدە ئاڭلىغان. قۇرئاندا بار بولغان، لېكىن رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ئېغىزىدىن چىقمىغان (رەسۇلنىڭ ھەدىسى بولمىغان) ھېچقانداق بىر ئايەت يوق. ئاللاھ ئايەتلىرىنى رەسۇلغا ۋەھيي قىلغان[4]، رەسۇل بولسا ئۆزىگە ۋەھيي قىلىنغان بۇ ئايەتلەرنى ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلغان[5]. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ 1) رەسۇلنىڭ ئېغىزىدىن چىققانلىقى (رەسۇلنىڭ بايانى)، 2) ئاللاھقا ئائىت ئىكەنلىكى (ۋەھيگە تايانغانلىقى) ، 3) ئىلاھىي ھىمايە ئاستىدا ئىكەنلىكى ۋە 4) بىزلەرگە ئەۋلادتىن ئەۋلاد ئۆزگەرمەستىن يېتىپ كەلگەنلىكى ئېنىق. قىسقىسى، ئاللاھ كالامى بولغان قۇرئاننىڭ رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ۋەھيگە تايانغان (ھەقىقىي) ھەدىسلىرى ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر. بۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق شۈبھىمىز يوق.

ئۇنىڭدىن باشقا، قۇرئان پەقەت ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتاب ئەمەس. ئۇ رەسۇلنىڭ سۈننىتى ۋە نەبىنىڭ سىيرىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابتۇر. قۇرئاننى ئوقۇغان ھەر مۇئمىن، ئاللاھنىڭ ئەھكامى بىلەن بىرگە رەسۇلنىڭ سۈننىتى ۋە نەبىنىڭ سىيرەتىنىمۇ ئۆگىنىدۇ. بۇنى كالامۇللاھتىن ئۆگىنىدۇ. چۈنكى قۇرئان ئاللاھنىڭ ئەھكامى بىلەن بىرلىكتە، مۇھەممەد

(1) زۇمەر سۈرىسى، 23-ئايەت

(2) نەھل سۈرىسى، 44، 66-ئايەتلەر

(3) ھاققە سۈرىسى، 40؛ تەكۋىر سۈرىسى، 19-ئايەت

(4) بەقەرە سۈرىسى، 97؛ شۇئەرا سۈرىسى، 194-ئايەت

(5) مائىدە سۈرىسى، 92؛ نەھل سۈرىسى، 35؛ ئەنكەبۇت سۈرىسى، 18؛ جىن سۈرىسى، 23-ئايەت

ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇبۇۋۋەت (نەبىلىك) ـ رىسالەت (ۋەھيىنى تەبلىغ قىلىش) دەۋرىنى (قىسمەن نۇبۇۋۋەتتىن ئىلگىرىكى مەزگىلىنىمۇ) بىرگە يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ۋەھيىنى قانداق تەبلىغ قىلغانلىقىنى، تەتبىقلىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق ئىزاھاتلار (ئىجتىھاتلار) قىلغانلىقىنى، قايسى نۇقتىدا توغرا قىلغانلىقىنى، قايسى نۇقتىدا خاتالاشقانلىقىنى، رەببىمىزنىڭ ئۇنى قايسى نۇقتىلاردا ئاگاھلاندۇرۇپ، قايسى نۇقتىلاردا تەستىقلىغانلىقىنى قۇرئاندىن بىلەلەيمىز. يەنى، ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆزىمىزگە ئۆرنەك قىلىشىمىز ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قۇرئاندا كۆرسىتىپ ئۆتكەن. رەببىمىز بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنى ـ ئىنسانلار تەرىپىدىن يېزىلغان ـ باشقا كىتابلارغا موھتاج قىلمايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانىي، ئىجتىمائىي، دىنىي، ھەربىي ۋە شەخسىي تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى بىرگە كىتابى ئارقىلىق يەتكۈزىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ۋەھيىگە تايانمىغان سۆزلىرىنى، يەنى ئىجتىھاتى سۆزلىرىدىنىمۇ بىز يەنە قۇرئان ئارقىلىق خەۋەردار بولىمىز. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە خاتا بولغان ئىجتىھاتلىرىمۇ بار ئىدى. ئەمما بىز بۇلارنى ـ ئىنسان تىلى ئارقىلىق ئەمەس ـ ئاللاھنىڭ كالامىدىن ئۆگىنىمىز. چۈنكى ئۇنىڭ قايسى نۇقتىدا خاتا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگۈچى ۋە ئۇنى ئاگاھلاندۇرغۇچى شۈبھىسىز ئاللاھتۇر. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان نەبىنىڭ ـ بىرگە يېتىپ كېلىشى كېرەك بولغان ـ سۆز، ھەرىكەت ۋە تۈزىتىشلىرىنى بىرگە يەتكۈزىدۇ. بولۇپمۇ ئەڭ سەھىھ ھەدىس سۈپىتىدە يەتكۈزىدۇ. شۇڭا بىز نەبىنىڭ ھەدىسلىرىنىمۇ قۇرئاندىن ئۆگىنىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەدىسلەرنىڭ ساھابىلار ئۈچۈن شەرتسىز ئىتائەتنى تەقەززا قىلمىغانلىقىنىمۇ يەنە قۇرئاندىن بىلەلەيمىز. مەسىلەن: نەبى ئەھزاب سۈرىسى 37 ـ ئايەتتە زەيد رەزىيەللاھۇئەنھۇغا «ئايالىڭنى ئەمرىڭدە تۇت، ئاللاھتىن قورق» دەيدۇ. ئەمما زەيد رەزىيەللاھۇئەنھۇ ئۇنىڭ بۇ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماي، ئايالىنى تالاق قىلىدۇ. بۇ قىلمىشى سەۋەبىدىن ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە ـ قۇرئاندىن بولمىغان ـ كىلاسسىك ھەدىسلەرنىڭ (نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان سۆز، ھەرىكەت ۋە ئىزاھاتلارنىڭ) نەبىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى نامەلۇم. بۇلارنىڭ نەبىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان تەقدىردىمۇ قۇرئاننىڭ نەبىگە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى ياكى نەبىنى ئۈلگە قىلىش تەۋسىيەسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ـ زەيد مىسالىدىكىگە ئوخشاش ـ شەرتسىز ئىتائەت قىلىشنى تەقەززا قىلمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەر ئارقىلىق قۇرئاندا بولمىغان ھەرقانداق بىر ھۆكۈمنى چىقارغىلى بولمايدۇ. بۇ قۇرئانغا ئىلاۋە قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. ھالبۇكى، قۇرئان دىن جەھەتتىن پۈتۈن

بولغان (كەم قالغان تەرىپى بولمىغان) كىتابتۇر. قۇرئان بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغان (ئايەتلەرنىڭ ھۆكمىنى ئىزاھلىغان) ھەدىسلەرگە ئىتائەت قىلىش كېرەك. شۇنداقتىمۇ بۇ قۇرئانغا ئىتائەت قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ مۆئمىنلەرگە كېرەكلىك بولغان ھەر مەلۇماتنى (جىمى دىنى ھۆكۈمنى) رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى (قۇرئان) ئارقىلىق تەپسىلىي شەكىلدە بىلدۈرگەن. قۇرئان، ئۆز ئىچىگە ئالغان بىلىمنى مۆئمىنلەرگە تەپسىلىي بايان قىلغان (چۈشەندۈرگەن) كىتابتۇر. بۇ سەۋەبتىن مۆئمىنلەر قۇرئان ھۆكۈملىرىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. لېكىن قۇرئاندا بولمىغان ھۆكۈملەردىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ.

ئاللاھ ئىنسانلارنى پەقەت ئۆزىگىلا بەندىچىلىك قىلسۇن دەپ ياراتقان. مانا بۇ، يەنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش قۇرئاننىڭ ئاساسلىق بۇيرۇقىدۇر. لېكىن قۇرئان ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقىنى دائىم «ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار» جۈملە شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. قۇرئاندا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان، ئەمما رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلمىغان بىرمۇ ئايەت يوق. ئاللاھ بىلەن بىرگە چوقۇم رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا شەكلى يوق. دېمەك، «ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان» ئايەتلەر «ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئايەتلىرىگە بويسۇنۇڭلار» بۇيرۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئايەتلەردە ئىشلىتىلگەن كەلىمىنىڭ دائىم (نەبى ئەمەس) رەسۇل بولۇشى بۇنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھقا بولغان ئىتائەت رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يولى يوق. دېمىسىمۇ قۇرئان «كىم رەسۇلغا ئىتائەت قىلسا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ» دېگەن تەلىماتى ئارقىلىق بۇ ھەقىقەتنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

دېمەك، ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئايرىم - ئايرىم ئىتائەت قىلىنمايدۇ، پەقەت ئاللاھقىلا ئىتائەت قىلىنىدۇ. لېكىن بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن رەسۇلغا ئەگىشىش كېرەك. چۈنكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يولى يوق. ئاللاھ تەلىماتلىرىنى ئىنسانلارغا بىۋاستە ھالدا ئەمەس، بەلكى كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆزى تاللىغان بىر ئەلچى (رەسۇل) ئارقىلىق بىلدۈرگەن. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن رەسۇل ئېلىپ كەلگەن ئايەتلەرگە بويسۇنۇش كېرەك. بۇ ئارقىلىق كۆرۈنۈشتە رەسۇلغا، ماھىيەتتە بولسا پەقەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ بارلىق تەلىماتلىرى بىزگە رەسۇلنىڭ بايان قىلىشى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. قۇرئان ئاللاھنىڭ كالامى، رەسۇلنىڭ بايانى بولۇپ، بۇ بايان بولماستىن بىزگە يېتىپ كەلگەن ھېچقانداق بىر ئايەت يوق. قۇرئان، دىنني جەھەتتە كۆچكە ئىگە (رەسۇلنىڭ بايانى) بولغان بىردىنبىر سۆزدۇر. ئەمما *قۇرئاندىن باشقا بۇ ئاللاھدىلىككە ئىگە (ئاللاھنىڭ كالامى - رەسۇلنىڭ بايانى) بولغان ھېچقانداق سۆز يوق. قىسقىسى، مۇئمىنلەر ئۈچۈن شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بولغان قۇرئاندىن باشقا سۆز يوق. چۈنكى بىر سۆزنىڭ (يەنى ھەدىسنىڭ) دىن ھەققىدە مۇتلەق كۈچكە ئىگە بولالىشى ئۈچۈن چوقۇم رەسۇل مۇھەممەد تەرىپىدىن بايان قىلىنغان (ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان) بولۇشى كېرەك. دىنىنىڭ مۇتلەق ئىگىسى ئاللاھ بولۇپ، ئاللاھ بارلىق ھۆكۈملەرنى رەسۇلى ئارقىلىق بىزگە يەتكۈزگەن. قۇرئاننىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكى، يەنى بارلىق ئايەتلەرنىڭ رەسۇلنىڭ ۋەھيىگە تايانغان ھەدىسلىرى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. ئەمما قۇرئاندىن باشقا ھەدىسلەر رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى ئەمەس، بەلكى نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان سۆز، ھەرىكەت ۋە ئىزاھاتلاردۇر.* بۇلارنىڭ ئىچىدە نەبىگە مەنسۇپ بولمىغان سۆزلەر بولغاندەك، ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان سۆزلەرمۇ بار. لېكىن ئۇ سۆزلەر ۋەھيىگە ئاساسلانمايدۇ.

ئۇنداقتا رەسۇلنىڭ سۈننىتى، نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان (كىلاسسىك) ھەدىسلەرگە ئەمەس، بەلكى رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بولغان قۇرئانغا ئاساسلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن سۈننەت قۇرئاننىڭ سىرتىدىكى ھەدىسلەر ئەمەس، ئەكسىچە قۇرئاننىڭ ئۆزى بولۇپ، قۇرئاننىڭ باشتىن - ئاخىر تەتبىق قىلىنىشىدىن ئىبارەت. رەسۇل قۇرئاننىڭ ھەم ئېنىق بۇيرۇقلىرىنى، ھەم تەۋسىيەلىرىنى ھاياتىغا تەتبىقلىغان. چۈنكى قۇرئان پەقەت پەرزلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب ئەمەس. فىقھ تىلىدا پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇباھ، مەكرۇھ ۋە ھارام دەپ تۈرلەرگە ئايرىلغان بارلىق ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى قۇرئاننىڭ «قىلىڭلار» دېگىنى پەرز، «قىلماڭلار» دېگىنى ھارام؛ تەۋسىيەلىرى بولسا سۈننەتتۇر. قىلىپ - قىلماسلىقنى بەندىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغانلىرى ياكى تىلغا ئالمىغان بارلىق ئىشلار، نەرسىلەر مۇباھتۇر. رەسۇلنىڭ سۈننىتى بۇ ئەھكاملارنىڭ (پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مۇباھ...) ھەممىسىنىڭ ھاياتقا تەتبىقلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. يەنى، سۈننەت قۇرئاننىڭ ئىزاھاتى، ئىلاۋىسى، بوش قالدۇرۇلغان قىسمىنىڭ تولدۇرۇلۇشى، نەسخ قىلغۇچىسى (ئەمەلدىن قالدۇرغۇچىسى) ئەمەس، بەلكى باشتىن - ئاخىرغىچە قۇرئاننىڭ تەتبىقلىنىشىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، فىقھ تىلىدىكى «سۈننەت» بىلەن «رەسۇلنىڭ سۈننىتى»

ئۇقۇمى بىر - بىرىدىن ئايرىلىشى كېرەك. فىقھ تىلىدا «سۈننەت» دېگەن ۋاقتىمىزدا قۇرئاننىڭ تەۋسىيەلىرىنى نەزەردە تۇتقان بولىمىز. «رەسۇلنىڭ سۈننىتى» بولسا فىقھ تىلىدا پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ... دەپ ئاتالغان قۇرئاندىكى بارلىق ئەھكاملارنىڭ تەتبىق قىلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئومۇمىي ئاتالغۇدۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ھۆكمى قۇرئان بىلەن ئوخشاشتۇر.

# بىرىنچى باب

# قۇرئاندا نەبى ۋە رەسۇل ئاتالغۇسى

## قۇرئاندا نەبى ۋە رەسۇل ئاتالغۇسى

نەبى بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەرق (ۋە بۇ ئىككى كەلىمە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت) مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئوقۇلغاندا ناھايىتى روشەن ھالدا ئايان بولىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئەنئەنىۋى نەبى - رەسۇل چۈشەنچىسى قۇرئانغا زىت مەلۇماتلار بىلەن تولۇپ تاشقان. دېمەككى (ھەر مەسىلىدە كۆرۈلگەندەك) بۇ مەسىلىدىمۇ قۇرئان نەزەرگە ئېلىنمىغان. قۇرئان نەزەرگە ئېلىنغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئوقۇش ئۈچۈن نەزەر ئېلىنغان، ئايەتلەرگە ئىلگىرى ئىگە بولغان چۈشەنچىلەر ئاساسىدا نەزەر تاشلانغان. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، ئايەتلەردىكى روشەن ئۇچۇرلار كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان. مانا بۇنداق ئەھۋالدا قىلىشقا تېگىشلىك بىرىنچى ئىش، قۇرئانغا زىت مەلۇماتلارنى زېھنىمىزدىن سۈپۈرۈپ تاشلاش بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەزكۇر ماۋزۇغا مۇناسىۋەتلىك ئەنئەنىۋى مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز، ئاندىن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرگە ئاساسلىنىپ مەسىلىنى ئىزاھلاپ ئۆتىمىز.

ئەمما شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قۇرئاندا «پەيغەمبەر» دەيدىغان بىر كەلىمە يوق. قۇرئاندىكى نەبى ۋە رەسۇل كەلىمىسىنىڭ لۇغەت مەنىسى مۇنداق:

«نەبى» كەلىمىسى «ن-ب-ئە» سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولسا «خەۋەر بەرگۈچى» دېگەن مەنىدىكى ئىسمى فائىل؛ «ن-ب-ۋ» سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولسا «قەدىر - قىممىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن» دېگەن مەنىدىكى ئىسمى مەفئۇلدۇر. راغىب ئەل-ئىسفاھانى «نەبى»نىڭ ئۆزىگە: «ئى ئاللاھنىڭ نەبىئى» دەپ خىتاب قىلىنغاندا، «مەن ئاللاھنىڭ نەبىئى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ نەبىسى» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى بايان قىلغان ۋە كەلىمىنىڭ ھەمزەسىز شەكلىنى تاللىغان[1]. دېمىسىمۇ توغرا بولغىنى بۇ ئىدى. بۇنداق بولغاندا «نەبى» خەۋەر بەرگۈچى كىشى ئەمەس، بەلكى «خەۋەر ئالىدىغان،

(1) راغىب ئەل-ئىسفاھانى، مۇفرەدات، نەبى

ئىچىدە خەۋەرلەر بولغان ئايەتلەر ۋەھيي قىلىنغان كىشى» دېگەنلىك بولىدۇ[1].

«رەسۇل» كەلىمىسى بولسا «قەددى تىك ھالدا مېڭىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ر-س-ل» سۆز يىلتىزىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، «ئەۋەتىلگەن كىشى ياكى شەيئى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ كەلىمە قۇرئاندا 33 ئورۇندا «مۇرسەل» شەكلىدە، قالغان جايلاردا بىرلىك (رەسۇل) ۋە كۆپلۈك (رۇسۇل) ۋارىيانتى بىلەن تۆت يۈزگە يېقىن ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ[2].

بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چەكلەش قىلىنغان ھالدا ـ قىسقىچە ـ نەبى ئۈچۈن «خەۋەر ئالغۇچى»، رەسۇل ئۈچۈن «خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى» ياكى «ئېلىپ كېلىنگەن خەۋەرنىڭ، تەلىماتنىڭ دەل ئۆزى» دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن بۇ ئېنىقلىمىلار قۇرئاننىڭ نەبى ۋە رەسۇل كەلىمىلىرىگە بەرگەن مەنىلىرىنى ـ ئەلۋەتتە ـ تولۇق ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ. بۇ مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى كۆرۈپ ئۆتكەن ۋاقتىمىزدا روشەن ھالدا ئايان بولىدۇ. ئەمما ئىسلاھاتنىڭ رەسۇل ئۈچۈن ھەم «ئەۋەتىلگەن كىشى»، ھەم «ئەۋەتىلگەن نەرسە» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى بايان قىلىشى ـ كېيىنكى بابلاردا كۆرۈپ ئۆتىمىز ـ ناھايىتى مۇۋاپىق ئىزاھات بولغان.

## نەبىلەرنىڭ ھەممىسىگە كىتاب بېرىلگەن

قۇرئاننىڭ نەبى ۋە رەسۇل كەلىمىلىرىگە بەرگەن مەنىلىرى بىلەن كىلاسسىك مەلۇماتلارنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق[3]. چۈنكى ئەنئەنىۋى قاراشنى ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە مەملىكىتىمىزدە كەڭ دائىرىدە تارقالغان بىر ئەسەر (ئۆمەر ناسۇھى بىلمەننىڭ ئىلمىھال كىتابى)دە نەبى ۋە رەسۇل مۇنداق ئىزاھلانغان:

«پەيغەمبەر نەبى ياكى رەسۇل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېڭى بىر كىتاب ۋە شەرىئەت بىلەن بىر ئۈممەتكە ئەۋەتىلگەن زات رەسۇل؛ باشقا بىر پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەر نەبى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى پەيغەمبەر رەسۇل ياكى مۇرسەل دەپ ئاتالمايدۇ[4].

---

(1) فاتىھ ئورۇم، «قۇرئاننى چۈشىنىش مېتودى»، 168 ـ بەت

(2) فاتىھ ئورۇم، «قۇرئاننى چۈشىنىش مېتودى»، 167 ـ بەت

(3) www.suleymaniyevakfi.org.tr ( «قۇرئان ۋە ئەنئەنىدە نەبى ۋە رەسۇل» سەرلەۋھىلىك ماقالە، بۇ تەتقىقاتىمىزغا ۋەسىلە بولغان بولۇپ، كىتابىمىزنىڭ بىرىنچى بابى بۇ ماقالىنىڭ كېڭەيتىلگەن شەكلىگە ئوخشايدۇ)

(4) بىلمەن، ئۆمەر ناسۇھى، بۈيۈك ئىسلام ئىلمىھالى، 21 ـ بەت

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك ئەنئەنىۋى چۈشەنچىدە پەيغەمبەرلەر نەبى ۋە رەسۇل دەپ ئىككى سىنىپقا ئايرىلغان ۋە بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ نەبى، بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ رەسۇل ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇ قاراشنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەرنىڭچە «كىتاب رەسۇللارغا بېرىلىدۇ، نەبىلەرگە بېرىلمەيدۇ». ھالبۇكى، قۇرئان نەبىلەرنىڭ ھەممىسىگە كىتاب بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە. يەنى ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ ئەكسىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. تۆۋەندە بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەرنى ئوقۇپ ئۆتەيلى:

**كَانَ النَّاسُ أُمَّةً وَاحِدَةً فَبَعَثَ اللَّهُ النَّبِيِّينَ مُبَشِّرِينَ وَمُنْذِرِينَ وَأَنْزَلَ مَعَهُمُ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ**

«ئىنسانلار بىر ئۈممەت ئىدى. ئاللاھ خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى نەبىلەر ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھەق كىتابلارنى ئەۋەتتى» (بەقەرە سۈرىسى، 213-ئايەت).

**قُولُوا آمَنَّا بِاللَّهِ وَمَا أُنْزِلَ إِلَيْنَا وَمَا أُنْزِلَ إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ وَالْأَسْبَاطِ وَمَا أُوتِيَ مُوسَى وَعِيسَى وَمَا أُوتِيَ النَّبِيُّونَ مِنْ رَبِّهِمْ**

«بىز ئاللاھقا ۋە بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ۋە ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، ياقۇپ ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان كىتابلارغا، مۇسا ۋە ئىيساغا بېرىلگەن كىتابلارغا، رەببىدىن بارلىق نەبىلەرگە بېرىلگەن كىتابلارغىمۇ ئىمان ئېيتتۇق دەڭلار» (بەقەرە سۈرىسى، 136-ئايەت).

**قَالَ إِنِّي عَبْدُ اللَّهِ آتَانِيَ الْكِتَابَ وَجَعَلَنِي نَبِيًّا**

«(ئىسا دېدىكى): مەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن، (ئۇ) ماڭا كىتابنى بەردى ۋە مېنى نەبى قىلدى» (مەريەم سۈرىسى، 30-ئايەت).

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ ئايەتلەر كىتابنىڭ نەبىلەرگە بېرىلگەن-لىكىنى بىلدۈرمەكتە. ئەنئام سۈرىسىنىڭ 89-ئايىتى بارلىق نەبىلەرگە كىتاب بېرىلگەنلىكىنى قەيت قىلماقتا. يەنى، ئەنئام سۈرىسى 83 تىن 88-گىچە بولغان ئايەتلەردە (ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇپ، نوھ، داۋۇت، سۇلايمان، ئەييۇب، يۈسۈف، مۇسا، ھارۇن، زەكەرىيا، يەھيا، ئىيسا، ئىلياس، ئىسمائىل، ئەليەسا، يۇنۇس ۋە لۇت قاتارلىق نەبىلەرنىڭ ئىسملىرى تىلغا ئېلىنىپ، بۇ نەبىلەرنىڭ ئەجدادى، نەسلى ۋە قېرىنداشلىرىدىن بولغان بارلىق نەبىلەرمۇ ئىشارەت قىلىنىپ) بارلىق نەبىلەر تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلىدۇ ۋە 89-ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

أُولَٰئِكَ الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ وَالْحُكْمَ وَالنُّبُوَّةَ

«ئەنە شۇلار (بارلىق نەبىلەر) تەرىپىمىزدىن ئۆزلىرىگە كىتاب، ھېكمەت ۋە نەبىلىك ئاتا قىلىنغان كىشىلەردۇر» (ئەنئام سۈرىسى، 89-ئايەت).

بۇ ئايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىتاب بېرىلمىگەن نەبى يوق. يەنى نەبىلەرنىڭ ھەممىسىگە كىتاب بېرىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن «بەزى پەيغەمبەرلەر نەبى، بەزىلىرى رەسۇلدۇر. كىتاب نەبىلەرگە ئەمەس، رەسۇللارغا بېرىلگەن» شەكلىدىكى ئەنئەنىۋى قاراش قۇرئانغا زىتتۇر. قۇرئاندا بۇ خىل ئايرىش مەۋجۇت ئەمەس. قۇرئان بارلىق نەبىلەرگە كىتاب بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە. نەبىلەرنىڭ ھەممىسى نەبى رەسۇل بولغانلىقتىن كىتاب رەسۇللارغا بېرىلگەن دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ ھەقىقەت (كىتابنىڭ رەسۇللارغا بېرىلگەنلىكى) ھەدىد سۈرىسى 25-ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنماقتا:

لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنْزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ

«شۇ بىر ھەقىقەتكى، بىز رەسۇللىرىمىزنى روشەن دەلىللەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كىتابنى ۋە مىزاننى چۈشۈردۇق» (ھەدىد سۈرىسى، 25-ئايەت).

## بارلىق نەبىلەر رەسۇلدۇر

قۇرئان بارلىق نەبىلەرنىڭ رىسالەتنى تەبلىغ قىلغانلىقىنى، يەنى نەبىلەرنىڭ رەسۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

مَا كَانَ عَلَى النَّبِيِّ مِنْ حَرَجٍ فِيمَا فَرَضَ اللَّهُ لَهُ سُنَّةَ اللَّهِ فِي الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلُ وَكَانَ أَمْرُ اللَّهِ قَدَرًا مَقْدُورًا الَّذِينَ يُبَلِّغُونَ رِسَالَاتِ اللَّهِ وَيَخْشَوْنَهُ وَلَا يَخْشَوْنَ أَحَدًا إِلَّا اللَّهَ وَكَفَى بِاللَّهِ حَسِيبًا

«ئاللاھنىڭ نەبىلەرگە پەرز قىلغانلىرىنى ئادا قىلىشتا ئۇلارغا مۇشكۈللۈك بولمايدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ئۈچۈنمۇ تۇتقان سۈننىتىدۇر. ئۇلار (نەبىلەر) ئاللاھنىڭ رىسالىتى (تەلىماتلىرى)نى تەبلىغ قىلىدۇ ۋە ئاللاھتىن قورقىدۇ، ئاللاھتىن غەيرىدىن قورقمايدۇ. (بارچە ئۈچۈن) ئاللاھ ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر» (ئەھزاب سۈرىسى، 38، 39-ئايەتلەر).

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك بارلىق نەبىلەر رىسالەتنى تەبلىغ قىلىدۇ. بۇ (رىسالەتنى تەبلىغ قىلىش) بارلىق نەبىلەرگە بېرىلگەن ۋەزىپە بولۇپ، بۇ

سەۋەبتىن نەبىلەرنىڭ رەسۇللۇق (ئەلچىلىك) قىلىشى زۆرۈر. چۈنكى بۇ نەبىلىك ئەھدىنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە بارلىق نەبىلەردىن ۋەدە ئالغان:

وَإِذْ أَخَذْنَا مِنَ النَّبِيِّينَ مِيثَاقَهُمْ وَمِنْكَ وَمِنْ نُوحٍ وَإِبْرَاهِيمَ وَمُوسَى وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ وَأَخَذْنَا مِنْهُمْ مِيثَاقًا غَلِيظًا

«ئۆز ۋاقتىدا بىز نەبىلەردىن ئەھدە ئالدۇق. يەنى سەندىن، نوھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن ۋە مەريەم ئوغلى ئىيسادىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق» (ئەھزاب سۈرىسى، 7-ئايەت).

مانا بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نەبى بولۇپ رەسۇل بولمىغان (رىسالەتنى تەبلىغ قىلمىغان) پەيغەمبەر مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنداقتا بارلىق نەبىلەر (پەيغەمبەرلەر) ھەم نەبى، ھەم رەسۇلدۇر (نەبى رەسۇل). دېمىسىمۇ بۇ مەسىلە بەزى ئايەتلەردە ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: قۇرئان مۇھەممەد (ئە س)، ئىسا (ئە س)، مۇسا (ئە س) ۋە ئىسمائىل (ئە س)نىڭ ھەم نەبى، ھەم رەسۇل (نەبى - رەسۇل) ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدۈرگەن:

مَا كَانَ مُحَمَّدٌ اَبَٓا اَحَدٍ مِنْ رِجَالِكُمْ وَلٰكِنْ رَسُولَ اللّٰهِ وَخَاتَمَ النَّبِيّٖنَ وَكَانَ اللّٰهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلٖيماً

«مۇھەممەد، سىلەر ئىنسانلارنىڭ ھېچقايسىڭلارنىڭ ئاتىسى ئەمەس. لېكىن ئۇ ئاللاھنىڭ رەسۇلى (ئەلچىسى) ۋە نەبىلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر» (ئەھزاب سۈرىسى، 40-ئايەت).

ئىسا (ئە س) ئۈچۈن ئەنئام سۈرىسى 89 ۋە مەريەم سۈرىسى 30-ئايەتتە نەبى دېيىلگەن بولسا، نىسا سۈرىسى 157 ۋە 171-ئايەتتە «ئاللاھنىڭ رەسۇلى» دېيىلمەكتە:

اِنَّمَا الْمَسٖيحُ عٖيسَى ابْنُ مَرْيَمَ رَسُولُ اللّٰهِ وَكَلِمَتُهُۚ اَلْقٰيهَٓا اِلٰى مَرْيَمَ وَرُوحٌ مِنْهُ

«مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا مەسىھ پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلى بولۇپ، مەريەمگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئېتىلغان كەلىمىسىدۇر ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر» (نىسا سۈرىسى، 171-ئايەت).

دېمەك، ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ نەبى رەسۇلدۇر. مۇسا ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشتۇر:

وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ مُوسٰىۘ اِنَّهُ كَانَ مُخْلَصاً وَكَانَ رَسُولاً نَبِياًّ

«كىتابتا مۇسانىمۇ ياد ئەتكىن. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئىخلاسمەن نەبى رەسۇل ئىدى» (مەريەم سۈرىسى، 51 ـ ئايەت).

وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِسْمَاعِيلَ إِنَّهُ كَانَ صَادِقَ الْوَعْدِ وَكَانَ رَسُولًا نَبِيًّا

«كىتابتا ئىسمائىلنىمۇ ياد ئەتكىن. شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل نەبى رەسۇل ئىدى» (مەريەم سۈرىسى، 54 ـ ئايەت).

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، قۇرئان كىلاسسىك چۈشەنچىدىكى «كىتاب بېرىلمىگەن دېگەن قاراش نەتىجىسىدە رەسۇل ئەمەس دەپ قارالغان ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەبى رەسۇل ئىكەنلىكىنى بىزگە بىلدۈرمەكتە. ئوخشاش شەكىلدە رەسۇل دەپ قارالمىغان بەزى نەبىلەر، يەنى لۇت، سالىھ، ھۇد ۋە نوھ ئەلەيھىسسالاملار ئۈچۈنمۇ قۇرئاندا رەسۇل كەلىمىسى ئىشلىتىلگەن.

إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ نُوحٌ أَلَا تَتَّقُونَ إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ

«ئۆز ۋاقتىدا قېرىندىشى نوھ مۇنداق دېگەنىدى: تەپتارتماسىلەر؟ بىلىڭلاركى، مەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىشەنچلىك رەسۇلدۇرمەن» (شۇئەرا، 106، 107 ـ ئايەتلەر).

إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ هُودٌ أَلَا تَتَّقُونَ إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ

«ئۆز ۋاقتىدا قېرىندىشى ھۇد مۇنداق دېگەنىدى: تەپتارتماسىلەر؟ بىلىڭلاركى، مەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىشەنچلىك رەسۇلدۇرمەن» (شۇئەرا، 124، 125 ـ ئايەتلەر).

إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ صَالِحٌ أَلَا تَتَّقُونَ إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ

«ئۆز ۋاقتىدا قېرىندىشى سالىھ مۇنداق دېگەنىدى: تەپتارتماسىلەر؟ بىلىڭلاركى، مەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىشەنچلىك رەسۇلدۇرمەن» (شۇئەرا، 142، 143 ـ ئايەتلەر).

إِذْ قَالَ لَهُمْ أَخُوهُمْ لُوطٌ أَلَا تَتَّقُونَ إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ

«ئۆز ۋاقتىدا قېرىندىشى لۇت مۇنداق دېگەنىدى: تەپتارتماسىلەر؟ بىلىڭلاركى، مەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىشەنچلىك رەسۇلدۇرمەن» (شۇئەرا، 161، 162 ـ ئايەتلەر).

دېمەك، نەبىلەرنىڭ ھەممىسىگە كىتاب بېرىلگەن، ئۇلار ئۆزىگە بېرىلگەن كىتابلارنى رەسۇل سۈپىتى بىلەن تەبلىغ قىلغان. يەنى، كىتاب بېرىلمىگەن ۋە رەسۇل بولمىغان بىرمۇ نەبى يوق. قۇرئان «نەبىلەر رىسالەت (ۋەھيى) نى تەبلىغ قىلدۇ» دېيىش ئارقىلىق نەبىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نەبى رەسۇل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. شۇنداق بولسىمۇ بەزى نەبىلەر ئۈچۈن ئالاھىدە نەبى

رەسۇل ئەپادىسىنى ئىشلەتكەن. بۇنى بەزىدە ئوخشاش بىر ئايەت ئىچىدە، بەزىدە باشقا ئايەتلەردە تىلغا ئالىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، نەبىلەرنىڭ ھەممىسىگە كىتاب بېرىلگەنلىكى ۋە بۇ كىتابنى تەبلىغ قىلغانلىقى (ئۇچۇن ھەممىسىنىڭ نەبى رەسۇل ئىكەنلىكى)نى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ بىلدۈرگەن.

## نەبى بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدا پەرق بارمۇ؟

نەبى بولۇش ئۈچۈن ئاللاھتىن ۋەھيي ئېلىش شەرت. لېكىن ۋەھيي ئېلىشنىڭ ئۆزىلا نەبى بولۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. يەنى، ۋەھيي ئېلىش نەبى بولۇش ئۈچۈن «يېتەرلىك شەرت» ئەمەس، بەلكى «زۆرۈر شەرت». نەبى بولۇش ئۈچۈن «ئالغان ۋەھيينى تەبلىغ قىلىش ۋەزىپىسى بېرىلگەن بولۇشى»، يەنى رىسالەت ۋەزىپىسىمۇ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا نەبى رەسۇل بولالمايدۇ. چۈنكى ۋەھيينى يەتكۈزۈش (رىسالەتنى تەبلىغ قىلىش) ۋەزىپىسى «نەبىلىك مىساق (ئەھدىسى)»نىڭ بولمىسا بولمايدىغان شەرتىدۇر. مەسىلەن: ئىسا ۋە مۇسا (ئە س)نىڭ ئانىلىرى ئاللاھتىن ۋەھيي ئالغاندى[1]. لېكىن ئۇلار نەبى رەسۇل بولالمىدى. چۈنكى ئۇلارغا ئالغان ۋەھيينى يەتكۈزۈش (رىسالەتنى تەبلىغ - رەسۇللۇق قىلىش) ۋەزىپىسى بېرىلمىگەنىدى. يەنى، ئۇلار بىلەن نەبىلىك مىساقى تۈزۈلمىگەنىدى (ئۇلاردىن ئالغان ۋەھيينى تەبلىغ قىلىشى ھەققىدە ۋەدە ئېلىنمىغانىدى). بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئاللاھتىن ۋەھيي ئالغان بولسىمۇ، لېكىن نەبى رەسۇل بولالمىدى. دېمەك، نەبى رەسۇل بولۇش ئۈچۈن:

1. ئاللاھتىن ۋەھيي ئېلىش

2. ئالغان بۇ ۋەھيينى تەبلىغ قىلىش (بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەزىپە بېرىلگەن بولۇشى) كېرەك. بۇنى قىسقىچە «نەبىلىك مىساقى (ئەھدىسى)» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

نەبىلەرنىڭ ھەممىسى ۋەھيي (كىتاب) ئالغان ۋە ئالغان بۇ كىتابنى رەسۇل سۈپىتى بىلەن تەبلىغ قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى كىتاب ئالغان ۋاقىتتا نەبى؛ ئالغان كىتابنى تەبلىغ قىلغان ۋاقىتتا رەسۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ رېئال ھاياتتىكى مەنىسى مۇنداق:

---

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 42؛ تاھا سۈرىسى، 38-39-ئايەتلەر

نەبى رەسۇللار ئالغان ۋەھيي (كىتاب)نى تەبلىغ قىلغان ۋاقىتتا رەسۇل - ئەلچى، بۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتا نەبى سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى نەبىلىك (نۇبۇۋۋەت) ئۇنۋانى، رەسۇللۇق (رىسالەت) بولسا ۋەزىپىنى بىلدۈرىدۇ. نۇبۇۋۋەت سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىنغان بىر زاتنىڭ نەبىلىك ئۇنۋانى ئۆزگەرمەيدىغان بولۇپ، ۋاپات بولغىچە نەبى سالاھىيىتىدە بولىدۇ. لېكىن رىسالەت بولسا ۋەزىپە بولۇپ، ۋەھيىنى يەتكۈزگەن ۋاقىتتا رەسۇل بولىدۇ. يەنى، پەيغەمبەرلەر دائىم نەبى سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ، پەقەت ۋەھيىنى يەتكۈزگەن، يەنى ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان ۋاقىتتا (ۋەھيي - كىتابنى تەبلىغ قىلغان ۋاقىتتا) رەسۇل بولىدۇ. بۇنىڭغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن مىسال كەلتۈرسەك:

مۇھەممەد (ئە س) نۇبۇۋۋەت سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىنغان، يەنى قۇرئان ۋەھيي قىلىنىشقا باشلىغان قىرىق يېشىدىن تارتىپ تا ۋاپات بولغىچە ھەر ۋاقىت نەبى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئۇنۋانى ئۈزچىللىقنى تەقەززا قىلىدۇ، ھېچقاچان ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. يەنى، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقاندا، تاماق يەۋاتقاندا، ئۇخلىغاندا، يولدا كېتىۋاتقاندا، قىسقىسى، كېچە - كۈندۈز ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا نەبى ئىدى. لېكىن پەقەت رىسالەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغاندا، يەنى ئالغان ۋەھيي (قۇرئان)نى تەبلىغ قىلغان ۋاقىتتا رەسۇل ئىدى. بۇ سەۋەبتىن نەبىلىك ئۈزچىل مەۋجۇت بولغان ئۇنۋاندۇر، رەسۇللۇق بولسا ۋەھيي كەلگەندە ئادا قىلىنىدىغان ۋەزىپىدۇر.

نەبى بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى بۇ پەرق بىز مۇئمىنلەر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى قۇرئان نەبىگە ئەمەس، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ (بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىپ ئۆتىمىز) ۋە رەسۇلنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يەنى، ئىتائەت قىلىش ۋە ئۈلگە ئېلىش نەبى مۇھەممەدكە ئەمەس، بەلكى رەسۇل مۇھەممەدكە قارىتىلغان. دېمەك، نەبى بىلەن رەسۇلنىڭ پەرقىنى بىلىش (قۇرئاننىڭ ئىتائەت ۋە ئۈلگىنى رەسۇلغا قارىتىشى سەۋەبىدىن) ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇئمىنلەر ئۈچۈن نەبىلەرمۇ ھۆرمەتلىنىشكە لايىق، ئەلۋەتتە. چۈنكى قۇرئان نەبىگە «سالات ۋە سالام» قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەمما بۇ ئەھۋال قۇرئاندا نەبىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلمىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. قۇرئان دائىم رەسۇلغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئونلارچە ئايەت بار، لېكىن نەبىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا

بۇيرۇغان بىرمۇ ئايەت يوق. بۇ رىئاللىق نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك.

## قۇرئان رەسۇل مۇھەممەدكە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەم نەبى، ھەم رەسۇل (نەبى رەسۇل) ئىكەنلىكى پەقەت ئەھزاب سۈرىسى 40-ئايەتتىلا تەكىتلەنمەيدۇ. بەزى ئايەتلەردە «ئى نەبى»[1]، بەزى ئايەتلەردە «ئى رەسۇل»[2] شەكلىدە خىتاب قىلىنغان. يەنى، نەبى مۇھەممەد بىلەن رەسۇل مۇھەممەد ئوخشاش بىر كىشىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇنداق بولۇشىغا قارىماي قۇرئان ئىزچىل «رەسۇل مۇھەممەد»كە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قۇرئاندا «نەبى مۇھەممەد»كە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان بىرمۇ ئايەت يوق. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەيغەمبىرىمىزگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە «رەسۇل» كەلىمىسى (رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش) تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئايەتلەرنىڭ ھېچبىرسىدىمۇ «نەبى» كەلىمىسى يەر ئالمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇرئانى كەرىم رەسۇلنى ئۆلگە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

بۇ ئەھۋالدا قۇرئانغا ئاساسەن نەبىگە ئەمەس، بەلكى رەسۇلغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىنىدۇ ۋە رەسۇل ئۆلگە ئېلىنىدۇ. يەنى، قۇرئان «رەسۇل مۇھەممەدكە شەرتسىز ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمما نەبى مۇھەممەدنىمۇ ئۆلگە قىلىڭلار» دېمەيدۇ. ئەكسىچە «ھەم رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار، ھەم رەسۇلنى ئۆلگە قىلىڭلار» دەيدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ نېمە سەۋەبتىن ئونلارچە ئايەتتە رەسۇلغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ، لېكىن نەبىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىش ھەققىدە بىرمۇ ئايەت يوق؟ ۋە ياكى نېمە ئۈچۈن نەبىنى ئۆلگە قىلىپ كۆرسەتكەن بىرمۇ ئايەت يوق؟ ھالبۇكى، نەبى بىلەن رەسۇل ئوخشاش بىر زات (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن نەبى ئەمەس، رەسۇل؟ دېمەككى، قۇرئانغا ئاساسلانغاندا نەبى بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى مۇھىم پەرق بار. ئۇنداقتا بۇ پەرق نېمە؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قايسى ۋاقىتتا نەبى، قايسى ۋاقىتتا رەسۇلدۇر؟

نەبى بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى بۇ پەرقنى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئاساسىدا تەپسىلىي ھالدا ئىزاھلاپ ئۆتىمىز (ئاللاھ خالىسا). بۇ تېمىغا ئۆتۈشتىن

(1) ئەنئام سۈرىسى 64، 65، 70؛ تەۋبە سۈرىسى 73؛ ئەھزاب سۈرىسى 1، 28، 45، 50، 59؛ مۇمتەھىنە سۈرىسى 12؛ تەلاق سۈرىسى1؛ تەھرىم سۈرىسى 1، 9-ئايەتلەر ...

(2) مائىدە سۈرىسى 41، 67-ئايەتلەر

بۇرۇن مەزكۇر تېما ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتەي.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە قۇرئان ۋەھيي قىلىنىشقا باشلىغان ۋاقىتتىن باشلاپ، يەنى نەبىلىك سالاھىيىتى بېرىلگەن 40 يېشىدىن باشلاپ تاكى ۋاپات بولغىچە ئىزچىل ھالدا نەبى بولۇپ، ئۇ پەقەت قۇرئاننى تەبلىغ قىلغان ۋاقىتتىلا رەسۇل ئىدى. يەنى ئۇ ئالغان ۋەھيي (قۇرئان)نى تەبلىغ قىلغان ۋاقىتتا رەسۇل، ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلاردا بولسا نەبى ئىدى. مانا بۇ قۇرئانغا ئاساسەن نەبى بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولۇپ، بۇ پەرق بىز مۇئمىنلەر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى قۇرئان (يەنى دىن) بۇ پەرقنى ئاساس قىلىدۇ. ئاللاھ، نەبى ۋە رەسۇلدىن ئىبارەت بۇ پەرقلىق ئىككى كەلىمىنى قۇرئاندا سەۋەبسىز ئىشلەتمىگەن. بۇ سەۋەبتىن بىز بۇ تېمىنى تەپسىلىي ھالدا ئىزاھلاپ ئۆتىمىز. ئەمما بۇنىڭدىن بۇرۇن قۇرئاننىڭ (نەبىگە ئەمەس) رەسۇلغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى روشەن ھالدا كۆرۈپ چىقىش ئۈچۈن، رەسۇلغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەرنى بىرلىكتە ئوقۇپ چىقايلى:

قُلْ أَطِيعُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ فَإِنْ تَوَلَّوْا فَإِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْكَافِرِينَ

«ئېيتقىنكى: ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار.

ئەگەر يۈز ئۆرىسە، (بىلسۇنكى)، ئاللاھ كاپىرلارنى دوست تۇتمايدۇ» (ئالئىمران سۈرىسى، 31-32-ئايەت).

وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ

«سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار» (ئالئىمران سۈرىسى، 132-ئايەت).

وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَاحْذَرُوا فَإِنْ تَوَلَّيْتُمْ فَاعْلَمُوا أَنَّمَا عَلَى رَسُولِنَا الْبَلَاغُ الْمُبِينُ

«ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار، (ئۆكتىچىلىك قىلىشتىن) ھەزەر ئەيلەڭلار. ئەگەر ئىتائەتتىن باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى، رەسۇلىمىزنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت روشەن تەبلىغ قىلىشتۇر» (مائىدە سۈرىسى، 92-ئايەت).

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَوَلَّوْا عَنْهُ وَأَنْتُمْ تَسْمَعُونَ

«ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار، (قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار» (ئەنفال سۈرىسى، 20-ئايەت).

**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَجِيبُوا لِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ إِذَا دَعَاكُمْ لِمَا يُحْيِيكُمْ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ يَحُولُ بَيْنَ الْمَرْءِ وَقَلْبِهِ وَأَنَّهُ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ**

«ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان شەيئىگە چاقىرغان ۋاقىتتا ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىغا كىرىدۇ. شۈبھىسىزكى، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر» (ئەنفال سۈرىسى، 24 ـ ئايەت).

**وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ وَاصْبِرُوا إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ**

«ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار. بولمىسا ئىچىڭلاردا قورقۇنچ پەيدا بولۇپ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ. چىداملىق بولۇڭلار، چۈنكى ئاللاھ چىداملىق بولغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر» (ئەنفال سۈرىسى، 46 ـ ئايەت).

**وَاَقِيمُوا الصَّلٰوةَ وَاٰتُوا الزَّكٰوةَ وَاَطِيعُوا الرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ**

«رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نامازنى ئادا قىلىڭلار ۋە زاكات بېرىڭلار، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار» (نۇر سۈرىسى، 56 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، قۇرئان رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنى كۆپىنچە «رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار» بۇيرۇق شەكلى بىلەن، يەنى رەسۇل كەلىمىسىنى بىۋاسىتە ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. ئەمما بەزىدە «مەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىشەنچلىك رەسۇلدۇرمەن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار»[1] شەكلىدە كەلگەن ئايەتلەردىكىگە ئوخشاش (رەسۇلغا ئىتائەتنى) ۋاسىتىلىك شەكىلدە ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئىتائەت قىلىش يەنىلا رەسۇلغا قارىتىلغان.

**إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ فَاتَّقُوا اللَّهَ وَأَطِيعُونِ**

«بىلىڭلاركى، مەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىشەنچلىك رەسۇلدۇرمەن. ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار» (شۇئەرا سۈرىسى 179، 178، 163، 162، 144، 143، 126، 125، 108، 107 ـ ئايەتلەر).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە «ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار» بۇيرۇقى «مەن سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىشەنچلىك رەسۇلدۇرمەن» ئىپادىسىدىن كېيىن، يەنى رەسۇل

(1) شۇئەرا سۈرىسى 179، 178، 163، 162، 144، 143، 126، 125، 108، 107 ـ ئايەتلەر

ئۇرغۇسىدىن كېيىن كەلمەكتە. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال تۆۋەندىكى ئايەتتىمۇ كۆرۈلىدۇ:

قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ قُلْ أَطِيعُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ فَإِنْ تَوَلَّوْا فَإِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْكَافِرِينَ

«ئېيتقىنكى: ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھمۇ سىلەرنى دوست تۇتسۇن ۋە گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلسۇن. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە مېھرىباندۇر».

«ئېيتقىنكى: ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار.

ئەگەر يۈز ئۆرىسە، (بىلسۇنكى)، ئاللاھ كاپىرلارنى دوست تۇتمايدۇ» (ئالئىمران سۈرىسى، 32-31-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتىمۇ «فَاتَّبِعُونِي (ماڭا ئەگىشىڭلار)» بۇيرۇقى، «ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار» ئىپادىسىدىن كېيىن، «ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار» بۇيرۇقىدىن بۇرۇن كەلگەن. يەنى، بۇ يەردە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش نەزەردە تۇتۇلغان. بۇ بۇيرۇق ئايەتنىڭ داۋامىدىكى رەسۇلغا ئىتائەت بۇيرۇقى بىلەن تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

خۇلاسىلىگەندە، قۇرئان رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنى ئاساسەن دېگۈدەك «رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار» شەكلىدە بىۋاستە ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، بەزى ئايەتلەردە «ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار» شەكلىدە ۋاستىلىك ھالدا ئىپادىلەيدۇ. قايسى شەكىلدە ئىپادىلەشتىن قەتئىينەزەر شەرتسىز ئىتائەت رەسۇلغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئەكسىچە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا نەبىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇمايدۇ. قۇرئاندا «نەبى» كەلىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان بىر ئايەت بار (ئەئراف سۈرىسى، 157-ئايەت). لېكىن بۇ ئايەتتىكى نەبى كەلىمىسى ئۆز ئالدىغا يالغۇز ئىشلىتىلمىگەن بولۇپ، «ئۇممى نەبى رەسۇل» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. يەنى، ئەئراف سۈرىسى 157-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئىتائەت نەبىگە ئەمەس، بەلكى رەسۇلغا قارىتىلغان. چۈنكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئىپادە «ئەر رەسۇلەن نەبىييەل ئۇممىييە» شەكلىدە بولۇپ، «نەبى» ۋە «ئۇممى» كەلىمىلىرى رەسۇلنىڭ ئىككى سۈپىتىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر ئايەت «نەبى ۋە ئۇممى بولغان رەسۇلغا ئەگەشكەنلەر»

ھەققىدە توختىلىدۇ:

الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الْأُمِّيَّ الَّذِي يَجِدُونَهُ مَكْتُوبًا عِنْدَهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ يَأْمُرُهُمْ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَاهُمْ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَائِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَالْأَغْلَالَ الَّتِي كَانَتْ عَلَيْهِمْ فَالَّذِينَ آمَنُوا بِهِ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَاتَّبَعُوا النُّورَ الَّذِي أُنْزِلَ مَعَهُ أُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

«ئۇ، قولىدىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا تونۇشتۇرۇلغان ئۇممى نەبى (بولغان) رەسۇلغا ئەگەشكۈچىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ئۇلارنى يامانلىقتىن توسىدۇ. ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سېلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەردىن خالىي قىلىدۇ. ئۇ رەسۇلغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرگەن، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەۋەتىلگەن نۇر (قۇرئان)غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» (ئەئراف سۈرىسى، 157 ـ ئايەت).

قۇرئاندا رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان باشقا ئايەتلەرمۇ بار. ھەم ئەسلى تېكىست، ھەم مەنىسى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئايەتلەر مەزكۇر مەسىلىنى چۈشىنىشتە يېتەرلىك بولسا كېرەك. بۇ سەۋەبتىن تۆۋەندە باشقا ئايەتلەردىن بىر قانچىسىنى پەقەت مەنە تەرجىمىلىرىنى بېرىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

«ئەنە شۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چەك ـ چېگرالاردۇر. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلغا ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ. مانا بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر» (نىسا سۈرىسى، 13 ـ ئايەت).

«ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، رەسۇلغا ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، سىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنسەڭلار، ئۇنداقتا بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر» (نىسا سۈرىسى، 59 ـ ئايەت).

«بىز ھەرقانداق رەسۇلنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق» (نىسا سۈرىسى، 64 ـ ئايەت).

«كىمكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق» (نىسا سۈرىسى، 80 ـ ئايەت).

«مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ، يامانلىقتىن توسىدۇ، نامازنى (لايىقىدا) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (تەۋبە سۈرىسى، 71 ـ ئايەت).

«ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلغان، ئاللاھتىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» (نۇر سۈرىسى، 52 ـ ئايەت).

«ئېيتقىنكى: ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر ئۇلار باش تارتسا، (بىلىڭلاركى) ئۇنىڭ ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بار، سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىش مەسئۇلىيىتىڭلار بار. ئەگەر ئۇنىڭغا (رەسۇلغا) ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر. رەسۇلنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىشتۇر» (نۇر سۈرىسى، 54 ـ ئايەت).

«كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ» (ئەھزاب سۈرىسى، 71 ـ ئايەت).

«ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار» (مۇھەممەد سۈرىسى، 33 ـ ئايەت).

«ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ» (ھۇجۇرات سۈرىسى، 14 ـ ئايەت).

قۇرئاندا ئونلىغان ئايەت بىلەن رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، مۇئمىنلەر بولسا «رەسۇلنى ئاڭلىدۇق، رەسۇلغا ئىتائەت قىلدۇق، رەسۇلغا ئەگەشتۇق» دەيدۇ.

«(رەسۇل ۋە مۇئمىنلەر)... ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق... دېدى» (بەقەرە سۈرىسى، 285 ـ ئايەت).

«(ھاۋارىيلار): رەببىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق، رەسۇلغا ئەگەشتۇق، بىزنى شاھىت بولغانلار قاتارىدا قىلغىن» (ئالئىمران سۈرىسى، 53 ـ ئايەت).

«مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا چاقىرىلغان چاغدا ئۇلارنىڭ دەيدىغان سۆزى پەقەت: ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق، بولىدۇ. مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» (نۇر سۈرىسى، 51-ئايەت).

## رەسۇلنى ئۈلگە ئېلىش كېرەك

ئۇنىلغان ئايەت بىلەن رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان قۇرئان، تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن رەسۇلنى ئۈلگە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا

«سىلەرگە -ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكۈچىلەرگە- ئاللاھنىڭ رەسۇلىدا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈرنەكلەر بار» (ئەھزاب سۈرىسى، 21-ئايەت).

دېمەك، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىنىدۇ، رەسۇل ئۈلگە ئېلىنىدۇ. ئۇنداقتا رەسۇلغا قانداق ئىتائەت قىلىمىز؟ رەسۇلنى قانداق ئۈرنەك قىلىمىز؟

بۇ تېما ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىمىز. شۇنداقتىمۇ قىسقىچە قىلىپ شۇنى دېيىشكە بولىدۇكى، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋە رەسۇلنى ئۈرنەك قىلىشنىڭ يولى ئەلۋەتتە رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرىگە ئەگىشىشتۇر. رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بولسا قۇرئانى كەرىمدۇر. كىلاسسىك ھەدىسلەر رەسۇلنىڭ ئەمەس، بەلكى نەبىنىڭ سۆزلىرىدۇر. ھەتتا نەبىنىڭ سۆزلىرىمۇ ئەمەس. ئەكسىچە ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىنغان سۆز، ئىش - ھەرىكەتلەردىن ئىبارەتتۇر. قۇرئان بولسا ئاللاھنىڭ كالامى، رەسۇلنىڭ بايانىدۇر. يەنى، قۇرئان رەسۇل (ئەلچى) ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن سۆزلەر بولۇپ، ۋەھيىنى ئاساس قىلغان ھەدىسلەردۇر. چۈنكى قۇرئان ئۆزىنى «شەرەپلىك بىر رەسۇل (ئېلىپ كەلگەن) سۆزلەر[1] ۋە ئەڭ ياخشى ھەدىس (ئەھسەنەل ھەدىس)»[2] دەپ تونۇشتۇرماقتا. دېمەككى، ئەڭ ياخشى (ئەڭ ئىشەنچلىك، سەھىھ) ھەدىسلەر رەسۇلنىڭ ۋەھيىنى ئاساس قىلغان ھەدىسلىرى بولغان قۇرئاندۇر. ئۇنداقتا رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش، رەسۇلنى ئۈلگە قىلىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش (نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان

(1) ھاققە سۈرىسى، 40؛ تەكۋىر سۈرىسى، 19-ئايەت

(2) زۇمەر سۈرىسى 23-ئايەت

ھەدىسلەرگە ئەگىشىش ئەمەس) ئاللاھنىڭ كالامى، رەسۇلنىڭ بايانى بولغان قۇرئانغا ئەگىشىشتۇر.

## رەسۇلغا قارشى چىقماسلىق كېرەك

قۇرئان رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا قارشى چىقماسلىققا بۇيرۇيدۇ.

**وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَتَعَدَّ حُدُودَهُ يُدْخِلْهُ نَارًا خَالِدًا فِيهَا وَلَهُ عَذَابٌ مُهِينٌ**

«كىمكى ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ» (نىسا سۈرىسى، 14-ئايەت).

**يَوْمَئِذٍ يَوَدُّ الَّذِينَ كَفَرُوا وَعَصَوُا الرَّسُولَ لَوْ تُسَوَّى بِهِمُ الْأَرْضُ وَلَا يَكْتُمُونَ اللَّهَ حَدِيثًا**

«كۇپپۇر يولغا مېڭىپ، رەسۇلغا ئاسىيلىق قىلغانلار ئۇ كۈندە يەرنىڭ تەكتىگە پاتۇرۇۋېتىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئاللاھتىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ» (نىسا سۈرىسى، 42-ئايەت).

**وَمَنْ يُشَاقِقِ الرَّسُولَ مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ الْهُدَى وَيَتَّبِعْ غَيْرَ سَبِيلِ الْمُؤْمِنِينَ نُوَلِّهِ مَا تَوَلَّى وَنُصْلِهِ جَهَنَّمَ وَسَاءَتْ مَصِيرًا**

«كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئايان بولغاندىن كېيىن، رەسۇلغا قارشى چىقىدىكەن ۋە مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقا يولغا ماڭىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!» (نىسا سۈرىسى، 115-ئايەت).

«كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن، ئۇنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى، دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئەنە شۇ چوڭ رەسۋالىقتۇر» (تەۋبە سۈرىسى، 63-ئايەت).

«ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر-ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. كىمكى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ» (ئەھزاب سۈرىسى، 36-ئايەت).

«سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، ئاللاھ ۋە رەسۇلى ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغان ۋە ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار» (تەۋبە سۈرىسى، 29-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك رەسۇلغا ھېچقانداق شەكىلدە قارشى چىقىشقا بولمايدۇ. ئەمما نەبى ئۈچۈن قۇرئاننىڭ بۇنداق ھۆكمى يوق. يەنى، پەيغەمبەرگە قارشى چىقماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەرنىڭ ھېچبىرىسىدىمۇ نەبى ئىبارىسى تىلغا ئېلىنمايدۇ، دائىم رەسۇل ئىبارىسى ئىشلىتىلىدۇ. ھەتتا «نەبىگە مەرۇپ بولمىغان (مۇنكەر) ئىشلاردا قارشى چىقىشقا بولىدىغانلىقى» ئىپادىلەنگەن بىر ئايەت بار. ئايەت تۆۋەندىكىچە:

**يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ إِذَا جَاءَكَ الْمُؤْمِنَاتُ يُبَايِعْنَكَ عَلَى أَنْ لَا يُشْرِكْنَ بِاللَّهِ شَيْئًا وَلَا يَسْرِقْنَ وَلَا يَزْنِينَ وَلَا يَقْتُلْنَ أَوْلَادَهُنَّ وَلَا يَأْتِينَ بِبُهْتَانٍ يَفْتَرِينَهُ بَيْنَ أَيْدِيهِنَّ وَأَرْجُلِهِنَّ وَلَا يَعْصِينَكَ فِي مَعْرُوفٍ فَبَايِعْهُنَّ وَاسْتَغْفِرْ لَهُنَّ اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ**

«ئى نەبى! مۇئمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋال-ماسلىققا، سەن بۇيرۇغان مەرۇپ (توغرا ۋە ياخشى) ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا، ئۇلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (مۇمتەھىنە سۈرىسى، 12-ئايەت).

ئايەتتىكى «... مەرۇپتىن باش تارتماسلىق - ۋەلا يەئسىنەكە فى مەرۇفىن» ئىبارىسى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. يەنى، نەبىنىڭ يېنىغا كەلگەن ئاياللار مۇتلەق شەكىلدە ئەمەس، بەلكى مەرۇپ ئىشلاردا قارشى چىقماسلىق شەرتى بىلەن ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان. نەبىگە ئىتائەتسىزلىك قىلماسلىقنىڭ دائىرىسى مەرۇپ ئىشلار بىلەن بەلگىلەنگەن. بۇ بولسا «نەبىنىڭ مەرۇپ بولمىغان (توغرا بولمىغان) ئىشلىرى بولۇشى مۇمكىن ۋە بۇنداق ئەھۋالدا نەبىگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئايەتتە «مەرۇپ ئىشلار» ئىبارىسى تىلغا ئېلىنمىغان بولاتتى ۋە (رەسۇلدىكىگە ئوخشاش) «نەبىگە ھەرگىزمۇ ئىتائەتسىزلىك قىلىشقا بولمايدۇ» دېيىلگەن بولاتتى. لېكىن قۇرئاندا بۇنداق دېيىلمىدى. دېمەك، نەبىنىڭ مەرۇپ بولمىغان ئىشلىرى بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئايەتنى پەقەت نەبىنىڭ ئۆزى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىماسلىق كېرەك. چۈنكى نەبى بۇ يەردە ئۇلۇل ئەمىر (دۆلەت رەئىسى، باشلىق) سۈپىتىدە بەيئەت ئالغان، يەنى ئەھدىلەشكەن. بۇ سەۋەبتىن بۇ ئايەت (ھەم بەيئەت قىلغان، ھەم بەيئەت ئالغۇچى) دۆلەت رەئىسلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بەيئەتلىشىشنىڭ شەرتلىرىنى بەلگىلەپ بەرمەكتە. چۈنكى ئۇلۇل ئەمىرلەرنىڭ مەرۇپ بولمىغان ئىشلىرىنىڭمۇ بولۇپ قالىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئۇلۇل ئەمرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان نىسا سۈرىسى 59-ئايىتىدە، ئىختىلاپلىشىپ قالغان ۋاقىتتا مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا (قۇرئانغا) مۇراجىئەت قىلىشقا بۇيرۇش ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى تەكىتلىگەن.

## قۇرئان نېمە ئۈچۈن نەبىگە ئەمەس، بەلكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى رەسۇلنىڭ قۇرئان (ۋەھىي)نى تەبلىغ قىلىشى، يەنى قۇرئاننى تەبلىغ قىلغۇچىنىڭ رەسۇل ئىكەنلىكى بولۇپ، تۆۋەندە تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەردىن بۇ جاۋابنى روشەن ھالدا كۆرۈۋالالايمىز. قۇرئاندىن تۆۋەندىكى سوئاللارنى سورىغان ۋاقتىمىزدا بىزگە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ (بۇ جاۋابلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچى بولغان ئايەتلەردىن بىلەلەيمىز):

1. قۇرئاننى تەبلىغ قىلغان كىم؟ **رەسۇل مۇھەممەد.**

2. كىمگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان؟ **رەسۇل مۇھەممەدكە.**

3. كىمگە قارشى چىقىشقا بولمايدۇ؟ **رەسۇل مۇھەممەدكە.**

4. كىم ئۆلگە قىلىنىدۇ؟ **رەسۇل مۇھەممەد.**

5. كىم خاتالاشمايدۇ؟ **رەسۇل مۇھەممەد.**

6. ئىلاھى ھمايە ئاستىغا ئېلىنغۇچى كىم؟ **رەسۇل مۇھەممەد.**

7. كىمنىڭ سۆزلىرى (ھەدىسلىرى) ئىلاھى ھمايە ئاستىدا؟ **رەسۇل مۇھەممەدنىڭ سۆزلىرى.**

8. خاتالىشىپ قالغان، ئاگاھلاندۇرۇلغان كىم؟ **نەبى مۇھەممەد.**

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن سوئال - جاۋابتىن قۇرئاننىڭ نېمە ئۈچۈن نەبىگە

ئەمەس، ئەكسىچە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. بۇنداق بولۇشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى قۇرئاننى تەبلىغ قىلغۇچىنىڭ (نەبى ئەمەس) رەسۇل ئىكەنلىكى بولۇپ، بۇ نۇقتا رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەردە روشەن ھالدا ئىپادىلەنمەكتە. چۈنكى رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەردە مۇنداق دېيىلمەكتە:

«ئى رەسۇل! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان) نى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا (رەسۇللۇق) قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ (بۇ ۋەزىپە سەۋەبىدىن) سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» (مائىدە سۈرىسى، 67-ئايەت).

دىققەت بىلەن قارىساق بۇ ئايەتتە:

1. رەسۇلغا «قۇرئاننى تەبلىغ قىلىش» ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان.

2. ئەگەر رەسۇل بۇنى قىلمىسا، رىسالەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ.

دېمەك، رەسۇل بۇنى قىلسا، يەنى قۇرئاننى تەبلىغ قىلسا رەسۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئۇنداقتا رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئاننى تەبلىغ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

3. رەسۇل بۇ ۋەزىپىنى ئىلاھى ھىمايە ئاستىدا ئادا قىلىدۇ. يەنى، ھەم ئايەتلەر، ھەم بۇ ئايەتلەرنى تەبلىغ قىلغان رەسۇل ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغان.

يىغىنچاقلىغاندا، رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىزاھلاپ بەرگەن بۇ ئايەت، «رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئاننى تەبلىغ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر» دېگەن بولىدۇ. ئەمما بۇ نۇقتا باشقا ئايەتلەردىمۇ روشەن ھالدا بىلدۈرۈلگەن:

وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَاحْذَرُوا فَإِنْ تَوَلَّيْتُمْ فَاعْلَمُوا أَنَّمَا عَلَى رَسُولِنَا الْبَلَاغُ الْمُبِينُ

«ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار، (ئۇلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، ئەگەر (ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى، رەسۇلىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت ئوچۇق تەبلىغ قىلىشتۇر» (مائىدە سۈرىسى، 92-ئايەت).

قُلْ أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ فَإِنْ تَوَلَّوْا فَإِنَّمَا عَلَيْهِ مَا حُمِّلَ وَعَلَيْكُمْ مَا حُمِّلْتُمْ وَإِنْ تُطِيعُوهُ تَهْتَدُوا وَمَا

عَلَى الرَّسُولِ إِلَّا الْبَلَاغُ الْمُبِينُ

«ئېيتقىنكى: ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر باش تارتساڭلار، رەسۇلنىڭ ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بار، سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىش مەسئۇلىيىتىڭلار بار، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر. رەسۇلنىڭ پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار» (نۇر سۈرىسى، 54-ئايەت).

وَمَا عَلَى الرَّسُولِ إِلَّا الْبَلَاغُ الْمُبِينُ

«رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىشتۇر» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 18-ئايەت).

فَهَلْ عَلَى الرُّسُلِ إِلَّا الْبَلَاغُ الْمُبِينُ

«رەسۇللارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىشتۇر» (نەھل سۈرىسى، 35-ئايەت).

قُلْ إِنِّي لَا أَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلَا رَشَدًا قُلْ إِنِّي لَنْ يُجِيرَنِي مِنَ اللَّهِ أَحَدٌ وَلَنْ أَجِدَ مِنْ دُونِهِ مُلْتَحَدًا إِلَّا بَلَاغًا مِنَ اللَّهِ وَرِسَالَاتِهِ وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَإِنَّ لَهُ نَارَ جَهَنَّمَ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا

«ئېيتقىنكى: مەن سىلەرگە پايدا - زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر ئەمەسمەن. ئېيتقىنكى: مېنى ئاللاھقا قارشى ھېچكىم قوغدىيالمايدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچ پاناھگاھمۇ تاپالمايمەن. مېنىڭ قىلغىنىم پەقەت (سىلەرگە) ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈش، ئۇنىڭ ئەۋەتكەنلىرىنى تەبلىغ قىلىشتۇر. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، دوزاختا مەڭگۇ قالىدۇ» (جىن سۈرىسى، 21، 23-ئايەتلەر).

دېمەك، رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئاننى تەبلىغ قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، رەسۇل «قۇرئاننى تەبلىغ قىلغۇچىدۇر». مانا بۇ قۇرئاننىڭ نېمە ئۈچۈن نەبىگە ئەمەس، بەلكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنىڭ جاۋابى. چۈنكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلغانلىق، تەبلىغ قىلغان ئايەتلەرگە (قۇرئانغا) ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ. رەسۇل ئاللاھتىن ئالغان ئايەتلەرنى ئۆز پېتى تەبلىغ قىلىدۇ. ئۇنىڭغا قوشۇپ قويمايدۇ ياكى چىقىرىۋەتمەيدۇ. بۇنداق قىلالمايدۇ. ئەگەر بۇنداق بىر ئىش قىلغان بولسا ئاللاھ ئۇنىڭ جان تومۇرىنى ئۈزۈپ تاشلايتتى ۋە جېنىنى دەرھال ئالاتتى.

وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ الْأَقَاوِيلِ لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِالْيَمِينِ ثُمَّ لَقَطَعْنَا مِنْهُ الْوَتِينَ فَمَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ عَنْهُ حَاجِزِينَ

«ئەگەر ئۇ (رەسۇل) بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسى قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى» (ھاققە سۈرىسى، 44-47-ئايەتلەر).

بۇ سەۋەبتىن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئۆز پېتى يەتكۈزگەن (تەبلىغ قىلغان) رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش، ماھىيەتتە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ.

مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ اَطَاعَ اللّٰهَۚ وَمَنْ تَوَلّٰى فَمَٓا اَرْسَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظاًۜ

«كىمكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق» (نىسا سۈرىسى، 80-ئايەت).

قۇرئاننىڭ نەبىگە ئەمەس، بەلكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرسى - رەسۇلنىڭ قەتئىي خاتالاشمايدىغانلىقى بولۇپ، رەسۇل ھەرگىز خاتالىق سادىر قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئالغان ئايەتلەرنى ئۆز پېتى تەبلىغ قىلىدۇ، قوشۇپ قويمايدۇ ياكى ئېلىۋەتمەيدۇ، ھەرگىزمۇ بۇنداق قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى ۋە تەبلىغ قىلغان ئايەتلەر ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن رەسۇلنىڭ خاتالىق سادىر قىلىش ئېھتىمالى يوق. ئەمما نەبى (بەزىدە) خاتالىق سادىر قىلىشتىن خالىي ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن بەزىدە خاتالىشىپ قالىدۇ. دېمىسىمۇ نەبىنىڭ بەزى خاتالىقلىرى كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇ خاتالىقلار تۈپەيلى ئاگاھلاندۇرۇلغان. بۇ ئەھۋال قۇرئاندا بايان قىلىنغان بولۇپ، بەزى ئايەتلەرگە بىرلىكتە قاراپ چىقايلى:

مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَنْ يَكُونَ لَهُ أَسْرَى حَتَّى يُثْخِنَ فِي الْأَرْضِ تُرِيدُونَ عَرَضَ الدُّنْيَا وَاللَّهُ يُرِيدُ الْآخِرَةَ وَاللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ لَوْلَا كِتَابٌ مِنَ اللَّهِ سَبَقَ لَمَسَّكُمْ فِيمَا أَخَذْتُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ

«ھەرقانداق نەبىنىڭ جەڭ مەيدانىدا دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرمەي تۇرۇپ، ئەسىر ئېلىشى توغرا ئەمەس ئىدى. سىلەر كۆز ئالدىڭلاردىكى دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، ئاللاھ بولسا سىلەرگە ئاخىرەتنى كۆزلەيدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

ئەگەر ئاللاھنىڭ ھۆكمى[1] بولمىغان بولسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار[2]». (ئەنفال سۈرىسى، 67، 68-ئايەتلەر).

مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَالَّذِينَ آمَنُوا أَنْ يَسْتَغْفِرُوا لِلْمُشْرِكِينَ وَلَوْ كَانُوا أُولِي قُرْبَى مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُمْ أَصْحَابُ الْجَحِيمِ

«ھەرقانداق نەبى ۋە مۆئمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس» (تەۋبە سۈرىسى، 113-ئايەت).

يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ لِمَ تُحَرِّمُ مَا أَحَلَّ اللَّهُ لَكَ تَبْتَغِي مَرْضَاةَ أَزْوَاجِكَ

«ئى نەبى! نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ھارام قىلىسەن؟» (تەھرىم سۈرىسى، 1-ئايەت).

يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ اتَّقِ اللَّهَ وَلَا تُطِعِ الْكَافِرِينَ وَالْمُنَافِقِينَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا وَاتَّبِعْ مَا يُوحَى إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا

«ئى نەبى! ئاللاھتىن قورققىن، كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن باشقۇرغۇچىدۇر. ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن ۋەھىي قىلىنغان نەرسىگە (يەنى قۇرئانغا) ئەگەشكىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر» (ئەھزاب سۈرىسى، 1-2-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن مەلۇم بولغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن (ئاگاھلاندۇرغان) ئايەتلەرنىڭ ھېچبىرىسىدە «رەسۇل» كەلىمىسى ئىشلىتىلمىگەن بولۇپ، «نەبى» كەلىمىسى ئىشلىتىلگەن. چۈنكى خاتالاشقۇچى رەسۇل ئەمەس، بەلكى نەبىدۇر. قۇرئاندا بەزى ئايەتلەردە نەبى، بەزى ئايەتلەردە نەبى ئىپادىسى تىلغا ئېلىنماستىن ئاگاھلاندۇرۇلغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت.

(1) «زەپەر سىلەرنىڭ بولىدۇ» دېگەن ئىسرا سۈرىسى 76، 77 ۋە رۇم سۈرىسى 2، 4-ئايەتلەردىكى ھۆكۈم

(2) بۇ ئېغىر ئىپادىلەر نەبىنىڭ ئىلگىرى نازىل قىلىنغان، يەنى مۇھەممەد سۈرىسى 4-ئايەتنى تەدبىقلىمىغانلىقى سەۋەبىدىن دېيىلگەن. مەزكۇر ئايەت مۇنداق: «سىلەر كۇففارلارغا (جەڭ مەيدانىدا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تارمار بولغىچە ئۆلتۈرۈڭلار. ئاندىن ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار. تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر (يەنى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر) مۇشۇنداق قىلىڭلار»

عَبَسَ وَتَوَلَّى أَنْ جَاءَهُ الْأَعْمَى وَمَا يُدْرِيكَ لَعَلَّهُ يَزَّكَّى أَوْ يَذَّكَّرُ فَتَنْفَعَهُ الذِّكْرَى أَمَّا مَنِ اسْتَغْنَى فَأَنْتَ لَهُ تَصَدَّى وَمَا عَلَيْكَ أَلَّا يَزَّكَّى وَأَمَّا مَنْ جَاءَكَ يَسْعَى وَهُوَ يَخْشَى فَأَنْتَ عَنْهُ تَلَهَّى

«(نەبى) يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. نېمە بىلىسەن؟ ئۇ پاكلىنىشى مۇمكىن ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن. سەن بولساڭ ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە يۈزلىنىسەن. ھالبۇكى، ئۇ پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنى؟ ئەمما سەن (ئاللاھتىن) قورققان ھالدا ساڭا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە قارىماي قويىسەن» (ئەبەسە سۈرىسى، 1 ـ 10 ـ ئايەتلەر).

فَاصْبِرْ إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ وَاسْتَغْفِرْ لِذَنْبِكَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ بِالْعَشِيِّ وَالْإِبْكَارِ

«سەۋر قىلغىن، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر. گۇناھىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ ئىستىغپار ئېيتقىن ۋە ئاخشىمى ـ ئەتىگىنى رەببىڭگە ھەمد بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن» (غافىر سۈرىسى، 55 ـ ئايەت).

وَاسْتَغْفِرِ اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَحِيمًا وَلَا تُجَادِلْ عَنِ الَّذِينَ يَخْتَانُونَ أَنْفُسَهُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ مَنْ كَانَ خَوَّانًا أَثِيمًا يَسْتَخْفُونَ مِنَ النَّاسِ وَلَا يَسْتَخْفُونَ مِنَ اللَّهِ وَهُوَ مَعَهُمْ إِذْ يُبَيِّتُونَ مَا لَا يَرْضَى مِنَ الْقَوْلِ وَكَانَ اللَّهُ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطًا هَا أَنْتُمْ هَؤُلَاءِ جَادَلْتُمْ عَنْهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فَمَنْ يُجَادِلُ اللَّهَ عَنْهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَمْ مَنْ يَكُونُ عَلَيْهِمْ وَكِيلًا

«ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئۆزلىرىگە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن. خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ. ئۇلار ئىنسانلاردىن يوشۇرىدۇ، ئاللاھتىن يوشۇرمايدۇ؛ ئۇلار ئاللاھ رازى بولمايدىغان سۆزنى پىلانلىغان چاغدا، ئاللاھ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاللاھ تامامەن بىلگۈچىدۇر. ھاياتىي دۇنيادا ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئالدىڭلار دەيمۇ تۇرايلى، قىيامەت كۈنى كىم ئاللاھقا قارشى ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ؟ ياكى كىم ئۇلارغا ھامىي بولىدۇ؟» (نىسا سۈرىسى، 109 ـ 106 ـ ئايەتلەر).

وَلَوْلَا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكَ وَرَحْمَتُهُ لَهَمَّتْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ أَنْ يُضِلُّوكَ

«(ئى نەبى!) ئەگەر ساڭا ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم سېنى ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالغانىدى...» (نىسا سۈرىسى، 113 ـ ئايەت).

فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَاسْتَغْفِرْ لِذَنْبِكَ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ

«بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ھەم ئۆزۈڭنىڭ گۇناھلىرى، ھەم ئەر - ئايال مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن» (مۇھەممەد سۈرىسى، 19 - ئايەت).

عَفَا اللَّهُ عَنْكَ لِمَ أَذِنْتَ لَهُمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَتَعْلَمَ الْكَاذِبِينَ

«ئاللاھ سېنى ئەپۇ قىلغاي، راستچىللار بىلەن يالغانچىلار ساڭا ئېنىق بولماستىن، نېمىشقا ئۇلارغا رۇخسەت بەردىڭ؟» (تەۋبە سۈرىسى، 19 - ئايەت).

قۇرئاندا پەقەت نەبى مۇھەممەدنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئىلگىركى نەبىلەرنىڭمۇ بەزى خاتالىقلىرى بايان قىلىنغان. مەسىلەن: ئادەم (ئە س) رەببىنىڭ ئەمرىگە قارشى چىققان ۋە بۇ سەۋەبتىن جەننەتتىن ھەيدەپ چىقىرىلغان[1]. نوھ (ئە س) ئىمان ئېيتمىغان ئوغلى ھەققىدىكى سۆزى (سوئالى) سەۋەبلىك ئاللاھ تەرىپىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغانىدى[2]. ھارۇن (ئە س)، مۇسا (ئە س) يوق ۋاقىتتا ئېزىپ كەتكەن قوۋمىنى ئاگاھلاندۇرمىغان ۋە بۇ سەۋەبتىن مۇسا (ئە س)نىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانىدى[3]. داۋۇد (ئە س) ھەقسىزلىققا مايىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇلغان ۋە بۇ سەۋەبتىن مەغپىرەت تىلىگەنىدى[4]. سۇلايمان (ئە س) ھەددىدىن زىيادە مال - دۇنيا سۆيگۈسىگە ئىگە بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن مەغپىرەت تىلىگەن[5]. مۇسا (ئە س) سەۋەنلىك بىلەن مىسىرلىق بىر قىپتىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى. يەنى سەۋەنلىك بىلەن بولسىمۇ قاتىل بولۇپ قالغانىدى[6]. يۇنۇس (ئە س) غەزىپىنى باسالماي قوۋمىنى تەرك قىلىپ، ۋەزىپىسىنى تاشلىۋەتكەنىدى[7]. بۇ سەۋەبتىن يىللارچە مەغپىرەت تىلىگەن. مۇشرىك ئاتىسى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگەن ئىبراھىم (ئە س) بۇ سەۋەبتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان ۋە

(1) تاھا سۈرىسى، 121 - ئايەت

(2) ھۇد سۈرىسى، 46 - ئايەت

(3) تاھا سۈرىسى، 92 - 94 - ئايەتلەر

(4) ساد سۈرىسى، 21 - 25 - ئايەتلەر (بۇ ئايەتلەردە 99 ساغلىقى بار 1 ساغلىق تەڭ دەپ قارالغان. بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى «ساغلىق» ئىپادىسىدىن «خانىم (ئايال كىشى)»نىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ‹قۇرتۇبى، رازى، بەيزاۋى تەپسىرلىرى، 38 - جىلت، 21 - 25 - بەتلەر› . لېكىن قۇرئان بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن. بۇ نۇقتىدا بىز ئۈچۈن داۋۇد (ئە س) مايىل بولغان ھەقسىزلىقنىڭ تەپسىلاتى ئەمەس. بەلكى نەبى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەقسىزلىققە مايىل بولۇپ قالغانلىقى ۋە بۇ سەۋەبتىن ئاگاھلاندۇرۇلغانلىقى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە).

(5) ساد سۈرىسى، 32 - 35 - ئايەتلەر

(6) تاھا سۈرىسى، 40 - ئايەت

(7) ئەنبىيا سۈرىسى، 87 - ئايەت

ئۇ بۇ ئاگاھلاندۇرۇش نەتىجىسىدە بۇ ئارزۇسىدىن ۋازكەچكەندى[1]. مۇھەممەد نەبىمۇ بۇ مەسىلىدە ئاگاھلاندۇرۇلغان[2].

يۇقىرىدىكى مىساللاردا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك مەيلى مۇھەممەد (ئە س) بولسۇن، ياكى باشقا نەبى رەسۇللار بولسۇن، ئۇلار رەسۇل ئىبارىسى ئىشلىتىلگەن ئايەتلەردە ئاگاھلاندۇرۇلمىغان. ئەمما نەبى سۈپىتىدە قىلغان ئىشلىرىدا ئاگاھلاندۇرۇلغان. ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇلغان بەزى ئايەتلەردە «نەبى» كەلىمىسىنى ئۇچرىتىمىز، لېكىن «رەسۇل» كەلىمىسىنى ئۇچرىتالمايمىز.

مانا بۇلار (قۇرئانىنىڭ نەبىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇماسلىق، نەبىنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتمەسلىكى ۋە نەبىنىڭ بەزى خاتالىقلار سەۋەبىدىن ئاگاھلاندۇرۇلۇشى) نەبىنىڭ بىز ئۈچۈن ھۆرمەتلىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمىزنى كېمەيتەلمەيدۇ (كېمەيتمەسلىكى كېرەك). ئەكسىچە، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى لازىم. چۈنكى نەبىمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش ئىنسان[3]. لېكىن بۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن ئۆزىگە ۋەھيي قىلىنغان قۇرئاننى تەتبىقلاپ، ئۈلگىلىك كىشى بولدى[4] ۋە بۇ ئارقىلىق قۇرئانىنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن ھاياتىغا تەتبىقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ سەۋەبتىن (ئەلۋەتتە، نەبىمۇ) بىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىكتۇر.

النَّبِيُّ أَوْلَى بِالْمُؤْمِنِينَ مِنْ أَنْفُسِهِمْ وَأَزْوَاجُهُ أُمَّهَاتُهُمْ

«نەبى مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىنمۇ چارىدۇر، ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر» (ئەھزاب سۈرىسى، 6-ئايەت).

إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا

«ئاللاھ ۋە پەرىشتىلىرى نەبىگە سالات قىلىدۇ (ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ). ئى مۇئمىنلەر! سىلەرمۇ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىڭلار ۋە ئۇنىڭغا سەممىي بولۇڭلار» (ئەھزاب سۈرىسى، 56-ئايەت).

دېمەك، نەبىگە سالات قىلىش (ياردەم بېرىش) شەرت. بۇ ئۇنىڭ بىلەن

(1) تەۋبە سۈرىسى، 114-ئايەت. مۇمتەھىنە سۈرىسى، 4-6-ئايەتلەر

(2) تەۋبە سۈرىسى، 113-ئايەت

(3) كەھف سۈرىسى، 110-ئايەت؛ فۇسسىلەت سۈرىسى، 6-ئايەت

(4) ئەھزاب سۈرىسى، 21-ئايەت

بىرگە ياشىغانلار ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىش، ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش؛ بىز ئۈچۈن بولسا ئۇنىڭغا دەۋاسىنى تاشلاپ قويماسلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما بۇ رىئاللىق قۇرئاندا نەبىگە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقىنىڭ بولماسلىقى ۋە ياكى نەبىنى ئۆلگە قىلىش تەۋسىيەسىنىڭ يوقلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. چۈنكى قۇرئان شەرتسىز ئىتائەت ۋە ئۆلگە ئېلىشنى رەسۇلغا قاراتقان. بۇ بىز ئوتتۇرىغا قويغان شەخسى كۆز قاراش ئەمەس، ئەكسىچە قۇرئان ئوتتۇرىغا قويغان ھەقىقەتتۇر.

قۇرئان، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ پەقەت رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مانا بۇ سەۋەبتىن رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش شەرت. چۈنكى رەسۇل ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى (قۇرئان)نى تەبلىغ قىلىدۇ. رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى بۇنىڭدىن (قۇرئاننى تەبلىغ قىلىشتىن) ئىبارەتتۇر. بەزى كىشىلەر «رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى تەبلىغ قىلىشتىن ئىبارەت» دېگەن جۈملىگە ئېتىراز قىلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ جۈملە بىزگە ئائىت ئەمەس، بەلكى قۇرئاننىڭ ئېنىق ھۆكمىدۇر[1]. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز بولسا بۇنىڭغا ئېتىراز قىلىش ئەمەس، ئەكسىچە قۇرئاننىڭ بۇ روشەن ھۆكمىگە ئىمان ئېيتىش، بۇ ھۆكۈمگە تەسلىم بولۇش، رەسۇلنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەرنى بۇ ئېنىق ھۆكۈمگە ئاساسەن چۈشىنىشكە تىرىشىشتۇر.

قۇرئان، «رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى تەبلىغ قىلىشتىن ئىبارەت» دېگىنىگە ئاساسەن، رەسۇلغا بېرىلگەن ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسى تەبلىغ پائالىيىتى بولۇپ، رەسۇل رىسالەتنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى «قۇرئان»نى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن ئىبارەت. يەنى، ۋەزىپىسىنىڭ تەقەززاسى بىلەن قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلەر «قۇرئاننىڭ تەبلىغ قىلىنىشى» دەپ قارىلىدۇ. رەسۇلغا تاپشۇرۇلغان «بايان قىلىش ۋەزىپىسى» ھەمدە «كىتاب، يەنى ھېكمەتنى ئۆگىتىش» پائالىيىتىمۇ بۇ دائىرىگە كىرىدۇ. چۈنكى قۇرئان «رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىش» دەيدۇ. يەنى رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ دائىرىسىنى تەبلىغ قىلىش دەپ بەلگىلىگەن. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرگە دىققەت بىلەن قارىغان ۋاقتىمىزدا شۇنى كۆرەلەيمىزكى، رەسۇل ئۆزىگە ۋەھىي قىلىنغان ئايەتلەرنى ئوقۇش (تەبلىغ قىلىش) ئارقىلىق كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (ھېكمەتلىك كىتابنى)[2] ئۆگەتكەن

(1) مائىدە سۈرىسى، 92 ـ ئايەت؛ نەھل سۈرىسى، 35 ـ ئايەت؛ نۇر سۈرىسى، 54 ـ ئايەت ۋە باشقىلار

(2) سەجدە سۈرىسى، 2؛ ياسىن سۈرىسى، 2 ـ ئايەت

ۋە بۇ ئارقىلىق بىزنى پاكلىغان، ھەم بىزگە بىز بىلمىگەنلەرنى ئۆگەتكەن[1]. لېكىن رەسۇل بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېكمەتلىك كىتابنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇش (تەبلىغ قىلىش) ئارقىلىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىنى ۋاستە قىلمىغان. رەسۇل كىشىلەرنى بۇ كىتاب بىلەن ئاگاھلاندۇرغان[2]، ئىختىلاپلارنى بۇ كىتاب ئارقىلىق ھەل قىلغان[3]، ھۆكۈملەرنى بۇ كىتابقا ئاساسەن بەرگەن[4]، كىشىلەرگە باياناتنى بۇ كىتاب بىلەن بەرگەن (بايان)[5] ۋە ئاقىۋەتتە كىشىلەرنى بۇ كىتاب ئارقىلىق يورۇقلۇققا ئېلىپ چىققان[6]. يىغىنچاقلىغاندا، رەسۇل قىلغان بۇ ئىشلارنىڭ مەركىزىدە قۇرئاندىن باشقا نەرسە ئورۇن ئالمىغان.

مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن: رەسۇل ئۆزىگە ۋەھيي قىلىنغان قۇرئانغا چىڭ يېپىشقان ۋە قۇرئاننى تەتبىقلىغان[7]. بۇلار قۇرئان بايانى بىلەن دەلىللەنگەن. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي قۇرئان «رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىش» دەيدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ قۇرئاننى تەتبىقلاش رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەسمۇ؟

بۇ سوئالغا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك جاۋابنى بېرىش مۇمكىن:

1. قۇرئاننى تەبلىغ قىلىش تەبىئيي ھالدا ئۇنى تەتبىقلاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (ئېلىشى كېرەك). بۇ سەۋەبتىن رەسۇل رىسالەت ۋەزىپىسى دائىرىسىدە قۇرئاننى تەبلىغ قىلغاندا تەبىئيي ھالدا تەتبىقلىغان.

2. رەسۇل قۇرئاننى تەتبىقلىغان. لېكىن بۇنى رىسالەت ۋەزىپىسى دائىرىسى ئىچىدە ئەمەس، بەلكى بىر مۇئمىن بولۇش سۈپىتىدە تەتبىقلىغان. يەنى، ئۇ قۇرئاننى رەسۇل سالاھىيىتى بىلەن تەبلىغ قىلغان، مۇئمىن بولۇش سۈپىتىدە تەتبىقلىغان.

گەرچە بۇ ئىككى جاۋابنىڭ ئەمەلىيەتتىكى نەتىجىسى ئوخشاش بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئىككىنچى جاۋابنى توغرا دەپ قارايمىز. رەسۇل قۇرئاننى رىسالەت

---

(1) بەقەرە سۈرىسى، 151؛ ئالئىمران سۈرىسى، 164-ئايەت

(2) ئەنئام سۈرىسى، 92-ئايەت

(3) نەھل سۈرىسى، 64-ئايەت

(4) نىسا سۈرىسى، 105-ئايەت

(5) نەھل سۈرىسى، 44 ۋە 64-ئايەتلەر

(6) ئىبراھىم سۈرىسى، 1-ئايەت

(7) ئەنئام سۈرىسى، 50، 51؛ ئەئراف سۈرىسى، 203؛ يۇسۇف سۈرىسى، 15؛ سەبەئ سۈرىسى، 50؛ ئەھقاف سۈرىسى، 9-ئايەت

ۋەزىپىسىنىڭ تەقەززاسى بىلەن تەبلىغ قىلغان. لېكىن تەبلىغ قىلغان قۇرئاننى مۇئمىن بولۇش سۈپىتى بىلەن تەتبىقلىغان. قۇرئاننىڭ تەتبىقلىنىشى رىسالەت ۋەزىپىسى دائىرىسىدە بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى بۇ بارلىق مۇئمىنلەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئەمما رىسالەت ۋەزىپىسى پەقەت رەسۇلغا ئائىت بولۇپ، رەسۇل ئۆزىگە ۋەھيي قىلىنغان ئايەتلەرنى (كېچىكتۈرمەستىن) دەرھال تەبلىغ قىلىدۇ. ئۇ بۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، بۇنى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم قىلالمايدۇ. چۈنكى ۋەھيي (ئايەتلەر)نى ئالغۇچى رەسۇلدۇر. ئۇ ئالغان ئايەتلەرنى تەبلىغ قىلغان ۋاقىتتا (ئۇ ئايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك) تەبلىغ ۋەزىپىسى ئاخىرلىشىدۇ. ئاندىن باشقا بىر ۋەزىپە باشلىنىدۇ. يەنى، تەبلىغ قىلىنغان ئايەتلەر بارلىق مۇئمىنلەردىن نېمە قىلىشنى تەقەززا قىلغان بولسا، ئۇمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

مۇھەممەد (ئە س) رەسۇل سۈپىتىدە ۋەھيي ئېلىش ۋە ئالغان ۋەھيىنى كىشىلەرگە تەبلىغ قىلىشتىن باشقا ئۇ قىلغان، ئەمما بىز قىلمىساقمۇ بولىدىغان ئىشلار بارمۇ؟ بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش ۋەھيي ئالمايدىغانلىقىمىز ئېنىق. ئەمما بىز ئۇ قىلغاننى قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئۈلگە قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا تىرىشامدۇق؟ دېمەك، (ۋەھيي ئېلىشتىن باشقا) ئۇ قىلغان ھەر ئىشنى قىلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز بولۇپ، قۇرئاننى تەبلىغ قىلىش (قۇرئان بىلەن بايانات بېرىش)، قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلىش، قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش، قۇرئاننى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش پەقەت رەسۇلغىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق مۇئمىنلەرگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىدۇر[1]. قۇرئاننى تەبلىغ ۋە تەتبىق قىلىش ماھىيىتىدىكى بارلىق ئىشلارنى بىزمۇ ئادا قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدا ھېچقانداق شۈبھە يوق. ئەمما بۇ ئىشلارنى ئادا قىلىشتا مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئۈلگىلىك (مۇكەممەل) شەكىلدە ئادا قىلغۇچىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكى ھەممىگە ئاياندۇر.

يىغىنچاقلىغاندا، قايسى قاراشنى تاللاشتىن قەتئىينەزەر (مەيلى رىسالەت ۋەزىپىسى دائىرىسىدە ۋە ياكى بىر مۇئمىن سۈپىتىدە بولسۇن) ئايەتلەرنى ھەم بىرىنچى بولۇپ، ھەم ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە تەتبىقلىغۇچى يەنىلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. بۇنىڭدا ھېچقانداق ئېتىراز يوق. لېكىن بۇ تۆۋەندىكى قۇرئانى ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ:

1. رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئاننى تەبلىغ قىلىشتىن ئىبارەت. رەسۇل قۇرئاننى

(1) بەقەرە سۈرىسى، 44؛ ئالئىمران سۈرىسى، 79، 187؛ مائىدە سۈرىسى، 44؛ ئەنئام سۈرىسى، 19-ئايەت

تەبلىغ قىلغۇچىدۇر.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، پەقەت قۇرئاننى تەبلىغ قىلغان ۋاقىتتا رەسۇل (باشقا ۋاقىتلاردا نەبى)دۇر.

3. رەسۇل ھەرگىزمۇ خاتالاشمايدۇ. چۈنكى ئۇ ۋەزىپىسىنى ئىلاھىي ھىمايە ئاستىدا ئادا قىلىدۇ.

4. لېكىن نەبى بەزىدە خاتالىشىپ قالىدۇ، خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ.

5. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان ئىزچىل رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

6. رەسۇلنى ئۈلگە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

7. ئاللاھ قۇرئاندا نەبىنى ھۆرمەت (سالات - ياردەم ۋە ئىھتىرام) قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. لېكىن قۇرئاندا نەبىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ياكى نەبىنى ئۈلگە قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان ھېچقانداق ئايەت يوق.

8. چۈنكى نەبىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىش ۋە نەبىنى ئۈلگە قىلىش (سۆزلىرى ئىلاھى ھىمايە ئاستىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن) رېئاللىق نۇقتىسىدىن مۇمكىن ئەمەس.

9. ھالبۇكى، رەسۇلغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىش ۋە رەسۇلنى ئۈلگە قىلىش (رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بولغان قۇرئان ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن) دائىم مۇمكىن بولىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، گەرچە نەبى بىلەن رەسۇل ئوخشاش زات (مۇھەممەد ئە س) بولسىمۇ، قۇرئان نەبىگە ئەمەس، بەلكى رەسۇلغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىتائەت قىلىش بۇيرۇلغان ئايەتلەردە ئىزچىل «رەسۇل» ئىبارىسى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ھېچقانداق مۇستەسناسى يوق. گەرچە قۇرئان نۇرغۇن ئايەتتە، مەسىلەن: كىتابنىڭ كىملەرگە بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەردە مۇتلەق كۆپ ساندا «نەبى» كەلىمىسىنى ئىشلەتكەن (كىتابنىڭ نەبىلەرگە بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن)[1] بولسىمۇ، بەزىدە «رەسۇل»[2] ئىپادىسىنى ئىشلەتكەن. يەنى، كىتابنىڭ ھەم نەبىلەرگە، ھەم رەسۇللارغا بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئەمما شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان

(1) بەقەرە سۈرىسى، 136، 213؛ ئەنئام سۈرىسى، 89؛ مەريەم سۈرىسى، 30-ئايەت

(2) ھەدىد سۈرىسى، 25-ئايەت

ئايەتلەردە ئىشلىتىلگەن ئىبارە ئىنچىل ھالدا «رەسۇل»دۇر. ھېچقانداق ئايەتتە نەبىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى بېرىلمىگەن. دېمەك، قۇرئان (قۇرئاننى تەبلىغ قىلغۇچى) رەسۇلغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشىمىزنى ۋە رەسۇلنى ئۈزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ۋە رەسۇلنى ئۈلگە قىلىشنىڭ يولى، شۈبھىسىزكى، رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بولغان قۇرئانغا ئەگىشىش ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ. رەسۇل، نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرگە ئەگىشىشنى ئەمەس، ئەكسىچە رەسۇلنىڭ ۋەھيىنى ئاساس قىلغان ھەقىقىي ھەدىسلىرى بولغان قۇرئانغا ئەگىشىش ۋە ئاللاھنىڭ كالامى، رەسۇلنىڭ بايانى بولغان قۇرئاننى ھاياتىمىزغا تەتبىقلاش ئارقىلىق ئۈلگە قىلىنىدۇ. ئۇنداقتا رەسۇلنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش ئۈچۈن قىلىدىغان بىردىنبىر ئىش «ئەھسەنەل ھەدىس - ئەڭ ياخشى ھەدىس(سۆز)» دەپ سۈپەتلەنگەن قۇرئاننى تەتبىقلاشتۇر. دېمىسىمۇ مانا بۇ رەسۇلنىڭ سۈننىتىدۇر. يەنى باشتىن ئاخىرى رەسۇلنىڭ ھەدىسى بولغان قۇرئاننى تەتبىقلاشتۇر.

## كىشىلىك خاراكتېر رەسۇلنىڭ ئىجتىھاتلىرىنى بەلگىلەيدۇ

نەبىلەرنىڭ ئىجتىھاتلىرىدا ئۇلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرى -تەبىئىي ھالدا- تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنى، نەبىنىڭ ئىجتىھاتلىرىدا ئۇلارنىڭ كىشىلىك ئالاھىدىلىكلىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: مۇسا ۋە ھارۇن، ئۆزلىرىگە كىتاب بېرىلگەن ئىككى قېرىنداش نەبىلەر ئىدى[1]. لېكىن بىز بۇ ئىككى نەبىنىڭ ئوخشاش بىر مەسىلىگە قارىتا تۇتقان مۇئامىلىسىدە ئىككى خىل پەرقلىق پوزىتسىيە (ئىجتىھات)نى كۆرىمىز. يەنى، مۇسا (ئە س) تۇر تېغىدىن قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا قوۋمىنى موزايغا چوقۇنۇۋاتقان ھالەتتە كۆرىدۇ ۋە غەزەپتىن قېرىندىشى ھارۇننىڭ چاچ - ساقىلىدىن تارتىپ: «ئى ھارۇن! ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇققا مۇپتىلا بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرمىدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ يولۇمدا چىڭ تۇرمىدىڭ؟ سېنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇپ قويغان نېمە ئىدى؟ سەن ئەمرىمگە ئاسىيلىق قىلدىڭمۇ؟»[2] دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ھارۇن: «ئى ئانامنىڭ ئوغلى! چاچ - ساقىلىمنى قويىۋەت! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ ‹ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، سۆزۈمگە

(1) سافات سۈرىسى، 114-117-ئايەتلەر
(2) تاھا سۈرىسى، 93-92-ئايەتلەر

دىققەت قىلماپسەن!› دېيىشىڭدىن قورقتۇم»[1] دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. يەنى بۇ ۋەقەگە قارىتا ئىككى نەبىنىڭ پوزىتسىيەسى بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولۇپ، بىرسى بىر ئاز ئېھتىياتچانلىق ياكى كەڭ قورساقلىق بىلەن (ھارۇن)، يەنە بىرسى بولسا سەپرا (مۇسا)لىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغانىدى. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ھەر ئىككى نەبىنىڭ ئىجتىھاتىدا ئۇلارنىڭ پەرقلىق خاراكتېرى ئاكتىپ رول ئوينىغان ئىدى. مۇسا ۋە ھارۇننىڭ ئىنسانىي مىجەز - خۇيى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. مۇسا سەۋر - تاقەتسىز مىجەزگە ئىگە بولۇپ، ۋەقەلەرگە قارىتا دەرھال ئىنكاس قايتۇراتتى[2]. جىسمانىي جەھەتتىن قاۋۇل بولۇپ، ھەرىكىتىنى ئىتتىك تىزگىنلىيەلمەيتتى. بۇ سەۋەبتىن بىر جېدەلدە مىسىرلىق بىر قىپتىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان ئىدى[3]. ھارۇن بولسا سالماق ۋە ئېغىر - بېسىق بولۇپ، گەپ - سۆز ۋە نۇتۇقتا قابىلىيىتى بار ئىدى[4]. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بۇ مىجەزى -مۇسا غەزەپلەنگەن بۇ ۋەقەدە- مەزكۇر مەسىلىگە قارىتا ئېغىر - بېسىقلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تۈرتكە بولغانىدى.

مۇسا ۋە ھارۇن نەبىنىڭ ئوخشاش مەسىلىگە قارىتا تۇتقان ئىككى پەرقلىق مۇئامىلىسىنىڭ، ئۇلارنىڭ قۇرئاندا بايان قىلىنغان كىشىلىك خاراكتېرىگە ماس ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. قۇرئاندا باشقا نەبىلەرنىڭمۇ مىساللىرى بار. مەسىلەن: ئىبراھىم (ئە س)نىڭ مۇشرىك ئاتىسى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىشى (بۇ خاتالىقنى سادىر قىلىشى) ئۇنىڭ دىلى يۇمشاق خاراكتېرغا ئىگە بولغانلىقىدىن ئىدى[5]. مۇھەممەد نەبىنىڭمۇ بۇ خاتالىقنى سادىر قىلىشى يەنىلا ئوخشاش سەۋەبتىن بولغانىدى[6]. سۇلايمان (ئە س)نى خاتالىق سادىر قىلىشقا ئۇنىڭ مال - مۈلۈككە بولغان مۇھەببىتى سەۋەب بولغانىدى[7]. نوھ (ئە س)، ئىمان ئېيتمىغان ئوغلىنى ئاتىلىق مېھرى سەۋەبىدىن كېمىگە ئېلىۋالماقچى بولغانىدى[8]. يۇنۇس (ئە س) سەۋرچان بولمىغانلىقى ئۈچۈن قوۋمىنى تەرك قىلغانىدى[9].

دېمەك، نەبىلەرنىڭ ئىجتىھاتلىرىدا ئۇلارنىڭ كىشىلىك خاراكتېرلىرى ۋە مىجەز

---

(1) تاھا سۈرىسى، 94-ئايەت

(2) كەھف سۈرىسى، 71-78-ئايەتلەر

(3) تاھا سۈرىسى، 40-ئايەت.

(4) قەسەس سۈرىسى، 33؛ شۇئەرا سۈرىسى، 14-12-ئايەتلەر

(5) تەۋبە سۈرىسى، 114-ئايەت

(6) تەۋبە سۈرىسى، 128-ئايەت

(7) ساد سۈرىسى، 35-32-ئايەتلەر

(8) ھۇد سۈرىسى، 46-ئايەت

(9) ئەنبىيا سۈرىسى، 87-ئايەت

- خۇيلىرىنىڭ تەسىرى بولغان. نەبىلەرنىڭ ئىجتىھاتلىرىدىكى خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ مىجەز - خۇيى سەۋەبىدىن بولغان. ئەمما رەسۇلنىڭ كىشىلىك خاراكتېرنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى رەسۇل ئالغان ۋەھيىنى شۇ پېتى يەتكۈزىدۇ.

## «نەبى ئەلچى» ۋە «دىپلوماتىك ئەلچى»

نەبى بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى «دىپلومات» بىلەن «ئەلچى» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشىتىشقا بولىدۇ (دىپلوماتنى نەبىگە، ئەلچىنى رەسۇلغا، «دىپلوماتىك ئەلچىنى» بولسا «نەبى رەسۇلغا» ئوخشىتىشقا بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ بىر ئوخشىتىش ئىكەنلىكىنى، بەزى ئوخشاشلىق بولسىمۇ، ئارىسىدا ناھايىتى مۇھىم پەرقلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك)[1]. يەنى:

رەسۇل «ئەلچى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەلچى ئادەتتە «باشقا بىرسىنىڭ سۆزىنى ئېلىپ كەلگۈچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى خەۋەرنى ئەۋەتكۈچىگە قاراپ «ئەخمەتنىڭ ئەلچىسى»، «مەھمەتنىڭ ئەلچىسى»، «پادىشاھنىڭ ئەلچىسى»، «دۆلەتنىڭ ئەلچىسى» ۋە «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» شەكلىدە بولۇشى مۇمكىن. بۇ سەۋەبتىن ئەلچى كىمگە ۋەكىللىك قىلسا (كىمدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن بولسا)، ئۇنىڭغا قارىتا ئىزاھلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر دۆلەتنىڭ باشقا بىر دۆلەتتىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىلى بولغان دىپلومات، «بۈيۈك ئەلچى» دەپ ئاتىلىدۇ[2]. بۇ سەۋەبتىن دۆلەتنىڭ ئەلچىلىرى بۈيۈك ئەلچى ياكى دىپلوماتىك ئەلچى دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى دىپلوماتىك ئەلچىلەر ھەم دىپلومات، ھەم ئەلچىدۇر. بۇ مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. چۈنكى بارلىق ئەلچىلەر دىپلوماتلاردىن تاللىنىدۇ. مانا (دەل بۇنىڭغا ئوخشاش) ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىمۇ ھەم نەبى، ھەم ئەلچىدۇر (نەبى رەسۇل). بۇنىڭ باشقا شەكىلدە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. نەبى بولمىغان (كىتاب بېرىلمىگەن) بىر زات ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولالمايدۇ.

قۇرئان «رەسۇل» كەلىمىسىنى (كۆپىنچە) «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» مەنىسىدە

(1) ئاللاھ تەئالا «ئاللاھ - بەندە» مۇناسىۋىتى ئۈچۈن «خوجايىن - قۇل» مۇناسىۋىتىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ (مەسىلەن: رۇم سۈرىسى، 28 ۋە زۇمەر سۈرىسى 29-ئايەتلەرگە قاراڭ). دېمەك، قۇرئانغا ئاساسەن بۇ خىل مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ

(2) http://tr.wikipedia.org/wiki/B%C3%BCy%C3%BCkel%C3%A7

ئىشلىتىدۇ. بۇ خۇسۇس ئايەتلەرنىڭ كونتېكىستىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما بەزى ئايرىم ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن: «رەسۇل» ئىبارىسى يۈسۈف سۈرىسى 50-ئايەتتە «پادىشاھنىڭ ئەلچىسى» مەنىسىدە، نەمل سۈرىسى 35-ئايەتتە بولسا «مۇرسەلۇم» شەكلىدە ۋە خانىش بىلقىسنىڭ «ئەلچىلىرى» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان، رەسۇل ئىبارىسىنى (يالغۇز ھالدا ئەمەس) كۆپىنچە يا «ئاللاھ ۋە رەسۇلى»[1] شەكلىدە ياكى «نەبى رەسۇل»[2] ۋە ياكى «رەسۇلۇللاھ (ئاللاھنىڭ ئەلچىسى)»[3] شەكلىدە ئىشلىتىدۇ. يەنى، نەزەردە تۇتۇلغاننىڭ «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» ئىكەنلىكى بىر شەكىلدە تەكىتلىنىدۇ. چۈنكى ھەج سۈرىسى 75-ئايىتىدە «ئاللاھ پەرىشتىلەردىن ۋە ئىنسانلاردىن ئەلچىلەر تاللايدۇ» دېيىلگەندەك ئىنسان تۈردىن رەسۇللار بولۇش بىلەن بىرگە، پەرىشتىلەردىنمۇ رەسۇللار بار. تەكۋىر سۈرىسى 19-ئايەتتىكى «رەسۇل»دىن مەقسەتنىڭ جىبرىئىل ئىكەنلىكى روشەندۇر.

ئەمدى «دىپلوماتىك ئەلچى» بىلەن «نەبى ئەلچى» ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە ئوخشىماسلىق ھەققىدە توختىلايلى. دۆلەتنىڭ ئەلچىسى ئۈچۈن «دىپلوماتىك ئەلچى»، «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» ئۈچۈن «نەبى ئەلچى» دەيمىز. تېخىمۇ توغرىسى «دىپلوماتىك ئەلچى» دېگەن ۋاقتىمىزدا دۆلەتنىڭ ئەلچىسى، «نەبى ئەلچى» دېگەن ۋاقتىمىزدا بولسا ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى نەزەردە تۇتقان بولىمىز. دىپلوماتلىق ۋە نەبىلىك بىر ئۇنۋان، ئەلچىلىك بولسا ۋەزىپىدۇر. دىپلومات ئۇنۋانىنى پەقەت دۆلەت، نەبىلىك ئۇنۋانىنى بولسا پەقەت ئاللاھلا بېرىدۇ. دۆلەت دىپلومات ئۇنۋانىنى بەرگەن كىشىلەرنى، ئاللاھ بولسا نەبىلىك ئۇنۋانى بەرگەن كىشىلەرنى ئەلچى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. يەنى دۆلەتنىڭ ئەلچىلىكىنى پەقەت دىپلوماتلار، ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى پەقەت نەبىلەر ئادا قىلىدۇ.

دۆلەت ئەلچى قىلىپ تەيىنلەيدىغان كىشىلەرنى تەربىيەلەيدۇ. بۇ تەلىم - تەربىيەنىڭ نەتىجىسىدە (لاياقەتلىك بولغانلارغا) بىر دىپلوم بېرىدۇ. ئۇلار ئالغان بۇ دىپلوم بىلەن بىرلىكتە دىپلومات ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. ئاندىن كېيىن

---

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 32، 132؛ نىسا سۈرىسى، 59؛ مائىدە سۈرىسى، 92؛ ئەنفال سۈرىسى، 1،20،46؛ تاھا سۈرىسى، 90؛ نۇر سۈرىسى، 54؛ شۇئەرا سۈرىسى، 126،131،144؛ ئەھزاب سۈرىسى، 33؛ زۇخرۇف سۈرىسى، 63؛ مۇھەممەد سۈرىسى، 33؛ ھۇجۇرات سۈرىسى، 14؛ مۇجادەلە سۈرىسى، 13؛ تەغابۇن سۈرىسى، 12-ئايەت

(2) ئەئراف سۈرىسى، 157؛ تاھا سۈرىسى، 51، 54-ئايەتلەر

(3) نىسا سۈرىسى، 157،171؛ ئەئراف سۈرىسى، 158؛ تەۋبە سۈرىسى، 61،81،120؛ ئەھزاب سۈرىسى، 21،40،53؛ فەتىھ سۈرىسى، 29؛ ھۇجۇرات سۈرىسى، 3،7؛ سەف سۈرىسى، 5،6؛ مۇنافىقۇن سۈرىسى، 1،5،7؛ شەمس سۈرىسى، 13-ئايەت

دۆلەت تەرىپىدىن ئەلچى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.

ئاللاھ كىتاب بەرگەن (ۋەھىي قىلغان) كىشىلەرگە مەزكۇر كىتاب بىلەن بىرگە نەبىلىك ئۇنۋانى بېرىلگەن بولىدۇ. بۇ ئۇنۋانغا ئېرىشكەن نەبىلەر ئۆزلىرىگە بېرىلگەن كىتابنى تەبلىغ قىلىشقا (ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى ئادا قىلىشقا) مەجبۇر. يەنى، ھەم نەبى، ھەم رەسۇل بولىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن «دىپلوماتىك ئەلچى» دېگەن ۋاقتىمىزدا (باشقا بىرسىنىڭ ئەمەس)، دۆلەتنىڭ ئەلچىسى ئەقلىمىزگە كېلىدۇ، «نەبى رەسۇل» دېگەن ۋاقتىمىزدا بولسا «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» ئەقلىمىزگە كېلىدۇ. يەنى، ھەر ئىككى ئىپادىدىكى ئوخشاشلىق «ئەلچى» كەلىمىسىدۇر. ئەمما نەزەردە تۇتۇلغان ئەلچى كىمنىڭ ئەلچىسى؟ بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن «ئەلچى» كەلىمىسىنىڭ ئالدىدىكى ئېنىقلىغۇچىسىغا قارايمىز. ئەگەر ئالدىدا «دىپلومات» كەلىمىسى بولسا بۇنىڭ دۆلەتنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى، نەبى سۆزى بولسا بۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئەگەر «دىپلومات» ياكى «نەبى» ئىبارىلىرى ئىشلىتىلگەن بولسا «دۆلەتنىڭ ئەلچىسى» ياكى «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەيمىز. ئەكسىچە بولسا «ئەلچى» كەلىمىسى بىلەن كىمنىڭ ئەلچىسىنىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقىنى بىلەلمەيمىز.

بۇ سەۋەبتىن ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ ئەلچىسى (دىپلوماتىك ئەلچى) ئۈچۈن «دىپلوماتمۇ ياكى ئەلچىمۇ؟» دەپ سوراش بىمەنىلىك بولغاندەك، ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر ئۈچۈن «نەبىمۇ ياكى رەسۇلمۇ؟» دەپ سوراشمۇ بىمەنىلىك بولىدۇ. چۈنكى دۆلەتنىڭ بارلىق ئەلچىلىرى ھەم دىپلومات، ھەم ئەلچى (دىپلومات ئەلچى) بولۇپ، ئاللاھنىڭ بارلىق ئەلچىلىرىمۇ ھەم نەبى، ھەم ئەلچىلەردۇر (نەبى رەسۇل). دىپلوماتلىق (خۇددى نەبىلىككە ئوخشاش) بىر ئۇنۋان، ئەلچىلىك بولسا ۋەزىپە بولۇپ، دىپلومات ئۇنۋانىنى دۆلەت، نەبىلىك ئۇنۋانىنى بولسا ئاللاھ بېرىدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق (ۋە ئوخشىماسلىقلار) تۆۋەندىكىچە:

ئىختىيار قىلغان ھەرقانداق كىشى دىپلومات بولالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ۋە سىياسىي بىلىملەر فاكۇلتېتىغا ئوخشاش فاكۇلتېتلارنى پۈتتۈرگەن بولۇشى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئېچىلغان بارلىق كۇرس ۋە ئىمتىھانلاردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆتكەن ۋە تولۇق بولۇشى كېرەك. بۇ باسقۇچلاردىن ئۇتۇقلۇق ھالدا ئۆتكەنلەر

دىپلومغا لايىق بولىدۇ. دۆلەت ئۆلارغا دىپلوم بىلەن بىرگە «دىپلومات» ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. بۇ ئۇنۋانىنى ئالغان كىشى تاكى ئۆلگىچە (ئىزچىل) دىپلومات ئۇنۋانىغا ئىگە بولىدۇ. لېكىن پەقەت باشقا بىر دۆلەتكە ئەۋەتىلگەن ۋاقىتتا ئەلچى (دىپلوماتىك ئەلچى) بولىدۇ. ھەرقانداق دىپلوماتنىڭ ئەلچى قىلىپ تەيىنلەنگەن دۆلەتنى ياقتۇرماسلىق ۋە خىزمەت ئورنىغا بارماسلىق ھەققى يوق. تەيىنلەنگەن دۆلەت قەيەردە (ياۋروپا ياكى ئافرىقىدا) ۋە دۇچ كەلگەن شەرت - شارائىتلار قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى كېرەك. بۇنىڭغا مەجبۇر. ئەمما بىر دىپلومات (دائىم دىپلومات بولسىمۇ) پەقەت ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان ۋاقىتتا ئەلچى بولىدۇ. ئۇ خىزمەت ئورنى ياكى خىزمەت ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتتا ئەلچى ئەمەس، دىپلوماتتۇر.

دىپلومات ئەلچىلەر ۋەكىللىك قىلغان دۆلەتتىن كەلگەن خەۋەرلەرنى ئۆزى ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلىرىغا (ئۆز پېتى) يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭغا قوشۇپ قويالمايدۇ ياكى ئېلىۋېتەلمەيدۇ، بۇنداق قىلالمايدۇ. ۋىزا ئىلتىماس قىلغۇچىلارغىمۇ دۆلەت بەلگىلەپ بەرگەن تەلىماتلارغا ئاساسەن مۇئامىلە قىلىدۇ. لېكىن بۇ بەلگىلىمىلەرنى ئۆزى ئورنىتالمايدۇ ياكى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۇ پېتى ئىجرا قىلىدۇ. ۋىزىغا ئىلتىماس قىلغانلارمۇ ئەلچىنىڭ بۇ تەلىماتلىرىغا بويسۇنىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ۋىزا ئالالمايدۇ. لېكىن ۋىزا ئۈچۈن دىپلوماتىك ئەلچىلەرنىڭ ئەلچىلىك بىلەن مۇناسىۋەتسىز تەلەپلىرى ياكى خۇسۇسىي قاراشلىرىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر ئەمەس.

تېخىمۇ ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن مىسال كەلتۈرسەك، تۈركىيەنىڭ ۋىنا بۈيۈك ئەلچىسى دىپلوماتىك ئەلچىدۇر. يەنى، ھەم دىپلومات، ھەم ئەلچى. دىپلومات ئۇنىڭ ئۇنۋانى، ئەلچىلىك بولسا ئۇنىڭ ۋەزىپىسى. ئۇ، ۋىنا كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە، ئاخشىمى ئۆيىدە ئارام ئالغاندا، ھەپتە ئاخىرىدىكى ئارام ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ساياھەت قىلىۋاتقاندا، يەنى ھەر ۋاقىت دىپلومات سالاھىيىتىدە بولىدۇ. ئەمما ۋەزىپە مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن خىزمەت ئورنىدىكى ۋاقتىدا ئەلچىلىك سالاھىيىتىدە بولىدۇ. ۋىزىغا ئىلتىماس قىلغانلارنىڭ تەلەپلىرىنى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن (ئەلچى بولۇش سۈپىتى بىلەن) بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇ بۇ بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ ئىش - ھەرىكەتتە بولمايدۇ. ۋىزىغا لايىق بولغانلارغا ۋىزا بېرىدۇ، شەرتكە توشمايدىغانلارغا بەرمەيدۇ. ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلالمايدۇ. ۋىزا ئىلتىماس قىلغانلارمۇ ئەلچىنىڭ (ئەلچىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك) تەلىماتلىرىغا بويسۇنىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا

ۋىزا ئالالمايدۇ. لېكىن ئەلچىنىڭ قانچىلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر دىپلومات بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ۋىزا ئىلتىماس قىلغان كىشى ئەلچىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغان قاراش ياكى تەلەپلىرىگە رىئايە قىلىشقا مەجبۇر ئەمەس.

يۇقىرىدىكى مىسالدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك دىپلوماتىك ئەلچىلەرنىڭ ئەلچىلىك سالاھىيىتى بىلەن بىلدۈرگەن تەلىماتلىرىغا رىئايە قىلىش كېرەك، نەبى ئەلچىلەرنىڭمۇ ئەلچى سالاھىيىتى بىلەن بىلدۈرگەن تەلىماتلارغا (تەبلىغ قىلغان كىتابقا) بويسۇنۇش كېرەك. چۈنكى نەبىلىك ئاللاھ بەرگەن ئۇنۋان، ئەلچىلىك بولسا ۋەزىپىدۇر. ئەلچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىتابنى تەبلىغ قىلىشتۇر. نەبىلەرگە بېرىلگەن بۇ كىتاب بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن دىپلومدۇر. لېكىن بۇ كىتاب ئۇلارغا تەبلىغ قىلىش شەرتى بىلەن بېرىلگەن بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن بارلىق نەبىلەر ئۆزىگە بېرىلگەن كىتابنى تەبلىغ قىلىشى (ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى) كېرەك. بىزنىڭمۇ (بۇ جەننەت ۋىزىسىنى ئالالىشىمىز ئۈچۈن) ئەلچى تەبلىغ قىلغان كىتابقا ئەگىشىشىمىز زۆرۈر. ئەكسىچە بولغاندا جەننەت ۋىزىسىنى ئالالمايمىز!

دىپلوماتلارنىڭ (تەيىنلەنگەن) ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. نەبى ئەلچىلەرنىڭمۇ ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش بۇرچى بار. يەنى، ئالغان كىتابنى تەبلىغ قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. ھەرقانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىشتىن قەتئىينەزەر بۇ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. ئۇلار ھېچقاچان بۇ ۋەزىپىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدۇ. ۋەزىپىسىنى تاشلىۋەتسە جازالىنىدۇ. يۇنۇس (ئە س) قوۋمىنى (ۋەزىپىسىنى) تەرك قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالانغانىدى. بۇ سەۋەبتىن يىللارچە مەغپىرەت تىلگەن[1] ۋە ئاخىرى ئەپۇ قىلىنىپ ۋەزىپىسىگە قايتقان.

نەبى ئەلچى بىلەن دىپلوماتىك ئەلچى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئوخشاشلىققا قارىماستىن، ئارىسىدا يەنە (تەبىئىي ھالدا) ناھايىتى چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت. مەسىلەن: نەبىلىك پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا بېرىلىدىغان ئۇنۋان بولۇپ، ۋەھيىنىڭ خىتاب قىلىنغۇچىسى بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىلەن دىپلوماتىك ئەلچىلەرنى (بولۇپمۇ ۋەھيىنىڭ ئېلىنىشى ۋە تەبلىغ قىلىنىشى جەھەتتىن) سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نەبىلىك ئۇنۋانىغا ئىگە بولغۇچى چوقۇم ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئادا قىلىدۇ. يەنى،

(1) ئەنبىيا سۈرىسى، 88-87-ئايەتلەر

ئۆزگە بىرىلگەن كىتابنى چوقۇم تەبلىغ قىلىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر. چۈنكى كىتاب مانا بۇ شەرت بىلەن بېرىلگەن. ئەمما ھەر دىپلومات چوقۇم ئەلچى بولىدۇ دەيدىغان قائىدە يوق. ئەلچىلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنمىگەن دىپلوماتلارمۇ يوق ئەمەس. ھەمدە ئەلچىلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن دىپلوماتلارمۇ (دىپلوماتىك ئەلچىلەر) مۇئەييەن مۇددەتكىچە ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى (ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلانغان ياكى پېنسىيەگە چىققۇچە) ئادا قىلىدۇ. لېكىن ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى (نەبى ئەلچىلەر) ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى نەبى ئەلچىلەرنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىسى ۋەھيىنىڭ چۈشۈشى ۋە تەبلىغنىڭ تاماملىنىشىغا قەدەر (ئەڭ ئاخىرقى ئايەت نازىل بولغىچە) داۋاملىشىدۇ. بۇ ئەھۋال نەبى ئەلچىلەرنىڭ ئەلچىلىك ۋەزىپىلىرىنى (ھەر ۋاقىت بولمىسىمۇ) ۋاپات بولغىچە ئادا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، دىپلوماتىك ئەلچىلەردە بۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئاللاھ ئىنسانلار ئىچىدىن خالىغان كىشىنى ئەلچى (رەسۇل) قىلىپ تاللايدۇ[1]. بۇنىڭدا ھېچقانداق شۈبھە يوق. لېكىن تاللانغان بۇ ئەلچىلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. مەسىلەن: ھەممىسى ئەر كىشىدۇر[2]. چۈنكى ۋەھيي ئېلىش ۋە ئۇنى تەبلىغ قىلىش ناھايىتى ئېغىر ۋەزىپە[3] بولۇپ، رىسالەتنى تەبلىغ قىلغان بارلىق رەسۇللار بۇ سەۋەبتىن ھەر تۈرلۈك مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولغان[4]. بۇ ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىدۇر (سۈننەتۇللاھتۇر). بۇ سەۋەبتىن تاللانغان ئەلچىلەر ھەم (يارىتىلىش جەھەتتىن) بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە بولىدۇ، ھەم مەخسۇس تەربىيەلىنىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە مۇھەممەد (ئە س) ئۈچۈنمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭغا قۇرئان ۋەھيي قىلىنىشقا باشلىغاندا 40 ياشتا ئىدى. يەنى، ئۇ 40 يېشىدا نەبى بولدى. ئەمما ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى «مۇھەممەدۇلئەمىن» ئىدى. ناھايىتى گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى ئىدى[5]. شۇنداق بولسىمۇ مەخسۇس تەربىيەلەندى. ۋەھيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كېچە ئىبادىتى بىلەن تەييارلىق قىلغۇزۇلدى[6]. ئۇنىڭ رىسالەتتىن بۇرۇنقى مەزگىلدە

---

(1) ھەج سۈرىسى، 75؛ قەسەس سۈرىسى، 68-ئايەت

(2) نەھل سۈرىسى، 43؛ ئەنبىيا سۈرىسى، 7-ئايەت

(3) مۇززەممىل سۈرىسى، 5-ئايەت

(4) ئىسرا سۈرىسى، 77-ئايەت

(5) قەلەم سۈرىسى، 4-ئايەت

(6) مۇززەممىل سۈرىسى، 1-6-ئايەتلەر

داۋاملىق بەزى (سادىق) چۈشلەر كۆرۈشى ۋە ھېرا تېغىغا چىقىپ ئۇ يەردە زاھىت بولۇشى، بۇ تەربىيە (تەييارلىق)نىڭ بىر قىسمىمۇ؟ دېمەككى، ئۇ نەبىلىك ئۈنۋانىغا لايىق بولۇپ، ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالىغۇدەك قابىلىيەتكە ئىگە ئىدى. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، ئالاھىدە تەربىيەدىن ئۆتكەن ۋە ھەتتا (بەلكىم) ئاللاھ ئۇنى بىر تۈركۈم ئىمتىھانلار ئارقىلىق سىنىغان. نەتىجىدە بۇ ئىمتىھانلاردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئاللاھ ئۇنىڭغا قۇرئاننى ۋەھيي قىلىش ئارقىلىق نەبىلىك ئۇنۋانىغا ئىگە قىلغان. ئۇمۇ نەبىلىكىنىڭ تەقەززاسىنى ئادا قىلىپ، قۇرئاننى تەبلىغ قىلدى، نەبى رەسۇل بولدى. چۈنكى نەبى بولسىمۇ، رەسۇللۇق قىلمايدىغان (ئالغان كىتابىنى تەبلىغ قىلمايدىغان) بىرمۇ نەبى يوق. ھەم بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ نەبىلىك ئەھدىسىگە خىلاپتۇر.

مۇھەممەد (ئە س)، 40 ياش ۋاقتىدىن تارتىپ تاكى ۋاپات بولغىچە ئىزچىل ھالدا نەبى ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىگە ۋەھيي قىلىنغان قۇرئاننى تەبلىغ قىلغان ۋاقتىتا رەسۇل ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىسى ئەڭ ئاخىرقى ئايەت نازىل بولغىچە (ئەڭ ئاخىرقى ئايەتنى تەبلىغ قىلغىچە) داۋاملاشقانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، رىسالەت ۋەزىپىسى ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئاخىرلاشمىدى. چۈنكى رىسالەت (رەسۇل تەبلىغ قىلغان قۇرئان سايىسىدا) قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ.

**إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ**

«زىكىر (قۇرئان)نى بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەلۋەتتە بىز ھىمايە قىلىمىز» (ھىجىر سۈرىسى، 9-ئايەت).

**وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُ أَفَإِنْ مَاتَ أَوْ قُتِلَ انْقَلَبْتُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ وَمَنْ يَنْقَلِبْ عَلَى عَقِبَيْهِ فَلَنْ يَضُرَّ اللَّهَ شَيْئًا وَسَيَجْزِي اللَّهُ الشَّاكِرِينَ**

«مۇھەممەد پەقەت بىر ئەلچى (رەسۇل)دۇر. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ كۆپ ئەلچى (رەسۇل)لەر ئۆتكەن. ئەگەر ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، سىلەر كەينىڭلارغا (بۇرۇنقى دىنىڭلارغا) يېنىۋالامسىلەر؟ كىمكى يېنىۋالىدىكەن، ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكرى قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ» (ئالئىمران سۈرىسى، 144-ئايەت).

مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ۋە بۇ باھانە بىلەن دىنىنى تەرك قىلغانلار ھەققىدە توختالغان بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى «ئاللاھ شۈكۈر

قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ» ئىپادىسى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ ئىپادىنىڭ ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايەتلەر بىلەن (دەماللىقا) زىچ مۇناسىۋەت يوقتەك كۆرۈنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى «شاكىرنىڭ ياكى شۈكۈر قىلغۇچىلار» ئىبارىسىنى «سابىتتىن (مۇستەھكەم تۇرغۇچىلار)» دەپ شەرھلىگەن[1]. بۇ قاراشمۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىزنىڭچە بۇ ئىپادە مۇنداق مۇئامىلە قىلغانلار ئۈچۈندۇر، يەنى «مۇھەممەد (ئە س) ۋاپات بولغان، لېكىن ئۇ ئاللاھتىن ئالغان ۋە رەسۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزگە تەبلىغ قىلغان قۇرئان، تەبلىغ قىلىنغان ھالىتىدە ئۆز پېتى، يىپ - يېڭى، جانلىق ۋە تولۇق شەكىلدە بىزگە يېتىپ كەلدى (ئەلھەمدۇلىللاھ). رەسۇل تەبلىغ قىلغان قۇرئاننى ھىمايە قىلغان ۋە ئۇنى بىزگە يەتكۈزگەن ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن...» .

بۇ پوزىتسىيە ئەلۋەتتە بارلىق مۇئمىنلەر ئۈچۈنمۇ شۇنداقتۇر. بىزلەر، -ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى- رەسۇلۇللاھ تەبلىغ قىلغان ئايەتلەرنى ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردە ياشاۋاتقاندەك «ئاڭلىدۇق» . ئۇنىڭ ساھابىلىرى قانچە ئايەتنى ئاڭلىغان بولسا، بىزمۇ شۇنچىلىك ئايەتنى (كەم - كۈتىسىز) ئاڭلىدۇق. ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈرلەر بولسۇنكى، رەسۇل تەبلىغ قىلغان رىسالەت بىزگىچە شۇ پېتى يېتىپ كەلدى. يەنى نەبى مۇھەممەد ۋاپات بولدى، لېكىن رەسۇل مۇھەممەد (قۇرئاننىڭ سايىسىدە) ئارىمىزدا ياشىماقتا[2].

## نەبى - رەسۇلنىڭ پەرقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سۈرە - ئەھزاب سۈرىسى

نەبى بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەرق (ئىنتائەتتە نەبىگە ئەمەس، رەسۇلغا بويسۇنۇش) پەقەت ئەھزاب سۈرىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇغاندا مەلۇم بولىدۇ. يەنى، مەلۇم بولغىنىدەك مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ۋە نەبىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكى ئەھزاب سۈرىسىنىڭ 40-ئايىتىدە بىلدۈرۈلگەن. ئەمما بۇ سۈرە نەبىنى ئاگاھلاندۇرغان تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن باشلىنىدۇ:

**يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ اتَّقِ اللَّهَ وَلَا تُطِعِ الْكَافِرِينَ وَالْمُنَافِقِينَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا وَاتَّبِعْ مَا يُوحَى إِلَيْكَ مِنْ**

---

(1) رازى، بەيزاۋى، يازىر، ئالئىمران سۈرىسى، 144-ئايەت

(2) ئالئىمران سۈرىسى، 101-ئايەت

رَبِّكَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا

«ئى نەبى! ئاللاھتىن قورققىن، كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا بويسۇنمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، توغرا ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. سەن رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا ۋەھيي قىلىنغان (قۇرئان)غا ئەگەشكىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن بارلىق قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر» (ئەھزاب سۈرىسى، 1،2-ئايەتلەر).

سۈرىنىڭ 6-ئايىتىدە نەبىنىڭ مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئۆز جېنىدىنمۇ «مۇھىم» ئىكەنلىكى ۋە ئاياللىرىنىڭمۇ مۆئمىنلەرنىڭ (مەنىۋى) ئانىلىرى ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن:

النَّبِيُّ أَوْلَى بِالْمُؤْمِنِينَ مِنْ أَنْفُسِهِمْ وَأَزْوَاجُهُ أُمَّهَاتُهُمْ

«نەبى مۆئمىنلەرگە ئۆز جانلىرىدىنمۇ چاردۇر. (نەبىنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر» (ئەھزاب سۈرىسى، 6-ئايەت).

مەزكۇر سۈرىنىڭ 21-ئايىتىدە بولسا ئاللاھ رەسۇلىدا مۆئمىنلەر ئۈچۈن ياخشى ئۆرنەكلەرنىڭ (ئۇسۋەيى ھەسەنە) بارلىقى بىلدۈرۈلگەن:

لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا

«قەسەمكى، ئاللاھنىڭ رەسۇلىدا سىلەر ئۈچۈن، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلار، ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەر ئۈچۈن ياخشى ئۆرنەكلەر بار» (ئەھزاب سۈرىسى، 21-ئايەت).

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەردە بولسا ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. لېكىن ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان بۇ سۈرىنىڭ 28-33-ئايەتلىرىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نۇقتا بار. گەرچە ئايەتلەر «ئى نەبى» ۋە ياكى «ئى نەبىنىڭ ئاياللىرى» دەپ باشلانغان بولسىمۇ، ئايەتلەرنىڭ داۋامىدا «ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار» دېيىلىدۇ. يەنى، «ئى نەبىنىڭ ئاياللىرى!» دېگەن خىتاب بىلەن باشلانغان بۇ ئايەتلەردە «ئېرىڭلارغا ۋە ياكى نەبىگە ئىتائەت قىلىڭلار» دېيىلمەستىن، «ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار» دېيىلىدۇ (ئايەتلەرنى بۇ نۇقتىدىن ئوقۇيلى):

يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ قُلْ لِأَزْوَاجِكَ إِنْ كُنْتُنَّ تُرِدْنَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا فَتَعَالَيْنَ أُمَتِّعْكُنَّ وَأُسَرِّحْكُنَّ سَرَاحًا جَمِيلًا وَإِنْ كُنْتُنَّ تُرِدْنَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَالدَّارَ الْآخِرَةَ فَإِنَّ اللَّهَ أَعَدَّ لِلْمُحْسِنَاتِ مِنْكُنَّ أَجْرًا عَظِيمًا

«ئى نەبى! ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى: ‹ئەگەر دۇنيا ھاياتى ۋە زىبۇ -

زىننىتىنى تەمە قىلساڭلار، ئۇنداقتا كېلىڭلار، سىلەرگە تالاق نەپىقەڭلارنى بېرىپ سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي. ياق، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ۋە رەسۇلىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى كۆزلىسەڭلار، ئاللاھ ئىچىڭلاردىن ئەڭ ياخشى مۇئامىلىدە بولغۇچى ئۈچۈن كاتتا مۇكاپات تەييارلىدى» (ئەھزاب سۈرىسى، 29 ـ 28 ـ ئايەتلەر).

**يَا نِسَاءَ النَّبِيِّ مَنْ يَأْتِ مِنْكُنَّ بِفَاحِشَةٍ مُبَيِّنَةٍ يُضَاعَفْ لَهَا الْعَذَابُ ضِعْفَيْنِ وَكَانَ ذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرًا وَمَنْ يَقْنُتْ مِنْكُنَّ لِلَّهِ وَرَسُولِهِ وَتَعْمَلْ صَالِحًا نُؤْتِهَا أَجْرَهَا مَرَّتَيْنِ وَأَعْتَدْنَا لَهَا رِزْقًا كَرِيمًا**

«ئى نەبىنىڭ ئاياللىرى! ئىچىڭلاردىن كىمكى ئېنىق ھاياسىزلىق قىلسا، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئازاب قىلىنىدۇ. بۇ ئاللاھقا ناھايىتى ئاساندۇر. سىلەردىن كىمكى ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلسا ۋە ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭغا ساۋابنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىمىز. ئۇنىڭغا (جەننەتتە) ئېسىل رىزىقلار تەييارلىدۇق» (ئەھزاب سۈرىسى، 30 ـ 31 ـ ئايەتلەر).

**يَا نِسَاءَ النَّبِيِّ لَسْتُنَّ كَأَحَدٍ مِنَ النِّسَاءِ إِنِ اتَّقَيْتُنَّ فَلَا تَخْضَعْنَ بِالْقَوْلِ فَيَطْمَعَ الَّذِي فِي قَلْبِهِ مَرَضٌ وَقُلْنَ قَوْلًا مَعْرُوفًا وَقَرْنَ فِي بُيُوتِكُنَّ وَلَا تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ الْجَاهِلِيَّةِ الْأُولَى وَأَقِمْنَ الصَّلَاةَ وَآتِينَ الزَّكَاةَ وَأَطِعْنَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ إِنَّمَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيُذْهِبَ عَنْكُمُ الرِّجْسَ أَهْلَ الْبَيْتِ وَيُطَهِّرَكُمْ تَطْهِيرًا**

«ئى نەبىنىڭ ئاياللىرى! سىلەر باشقا ئاياللارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايسىلەر. ئەگەر (ئاللاھتىن) قورقساڭلار، (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) ناز بىلەن سۆز قىلماڭلار. دىلىدا نىفاق بار كىشىلەر تەمەدە بولۇپ قالىدۇ. ياخشى سۆز قىلىڭلار. ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار. جاھىلىيەت ئادىتىدىكىگە ئوخشاش ئېچىلىپ يېيىلماڭلار. ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئى ئەھلى بەيت (نەبىنىڭ ئائىلىسى)! ئاللاھ سىلەردىن گۇناھنى يىراقلاشتۇرۇشنى ۋە سىلەرنى پاك تۇتۇشنى خالايدۇ» (ئەھزاب سۈرىسى، 33 ـ 32 ـ ئايەتلەر).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن قۇرئاننىڭ نەبىگە ئەمەس، ئەكسىچە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. چۈنكى بۇ ئايەتلەردىكى نەبى ۋە رەسۇل مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ (ئايەتلەرنى بۇ نوقتىدىن) ئوقۇساق، مەسىلىنى تېخىمۇ روشەن ھالدا چۈشىنەلەيمىز. مەسىلەن:

«ئى نەبى! ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى: ... ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ۋە رەسۇلىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى كۆزلىسەڭلار، ...» (ئەھزاب سۈرىسى، 28 ـ 29 ـ ئايەتلەر).

«ئـى نەبىنىـڭ ئاياللىـرى!... سـىلەردىن كىمكـى ئاللاھقـا ۋە رەسـۇلىغا ئىتائـەت قىلسا، ياخشى ئـىش قىلسا، ئۇنىڭغا ساۋابىنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىمىـز...» (ئەھـزاب سۈرىسـى، 31 ـ 30 ـ ئايەتلـەر).

«ئـى نەبىنىـڭ ئاياللىـرى! ... نامـاز ئوقـۇڭلار، زاكات بېرىـڭلار، ئاللاھقـا ۋە رەسـۇلىغا ئىتائـەت قىلىـڭلار... » (ئەھـزاب سۈرىسـى، 33 ـ 32 ـ ئايەتلـەر).

«ئـى نەبـى!» ياكـى «ئـى نەبىنىـڭ ئاياللىـرى!» دەپ باشـلانغان بـۇ ئـۈچ ئايەتنىـڭ ھەممىسـىدە، گەرچـە خىتـاب «نەبـى» ئىبارىسـى بىلـەن باشـلانغان بولسىمۇ، ئەمما «رەسۇلغا» ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. يەنى، خىتابتىكى كەلىمە «نەبى» بولسـىمۇ، ئىتائـەت «رەسۇل»غا قارىتىلغـان بولـۇپ، خىتابتىكـى نەبـى كەلىمىسـىگە ئىما قىلىنغـان ھالـدا «ئۇنىڭغا ئىتائـەت قىلىـڭلار» ياكـى «ئېرىڭلارغا ئىتائـەت قىلىـڭلار» ۋە ياكـى «نەبىگـە ئىتائـەت قىلىـڭلار» دېيىلمەسـتىن، ئىنچىـل ھالـدا «رەسۇل»غا ئىتائـەت قىلىشقا بۇيرۇلغـان.

بـۇ سۈرىنىڭ 40 ـ ئايىتىـدە بايـان قىلىنغانـدەك نەبـى مۇھەممـەد بىلـەن رەسۇل مۇھەممـەد ئوخشـاش بىـر كىشـىدۇر. لېكـىن بۇنـداق بولۇشـىغا قارىماسـتىن ئىتائـەت قىلىشقا بۇيرۇلغان جايلاردا ھېچقاچان نەبى كەلىمىسـى ئىشلىتىلمەيدۇ. دېمەككى، نەبـى بىلـەن رەسۇل ئوتتۇرىسـىدا ناھايىتـى چوڭ ۋە مۇھىـم پـەرق بـار. بولمىسـا خىتـاب نەبـى كەلىمىسـى بىلـەن باشـلىنىپ، ئىتائـەت قىلىشقا بۇيرۇلغـان قىسىمدا (يۇقىرىدىكـى ئـۈچ ئايەتتـە) ئىتائـەت ئوبيېكتـى «رەسۇل»غا ئۆزگەرمەيتتى. چۈنكى ئاللاھنىـڭ ئايەتلىرىنـى يەتكۈزگۈچـى (ئىتائـەت قىلىشـقا تېگىشـلىك تـەرەپ) نەبـى ئەمـەس، بەلكـى رەسـۇلدۇر. بـۇ سـەۋەبتىن رەسـۇلغا (ئەلچىگـە) قارشـى چىقىشـقا بولمايـدۇ. ھەرقانـداق مۆئمـىن رەسـۇل ئېلىـپ كەلگـەن ئايەتلەرگـە (ھۆكۈملەرگـە) قارشـى چىقالمايـدۇ. ئەكسـىچە بولغانـدا رەسـۇلغا قارشـى چىققان بولـىدۇ. چۈنكـى بـۇ سۈرىنىڭ 36 ـ ئايىتىـدە مۇنـداق دېيىلگـەن:

**وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُبِينًا**

«ئالـلاھ ۋە رەسـۇلى بىـر ئىشـتا ھۆكـۈم چىقارغـان چاغـدا، ئـەر ـ ئايـال مۆئمىنلەرنىـڭ ئـۇ ئىشـتا ئىختىيارلىقى بولمايـدۇ. كىمكـى ئاللاھ ۋە رەسۇلغا قارشـى چىقسا، ھەقىقەتـەن ئوپئوچـۇق ئازغـان بولـىدۇ». (ئەھـزاب سۈرىسـى، 36 ـ ئايەت).

بـۇ سـۈرىنىڭ 40 ـ ئايىتىـدە مۇھەممـەد (ئـە س)نىـڭ ئاللاھنىـڭ رەسـۇلى ۋە

نەبىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلىدۇ:

مَا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِنْ رِجَالِكُمْ وَلَكِنْ رَسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ وَكَانَ اللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمًا

«مۇھەممەد سىلەر ئىنسانلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس. لېكىن ئۇ، ئاللاھنىڭ رەسۇلى ۋە نەبىلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر» (ئەھزاب سۈرىسى، 40 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ئۈچ خىل كىملىكى تىلغا ئېلىنغان:

**ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد.**

**رەسۇل مۇھەممەد.**

**نەبى مۇھەممەد (س ئە س).**

ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد، ئۇ تۇغۇلۇشتىن تارتىپ ۋاپات بولغىچە مەۋجۇت بولغان كىملىكدۇر. نەبىلىك بولسا قۇرئان ۋەھيي قىلىنىشقا باشلىنىشى بىلەن تەڭ (يەنى 40 يېشىدىن باشلاپ) ئۇنىڭغا بېرىلگەن ۋە ۋاپاتىغىچە بولغان مۇددەت ئىچىدە ئىگە بولغان ئۇنۋانىدۇر. رەسۇللۇق بولسا نەبىلىك ئۇنۋانىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئادا قىلغان ۋە قىلىدىغان ۋەزىپىدۇر. ئۇ ئۇخلىغاندا، غىزالانغاندا، ناماز ئوقۇغاندا، قىسقىسى ھەر ۋاقىت نەبى ئىدى. ئەمما پەقەت ئايەتلەرنى تەبلىغ قىلغاندا رەسۇل ئىدى. رەسۇل مۇھەممەدكە ئىتائەت قىلىش، تەبلىغ قىلغان مانا بۇ ئايەت سەۋەبىدىن زۆرۈردۇر. چۈنكى بۇ ئايەتلەر ئۇنىڭ شەخسى كۆز قاراشلىرى ئەمەس، بەلكى ئاللاھتىن ئالغان ۋەھيىدۇر[1].

بۇ سۈرىنىڭ 53 ـ ئايىتىدە نەبىنى بىئارام قىلغان بەزى قىلمىشلار تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ بۇ خىل قىلمىشلاردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكى بىلدۈرۈلمەكتە. ئايەتنىڭ ئاخىرىدا بولسا نەبىدىن كېيىن مۇئمىنلەرنىڭ نەبىنىڭ ئاياللىرى بىلەن توي قىلىشىنىڭ قەتئىي توغرا ئەمەسلىكى، بۇنىڭ ناھايىتى چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن:

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتَ النَّبِيِّ إِلَّا أَنْ يُؤْذَنَ لَكُمْ إِلَى طَعَامٍ غَيْرَ نَاظِرِينَ إِنَاهُ وَلَكِنْ إِذَا دُعِيتُمْ فَادْخُلُوا فَإِذَا طَعِمْتُمْ فَانْتَشِرُوا وَلَا مُسْتَأْنِسِينَ لِحَدِيثٍ إِنَّ ذَلِكُمْ كَانَ يُؤْذِي النَّبِيَّ فَيَسْتَحْيِي مِنْكُمْ وَاللَّهُ لَا يَسْتَحْيِي مِنَ الْحَقِّ وَإِذَا سَأَلْتُمُوهُنَّ مَتَاعًا فَاسْأَلُوهُنَّ مِنْ وَرَاءِ حِجَابٍ ذَلِكُمْ أَطْهَرُ لِقُلُوبِكُمْ وَقُلُوبِهِنَّ وَمَا كَانَ لَكُمْ أَنْ تُؤْذُوا رَسُولَ اللَّهِ وَلَا أَنْ تَنْكِحُوا أَزْوَاجَهُ مِنْ بَعْدِهِ أَبَدًا إِنَّ ذَلِكُمْ كَانَ عِنْدَ اللَّهِ عَظِيمًا

---

(1) نەجم سۈرىسى، 3 ـ 2 ـ ئايەتلەر

«ئى مۇئمىنلەر! سىلەر تاماققا چاقىرىلمىسىڭلار، ئۆزۈڭلار خالىغان ۋاقىتتا نەبىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقىتىڭلاردىلا كىرىڭلار، لېكىن تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار، پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرماڭلار، چۈنكى بۇ قىلمىشىڭلار نەبىنى رەنجىتىدۇ. لېكىن ئۇ (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ، ئاللاھ ھەق (نى ئېيتىش)تىن خىجىل بولمايدۇ. سىلەر نەبىنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سورىماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ. سىلەرنىڭ ئاللاھ رەسۇلىنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس، بۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە چوڭ گۇناھتۇر» (ئەھزاب سۈرىسى، 53-ئايەت).

بۇ ئايەتلەردە بەزى مۇئمىنلەرنىڭ نەبىنى بىئارام قىلىدىغان قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە ۋە ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشلاردىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەكلىكى تەكىتلەنمەكتە. ئايەتكە دىققەت بىلەن قارىساق، مەزكۇر قىلمىش سادىر بولغان ئۆي (رەسۇلنىڭ ئەمەس) نەبىنىڭ ئۆيى. يەنە ئوخشاش شەكىلدە تاماقتىن كېيىن ئۇزۇنىراق ئولتۇرۇشتىن بىئارام بولغۇچى (رەسۇل ئەمەس) نەبىدۇر. دېمەك، نەبى ئىپادىسى رىسالەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز مەسىلىلەردە (دۇنيالىق ئىشلاردا) ئىشلىتىلمەكتە. نەبىنىڭ ئاياللىرى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلگەن ئىپادە ئىزچىل ھالدا «نەبىنىڭ ئاياللىرى» شەكلىدە بولغان. ئەمما ئۇلار بىلەن باشقىلارنىڭ توي قىلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئايەتتە بولسا «ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى بىئارام قىلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى نىكاھىڭلارغا ئېلىشىڭلار قەتئىي توغرا ئەمەس» دېيىلگەن. بۇ ئالاھىدە ئەھۋال كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

قۇرئاندا ھەزرىتى مۇھەممەد تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەردە بەزىدە «نەبى»، بەزىدە «رەسۇل»، بەزىدە «مۇھەممەد»[(1)]، بەزىدە «بەندە، بەندىمىز»[(2)] ئىپادىلىرى ئىشلىتىلگەن. لېكىن خىتابلار (جۈملىدىكى مەقسەتكە ماس ھالدا) دائىم «ئى نەبى»[(3)] ياكى «ئى رەسۇل»[(4)] شەكلىدە قىلىنغان. ھېچبىر ئايەتتە

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 144؛ ئەھزاب سۈرىسى، 40؛ مۇھەممەد سۈرىسى، 1؛ فەتھ سۈرىسى، 29-ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 23؛ ئەنفال سۈرىسى، 41؛ ئىسرا سۈرىسى، 1؛ كەھف سۈرىسى، 1؛ فۇرقان سۈرىسى، 1-ئايەت

(3) ئەھزاب سۈرىسى، 1،28؛ مۇمتەھىنە سۈرىسى، 12؛ تەلاق سۈرىسى، 1؛ تەھرىم سۈرىسى، 1، 9-ئايەت

(4) مائىدە سۈرىسى، 41، 67-ئايەت

«ئى مۇھەممەد!» دەپ خىتاب قىلىنمىغان. ئاياللىرى ئۈچۈنمۇ ھېچبىر ئايەتتە «ئى رەسۇلنىڭ ئاياللىرى» دېيىلمىگەن، ئەكسىچە «ئى نەبىنىڭ ئاياللىرى» دېيىلگەن. ئەمما ئەھزاب سۈرىسى 53-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ئۇنىڭدىن كېيىن ئاياللىرى بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ» تەلىماتى رەسۇلغا قارىتىلغان ھالدا بايان قىلىنغان.

بۇ ئايەتلەردە بەزى مۇئمىنلەرنىڭ نەبىنى بىئارام قىلىدىغان قىلمىشلارنى قىلغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە ۋە بۇ قىلمىشلارنى تەرك قىلىشقا بۇيرۇلماقتا. بۇ يەردە ئەسلى خىتاب قىلىنغۇچى ئالدى بىلەن نەبى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان مۇئمىنلەردۇر. لېكىن ئايەتنىڭ بارلىق مۇئمىنلەرگە خىتاب قىلغان تەرىپىمۇ بار، ئەلۋەتتە. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا (گەرچە نەبى بىلەن بىر دەۋردە ياشىمىغان بولساقمۇ)، نەبىنىڭ شەخسىيىتىگە دەخلى قىلىدىغان ھەرقانداق سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتتىن يىراق تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ سۈرىنىڭ 56-ئايىتىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن:

إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا

«ئاللاھ ۋە پەرىشتىلىرى نەبىگە سالات قىلىدۇ (ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ). ئى مۇئمىنلەر! سىلەرمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا سەممىي بولۇڭلار» (ئەھزاب سۈرىسى، 56-ئايەت).

نەبىگە «سالات (ياردەم) ۋە سەممىيەت»[1] تەلەپ قىلىنغان بۇ ئايەتتىن كېيىن، ئاللاھنى ۋە رەسۇلنى رەنجىتكەنلەر مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇلغان:

إِنَّ الَّذِينَ يُؤْذُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ لَعَنَهُمُ اللَّهُ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَأَعَدَّ لَهُمْ عَذَابًا مُهِينًا

«ئاللاھ ۋە رەسۇلنى رەنجىتكەنلەرگە ئاللاھ، دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە لەنەت قىلدى، ئۇلار ئۈچۈن خار قىلغۇچى ئازابنى تەييارلىدى» (ئەھزاب سۈرىسى، 57-ئايەت).

بۇ ئايەتلەرگە ئاساسەن «نەبى»نى رەنجىتىش بىلەن «رەسۇل»نى رەنجىتىش ئوتتۇرىسىدا (بېرىلىدىغان جازا نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا) ناھايىتى چوڭ پەرق بار. ئەھزاب سۈرىسى 53-ئايىتىدە «نەبى»نى رەنجىتمەسلىككە

(1) نەبىگە «سالات (ياردەم قىلىش) ۋە سەممىيەت»، ئۇنىڭ بىرگە ياشىغانلار ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەڭ قىلىش، ئۇنىڭغا يار - يۆلەكتە بولۇشتۇر، بىز ئۈچۈن بولسا ئۇنىڭ دەۋاسىغا ساھىپ چىقىشتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئاللاھ ۋە پەرىشتىلىرى پەقەت نەبىگىلا ئەمەس، مۇئمىنلەرگىمۇ سالات قىلىدۇ (ئەھزاب سۈرىسى، 43-ئايەت)

بۇيرۇلغان، ئەمما نەبىنى رەنجىتكەنلەرگە قارىتا مەيلى دۇنيادا بولسۇن ۋە ياكى ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان ھەرقانداق جازا تىلغا ئېلىنمىغان. لېكىن ئەھزاب سۈرىسى 53-ئايىتىدە بولسا «رەسۇل»نى رەنجىتكەنلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھەم دۇنيادا، ھەم ئاخىرەتتە لەنەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازابنى تەييارلىغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە. ھالبۇكى، نەبى بىلەن رەسۇل ئوخشاش زاتتۇر. ئۇنداقتا نەبىنى رەنجىتىش بىلەن رەسۇلنى رەنجىتىش ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقنىڭ سەۋەبى نېمە؟

نەبىنى رەنجىتىش، نەبىنىڭ زاتى (مۇھەممەد)نىڭ رەنجىتىشتۇر. قۇرئان بۇنداق قىلماسلىقنى بۇيرۇيدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن رەسۇلنى رەنجىتكەنلەر، ئۇنىڭ زاتىنى ئەمەس، بەلكى تەبلىغ قىلىۋاتقان ئايەتلەرنى ئىنكار قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئاللاھنى رەنجىتكەن (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان) بولىدۇ. مانا نەبىنى رەنجىتكەنلەر بىلەن رەسۇلنى رەنجىتكەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى جازا پەرقى مانا بۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان. چۈنكى بۇ مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

قَدْ نَعْلَمُ إِنَّهُ لَيَحْزُنُكَ الَّذِي يَقُولُونَ فَإِنَّهُمْ لَا يُكَذِّبُونَكَ وَلَكِنَّ الظَّالِمِينَ بِآيَاتِ اللَّهِ يَجْحَدُونَ

«ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ سېنى قايغۇغا سالغانلىقىنى (رەنجىتكەنلىكىنى) بىز ئەلۋەتتە بىلىمىز. ئۇلار ئەسلىدە سېنى ئىنكار قىلمايۋاتىدۇ. لېكىن ئۇ زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ» (ئەنئام سۈرىسى، 33-ئايەت).

تۆۋەندىكى ئايەتمۇ نەبى بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرۈپ يېتىشىمىزگە ياردەمچى بولالايدۇ:

«كىمكى ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلسا، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن نەبىلەر، سىددىقلار، شېھىتلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!» (نىسا سۈرىسى، 69-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلغانلار نەبىلەر، سىددىقلار، شېھىتلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ (شېھىتلەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتە ئۆلگەنلىكى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بۇ بىرلىكتە بولۇشنىڭ جەننەتتە بولىدىغانلىقى ئېنىق). بۇ ئايەتتە نەبى ياخشى كىشىلەر (سىددىقلار، سالىھلار، شېھىتلار) كاتېگورىيەسى ئىچىدە تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئارقىلىق دېيىلمەكچى بولغان مەقسەت - سىددىقلار، شېھىتلار ۋە ياخشىلار جەننەت بىلەن

مۇكاپاتلانغانىدەك، نەبىلەرمۇ جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. يەنى، بارلىق نەبىلەر تەبىئىي ھالدا جەننەتكە كىرىدۇ. ئەمما سىددىقلار، شېھىتلار ۋە ياخشىلارغا ئىتائەت قىلىش تەلەپ قىلىنمىغانىدەك، نەبىلەرگىمۇ ئىتائەت تەلەپ قىلىنمايدۇ. رەسۇلغا ئىتائەت تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تەبلىغ قىلغۇچى رەسۇلدۇر. ھەتتا تۆۋەندىكى ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك نەبىلەرمۇ رەسۇللارغا ئىتائەت قىلىشى كېرەك:

وَإِذْ أَخَذَ اللَّهُ مِيثَاقَ النَّبِيِّينَ لَمَا آتَيْتُكُمْ مِنْ كِتَابٍ وَحِكْمَةٍ ثُمَّ جَاءَكُمْ رَسُولٌ مُصَدِّقٌ لِمَا مَعَكُمْ لَتُؤْمِنُنَّ بِهِ وَلَتَنْصُرُنَّهُ

«ئاللاھ نەبىلەردىن: ‹سىلەرگە كىتاب ۋە ھېكمەتنى بەردىم. سىلەردىكىنى تەستىق قىلغۇچى بىر رەسۇل كەلگەندە ئۇنىڭغا چوقۇم ئىمان ئېيتىسىلەر ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىسىلەر› دەپ ۋەدە ئالدى» (ئالئىمران سۈرىسى، 81-ئايەت).

بۇ ئايەتلەر بىزگە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئاللاھ تائالا ھەرقانداق كىشىگە مەيلى ئۇ پەيغەمبەر بولغان تەقدىردىمۇ شەخسكە شەرتسىز ئەگىشىشكە بۇيرۇمايدۇ. پەقەت ئايەتلىرىنى تەبلىغ قىلغان رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. يەنى، «پەقەت ئايەتلىرىمگە (قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار» دەيدۇ. دېمىسىمۇ رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن رەسۇلغا ئەگىشىشتىن باشقا چارە يوق. چۈنكى «كىمكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلسا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ» (نىسا سۈرىسى، 80-ئايەت) دېيىشىدىكى ھېكمەت مانا بۇ.

## نەبى بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشماسلىق ۋە ئوخشاشلىقلار (ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر)

بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ نەبى، بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ رەسۇل ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەم رەسۇل، ھەم نەبى (نەبى رەسۇل) ئىكەنلىكىنى، بۇ سەۋەبتىن كىتابنىڭ كىمگە بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەردە قۇرئاننىڭ بەزىدە نەبى، بەزىدە رەسۇل ئىبارىسىنى ئىشلەتكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

قۇرئاندا پەقەت كىتاب مەسىلىسىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا مەسىلىلەردىمۇ بەزىدە نەبى، بەزىدە رەسۇل ئىبارىسى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئەھۋال (دەماللىققا) نەبى بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتەك تۇيغۇ بېرىشى مۇمكىن. لېكىن قۇرئان مەنە جەھەتتىن يېقىنلىشىپ قالىدىغان ئىككى سۆزنى ئوخشاش

بىر ئايەت ئىچىدە ئىشلەتكەن ۋە بۇ ئىككى كەلىمىنى «ۋە» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىغان بولسا، ئۇنداقتا «مۇغايەرەت»[1] قائىدىسىگە ئاساسەن بۇ ئىككى سۆز ئارىسىدا ماھىيەت جەھەتتىن ھەقىقەتەن چوڭ پەرق بار دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ھەج سۈرىسى 52-ئايەتتە بۇ ئىككى سۆز بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن ۋە بىر - بىرىدىن «ۋە» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئايرىلغان.

**وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَسُولٍ وَلَا نَبِيٍّ إِلَّا إِذَا تَمَنَّى أَلْقَى الشَّيْطَانُ فِي أُمْنِيَّتِهِ فَيَنْسَخُ اللَّهُ مَا يُلْقِي الشَّيْطَانُ ثُمَّ يُحْكِمُ اللَّهُ آيَاتِهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ**

«بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن قايسىبىر رەسۇل ۋە نەبى بولمىسۇن، ئۇ بىرەر ئارزۇدا بولغان ۋاقىتتا شەيتان ئۇنىڭ تىلىكىگە (بىر ۋەسۋەسە) بېرىشكە ئۇرۇنغان. لېكىن ئاللاھ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى بەربات قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (ھەج سۈرىسى، 52-ئايەت).

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك بۇ ئايەتتە رەسۇل ۋە نەبى كەلىمىلىرى يانمۇ يان ئىشلىتىلگەن ھەمدە بىر - بىرىدىن «ۋە» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئايرىلغان. بۇ ئەھۋال مەزكۇر ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بولسىمۇ، لېكىن چوقۇم بىر پەرقنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى قۇرئاندا بۇ ئىككى سۆز بەزى مەسىلىلەردە ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلگەن، يەنى قۇرۇلمىسى ئوخشاش ئايەتلەردە بەزىدە نەبى، بەزىدە رەسۇل ئىبارىسى ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مەسىلىلەردە بۇ ئىككى كەلىمە قەتئىي ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئايەتلەردىن مىساللار بېرىپ ئۆتۈلىدۇ. لېكىن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرگە ئۆتۈشتىن بۇرۇن تېمىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزاھلاش ئۈچۈن مەنتىقە جەھەتتىن ئوخشاشلىقى ئىگە بولغان بىر مىسالنى كەلتۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن:

بىر كىشى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا پەرقلىق سالاھىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن[2]. مەسىلەن: بىر ئايال يولداش، ئانا، يەڭگە، قېيىنسىڭىل، قېيىنئاچا، ھامما، چوڭ ئانا... قاتارلىق سالاھىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. ھەتتا بۇ خاسلىقلارغا بىرلا ۋاقىتتا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. بىز بۇ خانىمنى ئېرىگە ئايال،

---

(1) كېرباشئوغلۇ (Kırbaşoğlu)، «ئىسلام چۈشەنچىسىدە سۈننەت (İslam Düşüncesinde Sünnet)»، 154-171-بەتلەر

(2) مەھمەت ئوكۇيان، «قۇرئان ۋە رىسالەت»، 79-بەت

بالىسىغا ئانا، جىيەنلىرىگە هاما، ئوغۇل بىر تۇغقانلىرىنىڭ ئاياللىرىغا يەڭگە، هەمشىرىلىرىنىڭ ئەرلىرىگە قېيىنئاچا ياكى قېيىنسىڭىل، نەۋرىلىرىگە بولسا چوڭ ئانا دەپ ئاتايمىز. بۇلارنىڭ هەممىسى پەرقلىق ئاتالغۇلار. لېكىن بۇنىڭغا قارىماستىن بىز «ئانىلار هېسسىياتچاندۇر»، «ئاياللار هېسسىياتچاندۇر»، «قىزلار هېسسىياتچاندۇر»، «هاممىلار هېسسىياتچاندۇر» دەيمىز. چۈنكى هېسسىياتچان بولۇش (بۇلارنىڭ ئەمەس) ئاياللارنىڭ ئورتاق ئالاهىدىلىكىدۇر. بۇ سەۋەبتىن بىز بۇ جۈملىلەرنى تۈزگەندە بەزىدە ئانا، بەزىدە هاما دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىشلىتىشىمىز ئانا بىلەن هامىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەكسىچە بۇ كەلىمىلەرنىڭ پەرقلىق مەنىلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزلەر ئاياللارنىڭ پەرقلىق كىملىكىنى تەكىتلەيدۇ. بىزلەر بۇ كەلىمىلەرنى (پەقەت) ئاياللارنىڭ ئورتاق ئالاهىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىگەندە ئىشلىتەلەيمىز. ئەمما بۇ سۆزلەرنىڭ هەر بىرسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرغان مەسىلىلەردە ئىشلىتەلمەيمىز. مەسىلەن: قىزلارنىڭ چېچى ئۇزۇن بولىدۇ، ئانىلارنىڭ چېچى ئۇزۇن بولىدۇ، هاممىلارنىڭ چېچى ئۇزۇن بولىدۇ، دېيەلەيمىز. چۈنكى «ئۇزۇن چاچلىق بولۇش» ئاياللارنىڭ ئورتاق ئالاهىدىلىكىدۇر. ئەمما «هاممىلار تۇغىدۇ»... دېيەلمەيمىز. چۈنكى تۇغۇت بارلىق ئاياللارنىڭ ئەمەس، پەقەت ئانىلارنىڭ خاسلىقىدۇر. بۇ سەۋەبتىن پەقەت ئانىلار ئۈچۈن «تۇغىدۇ» دېيەلەيمىز. يەنە ئوخشاش شەكىلدە ئانىلار ئۈچۈن «ئەمدۈرىدۇ» دېيەلەيمىز. چۈنكى تۇغۇش ۋە ئەمدۈرۈش پەقەت ئانىلارغا خاستۇر. (بۇ مەنتىق نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ) قۇرئاننىڭ نەبى ۋە رەسۇل كەلىمىلىرىنى ئىشلىتىش ئۇسلۇبىنىڭ بۇنىڭغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتالايمىز. يەنى، قۇرئان بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان مەسىلىلەردە بەزىدە نەبى، بەزىدە رەسۇل كەلىمىسىنى ئىشلىتىدۇ. ئەمما بۇ ئەهۋال (يۇقىرىدىكى مىسالدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك) نەبى بىلەن رەسۇلنىڭ ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى (يەنى ئوخشاش ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى) بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى قۇرئان نەبى بىلەن رەسۇل بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان نۇقتىلاردا هەرگىزمۇ بۇنداق قىلمايدۇ. يەنى، پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مەسىلىلەردە بەزىدە نەبى، بەزىدە رەسۇل ئىبارىسىنى ئىشلەتمەيدۇ. كونتېكىست قايسى ئىبارىنى تەقەززا قىلسا شۇ كەلىمىنى (نەبى بولسا نەبىنى، رەسۇل بولسا رەسۇلنى) ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن:

قۇرئان كىتابىنىڭ كىملەرگە بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەردە بەزىدە

نەبى[1]، بەزىدە رەسۇل[2] كەلىمىسىنى ئىشلىتىدۇ. يەنە ئوخشاش شەكىلدە ھەر ئۈممەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەردە ئىشلىتىلگەن ئىبارە بەزىدە نەبى[3]، بەزىدە رەسۇلدۇر[4]. قۇرئاننىڭ كىمگە ئىمان ئېيتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن كەلىمە بەزىدە نەبى[5]، بەزىدە رەسۇلدۇر[6]. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە ئىشلىتىلگەن ئىبارىمۇ بەزىدە نەبى[7]، بەزىدە رەسۇلدۇر[8]. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىش مەقسىتى (خۇشخەۋەر بېرىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكى)نى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەردە بەزىدە نەبى[9]، بەزىدە رەسۇل[10] شەكلىدە كېلىدۇ. قىسسەلىرى بايان قىلىنغان ۋە بايان قىلىنمىغان پەيغەمبەرلەر ھەققىدە توختالغاندا بەزىدە نەبى[11]، بەزىدە رەسۇل[12] شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

كىتابنىڭ بېرىلىشى، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىلىشى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشى، بۇنىڭ سەۋەبلىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى، قىسسە-لەرنىڭ بايان قىلىنىشى ياكى بايان قىلىنماسلىقىغا ئوخشاش مەسىلىلەردە بەزىدە نەبى، بەزىدە رەسۇل ئىبارىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى، نەبى بىلەن رەسۇلنىڭ ئوخشاش ئۇقۇملار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى بۇلار نەبى بىلەن رەسۇل ئارىسىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك ئەمەس، بەلكى نەبى رەسۇل بولغان زاتلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىدۇر. ھەتتا نەبى ۋە رەسۇل كەلىمىسى بۇ زاتلارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى سەھنىگە چىقىرىدۇ. بۇ خۇددى ئانا، ھامما كەلىمىلىرى ئارقىلىق ھەر بىرى ئايال بولغان بۇ كىشىلەرنىڭ باشقا جىنستىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرۈشكە ئوخشايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەسلى مەسىلە، قۇرئاننىڭ نەبى

---

(1) بەقەرە سۈرىسى، 213-ئايەت

(2) ھەدىد سۈرىسى، 25-ئايەت

(3) بەقەرە سۈرىسى، 213-ئايەت

(4) نەھل سۈرىسى، 36-ئايەت

(5) بەقەرە سۈرىسى، 177-ئايەت

(6) بەقەرە سۈرىسى، 285-ئايەت

(7) ئىسرا سۈرىسى، 55-ئايەت

(8) بەقەرە سۈرىسى، 253-ئايەت

(9) بەقەرە سۈرىسى، 213-ئايەت

(10) نىسا سۈرىسى، 165-ئايەت

(11) نىسا سۈرىسى، 163، 164-ئايەت

(12) غافىر سۈرىسى، 78-ئايەت

ۋە رەسۇل ئۇقۇملىرىنى قايسى ۋاقىتتا ئورتاق ئىشلەتكەنلىكى ئەمەس، بەلكى قايسى جەھەتلەردە ئورتاق ئىشلەتمىگەنلىكىدۇر. يەنى، بۇ ئىبارىلەر بىلەن پەيغەمبەر بولغان زاتنىڭ قايسى ئالاھىدىلىكى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇۋاتىدۇ؟ بۇ ۋاقىتتا دىققەت قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كەلىمىلەر پىرىنسىپ سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا دىققەت قىلىش لازىم. بۇنداق بولغاندا پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تەرەپلىرىنى ئوڭاي كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

قۇرئان ئىزچىل رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. يەنى، ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئايەتلەردە (بەزىدە نەبى، بەزىدە رەسۇل ئاتالغۇسى ئىشلىتىلمەستىن) دائىم رەسۇل ئاتالغۇسى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ ھېچبىرىسىدە نەبى كەلىمىسى ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەردىمۇ ئىشلىتىلگەن كەلىمە (بەزىدە نەبى، بەزىدە رەسۇل ئەمەس) ئىزچىل ھالدا «رەسۇل»دۇر. چۈنكى ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغۇچى، قارشى چىقىشقا بولمايدىغان، ئۈلگە قىلىنغۇچى ۋە ئايەتلەرنى تەبلىغ قىلغۇچى دائىم رەسۇلدۇر. قۇرئاندا تەكىتلەنگەن بۇ مەسىلە (ئىلاھى ھىمايە، ئىتائەت، ئەگىشىش، قارشى چىقماسلىق، ئۈلگە ئېلىش ۋە تەبلىغ قىلىش) تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەردە ئىشلىتىلگەن كەلىمە پىرىنسىپ جەھەتتىن «رەسۇل»دۇر. بۇ ئايەتلەرنىڭ ھېچبىرىسىدە نەبى كەلىمىسى ئىشلىتىلمىگەن. ھەزرىتى مۇھەممەد (ئە س)نىڭ خاتالىقلىرى تىلغا ئېلىنغان ۋە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئايەتلەردە ئىشلىتىلگەن ئاتالغۇ «نەبى» بولۇپ، ھېچبىرىسىدە «رەسۇل» ئاتالغۇسى قەتئىي ئىشلىتىلمىگەن. تەبلىغ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە ئىشلىتىلگەن كەلىمە دائىم «رەسۇل» بولۇپ، بىر قانچە ئايەتتە رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ پەقەت «تەبلىغ» قىلىش ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

ئىنساني ھايات ۋە ئائىلە مەسىلىلىرىنى بايان قىلغان ئايەتلەردە «نەبى» كەلىمىسى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، نەبى ئىپادىسى بۇ ۋاقىتتا ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەدنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئۆيىگە مېھمانلار كەلگەن ۋە مېھمانلارنىڭ خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە قايتىپ كەتمەي ئولتۇرغانلىقىدىن بىئارام بولغان، ئەمما بۇ بىئاراملىقنى ئۇلارغا ئېيتىشتىن خىجىل بولغۇچى نەبى مۇھەممەد[1] ئىدى. ئاياللىرى بىلەن ئارىسىدا بىر قىسىم مەسىلىلەر كۆرۈلگەن، ھەتتا ئۇلار بىلەن گەپ تالىشىپ قالغۇچىمۇ نەبى مۇھەممەد[2] ئىدى. چۈنكى بۇلار رىسالەت ۋەزىپىسى

(1) ئەھزاب سۈرىسى، 53_ئايەت

(2) تەھرىم سۈرىسى، 1_ئايەت

(رەسۇللۇق) بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئەمەس ئىدى. لېكىن «ئى نەبىنىڭ ئاياللىرى» دەپ ئاياللىرىغا خىتاب قىلىنغان ئايەتلەردە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان جايلاردا ئىشلىتىلگەن كەلىمە رەسۇل[1] ئىدى. يەنى، پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ساھە (ئوخشاش بىر ئايەت ئىچىدە بولسىمۇ) دەرھال ئايان بولىدۇ. ئۇنداقتا نەبى بىلەن رەسۇلنىڭ ئورتاق ۋە پەرقلىق تەرەپلىرىنى (قۇرئان بىلدۈرگەن ئاساستا) تۆۋەندىكى شەكىلدە كۆرسىتىلگەندەك ئىپادىلەشكە بولىدۇ:




نەبى ۋە رەسۇلنىڭ ئورتاق ۋە پەرقلىق تەرەپلىرى

دېمەك، رەسۇل بىلەن نەبى ئارىسىدا ئورتاق دەپ قارالغان ئالاھىدىلىكلەر ئەسلىدە رەسۇل بىلەن نەبى ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر ئەمەس، بەلكى نەبى رەسۇل بولغان زاتلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ خۇددى ئانا، قىز، ھامما ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت دەپ قارالغان ئورتاقلىقلارنىڭ پەقەت بۇلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئاياللارغا خاس ئالاھىدىلىك بولغىنىغا ئوخشايدۇ. ئانا، ھامما دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئاياللارنىڭ پەرقلىق سالاھىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان كەلىمىلەر بولۇپ، بىر ئايال ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ھەم ئانا، ھەم (بىرسىنىڭ) قىزى، ھەم ئايالى، ھەم ھاممىسى بولالايدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھەر بىرى (بەزى ئورتاق تەرەپلىرىنىڭ بولۇشىغا قارىماستىن) بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق كىملىكلەردۇر.

ئانا، ھامما... قاتارلىق سۆزلەر ئاياللارنىڭ پەرقلىق سالاھىيەتلىرىنى قانداق ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، نەبى ۋە رەسۇل سۆزلىرىمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ پەرقلىق سالاھىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ سۆزلەر ئورتاق ئالاھىدىلىكلەردىن زىيادە پەرقلىق تەرەپلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇملاردۇر. ئاياللار ئوخشاش بىر

(1) ئەھزاب سۈرىسى، 33 ـ 28 ـ ئايەتلەر

ۋاقىتتا ھەم ئايال، ھەم ئانا بولالايدۇ. ئەمما ئۇ ئىبرى ئۈچۈن خوتۇن، بالىسى ئۈچۈن ئانىدۇر. ئانا بولۇش ۋە بىراۋنىڭ ئايالى بولۇش ئوخشاش سالاھىيەت ئەمەس. (بۇ ئوخشىتىشنى مەنتىق جەھەتتىن ئېلىپ بېرىلغانلىقنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ھالدا) ھەم نەبى، ھەم رەسۇل بولغان پەيغەمبەرلەر كىتابنى ئاللاھتىن ئالغان ۋاقىتتا نەبى، ئالغان بۇ كىتابنى بىزگە تەبلىغ قىلغان ۋاقىتتا رەسۇل بولىدۇ. يەنى، رەسۇللۇق پەيغەمبەرلەرنىڭ بىزگە قارىتىلغان يۈزىدۇر. مانا بۇ رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىشنىڭ سەۋەبى. چۈنكى قۇرئاننى رەسۇل تەبلىغ قىلغان.

بۇ پاراگرافنى يۇقىرىدا ئىزاھلاشقا تىرىشقان بىر قانچە مەسىلە يىغىنچاقلانغان ئۆزگەندىلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇراي:

«بۇ يەردىكى ئىشلىتىلىش شەكلىدىن نەبى بىلەن رەسۇل ئارىسىدا ۋەزىپە نۇقتىسىدىن پەرق بارلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ (ھەج سۈرىسى 51-ئايەت، بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ). ئەكسىچە بولغاندا ھەر رەسۇل نەبىدۇر، ھەر نەبى رەسۇلدۇر».

«مەنبەدىن نىشانغا قاراپ كېتىۋاتقان» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان «رىسل» سۆز تومۇرىدىن تۈرلىنىپ چىققان «رەسۇل» بىلەن، «بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يۆتكىلىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «نەبە» سۆز يىلتىزىدىن تۈرلىنىپ چىققان «نەبى» ئارىسىدىكى پەرقنى مۇنداق ئىزاھلاش مۇمكىن. يەنى، رەسۇل ئاتالغۇسىدا «خەۋەر يەتكۈزگۈچى» مەنىسى ئالدىنقى ئورۇنغا چىقسا، نەبى ئاتالغۇسىدا «خەۋەر» مەنىسى ئالدىنقى ئورۇنغا چىقماقتا. ئالدىنقىسىدا خەۋەرنى يەتكۈزگۈچى تەكىتلەنگەن بولسا، كېيىنكىسىدە خەۋەرنىڭ ئۆزى تەكىتلەنمەكتە. ئۇسۇلچىلار[1]نىڭ تېرمىنولوگىيەسىدە نۇبۇۋۋەت - ۋەھىي ئالغۇچى «خەۋەرچى»، رىسالەت بولسا ئالغان ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە تەيىنلەنگەن «ئەلچى» ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ... قۇرئاندا ئومۇمەن ھەزرىتى مۇھەممەد(ئە س)نىڭ شەخسىي ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خىتابلاردا «نەبى»، ۋەزىپىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خىتابلاردا «رەسۇل» ئاتالغۇسى ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، يەنە بىر - بىرىنىڭ ئورنىغا ئىشلەتكەن ئورۇنلىرىمۇ بار.

ئايەتتىكى «ئەلەن نەبى»نى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، بىر پۈتۈن گەۋدىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا مۇنداق يەكۈنگە ئېرىشىمىز: سالات

(1) ئىلاھىيەت ئىلمىلىرى تەتقىقاتىدا قائىدە - پىرىنسىپلارنى بېكىتكۈچىلەر

(ياردەم) نۇبۇۋۋەتكە، ئىتائەت رىسالەتكە بولىدۇ[1].

يۇقىرىدىكى بۇ ئۆزۈندە بۇ تېمىنى يىغىنچاقلاپ بېرىدۇ. ھەقىقەتەن بىر پۈتۈن گەۋدىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز: قۇرئان نەبىنى ھۆرمەت قىلىشقا، رەسۇلغا بولسا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ۋەھيي ئالغان ۋە ئۇنى تەتبىقلىغۇچى نەبى، بىزگە ئۇنى تەبلىغ قىلغۇچى بولسا رەسۇلدۇر. بۇ ئەھۋالنىڭ بىز مۇئمىنلەرگە سۇنغان رېئال نەتىجىسى بولسا ئىتائەت قىلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكىدۇر. چۈنكى رەسۇلنىڭ تەبلىغ قىلغىنى (ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان) قۇرئاندۇر.

## رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرىمۇ؟ نەبىنىڭ ھەدىسلىرىمۇ؟

ھەدىس كەلىمىسىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى «سۆز» بولۇپ، ئىستېمالدىكى مەنىسى بولسا ھەزرىتى مۇھەممەد(ئە س)نىڭ سۆزلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ھالبۇكى، ھەدىس ھەزرىتى مۇھەممەد(ئە س)غا، ئەسھابىلىرىغا ۋە ھەتتا تابىئىنلارغا مەنسۇپ قىلىنغان سۆز، ئىش - ھەرىكەتلەردۇر[2]. يەنى، ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان مەرفۇ (دەرىجىسى يۇقىرى) ھەدىسلەر ئەمەس. ساھابىلەرگە (مەۋقۇف) ۋە تابىئىنگە (مەقتۇ) مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرمۇ بار. بۇ سەۋەبتىن ھەدىسلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىنى نەبىگە مەنسۇپ قىلغىلى بولمايدۇ. نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغانلارمۇ شەكسىز ھالدا نەبىنىڭ سۆزلىرى ئەمەس، نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان سۆز، ئىش - ھەرىكەتلەر بولۇپ، نەبىگە ئائىت ئىكەنلىكى مۇتلەق ئەمەس. ئەمما مۇتلەق بولغان تەقدىردىمۇ (قۇرئاننىڭ نەبىگە ئىتائەت قىلىش ياكى نەبىنى ئۆلگە قىلىش تەۋسىيەسى بولمىغانلىقتىن)، بۇلار (ئۆز ئالدىغا) مۇتلەق يوسۇندا ئىتائەت قىلىشىمىزنى تەقەززا قىلمايدۇ. شۇنداقتىمۇ قۇرئان بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ھەدىسلەرگە رىئايە قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما بۇ ھەدىسلەرگە ئەمەس، بەلكى قۇرئانغا رىئايە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇلارغا قۇرئان بىلەن بىردەك بولغانلىقى ئۈچۈن رىئايە قىلىمىز. ئەمما قۇرئانغا زىت كېلىدىغان ھەدىسلەرگە رىئايە قىلىنمايدۇ. چۈنكى قۇرئان نەبىگە ئەمەس، بەلكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش (نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرگە رىئايە قىلىش بىلەن ئەمەس)، رەسۇلنىڭ

(1) مۇستاپا ئىسلامئوغلى، «ھايات كىتابى قۇرئان»، 51/17، (13. ئىزاھات)؛ 51/22 (7. ئىزاھات)؛ 56/33 (3. ئىزاھات)

(2) ئەھمەد يۈجەل، ھەدىس ئۇسۇلى، 139 ـ 132 ـ بەتلەر

ھەقىقىي ھەدىسى بولغان قۇرئانغا ئەگىشىش ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن يالغۇز ھالدا نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلغىلى بولمايدۇ. پەقەت ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ (چىقىرىلماسلىق كېرەك). ئەمما بۇ ئەھۋال «نەبى»گە مەنسۇپ قىلىنغان ھەر ھەدىسنى رەت قىلىش كېرەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى قۇرئانغا زىت كەلمەيدىغان يۈزلىگەن، مىڭلىغان نەبى سۆزى (ھەدىسى) مەۋجۇت. بۇ ھەدىسلەرنىڭ قۇرئانغا ماس كېلىپ - كەلمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرمەستىن قوبۇل قىلىش مەسىلە پەيدا قىلغاندەك، تەكشۈرۈپ باقماستىن رەت قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى رەت قىلىنغان بۇ ھەدىس قۇرئانغا زىت كەلمەيدىغان ھۆكۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا قۇرئاننىڭ ھۆكۈمى رەت قىلىنغان بولىدۇ. يەنى، نەبىگە ئېتىراز قىلدىم دېگەن گۇمان بىلەن (تۇيماستىن) رەسۇلغا قارشى چىقىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ بارلىق ئەمەللەرنىڭ بىھۇدە بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ھۇجۇرات سۈرىسى 3-1-ئايەتلەردە ئەڭ باشتا ساھابىلەر ۋە بارلىق مۇئمىنلەر ئاگاھلاندۇرۇلماقتا (بۇ مەسىلە ھەققىدە بۇ بابنىڭ كېيىنكى قىسمىدا ئايرىم توختىلىمىز).

دېمەك، نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەر (قۇرئانغا ماس كېلىپ - كەلمەيدىغانلىقى تەكشۈرۈلمەستىن) بىراقلا قوبۇل قىلىنماسلىقى ياكى بىراقلا رەت قىلىنماسلىقى كېرەك. ئالدى بىلەن قۇرئانغا زىت بولۇپ - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقىش كېرەك. چۈنكى ياخشىدەك تۇيۇلغان بەزى ھەدىسلەر قۇرئانغا زىت بولۇشى مۇمكىن بولغاندەك، ئۇنداق تۇيۇلمايدىغان بەزى ھەدىسلەر قۇرئاننىڭ ھۆكمىنى ئىزاھلىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ سەۋەبتىن ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىلىشى لازىم. ئەمما قۇرئانغا زىت ئىكەنلىكى روشەن بولغان ھەدىسلەرنى رەت قىلىشتا ئىككىلەنمەسلىك كېرەك. يەنى، ھېچبىر سۆزنى رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بولغان قۇرئاندىن ئۈستۈن تۇتماسلىق كېرەك.

قۇرئان ئاللاھتىن كەلگەن كىتابتۇر[1]. يەنى، ئاللاھنىڭ كالامىدۇر[2]. بۇنىڭدا ھېچقانداق شۈبھە يوق. لېكىن قۇرئان رەسۇلنىڭ بايانى بولۇپ، ئاللاھ رەسۇل مۇھەممەدكە ئايەتلىرىنى ۋەھىي قىلغان (قەلبىگە سالغان)[3]، رەسۇل ئۆزىگە

(1) ھۇد سۈرىسى، 14؛ تاھا سۈرىسى، 4؛ ياسىن سۈرىسى، 6،5؛ زۇمەر سۈرىسى، 1؛ غافىر سۈرىسى، 2؛ فۇسسىلەت سۈرىسى، 2؛ ئەھقاف سۈرىسى، 21؛ ۋاقىئە سۈرىسى، 80؛ ھاققە سۈرىسى، 43-ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 75؛ تەۋبە سۈرىسى، 6-ئايەت

(3) بەقەرە سۈرىسى، 97؛ شۇئەرا سۈرىسى، 194-ئايەت

ۋەھيي قىلىنغان بۇ ئايەتلەرنى ئىنسانلارغا بايان (تەبلىغ)[1] قىلغان. ئىنسانىيەت ئالەمى بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ئېغىزىدىن (ئۇنىڭ بايانى، يەنى ھەدىسلىرى سۈپىتىدە) ئاڭلىدى. رەسۇلنىڭ بايانى بولماستىن بىزگە يېتىپ كەلگەن ھېچقانداق بىر ئايەت (ئاللاھنىڭ كالامى) مەۋجۇت ئەمەس. قىسقىسى، ئاللاھنىڭ كالامى بولغان قۇرئان ئىنسانىيەت دۇنياسىغا رەسۇلنىڭ بايانى بىلەن (ئۇنىڭ ئېغىزىدىن) يېتىپ كەلگەن. رەسۇل ئۇنى ئاللاھتىن ئېلىپ بىزگە بايان قىلىپ بەرگەن.

دېمەك، قۇرئان (نەبىنىڭ ئەمەس) رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرىدۇر. «ھەقىقىي سەھىھ (ئىشەنچلىك) ھەدىسلەر، ئەڭ ياخشى ھەدىسلەر» رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ۋەھيىنى ئاساس قىلغان ھەدىسلىرىدۇر (ئايەتلەر). ئايەتلەر ئۈچۈن بۇنداق ئېنىقلىما بېرىش، يەنى قۇرئان ئۈچۈن «ھەدىس، ئەڭ ياخشى ھەدىس» ئىپادىسىنى ئىشلىتىش، بىز بەرگەن ئېنىقلىما ياكى بىز ئوتتۇرىغا قويغان ئىزاھات ئەمەس، بەلكى بۇ، قۇرئان بەرگەن ئېنىقلىمىدۇر.

**اللَّهُ نَزَّلَ أَحْسَنَ الْحَدِيثِ كِتَابًا مُتَشَابِهًا مَثَانِيَ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمْ وَقُلُوبُهُمْ إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ ذَلِكَ هُدَى اللَّهِ يَهْدِي بِهِ مَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُضْلِلِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ**

«ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى (ئەڭ ياخشى ھەدىس)نى بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدىغان كىتاب قىلىپ نازىل قىلدى. رەببىدىن تەپ تارتىدىغان كىشىلەر ئۇنى (ئوقۇغاندا) بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يەنە ئاللاھنى ياد قىلىش ئارقىلىق ئارام تاپىدۇ. (ھىدايەت) تىلىگەن كىشىنى ئاللاھ مانا بۇ كىتاب بىلەن ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ، كىمنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە يول قويسا، ئۇنىڭغا ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ» (زۇمەر سۈرىسى، 23 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان سۆزلەرگە (كىلاسسىك ھەدىسلەرگە) ئەگىشىش ئەمەس، ئەكسىچە رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بولغان قۇرئانغا ئەگىشىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى قۇرئان رەسۇلنىڭ سۆزلىرى (ھەدىسلىرى)دۇر.

«شۈبھىسىزكى، ئۇ (قۇرئان) ئىززەتلىك رەسۇلنىڭ سۆزىدۇر. ئۇ شائىرنىڭ سۆزى ئەمەس. سىلەر ئاز ئىشىنىسىلەر. ئۇ كاھىننىڭ سۆزى ئەمەس، نېمە

(1) مائىدە سۈرىسى، 92؛ نەھل سۈرىسى، 35، 44، 64 ـ ئايەتلەر

دېگەن ئاز تەپەككۇر قىلىسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر» (ھاققە سۈرىسى، 40 ـ 43 ـ ئايەتلەر).

دېمەك، قۇرئان ھۆرمەتلىك رەسۇلنىڭ سۆزىدۇر[1]. بۇ يەردىكى رەسۇل، ھەم رەسۇلۇللاھنى، ھەم جىبرىئىل (ئە س)نى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكى ئېنىق[2]. ئەمما بۇ ئايەتلەردە «رەسۇلنىڭ سۆزى» دېيىش ئارقىلىق رەسۇلغا مەنسۇپ قىلىنغان. چۈنكى ئۇنى ئىنسانلارغا رەسۇل ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئىنسانىيەت ئالەمى قۇرئاننى باشتىن تارتىپ ئاخىرىغىچە رەسۇلنىڭ ئېغىزىدىن (ئۇنىڭ ھەدىسى سۈپىتىدە) ئاڭلىغان. بۇ سەۋەبتىن قۇرئاننىڭ «ئاللاھنىڭ كالامى، رەسۇلنىڭ بايانى» ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق. بۇ ھەقتە ھېچقانداق گۇمانىمىز يوق.

يىغىنچاقلاشقا توغرا كەلسە، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ:

1. رەسۇل مۇھەممەدنىڭ بايانى (يەنى، رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى) ئىكەنلىكى
2. بۇلارنىڭ ۋەھيىنى ئاساس قىلغانلىقى (ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكى)
3. ھەممىسىنىڭ ئىلاھى ھىمايە ئاستىدا ئىكەنلىكى روشەندۇر.

دېمەك، نەبىنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرىنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك. بۇ مەقسەتتە بىز بۇ كىتابىمىزدا «رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى» ۋە «نەبىنىڭ ھەدىسلىرى» دەپ ئىككى پەرقلىق ئۇقۇمنى ئىشلىتىۋاتىمىز. «**رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى**»، رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ۋەھيىنى ئاساس قىلغانلىقى ئېنىق بولغان سۆزلىرى (قۇرئاننى)؛ «***نەبىنىڭ ھەدىسلىرى***» بولسا ئۇنىڭ قۇرئان سىرتىدىكى سۆزلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. «***نەبىنىڭ ھەدىسلىرى***» ئۈچۈن «***نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان سۆزلەر (ھەدىسلەر)***»، «***كىلاسسىك ھەدىسلەر***» ۋە ياكى قىسقىچە «**ھەدىس**» ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەتتۇق. لېكىن كىلاسسىك ھەدىسلەر ئۈچۈن «**رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى**» ئاتالغۇسىنى قەتئىي ئىشلەتمىدۇق. بۇ سەۋەبتىن بۇ ئۇقۇملارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

(1) بۇ ئايەتتىكى رەسۇل، رەسۇلۇللاھ ياكى جىبرىئىل (ئە س) بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە مۇھىم بولغان مەسىلە ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىدە شۈبھە بولمىغان قۇرئان ئۈچۈن «رەسۇلنىڭ سۆزلىرى» ئىپادىسىنىڭ ئىشلىتىلىشىدۇر. يەنى، قۇرئاننىڭ ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىزافە قىلىنىشى بولۇپ، قۇرئان ئۈچۈن «رەسۇلنىڭ سۆزلىرى (ھەدىسلىرى)» دەپ ئېنىقلىما بېرىش پەقەت زۇمەر سۈرىسى 23 ۋە نەجم سۈرىسى 2، 3 ـ ئايەتلىرىگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى بۇ ئايەت ئۈچۈن توغرىدۇر، ھەتتا شەرتتۇر. چۈنكى تەكۋىر سۈرىسى 19 ـ ئايىتىدىمۇ ئوخشاش شەكىلدە قۇرئان ئۈچۈن ھۆرمەتلىك ئەلچىنىڭ سۆزى» دېيىلىدۇ

(2) ھاققە سۈرىسى، 43 ـ ئايەت

ئۇنداقتا قۇرئان ئۈچۈن «رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ھەدىسلىرى» دېيىش، تېخىمۇ توغرىسى بۇنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. بۇ ئارقىلىق ھەم رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ پەقەت رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بولغان قۇرئانغا رىئايە قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئاڭقىرىمىز، ھەم بۇنىڭ ئەسلىدە ئاللاھقا قىلىنغان ئىتائەت ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىمىز. چۈنكى ئاللاھقا بولغان ئىتائەت ئۈچۈن رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرىگە (قۇرئانغا) رىئايە قىلىش شەرت. رەسۇل بۇ ھەدىسلەرنى ئۆز مەيلى بىلەن ئېيتقان ئەمەس.




مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمْ وَمَا غَوَى وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى

«ئۇ (رەسۇل) ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئۆزىگە قىلىنغان ۋەھيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» (نەجم سۈرىسى، 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر).

رەسۇل، ۋەھيىنى ئاساس قىلغان بۇ سۆزلەرنى ئاللاھتىن ئالغان پېتى (ھېچقانداق نەرسىنى قوشۇپ قويماستىن) كىشىلەرگە يەتكۈزگەن. ئەگەر ئۇ بۇ سۆزلەرگە ئۆزلۈكىدىن بەزى نەرسىنى قوشۇپ قويغان بولسا ئىدى، ئاللاھ ئۇنىڭ جان تومۇرىنى ئۈزۈپ تاشلايتتى ۋە جېنىنى ئالاتتى:

وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ الْأَقَاوِيلِ لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِالْيَمِينِ ثُمَّ لَقَطَعْنَا مِنْهُ الْوَتِينَ فَمَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ عَنْهُ حَاجِزِينَ

«ئەگەر ئۇ (رەسۇل) بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بوينىدىن تۇتاتتۇق، ئاندىن جان تومۇرىنى ئۈزۈۋېتەتتۇق. سىلەردىن ھېچبىر كىشى ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى» (ھاققە سۈرىسى، 44-47-ئايەتلەر).

بۇ ئەھۋالدا بىر سۆز (ھەدىس)نىڭ دىنى مەسىلىدە ھۆكۈم كۈچىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن بۇ سۆز (ھەدىس)نىڭ چوقۇم رەسۇل مۇھەممەد تەرىپىدىن بايان قىلىنغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى دىنىنىڭ مۇتلەق ساھىبى ئاللاھتۇر ۋە ئاللاھ پۈتۈن تەلىماتلىرىنى بىزگە رەسۇل مۇھەممەد (ئە س) ئارقىلىق يەتكۈزگەن. بۇ سەۋەبتىن رەسۇل مۇھەممەدنىڭ بايانى بولماستىن (ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقماستىن) بىزگە ئاللاھنىڭ ھېچبىر بۇيرۇقى يېتىپ كەلمىگەن (كېلەلمەيدۇ). قۇرئان مانا بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىردىنبىر سۆز (ھەدىس) تۇر. بۇ سەۋەبتىن مۇئمىنلەر ئۈچۈن شەرتسىز ئىتائەت مەنبەسىدۇر. قۇرئاندىن باشقا بۇ خاسلىقلارغا ئىگە (ئاللاھنىڭ كالامى، رەسۇلنىڭ بايانى) بولغان ھېچقانداق سۆز يوق. باشقىچە ئىپادىلىسەك، مۇئمىنلەر ئۈچۈن رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بولغان قۇرئاندىن باشقا (مۇتلەق) رىئايە قىلىدىغان ھېچقانداق سۆز يوق. ئۇنداقتا قۇرئانغا رىئايە قىلىش مۇتلەق شەرت. چۈنكى رەسۇلغا ئىتائەتنىڭ (ۋە بۇ ئارقىلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ) باشقا يولى يوق. بۇ ئەھۋال قۇرئاندىن باشقا شەرتسىز ئىتائەتنى تەقەززا قىلىدىغان سۆزنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇھەممەد (ئە س)نىڭ سۆزلىرىنى:

1) رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى (قۇرئان)

2) نەبىنىڭ ھەدىسلىرى (ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەر)

3) ئۇلۇل ئەمر مۇھەممەدنىڭ تەلىماتلىرى دەپ تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

ئالدىنقى بەتتىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ھەدىسلىرى قۇرئاندۇر ۋە قۇرئان جىمى مۇئمىنلەر ئۈچۈن مۇتلەق ئىتائەت

قىلىنىدىغان مەنبەدۇر. كىلاسسىك ھەدىسلەر بولسا نەبى مۇھەممەدكە مەنسۇپ قىلىنغان سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلەردۇر. بۇلارنىڭ نەبىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىمۇ مۇتلەق ئەمەس. لېكىن شۈبھىسىز مەنسۇپ بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ھەدىسلەر ئۇنىڭ ئىنسانىي (فىترى) ئىختىيارلىقى بىلەن بىرگە، تارىخى ۋە جۇغراپىيەلىك شارائىت سەۋەبىدىن قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇلار مۇئمىنلەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك زامان ۋە ماكاندىن ھالقىغان سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئەمەس. ئۇلۇل ئەمىر (رەئىس، مەسئۇل كىشى) سالاھىيتى بىلەن بەرگەن بۇيرۇقلار ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى مۇئمىنلەر ئۈچۈن كۈچكە ئىگە. چۈنكى قۇرئان ئۇلۇل ئەمرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان. لېكىن بۇلار ئايەتلەرگە ئوخشاش ئۆزگەرمەس پرىنسىپلار ئەمەس. بىر قىسمى كېيىنكى ئۇلۇل ئەمرلەر تەرىپىدىن قۇرئان يول قويغان دائىرە ئىچىدە ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ (بۇ ھەقتە كەڭ دائىرىدە ئىزاھات بېرىلىدۇ).

يىغىنچاقلىساق:

دىن ھەققىدە مۇئمىنلەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك سۆزلەرنىڭ ھەممىسى رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ئېغىزىدىن چىققان.

بۇ، دىن ھەققىدىكى بىر سۆزنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن «يېتەرلىك ۋە زۆرۈر» شەرتتۇر.

يەنى، رەسۇلنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بارلىق سۆزلەر (رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى) مۇئمىنلەر ئۈچۈن كۈچكە ئىگە.

ئەمما رەسۇلنىڭ ئېغىزىدىن چىقمىغان ھەرقانداق بىر سۆز مۇئمىنلەر ئۈچۈن شەرتسىز ئىتائەتنى تەقەززا قىلمايدۇ.

رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ھەدىسلىرى ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شۈبھە بولمىغان سۆز قۇرئاندۇر.

قۇرئان بىز مۇئمىنلەر ئۈچۈن مۇتلەق ئىتائەتنىڭ مەنبەسىدۇر.

لېكىن كىلاسسىك ھەدىسلەر رەسۇل مۇھەممەدنىڭ سۆزلىرى ئەمەس، بەلكى نەبى مۇھەممەدكە مەنسۇپ قىلىنغان سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەردۇر.

بۇلارنىڭ ئىچىدە نەبىگە مەنسۇپ بولمىغان سۆزلەر (توقۇلما ھەدىسلەر)مۇ بار.

ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ، قۇرئاننىڭ نەبىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىش

بۇيرۇقى يوق.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قۇرئانغا زىت كەلمەيدىغان سۆزلەرگە رىئايە قىلىشقا بولىدۇ.

ئەمما بۇ قۇرئانغا ئەگىشىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

نەبى بۇ سۆزلەر (كىلاسسىك ھەدىسلەر)نىڭ بىر قىسمىنى ئۇلۇل ـ ئەمر سۈپىتىدە قىلغان.

ئۇلۇل ئەمر سۈپىتىدە قىلغان سۆزلىرىگە ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان مۇئمىنلەر رىئايە قىلىشى كېرەك.

لېكىن بۇلار ئايەتلەرگە ئوخشاش ئۆزگەرمەس ئەمەس.

كېيىنكى ئۇلۇل ئەمرلەر بۇلارنى (قۇرئان دائىرىسى ئىچىدە) ئۆزگەرتەلەيدۇ.

## كونتېكستتە «ھەدىس» ئىبارىسى بولغان بەزى ئايەتلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە

بۇ پاراگرافتا ئەسلى تېكستىدە «ھەدىس» سۆزى تىلغا ئېلىنغان ئۈچ مۇھىم ئايەت گۇرۇپپىسى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز. بۇ ئارقىلىق قۇرئاننىڭ بۇ كەلىمىگە بەرگەن مەنىسى ئاساسىدا كىلاسسىك ھەدىس چۈشەنچىسىگە بولغان پوزىتسىيەمىز بەلگىلەشكە تىرىشىمىز. مۇلاھىزىلىرىمىزنى تۆۋەندىكى ئايەتلەر بىلەن باشلايلى:

**اللَّهُ نَزَّلَ أَحْسَنَ الْحَدِيثِ كِتَابًا مُتَشَابِهًا مَثَانِيَ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمْ وَقُلُوبُهُمْ إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ ذَلِكَ هُدَى اللَّهِ يَهْدِي بِهِ مَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُضْلِلِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ**

«ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى (ئەڭ ياخشى ھەدىس)نى بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدىغان كىتاب قىلىپ نازىل قىلدى. رەببىدىن ھايا قىلىدىغان كىشىلەر ئۇنى (ئوقۇغاندا) بەدەنلىرى تىترەيدۇ، ئاندىن بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يەنە ئاللاھنى ياد قىلىش ئارقىلىق ئارام تاپىدۇ. (ھىدايەت) تىلىگەن كىشىنى ئاللاھ مانا بۇ كىتاب بىلەن ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ، كىمنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە يول قويسا، ئۇنىڭغا ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ» (زۇمەر سۈرىسى، 23 ـ ئايەت).

**لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِأُولِي الْأَلْبَابِ مَا كَانَ حَدِيثًا يُفْتَرَى وَلَكِنْ تَصْدِيقَ الَّذِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ**

**كُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ**

«ئۇلارنىڭ قىسسەلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەتلەر بار. (بۇ قۇرئان) توقۇلغان ھەدىس ئەمەس. لېكىن ئۇ ئىمان ئېيتقۇچىلار ئۈچۈن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى كىتاب)لەرنى تەستىق قىلغۇچى، ھەممە نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلغۇچى، ھىدايەت ۋە رەھمەت قىلغۇچى (كىتابتۇر)» (يۇسۇف سۈرىسى، 111-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك قۇرئان ئۆزىنى «ھەدىس» ئىبارىسى بىلەن تونۇشتۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئايەتلەر «قۇرئاننىڭ توقۇلما ھەدىس ئەمەسلىكىنى»، ئەكسىچە «ئەڭ ياخشى ھەدىسلەر (ئەھسەنەل ھەدىس)» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىپادىلەر ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. لېكىن ئىچىدە «ھەدىس» ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان تۆۋەندىكى ئايەت كىشىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ بەك جەلپ قىلىدۇ:

**وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْتَرِي لَهْوَ الْحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًا أُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُهِينٌ وَإِذَا تُتْلَى عَلَيْهِ آيَاتُنَا وَلَّى مُسْتَكْبِرًا كَأَنْ لَمْ يَسْمَعْهَا كَأَنَّ فِي أُذُنَيْهِ وَقْرًا فَبَشِّرْهُ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ**

«بەزى كىشىلەر ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن نادانلارچە بىھۇدە سۆزلەرگە (لەھۋەل ھەدىس) چىڭ ئېسىلىۋالىدۇ ۋە ئۇنى (ئاللاھنىڭ يولىنى) مەسخىرە قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ئۈچۈن خور قىلغۇچى ئازاب بار. بۇنداق كىشىلەرگە ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلگەن ۋاقىتتا گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بارلىقىنى يەتكۈزگىن» (لوقمان سۈرىسى، 7-6-ئايەتلەر).

«ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئۇنى ساڭا لايىق رەۋىشتە ئوقۇپ بېرىمىز. ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى ھەدىسكە (سۆزگە) ئىشىنىدۇ؟ ئۇ يالغانچى گۇناھكارلارنىڭ ھالىغا ۋاي! (ئۇلار) ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك تەكەببۇرلۇق قىلىپ چىڭ تۇرىدۇ (خاتالىقىدا ئەزۋەيلەيدۇ). ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلار ئايەتلىرىمىزدىن بىرەر نەرسىنى ئاڭلىغان چاغدا ئۇنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئەنە شۇلار خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ» (جاسىيە سۈرىسى، 9-6-ئايەتلەر).

**فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَهُ يُؤْمِنُونَ**

«ئۇلار بۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) كېيىن قايسى ھەدىس (سۆز)كە ئىشىنىدۇ؟» (مۇرسەلات سۈرىسى، 50 ـ ئايەت).

يۇقىرىدا كۆرۈلگەندەك ئىچىدە «لەھۋەل ھەدىس» ۋە «ھەدىس» ئىبارىلىرى تىلغا ئېلىنغان بۇ ئايەتلەرنىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنى ئوخشاش بولۇپ، «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە قارشى بەزى سۆزلەرگە چىڭ ئېسىلىۋالغانلار»غا قارىتىلغان خىتابلاردۇر. بۇ سۆز (ھەدىس)لەرگە چىڭ ئېسىلىۋالغانلار:

1) كىشىلەرنى بۇ سۆزلەر ئارقىلىق ئاللاھنىڭ يولى (كىتابى)دىن توسىدۇ.

2) ئاللاھنىڭ يولى (ئايەتلىرى)نى كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدۇ (بۇنداق قىلغۇچىلار قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلغان).

3) ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىلگەن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى خۇددى ئاڭلىمىغاندەك تەكەببۇرلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدۇ (ئەلەملىك ئازاب بىلەن قورقۇتۇلغان).

4) ئوقۇلغان بۇ ئايەتلەرگە ئەمەس، «چىڭ ئېسىلىۋالغان بۇ سۆزلەرگە» ئېتىبار قىلىدۇ.

ئايەتتىكى «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن كېيىن قايسى سۆز (ھەدىس) كە ئىشىنىدۇ؟» ئۇرغۇسى، ئايەتلەرگە پەرۋا قىلماستىن (ئايەتلەردىن باشقا) ئىشەنگەن سۆزلەرنى ئىما قىلىدۇ. دېمەك، ئايەتلەرگە زىت كېلىدىغان بەزى سۆزلەر ۋە بۇ سۆزلەرگە ئىشەنگەن كىشىلەر بار. ئۇنداقتا بۇ سۆزلەر ئايەتلەر تىلغا ئالغان مەسىلىلەر ھەققىدە بولۇپ، لېكىن ئايەتلەرگە زىت كېلىدىغان سۆزلەردۇر. ئەكسىچە بولغاندا ئۇ «ئايەتلەرگە پەرۋا قىلماستىن ئىمان ئېيتىلغان سۆز» ئەمەس، بەلكى ئايەت بىلدۈرگەننى تەكرارلىغان سۆز بولىدۇ. بۇنداق (يەنى ئايەتكە زىت) سۆزنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق.

دېمەك، بۇ سۆزلەر دىن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى ئۇ ئايەتلەر نۇقتىلىق ھالدا توختالغان مەسىلىلەر بولۇپ، بۇ ئايەتلەرگە زىت كېلىشى ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇشى (ئايەتلەر بىلەن ئوخشاش مەسىلە ھەققىدە توختالغان بولۇشى) كېرەك. ئۇنداقتا بۇ سۆزلەر بەزى تەپسىرلەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەندەك «ھېكايە ۋە مەسەل» ئەمەس. قۇرئاندىكى مەسەللەرگە زىت كېلىدىغان مەسەللەر (ھېكايىلەر) ئەلۋەتتە بۇ دائىرىگە كىرىدۇ. لېكىن بولمىسا بولمايدىغان شەرت بۇ سۆزلەرنىڭ ئايەتلەرگە زىت بولۇشىدۇر. ئايەتلەرگە زىت بولۇشى ئۈچۈن بۇ ئايەتلەردىكى ئوخشاش مەسىلىلەر ھەققىدە بولۇشى كېرەك.

يەنى، «بۇ سۆزلەرنىڭ قۇرئانغا زىچ بولۇشى شەرت ئەمەس. مۇزىكا ۋە كۆڭۈل ئېچىشقا ئوخشاش چاقچاق سۆزلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ، ئايەتلەر بۇ مەسىلە ھەققىدە» دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئايەتتىكى «ئەمدى ئۇلار ئاللاھتىن ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىدىن كېيىن قايسى سۆز (ھەدىس)كە ئىشىنىدۇ؟» ئىپادىسى بۇ خىل ئىزاھاتنى رەت قىلىدۇ. ئايەت، ئايەتلەرگە پەرۋا قىلماستىن ئىمان ئېيتىلغان، ئايەتكە زىت (يالغان) سۆزلەر ھەققىدە بولۇپ، ئايەتنىڭ داۋامىدىكى «ئۇ يالغانچى گۇناھكارلارنىڭ ھالىغا ۋاي!...» ئىپادىسى بۇ ھەقىقەتنى (ئاساسسىز ھەدىسلەرنى توقۇغان يالغانچىلارنى ياكى ئايەتلەرنى نەزەرگە ئالمايدىغانلارنى ۋە ياكى ئىنكار قىلغانلارنى) ئىما قىلىۋاتىدۇ[1].

ئۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەرگە قارىماستىن ئېتىبار قىلىنغان بۇ سۆزلەرنىڭ دىنى جەھەتتىن نوپۇزلۇق كىشى ياكى ئورگانلارغا مەنسۇپ قىلىنغان بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇلارغا ئېتىبار قىلىنمايدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ كىتابى ئاساسى يوق (بىغەيرى-ئىلمىن). ئەمما ئادەم بالىسى كىتابتىن بولمىغان نەرسىلەرنى گويا كىتابتا باردەك قىلىپ باشقىلارغا تەقدىم قىلالايدىغان (ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان)[2]، ھەتتا ئاللاھ ھارام قىلغان قەبىھ ئىشلارنىمۇ «ئاللاھ مېنى (بىزگە) مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى، مەن بۇ سەۋەبتىن مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن»[3] دېيەلەيدىغان مەخلۇقتۇر. يەنى، كىتاب ھارام قىلغان بىر

(1) مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرسى «ئايەتلەرنى يالغانغا چىقىرىش»نىڭ پەقەت بىز بىلىدىغان مەنىدىكى ئىنكار قىلىشتىنلا ئىبارەت ئەمەسلىكى، ئايەتلەرنى يالغانغا چىقىرىش ئۈچۈن «مەن بۇ ئايەتلەرگە ئىشەنمەيمەن» دېيىشنىڭ شەرت ئەمەسلىكى، ئىنكار قىلىشنىڭ باشقا شەكىللىرىنىڭمۇ بارلىقىدۇر. مەسىلەن: تىل بىلەن ئىقرار قىلىشقا قارىماستىن ئىمانىنىڭ قەلبكە يەرلەشمەسلىكى، چىن دىلدىن تەستىق قىلماسلىق (ھۇجۇرات سۈرىسى، 14-ئايەت)؛ قۇرئانىنىڭ بارلىق ئايەتلىرىگە شەرتسىز تەسلىم بولماسلىق، بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، بىر قىسمىغا ئىشەنمەسلىك (بەقەرە سۈرىسى، 85-ئايەت)؛ كىتابتىن بىر قىسمىنى (كىتابنى) يوشۇرۇش (بەقەرە سۈرىسى، 174؛ ئالئىمران سۈرىسى، 187-ئايەت)؛ قۇرئانغا ئاساسلانماستىن ھۆكۈم چىقىرىش، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك (مائىدە سۈرىسى، 44 - ئايەت)؛ ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىپ تۇرۇپ، دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەت ھاياتىغا تېگىشىش (ئىبراھىم سۈرىسى، 2، 3-ئايەتلەر)؛ ئايەتلەر ھەققىدە مۇنازىرە قىلىش (دەتالاش قىلىش) (غافىر سۈرىسى، 4-ئايەت)؛ ئايەتلەرنى ھۆكۈمسىز قىلىش ئۈچۈن مۇنازىرە قىلىش (ھەج سۈرىسى، 51-ئايەت)؛ ئايەتلەرگە پەرۋا قىلماستىن، ئايەتلەرگە زىت سۆزلەرگە ئېتىبار قىلىش (لوقمان سۈرىسى، 6،7؛ جاسىيە سۈرىسى، 6-9-ئايەتلەر)؛ قۇرئان ئوقۇلغاندا قەلبى تىترىمەسلىك، قۇرئان تەسىر قىلماسلىق (ھەدىد سۈرىسى، 16-ئايەت)؛ ئوقۇلغان، ئەسلىتىلگەن ئايەتلەرگە پەرۋا قىلماستىن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش (سەجدە سۈرىسى، 22 - ئايەت)؛ قۇرئان ئايەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلماسلىق، يۈرىكى قېتىپ كېتىش (مۇھەممەد سۈرىسى، 24 - ئايەت)؛ ئايەتلەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى تولۇق ئىدراك قىلماستىن ئىزاھلاش (نەمل سۈرىسى، 84-ئايەت)... دېمەك، ئىمان بىلەن كۇپۇر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئىنچىكە نۇقتا بار. بۇ سەۋەبتىن ئىمان ئېيتقاندىن كېيىنمۇ كۇپۇرغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىش مۇمكىن. ھەتتا ئومۇمەن مۇشۇنداق بولىدۇ (ئالئىمران سۈرىسى، 137؛ تەۋبە سۈرىسى، 66؛ مۇنافىقۇن سۈرىسى، 3-ئايەت)

(2) ئالئىمران سۈرىسى، 78-ئايەت

(3) ئەئراف سۈرىسى، 28-ئايەت

قەبىھ ئىشىنىمۇ «كىتاب مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان» دەپ قىلغانلارمۇ بار. ئىنسان بالىسى مانا مۇشۇنداق مەخلۇقتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھقىمۇ مۇشۇنداق ئىپتىرا چاپلىيالىغان ئىنسان بالىسى، كىتابى ئاساسى بولمىغان بەزى سۆزلەرنى ئاللاھقا ۋە ياكى پەيغەمبەرگە بىپەرۋالىق بىلەن مەنسۇپ قىلالايدۇ. بەزى يالغان سۆزلەرنى «پەيغەمبەر دېگەن» دەپ راستقا چىقىرالايدۇ ۋە بۇ ھەقىقەت بىلەن بۇ (يالغان) سۆزلەرگە ئېتىبار قىلىدۇ. ھەتتا ئۇلارغا چىك ئىبسىلىشالايدۇ. يەنى، دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك قاراشلىرىنى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ئىپتىرا قىلىپ، ھەتتا ئاللاھ ھارام قىلغان قەبىھ ئىشلارنىمۇ «ئاللاھ بۇيرۇغان» دەپ ئاقلىيالايدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقى قۇرئاندىمۇ بايان قىلىنغان.

ئۇنداقتا، دىنى جەھەتتىن نوپۇزلۇق شەخسكە (مەسىلەن: پەيغەمبەرگە) مەنسۇپ قىلىنغان، بۇ مەنسۇپلۇق سەۋەبىدىن ئېتىبارغا ئېلىنغان، لېكىن كىتابى ئاساسى يوق، يەنى قۇرئان توختالغان مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەمما قۇرئانغا زىت بولغان؛ ئېتىبارغا ئالغان كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولى (كىتابى)دىن توسقان بۇ سۆزلەر، «قۇرئانغا زىت بولغان ھەدىسلەر»دىن باشقا نېمە بولۇشى مۇمكىن؟ بىز ئىلمىي شەكىلدە «ھەدىس» دەپ ئاتىغان بەزى ھەدىسلەردىن باشقا يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئۆلچەملەرگە تولۇق چۈشىدىغان باشقا سۆز بارمۇ؟

بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر (لەھۋەل ھەدىس ياكى ھەدىسكە ئېتىبار قىلغۇچىلار) بەزى تەپسىرلەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەنىدەك «ھېكايە ۋە مەسەل ئېيتىپ بەرگەن كىشىلەر» ئەمەس. چۈنكى لەھۋەل ھەدىسنى ئېتىبارغا ئالغۇچىلار ھەم ئەلەملىك، ھەم قاتتىق ئازاب بىلەن قورقۇتۇلغان. ھېكايە ۋە مەسەل ئېيتىش بۇنداق ئېغىر ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ ئايەتلەرنى بۇ خىل كىشىلەرگە مەخسۇسلاشتۇرۇش (بىرنىڭچە) توغرا ئەمەس. بولۇپمۇ بۇ ئايەتلەرنى مەككە مۇشرىكلىرىغىلا خاس قىلىش قەتئىي توغرا ئەمەس. چۈنكى مۇھەممەد ئەسەد قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدەك، بۇ ئايەتلەرنىڭ دائىرىسى ئومۇمىي بولۇپ، پەقەت مەككە مۇشرىكلىرىغا ياكى مەلۇم بىر دەۋردىكى كىشىلەرگىلا خاسلاشتۇرغىلى بولمايدۇ[1].

بۇ ئايەتلەردىكى ھەدىس ئىبارىسى، ئەلۋەتتە نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان بارلىق ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. لېكىن نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەر ئىچىدە (ھەدىس توپلاملىرىدا) بۇ ئايەتنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان

(1) مۇھەممەد ئەسەد، قۇرئان تەلىماتى، لوقمان سۈرىسى، 7-6-ئايەتلەر

(قۇرئانغا زىت) بەزى ھەدىسلەرنىڭ بارلىقىدا شۇبھە يوق. ھەتتا ئايەتنىڭ مەزمۇنى دىققەتكە ئېلىنغاندا، بۇ خىل ھەدىسلەر (يەنى دىنى جەھەتتىن نوپۇزلۇق بىرسىگە مەنسۇپ قىلىنغان، لېكىن قۇرئانغا زىت بولغان سۆزلەر ـ ھەدىسلەر)نىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقىنى ئېيتىش مۇمكىن. بۇ ئەھۋالنى (كۆپ ئۇچرايدىغان) مۇنداق بىر مىسال بىلەن ئىزاھلاپ ئۆتەيلى:

دىن ھەققىدە قۇرئانغا زىت گەپ قىلىدىغان بىر كىشى بار، بىز بۇ كىشىگە «قىلغان سۆزىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، بۇ سۆزنىڭ قۇرئانغا زىت كېلىدىغانلىقىنى» بىلدۈردۇق. لېكىن بۇ كىشى گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى، قەتئىي يانمىدى. بۇ سۆزنى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلىنىپ ئەمەس، بەلكى ھەدىسكە تايىنىپ تۇرۇپ ئېيتقانلىقىنى ئىپادىلىدى. دەلىل سۈپىتىدە بىرگە بىر ھەدىس ئوقۇدى. ئوقۇغان ئۇ ھەدىس ھەقىقەتەن ھەدىس توپلاملىرىدا بار. لېكىن قۇرئانغا زىت. بىز «بۇ ھەدىسنىڭ ھەدىس توپلاملىرىغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، لېكىن نەبىنىڭ بۇنداق سۆزنى قىلمايدىغانلىقىنى، چۈنكى بۇ سۆزنىڭ قۇرئانغا زىت ئىكەنلىكىنى» دېدۇق ۋە بۇ ھەقتىكى ئايەتنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەردۇق. ئەمما ئۇ كىشى سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ، دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن ھەدىسنى تەكرارلاپ تۇردى ۋە بۇ ھەدىسكە چىڭ ئېسىلىپ، ئوقۇغان ئايەتلەرگە پەرۋا قىلمىدى. ھەتتا ئۇ ئايەتلەرنى قەتئىي خالىمايدىغاندەك مۇئامىلە قىلدى. «مەن سىز ئوقۇغان بۇ ئايەتلەرگە ئىشەنمەيمەن» دېمەيدۇ، بۇنى ئېتىراز قىلىش سەۋەبى دەپ كۆرسەتمەيدۇ. لېكىن «پەيغەمبەرنىڭ خاتا گەپ قىلمايدىغانلىقىنى» تەكىتلەپ سۆزىدە چىڭ تۇرىدۇ ۋە چىڭ تۇرۇشى (ئېتىرازى)نى بۇ شەكىلدە داۋاملاشتۇرىدۇ...

مىسال سۈپىتىدە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ ۋەقە (بۇ كىشى ۋە ئوقۇغان ھەدىسى) بۇ ئايەتلەرنىڭ خىتاب دائىرىسىگە كىرەمدۇ ـ يوق؟ بىز بۇ ئايەتلەرنى 14 ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان مەككە مۇشرىكلىرىغىلا خاس قىلىپ قويامدۇق؟ پەقەت «بۇ ھەدىس (سۆز)نى پەيغەمبەر دېگەن» دەۋاسى بولسا ئايەتلەرگە زىت كېلىدىغان بىر سۆز (ھەدىس)كە چىڭ ئېسىلىۋالغان، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىلگەن ئايەتلەرنى نەزەرگە ئالمايدىغان، بۇ ئايەتلەرنى گويا ئاڭلىمىغاندەك مۇئامىلە قىلغان، لېكىن «مەن بۇ ئايەتلەرگە ئىشەنمەيمەن» دېمىگەن بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ھۆكمى نېمە؟

بىرىنچىدە تېكىستتە «ھەدىس» ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان بۇ ئايەتلەر بىزگە مۇنداق دېمەكتە:

«ئـى مۇئمىنلـەر! قۇرئـان ئـەڭ ياخشـى ھەدىسـتۇر. سـىلەر بـۇ ھەدىسـلەرگە ئەگىشـىڭلار. ئاللاھنىـڭ كالامـى، رەسـۇلنىڭ بايانـى بولغـان بـۇ ھەدىسـلەر، يەنـى رەسـۇل مۇھەممەد(ئـە س)نىـڭ ۋەھيىنـى ئاسـاس قىلغـان ھەقىقىي ھەدىسـلىرىنى تاشـلاپ، بۇلارغـا زىـت كېلىدىغـان باشـقا سـۆزلەرگە ئەگەشـمەڭلار. سـىلەرگە ئەگىششـكە تېگىشـلىك بولغـان ھەدىسـلەر پەقـەت ۋە پەقـەت رەسـۇل مۇھەممەد (ئە س)نىـڭ ھەدىسـلىرى (ئايەتلـەر)دۇر. سـىلەر بۇلاردىـن جاۋابكارلىققا تارتىلىسـىلەر. سـىلەر جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان بۇنىڭدىن باشـقا ھەدىسـلەر يوق. چۈنكى رەسـۇل مۇھەممـەد (ئـە س)نىـڭ ھەدىسـلىرى ۋەھيىنـى ئاسـاس قىلىـدۇ ۋە بـۇلار سـىلەرگە ئىلاھىي ھىمايـە ئاسـتىدا يېتىـپ كېلىـدۇ، ئىچىگـە ھېچقانـداق شـۈبھە ئارىلىشـىپ قالمايـدۇ. ئەممـا نەبـى مۇھەممەد(ئـە س)كـە مەنسـۇپ قىلىنغـان ھەدىسـلەر ئۇنـداق ئەمـەس. ئۇلارنىـڭ ئىچىـدە رەسـۇل مۇھەممەدنىـڭ ھەدىسـلىرىگە زىـت بـەزى ھەدىسـلەر ئارىلىشـىپ كەتكـەن. بارلىـق سـۆز (ھەدىس)لەرگـە قـۇلاق سالسـاڭلار بولىـدۇ، لېكىـن سـۆز (ھەدىس)لەرنىـڭ ئـەڭ ياخشىسـى (قۇرئان)غـا ئەگىشىشـىڭلار كېرەك. چۈنكـى دىـن بىلـەن مۇناسـىۋەتلىك ھـەر نەرسـە سـىلەرگە رەسـۇلنىڭ بـۇ سـۆزلىرى ئارقىلىـق يەتكۈزۈلـدى. سـىلەرگە لازىـم بولغـان ھـەر مەلۇمات رەسـۇلنىڭ ھەدىسـلىرى ئىچىـدە (قۇرئانـدا) بـار، ھـەم تەپسـىلىي شـەكىلدە بايـان قىلىنغـان. سـىلەر بۇلارنـى تاشـلاپ باشـقا سـۆزلەر بىلـەن مەشغۇل بولساڭلار ئۆزۈڭلارغـا بـالا تاپىسـىلەر. چۈنكـى سـىلەر پەقەتـلا قۇرئاندىـن جاۋابكارلىققـا تارتىلىسـىلەر. ئاللاھ قۇرئانـدا بولمىغان سـۆزلەردىن سـىلەرنى ئەپـۇ قىلغان، قۇرئاندا بولمىغان سـۆزلەرنى كوچىلاپ يۈرمەڭلار، بولمىسا ئۆزۈڭلارغـا ئـىش تېپىـپ، قىيىنىلىـپ قالىسـىلەر.

«ئـى مۇئمىنلـەر! ئەگـەر بايـان قىلىنسا سـىلەرگە ئېغىـر كېلىدىغان نەرسـىلەرنى سورىماڭلار. قۇرئـان نازىـل قىلىنىۋاتقـان چاغـدا سورىسـاڭلار، ئـۇلار سـىلەرگە بايـان قىلىنىـدۇ. (قۇرئانـدا) بايـان قىلىنمىغانلارنـى ئاللاھ كەچـۈرۈم قىلـدى (قۇرئانـدا بايـان قىلىنمىغـان نەرسـىلەردىن سـىلەر جاۋابكارلىققـا تارتىلمايسـىلەر). ئاللاھ ناھايىتـى مەغپىـرەت قىلغۇچىـدۇر، ناھايىتـى يۇمشـاق مۇئامىلـە قىلغۇچىـدۇر» (مائىـدە سۈرىسـى، 101 ـ ئايـەت).

ئۇنداقتـا سـىلەر پەقـەت رەسـۇلغا ئىتائـەت قىلىـڭلار ۋە رەسـۇلنى ئۈلگـە قىلىڭلار. ئۆزۈڭلارغـا باشـقا يېتەكچـى ئىزدىمـەڭلار. بۇنىـڭ ئۈچۈن رەسـۇلنىڭ ھەدىسـلىرىگە ئەگىشـىڭلار، باشـقىلارنىڭ سـۆزىگە ئەمـەس، رەسـۇلنىڭ ھەدىسـلىرىگە چىـڭ ئېسىلىڭلار، ئەكسـىچە بولسـا ئۆزۈڭلارغـا زۇلـۇم قىلىسـىلەر».

ئۇنداقتـا «ھەدىسـلەر ئەمـەس، بەلكـى قۇرئـان ئالدىنقـى ئورۇنغـا قويۇلۇشـى

كېرەك» دېگەنلىك، ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ ھوقۇقىنى چەكلىگەنلىك ۋە ياكى ئۇنى ئاردىن چىقىرىۋەتكەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان ھوقۇقنى قەتئىي ھالدا باشقا كىشىلەرگە (بەزى رىۋايەت قىلغۇچىلارغا) ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك دېگەنلىك بولىدۇ. دىنى مەسىلىدە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئىنسانلار ئىچىدە پەقەت رەسۇل مۇھەممەدكە خاس ئىكەنلىكىنى ئىپتىقانلىقتۇر. بۇنىڭغا قارشى قۇرئاننى مەركەزگە قويماستىن، كاتېگورىك ھالدا ھەدىسنى (نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان كىلاسسىك ھەدىسلەرنى) مۇداپىئە قىلغۇچىلار، رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ھەدىسلىرىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ، رەسۇلنىڭ ھوقۇقىنى باشقىلارغا (بەزى رىۋايەت قىلغۇچىلارغا) ئېلىپ بەرگەن بولىدۇ. چۈنكى رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى ئىچىدە (قۇرئاندا) ھېچقانداق شۈبھە يوق. يەنى، بۇلارنىڭ ھەم ۋەھيىنى ئاساس قىلغانلىقى، ھەم رەسۇل مۇھەممەدكە مەنسۇپ (بايان) ئىكەنلىكىدە قىلچىلىك شۈبھە يوق. ئەمما نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەر نەبىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەر ئەمەس، بەلكى نەبىنىڭ ئېيتقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن سۆزلەردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە نەبىگە مەنسۇپ بولمىغان (رىۋايەت قىلغۇچىغا مەنسۇپ بولغان)لارمۇ بار. نەبىگە مەنسۇپ بولغان تەقدىردىمۇ، نەبىنىڭ سۆزلىرى رەسۇلنىڭ سۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن كىلاسسىك ھەدىس مۇداپىئەسى قىلغۇچىلار، رەسۇلنىڭ ھوقۇقىنى يالغانچى راۋىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ناھايىتى خەتەرلىك ئىش. بۇنداق قىلغۇچىلار ئاخىرەتتە «ئىسىت ماڭا، كاشكى ئۆزۈمگە دوست دەپ بىلگەن، لېكىن مېنى قۇرئان (رەسۇلنىڭ يولى)دىن يىراقلاشتۇرغان پالانچىغا ئەگەشمەي رەسۇلنىڭ يولىدا ماڭغان بولسام، رەسۇلغا ئەگەشكەن بولسامچۇ! ۋاي مېنىڭ ھالىمغا...» (فۇرقان سۈرىسى، 29-27-ئايەتلەر) دەيدۇ (ئاللاھ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي). رەسۇلمۇ بۇنداق قىلغۇچىلارنى: «ئى رەببىم! بۇلار (ئۈممىتىم) قۇرئاننى تەرك قىلدى!» دەپ ئاللاھقا شىكايەت قىلىدۇ[1]. بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىقنىڭ بىردىنبىر چارىسى رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى (قۇرئان)گە چىڭ ئېسىلىشتۇر. بۇنىڭدىن باشقا بارلىق يوللار (بىزگە قانداق كۆرۈنۈشتىن قەتئىينەزەر) خالتا كوچىدۇر. دوست دەپ قارىغانلىرىمىز بىزنى رەسۇلنىڭ يولىدىن توسۇپ قويماسلىقى كېرەك. شەيتان بىزگە دوست كۆرۈنۈپ ئارىمىزغا كىرىش ئارقىلىق بىزنى بۇ يولدىن توسۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىزنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن، ھەتتا دىن ۋە ئاللاھ

(1) فۇرقان سۈرىسى، 30-ئايەت

دەپ تـوُروُپ ئالدىشى مۇمكىـن[1].

يۇقىرىـدا كۆرسـىتىلگەن سـەۋەبلەرگە ئاساسـەن قىلىشـقا تېگىشـلىك ئىشـىمىز رەسـۇلنىڭ ھەدىسـلىرى (قۇرئان)غـا ئەگىشـىش بولۇشـى كېـرەك. قۇرئانغـا ئەگەشـكۈچىلەرنىڭ ئاخىرەتتـە ھېچقانـداق قايغۇسـى بولمايـدۇ. لېكىـن نەبىنىـڭ ئېيتقانلىقـى ئىلگىـرى سۆزۈلگەن، ئەمـما ئـۇ دېمىگـەن سـۆزلەرنى ئـۆز ئىچىگـە ئالغـان (قۇرئانغـا زىـت) ھەدىسـلەرگە ئەگىشـىش ئاخىـرەت ئۈچـۈن ناھايىتـى چوڭ خەۋپتـۇر. بۇنـداق كىشـىلەردىن ئاخىرەتتـە مۇنـداق سـوئاللار سـورىلىدۇ: رەسـۇلغا ئىتائـەت قىلىشـقا بۇيرۇلغـان تـۇرۇپ، نېمـە ئۈچـۈن رەسـۇلغا ئەگەشـمىدىڭ؟ نېمـە ئۈچـۈن رەسـۇلنىڭ يولىدىـن ئايرىلىـپ باشـقا يوللارغـا كىردىـڭ؟ سېنى بۇنىڭغـا مەجبۇرلىغـان نەرسـە نېمـە ئىـدى؟ سـىلەرگە «پەقـەت قۇرئـان (رەسـۇلنىڭ ھەدىسـلىرى)غا ئەگىشـىڭلار» دېيىلمىدىمـۇ؟

ئاللاھ رەسۇلغا 6236 تانـە ئايـەت ۋەھـي قىلغان بولۇپ، رەسۇل بۇ ئايەتلەرنى بىزگـە ۋەھيگـە ئاساسـلانغان ھەدىـس (قۇرئـان) سۆپىتىدە تەبلىـغ قىلـدى. ئاللاھ بارلىـق ئەمـر ۋە تەۋسـىيەلىرىنى (بىزگـە لازىـم بولغـان دىـن بىلـەن مۇناسـىۋەتلىك ھـەر بىلىمنـى) رەسـۇلى ئارقىلـىق بىزگـە يەتكـۈزدى. ئەگـەر زۆرۈر بولغـان بولسـا ئىـدى، ئاللاھ رەسـۇلغا يەنـە بىـر مىقـدار ئايەتنـى ۋەھـي قىلاتتـى ۋە رەسـۇلمۇ بىزگـە بۇلارنـى يەتكۈزەتتـى. مەسـىلەن: قۇرئـان 6236 ئايـەت ئەمـەس، 7000 ياكـى 8000 ئايـەت بولاتتـى. لېكىـن ئاللاھ بۇنـداق قىلمـىدى. دېمەك، بۇنـىڭ ھاجىتـى يـوق. چۈنكـى مائىـدە سۈرىسى 3-ئايىتـى بىلـەن دىننى پۈتۈنلـىدى. دىـن ئۈچـۈن لازىـم بولغـان بارلـىق بىلىملـەر قۇرئانغـا كىرگۈزۈلـۈپ، ئىلاھـى ھىمايـە ئاسـتىغا ئېلىنغـان ھالـدا بىزگـە يەتكۈزۈلدى (قىيامەتكىچە مۇشـۇنداق داۋاملاشـتۇرىدۇ). زۆرۈر تـۇرۇپ قۇرئانغـا كىرگۈزۈلمىگـەن ھېچقانـداق بىـر بىلىـم (ھۆكـۈم) يـوق. بۇنىـڭ ئەكسىنى ئېيتىـش مۇمكىـن ئەمـەس. چۈنكـى بارلـىق ئەمرلەرنـى رەسـۇلغا ۋەھـي قىلغـان ئاللاھ، نېمـە ئۈچـۈن بۇلارنـىڭ بىـر قىسـمىنى ئىلاھـي ھىمايـە ئاسـتىغا ئالمـاي قالسۇن!

«رەسـۇلغا كەلگـەن ۋەھـي قۇرئاندىـن ئىبـارەت ئەمـەس. چۈنكـى بـەزى ھۆكۈملـەر ئۇنىڭغـا قۇرئـان سـىرتىدىكى ۋەھـي ئارقىلـىق بىلدۈرۈلگـەن» دېگۈچىلەر تۆۋەندىكـى سـوئالغا جـاۋاب بېرىشـى كېـرەك:

ئاللاھ بارلىـق ھۆكۈملەرنـى رەسـۇلغا ۋەھـي قىلغـان (ئىنسانىيەت ئالەمى بارلىق

(1) فاتىر سۈرىسى، 5-ئايەت

ھۆكۈملەرنى نەبى رەسۇلنىڭ بايانى ئارقىلىق ئاڭلىغان) بولۇپ، نېمە سەۋەبتىن بۇ ھۆكۈملەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىلاھىي ھىمايە ئاستى (قۇرئان)غا ئېلىپ، يەنە بىر قىسمىنى بۇ ھىمايىدىن مەھرۇم قالدۇردى؟ بۇنى ئىزاھلاش مۇمكىنمۇ؟

بىزنىڭچە ئاللاھ، بىزنى جاۋابكارلىققا تارتىدىغان بارلىق تەلىمات ۋە تەۋسىيەلىرىنى رەسۇلىغا قۇرئان ئارقىلىق بىلدۈرگەن. رەسۇل بۇلارنى بىزگە تەبلىغ قىلغان. رەسۇلۇللاھقا (ۋە بۇ ئارقىلىق بىزگە) قۇرئاندىن باشقا شەكىلدە كەلگەن ھېچقانداق بىر ئەھكام يوق. نەبى رەسۇل قۇرئان سىرتىدا ۋەھيى ئالغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ شەكىلدە كەلگەن ۋە بىزنى جاۋابكارلىق ئاستىغا ئالغان ھېچقانداق ئەھكام مەۋجۇت ئەمەس.

## قۇرئان پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىمامدۇ؟

قۇرئان ئايەتلىرىدىكى نەبى ۋە رەسۇل سۆزلىرىنىڭ ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرمەيدىغانلىقىنى، بۇ ئىككى كەلىمىنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى، لېكىن بۇنىڭغا قارىماستىن ھەر ئىككى سۆزنىڭ پارسچە «پەيغەمبەر» سۆزى بىلەن تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن ئىككى ئاتالغۇ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ غايىب بولۇپ، ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە ئۇقۇم خاتالىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئالدىنقى پاراگرافلاردا بايان قىلغانىدۇق.

بىزنىڭچە قۇرئاندىكى نەبى ۋە رەسۇل كەلىملىرىنىڭ ھېچبىرى تىلىمىزدا بولمىغان بىر سۆز (پەيغەمبەر) بىلەن تەرجىمە قىلىنماسلىقى كېرەك. ئەمما چوقۇم بۇ كەلىمە (پەيغەمبەر) ئىشلىتىلىدىغان بولسا، «پەيغەمبەر» ئىبارىسى «رەسۇل» ئۇقۇمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «نەبى» ئۇقۇمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلسە بولىدۇ. چۈنكى رەسۇل ئەلچى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا رەسۇل=ئەلچى ۋە نەبى=پەيغەمبەر شەكىلدە بولسا، «قۇرئان پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇمايدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان پەيغەمبەر (نەبى)گە ئەمەس، بەلكى رەسۇل (ئەلچى)غا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قۇرئاننىڭ نەبى (پەيغەمبەر)گە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمرى يوق.

پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى ئىلاھىي ھىمايە ئاستىغا ئېلىنمىغانلىقتىن پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىغلى بولمايدۇ. ئاللاھ ئادا قىلىش ئىمكانسىز بولغان بىر ئەمەلنى (پەيغەمبەرگە ئىتائەتنى) بەندىلىرىگە بۇيرۇمايدۇ. ئەمما ئېلىپ كەلگەن سۆزلىرى (قۇرئان) ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغان بولۇپ، رەسۇلغا ھەر ۋاقىت ئىتائەت

قىلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن رەسۇل بىلەن ئوخشاش دەۋردە ياشاش زۆرۈر ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، پەيغەمبەر خاتالىشىپ قالىدۇ، لېكىن ئەلچى (رەسۇل) خاتالاشمايدۇ. رەسۇل پەقەت ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تەبلىغ قىلىدۇ.

پەيغەمبەر (نەبى)نىڭ بەزى خاتالىقلىرىنىڭ قۇرئاندا بىرگە بىلدۈرۈلۈشى، ئەلۋەتتە پەيغەمبەرلەرنىڭ دائىم خاتالىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ھەتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتالىقلىرىنىڭ پەقەت قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان بۇ ھەدىسلەر بىلەن چەكلىك ئىكەنلىكىنى ئىپتىشقا بولىدۇ. لېكىن بۇ ئەھۋال قۇرئاندا پەيغەمبەر (نەبى)گە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقىنىڭ يوقلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئۆزگەرتمەيدۇ. بۇ ھەقىقەتكە قارىماستىن بىز مۇئمىنلەر: «قۇرئاندا پەيغەمبەر (نەبى)گە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى يوق، لېكىن بىز يەنىلا پەيغەمبەر (نەبى)گە ئىتائەت بۇيرۇقى باردەك مۇئامىلە قىلىمىز» دېيەلمەيمىز. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر (نەبى)گە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇمىغان بولسا (ئەمەلىيەتتىمۇ بۇيرۇمىدى)، «بۇنىڭ چوقۇم بىر ھېكمىتى بار» دەپ ئۇ نۇقتىدا ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىشىمىز كېرەك. ھېچكىم ئاللاھنىڭ بۇ بۇيرۇقنى بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىدا كەمتۈكلۈك بارلىقىنى (تەۋبە) دەۋا قىلالمايدۇ.

ئۇنداقتا «مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەردۇر» دەپ قۇرئاندىن بەكرەك ھەدىسلەرگە ئېتىبار قىلغان مۇئمىنلەر، ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇپ - بولمىغان شۈبھىلىك ھەدىسلەردىن زىيادە، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققانلىقىدا ھېچقانداق شۈبھە بولمىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى ئۆزلىرىگە يېتەكچى قىلىشى كېرەك. قۇرئاندىكى 6236 ئايەتنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بولۇپ، بىز ئەگىشىشكە تېگىشلىك 6236 ئايەت بار. بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ كالامى ۋە رەسۇلنىڭ بايانىدۇر. رەسۇلنىڭ باياني بولغان بۇ ئايەتلەر نېمىشقا يەتمەيدۇ؟

بىز پەيغەمبەر (نەبى) بىلەن بىر دەۋردە ياشىمايۋاتىمىز ۋە ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئېنىق ھالدا بىلمەيمىز. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلىمىدۇق. ھەدىسلەر، ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلىغان نەبىنىڭ سۆزلىرى ئەمەس. نەبى «دېگەنىدى» دەپ بىرگە يەتكۈزۈلگەن (رىۋايەت قىلىنغان)لەر باشقىلارنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، ئەڭ ئىشەنچلىك (ئەڭ سەھىھ) دەپ قارالغانلىرىمۇ شۈبھىدىن خالىي ئەمەس[1]. قۇرئان بولسا «ھەرگىزمۇ شۈبھە بىلەن ھەرىكەت قىلماڭلار،

(1) كېرباشئوغلۇ، م. خايرى، «ئىسلام چۈشەنچىسىدە سۈننەت»، 135، 202، 239-بەتلەر؛ پولات، س. نازلېگۈل، ھ. دوغانئاي، س، «ھەدىس تەتقىقات ۋە تەنقىت يېتەكچىسى»، 3-1-بەتلەر

چۈنكى گۇمان ھەقىقەتتىن ھېچنېمىنى ئېپادىلىمەيدۇ»[1] دەيدۇ. ئۇنداقتا بىز مۇئمىنلەر قانداق بولۇپ شۇبھىلىك بۇ سۆزلەر (قۇرئانغا زىت كېلىدىغانلىرىنى نەزەردە تۇتتۇم) بىلەن دىنىمىزنى ياشايمىز؟ قۇرئان قايتا ـ قايتا «رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇۋاتسا، نېمە ئۈچۈن «ياق، بىز نەبىگە ئىتائەت قىلمىز» دېيىشتە چىڭ تۇرۇمىز؟ بولۇپمۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى نەبىگە ئائىت بولمىغانلىقتىن، كىمگە ئىتائەت قىلغانلىقىمىزنى بىلمەستىن مۇشۇنداق قىلىۋاتىمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، كلاسسىك ھەدىس چۈشەنچىسى نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ۋەھىيگە ئاساسلانغانلىقىنى (ۋەھيي غەيرى مەتلۇۋ ئىكەنلىكىنى) ئىلگىرى سۈرىدۇ[2]. بۇ چۈشەنچىچە، ۋەھىيگە تايانغانلىقى ئۈچۈن نەبىنىڭ بۇ ھەدىسلىرىگىمۇ شەرتسىز ئەمەل قىلىش كېرەك. لېكىن بۇ چۈشەنچىدە مۇنداق مەسىلە مەۋجۇت: ئاللاھ بارلىق بۇيرۇق ۋە تەۋسىيەلەرنى رەسۇلغا ۋەھيي قىلىپ، يەنى رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بولغان قۇرئان (ۋەھيي مەتلۇۋ) ئارقىلىق بىزگە يەتكۈزگەن ئىكەن، نېمىشقا يەنە بەزى بۇيرۇقلىرىنى قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھيي بىلەن ئەۋەتىدۇ؟ ۋەھيينى نېمە سەۋەبتىن بۇ شەكىلدە ئىككى تۈرگە ئايرىيدۇ؟ يەنى، بۇيرۇقلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى قۇرئانغا كىرگۈزۈپ ئىلاھيي ھىمايە ئاستىغا ئېلىپ، نېمە ئۈچۈن يەنە بىر قىسمىنى بۇ ئىلاھيي ھىمايىدىن مەھرۇم قىلىدۇ؟

نەبى رەسۇل قۇرئاندىن باشقا (غەيرى مەتلۇۋ) ۋەھيي ئالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ شەكىلدە ئەۋەتىلگەن ۋە بىر جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان ھېچقانداق بىر ئەھكام يوق. جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان ئەھكام بولسا رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ئەمرى ۋە رەسۇلنى ئۈلگە قىلىش تەۋسىيە قىلىنغانلىق ئۈچۈن پەقەت رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى (قۇرئان)دۇر. ئاللاھ بارلىق ئەھكاملىرىنى قۇرئان ئارقىلىق رەسۇلغا ئېيتقان. ھەتتا ئايەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى «سەندىن ‹...› سورايدۇ، ئېيتقىنكى...» شەكىلدە باشلايدۇ. يەنى، مۇئمىنلەرگە لازىم بولغان ھەر نەرسە سوئال شەكىلدە سورالسۇن ياكى سورالمىسۇن رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرىدە (ئايەتلەردە) بىلدۈرۈلگەن.

بولۇپمۇ قۇرئاننىڭ پەيغەمبەر (نەبى)گە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى بولمىغاندەك، قۇرئاننىڭ پەيغەمبەر (نەبى)نى ئۈلگە قىلىڭلار» شەكىلدىمۇ تەۋسىيە يوق.

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى، 36؛ نەجم سۈرىسى، 28 ـ ئايەت

(2) ئوسمانى، مۇھەممەد تاكى، «سۈننەتنىڭ قىممىتى ۋە ھۆكمى (Sünnetin Değeri ve Bağlayıcılığı)»، 27 ـ 42 ـ بەتلەر

چۈنكى نەبىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ياكى نەبىنى ئۈلگە قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا ئەلچى (رەسۇل) خاتالاشمايدۇ، لېكىن پەيغەمبەر (نەبى) خاتالىشىپ قالىدۇ. مانا بۇ سەۋەبتىن ئىتائەت قىلىنغۇچى ۋە ئۈلگە ئېلىنغۇچى پەيغەمبەر (نەبى) ئەمەس، بەلكى رەسۇلدۇر. ھالبۇكى، نەبى بىلەن رەسۇل ئوخشاش كىشى. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ھەم نەبىگە، ھەم رەسۇلغا ئەمەس، پەقەت رەسۇلغىلا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان؟ چۈنكى نەبىلىك ئۇنۋان، رەسۇللۇق ۋەزىپە بولۇپ، ئادا قىلغان ۋەزىپىسى (تەبلىغ قىلغان ئايەتلەر) سەۋەبىدىن رەسۇلغا ئىتائەت قىلىنىدۇ. چۈنكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلغانلىق ئايەتلەرگە رىئايە قىلغانلىقتۇر. بۇ ھەقىقەتنى ئەڭ يارقىن ئەكس ئەتتۈرگەن ئايەتلەردىن بىرسى تۆۋەندىكى ئايەتتۇر:

وَلَوْ أَنَّا أَهْلَكْنَاهُمْ بِعَذَابٍ مِنْ قَبْلِهِ لَقَالُوا رَبَّنَا لَوْلَا أَرْسَلْتَ إِلَيْنَا رَسُولًا فَنَتَّبِعَ آيَاتِكَ مِنْ قَبْلِ أَنْ نَذِلَّ وَنَخْزَى

«ئەگەر بىز ئۇلارنى ئۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) ئىلگىرى ھالاك قىلغان بولساق، ئۇلار چوقۇم: ‹ئى رەببىم! بۇ خارلىق ۋە رەسۋالىققا دۇچار بولۇشتىن ئىلگىرى بىزگە بىر رەسۇل (ئەلچى) ئەۋەتكەن بولساڭ، بىزمۇ سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگەشكەن بولاتتۇق› دەيتتى» (تاھا سۈرىسى، 134 ـ ئايەت).

كۆرگىنىمىزدەك رەسۇلغا ئەگىشىش ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئەگىشىشتۇر. ئايەتتىكى «... بىزگە رەسۇل ئەۋەتكەن بولساڭ سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگەشكەن بولاتتۇق!» ئىپادىسى بۇنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئوخشاش ئىپادە قەسەس سۈرىسى 47 ـ ئايەتتىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

يەنى ئايەتلەرگە ئەگىشىش رەسۇلغا ئەگەشكەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، «كىمكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلسا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ»[1] ئايىتىمۇ ئوخشاش خۇسۇسنى بايان قىلغان. «كىمكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تەبلىغ قىلغان رەسۇلغا ئىتائەت قىلسا، يەنى تەبلىغ قىلغان ئايەتلەرگە ئەگەشسە، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ».

تۆۋەندىكى ئىككى ئايەت رەسۇلغا ئەگىشىشنىڭ قۇرئانغا ئەگىشىش ئىكەنلىكىنى (رەسۇلنىڭ كىتابقا ۋەكىللىك قىلغانلىقىنى) كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

«ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلاردىكى كىتابنى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان) نازىل بولغان چاغدا،..» (بەقەرە سۈرىسى، 89 ـئايەت).

---

(1) نىسا سۈرىسى، 80 ـ ئايەت

«ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن قولىرىدىكى كىتابنى تەستىقلايدىغان رەسۇل كەلگەن ۋاقىتتا،...». (بەقەرە سۈرىسى، 101-ئايەت).

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ ئىككى ئايەتنىڭ تېكىستى -كىتاب ۋە رەسۇل كەلىمىلىرىدىن باشقا- پۈتۈنلەي ئوخشاشتۇر. لېكىن بىرىسىدە «كىتاب»، يەنە بىرىسىدە «رەسۇل» كەلىمىسى ئورۇن ئالغان. يەنى رەسۇل يېزىلغان ئورۇنغا كىتاب، كىتاب يېزىلغان ئورۇنغا رەسۇل يېزىلغان. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان بىر پۈتۈن ھالەتتە رەسۇلغا ئەگىشىشنىڭ قۇرئانغا ئەگىشىش ئىكەنلىكىنى (يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش شەكىلدە) بىلدۈرگەن. ئەسلىدە بۇ ئايەتلەرگە «سەندىن ئىلگىرىكى رەسۇللىرىمىزدىن سوراپ باققىنكى، مېھرىبان ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلار بەلگىلىدۇقمۇ؟» مەنىسىدىكى زۇخرۇف سۈرىسى 45-ئايەتنىمۇ قوشۇپ قويۇشقا بولىدۇ. چۈنكى ئىلگىرىكى نەبى رەسۇللارنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر دەۋردە ياشىمىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بۇ سوئال ئىلگىرىكى كىتابلار ياكى ئۇلارنى ئوقۇيدىغانلاردىن (ئەھلى كىتاب) سورۇلىدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئۇنداقتا رەسۇلغا ھەرقانداق شارائىتتا كىتابنىڭ ۋەكىللىك قىلغانلىقى بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، رەسۇللارنى قەيەردىن تېپىپ بۇ سوئال سورۇلىدۇ؟

## ساھابىلەرنىڭ نەبىگە بولغان ئېتىرازلىرى

ساھابە، رەسۇل - نەبى ئارىسىدىكى پەرقنى بىلەتتى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلار رەسۇلغا شەرتسىز ئىتائەت قىلاتتى، ھەرگىزمۇ قارشى چىقمايتتى. لېكىن نەبىگە بەزىدە ئېتىراز قىلاتتى. چۈنكى قۇرئان نەبىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇمىغانىدى. قۇرئان بۇيرۇغان ئىتائەت رەسۇلغا قارىتىلغانىدى. خوش، ئۇنداقتا ساھابە بۇنى قانداق پەرقلەندۈرەتتى؟

ساھابە بۇ پەرقنى مۇنداق قىلاتتى. يەنى ھەزرىتى مۇھەممەد (ئە س) بىر نەرسە دېگەن (بۇيرۇغان) ۋاقىتتا، «بۇ ئاللاھتىن كەلگەن بۇيرۇقمۇ؟» دەپ سورايتتى. ئەگەر «شۇنداق، بۇ ئاللاھتىن كەلگەن» دەپ جاۋاب بېرىلسە مۇتلەق ئىتائەت قىلاتتى، ھەرگىزمۇ ئېتىراز قىلمايتتى، قىلالمايتتى. چۈنكى ئۇ، بۇ بۇيرۇقنى رەسۇل سالاھىيىتى بىلەن بەرگەنىدى. يەنى، ئۇنىڭ بۇ بۇيرۇقى بىر ئايەت ئىدى. بۇ ئايەتكە ئېتىراز قىلسا، رەسۇلغا قارشى چىققانلىق بولاتتى. ئەمما «ياق، بۇ ئاللاھتىن كەلگەن ئەمەس» دېگەن جاۋاب بېرىلسە، ئەنە

شۇ ۋاقىتتا ئېتىراز قىلاتتى. چۈنكى بۇ سۆز ۋەھىينى ئاساس قىلغان (ئايەت) ئەمەس ئىدى. يەنى، بۇ سۆز رەسۇلنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى نەبىنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇ نەبىلىك سالاھىيىتى بىلەن ئېيتقان سۆز ئىدى. قۇرئاننىڭ نەبىگە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى يوق ئىدى. مانا بۇ سەۋەبتىن ساھابىلەرنىڭ نەبىگە بەزى ئېتىرازلىرى بولغان. يەنى، ساھابىنىڭ قىلغان ئېتىرازلىرىنىڭ تەكتىدە بۇ ھەقىقەت بار ئىدى. بۇ پاراگرافتا مەزكۇر مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى مىساللار كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ئەمما بۇ مىساللارغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن ھۇجۇرات سۈرىسى 1-3-ئايەتلەر ئارقىلىق ساھابىگە (ۋە ئۇلار ئارقىلىق بىزگە) قىلىنغان ناھايىتى مۇھىم بىر ئاگاھلاندۇرۇش ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز:

**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُقَدِّمُوا بَيْنَ يَدَيِ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَرْفَعُوا أَصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النَّبِيِّ وَلَا تَجْهَرُوا لَهُ بِالْقَوْلِ كَجَهْرِ بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ أَنْ تَحْبَطَ أَعْمَالُكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تَشْعُرُونَ إِنَّ الَّذِينَ يَغُضُّونَ أَصْوَاتَهُمْ عِنْدَ رَسُولِ اللَّهِ أُولَئِكَ الَّذِينَ امْتَحَنَ اللَّهُ قُلُوبَهُمْ لِلتَّقْوَى لَهُمْ مَغْفِرَةٌ وَأَجْرٌ عَظِيمٌ**

«ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئالدىغا ئۆتمەڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار. چۈنكى ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاۋازىڭلارنى نەبىنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار ۋە بىر - بىرىڭلار بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ يېنىدا پەس ئاۋازدا گەپ قىلغانلار دىللىرىنى ئاللاھ تەقۋا ئۈچۈن سىنىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت ۋە ئەجىر باردۇر» (ھۇجۇرات سۈرىسى، 1-3-ئايەتلەر).

«ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئالدىغا ئۆتمەڭلار» شەكلىدە تەرجىمە قىلىنغان بىرىنچى ئايەتنىڭ تېكىستى «ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ ئىككى قولىنىڭ ئالدىغا ئۆتمەڭلار» شەكلىدە بولۇپ، بۇنىڭ (ئىككى قول - بەينە يەدەيى) مەجاز ئىكەنلىكى ئاشكارىدۇر[1]. يەنى، «قاراشلىرىڭلارنى ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ ئالدىغا، يەنى ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئارقىلىق بىلدۈرگەنلىرىنىڭ ئالدىغا قويماڭلار» دېگەنلىكتۇر. ئايەتنىڭ بۇ ھالى بىلەن ۋەھىيگە ئەگىشىشكە بۇيرۇغانلىقى ئېنىق. چۈنكى «ئاللاھ رەسۇلىنىڭ يېنىدا ئاۋازىنى تۆۋەن تۇتقانلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتلاندۇرۇلىدىغانلىقى» ھەققىدە توختالغان ئۈچىنچى ئايەتمۇ بۇ ئەھۋالنى تەستىقلايدۇ. ئەمما بۇ يەردىكى ئەسلى قىزىقارلىق بولغان نۇقتا، بۇ ئىككى

(1) رازى، بەيداۋى، بايراقلى، ھۇجۇرات سۈرىسى، 1-ئايەت

ئايەت ئوتتۇرىسىدىكى «نەبى بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ سۆزلەشمەڭلار، ئۇنداق بولمىسا ئۆزۈڭلار تۇيماستىن ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككىنچى ئايەت بولۇپ، نەبىگە ۋارقىراپ تۇرۇپ گەپ قىلغان مۇئمىنلەر نېمە قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆزلىرى تۇيماستىن ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ؟

بۇ ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمىدا «ئاۋازىڭلارنى نەبىنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، نەبىگە قارشى ئاۋازىڭلارنى يۇقىرى قىلماڭلار» دېيىلمەكتە. بۇ يەردە ئىشلىتىلگەن سۆز «قەۋل (سۆز)» ئەمەس، بەلكى «ساۋت» كەلىمىسى بولۇپ، «ساۋت» سۆزى قۇرئاندا ئومۇمەن سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئىسرا سۈرىسى 64-ئايەتتە «شەيتاننىڭ ئازدۇرغۇچى ئاۋازى، يولىيورۇقى» ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. لوقمان سۈرىسى 19-ئايەتتە بولسا «ئىننە ئەنكەرال ئەسۋاتى لەساۋتۇلھامىر (إِنَّ أَنْكَرَ الْأَصْوَاتِ لَصَوْتُ الْحَمِيرِ)» ئىپادىسى ئارقىلىق «ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يېقىمسىزى ئېشەك ساۋتى (ئاۋازى)دۇر» دېيىلگەن. يەنى يۇقىرى ئاۋازدا (ۋارقىراپ) گەپ قىلىش «ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىغا» ئوخشىتىلغان. بۇ ئەھۋالدا ھۇجۇرات سۈرىسى 2-ئايەتتىكى «يۇقىرى چىقىرىلغان ساۋت» ئىپادىسى «ھاڭرىغاندەك گەپ قىلىش، ۋارقىراش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى «رەجۇلۇن سايىيت»؛ شىددەتلىك، كۈچلۈك (ياكى يۇقىرى) ئاۋازلىق ئادەم، «ئەس - سائىت» بولسا «ئاۋازنى يۇقىرى قىلغان، ۋارقىراپ - چاقىرغان كىشى» دېگەنلىكتۇر[1]. ئۇنداقتا نەبىگە قارىتا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بۇ ئاۋاز، ئۇنىڭ ئالدىدا ۋارقىراپ - جارقىراپ، تووۋلاپ گەپ قىلىشتۇر ياكى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە ھۆرمەت دائىرىسىدىن ھالقىغان شەكىلدە ۋارقىراپ گەپ قىلىشتۇر. يەنى، ھەم جىسمانىي، ھەم مەنىۋى قوپاللىقنى ئايان قىلغان ئاۋازلارنى چىقىرىشتۇر. چۈنكى قۇرئاننىڭ ھەم «ئازدۇرغۇچى شەيتاننىڭ يولىيورۇقلىرى»[2]، يەنى مەنىۋى جەھەتتىن يىرگىنچلىك ئاۋازلار ئۈچۈن، ھەم «ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى»[3]، يەنى ماددىي جەھەتتىن يېقىمسىز ئاۋازلار ئۈچۈن «ساۋت» كەلىمىسىنى ئىشلىتىشى بىزنىڭ قارىشىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ.

بۇ ئەھۋالدا ھۇجۇرات سۈرىسى 3-1-ئايەتلىرى ئارقىلىق بىزگە مۇنداق تەلىمات بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن: «ئى مۇئمىنلەر! رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار. رەسۇلغا

(1) راغىپ ئەل-ئىسفاھانى، مۇفرەدات، «ساۋت» ماددىسى، 880-879-بەتلەر

(2) ئىسرا سۈرىسى، 64-ئايەت

(3) لوقمان سۈرىسى، 19-ئايەت

قەتئىي قارشى چىقماڭلار. لېكىن نەبىگىمۇ ھۆرمەت كۆرسىتىڭلار. ئۇنىڭغا قارشى ئاۋازىڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرمەڭلار. ئۇنىڭ بىلەن ۋارقىراپ - جارقىراپ سۆزلەپ كۆز قارىشىڭلارنى تاڭماڭلار. ئۇنداق قىلساڭلار نەبىگە ئېتىراز قىلدىم دەپ ئۆزۈڭلار تۇيماستىن رەسۇلغا ئېتىراز قىلغان بولىسىلەر ۋە بۇ سەۋەبتىن كۇپۇرغا چۈشۈپ قالىسىلەر، بۇنداق ئەھۋالدا بارلىق ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەزەر ئەيلەڭلار، كىمگە ئېتىراز قىلغانلىقىڭلارنى ئوبدان ئويلىشىڭلار...» .

ئەلمالىلى ھامدى يازىر، بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلغاندا ھەقلىق رەۋىشتە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ۋە بىئارام قىلىشقا سەۋەب بولغان ئىشلار كۇپۇرغا ئېلىپ بارىدۇ. كۇپۇر بولسا ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. ‹كىمكى ئىماننى قوبۇل قىلمىسا ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ› [1]. بۇ يەردە ‹ئۆزۈڭلار تۇيماستىن› ئىبارىسىدىن «ئەقلى - ھوشىنىڭ يوق بولۇشى» مەلۇم بولىدىكى، بۇ چەكلەنگەن ئاۋازنى يۇقىرى قىلىش ۋە توۋلاشتىن مەقسەت، پەقەت بىپەرۋالىق ۋە ھۆرمەتسىزلىك مەقسىتى بىلەن بولغان ئەھۋال ئەمەس. چۈنكى ئۇ مۇئمىنلەردىن سادىر بولمايدىغان روشەن كۇپۇردۇر. ئەمما روشەن كۇپۇرلۇق بولماستىن، ۋاسىتىلىك شەكىلدە كۇپۇر دەپ گۇمان قىلىشقا بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بەزى ئىش - ھەرىكەتلەر كۇپۇرلۇقنى مەقسەت قىلىپ سادىر قىلىنمىسىمۇ، لېكىن كۇپۇر بولۇپ قېلىش خەۋپىدىن خالىي ئەمەس»[2].

بۈگۈن بىزلەر قۇرئان سايىسىدە رەسۇلغا ئائىت سۆزلەرنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىمىز. ئەمما قۇرئاننىڭ چۈشۈش جەريانىدا ساھابە ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، ئايەتلەرنىڭ چۈشۈشى داۋاملىشىۋاتاتتى. مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلانغان ھەر سۆز ئۇنىڭ شەخسى قارىشى (نەبى سۆزى) بولۇشى مۇمكىن بولغانىدەك، بۇ سۆز بىر ئايەت (رەسۇل سۆزى) بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇنى پەرق ئېتىش زۆرۈر ئىدى. ھۇجۇرات سۈرىسى 3 - 1 - ئايەتلەر ساھابىلەرنى بۇ خۇسۇستا ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى دىققەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇنداقتا بۇ ئايەتلەر پەقەت ساھابىلەرگىلا خىتاب قىلامدۇ؟ بۇ ئايەتلەرنىڭ بىزگە دەيدىغان سۆزى يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە، بار. چۈنكى «ئى ئىمان ئېيتقانلار!» دەپ باشلانغان بۇ ئايەتلەرنىڭ بىزگىمۇ خىتاب قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ دېمەككى، بىزمۇ ساھابىلەرگە ئوخشاش ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداقتا قانداق ئېھتىيات قىلىمىز؟

(1) مائىدە سۈرىسى، 5 - ئايەت

(2) يازىر، ئەلمالىلى ھامدى، تەپسىر، 49 - سۈرە

بىزلەر «نەبى دېگەنـدى» دەپ ئالدىمىزگە كەلتۈرۈلگەن ھەر سۆز (ھەدىس) نـى دەرھـال قوبـۇل قىلماسـلىقىمىز كېرەك. بـۇ توغرا ئۇسـلۇپتۇر. شـۇنىڭ بىلـەن بىرگـە، دەرھـال رەت قىلماسـلىقىمىزمۇ لازىـم. چۈنكـى رەت قىلغـان بـۇ سـۆز قۇرئانغا ئۇيغـۇن سـۆز بولۇشـىمۇ مۇمكىـن. بـۇ ئەھۋالـدا «ھەدىس»نـى رەت قىلـدۇق دېگـەن شۈبھە بىلـەن، ئۆزىمىـز تۇيماسـتىن بىـر ئايەتنـى رەت قىلىـپ تاشـلىغان بولىمىـز. يەنـى، نەبىگـە مەنسـۇپ قىلىنغـان بىـر سـۆز (نەبى)گـە ئېتىـراز قىلـدۇق دېگـەن گۇمـان بىلـەن، ئۆزىمىزمـۇ ھېـس قىلماسـتىن رەسـۇلغا ئېتىـراز قىلىـپ سـالغان بولىمىـز. بـۇ بولسـا (ئاللاھ سـاقلىغاي) كۇپۇرغـا مۇپتىـلا بولـۇپ قېلىشـىمىزغا ۋە ئەمەللىرىمىزنىـڭ بىـكار بولـۇپ كېتىشـىگە سـەۋەب بولىـدۇ. دېمـەك، نەبىگـە مەنسۇپ قىلىنغـان ھالـدا ئالدىمىزغا قويۇلغـان بارلىق سـۆزلەر ئالدى بىلـەن قۇرئانغا مۇۋاپىـق بولـۇپ - بولمىغانلىقى جەھەتتىـن تەكشۈرۈلۈشـى كېرەك. قۇرئانغا مۇۋاپىق بولسا قوبـۇل قىلىـش، زىـت بولسـا رەت قىلىـش لازىـم. ھەتتـا بـۇ ئەھـۋال نەبىگـە مەنسـۇپ ئىكەنلىكـى ئىسـپاتلىنالمىغان سـۆزلەر ئۈچۈنمـۇ ئوخشاشـتۇر. نەتىجىـدە نەبىگـە مەنسـۇپ قىلىنغـان بولسـۇن ياكـى بولمىسـۇن، نەبىگـە مەنسـۇپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسـۇن ياكـى ئىسپاتلىنالمىسـۇن، قۇرئانغـا ئۇيغـۇن بارلىـق سـۆزلەر قوبـۇل قىلىنىشـى، زىـت سـۆزلەر بولسـا رەت قىلىنىشـى كېـرەك. لېكىـن مەيلـى قوبـۇل قىلىـش جەھەتتىـن بولسـۇن ياكـى رەت قىلىـش جەھەتتىـن بولسـۇن، بۇنىـڭ بىردىنبىـر ئۆلچىمـى قۇرئانغـا مۇۋاپىـق بولـۇپ - بولمىغانلىقىنـى تەكشۈرۈشـتۇر.

ئۇنىڭدىـن باشـقا، سـاھابە بىلـەن بىزنىـڭ ئارىمىـزدا مۇنـداق پـەرق بـار: مۇھەممـەد (ئـە س)نىـڭ ئېغىزىدىـن ئاڭلىغـان ھـەر سـۆز يېڭـى بىـر ئايـەت بولۇشـى مۇمكىـن ئىـدى. چۈنكـى قۇرئان ئۇنىڭغا ۋەھيي قىلىنىۋاتاتتى ۋە چۈشـۈش باسـقۇچى داۋاملىشـىۋاتاتتى. بـۇ سـەۋەبتىن ساھابىلەرنىڭ ئاڭلىغـان ھـەر سـۆزنىڭ يېڭـى بىـر ئايـەت بولـۇش ئېھتىماللىقى بـار ئىـدى. ھالبۇكـى، بۈگـۈن بۇنداق ئەھـۋال مەۋجۇت ئەمـەس. ۋەھـيي تاماملانغـان، ئايـەت چۈشـۈش باسـقۇچى ئاخىرلاشـقان ۋە بارلىـق ئايەتلـەر قۇرئانـدا جەملەنگـەن بولـۇپ، بـۇ قۇرئـان بىزنىـڭ قولىمـىزدا بـار. بـۇ سـەۋەبتىن بىزلـەر نەبىگـە مەنسـۇپ قىلىنغـان بىـر سـۆزنىڭ ۋەھيىگـە مۇۋاپىق بولـۇپ - بولمىغانلىقىنـى (ۋەھـيي بىـر ھەقىقەتكـە ئىشـارەت قىلىـپ - قىلمىغانلىقىنـى) قۇرئانغـا قـاراپ بىلەلەيمىـز. بىـز مانـا مۇشـۇنداق ئىمكانىيەتكـە ئىگـە. لېكىـن نەبـى بىلـەن بىرلىكتـە ياشـىغان ساھابىنىڭ بۇنـداق ئىمكانىيىتـى يـوق ئىـدى. چۈنكـى قۇرئاننىـڭ چۈشـۈش باسـقۇچى داۋاملىشـىۋاتقانىدى. نەبىدىـن ئاڭلىغـان ھـەر بىـر سـۆزنىڭ ئايـەت بولـۇپ - بولمىغانلىقىنـى سوراش ئۇلار ئۈچـۈن ھـەم مەجبۇرىيەت، ھـەم پۇرسـەت ئىـدى. لېكىـن بىـز بۇنـداق ئىمكانىيەتكـە ئىگـە ئەمـەس. ئەممـا بىـز

قۇرئاندىن ئىبارەت مىسلىسىز ئىمكانىيەتكە ئىگە. بىز نەبىگە مەنسۇپ دېيىلىپ ئاڭلىغان بىر سۆزنىڭ ۋەھيي بولۇپ ـ بولمىغانلىقىنى قۇرئانغا قاراپ بىلەلەيمىز. لېكىن ساھابە بۇنىداق قىلالمايتتى. چۈنكى قۇرئاننىڭ نازىل بولۇش جەريانى داۋام قىلىۋاتقانىدى. يەنى، قۇرئان تېخى كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلمىگەن، ھەتتا تاماملانمىغانىدى. بۇ سەۋەبتىن ساھابىلەر ئاڭلىغان بىر سۆزنى «بۇنىداق ئايەت يوق» دەپ دەرھال رەت قىلالمايتتى. چۈنكى بۇ يېڭى چۈشكەن ئايەت بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا نەبىگە قارىتا ئەستايىدىل بولۇش، ھۇجۇرات سۈرىسى 3-1-ئايەتلەر ساھابىلەرگە (ۋە بىزلەرگە) يۈكلىگەن مەسئۇلىيەت ئىدى.

ساھابىلەر بەزىدە نەبىگە ئېتىراز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دائىم بۇ ھوشيارلىقنى يوقۇتۇپ قويمىغانىدى. مۇھەممەد (ئە س)دىن ئاڭلىغان سۆزگە قارىتا پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرگەندە قۇرئان زىممىسىگە ئارتقان بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلغانىدى. يەنى ئاڭلىغان سۆز نەبىگە ئىئىتمۇ ياكى رەسۇلغا ئىئىتمۇ؟ ئالدى بىلەن بۇنى ئېنىقلىدى ۋە بۇنىڭغا ئاساسەن پوزىتسىيەسىنى بىلدۈردى. ئەگەر سۆز رەسۇلغا ئائىت (ۋەھيىنى ئاساس قىلغان) بولسا شەرتسىز ئىتائەت قىلدى، رەسۇلغا قەتئىي قارشى چىقمىدى. ئەمما سۆز رەسۇلغا ئائىت بولمىسا، (نەبىگە ئائىت بولسا) بەزىدە ئېتىراز قىلدى. ئەمما ھېچقاچان نەبىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلمىدى. چۈنكى قۇرئاننىڭ نەبىگە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى بولمىغان بىلەن، نەبىنى ھۆرمەتلەش ھەققىدە بۇيرۇقى بار ئىدى. قۇرئانغا ئاساسەن ئىتائەت قىلىشقا، قارشى چىقماسلىققا، ئۆلگە ئېلىنىشقا لايىق بولغۇچى (نەبى ئەمەس) رەسۇل ئىدى. ئەمما نەبىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا بولمايتتى.

ساھابىلەر بۇ دائىرە ئىچىدە نەبىگە ئېتىراز قىلغان. لېكىن ساھابە ئەلۋەتتە نەبىنىڭ ھەر سۆزىگە ئېتىراز قىلغان ئەمەس. چۈنكى قۇرئاندا نەبىگە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقىنىڭ بولماسلىقى، نەبىنىڭ ھەر سۆزىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. لېكىن ساھابە نەبىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ۋەھيي ئەمەسلىكىنى بىلەتتى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا مۇئامىلە قىلاتتى. بۇلارغا مۇنىداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتكۈچى (بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغۇچى) نەبىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

ساھابىلەرنىڭ نەبىگە بولغان ئېتىرازلىرىنى (ھەتتا ئۆكتىچىلىك قىلىشىنى) تۆۋەندىكىدەك ئىككى ماۋزۇ ئاستىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ساھابىنىڭ نەبىگە ئېتىراز قىلغانلىقىغا قۇرئاندىن دەلىللەر

2. ساھابىنىڭ نەبىگە ئېتىراز قىلغانلىقىغا ھەدىسلەردىن دەلىللەر

# 1. ساھابىنىڭ نەبىگە ئېتىراز قىلغانلىقىغا قۇرئاندىن دەلىللەر

## 1.1. ھەزرىتى زەيدنىڭ نەبىگە ئېتىراز قىلىشى

ھەزرىتى زەيد، ئىسمى قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان (بۇ شەرەپكە نائىل بولغان) بىردىنبىر ساھابە بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى «ئاللاھ نېمەت بەرگەن كىشى» دەپ سۈپەتلىمەكتە[1]. يەنى، مۇئمىن ئىكەنلىكى ئاللاھ تەرىپىدىن دەلىللەنگەن ۋە ئېلان قىلىنغان[2]. لېكىن مەزكۇر ئايەتتە ھەزرىتى زەيدنىڭ نەبىنىڭ ئېنىق بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلمىغانلىقى، لېكىن بۇنىڭغا قارىماستىن ئۇنىڭ ھېچقانداق شەكىلدە ئەيىبلەنمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. مۇناسىۋەتلىك ئايەت تۆۋەندىكىچە:

**وَإِذْ تَقُولُ لِلَّذِي أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِ وَأَنْعَمْتَ عَلَيْهِ أَمْسِكْ عَلَيْكَ زَوْجَكَ وَاتَّقِ اللَّهَ... فَلَمَّا قَضَى زَيْدٌ مِنْهَا وَطَرًا زَوَّجْنَاكَهَا...**

«ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ نېمەت بەرگەن ۋە سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشى (زەيد)گە: ‹ئايالىڭنى ئەمرىڭدە تۇتقىن ۋە ئاللاھتىن قورققىن› دېگەنىدىڭ... زەيد ئۇنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئۇنى ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق،...» (ئەھزاب سۈرىسى، 37-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نەبى ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى زەيدكە «ئاللاھتىن قورققىن ۋە ئايالىڭنى تالاق قىلما» دېگەن. يەنى، ئوچۇق شەكىلدە بۇيرۇق قىلغان (نەبىنىڭ بۇ بۇيرۇقى سەھىھ بىر ھەدىستە بولغان بولسا ئىدى، فىقھىچىلار بۇنىڭ «ۋۇجۇب (قىلىش زۆرۈر)» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىشاتتى). لېكىن ھەزرىتى زەيد نەبىنىڭ -بۇيرۇق

(1) ئەھزاب سۈرىسى، 37-ئايەت

(2) ئەھزاب سۈرىسى 37-ئايەتتە ھەزرىتى زەيدكە بېرىلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان «ئاللاھنىڭ نېمىتىنىڭ» ئىمان ئىكەنلىكىنى باشتا «ئىھدىناس سىراتەل مۇستەقىم، سىراتەل لەزىنە ئەنئامتە ئەلەيھىم غەيرىلمەغدۇبى ئەلەيھىم ۋەلەددالىن»، يەنى «(رەببىم!) بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، ئۇ يولدۇركى، نېمەت بەرگەن بەندىلىرىڭنىڭ يولىدۇر، غەزەپ قىلغانلىرىڭنىڭ يولىغا ئەمەس» دېيىلگەن فاتىھە سۈرىسى 6-7-ئايىتى ۋە «ئەلىيەۋمە ئەكمەلتۇ لەكۇم دىنەكۇم ۋە ئەتمەمتۇ ئەلەيكۇم نىمەتى ۋە رادىتۇ لەكمۇل ئىسلامە دىنە»، يەنى « بۈگۈن سىلەرگە دىنىڭلارنى پۈتتۈرۈپ بەردىم ۋە سىلەرگە دىن سۈپىتىدە ئىسلامنى تاللىدىم» دېگەن مائىدە سۈرىسى 3-ئايەت ۋە باشقا ئايەتلەر (بەقەرە سۈرىسى، 211،231؛ ئالئىمران سۈرىسى، 103؛ مائىدە سۈرىسى، 6-7؛ فەتىھ سۈرىسى،2)دىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

شەكلىدىكى- بۇ سۆزگە ئىتائەت قىلمىغان. گەرچە نەبى «ئايالىڭنى تالاق قىلما» دېگەن بولسىمۇ، ئۇ ئايالىنىڭ خېتىنى بەرگەن. ئەمما بۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن زەيد ئاللاھ ياكى نەبى ۋە ياكى ساھابىلەر تەرىپىدىن ئەيىبلەنمىگەن. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى قۇرئاندا تالاقنى ھارام قىلغان بىرەر ئايەت بولمىغانلىقتىن ئەيىبلىمىگەن! يەنى، زەيدكە بۇنى بۇيرۇغان -رەسۇل ئەمەس- نەبى ئىدى. قۇرئاندا نەبىگە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى يوق. بۇ سەۋەبتىن ھېچكىم ئۇنى بۇ قىلمىشى سەۋەبىدىن ئەيىبلىيەلمەيتتى، شۇڭا ئۇنى ئەيىبلىمىدى. ھەزرىتى زەيدنىڭ -قۇرئاندا بايان قىلىنغان- بۇ مۇئامىلىسى، قۇرئاننىڭ نەبىگە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ھەمدە ئەمەلىي مىسال بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن روشەن دەلىلدۇر.

## 2.1. ساھابىلەردىن بىر ئايالىنىڭ نەبى بىلەن مۇنازىرىلىششى (نەبىگە ئېتىراز قىلىشى)

مۇجادىلە سۈرىسى 1-ئايەتتە مۇنداق دېيىلمەكتە:

قَدْ سَمِعَ اللَّهُ قَوْلَ الَّتِي تُجَادِلُكَ فِي زَوْجِهَا وَتَشْتَكِي إِلَى اللَّهِ وَاللَّهُ يَسْمَعُ تَحَاوُرَكُمَا إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ بَصِيرٌ

«ئاللاھ ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە (سېنى) ئاللاھقا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى. (شۇنداق) ئاللاھ ئىككىڭلارنىڭ سۆزلىشىڭلارنى ئاڭلىدى. چۈنكى ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (مۇجادىلە سۈرىسى، 1-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن مەلۇم بولغىنىدەك ساھابىلەردىن بىر ئايال نەبىنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋە ئېرى ھەققىدە بىر مەسىلىنى ئۇنىڭغا ئېيتقان (داۋامىدىكى ئايەتلەردىن بۇ مەسىلىنىڭ زىھار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز). بۇ ئايال ئېيتقان مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە يا سۈكۈت قىلغان ياكى بىر پەتىۋا بەرگەن. ئەمما نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ئايال نەبىنىڭ بۇ مۇئامىلىسىدىن نارازى بولغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، ئۇنىڭغا ئېتىراز قىلغان. ئايەتنىڭ لەۋزىدىكى مەنىنى ئۆز پېتى ئىپادىلىسەك «مۇجادىلە (كۆرەش)» قىلغان. لېكىن ئارزۇ قىلغان جاۋابنى ئالالمىغاندىن كېيىن نەبىنى ئاللاھقا شىكايەت قىلغان[1]. خوش، ئاللاھ بۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇردى؟

(1) بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ھەدىس ۋە تەپسىر كىتابلىرىدا مۇنداق نەقىل قىلىنغان (ئىپادىلەر، ئۆزلىرىدىكى ئەسلى مەنىگە ئائىت بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمىدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئىبارىلىرى -كونتېكست

ئايالنى ئازارلىدىمۇ؟ ياق، ئەكسىچە ـ زىھار ھەققىدە ـ ئۇنىڭغا ئارزۇسىغا ماس كېلىدىغان ئايەتلەرنى چۈشۈردى[1].

## بۇ ۋەقە سەۋەبىدىن مۇراجىئەت قىلىنغان مۇھەممەد (ئە س) زىھار بىلەن

---

نەزەردە تۇتۇلغان ھالدا ـ نەبى شەكلىدە چۈشىنىلىشى كېرەك): ھاۋلەنىڭ ئېرى ئەۋس ب. سامىت ـ ئۇبادە ب. سامىتنىڭ قېرىندىشى ـ ياشىنىپ قالغان ۋە ناھايىتى زىل بولۇپ قالغان. بىر كۈنى ئايالى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سورىغان، ئۇ ئاچچىقلىنىپ: «سەن ماڭا ئانامغا ئوخشايسەن» دەۋەتكەن. بۇ زىھار دەپ ئاتىلىدۇ. جاھىلىيە ئادەتلىرىگە ئاساسەن بىر كىشى ئايالىغا بۇ سۆزنى قىلسا، ئايالى ئۇنىڭغا ھارام بولاتتى، ئۇنى قايتا يېنىغا ئالالمايتتى. بۇ ۋەقە ئىسلامدا تۇنجى بولۇپ يۈزبەرگەن زىھار ۋەقەسى ئىدى. ئەۋس ھايال ئۆتمەي قىلغان سۆزىگە پۇشايمان قىلىپ، ھاۋلەنى يېنىغا چاقىرغان. لېكىن ھاۋلە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتىن ئۆزىنى تارتقان ۋە ئۇنىڭغا: «جېنىم ئىلكىدە بولغان رەببىمگە قەسەم قىلىمەنكى، سەن ئۇ سۆزنى قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ ۋە رەسۇلى ھۆكۈم بەرمىگىچە مېنىڭ يېنىمغا كېلەلمەيسەن، بېرىپ رەسۇلۇللاھتىن سوراپ باققىن» دېگەنىدى. ئېرى: «مەن خىجىل بولىمەن، رەسۇلۇللاھقا بۇنى دېيەلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئايالى: «مەن بېرىپ سورايمەن» دەپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! ئەۋس مېنى تاللاپ ئەمرىگە ئالغان ۋاقىتتا ياش، چىرايلىق ئىدىم، لېكىن ھازىر بالىلىق بولۇپ ياشىنىپ قالغاندا ئەۋس مېنى ئانىسىغا ئوخشاتتى ۋە ئىگە ـ چاقىسىز تاشلاپ قويدى. ئەگەر ماڭا بىر چارە تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇشۇمغا ياردەم قىلساڭ، بىر نەرسە دېگىن يا رەسۇلۇللاھ!» دېدى. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئۇنىڭغا: «ماڭا ھازىرغىچە بۇ مەسىلە ھەققىدە بىر ھۆكۈم بېرىلمىدى، ئىجتىھاتىم بولسا سەن ئۇنىڭغا ھارام بولدۇڭ» دېدى. ھاۋلە: «ۋاللاھى، ئۇ تالاق دېمىدى» دېدى. رەسۇلۇللاھ بولسا: «سەن ئۇنىڭغا ھارام بولدۇڭ»، دەپ تەكرارلىدى. لېكىن ئايال: «ساڭا جېنىم پىدا بولسۇن، ماڭا قاراپ قوي يا رەسۇلۇللاھ» دېدى ۋە بۇ خۇسۇستا رەسۇلۇللاھ بىلەن قايتا ـ قايتا مۇجادىلە قىلدى. ھاۋلە ئاخىرى شىكايىتىنى ئاللاھقا ئېيتىپ: «ئاللاھىم يالغۇزلىقىمنىڭ ئېغىرلىقىدىن ۋە ماڭا ئېغىر كېلىدىغان جۇدالىق ئازابىدىن ساڭا شىكايەت قىلىمەن. كىچىك باللىرىم بار، ئۇلارنى ئۇنىڭغا (ئەۋسكە) تاشلاپ قويسام زايا بولۇپ كېتىدۇ، يېنىمغا ئالسام ئاچ قالىدۇ» دېدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ: «ئاللاھىم، ساڭا شىكايەت قىلىمەن، پەيغەمبەرنىڭ تىلىغا بىر ۋەھيى چۈشۈرگىن» دەپ يالۋۇردى. ھاۋلە تېخى ئۇ يەردىن ئايرىلماستىنلا ھەققىدە قۇرئان ئايەتلىرى نازىل بولدى. ۋەھيىنىڭ ئېغىرلىقى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز: «ئى ھاۋلە، خۇشخەۋەر!» دېدى ۋە دەرھال ئايەتنى ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئايالىنىڭ ئېرىنى چاقىرتىپ: «قىلغان ئۇ قەسىمىڭ بىلەن نېمىنى مەقسەت قىلغانىدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئەۋس: «ئۇنىڭ كاپارىتى بارمۇ؟» دېدى. پەيغەمبىرىمىز: «بىر قۇل ئازاد قىلىشقا كۈچۈڭ يېتەمدۇ؟» دەپ جاۋاب بەردى. ئەۋس: «ياق، ۋاللاھى ئى رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا كۈچۈم يەتمەيدۇ، مېلىمنىڭ ھەممىسى كېتىپ قالدۇ، قۇل قىممەت، مېنىڭ مېلىم ئاز» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئۇنىڭغا: «ئۇنىڭغا قۇربۇڭ يەتمىسە ئىككى ئاي ئارقىمۇ ئارقا روزا تۇتالامسەن؟» دېدى. ئەۋس بولسا: «ياق، ۋاللاھى مەن كۈندە ئۈچ ۋاقىت تاماق يېمىسەم كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر: «ئۇنداقتا ئاتمىش مىسكىننى تويغۇزالامسەن؟» دەپ سورىدى. ئەۋس: «ياق، ۋاللاھى بۇنىڭغا كۈچۈم يەتمەيدۇ. ئەگەر ماڭا ياردەم قىلساڭلار ئاندىن بۇنى قىلالايمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «مەن ساڭا ئون بەش سا (ئون بەش مىڭ دەرھەم) ياردەم قىلىمەن ۋە بەرىكەتلىك بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن» دېدى. مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئوڭشاپ قويدى. ھەزرىتى ئائىشەدىن مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «ئاۋازلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلايدىغان ئۇ ئاللاھ ئۇلۇغدۇر! ئۇ ئايال پەيغەمبەر (ئە س)گە دەردىنى ئېيتقاندا ناھايىتى بوش ئاۋازدا كۇسۇلداپ گەپ قىلغان بولۇپ، يېنىدا تۇرغان بولسامۇ بەزى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بەزىلىرىنى ئاڭلىيالمايتتىم. ئۇ، رەسۇلۇللاھقا ئېرىنى شىكايەت قىلىۋاتاتتى: «ئى رەسۇلۇللاھ، ياشلىقىمنى يېدى، قارنىم ئۇنىڭغا ئېچىلدى، يەنى ئۇنىڭغا بالىلارنى تۇغۇپ بەردىم. يېشىم چوڭىيىپ تۇغۇشتىن توختىغان ۋاقتىمدا ماڭا زىھار قىلدى، ئاللاھىم ساڭا شىكايەت قىلىمەن» دەۋاتاتتى. ئايال ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماستىن جىبرىئىل (ئە س) شۇ ئايەتنى ئېلىپ كەلدى. يەنە رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەزرىتى ئۆمەر (ر ئە) بۇ ئايال يېنىغا كەلگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئىكرام قىلاتتى ۋە «ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا قۇلاق سالدى» دەيتتى. ئىبنۇ ئەبى ھاتىم ۋە «ئەل ـ ئەسما ۋەس ـ سىفات»تا بەيھەقى مۇنداق بىر رىۋايەتنى نەقىل قىلغان: «بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر (ر ئە) كىشىلەر بىلەن كېتىۋاتقاندا بۇ ئايال ئۆمەرنىڭ توختىشىنى ئېيتتى، ئۆمۇ توختىدى ۋە ئۇ ئايالغا يېقىنلىشىپ قولىنى مۈرىسىگە قويۇپ ئۇنىڭغا ئەستايىدىللىق بىلەن قۇلاق سالدى. ئۇ ئايال دەيدىغانلىرىنى دەپ بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىدىكى بىر كىشى: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! شۇ قېرى خوتۇننىڭ ئالدىدا قۇرەيشلىكلەرنى ساقلاتتىڭ» دېدى. (ئەلمالىلى، 58 ـ سۈرە، 1 ـ ئايەت؛ قۇرتۇبى 1/58؛ رازى 1/58؛ تىرمىزى، تالاق 19؛ ئىبن ماجە، تالاق 25)

(1) مۇجادىلە سۈرىسى، 2 ـ 4 ـ ئايەتلەر

مۇناسىۋەتلىك بىر ئايەت ئوقۇغان ۋە «ئاللاھنىڭ ھۆكمى مانا مۇشۇنداق» دېگەن بولسا ئىدى، ئەنە شۇ ۋاقىتتا رەسۇل سالاھىيىتى بىلەن سۆز قىلغان بولاتتى ۋە ئايالنىڭ ئېتىراز قىلىشى مۇمكىن بولمايتتى. ئەمما بۇ ۋەقە يۈزبەرگەندە تېخى بۇنداق بىر ئايەت چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن -رەسۇل سۈپىتى بىلەن ئەمەس- نەبى سالاھىيىتى بىلەن جاۋاب بەرگەن. يەنى ئىجتىھات قىلغان ۋە ياكى سۈكۈت قىلغان (بۇمۇ بىر ئىجتىھاتتۇر). لېكىن ئۇ ئايال نەبىنىڭ بۇ ئىجتىھاتىنى قوبۇل قىلمىدى، ئېتىراز قىلدى. ئەمما نەبىمۇ ئىجتىھاتىدا چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئايال نەبىنى ئاللاھقا شىكايەت قىلدى. ئاللاھمۇ بۇ ئايالنىڭ تەلىپىنى (ئۈمىدىنى) بىكارغا چىقارمىدى. قۇرئان ئارقىلىق دەلىللەنگەن بۇ ئۆرنەك ۋەقەمۇ نەبىگە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدىغان ئېنىق دەلىل ئەمەسمۇ؟

### 3.1. بەدىر مۇجاھىدلىرىنىڭ نەبى بىلەن مۇنازىرىلىشىشى

ئەنفال سۈرىسى 6-5-ئايەتلەر مۇنداق:

**كَمَا أَخْرَجَكَ رَبُّكَ مِنْ بَيْتِكَ بِالْحَقِّ وَإِنَّ فَرِيقًا مِنَ الْمُؤْمِنِينَ لَكَارِهُونَ يُجَادِلُونَكَ فِي الْحَقِّ بَعْدَمَا تَبَيَّنَ كَأَنَّمَا يُسَاقُونَ إِلَى الْمَوْتِ وَهُمْ يَنْظُرُونَ**

«ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ سېنى ھەق ئۈچۈن ئۆيۈڭدىن چىقارغانىدى. مۇئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ بۇنى ياقتۇرمىغانىدى. ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىنمۇ سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەنىدى. خۇددى ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە ھەيدىلىۋاتقانىدى» (ئەنفال سۈرىسى، 6-5-ئايەتلەر).

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن مەلۇم بولغىنىدەك مۇئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ (بۇلار نەبى بىلەن جىھادقا قاتناشقان بەدىر مۇجاھىدلىرى ئىدى)، بىر مەسىلە ھەققىدە نەبى بىلەن مۇنازىرىلەشكەن. ئايەت لەۋزىدىكى ئىپادە بىلەن ئېيتساق، نەبىگە قارشى مۇجادىلە قىلغان. قۇرئاننىڭ نەبىگە مۇتلەق ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى بولغان بولسا ئىدى، بەدىر مۇجاھىدلىرىنىڭ نەبى بىلەن مۇنازىرىلىشىشى مۇمكىن بولاتتىمۇ؟ ئۇ مۇجاھىدلار ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولغان ۋە ئۇلارنى جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بەرگەنىدى[1].

(1) «ئىمان ئېيتىپ ھىجرەت قىلغانلار ۋە ئاللاھ يولىدا ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلغانلار دەرىجە جەھەتتىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر. ئەنە شۇلار نىجاتلىققا ئېرىشكەنلەردۇر (تەۋبە سۈرىسى، 20-ئايەت)؛ «مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنىڭ ئاۋانگارتلىرى ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەردىن ئاللاھ

## 4.1. نەبى ئاياللىرىنىڭ نەبىگە قىلغان مۇئامىلىسى

رەببىمىز نەبىنىڭ ئاياللىرىغا «سىلەر باشقا ئاياللارغا ئوخشىمايسىلەر»[1] دەپ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئەستايىدىل، تېخىمۇ ئېغىر - بېسىق بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. ئۆيلىرىدە ئوقۇلۇۋاتقان كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئەسلىتىپ، ئۇلارنى پاكلىماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن[2] ۋە ئۇلارنى «بارلىق مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى»[3] دەپ ئېلان قىلغان.

لېكىن قۇرئاننىڭ بۇ ئالاھىدە تەرىپلىشىگە نائىل بولغان نەبى ئاياللىرى (ئۇلارمۇ بىر ساھابە ئىدى، ھەمدە نەبى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغان ساھابىلەر ئىدى) نەبىنىڭ ھەر سۆزىگە «ماقۇل» دېمىگەنىدى. بۇ قۇرئاندا بايان قىلىنغان رېئاللىقتۇر. ھەتتا ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە نەبىگە ھەممىدىن بەك كۆپ ئېتىراز قىلغۇچىلار -بىرلىكتە ياشىغانلىقى ئۈچۈن- بەلكىم ئۇلار ئىدى. نەبى ئاياللىرىنىڭ بۇ مۇئامىلىسى نەبىگە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقىنىڭ يوقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم دەلىللەردىن بىرسىدۇر. چۈنكى بىز نەبى رەپىقىلىرىنىڭ بۇ مۇئامىلىسىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن كۆرۈۋالايمىز:

«ئى نەبى! نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۆزۈڭگە ھارام قىلىسەن؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئاللاھ قەسەملىرىڭلارنى بۇزۇشنى ھالال قىلدى. ئاللاھ سىلەرنىڭ ياردەم قىلغۇچىڭلاردۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا نەبى ئاياللىرىدىن بىرسىگە يوشۇرۇن ھالدا بىر سۆزنى قىلغانىدى. لېكىن ئايالى ئۇ سۆزنى باشقىلارغا ئېيتىپ قويغان، ئاللاھمۇ بۇنى نەبىگە خەۋەر قىلغاندا (نەبى) بىر قىسمىنى بىلدۈرگەن، بىر قىسمىدىن ۋازكەچكەنىدى. نەبى بۇنى ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندە ئايالى: ‹بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟› دېدى. نەبى: ‹ھەممىنى

---

رازى بولدى. ئۇلارمۇ ئاللاھتىن رازى بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، مانا بۇ بۈيۈك نىجاتلىق ۋە بەخت - سائادەتتۇر» (تەۋبە سۈرىسى، 100 - ئايەت)

(1) ئەھزاب سۈرىسى، 32 - ئايەت

(2) ئەھزاب سۈرىسى، 33 - 34 - ئايەتلەر

(3) ئەھزاب سۈرىسى، 6 - ئايەت

بىلىپ تۇرغۇچى، ھەر نەرسىدىن خەۋەردار بولغان ئاللاھ خەۋەر قىلدى› دېدى. (ئى نەبىنىڭ ئىككى ئايالى) ئەگەر ئىككىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلساڭلار (ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر)، چۈنكى دىلىڭلار بۇرۇلۇپ كەتتى. ئەگەر ئۇنىڭغا قارشى بىر - بىرىڭلارغا ياردەم قىلساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئاللاھ ئۇنىڭ مەۋلاسىدۇر، جىبرىئىل ۋە سالىھ مۇئمىنلەرمۇ، پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر. ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، رەببى ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا سىلەردىنمۇ ياخشى، (ئاللاھقا) بويسۇنغۇچى، ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، ياخشىلىققا ئالدىرىغۇچى چوكان ۋە قىزلارنى نىكاھلاپ بېرىشى مۇمكىن» (تەھرىم سۈرىسى، 1-5-ئايەتلەر).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيەسى نەبى رەپىقىلىرىنىڭ مۇئامىلىسى ۋە ئۇنىڭغا ماس ھالدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردۇر. مۇپەسسىرلەر بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ بۇ ئىككى ئايالنىڭ ھەفسە ۋە مارىيە ئانىلىرىمىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقان[1]. ئۇلارنىڭچە بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى بۇ ئىككى ئايال ئوتتۇرىسىدىكى كۈندەشلىك ۋەقەسىدۇر. (بۇ رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا) نەبى، ھەفسە ئانىمىز ئۆيدە يوق ۋاقىتتا مارىيە ئانىمىزنى ھۇجرىسىغا ئالغاندى. ھەفسە ئانىمىز بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن كۆڭلى يېرىم بولغان ۋە رەنجىپ قالغاندى. نەبى ھەفسە ئانىمىزغا بۇنىڭدىن كېيىن مارىيە ئانىمىزنى تۆشىكىگە ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇنى سىر سۈپىتىدە ساقلىشىنى تاپىلىغاندى. ھەفسە ئانىمىز بولسا بۇ سىرنى ئائىشە ئانىمىزغا ئېيتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەتلەر نازىل بولغان[2].

بۇ نۇقتىدا بىز ئۈچۈن مۇھىم بولغان خۇسۇس مەزكۇر ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ئەمەس، بەلكى نەبى رەپىقىلىرىنىڭ مۇئامىلىسىدۇر. ۋەقەنىڭ سەۋەبى ياكى تەپسىلاتىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئايەتلەردىن بارلىق ئاياللار ئېرىغا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا -ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەر نۇقتىسىدىن- نەبىنىڭ رەپىقىلىرىمۇ ئېرىغا، يەنى نەبىگە ئوخشاش شەكىلدە مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ۋەھيىگە ئېتىراز قىلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما ۋەھيي تېمىسى بولمىغان خۇسۇسلاردا نەبىنىڭ ھەر سۆزىگە «ماقۇل» دېمەيتتى. توغرا ياكى ناتوغرا ئېتىرازلارنى قىلاتتى. بۇ ۋەقەدە بولسا ئېتىراز چېكىدىن ئېشىپ، ئۇلار ئۇنىڭغا قىلتاق قۇرۇش دەرىجىسىگە يەتكەنىدى. بولۇپمۇ بۇ

(1) تابارى، 66-(تەھرىم) سۈرە، 1-5-ئايەتلەر؛ بەيزاۋى، 5/66-1؛ قۇرتۇبى 5/66-1؛ رازى 5/66-1

(2) تابارى، 66-(تەھرىم) سۈرە، 3-ئايەت؛ بەيزاۋى، 3/66؛ قۇرتۇبى 3/66؛ رازى 3/66

تۇزاق نەبىنىڭ خاتا قارار چىقىرىشىغا سەۋەب بولغانىدى. نەبى، ئۇلارنىڭ بۇ تۇزىقى سەۋەبىدىن ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىنى ئۆزىگە ھارام قىلغان ۋە بۇ سەۋەبتىن ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇشقا ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ خاتالىقنى سادىر قىلىشىغا ئىككى ئايالىنىڭ قۇرغان قىلتىقى سەۋەب بولغانىدى. ئىككى ئايالى بۇ تۇزاق (گۇناھى) سەۋەبىدىن تەۋبە قىلىشقا دەۋەت قىلىندى. چۈنكى ئۇلار ھىيلە بىلەن نەبىنى خاتالاشتۇرغانىدى. ھالبۇكى، نەبىلا ئەمەس، ھەرقانداق بىر كىشى خاتالاشتۇرۇلماسلىقى كېرەك، ھېچكىمگە بۇنداق تۇزاق قۇرۇلماسلىقى لازىم ئىدى. لېكىن ئۇلار بۇ خاتالىقنى سادىر قىلغانىدى. يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە نەبىنى ناھايىتى رەنجىتكەن بولۇپ، نەبى بۇ ۋەقەگە سەۋەب بولغان ئىككى ئايالىنى تالاق قىلىشقا تاس قالغانىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ ئاياللىرىنىڭ خېتىنى بەرسە بولىدىغانلىقىنى ۋە ـ بەلكىم ـ ئۇلاردىن تېخىمۇ ياخشى ئاياللارنى ئۇنىڭغا نېسىپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى[1]. يەنى بۇنداق قىلسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىلاھى تەستىق كەلگەن بولدى. لېكىن نەبى ھېچبىر ئايالىنى تالاق قىلمىدى. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر سەۋەبىدىن نەبىنىڭ ئاياللىرى بىلەن ماي تارتىشىپ قالغان، يەنى ئۇنى رەنجىتكەن ۋاقىتلار بولۇپ ئۆتكەن[2]. بۇ ئەھۋال نەبى رەپىقىلىرىنىڭ نەبىنىڭ ھەر سۆزىگە رىئايە قىلمىغانلىقىنى، ئارزۇ قىلغىنىدەك شەكىلدە (مۇتلەق) ئىتائەت قىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قۇرئانى دەلىللەردۇر.

دېمەك، نەبىنىڭ رەپىقىلىرى نەبى بىلەن رەسۇلنىڭ پەرقىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارىتا مۇئامىلە قىلغانىدى. ئۇلار مۇھەممەد (ئە س)نىڭ رەسۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن قىلغان سۆزلىرى (قۇرئان)گە مۇتلەق ئىتائەت قىلاتتى، لېكىن ۋەھىي بولمىغان سۆزلىرىگە بەزىدە ئېتىراز قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ مۇئامىلىسى ئەلۋەتتە قۇرئاننى ئاساس قىلغان ھالدا (قۇرئاندىن ئالغان ھوقۇق ئاستىدا) بولغانىدى. چۈنكى قۇرئان ـ بارلىق مۇئمىنلەرگە ئوخشاش ـ ئۇلارغىمۇ «رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەنىدى.

«ئى نەبىنىڭ ئاياللىرى!... سىلەردىن كىمكى ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلسا ۋە پايدىلىق ئىشلارنى قىلسا ئۇنىڭغا مۇكاپاتىنى ئىككى ھەسسە بېرىمىز... ئى نەبىنىڭ ئاياللىرى!... ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار» (ئەھزاب سۈرىسى، 33 ـ 30 ـ ئايەتلەر).

---

(1) تەھرىم سۈرىسى، 5 ـ ئايەت

(2) شىبلى، مەۋلانا، «ئەسرى سائادەت»، 1 ـ جىلد، 364 ـ 363 ـ بەتلەر

قۇرئان بارلىق مۆئمىنلەرگە نىمىنى بۇيرۇغان بولسا، يۇقىرىدىكى ئايەتلەرمۇ نەبىنىڭ ئاياللىرىغا ئوخشاش نەرسىنى بۇيرۇغان. ئۇلارنىڭ ئىرى نەبى - رەسۇل ئىدى. ئىرى رەسۇل سۈپىتى بىلەن بىر ئايەت ئىلىپ كەلگەندە بارلىق مۆئمىنلەرگە ئوخشاش ئۇلارمۇ مۇتلەق شەكىلدە ئىتائەت قىلاتتى. لىكىن باشقا ئەھۋاللاردا ئۇنىڭ ھەر سۆزىگە (يەنى نەبىگە) مۇتلەق ئىتائەت قىلمايتتى. باشقا ئاياللار ئىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا، ئۇلارمۇ خۇددى ئۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. چۈنكى نەتىجە ئىتىبارى بىلەن ئۇلارمۇ، نەبى بولغان ئىرىمۇ ئىنسان ئىدى. ھەر ئىنساندا بولغاندەك ئۇلاردىمۇ ئىنسانىي ئاجىزلىقلارمۇ بولاتتى.

نەبى ئاياللىرىنىڭ ئىنسانىي ئاجىزلىقلىرىنى يىڭەلمەي، نەبىگە قىلغان بۇ مۇئامىلىسى (مۇتلەق ئىتائەتكار بولماسلىقى، كۆندەشلىك قىلىشى، سىتەم قىلىشى، تۇزاق قۇرۇشى) بىز ئۈچۈن - بۇ مۇئامىلىنىڭ نەبىگە قىلىنىشى سەۋەبىدىن - ھەيران قالارلىق بولۇشى مۇمكىن. ھەتتا بەزى كىشىلەر نەبىنىڭ شەخسى ھاياتىنى بىلدۈرگەن بۇ ئايەتلەرگە تارىخىي نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىش كىرەك. ھالبۇكى، بۇ ئايەتلەر تارىخىيلىققا ئىگە بولسىمۇ، لىكىن بىزگە دىمەكچى بولغان تەلىماتى زامان ۋە ماكاندىن خالىيدۇر. چۈنكى بۇ ئايەتلەر قۇرئانىنىڭ نەبىگە مۇتلەق ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقىنىڭ يوقلىقىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن. يەنى، رەببىمىز بۇ مەسىلىنى نەبىنىڭ ئاياللىرىنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ بىزگە چۈشەندۈرۈپ بەرگەن[1].

### 5.1. بەيئەتلەشكەن ئاياللارغا بىرىلگەن قارشى چىقىش ھوقۇقى

مۇمتەھىنە سۈرىسى 12 - ئايەتتە مۇنداق دىيىلگەن:

**يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ إِذَا جَاءَكَ الْمُؤْمِنَاتُ يُبَايِعْنَكَ عَلَى أَنْ لَا يُشْرِكْنَ بِاللَّهِ شَيْئًا وَلَا يَسْرِقْنَ وَلَا يَزْنِينَ وَلَا يَقْتُلْنَ أَوْلَادَهُنَّ وَلَا يَأْتِينَ بِبُهْتَانٍ يَفْتَرِينَهُ بَيْنَ أَيْدِيهِنَّ وَأَرْجُلِهِنَّ وَلَا يَعْصِينَكَ فِي مَعْرُوفٍ فَبَايِعْهُنَّ وَاسْتَغْفِرْ لَهُنَّ اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ**

«ئى نەبى! مۇئمىن ئاياللار ساڭا كىلىپ ئاللاھقا ھىچ نەرسىنى شىرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، قولى ۋە پۇتلىرى ئارىسىدا بىر تۆھمەت پەيدا قىلىپ كەلمەسلىككە، مەرۇپ (توغرا ۋە ياخشى ئىشلار)تا ساڭا ئاسىي بولماسلىققا

(1) ئىسرا سۈرىسى، 89؛ كەھف سۈرىسى، 54؛ زۇمەر سۈرىسى، 27 - ئايەت

بەيئەت قىلسا، ئۇلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (مۇمتەھىنە سۈرىسى، 12-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن مەلۇم بولغىنىدەك، نەبىگە مۇتلەق ئىتائەت شەرتى قويمىغان قۇرئان، بۇ شەرتنى نەبى بىلەن بەيئەتلەشكەن، يەنى نەبىنىڭ سىياسىي لىدىرلىقىنى (ئۇلۇل ئەمر ئىكەنلىكىنى) ئېتىراپ قىلغان ئاياللارغىمۇ قويمىدى. ھالبۇكى، بۇ ئاياللار نەبىگە بەيئەت قىلغانىدى. يەنى، نەبىلەر ئۇلارغا ئىش ئۈستىدىكى ئەمىرى ئىدى. قۇرئان ئۇلۇل ئەمرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ[1]. يەنى، بۇ ئاياللار نىسا سۈرىسى 59-ئايەتنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە مەرۇپ ئىشلاردا نەبىگە ئىتائەت قىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنغان «مەرۇپ ئىشلاردا نەبىگە قارشى چىقماسلىق» شەرتى، ئەسلىدە نىسا سۈرىسى 59-ئايىتىنىڭ ئەسلىتىلىشى (بۇ ئايەتنىڭ بەيئەت ئەھدىسىگە كىرگۈزۈلۈشى)دىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن بۇ شەرتنى «مەرۇپ ئىشلاردا نەبىگە ئىتائەت قىلىسىلەر» شەكلىدە ئىپادە قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىپادە قۇرئانىنىڭ ئىتائەت ھەققىدىكى نەبى - رەسۇل ئايرىشىغا زىت كەلمەيدۇ. لېكىن بۇنىڭغا قارىماستىن «مەرۇپتا ئىتائەت» شەرتىنىڭ ئورنىغا «مەرۇپتا نەبىگە قارشى چىقماسلىق» شەرت قىلىندى. مەزكۇر ئىپادىگە تەتۈر سىدىن قارىغان ۋاقىتتا بۇ ئىككى ئىپادىنىڭ ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئېيتىشقا بولسىمۇ، لېكىن ئارىسىدا ئىنچىكە پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى «مەرۇپتا نەبىگە قارشى چىقىشقا بولمايدۇ» ئىپادىسى، «نەبىنىڭ مەرۇپ بولمىغان ئىشلىرىمۇ بار بولۇشى مۇمكىن» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى قۇرئاندا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مىساللار بېرىلگەن ۋە بۇ سەۋەبتىن قۇرئان مەرۇپتا نەبىگە مۇتلەق ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىمىغاندەك، مەرۇپتىن باشقا ئىشلاردا نەبىگە ئۆكتە قوپۇش ھەققىنى بەرگەن. بولۇپمۇ بۇنى نەبى بىلەن بەيئەتلەشكەن ئاياللارغا بەرگەن. ھەتتا بۇ ھوقۇق مەزكۇر ئايەت ئارقىلىق ئاساسىي قانۇننىڭ كاپالىتىگە ئىگە قىلىنغان.

بۇنىڭغا قارىماستىن «مەرۇپ ئىشلاردا نەبىگە قارشى چىقماڭلار» ئىپادىسىنى -تەتۈر نۇقتىسىدىن چىقىش قىلغاندا- «مەرۇپ ئىشلاردا نەبىگە ئىتائەت قىلىسىلەر» شەكلىدە چۈشەنگىلى بولمايدۇ. چۈنكى «قارشى چىقىشنى مەنئى قىلىش»نىڭ تەتۈرى «ئىتائەت ۋاجىپ بولىدۇ» ئەمەس. چۈنكى «قارشى

(1) نىسا سۈرىسى، 59-ئايەت

چىقىشىنىڭ ھاراملىقى» باشقا، «قارشى چىقىش ھەققى» باشقا، «قارشى چىقىشىنىڭ ۋاجىپلىقى» باشقا بولۇپ، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. قارشى چىقىشنىڭ ھارام بولۇشى، ئىتائەتنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمىگەندەك، ئۆكتە قوپۇش ھەققىمۇ ئىسيانىنىڭ ۋاجىپلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى مۇپەسسىر ھامدى يازىر، «ئاللاھقا، رەسۇلغا ۋە سىلەردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكى ئەمرلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن نىسا سۈرىسى 59 - ئايەتنى تەپسىر قىلغاندا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولماسلىقى قارشى چىقىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشىنى تەقەززا قىلمىغانلىقتىن، ئىتائەت قىلىش مەجبۇرىيىتىدە بولماسلىق بىلەن قارشى چىقىش مەجبۇرىيىتىدە بولۇش ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. ئۆكتە قوپۇش ھەققى باشقا، قارشى چىقىش ۋەزىپىسى باشقا ئىشلاردۇر»[1].

ھامدى يازىرمۇ ئېيتقاندەك «قارشى چىقىش ھەققى» باشقا گەپ، «قارشى چىقىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشى» باشقا گەپ. ئۇنداقتا «قارشى چىقىشنى ھارام قىلىش» بىلەن «ئىتائەتنىڭ ۋاجىپ بولۇشى»مۇ باشقا گەپلەردۇر. مۇئمىنلەر بىر ۋەقەگە قارىتا:

1) قارشى چىقىشى ھارام

2) قارشى چىقىش ھەققىنىڭ بولۇشى

3) قارشى چىقىشى ۋاجىپ بولغان

4) ئىتائەت قىلىش

5) ئىتائەت قىلىش ھارام

6) ئىتائەت قىلىشتا ئەركىن بولۇش (ئىباھات)تەك ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىدىن پەرقلىق. مۇمتەھىنە سۈرىسى 12 - ئايەتتە بەيئەتلەشكەن ئاياللارغا قويۇلغان «مەرۇپتا قارشى چىقماسلىق» شەرتى، مەرۇپ بولمىغان ئىشلاردا قارشى چىقىش ھەققىنى ئۆزلۈكىدىن بەرگەن بولىدۇ. يەنى، بۇ شەرت مەرۇپ بولمىغان خۇسۇسلاردا قارشى چىقىشنى ۋاجىپ قىلمىغاندەك، «مەرۇپتا ئىتائەت قىلىش»نىمۇ ۋاجىپ قىلمايدۇ. بۇ خۇسۇستىكى دەلىلمىز

(1) ھامدى يازىر، «ھەق دىنى قۇرئان تىلى»، نىسا سۈرىسى، 59 - ئايەت

ئەھزاب سۈرىسى 37-ئايەتتۇر. چۈنكى نەبى بۇ ئايەتتە ھەزرىتى زەيدكە «ئايالىڭنى تالاق قىلما، ئاللاھتىن قورققىن» دېگەنىدى. يەنى، ئۇنىڭغا -مۇنكەر (يامانلىق)نى ئەمەس- مەرۇپنى بۇيرۇغانىدى. لېكىن ھەزرىتى زەيد نەبىنىڭ بۇ مەرۇپ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىدى. ئەمما بۇ سەۋەبتىن ئەيىبلەشكە ئۇچرىمىدى. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى نەبىگە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى يوق ئىدى. ئۇنداقتا «مەرۇپتا قارشى چىقىشنىڭ ھارامىلىقى»، «مەرۇپتا ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى» مەنىسىنى بىلدۈرمەمدۇ؟ دېمەك، بۇ مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەكسىچە بولغاندا زەيد نەبىنىڭ مەرۇپ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلاتتى. ئەمما ئىتائەت قىلمىدى. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بۇ قۇرئاننىڭ بۇيرۇقى ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا مۇمتەھىنە سۈرىسى 12-ئايەتتىكى «مەرۇپ»، «قۇرئان بۇيرۇغان مەرۇپ بولۇشى كېرەك». چۈنكى بۇ ئايەتتىن بۇرۇن «ئاللاھقا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىك، قولى بىلەن پۇتى ئارىسىدا بىر تۆھمەت پەيدا قىلىپ ئېلىپ كەلمەسلىك» قاتارلىق خۇسۇسلار تىلغا ئېلىنىپ، ئاندىن مەرۇپتا قارشى چىقماسلىق شەرتى قويۇلغان. يەنى، «نەبىگە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلارغا ئوخشاش مەرۇپ ئىشلاردا قارشى چىقىشقا بولمايدۇ» دېيىلگەن. بۇ بولسا مەرۇپقا بۇيرۇغان ئۇلۇل ئەمرگە، ھەتتا مەرۇپقا بۇيرۇغان مۆئمىنلەرگە ئىتائەت قىلىشقا ئوخشايدۇ[1]. بۇ سەۋەبتىن مەرۇپقا بۇيرۇغان ئۇلۇل ئەمرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە بولسا، مەرۇپقا بۇيرۇغان نەبىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يەنى، مۇتلەق ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا نەبىنىڭ مەرۇپ بولمىغان ئىشلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا ئايەتتىكى ئىپادە بۇنداق بولمايتتى ۋە مەرۇپ ئىشلاردا قارشى چىقماسلىق تەكىتلەنمەيتتى. مۇجادىلە سۈرىسى 1-ئايەتتىكى ئايالمۇ نەبىنىڭ -ئېرى ھەققىدىكى- پەتىۋاسىنى مەرۇپ قاتارىدىن دەپ قارىمىغان بولسا كېرەك، ئېتىراز ھەققىنى ئىشلەتكەن ۋە نەبى بىلەن مۇنازىرىلەشكەن (مۇجادىلە قىلغان). ھەتتا نەبىنى ئاللاھقا شىكايەت قىلغانىدى. بۇ مۇنازىرە سەۋەبىدىن نازىل بولغان ئايەتلەر ئۇ ئايالنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك ماھىيەتتە ئىدى. يەنى، ئۇ ئايالنىڭ نەبى بىلەن مۇنازىرە قىلىشى يوللۇق ئىدى. ئەمما بۇ ۋەقەدە ئۇ ئايالنىڭ ئەيىبلەنمەسلىكىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ نەبىگە قارشى چىقىشىنىڭ يوللۇق بولۇشى ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۇنداق بولغان بولسا ئىدى (يەنى ئۇ ئايالنىڭ مەزكۇر قىلمىشى يوللۇق بولغانلىقتىن ئەيىبلەنمىگەن بولسا ئىدى)، نەبى بىلەن جەڭ خۇسۇسىدا ئەنفال سۈرىسى 6-5-ئايەتتە مۇنازىرىلەشكەن مۆئمىنلەر ئەيىبلەنگەن

(1) بەقەرە سۈرىسى، 44؛ ئالئىمران سۈرىسى، 110، 114؛ تەۋبە سۈرىسى، 71-ئايەت

بولاتتى. چۈنكى بۇ يەردە يوللۇق بولغان مۆئمىنلەر ئەمەس، نەبى ئىدى. لېكىن بۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن ئەنفال سۈرىسى 5-6-ئايەتتىكى مۆئمىنلەرمۇ ئەيىبلەنمىدى. چۈنكى رەسۇل بىلەن ئەمەس، نەبى بىلەن مۇنازىرە قىلىشقانىدى. دېمەك، ھەزرىتى زەيد، مۇجادىلە سۈرىسى 1-ئايەتتىكى ئايال، ئەنفال سۈرىسى 5-6-ئايەتتىكى مۆئمىنلەرنىڭ ئەيىبلەنمەسلىكىدىكى سەۋەب، يوللۇق بولۇشى ئەمەس، بەلكى نەبى بىلەن مۇنازىرە قىلىشقانلىقى ئىدى.

يىغىنچاقلىساق، رەببىمىز مۆئمىنلەر ئۈچۈن نەبىگە ئىتائەت قىلىشنى شەرت قىلمىغاندەك، مەرۇپ بولمىغان ئىشلاردىمۇ نەبىگە قارشى چىقىش ھەققىنى بەرگەن. رەسۇل ئۈچۈن تەلەپ قىلغان مۇتلەق ئىتائەت قىلىشنى، نەبى ئۈچۈن تەلەپ قىلمىغان. چۈنكى نەبى مۇھەممەد ئىجتىھات قىلىدىغان مۇھەممەد دېگەنلىكتۇر. ئىجتىھات قىلىنىدىغان خۇسۇسلاردا -ئاز ياكى كۆپ- خاتالىقتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. رەببىمىز خاتالىشىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىنسان (مەسىلەن، نەبى مۇھەممەد)غا مۇتلەق ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇمىغان. لېكىن بۇ ئەھۋال ئەلۋەتتە «نەبىنىڭ ھەر سۆزىگە ئېتىراز قىلىش كېرەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. ساھابىلەرمۇ نەبىنىڭ قىلغان ھەر سۆزىگە ئېتىراز قىلمىغان. ئەمما ئېتىراز قىلغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. قۇرئان بۇ ئەھۋاللارنى بىزگە نەقىل قىلىپ يەتكۈزمەكتە.

ئەلۋەتتە بۇ ئېتىرازلاردا يوللۇق بولغان تەرەپ بەزىدە ساھابە، بەزىدە نەبى بولاتتى. يەنى، ساھابەنىڭ ھەر ئېتىرازىمۇ ئورۇنلۇق ئەمەس ئىدى. مەسىلەن: ئەنفال سۈرىسى 5-6-ئايەتلەردە بايان قىلىنغان جەڭ خۇسۇسىدا نەبى بىلەن مۇنازىرە قىلىشقان بەدىر مۇجاھىتلىرى ھەقلىق ئەمەس بولۇپ، بۇ ۋەقەدە يوللۇق بولغان تەرەپ نەبى ئىدى. لېكىن مۇجادىلە سۈرىسى 1-ئايەتتىكى مۇنازىرىدە يوللۇق بولغان تەرەپ ئايال (ھاۋلە) ئىدى (ئايالنىڭ يوللۇق بولۇشى نەبىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە زىھار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت چۈشمىگەنىدى. لېكىن نەتىجە نەزەردە تۇتۇلغاندا ئايالنىڭ ئېتىرازى ئورۇنلۇق بولۇپ چىقتى). نەبىنىڭ رەپىقىلىرى بىلەن ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن مەسىلىلەردە كۆپىنچە رەپىقىلىرى خاتالاشقانىدى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى -خاتا ياكى خاتا بولمىسۇن- ساھابىنىڭ نەبىگە مۇتلەق ئىتائەت قىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەزرىتى زەيد مىسالىدا ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە. چۈنكى نەبى ھەزرىتى زەيدكە: «ئايالىڭنى تالاق قىلما، ئاللاھتىن قورققىن» دېگەنىدى. يەنى، مەرۇپقا بۇيرۇغانىدى. بۇنىڭدا قىلغان ئىجتىھاتى

خاتا ئەمەس ئىدى. لېكىن ھەزرىتى زەيد نەبىنىڭ بۇ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلمىدى. لېكىن ئۇ بۇ سەۋەبتىن ئەيىبلەنمىدى. چۈنكى قۇرئاننىڭ تالاقنى ھارام قىلغان بۇنداق بۇيرۇقى يوق بولۇپ، مۇئمىنلەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر ھۆكۈم مەنبەسى قۇرئان (رەسۇل) ئىدى. ھەزرىتى زەيد بۇنى بىلەتتى ۋە بۇنىڭغا قارىتا مۇئامىلە قىلدى (ئەھزاب سۈرىسى 37 ـ ئايەتتىكى ھەزرىتى زەيد ھەدىسىنىڭ ئۆزىلا ھۆكۈم جەھەتتە مۇئمىنلەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك مەنبەنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق شەكىلدە كۆرسىتىپ بەرمەكتە، مۇھىملىقى سەۋەبىدىن بۇ ئايەت ھەققىدە كېيىنكى پاراگرافلاردا يەنە توختىلىپ ئۆتىمىز).

دېمەك، ساھابە نەبىگە مۇتلەق ئىتائەت بىلەن مۇئامىلە قىلمايتتى، توغرا ياكى ناتوغرا شەكىلدە بەزىدە ئېتىراز قىلاتتى، ئەمما رەسۇلغا ھەرگىزمۇ بۇنداق مۇئامىلە قىلمايتتى. رەسۇلغا مۇتلەق ئىتائەت قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى نەبىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ مەجبۇرى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ھەمدە بۇنى نەبى ۋە ساھابىنىڭ ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن كونكرېت قۇرئانى دەلىللەردۇر. بۇ خۇسۇستىكى ئەسلى دەلىل قۇرئاندا نەبىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ھېچقانداق بىر ئايەتنىڭ بولماسلىقىدۇر.

## 2. ساھابىنىڭ نەبىگە قىلغان ئېتىرازلىرى ھەققىدە ھەدىسلەردىن دەلىللەر

### 1.2. مەككىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ قىرقىپ تاشلىنىشى

نەبى (ئە س)، مەككىدىكى بارلىق ئوت ـ چۆپلەرنىڭ قىرقىپ تاشلىنىشىنى ھارام قىلغانىدى. لېكىن تاغىسى ئابباسنىڭ ئېتىراز قىلىشى نەتىجىسىدە تازىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىزخىر ئوتى ھارام قىلىنمىغان[1].

### 2.2. بەدىر غازىتى

ساھابە بەدىر غازىتىدا نەبىنىڭ ھەربىي كۈچنى ئورۇنلاشتۇرغان ئورنى ھەققىدە: «بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاللاھ بىلدۈردىمۇ ياكى سىزنىڭ رايىڭىزمۇ؟ جەڭ تاكتىكىسىمۇ؟»[2] دەپ سورىغان ۋە بۇنىڭ ۋەھىي ئەمەسلىكى

(1) بۇخارى، جەنائىز، 76

(2) يۈسۈپ قەرداۋى، «بىلىم ۋە مەدەنىيەت مەنبەسى سۈننەت»، 76 ـ 75 ـ بەتلەر

ھەققىدىكى جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قوشۇنىنىڭ بۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ئېتىراز قىلغان. ھۇبباب ىبن مۇنزىر، بەدىردىكى تاتلىق سۇ قۇدۇقى ئەتراپىغا جايلىشىشىنى ۋە قالغان قۇدۇقلارنى (دۈشمەنىنىڭ پايدىلانماسلىقى ئۈچۈن) تىندۇرۇۋېتىشى تەكلىپ قىلغان. نەتىجىدە ساھابىنىڭ ئېتىرازى ۋە ھۇبباب بىن مۇنزىرنىڭ تەكلىپى قوبۇل قىلىنغان، قوشۇنىنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلۇپ، قۇدۇق بېشىغا يەرلەشتۈرۈلگەن[1].

## 3.2. ئۇھۇد غازىتى

نەبى (ئە س) ئۇھۇد غازىتىدا دۈشمەنگە قارشى مەدىنە سىرتىغا چىقماي، مەدىنە ئىچىدە تۇرۇپ جەڭ قىلماقچى بولغانىدى. بۇنداق بولغاندا شەھەر ئىچىدە مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلاتتى. ئەگەر دۈشمەن شەھەرگە كىرسە، ئەرلەر كوچىلاردا، ئاياللار ئۆگزىلەردە تۇرۇپ جەڭ قىلاتتى. لېكىن ساھابىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى نەبىنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلماي، دۈشمەن بىلەن مەدىنە سىرتىدا جەڭ قىلىشنى تەلەپ قىلدى، بۇ سەۋەبتىن شەھەرنىڭ سىرتىدا دۈشمەنگە قارشى جەڭ بولدى[2].

## 4.2. خەندەك غازىتى

خەندەك غازىتىدا دۈشمەن مۇھاسىرىسى مۇسۇلمانلارنىڭ زېيىنىغا قاراپ ئۆزگىراشقا باشلىدى. نەبى (ئە س)، غەتەفان قوشۇنى قوماندانلىرىدىن ئۇيەينە بىن ھېسن ۋە هارىس بىن ئەۋفكە، ئەگەر مۇھاسىرىنى بىكار قىلىپ قوۋمنى ئېلىپ قايتىپ كەتسە، مەدىنىنىڭ يىللىق مېۋە مەھسۇلاتىنىڭ ئۈچتەن بىرىنى بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. مۇزاكىرە بۇ شەكىلدە داۋاملىشىۋاتقاندا، سەئد بىن مۇئاز ۋە سەئد بىن ئۇبادە قاتارلىق بىر تۈركۈم ساھابە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر بۇ ئاللاھنىڭ ساڭا قىلغان بۇيرۇقى بولسا ئۇنىڭغا شەرتسىز ئەمەل قىلىمىز. ئەگەر بۇ پەقەت سەن بىز ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىش بولسا بۇنىڭ ھاجىتى يوق... ئۇلارغا بېرىدىغان قىلىچتىن باشقا نەرسىمىز يوق» دەپ بۇ تەكلىپكە قارشى چىققان بولۇپ، نەتىجىدە نەبىنىڭ تەكلىپى ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەن[3].

(1) ئىبنى قەييۇم ئەل-جەۋزىييە، ئىبنى قەييۇم، «زادۇل-مەئاد»، 3-جىلد، 219-218-بەتلەر

(2) ئەل-جەۋزىييە، «زادۇل-مەئاد»، 3-جىلد، 240-239-بەتلەر

(3) ئەل-جەۋزىييە، «زادۇل-مەئاد»، 3-جىلد، 313-312-بەتلەر

## 5.2. بەرىرەنىڭ نەبىگە تۇتقان مۇئامىلىسى

مۇغىسنىڭ ئايالى بەرىرە دېدەك ئىدى. بەرىرە ھۆرلۈككە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئېرىدىن ئايرىلغانىدى. ئېرى مۇغىس ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈزلىشىشىنى خالىمايتتى. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغاچقا بۇنى نەبىگە يەتكۈزدى. نەبى بەرىرەگە ئېرىنىڭ يېنىغا قايتىشىنى ئېيتتى. بەرىرە شۇنىڭ بىلەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ ماڭا قىلىنغان بۇيرۇقمۇ؟» دەپ سورىدى. نەبى: «ياق، مەن پەقەت سىلەرنىڭ ئاراڭلارنى تۈزەپ قويۇۋاتىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بەرىرە نەبىنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئېرىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارمىدى. لېكىن ئۇنى بۇ قىلمىشى سەۋەبىدىن نەبى ياكى ساھابىلەر ئەيىبلىمىدى[1].

## 6.2. ئۇسامە بىن زەيدنىڭ قوماندان بولۇشى

نەبى (ئە س) ۋاپات بولۇشتىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن مۇتە غازىتىدا شېھىت بولغان ساھابىلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن رىمغا قارشى يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى. ئىچىدە ياش جەھەتتىن چوڭ ۋە تەجرىبىلىك ساھابىلەر بولغان قوشۇنغا 18ـ19 ياشلاردىكى ئۇسامە بىن زەيدنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇسامە ئۈچۈن بايراقنى ئۆز قولى بىلەن باغلىدى ۋە قوشۇنغا بەزى تەۋسىيەلەرنى قىلغاندىن كېيىن يولغا سالدى. ئۇسامە مەدىنىگە يېقىن بولغان «جۇرۇف» دېگەن جايدا قوشۇننى يىغىشقا باشلىدى. قوشۇن ئىچىدە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ساد بىن ئەبۇ ۋاققاسقا ئوخشاش مۆتىۋەر ساھابىلەر بار ئىدى. ساھابىلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ياش ۋە تەجرىبىسىز بولغان ئۇسامەنىڭ قوماندان قىلىپ تەيىنلىنىشىنى تەنقىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نەبى كېسەل بولۇشىغا قارىماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ مەسچىتكە باردى ۋە ساھابىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئېتىرازلىرىغا، بۇرۇن ئۇنىڭ دادىسىنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىگەن ۋاقىتتىمۇ ئېتىراز قىلىشقانلىقىنى (دېمەك، ساھابە ئىلگىرىمۇ ئېتىراز قىلغان)، لېكىن ئۇنىڭ دادىسى قوماندانلىققا قانداق لايىق بولغان بولسا، ئوغلىنىڭمۇ شۇنداق لايىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ جاۋاب بەردى[2].

(1) بۇخارى، 65/68/16 (4ـ جىلد، 171ـ172ـ بەتلەر)؛ ئەبۇ داۋۇد، 65/19 (2231.127)

(2) سارىچام ئىبراھىم، «ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە ئۇنىۋېرسال تەلىماتى»، 394ـ395ـ بەتلەر

يەنى، ئۇلارنــى قايىل قىلماقچى بولــدى.

## 7.2. ھۆدەيبىيە كېلىشىمى

ھۆدەيبىيــە كېلىشــىمى، ســاھابىلەر نەبىگــە بىــر قانچــە قېتىــم ئېتىــراز قىلغــان ۋەقــەدۇر. ھەتتــا ســاھابە «ۋەھىيگــە رىئايــە قىلغــان ئاساســتا ھەرىكــەت قىلمىغــان نەبىگــە قارشــى» ئىســيان كۆتۈرگــۈدەك ھالغــا كېلىــپ قالغــان (نەبىگــە ئىتائــەت قىلىشــنىڭ شــەرت ئەمەســلىكىنى كۆرســىتىپ بېرىدىغان) ۋەقەدۇر. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىــدەك ھىجرىيــە 6 ـ يىلــى نەبــى بىلــەن بىرگــە ھــەج قىلىــش ئۈچــۈن مەككىگە قــاراپ ئاتلانغــان مۇســۇلمانلار، مۇشــرىكلارنىڭ توســقۇنلۇق قىلىشــى ســەۋەبىدىن مەككىگــە كىرەلمىگــەن ۋە ھــەج قىلالمىغانــدى. ئــۇرۇش ئۈچــۈن تەييارلىق قىلىنغان بولســىمۇ، نەبــى (ئــە س) مۇشــرىكلار ئەۋەتكــەن ۋەكىــل سۇھەيــل بىــن ئامرنىــڭ كېلىشــىم تەكلىپىنــى قوبــۇل قىلغانــدى. تۆۋەنــدە بۇ كېلىشــىم جەريانــدا يۈزبەرگەن ۋە ســاھابىنىڭ نەبىگــە قىلغــان ئېتىرازلىــرى بىلــەن تولغــان بــۇ تارىخــى ۋەقەنــى جالالىددىــن ۋەتەنداشــنىڭ كىتابىدىــن (رەسۇل كەلىمىلىرىنــى نەبــى كەلىمىســىگە ئالماشتۇرغان ۋە ئېتىــراز قىلىنغــان نۇقتىــلاردا تىرناــق ئىچىــدە ئېتىــراز ســەۋەبلىرىنى ئەســكەرتكەن ھالــدا) ئــۆز پېتــى نەقىــل قىلىمىــز (تېكىســتنى ســاھابىلەرنىڭ پوزىتسىيەســىگە دىققــەت قىلغــان ھالــدا ئوقــۇڭ)[1]:

ســۇھەيل بىــن ئامىــر، نەبىدىكــى سۈلھى قىلىــش مايىللىقىنــى بايقىغاندىــن كېيىــن، ئەســلىدە مۇســۇلمانلاردىن قورقــۇپ سۈلھى قىلىشقا رازى بولغــان بولســىمۇ، شــەرت قويىدىغــان تــەرەپ بولۇشــقا ئــۇرۇنــدى. ئالــدى بىلــەن ئــۇ يىلدىكــى ئۆمرىنىڭ بىــكار قىلىشــىنى، لېكىــن بىــر يىلدىــن كېيىــن كەبىنــى زىيــارەت قىلىشــقا يــول قويىدىغانلىقىنــى ئېيتتــى. بــۇ قــۇرەيــش كاتتىلىرىنىــڭ ئــەڭ مۇھىــم شــەرتلىرىدىن بىــرى ئىــدى. نەبــى بۇنــى قوبــۇل قىلــدى (مەنبەلەرنىــڭ مۇتلــەق كــۆپ سانلىقى ھۆدەيبىيــە يۈرۈشــىنىڭ ئۆمــرە ئۈچــۈن ئېلىــپ بېرىلغانلىقىنــى بىلدۈرمەكتــە. لېكىــن بــۇ ســەپەر ئۆمــرە ئۈچــۈن ئەمــەس، ھــەج ئۈچــۈن بولۇشــى كېــرەك. چۈنكــى بــۇ ســەپەر زۇلقەئــدە ئېيىــدا ئېلىــپ بېرىلغان ۋە قۇربانلىــق ھايۋانــلار تەييارلانغانــدى). لېكىــن نەبــى بىلــەن قــۇرەيــش ھەيئىتىنىــڭ ئەتراپىنــى ئــوراپ تۇرغــان ۋە ئىككــى تەرەپنىــڭ سۆھبىتىنى ئاڭلاپ تۇرغــان مۇســۇلمانلار، بــۇ شــەرتنىڭ نەبــى تەرىپىدىن قوبــۇل قىلىنغانلىقىغــا ھەيــران قالدى. ئۆزئارا پىچىرلىشــىپ نەبىنىڭ بۇنىڭغا قارشــى

(1) جالالىددىن ۋەتەنداش، «ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ھاياتى ۋە ئىسلام دەۋىتى»، 2 ـ جىلد، 345 ـ 342 ـ بەتلەر

چىقماستىن، ئۇ ۋاقىتتىكى ئۆمەر زىيارىتىدىن نىمە ئۈچۈن ۋازكەچكەنلىكى ھەققىدە ئۆزىچە ئىزاھاتلار بېرىشكە باشلىدى. ئۆزلىرى زورۇر تېپىلسا ئۆلۈمگە رازى بولغان تۇرۇپ نەبى نىمە ئۈچۈن بۇنداق شەرتنى قوبۇل قىلغاندى؟ ھالبۇكى، زورۇر بولسا جەڭ قىلاتتى ۋە ئۆمەر ئىبادىتىنى ئادا قىلىشاتتى. لېكىن ئاشكارا ھالدا ئېغىز ئېچىپ بىر نەرسە دېيىشمىدى. پەقەت روھى ـ كەيپىياتى ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن بۇ ئەھۋالدىن بىئارام بولغانلىقىنى ئىپادىلەشكە تىرىشتى. شۇنداقتىمۇ نەبى مۇسۇلمانلاردىكى بۇ ئىنكاسلارغا ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدى، ئېتىراز ئىپادىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن كەيپىيات ۋە ھەرىكەتلەرنى كۆرمەسكە سالدى. ئاندىن باشقا شەرتلەرگە ئۆتتى. ئىككىنچى شەرتكە ئاساسەن ئەرەب قەبىلىلىرى ئۆزلىرى خالىغان تەرەپ بىلەن كېلىشىم تۈزەلەيتتى. بۇ ھەر ئىككى تەرەپ مۇۋاپىق كۆرگەن ۋە ئارزۇ قىلغان شەرت ئىدى. ئۈچىنچى شەرتكە ئۆتۈلدى: ئىككى تەرەپ ئۆزئارا دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىدىن 10 يىل يىراق تۇراتتى. بۇ شەرتنى ھەر ئىككى تەرەپ دەرھال قوبۇل قىلدى. ئەتراپتىكى مۇسۇلمانلار بۇ شەرتنىڭ دەرھال قوبۇل قىلىنغانلىقىنى قوبۇل قىلالمىدى. ۋەزىيەت مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىغا بولۇپ، مۇسۇلمانلار كۈنسېرى كۈچلىنىۋاتاتتى ۋە قۇرەيش بۇ شەرت بىلەن كېلەچەك 10 يىلنى كاپالەتكە ئىگە قىلغاندى. نەبىنىڭ بۇ شەرتكە قارشى چىقماستىن دەرھال قوبۇل قىلىشى سۇھەيلنىمۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغاندى. يېڭى بىر شەرتنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنى، ئەگەر بىر كىشى مۇسۇلمان بولۇپ، ۋەلىسىنىڭ (ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنىڭ) رازىلىقىنى ئالماستىن مەدىنىگە كېلىپ پاناھلانسا، ئۇ مەككە تەرەپكە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ؛ لېكىن مۇسۇلمانلاردىن بىرسى دىنىنى ئۆزگەرتىپ قۇرەيشتىن پاناھلىق تىلىسە، ئۇ كىشى مۇسۇلمانلارغا قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. نەبى بۇ شەرتنىمۇ قوبۇل قىلدى. بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئەتراپتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سەۋر ـ تاقىتى تۈگەپ، بىئارام بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى: «ئى نەبى! بولمايدۇ. بۇنداق شەرتنى قوبۇل قىلساڭ بولمايدۇ» (**1. ئېتىراز**). نەبى تەمكىن ئىدى. ئۇ سالماقلىق بىلەن: «بىزدىن ئۇلارغا كەتكۈچىنى ئاللاھ بىزدىن يىراق قىلسۇن» دېدى. كېلىشكەن بۇ شەرتلەرنى يازما ھۆججەتكە ئايلاندۇرۇش قارار قىلىندى. بۇ سۈلھى ئاغزاكى ھالەتتە قالماسلىقى، يازما ھۆججەتكە ئايلاندۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. نەبى ئەلىنى چاقىرىپ يازدۇرماقچى بولغان تۇنجى جۈملىنى ئېيتتى:

رەھمان ۋە رەھىم بولغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن.

سۇھەيل دەرھال قارشى چىقىپ:

ـ ياق، بىز رەھمان دېيىلگەن نەرسىنى تونۇمايمىز. باشلىنىش جۈملىسى ‹ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن› بولۇشى كېرەك، دېدى. نەبى:

ـ ماقۇل، دېدى ۋە ئەلىگە ‹شۇنداق يازغىن› دەپ بۇيرىدى.

ـ باشتىن تارتىپ ھەيرانلىق سەۋەبىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان ساھابە ئارىسىدا يەنە نارازىلىق كەيپىياتى ئۆرلەپ: «ياق! بۇنداق بولسا بولمايدۇ. ‹رەھمان ۋە رەھىم بولغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن› دەپ يېزىلىشى كېرەك» دېيىلگەن بولسىمۇ، نەبى يەنىلا ئاڭلىمىغانغا سېلىۋالدى (**2. ئىزاھ**). ئاندىن ئەلىگە ئىككىنچى جۈملىنى يېزىشقا بۇيرىدى: «بۇ ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد بىلەن سۇھەيل بىن ئامر كېلىشىپ قوبۇل قىلغان...». سۇھەيل يەنە قارشى چىقىپ:

ـ ياق! «ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئەمەس». بىز سېنى ئاللاھنىڭ رەسۇلى دەپ ئېتىراپ قىلمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ ئىشلار بولۇۋاتىدۇ! ئەگەر ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىنىڭ ئېتىراپ قىلغان بولساق سەن بىلەن ئۇرۇش قىلمايتتۇق. ئاللاھنىڭ رەسۇلى شەكلىدە ئەمەس، «ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى» دەپ يېزىلسۇن، دېدى. نەبى بۇنىمۇ قوبۇل قىلىپ:

ـ ئىشەنمىسەڭلارمۇ مەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى. ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد دەپ يېزىش، مېنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىمنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، دېدى ۋە ئەلىگە «شۇنداق ياز» دەپ بۇيرىدى.

چۈرىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ غەزەپ ۋە نارازىلىقى تېخىمۇ ئاشكارا ھالغا كەلدى. شۇ پەيتكىچە ھېچقانداق ئۈندىمىگەن ئەلىمۇ ئېغىز ئېچىپ، قەسەم قىلغان ھالدا (ۋاللاھى بۇنداق قىلمايمەن دەپ) ئۆزىدىن تەلەپ قىلىنغان بۇ ئىشنى قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى (**3. ئىزاھ**). ئۇسەيد بىن ھۇداير، ئەلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

ـ ياق، ئەلى! ھەرگىز ئۆزگەرتمە، «ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇھەممەدتىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايمىز» دېدى.

ساھابىلەرنىڭ بەزىلەر «بىزنى بۇنچە خار ھالەتتە كۆرگەن بۇ قىلمىشنى قوبۇل قىلمايمىز. بۇنى پەقەت قىلىچ ھەل قىلىدۇ» دېسە، بەزىلىرى: «دىنىمىز ئۈچۈن بۇ خورلۇقنى قوبۇل قىلمايمىز» دەپ نارازىلىقنى ئېنىق ئىپادىلەپ، قاتتىق سۆزلەر بىلەن سۆلھى تەرەپدارى ئەمەسلىكىنى نامايان

قىلىشقا باشلىدى[1]. شۇنىڭ بىلەن نەبى سۈلھىنى قولىغا ئالدى ۋە «ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد» ئىبارىسىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، «بۇ ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەد كېلىشكەن ھۆكۈملەردۇر» دەپ يازدى[2].

كېلىشىمنامىنىڭ باشلىنىش جۈملىسى يۇقىرىدىكى شەكىلدە يېزىلغاندىن كېيىن، سۈلھى قىلىنغان ماددىلار يېزىلىشقا باشلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ نارازىلىقلىرى، بىئاراملىقىنى ئىپادىلەيدىغان كەيپىيات ئىچىدە سۈلھىنامە يېزىپ تاماملاندى. ئەمدى نۆۋەت كېلىشىمگە قول قويۇشقا كەلگەنىدى. دەل بۇ ۋاقىتتا كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى. بۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ۋەقە مۇسۇلمانلارنىڭ سەۋر - تاقىتىنى توشقۇزغانىدى. نەبى سۈلھىگە قول قويىدىغان دەۋاتقاندا ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ۋارقىراش ئاۋازلىرى پەيدا بولدى. بارچە ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى. ئالدىدا پۇتىغا سېلىنغان كىشەننى سۆرەپ ھۇدەيبىيەگە كەلگەن سۇھەيل ئوغلى ئەبۇ جەندەل تۇراتتى. سۇھەيل ئوغلى مۇسۇلمان بولغانلىقتىن قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قاماپ قويغانىدى. دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغلىنىڭ زەنجىرىدىن تۇتتى. يەنە بىر ئوغلى ئابدۇللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ئىدى ۋە ئەبۇ جەندەلنى قولىدىن تۇتۇپ ئېلىپ قاچماقچى بولدى. سۇھەيل سۈلھىدىكى ماددىنى ئەسكەرتىپ، ئوغلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. نەبى سۈلھىگە تېخى قول قويۇلمىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن ئەبۇ جەندەلنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا تۇتۇلۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. سۇھەيل قوبۇل قىلمىدى ۋە ئوغلىنى قايتۇرۇپ بەرمىسە سۈلھىگە قول قويمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. نەبى، ئەبۇ جەندەلنى قايتۇرۇپ بېرىشكە رازى بولدى. مۇسۇلمانلار كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەيدىغان بىر ئەھۋالغا شاھىت بولۇۋاتقان بولۇپ، نېمىگە نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايۋاتاتتى. ساھابىلەر چۈشىنىشكە تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى ئىدراك قىلالمايۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئەبۇ جەندەلنىڭ يالۋۇرغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى: «ئى مۇسۇلمانلار! مېنى قايتۇرۇپ بېرەمسىلەر؟ دىنىم سەۋەبلىك مېنى قىيىن - قىستاققا ئالغانلارغا تاپشۇرۇپ بېرەمسىلەر؟». پۈتۈن كۆزلەر نەبىگە بۇرالغان بولۇپ، نەبىنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى. نەبى ئەبۇ جەندەلنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە «ئى ئەبۇ جەندەل! بۇلار بىلەن تېخى ھازىر سۈلھى قىلدۇق. سېنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك. سەن بىرئاز سەۋر قىلغىن. ئاللاھتىن بۇ سەۋرىڭنىڭ ئەجرىنى تىلىگىن. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ساڭا بىر چىقىش يولى

(1) جالالىددىن ۋەتەنداش، «ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ھاياتى ۋە ئىسلام دەۋىتى»، 2 - جىلد، 345 - 342 - بەتلەر
(2) بۇخارى، 1185؛ مۇسلىم، 1783

كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ساغلام ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا ئاسانلىق بېرىدۇ، كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلالمايمەن. بەرگەن ۋەدىمىزدە تۇرماسلىق بىزگە ياراشمايدۇ» دېدى. مۇسۇلمانلار يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدى. ۋەزىيەت شۇنداق نازۇك بولۇپ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە يۈرەكنى ئېزەتتى. ئەبۇ جەندەل كەتمەسلىك ئۈچۈن تىركىشىۋاتاتتى ۋە يالۋۇراتتى. دادىسى ئۇنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ھەپىلىشىۋاتاتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ سەۋرى تاقىتى توشاي دەپ قالغانىدى. نەبى، قۇرەيش ھەيئىتى ئىچىدىكى نىكراز ۋە ھۇۋەيتىپ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن ئەبۇ جەندەلگە يامانلىق قىلماسلىق، قىينىماسلىقنى ئۆتۈندى. ئۇلار قوبۇل قىلدى ۋە بۇ ھەقتە ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن سۈلھىگە ھەر ئىككى تەرەپ قول قويدى.

سۈلھى ھاسىل بولدى ۋە ئەبۇ جەندەلنى دادىسى ئېلىپ كەتتى. لېكىن ئۆلگىچە جەڭ قىلىش ئۈچۈن نەبىگە بەيئەت قىلغان مۇسۇلمانلار چىدىغۇسىز ئىزتىراپ ئىچىدە بولۇپ، سۈلھى شەرتلىرىنى قوبۇل قىلالمايۋاتاتتى. ئۆلۈمگە رازى بولغان تۇرۇقلۇق، ئۆزلىرى قوبۇل قىلالمايدىغان شەرتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈلھىنىڭ نېمە ئۈچۈن نەبى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. نەبىگە ئېتىراز قىلىش خۇسۇسىدا جۈرئەتكە كەلگەنلەردىن بىرسى ھەزرىتى ئۆمەر بولدى ۋە ئۇ: «سەن ئاللاھنىڭ ھەق نەبىسى ئەمەسمۇ؟ دۈشمەنلىرىمىز باتىل ئۈستىدە، بىز بولساق ھەق ئۈستىدە ئەمەسمۇ؟ بىزدىن ئۆلگەنلەر جەننەتتە، ئۇلاردىن ئۆلگەنلەر جەھەننەمدە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟...» دەپ ئارقىمۇ ئارقا سوئاللارنى سورىدى ۋە ھەممىسىگە «ھەئە، شۇنداق» دېگەن جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن: «ئۇنداقتا ئاللاھ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارماستىن ئۇرۇشتىن ياندۇق، بۇ نېمە ئۈچۈن؟» دەپ ئېتىراز ۋە سىتەم بىلەن تولغان سوئالنى سورىدى (**4. ئېتىراز**). نەبى، مۇسۇلمانلارنىڭ روھى - كەيپىياتىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى ۋە چۈشىنەتتى. ئۇ سالماقلىق بىلەن: «ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! مەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى، مەن ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپ ئىش قىلمىدىم» دېدى. ئۆمەر، بۇ سۆز ئىما قىلغان ئىشلارنى ئاڭقىرغىدەك ۋەزىيەتتە ئەمەس ئىدى. ئۇ: «بىزنى خار قىلغان بۇ كېلىشىمنى نېمشقا قوبۇل قىلدىڭ؟» دەپ سورىدى. نەبى يەنە تەمكىنلىك بىلەن: «مەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى، بۇ كېلىشىمنى قوبۇل قىلىپ ئاللاھقا ئاسىي بولمىدىم. مېنىڭ ياردەمچىم ئۇ (ئاللاھ)، ئۇ مېنى ھېچقاچان زىيانغا ئۇچراتمايدۇ» دېدى. ئۆمەر يەنە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ: «سەن بىزگە مەككىگە كىرىدىغانلىقىمىزنى دېگەنىدىڭ» دېدى. نەبى يەنە ئېغىر بېسىقلىق بىلەن: «شۇنداق، مەككىگە كىرىدىغانلىقىمىزنى دېدىم، لېكىن بۇ

يىل كىرىسلەر دېمىدىم» دېدى. ئۆمەر بىرئاز ئۈيلانغاندىن كېيىن: «بەرھەق. بۇ يىل دېمىدىڭ» دېدى[1].

ئۆمەر نەبىنىڭ جاۋابلىرىغا قايىل بولمىغانىدى. ئۇ نەبىنىڭ يېقىن دوستى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا باردى ۋە نەبىدىن سورىغان سوئاللارنى ئۇنىڭدىن سورىدى. بۇنى قىلغاندا بىر تەرەپتىن نەبىدىن رەنجىگەن ۋە ئۇنى ئەبۇ بەكرگە شىكايەت قىلغانىدى[2]. ئۆمەرنىڭ بۇ ھېسسىياتى ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئەبۇ بەكرى: «ئى ئۆمەر! ئۇ، ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر. ئۇ بۇ كېلىشىمنى قىلىش بىلەن ئاللاھقا ئاسىي بولمىدى ياكى قارشى چىقمىدى. ئاللاھ ئۇنىڭ ياردەمچىسىدۇر، ئۆلۈم كەلگىچە ئۇنىڭ ئەمرىدىن چىقمىغىن» دېدى.

ئەبۇ بەكرى ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە بىن جەرراھقا ئوخشاش بىر قانچە مۇسۇلماندىن باشقىلار، بۇ كېلىشىم سەۋەبىدىن ناھايىتى غەزەپكە كەلگەن ۋە نەبىدىن رەنجىگەنىدى. ئۇلار بۇ سۈلھىنىڭ خۇددى خەندەك ئۇرۇشى مەزگىلىدە مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن غەتەفانلىقلار بىلەن سۈلھى قىلماقچى بولغاندەك نەبىنىڭ شەخسى تىرىشچانلىقى دەپ قارايتتى ۋە بۇ قارارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكچى بولغانىدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئېتىراز قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىدىكى سەۋەب ئىدى. ئۆزلىرى ئۆلۈشكە رازى بولغان، يېنىدا پەقەت قىلىچتىن باشقا قورال بولمىغان ھالەتتىمۇ مۇشرىكلار بىلەن جەڭ قىلىشتا قىلچە ئىككىلەنمەيۋاتسا، نەبىنىڭ مۇشرىكلارنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشىنى خاتا دەپ قارىغانىدى. مانا بۇ سەۋەبتىن ئۇلار رىسالەت مەزگىلىدە ۋەھىي بولمىغان بولسىلا، ھەرقانداق قاراشقا ئېتىراز قىلالايدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن ئىلاھىي تەربىيەنىڭ نەتىجىسىدە نەبىگە ئېتىراز قىلغان، سىتەملىرىنى ئاشكارا ھالدا ئىپادىلەشتىن قورقۇپ قالمىغانىدى: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! سەن بىزگە كەبىگە بارىدىغانلىقىمىزنى، مەككىگە كىرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتمىدىڭمۇ؟ ھالبۇكى، مەككىگە بىز ياكى قۇربانلىق تۆگىلىرىمىز كىرەلمىدى!» دېگەن ۋاقىتتا، ئەسلىدە «دېگىنىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن، بىزگە بىرەر زىيان يېتىپ قالىدۇ دەپ سۆزۈڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ۋازكەچمە» دېمەكچى بولغان ئىدى. ئۇلار مەدىنىدىن چىقىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتىن قورقمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى (**5. ئوپچە ئېتىراز**).

---

(1) ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد، 3ـ جىلد، 330ـ بەت

(2) ئېتىراز قىلغان ياكى ئېتىرازىدا چىڭ تۇرغانىدى

## 8.2. قۇربانلىق قىلىش ۋە چاچ چۈشۈرۈش

سۈلھىدىن كېيىن نەبى ھەممەيلەننى قۇربانلىقلىرىنى قىلىشقا ۋە چېچىنى چۈشۈرۈشكە بۇيرىدى. مۇسۇلمانلار يەنە تېڭىرقاپ قالدى. قۇربانلىقلارنى ھەرەمدە بوغۇزلاپ، چاچنى ھەرەمدە چۈشۈرۈش كېرەك ئىدى، ئىبراھىمى ئەنئەنە مۇشۇنداق ئىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپ نەبىنىڭ ھەرەمنىڭ سىرتىدا قۇربانلىق قىلىش ۋە چاچ چۈشۈرۈشكە بۇيرۇشىنى چۈشىنەلمىدى. دېمىسىمۇ ھەممىسىنىڭ ئۇغىسىنى قايناپ تۇرغان بولۇپ، نەبىنىڭ بۇ سۆزىگە قارىتا ھېچكىمدىن ئۈن چىقمىدى. قۇربانلىق قىلىش ۋە چاچ چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھېچكىم ئورنىدىن مىدىرلىمىدى (**6. ئىپتىراز**). نەبى سۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. لېكىن ھېچكىم ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىدى (**7. ئىپتىراز**). ئۈچىنچى قېتىمدىمۇ ئەھۋالدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى (**8. ئىپتىراز**). نەبىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ چېدىرىغا، ئايالى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا بېرىپ: «ئى ئۇممۇ سەلەمە! بۇ ئادەملەرگە نېمە بولدى؟ غەلىتە ئىش، ئۇلارغا: ‹قۇربانلىق قىلىپ، چېچىڭلارنى چۈشۈرۈپ، ئېھرامدىن چىقىڭلار› دېدىم، ئەمما ھېچبىرى دېگەنلىرىمنى قىلمىدى. ئۇلار دېگەنلىرىمنى ئاڭلىدى، يۈزۈمگە قارىدى، لېكىن دېگەنلىرىمنى ئادا قىلمىدى» دەپ دىل ئاغرىقىنى ئېيتتى، قاقشىدى[1].

ئۇ ۋاقىتتىكى زىل كەيپىياتتىن خالىي قالغانلىقى ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ روھى - ھالىتىنى تولۇق چۈشەنگەن ئۇممۇ سەلەمە: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! سەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىل. قۇربانلىق قىلىپ، چېچىڭنى چۈشۈرۈپ، ئېھرامدىن چىق. ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئۇلارمۇ ساڭا ئەگىشىدۇ» دېدى[2].

نەبى (ئە س) ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىزنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ چېدىرىدىن چىقتى. قۇربانلىق قىلدى، چېچىنى چۈشۈرۈپ، ئېھرامدىن چىقتى. بۇنى كۆرگەن ساھابىلەرمۇ ھەقىقەتەن نەبىگە ئەگەشتى.

ھەم ساھابىلەرنىڭ، ھەم نەبىنىڭ بۇ مۇئامىلىسى (چارىسىزلىك ئىچىدە چېدىرىغا كىرىشى ۋە ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىزنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشى) ھەقىقەتەن ئىبرەتلىك ۋەقە بولۇپ، نەبى ئۈچ قېتىم قايتا - قايتا بۇيرۇق

---

(1) نەبىنىڭ بۇ بۇيرۇقنى رەسۇل سالاھىيتى بىلەن بەرمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇ بۇنىڭ ۋەھيي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسا، ساھابىلەرنىڭ بۇنداق مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى

(2) جالالىددىن ۋەتەنداش، «ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ھاياتى ۋە ئىسلام دەۋىتى»، 2 - جىلد، 348 - 347 - بەتلەر

قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى ئادا قىلمىغان ساھابىلەرنى ئازارلىمىغان، ئۇلارغا تەھدىت قىلمىغان. چۈنكى بۇ بۇيرۇق ۋەھيىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى نەبىنىڭ ئىجتىھاتى ئىدى. يەنى ئۇ ۋاقىتتا رەسۇل سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، نەبى سالاھىيىتى بىلەن بۇيرۇق قىلغانىدى. رەسۇلغا مۇتلەق ئىتائەت قىلغان ساھابىلەر، ۋەھيي بىلەن ئىش قىلمىغان نەبىگە زۆرۈر تېپىلغاندا ئېتىراز قىلاتتى.

## 9.2. نەبىنىڭ ئاياللىرىنىڭ مۇئامىلىسى

نەبىنىڭ سۆزلىرىگە مۇتلەق ئىتائەت قىلىشنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكىنى، نەبىنىڭ ئاياللىرىنىڭ نەبىگە قىلغان مۇئامىلىلىرىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەتتا ساھابىلەرنىڭ مۇئامىلىسى ئىچىدە بۇ خۇسۇستا ئەڭ جانلىق ئۆرنەكلەر نەبىنىڭ ئاياللىرىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ ئۆرنەكلەرنىڭ ئايەتلەر بىلەن كۆرسىتىلگەن دەلىللىرىنى ئىلگىرى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بەزى ۋەقەلەرنى نەقىل قىلغان بەزى ھەدىسلەرمۇ بار بولۇپ، بەزى رىۋايەتلەردە نەبى ئاياللىرىنىڭ نەبىگە قارشى خېلى قاتتىق (باشقا ھېچكىم ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان شەكىلدە) سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ. مەسىلەن: «ئۇلاردىن (ئاياللىرىدىن) خالىغىنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئارقىغا سۈرسەڭ، خالىغىنىڭنى يېنىڭغا ئالساڭ بولىدۇ، نۆۋىتى ئۆتۈپ كەتكەن بىرسىنى قايتىدىن يېنىڭغا ئالساڭ ھېچنېمە بولمايدۇ. مۇشۇنداق بولسا ئۇلارمۇ خۇشال بولىدۇ، قايغۇرمايدۇ ۋە سەن بەرگەنگە رازى بولىدۇ. ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، شەپقەتلىكتۇر» مەنىسىدىكى ئەھزاب سۈرىسى 51-ئايىتى نازىل بولغاندا، ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ نەبىگە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «رەببىڭنىڭ پەقەت سېنىڭلا ئارزۇيۇڭنى ئىجابەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن»[1]. بىز بۇ رىۋايەتنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى (ھەزرىتى ئائىشەنىڭ بۇ سۆزنى قىلغانلىقىنى) ئىلگىرى سۈرمەيمىز. لېكىن ھەدىس مەنبەلىرىدىكى بارلىق رىۋايەتلەرنى سەھىھ دەپ قارايدىغانلار «نەبى بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق يوق، نەبىگە ئىتائەت قىلىش كېرەك» دېگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان رىۋايەتلەرنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

بۇ دەلىللەرنىڭ ھەممىسى «نەبى ئاياللىرىنىڭ نەبىگە مۇتلەق ئىتائەت قىلمىغانلىقىنى، بەزىدە ئېتىراز قىلغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن دەتالاش

(1) بۇخارى، تەپسىر 7/33، نىكاھ 29؛ مۇسلىم، رىدا 49/1464؛ ئىبنى ماجە، نىكاھ 57/200؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، 158، 6/134

قىلغانلىقىنى، نەبىگە باشقا ھەرقانداق بىر كىشى دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى، يەنـى نەبـى ۋە رەسـۇل پەرقىنى بىلگەن ئاساسـتا مۇئامىلە قىلغانلىقىنـى» كۆرسـىتىپ بەرمەكتـە. بـۇ ھـەم قۇرئـان، ھـەم ھەدىسـلەردە ئېنىـق بولغـان مەسـىلىدۇر[1].

دېمەككـى، نەبىنىـڭ ئاياللىـرى نەبـى ۋە رەسـۇل پەرقىنـى ئايرىـپ مۇئامىلـە قىلغانـدى. ئـۇلار مۇھەممـەد (ئە س)نىڭ رەسـۇل سۈپىتىدە دېگەنلىرىگە (قۇرئانغا) مۇتلـەق ئىتائـەت قىلاتتـى. لېكىـن ئۇنىـڭ دېگەنلىـرى ۋەھيىنـى ئاسـاس قىلمىغـان بولسـا، يەنـى ئـۇ بـۇ سـۆزلەرنى رەسـۇل سـالاھىيىتى بىلـەن قىلمىغـان بولسـا، بەزىـدە سـۆزلىرىگە ئېتىـراز قىلاتتـى. ئـۇلار بۇنـى قۇرئانغـا ئاساسـەن (قۇرئانديـن ئالغـان يوليـورۇق بىلـەن) قىلاتتـى. چۈنكـى قۇرئـان ئۇلارنـى (نەبىگـە ئەمـەس) رەسـۇلغا شەرتسـىز ئىتائـەت قىلىشـقا بۇيرۇغانـدى.

«ئـى نەبىنىـڭ ئاياللىـرى!... سـىلەردىن كىمكـى ئاللاھقا ۋە رەسـۇلغا ئىتائـەت قىلسا، پايدىلىـق ئىشـلارنى قىلسا ئۇنىڭغا مۇكاپاتىنى ئىككـى ھەسسە بېرىمىز... ئـى نەبىنىـڭ ئاياللىـرى! ... ناماز ئۆتـەڭلار، زاكات بېرىـڭلار، ئاللاھقا ۋە رەسـۇلغا ئىتائـەت قىلىـڭلار» (ئەھـزاب سۈرىسـى، 33ـ ئايـەت).

يىغىنچاقلىسـاق، نەبىنىـڭ ئاياللىرىنىـڭ نەبىگـە بولغـان مۇئامىلىسـى بارلىـق ئاياللارنىـڭ ئېرىغـا قىلغـان مۇئامىلىسـىگە ئوخشـاش ئىـدى. سـىيەر كىتابلىرىـدا نەبىنىـڭ ئاياللىرىنىـڭ بـۇ خىـل مۇئامىلىسـىگە باشـقا مىسـاللار بېرىلگـەن. لېكىـن قۇرئـان ئايەتلىـرى ئارقىلىـق كۆرسـىتىپ بېرىلگـەن بـۇ ۋەقـە مەزكـۇر مەسـىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشـىمىز ئۈچـۈن كۇپايـە قىلىشـى كېرەك. بـۇلار، خـاس جەھەتتىـن نەبىنىـڭ ئاياللىرىنىـڭ، ئومۇمـي جەھەتتىـن ساھابىلەرنىڭ (نەبىنىـڭ ئاياللىرىمـۇ ساـھابىدۇر) نەبىگـە قىلغـان بـەزى ئېتىرازلىرىنىـڭ بارلىقىنـى قۇرئـان ئارقىلىـق كۆرسـىتىپ بەرگـەن.

خاتـا چۈشـەنچىلەرنىڭ سـادىر بولۇشـىغا سـەۋەب بولـۇپ قالماسـلىق ئۈچـۈن بـۇ نۇقتىـدا شـۇنى ئەسـكەرتىپ ئۆتىمەنكـى، ساھابىلەرنىڭ نەبىگە قىلغـان ئېتىرازلىرى ئىنچىـل داۋاملاشـقان مەسـىلە ئەمـەس. سـاھابىلەرنىڭ قىلغىنـى نەبىگـە قارشـى

---

(1) ئەسـلى تېكسـتى «مـا ئـەرا رەببەكـە ئىللا يۇسـارىئۇ ھەۋاكـە» شـەكلىدىكى بـۇ ھەدىسـنى ئەھمـەد داۋۇتئوغلـى «ۋاللاھـى رەببىڭنىـڭ سـېنىڭ ئارزۇلىرىڭنـى دەرھـال بىجـا كەلتۈرگەنلىكىنـى كۆرۈۋاتىمـەن» شـەكلىدە (سـەھىھى مۇسـلىم، تەرجىمـە ۋە شـەرھى، 7/402)؛ كامىـل مىـراس بولسـا «رەببىـڭ تائـالا (ئاياللارنىـڭ ئەمـەس)، پەقـەت سـېنىڭ ئارزۇلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئالدىرايدىكەن» شـەكلىدە تەرجىمە قىلغان (دىيانـەت نەشرىياتى). لېكىن بـۇ ئىپادىنىڭ بىرمۇ بىر تەرجىمىسى «رەببىڭنىـڭ سېنىڭ ئارزۇيىڭنـى قاندۇرۇشـتىن باشقا بىر ئىش قىلمىغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمـەن» شـەكلىدە بولىـدۇ

ئىسيانمۇ ئەمەس. بىزنىڭ قىلماقچى بولغىنىمىز ساھابىلەرنىڭ نەبىگە قىلغان مۇئامىلىسى بىلەن رەسۇلغا قىلغان مۇئامىلىسىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشتۇر. ئوچۇق قىلىپ ئېيتساق بىز مۇنداق دېمەكچى:

*ساھابىلەر رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بولغان قۇرئانغا مۇتلەق ئىتائەت قىلاتتى. ئەمما نەبىنىڭ ھەدىسلىرىگە بولسا بۇنداق پوزىتسىيەدە بولمايتتى. نەبىنىڭ ھەدىسلىرى ئۈستىدە ئويلىناتتى ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئېتىراز قىلاتتى. بۇنداق قىلىشتىن بۇرۇن (ھۇجۇرات سۈرىسى 3-1-ئايەتلەرنىڭ تەقەززاسى بىلەن) مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ئېغىزىدىن چىققان بىر سۆزنىڭ نەبى سۆزىمۇ ياكى رەسۇل سۆزىمۇ؟ بۇنى سورايتتى. بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. چۈنكى قۇرئاننىڭ تەلىماتى مۇشۇنداق ئىدى. ئەكسىچە بولغاندا نەبىنىڭ سۆزى دېگەن گۇمان بىلەن ئۆزىمۇ ھېس قىلماستىن رەسۇلنىڭ سۆزىگە ئېتىراز قىلىپ قالاتتى ۋە بۇ سەۋەبتىن قىلغان بارلىق ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتەتتى. ئۇلار ئالدى بىلەن بۇ سۆزنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن، ئەگەر ۋەھيي (رەسۇل سۆزى) بولمىسا، ئۇنىڭغا قارىتا مۇئامىلە قىلاتتى. يەنى، زۆرۈر تېپىلسا ئېتىراز قىلاتتى. بولۇپمۇ بۇ ئېتىرازلار پەقەت كۈندىلىك مەسىلىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسىگە ئوخشاش مۇھىم مەسىلىلەردىمۇ كۆرۈلەتتى. ساھابىلەر قىلغان ئېتىرازلارنىڭ كۆپ سانلىقى مانا مۇشۇنداق مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.*

ساھابىلەرنىڭ بۇ مۇئامىلىسى، بولۇپمۇ نەبىنىڭ بۇ ئېتىرازلارنى توغرا چۈشىنىشى ۋە بەزىدە ساھابىلەرنى قايىل قىلىشقا تىرىشىشى ھەقىقەتەن تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھەزرىتى مۇھەممەد (ئە س)، پەقەت رەسۇل سۈپىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى دۆلەت رەئىسى (ئۇلۇل ئەمر) بولۇش سالاھىيىتى بىلەنمۇ ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى بەلگىلەيتتى ۋە ساھابىلەرگە بۇ ئىستراتېگىيەسىگە رىئايە قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرەتتى. ساھابىلەر ئۈچۈن بۇ بۇيرۇقلار ھۆكۈم خاراكتېرىگە ئىگە بولاتتى. چۈنكى ئۇلۇل ئەمرگە ئىتائەت قىلىش قۇرئاننىڭ بۇيرۇقى ئىدى[1]. لېكىن نەبى بۇ بۇيرۇقلارنى ساھابىلەرگە مەجبۇرىي تاڭمىغانىدى. ھەتتا كۆپىنچە ۋاقىتتا ساھابىلەرنىڭ ئېتىرازلىرىغا قۇلاق سالغان ۋە ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلغانىدى. بەزىدە ئۇلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشقانىدى. لېكىن ھېچقاچان

---

(1) نىسا سۈرىسى، 59-ئايەت

ساھابىلەرنىڭ ئىتىرازلىرىنى ئەيىبلىمىگەنىدى.

«مەن نەبى، سىلەر قايسى جۈرئەت بىلەن ماڭا ئىتىراز قىلىسىلەر؟» دېمىگەنىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ساھابىلەرنىڭ پىكىرلىرىگە قۇلاق سالغان ۋە ئۇلار بىلەن كېڭەشكەن. نەتىجىدە ئاللاھمۇ نەبىنىڭ بۇ مۇئامىلىسىنى تەستىقلاپ، كېڭەش قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

«ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئىشىڭدا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن. بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»[1].

نەبىنىڭ ساھابىلىرىگە قىلغان مۇئامىلىسى (ساھابىلەرنىڭ ئىتىرازلىرىغا رەددىيە بەرمەسلىكى، سەلبىي نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكى، ئۇلار بىلەن كېڭەش قىلىشى) بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ۋەھيىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن نەبىنىڭ ۋەھيىگە تايانمىغان بىر ئەمەلى (ھەدىسى)، رەسۇلنىڭ ۋەھيىگە تايانغان ھەدىسىگە (ئايەت)گە ئايلانغان.

ساھابىلەرنىڭ نەبىگە ئىتىراز قىلالىشى (ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالىشى)، ئەلۋەتتە قۇرئان ئۇلارغا بەرگەن ئىمكان بىلەن بولغان. ئەكسىچە بولغاندا ساھابىلەرنىڭ بۇنداق قىلالىشى ياكى نەبى - رەسۇلنىڭ بۇ مۇئامىلىگە كۆز يۇمۇشى مۇمكىن ئەمەس. قۇرئان بۇنىڭغا يول قويغانىدى. لېكىن ساھابىلەرمۇ قۇرئاننى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى ۋە بۇنى ھاياتىغا تەتبىقلىغانىدى. ھەممىدىن مۇھىمى ساھابىلەرنىڭ بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان *دۇنيالىق ئىشلاردا سۆزىنىڭ مۇتلەق كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئېيتقۇچى دەل نەبىنىڭ ئۆزى ئىدى*[2].

دېمەك، ساھابىلەرنىڭ بەزى ۋاقىتلاردا نەبىگە ئىتىراز قىلالىشى ئالدى بىلەن قۇرئان، ئاندىن نەبىنىڭ مۇئامىلىسىگە تايانغانىدى. شۇنداقتىمۇ ساھابىلەر ھەردائىم نەبىگە ئىتىراز قىلمىغان. بەزىدە ئۆزئارا بىر - بىرىنى قايىل قىلىشقا تىرىشقانىدى. لېكىن قائىدە سۈپىتىدە (ۋەھيىگە تايانغان بىر مەسىلە بولمىسا) دائىم كېڭەش بىلەن ئىش قىلغان. بۇ ئەھۋال بىزلەر ئۈچۈنمۇ

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 159 - ئايەت

(2) مۇسلىم، فەدائىل، 141 - 139.

باشقۇرۇش، مەسلىھەت، كېڭەش... قاتارلىق خۇسۇسلاردا تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. نەبىنىڭ ساھابىلەر بىلەن كېڭەش قىلغانلىقى ۋە ساھابىلەرنىڭ تەكلىپىگە ئېتىبار بەرگەنلىكىگە تۆۋەندىكى ۋەقەلەرنى مىسال سۈپىتىدە كۆرسەتكىلى بولىدۇ:

1. بەدىر غازىتىدا سەئىد بىن مۇئازنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن بارگاھ قۇرۇشنى قوبۇل قىلغان[1].

2. خەندەك ئۇرۇشىدىن بۇرۇن مۇشرىكلارنىڭ ئۇرۇش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، نەبى ساھابىلەر بىلەن كېڭەش قىلغان ۋە سەلمانى فارىسىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، دۈشمەن بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدا خەندەك كولانغان[2].

3. كىشىلەرنىڭ (مۇسۇلمانلارنىڭ) كۆپىيىشى بىلەن تەممى دارىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆزىگە مۇنبەر ياساتقان[3].

4. قوشنا ئەللەرگە ئەۋەتىلگەن مەكتۇپلارنىڭ مۆھۈرسىز قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشقا ئاساسەن ئۆزىگە بىر مۆھۈر ياساتقان[4].

5. نامازغا چاقىرىدىغان ۋاستە سۈپىتىدە ئەزاننىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىر ساھابە كۆرگەن چۈش بىلەن بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بىلال ھەبەشىنىڭ بامدات نامىزى ئەزانىغا قوشقان «ناماز ئۇيقۇدىن تېخىمۇ ياخشىدۇر» جۈملىسى نەبىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن ئەزانغا قوشۇلغان[5].

بۇلار نەبى ئېتىبارغا ئالغان تەكلىپلەر ئىدى. ئەمما نەبى ئېتىبارغا ئالمىغان تەكلىپلەرمۇ بولغان. مەسىلەن: نەبى ساھابىلەرنىڭ ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىكى ئېتىرازلىرى ۋە بەدىر ئەسىرلىرى ھەققىدىكى تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلمىغان. ھۇدەيبىيە سۈلھىسى يۇقىرىدا ئىزاھلاپ ئۆتتۈلدى. بەدىر ئەسىرلىرى ھەققىدىكى ۋەقە مۇنداق بولغانىدى:

نەبى بەدىردە دۈشمەننى تارمار قىلماستىن ئەسىر ئالغانىدى. ھالبۇكى، رەببىمىز «كاپىرلار بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتىڭلاردا ئۇلارنى ئۇرۇل ـ كېسىل بىتچىت

---

(1) ئىبنى ھىشام، «ئەس ـ سىرەتۇن ـ نەبەۋىييە» ، 2 ـ جىلد ، 192 ـ بەت

(2) جەۋزىييە ، «زادۇل ـ مەئاد» ، 3 ـ جىلد ، 310 ـ بەت

(3) بۇخارى، مەناقىب، 25

(4) بۇخارى، ئىلىم، 7

(5) ئابدۇررەززاق ، «مۇسانناف» ، 1 ـ جىلد ، 472 ـ بەت

قىلغىچە ئۆلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئۇرۇڭلار. ئاندىن (ئەسىرلەرنى) چىڭ باغلاڭلار. ئاندىن ئۇلارنى فىدىيە ئېلىپ ياكى فىدىيە ئالماستىن قويۇپ بېرىڭلار. تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر مۇشۇنداق قىلىڭلار...»[1] دېگەندى. يەنى، نەبىنىڭ - ئۇرۇل - كېسىل زەپەرگە ئېرىشمەي تۇرۇپ- ئەسىر ئېلىشى خاتا ئىدى. ئېلىنغان بۇ ئەسىرلەرنى قانداق قىلاتتى؟ مۇھەممەد سۈرىسى 4-ئايەتكە ئاساسەن بۇلارنى فىدىيە ئېلىپ ياكى فىدىيە ئالماستىن قويۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن قاچان؟ دەرھالمۇ ياكى بىر مەزگىلدىن كېيىنمۇ؟

نەبى بۇ ھەقتە ساھابىلەر بىلەن كېڭەش قىلدى. ئۆزى بۇ ئەسىرلەرنى فىدىيە ئېلىپ دەرھال قويۇپ بېرىش تەرەپدارى ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىمۇ مۇشۇنداق قاراشتا ئىدى. لېكىن ھەزرىتى ئۆمەر ۋە سەئد بىن مۇئازغا ئوخشاش مۆتىۋەرلەر ۋە ساھابىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى ئەسىرلەرنى دەرھال قويۇپ بەرمەسلىكى تەرەپدارى ئىدى. لېكىن نەبى - كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىگە قارىماستىن- ئەسىرلەرنى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بەردى. ھالبۇكى، ئاللاھ «زەپەر قولغا كەلگەنگە قەدەر ئەسىر ئالماڭلار، ئالغان ئەسىرلەرنى چىڭ تۇتۇڭلار» دېگەندى. شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى:

«ھەرقانداق نەبى جەڭ مەيدانىدا دۈشمەننى ئۇرۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلماي تۇرۇپ ئەسىر ئالسا بولمايدۇ. سىلەر دەرھال ئېرىشىدىغان دۇنيا مېلىنى كۆزلەيسىلەر. ئاللاھ بولسا سىلەر ئۈچۈن ئاخىرەتنى كۆزلەيدۇ. ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، توغرا قارار بەرگۈچىدۇر. (زەپەر سىلەرنىڭ بولىدۇ دەپ ئىسرا سۈرىسى 77، 76 ۋە رۇم سۈرىسى 4-2-ئايەتلەردە يېزىلغان) ئاللاھنىڭ ھۆكمى بولمىغان بولسا ئىدى، ئالغان ئەسىرلەر (ۋە فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بەرگەن بۇ) ئەسىرلەر سەۋەبلىك قاتتىق ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار»[2].

نەبىنىڭ - بالدۇر ئەسىر ئېلىشى ياكى ئالغان ئەسىرلەرنى بالدۇر قويۇپ بېرىشى سەۋەبىدىن- ئالغان ئاگاھلاندۇرۇشى ناھايىتى ئېغىر بولغان، يەنى ئازاب بىلەن قورقۇتۇلغاندى. بۇ سەۋەبتىن ئەتىسى ئەتىگەندە نەبىنىڭ يېنىغا كەلگەن ھەزرىتى ئۆمەر، نەبى ۋە ئەبۇ بەكرنى كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولغان ھالەتتە كۆردى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ ئايەتلەردىن تېخى خەۋىرى يوق ئىدى. شۇڭا بۇ قايغۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. نەبى: «ئەسىرلەرنى فىدىيە ئېلىپ

(1) مۇھەممەد سۈرىسى، 4-ئايەت

(2) ئەنفال سۈرىسى، 68-67-ئايەتلەر

قويۇپ بەرگەنلىكىمىز ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتكىلى تاس قالدۇق، لېكىن بۇ ھالاكەتتىن سەن خالىي ئىدىڭ ئى ئۆمەر[1]» دېدى[2].

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك ساھابىلەرنىڭ نەبىگە قارشى قىلغان ئېتىرازلىرىدا بەزىدە نەبىنىڭ، بەزىدە ساھابىلەرنىڭ توغرا چىقاتتى. مەسىلەن: بۇ ۋەقەدە نەبىنىڭ قىلغان ئىجتىھاتى خاتا، ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ساد بىن مۇئاز قاتارلىق مۆتىۋەر ساھابىلەرنىڭ ئىجتىھاتى توغرا ئىدى. چۈنكى قۇرئان ئۇلارنىڭ قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، نەبىنىڭ ئىجتىھاتىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

مۇجادىلە سۈرىسى 1-ئايەتتە بايان قىلىنغان ۋەقەدىمۇ يوللۇق بولغۇچى -نەبى بىلەن مۇنازىرىلەشكەن- ئايال ئىدى. لېكىن بۇ ئەھۋالنىڭ دەل ئەكسىمۇ -يەنى نەبى يوللۇق بولغان ۋەقەلەرمۇ- بولغان. مەسىلەن: ئەنفال سۈرىسى 6-5-ئايەتلەردىكى مۇنازىرىدە يوللۇق بولغان تەرەپ ساھابىلەر ئەمەس، بەلكى نەبى ئىدى. ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىمۇ ھەقلىق يوللۇق بولغۇچى (نەبىگە ئېتىراز قىلغان ھەزرىتى ئۆمەر قاتارلىق ساھابىلەر ئەمەس) نەبى ئىدى. چۈنكى -ساھابىلەرنىڭ بارلىق ئېتىرازلىرىغا قارىماستىن- نەبى قول قويغان بۇ كېلىشىم، مەككىنىڭ فەتھە قىلىنىشى بىلەن نەتىجىلەنگەن باسقۇچنى باشلىغانىدى. يەنى، بۇ سۈلھىدە پايدا ئالغۇچىلار -مۇشرىكلار ئەمەس- مۇسۇلمانلار بولغانىدى.

يۇقىرىقىلار ساھابىلەرنىڭمۇ، نەبىنىڭمۇ بەزىدە خاتالاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ رېئاللىق قۇرئاندا ئېنىق كۆرسىتىلگەن. مانا بۇ سەۋەبتىن قۇرئان نەبىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇمىغان، ساھابىلەرمۇ مانا بۇ سەۋەبتىن بەزىدە ئېتىراز قىلالىغان. لېكىن بۇلار نەبىنىڭ بارلىق قارارلىرىنىڭ خاتا، ساھابىلەرنىڭ ھەر ئېتىرازىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. نىسبەتلەشتۈرگەن ۋاقىتتا كۆپىنچە نەبىنىڭ سۆز -ھەرىكىتىنىڭ توغرا، ساھابىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما بىزنىڭ چۈشەندۈرمەكچى بولغىنىمىز بۇ ئەمەس. مۇھىم بولغىنى (ئىزاھلىماقچى بولغىنىمىز) توغرا ياكى خاتا، ئاز ياكى كۆپ، سىجىل ياكى نادىر، قانتىق ياكى ئەيمەنگەن ھالدا بولسۇن، قايسى ھالەتتە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ساھابىلەرنىڭ نەبىگە ئېتىراز قىلالىغانلىقى، نەبىنىڭمۇ بۇ ئېتىرازلارنى توغرا چۈشەنگەنلىكى مەسىلىسىدۇر.

---

(1) مۇسلىم، جىھاد ۋە سىيەر، 58؛ تىرمىزى، تەپسىر 8

(2) ئىبراھىم سارىچام، ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئەسەر، 163-161-بەتلەر. جالالىددىن ۋەتەنداش، «ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ھاياتى ۋە ئىسلام دەۋىتى»، 2-جىلد، 117-114-بەتلەر

نەبى بۇ ئېتىرازلارنىڭ ھەممىسىنى توغرا دەپ قارىمىدى، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ ھەممىسىنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلمىدى، توغرا چۈشەندى. ئۆزى توغرا دەپ قارىمىغان (ھۇدەيبىيەدىكىگە ئوخشاش) بەزى ئېتىرازلارنى ئېتىبارغا ئالمىدى. لېكىن ساھابىلەرنىڭ ئېتىرازلىرىنى توغرا چۈشەندى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئېتىراز قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلار بىلەن كېڭەشكەن. قۇرئانمۇ ئۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسىنى تەستىقلىغان. قۇرئان بۇ ئارقىلىق ئۇنى ئۆرنەك كۆرسىتىپ ھەممىمىزگە كېڭەش ۋە مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان[1].

بۇ نۇقتىدا مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. يەنى، ساھابە نېمىگە ئاساسەن نەبىگە ئېتىراز قىلاتتى؟ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئاساسى قۇرئاندا نەبىگە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقىنىڭ بولماسلىقىمۇ؟ ئەلجاۋاب: ساھابىنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى بىردىنبىر چىقىش نۇقتىسى ئەلۋەتتە بۇ ئەمەس. چۈنكى قۇرئان مەرۇپ بولمىغان ئىشلاردا نەبىگە ئىسيان (ئېتىراز) قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ھەتتا بۇنى بەيئەت قىلغان ئاياللار مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىلدۈرگەن:

**يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ إِذَا جَاءَكَ الْمُؤْمِنَاتُ يُبَايِعْنَكَ عَلَى أَنْ لَا يُشْرِكْنَ بِاللَّهِ شَيْئًا وَلَا يَسْرِقْنَ وَلَا يَزْنِينَ وَلَا يَقْتُلْنَ أَوْلَادَهُنَّ وَلَا يَأْتِينَ بِبُهْتَانٍ يَفْتَرِينَهُ بَيْنَ أَيْدِيهِنَّ وَأَرْجُلِهِنَّ وَلَا يَعْصِينَكَ فِي مَعْرُوفٍ فَبَايِعْهُنَّ وَاسْتَغْفِرْ لَهُنَّ اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ**

«ئى نەبى! مۇئمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، باللىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، قولى ۋە پۇتلىرى ئارىسىدا بىر تۆھمەت پەيدا قىلىپ كەلمەسلىككە، مەرۇپ (توغرا ۋە ياخشى ئىشلار)تا ساڭا ئاسىي بولماسلىققا بەيئەت قىلسا، ئۇلارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» ( مۇمتەھىنە سۈرىسى، 12 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە كۆرۈلگەندەك قۇرئان نەبىنىڭ يېنىغا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئاياللارغىمۇ نەبىگە ھەرقانداق ئىشتا شەرتسىز ئىتائەت قىلىش شەرتىنى قويمىغان. ئىتائەتنىڭ مەرۇپ دائىرىسى ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ھەمدە بۇ شەرتنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى نەبى بىلەن بەيئەتلەشمەكچى بولغانلارغا قويغان. بۇ سەۋەبتىن نەبىگە شەرتسىز

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 159 ـ ئايەت

ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇمىغان قۇرئان، بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق بەزى ئەھۋاللاردا نەبىگە ئېتىراز قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەزكۇر ئايەتتە نەبىگە بەيئەت قىلغانلار ئۈچۈن قويۇلغان بۇ شەرت (مەرۇپ ئىشلاردا نەبىگە قارشى چىقماسلىق) بىزگە مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ:

1. نەبىنىڭ مەرۇپ بولمىغان ئىشلارغا بۇيرۇش ئېھتىمالى بار.

2. مەرۇپ بولمىغان بۇ ئىشلاردا نەبىگە ئېتىراز قىلىشقا بولىدۇ.

نەبى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بۇ ئىپادە (مەرۇپ ئىشلاردا نەبىگە قارشى چىقماسلىق) ھېچبىر ئايەتتە رەسۇل ئۈچۈن ئىشلىتىلمىگەن. رەسۇل ئۈچۈن ئىزچىل ھالدا مۇتلەق ئىتائەت قىلىش تەلەپ قىلىنغان. چۈنكى رەسۇلنىڭ مەرۇپ بولمىغان ئىشقا بۇيرۇشى (ئايەتلەرنى تەبلىغ قىلىشتىن باشقا بىر ئىش قىلىشى) مۇمكىن ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن ھەرقانداق ئەھۋالدا رەسۇلغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىش كېرەك ۋە ھەرگىزمۇ قارشى چىقماسلىق لازىم. ئەمما نەبى ئۈچۈن بۇنداق مەجبۇرىيەت يوق.

شۈبھىسىزكى، قۇرئاننىڭ بۇ تەۋسىيەسىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ھاياتىغا تەتبىقلىغۇچىلار ساھابىلەر ئىدى. چۈنكى ئۇلار نەبى بىلەن كېڭەش قىلاتتى، زۆرۈر تېپىلغاندا ئېتىراز قىلىشتىن قورقۇپ قالمايتتى. ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ـ قۇرئان كۆرسىتىپ بەرگەن ـ بۇ مۇئامىلىسى بىزگە ناھايىتى مۇھىم ساۋاقلارنى بېرىدۇ. يەنى:

ساھابە نەبىنىڭ قىلغان ھەر سۆزىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغانىدى. يەنى، بۇ سۆزلەرنىڭ نەبىگە مەنسۇپ بولۇپ ـ بولمىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق شۈبھە ئىچىدە ئەمەس ئىدى. ئاڭلىغان بۇ سۆزلەرنىڭ يۈز پىرسەنت نەبىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. يەنى، نەبىدىن ئاڭلىغان ھەر سۆز ئۇلار ئۈچۈن مۇتەۋاتىر ھەدىس (بۇ سۆزنىڭ نەبىگە ئائىت ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شۈبھە يوق) ئىدى. ئەمما ئۇلار نەبىنىڭ ھەدىسى بولغان بۇ سۆزلەرنى مۇتلەق ھۆكۈم سۈپىتىدە قوبۇل قىلمايتتى ۋە ھەتتا بەزىدە بۇ سۆزلىرىگە ئېتىراز قىلاتتى.

ھالبۇكى، بىزلەر نەبىنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن ھەرقانداق ھەدىس ئۈچۈن «شەكسىز نەبىنىڭ سۆزى» دېيەلمەيمىز. ئەمما شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ (نەبىنىڭ ھەدىسلىرى ئۈچۈن) قىلىشىمىز كېرەك بولغان ئىش، دەل ساھابىلەرنىڭ بۇ

ھەقتىكى پوزىتسىيەسىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشتۇر. ساھابىلەر ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ نەبىنىڭ سۆزلىرىنى مۇتلەق ھۆكۈم سۈپىتىدە قوبۇل قىلمايتتى. ھەتتا بەزىدە ئېتىراز قىلاتتى. چۈنكى بۇ سۆزلەر نەبى مۇھەممەدنىڭ ۋەھيىگە تايانمىغان سۆزلىرى بولۇپ، مۇتلەق ھۆكۈم تەشكىل قىلمايتتى.

ساھابىلەر قىلغان ئەڭ مۇھىم ئىش، مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ئېغىزىدىن چىققان بىر سۆزنىڭ ۋەھيي بولۇپ ـ بولمىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئىدى. ئۇلار بۇ خۇسۇستا ئىرىشچانلىق كۆرسىتەتتى ۋە كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى قۇرئان ئۇلارغا بۇنى ئۆگەتكەنىدى. ئايەتلەرنىڭ چۈشۈشى داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەرنىڭ قايسىسى ئايەت، قايسىسى ئايەت ئەمەس بۇنى ئايرىشى كېرەك ئىدى.

ئۇنداق قىلمىغاندا نەبىنىڭ سۆزى دېگەن گۇمان بىلەن ئۆزىمۇ تۇيماستىن رەسۇلنىڭ سۆزىگە ئېتىراز قىلىپ قالاتتى ۋە بارلىق ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتەتتى. بىز بولساق بۇ ئىرىشچانلىقنى باشقا شەكىلدە كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى تاماملاندى. يەنى رەسۇلنىڭ سۆزلىرى ئېنىق (قۇرئان). رەسۇل مۇھەممەدنىڭ سۆزلىرى قۇرئان ئارقىلىق ۋە ئىلاھى ھىمايە بىلەن بىزگە يېتىپ كەلدى. مۇھەممەد (ئە س)غا مەنسۇپ قىلىنغان، لېكىن قۇرئاندا بولمىغان سۆزلەر پەقەتلا نەبى مۇھەممەدنىڭ سۆزلىرى بولالايدۇ. بۇلار ئەگەر قۇرئانغا زىت كەلمىسە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، زىت كەلسە رەت قىلىنىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەر سۆز (ھەدىس)نىڭ 1) نەبىگە مەنسۇپ بولۇپ ـ بولمىغانلىقى؛ 2) قۇرئانغا مۇۋاپىق كېلىپ ـ كەلمەيدىغانلىقى ئېنىقلىنىشى كېرەك. لېكىن بولمىسا بولمايدىغان شەرت قۇرئانغا ئۇيغۇن بولۇشى بولۇپ، نەبىگە مەنسۇپ قىلىنمىغان بولسىمۇ، قۇرئانغا مۇۋاپىق كەلگەن ھەر سۆز قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما قۇرئانغا زىت كېلىدىغان ھەرقانداق سۆز نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان تەقدىردىمۇ رەت قىلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىس قۇرئان ئەلگىكىگە سېلىنماي تۇرۇپ قوبۇل قىلىنماسلىق ياكى رەت قىلىنماسلىقى لازىم. لېكىن رەسۇل سۆزلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان سۆزلەرگە چىڭ ئېسىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى بۇلار (نەبىنىڭ ئەمەس) رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ سۆزلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ساھابىلەر نەبىنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ بۇ سۆزنى تەھقىق قىلاتتى. بۇ سۆزنىڭ ۋەھيىگە تايىنىپ ـ تايانمىغانلىقىنى

سورايىتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ھەدىسنىڭ سەھىھلىكى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىقى) ھەققىدە ھېچقانداق شۈبھە ئىچىدە ئەمەس ئىدى. يەنى، ئۇلارنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان بۇ سۆزلەرنىڭ نەبىگە ئائىت ئىكەنلىكىدە گۇمانى يوق ئىدى. لېكىن بۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن بۇ سۆزنىڭ (ۋەھيىنى ئاساس قىلىپ ـ قىلمىغانلىقى ھەققىدە) تەھقىق ئېلىپ باراتتى. بىز بولساق نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان بىر سۆزنىڭ ھەم نەبىگە ئائىت بولۇپ ـ بولمىغانلىقىنى، ھەم ۋەھيىگە مۇۋاپىق كېلىپ ـ كەلمەيدىغانلىقىنى تەھقىق قىلىشىمىز كېرەك. يەنى، بۇ ھەقتە ساھابىلەرنىڭ قىلىشى كېرەك بولغان بىر مەجبۇرىيەت بار بولسا، بىزنىڭ ئىككى مەجبۇرىيىتىمىز بار. ھۇجۇرات سۈرىسى 3 ـ 1 ـ ئايەتلىرى ساھابىلەر ۋە ئۇلار ئارقىلىق ھەممىمىزگە بۇ مەجبۇرىيەتنى ئارتماقتا.

## پەيغەمبەر ئۇقۇمى پەيدا قىلغان زىددىيەتلەر

ئەگەر نەبى ـ رەسۇل ئۇقۇمى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نەزەرگە ئېلىنمىسا ۋە ھەر ئىككىسى «پەيغەمبەر» شەكلىدە چۈشىنىلسە، دەلىل سۈپىتىدە بېرىلگەن ئايەت مەنە تەرجىملىرى سەۋەبىدىن قۇرئاننى زىددىيەت بىلەن تولغان كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈپ قويىمىز. ئەپسۇسكى، قۇرئان تەرجىملىرىنىڭ كۆپ سانلىقى قۇرئاننى بۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان. بۇ ئەھۋالنىڭ ئىسلامنىڭ تەبلىغ قىلىنىشىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنلىكى ئېنىق. چۈنكى قۇرئان بۇ سەۋەبتىن زىددىيەت بىلەن تولغان كىتاب ھالىغا كېلىپ قالىدۇ، قايىل قىلىش كۈچىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. بۇنى مۇنداق بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي:

مۇنداق پەرەز قىلايلى، غەيرى مۇسلىم (ئاتېئىزمچى) بىر كىشىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدۇق ۋە ئۇنىڭغا: «مانا بۇ ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان، بۇ كىتابنى ئوقۇسىڭىز ئىچىدە ھېچقانداق زىتلىق يوقلىقىنى بايقايسىز ۋە بۇنىڭ ئاللاھتىن كەلگەن كىتاب ئىكەنلىكىگە قايىل بولىسىز» دەپ، ئۇنىڭغا بىر قۇرئان مەنە تەرجىمىسىنى بەردۇق. ئۇ كىشى قۇرئاننىڭ بۇ مەنە تەرجىمىسىنى ئوقۇشقا باشلايدۇ. كىتابنىڭ بېشىدىلا بەقەرە سۈرىسى 2 ـ ئايەتتىكى «بۇ شۇنداق بىر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق شۈبھە يوق» جۈملىسىنى كۆرىدۇ. بىر ئاز ئىلگىرىلەپ ئوقۇغاندا نىسا سۈرىسى 82 ـ ئايەتتە «ئۇلار تېخىچە قۇرئان ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ ئەگەر ئۇ ئاللاھتىن غەيرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بولسا ئىدى ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە زىتلىقنى كۆرەتتى» دېگەن جۈملىلەرنى ئۇچرىتىدۇ. يەنى، قۇرئان «بۇ كىتابتا ھېچقانداق زىتلىق تاپالمايسىلەر. ئەگەر تاپالىساڭلار،

بۇ كىتابنى ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلمىگەن دەپ قارىساڭلار بولىدۇ» دەپ، كىشىگە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى ئىما قىلىدۇ. ئەمما بۇ كىتابنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغانسېرى، قولىدىكى كىتابنىڭ (مەنە تەرجىمىنىڭ) ئىچىدىكى زىتلىقلارنى بايقاشقا باشلايدۇ ۋە قۇرئان (ئۇنىڭ ئېڭىدا) زىتلىق بىلەن تولغان كىتابقا ئايلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە قۇرئان ـ كىتابخان بۇ زىتلىقلارنىڭ مەنە تەرجىمىدىن كېلىپ چىققانلىقى سەۋەبىدىن دەپ قارىماستىن، قۇرئاننىڭ ئۆزىدە شۇنداق ئىكەن دەپ قارىغانلىقتىن ـ قايىل قىلارلىق كۈچىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. خاتا مەنە تەرجىمە سەۋەبىدىن قۇرئاننى مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان بەزى زىتلىقلار تۆۋەندىكىچە:

1) ئەئراف سۈرىسى 157 ـ ئايەت. «ئۇ پەيغەمبەر سىلەرگە ھارام قىلىدۇ» دەيدۇ، لېكىن تەھرىم سۈرىسى 1 ـ ئايەتتە «ئى پەيغەمبەر! نېمە ئۈچۈن ھارام قىلىسەن (ھارام قىلالمايسەن)» دېيىلىدۇ.

2) ئەھزاب سۈرىسى 57 ـ ئايەتتە «ئاللاھ، پەيغەمبەرنى رەنجىتكەنلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەت لەنەت قىلىدۇ ۋە خار قىلغۇچى ئازاب تەييارلايدۇ» دېيىلىدۇ. ئەمما ئەھزاب سۈرىسى 53 ـ ئايەتتە ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەرنى رەنجىتكەنلىكى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا بۇنداق تەھدىت قىلىنمايدۇ. ھەتتا تەۋبە سۈرىسى 24، 88 ۋە 100 ـ ئايەتلەردە ئاللاھنىڭ ئۇلاردىن رازى بولغانلىقى ۋە ئۇلارغا جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

3) ئەھزاب سۈرىسى 36 ـ ئايەتتە «پەيغەمبەر بىر ئىش ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن، ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىنىڭ بولمايدىغانلىقى، پەيغەمبەرگە قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئوپئوچۇق ئازغۇن بولىدىغانلىقى» بىلدۈرۈلگەن. ئەمما ئەھزاب سۈرىسى 37 ـ ئايەتتە ھەزرىتى زەيد پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلمايدۇ، لېكىن بۇ سەۋەبتىن ھېچقانداق ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايدۇ. ھەتتا ئۇ «ئاللاھ نېمەتلەندۈرگەن كىشى» دەپ سۈپەتلىنىدۇ. يەنى، قۇرئاندا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان بىردىنبىر ساھابە بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغاندەك، ئىمانىمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن تەستىقلىنىدۇ ۋە جاكارلىنىدۇ[1].

4) نىسا سۈرىسى 65 ـ ئايەتتە «پەيغەمبەرنى ھاكىم قىلىپ، ئۇ بەرگەن ھۆكۈمگە رازى بولمىغانلار ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ» دېيىلىدۇ. لېكىن مۇجادىلە سۈرىسى 1 ـ ئايەتتە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمىگە رازى بولمىغان ۋە ھەتتا ئۇنىڭ

(1) بەقەرە سۈرىسى 211، 231؛ ئالئىمران سۈرىسى، 103؛ مائىدە سۈرىسى 3،6،7؛ فەتىھ سۈرىسى، 2 ـ ئايەت

بىلەن مۇنازىرىلەشكەن بىر ئايال ئاللاھ تەرىپىدىن قوللاپ قۇۋۋەتلىنىدۇ. ئاللاھ ئېرى ھەققىدە پەيغەمبەر بىلەن مۇنازىرىلەشكەن بۇ ئايالنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىغان ئايەتلەرنى نازىل قىلىدۇ[1].

5) نىسا سۈرىسى 115-ئايەتتە «كىمكى پەيغەمبەر بىلەن مۇنازىرە قىلسا ئۇنى جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز» دېيىلىدۇ. ئەنفال سۈرىسى 6-5-ئايەتتە پەيغەمبەر بىلەن مۇنازىرىلەشكەن مۇئمىنلەر بۇنداق تەھدىتكە ئۇچرىمايدۇ، ھەتتا ئاللاھ ئۇلارغا تەۋبە سۈرىسى 24 ۋە 100-ئايەتتە جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىدۇ.

6) ئەھزاب سۈرىسى 33-30-ئايەتلەردە «ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى، سىلەر باشقا ئاياللارغا ئوخشىمايسىلەر، دىققەت بىلەن ئىش قىلىڭلار، ئەگەر ھاياسىزلىق قىلساڭلار سىلەرگە ئىككى ھەسسە جازا بېرىلىدۇ، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» دېيىلىدۇ. لېكىن تەھرىم سۈرىسى 5-4-ئايەتتە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلمىغان، ھەتتا ئۇنىڭغا بەزى قىلتاقلارنى قۇرغان ئىككى ئايالغا بۇ ئىككى ھەسسە جازادىن سۆز قىلىنمايدۇ. ئاللاھ قىلمىشى سەۋەبىدىن تالاق قىلىنىش دەرىجىسىگە كېلىپ قالغان بۇ ئىككى ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئاياللىرىنى پاكلايدۇ ۋە ھەممىسىنى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى دەپ ئاتايدۇ[2].

ئىچىدە مۇشۇنداق زىتلىقلار بار دەپ قارالغان بىر كىتاب (مەنە تەرجىمە) ئارقىلىق ھەرقانداق بىر غەيرى مۇسۇلمىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ھەرقانداق بىر ئاتېئىزمچىنى بۇ مەنە تەرجىمىلەر ئارقىلىق ئىسلامغا دەۋەت قىلغىلى بولامدۇ؟ قىلغىلى بولمىسا بۇنىڭ سەۋەبچىسى كىم؟

ئەمدى نەبى - رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە دىققەت قىلغان ۋاقتىمىزدا، مەۋجۇت دەپ قارىغان بۇ زىتلىقنىڭ قانداق يوقايدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى:

1) ئەئراف سۈرىسى 157-ئايەتتە «ئەر رەسۇلەن نەبىيەل ئۇممىيە» ئىپادىسى ئارقىلىق ھارام بەلگىلىگۈچى «ئۇممى نەبى (بولغان) رەسۇل»دۇر. تەھرىم سۈرىسى 1-ئايەتتە ئۆزىگە «يا ئەييۇھان نەبىييۇ!» ئىپادىسى ئارقىلىق خىتاب قىلىنغۇچى ۋە «نېمە ئۈچۈن ھارام قىلىسەن؟» دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغۇچى بولسا «نەبى»دۇر. يەنى، ئەئراف 157-ئايەتتە ھارام بەلگىلىگۈچى «رەسۇل»، تەھرىم سۈرىسى 1-ئايەتتە ھارام بەلگىلىيەلمىگۈچى «نەبى»دۇر (رەسۇلنىڭ

---

(1) مۇجادىلە سۈرىسى، 4-2-ئايەتلەر

(2) ئەھزاب سۈرىسى 5- ۋە 33-ئايەتلەر

ھارام قىلىشى، ئاللاھ بەلگىلىگەن ھاراملارنى ئىلان قىلىشىدۇر).

2) ئەھزاب سۈرىسى 57-ئايەتتە «ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە لەنەت قىلغان ۋە قاتتىق خار قىلغۇچى ئازاب تەييارلىغان كىشىلەر، يەنى ‹يۇزۇنەللاھە ۋە رەسۇلەھۇ› » ئىپادىسى بىلەن بىلدۈرۈلگەن كىشىلەردۇر. يەنى، ئاللاھ ۋە رەسۇلنى رەنجىتكەن كىشىلەردۇر. ئەھزاب سۈرىسى 53-ئايەتتە بۇنداق تەھدىتكە ئۇچرىمىغانلار بولسا «يۇزىن نەبىييە» ئىپادىسى بىلەن بىلدۈرۈلگەنلەر، يەنى نەبىنى رەنجىتكەن كىشىلەردۇر. نېمە ئۈچۈن رەسۇلنى رەنجىتكەنلەر بۇنداق قاتتىق تەھدىتكە ئۇچرايدۇ، نەبىنى رەنجىتكەنلەر ئۇنداق بولمايدۇ؟ چۈنكى رەسۇلنىڭ رەنجىشى «بىز ئۇلارنىڭ قىلغان سۆزلىرىنىڭ دىلىڭنى رەنجىتكەنلىكىنى بىلىمىز. ئەسلىدە ئۇلار سېنى يالغانچىغا چىقارمايۋاتىدۇ. ئۇ زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە قارشى چىقىۋاتىدۇ»[1] دېيىلگەن ئايەتتىن مەلۇم بولغاندەك مەسىلە رىسالەتنىڭ ئىنكار قىلىنىشى ئىدى. يەنى، ۋەھيىگە قارشى چىققانلىقى ئىدى. ئەمما نەبىنىڭ رەنجىشى بولسا ئۇنىڭ ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن رەنجىشى ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى. يەنى، ھەرقانداق بىر ئىنسان رەنجىتىلمەسلىكى كېرەك. ئەمما رەسۇلنىڭ رەنجىتىلىشى بىلەن ئىنسان بولغان نەبىنىڭ رەنجىتىلىشى ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. بۇنى كۆرۈپ يېتىش كېرەك.

3) ئەھزاب سۈرىسى 36-ئايەتتە «ئاللاھ ۋە رەسۇلى بىر ئىش ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارغاندا، ئەر - ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. كىمكى ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا قارشى چىقسا روشەن ئازغۇنلۇققا مۇپتىلا بولغان بولىدۇ» دېيىلگەن. دېمەككى، رەسۇلغا ئېتىراز قىلىشقا بولمايدۇ. ئەھزاب سۈرىسى 37-ئايەتتە ھەزرىتى زەيدكە «ئايالىڭنى تالاق قىلما، ئەمرىڭدە تۇت، ئاللاھتىن قورققىن» دېگۈچى (رەسۇل ئەمەس) نەبىدۇر. چۈنكى رەسۇل تالاقنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر سۆز (ئايەت) ئېلىپ كەلمىگەن. يەنى، قۇرئاندا بۇنداق بىر ئايەت يوق. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەزرىتى زەيدكە بۇ بۇيرۇقنى بەرگۈچى نەبى مۇھەممەد ئىدى. ئەمما ھەزرىتى زەيد نەبىنىڭ بۇ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلمىدى. چۈنكى قۇرئان نەبىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئەمەس ئىدى.

4) «سېنى ھاكىم قىلىپ، بەرگەن ھۆكمىڭنى تولۇق قوبۇل قىلمىغانلار

(1) ئەنئام سۈرىسى، 33-ئايەت

ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ» دېگەن نىسا سۈرىسى 65-ئايەت، «بىز ھەر رەسۇلنى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئىتائەت قىلىنسۇن دەپ ئەۋەتتۇق» دېگەن نىسا سۈرىسى 64-ئايەتتىن كېيىن كەلمەكتە. بۇ سەۋەبتىن نىسا سۈرىسى 65-ئايەتتىكى «سەن» ئىپادىسى -تېكىست ئۇنى تەقەززا قىلغانلىقى ئۈچۈن- رەسۇلنى كۆرسىتىدۇ. «ئۇز ۋاقتىدا رەببىڭ سېنى ھەق يولدا ئۆيۈڭدىن چىقارغانىدى. مۆئمىنلەردىن بىر گۇرۇپپا كىشى بۇنى ياقتۇرمىغانىدى. ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىنمۇ خۇددى سەن ئۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە ھەيدەۋاتقاندەك يەنە سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ» دېيىلگەن ئەنفال 6-5-ئايەتتىكى «سەن» بولسا نەبىدۇر. چۈنكى بۇ ۋەقەدە مۇنازىرە قىلىنغان مەسىلە -ئايەت ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن بىر خۇسۇس ئەمەس- نەبىنىڭ ئۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قارارى (ئىجتىھاتى) ئىدى. ئەگەر بۇ ئىجتىھات ئەمەس ئايەت بولغان بولسا ئىدى، ئۇ ۋاقىتتا خىتاب قىلىنغۇچى رەسۇل بولاتتى ۋە ساھابىلەر ھەرگىزمۇ ئېتىراز قىلمايتتى. لېكىن بۇ نۇقتىدا خىتاب قىلىنغۇچى رەسۇل ئەمەس، نەبى ئىدى.

5) نىسا سۈرىسى 115-ئايەتتە جەھەننەم بىلەن قورقۇتۇلغانلار رەسۇل بىلەن مۇنازىرە قىلىشقان كىشىلەر ئىدى. رەسۇلغا ئۆكتىچىلىك قىلىش، تەبلىغ قىلغان ئايەتكە قارشى چىققانلىق بولىدۇ. لېكىن مۇجادىلە سۈرىسى 1-ئايەتتىكى ئايال نەبى بىلەن مۇنازىرە قىلغانىدى. چۈنكى بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە تېخى زىھار ھەققىدە ئايەت نازىل بولمىغانىدى. يەنى، ئوتتۇرىدا بۇ ئايالغا ئوقۇپ بېرىلىدىغان زىھار ھەققىدە بىر ئايەت يوق ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ ئايال ئوقۇپ بېرىلگەن ئايەتكە (رەسۇلغا) ئەمەس، نەبىگە قارشى چىققانىدى. چۈنكى زىھارنىڭ ھۆكمىنى بىلدۈرىدىغان مۇجادىلە 4-2-ئايەتلەرنىڭ چۈشۈشىگە ئۇ ئايالنىڭ مۇنازىرىسى سەۋەب بولغانىدى.

6) ئەھزاب سۈرىسى 33-30-ئايەتلەر ئارىسىدىكى «ئى نەبىنىڭ ئاياللىرى!... سىلەردىن كىمكى ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلسا ۋە ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭغا مۇكاپاتىنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىمىز... ئى نەبىنىڭ ئاياللىرى!... نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار!» دېيىلگەن. يەنى، نەبىنىڭ ئاياللىرىغا «رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار!» دېگەن. ھەممىسى بۇ ئايەتنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن رەسۇلغا ئىتائەت قىلاتتى. ئەمما نەبىگە بۇنداق مۇتلەق ئىتائەت قىلمايتتى. چۈنكى نەبى بىلەن رەسۇلنىڭ پەرقىنى بىلەتتى. تەھرىم سۈرىسى1-5-ئايەتلەردە نەبىگە مۇتلەق

ئىتائەت قىلمىغانلىقىنى، ھەتتا ئىككى ئايالنىڭ نەبىگە تۇزاق قۇرغانلىقىنى، نەبىنىڭ بۇ ۋەقە سەۋەبىدىن دىلى رەنجىگەنلىكىنى، ئۇلارنى تالاق قىلىشنىمۇ ئويلاشقانلىقىنى (لېكىن تالاق قىلمىدى) كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## رەسۇل، نەبى ۋە ئۇلۇل ئەمر مۇھەممەد (ئە س)

قۇرئاندا ئۇلۇل ئەمرگە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. لېكىن پەقەت بىر ئايەتتە يەر ئالغان بۇ ئىتائەت بۇيرىقىنىڭ مۇتلەق ئەمەسلىكى ئايەتنىڭ داۋامىدىن مەلۇم بولماقتا:

**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا**

«ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، يەنى رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئۇلۇل ئەمر (مەسئۇل كىشى)گە ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر ھەرقانداق بىر شەيئى ئۈستىدە ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئۇنداقتا بۇ ھەقتە ئاللاھقا، يەنى رەسۇلغا مۇراجىئەت قىلىڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، ھەم نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ياخشىدۇر» (نىسا سۈرىسى، 59-ئايەت).

ئايەتتە «ئەگەر ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار، بۇ ھەقتە ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا مۇراجىئەت قىلىڭلار» دېيىش ئارقىلىق ئۇلۇل ئەمر بىلەن ئارىمىزدا ئىختىلاپ چىقىش ئېھتىمالى بارلىقىدىن ئالدىنئالا خەۋەر بېرىلگەن ۋە ئۇلۇل ئەمرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ مۇتلەق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن.

مۇپەسسىرلەرنىڭچە «ئۇلۇل ئەمر» مۇئمىن بولغان باشقۇرغۇچىلار، يەنى «ئۇمەرا (خەلىپىلەر، قازىلار، قوماندانلار) ياكى شەرىئەت ئالىملىرى، يەنى «ئۇلىمالار»دۇر[1]. نىسا سۈرىسى 83-ئايەت نەزەرگە ئېلىنغاندا «ئۇلۇل ئەمر»نىڭ ئىختىلاپلارنى ھەل قىلالىغۇدەك قابىلىيەتلىك كىشىلەر (ئالىملار) ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا.

**وَإِذَا جَاءَهُمْ أَمْرٌ مِنَ الْأَمْنِ أَوِ الْخَوْفِ أَذَاعُوا بِهِ وَلَوْ رَدُّوهُ إِلَى الرَّسُولِ وَإِلَى أُولِي الْأَمْرِ مِنْهُمْ لَعَلِمَهُ الَّذِينَ يَسْتَنْبِطُونَهُ مِنْهُمْ**

«ئۇلارغا خاتىرجەملىك ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى يەتسە، ئۇنى

(1) بەيزاۋى، نىسا سۈرىسى 58، 83؛ قۇرتۇبى، نىسا سۈرىسى 58، 83-ئايەتلەر

دەرھـال تارقىتىـدۇ. ھالبۇكـى، ئۇنـى رەسـۇل ياكـى ئىچىدىكـى ئۇلـۇل ئەمـر (ئىـش ئۇسـتىدىكىلەر)گە مەلـۇم قىلسا، قـارار بەرگۈچىلـەر ئۇنـىڭ نېمگـە دالالـەت قىلىدىغانلىقىنـى بەلگىلەيتتـى...» (نىسـا سۈرىسـى، 83-ئايـەت).

ئۇلـۇل ئەمـر مەيلـى ئۇمـەرا بولسـۇن ياكـى ئۆلىما بولسـۇن، مۇھەممـەد (ئـە س) نىـڭ رەسـۇل ۋە نەبـى سـالاھىيىتىدىن باشـقا، مەزكـۇر دەۋردە «ئۇلـۇل ئەمـر» بولغانلىقىمۇ ئېنىـق. ھەتتـا تۈنجى خەلىپە بولغـان. بـۇ سـەۋەبتىن ئۇنـىڭ رەسـۇل بولـۇش سۈپىتى بىلـەن بىلدۈرگەنلىرىدىـن باشـقا، «ئۇلـۇل ئەمـر» سـالاھىيتى بىلـەن بەرگـەن تەلىماتلىرىغـا ئىتائـەت قىلىشـمۇ قۇرئاننىـڭ بۇيرۇقىـدۇر. ئەممـا ئۇنـىڭ ئۇلـۇل ئەمـر سـالاھىيتى بىلـەن بەرگـەن تەلىماتلىرىغـا رىئايـە قىلىـش، پەقەت شـۇ دەۋردە ھەزرىتى مۇھەممەد بىلـەن بىرگە ياشـىغان مۇئمىنلەرگە خاسـتۇر. ئۇنىڭدىـن كېيىـن كەلگـەن مۇئمىنلەرنىڭمـۇ ئـۇ تەلىماتلارغـا ئىتائـەت قىلىشـى كېرەكلىكـى ھەققىـدە بىـرەر قۇرئانـى دەلىـل يـوق. لېكىن رەسـۇل سۈپىتىدە قىلغان بارلىـق بۇيـرۇق، تەلىماتلارغـا (يەنـى قۇرئانغـا) بارلىـق مۇئمىنلـەر ئىتائـەت قىلىشـى كېـرەك. قىيامەتكىچە بارلىـق مۇئمىنلـەر بـۇ تەلىماتلارغـا رىئايـە قىلىشـى ئۇلارنىـڭ مەجبۇرىيىتىـدۇر.

ئۇنداقتـا ھەزرىتـى مۇھەممـەد (ئـە س) بىـر سـۆزنى تۆۋەندىكى ئۈچ سـالاھىيەتتىن بىرسـى بىلـەن قىلغـان بولىدۇ:

1. رەسۇل مۇھەممەد

2. نەبى مۇھەممەد

3. ئۇلۇل ئەمر مۇھەممەد

رەسـۇل مۇھەممەدنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش (قۇرئانغا ئەگىشـىش) بارلىق مۇئمىنلـەر ئۈچـۈن شـەرت. بـۇ ئـۆزى بىلـەن بىـر دەۋردە ياشـىغان مۇئمىنلەردىـن تارتىـپ تـا قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇئمىنلـەر ئۈچـۈن ئۆزگەرمەس شـەرتتۇر. لېكىن ئۇلـۇل ئەمـر مۇھەممـەد سـالاھىيتى بىلـەن قىلغـان بۇيرۇقلـرى پەقـەت ئـۆزى بىلـەن بىـر دەۋردە ياشـىغان مۇئمىنلـەر ئۈچـۈن كۈچكـە ئىگـە. بـۇ بۇيرۇقلارنىـڭ بىـر قىسـمى ئۆزىدىـن كېيىـن كەلگـەن ئۇلـۇل ئەمرلـەر تەرىپىدىـن ئۆزگەرتىلسـە بولىـدۇ. نەبـى مۇھەممـەد سۈپىتى بىلـەن قىلغـان بۇيرۇقلىرىغـا ئىتائـەت قىلىش ئـۆزى بىلـەن بىـر دەۋردە ياشـىغان ۋە ئۇنىڭدىـن كېيىنكـى دەۋرلـەردە ياشـىغان مۇئمىنلـەر ئۈچـۈن شـەرت ئەمـەس. چۈنكـى قۇرئاننىـڭ (ئۆتكۈنچـى ياكـى ئەبەدىـي)

بۇنىداق بۇيرۇقى يوق.

ئۆلۈل ئەمىر مۇھەممەد بەلگىلىگەن بەزى چەكلىمىلەر كېيىنكى دەۋردىكى ئۆلۈل ئەمرىلەر تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، بەزى تەلىماتلىرىمۇ ئۆزگەرتىلىپ ئىجرا قىلىنغان. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مىساللار تۆۋەندىكىچە:

1. **زاكات مىقدار**. قۇرئاندا زاكات بېرىلىدىغان سەككىز سىنىپ روشەن ھالدا بىلدۈرۈلگەن[1]. لېكىن زاكات مىقدارى ھەققىدە ئېنىق ھۆكۈم بىلدۈرۈلمىگەن. شۇنداقتىمۇ بۇ ھەقتە «ئىنفاق قىلغاندا پىخسىقلىق قىلماسلار، ئىسراپچىلىقمۇ قىلماسلار، ئوتتۇرھال بولىدىغانلار»[2] دەپ ئومۇمىي پرىنسىپنى بەلگىلەپ بەرگەن ۋە «ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن سەدىقە (زاكات) ئال»[3] دېگەن ئايەت بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۆرنىكى ئارقىلىق ئۆلۈل ئەمرلەرگە زاكات يىغىش ھوقۇقى بېرىلگەن. دېمەك، زاكات مىقدارى قۇرئاننىڭ بۇ پرىنسىپىغا ئاساسەن ئۆلۈل ئەمىر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۆلۈل ئەمىر مۇھەممەد (ئە س) تەرىپىدىن بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن بەلگىلەنگەن مىقدار ئەسىرلەر بويىچە ئىجرا قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇ مىقدارلار شەرت - شارائىتقا قاراپ ئۆلۈل ئەمرلەر تەرىپىدىن بەزىدە ئۆزگەرتىلسە بولىدۇ.

يۇسۇف قەرداۋى زاكات مىقدارىنىڭ باشقۇرغۇچىلار تەرىپىدىن بېكىتىلگەنلىكىنى، بۇنىڭ مۇشۇنداق قوبۇل قىلىنىشى كېرەكلىكىنى، ئەكسىچە بولغاندا زاكات بىلەن مۇناسىۋەتلىك سەھىھ ھەدىسلەردىكى زىتلىقلارنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، زاكات مىقدارىنىڭ باشقۇرغۇچىلار تەرىپىدىن بېكىتىلگەنلىكىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىمىزدا بۇ مەسىلىنىڭ ھەل بولىدىغانلىقىنى، چۈنكى شەرت - شارائىتقا قاراپ باشقۇرغۇچىلارنىڭ زاكات مىقدارىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن زاكات مىقدارىنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقان[4].

مەسىلەن: مۇھەممەد (ئە س)، دەسلەپكى مەزگىللەردە ئاتلاردىن زاكات ئالغان، كېيىنكى مەزگىللەردە ئالمىغان[5]. ھەزرىتى ئۆمەر بولسا ئۆز دەۋرىدە ئاتلاردىن زاكات ئېلىشقا باشلىغان[6]. كالالاردىن ئېلىنىدىغان زاكات مەشھۇر

(1) تەۋبە سۈرىسى 60 - ئايەت

(2) فۇرقان سۈرىسى 67؛ ئىسرا سۈرىسى 27 - 26 - ئايەتلەر

(3) تەۋبە سۈرىسى، 103 - ئايەت

(4) يۇسۇف قەرداۋى، «سۈننەتنى چۈشىنىش مېتودى»، 358 - 354 - بەتلەر

(5) ئەبۇ داۋۇد، زاكات 4، 1574

(6) ئابدۇررەززاق، «مۇسانناف»، 4 - جىلد، 36 - 35 (6887)؛ بەيھەقى، «سۈنەن»، 4 - جىلد، 120 - 119 - بەتلەر

بولۇپ، ھەر دائىم ئۇتتۇزدا بىر شەكىلدە ئەمەس، بەزىدە ئۇندا بىر، بەزىدە بەشتە بىر شەكىلدە ئىجرا قىلىنغان[1]. چۈنكى كالالارنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى دەۋرگە ماس ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، بەزىدە قىممىتى ئاشىدۇ، بەزىدە تۆۋەنلەيدۇ. بۇ قوي ۋە تۆگىلەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشتۇر. بۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ئەلىدىن كەلگەن زاكات تەلىماتلىرى بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەردىن كەلگەن زاكات تەلىماتلىرى ئارىسىدا پەرق بار[2]. ھەزرىتى ئۆمەر ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولغان تاغلىب قەبىلىسىدىن قىرىقتا بىر ئەمەس، بەلكى قىرىقتا ئىككى زاكات ئالغان[3]. رەسۇلۇللاھ سەبە خەلقىدىن ياختىنىڭ زاكىتى ئۈچۈن ھەر يىلى 70 توپ رەخت ئالغان ۋە بۇ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ۋاپاتىغىچە داۋاملاشقان. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردىن باشقىلارغا ئوخشاش مىقداردا زاكات ئېلىنغان[4]. بۇ ئوخشاشماسلىقلار زاكات مىقدارىنىڭ دەۋرنىڭ شارائىتىغا قاراپ باشقۇرغۇچىلار تەرىپىدىن (قۇرئان بەلگىلىگەن پرىنسىپلار ئاساسىدا) بېكىتىلسە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ[5].

2. **چەكلىمىلەر**. مۇھەممەد (ئە س)، ئۇلۇل ئەمىر سۈپىتىدە بەزى ئىشلارنى چەكلىگەن. لېكىن بۇلار ئەبەدىي ھاراملار ئەمەس، بەلكى باشقۇرغۇچى سۈپىتىدە ئېھتىياج سەۋەبىدىن بەلگىلەنگەن ھاراملاردۇر. مەسىلەن: نەبىنىڭ ئۆي ئېشىكى گۆشىنى يېيىشنى ھارام قىلىشى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئىبنى ئابباس (ر ئە)، ئەنئام سۈرىسى 145-ئايەتنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، بۇ ئايەتتە ھارام قىلىنغانلار ئىچىدە ئېشەك گۆشىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە «نەبىنىڭ ئەھلى ئېشەك گۆشىنى يېيىشنى خەيبەر كۈنى مۇئەييەن سەۋەب تۈپەيلىدىن (ئېشەكلەرنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكى بىلدۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن) ھارام قىلغانلىقىنى، لېكىن بۇ ھارامنىڭ ئىستېمال قىلىنغان ئېشەكلەرنى قوغداش مەقسەت قىلىنغان ۋە پەقەت بىر قېتىمغىلا خاس ئىكەنلىكىنى، بۇ ھۆكۈمنىڭ ئەبەدىي ئۆزگەرمەس ھۆكۈملەر قاتارىغا كىرمەيدىغانلىقىنى» ئېيتقان[6]. بۇ

---

(1) يۈسۈف قەرداۋى، «سۈننەتنى چۈشىنىش مېتودى»، 357-356-بەتلەر

(2) يۈسۈف قەرداۋى، «سۈننەتنى چۈشىنىش مېتودى»، 355-بەت

(3) فايدا مۇستاپا، «ھەزرىتى ئۆمەر ۋە تىجارى چارۋىلارنىڭ بېجى ۋە ئۆشرىسى»

http://dergiler.ankara.edu.tr/dergiler/37/771/9811.pdf

(4) ئىبراھىم جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 2042 (ئەبۇ داۋۇد)

(5) بۇ ئەھۋالدا نەخ بىساتنىڭ زاكىتى ئۈچۈن ئىجرا قىلىنىدىغان قىرىقتا بىر مىقدارىنى ئەڭ تۆۋەن چەكمۇ ياكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئاساسىدا نەبى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ ئىجرا قىلىنغان مۇۋاپىق زاكات مىقدارىمۇ؟ بۇ مەسىلە مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن مۇزاكىرە قىلىنسا بولىدۇ

(6) يۈسۈف قەرداۋى، «بىلىم ۋە مەدەنىيەت مەنبەسى سۈننەت»، 76-75-بەتلەر

سەۋەبتىن مەزكۇر هارامنىڭ دەۋرنىڭ تەقەززاسىغا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى، لېكىن بۇنىڭ دائىملىق هارام ئەمەسلىكىنى ۋە ئېهتىياجغا ئاساسەن بۇ هارامنىڭ يېڭى باشقۇرغۇچىلار (ئۇلۇل ئەمر) تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[1].

3. **فەتىه قىلىنغان زېمىنلار**. نەبى هايات ۋاقتىدا فەتىه قىلىنغان زېمىنلاردىن كىرىم هاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا قاتناشقان مۇجاهىدلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى. لېكىن هەزرىتى ئۆمەر ئۆز دەۋرىدە فەتىه قىلىنغان زېمىنلارنى (ئىراق، سۇرىيە ۋە مىسىر) مۇجاهىدلارغا تەقسىم قىلىپ بەرمىگەن، «ئۇلۇل ئەمر»لىك هوقۇقىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ زېمىنلارنى يەرلىك كىشىلەرگە بەرگەن[2].

يۇقىرىدىكى مىسال سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن ۋە كېيىنكى ئۇلۇل ئەمر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن بۇ ئىجرائاتلاردىن باشقا، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىجرا قىلىنغان تۆۋەندىكى ئىشلارمۇ قايسى ئەمەللەرنىڭ هۆكۈم كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكى هەققىدە بىزگە يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

ئەبۇ هۇرەيرە ۋە ئابدۇللاھ بىن ئۆمەر (ر ئە) سۈننەت دەپ هاجىلارنى (نەبى هەج جەريانىدا ئارام ئېلىش ئۈچۈن توختىغان) ئەل-ئەبتاه دېگەن جايدا توختىتاتتى، لېكىن بۇ ئەهۋالدىن خەۋەر تاپقان هەزرىتى ئائىشە ۋە ئىبنى ئاببا س بۇنىڭ ئىنساني ئىش - هەرىكەت ئىكەنلىكىنى، بۇنداق سۈننەتنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ، هاجىلارنىڭ ئۇ يەردە قونۇشىغا رۇخسەت قىلمىغان[3].

هەزرىتى ئۆمەر هۇدەيبىيە سۈلهىسى قىلىنغان جايدىكى «شەجەرە-ئى رىدۋان» ئىسىملىك دەرەخنى، بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭ ئاستىدا ناماز ئوقۇشقا باشلىغانلىقىنى ۋە دەرەخكە (جايغا) مۇقەددەس تۈس بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، (رەسۇلنىڭ بۇنداق سۈننىتى بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ) بۇ دەرەخنى كەستۈرۈۋەتكەن[4].

مانا بۇلارغا ئاساسەن قۇرئاندا بولمىغان، ئەمما هەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان بەزى هاراملار (ئەگەر بۇ هەدىسلەر هەقىقەتەن سەهىه بولسا) رەسۇل بېكىتكەن

(1) يۇسۇف قەرداۋى، «سۈننەتنى چۈشىنىش مېتودى»، 354-بەت

(2) سافغەت كۆسە، «هەزرىتى ئۆمەرنىڭ بەزى ئىجرائاتلىرىدا ئەھكامنىڭ ئۆزگىرىشى مۇنازىرىسىگە نەزەر»، ئىسلام قانۇنى تەتقىقات ژورنىلى، 2006 (7. سان)، 50-13-بەتلەر

(3) ئابدۇللاھ قاهرامان، «فقهى هەدىسلەرنىڭ توغرا چۈشىنىلىپ ئىزاهلىنىشى هەققىدە بەزى ئاساسلار»، 20-6-بەتلەر www.cumhuriyet.edu.tr/edergi/makale/316

(4) مەھمەت سائىد خاتىپئوغلى، «هەدىس تەتقىقاتى»، 164-بەت

هاراملار ئەمەس، بەلكى ئۇلۇل ئەمر مۇھەممەدنىڭ باشقۇرغۇچى سالاھىيىتى بىلەن بەلگىلىگەن هاراملىرىدۇر. چۈنكى نەبىنىڭ هارام بەلگىلەش هوقۇقى يوق. بۇ سەۋەبتىن ھەدىس توپلاملىرىدا ئورۇن ئالغان، لېكىن قۇرئاندا بولمىغان هاراملارغا مانا بۇ نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

نەتىجىدە قۇرئان هارام قىلمىغان بىر نەرسە رەسۇل تەرىپىدىن ئەبەدىي هارام قىلىنمايدۇ. لېكىن باشقۇرغۇچى تەرىپىدىن (شەرتكە ماس) بەزى هاراملار بىكىتىلىشى مۇمكىن. كۈنىمىزدە دۆلەت بەلگىلىگەن بەزى ئوۋ چەكلىمىلىرى بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن: نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتقان هايۋانلارنى ئوۋلاش مەنئىي قىلىنغاندەك، كۆپىيىش ۋە ئەي بولۇش باسقۇچىدىكى ئوۋ هايۋانلىرىنىڭ (كەكلىك، بىلدىرچىن، كىيىك، توشقان...) ئوۋلىنىشى چەكلەنگەن. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈ ۋە ئەبەدىي ئەمەس، بەلكى شەرت ـ شارائىتقا ماس هالدا ئۆتكۈنچى چەكلىمىلەردۇر.

## ساھابىلەر قانداق مۇئامىلە قىلاتتى؟ بىز قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز؟

ساھابىلەر نەبىنىڭ سۆزلىرى (ھەدىسلىرى)نى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ تۇرۇپ، يەنى بۇ سۆزلەرنىڭ نەبىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ (بەزىدە) نەبىگە ئۆكتە قوپاتتى. بىزلەر بولساق نەبى بىلەن بىر دەۋردە ياشىمايمىز ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز قۇلىمىز بىلەن ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە ئەمەسمىز. بۇ سۆزلەرنىڭ مۇتلەق شەكىلدە نەبىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. لېكىن نەبىگە ئائىت دەپ پەرەز قىلىمىز. نەتىجىدە بىر ھەدىس، سەھىھلىك دەرىجىسى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر (نەقەدەر ئىشەنچلىك بولسا بولسۇن) مۇتلەق ئەمەس، بەلكى گۇمانى (زاننىي) مەلۇماتتۇر. بۇ رېئاللىقنى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقى، بولۇپمۇ فىقھ ئۇسۇلچىلىرى ئېتىراپ قىلىدۇ[1]. قۇرئان بولسا گۇماننىڭ ھەقىقەت نۇقتىسىدىن ھېچقانداق قىممىتى يوقلىقىنى بىلدۈرمەكتە[2].

قۇرئاننىڭ نەبىگە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى ۋە ياكى نەبىنى ئۈلگە قىلىش تەۋسىيەسىنىڭ يوقلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، نەبىگە مەنسۇپ دەپ گۇمان قىلىنغان (نەبىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى نائېنىق بولغان) سۆزلەرگە ئىتائەت

(1) م. خايرى، كېرباشئوغلۇ، «ئىسلام چۈشەنچىسىدە سۈننەت»، 239ـ202ـ135ـ59ـبەتلەر. پولات، س، نازلېگۇل، ھ. دوغانئاي، س. «ھەدىس تەتقىق ۋە تەنقىد قىلىش كۆرسەتمىسى»، 3ـ1ـبەتلەر

(2) يۇنۇس سۈرىسى، 36؛ نەجم سۈرىسى، 28ـئايەت

قىلىشنىڭ قۇرئان نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھۆكمى نېمە؟ ساھابىلەر بۇ ھەقتە قانداق پوزىتسىيەدە بولغاندى؟ بىز قانداق پوزىتسىيەدە بولۇۋاتىمىز؟ بىزلەر قۇرئان بۇيرۇغان، رەسۇلۇللاھ ئۆگەتكەندەك ۋە ساھابىلەر ھاياتىغا تەتبىقلىغاندەك مۇئامىلە قىلىۋاتامدۇق؟ ياكى نەبى دېگەن دەپ ئالدىمىزغا كەلگەن ھەر سۆزنى (قۇرئانغا زىت بولۇپ - بولمىغانلىقىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ) قوبۇل قىلامدۇق؟ بۇنداق مۇئامىلە قۇرئانغا (رەسۇلغا) ئىتائەت قىلىش بولامدۇ؟ ياكى قۇرئاننىڭ روشەن تەلىماتلىرىغا قارشى چىقىشمۇ؟ بۇ سوئاللارنى قۇرئان نۇقتىسىدىن ئويلىنىشىمىز كېرەك.

## نەبىگە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئىتائەت قىلىش (ئەنفال سۈرىسى 64-ۋە تەۋبە سۈرىسى 117-ئايەت)

ئەنفال سۈرىسى 64-ئايىتىدىكى «ئى نەبى! ئاللاھ ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر» ئىپادىسى ئومۇمىي جەھەتتىكى ئىتائەتنى بىلدۈرەمدۇ ياكى ئالاھىدە مەنىدىكى ئىتائەتنى بىلدۈرەمدۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن مەزكۇر ئىپادە ئورۇن ئالغان شۇ بۆلەكنى بىرلىكتە ئوقۇپ چىقايلى (مەسىلىنىڭ ئۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلمايلى):

«دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن، ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، ئاللاھ تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن. ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئەگەر ئۇلار سېنى ئالدىماقچى بولسا، ئاللاھ شەكسىز ساڭا كۇپايە قىلغۇچىدۇر. ئۇ (ئاللاھ) سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۇئمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈرگەن، مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرگەن زاتتۇر. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى ئىناق قىلدى. چۈنكى ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئى نەبى! ئاللاھ ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە كۇپايە

قىلغۇچىدۇر. ئى نەبى! مۇئمىنلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن، ئەگەر سىلەردە چىداملىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، 200 كاپىرنى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن 1000نى يېڭەلەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار نادان قەۋمدۇر. ئاللاھ ئەمدى سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى، ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، ئۇلاردىن 200 كىشىنى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە 1000 ئادەم بولىدىغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلاردىن 2000 كىشىنى يېڭەلەيدۇ. ئاللاھ چىداملىقلار بىلەن بىللىدۇر» (ئەنفال سۈرىسى، 66-60-ئايەتلەر).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك بۇ ئايەتلەر گۇرۇپپىسى ئۇرۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەزرىتى نەبى بۇ ئايەتلەر گۇرۇپپىسىدا بايان قىلىنغان ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان. بۇ سەۋەبتىن ئەنفال سۈرىسى 64-ئايەتتىكى «ئاللاھ ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر» ئىپادىسى، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن نەبىگە ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنىڭ، يەنى ئەسكەر سانىنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. نەبى، مەزكۇر قوشۇننىڭ قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن زۆرۈر بولغان تەييارلىقلارنى قىلىپ، ئۆزىگە ئەسكەر سۈپىتىدە ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنى ئىلھاملاندۇرسا، ئاللاھنىڭ ياردىمى ئۇلارغا يېتىپ كېلىدۇ. مانا بۇ ئايەتتە ئىپادىلەنگەن مەزمۇندۇر. يەنى، ئاللاھ بۇ ئايەت ئارقىلىق نەبى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر (ئەسكەرلەر)گە ئىلھام بەرگەن بولۇپ، ئۇلارغا مۇشۇنداق ياردەم قىلغان.

شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، نەبى پەقەتلا قوشۇننىڭ باش قوماندانى بولۇپلا قالماستىن، يەنە دۆلەت رەئىسى (ئۇلۇل ئەمر)دۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان مۇئمىنلەرنىڭ -ئۇلۇل ئەمرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان نىسا سۈرىسى 59-ئايەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى شەرت. ئەنفال سۈرىسى 64-ئايەتتىكى «ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر» ئىبارىسى بولسا مانا بۇ دائىرە ئىچىدە ھەربىي ئىشلار نۇقتىسىدىن ئىتائەت ۋە ئەگىشىشنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىپادىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىتائەت قىلىشنى كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

«نەبى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەر» ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان ئەنفال سۈرىسى 64-ئايەتتىن ئۈچ ئايەت كېيىنكى ئايەتتە تۆۋەندىكى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن:

«نەبىنىڭ ئۇرۇشتا دۈشمەننى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتماي تۇرۇپ ئەسىر ئېلىشى توغرا ئەمەس. سىلەر دەرھال قولۇڭلارغا كىرىدىغان دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر. ھالبۇكى، ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن ئاخىرەتنى كۆزلەيدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، توغرا قارار بەرگۈچىدۇر. ئاللاھنىڭ ئۆچۈق ھۆكمى بولمىغان بولسا ئىدى، ئەسىر ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار» (ئەنفال سۈرىسى، 68 ـ 67 ـ ئايەتلەر).

نەبى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەر بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان. نەبى بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش، ھەتتا قاتتىق ئازاب بىلەن قورقۇتۇلغان مۆئمىنلەر، ئەنفال سۈرىسى 64 ـ ئايەتتە «نەبىگە ئەگىشىڭلار» دېگەن بۇيرۇقنى ئالغان بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر مۇشۇنداق بۇيرۇقنى ئالغان بولسا ئىدى، مەزكۇر ئايەتتىن ئۈچ ئايەت كېيىن ـ نېمە ئۈچۈن نەبىگە ئەگەشتىڭلار مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ـ مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشقا دۇچار بولاتتىمۇ؟ ئاللاھ «نەبىگە ئەگىشىڭلار» دەپ، ئاندىن يەنە «نېمىشقا نەبىگە ئەگەشتىڭلار؟» دېگەن مەنىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشنى بېرەمدۇ؟ مۇشۇنداق بىر ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ بولغانلىقىغا قارىغاندا، ئەنفال سۈرىسى 64 ـ ئايەتتىكى «ئەگىشىش» ئومۇمىييۈزلۈك «ئەگىشىش، ئىتائەت قىلىش»نى بىلدۈرمەيدۇ. ئەكسىچە بولغاندا «ئايەتلەر ئارىسىدا زىتلىق بار» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئاشكارىدۇر.

يەنە بىر مۇھىم خۇسۇس بولسا ئەنفال سۈرىسى 64 ـ ئايەتتىكى ئىپادە «بارلىق مۆئمىنلەر» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان «مۆئمىنىنە» شەكلىدە ئەمەس، بەلكى مۆئمىنلەرنىڭ بىر قىسمىنى، بىر گۇرۇپپا مۆئمىننى ئىپادىلەيدىغان «... مىنەل مۆئمىنىنە» شەكلىدە كەلگەن. پەقەت بۇ ئىبارىنىڭ ئۆزىلا نەزەردە تۇتۇلغانلارنىڭ بارلىق مۆئمىنلەر ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئەسكەر بولۇش سۈپىتى بىلەن نەبىگە ئەگەشكەن مۆئمىنلەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى نەبى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان مۆئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىششى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئارزۇ قىلىنغان ئەھۋالمۇ ئەمەس[1]. بۇ سەۋەبتىن ئايەتتىكى ئىپادە مۇشۇنداق شەكىلدە كەلگەن.

ئەنفال سۈرىسى 64 ـ ئايەتتىكى ئىپادىنىڭ «ئى نەبى! ھەربىي جەھەتتىن

(1) تەۋبە سۈرىسى، 122 ـ ئايەت

ساڭا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرنىڭ سانى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ساڭا كۇپايە» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى قوبۇل قىلمساق، ئاللاھنىڭ «ئى نەبى، ھازىرغىچە ساڭا ئەگەشكەن، ساڭا ئىمان ئېيتقان، ساڭا ئىتائەت قىلىشنى قوبۇل قىلغان مۆئمىنلەرنىڭ سانى ساڭا كۇپايە قىلىدۇ، قالغانلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، قالغان كىشىلەر نېمىشقا قىلسا قىلسۇن، سېنىڭ ئۇلارنىڭ ساڭا ئەگىشىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق...» دېگەنلىكىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالمامدۇق؟ ئاللاھنىڭ «نەبى»گە مۇشۇنداق دېيىشى مۇمكىنمۇ؟

ئەنفال سۈرىسى 64-ئايەتتىكى «ئەگىشىش، ئىتائەت قىلىش»نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك «ئىتائەت قىلىش» ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەڭ كۈچلۈك دەلىللەردىن بىرسى، نەبىگە ھەربىي جەھەتتىن ئىتائەت قىلغان بۇ مۆئمىنلەرنىڭ نەبى بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تۆۋەندىكى ئايەتلەردۇر:

«ئۇ ۋاقىتتا مۆئمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر خالىمىسىمۇ، رەببىڭ سېنى ھەق ئۈچۈن يۇرتۇڭدىن چىقارغانىدى. ھەقىقەت روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىنمۇ، ئۇلار خۇددى بىلىپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە ھەيدىلىۋاتقاندەك سەن بىلەن ھەق توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىدۇ» (ئەنفال سۈرىسى، 7-6-ئايەتلەر).

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، نەبى بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقان بىر گۇرۇپپا مۆئمىن گەرچە نەبىنىڭ قىلغىنىنى توغرا بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇش ھەققىدە نەبى بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، دەتالاش قىلغان. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ نەبى بىلەن مۇنازىرىلەشكەن بۇ مۆئمىنلەرنىڭ «مۆئمىن»لىك سۈپىتىنى ئۆزگەرتمىگەن ۋە ئۇلارنى مۆئمىن دەپ تىلغا ئالغان. ھەتتا ئۇلارنى مەرتىۋە جەھەتتىن باشقا مۆئمىنلەردىن ئېشىپ ئۈستۈن قىلغان[1].

قۇرئاننىڭ نەبىگە مۇتلەق ئىتائەت قىلىش ھەققىدە بىر ئايىتى بولغان بولسا ئىدى، نەبى بىلەن بىرلىكتە جىھاد قىلغان بۇ مۇجاھىد مۆئمىنلەرنىڭ نەبى بىلەن مۇنازىرە قىلىشى مۇمكىن بولاتتىمۇ؟ بۇنداق ئەھۋالدا قۇرئان ئۇلارنى مۆئمىن دەپ تەرىپلەيتتىمۇ؟

يەنە بۇنىڭغا ئوخشاش شەكىلدە ئاللاھ مۇجادىلە سۈرىسى 1-ئايەتتە نەبى بىلەن مۇنازىرىلەشكەن (ئۇنىڭ بىلەن مۇجادىلە قىلغان) ئايالنى ئەيىبلىمىگەن

(1) نىسا سۈرىسى 95-ئايەت

ۋە ھەتتا بۇ مۇنازىرە سەۋەبىدىن ئۇنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان ئايەتلەرنى نازىل قىلغان. رەببىمىز بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش شەكلىنى بىزگە بىلدۈرۈش ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟

نەبىگە مۇتلەق مەنىدە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقىنىڭ يوقلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن مۇھىم دەلىللەردىن يەنە بىرسى، نەبىنىڭ خانىملىرىنىڭ نەبىگە قىلغان مۇئامىلىسى بولۇپ، نەبى خانىملىرىنىڭ نەبى بىلەن دەتالاش قىلغانلىقى قۇرئاندا بايان قىلىنغان[1]. دەتالاش شۇنداق قاتتىق بولغان بولۇپ، بۇ دەتالاش سەۋەبىدىن نەبىنىڭ دىلى قاتتىق رەنجىگەن، ھەتتا ئۇلارنى تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلگەن[2]. ئەگەر نەبىگە ھەر قانداق مەسىلىدە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى بولغان بولسا ئىدى، قۇرئان مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى دەپ تەرىپلىگەن نەبى رەپىقىلىرىنىڭ[3] نەبى بىلەن بۇ شەكىلدە زوكۇنلىششى مۇمكىن بولاتتىمۇ؟ لېكىن رېئاللىقتا مۇشۇنداق ۋەقە بولۇپ ئۆتتى. چۈنكى نەبىنىڭ رەپىقىلىرىگىمۇ ـ بارلىق مۇئمىنلەرگە ئوخشاش ـ نەبىگە ئەمەس، بەلكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش بۇيرۇق قىلىنغانىدى. بولۇپمۇ «ئى نەبىنىڭ ئاياللىرى!» دېگەن خىتاب بىلەن باشلانغان ئۇلارغا خاس ئايەتلەردە مۇشۇنداق دېيىلگەنىدى[4]. بۇ ئايەتلەر قۇرئاننىڭ نەبىگە ئەمەس، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان روشەن دەلىللەردىن بىرى.

مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەنفال سۈرىسى 64 ـ ئايەتتىكى «نەبىگە ئىتائەت قىلغان مۇئمىنلەر» ئىپادىسىنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتتىكى «مۇھاجىر ۋە ئەنسارغا ئەگەشكەنلەر» دېگەن ئىپادە بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

«مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ ئاۋانگارتلىرى بىلەن ياخشىلىقتا ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (بارغۇ)، ئاللاھ ئەنە شۇلاردىن رازى بولدى...» (تەۋبە سۈرىسى، 100 ـ ئايەت).

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاللاھ مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارغا ئەگەشكۈچىلەردىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈلگەن[5]. يەنە بىر ئايەتتە بولسا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىڭ

(1) تەھرىم سۈرىسى، 5 ـ 1 ـ ئايەتلەر
(2) تەھرىم سۈرىسى، 5 ـ ئايەت
(3) ئەھزاب سۈرىسى، 6 ـ ئايەت
(4) ئەھزاب سۈرىسى، 33 ـ 28 ـ ئايەتلەر
(5) تەۋبە سۈرىسى، 100 ـ ئايەت

ئـەڭ ئالـي مەرتـىۋە ئىكەنلىكى بايـان قىلىنغـان. دېمەككـى، مۇھاجىـر ۋە ئەنسـارغا ئەگەشـكۈچىلەر ئـەڭ ئالـي مەرتـىۋە بولغـان ئاللاھنىـڭ رازىلىقىغا نائىـل بولغـان. ئەممـا ھېچكىـم تەۋبـە سۈرىسـى، 100 ـ ئايەتكـە ئاساسـەن قۇرئاننىـڭ مۇھاجىرلارغا ئەگىشىشـكە بۇيرۇغانلىقىنـى ئېيتمىغـان. چۈنكـى بۇنـداق بىـر سـۆزنى قىلغىلـى بولمايـدۇ. نېمـە ئۈچـۈن؟ چۈنكـى بـۇ ئايـەت، بارلـىق مۇھاجىرلارغـا ئەگىشىشـكە بۇيرۇغـان ئومۇمىيلىقنـى بىلدۈرىدىغـان ھۆكـۈم ئايىتـى ئەمـەس، بەلكـى مۇھاجىـر ۋە ئەنسارغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ، يەنـى ئـۇلار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكـەت قىلغانلارنىڭ، ئۇلارغـا يـاردەم قىلغۇچىلارنىـڭ پەزىلىتىنـى بىلدۈرگـەن خـەۋەر ئايىتـىدۇر. بـۇ سـەۋەبتىن، تەۋبـە سۈرىسـى، 100 ـ ئايەتكـە ئاساسـەن «قۇرئـان مۇھاجىرلارغـا ئەگىشىشـكە بۇيرۇيـدۇ» دېگىلـى بولمىغانـدەك، ئەنفـال سۈرىسـى 64 ـ ئايەتكـە تايىنىـپ تـۇرۇپ «قۇرئـان نەبىگـە ئەگىشىشـكە بۇيرۇيـدۇ» دېگىلـى بولمايـدۇ.

يۇقىرىدىكىگـە «ئۆزلـىرى ئىمـان ئېيتقـان، ئەۋلادلىرىمۇ ئۆزلىرىگـە ئەگەشـكەن (ئىمـان ئېيتقان)لـەر (بارغـۇ)، بىـز ئۇلارنىـڭ ئەۋلادلىرىنىمـۇ ئۇلارغـا قوشـتۇق. ئۇلارنىـڭ ئەمەللىرىنـى قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمىدۇق، ھەر كىشى ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسـئۇلدۇر» (تـۇر سۈرىسـى، 21 ـ ئايـەت).

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئايەتمۇ ئەجدادىغا ئەگەشكۈچىلەرنى مەدھىيلەۋاتىدۇ. لېكىـن ھېچكىـم بـۇ ئايەتكـە ئاساسـەن «قۇرئـان ئەجدادىغا ئەگىشىشـكە بۇيرۇيدۇ» دېمەيـدۇ. چۈنكـى بـۇ ئايـەت، «ئەجدادىغـا ئەگىشىشـكە بۇيرۇغـان بىـر ئايـەت ئەمـەس» ، بەلكـى «ئىمـان جەھەتتىـن ئەجدادىنىـڭ ئىزىنـى بېسىـپ ماڭغۇچىلارنى ماختىغـان» ئايەتتـۇر. يەنـى، ئەجدادىغـا ئەگىشىشـكە بۇيرۇغـان ئومۇمىـي ھۆكـۈم ئايىتـى ئەمـەس. ئۇنىـڭ ئەكسـىچە ئىمـان ئېيتقـان ئەۋلادلارنـى بىـر يەرگـە جـەم قىلىنىدىغانلىقىنـى بىلدۈرىدىغـان خـەۋەر ئايىتـىدۇر.

تەۋبـە سۈرىسـى 100 ، تـۇر سۈرىسـى 21 ۋە ئەنفـال سۈرىسـى 64 ـ ئايەتلىرىـدە تىلغـا ئېلىنغـان «ئەگىشـش، ئىتائـەت قىلـش» ئومۇمىـي مەنىـدە «ئەگىشـش، ئىتائـەت قىلش»نـى ئەمـەس، بەلكـى خـاس مەنىنـى ئىپادىلـەپ كەلگـەن. تەۋبـە سۈرىسـى 100 ـ ئايەتتىكى مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارغا ئەگىشـش، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكـەت قىلـش، ئۇلارغـا يـاردەم قىلـش، ئۇلارغـا مانـا بـۇ جەھەتتە ئەگىشىشـتۇر. تـۇر سۈرىسـى 21 ـ ئايەتتىكى ئەجدادلارغـا ئەگىشـش، ئۇلارنىـڭ ئىمـان ئېيتىشـىغا ئەگىشـش، ئىمـان مەسىلىسـىدە ئۇلارغـا ئەگىشىشـنى كۆرسـىتىدۇ. ئەنفـال سۈرىسـى 64 ـ ئايەتتىكـى ئەگىشـش بولسـا، نەبىنىـڭ قوشـۇنىغا قېتىلـش ۋە نەبـى بىلـەن بىرلىكتـە جـەڭ قىلىشـنى بىلدۈرىـدۇ. يەنـى نەبىگـە ـ ئومۇمىي جەھەتتىـن ئەمەس ـ

ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن ئەگىشىش، ئىتائەت قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ.

خۇلاسىلىسەك، «ئى نەبى! ئاللاھ ساڭا، ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە كۇپايىدۇر» مەنىسىدىكى ئەنفال سۈرىسى 64-ئايىتى، نەبى ۋە نەبىگە ئەگەشكەن بەزى مۇئمىنلەرنىڭ جەڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ساندا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان «خاس خەۋەر» جۈملىسىدۇر. بەزى مۇئمىنلەرنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن نەبىگە ئەگىشىشى ھەققىدە توختالغان بۇ ئايەتتىكى «ئەگىشىش، ئىتائەت قىلىش» بۇيرۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈم جۈملىسى ئەمەسلىكى روشەن ھالدا چىقىپ تۇرىدۇ.

ئەنفال سۈرىسى 64-ئايەتتىكى بۇ خۇسۇس، بۇنىڭغا ئوخشاش شەكىلدىكى نەبىگە -ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن- ئەگەشكەن مۇئمىنلەر ھەققىدە توختالغان ئايەت ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە:

«ئاللاھ ھەقىقەتەن نەبى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغان قىيىنچىلىق پەيتىدە نەبىگە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارغا يۈزلەندى ۋە ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن شەپقەتلىك ۋە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر» (تەۋبە سۈرىسى، 117-ئايەت).

مەزكۇر ئايەتتىن مەلۇم بولغاندەك بۇ ئايەتنىڭ كونتېكستى -ئەنفال سۈرىسى 64-ئايەتتىن- بىر ئاز پەرقلىق. چۈنكى نەبىنىڭ، مۇھاجىرلارنىڭ ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇلارنىڭ خاتالىقى نېمە بولغىيتىكى تەۋبە قىلغان ۋە ئاللاھمۇ -بۇ تەۋبىلىرى سەۋەبىدىن- ئۇلارنى مەغپىرەت قىلدى؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە بېرىلگەن:

«ئاللاھ سېنى ئەپۇ قىلسۇن. نېمە ئۈچۈن ھەقىقەت ساڭا تولۇق ئايان بولماستىن، كىمنىڭ راستچىل، كىمنىڭ يالغانچىلىق قىلغانلىقىنى بىلمەستىن، يالغانچىلارنى قويۇپ بەردىڭ، ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن رۇخسەت بەردىڭ؟» (تەۋبە سۈرىسى، 43-ئايەت).

«ھەر قانداق نەبى ۋە مۇئمىننىڭ جەھەننەملىك ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان مۇشرىكلار ئۈچۈن، ئۇلار تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ مەغپىرەت تىلىشى توغرا ئەمەس» (تەۋبە سۈرىسى، 113-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نەبى ۋە بەزى مۇئمىنلەر

ئىككى قىلمىش سەۋەبىدىن ئالدى بىلەن تەۋبە سۈرىسى 43- ۋە 113-ئايەتتە ئاگاھلاندۇرۇلغان، ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ -تەۋبىسى سەۋەبىدىن- مەغپىرەت قىلىنغانلىقى 117-ئايەتتە بىلدۈرۈلگەن. دېمەككى، ھەم نەبى، ھەم «كۆزلەر پال تېشىغا ئوخشاش چەكچىيىپ ئېچىلىپ كەتكەن ئۇ ئېغىر جەڭ كۈنىدە[1]» ئۇلار بىلەن بىرگە بولغان مۆئمىنلەر (يەنى ئۇنىڭغا ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن ئەگەشكەن مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار) بەزى سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلغان، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ خاتالىقلىرىنى تەۋبىسى سەۋەبىدىن مەغپىرەت قىلغان. بۇ سەۋەبتىن نەبىنىڭ خاتالىقى ۋە تەۋبىسى ھەققىدە توختالغان بۇ ئايەتنىڭمۇ -ئەنفال سۈرىسى 64-ئايەتتىكىدەك- ئومۇمىي مەنىدە ئەگىشىش، ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقىنى ئىپادىلىمەيدىغانلىقى ۋە نەبىگە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئەگەشكەن مۆئمىنلەر ھەققىدە توختالغانلىقى ئېنىقتۇر.

## رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىش

### رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش قانداق بولىدۇ؟

رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ (نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرگە ئەگىشىش ئەمەس) پەقەت رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بولغان قۇرئانغا ئەگىشىش ۋە ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرىكى ماۋزۇلاردا ئىزاھلاپ ئۆتكەنىدۇق. قۇرئان رەسۇلنىڭ ۋەھىيگە تايانغان ھەدىسلىرى بولۇپ، كىلاسسىك ھەدىسلەر بولسا نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان سۆز، ئىش - ھەرىكەتلەر (مەرفۇ ھەدىسلەر)دۇر. قۇرئاننىڭ نەبىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ياكى نەبىنى ئۈلگە قىلىش بۇيرۇقى ياكى تەۋسىيەسى بولمىغانلىقتىن (قۇرئانغا زىت كېلىدىغان ھەدىسلەرگە) ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتساق، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش، كىلاسسىك ھەدىسلەرگە ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشمايدۇ. لېكىن رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرىگە (قۇرئانغا) ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ.

ئەمما بۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن بەزى كىشىلەر ياكى جامائەتلەر رەسۇلنى ئۈلگە قىلىش تەۋسىيە قىلىنغان ئەھزاب سۈرىسى 21-ئايەتكە تايىنىپ تۇرۇپ، «ھەدىسلەرگە ئىتائەت قىلىش كېرەكلىكىنى، بۇ ئارقىلىق ھەزرىتى پەيغەمبەرنى

---

(1) «ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈڭلارغا قوشۇن يۈرۈش قىلغان ئىدى... ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ ئۈستۈڭلارغا كەلگەنىدى. بۇ چاغدا كۆزلىرىڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا كەپلىشىپ قالغان ۋە ئاللاھ ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار» (ئەھزاب سۈرىسى، 9-10-ئايەتلەر)

ئۈلگە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى» ئىلگىرى سۈرگەن[1]. لېكىن بۇ قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى مەزكۇر ئايەت ئەڭ يارقىن شەكىلدە كۆرسىتىپ بەرمەكتە:

لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللّٰهِ اُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُوا اللّٰهَ وَالْيَوْمَ الْاٰخِرَ وَذَكَرَ اللّٰهَ كَثِيراًۜ

«شۈبھىسىزكى، سىلەر ئۈچۈن ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغانلار ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكۈچىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رەسۇلىدا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىلەر بار» (ئەھزاب سۈرىسى، 21-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە بىزگە «ئۈلگە، يەنى ئۇسۋەئى ھەسەنە» سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن نەبى ئەمەس، بەلكى «رەسۇل (ئاللاھنىڭ ئەلچىسى)»دۇر. قۇرئان باشتىن ئاخىرى نۇرغۇن ئايەتتە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ئايەت بولسا رەسۇلنى ئۈلگە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئىتائەت قىلىنىدىغان ۋە ئۈلگە قىلىنىدىغان ئوبيېكت (نەبى ئەمەس) رەسۇلدۇر. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنى ئۈلگە قىلىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرىگە (قۇرئانغا) ئەگىشىشتۇر. مانا مۇشۇنداق بولغاندا رەسۇلنى ئۈلگە قىلغىلى بولىدۇ.

قۇرئان باشتىن ئاخىر رەسۇلنىڭ ھەدىسى بولۇپ، قۇرئاندىكى نۇرغۇن ئايەتتە پەقەت رەسۇلۇللاھنىڭلا ئەمەس، يەنە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭمۇ ئۈلگىلىك تەرەپلىرى بايان قىلىنىدۇ. «ئەھزاب سۈرىسى 21-ئايەت»تە بىلدۈرۈلگەن ئۈلگە ئېلىشقا تېگىشلىك تەرەپ (نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان) ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان ئىش - ھەرىكەتلىرى بولماستىن، رەسۇلنىڭ مەزكۇر ئايەتلەر گۇرۇپپىسىدا بايان قىلىنغان ئۈلگىلىك ئىش - ھەرىكەتلىرىدۇر.

## رەسۇلۇللاھ ۋە ھەزرىتى ئىبراھىم (ئە س)نىڭ ئۈلگىلىك تەرىپى

رەسۇلنىڭ (نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەر بىلەن ئەمەس) قۇرئان ئارقىلىق ئۈلگە قىلىنىدىغانلىقىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە كۆرسىتىپ بەرگەن دەلىل، قۇرئاننىڭ خۇددى رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش «ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر»نى بىزگە ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىشى بولۇپ، بىزدە ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ھەدىسلىرى يوق. ئۇنداقتا بىز ئۇلاردىن قانداق ئۈلگە ئالىمىز؟ دېمەك، بىز ئۇلارنىڭ قۇرئاندا تونۇشتۇرۇلغان ئىش

(1) م. خايرى كېرباشئوغلۇ، «ئىسلام چۈشەنچىسىدە سۈننەت»، 187-183-بەتلەر

- ھەرىكەتلىرىنى ھاياتىمىزغا تەتبىقلاش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىمىز. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

قَدْ كَانَتْ لَكُمْ اُسْوَةٌ حَسَنَةٌ فِي اِبْرٰهِيمَ وَالَّذِينَ مَعَهُ اِذْ قَالُوا لِقَوْمِهِمْ اِنَّا بُرَءٰٓؤُا مِنْكُمْ وَمِمَّا تَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللّٰهِ كَفَرْنَا بِكُمْ وَبَدَا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةُ وَالْبَغْضَٓاءُ اَبَداً حَتّٰى تُؤْمِنُوا بِاللّٰهِ وَحْدَهُٓ اِلَّا قَوْلَ اِبْرٰهِيمَ لِاَبِيهِ لَاَسْتَغْفِرَنَّ لَكَ وَمَٓا اَمْلِكُ لَكَ مِنَ اللّٰهِ مِنْ شَيْءٍ رَبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا وَاِلَيْكَ اَنَبْنَا وَاِلَيْكَ الْمَصِيرُ رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِلَّذِينَ كَفَرُوا وَاغْفِرْ لَنَا رَبَّنَا اِنَّكَ اَنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِيهِمْ اُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُوا اللّٰهَ وَالْيَوْمَ الْاٰخِرَ وَمَنْ يَتَوَلَّ فَاِنَّ اللّٰهَ هُوَ الْغَنِيُّ الْحَمِيدُ

«ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: ‹بىز ھەقىقەتەن سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان شەيئىلىرىڭلاردىن ئادا - جۇدامىز. بىزنىڭ سىلەر بىلەن ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ› دېگەنىدى. لېكىن ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقان: ‹ئەلۋەتتە سەن ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيمەن. ئەمما ئاللاھتىن ساڭا كېلىدىغان ئازابتىن ھېچ نەرسىنى توسۇشقا قادىر ئەمەسمەن› سۆزىنى ئۈلگە قىلىشىڭلارغا بولمايدۇ.

‹رەببىمىز ساڭا تەۋەككۈل قىلدۇق، ساڭا يۈزلەندۇق، قايتىش ساڭىدۇر. رەببىمىز بىزنى كاپىرلار ئۈچۈن ئىمتىھان ۋاستىسى قىلمىغىن، بىزنى مەغپىرەت قىلغىن! ئى رەببىمىز! سەن ھەقىقەتەن بىردىنبىر غالىبتۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن!› .

شۈبھىسىزكى، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن، ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن ياخشى نەمۇنىدۇر. كىمكى يۈز ئۆرۈيدىكەن، مۇھەققەقكى، ئاللاھ بىھاجەتتۇر، ھەمدكە لايىق بولغۇچىدۇر» (مۇمتەھىنە سۈرىسى، 6-4-ئايەتلەر).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار، خۇددى رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش «ئۇسۋەئى ھەسەنە (ياخشى ئۈلگە)» سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىشقا بۇيرۇلغان. بۇ ئايەتلەردىكى «ئۇسۋەئى ھەسەنە» ئىبارىسى «ئەھزاب سۈرىسى 21-ئايەت»تە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئىبارىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىبارە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن بىر قېتىم ئىشلىتىلگەن بولسا، مەزكۇر ئايەتتە ئىككى قېتىم ئىشلىتىلگەن.

ئۇنداقتا ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى بىز قانداق

ئۆلگە قىلىمىز؟ قولىمىزدا ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ سۆز (ھەدىس)لىرى بولمىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆلگىلىك ئىش - ھەرىكەتلىرى قۇرئاندا بايان قىلىنغان بولۇشى كېرەك. دېمىسىمۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ ئۆلگىلىك ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ھەم يۇقىرىدىكى ئايەتلەر گۇرۇپپىسىدا، ھەم باشقا ئايەتلەردە بايان قىلىپ بەرمەكتە. ھەتتا ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ بىر ئىشى (مۇشرىك دادىسى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىشى)نىڭ ئۆلگە ئېلىنماسلىقىنى تەكىتلىمەكتە. ھەزرىتى ئىبراھىم مۇشرىك ئاتىسى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگەن، لېكىن بۇ قىلمىشى سەۋەبىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغانىدى[1]. بۇ مەسىلىدە رەسۇلۇللاھ ۋە مۇئمىنلەرمۇ ئاگاھلاندۇرۇلغان[2].

دېمەك، قۇرئان ھەم ئاخىرقى نەبى - رەسۇلنىڭ، ھەم ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ ئۆلگە ئېلىنىدىغان ئىش - ھەرىكەتلىرىنى (ۋە ھەتتا ئۆلگە ئېلىشقا بولمايدىغان تەرەپلىرىنىمۇ) بىزگە بىلدۈرىدۇ. ئۇنداقتا رەسۇلۇللاھ قۇرئان ئايەتلىرىدە كۆرسىتىلگەن سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرنى تەتبىقلاش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىگە ئۆلگە قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن قۇرئانغا ئەگىشىش ۋە ۋە قۇرئان ھۆكۈمى تەتبىقلىنىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق. نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەردىكى سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرنى تەتبىقلاش ئارقىلىق ئۆلگە ئالغىلى بولمايدۇ. لېكىن رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى تەتبىقلىنىش ئارقىلىق ئۆلگە قىلىنسا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، قۇرئانغا زىت كەلمەيدىغان بەزى (كىلاسسىك) ھەدىسلەرگىمۇ رىئايە قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن بۇ ئەھۋال مەزكۇر ھەدىسلەرگە ئەمەس، بەلكى مەزكۇر ھەدىس زىت كەلمىگەن قۇرئان ئايەتلىرىگە رىئايە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئانغا زىت كېلىدىغان ھەدىسلەرگە رىئايە قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ خىل ھەدىسلەر يا نەبىگە مەنسۇپ ئەمەس (توقۇلما ھەدىستۇر)، ياكى نەبىنىڭ باشقا بىر مەسىلە ھەققىدە قىلغان (خاتا چۈشىنىلگەن ياكى يەتكۈزۈلگەن) سۆز ۋە ياكى ئىش - ھەرىكىتىدۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۆلچەم قۇرئان بولۇشى كېرەك.

رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋە رەسۇلنى ئۆلگە قىلىشنىڭ (كىلاسسىك) ھەدىسلەرگە ئەگىشىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ پەقەت قۇرئانغا (يەنى رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرىگە) ئەگىشىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن بىرسى، قۇرئان بىلەن ھەدىس ئارىسىدىكى تەرتىپ (نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ھەممە

---

(1) تەۋبە سۈرىسى، 114؛ مەريەم سۈرىسى، 48 - 46 - ئايەتلەر

(2) تەۋبە سۈرىسى، 113 - ئايەت

بىردەك قوبۇل قىلىنغان قۇرئان ئالدىدىكى ئورنى) مەسىلىسىدۇر. يەنى:

ئەنئەنىۋى ھەدىس چۈشەنچىسىنى ياقىلىغۇچىلارمۇ ھەدىسلەرنىڭ قۇرئانغا ئوخشاش مۇتلەق ھۆكۇم كۈچىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، قۇرئاننىڭ مۇتلەق نوپۇزىنى قوبۇل قىلىدۇ. مانا بۇ پوزىتسىيە ھەدىسلەرگە ئەگىشىشنىڭ رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرمەيدىغانلىقىنى (رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ھەدىسلەرگە ئەگىشىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلماقتا. چۈنكى قۇرئان ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ھەر ئايەتتە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقىمۇ بۇيرۇماقتا. بۇنىڭ مۇستەسنا ئۆرنىكى يوق. يەنى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە بولسا، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى بىلەن رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقىنىڭ تىلغا ئېلىنىش قېتىم سانىمۇ ئوخشاش نىسبەتتە بولۇپ، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى كىشىنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ قويۇلغان ياكى تەۋسىيە خاراكتېرىدىكى بۇيرۇق ئەمەس. ئۇ مۇتلەق بۇيرۇقتۇر.

بۇ ئەھۋالدا يا نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان (كىلاسسىك) ھەدىسلەرنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىگە ئوخشاش كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىمىز، ياكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ كىلاسسىك ھەدىسلەرگە ئەگىشىشنى كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. بۇ سەۋەپتىن بۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا چارە يوق. چۈنكى «ھەدىسلەرنىڭ ھېچقاچان قۇرئانغا ئوخشاش كۈچكە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى، قۇرئاننىڭ ھەر دائىم مۇتلەق ھۆكۇم كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى» ئەنئەنىۋى ھەدىس چۈشەنچىسىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنى قوبۇل قىلغۇچىلار «ھەدىسلەرگە ئەگىشىش ئارقىلىق رەسۇلغا ئىتائەت قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ياكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ھەدىسلەرگە ئەگىشىش مەنىسىنى ئىپادىلىمەيدىغانلىقىنى» ئېتىراپ قىلغان بولامدۇ؟

ئۇنىڭدىن باشقا، «ھەدىسلەرگە ئەگىشىش رەسۇلغا ئەگىشىشتۇر، ئىتائەت قىلىشتۇر» دېگۈچىلەر «پەقەت ھەدىسلەرگە ئەگىشىش ئارقىلىق (قۇرئاننى نەزەرگە ئالمىغان تەقدىردىمۇ) ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىمىز» دېگەن بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان «كىمكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلسا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ» (نىسا سۈرىسى، 80ـئايەت) دېمەكتە. ئۇنداقتا، «رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ھەدىسلەرگە ئەگىشىشتۇر» دېگەن قاراش توغرا بولسا، مۇشۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. يەنى، «ھەدىسلەرگە ئەگەشكۈچى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ» دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن (بىلىشىمىزچە) بۇگۈنگىچە بۇنداق

بىر (باتىل) قاراشنى ھېچكىم ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان. چۈنكى قۇرئاننى چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەر كىم بىلىدۇ. ئەمما بۇنىڭغا قارىماستىن بەزىلەر زىتلىق ئىچىدىكى پوزىتسىيەسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە (كۆز قارىشىدىكى زىتلىقنى بايقىمايۋاتىدۇ).

ھالبۇكى، «رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش، قۇرئانغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىشتۇر» دېگۈچىلەر، نىسا سۈرىسى 80-ئايەتكە ئاساسەن «قۇرئانغا ئەگەشكەن ۋە ئىتائەت قىلغانلار رەسۇلغا ئەگەشكەن ۋە ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. رەسۇلغا ئىتائەت قىلغۇچىلار ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ» دېمەكتە. نەتىجىدە قۇرئانغا ئەگەشكۈچىلەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك (بۇ جۈملە سۆزنى ئېيتقۇچىلار ئۈچۈن) سۆزىدە، كۆز قارىشىدا ھېچقانداق ئىچكى زىتلىق يوق بولۇپ، ئۇلار ئايەتنىڭ بۇيرۇقىنى تەكرارلىغان بولىدۇ.

## قۇرئاندىكى «ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا» ئىبارە شەكلى نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟

قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان «ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا» ئىبارە شەكلى «ئاللاھ» ۋە «رەسۇل» شەكلىدىكى ئىككى پەرقلىق ئىتائەت ئوبيېكت ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاھنىڭ (كۆپىنچە ئاللاھنىڭ رەسۇلى، يەنى ئەلچىسى ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئەھكامىنىڭ) ھۆكمىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن قېلىپتۇر. بۇ، قۇرئاننى چۈشىنىشتە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. رېئاللىقنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن بىر تۈركۈم كىشىلەر باشقىچە قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ (قىسقىچە بايان قىلساق):

«ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش»قا بۇيرۇلغان ئايەتلەردىكى «ئاللاھ» ۋە «رەسۇل» ئىبارىلىرى بىر - بىرىدىن «ۋ (ۋوۋ)، يەنى ۋە» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئايرىلغان بولۇپ، مۇغايەرەت (پەرقلىق بولۇش) پرىنسىپىغا ئاساسەن بۇ ئىككى كەلىمىلەر بىر - بىرىدىن پەرقلىق شەيئىلەر بولۇشى كېرەك. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت ئايرىم - ئايرىم بولۇشى لازىم. شۇڭا قۇرئانغا ئەگىشىش ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، ھەدىسلەرگە ئەگىشىش بولسا رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلنىڭ مۇستەقىل ھالدا شەرىئەت (ھالال - ھارام) بەلگىلەش ھوقۇقى بولۇشى كېرەك ۋە رەسۇلغىمۇ ئايرىم ھالدا ئىتائەت قىلىش لازىم. شۇڭا ھەدىسلەرگە ئەگىشىش كېرەك، مۇشۇنداق

بولغانـدا رەسـۇلغا ئىتائـەت قىلغىلـى بولـىدۇ[1].

بـۇ قاراشـنىڭ توغـرا ئەمەسـلىكىنى ئايەتلەردـىن كەلتۈرۈلگـەن دەلىللـەر بىلـەن كۆرسـىتىپ ئۆتتۇق. «ۋە» باغلىغۇچىنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدە قىسقىچە چۈشـەنچە بېرىشـكە توغـرا كېلىـدۇ. مۇشـۇنداق بولغانـدا «ئالـلاھ ۋە رەسـۇلى» ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز. ئۇنىڭدىن باشـقا «ۋە» باغلىغۇچىنىڭ پەقـەت «مۇغايـەرەت» ۋە «تەفرىـك (ئايرىـش)» ئۈچۈن ئىشـلىتىلمەيدىغانلىقىنى، بىرلەشـتۈرۈش (جـەم قىلـىش) ۋە ئالدىدىكـى سـۆزنى تەپسـىر قىلـىش ئۈچۈنمـۇ ئىشـلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالىمىز.

«ۋە» قوشۇمچىسى، «ئاتفى بايان - قاراتما بايان» ياكى «ئاتفى تەپسىر - قاراتما تەپسىر» ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ[2]. بـۇ ئارقىلىق ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن سـۆزنى ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن سـۆز ئارقىلىق تەپسـىر قىلىدۇ. مەسـىلەن: «مەسـىلىنى ئىزاھلاپ بەردى ۋە چۈشـەندۈردى» دېگـەن جۈملىگە ئوخشـاش. بـۇ يەردىكى «ۋە» ئۆزىدىن ئىلگىرىكى «ئىزاھلاش» سـۆزىنى «چۈشـەندۈرۈش» سـۆزى بىلـەن تەپسـىر قىلىپ بەرگـەن ۋە بـۇ ئارقىلىق جۈملىگە «مەسـىلىنى ئىزاھلاپ بەردى، يەنى چۈشـەندۈرۈپ قويدى» دېگـەن مەنىنى بەرگەن. ئەمدى تۆۋەنـدە ئىتائـەت قىلىشـقا بۇيرۇلغـان ئايەتلەرنى تۈرلەرگـە ئايرىـپ كۆرۈپ ئۆتەيلى:

رەسـۇلنىڭ ۋەزىپىسـىنىڭ پەقـەت تەبلىغ قىلىش ئىكەنلىكىنـى بىلدۈرگـەن ئايەتلـەر[3].

تەرجىمىـدە پەيغەمبەرگـە ئىتائـەت دەپ ئېلىنغان بارلىق ئايەتلـەردە «رەسۇل» ئىبارىسـىنىڭ ئىشلىتىلىشـى (نەبىگـە ئىتائـەت قىلىشـقا بۇيرۇلغـان بۇيرۇقنىـڭ بولماسـلىقى)[4].

پەيغەمبەرگـە ئەگىشىشـكە بۇيرۇلغان بارلىق ئايەتلەردە «رەسۇل» ئىبارىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى (نەبىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلماسلىقى)[5].

(1) م. خايرى كېرباشئوغلۇ، «ئىسلام چۈشەنچىسىدە سۈننەت»، 171ـ154ـ بەتلەر

(2) جۇرجى شاھىن ئاتىييە، «سۇللەمۇل لىسان فىس سەرفى ۋەن نەھۋى ۋەل بەيان»، دارۇ رەيھانىيىي لىت تىبائەتى ۋەن نەشر، 4ـ نەشرى، بەيرۇت، 351ـ بەت (625ـ پاراگراف)

(3) ئالئىمران 20؛ نىسا 80؛ مائىدە 67؛ نەھل 35؛ نۇر 54؛ ئەنكەبۇت 68؛ جىن سۈرىسى 23ـ ئايەت

(4) ئالئىمران 32، 132؛ نىسا 59؛ مائىدە 92؛ ئەنفال 1، 20، 46؛ تاھا 90؛ نۇر 54؛ شۇئەرا 126، 131، 144؛ ئەھزاب 33؛ زۇخرۇف 63؛ مۇھەممەد 33؛ ھۇجۇرات 14؛ مۇجادەلە 13؛ تەغابۇن سۈرىسى 12ـ ئايەت

(5) ئالئىمران 31؛ نىسا 115؛ ئەنئام 153؛ يۇسۇف 108؛ ئىبراھىم 36؛ مەريەم 43؛ تاھا 20، 21؛ ياسىن 20،21؛ زۇمەر 55؛ غافىر 38؛ زۇخرۇف سۈرىسى 61ـ ئايەتلەر

رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئايەت[1].

قۇرئانغىلا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر[2].

قالغان ئايەتلەردىن مۇستەقىل دەلىللەر (تۆۋەندە كۆرسىتىپ ئۆتۈلىدۇ).

ئالدىنقى بەش تۈردىكى ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىلگىرى پاراگرافلاردا، بىر قىسمىنى بولسا مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەنلىكتىن، بۇ يەردە قايتا تەكرارلاشقا توغرا كەلسە، مەزكۇر ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان كەلىمىنىڭ ھەر دائىم «رەسۇل» شەكلىدە بولۇشى (ھېچقانداق ئايەتتە نەبى كەلىمىسى ئىشلىتىلمىگەن)، «ئاللاھ ۋە رەسۇلى» شەكلى ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن بۇيرۇقنىڭ «ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئايەتلىرىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇغانلىقى»نى چۈشىنىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. لېكىن مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، دىنى مەسىلىلەردە كۆرۈلگەن بارلىق ئىختىلاپلارنىڭ تەكتىدە (بىزنىڭچە) مۇشۇ مەسىلە ياتقانلىقتىن، بىز مەزكۇر مەسىلىنى بەزى ئايەتلەرنى دەلىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز:

رەسۇلنىڭ ئۆز ئالدىغا شەرىئەت (قانۇن، ھالال - ھارام) بەلگىلەش ھوقۇقى بارمۇ؟

ئاللاھ ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى (ئاللاھ ۋە رەسۇل بىرىكمە شەكلى) نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟

«ئاللاھ ۋە رەسۇل» بىرىكمە شەكلى، «ئاللاھ» ۋە «رەسۇل»دىن ئىبارەت ئىككى پەرقلىق ھۆكۈم مەنبەسىنى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ مۇتلەق ھاكىمىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بىز مۇئمىنلەر ئۈچۈن بۇنىڭ رېئاللىقتىكى كونكرېت ئىپادىسى قۇرئاندۇر. ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئىبارىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ھۆكۈم قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

### 1. دەلىل (تەۋبە سۈرىسى، 1-ئايەت)

**بَرَٓاءَةٌ مِنَ اللّٰهِ وَرَسُولِهٖٓ اِلَى الَّذ۪ينَ عَاهَدْتُمْ مِنَ الْمُشْرِك۪ينَ**

(1) ئالئىمران 80-ئايەت

(2) بەقەرە 170؛ ئەنئام 50، 51، 155؛ ئەئراف 3، 157، 157، 203؛ يۇنۇس 15؛ تاھا سۈرىسى 134-ئايەت

«(بۇ) ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ سىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەن ھېلىقى مۇشرىكلارغا قاراتقان ئادا - جۇدا بولۇش ئېلانىدۇر (ئۇلتىماتومىدۇر)».

بۇ ئايەت، مۇئمىنلەر بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىمنى بۇزغانلىقى سەۋەبىدىن مۇشرىكلار ھەققىدە نازىل بولغان. مۇشرىكلارغا «ئاللاھتىن ۋە رەسۇلىدىن كەلگەن» ئۇلتىماتوم ھەققىدە توختالغان. لېكىن بۇ يەردە بىرسى ئاللاھتىن، يەنە بىرسى رەسۇلدىن كەلگەن ئايرىم - ئايرىم ئىككى ئۇلتىماتومنىڭ يوقلىقى، ئەكسىچە ئاللاھتىن كەلگەن بىرلا ئۇلتىماتومنىڭ بارلىقى ناھايىتى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئايەت «ئاللاھتىن ۋە رەسۇلدىن كەلگەن ئۇلتىماتوم» دەۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئاللاھتىن كەلگەن ئۇلتىماتومنى جاكارلىغۇچى (تەبلىغ قىلغۇچى) رەسۇلدۇر. يەنى، «ئاللاھتىن ۋە رەسۇلدىن كەلگەن» بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىككى ئۇلتىماتوم يوق. لېكىن ئايەتتە ئاللاھتىن كەلگەن بارلىق بۇيرۇقلاردە بولغاندەك (تەبئىي ھالدا) «ئاللاھ ۋە رەسۇلى» قېلىپى ئىشلىتىلگەن.

بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئايرىم - ئايرىم ھالدىكى ئىككى ئۇلتىماتوم ئىگىسى بولمىغاندەك، ئىككى پەرقلىق خىتاب قىلغۇچى ياكى ئىككى پەرقلىق ھۆكۈم مەنبەسى ئەمەس. ھالبۇكى، ئايەتتە ئاللاھ ۋە رەسۇلى كەلىمىلىرى بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن، بۇ ئىككى كەلىمە بىر - بىرىدىن «ۋ» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئايرىلغان. دېمەك، ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئىككى پەرقلىق كەلىمە بولسىمۇ، لېكىن («ۋ (ۋە)» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئايرىلغان بولسىمۇ) بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىككى ھۆكۈم ئوبيېكتى ئەمەس.

## 2. دەلىل (تەۋبە سۈرىسى، 3-ئايەت)

**وَاَذَانٌ مِنَ اللّٰهِ وَرَسُولِهٖ اِلَى النَّاسِ يَوْمَ الْحَجِّ الْاَكْبَرِ اَنَّ اللّٰهَ بَرِيءٌ مِنَ الْمُشْرِكِينَ**

«(بۇ) ھەججى ئەكبەر كۈنىدە ئاللاھ ۋە رەسۇلىدىن ئىنسانلارغا (كەلگەن) بىر باياناتتۇر: ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئۇ مۇشرىكلاردىن ئادا - جۇدادۇر».

بۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھ ۋە رەسۇلى بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان ۋە ھەر ئىككى سۆز بىر - بىرىدىن «ۋ» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئايرىلغان. لېكىن بۇ ئايەتتىمۇ بىرسى ئاللاھتىن، يەنە بىرسى رەسۇلدىن كەلگەن ئىككى ئايرىم - ئايرىم بايانات يوق. گەرچە ئايەتتە «ئاللاھ ۋە رەسۇلدىن كەلگەن بايانات» ئىپادىسى بولسىمۇ، لېكىن -تەۋبە سۈرىسى 1-ئايەتتىكىدەك- ئاللاھتىن كەلگەن پەقەت بىرلا بايانات بار. ئەمما ئۇنى جاكارلىغۇچى رەسۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئاللاھتىن

ۋە رەسۇلىدىن» ئىبارىسى ئىشلىتىلگەن. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىككى بايانات بىرىشى مۇمكىن بولمىغاندەك، ئىككى پەرقلىق ھۆكۈم مەنبەسى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەزكۇر ئايەتتىكى «ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئۇ مۇشرىكلاردىن ئادا - جۇدادۇر» جۈملىسى ئۈچۈنمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئىزاھاتنى بەرگىلى بولىدۇ.

بۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئىبارىسى بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، «ۋ» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلغان. لېكىن بۇ ئايەتتىكى «ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ھىجرەت قىلغانلار» ئىپادىسى ئارقىلىق ھەم ئاللاھقا، ھەم رەسۇلىغا (ئىككى پەرقلىق ئادرېسقا) ھىجرەت قىلغۇچى ھەققىدە توختالمىغان. پەقەت «ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغۇچى» كىشى ھەققىدە توختالغان.

### 3. دەلىل (تەۋبە سۈرىسى، 24-ئايەت)

قُلْ اِنْ كَانَ اٰبَاؤُكُمْ وَاَبْنَاؤُكُمْ وَاِخْوَانُكُمْ وَاَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَاَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَٓا اَحَبَّ اِلَيْكُمْ مِنَ اللّٰهِ وَرَسُولِه۪ وَجِهَادٍ ف۪ي سَب۪يلِه۪ فَتَرَبَّصُوا حَتّٰى يَأْتِيَ اللّٰهُ بِاَمْرِه۪ وَاللّٰهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِق۪ينَ

«ئېيتقىنكى: ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن ۋە رەسۇلىدىن، ئۇنىڭ (ئاللاھ) يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا، ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگۈچە ساقلاڭلار. ئاللاھ (بۇنداق) پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ».

يۇقىرىدىكى ئايەتتە «ئاللاھ ۋە رەسۇلى» قېلىپىدىن كېيىن «ئۇ ئىككىسىنىڭ يولىدا...» دېيىلمەستىن، «ئۇنىڭ يولىدا» دېيىلگەن. يەنى، «ئاللاھ ۋە رەسۇلى» قېلىپى بىرلىك «ئۇ» ئالمىشى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ سەۋەبتىن «ئاللاھ ۋە رەسۇلى» قېلىپى ئىككى پەرقلىق ئىتائەت مەركىزىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ مۇتلەق نوپۇزىنى ئىپادىلەيدۇ.

### 4. دەلىل (تەۋبە سۈرىسى، 65-ئايەت)

وَلَئِنْ سَاَلْتَهُمْ لَيَقُولُنَّ اِنَّمَا كُنَّا نَخُوضُ وَنَلْعَبُ قُلْ اَبِاللّٰهِ وَاٰيَاتِه۪ وَرَسُولِه۪ كُنْتُمْ تَسْتَهْزِؤُنَ

«ئەگەر ئۇلاردىن سورىساڭ: بىز پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويىدۇق، دەيدۇ. (ئۇلارغا): ئاللاھ ۋە ئايەتلىرى ۋە رەسۇلىنى مەسخىرە قىلىشاتامسىلەر؟ دېگىن».

بۇ ئايەتتىمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئەھۋال مەۋجۇت. يەنى، 1) ئاللاھ، 2) ئايەتلىرى، 3) رەسۇلى بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان ۋە بۇ ئۈچ ئىبارە «ۋ» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان. لېكىن مەزكۇر ئايەتتە ئاللاھ، ئايەتلىرى ۋە رەسۇلىنى ئايرىم ـ ئايرىم مەسخىرە قىلغانلىق مەنىسى چىقمايدىغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ھەققىدە مەسخىرىۋازلىق بىلەن سۆز قىلغان بەزى كىشىلەرنىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقى كۆرۈلمەكتە[1]. ئەمما بۇ ئەھۋال ئاللاھقا، ئايەتلىرىگە ۋە رەسۇلىغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارالغان. يەنى، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەسخىرە قىلىنغان بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئۈچ ئوبيېكت مەۋجۇت ئەمەس. مەسخىرە قىلىنغان بىردىنبىر ئوبيېكت رەسۇلدۇر. لېكىن رەسۇل ھەققىدە قىلىنغان بۇ مەسخىرە تەبىئىي ھالدا رەسۇل بىلەن بىرلىكتە ئاللاھقا ۋە ئايەتلىرىگە قارىتىلغان. چۈنكى رەسۇل ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تەبلىغ قىلغۇچىدۇر.

## 5. دەلىل (تەۋبە سۈرىسى، 90-ئايەت)

**وَجَاءَ الْمُعَذِّرُونَ مِنَ الْأَعْرَابِ لِيُؤْذَنَ لَهُمْ وَقَعَدَ الَّذِينَ كَذَبُوا اللّٰهَ وَرَسُولَهُ سَيُصِيبُ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْهُمْ عَذَابٌ اَلِيمٌ**

«ئۆزرىسى بار ئەئرابىلار رۇخسەت سوراش ئۈچۈن كەلدى. ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا يالغان ئېيتقۇچىلار بولسا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلاردىن كاپىر بولغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ».

بۇ ئايەت، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئىككى ھۆكۈم مەنبەسى ئەمەسلىكىنى تېخىمۇ روشەن ھالدا كۆرسىتىپ بەرمەكتە. چۈنكى بۇ ئايەتتە رەسۇلغا قىلىنغان ھىيلە ئاللاھقا قىلىنغان ھىيلە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇ رېئاللىق يەنە ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئىبارىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنمەكتە. ئايەتتىكى «ئاللاھ ۋە رەسۇلغا يالغان ئېيتىش» ئىپادىسى نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ بىر ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا يالغان ئېيتىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى نەزەرگە ئېلىنغاندا، بۇ ئايەتتە ئۇرۇشقا

(1) بەيزاۋى، تەۋبە سۈرىسى 65 ـ ئايەت؛ تابارى، تەۋبە سۈرىسى 65 ـ ئايەت

قاتناشماسلىق ئۇچۇن رەسۇلغا ئېيتىلغان يالغانچىلىق تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. لېكىن ئايەتتىن مەلۇم بولغىنىدەك بۇ يالغانچىلىقنىڭ ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئېيتىلغانلىقى بايان قىلىنماقتا. يەنى، ئوتتۇرىدا ھەم ئاللاھقا، ھەم رەسۇلغا ئېيتىلغان ئىككى يالغان يوق. ئەمما بۇنىڭغا قارىماستىن ئايەتتە «ئاللاھ ۋە رەسۇلغا» ئىبارىسى ئىشلىتىلگەن. دېمەك، «ئاللاھ ۋە رەسۇلغا» ئىبارىسى ئىككى پەرقلىق ھۆكۈم مەنبەسىنى كۆرسەتمەيدۇ.

## 6. دەلىل (تەۋبە سۈرىسى، 16-ئايەت)

**اَمْ حَسِبْتُمْ اَنْ تُتْرَكُوا وَلَمَّا يَعْلَمِ اللّٰهُ الَّذ۪ينَ جَاهَدُوا مِنْكُمْ وَلَمْ يَتَّخِذُوا مِنْ دُونِ اللّٰهِ وَلَا رَسُولِه۪ وَلَا الْمُؤْمِن۪ينَ وَل۪يجَةًۜ وَاللّٰهُ خَب۪يرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ**

«ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى جىھاد قىلىپ، ئاللاھ ۋە رەسۇلى ۋە مۇئمىنلەردىن باشقىلارنى ئۆزىگە سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى بىلمەي (ئوتتۇرىغا چىقارماي) تۇرۇپ، ئۆز ھالىڭلارغا قويۇپ بېرىلىمىز دەپ ئويلاپ قالدىڭلارمۇ؟ ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر».

بۇ ئايەتتىمۇ «ئاللاھ ۋە رەسۇلى ۋە مۇئمىنلەر» بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان ۋە بۇ ئۈچ ئىبارە «ۋ» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلغان. بىر ئىنسانىنىڭ ئاللاھنى (مۇستەقىل ھالدا) سىرداش قىلىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئايەتتە رەسۇلى ۋە مۇئمىنلەرنى ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن باشقىلارنى سىرداش قىلىۋالغانلار تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ[1]. دېمەك، رەسۇل ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بولغان مۇئمىنلەرنى سىرداش قىلىۋالغۇچى ئاللاھنى سىرداش قىلىۋالغان؛ ئۇلارغا خىيانەت قىلىپ مۇشرىكلارنى سىرداش قىلىۋالغۇچى بولسا ئاللاھقا خىيانەت قىلغان بولىدۇ. يەنى، ھەم ئاللاھ، ھەم رەسۇل، ھەم مۇئمىنلەر ئايرىم - ئايرىم سىرداش قىلىنمايدۇ، قىلىۋالغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال «ئاللاھ ۋە رەسۇلغا قارشى ئۇرۇش قىلغان بىر كىشى» ھەققىدە توختالغان تۆۋەندىكى ئايەتتىمۇ مەۋجۇت:

## 7. دەلىل (تەۋبە سۈرىسى، 107-ئايەت)

**وَالَّذ۪ينَ اتَّخَذُوا مَسْجِداً ضِرَاراً وَكُفْراً وَتَفْر۪يقاً بَيْنَ الْمُؤْمِن۪ينَ وَاِرْصَاداً لِمَنْ حَارَبَ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ مِنْ**

(1) تابارى، تەۋبە سۈرىسى 16 ـ ئايەت.

قَبْلُ وَلَيَحْلِفُنَّ اِنْ اَرَدْنَٓا اِلَّا الْحُسْنٰى وَاللّٰهُ يَشْهَدُ اِنَّهُمْ لَكَاذِبُونَ

«كاپىر بولۇش، مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ۋە ئىلگىرى ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان ئادەمنى قوغداش ئۈچۈن مەسچىت (زىرار مەسچىتى) سالغانلار بار. (ئۇلار): بىز پەقەت ياخشىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلدۇق، دەپ قەسەم قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شەك - شۈبھىسىز يالغانچى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ».

ھەرقانداق بىر ئىنسان ياكى خەلقنىڭ ئاللاھ ۋە رەسۇلى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇرۇش قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنى، بۇ يەردە بىرسى ئاللاھ، يەنە بىرسى رەسۇلغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىككى ئۇرۇش مەۋجۇت ئەمەس. لېكىن رەسۇلغا ۋە مۆئمىنلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىر ئۇرۇش، رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۇرۇش قىلغان بىرسى مەۋجۇت[1]. ئەمما بۇ ئايەتتە ھەر دائىمقىدەك «ئاللاھ ۋە رەسۇلغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش» ئىپادىسى يەر ئالغان.

## 8. دەلىل (بەقەرە سۈرىسى، 279-ئايەت)

فَاِنْ لَمْ تَفْعَلُوا فَأْذَنُوا بِحَرْبٍ مِنَ اللّٰهِ وَرَسُولِهِ وَاِنْ تُبْتُمْ فَلَكُمْ رُؤُسُ اَمْوَالِكُمْ لَا تَظْلِمُونَ وَلَا تُظْلَمُونَ

«ئەگەر (ئۆسۈم ھەققىدە ئېيتىلغانلارنى) قىلمىساڭلار، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ سىلەرگە جەڭ ئېلان قىلغانلىقىدىن خەۋرىڭلار بولسۇن».

بۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئىبارىسى بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ ئىككى كەلىمە «ۋ» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلغان. لېكىن ئايەتتىكى «ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ جازانىخورلارغا قارشى ئېلان قىلغان جەڭ» ئىپادىسىدىن بىرسى ئاللاھ، يەنە بىرسى رەسۇل تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئىككى پەرقلىق جەڭنىڭ نەزەردە تۇتۇلمايۋاتقانلىقى ئېنىق. ئايەتتە نەزەردە تۇتۇلغان مەسىلە، ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن ھۆكۈملىرىنى قوبۇل قىلماي جازانە يېگۈچىلەر، ئاللاھقا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان (ياكى ئاللاھ ئۇلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان) بولىدۇ.

(1) مۇپەسسىرلەرنىڭچە رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۇرۇش قىلغان كىشى ئەبۇ ئامىر ئەل-فاسىقتۇر (تابارى، تەۋبە سۈرىسى 107؛ بەيزاۋى، تەۋبە سۈرىسى 107-ئايەت)

## 9. دەلىل (نىسا سۈرىسى، 100-ئايەت)

وَمَنْ يُهَاجِرْ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ يَجِدْ فِي الْاَرْضِ مُرَاغَماً كَثِيراً وَسَعَةً وَمَنْ يَخْرُجْ مِنْ بَيْتِهِ مُهَاجِراً اِلَى اللّٰهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ يُدْرِكْهُ الْمَوْتُ فَقَدْ وَقَعَ اَجْرُهُ عَلَى اللّٰهِ وَكَانَ اللّٰهُ غَفُوراً رَحِيماً

«كىمكى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ھىجرەت قىلىش مەقسىتىدە ئۆيىدىن چىقسا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆلۈم يەتسە، شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

## 10. دەلىل (مائىدە سۈرىسى، 33-ئايەت)

اِنَّمَا جَزٰؤُا الَّذِينَ يُحَارِبُونَ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الْاَرْضِ فَسَاداً اَنْ يُقَتَّلُوا اَوْ يُصَلَّبُوا اَوْ تُقَطَّعَ اَيْدِيهِمْ وَاَرْجُلُهُمْ مِنْ خِلَافٍ اَوْ يُنْفَوْا مِنَ الْاَرْضِ

«ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى، ۋە ياكى پۇت - قولى قايچا شەكىلدە كېسىپ تاشلىنىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك».

بۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھ ۋە رەسۇل ئىبارىسى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ ئىككى كەلىمە «ۋ» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلغان. لېكىن بۇ ئايەتتە ھەم ئاللاھ، ھەم رەسۇلىغا قارشى ئېلان قىلىنغان بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىككى جەڭ ھەققىدە توختالمىغان. ئايەت، مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلغان، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزگەن ۋە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان كىشىلەر ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن[1].

## 11. دەلىل (ئەھزاب سۈرىسى، 36-ئايەت)

وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ اِذَا قَضَى اللّٰهُ وَرَسُولُهُ اَمْراً اَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ اَمْرِهِمْ وَمَنْ

(1) بەيزاۋى، مائىدە سۈرىسى 33-ئايەت؛ تابارى، مائىدە سۈرىسى 33-ئايەت

**يَعْصِ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالاً مُبِيناً**

«ئاللاھ ۋە رەسۇلى بىر ئىش ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغاندا مۆئمىن ئەر ـ ئايالنىڭ ئۇ ئىشتا ئۆز ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. كىمكى ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا قارشى چىقىدىكەن، ئۇ روشەن ئازغان بولىدۇ».

بۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھ ۋە رەسۇل كەلىمىسى بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن ۋە بۇ ئىككى كەلىمە «ۋ» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان. لېكىن «ئاللاھ ۋە رەسۇلى چىقارغان ھۆكۈم» ھەققىدە توختالغاندا بىرسى ئاللاھقا، يەنە بىرسى رەسۇلىغا ئائىت ئىككى پەرقلىق ھۆكۈم نەزەردە تۇتۇلمىغان بولۇپ، ئاللاھ بىلدۈرگەن بىر ھۆكۈم نەزەردە تۇتۇلغان.

## 12. دەلىل (ئەھزاب سۈرىسى، 37-ئايەت)

**وَإِذْ تَقُولُ لِلَّذِي أَنْعَمَ اللّٰهُ عَلَيْهِ وَأَنْعَمْتَ عَلَيْهِ أَمْسِكْ عَلَيْكَ زَوْجَكَ وَاتَّقِ اللّٰهَ وَتُخْفِي فِي نَفْسِكَ مَا اللّٰهُ مُبْدِيهِ وَتَخْشَى النَّاسَ**

«ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ نېمەت بەرگەن ۋە سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: ئايالىڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن، ئاللاھتىن قورققىن! دېگەنىدىڭ...»

بۇ ئايەتتە نېمەت بېرىلگەن، نەبى تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنغان كىشى زەيد (ر ئە)ئىدى (ئايەتنىڭ داۋامىدا ھەزرىتى زەيد ئىسمى تىلغا ئېلىنىدۇ). ئۇنداقتا «ئاللاھ نېمەت بەرگەن ۋە سەن ئىنئام قىلغان كىشى» نېمە دېگەنلىك بولىدۇ؟ زەيد ھەم ئاللاھ تەرىپىدىن، ھەم نەبى تەرىپىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نېمەتلەندۈرۈلگەنمۇ؟ ياكى ئاللاھ ھەزرىتى زەيدنى نەبى ئارقىلىق (ئۇنىڭ ھىمايىسى بىلەن) نېمەتلەندۈرگەنمۇ؟ «ئاللاھنىڭ نېمىتى ئىمان (ئىسلام)، نەبىنىڭ نېمىتى بولسا ئۇنى ھىمايە قىلىش، ئۇنى ئاسراش» دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن بۇ بارلىق نېمەتلەرنى بەخش ئەتكۈچى ئەلۋەتتە ئاللاھتۇر ۋە بەندىلەرنىڭ ـئاللاھتىن مۇستەقىل ھالدا ـ ئۆز ئالدىغا نېمەت بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن بۇ يەردىكى «ۋ» باغلىغۇچىسىمۇ ئايرىملىق مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ[1].

(1) رەسۇل بىلەن نەبى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى پەقەت بۇ ئىككى ئايەت (ئەھزاب سۈرىسى 36 ۋە 37) ئارقىلىقمۇ چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەھزاب سۈرىسى 36-ئايەتتە «رەسۇلنىڭ ھۆكمىگە قارشى چىقىشقا بولمايدۇ، قارشى چىققۇچى ئېزىپ كېتىدۇ» دېيىلگەن بولسا، 37-ئايەتتە نەبىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىغان ھەزرىتى زەيد ئەيىبلەنمەيدۇ. چۈنكى ھەزرىتى زەيدكە «ئايالىڭنى تالاق قىلما» دېگۈچى رەسۇل ئەمەس، نەبى ئىدى. يەنى، رەسۇل سۈپىتىدە ئەمەس، نەبى سالاھىيىتى بىلەن دېگەن.

## 13. دەلىل (نۇر سۈرىسى، 48-ئايەت)

وَاِذَا دُعُوا اِلَى اللهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ اِذَا فَرِيقٌ مِنْهُمْ مُعْرِضُونَ

«ئۇلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا دەۋەت قىلىنغاندا، ئۇلاردىن بىر جامائە يۈز ئۆرۈيدۇ».

بۇ ئايەتتىمۇ ئاللاھ ۋە رەسۇلى بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان ھەمدە «ۋ» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلغان. لېكىن 6-دەلىل (ئەھزاب سۈرىسى 36-ئايىتى) ئۈچۈن ئېيتىلغانلار بۇ ئايەت ئۈچۈنمۇ ئوخشاش بولۇپ، بىرسى ئاللاھقا، يەنە بىرى رەسۇلىغا ئائىت ئىككى پەرقلىق ھۆكۈم مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن رەسۇل بەرگەن بىرلا ھۆكۈمنىڭ بارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

## 14. دەلىل (ئەنفال سۈرىسى 1- ۋە 48-ئايەت)

يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ الْاَنْفَالِ قُلِ الْاَنْفَالُ لِلّٰهِ وَالرَّسُولِ فَاتَّقُوا اللّٰهَ وَاَصْلِحُوا ذَاتَ بَيْنِكُمْ وَاَطِيعُوا اللّٰهَ وَرَسُولَهُٓ اِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ

«سەندىن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى توغرۇلۇق سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى: غەنىيمەتلەر ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئائىتتۇر. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۇئمىن بولساڭلار ئۇنداقتا ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار» (ئەنفال سۈرىسى، 1-ئايەت).

«غەنىيمەتلەر ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئائىتتۇر» ئىپادىسى نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ بۇنىڭ، يەنى «غەنىيمەتنىڭ يېرىمى ئاللاھقا، يېرىمى رەسۇلىغا ئائىت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدىغانلىقى ئېنىق. بۇ «غەنىيمەتلەر ئاللاھ كۆرسەتكەن شەكىلدە تەقسىم قىلىنىدۇ ۋە ئۇ بۇنى رەسۇلىغا بىلدۈرىدۇ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ غەنىيمەتلەرنىڭ قانداق تەقسىم قىلىنىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن بىلدۈرگەن:

وَاعْلَمُوا اَنَّمَا غَنِمْتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَاَنَّ لِلّٰهِ خُمُسَهُ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي الْقُرْبٰى وَالْيَتَامٰى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ اِنْ كُنْتُمْ اٰمَنْتُمْ بِاللّٰهِ وَمَا اَنْزَلْنَا عَلٰى عَبْدِنَا يَوْمَ الْفُرْقَانِ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ وَاللّٰهُ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

«ئەگەر ئاللاھقا ۋە ھەق بىلەن باتىل ئايرىلغان كۈندە، ئىككى قوشۇن ئۆزئارا ئۇچراشقان كۈندە بەندىمىزگە نازىل قىلغان شەيئىگە ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، ئۇنداقتا بىلىڭلاركى، غەنىيمەت سۈپىتىدە ئولجا ئالغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ بەشتىن بىرى (خۇمۇس) ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا، خىش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ۋە يولدا قالغانلارغا خاستۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر» (ئەنفال سۈرىسى، 41-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە كۆرۈلگەندەك غەنىيمەتنىڭ بەشتىن تۆتى غازىيلارغا، بەشتىن بىرى بولسا ئاللاھ ۋە رەسۇلغا ئائىتتۇر. ئاۋامغا خاس قىلىپ ئاللاھ ۋە رەسۇلغا ئايرىلغان بۇ بەشتىن بىر ئۈلۈشنىڭ قانداق تارقىتىلىدىغانلىقى ئايرىم ھالدا بىلدۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئۈلۈش رەسۇل تەرىپىدىن 1) ئاللاھ نامىدىن (بىر قىسمى شەخسىي ئېھتىياج ۋە دىن ئۈچۈن)، 2) يېقىنلارغا (غازى ۋە شېھىتلەرگە)، 3) يېتىملەرگە (ئاساسەن دېگۈدەك شېھىتلەرنىڭ باللىرىغا)، 4) يوقسۇللار، 5) يولدا قالغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. يەنى، غەنىيمەتلەر رەسۇل تەرىپىدىن -ئاللاھ بىلدۈرگەن- بۇ تەقسىمات ئۇسۇلىغا ئاساسەن تارقىتىلىدۇ ۋە مۇئمىنلەر رەسۇلنىڭ بۇ تەقسىماتىغا رازى بولىدۇ.

## 15. دەلىل (ھەشر سۈرىسى، 7-ئايەت)

**مَا اَفَاءَ اللّٰهُ عَلٰى رَسُولِهِ مِنْ اَهْلِ الْقُرٰى فَلِلّٰهِ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي الْقُرْبٰى وَالْيَتَامٰى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ كَيْ لَا يَكُونَ دُولَةً بَيْنَ الْاَغْنِيَٓاءِ مِنْكُمْ وَمَٓا اٰتٰيكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهٰيكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا وَاتَّقُوا اللّٰهَ اِنَّ اللّٰهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ**

«ئاللاھنىڭ، (فەتىھ قىلىنغان) ئەللەر خەلقىدىن رەسۇلغا بەرگەن فەي (ئۈلۈش)، ئاللاھ ۋە رەسۇلى، يېقىنلىرى، يېتىملار، يوقسۇللار ۋە يولدا قالغانلار ئۈچۈندۇر. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇ ماللار ئىچىڭلاردا پەقەت بايلار ئارىسىدىلا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەيدۇ. رەسۇل سىلەرگە نېمىنى بەرگەن بولسا ئۇنى ئېلىڭلار، نېمىدىن چەكلىگەن بولسا يىراق تۇرۇڭلار. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، چۈنكى ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر».

يۇقىرىدىكى ئايەتتە كۆرۈلگەندەك -ئۇرۇش قىلماستىن غەنىيمەت ئېلىنغان- فەي ماللىرى رەسۇلغا بېرىلگەن. لېكىن رەسۇل بۇ ماللارنى ئاللاھ ۋە رەسۇلى (ئاۋام)، يېقىنلار، يېتىملار، يوقسۇللار ۋە يولدا قالغانلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. يەنى، بۇ ماللارمۇ -ئەنفال سۈرىسى 41-ئايەتتىكى جەڭ غەنىيمەتلىرىگە

ئوخشاش- ئاللاھ رەسۇلغا بىلدۈرگەن ھۆكمى بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. بۇ يەردىكى «ئاللاھ ۋە رەسۇلغا» ئائىت بولغان ئۈلۈشنىڭ يېرىمى ئاللاھقا، يېرىمى رەسۇلغا تېگىدىغان شەكىلدە تەقسىم قىلىنمايدىغانلىقى ئېنىق.

رەسۇلنىڭ «ئۆز ئالدىغا شەرىئەت قويۇش ھوقۇقى بار» دېگۈچىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى «رەسۇل سىلەرگە نېمىنى بەرگەن بولسا ئۇنى ئېلىڭلار، نېمىدىن چەكلىگەن بولسا يىراق تۇرۇڭلار» دېگەن بۇ ھەشر سۈرىسى 7-ئايەتنىڭ مۇشۇ قىسمىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ[1]. ھالبۇكى، بۇ ئايەتتە رەسۇل بەرگەن نەرسە ھۆكۈم ئەمەس -جەڭ قىلماستىن ئېلىنغان- فەي ماللىرىدۇر. بۇ ئايەت، رەسۇلنىڭ فەي ماللىرىنى تەقسىم قىلغاندا دۇچ كەلگەن نارازىلىقلار سەۋەبىدىن چۈشكەن بولۇپ، غازىلارغا «رەسۇل سىلەرگە نېمىنى بەرگەن بولسا ئۇنى ئېلىڭلار، نېمىدىن چەكلىگەن بولسا يىراق تۇرۇڭلار» دېيىلگەن. ئادەتتە ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنىڭ بەشتىن تۆتى غازىلارغا، بەشتىن بىرى بەيتۇل مال (ئاللاھ ۋە رەسۇلى)غا ئايرىپ تەقسىم قىلىنىدۇ. لېكىن جەڭ قىلماستىن ئېلىنغان فەي ماللىرىنىڭ ھەممىسى بەيتۇلمال (ئاللاھ ۋە رەسۇلى)غا ئائىتتۇر. چۈنكى غازىلار بۇ ماللار ئۈچۈن ئات ياكى تۆگە چاپتۇرمىغان (ئۇرۇش قىلمىغان)[2].

مانا بۇ ئايەت فەي ماللىرىنىڭ -غازىلار تەلەپ قىلغان شەكىلدە ئەمەس- ئاللاھنىڭ رەسۇلغا بىلدۈرگەن شەكىلدە تارقىتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. فەي ماللىرى رەسۇل (بەيتۇل مال)غا، يەنى خەزىنىگە تاپشۇرۇلىدۇ. رەسۇل بۇلارنى ئاللاھ بۇيرۇغان شەكىلدە تارقىتىپ بېرىدۇ. مۇئمىنلەر (غازىلار)مۇ رەسۇلنىڭ بۇ تەقسىماتىغا رازى بولىدۇ. مانا بۇ ئايەتنىڭ داۋامىدىكى «رەسۇل سىلەرگە نېمىنى بەرگەن بولسا ئۇنى ئېلىڭلار، نېمىدىن چەكلىگەن بولسا يىراق تۇرۇڭلار» بۇيرۇقىنىڭ سەۋەبىدۇر.

بۇ ئېپادىنىڭ ئالدىدىلا «مۇشۇنداق بولغاندا ئۇ ماللار ئىچىڭلاردا پەقەت بايلار ئارىسىدىلا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەيدۇ» دېيىلمەكتە. يەنى بۇ ئايەت بىر پۈتۈن ھالدا فەي ماللىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ماللار بايلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمايدۇ، غازىلارنىڭ بۇ ماللار ھەققىدىكى تەلەپلىرى رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ماللار -ئەنفال سۈرىسى 41-ئايەتتىكى غەنىيمەتلەرگە ئوخشاش- غازالار ئات ۋە تۆگە چاپتۇرۇپ (جەڭ قىلىپ) ئېلىنغان

(1) مۇسا جارۇللاھ بىگىيەۋ، «كىتابۇس - سۈننە»، 12-13-بەت. ئوسمانى، «سۈننەتنىڭ قىممىتى ۋە ھۆكمى»، 55-54-بەتلەر

(2) ھەشر سۈرىسى، 6-ئايەت

غەنىيمەت ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر ماللار بەيتۇل مالغا ئائىت بولۇپ، موھتاج بولغانلارغا بېرىلىدۇ. رەسۇل ئەلۋەتتە موھتاج مۇلازىملارغىمۇ بۇ ماللاردىن نېسىۋە بېرىدۇ. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ جەڭ قىلىپ ئالغان غەنىيمەت مىقدارىدەك بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن رەسۇل بەرگەن ئۈلۈشكە (ئاللاھ بىلدۈرگەن تەقسىماتقا) رازى بولىدۇ، باشقا ھەق تەلەپ قىلالمايدۇ.

ئايەتنىڭ مەزمۇنى يۇقىرىدىكىدەك بولۇشىغا قارىماستىن بەزى ئالىملار، مەسىلەن: مۇسا جارۇللاھ بىگىيەۋ، بۇ ئايەت ئۈچۈن «سۈننەتنىڭ قەتئىي ھۆكۈم بىلدۈرگەنلىكىنىڭ دەلىلى» دەپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر سىلەرگە نېمىنى بەرگەن بولسا ئۇنى ئېلىڭلار، نېمىدىن چەكلىگەن بولسا يىراق تۇرۇڭلار... ‹سىلەرگە نېمىنى چەكلىگەن بولسا› ئىپادىسىدىن ھارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان چەكلەش مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ‹سىلەرگە نېمىنى بەرگەن بولسا› ئىپادىسىنى ‹بۇيرۇقلىرى› دەپ چۈشىنىش كېرەك. نەھىيلەر (چەكلىمىلەر) ھارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندەك، ئەمرلىرىمۇ ۋاجىبلارنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئايەت ئارقىلىق ئېزىز ۋە ئالىم بولغان ئاللاھ، بىغۇبار ۋە كەرىم بولغان پەيغەمبىرگە مۇتلەق شەرىئەت بەلگىلەش ھوقۇقىنى بەرگەن»[1].

شۇنداقتىمۇ مۇسا جارۇللاھنىڭ بۇ قاراشلىرىغا قارىتا ئۇنىڭ كىتابىنى تەرجىمە قىلغان مەھمەت گۆرمەز[2]، يوللۇق رەۋىشتە مۇنداق ئىزاھات بەرگەن: «ھەشر سۈرىسى 7-ئايەتنىڭ ئالدى - ئارقىسىدىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، قايسى مەقسەتتە ئېيتىلغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بۇ شەكىلدە ئومۇمىي ھۆكۈم ئۈچۈن دەلىل بولالمايدۇ. لېكىن ئۇسۇلچىلىرىمىزنىڭ ‹ئايەت ئىچىدىكى پۈتۈن بىر مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ھەر قانداق بىر پارچىغا مۇستەقىل مەنە بېرىش، كۆچلەندۈرگۈچى مەنە بېرىشتىن ئەۋزەلدۇر› قائىدىسىگە ئاساسەن مۇشۇنداق بىر ئومۇمىي ھۆكۈم چىقىرىش مۇمكىن. لېكىن بۇ قائىدىنىڭ ئۆزى بىردەك قوبۇل قىلىنمىغان»[3]. گۆرمەز، بىگىيەۋنىڭ «بۇ ئايەت ئارقىلىق ئېزىز ۋە ئالىم بولغان ئاللاھ، بىغۇبار ۋە كەرىم بولغان پەيغەمبىرگە مۇتلەق شەرىئەت بەلگىلەش ھوقۇقىنى بەرگەن» دېگەن سۆزلىرىگە قارىتا بەرگەن ئىزاھاتىنىڭ داۋامىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۇسۇل ۋە دالالەت ئىلمى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەددىدىن ئاشقان ئومۇمىيلاشتۇرۇش بولۇپ، ھەر ئەمرنىڭ ۋاجىپ،

(1) مۇسا جارۇللاھ بىگىيەۋ، «كىتابۇس - سۈننە»، 12-بەت

(2) سابىق دىيانەت ئىشلىرى رەئىسى، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىلاھىيەت فاكۇلتېتى، ھەدىس بىلىملىرى بۆلۈمى ئوقۇتقۇچىسى، پرفېسسور، دوكتور

(3) مەھمەت گۆرمەز، بىگىيەۋ، «كىتابۇس - سۈننە»، 12-بەت (27-نومۇرلۇق ئىزاھات)

ھەر نەھىيىنىڭ ھارام مەنىسىنى بىلدۈرمەيدىغانلىقى روشەندۇر». گۆرمەزنىڭ بۇ بايانلىرى ناھايىتى توغرا.

## 16. دەلىل (جاسىيە سۈرىسى، 6-ئايەت)

تِلْكَ اٰيَاتُ اللّٰهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِالْحَقّ فَبِاَيِّ حَديثٍ بَعْدَ اللّٰهِ وَاٰيَاتِه يُؤْمِنُونَ

«مانا بۇ ساڭا ئوقۇپ بېرىۋاتقانلىرىمىز ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى ھەدىسكە ئىشىنىدۇ؟».

«ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى ھەدىسكە (سۆزگە) ئىشىنىدۇ؟» جۈملىسىدىكى «ۋ» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلغان «ئاللاھ» ۋە «ئۇنىڭ ئايەتلىرى»نىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكى ئېنىق. لېكىن بۇ يەردە ئىمان شەرتى سۈپىتىدە نەزەردە تۇتۇلغان ئەسلى ئامىل ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. چۈنكى «ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى ھەدىسكە (سۆزگە) ئىشىنىدۇ؟» سوئالى، «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى» ۋە «باشقا ھەدىسلەر»دىن ئىبارەت ئوخشاش تۈردىكى (سۆز ياكى كالام) ئىككى پەرقلىق تاللاشنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما بۇ ئىككى تاللاش 1) «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرى»، 2) «باشقا ھەدىسلەر» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. يەنى «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى» ئىپادىسى، «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرى» شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان.

## 17. دەلىل (نىسا سۈرىسى، 59-ئايەت)

مەلۇم بولغىنىدەك نىسا سۈرىسى 59-ئايىتى ئاللاھقا، رەسۇلغا ۋە ئۇلۇل ئەمرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىيدۇ:

يَا اَيُّهَا الَّذينَ اٰمَنُوا اَطيعُوا اللّٰهَ وَاَطيعُوا الرَّسُولَ وَاُولِي الْاَمْرِ مِنْكُمْ فَاِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ اِلَى اللّٰهِ وَالرَّسُولِ اِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللّٰهِ وَالْيَوْمِ الْاٰخِرِ ذٰلِكَ خَيْرٌ وَاَحْسَنُ تَأْويلاً

«ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە سىلەردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە (ئۇلۇل ئەمرگە) ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر بىرەر شەيئىدە كېلىشەلمەي قالساڭلار، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ھەقىقەتەن ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئۇ مەسىلىدە ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا مۇراجىئەت قىلىڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر».

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان «ئۇلۇل ئەمر» كەلىمىسى رەسۇل كەلىمىسىدىن كېيىن كەلگەن ھەمدە «ۋ (ۋە)» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئايرىلغان. ئۇنداقتا «ئاللاھ ۋە رەسۇلى» شەكلىدىكى «ۋ» باغلىغۇچىسى سەۋەبىدىن رەسۇلنىڭ شەرئەت بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەنلەر، بۇ ھوقۇقنىڭ مەزكۇر ئايەتنىڭ داۋامىدا يەنە «ۋ» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئايرىلغان «ئۇلۇل ئەمرلەر»گىمۇ بېرىلگەنلىكىنى ئېيتالامدۇ؟ لوگىكىلىق جەھەتتىن توختۇرۇقسىزلىق قىلماسلىق ئۈچۈن ئۇلارغىمۇ بۇ ھوقۇقنىڭ بېرىلگەنلىكىنى ئېيتىشى لازىم. لېكىن بۈگۈنگىچە بۇنداق قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەنلەر چىقمىغان. چۈنكى بۇنداق بولمايدىغانلىقى ئېنىق. ئۇلۇل ئەمرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ مۇتلەق ئەمەسلىكىنى ئايەتنىڭ داۋامىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئايەتنىڭ داۋامىدا ھەرقانداق بىر كېلىشەلمەسلىك كۆرۈلسە، مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە ئاللاھ ۋە رەسۇلغا مۇراجىئەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. دېمەك، ئۇلۇل ئەمرگە ئىتائەت قىلىش مۇتلەق ئەمەس. ئىختىلاپ ھاسىل بولغاندا مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا (ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئارقىلىق ئەۋەتكەن ھۆكۈملىرىگە، يەنى قۇرئانغا) مۇراجىئەت قىلىنىدۇ.

بۇ ئايەت ئارقىلىق ئۇلۇل ئەمرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان قۇرئان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلۇل ئەمر بىلەن ئارىمىزدا ئىختىلاپ چىقىشى مۇمكىنلىكىنى، بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنىڭ دائىم مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، بۇنداق ئەھۋالدا ئاللاھ ۋە رەسۇلغا (قۇرئانغا) مۇراجىئەت قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن. ھالبۇكى، ئۇنلارچە ئايەتتە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان قۇرئان، ھېچقانداق بىر ئايەتتە رەسۇل بىلەن ئاراڭلاردا ئىختىلاپ چىقسا، مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىڭلار دېمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى رەسۇل بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىختىلاپنىڭ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. رەسۇل ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئۆز پېتى يەتكۈزىدۇ، قوشۇپ قويالمايدۇ ياكى ئېلىۋېتەلمەيدۇ. بۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر مۇشۇنداق قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭ جان تومۇرىنى ئۈزۈپ تاشلايتتى[1]. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ بىلەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئارىسىدا ھەرگىزمۇ ئىختىلاپ مەۋجۇت بولمايدۇ.

## 18. دەلىل (ئەنفال سۈرىسى، 20-ئايەت)

يَا اَيُّهَا الَّذينَ اٰمَنُوا اَطيعُوا اللّٰهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَوَلَّوْا عَنْهُ وَاَنْتُمْ تَسْمَعُونَ

(1) ھاققە سۈرىسى، 47-44-ئايەتلەر

«ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار! ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار!».

«ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار!» بۇيرۇقىدىن كېيىن، «ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار!» دېيىلگەن كىم؟ ئەلۋەتتە، رەسۇل. دېمەك، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىنسا، ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىنغان بولىدۇ. يەنى، ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار بۇيرۇقى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تەبلىغ قىلغان ۋە سىلەر سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغان رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئايەتلەردە دائىم «ئاللاھ ۋە رەسۇل» ئىبارىسى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئەھۋال تۆت ئايەتتىن كېيىن «ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنى سىلەرگە ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى شەيئىگە چاقىرغان ۋاقتىتا ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار!» (ئەنفال سۈرىسى، 24-ئايەت) دېگەن ئايەت ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈلگەن.

## 19. دەلىل (ھەشر سۈرىسى، 4-ئايەت)

ذٰلِكَ بِاَنَّهُمْ شَاقُّوا اللّٰهَ وَرَسُولَهُ وَمَنْ يُشَاقِّ اللّٰهَ فَاِنَّ اللّٰهَ شَديدُ الْعِقَابِ

«بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا قارشى چىققانلىقى سەۋەبىدىندۇر. كىمكى ئاللاھقا قارشى چىقىدىكەن، بىلسۇنكى، ئاللاھنىڭ جازاسى ناھايىتى قاتتىقتۇر».

ئايەتتە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئايەتنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا «ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا» قارشى چىقىش ھەققىدە توختالغان بولۇپ، كېيىنكى قىسمىدا پەقەت ئاللاھقا قارشى چىقىش تىلغا ئېلىنغان. يەنى، ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا قارشى چىقىشنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئىككى ئاسىيلىق ئەمەسلىكى، بۇنىڭ ئاللاھقا قارشى سادىر قىلىنغان ئاسىيلىق ئىكەنلىكى ئايەتنىڭ ئۆزىدىن مەلۇم بولماقتا. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ۋە رەسۇلى شەكلىدە كەلگەن ئىبارە ئارقىلىق، بۇ يەردە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئارقىلىق ئەۋەتكەن بۇيرۇقلىرىنىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقى روشەن ھالدا كۆرۈلمەكتە.

## 20. دەلىل (قۇرئاننىڭ «ۋ (ۋە)» باغلىغۇچىسىنى ئىشلىتىش شەكلى)

«ئاللاھ ۋە رەسۇل»نىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىم ئىككى پەرقلىق ھۆكۈم مەنبەسى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىللەردىن بىرسى قۇرئاننىڭ «ۋ»

باغلىغۇچىسىنى ئىشلىتىش شەكلىدۇر. قۇرئاننىڭ «ۋە» باغلىغۇچىسىنى قاراتما تەپسىر ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق. ئەمدى بۇ ئەھۋالنى تۆۋەندە دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەر ئارقىلىق كۆرۈپ ئۆتەيلى:

**وَمَنْ يُطِعِ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ وَيَخْشَ اللّٰهَ وَيَتَّقْهِ فَاُولٰئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ**

«ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلغان ۋە ئاللاھقا ھۆرمەت كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن تەپ تارتقانلار ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» (نۇر سۈرىسى، 52-ئايەت).

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بۇيرۇقلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش

2. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش

3. ئاللاھنى ھۆرمەتلەش

4. ئاللاھتىن تەپ تارتىش

يۇقىرىدىكى ئايەتتە بۇ بۇيرۇقلارنىڭ ھەممىسى «ۋە» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن. ئۇنداقتا بۇ بۇيرۇقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرىدىن مۇستەقىل دەپ ئېيتىشقا بولامدۇ؟ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بىر كىشى دېمىسىمۇ ئاللاھنى ھۆرمەتلىگەن ۋە ئاللاھتىن تەپ تارتقان بولمامدۇ؟ ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بۇ بۇيرۇقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا تىلغا ئېلىنغان؟ ئاللاھنى ھۆرمەتلىگەن ۋە ئاللاھتىن تەپ تارتقان بىر كىشى قانداق قىلسا ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ؟ دېمەك، ئايەتتە ئارقىمۇ ئارقا تىلغا ئېلىنغان بۇ بۇيرۇقلار ئارقىلىق مۇنداق دېيىلگەن: «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئۇنىڭدىن تەپ تارتقان ھالدا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار. بۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇل ئېلىپ كەلگەن بۇيرۇقلارغا رىئايە قىلىپ رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار، مۇشۇنداق قىلساڭلار ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىسىلەر».

بۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر مىسال تۆۋەندىكىچە:

**وَاَقِيمُوا الصَّلٰوةَ وَاٰتُوا الزَّكَاةَ وَاَطِيعُوا الرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ**

«ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نامازنى ئادا قىلىڭلار ۋە زاكات بېرىڭلار ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار» (نۇر سۈرىسى، 56-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە تۆۋەندىكى ئۈچ بۇيرۇق تىلغا ئېلىنغان:

1. نامازنى ئادا قىلىش

2. زاكات بېرىش

3. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش

بۇ ئۈچ بۇيرۇقنىڭ ھەممىسى «ۋە» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن. ھالبۇكى، رەسۇلغا ئىتائەت قىلغان بىر مۇئمىن «نامازنى ئادا قىلغان» ۋە «زاكات بەرگەن» بولمامدۇ؟ ياكى بۇلارنى ئادا قىلمىغان بىرسى رەسۇلغا ئىتائەت قىلغان بولامدۇ؟ ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بۇ بۇيرۇقلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تىلغا ئېلىنغان؟ دېمەك، بۇ ئارقىلىق مۇنداق دېيىلمەكتە: «نامازنى ئادا قىلىش ۋە زاكات بېرىش ئارقىلىق رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار».

بۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىغان يەنە بىر ئايەت تۆۋەندىكىچە:

**وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ اَوْلِيَاءُ بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُقِيمُونَ الصَّلٰوةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَيُطِيعُونَ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ اُولٰئِكَ سَيَرْحَمُهُمُ اللّٰهُ اِنَّ اللّٰهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ**

«مۇئمىن ئەرلەر بىلەن مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرىنىڭ دوستىدۇر. ئۇلار ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە يامانلىقتىن توسىدۇ ۋە نامازنى ئادا قىلىدۇ ۋە زاكات بېرىدۇ ۋە ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىدۇ» (تەۋبە سۈرىسى، 71 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ۋە بىر ـ بىرىدىن «ۋە» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئايرىۋېتىلگەن تۆۋەندىكى بۇيرۇقلار بىر ـ بىرىدىن مۇستەقىل، ئايرىم ئىشلارمۇ؟

1. ياخشىلىققا بۇيرۇش

2. يامانلىقتىن توسۇش

3. نامازنى ئادا قىلىش

4. زاكات بېرىش

5. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش

6. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش

ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلغان بىر مۇئمىن دېمىسىمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بارلىق بۇيرۇقلارنى ئادا قىلمامدۇ؟ ئۇنداقتا بۇ بۇيرۇقلار نېمە ئۈچۈن

ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تىلغا ئېلىنغان؟ دېمەك، بۇ ئارقىلىق مۇنداق دېيىلگەن: «ئى مۇئمىنلەر! بۇ ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن رەسۇل ئېلىپ كەلگەن بۇيرۇقلارغا ئەگىشىڭلار، مۇشۇنداق قىلساڭلار ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىسىلەر».

يۇقىرىدىكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر ئايەت مۇنداق:

**وَأَقِيمُوا الصَّلاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَارْكَعُوا مَعَ الرَّاكِعِينَ**

«نامازنى ئادا قىلىڭلار ۋە زاكات بېرىڭلار ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار» (بەقەرە سۈرىسى، 43 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە تۆۋەندىكى بۇيرۇقلار «ۋ» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن:

1. ناماز ئۆتەش

2. زاكات بېرىش

3. رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىلىش.

ناماز ئۆتىگەن كىشى رۇكۇ قىلغان بولامدۇ؟ ۋە ياكى رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىلغان (جامائەت بىلەن ناماز ئۆتىگەن) بىر كىشى ناماز ئۆتىگەن بولامدۇ؟ ئۇنداقتا بۇ ئايەتتە نېمە ئۈچۈن ھەم «ناماز ئۆتەڭلار»، ھەم «رۇكۇ قىلىڭلار» دېگەن بۇيرۇق يەر ئالغان؟ ناماز قىلغاندىن كېيىن يەنە ئايرىم رۇكۇ قىلىنامدۇ؟ بۈگۈنگىچە بۇ ئايەتنى مۇشۇ شەكىلدە شەرھلىگەن بىرەر كىشى بارمۇ؟ مۇشۇنداق شەرھلىگىلى بولمايدىغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئى مۇئمىنلەر! نامازنى رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە (رۇكۇ قىلغۇچىلارغا ئەگەشكەن ھالدا) ئادا قىلىڭلار».

**وَإِذْ عَلَّمْتُكَ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَالتَّوْرٰيةَ وَالْاِنْجِيلَ**

«(ئى ئىسا!)... ساڭا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ۋە تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى ئۆگەتتىم...» (مائىدە سۈرىسى، 110 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتىكى كىتاب، تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن باشقا نېمە بولۇشى مۇمكىن؟ لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن كىتاب، تەۋرات ۋە ئىنجىل ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تىلغا ئېلىنغان. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى كىتاب ـ ھېكمەت، تەۋرات ۋە

ئىنجىل كەلىمىلىرى بىلەن تەپسىر قىلىنغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئىساغا «ساڭا تەۋرات ۋە ئىنجىلنى، يەنى ئىچىدە ھېكمەت بولغان كىتابنى (ھېكمەتلىك كىتابنى) ئۆگەتتىم» دېگەن بولىدۇ. بۇ كىتاب بارلىق نەبىلەرگە بېرىلگەن (ئەنئام سۈرىسى 89 ـ ئايەت)، لېكىن «ئەل ـ كىتابە» شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان (بەقەرە سۈرىسى، 177 ـ ئايەت) بىردىنبىر كىتاب ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر.

بۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر ئايەت تۆۋەندىكىچە:

مَنْ كَانَ عَدُواً لِلّٰهِ وَمَلٰئِكَتِهِ وَرُسُلِهِ وَجِبْرِيلَ وَمِيكَالَ فَاِنَّ اللّٰهَ عَدُوٌّ لِلْكَافِرِينَ

«كىمكى ئاللاھقا، پەرىشتىلىرىگە، رەسۇللىرىغا، جىبرىئىل ۋە مىكائىلغا دۈشمەن بولسا، ئاللاھمۇ ئۇ كاپىرلارنىڭ دۈشمىنىدۇر» (بەقەرە سۈرىسى، 98 ـ ئايەت).

پەرىشتىلەرگە دۈشمەن بولغان بىرسى دېمىسىمۇ جىبرىئىلغا ۋە مىكائىلغا دۈشمەنلىك قىلغان بولمامدۇ؟ جىبرىئىل ۋە مىكائىل پەرىشتە ئەمەسمۇ؟ نېمە ئۈچۈن «پەرىشتىلەر» كەلىمىسىدىن كېيىن «ۋ» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىر ـ بىردىن ئايرىغان ھالدا ئايرىم ـ ئايرىم تىلغا ئېلىنىدۇ؟ دېمەك، قۇرئان «ۋ(ۋە)» باغلىغۇچىسىنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا ئىشلىتىدۇ.

بۇ گۇرۇپپىدىكى ئاخىرقى ئايىتىمىز تۆۋەندىكىچە:

قُولُوا اٰمَنَّا بِاللّٰهِ وَمَا اُنْزِلَ اِلَيْنَا وَمَا اُنْزِلَ اِلٰى اِبْرٰهِيمَ وَاِسْمَاعِيلَ وَاِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ وَالْاَسْبَاطِ وَمَا اُوتِيَ مُوسٰى وَعِيسٰى وَمَا اُوتِيَ النَّبِيُّونَ مِنْ رَبِّهِمْ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ اَحَدٍ مِنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ

«ئېيتقىنكى، بىز ئاللاھقا ۋە بىزگە نازىل قىلىنغانغا ۋە ئىبراھىمغا ۋە ئىسمائىلغا ۋە ئىسھاققا ۋە ياقۇپقا ۋە نەۋرىلىرىگە نازىل قىلىنغانغا ۋە مۇسا ۋە ئىساغا بېرىلگەن ۋە نەبىلەرگە رەببى تەرىپىدىن بېرىلگەنگە ئىمان ئېيتتۇق. بىز ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىر ـ بىردىن ئايرىۋەتمەيمىز ۋە بىز ئۇنىڭغا تەسلىم بولغۇچىلارمىز» (بەقەرە سۈرىسى، 136 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە «ئىبراھىمغا ۋە ئىسمائىلغا ۋە ئىسھاققا ۋە ياقۇپقا ۋە نەۋرىلىرىگە نازىل قىلىنغانغا ۋە مۇسا ۋە ئىساغا بېرىلگەن» جۈملىسىدىن كېيىن «نەبىلەرگە بېرىلگەن» ئىپادىسى ئايرىم ھالدا كەلگەن. ھالبۇكى، تىلغا ئېلىنغان بۇ شەخسلەرنىڭ ھەممىسى بىرەر نەبى ئىدى. يەنى پەقەت «نەبىلەرگە بېرىلگەن» ئىبارىسىلا مۇددىئانى ئىپادىلەش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا

قارىماي، بىر قۇرئان ئۇسلۇبى سۈپىتىدە ھەم بەزى نەبىلەرنىڭ ئىسمى مەخسۇس ھالدا تىلغا ئېلىنغان، ھەم ئايرىم قىلىپ «نەبىلەر» سۆزى ئىشلىتىلگەن.

يۇقىرىدا مىسال سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن بۇ ئايەتلەردە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك «ۋ (ۋە)» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئايرىلغان بۇيرۇق ياكى ئىسىملار ئەلۋەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلىق سۆزلەردۇر. لېكىن بۇ ئەھۋال مەزكۇر كەلىمىلەر ئىپادىلىگەن مەنە ۋە مۇناسىۋەتنىڭ بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ كونتېكىستتىكى مۇناسىۋىتى نەزەردە تۇتۇلغاندا بۇنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىش قىيىن ئەمەس. مەسىلەن: ئاخىرقى گۇرۇپپىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن بەقەرە سۈرىسى 98-ئايەتكە ئاساسەن «دېمەك، جىبرىئىل ۋە مىكائىل پەرىشتە ئەمەس، چۈنكى بۇلار ‹مالائىكە› كەلىمىسىدىن كېيىن كەلگەن ۋە ‹ۋ› باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئايرىم تىلغا ئېلىنغان. مۇغايەرەت پرىنسىپىغا ئاساسەن بۇلار پەرقلىق شەيئىلەر بولۇشى كېرەك» دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە دەلىل بولالىغۇدەك ماھىيەتكە ئىگە باشقا ئايەتلەرمۇ بار[1]. لېكىن يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەنلەر يېتەرلىكتۇر.

ئۇنداقتا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەردىكى «ئاللاھ ۋە رەسۇلى» ئەلۋەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىككى سۆزدۇر. لېكىن بۇ ئەھۋال بۇ ئىككى كەلىمىنىڭ بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ.

## 21. دەلىل (رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى)

رەسۇلنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئىتائەت مەنبەسى ئەمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم دەلىللەردىن بىرسى «ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان بارلىق ئايەتلەردە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇش»نىڭ ئورۇن ئالغانلىقى بولۇپ، پەقەت بۇ خۇسۇسنىڭ ئۆزىلا رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن ئايرىم مەسىلە ئەمەسلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن كۇپايىدۇر. يەنى:

قۇرئاندا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بۇيرۇلغان ھەر ئايەتتە چوقۇم رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقىمۇ بۇيرۇلغان. بۇنىڭ ھېچقانداق مۇستەسنا ھالىتى يوق. بۇ ئەھۋال رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئوخشاش

(1) نىسا سۈرىسى 100؛ ئەنفال سۈرىسى 13، 24؛ تەۋبە سۈرىسى 24، 54، 59، 62، 63، 74، 80؛ ئەھزاب سۈرىسى 12، 22، 57-ئايەتلەر

ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نىسا سۈرىسى 80 ـ ئايەت بۇ ئەھۋالنى مەخسۇس ھالىدا تەكىتلىمەكتە. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى بىلەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى ئوخشاشتۇر.

بۇنى مۇشۇنداق ھالدا قوبۇل قىلماي، «قۇرئانغا ئەگىشىش ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق، ھەدىسلەرگە ئەگىشىش بولسا رەسۇلغا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلغا (ھەدىسلەرگە)مۇ ئايرىم ئەگىشىش كېرەك» دېسەك، «ھەدىسلەرگە ئەگىشىشنىڭ ھۆكمى بىلەن قۇرئانغا ئەگىشىشنىڭ ھۆكمى ئوخشاش» دېگەن بولىمىز. بۇ قاراشنى ھېچكىم ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئىككى پەرقلىق ئىتائەت ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرمىز.

يىغىنچاقلىساق، ئاللاھ ۋە رەسۇلدىن ئىبارەت ئىككى پەرقلىق ھۆكۈم مەنبەسى يوق. قۇرئاندا «ئاللاھ ۋە رەسۇل» ئىبارە شەكلى «ئاللاھ» ۋە «رەسۇل»دىن ئىبارەت ئىككى پەرقلىق ھۆكۈم مەنبەسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئاللاھنىڭ مۇتلەق نوپۇزىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما بۇ مۇتلەق ھۆكۈم ساھىبىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزگۈچى رەسۇل بولغانلىقتىن، بارلىق ئايەتلەردە «ئاللاھ ۋە رەسۇل» ئىبارە شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىبارە شەكلى ئىشلىتىلگەن بارلىق ئايەتلەر «ئاللاھقا، رەسۇل ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئايەتلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يولى يوق، ئاللاھنىڭ بارلىق تەلىماتلىرى سىلەرگە بۇ شەكىلدە يېتىپ كەلدى. بۇ سەۋەبتىن رەسۇل تەبلىغ قىلغانلارغا قارشى چىقماڭلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى ئەلچىلىك قىلىش بولۇپ، رەسۇلغا (ئەلچىگە) ئىتائەت قىلغانلىق، ئەلچىنى ئەۋەتكۈچىگە (ئاللاھقا) ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ئايەتلەر ۋە بەرگەن ئىزاھاتلىرىمىز رەسۇلنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىتائەت مەنبەسى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن يېتەرلىك بولسا كېرەك. لېكىن نەبى ۋە رەسۇلنىڭ ھارام بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرىدىغان تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىمۇ بۇ تېمىغا قوشۇمچە قىلىشقا بولىدۇ.

## رەسۇلنىڭ قانۇن (شەرىئەت، يەنى ھالال ـ ھارام) بەلگىلەش ھوقۇقى بارمۇ؟

نەبى ـ رەسۇلنىڭ شەرىئەت بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ بار ـ يوقلۇقى، ئەگەر

بۇنداق ھوقۇقى بولسا بۇ ھوقۇقنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل (قۇرئاندىن ئايرىم ھالدا) بولۇپ ـ بولمىغانلىقى دائىم مۇنازىرىگە سەۋەب بولغان. ئەسلىدە بۇ مۇنازىرىنىڭ تەكتىدە ياتقان ئاساسلىق مەسىلە تۆۋەندىكىچە:

نەبى ـ رەسۇل (سۈننەت)نىڭ قۇرئاندىن ئايرىم، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل شەرىئەت (قانۇن) بەلگىلەش ھوقۇقى بارمۇ؟ ياكى سۈننەتنىڭ ماھىيىتى نېمە؟

نەبى ـ رەسۇلنىڭ مۇستەقىل ھالدا شەرىئەت بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ياقلىغۇچىلار، بۇ قارىشىنى بەزىدە «رەسۇلنىڭ شەرىئەت بەلگىلەش ھوقۇقى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا، لېكىن كۆپىنچە «سۈننەتنىڭ نوپۇزى» دېگەن ماۋزۇ بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ ۋە بۇ قارىشىغا تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى دەلىل سۈپىتىدە كەلتۈرىدۇ[1]:

1. ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر[2].

2. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئايەت (نىسا سۈرىسى، 80).

3. رەسۇلغا كىتاب ۋە ھېكمەت بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەر[3].

4. رەسۇلغا بايان ۋەزىپىسىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەر[4].

5. رەسۇلنىڭ كىتاب بىلەن ھۆكۈم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەر.

6. رەسۇلنىڭ ھالال ـ ھارام قىلىشى ھەققىدە توختالغان ئايەت (ئەئراف سۈرىسى، 157).

7. «رەسۇل بەرگەننى ئېلىڭلار، چەكلىگەندىن يىراق تۇرۇڭلار» ئايىتى (ھەشر سۈرىسى، 7).

8. «ئۇ ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ...» ئايىتى (نەجم سۈرىسى، 3ـ4ـئايەت).

9. رەسۇلنى ئۈلگە قىلىش تەۋسىيە قىلىنغان ئايەت (ئەھزاب سۈرىسى، 21).

---

(1) ئوسمانى، «سۈننەتنىڭ قىممىتى ۋە ھۆكمى»، 57ـ51ـبەتلەر؛ كېرباشئوغلۇ، «ئىسلام چۈشەنچىسىدە سۈننەت»، 48ـ188ـبەتلەر. چاكان، ئىسمائىل لۇتفى، «مۇھتەلىفۇل ھەدىس»، 101ـ98ـبەتلەر

(2) ئالئىمران سۈرىسى، 32، 132؛ نىسا سۈرىسى، 59؛ مائىدە سۈرىسى، 92؛ ئەنفال سۈرىسى، 1، 20، 46؛ تاھا سۈرىسى، 90؛ نۇر سۈرىسى، 54؛ شۇئەرا سۈرىسى، 144، 131، 126... ئايەتلەر

(3) بەقەرە سۈرىسى، 151؛ ئالئىمران سۈرىسى، 164؛ نىسا سۈرىسى، 113ـئايەت

(4) مائىدە سۈرىسى، 15؛ نەھل سۈرىسى، 89، 64، 44ـئايەتلەر

10. رەسۇلۇللاھنىڭ ھاكىم (قازى) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەت (نىسا سۈرىسى، 65).

ئەمدى بۇ ئايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتلىرىمىزغا ئۆتەيلى:

**بىرىنچى ۋە ئىككىنچى گۇرۇپپىدا يەر ئالغان ئايەتلەر**. بۇ ئايەتلەردە رەسۇلغا شەرىئەت قويۇش ھوقۇقى بېرىلمىگەن بولۇپ، ۋەكىللىك قىلىش ھوقۇقىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى ئالدىنقى پاراگرافتا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق.

**ئۈچىنچى گۇرۇپپىدا يەر ئالغان ئايەتلەر**. «رەسۇلغا كىتاب ۋە ھېكمەت بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن» بۇ ئايەتلەر، رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا (كىتابنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە) مەخسۇس توختالدۇق. بۇ سەۋەبتىن بۇ يەردە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ھېكمەت، كىتابنىڭ ئىچىدىكى ھۆكۈملەر بولۇپ[1]، كىتابنىڭ سىرتىدىكى نەرسىلەرنى كۆرسەتمەيدۇ. قۇرئان ئايەتلىرى ئوقۇلغاندا ھېكمەتمۇ ئوقۇلغان بولىدۇ[2]. چۈنكى قۇرئان ھېكمەتلىك كىتابتۇر[3]. رەسۇل «كىتاب ۋە ھېكمەتنى»، يەنى «ھېكمەتلىك كىتابنى» مۇئمىنلەرگە «ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېرىش» ئارقىلىق ئۆگەتكەن[4]. بىر قانچە ئايەت يان ـ يانغا كەلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا ھېكمەت (ھۆكۈملەر)كە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنى مۇئمىنلەرمۇ قىلالايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ھەر قانداق كىشىگە «ھېكمەت» بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[5]. بۇ سەۋەبتىن كىتاب ۋە ھېكمەت، ھېكمەتلىك كىتاب (قۇرئان)دىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**تۆتىنچى ۋە بەشىنچى گۇرۇپپىدا يەر ئالغان ئايەتلەر**. مەزكۇر ئايەتلەر رەسۇلنىڭ «بايان ۋەزىپىسى» بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، كىتابنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە مەخسۇس توختىلىمىز. لېكىن «رەسۇلنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى» بارلىقىنى بىلدۈرگەن ئايەت بىلەن ئوخشاشلىقى ئىگە بولغانلىقتىن، بۇ ئىككى ئايەت ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى.

**وَأَنْزَلْنَا اِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ اِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ**

---

(1) لۇقمان سۈرىسى، 2؛ ياسىن سۈرىسى، 2 ـ ئايەت

(2) ئەھزاب سۈرىسى، 34 ـ ئايەت

(3) لۇقمان سۈرىسى، 2؛ ياسىن سۈرىسى، 2 ـ ئايەت

(4) بەقەرە سۈرىسى، 151؛ ئالئىمران سۈرىسى، 164؛ نىسا سۈرىسى، 113 ـ ئايەت

(5) بەقەرە سۈرىسى، 269 ـ ئايەت

«ساڭا نازىل قىلىنغاننى ئىنسانلارغا بايان قىلىپ (يەتكۈزۈپ) بەرسۇن، ئۇلارمۇ تەپەككۇر قىلسۇن دەپ ساڭا بۇ زىكىر (قۇرئان)نى نازىل قىلدۇق» (نەھل سۈرىسى، 44-ئايەت).

إِنَّآ اَنْزَلْنَآ اِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِتَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِ بِمَآ اَرٰيكَ اللّٰهُ وَلَا تَكُنْ لِلْخَآئِنِينَ خَصِيماً

«سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرەپدە تۇرمىغىن» (نىسا سۈرىسى، 105-ئايەت).

بۇ ئىككى ئايەت رەسۇل ئادا قىلىدىغان ئىش - ھەرىكەتلەرنى (بايان ۋە ھۆكۈم) كىتابقا ئاساسەن قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى رەسۇلغا «كىتابنى بايان قىل» دېيىلمىگەن، «كىتاب ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرگىن، يەنى يەتكۈزگىن» دېيىلمەكتە. ئايەتنى مۇشۇنداق چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئايەتنىڭ مەنىسى «كىتابنى يەتكۈزگىن، يوشۇرمىغىن، بىلدۈرگىن» بولىدۇ. چۈنكى «بايان» ئىزاھلاپ بېرىش ئەمەس، بەلكى «مەلۇماتنى يوشۇرماسلىق، بىلدۈرۈش»[1] دېگەنلىكتۇر (بۇ خۇددى ئىجارە كىرىمىنى بايان قىلدىم دېگەنگە ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ). قۇرئاننىڭ «بايان» كەلىمىسىگە بەرگەن مەنىسى دەل مۇشۇنداق بولۇپ (يوشۇرۇلغان مەلۇماتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى)[2]، بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر ئايەت «ئۇ كىتاب ئارقىلىق ئىنسانلارغا نېمىنىڭ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ، بىلدۈرۈشۈڭ ئۈچۈن كىتابنى ساڭا نازىل قىلدۇق» دېيىلمەكتە. يەنە بىر ئايەتتىمۇ «كىتابنى ساڭا نازىل قىلدۇقكى، ئۇ كىتاب ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم چىقارغىن» دېيىلمەكتە. يەنى رەسۇلغا «ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن ھۆكۈم چىقار» دېيىلمىگەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، «بۇ كىتابنى ساڭا نازىل قىلدۇقكى، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە بۇ كىتابتا ساڭا كۆرسىتىلگەندەك ھۆكۈم چىقارغىن» دېيىلمەكتە. شۇڭا بۇ ئايەتلەر رەسۇلنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل شەرىئەت بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئۇنىڭ بۇنداق ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. رەسۇل، ئۆزى خالىغانچە ياكى باشقا بىر نەرسە بىلەن ئەمەس، بەلكى كىتابقا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە كىتابقا ئاساسەن بايانات بېرىدۇ.

وَكَذٰلِكَ اَنْزَلْنَاهُ حُكْماً عَرَبِياًّ وَلَئِنِ اتَّبَعْتَ اَهْوَآءَهُمْ بَعْدَ مَا جَآءَكَ مِنَ الْعِلْمِ مَا لَكَ مِنَ اللّٰهِ مِنْ وَلِيٍّ وَلَا وَاقٍ

---

(1) راغىپ ئەل ئىسفاھانى، «مۇفرەدات»، 258-257-بەتلەر

(2) بەقەرە سۈرىسى، 159؛ ئالئىمران سۈرىسى، 187؛ مائىدە سۈرىسى، 15؛ ئەنئام سۈرىسى، 91-ئايەت

«ۋە بىز ساڭا ئۇ (قۇرئاننى) ئەرەبچە ھۆكۈم سۈپىتىدە نازىل قىلدۇق. قەسەم بولسۇنكى، ساڭا كەلگەن بۇ ئىلىمدىن كېيىن، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ نەپسى - خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ كەتسەڭ (كىتاب بويىچە ھۆكۈم چىقارمىساڭ)، ئاللاھ سەن ئۈچۈن نە دوست، نە ھامىي بولىدۇ» (رەئد سۈرىسى، 37-ئايەت).

نەبى - رەسۇللارنىڭ پەقەت كىتاب ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرالايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ۋە ھەتتا بۇنىڭ كۇپۇرلۇق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان يەنە بىر ئايەت تۆۋەندىكىچە:

**إِنَّآ اَنْزَلْنَا التَّوْرٰيةَ فِيهَا هُدًى وَنُورٌۚ يَحْكُمُ بِهَا النَّبِيُّونَ الَّذِينَ اَسْلَمُوا لِلَّذِينَ هَادُوا وَالرَّبَّانِيُّونَ وَالْاَحْبَارُ بِمَا اسْتُحْفِظُوا مِنْ كِتَابِ اللّٰهِ وَكَانُوا عَلَيْهِ شُهَدَٓاءَۚ فَلَا تَخْشَوُا النَّاسَ وَاخْشَوْنِ وَلَا تَشْتَرُوا بِاٰيَاتِي ثَمَناً قَلِيلاًۜ وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَٓا اَنْزَلَ اللّٰهُ فَاُولٰٓئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ**

«ئۇنىڭدا ھىدايەت ۋە نۇر بولغان تەۋراتنى ئەلۋەتتە بىز نازىل قىلدۇق. ئاللاھقا تەسلىم بولغان نەبىلەر ئۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقاردى. ئۇنى (كىتابنى) قوغداش ۋەزىپىسى بېرىلگەن رەببانىيلار ۋە ئالىملارمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم چىقىراتتى ۋە ئۇنى ئاساس قىلاتتى. ئى ئاللاھنىڭ كىتابىغا شاھىت بولغۇچىلار، كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار ۋە مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا ساتماڭلار! كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان (كىتاب) بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر!» (مائىدە سۈرىسى، 44-ئايەت).

ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم چىقارمىغانلارنى كۇپۇرلۇق بىلەن ئەيىبلىگەن بۇ ئايەتلەرگە قارىماستىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم چىقارمىغانلىقىنى، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، كىتابنىڭ سىرتىدا ھۆكۈم بەرگەنلىكىنى ئېيتىش مۇمكىنمۇ؟ رەسۇلنىڭ قۇرئاندىن باشقا ھاكىمى (ھۆكۈم مەنبەسى) يوقتۇر.

**اَفَغَيْرَ اللّٰهِ اَبْتَغِي حَكَماً وَهُوَ الَّذِي اَنْزَلَ اِلَيْكُمُ الْكِتَابَ مُفَصَّلاًۜ**

«(ئېيتقىنكى): ھەر نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن (مۇفاسسال) بىر كىتاب نازىل قىلغان تۇرسا، ئاللاھتىن غەيرى ھۆكۈم قىلغۇچى ئىزدەمدىمەن؟» (ئەنئام سۈرىسى، 114-ئايەت).

**ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى گۇرۇپپىدا يەر ئالغان ئايەتلەر**. ئاللاھنىڭ نەبىگە ئەمەس، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇشى (بۇنىڭ پەرقىنى كۆرسىتىپ بېرىشى) ۋە

هارامىلار ئىلان قىلىنغان ئايەتلەردە دائىم رەسۇل كەلمىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى، بۇ ھەقتىكى ئىختىلاپلار (خاتا چۈشەنچىلەر)نىڭ ئالدىنى ئالىدىغان خاراكتېرغا ئىگە. نەبىگە ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقىنىڭ بولماسلىقى، نەبىگە ئائىت سۆزلەرنىڭ ھۆكۈم كۈچىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى ۋە بۇ سەۋەبتىن نەبىنىڭ ھالال - ھارام بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ يوقلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. بولۇپمۇ تۆۋەندىكى ئايەت نەبىنىڭ ھارام بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ يوقلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ:

يَٓا اَيُّهَا النَّبِيُّ لِمَ تُحَرِّمُ مَٓا اَحَلَّ اللّٰهُ لَكَۚ

«ئى نەبى! نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۆزۈڭگە ھارام قىلىسەن؟...» (تەھرىم سۈرىسى، 1 - ئايەت).

**ئۇنداقتا رەسۇلنىڭ ھارام بەلگىلەش ھوقۇقى بارمۇ؟**

ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان رەسۇلنىڭمۇ بۇنداق ھوقۇقىنىڭ يوقلىقى ئېنىق. رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ۋە پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر[1]. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئىلگىرى كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى. رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش ئىكەنلىكىنى (ئۇنىڭدىن باشقا ۋەزىپىسى يوقلىقىنى) يارقىن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تۆۋەندىكى ئايەت رەسۇلنىڭ ئۆزىگە ئېيتقۇزۇلغان:

قُلْ اِنّ۪ي لَٓا اَمْلِكُ لَكُمْ ضَراًّ وَلَا رَشَداً قُلْ اِنّ۪ي لَنْ يُج۪يرَن۪ي مِنَ اللّٰهِ اَحَدٌ وَلَنْ اَجِدَ مِنْ دُونِه۪ مُلْتَحَداًۙ اِلَّا بَلَاغاً مِنَ اللّٰهِ وَرِسَالَاتِه۪ۜ وَمَنْ يَعْصِ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ فَاِنَّ لَهُ نَارَ جَهَنَّمَ خَالِد۪ينَ ف۪يهَٓا اَبَداًۜ

«ئېيتقىنكى: مەن سىلەرگە پايدا - زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر ئەمەسمەن؛ ئېيتقىنكى: مېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا باش - پاناھمۇ تاپالمايمەن. (مېنىڭ قىلغانلىرىم) پەقەت ئاللاھتىن كەلگەنلەرنى، ئۇنىڭ ئەۋەتكەنلىرىنى تەبلىغ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. كىمكى ئاللاھ ۋە رەسۇلغا قارشى چىقسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەبەدىي جەھەننەم ئازابى باردۇر» (جىن سۈرىسى، 23-21 - ئايەتلەر).

ئۇنداقتا رەسۇلنىڭ ھالال - ھارام بەلگىلىشى ھەققىدە توختالغان ئايەتلەرنى قانداق چۈشىنىمىز؟ مەسىلەن، تۆۋەندىكى ئايەت:

اَلَّذ۪ينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الْاُمِّيَّ الَّذ۪ي يَجِدُونَهُ مَكْتُوباً عِنْدَهُمْ فِي التَّوْرٰيةِ وَالْاِنْج۪يلِ يَأْمُرُهُمْ بِالْمَعْرُوفِ

---

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 20؛ نىسا سۈرىسى، 80؛ مائىدە سۈرىسى، 67؛ نەھل سۈرىسى، 35؛ نۇر سۈرىسى، 54؛ ئەنكەبۇت سۈرىسى، 68؛ جىن سۈرىسى، 23 - ئايەت

**وَيَنْهٰيهُمْ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَٓائِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ اِصْرَهُمْ وَالْاَغْلَالَ الَّت۪ي كَانَتْ عَلَيْهِمْۜ فَالَّذ۪ينَ اٰمَنُوا بِه۪ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَاتَّبَعُوا النُّورَ الَّـذ۪ٓي اُنْزِلَ مَعَهُۙ اُو۬لٰٓئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ**

«ئۆزلىرىنى ساقلاپ قالغۇچىلار، بۇ ئۇممى نەبى رەسۇلغا ئەگەشكۈچىلەردۇر. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ، ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ، يامانلىقتىن توسىدۇ. پاكىز ۋە لەززەتلىك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ ۋە ئۇلارغا سېلىنغان تاقاق، كويزا - كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتسا، ئۇنى قوللىسا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە نازىل قىلىنغان نۇرغا (قۇرئانغا) ئەگەشسە، ئەنە شۇلار ئارزۇلىرىغا يېتىدۇ» (ئەئراف سۈرىسى، 157 - ئايەت).

بۇ ئايەتتىكى «ھارام قىلىدۇ» ئىبارىسى دەلىل كۆرسىتىلىپ، نەبى - رەسۇلنىڭ ھارام بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ بارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن[1]. لېكىن بۇ قاراش پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئايەتنىڭ داۋامىدا «ئۇنىڭ بىلەن بىللە نازىل قىلىنغان نۇرغا، يەنى قۇرئانغا ئەگەشكۈچىلەر» تىلغا ئېلىنغان. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلغا ئەگىشىش، قۇرئانغا ئەگىشىشنى بىلدۈرىدۇ. رەسۇل، ئاللاھ قۇرئاندا بەلگىلىگەن ھالال ۋە ھارام بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق ھالال - ھارامنى جاكارلايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، پەقەت رەسۇللا ئەمەس، ئىنسانلارمۇ ئۆز ئۆزىگە ھارام بەلگىلەيدۇ. قۇرئان «ھالال - ھارام قىلىش» ئىبارىسىنى بۇ مەنىدە كۆپ ئىشلىتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

**قُلْ مَنْ حَرَّمَ ز۪ينَةَ اللّٰهِ الَّت۪ٓي اَخْرَجَ لِعِبَادِه۪ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِۜ**

«ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان زىننەت ۋە پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟...» (ئەئراف سۈرىسى، 32 - ئايەت).

**يَٓا اَيُّهَا الَّذ۪ينَ اٰمَنُوا لَا تُحَرِّمُوا طَيِّبَاتِ مَٓا اَحَلَّ اللّٰهُ لَكُمْ وَلَا تَعْتَدُواۜ اِنَّ اللّٰهَ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَد۪ينَ**

«ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان ياخشى ۋە پاك نەرسىلەرنى (ئۆزۈڭلارغا) ھارام قىلماڭلار ۋە چەكتىن ئاشماڭلار. ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ» (مائىدە سۈرىسى، 87 - ئايەت).

---

(1) ئوسمانى، «سۈننەتنىڭ قىممىتى ۋە ھۆكمى»، 57 - 51 - بەتلەر؛ كېرباشئوغلۇ، «ئىسلام چۈشەنچىسىدە سۈننەت»، 171، 183 - بەتلەر

يۇقىرىدا كۆرۈلگەندەك «ھارام قىلىش» پېئىلى بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ ۋە ياكى رەسۇلىغا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارغا قارىتىلغان. خۇددى تۆۋەندىكى ئايەتتىكى: «ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ھارام قىلغىنىنى ھارام قىلمايدىغان» جۈملىسىگە ئوخشاش.

قَاتِلُوا الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِاللّٰهِ وَلَا بِالْيَوْمِ الْاٰخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ اللّٰهُ وَرَسُولُهُ وَلَا يَدِينُونَ دِينَ الْحَقِّ مِنَ الَّذِينَ اُوتُوا الْكِتَابَ حَتّٰى يُعْطُوا الْجِزْيَةَ عَنْ يَدٍ وَهُمْ صَاغِرُونَ

«ئۆزلىرىگە كىتاب بېرىلگەنلەر ئىچىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، ئاللاھ ۋە رەسۇلى ھارام قىلغانلىنى ھارام قىلمايدىغان ۋە ھەق دىننى ئۆزىگە دىن قىلمايدىغان كىشىلەر، خار ھالدا جىزيە تاپشۇرغۇچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار» (تەۋبە سۈرىسى، 29-ئايەت).

تۆۋەندىكى ئايەتتە بولسا ئىنسانلارنىڭ «ئاللاھ ھارام قىلغان بەزى شەيئىلەرنى ھالال، ھالال قىلغان بەزى شەيئىلەرنى ھارام قىلغانلىقى» بىلدۈرۈلمەكتە. بۇ ئىپادىلەرنىڭ ھارام بولغاننى ھالال، ھالال بولغاننى ھارام دەپ قوبۇل قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئېنىقتۇر:

اِنَّمَا النَّسٖيءُ زِيَادَةٌ فِي الْكُفْرِ يُضَلُّ بِهِ الَّذٖينَ كَفَرُوا يُحِلُّونَهُ عَاماً وَيُحَرِّمُونَهُ عَاماً لِيُوَاطِؤُا عِدَّةَ مَا حَرَّمَ اللّٰهُ فَيُحِلُّوا مَا حَرَّمَ اللّٰهُ زُيِّنَ لَهُمْ سُوءُ اَعْمَالِهِمْ وَاللّٰهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرٖينَ

«(ھارام ئايلارنى) ئارقىغا سۈرۈش كۇفرىنى زىيادە قىلىشتۇر. بۇنداق قىلىش بىلەن كاپىرلار ئازدۇرۇلىدۇ. ئاللاھ ھارام قىلغانغا سان جەھەتتىن رىئايە قىلىش ئۈچۈن ئۇنى بىر يىل ھالال، بىر يىل ھارام قىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ھارام قىلغاننى ھالال قىلىدۇ. قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقى ئۆزلىرىگە ‹جەلپكار ۋە چىرايلىق› قىلىپ كۆرسىتىلدى. ئاللاھ كاپىر قوۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» (تەۋبە سۈرىسى، 37-ئايەت).

قَدْ خَسِرَ الَّذٖينَ قَتَلُوا اَوْلَادَهُمْ سَفَهاً بِغَيْرِ عِلْمٍ وَحَرَّمُوا مَا رَزَقَهُمُ اللّٰهُ افْتِرَاءً عَلَى اللّٰهِ قَدْ ضَلُّوا وَمَا كَانُوا مُهْتَدٖينَ

«ھاماقەتلىك ۋە نادانلىقلىرى سەۋەبىدىن بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن رىزقىنى، ئاللاھقا تۆھمەت قىلىپ ھارام قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچىلاردۇر» (ئەنئام سۈرىسى، 140-ئايەت).

يۇقىرىدىكىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەسۇلىنىڭ ھارام ۋە ھالال قىلىشى، ئاللاھنىڭ ھارام ۋە ھالال قىلغانلىرىنى ئېلان قىلىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، نەبى

ياكى رەسۇلنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇنداق ھوقۇقى يوق[1]. ھارام قىلىش ھوقۇقى پەقەت ئاللاھقىلا خاس بولغانلىقتىن، ئاللاھ ھارام قىلمىغاننى ھارام قىلىش ئاللاھقا تۆھمەت قىلغانلىق بولىدۇ:

**وَلَا تَقُولُوا لِمَا تَصِفُ اَلْسِنَتُكُمُ الْكَذِبَ هٰذَا حَلَالٌ وَهٰذَا حَرَامٌ لِتَفْتَرُوا عَلَى اللّٰهِ الْكَذِبَ اِنَّ الَّذ۪ينَ يَفْتَرُونَ عَلَى اللّٰهِ الْكَذِبَ لَا يُفْلِحُونَ**

«ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغان بىلەن ‹بۇ ھالال، بۇ ھارام› دېمەڭلار. چۈنكى (بۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ نامىدىن يالغان توقۇپ ئاللاھقا تۆھمەت قىلغان بولىسىلەر. ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ» (نەھل سۈرىسى، 116-ئايەت).

«رەسۇللارنىڭ بۇيرۇشىمۇ» ئوخشاش شەكىلدە «ئاللاھ بەرگەن بۇيرۇق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. رەسۇللار بۇ تەلىماتلارنى يەتكۈزىدۇ. مەسىلەن: بۇ، ئىسمائىل (ئە س)نىڭ ناماز ئۆتەشكە ۋە زاكات بېرىشكە بۇيرۇغىنىغا ئوخشايدۇ:

**وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ اِسْمٰع۪يلَ اِنَّهُ كَانَ صَادِقَ الْوَعْدِ وَكَانَ رَسُولاً نَبِياًّ وَكَانَ يَأْمُرُ اَهْلَهُ بِالصَّلٰوةِ وَالزَّكٰوةِ وَكَانَ عِنْدَ رَبِّه۪ مَرْضِياًّ**

«كىتابتا ئىسمائىلنىمۇ ياد ئەتكىن. ئۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغۇچى نەبى رەسۇل ئىدى. ئەھلىنى ناماز ئوقۇشقا ۋە زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى. رەببىنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى» (مەريەم سۈرىسى، 55-54-ئايەتلەر).

ناماز ۋە زاكاتنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىقى، ئىسمائىل (ئە س)نىڭ بۇ تەلىماتلارنى خەلقىگە يەتكۈزگەنلىكى ئېنىق. ھەتتا رەسۇللارنىڭ بۇيرۇغانلىرىغا ئوخشاش ھالدا مۇئمىنلەرمۇ (ياخشىلىققا) بۇيرۇيدۇ ۋە (يامانلىقتىن) توسايدۇ:

**اَلَّذ۪ينَ اِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الْاَرْضِ اَقَامُوا الصَّلٰوةَ وَاٰتَوُا الزَّكٰوةَ وَاَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ وَلِلّٰهِ عَاقِبَةُ الْاُمُورِ**

«ئۇ (مۇئمىنلەر) شۇنداق كىشىلەركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر» (ھەج سۈرىسى، 41-ئايەت).

---

(1) تەھرىم سۈرىسى، 1-ئايەت

كُنْتُمْ خَيْرَ اُمَّةٍ اُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّٰهِ

«سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر...» (ئالئىمران سۈرىسى، 110 ـ ئايەت).

وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ اَوْلِيَٓاءُ بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُقِيمُونَ الصَّلٰوةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكٰوةَ وَيُطِيعُونَ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ

«مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرىنىڭ دوستىدۇر. ئۇلار ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىدۇ...» (تەۋبە سۈرىسى، 71 ـ ئايەت).

قۇرئان پەقەت مۇئمىنلەرنىڭلار ئەمەس، يەنە بەزى كىتاب بېرىلگەنلەرگە مەنسۇپ بەزى كىشىلەرنىڭمۇ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە[1]. دېمەك، رەسۇللارنىڭ هارام ۋە هالال قىلىشى، ئاللاھ بېكىتكەن هارام ۋە هالاللارنى جاكارلىشىدىن ئىبارەتتۇر. بۇيرۇقلىرىمۇ بۇنىڭ بىلەن ئوخشاشتۇر.

**يەتتىنچى گۇرۇپپا يەر ئالغان ئايەت**. غەنىيمەت ماللىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىش شەكلىنى بىلدۈرگەن ۋە رەسۇلنىڭ شەرىئەت بەلگىلەش هوقۇقى بىلەن مۇناسىۋەتى بولمىغان بۇ ئايەتنى ئالدىنقى پاراگرافتا چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. بۇ يەردە پەقەت مەنە تەرجىمىسىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

«ئاللاھنىڭ (فەتىھ قىلىنغان) ئەللەر خەلقىدىن رەسۇلىغا بەرگەن فەي (ئولجا)، ئاللاھ ۋە رەسۇلى، يېقىنلىرى، يېتىملار، يوقسۇللار ۋە يولدا قالغان يولۇچىلار ئۈچۈندۇر. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇماللار ئىچىڭلاردا پەقەت بايلار ئارىسىدىلا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەيدۇ. رەسۇل سىلەرگە نېمىنى بەرگەن بولسا ئۇنى ئېلىڭلار، نېمىدىن چەكلىگەن بولسا يىراق تۇرۇڭلار. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، چۈنكى ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» (هەشر سۈرىسى، 7 ـ ئايەت).

**سەككىزىنچى گۇرۇپپىدا يەر ئالغان ئايەت**. نەبى ـ رەسۇلنىڭ شەرىئەت بەلگىلەش هوقۇقىنىڭ بارلىقىغا دەلىل قىلىپ كۆرسىتىلگەن بۇ ئايەت، ئەسلىدە هەدىس ۋە سۈننەت مەسىلىسىدە ئەڭ كۆپ ئىشارەت قىلىنغان «ئۇ ئۆز نەپسى ـ خاهىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 114 ـ 113 ـ ئايەتلەر

ۋەھيىنلا سۆزلەيدۇ» مەنىسىدىكى نەجم سۈرىسى 3 ـ 4 ـ ئايەتتۇر. بۇ ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەڭ دائىرىلىك ئىزاھاتلار كىتابىنىڭ تۆتىنچى بۆلۈمىدە يەر ئالغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

بۇ ئايەت، مۇشرىكلارنىڭ «مۇھەممەد قۇرئاننى ئۆزى ئويدۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ ئاللاھتىن ۋەھيى ئالمايدۇ، ئۇنىڭغا جىن چاپلىشىپ قالدى، بۇلارنى ئۇنىڭغا شەيتانلار پىسىلداپ ئېيتىپ بېرىدۇ،...[1]» دېگەندەك تۆھمەتلىرىگە بېرىلگەن جاۋابتۇر. بۇ ئايەتلەر (ئالدى ۋە ئارقىسى بىلەن بىرلىكتە ئوقۇلسا) مۇنداق دېيىلگەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولىدۇ:

«مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلى قىلىپ تاللاندى، ئۇ يالغان ئېيتمايۋاتىدۇ، نەپسى ـ خاھىشى بىلەن سۆزلەۋاتمايدۇ، ئۇ سىلەرگە يەتكۈزگەن سۆزلەر، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن جىبرىئىل ئارقىلىق ئاللاھتىن ئالغان ۋەھيىدۇر. باشقا بىرىنىڭ ياكى ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بىلەن توقۇپ چىققان سۆزلەر ئەمەس».

يەنى، بۇ (نەجم سۈرىسى، 4 ـ 3) ئايەتلەر، نەبى مۇھەممەدنىڭ سۆزلىرى (ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر) ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى رەسۇل مۇھەممەد ئېلىپ كەلگەن سۆزلەر بولغان قۇرئان ئايەتلىرى ئۈچۈندۇر.

**توققۇزىنچى گۇرۇپپىدا يەر ئالغان ئايەت**. رەسۇلنى ئۈلگە قىلىش تەۋسىيە قىلىنغان ئەھزاب سۈرىسى 21 ـ ئايىتى ھەققىدە كېيىنكى پاراگرافتا توختىلىمىز. بۇ ئايەتتىمۇ ئۈلگە ئېلىش تەۋسىيە قىلىنغان ئوبيېكت ـ نەبى ئەمەس ـ ئۇنىلغان ئايەتلەردە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر. رەسۇلدىن ئۈلگە ئېلىنىدىغان سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئەلۋەتتە نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەردە ئەمەس، بەلكى رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرىدە (قۇرئاندا) يەر ئالغان.

**ئونىنچى گۇرۇپپىدا يەر ئالغان ئايەت**. بۇ ئايەتتە رەسۇلۇللاھنى ھاكىم، يەنى قازى قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نىسا سۈرىسى 65 ـ ئايەتتۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز ئالدىغا شەرىئەت بەلگىلەش ھوقۇقى بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر بۇ ئايەتتىكى «سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە» جۈملىسىنى دەلىل كۆرسىتىپ: «ئايەتتە كۆرۈلگەندەك رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى قۇرئاندىن ئايرىم ئۆز ئالدىغا مۇستەقىلدۇر. چۈنكى ئايەت ‹سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە...› دەۋاتىدۇ. دېمەك، رەسۇل ھەدىسلەر

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى، 38؛ ھۇد سۈرىسى، 13، 35؛ فۇرقان سۈرىسى، 4،5؛ ئەھقاف سۈرىسى، 7،8؛ سەجدە سۈرىسى، 3 ـ ئايەت

ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىدۇ، بىز ئۇنىڭ ھاكىملىقىنى (ھۆكۈملىرىنى) بۇخارى ۋە مۇسلىمغا ئوخشاش ھەدىس كىتابلىرىدىن تاپىمىز. بۇ ھەدىس كىتابلىرىنى قازى سۈپىتىدە قوبۇل قىلمىغۇچىلار، رەسۇلۇللاھنىڭ قازىلىقىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە بۇ سەۋەبتىن ئىمان ئېيتمىغان بولىدۇ...» دېيىشىدۇ. ئەمدى بىز رەسۇلۇللاھنىڭ قانداق قازى قىلىنغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرلىكتە ئوقۇپ چىقايلى.

## رەسۇلۇللاھنىڭ قازى بولۇشى

رەسۇلۇللاھنىڭ قازىلىق قىلىشى ھەققىدە توختالغان نىسا سۈرىسى 65-ئايەت مۇنداق:

فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجاً مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيماً

«رەببىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سەن چىقارغان ھۆكۈمگە دىللىرىدا قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ».

بۇ ئايەتتىكى «سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا (ھاكىم بولۇشقا) تەكلىپ قىلمىغىچە» ئىپادىسىنىڭ نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى توغرا شەكىلدە چۈشىنىش ئۈچۈن -ھۇد سۈرىسى 1 ۋە تاھا سۈرىسى 114-ئايەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن- رەسۇلۇللاھنىڭ ھاكىم بولۇشى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى ئايەتنىمۇ ئوقۇش ۋە بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

وَكَيْفَ يُحَكِّمُونَكَ وَعِنْدَهُمُ التَّوْرٰيةُ فِيهَا حُكْمُ اللّٰهِ ثُمَّ يَتَوَلَّوْنَ مِنْ بَعْدِ ذٰلِكَ وَمَا أُولٰئِكَ بِالْمُؤْمِنِينَ

«ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋرات تۇرسا، قانداقچە سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا (ھاكىم بولۇشقا) تەكلىپ قىلىدۇ؟ ئاندىن كېيىن سېنىڭ ھۆكمىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ئەنە شۇلار ئىمان ئېيتمىغانلاردۇر» (مائىدە سۈرىسى، 43-ئايەت).

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك رەسۇلنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى ھەققىدە توختالغان بۇ ئايەت، ئۇنىڭ بۇ ھاكىملىقىنىڭ كىتابتىن ئايرىم مۇستەقىل ھالدا

بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بولۇپمۇ كىتابتىن مۇستەقىل ھالدىكى ھاكىملىق قىلىشنى تەمە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەپ، مۇنداق دەۋاتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ: «ئىچىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمى بولغان يېنىدىكى تەۋراتقا قارىمامدۇ؟ ئۇلار ئۇنى ھاكىم سۈپىتىدە قوبۇل قىلمايۋاتىدۇ - يۇ، -خۇددى سەن باشقا بىر نەرسە بىلەن ھۆكۈم بېرىدىغاندەك- لېكىن سېنى ھاكىم قىلىشىدۇ. ئاندىن سەن كىتابتىن بەرگەن ھۆكۈمنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىمان ئېيتقان كىشىلەردىن ئەمەس».

دېمەك، رەسۇلنىڭ ھاكىم بولۇشى، ئاللاھنىڭ ھاكىم بولغانلىقىدۇر. چۈنكى رەسۇل كىتاب ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىشقا مەجبۇر.

**اِنَّٓا اَنْزَلْنَٓا اِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِتَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِ بِمَٓا اَرٰيكَ اللّٰهُ وَلَا تَكُنْ لِلْخَٓائِن۪ينَ خَص۪يماًۙ**

«سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىدە تۇرمىغىن» (نىسا سۈرىسى، 105-ئايەت).

**اَفَغَيْرَ اللّٰهِ اَبْتَغ۪ي حَكَماً وَهُوَ الَّـذ۪ٓي اَنْزَلَ اِلَيْكُمُ الْكِتَابَ مُفَصَّلاًۜ وَالَّذ۪ينَ اٰتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَعْلَمُونَ اَنَّهُ مُنَزَّلٌ مِنْ رَبِّكَ بِالْحَقِّ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ الْمُمْتَر۪ينَ**

«(ئېيتقىنكى): ‹ھەر نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن (مۇفاسسال) بىر كىتاب نازىل قىلغان تۇرسا، ئاللاھتىن غەيرى ھۆكۈم قىلغۇچى ئىزدەمدىمەن؟›

بىز كىتاب ئاتا قىلغانلار، ئۇنىڭ (قۇرئاننىڭ) رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىشىدۇ. ئۇنداقتا سەن ھەرگىزمۇ شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن» (ئەنئام سۈرىسى، 114-ئايەت).

«ئىچىدە ھىدايەت ۋە نۇر بولغان تەۋراتنى ئەلۋەتتە بىز نازىل قىلدۇق. ئاللاھقا تەسلىم بولغان نەبىلەر ئۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقاردى. ئۇنى (كىتابنى) قوغداش ۋەزىپىسى بېرىلگەن رەببانىلار ۋە ئالىملارمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم چىقىراتتى ۋە ئۇنى ئاساس قىلاتتى... كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان (كىتاب) بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر !» (مائىدە سۈرىسى، 44-ئايەت).

بۇ ئايەتلەرگە قارىماستىن رەسۇلنىڭ كىتابتىن ئايرىم مۇستەقىل ھالدا ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش -نەئۇزۇبىللاھ- ئۇنىڭغا كۇپۇرلۇق ئارتقانلىق

بولامدۇ؟ يەنە شۇ قاراشتا چىڭ تۇرامدۇ؟ ئۇنىڭ كىتاب بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشقا مەجبۇر قىلغان ناھايىتى كۆپ ئايەت بار. مەسىلەن:

«بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتاب(لار)نى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتاب (قۇرئان)نى نازىل قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان بىلەن ھۆكۈم قىلغىن. ساڭا كەلگەن بۇ ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى ـ خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ كەتمىگىن...» (مائىدە سۈرىسى، 48 ـ ئايەت).

«ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ نازىل قىلغان بىلەن ھۆكۈم قىلغىن. ئۇلارنىڭ نەپسى ـ خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. ئۇلارنىڭ ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرۈشىدىن ھەزەر ئەيلىگىن. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە، بىلگىنكى، ئاللاھ ئۇلارنى بەزى گۇناھلىرى سەۋەبىدىن جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنى توغرا يولدىن ئادىشىپ كېتىدۇ» (مائىدە سۈرىسى، 49 ـ ئايەت).

نىسا سۈرىسى 65 ـ ئايىتىنى مائىدە سۈرىسى 43 ـ ئايەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغان ۋاقتىتا، يېنىدا تەۋرات بولغان يەھۇدىيلار رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا قازىلىق قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن كەلگەنلىكى، لېكىن ئۇ چىقارغان ھۆكۈمنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئىچىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمى بولغان كىتابنىڭ قازىلىقىنى قوبۇل قىلمىغان بارچە (يەنى خىرىستىيان، ھەتتا مۇسۇلمانلارمۇ) بۇ ئايەتنىڭ خىتاب دائىرىسىگە كىرىدۇ. «ئىچىدە ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرى بولغان تەۋراتنىڭ قازىلىقىنى قوبۇل قىلمىغان يەھۇدىيلار ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ» ـ يۇ، «ئىچىدە ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرى بولغان قۇرئاننىڭ قازىلىقىنى قوبۇل قىلمىغان مۇسۇلمانلار ئىمان ئېيتقان بولامدۇ؟!».

دېمەك، قۇرئان رەسۇلنىڭ چىقارغان ھۆكمىنى قۇرئاندىن باشقا يەردە ئىزدىگۈچىلەردىن تۆۋەندىكى سوئاللارنى سوراۋاتىدۇ:

سىلەر قۇرئاندىن باشقا بىر قازى ئىزدەۋاتامسىلەر؟ (ئەنئام سۈرىسى، 114 ـ ئايەت).

ئىچىدە ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرى بولغان قۇرئان يېنىڭلاردا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلمايسىلەر ۋە ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن رەسۇلنىڭ يېنىغا كېلىسىلەر، ئەمما بۇنىڭغا قارىماستىن رەسۇلدىن يۈز ئۆرۈيسىلەر، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا سىلەر ئىمان ئېيتمىدىڭلار. (نىسا سۈرىسى، 65؛ مائىدە سۈرىسى، 43 ـ ئايەت).

سىلەر ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئەمەس، بەلكى بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ كىتابلىرىنى قازى دەپ قوبۇل قىلامسىلەر؟ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە قارىماستىن، بۇ ھەدىسلەرگە ئىشىنەمسىلەر؟ (مائىدە سۈرىسى، 43؛ جاسىيە سۈرىسى، 6-ئايەت).

نىسا سۈرىسى 65-ئايەتتىكى «سېنى ھاكىم قىلمىغىچە» ئىپادىسىنىڭ قۇرئاندىن ئايرىم ھالدا ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىرىش مەنىسىنى ئىپادىلىمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەنە بىر دەلىل «مۇجادىلە سۈرىسى 1-ئايەت»تۇر. بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئايال نەبىدىن مەسلىھەت سورىغان، لېكىن نەبى بەرگەن پەتىۋانى قوبۇل قىلمىغان ۋە نەبى بىلەن مۇنازىرىلەشكەن. ھەتتا نەبىنى ئاللاھقا شىكايەت قىلغان. ئەمما ئاللاھ -نەبىنىڭ پەتىۋاسىنى قوبۇل قىلمىغان- بۇ ئايالنى كاپىر دېمىدى، ئەكسىچە ئۇنى قوللايدىغان ھۆكۈملەرنى ئەۋەتتى. دېمەك، نەبى - رەسۇلنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش دائىرىسى قۇرئان دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ.

ئەسلىدە نەبى - رەسۇلنىڭ ئۆز ئالدىغا شەرىئەت بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەسلىكىنى (ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ قۇرئان دائىرىسى ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى) كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەڭ روشەن دەلىللەردىن بىرسى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! بايان قىلىنسا نەپسىڭلارغا ئېغىر كېلىدىغان نەرسىلەرنى سورىماڭلار. ئەگەر قۇرئان نازىل قىلىنىۋاتقان چاغدا سورىساڭلار، سىلەرگە بىلدۈرۈلىدۇ. بىلدۈرۈلمىگەنلەرنى ئاللاھ سىلەردىن كەچۈرۈم قىلدى. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، يۇمشاق مۇئامىلە قىلغۇچىدۇر» مەنىسىدىكى مائىدە سۈرىسى 101-ئايەتتۇر. دېمەك، رەسۇلۇللاھتىن سورالغان ھەر سوئالغا ۋەھيي بىلەن جاۋاب بېرىلگەن ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاندا ئورۇن ئالغان. بۈگۈن بىزلەر بۇ سوئاللارنى ۋە بۇ سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلارنى قۇرئاندىن ئوقۇيمىز. قۇرئاندا ئورۇن ئالمىغانلاردىن بىز جاۋابكارلىققا تارتىلمايمىز. رەببىمىز مۇشۇنداق دەۋاتىدۇ.

ئۇنلىغان ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان بۇ ھەقىقەت ھەدىسلەردىمۇ بايان قىلىنغان. -مەسىلەن: مائىدە سۈرىسى 101-ئايەتكە ماس كېلىدىغان- تۆۋەندىكى ھەدىسكە قاراپ باقايلى:

ئىبنى ئاббاس ۋە سەلمانى فارىسى (ر ئە)دىن كەلگەن رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) مۇنداق دېدى: «ھالال، ئاللاھ تائالا ھەزرەتلىرىنىڭ كىتابىدا ھالال قىلىنغان نەرسىلەردۇر. ھاراممۇ ئاللاھ تائالا ھەزرەتلىرىنىڭ كىتابىدا ھارام قىلغان نەرسىلەردۇر. ھەققىدە سۈكۈت قىلغان نەرسىلەر بولسا كەچۈرۈم قىلىنغاندۇر. ئۇنىڭ ھەققىدە سوئال سورىماڭلار»،

كۇتۇبى ستتە، 5164 (تىرمىزى، لىباس، 1726/6).

«ئاللاھنىڭ كىتابىدا ھالال قىلغانلىرى ھالال، ھارام قىلغانلىرى ھارامدۇر. ھەققىدە سۈكۈت قىلغانلىرى بولسا ئىختىيارلىققا تاپشۇرۇلغاندۇر. ئاللاھنىڭ ئىختىيارلىققا تاپشۇرغانلىرىنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھېچقانداق نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ» (ئەبۇ داۋۇد، ئەتئىمە 39؛ تىرمىزى، لىباس 6).

يۇقىرىدىكىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نەبى ۋە رەسۇلنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا شەرىئەت بەلگىلەش ھوقۇقى يوقتۇر. بىردىنبىر شەرىئەت قويغۇچى ئاللاھتۇر. قىسمەن ھالدا بولسىمۇ بەزى ھۆكۈملەرنىڭ نەبى ـ رەسۇل تەرىپىدىن بەلگىلەنگەنلىكىنى ئېيتىش، ئاللاھتىن باشقا شەرىئەت بەلگىلىگۈچىنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكتۇر. شېرىك ئەقىدىگە ئېلىپ بارىدىغان بۇ قاراشنىڭ قۇرئانغا زىت ۋە باتىل ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق.

## رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىش

قۇرئان نېمىگە بۇيرۇيدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى شۈبھىسىزكى، بۇ ئىككى كەلىمىدۇر، يەنى «ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش»تۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنى ۋە جىنلارنى پەقەت ئۆزىگىلا بەندىلىك قىلىشى ئۈچۈن ياراتقان[1]. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش مەقسىتىدۇر. ئۇنداقتا پەقەت ئاللاھقىلا بەندە بولۇش، پەقەت ئاللاھقىلا ئىتائەت قىلىش كېرەك. ئاللاھقا بولغان ئىتائەت قانداق ئەمەلىيلىشىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، رەسۇلغا «ئىتائەت قىلىش» ۋە «ئەگىشىش» ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانلار بىلەن بىۋاسىتە سۆزلەشمىگەن ۋە ئۇلارغا بۇيرۇقلىرىنى بىۋاسىتە ھالدا ئۆزى يەتكۈزمىگەن. بارلىق بۇيرۇق ۋە تەۋسىيەلىرىنى ئىنسانلار ئىچىدىن تاللىغان بىر رەسۇل (ئەلچى) ئارقىلىق يەتكۈزگەن ۋە ئىنسانلارنى ئايەتلەرنى تەبلىغ قىلغان رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئەگىشىشكە بۇيرۇغان.

قۇرئاندا ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان ئايەتلەرنى تۆۋەندىكىدەك تۆرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1. ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر

2. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر

(1) زارىيات سۈرىسى، 56 ـ ئايەت

3. رەسۇلغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر

4. قۇرئانغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر

5. قۇرئانغا ۋە رەسۇلغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر

6. ۋەھىيگە ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر.

يۇقىرىدىكى تۈرلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇرئاندا ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان، رەسۇلغا ئەگىشىش بۇيرۇلغان، ئەمما ئاللاھقا ئەگىشىشكە بۇيرۇلمىغان. چۈنكى ئاللاھقا ئەگىشىش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھقا (ئۇنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش ئارقىلىق) ئىتائەت قىلىنىدۇ. بۇ ئەلچىسىگە (رەسۇلغا) ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئەمدى تۈرلەرگە ئايرىغان بۇ ئايەتلەرنى (بەزى مىساللار ئارقىلىق) چۈشەندۈرۈپ ئۆتەيلى:

### 1. ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر[1]

قۇرئاندا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەردە مۇتلەق ھالدا رەسۇلغىمۇ ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى تەكىتلىنىدۇ، بۇنىڭ مۇستەسناسى يوق. لېكىن رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان بەزى ئايەتلەردە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش تىلغا ئېلىنمىغان (تۆۋەندە كۆرۈپ ئۆتىمىز). بۇ ئەھۋال ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان بۇ ئايەتلەر ئىلگىرى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەنلىكى (ۋە ئىزاھاتتا بېرىلگەنلىكى) ئۈچۈن بۇ پاراگرافتا پەقەت تۆۋەندىكى ئايەتنىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز:

**قُلْ اَطِيعُوا اللّٰهَ وَالرَّسُولَۚ فَاِنْ تَوَلَّوْا فَاِنَّ اللّٰهَ لَا يُحِبُّ الْكَافِرِينَ**

«ئېيتقىنكى: ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر يۈز ئۆرۈسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ كاپىرلارنى دوست تۇتمايدۇ» (ئالئىمران سۈرىسى، 32-ئايەت).

قۇرئاندا ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەردىن باشقا

---

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 132،32؛ نىسا سۈرىسى، 59؛ مائىدە سۈرىسى، 92؛ ئەنفال سۈرىسى، 1، 20، 46؛ تاھا سۈرىسى، 90؛ نۇر سۈرىسى، 54؛ شۇئەرا سۈرىسى، 126، 131، 144؛ ئەھزاب سۈرىسى، 33؛ زۇخرۇف سۈرىسى، 63؛ مۇھەممەد سۈرىسى، 33؛ ھۇجۇرات سۈرىسى، 14؛ مۇجادىلە سۈرىسى، 13؛ تەغابۇن سۈرىسى، 12-ئايەت

يەنە، ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان گۈزەل مۇكاپاتلارنى بىلدۈرگەن ئايەتلەرمۇ مەۋجۇت[1]. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلمىغانلار (ئىمان ئېيتمىغانلار) دۇچار بولىدىغان جازالاردىن خەۋەر بەرگەن ئايەتلەرمۇ ئورۇن ئالغان[2]. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن رەسۇلغا قارشى چىقماسلىقنى ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش كېرەكلىكىنى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا شەكىلدە مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 2. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر[3]

ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان بارلىق ئايەتلەردە مۇتلەق ھالدا رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشمۇ تەكىتلىنىدۇ. لېكىن رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئايەتلەردە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بۇيرۇق تىلغا ئېلىنمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندۇق. بۇ ھەقتىكى دەلىل تۆۋەندىكى ئايەت ئىدى:

وَأَقِيمُوا الصَّلٰوةَ وَاٰتُوا الزَّكٰوةَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ

«ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نامازنى ئادا قىلىڭلار ۋە زاكات بېرىڭلار ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار» (نۇر سۈرىسى، 56-ئايەت).

ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان بارلىق ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان بەزى ئايەتلەردە (رەسۇلنىڭ ئەلچىلىك سالاھىيىتى سەۋەبىدىن) ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى ئايرىم ھالدا تىلغا ئېلىنمىغان. چۈنكى رەسۇل (ئەلچى) ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تەبلىغ قىلىدۇ. تەبلىغ قىلغان ئايەتلەر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزلىرى بولماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. ئاللاھ ئىنسانلار بىلەن بىۋاستە سۆزلەشمەيدۇ. بارلىق تەلىماتلىرىنى ئىنسانلار ئىچىدىن تاللىغان بىر ئەلچى (رەسۇل) ئارقىلىق ئەۋەتىدۇ[4]. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلغا (ئەلچىگە) ئىتائەت قىلغانلىق، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ. قۇرئان بۇ ھەقىقەتنى «كىمكى

---

(1) نىسا سۈرىسى، 13، 69؛ تەۋبە سۈرىسى، 71؛ نۇر سۈرىسى، 52؛ ئەھزاب سۈرىسى، 71؛ فۇسسىلەت سۈرىسى، 80؛ ھۇجۇرات سۈرىسى، 14-ئايەت

(2) نىسا سۈرىسى، 14؛ ئەھزاب سۈرىسى، 36؛ جىن سۈرىسى، 23؛ ئەنفال سۈرىسى، 13؛ تەۋبە سۈرىسى، 63-ئايەت

(3) نىسا سۈرىسى، 42، 64؛ نۇر سۈرىسى، 56؛ نۇھ سۈرىسى، 3-ئايەت

(4) شۇئەرا سۈرىسى، 51-ئايەت

رەسۇلغا ئىتائەت قىلسا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ» (نىسا سۈرىسى، 80) دېگەن ئايەت ئارقىلىق ئېنىق بىلدۈرگەن. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق. شۇڭا رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان بەزى ئايەتلەردە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ تۆردىكى ئايەتلەردە، ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئايەتلەردە بىردەك پەقەت ۋە پەقەت «ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش» تەكىتلەنگەن.

### 3. رەسۇلغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر[1]

رەسۇل «مېنىڭ يولۇم مانا بۇ، ماڭا ئەگىشىڭلار» دېگەن ۋاقىتتا ئۆزىگە ئەمەس، ئاللاھقا دەۋەت قىلغان:

**قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ قُلْ أَطِيعُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ فَإِنْ تَوَلَّوْا فَإِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْكَافِرِينَ**

«ئېيتقىنكى: ‹ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھمۇ سىلەرنى دوست تۇتسۇن ۋە گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلغاي. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە مېھرىباندۇر› .

ئېيتقىنكى: ‹ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار› .

ئەگەر يۈز ئۆرىسە، (بىلسۇنكى)، ئاللاھ كاپىرلارنى دوست تۇتمايدۇ» (ئالئىمران سۈرىسى، 32-31-ئايەت).

**قُلْ هٰذِهٖ سَبِيلٖٓي اَدْعُٓوا اِلَى اللّٰهِ عَلٰى بَصِيرَةٍ اَنَا۬ وَمَنِ اتَّبَعَنٖيۜ**

«ئېيتقىنكى: مانا بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر. مەن ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن. مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر توغرا يول ئۈستىدىدۇرمىز...» (يۇسۇف سۈرىسى، 108-ئايەت).

**وَمَنْ يُشَاقِقِ الرَّسُولَ مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ الْهُدَى وَيَتَّبِعْ غَيْرَ سَبِيلِ الْمُؤْمِنِينَ نُوَلِّهِ مَا تَوَلَّى وَنُصْلِهِ جَهَنَّمَ وَسَاءَتْ مَصِيرًا**

---

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 31؛ نىسا سۈرىسى، 115؛ يۇسۇف سۈرىسى، 108؛ ئىبراھىم سۈرىسى، 36؛ مەريەم سۈرىسى، 43؛ تاھا سۈرىسى، 20،21؛ ياسىن سۈرىسى، 20،21؛ زۇمەر سۈرىسى، 55؛ غافىر سۈرىسى، 38؛ زۇخرۇف سۈرىسى، 61-ئايەت.

«كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، رەسۇلغا قارشى چىقىدىكەن ۋە مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقا يولغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!» (نىسا سۈرىسى، 115-ئايەت).

وَاِنَّهُ لَعِلْمٌ لِلسَّاعَةِ فَلَا تَمْتَرُنَّ بِهَا وَاتَّبِعُونِ هٰذَا صِرَاطٌ مُسْتَقِيمٌ

«شۈبھىسىزكى، ئۇ قىيامەتنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇنىڭدىن قىلچە شەك قىلماڭلار ۋە ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» (زۇخرۇف سۈرىسى، 61-ئايەت).

فَاِنْ حَاجُّوكَ فَقُلْ اَسْلَمْتُ وَجْهِيَ لِلّٰهِ وَمَنِ اتَّبَعَنِ وَقُلْ لِلَّذِينَ اُوتُوا الْكِتَابَ وَالْاُمِّيِّنَ ءَاَسْلَمْتُمْ فَاِنْ اَسْلَمُوا فَقَدِ اهْتَدَوْا وَاِنْ تَوَلَّوْا فَاِنَّمَا عَلَيْكَ الْبَلَاغُ وَاللّٰهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ

«ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە: ‹ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن بىرلىكتە مەن ئۆزۈمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم› دېگىن.

كىتاب بېرىلگەنلەرگە ۋە ئۇممىلەرگە ئېيتقىنكى: ‹سىلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟›.

ئەگەر ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلسا ھىدايەتكە ئېرىشىدۇ. ئەگەر يۈز ئۆرىسە، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (ئالئىمران سۈرىسى، 20-ئايەت).

يۇقىرىدىكى كۆرسىتىلگەن ئايەتلەردىكى «ماڭا ئەگىشىڭلار» بۇيرۇقلىرى، ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن رەسۇلغا ئەگىشىشنى بىلدۈرىدۇ. رەسۇلغا ئەگەشكۈچىلەر ئاللاھ كۆرسەتكەن نىجاتلىق يولى (سىراتى مۇستەقىم)غا كىرگەن ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ.

## 4. قۇرئانغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر[1]

وَهٰذَا كِتَابٌ اَنْزَلْنَاهُ مُبَارَكٌ فَاتَّبِعُوهُ وَاتَّقُوا لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ

«مانا بۇ (قۇرئان) بىز نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر. ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار ۋە ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەيسىلەر» (ئەنئام سۈرىسى، 155-ئايەت).

(1) بەقەرە سۈرىسى، 170؛ ئەنئام سۈرىسى، 155؛ ئەئراف سۈرىسى، 3-ئايەت

كِتَابٌ اُنْزِلَ اِلَيْكَ فَلَا يَكُنْ فِي صَدْرِكَ حَرَجٌ مِنْهُ لِتُنْذِرَ بِهٖ وَذِكْرٰى لِلْمُؤْمِنِينَ اِتَّبِعُوا مَٓا اُنْزِلَ اِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهٖٓ اَوْلِيَٓاءَۜ قَلِيلاً مَا تَذَكَّرُونَ

«(بۇ) كىتاب ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ۋە مۇئمىنلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا نازىل قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە شۈبھەڭ بولمىسۇن. رەببىڭلاردىن سىلەرگە نازىل قىلىنغانغا ئەگىشىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دوستلارغا ئەگەشمەڭلار. لېكىن ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىڭلار بۇ ۋەز - نەسىھەتكە قۇلاق سالىسىلەر» (ئەئراف سۈرىسى، 2-3-ئايەت).

وَاتَّبِعُٓوا اَحْسَنَ مَٓا اُنْزِلَ اِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ

«رەببىڭلاردىن سىلەرگە نازىل قىلىنغانىنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا (قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار» (زۇمەر سۈرىسى، 55-ئايەت).

## 5. قۇرئانغا ۋە رەسۇلغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر[1]

الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الْأُمِّيَّ الَّذِي يَجِدُونَهُ مَكْتُوبًا عِنْدَهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ يَأْمُرُهُمْ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَاهُمْ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَائِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَالْأَغْلَالَ الَّتِي كَانَتْ عَلَيْهِمْ فَالَّذِينَ آمَنُوا بِهِ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَاتَّبَعُوا النُّورَ الَّذِي أُنْزِلَ مَعَهُ أُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

«ئۇ، قولىدىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا تونۇشتۇرۇلغان ئۇممى نەبى (بولغان) رەسۇلغا ئەگەشكۈچىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ئۇلارنى يامانلىقتىن توسىدۇ. ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سېلىنغان تاقاق، كويزا - كىشەنلەردىن ئازاد قىلىدۇ. ئۇ رەسۇلغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرگەن، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەۋەتىلگەن نۇر (قۇرئان)غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» (ئەئراف سۈرىسى، 157-ئايەت).

قُلْ يَٓا اَيُّهَا النَّاسُ اِنِّي رَسُولُ اللّٰهِ اِلَيْكُمْ جَمِيعاً الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِۚ لَٓا اِلٰهَ اِلَّا هُوَ يُحْيِي وَيُمِيتُۖ فَاٰمِنُوا بِاللّٰهِ وَرَسُولِهِ النَّبِيِّ الْاُمِّيِّ الَّذِي يُؤْمِنُ بِاللّٰهِ وَكَلِمَاتِهٖ وَاتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ

«ئېيتقىنكى: ‹ئى ئىنسانلار! مەن ھەممىڭلارغا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ساھىبى بولغان ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن (رەسۇل). ئۇنداقتا ئاللاھقا ۋە ئۇممى نەبى - رەسۇلغا ئىمان ئېيتىڭلار› .

(1) ئەئراف سۈرىسى، 158، 157؛ تاھا سۈرىسى، 134-ئايەت

ئۇ رەسۇل ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭغا (رەسۇلغا، قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، بۇ ئارقىلىق توغرا يولنى تاپقايسىلەر» (ئەئراف سۈرىسى، 158 ـ ئايەت).

## 6. ۋەھيىگە (قۇرئانغا) ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر[1]

بۇ گۇرۇپپىدا يەر ئالغان ئايەتلەردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

**وَاِذَا لَمْ تَأْتِهِمْ بِاٰيَةٍ قَالُوا لَوْلَا اجْتَبَيْتَهَاۜ قُلْ اِنَّمَٓا اَتَّبِعُ مَا يُوحٰٓى اِلَيَّ مِنْ رَبّ۪يۚ هٰذَا بَصَٓائِرُ مِنْ رَبِّكُمْ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ**

«ئۇلارغا (ئارزۇلىرىغا ئاساسەن) بىر ئايەت ئېلىپ كەلمىسەڭ، ئۆزۈڭ ئىجاد قىلساڭ بولمامدۇ؟ دېيىشىدۇ.

ئېيتقىنكى: ‹مەن پەقەت رەببىمدىن ماڭا ۋەھيي قىلىنغانغىلا ئەگىشىمەن. مانا بۇ قۇرئان رەببىڭلاردىن كەلگەن پاراسەتتۇر (قەلب كۆزىنى ئاچىدىغان بايانلاردۇر) ۋە ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر› » (ئەئراف سۈرىسى، 203 ـ ئايەت).

**قُلْ لَٓا اَقُولُ لَكُمْ عِنْد۪ي خَزَٓائِنُ اللّٰهِ وَلَٓا اَعْلَمُ الْغَيْبَ وَلَٓا اَقُولُ لَكُمْ اِنّ۪ي مَلَكٌۚ اِنْ اَتَّبِعُ اِلَّا مَا يُوحٰٓى اِلَيَّۜ قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الْاَعْمٰى وَالْبَص۪يرُۜ اَفَلَا تَتَفَكَّرُونَ وَاَنْذِرْ بِهِ الَّذ۪ينَ يَخَافُونَ اَنْ يُحْشَرُٓوا اِلٰى رَبِّهِمْ لَيْسَ لَهُمْ مِنْ دُونِه۪ وَلِيٌّ وَلَا شَف۪يعٌ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ**

«ئېيتقىنكى: ‹مەن سىلەرگە مەندە ئاللاھنىڭ غەزىنىلىرى بار دېمەيمەن. مەن غەيبنىمۇ بىلمەيمەن. سىلەرگە مەن بىر پەرىشتە دەپمۇ ئېيتالمايمەن. مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەگىشىمەن› .

ئېيتقىنكى: ‹كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ ئويلاپ باقمامسىلەر؟› .

رەببىڭنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدىغانلىقى ئۈچۈن قورققانلارنى ئۇ (ساڭا ۋەھيي قىلىنغان ۋە سەن رىئايە قىلغان) ۋەھيي بىلەن ئاگاھلاندۇر. ئۇلار ئۈچۈن رەببىدىن باشقا دوست ۋە شاپائەتچى (ياردەم قىلغۇچى) يوقتۇر. بەلكىم توغرا يولنى تاپار» (ئەنئام سۈرىسى، 51 ـ 50 ـ ئايەت).

(1) ئەنئام سۈرىسى، 51، 50؛ ئەئراف سۈرىسى، 203؛ يۇسۇف سۈرىسى، 15 ـ ئايەت

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك «رەسۇلغا ئەگىشىش»كە بۇيرۇغان ئايەتلەردە، بەزىدە يالغۇز هالدا رەسۇل، بەزىدە رەسۇل ۋە ئايەت، بەزىدە ۋەھيي، بەزىدە «سىراتى مۇستەقىم (توغرا يول)»، كۆپىنچىسىدە قۇرئانغا ئەگىشىش ھەققىدە توختالغان. بۇ ھەقىقەت، ئەسلىدە ئەگىشىش كېرەك بولغان ئوبيېكتىنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكىنى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئۇقۇملارنىڭ (ۋەھيي، رەسۇل، ئايەتلەر، سىراتى مۇستەقىم) قۇرئانغا ۋەكىللىك قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قۇرئان، ئەئراف سۈرىسى 3-ئايەتتە «پەقەت ۋە پەقەت قۇرئانغا ئەگىشىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسە (دوست، يېتەكچى)گە ئەگەشمەڭلار» دېمەكتە. قۇرئان يەنە بۇ پاراگرافتا تىلغا ئېلىنىدىغان «رەسۇلغا»، «بىزگە نازىل قىلىنغانغا»، «رەسۇلغا ۋەھيي قىلىنغانغا»، «ۋەھيىگە»، «سىراتى مۇستەقىمگە»، «ھەنىف ئىبراھىمنىڭ دىنىغا» ۋە «مۇئمىنلەرنىڭ يولغا» ئەگىشىشكە بۇيرۇيدۇ. دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئوبيېكتنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا (بۇنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلمىغاندا)، «پەقەت قۇرئانغا ئەگىشىڭلار، ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسىگە ئەگەشمەڭلار» دېگەن قۇرئاننىڭ ئۆزئارا زىتلىق ئىچىدە بولغان ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولىدۇ. بۇنداق قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى ئاللاھ كالامى بولغان قۇرئاندا ھېچقانداق زىتلىق يوق[1]. ئۇنداقتا پەقەت قۇرئانغا (ۋەھيىگە، رەسۇلغا، رەسۇلنىڭ ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن كىتابىغا، سىراتى مۇستەقىمگە، ئىبراھىمنىڭ دىنىغا) ئەگىشىش، ئۇنىڭدىن غەيرىيگە ئەگەشمەسلىك كېرەك.

ئىلگىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك قۇرئاندا ئاللاھقا ئەگىشىش بۇيرۇقى يوق، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بۇيرۇقى بار. قۇرئاننىڭ ئاساسلىق تەلىماتىمۇ مانا بۇنىڭدىن ئىبارەت. قۇرئان، «ئاللاھقا ئەگىشىڭلار» دېمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھقا ئەگەشكىلى بولمايدۇ. ئاللاھ ئالدىمىزدا تۇرىدىغان ۋە ئەگەشكىلى بولىدىغان مەۋجۇدىيەت ئەمەس. لېكىن ئۇنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە ئەگەشكىلى بولىدۇ. بۇ پەقەت ئىچىمىزدىن تاللاپ چىققان ئەلچىسىگە (رەسۇلغا) ئەگىشىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. رەسۇل ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن تەلىمات (قۇرئان) قولىمىزدا مەۋجۇت. بىز مۇئمىنلەر قۇرئانغا ئەگىشىش ئارقىلىق رەسۇلغا، رەسۇلغا ئەگىشىش ئارقىلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىمىز. لېكىن بىۋاسىتە ھالدا ئاللاھقا ئەگىشەلمەيمىز. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە

(1) بەقەرە سۈرىسى، 2؛ نىسا سۈرىسى، 82-ئايەت

رەسۇلنى ئۈلگە قىلىشقا تەۋسىيە قىلغان ئايەتلەر (نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرگە ئەمەس) رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرىگە (قۇرئانغا) ئەگىشىشكە بۇيرۇغان بولىدۇ.

ئۇنداقتا سۈننەتنى قۇرئاندىن ئىزدەش كېرەك.

قۇرئان، رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن بىرگە، رەسۇلنى ئۈلگە قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. دېمەك، ئىتائەت قىلىنىدىغان ۋە ئۈلگە ئېلىنىدىغان ئوبيېكت رەسۇل مۇھەممەدتۇر. ئۇنداقتا سۈننەتنى قۇرئاننىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئىزدەش كېرەك. چۈنكى رەسۇل مۇھەممەدنىڭ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى بىزگە ھەدىسلەر ئەمەس، قۇرئان بىلدۈرگەن. ھەدىسلەر بىزگە پەقەت نەبى مۇھەممەدنىڭ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى (سەھىھ بولۇشى شەرتى ئاستىدا) يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. لېكىن قۇرئان بىزنى نەبى مۇھەممەدكە ئەمەس، بەلكى رەسۇل مۇھەممەدكە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە رەسۇل مۇھەممەدنى ئۈلگە قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. قۇرئاندا نەبى مۇھەممەدكە ئىتائەت قىلىشقا ياكى نەبى مۇھەممەدنى ئۈلگە قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان ھېچقانداق ئايەت يوق.

دېمەك، بىز مۇئمىنلەر نەبى مۇھەممەدنىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان (نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان) ھەدىسلەرگە ئەمەس، رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ھەدىسلىرى ئىكەنلىكىدە شەك بولمىغان قۇرئانغا ئەگىشىشىمىز كېرەك. رەسۇلنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش پەقەت مانا بۇ شەكىلدە مۇمكىن بولىدۇ. ئۇنداقتا بىز مۇئمىنلەر ئۈچۈن بىردىنبىر ھۆكۈم مەنبەسى قۇرئان بولۇشى كېرەك. قۇرئاندىن باشقا بىزنى جاۋابكارلىققا تارتىدىغان ھۆكۈم مەنبەسى بولماسلىقى لازىم. بۇ ۋەھيى مەتلۇۋ ۋە ۋەھيي غەيرى مەتلۇۋ مۇنازىرىسىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

## قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھيي مەسلىسى (ۋەھيي غەيرى مەتلۇۋ)

قۇرئان، رەسۇلۇللاھقا ۋەھيي قىلىنغان كىتابتۇر (ۋەھيي مەتلۇۋ). قۇرئاننىڭ جىمى مۇئمىنلەرنىڭ ئىتائەت ئوبيېكتى ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ ھەقتە ھېچقانداق دە ـ تالاش يوق. لېكىن رەسۇلغا قۇرئاننىڭ سىرتىدا كەلگەن باشقا بىر ۋەھيىنىڭ (ۋەھيي غەيرى مەتلۇۋ) بار ـ يوقلىقى، ئەگەر بار بولسا بۇ ۋەھيىنىڭ ھۆكۈم كۈچىگە ئىگە بولۇپ ـ بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ مەۋجۇت.

بەزى مۇسۇلمانلارنىڭچە (بۇلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ)، «نەبى - رەسۇلغا كەلگەن ۋەھيي پەقەت قۇرئاندىنلا ئىبارەت ئەمەس. ئۇ، قۇرئاننىڭ سىرتىدىمۇ ۋەھيي ئالغان، ھەتتا سۈننەت قۇرئاننىڭ سىرتىدا كەلگەن بۇ ۋەھيىگە تايانغان ۋە بىرگە (كىلاسسىك) ھەدىسلەر ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. بۇ سەۋەبتىن پەقەت قۇرئانغىلا ئەگىشىش كۇپايە قىلمايدۇ، قۇرئان سىرتىدا كەلگەن ۋەھيىگىمۇ (ھەدىسلەرگىمۇ) ئەگىشىش لازىم»[1].

بۇ نەزەرىيەنىڭ توغرا ئەمەسلىكى روشەن ھالدا ئوتتۇردا تۇرۇپتۇ. چۈنكى رەسۇل ئالغان قۇرئان سىرتىدىكى بەزى ۋەھيىلەر بولغان بولسىمۇ (بۇلارنىڭ نېمە ھەقتە ئىكەنلىكىنى كېيىنكى پاراگرافتا چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز)، بۇ شەكىلدە كەلگەن بىرەر ھۆكۈم يوق. بۇ مەسىلە بىرئازدىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇ ئايەتلەرگە ئۆتۈشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكى مەسىلىنى نەزەرگە ئېلىشنىڭ ئۆزىلا بۇ مەسىلىنى چۈشىنىپ يېتىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر:

«رەسۇلغا كەلگەن ۋەھيي پەقەت قۇرئاندىنلا ئىبارەت ئەمەس. يەنى، رەسۇل قۇرئاندىن باشقا بەزى ۋەھيىلەر ئالغان» دەپ پەرەز قىلايلى. بۇ ئەھۋالدا ئاللاھ، ئەۋەتكەن ۋەھيىنىڭ بىر قىسمىنى قوغداشقا ئۆزى كاپالەتلىك قىلغان، بىر قىسمىنى بۇ ئىلاھى ھىمايىدىن مەھرۇم قالدۇرغان بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ئەھۋالدا ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنمىغان ۋەھيىنىڭ (ئەگەر مەۋجۇت بولسا) بىزگە لازىم بولمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە بولغاندا ئاللاھنىڭ ئۇلارنى چوقۇم ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئالىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ دېمەك، بۇنداق بىر تۈردىكى ۋەھيي يوق، ياكى بۇلار بىزگە لازىم بولغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ۋە ياكى بۇ مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى بىزگە قۇرئان ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئايرىم ھالدا ھىمايە قىلىنىشىغا ھاجەت قالمىغان. سەۋەبى نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، قۇرئان سىرتىدا ھۆكۈم كۈچىگە ئىگە مەلۇماتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقىقەتنى ئەنئام سۈرىسى 50 ۋە 51-ئايەتلەر ناھايىتى روشەن ھالدا مۇنداق بايان قىلماقتا:

قُلْ لَآ اَقُولُ لَكُمْ عِنْدِي خَزَآئِنُ اللّٰهِ وَلَآ اَعْلَمُ الْغَيْبَ وَلَآ اَقُولُ لَكُمْ اِنِّي مَلَكٌۚ اِنْ اَتَّبِعُ اِلَّا مَا يُوحٰٓى اِلَيَّۜ قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الْاَعْمٰى وَالْبَصِيرُۜ اَفَلَا تَتَفَكَّرُونَ وَاَنْذِرْ بِهِ الَّذ۪ينَ يَخَافُونَ اَنْ يُحْشَرُٓوا اِلٰى رَبِّهِمْ لَيْسَ لَهُمْ مِنْ دُونِه۪ وَلِيٌّ وَلَا شَف۪يعٌ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ

«ئېيتقىنكى: ‹مەن سىلەرگە مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار دېمەيمەن.

(1) ئوسمانى، مۇھەممەد تاكى، «سۈننەتنىڭ قىممىتى ۋە ھۆكمى»، 42-27-بەتلەر

مەن غەيبنىمۇ بىلمەيمەن. سىلەرگە مەن بىر پەرىشتە دەپمۇ ئېيتالمايمەن. مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەگىشىمەن› .

ئېيتقىنكى: ‹كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ ئويلاپ باقامسىلەر؟› .

رەببىڭنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدىغانلىقى ئۈچۈن قورققانلارنى ئۇ (ساڭا ۋەھيى قىلىنغان ۋە سەن رىئايە قىلغان) ۋەھيى بىلەن ئاگاھلاندۇر. ئۇلار ئۈچۈن رەببىڭدىن باشقا دوست ۋە شاپائەتچى (ياردەم قىلغۇچى) يوقتۇر. بەلكىم توغرا يولنى تاپار» (ئەنئام سۈرىسى، 51 ـ 50 ـ ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتتىن 1) رەسۇلغا ۋەھيى قىلىنغان، 2) رەسۇلنىڭ ئۆزىمۇ ئەگەشكەن، 3) رەسۇل بىزگە تەبلىغ قىلغان ۋەھيى پەقەت قۇرئان ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. بۇ ئايەتلەر بىزنىڭ جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان ۋەھيىنىڭ پەقەت قۇرئان ئىكەنلىكىنى (قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھيىدىن جاۋابكار ئەمەسلىكىمىزنى) ھەم مەنە جەھەتتىن، ھەم سەمانتىك (گىرامماتىكا) جەھەتتىن ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. ئايەتتە يەر ئالغان «بىھى» كەلىمىسى «ئۇنىڭ بىلەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ۋە «رەسۇلغا ۋەھيى قىلىنغان ۋە رەسۇلمۇ ئەگەشكەن ۋەھيى»نى ئىشارەت قىلىدۇ. يەنى، رەسۇل بىزنى ئۆزى ئەگەشكەن ۋەھيى بىلەن ئاگاھلاندۇرغان. رەسۇل بىزنى ئاگاھلاندۇرغان ئۇ ۋەھيىنىڭ بولسا قۇرئان ئىكەنلىكى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە روشەن ھالدا ئۆزىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە:

وَاُوْحِيَ اِلَيَّ هٰذَا الْقُرْاٰنُ لِاُنْذِرَكُمْ بِهٖ وَمَنْ بَلَغَ

«بۇ قۇرئان ماڭا ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنى ۋە ئۇ يېتىپ بارغان بارلىق كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى» (ئەنئام سۈرىسى، 19 ـ ئايەت).

كِتَابٌ اُنْزِلَ اِلَيْكَ فَلَا يَكُنْ فٖي صَدْرِكَ حَرَجٌ مِنْهُ لِتُنْذِرَ بِهٖ وَذِكْرٰى لِلْمُؤْمِنٖينَ اِتَّبِعُوا مَٓا اُنْزِلَ اِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهٖٓ اَوْلِيَٓاءَۜ قَلٖيلاً مَا تَذَكَّرُونَ

«(بۇ) كىتاب ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ۋە مۇئمىنلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا نازىل قىلىندى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە شۈبھەڭ بولمىسۇن. رەببىڭلاردىن سىلەرگە نازىل قىلىنغانغا ئەگىشىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دوستلارغا ئەگەشمەڭلار. لېكىن ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىڭلار بۇ ۋەز ـ نەسىھەتكە قۇلاق سالىسىلەر» (ئەئراف سۈرىسى، 3 ـ 2 ـ ئايەت).

نَحْنُ اَعْلَمُ بِمَا يَقُولُونَ وَمَٓا اَنْتَ عَلَيْهِمْ بِجَبَّارٍ فَذَكِّرْ بِالْقُرْاٰنِ مَنْ يَخَافُ وَع۪يدِ

«بىز ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئوبدان بىلىمىز. سەن ئۇلارنى زورلىغۇچى ئەمەسسەن. مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن نەسىھەت قىلغىن» (قاف سۈرىسى، 45_ئايەت).

وَاَنْ اَتْلُوَا الْقُرْاٰنَۚ فَمَنِ اهْتَدٰى فَاِنَّمَا يَهْتَد۪ي لِنَفْسِه۪ۚ وَمَنْ ضَلَّ فَقُلْ اِنَّمَٓا اَنَا۬ مِنَ الْمُنْذِر۪ينَ

«مەن قۇرئاننى ئوقۇشقا بۇيرۇلدۇم.

كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. كىمكى ئازىدىكەن، ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى: ‹مەن پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىنمەن› » (نەمل سۈرىسى، 92_ئايەت).

رەسۇل ئەگەشكەن ۋەھيي ئارقىلىق قۇرئاننىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقى (قۇرئاندىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكى) تۆۋەندىكى ئايەتتە روشەن ھالدا بايان قىلىنغان:

فَاسْتَمْسِكْ بِالَّذ۪ٓي اُو۫حِيَ اِلَيْكَۚ اِنَّكَ عَلٰى صِرَاطٍ مُسْتَق۪يمٍ وَاِنَّهُ لَذِكْرٌ لَكَ وَلِقَوْمِكَۚ وَسَوْفَ تُسْـَٔلُونَ

«سەن ساڭا ۋەھيي قىلىنغان (قۇرئان)غا چىڭ ئېسىلغىن. چۈنكى سەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇرسەن. شۈبھىسىزكى، ئۇ (ساڭا ۋەھيي قىلىنغان قۇرئان) ھەم سەن ئۈچۈن، ھەم قوۋمىڭ ئۈچۈن نەسىھەتتۇر ۋە ھەممىڭلار كېلەچەكتە ئۇنىڭدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر» (زۇخرۇف سۈرىسى، 44_43_ئايەت).

دېمەك، رەسۇلۇللاھ چىڭ ئېسىلغان، ھەم رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن، ھەم بىز ئۈچۈن نەسىھەت بولغان ھەمدە ھەممىمىز كېلەچەكتە (ئاخىرەتتە) جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان شەيئى قۇرئاندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئايەتتىمۇ «قۇرئان»نىڭ، «رەسۇل»نىڭ چىڭ ئېسىلىدىغان ۋەھيىنىڭ ۋە «سىراتى مۇستەقىم»نىڭ ئوخشاش بىر شەيئىنى بىلدۈرىدىغانلىقىغا (قۇرئاننىڭ چىڭ ئېسىلىشقا تېگىشلىك ۋە سىراتىم مۇستەقىمگە باشلايدىغان بىردىنبىر يېتەكچى ئىكەنلىكىگە) دىققەت قىلىش كېرەك.

ئۇنداقتا، رەسۇلغا ۋەھيي قىلىنغان، رەسۇل ئۆزى ئەگەشكەن ۋە بىز جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان ۋەھيىنىڭ ھەممىسى رەسۇل تەبلىغ قىلغان قۇرئاندىن ئىبارەتتۇر. تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇ ھەقىقەتنى تەستىقلايدۇ:

وَاِذَا لَمْ تَأْتِهِمْ بِاٰيَةٍ قَالُوا لَوْلَا اجْتَبَيْتَهَاۜ قُلْ اِنَّمَٓا اَتَّبِعُ مَا يُوحٰٓى اِلَيَّ مِنْ رَبّ۪يۚ هٰذَا بَصَٓائِرُ مِنْ رَبِّكُمْ وَهُدًى

وَرَحْمَةٌ لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ

«ئۇلارغا (ئارزۇلىرىغا ئاساسەن) بىر ئايەت ئېلىپ كەلمىسەڭ، ئۆزۈڭ ئىجاد قىلساڭ بولمامدۇ؟ دېيىشىدۇ.

ئېيتقىنكى: ‹مەن پەقەت رەببىمدىن ماڭا ۋەھيى قىلىنغانغىلا ئەگىشىمەن. مانا بۇ قۇرئان رەببىڭلاردىن كەلگەن پاراسەتتۇر (قەلب كۆزىنى ئاچىدىغان بايانلاردۇر) ۋە ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر› » (ئەئراف سۈرىسى، 203 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتىمۇ رەسۇلغا «پەقەت ئۆزىگە ۋەھيى قىلىنغانغا ئەگىشىدىغانلىقى» ئېيتقۇزۇلغان. ھەممىدىن مۇھىمى ئۆزىگە ۋەھيى قىلىنغان ۋە ئۇ ئەگەشكەن بۇ ۋەھيىنىڭ رەببىمىزدىن كەلگەن قۇرئان ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. ئايەتتە «رەسۇل ئەگەشكەن ۋەھيى» ئىپادىسىدىن بۇرۇن «ئىننەما» كەلىمىسى يەر ئالغان بولۇپ، خاسلاشتۇرۇش قوشۇمچىسى بولغان بۇ ئىپادە «پەقەت ۋە پەقەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى، رەسۇل ئەگەشكەن شەيئى «پەقەت ۋە پەقەت قۇرئان»دۇر. رەسۇل ئەگەشكەن بۇنىڭدىن باشقا شەيئى يوقتۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇنغا ئىگە يەنە بىر ئايەت مۇنداق:

قُلْ مَا كُنْتُ بِدْعاً مِنَ الرُّسُلِ وَمَٓا اَدْرٖي مَا يُفْعَلُ بٖي وَلَا بِكُمْۜ اِنْ اَتَّبِعُ اِلَّا مَا يُوحٰٓى اِلَيَّ وَمَٓا اَنَا اِلَّا نَذٖيرٌ مُبٖينٌ

«ئېيتقىنكى: ‹مەن رەسۇللارنىڭ تۇنجىسى ئەمەسمەن، ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن پەقەت ماڭا ۋەھيى قىلىنغان نەرسىگىلا ئەگىشىمەن. مەن ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن› » (ئەھقاف سۈرىسى، 9 ـ ئايەت).

وَاِذَا تُتْلٰى عَلَيْهِمْ اٰيَاتُنَا بَيِّنَاتٍۙ قَالَ الَّذٖينَ لَا يَرْجُونَ لِقَٓاءَنَا ائْتِ بِقُرْاٰنٍ غَيْرِ هٰذَٓا اَوْ بَدِّلْهُۜ قُلْ مَا يَكُونُ لٖٓي اَنْ اُبَدِّلَهُ مِنْ تِلْقَٓائِ نَفْسٖيۚ اِنْ اَتَّبِعُ اِلَّا مَا يُوحٰٓى اِلَيَّۚ اِنّٖٓي اَخَافُ اِنْ عَصَيْتُ رَبّٖي عَذَابَ يَوْمٍ عَظٖيمٍ

«ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز روشەن قىلىپ ئوقۇپ بېرىلسە، بىز بىلەن ئۇچرىشىشقا ئىشەنمەيدىغانلار: ‹بۇنىڭدىن باشقا بىر قۇرئان كەلتۈر ياكى بۇنى ئالماشتۇر› دەيدۇ.

ئېيتقىنكى: ‹مەن ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتەلمەيمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگە ئەگىشىمەن. ئەگەر رەببىمگە قارشى چىقسام، ئەلۋەتتە بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىدىن قورقىمەن› » (يۇنۇس سۈرىسى، 15 ـ ئايەت).

دېمەك، مۇشرىكلار رەسۇلنى قۇرئاندا بولمىغان ئايەتلەرنى ئىجاد قىلالايدۇ

(قۇرئاندا بولمىغان ھۆكۈملەرنى قويالايدۇ) دەپ ئويلاپ قالغان، ھەتتا ئۇنىڭ باشقا بىر قۇرئان ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىغا (قۇرئانغا ئىلاۋە قىلالايدىغانلىقىغا) ياكى قۇرئاننى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ھەققىدە ئايەت بولمىغان مەسىلىلەردە «سەن ئۆزۈڭ ئىجاد قىلغىن»[1] دېيىش بىلەن بىرگە، «بىزگە باشقا بىر قۇرئان ئېلىپ كەل ياكى ئۇنى ئۆزگەرت»[2] دېگەنىدى. يەنى، ئۇنىڭ مۇئەييەن ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇلارمۇ بىلەتتى، لېكىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ چامىسى يەتمەيدىغان ئىشلارنى تەلەپ قىلىشقانىدى. ئۇ بولسا «مەن ھەرگىز بۇنداق ئىش قىلالمايمەن» دەيتتى.

ئۇنداقتا، ھەققىدە ئايەت بولمىغان مەسىلىلەردە رەسۇلنىڭ ئۆزى ئىجتىھات قىلىپ، ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش مۇشرىكلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، تەبىئىي ھالدا قۇرئانغا مانا مۇشۇنداق شەكىلدە ئىلاۋە قىلالايدۇ، بۇ يول بىلەن قۇرئاننى ئۆزگەرتەلەيدۇ دەپ ئويلاشمۇ مۇشرىكلارغا چۈشەنچىدۇر. مۇشرىكلار ئەلۋەتتە رەسۇلغا مۇشۇنداق بىر ئىشنى قىلغۇزالمىدى. لېكىن مۇشرىك چۈشەنچىنىڭ ۋارىسلىرى بۇ مەسىلىدە نەبىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خېلى زور دەرىجىدە ئۇتۇق قازاندى. نەبى ـ رەسۇلغا قىلغۇزالمىغانلىرىنى، ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلغان رىۋايەتلىرى ئارقىلىق ـ ئۇنىڭ ئىسمىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ ـ ئۆزلىرى ۋۇجۇدقا چىقاردى. «دىققەت قىلىڭلار، ماڭا قۇرئان بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ ئوخشىشى بېرىلدى»[3] دېگەن ھەدىسكە تايىنىپ تۇرۇپ، قۇرئاندا بولمىغان ھۆكۈملەرنى ئىجاد قىلدى، ئۆزلىرى پەيدا قىلدى. بۇ ئارقىلىق ھەم قۇرئاننى ئۆزگەرتتى (ھۆكۈملىرىنى)، ھەم باشقا بىر قۇرئان (ھۆكۈم)لار ئېلىپ كەلدى.

تۆۋەندىكى ئايەت بىردىنبىر يېتەكچىنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكىنى ئوپئوچۇق ھالدا كۆرسىتىپ بەرمەكتە:

**قُلْ اِنْ ضَلَلْتُ فَاِنَّمَا اَضِلُّ عَلٰى نَفْسِيۚ وَاِنِ اهْتَدَيْتُ فَبِمَا يُوحٖٓي اِلَيَّ رَبّٖيؕ اِنَّهُ سَمٖيعٌ قَرٖيبٌ**

«ئېيتقىنكى: ‹ئەگەر مەن ئازسام، ئازغانلىقىمنىڭ زىيىنى ئۆزەمگىدۇر. ئەگەر ھىدايەت تاپسام، بۇ رەببىمنىڭ ماڭا ۋەھيى قىلغان (قۇرئان) سەۋەبىدىندۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇ (ئاللاھ) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، يېقىندۇر» (سەبەئ سۈرىسى، 50 ـ ئايەت).

---

(1) ئەئراف سۈرىسى، 203 ـ ئايەت

(2) يۇنۇس سۈرىسى، 15 ـ ئايەت

(3) ئەبۇ داۋۇد، «سۈنەن»، سۈننەت، 5

بۇ مەسىلە ھەققىدە كېيىنكى پاراگرافلاردا نۇۋەتتىكى كەلگەندە تەپسىلىي توختىلىمىز. شۇنداقتىمۇ تۆۋەندىكى ئايەتمۇ ئەگىشىشكە تېگىشلىك ۋەھيىنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرئان بىلەن چەكلىنىدىغانلىقىنى ئوچۇق ھالدا كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

كِتَابٌ اُنْزِلَ اِلَيْكَ فَلَا يَكُنْ فِي صَدْرِكَ حَرَجٌ مِنْهُ لِتُنْذِرَ بِهٖ وَذِكْرٰى لِلْمُؤْمِنِينَ اِتَّبِعُوا مَٓا اُنْزِلَ اِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهٖٓ اَوْلِيَٓاءَ قَلِيلاً مَا تَذَكَّرُونَ

«(بۇ) كىتاب ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ۋە مۇئمىنلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا نازىل قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە شۈبھەڭ بولمىسۇن. رەببىڭلاردىن سىلەرگە نازىل قىلىنغانغا ئەگىشىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دوستلارغا ئەگەشمەڭلار. لېكىن ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىڭلار بۇ ۋەز ـ نەسىھەتكە قۇلاق سالىسىلەر» (ئەئراف سۈرىسى، 3 ـ 2 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت ئىككى نەرسىنى بىراقلا بۇيرىماقتا:

1. پەقەت قۇرئانغىلا ئەگىشىڭلار.

2. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىگە (يېتەكچى، دوستقا) ئەگەشمەڭلار.

بىز مۇئمىنلەر پەقەت قۇرئانغىلا ئەگىشىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىگە ئەگەشمەيدىغان بولساق (قۇرئان شۇنداق بۇيرۇماقتا)، ئۇنداقتا رەسۇلغىمۇ ئەگەشمەمدۇق؟ ھالبۇكى، نۇرغۇن ئايەتتە رەسۇلغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان. قۇرئان ئايەتلىرى ئارىسىدا زىتلىقنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى نەزەردە تۇتۇلغاندا، دېمەك رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئاننى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش (تەبلىغ قىلىش) تىن باشقا نەرسە ئەمەس. قۇرئاننى بىزگە رەسۇل ئېلىپ كەلگەن. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش، قۇرئانغا ئىتائەت قىلغانلىق؛ قۇرئانغا ئىتائەت قىلىش، رەسۇلغا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ.

دېمەك، ئېلىپ كەلگەن تەلىماتلار نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، رەسۇل ۋە قۇرئان تەڭداش مەنىدە بولۇپ، بۇنى بۇ شەكىلدە قوبۇل قىلمىغاندا ئۇنىلغان ئايەتتىكى رەسۇلغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان قۇرئاننىڭ، باشقا بىر ئايەتتە «پەقەت قۇرئانغا ئەگىشىڭلار، ئۇنىڭدىن باشقىغا ئەگەشمەڭلار» بۇيرۇقى سەۋەبىدىن قۇرئاندا زىتلىق پەيدا بولۇپ قالىدۇ. قۇرئاندا ھېچقانداق زىتلىقنىڭ يوقلىقىدا شەك يوق[1].

(1) بەقەرە سۈرىسى، 2؛ نىسا سۈرىسى، 82 ـ ئايەت

قۇرئاننىڭ رەسۇل بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى (رەسۇلنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئېلىپ كېلىشتىن باشقا بىر ۋەزىپىسىنىڭ يوقلۇقىنى) گىراماتىكىلىق جەھەتتىن كۆرسىتىپ بەرگەن ئايەت تۆۋەندىكىچە:

وَلَوْ اَنَّا اَهْلَكْنَاهُمْ بِعَذَابٍ مِنْ قَبْلِهٖ لَقَالُوا رَبَّنَا لَوْلَٓا اَرْسَلْتَ اِلَيْنَا رَسُولاً فَنَتَّبِعَ اٰيَاتِكَ مِنْ قَبْلِ اَنْ نَذِلَّ وَنَخْزٰى

«ئەگەر بىز بۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) بۇرۇن ئۇلارنى بىر ئازاب بىلەن ھالاك قىلغان بولساق، ئۇلار چوقۇم: ‹ئى رەببىم! بىزگە بىر رەسۇل ئەۋەتكەن بولساڭ، بىز بۇ خار ۋە رەسۋالىققا چۈشۈپ قېلىشتىن ئىلگىرى سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگەشكەن بولاتتۇق› دەيتتى» (تاھا سۈرىسى، 134-ئايەت).

بۇ ئايەت ئارقىلىق تۆۋەندىكى خۇسۇسلار روشەن ھالدا جاكارلانغان:

1. ئاللاھ رەسۇل ئەۋەتمەستىن بىر قوۋمنى ھالاك قىلمايدۇ.

2. ئەۋەتكەن رەسۇل ئارقىلىق ئايەتلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدۇ.

3. رەسۇل ئېلىپ كەلگەن ئايەتلەرگە ئەگەشكۈچىلەر رەسۇلغا ئەگەشكەن بولىدۇ (رەسۇلغا ئەگىشىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا يول يوق).

4. رەسۇلغا ئەگەشكەنلىك، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ.

بۇ ئايەتتە «بىر رەسۇل ئەۋەتكەن بولساڭ، بىز سەن ئەۋەتكەن رەسۇلغا ئەگەشكەن بولاتتۇق» دېگەن ئىپادە يەر ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. قۇرئاندا رەسۇلغا ئەگىششكە بۇيرۇغان ئونلىغان ئايەت بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق زىتلىق كۆرۈلمەيتتى. لېكىن بۇنداق بولغاندا بەزىلەر مۇنداق قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈشى مۇمكىن ئىدى: «رەسۇلغا ئەگىشىش، پەقەت ئېلىپ كەلگەن ئايەتلەرگىلا ئەگىششنى كۆرسەتمەيدۇ. رەسۇلنىڭ قۇرئان سىرتىدا ئالغان ۋەھىيگە، يەنى ھەدىسلەرگىمۇ ئەگىشىش كېرەك».

ئالدىنقى پاراگرافلاردا كۆرۈپ ئۆتكەن «ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش»قا بۇيرۇغان ئونلارچە ئايەت، ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىنى ئەلۋەتتە رەت قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئايەتتىكى «بىر رەسۇل ئەۋەتكەن بولساڭ، سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگەشكەن بولساق...» جۈملىسى (ئۇلارنىڭ زورلاپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ قارىشىغا قارىتا) پۈتۈن يوللارنى ئېتىپ تاشلايدۇ. ئايەتتە رەسۇلغا ئەگىشىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن ئايەتلەرگە ئەگىشىش ئىكەنلىكى روشەن ھالدا بايان قىلىنىدۇ. ئۇنداقتا رەسۇلغا (رەسۇلنىڭ سۈننىتىگە)

ئەگىشىش ئۈچۈن ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن ئايەتلەرگە ئەگىشىشتىن باشقا يول يوق (بۇ ھەقتە كېيىنكى پاراگرافلاردا تېخىمۇ تەپسىلىي توختىلىمىز).

كىتابقا ئەگىشىشنىڭ رەسۇلغا ئەگىشىش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان يەنە بىر ئايەت تۆۋەندىكىچە:

**وَمَا كَانَ رَبُّكَ مُهْلِكَ الْقُرٰى حَتّٰى يَبْعَثَ فٖٓي اُمِّهَا رَسُولاً يَتْلُوا عَلَيْهِمْ اٰيَاتِنَاۚ وَمَا كُنَّا مُهْلِكِي الْقُرٰٓى اِلَّا وَاَهْلُهَا ظَالِمُونَ**

«رەببىڭ، شەھەرلەرنىڭ مەركىزىگە ئاھالىسىگە ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىدىغان بىر رەسۇل ئەۋەتمەستىن، ئۇ ئەلنى ھالاك قىلمايدۇ. بىز پەقەت ئاھالىسى زالىم بولغان مەملىكەتلەرنىلا ھالاك قىلدۇق» (قەسەس سۈرىسى، 59 ـ ئايەت).

ئاللاھ بۇ ئايەتتە، ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېرىدىغان (تەبلىغ قىلىدىغان) بىر رەسۇل ئەۋەتىلمىگەن مەملىكەتنىڭ خەلقىنى ھالاك قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. يەنى، پەقەت ئايەتلەرنى تەبلىغ قىلغان بىر رەسۇلدىن كېيىن جاۋابكارلىق باشلىنىدۇ. ئۇ رەسۇلغا ئىمان ئېيتمىسا (رەسۇلغا، يەنى كىتابقا ئەگەشمىسە) ئازابقا دۇچار بولىدۇ. بۇ رىئاللىقنى بىلدۈرگەن باشقا ئايەتلەرمۇ بار[1].

دېمەك، بىزگە مەسئۇلىيەت ئارتقان ئامىل رەسۇل ئېلىپ كەلگەن كىتاب بولۇپ، ئەگىشىشكە تېگىشلىك (رىئايە قىلىش پەرز) بولغان بۇ كىتابتۇر (قۇرئاندۇر). ئاللاھ تائالا پەقەت بىز مۇئمىنلەرگىلا ئەمەس، رەسۇلغىمۇ قۇرئاننى پەرز قىلغان ۋە پەقەت قۇرئانغىلا ئەگىشىشكە (باشقا نەرسىلەر بىلەن ئاۋارە بولماسلىققا) بۇيرۇغان. رەسۇلۇللاھنىڭمۇ قۇرئان ئايەتلىرىدىن باشقا شەيئىلەر بىلەن ئاۋارە بولۇشىنى مەنئى قىلغان (بۇ بۇيرۇق رەسۇل ئۈلگە قىلىنىش ئارقىلىق ھەممىمىزگە بۇيرۇلغان):

**اِنَّ الَّذٖي فَرَضَ عَلَيْكَ الْقُرْاٰنَ لَرَٓادُّكَ اِلٰى مَعَادٍ**

«قۇرئاننى ساڭا پەرز قىلغان ئاللاھ، ئەلۋەتتە سېنى (يەنە) قايتىشقا تېگىشلىك جايغا قايتۇرىدۇ...» (قەسەس سۈرىسى، 85 ـ ئايەت).

**وَلَا يَصُدُّنَّكَ عَنْ اٰيَاتِ اللّٰهِ بَعْدَ اِذْ اُنْزِلَتْ اِلَيْكَ وَادْعُ اِلٰى رَبِّكَ وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ الْمُشْرِكٖينَۚ**

«ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ساڭا نازىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار سېنى بۇ

(1) ئىسرا سۈرىسى، 15؛ شۇئەرا سۈرىسى، 208 ـ ئايەت

ئايەتلەردىن توسۇپ قويمىسۇن (باشقا نەرسىلەر بىلەن ئاۋارە بولما). سەن (بۇ ئايەتلەر بىلەن) رەببىڭگە دەۋەت قىل ۋە مۇشرىكلاردىن بولمىغىن» (قەسەس سۈرىسى، 87 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن ئاۋارە بولما» دېيىلمەكتە ۋە ئايەتنىڭ ئاخىرىدا رەسۇلۇللاھقا «مۇشرىكلاردىن بولۇپ قالما» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلمەكتە. نېمە ئۈچۈن؟ دېمەك، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن ئاۋارە بولۇش شېرىك خەۋپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ، بۇلار دىن نامىدىن بولۇپ قالسا (ياكى شۇنداق دەپ قارالغان ۋاقىتتا) تېخىمۇ خەتەرلىك.

## ئەگىشىشكە بولمايدىغانلار

مۇتلەق رەۋىشتە قۇرئانغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن باشقا، قۇرئاندا ئەگىشىشنىڭ باشقا تۈرلىرىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئىماندا ئەگەشكۈچى ئەۋلادلار»[1] ۋە ئىبىر كۆنلەردە «مۇھاجىر، ئەنسار ۋە نەبىگە ياردەم قىلىش (سىياسىي جەھەتتىن ئەگىشىش)، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش»[2] مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىجابىي ئەگىشىش تۈرلىرىدىن باشقا يەنە، قۇرئان ھەزەر ئەيلەش زۆرۈر بولغان ئەگىشىش تۈرلىرىنىمۇ بىلدۈرگەن. ئەگىشىشكە بولمايدىغان بۇ يوللار (سەلبىي ئەگىشىش تۈرلىرى) تۆۋەندىكىچە:

1. قۇرئاندىن غەيرىيگە ئەگىشىش[3].
2. مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقا يولغا ئەگىشىش[4].
3. سىراتى مۇستەقىمدىن باشقا يولغا ئەگىشىش[5].
4. ئەجدادلارنىڭ يولىغا ئەگىشىش[6].

---

(1) تۇر سۈرىسى، 21 ـ ئايەت

(2) ئەنفال سۈرىسى، 64؛ تەۋبە سۈرىسى، 100، 117 ـ ئايەت

(3) ئەئراف سۈرىسى، 3 ـ ئايەت

(4) نىسا سۈرىسى، 115 ـ ئايەت

(5) ئەنئام سۈرىسى، 153 ـ ئايەت

(6) بەقەرە سۈرىسى، 170 ـ ئايەت

5. زان (گۇمان، پەرەز)غا، شەھۋەتكە، نەپسى - خاھىشقا ئەگىشىش[1].

6. مەنپەئەت ئۈچۈن ئەگىشىش[2].

7. شەيتاننىڭ يولىغا ئەگىشىش[3].

خۇلاسە، قۇرئانغا ئەگىشىش كېرەك.

يۇقىرىدىكىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇرئان رەسۇلغا ئەگىشىشنى بىۋاستە ھالدا «رەسۇلغا ئەگىشىڭلار» دەپ بىلدۈرگەندەك، «قۇرئان»غا، «ۋەھيي»گە، «سىراتى مۇستەقىم»گە[4] ئەگىشىڭلار دېگەن شەكىلدىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەگىشىش تەلەپ قىلىنغان «رەسۇل، قۇرئان، ۋەھيي ۋە سىراتى مۇستەقىم» كەلىمىلىرىنىڭ ئوخشاش بىر شەيئىنىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقىنى ۋە بۇلارنىڭ قۇرئان ئارقىلىق ۋەكىللىك قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك «ھەنىف ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلەر»[5] ھەققىدە توختالغان ئايەتمۇ ئوخشاش خۇسۇسنى ئىشارەت قىلىدۇ.

ئۇنداقتا ئىتائەت ۋە ئەگىشىشكە بۇيرۇغان قۇرئان ئايەتلىرى ئارقىلىق دېيىلمەكچى بولغان تەلىماتنى مۇنداق شەكىلدە خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان بارلىق ئايەتلەردىكى بۇ بۇيرۇق «ئاللاھقا ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

«پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىش» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بارلىق ئايەتلەرنىڭ ئەسلى تېكىستىدە «رەسۇل» كەلىمىسى ئىشلىتىلگەن. يەنى، ھەم ئىتائەت قىلىش، ھەم ئەگىشىش رەسۇلغا قارىتىلغان.

ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان بارلىق ئايەتلەردە مۇتلەق ھالدا رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقىمۇ بۇيرۇلغان. بۇنىڭ ھېچقانداق مۇستەسناسى يوق. ئەمما رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەردە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش تىلغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى رەسۇل ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى ئادا قىلىدۇ.

---

(1) نىسا سۈرىسى، 157؛ ئەنئام سۈرىسى، 116؛ يۇنۇس سۈرىسى، 66؛ نەجم سۈرىسى، 23؛ نىسا سۈرىسى، 27؛ مەريەم سۈرىسى، 59؛ بەقەرە سۈرىسى، 120، 145؛ مائىدە سۈرىسى، 48، 49؛ قەسەس سۈرىسى، 50؛ رۇم سۈرىسى، 29؛ مۇھەممەد سۈرىسى، 14، 16؛ قەمەر سۈرىسى، 3-ئايەت

(2) فەتھ سۈرىسى، 15-ئايەت

(3) بەقەرە سۈرىسى، 208؛ نۇر سۈرىسى، 21-ئايەت

(4) ئەنئام سۈرىسى، 153-ئايەت

(5) نىسا سۈرىسى، 125-ئايەت

قۇرئانــدا ئاللاھقــا ئەگىشىشــكە بۇيرۇغــان ھېچقانــداق ئايــەت يــوق. چۈنكــى ئاللاھ ئەگەشكىلى بولىدىغان مەۋجۇدىيەت ئەمەس. لېكىن ئاللاھقا (ئەلچىسىگە ئەگىشىش ئارقىلىق) ئىتائەت قىلغىلى بولىدۇ.

قۇرئانــدا رەســۇلغا، قۇرئانغــا، ۋەھيىگــە ئەگىشىشــكە بۇيرۇلغــان. بۇلارنىــڭ ھەممىســى قۇرئانغــا ۋەكىلللىــك قىلىــدۇ.

1. قۇرئانــدا نەبىگــە شەرتسىــز ئىتائــەت قىلىــش ۋە ئەگىشىشــكە بۇيرۇيدىغــان ھېچقانــدا ئايــەت يــوق.

2. قۇرئاندا نەبىنى ئۆلگە قىلىپ كۆرسەتكەن بىرمۇ ئايەت يوق.

3. ئىتائــەت قىلىنىدىغــان ۋە ئۆلگــە ئېلىنىدىغــان ئوبيېكــت (نەبــى ئەمــەس) رەســۇلدۇر.

يۇقىرىدىكىلەرنىــڭ ھەممىســى ئاللاھقــا ئىتائــەت قىلىشــنىڭ پەقــەت قۇرئانغــا ئەگىشــىش ئارقىلىــق مۇمكىــن بولىدىغانلىقىنــى كۆرســىتىدۇ. يەنــى، قۇرئــان ئاللاھقــا قانــداق ئىتائــەت قىلىنىدىغانلىقىنــى، ئىتائــەت ۋە ئەگىشــىش ئۇقۇملىــرى ئارقىلىــق سىســتېمىلىق ھالــدا مۇنــداق جاۋابلىماقتــا:

قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاساسلىق بۇيرۇقى نېمە؟ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش.

ئاللاھقا قانداق ئىتائەت قىلىنىدۇ؟ رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق.

رەســۇلغا ئىتائــەت قىلىــش قانــداق ئەمەلگــە ئاشــۇرۇلىدۇ؟ ئېلىــپ كەلگــەن ئايەتلەرگــە (قۇرئانغــا) ئەگىشــىش ئارقىلىــق.

دېمەك، قۇرئانغا ئەگىشىش، رەسۇلغا ئەگىشىش ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش دېگەنلىكتــۇر. رەســۇلغا ئىتائــەت قىلىــش بولســا ئاللاھقــا ئىتائــەت قىلىشــتۇر. قىسقىسى، «قۇرئانغــا ئەگىشــىش = ئاللاھقــا ئىتائــەت قىلىشــتۇر»، ۋەسســالام.

مانــا بــۇ سەۋەبتىن قۇرئانــدا «پەقــەت قۇرئانغــا ئەگىشىڭلار، ئۇنىڭدىــن باشقا نەرسىگە ئەگەشمەڭلار» دېيىلگــەن:

**كِتَابٌ اُنْزِلَ اِلَيْكَ فَلَا يَكُنْ فٖي صَدْرِكَ حَرَجٌ مِنْهُ لِتُنْذِرَ بِهٖ وَذِكْرٰى لِلْمُؤْمِنٖينَ اِتَّبِعُوا مَٓا اُنْزِلَ اِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهٖٓ اَوْلِيَٓاءَۜ قَلٖيلاً مَا تَذَكَّرُونَ**

«(بــۇ) كىتــاب ئاگاھلاندۇرۇشــۇڭ ۋە مۇئمىنلەرگــە ۋەز ـ نەســىھەت قىلىشــىڭ ئۈچۈن ساڭا نازىــل قىلىنــدى. بۇنىڭدىــن كېيىــن بــۇ ھەقتــە شۈبھەڭ بولمىسۇن.

رەببىڭلاردىن سىلەرگە نازىل قىلىنغانغا ئەگىشىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دوستلارغا ئەگەشمەڭلار. لېكىن ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىڭلار بۇ ۋەز ـ نەسىھەتكە قۇلاق سالىسىلەر» (ئەئراف سۈرىسى، 3 ـ 2 ـ ئايەت).

بىزدىن پەقەت ۋە پەقەت قۇرئانغا ئەگىشىش تەلەپ قىلىنماقتا. ئايەتنىڭ ئالدىنقى قىسمى پەقەت قۇرئانغا ئەگىشىش كېرەكلىكىنى ئوچۇق ھالدا بىلدۈرمەكتە. ئاڭقىرىش ئۈچۈن بۇ بۇيرۇق يېتەرلىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ يەنە ئايەتنىڭ داۋامىدا «ئۇنىڭدىن باشقا يېتەكچىگە ئەگىشىپ قالغۇچى بولماڭلار» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى بۇيرۇق ئورۇن ئالغان. ئايەتنىڭ ئاخىرىدا بولسا «ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىڭلار بۇ نەسىھەتكە قۇلاق سالىسىلەر» دېيىلمەكتە. شۇنداق، رېئاللىق شۇنى كۆرسەتتىكى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتى ئىچىدە بۇ نەسىھەتكە قۇلاق سالغانلىرىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاز. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ ئۆزىنى نائۈمىد قويىدىغان بۇ ئۈممىتىنى ئاخىرەتتە ئاللاھقا شىكايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**وَقَالَ الرَّسُولُ يَا رَبِّ اِنَّ قَوْمِي اتَّخَذُوا هٰذَا الْقُرْاٰنَ مَهْجُوراً**

«(ئۇ كۈندە) رەسۇل: ‹ئى رەببىم! ئۈممىتىم بۇ قۇرئاننى تەرك قىلدى› دەيدۇ» (فۇرقان سۈرىسى، 30 ـ ئايەت).

رەسۇل نېمە ئۈچۈن «ئى رەببىم، ئۈممىتىم سۈننىتىمنى تەرك قىلدى» دېمەي، «قۇرئاننى تەرك قىلدى» دەيدۇ؟ رەسۇلنىڭ سۈننىتىنى قۇرئاندىن باشقا يەردە ئىزدىگۈچىلەر بۇ سوئال ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك. رەسۇلنىڭ سۈننىتى قۇرئاننىڭ سىرتىدا بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ رەسۇلنىڭ سۈننىتى قۇرئاندىن باشقا نەرسە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ رەسۇلنىڭ قۇرئاننى تەبلىغ قىلىش ۋە ياشاشتىن باشقا كۈرىشى بولغانمۇ؟

شۇ ئېنىقكى، قۇرئانغا ئەگەشكۈچى رەسۇلنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشكەن ۋە بۇ ئارقىلىق رەسۇلغا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش مانا بۇ. رەسۇلغا ئىتائەت قىلغۇچى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، قۇرئاننى تەرك قىلغۇچى رەسۇلنىڭ سۈننىتىنى ۋە ئاللاھنى تەرك قىلغان بولىدۇ.

رەببىم! سەن بىزنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئاخىرەتتە ساڭا شىكايەت قىلىدىغان كىشىلەر قاتارىدىن قىلمىغايسەن. سەن بىزنى پەقەت قۇرئانغىلا ئەگەشكۈچىلەر

قاتارىدىن ئەيلىگىن. ئى رەببىم! سەن بىزنى رەسۇلىڭ سەندىن ئالغان ھەدىسلىرى بولغان قۇرئانغا ئەگەشكۈچىلەر قاتارىدىن قىلغىن! (ئامىن!).

## قۇرئانغا ئەگەشكەنلىك رەسۇلغا ئەگەشكەنلىكتۇر

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەر ۋە بېرىلگەن چۈشەندۈرۈشلەر رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن قۇرئانغا ئەگىشىش كېرەكلىكىنى، يەنى قۇرئانغا ئەگىششىنىڭ رەسۇلغا ئىتائەت قىلغانلىق ۋە ئەگەشكەنلىك بولىدىغانلىقىنى روشەن ۋە ئوچۇق ھالدا كۆرسىتىپ بەردى. شۇنداقتىمۇ تۆۋەندىكى ئىككى ئايەتنى بۇ ماۋزۇ ئاستىدا قايتا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق:

**وَلَوْ اَنَّٓا اَهْلَكْنَاهُمْ بِعَذَابٍ مِنْ قَبْلِهٖ لَقَالُوا رَبَّنَا لَوْلَٓا اَرْسَلْتَ اِلَيْنَا رَسُولاً فَنَتَّبِعَ اٰيَاتِكَ مِنْ قَبْلِ اَنْ نَذِلَّ وَنَخْزٰى**

«ئەگەر بىز بۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) بۇرۇن ئۇلارنى بىر ئازاب بىلەن ھالاك قىلغان بولساق، ئۇلار چوقۇم: ‹ئى رەببىم! بىزگە بىر رەسۇل ئەۋەتكەن بولساڭ، بىز بۇ خارلىق ۋە رەسۋالىقا چۈشۈپ قېلىشتىن ئىلگىرى سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگەشكەن بولاتتۇق› دەيتتى» (تاھا سۈرىسى، 134 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئەگىشىش» ئىبارىسى، «رەسۇلغا ئەگىشىش» ئىپادىسى بىلەن مەنىداشتۇر. بۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىغان يەنە بىر ئايەت تۆۋەندىكىچە:

**يَٓا اَهْلَ الْكِتَابِ قَدْ جَٓاءَكُمْ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمْ كَثٖيراً مِمَّا كُنْتُمْ تُخْفُونَ مِنَ الْكِتَابِ وَيَعْفُوا عَنْ كَثٖيرٍ قَدْ جَٓاءَكُمْ مِنَ اللّٰهِ نُورٌ وَكِتَابٌ مُبٖينٌۙ**

«ئى ئەھلى كىتاب! سىلەرگە رەسۇلىمىز كەلدى. سىلەر كىتابتىن يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، نۇرغۇنىدىن ۋاز كەچكەن (ئەپۇ قىلغان)، سىلەرگە ئاللاھتىن نۇر ۋە روشەن كىتاب كەلدى» (مائىدە سۈرىسى، 15 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتىكى «سىلەرگە ئاللاھتىن نۇر ۋە روشەن كىتاب كەلدى» جۈملىسى «سىلەرگە رەسۇلىمىز كەلدى» ئىپادىسى بىلەن ئوخشاش مەنىدە (بىر ـ بىرىنى تەپسىر ماھىيىتىدە) ئىشلىتىلگەن. يەنى، «كەلگەن رەسۇل» بىلەن «ئاللاھتىن كەلگەن كىتابى مۇبىن» ئوخشاشتۇر. چۈنكى رەسۇل ئۇ كىتابى مۇبىننى ئېلىپ

كەلگۈچىدۇر. ئۇ كىتاب باشتىن ئاخىرىغىچە (باشقا بىرسىنىڭ ئەمەس) ئۇ رەسۇلنىڭ بايانىدۇر[1].

رەسۇلغا ئەگىشىشنىڭ ئايەتلەرگە ئەگىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن بىرسى تۆۋەندىكى ئايەتتۇر:

**وَكَذٰلِكَ جَعَلْنَاكُمْ اُمَّةً وَسَطاً لِتَكُونُوا شُهَدَٓاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهٖيداًۜ وَمَا جَعَلْنَا الْقِبْلَةَ الَّتٖي كُنْتَ عَلَيْهَٓا اِلَّا لِنَعْلَمَ مَنْ يَتَّبِعُ الرَّسُولَ مِمَّنْ يَنْقَلِبُ عَلٰى عَقِبَيْهِۜ**

«شۇنىڭدەك بىز سىلەرنى رەسۇل سىلەرگە شاھىت بولسۇن، سىلەرنىمۇ كىشىلەرگە شاھىت بولسۇن دەپ ئوتتۇرھال (ۋاسات) ئۈممەت قىلدۇق. (بىز) رەسۇلغا ئەگەشكەنلەر بىلەن يېنىۋالغانلارنى ئايرىۋېلىش ئۈچۈن ئىلگىرى سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان كەبىنى قىبلە قىلدۇق...» (بەقەرە سۈرىسى، 143ـ ئايەت).

ئايەتتە ئاللاھ تائالا «رەسۇلغا ئەگەشكۈچىلەر بىلەن ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى ئايرىپ چىقىش ئۈچۈن كەبىنى قىبلە قىلدۇق» دەيدۇ ۋە بۇ مەقسەتتە كېيىنكى ئايەتتە «بۇنىڭدىن كېيىن يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەمگە قىلىڭلار»[2] دەپ بۇيرۇغان. بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلىپ كەبىگە يۈز كەلتۈرگەنلەر رەسۇلغان ئەگەشكەن بولىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق رەسۇلغا ئەگەشكۈچىلەر بىلەن ئەگەشمىگەنلەر ئايرىپ چىقىلغان. رەببىمىز رەسۇلغا ئەگەشكۈچىلەر بىلەن ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. لېكىن بۇنى بۇ شەكىلدە كىشىلەرگە كۆرسىتىپ بەرگەن. چۈنكى ئايەتنىڭ بېشىدىكى «سىلەرنىڭمۇ كىشىلەرگە شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن...» جۈملىسى بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ. دېمەك، رەسۇلغا ئەگەشكەنلەر بىلەن ئەگەشمىگەنلەرنى بىزمۇ ئايرىپ چىقالايمىز ۋە بۇنىڭغا شاھىت بولالايمىز. لېكىن بۇنى ھەدىسلەر ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى قۇرئان ئايەتلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بارىمىز.

فۇرقان سۈرىسى 27ـ30ـ ئايەتلىرىمۇ رەسۇلغا ئەگىشىشنىڭ قۇرئانغا ئەگىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ:

«ئۇ كۈندە زالىم كىشى بارماقلىرىنى چىشلىگەن ھالدا: ‹ئىسىت! ئۇ رەسۇلنىڭ يولىنى تۇتقان بولسامچۇ؟ ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟

(1) نەھل سۈرىسى، 44، 64ـ ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 144ـ ئايەت

چۈنكى زىكىر (قۇرئان) ماڭا يەتكەن بولسىمۇ، مېنى ئۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) ئازدۇرۇۋەتتى. شەيتان كىشىنى (مانا مۇشۇنداق) رەسۋا قىلىدۇ›.

رەسۇل: ‹ئى رەببىم! (دېمەككى) مېنىڭ بۇ ئۈممىتىم، بۇ قۇرئاننى تەرك قىلدى (قىلىپتۇ)› دەيدۇ» (فۇرقان سۈرىسى، 30 ـ27 ـ ئايەتلەر).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە، رەسۇلنىڭ يولىنى تەرك قىلغۇچىلار بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاخىرەتتە ئېتىراپ قىلىپ: «دوست دەپ بىلگەن پالانچى كىشى بىزنى قۇرئاندىن يىراقلاشتۇردى ۋە بىز بۇ سەۋەبتىن رەسۇلنىڭ يولىنى تەرك قىلدۇق. ئىسىت! ئۇ يولنى تەرك قىلمىغان بولساقچۇ؟ رەسۇلنىڭ يولىدىن ماڭغان بولساقچۇ؟...» دەيدۇ ۋە ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى، رەسۇلنىڭ يولىدىن ئېزىپ كەتكەن بۇ كىشىلەرنى رەسۇل قۇرئاننى تەرك ئەتكەنلىك بىلەن ئەيىبلەيدۇ. يەنى، رەسۇل يولنى (سۈننەتنى) تەرك قىلغۇچىلار ھەققىدە «قۇرئاننى تەرك قىلغۇچىلار» دەيدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى رەسۇلغا ئەگىشىشنىڭ قۇرئانغا ئەگىشىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى، رەسۇلنىڭ سۈننىتىنىڭ قۇرئاندىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن يېتەرلىك بولمىسا، بۇ مەسىلىنى بۇنىڭدىن باشقا قايسى شەكىلدە چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ؟

# ئىككىنچى باب

# قۇرئان تونۇشتۇرغان ئىنسان
# نەبى - رەسۇل

## قۇرئاندا رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى

قۇرئـان رەسـۇلنىڭ ۋەزىپىسـىنىڭ تەبلىـغ قىلىـش ئىكەنلىكىنـى ئوچـۇق ھالـدا بىلدۈرمەكتـە. قۇرئانغـا ئاساسـەن رەسـۇلنىڭ قۇرئاننـى چۈشـەندۈرۈش (تەپسـىر قىلىـش) ۋەزىپىسـى ياكـى ھوقۇقـى يـوق. بـۇ (قۇرئاننـى چۈشـەندۈرۈش، تەپسـىر قىلىـش) ئاللاھقـا خـاس بولغـان ھوقۇقتـۇر. پەقـەت ئاللاھقـا خـاس بولغـان بـۇ ھوقۇقنـى ئاللاھتـىن غەيرىيگـە ئۆتكـۈزۈپ بەرگىلـى بولمايـدۇ.

رەسـۇلنىڭ ۋەزىپىلىرىنـى (رەسـۇلنىڭ تەبلىـغ ۋەزىپىسـىنى قانـداق ئـادا قىلىدىغانلىقىنى) بىلدۈرىدىغـان قۇرئـان ئايەتلىرىنـى تۆۋەندىكىـدەك بىـر قانچە تۈرگە ئايرىغىلـى بولىـدۇ:

1. رەسـۇلنىڭ ۋەزىپىسـىنىڭ پەقـەت تەبلىـغ قىلىـش ئىكەنلىكىنـى بىلدۈرگـەن ئايەتلـەر.

2. رەسۇلنىڭ كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئۆگەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەر.

3. رەسۇلنىڭ بايان ۋەزىپىسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەر.

رەسـۇلنىڭ ۋەزىپىلىرىنـى بىلدۈرگـەن ئايەتلـەر يۇقىرىدىكـى ئـۈچ تېمـا ئاستىدا مۇھاكىمـە قىلىنىـدۇ. لېكىـن بـۇ ئايەتلەرنـى مۇھاكىمـە قىلىشـتىن بـۇرۇن، بـۇ ئايەتلـەر ھەققىـدە توغـرا چۈشـەنچىگە ئىگـە بولۇشـىمىز ئۈچـۈن، قۇرئانىنـىڭ ئاساسلىق باياناتلىرىدىـن بىرسـى (قۇرئاننـى چۈشىنىشـنىڭ ئاساسلىق پىرىنسـىپى) بولغـان تۆۋەندىكـى ئايـەت ئۈسـتىدە توختۇلۇشـقا توغـرا كېلىـدۇ:

الٓرٰ كِتَابٌ اُحْكِمَتْ اٰيَاتُهُ ثُمَّ فُصِّلَتْ مِنْ لَدُنْ حَكِيمٍ خَبِيرٍۙ اَلَّا تَعْبُدُٓوا اِلَّا اللّٰهَۜ اِنَّن۪ي لَكُمْ مِنْهُ نَذ۪يرٌ وَبَش۪يرٌۙ

«ئەلىـف لام را. بـۇ، ئايەتلىـرى مۇھكـەم قىلىنغـان، ئانـدىن ھـەر نەرسـىدىن خـەۋەردار ۋە ھېكمـەت ساھىبى (ئاللاھ) تەرىپىدىـن ئايەتلىـرى تەپسـىلىي ھالـدا چۈشـەندۈرۈلگەن كىتابتـۇر. ئاللاھتـىن غەيرىيگـە بەندىچىلىـك قىلمىسـۇن دەپ (شـۇنداق قىلىنـدى).

مـەن ئـۇ (ئاللاھ) تەرىپىدىـن سىلەرگە ئەۋەتىلگـەن خۇشـخەۋەر بەرگۈچـى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇرمـەن» (ھـۇد سۈرىسـى، 2-1-ئايەتلـەر).

بۇ ئايەتلەر، خىتابنامە خاراكتېرىدىكى تۆۋەندىكى قۇرئانى پرىنسىپلارنى جاكارلىماقتا:

1. قۇرئان، ئايەتلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن مۇھكەم قىلىنغان (ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەر ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن) كىتابتۇر.

2. قۇرئان ئايەتلىرى، ئاللاھ تەرىپىدىن تەپسىلىي ھالدا چۈشەندۈرۈلگەن. بولۇپمۇ ھېچقانداق ئىزاھاتقا ھاجەت بولمايدىغان شەكىلدە تەپسىلىي ئىزاھلانغان.

3. قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بۇ شەكىلدە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلۈشى، ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولۇپ، قۇرئاننى ئىزاھلاشقا ئۇرۇنغانلار مەبۇد (چوقۇنۇلىدىغان، چوڭ بىلىنىدىغان) بولۇپ قالىدۇ.

4. بۇ سەۋەبتىن نەبى - رەسۇلدىن تارتىپ ئاللاھتىن غەيرى ھېچكىمنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىزاھلاش ھوقۇقى يوق.

5. رەسۇل، ئاللاھتىن ئالغان ئايەتلەرنى تەبلىغ قىلىپ، مۇئمىنلەرگە خۇشخەۋەر، كاپىرلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بۇنىڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بۇ ئايەتلەر قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلگەنلىكىنى، رەسۇلنىڭ ئىزاھلاش ھوقۇقىنىڭ ياكى مۇنداق ۋەزىپىسىنىڭ يوقلىقىنى، رەسۇلنىڭمۇ بۇنداق ھوقۇقىنىڭ يوقلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ قۇرئاننى ئىزاھلاش ھوقۇقىنىڭ يوقلىقىنى بىلدۈرمەكتە. قۇرئان ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم تەرىپىدىن ئىزاھلانماسلىقى كېرەك. چۈشىنىش يولىدا ئىزدىنىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ھەرقانداق كىشى ئاللاھ قىلغان تەپسىرنى چۈشىنەلەيدۇ.

ئەمدى رەسۇلنىڭ ۋەزىپىلىرىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەرنى (بۇ ئاساسلىق پرىنسىپنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ) مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتەيلى.

## 1. رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەر

وَمَا عَلَى الرَّسُولِ إِلَّا الْبَلَاغُ الْمُبِينُ

«رەسۇلنىڭ پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار» (نۇر سۈرىسى، 54-ئايەت).

وَمَا عَلَى الرَّسُولِ إِلَّا الْبَلَاغُ الْمُبِينُ

رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىشتۇر (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 18-ئايەت).

فَهَلْ عَلَى الرُّسُلِ إِلَّا الْبَلَاغُ الْمُبِينُ

رەسۇللارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىشتۇر (نەھل سۈرىسى، 35-ئايەت).

فَإِنَّمَا عَلَيْكَ الْبَلَاغُ وَاللَّهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ

«... ئەگەر يۈز ئۆرۈسە، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (ئالئىمران سۈرىسى، 20-ئايەت).

ۋەزىپىسى پەقەت ئاللاھنىڭ تەلىماتلىرىنى يەتكۈزۈش، يەنى ئۇنىڭ ئەلچىلىكىنى ئادا قىلىش بولغان رەسۇلنىڭ (بۇ سەۋەبتىن) ھېچقانداق زىيان ياكى پايدا يەتكۈزۈش كۈچى يوق.

قُلْ اِنَّمَا اَدْعُوا رَبِّي وَلَآ اُشْرِكُ بِهِ اَحَداً قُلْ إِنِّي لَا أَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلَا رَشَدًا قُلْ إِنِّي لَنْ يُجِيرَنِي مِنَ اللَّهِ أَحَدٌ وَلَنْ أَجِدَ مِنْ دُونِهِ مُلْتَحَدًا إِلَّا بَلَاغًا مِنَ اللَّهِ وَرِسَالَاتِهِ

«ئېيتقىنكى: مەن پەقەت رەببىمگە يېلىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك قىلمايمەن».

«ئېيتقىنكى: مەن سىلەرگە پايدا - زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر ئەمەسمەن».

«ئېيتقىنكى: مېنى ئاللاھقا قارشى ھېچكىم قوغدىيالمايدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچ باشپاناھ تاپالمايمەن. مېنىڭ قىلغىنىم پەقەت (سىلەرگە) ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈش، ئۇنىڭ ئەۋەتكەنلىرىنى تەبلىغ قىلىشتۇر» (جىن سۈرىسى، 20-22-ئايەتلەر).

بۇ ئايەتلەردە رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ «إِلَّ (پەقەت)» مۇستەسنا قوشۇمچىسى ۋە ياكى «إِنَّمَا (پەقەت)» قاراتما قوشۇمچىسى بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلىشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ «رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت ۋە پەقەت قۇرئاننى تەبلىغ قىلىشتۇر. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ۋەزىپىسى يوق» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ

سەۋەبتىن رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن باشقا ئايەتلەرنى، بۇ ئايەتنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ چۈشىنىش كېرەك. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەسۇل قىلغان (بايان قىلىش ۋەزىپىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ماھىيەتتە تەبلىغ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلگەنلىكىنى (باشقىلار تەرىپىدىن ئىزاھلىنىشقا بولمايدىغانلىقىنى) بىلدۈرگەن ھۇد سۈرىسى 1- ۋە 2-ئايەتلەر ۋە رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەرگە قارىماستىن، قانداقمۇ رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قۇرئاننى ئىزاھلاش ۋەزىپىسىنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؟ رەسۇل قۇرئاننى تەبلىغ قىلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسى تاماملانغان بولىدۇ.

يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ وَإِنْ لَمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُ وَاللَّهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ

«ئى رەسۇل! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان (قۇرئان)نى تەبلىغ قىل (يەتكۈز). ئەگەر بۇنى ئادا قىلمىساڭ، ئۇنىڭ (ئاللاھنىڭ) رىسالىتىنى تەبلىغ (رەسۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئادا) قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى (بۇ ۋەزىپە ئۈچۈن) كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» (مائىدە سۈرىسى، 67-ئايەت).

دېمەك، رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزىگە نازىل قىلىنغان قۇرئاننى تەبلىغ قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) بۇ ۋەزىپىسىنى قۇرئاننى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئادا قىلدى. چۈنكى قۇرئان ئۇنىڭغا بۇ مەقسەتتە (يېتىپ بارغان ھەرقانداق كىشىنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە مۇئمىنلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن) نازىل قىلىنغان.

وَأُوحِيَ إِلَيَّ هَٰذَا الْقُرْآنُ لِأُنْذِرَكُمْ بِهِ وَمَنْ بَلَغَ

«بۇ قۇرئان ماڭا ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنى ۋە ئۇ يېتىپ بارغان بارلىق كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم ئۈچۈن ۋەھيي قىلىندى» (ئەنئام سۈرىسى، 19-ئايەت).

كِتَابٌ أُنْزِلَ إِلَيْكَ فَلَا يَكُنْ فِي صَدْرِكَ حَرَجٌ مِنْهُ لِتُنْذِرَ بِهِ وَذِكْرَىٰ لِلْمُؤْمِنِينَ

«(بۇ) كىتاب ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ۋە مۇئمىنلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىشىڭ

ئۇچۇن ساڭا نازىل قىلىندى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە شۇبھەڭ بولمىسۇن» (ئەئراف سۈرىسى، 2-ئايەت).

قۇرئان، رەسۇلۇللاھقا نازىل قىلىنغان ۋە ئۇ تەبلىغ قىلغان ھالىتى بىلەن بىزگە (ئۆز پېتى) يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەتتۇر. بۇ رىئاللىق رەسۇلۇللاھنىڭ تەبلىغ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتىدۇر. ئۇ تەبلىغ قىلغان تەلىماتلارنىڭ پەقەت قۇرئان بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقى (مەسىلەن: ھەدىسلەرنىڭمۇ بۇ دائىرىگە كىرىدىغانلىقى ۋە بۇ سەۋەبتىن ھەدىسلەرنىڭمۇ ھۆكۈم كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكى)نى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى رىسالەت ۋەزىپىسى ئۇچۇن ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان مەسئۇلىيەت پەقەت قۇرئاننىلا تەبلىغ قىلىشتىن ئىبارەت. قۇرئان ئۇنىڭغا بۇ مەقسەتتە (تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن) نازىل قىلىنغان[1]. يەنى تەبلىغ قىلىش مەقسەتتە قىلىنغان ۋەھيي قۇرئاندىن ئىبارەتتۇر.

بۇ ئايەتلەردىكى «**الْبَلَاغُ الْمُبِينُ** (ئوچۇق يەتكۈزۈش)» ئىپادىلىرى نېمە مەننىنى بىلدۈرىدۇ؟ رەسۇل، ئۆزىگە نازىل قىلىنغان روشەن ئايەتلەرنى (كىتابى مۇبىن) ئۆز پېتى، يەنى روشەن ۋە جانلىق ھالدا كىشىلەرگە يەتكۈزىدۇ. ئۇ، بۇ ۋەزىپىسىنى ئېھتىماللىققا، تاسادىپىيلىققا ۋە ياكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە تاشلاپ قويالمايدۇ. ئالغان ۋەھيي (ئايەتلەر)نى ساقلاتماستىن، كېچىكتۈرمەستىن دەرھال كىشىلەرگە تەبلىغ قىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلغان.

رەسۇل، كىشىلەرگە يەتكۈزۈشى كېرەك بولغان بارلىق تەلىماتلارنى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە يېتىپ بارىدىغان شەكىلدە ۋە جانلىق ھالدا تەبلىغ قىلغان. ئۇ، بۇ ۋەزىپىسىنى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىققا تاشلاپ قويمىغان. ھەرقانداق توسقۇنلۇق، ئۆلۈم بىلەن قورقۇتۇش ۋە سۇيىقەستلەرگە پىسەنت قىلماستىن بۇ ۋەزىپىسىنى لايىقىدا ئادا قىلغان. رەسۇلۇللاھ بۇ مەسئۇلىيەتنى پەقەت قۇرئان ئايەتلىرى ئۈچۈن ئادا قىلغان. چۈنكى ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بۇ دائىرە ئىچىدە ئىدى. يەنى جانلىق تەبلىغ ئارقىلىق كىشىلەرگە يەتكۈزۈشى زۆرۈر بولغان تەلىماتلار مانا بۇلار (ئايەتلەر) ئىدى.

ئۇنىڭ پەقەت بىر قانچە ساھابە ئاڭلايدىغان شەكىلدە (قۇرئان سىرتىدا) ئېيتقان سۆزلىرى ۋە ياكى بەزى ساھابە تاسادىپيي ھالدا شاھىت بولىدىغان

(1) مائىدە سۈرىسى، 67؛ ئەنئام سۈرىسى، 19؛ ئەئراف سۈرىسى، 2؛ فاق سۈرىسى، 2؛ نەھل سۈرىسى، 45؛ 89-ئايەت

شەكىلدە قىلىنغان بەزى ئىش ـ ھەرىكەتلىرى «ئوچۇق تەبلىغ» دائىرىسى ئىچىگە كىرمەيدۇ. كىرىدىغان بولسا ئىدى، بۇ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى ئاۋامغا ئاشكارا ھالدا، بارچە ئاڭلايدىغان ياكى گۇۋاھ بولىدىغان شەكىلدە قىلاتتى. بۇلارنى يازدۇرۇپ ساقلاپ قالدۇراتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلمىدى (ۋە ئۇنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلالمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا)، بۇنىڭغا ئاساسەن قۇرئان سىرتىدا قىلىنغان سۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھۆكۈم خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ سۆزلەرنى «ئوچۇق تەبلىغ» دائىرىسى ئىچىدە ئېيتمىغان. دېمەك، بۇ شەكىلدىكى سۆزلىرى رىسالەت ۋەزىپىسى دائىرىسى ئىچىگە كىرمەيدۇ (بۇ سۆزلەرنى رەسۇل سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى نەبىلىك سالاھىيىتى بىلەن قىلغان).

لېكىن ئۇنىڭ نەبى سالاھىيىتى بىلەن قىلغان سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ۋەھيىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ (قۇرئانغا كىرگۈزۈلۈپ) بىرگە يەتكۈزۈلگەن ۋە تەۋسىيە قىلىنغان. لېكىن ئۇنىڭ بۇ شەكىلدىكى ئەمەللىرى (نەبى سالاھىيىتى بىلەن قىلغان بولسىمۇ، ئەمما قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان بەزى ئەمەللىرى) نەبىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى بولۇشتىن ھالقىپ چىققان بولۇپ، (قۇرئان ئارقىلىق تەۋسىيە قىلىنغانلىقتىن) رەسۇلنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە ئايلانغان. چۈنكى ئىش ـ ھەرىكەتلەر تۇنجى بولۇپ نەبى تەرىپىدىن قىلىنغان بولسىمۇ، قۇرئان ئايەتلىرىگە كىرگۈزۈلگەن ۋە بۇ ئايەتلەر رەسۇل تەرىپىدىن تەبلىغ قىلىنغان. مەسىلەن: ئالئىمران سۈرىسى 159 ـ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «نەبىنىڭ ساھابىلىرىگە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنىڭ ماختىلىشى ۋە ئۇلار بىلەن كېڭەش قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش»نىڭ تەۋسىيە قىلىنىشى، بۇ رېئاللىق ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مىسالدۇر. مۇھەممەد (ئە س) ۋەھيي ئالغانلىقى ئۈچۈن ساھابىلىرىگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغان ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسى ۋەھيىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ، قۇرئان ئارقىلىق بىزگە تەۋسىيە قىلىنغان. يەنى، نەبىنىڭ بىر ئەمەلىي ھەرىكىتى، ئۈلگىلىك ھەرىكەت سۈپىتىدە رەسۇلنىڭ ھەرىكىتىگە، يەنى سۈننىتىگە ئايلانغان.

## 2. رەسۇلنىڭ كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئۆگەتكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر

كىتاب ۋە ھېكمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

وَأَنْزَلَ اللّٰهُ عَلَيْكَ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَعَلَّمَكَ مَا لَمْ تَكُنْ تَعْلَمُ وَكَانَ فَضْلُ اللّٰهِ عَلَيْكَ عَظِيماً

«... ئاللاھ ساڭا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى نازىل قىلدى، (بۇ ئارقىلىق) ساڭا سەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ئاللاھنىڭ ساڭا بولغان پەزلى چوڭدۇر» (نىسا سۈرىسى، 113 ـ ئايەت).

ھېكمەتنىڭ لۇغەت مەنىسى «ئىلىم ۋە ئەمەل ئارقىلىق ھەقنى، توغرىنى تېپىش، يېتىش»[1] دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن «ھەر ھېكمەت بىر ھۆكۈمدۇر، ئەمما ھەر ھۆكۈم ھېكمەت ئەمەس»[2]. ئۇنداقتا ھېكمەت توغرىنى تاپقان، ھەقىقەت بىلەن ئۇيۇشقان ھۆكۈملەردۇر. ئاللاھ تائالا كىتابنى ۋە كىتابنىڭ ئىچىدىكى ھۆكۈملەرنى، يەنى ھېكمەتنى رەسۇلغا ئۆگەتكەن. رەسۇل بولسا ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئۆگەتكەن كىتابنى، يەنى ھېكمەتنى مۇئمىنلەرگە ئۆگەتكەن:

**رَبَّنَا وَابْعَثْ فِيهِمْ رَسُولاً مِنْهُمْ يَتْلُوا عَلَيْهِمْ اٰيَاتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ اِنَّكَ اَنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ**

«رەببىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا سېنىڭ ئايەتلىرىڭنى ئوقۇپ بېرىدىغان ۋە (بۇ ئارقىلىق) ئۇلارغا كىتاب، يەنى ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى پاكلايدىغان بىر رەسۇل ئەۋەتكىن» (بەقەرە سۈرىسى، 129 ـ ئايەت).

**كَمَا اَرْسَلْنَا فِيكُمْ رَسُولاً مِنْكُمْ يَتْلُوا عَلَيْكُمْ اٰيَاتِنَا وَيُزَكِّيكُمْ وَيُعَلِّمُكُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُعَلِّمُكُمْ مَا لَمْ تَكُونُوا تَعْلَمُونَ**

«ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىدىغان ۋە سىلەرنى يامانلىقلاردىن پاكلايدىغان، سىلەرگە كىتابنى، يەنى ھېكمەتنى ۋە بىلمىگەنلىرىڭلارنى ئۆگىتىدىغان بىر رەسۇل ئەۋەتتۇق» (بەقەرە سۈرىسى، 151 ـ ئايەت).

**لَقَدْ مَنَّ اللّٰهُ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ اِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولاً مِنْ اَنْفُسِهِمْ يَتْلُوا عَلَيْهِمْ اٰيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَاِنْ كَانُوا مِنْ قَبْلُ لَفِي ضَلَالٍ مُبِينٍ**

«ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن بىر رەسۇل ئەۋەتىپ مۇئمىنلەرگە ئېھسان قىلدى. (ئۇ)، ئۇلارغا ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى پاكلايدۇ، ئۇلارغا كىتاب، يەنى ھېكمەتنى ئۆگىتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار ئوچۇق گۇمراھلىق ئىچىدە ئىدى» (ئالئىمران سۈرىسى، 164 ـ ئايەت).

**هُوَ الَّذِي بَعَثَ فِي الْاُمِّيِّنَ رَسُولاً مِنْهُمْ يَتْلُوا عَلَيْهِمْ اٰيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَاِنْ كَانُوا**

---

(1) راغىپ ئەل ـ ئىسفاھانى، «مۇفرەدات»، 423 ـ بەت

(2) راغىپ ئەل ـ ئىسفاھانى، «مۇفرەدات»، 424 ـ بەت

مِنْ قَبْلُ لَفِي ضَلَالٍ مُبِينٍ

«ئۇ (ئاللاھ)، ئۇممىيلەرگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان ۋە ئۇلارغا ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنى پاكلايدىغان، ئۇلارغا كىتابنى، يەنى ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان بىر رەسۇل ئەۋەتتى» (جۇمۇئە سۈرىسى، 2-ئايەت).

بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان «ھېكمەت» كەلىمىسىنىڭ «ۋە (ۋ)» باغلىغۇچىسى بىلەن ئايرىلىشى سەۋەبىدىن كىتابتىن ئايرىم بىر نەرسە ئىكەنلىكى، ھەتتا رەسۇلنىڭ قۇرئاندىن باشقا (غەيرى مەتلۇۋ) ۋەھيي ئارقىلىق ئالغان ئاللاھدىن مەلۇماتلارنى كۆرسىتىدىغانلىقى ياقلانغان[1]. لېكىن بۇ قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى «ۋە (ۋ)» باغلىغۇچىسى پەقەت بىر - بىرىدىن پەرقلىق نەرسىلەرنى ئايرىش ئۈچۈن ئەمەس، ئىزاھات تەپسىرى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ھەمدە «ئاللاھ ۋە رەسۇل» ئىبارىسى كەلگەن ئايەتلەردىن دەلىل كۆرسىتىش ئارقىلىق تەپسىلىي ھالدا چۈشەنچە بەرگەنىدۇق. ئوخشاش شەكىلدە ھېكمەتنىڭ «ۋە (ۋ)» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق كىتابتىن ئايرىم ئىپادىلىنىشى، ئۇنىڭ كىتابتىن پەرقلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. كىتابتىن پەرقلىق بولغان تەقدىردىمۇ كىتابتىن ئايرىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇ ھەقتىكى دەلىللىرىمىزنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

### 1) دەلىل («كىتاب ۋە ھېكمەت» ئىبارىسىنىڭ «ۋە» باغلىغۇچىسى جەھەتتىن «ئاللاھ ۋە رەسۇل» ئىبارىسىغا ئوخشايدىغانلىقى)

ئىلگىرىكى پاراگرافتا چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈلگەن «ئاللاھ ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار»[2] دېيىلگەن ئايەتلەردە، خۇددى «كىتاب ۋە ھېكمەت» ئىبارىسىگە ئوخشاش شەكىلدە «ئاللاھ» ۋە «رەسۇل» كەلىمىلىرىمۇ «ۋە» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن. «ئاللاھ» ۋە «رەسۇل»نىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىككى ئوبيېكت ئىكەنلىكىدە شەك يوق. لېكىن «رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر»[3] دېگەن ئايەتلەر ۋە «كىمكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلسا ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ»[4] دېگەن ئايەتلەردىن ئاللاھ ۋە

(1) ئوسمانى، مۇھەممەد تاكى، «سۈننەتنىڭ قىممىتى ۋە ھۆكمى»، 40-بەت

(2) ئالئىمران سۈرىسى، 32، 132؛ مائىدە سۈرىسى، 92؛ شۇئەرا سۈرىسى، 125-ئايەتلەر....

(3) نەھل سۈرىسى، 35؛ ئەنكەبۇت سۈرىسى، 18؛ نۇر سۈرىسى، 54-ئايەت

(4) نىسا سۈرىسى، 80-ئايەت

رەسۇلنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىم مۇستەقىل ئىككى ھۆكۈم مەنبەسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. ئاللاھ ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىڭلار دېيىش ئارقىلىق بىزگە: «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بەرگەن رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار» دېمەكتە. يەنى، «ۋە» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئۆزئارا ئايرىۋېتىلگەن «ئاللاھ» ۋە «رەسۇل» ئەرەبچىدىكى گىراماتىكا قائىدىلىرىدىكى مۇغايەرەت پىرىنسىپىغا[1] ئاساسەن ئىككى پەرقلىق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ، (ئەلۋەتتە شۇنداق). لېكىن ئىتائەتنىڭ ئادرىسى پەقەت بىرلا بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھتۇر. ئوخشاش شەكىلدە كىتاب ۋە ھېكمەتمۇ (كۆرۈنۈشتە) پەرقلىق ئىككى نەرسە بولسىمۇ، لېكىن ئاللاھ ۋە رەسۇلغا ئوخشاش بىر ـ بىرىدىن ئايرىم ھالدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئەمەس. ھېكمەت، كىتابنىڭ ئىچىدىكى ھۆكۈملەر بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن «كىتاب ۋە ھېكمەت» ئىپادىسى «ھېكمەتلىك قۇرئان (قۇرئانىل ھاكىم)» دېگەنلىك بولىدۇ (ياسىن سۈرىسى، 2ـ ئايەت).

## 2) دەلىل (مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان پېئىللارنىڭ بىردىن ئارتۇق بولۇشى)

ھېكمەتنىڭ كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەر ئىكەنلىكىنى (كىتابتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى) مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا روشەن ھالدا كۆرۈپ يېتىمىز. يەنى، رەسۇلنىڭ كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگەتكەنلىكىنى[2] بىلدۈرگەن ئايەتلەردە، پەقەت بۇ ئىككى پېئىلغا قوشۇلۇپ يەنە ئۈچ پېئىل تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ بەش پېئىل تەرتىپ بىلەن تۆۋەندىكىچە:

1. ئايەتلەرنى ئوقۇش (تىلاۋەت قىلىش)
2. مۇئمىنلەرنى پاكلاش
3. كىتابنى ئۆگىتىش
4. ھېكمەتنى ئۆگىتىش
5. بىلمەيدىغانلىرىمىزنى ئۆگىتىش

---

(1) پەرقلىق سۆزلەرنىڭ «ۋ (ۋاۋ)» بىلەن ئايرىلىشى

(2) بەقەرە سۈرىسى، 151ـ ئايەت

بۇ پېئىللارنى تەرتىپ بويىچە تىزغان ۋاقتتا بەقەرە سۈرىسى 151-ئايەتتە 1،2،3،4،5 شەكلىدە؛ بەقەرە سۈرىسى 129-ئايەتتە 1،3،4،2 شەكلىدە؛ ئالئىمران سۈرىسى 164-ئايەتتە 1،2،3،4 شەكلىدە؛ جۇمۇئە سۈرىسى 2-ئايەتتە بولسا 1،2،3،4 شەكلىدە بولىدۇ. بۇ تەرتىپكە دىققەت بىلەن قارىغان ۋاقتىمىزدا بەزى پېئىلنىڭ ئايەتتىكى ئورنى ئۆزگەرسىمۇ، لېكىن «ئايەتلەرنى ئوقۇش» پېئىلىنىڭ ئورنى پەقەت ئۆزگەرمىگەن ۋە بۇ پېئىل دائىم بىرىنچى قاتاردا تىلغا ئېلىنغان. چۈنكى رەسۇل قىلغان ئاساسلىق ھەرىكەت مانا بۇ بولۇپ، ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان باشقا پېئىل (ھەرىكەت)لار بولسا «ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېرىش» پېئىلىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئارقىمۇ ئارقا داۋاملاشقان ياكى مەيدانغا كەلگەن. رەسۇل ئايەتلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق كىتابنى ئۆگەتكەن، كىتابنى ئۆگەتكەندە ھېكمەتنىمۇ ئۆگەتكەن بولىدۇ. يەنى، ئايەتلەرنى ئوقۇپ «ھېكمەتلىك كىتاب»نى ئۆگەتكەن بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھەم مۇئمىنلەرنى پاكلايدۇ، ھەم ئۇلارغا بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگەتكەن بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا مەزكۇر ئايەتلەرنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك:

ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىدىغان، (بۇ ئارقىلىق) كىتاب ۋە (ئىچىدىكى) ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان، ھېكمەتلىك كىتابنى ئۆگىتىدىغان ۋە (بۇ ئارقىلىق) سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئۆگىتىدىغان ۋە (نەتىجىدە) سىلەرنى پاكلايدىغان بىر رەسۇل ئەۋەتتۇق.

رەسۇلنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى «ئايەتلەرنى ئوقۇش» بولۇپ، مەقسىتى بولسا مۇئمىنلەرنى پاكلاشتۇر. بەيزاۋى تەپسىرىدە بۇ ئايەتلەردە بىلدۈرۈلگەن «مۇئمىنلەرنى پاكلاش» ئىبارىسىنىڭ ھەرىكەت ۋە مەقسەت سۈپىتىدە بەزىدە «كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىش» پېئىلىدىن بۇرۇن، بەزىدە كېيىن تىلغا ئېلىنغانلىقىنى قەيت قىلىنىپ، رەسۇلنىڭ مەقسىتىنىڭ مۇئمىنلەرنى پاكلاش ئىكەنلىكىنى ئىما قىلغان[1].

مانا بۇ سەۋەبتىن رەسۇلنىڭ بۇ بەش ھەرىكىتىنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ بىر-بىرىدىن مۇستەقىل ئايرىم ئىشلار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى «ئايەتلەرنى ئوقۇش» بىلەن «كىتابنى ئۆگىتىش» ھەرىكىتىنى قانداقمۇ بىر-بىرىدىن ئايرىم ھالدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىككى ھەرىكەت دېيەلەيمىز؟

---

(1) بەيزاۋى، بەقەرە سۈرىسى، 151-ئايەت

رەسۇل كىتابنى بىزگە قانداق ئۆگەتكەن؟ ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلىش (ئوقۇش) ئارقىلىق ئۆگەتكەن. تىلاۋەت قىلىش، «مەنىسى بىلەن ئوقتۇرۇش، ئوقۇپ ئۆگىتىش، يەتكۈزۈش ۋە تەبلىغ قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «قۇرئان ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىش» خۇددى قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئاينىڭ ئۆز نۇرىنى قۇياشتىن ئالغىنىغا ئوخشاش، «قۇرئاننىڭ بۇيرۇقلىرىنى، پىرىنسىپلىرىنى، ئاساسلىرىنى ۋە ھۆكۈملىرىنى تەقىب قىلىش، ھاياتىغا تەتبىقلاش» دېگەنلىكتۇر. قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىش (ئوقۇپ ئۆگىنىش)، ئالدى بىلەن رەسۇلۇللاھقا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىدۇر. ئەمما بۇ ۋەزىپە ئەلۋەتتە بارلىق مۆئمىنلەرگىمۇ بېرىلگەن[1].

رەسۇل ھېكمەتنى بىزگە قانداق ئۆگەتكەن؟ كىتابنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۆگەتكەندى. رەسۇل بىزگە بىلمەيدىغانلىرىمىزنى قانداق ئۆگەتكەن؟ كىتابنى ۋە ئىچىدىكى ھېكمەتنى ئۆگىتىش ئارقىلىق، يەنى ھېكمەتلىك كىتابنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۆگەتكەندى. رەسۇلنىڭ «بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى» مۆئمىنلەرگە كىتاب ۋە ھېكمەت بىلەن (ھېكمەتلىك كىتاب ئارقىلىق) ئۆگەتكەنلىكىدە شەك يوق. بەزىلەر بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان «كىتابنى ئۆگىتىش» ئىبارىسى ئارقىلىق «قۇرئاننى ئۆگىتىش» (ئەلۋەتتە شۇنداق)، «ھېكمەتنى ئۆگىتىش» ئىبارىسى ئارقىلىق «ھەدىسلەرنى ئۆگىتىش»نىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ قاراشتىكىلەرنىڭچە ئايەتتىكى «كىتاب = قۇرئان»، «ھېكمەت = ھەدىس» دەپ چۈشىنىش كېرەك.

لېكىن بۇ قاراشنىڭ پۈت دەسسەپ تۇرالمايدىغانلىقى ئېنىق. رەسۇل قۇرئاننى كىتاب بىلەن، ھېكمەتنى ھەدىسلەر بىلەن ئۆگەتكەن بولسا، ئۇنداقتا ئايەتتىكى قالغان ئىشلارنى نېمە بىلەن ۋە قانداق ئادا قىلغان؟ رەسۇل بىزگە بىلمەيدىغانلىرىمىزنى نېمە بىلەن ۋە قانداق ئۆگەتكەن ۋە بىزنى قانداق پاكلىغان؟

رەسۇل ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلسا نېمە ئىش قىلغان بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە كىتابنى ئۆگەتكەن بولىدۇ. كىتابنى ئۆگەتسە، كىتابتىكى ھېكمەتنى ئۆگەتكەن بولىدۇ. ئەگەر بۇنى بۇ شەكىلدە چۈشەنمىسەك (ھېكمەتنى كىتابنىڭ سىرتىدا ۋە ھەدىسلەر دەپ چۈشەنسەك)، رەسۇل «بىز بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى» بىزگە نېمە بىلەن (قانداق) ئۆگەتكەن؟

---

(1) بايراقتار بايراقلى، «قۇرئان تەپسىرى»، ئەنكەبۇت سۈرىسى، 45؛ جۇمۇئە سۈرىسى، 2؛ شەمس سۈرىسى، 2-ئايەت

بىزنىڭچە ھېكمەت (سۈننەت) كىتابنىڭ ئىچىدە. لېكىن بەزىلەر «ھېكمەت (سۈننەت) كىتابنىڭ سىرتىدا» دەيدۇ. بۇ مەسىلىنى مۇنازىرە قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن رەسۇلنىڭ بىزگە ھەر نەرسىنى كىتاب ۋە ھېكمەت (سۈننەت) بىلەن ئۆگەتكەنلىكىنى، كىتاب ۋە ھېكمەتنىڭ سىرتىدا باشقا بىر مەلۇمات يەتكۈزۈش قانىلىنىڭ يوقلۇقىنى بارچە قوبۇل قىلىدۇ. ئۇنداقتا، مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىكى «بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىتىش» پائالىيىتى بىلەن «كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىش» پائالىيىتىنىڭ ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. دېمەك، بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان رەسۇلنىڭ پائالىيەتلىرى ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان زەنجىرسىمان پائالىيەتلەردۇر. يەنى، «ئايەتلەرنى ئوقۇش» پائالىيىتى بىلەن «كىتابنى ئۆگىتىش» پائالىيىتىنىڭ ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىنمۇ؟

دېمەك، رەسۇلنىڭ ئېلىپ بارغان ئاساسلىق پائالىيىتى ئايەتلەرنى ئوقۇشتۇر. قالغانلىرى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان زەنجىرسىمان پائالىيەتلەردۇر. رەسۇلنىڭ ئايەتلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق، يەنى ھېكمەتلىك كىتابنى تەبلىغ قىلىش ئارقىلىق بىزگە ئۆگەتكەنلىرىنى ئوخشاش شەكىلدە ئاللاھ رەسۇلغا ئۆگەتكەن. ئەمما ئاللاھ ھېكمەتلىك كىتابنى ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى رەسۇلغا ۋەھيى (قەلبىگە ئىلھام قىلىش) ئارقىلىق ئۆگەتكەن[1].

**وَأَنْزَلَ اللّٰهُ عَلَيْكَ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَعَلَّمَكَ مَا لَمْ تَكُنْ تَعْلَمُۜ وَكَانَ فَضْلُ اللّٰهِ عَلَيْكَ عَظِيماً**

«... ئاللاھ ساڭا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى نازىل قىلدى، (بۇ ئارقىلىق) ساڭا سەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ئاللاھنىڭ ساڭا بولغان پەزلى چوڭدۇر» (نىسا سۈرىسى، 113-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن مەلۇم بولغاندەك، بارلىق ئىلىمنىڭ مەنبەسى ئاللاھتۇر. ئەمما ئاللاھتىن رەسۇلغا، رەسۇلدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن بۇ مەلۇماتلارنىڭ مەنبەسى بولسا ھەر دائىم ھېكمەتلىك كىتاب (كىتاب ۋە ھېكمەت)تۇر. مەيلى رەسۇل ئۈچۈن بولسۇن، ياكى بىز ئۈچۈن بولسۇن بۇنىڭدىن باشقا مەلۇمات مەنبەسى يوق. بىز مۇئمىنلەر بىلمەيدىغان ھەر نەرسىنى كىتابتىن ئۆگىنىمىز. بۇ پەقەت بىز ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەھلى كىتاب ئۈچۈنمۇ شۇنداقتۇر.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى، 97؛ شۇئەرا سۈرىسى، 194-ئايەت

قُلْ مَنْ اَنْزَلَ الْكِتَابَ الَّذٖي جَٓاءَ بِهٖ مُوسٰى نُوراً وَهُدًى لِلنَّاسِ تَجْعَلُونَهُ قَرَاطٖيسَ تُبْدُونَهَا وَتُخْفُونَ كَثٖيراًۚ وَعُلِّمْتُمْ مَا لَمْ تَعْلَمُٓوا اَنْتُمْ وَلَٓا اٰبَٓاؤُكُمْۜ

«... ئېيتقىنكى: ‹مۇسانىڭ كىشىلەرگە نۇر ۋە ھىدايەت رەھبىرى سۈپىتىدە ئېلىپ كەلگەن كىتابىنى كىم نازىل قىلدى؟ سىلەر ئۇنى پارچىلار ھالىتىدە يازاتتىڭلار، (خالىغان) قىسمىنى ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىسىلەر. سىلەر ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار (ئۇ كىتاب ئارقىلىق) بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىسىلەر› ...» (ئەنئام سۈرىسى، 91 ـ ئايەت).

## 3) دەلىل (گراماتىكىلىق دەلىللەر)

كىتاب ۋە ھېكمەتنىڭ ئىككى پەرقلىق نەرسە ئەمەسلىكىنى قۇرئاننىڭ (مۆجىزىۋى) گراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئارقىلىقمۇ بىلگىلى بولىدۇ:

وَاذْكُرُوا نِعْمَتَ اللّٰهِ عَلَيْكُمْ وَمَٓا اَنْزَلَ عَلَيْكُمْ مِنَ الْكِتَابِ وَالْحِكْمَةِ يَعِظُكُمْ بِهٖۜ

«ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ۋە سىلەر ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتاب ۋە ھېكمەتنى ياد ئېتىڭلار. (ئاللاھ) ئۇنىڭ بىلەن سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ» (بەقەرە سۈرىسى، 231 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە «كىتاب ۋە ھېكمەت» ئىبارىسىدىن كېيىن «ئۇنىڭ بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ» ئىبارىسى يەر ئالغان. لېكىن ئايەتتە «كىتاب ۋە ھېكمەت» ئىبارىسى يەر ئالغان بولسىمۇ، لېكىن «ئۇ ئىككىسى بىلەن (بىھىما)» ئەمەس، بەلكى «ئۇنىڭ بىلەن (بىھى) سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ» ئىبارىسى يەر ئالغان. بۇ يەردىكى «ئۇ» ئالمىشى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئادەتتە ئەرەبچە گراماتىكىغا ئاساسەن ئالماش ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغان كەلىمىنى، يەنى ئايەتتىكى «ھېكمەت»نى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ ئەھۋالدا ئاللاھنىڭ كىتاب بىلەن ئەمەس، بەلكى ھېكمەت بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلغانلىقىنى ئېيتقان بولىمىز. بۇ يەكۈن ئۇنلىغان قۇرئان ئايىتىگە زىت كېلىدۇ. ئەگەر ئايەتتە «كىتاب ۋە ھېكمەت» ئىبارىسى ئەمەس، «ھېكمەت ۋە كىتاب» ئىبارىسى يەر ئالغان بولسا ئىدى، بۇ ئەھۋالدا ئالماشنىڭ كىتابنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئېيتىشقا ۋە ئايەتكە «ئاللاھ كىتاب بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ» دېگەن مەنىنى بېرەلەيتتۇق. لېكىن بۇنداق قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئايەتتىكى تەرتىپ بۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا ھېكمەتمۇ كىتابقا

ئوخشاش نازىل بولىدۇ. يەنى كىتابلار بىلەن بىرلىكتە ۋە كىتابنىڭ ئىچىدە نازىل بولىدۇ.

ئۇنداقتا «ئۇنىڭ بىلەن (بىھى)» ئىبارىسى «كىتاب ۋە ھېكمەت»تىن تەشكىل تاپقان سۆز بىرىكمىسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، گىراماتىكىلىق مۆجىزە سۈپىتىدە «كىتاب ۋە ھېكمەت» ئىككى پەرقلىق نەرسە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ھالەتتە قوبۇل قىلىنىشى كېرەك. بۇنىڭدا ھەيران قالغۇدەك ئىش يوق. چۈنكى قۇرئان ھېكمەتنى (ھۆكۈملەرنى) ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابتۇر. ھېكمەت كىتابنىڭ ئىچىدىكى ھۆكۈملەردۇر[1].

## 4) دەلىل (ھېكمەتلىك كىتاب، قۇرئانىل ھەكىم، كىتابىل ھەكىم)

قۇرئان، ئىچىدە ھېكمەتلەر بولغان بىر كىتابتۇر. يەنى، ھېكمەتلىك كىتابتۇر:

**يٰسٓ وَالْقُرْاٰنِ الْحَكٖيمِۙ**

«ياسىن. ھېكمەت بىلەن تولغان قۇرئان بىلەن قەسەمكى...» (ياسىن سۈرىسى، 2-1-ئايەت).

**تِلْكَ اٰيَاتُ الْكِتَابِ الْحَكٖيمِۙ**

«مانا بۇلار ھېكمەت بىلەن تولغان كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر» (لۇقمان سۈرىسى، 2-ئايەت).

**وَاِنَّهُ فٖٓي اُمِّ الْكِتَابِ لَدَيْنَا لَعَلِيٌّ حَكٖيمٌ**

«ئۇ، دەرگاھىمىزدىكى ئانا كىتابتا بولغان، ئۇلۇغ ۋە ھېكمەت بىلەن تولغان كىتابتۇر» (زۇخرۇف سۈرىسى، 4-ئايەت).

**اَلَّذٖينَ جَعَلُوا الْقُرْاٰنَ عِضٖينَ فَوَرَبِّكَ لَنَسْـَٔلَنَّهُمْ اَجْمَعٖينَۙ عَمَّا كَانُوا يَعْمَلُونَ**

«ئۇلار قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى ئايرىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى. رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ ۋە قىلمىشلىرىدىن ھېساب ئالىمىز» (ھىجر سۈرىسى، 91-93-ئايەتلەر).

---

(1) فاتىھ ئورۇم، «قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدا قۇرئانى كەرىمنى چۈشىنىش مېتودى»، 95، 239-بەت

## 5) دەلىل (كىتاب ۋە ھېكمەتنىڭ «مەرىفەلىك - قاراتمىلىق» بىلدۈرىدىغان «ئەل - ال» قوشۇمچىسى بىلەن كېلىشى)

ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا، رەسۇلىنىڭ بىز مۇئمىنلەرگە كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئۆگەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە «كىتاب ۋە ھېكمەت» ئىبارىلىرى دائىم «ئەل-كىتاب ۋە (ل)-ھىكمەت» شەكلىدە (بىرلىكتە) تىلغا ئېلىنماقتا.

يەنى، ھەر ئىككى كەلىمىدە «مارىفەلىك» بىلدۈرىدىغان «ال (ئەلىف لام)» قوشۇمچىسى بىلەن بىرلىكتە كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال (ئەرەبچە گراماتىكا قائىدىلىرىگە ئاساسەن) نەزەردە تۇتۇلغان كىتابنىڭ ھەممە بىلىدىغان كىتاب (ئەل-كىتاب، يەنى قۇرئان)، نەزەردە تۇتۇلغان ھېكمەتنىڭ بولسا بۇ كىتابنىڭ ئىچىدىكى ھۆكۈملەر (ئەل-ھىكمەت، يەنى قۇرئاندىكى ھېكمەتلەر) ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن «ئەل-كىتاب ۋە ئەل-ھىكمەت» ئىبارىسى ياسىن سۈرىسى 2، لۇقمان سۈرىسى 2 ۋە ئىسرا سۈرىسى 39-ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان «قۇرئانىل-ھەكىم، يەنى ھېكمەتلىك قۇرئان»دۇر. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلنىڭ پائالىيەتلىرى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە ھېچقاچان «كىتابنى ئۆگىتىدۇ» ۋە «ھېكمەتنى ئۆگىتىدۇ» شەكلىدە (ئايرىم - ئايرىم) ھالدا ئەمەس، ئەكسىچە دائىم «يۇئەللىمۇھۇ ل-كىتابە ۋە ل-ھىكمەتە، يەنى كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدۇ» شەكلىدە (بىرلىكتە) تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن «كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدۇ» ئىبارىسىنى «ھېكمەتلىك قۇرئاننى، ھېكمەتلىك كىتابنى» ئۆگىتىدۇ دەپ چۈشىنىش كېرەك.

ئاللاھ تائالا ئىسرا سۈرىسىنىڭ 22-ئايىتى بىلەن 38-ئايىتى ئارىسىدا بەزى بۇيرۇقلارنى بەرگەندىن كېيىن، 39-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

ذَلِكَ مِمَّا أَوْحَى إِلَيْكَ رَبُّكَ مِنَ الْحِكْمَةِ

«مانا بۇلار رەببىڭ ساڭا ۋەھيي قىلغان ھېكمەتلەردىندۇر» (ئىسرا سۈرىسى، 39-ئايەت).

## 6) دەلىل (ھېكمەتنىڭ قۇرئان بىلەن بىرلىكتە تىلاۋەت قىلىنىشى، يەنى مەتلۇۋ بولۇشى)

قۇرئان ئوقۇلغان ۋاقىتتا ھېكمەتمۇ ئوقۇلغان بولىدۇ:

ذَلِكَ نَتْلُوهُ عَلَيْكَ مِنَ الْآيَاتِ وَالذِّكْرِ الْحَكِيمِ

«(ئى رەسۇلۇم!)، بۇ ئېيتىلىۋاتقانلارنى بىز ساڭا ئايەتلەردىن ۋە ھېكمەت بىلەن تولغان قۇرئاندىن تىلاۋەت قىلىپ (ئوقۇپ) بېرىۋاتىمىز» (ئالئىمران سۈرىسى، 58-ئايەت).

بۇ سەۋەبتىن قۇرئان ئوقۇلغان ھەرقانداق ئۆيدە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى، يەنى ھېكمەت (ھېكمەتلىك كىتاب)مۇ ئوقۇلىدۇ:

وَاذْكُرْنَ مَا يُتْلَى فِي بُيُوتِكُنَّ مِنْ آيَاتِ اللَّهِ وَالْحِكْمَةِ

«ئۆيۈڭلاردا ئوقۇلغان ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ھېكمەتنى ئەسلەڭلار» (ئەھزاب سۈرىسى، 34-ئايەت).

دېمەك، ھېكمەت تىلاۋەت قىلىنغان (مەتلۇۋ) نەرسىدۇر. يەنى، بەزىلەر ئىلگىرى سۈرگەندەك «غەيرى مەتلۇۋ ۋەھيى» ئەمەس، بەلكى «مەتلۇۋ ۋەھيى»دۇر. چۈنكى كىتاب نازىل بولغاندا (كىتاب بىلەن بىرلىكتە) ھېكمەتمۇ نازىل بولغان[1] بولۇپ، كىتاب ئوقۇلغان ۋاقىتتا (كىتاب بىلەن بىرلىكتە) ھېكمەتمۇ ئوقۇلماقتا[2]. ئۇنداقتا قۇرئاننى ئوقۇغان ھەركىم ھېكمەت (كىتابتىكى ھۆكۈملەر)نىمۇ ئوقۇغان بولىدۇ. لېكىن بۇ قۇرئاننى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشىنىڭ دەرھال ھېكمەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا ھېكمەتنى خالىغان (ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن) كىشىلەرگە بېرىدىغانلىقىنى مۇنداق بىلدۈرمەكتە:

يُؤْتِي الْحِكْمَةَ مَنْ يَشَاءُ

«(ئاللاھ) خالىغان كىشىگە ھېكمەتنى بېرىدۇ» (بەقەرە سۈرىسى، 269-ئايەت).

---

(1) نىسا سۈرىسى، 113-ئايەت

(2) مائىدە سۈرىسى، 58؛ ئەھزاب سۈرىسى، 34-ئايەت

ھېكمەت، كىتاب بىلەن بىرلىكتە بارلىق نەبى ـ رەسۇللارغا بېرىلگەن[1]. لېكىن باشقا كىشىلەر ئارزۇ قىلىپ ئەجىر سىڭدۈرسە كىتاب (قۇرئان)نىڭ ئىچىدىكى ھېكمەتكە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ خۇددى يەر ئاستىدىن قېزىپ چىقىرىلغان كان بايلىقىغا ئوخشايدۇ. ھېكمەتنىڭ قۇرئاننىڭ ئىچىدە بولۇشى، خۇددى بارلىق كان بايلىقلىرىنىڭ تۇپراق ئىچىدە بولۇشىغا ئوخشايدۇ[2]. ئىنسانلار تىرىشىپ ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇن ـ قانۇنىيەتلەرگە رىئايە قىلغان ئاساستا بۇ كان بايلىقلىرىغا ئېرىشەلەيدۇ. قېزىپ چىقىرىلغان بۇ كان بايلىقلىرىدىن ئاپتوموبىلدىن تارتىپ ئايروپىلانغىچە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ياساپ چىققىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خام ئەشياسى تۇپراقتىن قېزىپ چىقىرىلغان. بۇلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈش (بىلىم، تەجرىبە...) كېرەك. قىسقىسى، ئاللاھ بەلگىلىگەن قائىدە ـ قانۇنلار (سۈننەتۇللاھ)غا رىئايە قىلىپ ئەجىر سىڭدۈرۈش كېرەك. قۇرئاندىكى ھېكمەتلەرگە ئېرىشىشمۇ خۇددى يەردىن خام ئەشيا (ۋە خام ئەشيادىن ياساپ چىقىرىلغان تۈرلۈك بويۇملار) قېزىپ چىقىرىشقا ئوخشايدۇ. نەبى ـ رەسۇللار كىشىلەرگە كىتابتىن ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ قائىدىلىرىنى (خۇددى يەردىن كان بايلىقى قېزىپ چىققاندەك) ئۆگىتىپ، ئۇلارغا ئۈلگە ۋە باشلامچى بولغان. بۇ سەۋەبتىن تىرىشقان ھەرقانداق كىشى خۇددى بۇ ئۇسلۇبلار بىلەن كان بايلىقلىرىنى قېزىپ چىققاندەك، ھېكمەت (ھۆكۈم)لەرنى كىتابتىن تېپىپ چىقالايدۇ.

قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تىرىشچانلىقنى كۆرسەتمىگەن كىشىلەر (ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمىغانلار) ئايەتلەرنىڭ لەۋزىنى قايتا ـ قايتىلاپ ئوقۇغان تەقدىردىمۇ ئايەتلەرنى چۈشىنەلمەيدۇ، ھېكمەت (قۇرئان ئىچىدىكى ھۆكۈملەر)نى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرمىگەنلەرمۇ قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى بۇ ھېكمەتلەرگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئەجىر سىڭدۈرۈش، بولۇپمۇ (قۇرئاننى) قۇرئان كۆرسەتكەن پىرىنسىپلار ئاساسىدا ئوقۇش كېرەك (بۇ پىرىنسىپلار ھەققىدە كىتابنىڭ ئۈچىنچى بابىدا توختىلىمىز).

### 7) دەلىل (كىتاب ۋە ھېكمەتنىڭ ئۆگىتىلگەنلىكىدە شەك يوقلىقى، مۇتەۋاتىر[3] نەقىل)

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر «رەسۇل كىتابنى، يەنى

(1) ئەنئام سۈرىسى، 89 ـ ئايەت

(2) فاتىھ ئورۇم، «قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدا قۇرئاننى كەرىمنى چۈشىنىش مېتودى»، 240 ـ بەت

(3) ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۈزۈلمەي يېتىپ كەلگەن نەرسە

ھېكمەتنى ئۆگەتتى (ئۆگىتىدۇ)»[1] دەيدۇ. يەنى، ئۆگىتىش پائالىيىتىنىڭ پەقەت كىتاب بىلەنلا ئەمەس، ھېكمەت بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋىتى بار (يۇئەللىمۇكۇمۇل كىتابە ۋەل ھىكمەتە). دېمەك، رەسۇلنىڭ كىتابنى، يەنى ھېكمەت ئۆگەتكەنلىكىدە شەك يوق. يەنى، كىتابنى ئۆگەتكەنلىكى راست، ھېكمەتنى ئۆگەتكەنلىكىمۇ شۈبھىلىك ئەمەس. كىتابمۇ، ھېكمەتمۇ مۇئمىنلەرگە ئۆگىتىلگەن (يەتكۈزۈلگەن).

بۇ سەۋەبتىن رەسۇل كىتابنى بىزگە قانداق ئۆگەتكەن بولسا ھېكمەتنىمۇ شۇنداق ئۆگەتكەن. باشقىچە ئىپادىلىسەك، كىتاب رەسۇلدىن بىزگە قانداق يېتىپ كەلگەن بولسا، ھېكمەتمۇ شۇنداق يېتىپ كەلگەن. كىتابنىڭ يېتىپ كېلىشى مۇتەۋاتىر بولغانلىقتىن، ھېكمەتنىڭ يېتىپ كېلىشىمۇ مۇتىۋاتىر يول بىلەن بولۇشى كېرەك. يەنى، ھېكمەت مۇتەۋاتىر ھالەتتە يېتىپ كەلگەن نەرسىلەردۇر. بۇلار قۇرئان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەردۇر. ئۇنداقتا بۇلار نېمە؟

رەسۇلۇللاھتىن قۇرئاندىن باشقا مۇتەۋاتىر يول بىلەن يېتىپ كەلگەن نەرسىلەر ناماز، ھەج، روزا ۋە قۇربانلىق دېگەندەك ئىبادەتلەرنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلىدۇر. دېمەك، ھېكمەت ـ ھۆكمى قۇرئاندا بولغان بۇ ئىبادەتلەرنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلىدۇر. بۇلار قۇرئاندىن ئېرىشكەن توغرا ھۆكۈملەر (ھېكمەت، يەنى سۈننەت) بولۇپ، ئۈممەتكە تەۋاتۇر ھالدا يېتىپ كېلىدۇ. رەسۇل بۇ ئارقىلىق ھېكمەتنى (ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەندەك) مۇئمىنلەرگە ئۆگەتكەن بولىدۇ.

ئۇنداقتا ھېكمەت، ھەدىسلەر ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن شۈبھىلىك مەلۇماتلار ئەمەس. چۈنكى ھەدىسلەر مۇئمىنلەرگە مۇتلەق مەلۇمات يولى بىلەن (تەۋاتۇر ھالەتتە) يېتىپ كەلمىگەن. ھالبۇكى، ھېكمەت خۇددى كىتابقا ئوخشاش شۈبھىدىن خالى يول بىلەن يېتىپ كەلگەن (شۇنداق بولۇشى كېرەك). رەسۇلنىڭ ھېكمىتىمۇ كىتابقا ئوخشاش شەكسىز ھالدا ئۆگەتكەن قۇرئاندا مەۋجۇت. رەسۇلۇللاھ كىتابنى ئۈممەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن قانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسا، ھېكمەتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈنمۇ شۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. رەسۇلۇللاھ ئۈممەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ھېكمەتلەر، ساپ ھالدا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن مۇتىۋاتىر ئەمەللەردۇر (ناماز، ھەج، قۇربانلىق قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلىدۇر).

(1) بەقەرە سۈرىسى، 129، 151؛ ئالئىمران سۈرىسى، 164؛ جۇمۇئە سۈرىسى، 2ـ ئايەت

نەتىجىدە بۇ سۈننەتلەر خۇددى قۇرئانغا ئوخشاش ساپ ھالەتتە بىزگە يېتىپ كەلدى. بۇ ھەقىقەتتۇر. لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرى مەسىلىسىدە بۇنداق تىرىشچانلىق كۆرۈلمىگەن. ئەكسىچە، ھەدىسلەرنى يېزىشنى چەكلىگەن. بۇ چەكلىمىنىڭ كېيىن ئەمەلدىن قالغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلسىمۇ، لېكىن قۇرئان ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقنى ھەدىسلەر ئۈچۈن كۆرسەتمىگەن. ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوق. ھالبۇكى، ئايەتلەر كىتاب بىلەن ھېكمەتنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتمەيدۇ. رەسۇلنىڭ ھەر ئىككىسىنى (قەتئىي ھالدا) ئۆگەتكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە. يەنى، قۇرئان ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسا، ھېكمەت ئۈچۈنمۇ شۇ دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. لېكىن ھەدىسلەرنىڭ ئۈممەتكە يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ھېچقانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەن. دېمەك، ھېكمەت ھەدىسلەر ئارقىلىق يېتىپ كەلمەيدۇ. ھېكمەتنىڭ ھەدىسلەر بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش، رەسۇلۇللاھنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىك بولىدۇ (بۇنداق دېيىشتىن ئاللاھ ساقلىغاي). بۇنداق قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر رەسۇلنىڭ ھېكمەتنى بىزگە ئۆگەتكەنلىكىنى (بۇ ھەقتە كىتابقا ئوخشاش تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى) بىلدۈرمەكتە.

يىغىنچاقلىغاندا، كىتاب ۋە ھېكمەت (ھېكمەتلىك قۇرئان) رەسۇل تەرىپىدىن مۇئمىنلەرگە ئۆگىتىلگەن (يەتكۈزۈلگەن). كىتاب ۋە ھېكمەت (ھېكمەتلىك كىتاب) ۋە بۇ كىتابنىڭ تەتبىقلىنىش شەكلى مۇئمىنلەرگە تەۋاتۇر ھالەتتە ئۆگىتىلگەن. بۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت. ھېكمەتلىك كىتابنىڭ لەۋزى (تېكىستى) تەۋاتۇر يولى بىلەن، تەتبىقلىنىشى (سۈننەت) بولسا ئەمەلى تەۋاتۇر يولى بىلەن يەتكۈزۈلىدۇ. نەتىجىدە كىتاب ۋە ھېكمەت ۋە ياكى قۇرئان، ئۇنىڭ تەتبىقلىنىش شەكلى بولغان سۈننەت تەۋاتۇر يولى ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن بولىدۇ (بۇلارنىڭ مۇتىۋاتىر يول بىلەن قانداق گەنلىكى ھەققىدە كىتابنىڭ تۆتىنچى ۋە بەشىنچى بابىدا توختىلىپ ئۆتىمىز).

## 3. رەسۇلنىڭ بايان ۋەزىپىسى بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەر

قۇرئان، رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ پەقەت قۇرئاننى تەبلىغ قىلىش ئىكەنلىكىنى (ئۇنىڭ ئىزاھلاش ۋەزىپىسىنىڭ يوقلىقىنى) ئوچۇق قىلىپ بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بەزىلەر تەرىپىدىن رەسۇلنىڭ قۇرئاننى ئىزاھلاش ۋەزىپىسىنىڭ بارلىقى

ئىلگىرى سۈرۈلگەن. رەسۇلنىڭ «بايان» ۋەزىپىسى بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەردىكى «بايان» كەلىمىسىگە «ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش» مەنىسىنى بېرىپ، بۇ ئايەتلەر (بولۇپمۇ نەھل سۈرىسى 44-ئايەت) خاتا تەرجىمە قىلىنغان. ھالبۇكى، «بايان» سۆزىگە «ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش» مەنىسىنى بەرگىلى بولمايدۇ.

رەسۇلنىڭ بايان ۋەزىپىسىنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەر ۋە بۇ ئايەتلەرنىڭ توغرا مەنىسى تۆۋەندىكىچە:

وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ

«ئۇلارنىڭمۇ ئويلىنىشى ئۈچۈن ساڭا بۇ زىكىر (قۇرئان)نى، ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغاننى كىشىلەرگە بايان قىلىپ بەرسۇن دەپ چۈشۈردۇق» (نەھل سۈرىسى، 44-ئايەت).

وَنَزَّلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ تِبْيَانًا لِكُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً وَبُشْرَى لِلْمُسْلِمِينَ

«ساڭا بۇ كىتابنى ھەر نەرسىنىڭ بايانى، ھىدايەت، رەھمەت ۋە مۇسۇلمانلارغا خۇشخەۋەر بولسۇن دەپ نازىل قىلدۇق» (نەھل سۈرىسى، 89-ئايەت).

بۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن مەزكۇر ئايەتلەرگە ئومۇمەن مۇنداق (خاتا ھالدا) مۇنداق مەنە بېرىلگەن[1]:

«كىشىلەرگە، ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغاننى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ۋە تەپەككۇر قىلىپ چۈشەنسۇن دەپ ساڭىمۇ بۇ قۇرئاننى چۈشۈردۇق» (نەھل سۈرىسى، 44-ئايەت).

«ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ كىتابنىمۇ ساڭا ھەر نەرسە ئۈچۈن بىر ئىزاھات، بىر ھىدايەت ۋە رەھمەت بولىقى ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر خۇشخەۋەر قىلىپ نازىل قىلدۇق» (نەھل سۈرىسى، 89-ئايەت).

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئايەتلەردىكى «بايان» كەلىمىسىگە «چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش» مەنىسى بېرىلگەن ۋاقىتتا، ئىچىدە «بايان» كەلىمىسى ئۆتكەن بۇ ئىككى ئايەت ئوتتۇرىسىدا زىتلىق مەيدانغا كېلىدۇ. نەھل سۈرىسى 89-ئايەتتە قۇرئان ئۈچۈن «ھەر نەرسىنىڭ ئىزاھاتى، چۈشەندۈرۈلىشى» دېيىلگەن تۇرۇپ، نەھل سۈرىسى 44-ئايەتتە رەسۇلۇللاھقا نېمە ئۈچۈن «قۇرئاننى چۈشەندۈر»

(1) http://www.Kur'an meali.com/index.asp Diyanet Vakfı Meali

دېيىلىدۇ؟ ھەر نەرسىنى چۈشەندۈرگەن بىر كىتابنىڭ ئىزاھلاشقا ھاجىتى بولامدۇ؟ ياكى ئىزاھلاشقا موھتاج بولغان بىر كىتاب ھەر نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟ ئايەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىتلىق مەۋجۇت ئەمەسلىكى نەزەردە تۇتۇلغاندا، (دېمەك) مەزكۇر ئايەتلەرگە بېرىلگەن مەنىلەر خاتا. يەنى، زىتلىق ئايەتلەردە ئەمەس، بەلكى بېرىلگەن مەنىلەردە، تەرجىمىدە سادىر بولغان.

نەھل سۈرىسى 89-ئايەت، قۇرئان ئۈچۈن «ھەر نەرسىنىڭ بايانى» دەيدۇ. قۇرئان ئۈچۈن ئەلۋەتتە «ھەر نەرسىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى» دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن بۇنى مەزكۇر ئايەتكە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى قۇرئاننىڭ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن (مۇفەسسەل) بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن باشقا ئايەتلەرنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ دېيىشكە بولىدۇ. قۇرئاننىڭ «چۈشەندۈرۈلگەن (ئايەتلىرى) تەپسىل (ئىزاھلانغان) كىتاب» ئىكەنلىكى ئەنئام سۈرىسى 114، يۇنۇس سۈرىسى 37، يۇسۇف سۈرىسى 111، ھۇد سۈرىسى 1 ۋە 2، فۇسسىلەت سۈرىسى 3 ۋە 44-ئايەتلەردە «تەفسىل» كەلىمىسى بىلەن بىلدۈرۈلگەن. بۇ ئايەتلەردە، قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن تەپسىلىي ھالدا چۈشەندۈرۈلگەنلىكى، بۇنى ئاللاھتىن غەيرىنىڭ قىلالمايدىغانلىقى، قۇرئاننىڭ دىن مەسىلىسىدە ھەر نەرسىنى تەپسىل قىلغانلىقى ئوچۇق ھالدا بىلدۈرۈلگەن. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان چۈشەندۈرۈشكە، ئىزاھلاشقا موھتاج بولىدىغان بىر كىتاب ئەمەس، بەلكى ھەر نەرسىنى چۈشەندۈرگەن، ئىزاھلاپ بەرگەن كىتابتۇر. رەسۇل، ئۆزىگە نازىل قىلىنغان بۇ كىتاب ئارقىلىق بايانات بېرىپ، ھەممە نەرسىنى بىلدۈرگەن. مانا بۇ رەسۇلنىڭ «بايان» ۋەزىپىسىدۇر.

رەسۇلغا بېرىلگەن ۋەزىپە ئايەتلەرنى تەپسىل (تەپسىر) قىلىش ئەمەس، تەبلىغ (تەبيىن) قىلىشتۇر. رەسۇل ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان بۇ ۋەزىپە دائىرىسى ئىچىدە ئايەتلەرنى يۇشۇرماستىن بىلدۈرىدۇ (بايان قىلىدۇ). ئۇ، ئايەتلەرنى تەبلىغ ۋەزىپىسى دائىرىسى ئىچىدە بىلدۈرىدۇ. يەنى، رەسۇل ئايەتلەرنى ئىزاھلىمايدۇ، ئوچۇق، روشەن ھالدا بىلدۈرىدۇ. چۈنكى «بايان» قىلىش، كىتابنى ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى «كىتابتىكى مەلۇماتلارنى يوشۇرماسلىق، ئايەتلەرنى ئاشكارا ھالدا بىلدۈرۈش» دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ قۇرئاننىڭ «بايان» كەلىمىسىگە بەرگەن مەنىسىدۇر. «بايان» كەلىمىسىنىڭ لۇغەت مەنىسىمۇ مۇشۇنداقتۇر. يەنى، «بىر شەيئىنىڭ ئۈستىدىكى يوپۇقنى ئېلىۋېتىپ ئاشكارا قىلىش؛ ئۇنى ئايرىم، ئوچۇق، ئېنىق، ئاشكارا، روشەن ھالغا

كەلتۈرۈش ياكى بىلگىلى بولىدىغان قىلىشتۇر»[1]. بۇ سەۋەبتىن قۇرئاننىڭ «بايان» كەلىمىسىگە بەرگەن مەنىسى بىلەن لۇغەت مەنىسى ئوخشاشتۇر. يەنى، «مەخپىي قالغان بىر مەلۇماتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، ئۇنى روشەن ھالغا كەلتۈرۈش» دېگەنلىكتۇر. ئەسلىدە «بايان» كەلىمىسى بۇ مەنىسى بىلەن (مەلۇماتلارنى يوشۇرماسلىق، بىلدۈرۈش مەنىسىدە) تىلىمىزدىمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «ئىجارە كىرىمىمنى بايان قىلدىم (بىلدۈردۈم)»، «بايانامە بەردىم»، «كىرىمىمنى بايان قىلدىم (بىلدۈردۈم)» دېگەنىدەك، بۇ ئىپادىلەر «كىرىمىمنى يوشۇرمىدىم ۋە بىلدۈردۈم» دېگەنلىكتۇر. كۈندىلىك تۇرمۇشتا بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە باج تاپشۇرغۇچىلارغا «كىرىمىڭىزنى بايان قىلىڭ» دەپ چاقىرىق قىلىنىدۇ. بۇ چاقىرىق «كىرىمىڭىزنى يوشۇرماڭ، بايانامە جەدۋىلىنى تولدۇرۇپ باج ئىدارىسىغا بىلدۈرۈڭ» دېگەنلىكتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئايەتلەردىكى «بايان» كەلىمىسىنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى تىلىمىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان «بايان» كەلىمىسى بىلەن ئايەتلەردىكى «بايان» كەلىمىسى ئوخشاش مەنە (يوشۇرماستىن بىلدۈرۈش)نى ئىپادىلەيدۇ. يەنى، بىز «بايان» كەلىمىسىنى قۇرئاننىڭ مەزكۇر كەلىمىگە بەرگەن مەنىسى بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىمىز.

قۇرئاننىڭ «بايان» كەلىمىسىگە «يوشۇرۇشنىڭ زىتى» سۈپىتىدە «مەلۇماتنى يوشۇرماسلىق، بىلدۈرۈش» مەنىسىنى بەرگەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

**إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنْزَلْنَا مِنَ الْبَيِّنَاتِ وَالْهُدَى مِنْ بَعْدِ مَا بَيَّنَّاهُ لِلنَّاسِ فِي الْكِتَابِ أُولَئِكَ يَلْعَنُهُمُ اللَّهُ وَيَلْعَنُهُمُ اللَّاعِنُونَ**

«نازىل قىلغان روشەن دەلىللەرنى ۋە ھىدايەتنىڭ ئۆزى بولغان ئايەتلەرنى كىشىلەر ئۈچۈن بىز كىتابتا بايان قىلغاندىن كېيىن (ئۇنى) يوشۇرىدىغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ، لەنەت قىلغۇچىلارمۇ لەنەت قىلىدۇ» (بەقەرە سۈرىسى، 159 ـ ئايەت).

(1) راغىپ ئەل ـ ئىسفاھانى، «مۇفرەدات»، 257 ـ 258 ـ بەت؛ فۇئاد ئابدۇلباقىنىڭ «ئەل ـ مۇجەمۇل مۇفەھرەس لى ئەلفازىل ـ قۇرئانىل كەرىم» ناملىق ئەسىردە قىلغان تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا (دارۇل ـ كۇتۇبىل مىسرىييە، قاھىرە، ھىجرى 1364، 141 ـ بەت)، قۇرئاندا «ب ـ ي ـ ن» سۆز تومۇرىدىن تۈرلىنىپ چىققان «تەيىن» كەلىمىسى 36 قېتىم تىلغا ئېلىنغان ۋە بۇلارنىڭ 29 ى ئاللاھقا، بەشى نەبىلەرگە، ئىككىسى ئەھلى كىتابقا قارىتىلغان. يەنى، قۇرئاندىكى بايان كەلىمىسى ۋە ۋارىيانتلىرى ئاساسەن دېگۈدەك ئاللاھقا قارىتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئاندا 119 قېتىم تىلغا ئېلىنغان «مۇبىن» كەلىمىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى، 52 ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «بەييىنات» كەلىمىسى، 19 ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «بەييىنە» كەلىمىسىنىڭ كۆپ سانلىقى، 3 ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «مۇبەييىنات» كەلىمىسى ۋە بىرەر ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «تىبيان» ۋە «مۇستەبىن» كەلىمىلىرىمۇ چۈشەندۈرۈشنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ (سەۋىم گەلگەچ، دىنى بىلىملەر ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلى، ج 15، 1 ـ سان 2015، 299 ـ 275 ـ بەتلەردىن ئېلىندى)

**وَإِذْ أَخَذَ اللَّهُ مِيثَاقَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ لَتُبَيِّنُنَّهُ لِلنَّاسِ وَلَا تَكْتُمُونَهُ فَنَبَذُوهُ وَرَاءَ ظُهُورِهِمْ وَاشْتَرَوْا بِهِ ثَمَنًا قَلِيلًا فَبِئْسَ مَا يَشْتَرُونَ**

«ئاللاھ، كىتاب بېرىلگەنلەردىن: ‹ئۇنى (كىتابنى) چوقۇم كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە يوشۇرمايسىلەر› دەپ ۋەدە ئالغانىدى. ئۇلار بولسا بۇنى (ۋەدىنى) ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى ۋە ئۇنى ئازغىنە دۇنيالىق مەنپەئەتكە تېگىشتى. (ئۇلارنىڭ) بۇ سودىسى نېمە دېگەن قەبىھ!» (ئالئىمران سۈرىسى، 187 ـ ئايەت).

**قُلْ مَنْ اَنْزَلَ الْكِتَابَ الَّذ۪ي جَٓاءَ بِه۪ مُوسٰى نُوراً وَهُدًى لِلنَّاسِ تَجْعَلُونَهُ قَرَاط۪يسَ تُبْدُونَهَا وَتُخْفُونَ كَث۪يراً وَعُلِّمْتُمْ مَا لَمْ تَعْلَمُٓوا اَنْتُمْ وَلَٓا اٰبَٓاؤُكُمْ**

«... ئېيتقىنكى: ‹مۇسانىڭ كىشىلەرگە نۇر ۋە ھىدايەت رەھبىرى سۈپىتىدە ئېلىپ كەلگەن كىتابىنى كىم نازىل قىلدى؟ سىلەر ئۇنى پارچىلار ھالىتىدە يازاتتىڭلار، (خالىغان) قىسمىنى ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىسىلەر. سىلەر ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار (ئۇ كىتاب ئارقىلىق) بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىسىلەر› ...» (ئەنئام سۈرىسى، 91 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە «بايان» كەلىمىسى «يوشۇرۇشنىڭ زىتى» سۈپىتىدە، يەنى «بىلدۈرۈش» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. رەسۇلۇللاھ ئۆزىگە ۋەھيي قىلىنغان ئايەتلەرنى ئوقۇش (بىلدۈرۈش) ئارقىلىق ئەھلى كىتاب يوشۇرغان مەلۇماتلارنى (ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ئايەتلىرىنى) ئوتتۇرىغا چىقارغان ۋە ئۇلارنى ئوچۇق ھالغا كەلتۈرگەن. بۇنى كىتابى مۇبىن (روشەن، ئوچۇق كىتاب) بولغان قۇرئان ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرگەن:

**يَٓا اَهْلَ الْكِتَابِ قَدْ جَٓاءَكُمْ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمْ كَث۪يراً مِمَّا كُنْتُمْ تُخْفُونَ مِنَ الْكِتَابِ وَيَعْفُوا عَنْ كَث۪يرٍ قَدْ جَٓاءَكُمْ مِنَ اللّٰهِ نُورٌ وَكِتَابٌ مُب۪ينٌ**

«ئى ئەھلى كىتاب! سىلەرگە رەسۇلىمىز كەلدى. سىلەر كىتابتىن يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، نۇرغۇنىدىن ۋاز كەچكەن، سىلەرگە ئاللاھتىن نۇر، يەنى روشەن كىتاب كەلدى» (مائىدە سۈرىسى، 15 ـ ئايەت).

دېمەك، رەسۇلۇللاھ قۇرئاننى ئوچۇق (مۇبىن) ھالغا كەلتۈرمىگەن، ئەكسىچە روشەن بولغان كىتاب قۇرئاننى (كىتابى مۇبىننى) بىلدۈرگەن. مۇبىن بولغان قۇرئاننىڭ ھېچقانداق بىر ئايىتىنى يوشۇرماستىن يەتكۈزگەن. بۇ ئارقىلىق ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ يوشۇرۇلغان قىسىملىرىنى ئۆز قوۋمىگە ئاشكارا قىلغان.

رەسۇللارنىڭ ئەۋەتىلىش مەقسىتىمۇ مانا بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر:

وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ رَسُولٍ إِلَّا بِلِسَانِ قَوْمِهِ لِيُبَيِّنَ لَهُمْ

«بىز ھەر رەسۇلنى ئۆز قوۋمىگە بايانات بېرىشى ئۈچۈن ئۆز قوۋمىنىڭ تىلى بىلەن ئەۋەتتۇق» (ئىبراھىم سۈرىسى، 4-ئايەت).

ئەمدى رەسۇلغا بېرىلگەن «بايان» ۋەزىپىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىش ئۈچۈن (ئومۇمەن خاتا مەنە بېرىلگەن) تۆۋەندىكى ئىككى ئايەتنى قايتا ئوقۇيلى:

وَنَزَّلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ تِبْيَانًا لِكُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً وَبُشْرَى لِلْمُسْلِمِينَ

«ساڭا بۇ كىتابنى ھەر نەرسىنىڭ بايانى، ھىدايەت، رەھمەت ۋە مۇسۇلمانلارغا خۇشخەۋەر بولسۇن دەپ نازىل قىلدۇق» (نەھل سۈرىسى، 89-ئايەت).

بِالْبَيِّنَاتِ وَالزُّبُرِ وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ

«ساڭا نازىل قىلىنغاننى ئىنسانلارغا بايان قىلىپ (يەتكۈزۈپ) بەرسۇن، ئۇلارمۇ تەپەككۇر قىلسۇن دەپ ساڭا بۇ زىكىر (قۇرئان)نى نازىل قىلدۇق» (نەھل سۈرىسى، 44-ئايەت).

بۇ ئايەتلەردە دىققىتىمىزنى تارتىدىغان مۇنداق بىر مۇھىم مەسىلە بار. رەسۇلۇللاھقا نازىل قىلىنغان كىتاب ئۈچۈن باشقا ئايەتلەردە «كىتاب» كەلىمىسى قوللىنىلغان بولسا، نەھل سۈرىسى 44-ئايەتتە قۇرئاننىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى بولغان «زىكىر» كەلىمىسى ئىشلىتىلگەن. بۇ نۇقتا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. چۈنكى ئايەتنىڭ مەزمۇنى بۇنى تەقەززا قىلغان. «زىكىر بولسا زىكىر قىلىش - ئەسلەش، ئەسلىتىش»[1] دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئان ئۆزىنى «ئەسلەتكۈچى (تەزكىرە)» دەپ تەرىپلەيدۇ[2]. قۇرئان بەزى مەلۇماتلارنى ئەسلىتىدۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئىنسان فىترىتىگە يەرلەشتۈرۈلگەن «رەببىنى بىلىش (تەۋھىد ئېڭى)»[3] ۋە ئىلگىرىكى كىتابلاردا بەرگەن مەلۇماتلار كېلىدۇ. قۇرئان ئىنسانلارغا نازىل قىلىنغان تۇنجى ئىلاھى كىتاب ئەمەس. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ (ئوخشاش مەنبەدىن) نازىل قىلىنغان كىتاب(لار) بولغان.

(1) مەھمەت ئوكۇيان، «قۇرئانى كەرىمدە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر»، 284-بەت

(2) ئەنئام سۈرىسى، 90؛ يۈسۈف سۈرىسى، 104؛ ئەنبىيا سۈرىسى، 50؛ ساد سۈرىسى، 87؛ نەجم سۈرىسى، 44-ئايەت ۋە باشقىلار

(3) ئەئراف سۈرىسى، 172-ئايەت

بۇ سەۋەبتىن قۇرئان ھەم پىترىتىمىزدىكى تەۋھىد ئېڭىنى، ھەم ئىلگىرىكى كىتابلار بىلدۈرگەن ھەقىقەتلەرنى ئەسلىتىدۇ (زىكىر، تەزكىرە). بۇ سەۋەبتىن نەھل سۈرىسى 44-ئايەت «ساڭا بۇ زىكىرنى نازىل قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بايانات بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىلدۈرۈپ، ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (ۋە ئەسلىدە پىترەت ھالىتىدە بىلگەن) ھەقىقەتلەرنى ئىنسانلارغا قايتا ئەسلەتكەيسەن، ئۇلارمۇ بۇلار ھەققىدە ئويلىنىپ ئەسلىگەي» دېگەن بولىدۇ. رەسۇل قۇرئان بىلەن بۇ ھەقىقەتلەرنى كىشىلەرگە تۇنجى قېتىم ئېلىپ كەلمىگەن. ئىلگىرى بىلدۈرۈلگەن بۇ ھەقىقەتلەرنى (زىكىر قىلىدۇ) ئەسلىتىدۇ[1]. قۇرئان ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىلاھى كىتابلارنى رەت قىلىدىغان ئەمەس، بەلكى تەستىقلايدىغان ۋە ئۇلارنى قوغدايدىغان كىتابتۇر[2]. ئۇلاردا يەر ئالغان ھۆكۈملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەستىقلاش بىلەن بىرگە، بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئوخشىشى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىغا ئالماشتۇرىدۇ (نەسىھ قىلىدۇ)[3]. بۇ ئارقىلىق ئىلگىرىكى كىتابلارنى ھەم تەستىقلايدۇ، ھەم مۇھاپىزەت قىلىدۇ[4]. بۇ سەۋەبتىن زىكىر (تەزكىرە) بولغان قۇرئان، ئىلگىرىكى كىتابلاردىكى يوشۇرۇلغان (ئەھلى كىتاب - ئۆلىمالار يوشۇرغان)[5] ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىپ، ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغانىنى كىشىلەرگە ئەسلىتىدۇ، ئۇلارنى ئايدىڭ ھالغا كەلتۈرىدۇ. چۈنكى قۇرئان «بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن باياندۇر»[6].

يەنى، قۇرئان «بايان قىلىنغان بىر كىتاب» ئەمەس، بەلكى «بايان قىلغان بىر كىتاب»تۇر. بۇ سەۋەبتىن نەھل سۈرىسى 44-ئايەتتە رەسۇلغا ئېيتىلغانىنى «كىتابنى بايان قىل» شەكلىدە ئەمەس، ئەكسىچە «كىتاب بىلەن بايان قىل» شەكلىدە چۈشىنىش كېرەك. يەنى، رەسۇلغا «ساڭا بۇ كىتابنى ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغانىنى كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن نازىل قىلدۇق. كىشىلەرگە نېمە نازىل قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ كىتاب بىلەن بايانات بەر، ئۇلارغا بۇ كىتاب بىلەن بىلدۈر» دېيىلگەن بولۇپ، «ساڭا بۇ كىتابنى بەردۇق، بۇ كىتابنى ئىزاھلىغىن (چۈشەندۈرگىن)» دېيىلمىگەن.

(1) ئەئراف سۈرىسى، 1؛ زۇخرۇف سۈرىسى، 44؛ سەف سۈرىسى، 87؛ قەلەم سۈرىسى، 52؛ ھاققە سۈرىسى، 48؛ مۇددەسسىر سۈرىسى، 31-ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 41؛ ئالئىمران سۈرىسى، 81؛ ئەنئام سۈرىسى، 92؛ يۇنۇس سۈرىسى، 37؛ يۇسۇف سۈرىسى، 111-ئايەت

(3) بەقەرە سۈرىسى، 106-ئايەت

(4) مائىدە سۈرىسى، 48-ئايەت

(5) ئالئىمران سۈرىسى، 187-ئايەت

(6) ئالئىمران سۈرىسى، 187-ئايەت

ئەگەر بىر كىتاب چۈشەندۈرۈشكە موھتاج بولسا (ئايەتلەر ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن قۇرئان ھەققىدە ھەرگىز بۇنداق دېگىلى بولمايدۇ)، ئۇ كىتابنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن قوشۇمچە باشقا مەلۇماتلارغا (تەپسىلاتلارغا) ئېھتىياج بار دېگەنلىكتۇر. بۇ قوشۇمچە مەلۇمات، مەسىلەن بىر لۇغەت ياكى پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولغاندەك، قوشۇمچە بىر كىتاب بولۇشىمۇ مۇمكىن. مانا بۇ قۇرئان ئىلگىرىكى ئىلاھى كىتابلارغا ئىلاۋە قىلىپ ئەۋەتىلگەن (بېرىلگەن) ئاخىرقى ۋە مۇپەسسەل بىر كىتابتۇر. ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى بايان قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھقا «ساڭا قۇرئاننى چۈشەندۈرۈشۈڭ ئۈچۈن قۇرئانغا ئىلاۋە قىلىپ بۇ مەلۇماتلارنى بېرىۋاتىمىز» دېيىلمىگەن. «ساڭا بۇ قۇرئاننى بېرىۋاتىمىز، ئۇنىڭ بىلەن بايانات بېرىپ ئىلگىرىكى كىتابلاردا يوشۇرۇلغان تەلىماتلارنى ئۇتتۇرىغا چىقارغىن، ئۇلارنى ئاشكارا ھالغا كەلتۈرگىن» دېيىلگەن. ئۇنداقتا رەسۇل قۇرئان بىلەن بايانات بەرگەن ۋە بۇ ئارقىلىق (قۇرئاننى ئەمەس) ئىلگىرىكى كىتابلارنى چۈشەندۈرگەن.

**وَمَا كَانَ هٰذَا الْقُرْاٰنُ اَنْ يُفْتَرٰى مِنْ دُونِ اللّٰهِ وَلٰكِنْ تَصْدٖيقَ الَّذٖي بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصٖيلَ الْكِتَابِ لَا رَيْبَ فٖيهِ مِنْ رَبِّ الْعَالَمٖينَ**

«بۇ قۇرئان ئاللاھتىندۇر، ئۇنىڭدىن باشقىسى ئۇنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنى تەستىق قىلىدۇ ۋە كىتابنى بايان قىلىدۇ (تەپسىلىي ھالدا چۈشەندۈرىدۇ). ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر. ئۇ، ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر» (يۇنۇس سۈرىسى، 37-ئايەت).

دېمەك، قۇرئان ئىزاھلانغان ئەمەس، بەلكى ئۆزى بارلىق كىتابلارنى ئىزاھلاپ بەرگەن (مۇپەسسەل) بىر كىتابتۇر. ئۇ، ئۆزىنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان ئىلاۋە كىتاب (مەلۇمات)قا موھتاج ئەمەس. چۈنكى ئۇ ھەم بايانات، ھەم تەپسىلاتتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان بىلەن بايان قىلىش ۋەزىپىسى بەرگەن ئايەتلەردە «ساڭا بۇ كىتابنى نازىل قىلدۇقكى،...» ئىبارىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم بىرلىك شەخس ئالمىشى ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما بەزى ئايەتلەردە[1] رەسۇل كەلىمىسى ئىشلىتىلگەن. ھېچبىرىدە «نەبى» كەلىمىسى ئىشلىتىلمىگەن. رەسۇل، ئايەتلەرنى قوشۇپ قويماستىن ياكى كېمەيتىۋەتمەستىن (ئۆز پېتى) تەبلىغ قىلىدىغان ئەلچىدۇر. ئەلچى كىتابنى تەبلىغ قىلىدۇ. ئەلچى (باشقا بىر نەرسە بىلەن ئەمەس) پەقەت كىتاب بىلەن بايانات بېرىدۇ. چۈنكى ئۆزگە

---

(1) مائىدە سۈرىسى، 15 ۋە ئىبراھىم سۈرىسى 4-ئايەت

ۋەھىي قىلىنغان بۇ كىتاب ھەر نەرسە ھەققىدە ئىزاھاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان[1]. ئۇ باشقا بىر ئىزاھات مەنبەسىگە موھتاج ئەمەس.

دېمەك، ئاللاھ تائالا رەسۇلغا ئۆزىگە نازىل قىلغان روشەن كىتاب (كىتابى مۇبىن) بىلەن بايانات بېرىشنى ۋە بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىلگىرى نازىل قىلغان، لېكىن ئەھلى كىتاب يوشۇرغان ھەقىقەتلەرنى ئاشكارا، ئوچۇق ھالغا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇغان. رەسۇلۇللاھ، ھەم ئۆزىگە ۋەھىي قىلىنغان ئايەتلەرنى (ساقلاتماستىن) بارلىق كىشىلەرگە جانلىق ھالدا تەبلىغ قىلغان، ھەم ئۆزىدىن سورالغان سوئاللارغا قۇرئان بىلەن بايانات بەرگەن. بۇ ئارقىلىق يوشۇرۇلغان ھەقىقەتلەرنى كىتابى مۇبىن ئارقىلىق قايتىدىن ئاشكارا ھالغا كەلتۈرگەن. چۈنكى قۇرئان بارلىق ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن باياناتتۇر.

الٓرٰ تِلْكَ اٰيَاتُ الْكِتَابِ وَقُرْاٰنٍ مُبِينٍ

«ئەلىف، لام، را. مانا بۇلار كىتابنىڭ ۋە روشەن (مۇبىن) قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدۇر» (ھىجر سۈرىسى، 1 ـ ئايەت).

تِلْكَ اٰيَاتُ الْكِتَابِ الْمُبِينِ

«مانا بۇلار روشەن (مۇبىن) كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر» (قەسەس سۈرىسى، 2 ـ ئايەت).

هٰذَا بَيَانٌ لِلنَّاسِ

«بۇ (قۇرئان، بارلىق) ئىنسانلارغا (ئەۋەتىلگەن) باياندۇر» (ئالئىمران سۈرىسى، 138 ـ ئايەت).

قۇرئاننىڭ روشەن (مۇبىن) كىتاب ئىكەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، رەسۇلۇللاھقا «بۇ قۇرئاننى روشەن (مۇبىن) ھالغا كەلتۈر» دېيىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭغا «بۇ قۇرئاننى بايان قىل» ئەمەس، بەلكى «قۇرئان بىلەن بايان قىل» دېيىلگەن. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلغا بېرىلگەن «بايان» ۋەزىپىسىنى «كىشىلەرگە كىتابى مۇبىن بىلەن بايانات بەر» دەپ چۈشىنىش كېرەك. رەسۇل ئۆز خاھىشى بويىچە بايانات بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھتىن ئالغان روشەن كىتابنى تەبلىغ قىلىش، روشەن كىتابنىڭ باياناتلىرىنى ئوقۇپ بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى قۇرئاننى بايان قىلىش (چۈشەندۈرۈش) ھوقۇقى ئاللاھقا ئائىتتۇر.

(1) ئەنئام سۈرىسى، 114؛ يۇنۇس سۈرىسى، 37؛ ھۇد سۈرىسى، 1؛ يۇسۇف سۈرىسى، 111؛ نەھل سۈرىسى، 89؛ فۇسسىلەت سۈرىسى، 3، 44 ـ ئايەت

وَكَذٰلِكَ نُصَرِّفُ الْاٰيَاتِ وَلِيَقُولُوا دَرَسْتَ وَلِنُبَيِّنَهُ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ

«(ئۇلارنىڭ): ‹سەن ھەقىقەتەن بۇلارنى (باشقا بىرسىدىن) ئۆگەندىڭ› دېيىشى ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلىي ھالدا چۈشەندۈرىمىز ۋە (بىزمۇ) چۈشىنىدىغان بىر قەۋم ئۈچۈن ئۇلارنى بايان قىلىپ بەرگەن بولىمىز» (ئەنئام سۈرىسى، 105 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتكە ئاساسەن:

1. ئاللاھ ئايەتلىرىنى سەررافتەك (تەپسىلىي) چۈشەندۈرگەن.

2. رەسۇل، ئاللاھ ئىزاھلىغان ۋە بۇ كىتابتا يەر ئالغان مەزكۇر چۈشەندۈرۈشلەرنى ئوقۇپ بەرگەن.

3. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلغا «سەن ھەقىقەتەن ئۆگىنىپ سەن» دېيىشكەن.

4. نەتىجىدە بۇ ئارقىلىق ئايەتلەر بايان قىلىنغان.

ئۇنداقتا رەسۇل قۇرئاندىن ئوقۇپ بەرگەن بۇ ئايەتلەر (بايانلار) ئۇنىڭ ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغان ئىزاھاتلاردۇر. بۇلاردىن شۇنى روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «بايان» پائالىيىتى ماھىيەت جەھەتتە تەبلىغدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. تەبلىغ قىلىنغان ھەر قۇرئان ئايىتى يوشۇرۇلغان ئىلگىرىكى ئايەتلەر (تەۋرات ۋە ئىنجىل)نى ئاشكارا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئوپئوچۇق ھالغا كەلتۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ھېچكىم يوشۇرالمايدۇ. چۈنكى ۋەھيىنى بايان قىلىش (يوشۇرۇلغان ئايەتلەرنى ئاشكارا قىلىش) ۋە ئۇلارنى روشەن ھالغا كەلتۈرۈش ئىلاھى كاپالەت ئاستىغا ئېلىنغان.

قۇرئاننىڭ «بايان» كەلىمىسىگە بەرگەن مەنىسىنى ئىزاھلىغاندىن كېيىن، رەسۇلنىڭ «بايان (تەبيىن) ۋەزىپىسىنى بىلدۈرگەن ۋە «ساڭا كىتابنى نازىل قىلدۇقكى،...» جۈملىسى بىلەن باشلانغان ئايەتلەرنى ئوقۇيمىز. لېكىن بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇشتىن بۇرۇن (ئىچىدە «بايان» كەلىمىسى بولمىغان)، «ساڭا كىتابنى نازىل قىلدۇقكى،...» شەكلىدە باشلانغان تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى بىرلىكتە ئوقۇپ چىقايلى (بۇ ئارقىلىق سېلىشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولىمىز):

اِنَّٓا اَنْزَلْنَٓا اِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِتَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِ بِمَٓا اَرٰيكَ اللّٰهُ وَلَا تَكُنْ لِلْخَٓائِن۪ينَ خَص۪يماًۙ

«سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىدە

تۇرمىغىن» (نىسا سۈرىسى، 105-ئايەت).

كِتَابٌ اَنْزَلْنَاهُ اِلَيْكَ لِتُخْرِجَ النَّاسَ مِنَ الظُّلُمَاتِ اِلَى النُّورِ بِاِذْنِ رَبِّهِمْ اِلٰى صِرَاطِ الْعَزِيزِ الْحَمِيدِ

«بۇ كىتابنى ساڭا، رەببىڭنىڭ ئىزنى بىلەن (ئۇ كىتاب ئارقىلىق) كىشىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىشىڭ، ئۇلارنى ئىزىز ۋە ھەمىد بولغان ئاللاھنىڭ يولىغا باشلىشىڭ ئۈچۈن نازىل قىلدۇق» (ئىبراھىم سۈرىسى، 1-ئايەت).

وَهٰذَا كِتَابٌ اَنْزَلْنَاهُ مُبَارَكٌ مُصَدِّقُ الَّذِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَلِتُنْذِرَ اُمَّ الْقُرٰى وَمَنْ حَوْلَهَا

«ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنى تەستىق قىلغان بۇ مۇبارەك كىتابنى، شەھەرلەرنىڭ ئانىسى (مەككە) ئاھالىسىنى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى (ئۇنىڭ بىلەن) ئاگاھلاندۇرسۇن دەپ ساڭا نازىل قىلدۇق» (ئەنئام سۈرىسى، 92-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە رەسۇلغا «ساڭا نازىل قىلغان بۇ كىتاب بىلەن ھۆكۈم بەر، بۇ كىتاب بىلەن ئاگاھلاندۇر ۋە بۇ كىتاب بىلەن يورۇقلۇققا چىقار» دېيىلگەن. ئەمدى ئوخشاش جۈملە شەكلى بىلەن كەلگەن، يەنى «كىتابۇن ئەنزەلناھۇ، ئەنزەلنا ئىلەيكە» ئىبارىسى بىلەن كەلگەن ۋە رەسۇلغا «بايان» ۋەزىپىسى بەرگەن ئايەتلەرنى (قايتا) ئوقۇپ چىقايلى:

وَمَا اَنْزَلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ اِلَّا لِتُبَيِّنَ لَهُمُ الَّذِي اخْتَلَفُوا فِيهِ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ

«بىز بۇ كىتابنى پەقەت سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار دەتالاش قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ (دەتالاشنى بۇ كىتاب بىلەن ھەل قىلىپ) بېرىشىڭ ئۈچۈن، شۇنداقلا (بۇ كىتاب) ئىمان ئېيتقان قوۋمغا ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق» (نەھل سۈرىسى، 64-ئايەت).

وَنَزَّلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ تِبْيَانًا لِكُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً وَبُشْرٰى لِلْمُسْلِمِينَ

«ساڭا بۇ كىتابنى ھەر نەرسىنىڭ بايانى، ھىدايەت، رەھمەت ۋە مۇسۇلمانلارغا خۇشخەۋەر بولسۇن دەپ نازىل قىلدۇق» (نەھل سۈرىسى، 89-ئايەت).

وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ

«ئۇلارنىڭمۇ ئويلىنىشى ئۈچۈن ساڭا بۇ زىكىر (قۇرئان)نى، ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغاننى كىشىلەرگە بايان قىلىپ بەرسۇن دەپ چۈشۈردۇق» (نەھل سۈرىسى، 44-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەسۇل ئۆزىگە نازىل

قىلىنغان بۇ كىتاب بىلەن بايانات بېرىدۇ، دەتالاشلارنى بۇ كىتاب بىلەن ھەل قىلىدۇ. يەنى، يىغىنچاقلىغاندا:

بۇ كىتابنىڭ ئىچىدىكى ئىختىلاپلارنى ھەل قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئىختىلاپلارنى بۇ كىتاب بىلەن ھەل قىلىدۇ (نەھل سۈرىسى، 64 ـ ئايەت).

بۇ كىتاب ھەققىدە ھۆكۈم بەرمەيدۇ، بەلكى بۇ كىتاب بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ (نىسا سۈرىسى، 105؛ بەقەرە سۈرىسى، 213؛ ھەدىدى سۈرىسى، 25 ـ ئايەت).

بۇ كىتابنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقارمايدۇ، ئەكسىچە ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا بۇ كىتاب بىلەن ئېلىپ چىقىدۇ (ئىبراھىم سۈرىسى، 1 ـ ئايەت).

بۇ كىتاب ھەققىدە ئاگاھلاندۇرمايدۇ، بەلكى كىشىلەرنى بۇ كىتاب بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ (ئەنئام سۈرىسى، 92 ـ ئايەت).

بۇ كىتابنى بايان قىلمايدۇ (ئىزاھلىمايدۇ)، ئەكسىچە كىشىلەرگە باياناتنى بۇ كىتاب بىلەن بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەسلىدىنلا روشەن (مۇبىن) بولغان بۇ كىتاب بىلەن ھەر مەسىلىنى ئاشكارا (ئوپئوچۇق) ھالغا كەلتۈرىدۇ (مائىدە سۈرىسى، 15؛ نەھل سۈرىسى، 44 ۋە 89 ـ ئايەت).

كىشىلەرمۇ رەسۇل تەبلىغ قىلغان بۇ كىتاب ھەققىدە تەپەككۇر قىلىدۇ (نەھل سۈرىسى، 44؛ ساد سۈرىسى، 25 ـ ئايەت) ۋە پەقەت بۇ كىتابقا ئەگىشىپ نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ (مائىدە سۈرىسى، 16؛ ئەنئام سۈرىسى، 155؛ ئەئىراف سۈرىسى، 3 ـ ئايەت).

دېمەك، (ئومۇمەن خاتا مەنە بېرىلگەن) نەھل سۈرىسى 44 ـ ئايەتنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك:

ئىلگىرى نازىل قىلىنغان، لېكىن ئەھلى كىتاب يوشۇرغان ھەقىقەتلەرنى، ۋەھيى بىلدۈرگەن ھەقىقەتلەرنى كىشىلەرگە بايان قىلىشىڭ، ئۇلارنى ئاشكارا ھالغا كەلتۈرۈشۈڭ ئۈچۈن ساڭا بۇ زىكىر (قۇرئان)نى نازىل قىلدۇق. ئۇلارمۇ تەپەككۇر قىلغاي!

ئى رەسۇل! ساڭا بۇ كىتابنى ئۇنىڭ بىلەن بايانات بېرىشىڭ ۋە بۇ ئارقىلىق كىشىلەردىن يوشۇرۇلغان ھەقىقەتلەرنى ئوپئوچۇق (ئاشكارا) ھالغا كەلتۈرۈشۈڭ ئۈچۈن نازىل قىلدۇق. كىشىلەرگە بۇ كىتاب بىلەن بايانات بەرگىن، شۇنىڭ

بىلەن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان، لېكىن ئۇلاردىن يوشۇرۇلغان ھەقىقەتلەر ئوتتۇرىغا چىقسۇن (ئۇلارنى ئايەتلىرىمىز ئارقىلىق ئاشكارا قىل).

## بايان ۋەزىپىسى پەقەت رەسۇلغا بېرىلگەنمۇ؟

ئاللاھ، قۇرئاننى تەبلىغ (تەبيىن) ۋەزىپىسىنى ئالدى بىلەن رەسۇلۇللاھقا بەرگەن. لېكىن بۇ ۋەزىپە ئەسلىدە بارلىق مۇئمىنلەرگە بېرىلگەندۇر. چۈنكى قۇرئان پەقەت نازىل بولغان قوۋم ئۈچۈن ئەمەس، يېتىپ بارغان بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن (قىيامەتكىچە) يول كۆرسىتىدىغان كىتابتۇر.

**وَاُوحِيَ اِلَيَّ هٰذَا الْقُرْاٰنُ لِاُنْذِرَكُمْ بِهٖ وَمَنْ بَلَغَ**

«بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى» (ئەنئام سۈرىسى، 19-ئايەت).

**هٰذَا بَيَانٌ لِلنَّاسِ**

«بۇ (قۇرئان بارلىق) ئىنسانلارغا بایاندۇر» (ئالئىمران سۈرىسى، 138-ئايەت).

**اِنْ هُوَ اِلَّا ذِكْرٌ لِلْعَالَمٖينَ**

«شۈبھىسىزكى، بۇ (قۇرئان) ئەھلى جاھان ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر» (ساد سۈرىسى، 87-ئايەت).

قۇرئاننىڭ قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە كىتاب بولغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بۇ كىتابنىڭ كىشىلەرگە يەتكۈزۈلۈشى (بايان قىلىنىشى) بىز مۇئمىنلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسىدۇر. ئەكسىچە بولغاندا قۇرئان پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن قانداقمۇ ۋەز - نەسىھەت بولالايدۇ؟ ئۇنداقتا كىتابنى بايان قىلىش پەقەت رەسۇللارغىلا ئەمەس، بارلىق مۇئمىنلەرگىمۇ بېرىلگەن ۋەزىپىدۇر. مائىدە سۈرىسى 15-ئايەتتە، «ئى ئەھلى كىتاب! يوشۇرغان كىتابنىڭ كۆپ قىسمىنى بايان قىلغان، كۆپ قىسمىنى ئەپۇ قىلغان رەسۇلىمىز كەلدى» دېيىلگەن. ئەنئام سۈرىسى 91-ئايەتتە بولسا (ئەھلى كىتاب ئۈچۈن) «سىلەر كىتابنىڭ (بىر قىسمىنى) بايان قىلىپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىسىلەر» دېيىلگەن. يەنى مائىدە سۈرىسى 15-ئايەتتە رەسۇلغا قارىتىلغان پېئىل (بايان)، ئەنئام سۈرىسى 91-ئايەتتە ئەھلى كىتابقا قارىتىلغان. دېمەك، «بايان» ۋەزىپىسى پەقەت رەسۇللىرىڭلار ئەمەس، بەلكى بارلىق مۇئمىنلەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. بۇ خۇسۇس

تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان:

**وَاِذْ اَخَذَ اللّٰهُ مِيثَاقَ الَّذِينَ اُوتُوا الْكِتَابَ لَتُبَيِّنُنَّهُ لِلنَّاسِ وَلَا تَكْتُمُونَهُ فَنَبَذُوهُ وَرَٓاءَ ظُهُورِهِمْ وَاشْتَرَوْا بِهِ ثَمَناً قَلِيلاًۜ فَبِئْسَ مَا يَشْتَرُونَ**

«ئاللاھ، كىتاب بېرىلگەنلەردىن: ‹ئۇنى (كىتابنى) چوقۇم كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە يوشۇرمايسىلەر› دەپ ۋەدە ئالغانىدى. ئۇلار بولسا ئۇنى (ۋەدىنى) ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى ۋە ئۇنى ئازغىنە دۇنيالىق مەنپەئەتكە تېگىشتى. (ئۇلارنىڭ) بۇ سودىسى نېمە دېگەن قەبىھا!» (ئالئىمران سۈرىسى، 187 ـ ئايەت).

ئۇنداقتا كىتابنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئىزاھلىيالمايدىغانلىقى (ۋە بىزنىڭ كىتابنى ئىزاھلاپ بېرىشتىن ئىبارەت ھوقۇقىمىزنىڭ يوقلۇقى) نەزەرگە ئېلىنغاندا، «كىتابنى بايان قىلىش»نى «كىتابنى ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش» مەنىسىدە چۈشىنىش توغرا ئەمەس. ئەكسىچە بولغاندا بارلىق مۇئمىنلەرگە كىتابنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى بېرىلگەن بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ھوقۇق پەقەت ئاللاھقا ئائىتتۇر.

بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بولسا قۇرئاننى ئىزاھلاش ئەمەس، ئەكسىچە تەبلىغ قىلىشتۇر. يەنى، قۇرئان ئايەتلىرىنى كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرىش، ئۇلارنى يەتكۈزۈش ۋە دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق مەسىلىدە قۇرئان ئارقىلىق بايانات بېرىشتۇر. قۇرئاننى ئىزاھلاش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمەس، ھەمدە ھەددىمىزمۇ ئەمەس. چۈنكى قۇرئان، ئايەتلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن ئىزاھلانغان، ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن كىتابتۇر. ئاللاھ ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈرگەن ئايەتلەرنى كىم ۋە قايسى ھوقۇق بىلەن قوشۇمچە ئىزاھات بېرىدۇ؟ قۇرئاننى چۈشىنىشكە تىرىشىش باشقا، ئىزاھلاشقا ئۇرۇنۇش باشقا ئىشتۇر. بۇ ئىككى ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز قۇرئاننى چۈشىنىشكە تىرىشىش، چۈشەندۈرۈش ئەمەس.

## ئالەملەرگە رەھمەت بولغان رەسۇل

رەسۇلۇللاھ پۈتكۈل ئىنسانلارغا (ئالەملەرگە) ئەۋەتىلگەن ئەلچىدۇر:

**قُلْ يَٓا اَيُّهَا النَّاسُ اِنّ۪ي رَسُولُ اللّٰهِ اِلَيْكُمْ جَم۪يعاً**

«ئېيتقىنكى: ‹ئى ئىنسانلار! مەن ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن (رەسۇلمەن)› » (ئەئراف سۈرىسى، 158-ئايەت).

**وَمَا اَرْسَلْنَاكَ اِلَّا كَافَّةً لِلنَّاسِ بَشِيراً وَنَذِيراً وَلٰكِنَّ اَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ**

«(ئى رەسۇل!) سېنى بىز پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن پەقەت خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ» (سەبەئ سۈرىسى، 28-ئايەت).

قۇرئان، مۆئمىنلەر، ئىنسانلار ۋە ئالەملەر ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن رەھمەتتۇر[1]. ئۇنى بىزگە ئېلىپ كەلگەن رەسۇلمۇ ئەلۋەتتە ئالەملەرگە رەھمەت بولىدۇ.

**وَمَا اَرْسَلْنَاكَ اِلَّا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ**

«سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» (ئەنبىيا سۈرىسى، 107-ئايەت).

ئاللاھ تائالا، رەھمىتى سەۋەبىدىن دائىم رەسۇللار ئەۋەتكەن:

**حٰمٓ وَالْكِتَابِ الْمُبِينِ اِنَّا اَنْزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةٍ مُبَارَكَةٍ اِنَّا كُنَّا مُنْذِرِينَ فِيهَا يُفْرَقُ كُلُّ اَمْرٍ حَكِيمٍ اَمْراً مِنْ عِنْدِنَا اِنَّا كُنَّا مُرْسِلِينَ رَحْمَةً مِنْ رَبِّكَ اِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ**

«ھا، مىم. روشەن كىتاب (قۇرئان) بىلەن قەسەم قىلىمەن، بىز ئۇنى ھەقىقەتەن مۇبارەك بىر كېچىدە نازىل قىلدۇق. چۈنكى بىز ئاگاھلاندۇرغۇچىمىز. دەرگاھىمىزدىن بىر بۇيرۇق بىلەن ھەر ھېكمەتلىك ئىش ئۇ مۇبارەك كېچىدە ئايرىلىدۇ. رەببىڭنىڭ رەھمىتى سۈپىتىدە (ئەزەلدىن) دائىم رەسۇللارنى ئەۋەتتۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇ (ھەممە نەرسىنى) ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (دۇخان سۈرىسى، 1-6-ئايەتلەر).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، رىسالەت ۋەزىپىسى سايىسىدە، يەنى ئېلىپ كەلگەن قۇرئان بىلەن پۈتۈن ئىنسانلارغا (ئالەملەرگە) رەھمەت بولغان. بۇ ئايەتلەر (دۇخان سۈرىسى 1-6) پەقەت رەسۇلۇللاھنىڭلا ئەمەس، بەلكى رەببىمىز تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بارلىق رەسۇللارنىڭمۇ رەھمەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە. ئەنبىيا سۈرىسىنىڭ 107-ئايىتى بۇ ئەھۋالنى مەخسۇس ھالدا رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن بىلدۈرمەكتە. يەنى، رەھمەت بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى

(1) ئەنئام سۈرىسى، 90؛ ئەئراف سۈرىسى، 203؛ يۇنۇس سۈرىسى، 57؛ يۇسۇف سۈرىسى، 111؛ نەھل سۈرىسى، 64، 89؛ ساد سۈرىسى، 87-ئايەت

ئەمەس، قىلغان ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدۇر (رىسالەت، قۇرئان). ئەكسىچە بولغاندا، ئۇنىڭ رەھمەت بولۇش خاسلىقى ۋاپات بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا تەبلىغ قىلغان رىسالىتى (يەنى قۇرئان) قىيامەتكىچە ئالەملەرگە رەھمەت بولالمايتتى.

**وَمَا مُحَمَّدٌ اِلَّا رَسُولٌۚ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُۜ اَفَائِنْ مَاتَ اَوْ قُتِلَ انْقَلَبْتُمْ عَلٰٓى اَعْقَابِكُمْۜ وَمَنْ يَنْقَلِبْ عَلٰى عَقِبَيْهِ فَلَنْ يَضُرَّ اللّٰهَ شَيْـٔاًۜ وَسَيَجْزِي اللّٰهُ الشَّاكِرِينَ**

«مۇھەممەد پەقەت بىر ئەلچى (رەسۇل)دۇر. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ كۆپ ئەلچى (رەسۇل)لەر ئۆتكەن. ئەگەر ئۇ (مۇھەممەد) ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، سىلەر كەينىڭلارغا (بۇرۇنقى دىنىڭلارغا) يېنىۋالامسىلەر؟ كىمكى (مۇشۇنداق) يېنىۋالىدىكەن، ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكرى قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ» (ئالئىمران سۈرىسى، 144-ئايەت).

لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلىكى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا گۈزەل ئەخلاققا ئىگە ئىدى:

«شۈبھىسىزكى، سەن ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاق ئىگىسىسەن» (قەلەم سۈرىسى، 4-ئايەت).

ئالدىنقى پاراگرافلاردا نەبى ۋە رەسۇل ھەققىدە چۈشەنچىلەر بېرىلگەنىدى. بۇ پاراگرافتا بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەبى بولۇشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى مەزگىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەر كۆرسىتىپ ئۆتۈلىدۇ.

## نەبى بولۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋر

بۇ مەزگىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

**وَمَا كُنْتَ تَرْجُوا اَنْ يُلْقٰٓى اِلَيْكَ الْكِتَابُ**

«سەن بۇ كىتابنىڭ ساڭا ۋەھيي قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىڭ» (قەسەس سۈرىسى، 86-ئايەت).

**اَلَمْ يَجِدْكَ يَتٖيماً فَاٰوٰىۖ وَوَجَدَكَ ضَٓالاً فَهَدٰىۖ**

«ئۇ (رەببىڭ) سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟ قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟» (دۇھا سۈرىسى، 6-7-ئايەت).

وَكَذٰلِكَ اَوْحَيْنَٓا اِلَيْكَ رُوحاً مِنْ اَمْرِنَاۜ مَا كُنْتَ تَدْر۪ي مَا الْكِتَابُ وَلَا الْا۪يمَانُ

«شۇنىڭدەك ساڭىمۇ ئەمرىمىز بويىچە روھ (قۇرئان)نى ۋەھيي قىلدۇ. سەن (ئىلگىرى) كىتاب نېمە؟ ئىمان نېمە؟ بىلمەيتتىڭ» (شۇرا سۈرىسى، 52 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتلەردىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىگە كىتابنىڭ ۋەھيي قىلىنىدىغانلىقى (نەبى ـ رەسۇل بولىدىغانلىقى)دىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇنداق بىر مەلۇماتنىڭ ۋە تەمەيىنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەتتا، قۇرئان ۋەھيي قىلىنىشتىن ئىلگىرى كىتاب ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىتابنىڭ ۋەھيي قىلىنىشى بىلەن ئۆگەنگەنلىكى، بۇنىڭدىن بۇرۇن قايمۇقۇش (دال) ئىچىدە ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

بۇ ئايەتلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، نۇبۇۋۋەتتىن (نەبى بولۇشتىن) ئىلگىرىكى مەزگىل ھەققىدە توقۇلغان نۇرغۇن رىۋايەت ۋە ھېكايىلەر (ئۇنىڭ كائىنات يارىتىلىشتىن بۇرۇن يارىتىلغانلىقى، تۇغۇلۇشى ۋە بالىلىق مەزگىلىدە يۈز بەرگەن پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەر، ئۆزىنىڭ نەبى ـ رەسۇل بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقى... قاتارلىقلار)نىڭ توغرا ئەمەسلىكى مەلۇم بولماقتا.

## نۇبۇۋۋەتتىن كېيىنكى مەزگىل

قۇرئان، نەبى ـ رەسۇل مۇھەممەد (ئە س)نى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ:

«ئۇمۇ بىئولوگىيەلىك نۇقتىدىن خۇددى بىزگە ئوخشاش بىر بەشەر (ئىنسان)دۇر. لېكىن ئۇ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھتىن ۋەھيي ئالىدۇ ۋە ئالغان بۇ ۋەھيىنى كىشىلەرگە تەبلىغ قىلىدۇ. ۋەزىپىسى پەقەت ئالغان ۋەھيىنى تەبلىغ قىلىشتۇر. تەبلىغ قىلغان ئايەتلەر، مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن خۇشخەۋەرلەر، كاپىرلار ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئۇ، پەۋقۇلئاددە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئەمەس. ئۇ بىر ئىلاھ ئەمەس. ئۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش تاماق يەيدۇ، ئىچىدۇ ۋە كوچا ـ كويلاردا، بازاردا ئايلىنىدۇ. ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ۋاپات تاپىدىغان بولۇپ، ئەبەدى ياشىمايدۇ. ئۆزىدىن ئىلگىرىكى رەسۇللارغا ئوخشاش بىر كۈنى ۋاپات بولاتتى (ۋە ۋاپات بولدى). ئۇمۇ پەقەت ئاللاھتىن ئالغان ۋەھيىگە ئەگەشتى. ئۇنىڭ ۋەھيىدىن باشقا مەخپىي يېتەكچىسى بولمىدى. غەيبنى بىلمەيتتى، كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئۆتكەننى بىلمەيتتى. يالغان ئېيتقان مۇناپىقلارنى تونۇيالمىغانىدى. مۆجىزە

كۆرسىتىش ئۇنىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن بىرلا مۆجىزە بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ قۇرئان ئىدى. ئۇنىڭغا قۇرئاندىن باشقا مۆجىزە بېرىلمىدى». بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلدۈرگەن ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

قُلْ اِنَّمَٓا اَنَا۬ بَشَرٌ مِثْلُكُمْ يُوحٰٓى اِلَيَّ اَنَّـمَٓا اِلٰهُكُمْ اِلٰهٌ وَاحِدٌۚ فَمَنْ كَانَ يَرْجُوا لِقَٓاءَ رَبِّهٖ فَلْيَعْمَلْ عَمَلاً صَالِحاً وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهٖٓ اَحَداً

«ئېيتقىنكى: ‹مەنمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش بىر بەشەرمەن (ئىنسان). ماڭا ئىلاھىڭلارنىڭ يالغۇز بىر ئىلاھ ئىكەنلىكى ۋەھيى قىلىنىدى. كىمكى رەببى بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، سالىھ (ياخشى) ئىش قىلسۇن ۋە رەببىگە قىلغان ئىبادەتلىرىگە ھېچكىمنى ئورتاق (شېرىك) قىلمىسۇن› » (كەھف سۈرىسى، 110 ـ ئايەت).

قُلْ سُبْحَانَ رَبّ۪ي هَلْ كُنْتُ اِلَّا بَشَراً رَسُولاً

«ئېيتقىنكى: ‹ئاللاھ پاكتۇر، مەن پەقەت بەشەر (ئىنسان) بولغان رەسۇلمەن، خالاس› » (ئىسرا سۈرىسى، 93 ـ ئايەت).

وَقَالُوا مَا لِهٰذَا الرَّسُولِ يَأْكُلُ الطَّعَامَ وَيَمْش۪ي فِي الْاَسْوَاقِ لَوْلَٓا اُنْزِلَ اِلَيْهِ مَلَكٌ فَيَكُونَ مَعَهُ نَذ۪يراً

«ئۇلار مۇنداق دېدى: ‹(بىزگە ئوخشاش) يەپ ـ ئىچىدىغان ۋە بازاردا ئايلىنىپ يۈرىدىغان قانداق رەسۇل بۇ؟ ئۇنىڭغا قوشۇپ بىر پەرىشتە ئەۋەتىلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاگاھلاندۇرۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟› » (فۇرقان سۈرىسى، 7 ـ ئايەت).

وَمَا مُحَمَّدٌ إِلاَّ رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِ الرُّسُلُ أَفَإِن مَّاتَ أَوْ قُتِلَ انقَلَبْتُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ

«مۇھەممەد پەقەت بىر رەسۇلدۇر. ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ رەسۇللار ئۆتتى. ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟» (ئالئىمران سۈرىسى، 144 ـ ئايەت).

اِنَّكَ مَيِّتٌ وَاِنَّهُمْ مَيِّتُونَ

«شۈبھىسىزكى، سەنمۇ ۋاپات بولىسەن، ئۇلارمۇ ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ» (زۇمەر سۈرىسى، 30 ـ ئايەت).

قُلْ لَٓا اَقُولُ لَكُمْ عِنْد۪ي خَزَٓائِنُ اللّٰهِ وَلَٓا اَعْلَمُ الْغَيْبَ وَلَٓا اَقُولُ لَكُمْ اِنّ۪ي مَلَكٌۚ اِنْ اَتَّبِعُ اِلَّا مَا يُوحٰٓى اِلَيَّ

«ئېيتقىنكى: ‹مەن سىلەرگە مەندە ئاللاھنىڭ غەزىنىلىرى بار دېمەيمەن. مەن غەيبنىمۇ بىلمەيمەن. مەن بىر پەرىشتە دەپمۇ ئېيتالمايمەن. مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن› ...» (ئەنئام سۈرىسى، 50ـ ئايەت).

قُلْ مَا كُنْتُ بِدْعاً مِنَ الرُّسُلِ وَمَٓا اَدْرٖي مَا يُفْعَلُ بٖي وَلَا بِكُمْۜ اِنْ اَتَّبِعُ اِلَّا مَا يُوحٰٓى اِلَيَّ وَمَٓا اَنَا۬ اِلَّا نَذٖيرٌ مُبٖينٌ

«ئېيتقىنكى: ‹مەن رەسۇللارنىڭ تۇنجىسى ئەمەسمەن. ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن. مەن پەقەت ماڭا ۋەھيي قىلىنغان نەرسىگىلا ئەگىشىمەن. مەن پەقەت ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن› » (ئەھقاف سۈرىسى، 9ـ ئايەت).

قُلْ لَٓا اَمْلِكُ لِنَفْسٖي نَفْعاً وَلَا ضَراًّ اِلَّا مَا شَٓاءَ اللّٰهُۜ وَلَوْ كُنْتُ اَعْلَمُ الْغَيْبَ لَاسْتَكْثَرْتُ مِنَ الْخَيْرِۚ وَمَا مَسَّنِيَ السُّٓوءُ اِنْ اَنَا۬ اِلَّا نَذٖيرٌ وَبَشٖيرٌ لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ

«ئېيتقىنكى: ‹ئاللاھ خالىمىسا، ئۆزۈمگە پايدا يەتكۈزۈش ياكى زىياننى ئۆزۈمدىن يىراق قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام، ئۆزۈم ناھايىتى كۆپ مەنپەئەت ھاسىل قىلغان، زىيان ـ زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم. مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇشخەۋەر بەرگۈچىدۇرمەن› » (ئەئراف سۈرىسى، 188ـ ئايەت).

قُلْ إِنِّي لَا أَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلَا رَشَدًا قُلْ إِنِّي لَنْ يُجِيرَنِي مِنَ اللَّهِ أَحَدٌ وَلَنْ أَجِدَ مِنْ دُونِهِ مُلْتَحَدًا إِلَّا بَلَاغًا مِنَ اللَّهِ وَرِسَالَاتِهِ وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَإِنَّ لَهُ نَارَ جَهَنَّمَ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا

«ئېيتقىنكى: ‹مەن سىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر ئەمەسمەن› ».

«ئېيتقىنكى: ‹مېنى ئاللاھقا قارشى ھېچكىم قوغدىيالمايدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچ پاناھگاھمۇ تاپالمايمەن. مېنىڭ قىلغىنىم پەقەت (سىلەرگە) ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈش، ئۇنىڭ ئەۋەتكەنلىرىنى تەبلىغ قىلىشتۇر. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ› » (جىن سۈرىسى، 23ـ21ـ ئايەتلەر).

وَمِمَّنْ حَوْلَكُمْ مِنَ الْاَعْرَابِ مُنَافِقُونَۜ وَمِنْ اَهْلِ الْمَدٖينَةِ مَرَدُوا عَلَى النِّفَاقِ لَا تَعْلَمُهُمْۜ نَحْنُ نَعْلَمُهُمْۜ سَنُعَذِّبُهُمْ مَرَّتَيْنِ ثُمَّ يُرَدُّونَ اِلٰى عَذَابٍ عَظٖيمٍۚ

«ئەتراپىڭلاردىكى ئەرەبلەردىن مۇناپىقلار بار. مەدىنە ئاھالىسىدىنمۇ مۇناپىقلىقتا ئۇستىلىشىپ كەتكەنلەر بار. ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز. ئۇلارنى ئىككى قېتىم ئازابقا دۇچار قىلىمىز. ئاندىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق

ئازابقا مەھكۇم قىلىنىدۇ» (تەۋبە سۈرىسى، 101 ـ ئايەت).

وَإِذَا رَأَيْتَهُمْ تُعْجِبُكَ أَجْسَامُهُمْ وَإِنْ يَقُولُوا تَسْمَعْ لِقَوْلِهِمْ كَأَنَّهُمْ خُشُبٌ مُسَنَّدَةٌ

«ئۇلارنى (مۇناپىقلارنى) كۆرگەن ۋاقتىڭدا تەقى ـ تۇرقى سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە، سۆزلىرىگە قۇلاق سالىسەن. ئۇلار خۇددى لىباس كەيدۈرۈلگەن يۇ كۆتەكلەردۇر» (مۇناپىقۇن سۈرىسى، 4 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھ كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرەلمەيدۇ ۋە دىلىدىن ئۆتكەنلەرنى بىلەلمەيتتى. مۇناپىقلارنى تونۇيالمايتتى، ئۇلارنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيتتى. غەيبنىمۇ بىلمەيتتى. رەسۇلۇللاھ كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرەلمىگەن ۋە دىلىدىن ئۆتكەنلەرنى بىلەلمىگەن بولسا، ئۇنداقتا ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ بۇ خىل قابىلىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ. «ئاللاھ خالىسا بىلەلەيدۇ» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرا ئەمەس[1]. چۈنكى ئاللاھ ھېچكىمگە بۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بەزى كىشىلەرگە بۇنداق بىلىمنىڭ بېرىلگەنلىكىنى (بېرىلىدىغانلىقىنى) بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق ئايەت يوق.

قۇرئان، ھەر نەبىگە پەرقلىق ئارتۇقچىلىق بېرىلگەنلىكىنى ۋە بۇ سەۋەبتىن بەزى نەبىلەرنىڭ ئىگە بولغان ئارتۇقچىلىقى تۈپەيلىدىن باشقا نەبىلەردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.

«ئۇ رەسۇللارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق. ئاللاھ ئۇلاردىن بەزىسى بىلەن سۆزلەشتى ۋە بەزىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. مەريەم ئوغلى ئىساغا روشەن مۆجىزىلەرنى بەردۇق ۋە ئۇنى روھۇل قۇددۇس بىلەن كۈچلەندۈردۇق...» (بەقەرە سۈرىسى، 253 ـ ئايەت).

«ھەقىقەتەن بىز بەزى نەبىلەرنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق. (مەسىلەن) داۋۇدقا زەبۇرنى بەردۇق» (ئىسرا سۈرىسى، 55 ـ ئايەت).

«ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى: ‹ئى ئىسا! سېنى ۋاپات تاپقۇزىمەن ۋە سېنى دەرگاھىمغا ئالىمەن. سېنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن قۇتقۇزىمەن ۋە ساڭا ئەگەشكۈچىلەرنى قىيامەتكىچە كاپىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن› » (ئالئىمران سۈرىسى، 55 ـ ئايەت).

(1) نەمل سۈرىسى، 65؛ جىن سۈرىسى، 26، 27 ـ ئايەت.

«(ئاللاھ:) ‹ئى مۇسا! ساڭا بەرگەن رىسالىتىم ۋە سەن بىلەن سۆزلەشكەنلىكىم ئۈچۈن سېنى كىشىلەرگە سەردار قىلدىم. ساڭا بەرگەنلىرىمنى ئال ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن› » (ئەئراف سۈرىسى، 144-ئايەت).

«كىتابتا ئىدرىسنىمۇ ياد ئەتكىن. چۈنكى ئۇ راستچىل نەبى ئىدى. بىز ئۇنى ئالىي مەرتىۋىگە كۆتۈردۇق» (مەريەم سۈرىسى، 56-57-ئايەت).

«سېنىڭ شۆھرىتىڭنى ئۈستۈن قىلمىدۇقمۇ؟» (ئىنشىراھ سۈرىسى، 4-ئايەت).

«ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (بارلىق نەبىلەرنى) جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق» (ئەنئام سۈرىسى، 86-ئايەت).

بۇ ئايەتلەردە ھەر نەبىنىڭ ئۆزىگە خاس بەزى ئارتۇقچىلىقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە بەزى نەبىلەرنىڭ دەرىجىلىرىنىڭ ئۈستۈن قىلىنغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. لېكىن ئەنئام سۈرىسى، 86-ئايەتتە قۇرئان (پەقەت بەزى نەبىلەرنىلا ئەمەس) بارلىق نەبىلەرنىڭ تامامى ئەھلى جاھاندىن ئۈستۈن قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈلگەن. ئۇنداقتا ھەر نەبىنىڭ ئۆزىگە خاس بەزى ئۈستۈنلىكلىرى بارلىقىنى بىلدۈرگەن بۇ ئايەتلەرنى بىز قانداق چۈشىنىشىمىز كېرەك؟ بۇ ئايەتلەر، نەبى - رەسۇللار ھەققىدە بىزنىڭ ئۈستۈنلۈك مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىشىمىزنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇ ئارتۇقچىلىقلار ئاللاھ بىلەن نەبى - رەسۇللار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. بىزگە نىسبەتەن نەبى - رەسۇللار ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق، پەرق بولماسلىقى كېرەك. بىز بۇنى مۇشۇنداق قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ ھەقىقەت بەقەرە سۈرىسى 136 ۋە 285-ئايەتتە ئېنىق قىلىپ بىلدۈرۈلگەن. يەنى:

قُولُوا اٰمَنَّا بِاللّٰهِ وَمَٓا اُنْزِلَ اِلَيْنَا وَمَٓا اُنْزِلَ اِلٰٓى اِبْرٰهٖيمَ وَاِسْمٰعٖيلَ وَاِسْحٰقَ وَيَعْقُوبَ وَالْاَسْبَاطِ وَمَٓا اُوتِيَ مُوسٰى وَعٖيسٰى وَمَٓا اُوتِيَ النَّبِيُّونَ مِنْ رَبِّهِمْۚ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ اَحَدٍ مِنْهُمْۘ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ

« ‹بىز ئاللاھقا ۋە بىزگە نازىل قىلىنغانغا، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، ياقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان، مۇساغا ۋە ئىساغا بېرىلگەنلەرگە ۋە باشقا بارلىق نەبىلەرگە رەببى تەرىپىدىن بېرىلگەنلەرگە، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئارىسىدا پەرق يوقلىقىغا ئىمان ئېيتتۇق ۋە بىز پەقەت ئاللاھقا تەسلىم (مۇسۇلمان) بولدۇق› دەڭلار» (بەقەرە سۈرىسى، 136-ئايەت).

اٰمَنَ الرَّسُولُ بِمَٓا اُنْزِلَ اِلَيْهِ مِنْ رَبِّهٖ وَالْمُؤْمِنُونَۜ كُلٌّ اٰمَنَ بِاللّٰهِ وَمَلٰٓئِكَتِهٖ وَكُتُبِهٖ وَرُسُلِهٖۜ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ اَحَدٍ مِنْ رُسُلِهٖۜ وَقَالُوا سَمِعْنَا وَاَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَاِلَيْكَ الْمَصٖيرُ

«رەسۇل، رەببىدىن ئۆزىگە ۋەھيى قىلىنغانغا ئىمان ئېيتتى، مۇئمىنلەرمۇ ئىمان ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە، رەسۇللارغا ۋە رەسۇللار ئارىسىدا ھېچقانداق پەرقىنىڭ يوقلىقىغا ئىمان ئېيتتى. ‹ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق. ئى رەببىمىز! بىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يەنە ساڭا قايتىمىز› دېدى» (بەقەرە سۈرىسى، 285 ـ ئايەت).

بىز مۇئمىنلەرنىڭ بارلىق رەسۇللارغا ئىمان ئېيتىش مەجبۇرىيىتى بولغاندەك، ئۇلار ئارىسىدا (بىزنىڭ نۇقتىمىزدىن) ھېچقانداق پەرقىنىڭ يوقلىقىغىمۇ ئىمان ئېيتىشىمىز كېرەك. مانا بۇ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. بارلىق رەسۇللارغا ئىمان ئېيتىش، ئىماننىڭ شەرتى بولغاندەك، ئۇلار ئارىسىدىمۇ ھېچقانداق پەرقىنىڭ يوقلىقىغا ئىمان ئېيتىشمۇ ئىماننىڭ شەرتىدۇر. بۇ سەۋەبتىن رەسۇللار ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلىنماسلىقى ۋە رەسۇللار بەسكە سېلىنماسلىقى كېرەك.

## رەسۇلۇللاھ ھەققىدە توغرا دەپ بىلىنگەن ناتوغرا مەلۇماتلار

بۇ پاراگرافتا رەسۇل ـ نەبى مۇھەممەد ھەققىدە خاتا بىلىنگەن ياكى خاتا چۈشەندۈرۈلگەن بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە توختۇلۇش بىلەن بىرگە، مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئاساسىدا مەزكۇر مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بەرمەكچىمىز. توختالماقچى بولغان مەسىلىلەر تۆۋەندىكىچە:

1. رەسۇلۇللاھنىڭ «ئۇممىي» بولۇشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟
2. نەپسى ـ خاھىشى بىلەن سۆزلىمىگەن كىم؟
3. رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن مۆجىزىلەر نېمىلەر ئىدى؟
4. نەبى ـ رەسۇل ھېچ گۇناھ ئۆتكۈزمىدىمۇ؟

### 1. رەسۇلۇللاھنىڭ «ئۇممىي» بولۇشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

رەسۇلۇللاھنىڭ «ئۇممىي» بولۇشى دائىم «ساۋاتسىز» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ دەپ چۈشىنىپ كېلىنگەن[1]. ھالبۇكى، بۇ توغرا ئەمەس. رەسۇلۇللاھ «ئۇممىي» ئىدى، بۇ توغرا. چۈنكى قۇرئان مۇشۇنداق دەيدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ «ئۇممىي» ئىكەنلىكىنى قۇرئاندىن ئۆگەنگەن ئىكەنمىز، ئۇنداقتا «ئۇممىي»لىكىنىڭ نېمىنى

(1) سارىچام ئىبراھىم، «ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە ئۇنىۋېرسال تەلىماتى»، 76 ـ 75 ـ بەتلەر

بىلدۈرىدىغانلىقىنىمۇ قۇرئاندىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

قۇرئاندا «ئۇممىي» بولۇش، ساۋاتسىز بولۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى «كىتابنى بىلمەسلىك»، يەنى «ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي ۋە ياكى خرىستىيان) بولماسلىق» دېگەنلىكتۇر. بۇ ھەقتىكى ئايەتلەر ناھايىتى روشەندۇر:

وَمِنْهُمْ اُمِّيُّونَ لَا يَعْلَمُونَ الْكِتَابَ اِلَّٓا اَمَانِيَّ وَاِنْ هُمْ اِلَّا يَظُنُّونَ

«ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى كىتابنى بىلمەيدىغان ئۇممىيلەردۇر. ئۇلار پەقەت گۇمان (زان) قىلىدۇ (گۇمانغا ئىشىنىدۇ)» (بەقەرە سۈرىسى، 78-ئايەت).

فَاِنْ حَٓاجُّوكَ فَقُلْ اَسْلَمْتُ وَجْهِيَ لِلّٰهِ وَمَنِ اتَّبَعَنِۜ وَقُلْ لِلَّذِينَ اُوتُوا الْكِتَابَ وَالْاُمِّيّٖنَ ءَاَسْلَمْتُمْۜ فَاِنْ اَسْلَمُوا فَقَدِ اهْتَدَوْاۚ وَاِنْ تَوَلَّوْا فَاِنَّمَا عَلَيْكَ الْبَلَاغُۜ وَاللّٰهُ بَصٖيرٌ بِالْعِبَادِ

«ئەگەر سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە: ‹مەن ماڭا ئەگەشكۈچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆزەمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم› دېگىن. ئەھلى كىتابقا ۋە ئۇممىيلەرگە: ‹سىلەرمۇ ئاللاھقا تەسلىم (مۇسۇلمان) بولدۇڭلارمۇ؟› دېگىن» (ئالئىمران سۈرىسى، 20-ئايەت).

وَمِنْ اَهْلِ الْكِتَابِ مَنْ اِنْ تَأْمَنْهُ بِقِنْطَارٍ يُؤَدِّهٖٓ اِلَيْكَۚ وَمِنْهُمْ مَنْ اِنْ تَأْمَنْهُ بِدٖينَارٍ لَا يُؤَدِّهٖٓ اِلَيْكَ اِلَّا مَا دُمْتَ عَلَيْهِ قَٓائِماًۜ ذٰلِكَ بِاَنَّهُمْ قَالُوا لَيْسَ عَلَيْنَا فِي الْاُمِّيّٖنَ سَبٖيلٌۚ وَيَقُولُونَ عَلَى اللّٰهِ الْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ

«ئەھلى كىتابتىن بەزى كىشىلەر باركى، ئۇنىڭغا كۆپ مال ئامانەت قويساڭ، ئۇنى ساڭا ئۆز پېتى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. لېكىن يەنە شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇنىڭغا بىر دىنار ئامانەت بەرسەڭ، ئۇنىڭ بېشىدا تۇرمىغىچە ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ: ‹ئۇممىيلارغا قىلغانلىرىمىز سەۋەبلىك بىزگە ۋابال بولمايدۇ› دېگەنلىكىدىندۇر. بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ» (ئالئىمران سۈرىسى، 75-ئايەت).

هُوَ الَّذٖي بَعَثَ فِي الْاُمِّيّٖنَ رَسُولاً مِنْهُمْ يَتْلُوا عَلَيْهِمْ اٰيَاتِهٖ وَيُزَكّٖيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَۗ وَاِنْ كَانُوا مِنْ قَبْلُ لَفٖي ضَلَالٍ مُبٖينٍۙ

«ئۇ (ئاللاھ)، ئۇممىيلەرگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان ۋە ئۇلارغا ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنى پاكلايدىغان، ئۇلارغا كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان بىر رەسۇل ئەۋەتتى» (جۇمۇئە سۈرىسى، 2-ئايەت).

اَلَّذٖينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الْاُمِّيَّ الَّذٖي يَجِدُونَهُ مَكْتُوبًا عِنْدَهُمْ فِي التَّوْرٰيةِ وَالْاِنْجٖيلِ يَأْمُرُهُمْ بِالْمَعْرُوفِ

وَيَنْهَاهُمْ عَنِ الْمُنْكَرِ

«ئۇ، قولىدىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا تونۇشتۇرۇلغان ئۇممىي نەبى (بولغان) رەسۇلغا ئەگەشكۈچىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ئۇلارنى يامانلىقتىن توسىدۇ...» (ئەئراف سۈرىسى، 157 ـ ئايەت).

وَمَا كُنْتَ تَتْلُوا مِنْ قَبْلِهٖ مِنْ كِتَابٍ وَلَا تَخُطُّهُ بِيَمِينِكَ اِذاً لَارْتَابَ الْمُبْطِلُونَ

«سەن بۇرۇن ئەۋەتىلگەن كىتابلاردىن ھېچبىرىنى ئوقۇمىغانىدىڭ ۋە ئۇلارنى قولۇڭ بىلەنمۇ يازمىغانىدىڭ. شۇنداق بولغان بولسا ئىدى، باتىلغا ئېتىپ قالغانلار (قۇرئاننى ئىلگىرىكى كىتابلاردىن كۆچۈرۈۋاتىدۇ دەپ) شۈبھىلىنەتتى» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 48 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى ئەمەس، ئەھلى كىتابتىن، يەنى يەھۇدىي ياكى خىرىستىيانلاردىن بولمىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. «ساڭا ئەمرىمىز بويىچە قۇرئاننى ۋەھيي قىلدۇق. سەن (ساڭا ۋەھيي قىلىنغان بۇ قۇرئاندىن ئىلگىرى) كىتاب نېمە؟ ئىمان نېمە؟ بىلمەيتتىڭ»[1] مەنىسىدىكى ئايەتمۇ ئەنكەبۇت سۈرىسى 48 ـ ئايىتىگە ئوخشاش ھەقىقەتنى (كىتاب ئەھلى ئەمەسلىكى، ئېلىپ كەلگەن تەلىماتلارنى ئىنجىل ۋە تەۋراتتىن ئالمىغانلىقىنى) بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئايەتلەر ئۇممىيلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى روشەن ھالدا كۆرسىتىپ بەرمەكتە. بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق بىر ئىزاھاتنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇممىيلەرنىڭ ئىچىدىن تاللانغانلىقىنى بىلدۈرگەن جۇمۇئە سۈرىسى 2 ـ ۋە باشقا ئايەتلەر[2] ھەققىدە مۇنداق چۈشەنچە بېرىش مۇمكىن: «بۇ ئايەتلەر، رەسۇلنىڭ ‹ئۇممىيلەر ئىچىدىن› تاللانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇممىيلىك، ساۋاتسىزلىقنى كۆرسىتىدىغان بولسا، بۇ ئەھۋالدا پەقەت رەسۇلۇللاھلا ئەمەس، بەلكى ئۇ مەنسۇپ بولغان ئۇممىي خەلقنىڭ پۈتۈنلەي ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بۇ مۇمكىنمۇ؟ نەزەردە تۇتۇلغان ئۇممىي خەلقنىڭ، يەنى كىتاب ئەھلى بولمىغان مەككىلىكلەرنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن ئۇممىي بولۇش، ساۋاتسىز بولۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى كىتاب ئەھلى (يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان) بولماسلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ دەۋردە مەككە ئاھالىسى ئىچىدە ساۋاتلىق ھېچكىم يوقمىدى؟».

(1) شۇرا سۈرىسى، 52 ـ ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 129، 151؛ ئالئىمران سۈرىسى، 164 ـ ئايەت

رەسۇلۇللاھنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق ئايەت يوق بولۇپ[1]، ئۇممىلىك ھەققىدىكى قاراش بىر تۈركۈم بىر تەرەپلىمە قاراشنى ئاساس قىلىدۇ. دېمەك، رەسۇلۇللاھنىڭ ساۋاتى بار ئىدى. ئۇزۇن مەزگىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان بىر كىشىنىڭ ھېساب بىلمەسلىكى ۋە ساۋاتسىز بولۇشى مەنتىقلىق ئەمەس. ياش ۋاقتىدىن تارتىپ مال ئارتىلغان تۆگە كارۋانلىرى بىلەن شامغا نەچچە قېتىم بارغان، بۇ ماللارنى ئۇ يەردە ساتقان ۋە تاپقان پايدىغا ئۇ يەردىن مال ئېلىپ كەلگەن بىر كىشىنىڭ ھېساب (ساۋات) بىلمەسلىكى ئەقىلگە ۋە مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس. يىغىنچاقلىساق، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇممىي بولۇشى، ئەھلى كىتابتىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق ئايەت يوق. تارىخى مەلۇمات ۋە ھۆججەتلەر ئۇنىڭ ساۋاتىنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

## 2. نەپسى - خاھىشى بىلەن سۆزلىمىگەن كىم ئىدى؟

نەجم سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى ئايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «ئۇ نەپسى - خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ. ئۇ بىلدۈرگەنلەر ۋەھيي قىلىنغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس» مەنىسىدىكى ئايەتلەرنى دەلىل كۆرسىتىپ (ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ)، ھەدىسلەرنىڭ ۋەھيي مەھسۇلى ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن[2]. ھالبۇكى، بۇ ئايەتلەردە «ۋەھيي مەھسۇلى» ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن سۆزلەر، نەبىنىڭ سۆزلىرى (ھەدىسلەر) ئەمەس، بەلكى رەسۇلنىڭ سۆزلىرىدۇر. يەنى، ئۇ ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن قۇرئان ئايەتلىرىدۇر.

مەككە مۇشرىكلىرى مۇھەممەد (ئە س)نىڭ رەسۇل سۈپىتىدە ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى (ئاللاھتىن ئالغان ۋەھيىلەر) ئەمەسلىكىنى ۋە بۇلارنى ئۆزى توقۇپ چىققانلىقىنى (نەپسى - خاھىشى، ھاۋاسى بىلەن ئېيتقانلىقىنى) ئىلگىرى سۈرگەنىدى. مۇشرىكلارنىڭ بۇ قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

«ياكى ئۇنى (قۇرئاننى) ئۆزى توقۇپ چىقتى دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى:

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى، 48-ئايىتى رەسۇلۇللاھنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى ئەمەس، ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن كىتابلارنى ئوقۇمىغانلىقىنى ۋە ئۇلاردىن ھېچبىرىدىن بىرەر نۇسخا يازمىغانلىقىنى (يەنى ئەھلى كىتاب ئەمەسلىكىنى) بىلدۈرمەكتە

(2) چاكان، ئىسمائىل لۇتفى، «مۇھتەلىفۇل ھەدىس»، 98-بەت

‹ئەگەر بۇ سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار ئاللاھتىن باشقا بارلىق ياردەمچىڭلارنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئوخشاش توقۇپ چىقىلغان ئون سۈرە كەلتۈرۈپ بېقىڭلار› » (ھۇد سۈرىسى، 13 ـ ئايەت).

«ياكى ئۇنى (مۇھەممەد) ئۆزى توقۇپ چىقتى دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى:

‹ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا بارلىق ياردەمچىڭلارنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر سۈرە كەلتۈرۈپ بېقىڭلار› » (يۇنۇس سۈرىسى، 38 ـ ئايەت).

«ياكى ئۇلار: ‹بۇ (قۇرئاننى) ئۆزى توقۇپ چىقتى› دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى:

‹ئەگەر ئۇنى مەن توقۇپ چىققان بولسام گۇناھىم ماڭا ئائىت. لېكىن مەن سىلەرنىڭ گۇناھىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامەن› » (ھۇد سۈرىسى، 35 ـ ئايەت).

«ئۇلار يەنە: ‹بۇ (ئايەتلەر) ئۇ باشقىسىغا يازدۇرۇپ، ئاندىن ئەتىگەن ـ ئاخشام ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىلگەن كونىلارنىڭ ئەپسانىسىدۇر› دېيىشىدۇ. (رەسۇلۇم!) ئېيتقىنكى :

‹ئۇنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلارنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ نازىل قىلدى. ئۇ (ئاللاھ) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر› » (فۇرقان سۈرىسى، 6 ـ 5 ـ ئايەت).

«ئايەتلىرىمىز ئۇلارغا روشەن ھالدا ئوقۇپ بېرىلگەن، ھەقىقەت ئۇلارغا يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار: ‹بۇ روشەن سېھىردۇر› دەيدۇ.

ياكى ئۇلار: ‹ئۇنى ئۆزى توقۇپ چىقتى› دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى:

‹ئەگەر ئۇنى مەن توقۇغان بولسام، سىلەر ئاللاھتىن ماڭا كېلىدىغان نەرسىنى توسۇپ قالالمايسىلەر› ...» (ئەھقاف سۈرىسى، 8 ـ 7 ـ ئايەت).

«ياكى ‹ئۇنى ئۆزى توقۇپ چىقتى› دەۋاتامدۇ؟ ‹ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! ئۇ، سەندىن ئىلگىرى ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەن بىر قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن رەببىڭ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق (كىتاب) تۇر!› » (سەجدە سۈرىسى، 3 ـ ئايەت).

مۇشرىكلار ئىلگىرى سۈرگەن بۇ قاراشلارغا قارىتا تۆۋەندىكى ئايەتلەر بىلەن جاۋاب بېرىلگەن:

**وَالنَّجْمِ اِذَا هَوٰىۙ مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمْ وَمَا غَوٰىۚ وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوٰىۜ اِنْ هُوَ اِلَّا وَحْيٌ يُوحٰىۙ عَلَّمَهُ شَدِيدُ الْقُوٰىۙ ذُو مِرَّةٍۜ فَاسْتَوٰىۙ وَهُوَ بِالْاُفُقِ الْاَعْلٰىۜ ثُمَّ دَنَا فَتَدَلّٰىۙ فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ اَوْ اَدْنٰىۚ فَاَوْحٰٓى اِلٰى عَبْدِهٖ مَٓا اَوْحٰىۜ مَا كَذَبَ الْفُؤَادُ مَا رَاٰى اَفَتُمَارُونَهُ عَلٰى مَا يَرٰى وَلَقَدْ رَاٰهُ نَزْلَةً اُخْرٰىۙ عِنْدَ سِدْرَةِ الْمُنْتَهٰى عِنْدَهَا جَنَّةُ الْمَأْوٰىۜ**

«سارقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى، ھەمراھىڭلار (مۇھەممەد) ئاداشمىدى ۋە باتىلغا ئىشەنمىدى. ئۇ، ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. ئۇنىڭ بىلدۈرگەنلىرى ۋەھيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنى كۈچلۈك بىرى (جىبرىئىل) ئۆگەتتى ۋە پەۋقۇلئاددە يارىتىلغان (پەرىشتە) تەستىقلىدى. ئۆزى يۇقىرى ئۇپۇقتىكى ۋاقىتتا (مۇھەممەدكە) يېقىنلىشىپ، تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. شۇ دەرىجىدە يېقىنلاشتىكى ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ بەندىسىگە ۋەھيىنى بىلدۈردى. (كۆزى بىلەن) كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىشامسىلەر؟ ئۇ ھەقىقەتەن ئەلگىرى بىر قېتىم ئۇنى كۆرگەنىدى، سىدرەتۇل ـ مۇنتەھانىڭ يېنىدا. جەننەتۇل ـ مەۋامۇ ئۇنىڭ (سىدرەتۇل ـ مۇنتەھانىڭ) يېنىدىدۇر» (نەجم سۈرىسى، 15 ـ 1 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە مۇھەممەد (ئە س) ئېلىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاللاھتىن ئالغان ۋەھيىلەر ئىكەنلىكى، بۇ سۆزلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن جىبرىئىلدىن ئالغانلىقى، ئۇنىڭ بۇلارنى ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بىلەن ئېيتمىغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە (ۋەما يەنتىقۇ ئەنىل ـ ھەۋا، ئۇ ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ). بۇ ئايەتلەردە نەزەردە تۇتۇلغان ۋە ئۇنىڭ ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بىلەن قىلمىغان سۆزلەر شۈبھىسىزكى، رەسۇل مۇھەممەدنىڭ سۆزلىرى(رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى) بولۇپ، نەبى مۇھەممەدنىڭ سۆزلىرى ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر ئايەتلەر نەبى مۇھەممەدكە مەنسۇپ قىلىنغان سۆزلەرنىڭ (كىلاسسىك ھەدىسلەرنىڭ) ۋەھيى مەھسۇلى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، كىلاسسىك ھەدىسلەر، نەبىنىڭ ئۆزىگە ئائىت بولغان سۆزلەر ئەمەس، بەلكى نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان سۆزلەردۇر. مەزكۇر سۆزلەر نەبىگە ئائىت بولغان تەقدىردىمۇ نەبىنىڭ سۆزلىرى ۋەھيى مەھسۇلى ئەمەس. ئەگەر نەبىنىڭ سۆزلىرى ۋەھيى مەھسۇلى بولسا ئىدى، نەبى پەقەت خاتالاشمىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن نەبىنىڭ بەزىدە خاتالىشىپ قالغانلىقى قۇرئاندا بىلدۈرۈلگەن. بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر ئايەتلەردە ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بىلەن سۆزلىمىگەنلىكى بىلدۈرۈلگەن نەبى ئەمەس، بەلكى رەسۇلدۇر. چۈنكى رەسۇل

ۋەھىيگە تايانغان سۆزلەرنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋەھىيدۇر.

ئەسلىدە بۇ ئايەتنىڭ مەنە تەرجىمىسى «ئۇ ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ» شەكلىدە ئەمەس، « ئۇ ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بىلەن نۇتۇق سۆزلىمەيدۇ» شەكلىدە بولۇشى كېرەك (ۋەما يەنتىقۇ ئەنىل ـ ھەۋا). چۈنكى ئايەتتە ئىشلىتىلگەن «قالە، يەقۇلۇ (دېدى، ئېيتتى)» پېئىلى ئەمەس، بەلكى «نەتەقا (نۇتۇق سۆزلىدى)» پېئىلىدۇر. نۇتۇقنىڭ ئۆز مەيلىچە ئېيتىپ قويغان سۆز ئەمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم. نۇتۇق، مەخسۇس ھالدا خەلققە، ئەل ـ جامائەتكە قارىتىلغان خىتابتۇر. رەسۇلۇللاھ، ۋەھيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قۇرەيشلىكلەرنى ئەتراپىغا يىغىپ ئايەتلەرنى تەبلىغ قىلغان. يەنى، ۋەھيىنى مەككىلىكلەرگە نۇتۇق ئارقىلىق بىلدۈرگەن. مەككە مۇشرىكلىرىمۇ «مۇھەممەد ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بىلەن توقۇپ نۇتۇق سۆزلەۋاتىدۇ...» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشقانىدى. ئايەت بۇ سۆزلەرگە جاۋاب سۈپىتىدە نازىل بولغان. بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر ئايەتتە نەزەردە تۇتۇلغان سۆزلەرنىڭ رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ۋەھيىگە تايانغان سۆزلىرى (ئايەتلەر) ئىكەنلىكىنى، ئايەتتىكى «يەنتىقۇ (نۇتۇق)» كەلىمىسىدىنلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئايەتنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئايەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نەزەردە تۇتۇلغاندىمۇ مەقسەتنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكى روشەن ھالدا چىقىپ تۇرىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن، نەجم سۈرىسى 15 ـ 1 ـ ئايەتلەرنى نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان سۆزلەر (ھەدىسلەر)نىڭ ۋەھىي ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتلەردە ۋەھىي ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن سۆزلەر رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ھەدىسلىرى (قۇرئان)دۇر. شۇڭا بۇ ئايەتلەر نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ۋەھيىنى تايانچ قىلغان سۆزلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمىگەندەك، ھەدىسلەرنىڭمۇ ھەقىقەتەن نەبىنىڭ سۆزلىرى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۈرمەيدۇ.

بۇ ئايەتلەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە بار. يەنى، بۇ ئايەتلەردە نەزەردە تۇتۇلغان نەبى مۇھەممەدنىڭ سۆزلىرى ئەمەس، رەسۇل مۇھەممەدنىڭ سۆزلىرىدۇر. مۇھەممەد (ئە س)نىڭ بارلىق سۆزلىرى نەزەردە تۇتۇلغان دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۆز ئىختىيار بىلەن سۆزلىمىگەن مۇھەممەد (ئە س)نى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ ئايەتلەردە رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر بايان يوق. يەنى، مۇھەممەد (ئە س) ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ (نۇتۇق ئېيتمايدۇ)، ئەمما بەزى رىۋايەت قىلغۇچىلار بۇنداق قىلىشى

مۇمكىن. قۇرئان رىۋايەت قىلغۇچىلارنى ئاقلاپ بىر نەرسە دېمىگەن. بەزى رىۋايەت قىلغۇچىلار ئۇنىڭ نامىدىن يالغان سۆزلىشى مۇمكىن.

دېمەك، نەجم سۈرىسى1 ـ 5 ـ ئايەتلەرگە ئاساسەن نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ۋەھيي ئىكەنلىكىنى ياقلىغىلى بولمىغاندەك، بۇ ئايەتلەر بىلەن رىۋايەت، ھەدىس ۋە رىۋايەت قىلغۇچىلارنىمۇ ياقلىغىلى بولمايدۇ. نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ئىشەنچلىك (سەھىھ) ئىكەنلىكىنىمۇ ياقلىغىلى بولمايدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق «كاتېگورىك ھەدىس مۇداپىئەسى» ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. چۈنكى:

ھەدىسلەر نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان سۆزلەردۇر (نەبىنىڭ سۆزلىرى ئەمەس).

نەبىگە مەنسۇپ بولغان تەقدىردىمۇ نەبىنىڭ سۆزلىرى ۋەھيي ئەمەس (رەسۇلنىڭ سۆزلىرى ۋەھيىدۇر).

بولۇپمۇ، ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ سۆزلىرى ھەرگىزمۇ ۋەھيي ئەمەس.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئايەتلەردە ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بىلەن سۆزلىمەي ـ دىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن شەخس رىۋايەت قىلغۇچىلار ئەمەس، بەلكى مۇھەممەد (ئە س)دۇر (يەنى ئاقلانغۇچى رىۋايەت قىلغۇچىلار ئەمەس، نەبى ـ رەسۇل مۇھەممەدتۇر). بۇ سەۋەبتىن نەبى ـ رەسۇل ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ، لېكىن رىۋايەت قىلغۇچىلار سۆزلىشى مۇمكىن.

### 3. رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن مۆجىزە نېمىلەر ئىدى؟

ئاللاھ بارلىق نەبى ـ رەسۇللارغا بەزى مۆجىزىلەرنى بەرگەن[(1)]. بۇ مۆجىزىلەر، ئۇلارنىڭ نەبى ـ رەسۇل ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىلاھى ئىسپاتلاردۇر. يەنى ئەلچىلىك گۇۋاھنامىسىدۇر. كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشى، ئۇلارنىڭ نەبى ـ رەسۇل ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇشى ئۈچۈن بۇ زۆرۈر. ئەكسىچە بولغاندا نۇرغۇن ساختىپەز پەيغەمبەرلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە تارىختا ساختا پەيغەمبەرلەر چىققان. لېكىن بۇ يالغان پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇنداق ئالامىتى (مۆجىزىسى) بولمىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنى ئىشەندۈرەلمىگەن.

بۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد نەبى ـ رەسۇلنىڭمۇ بىر مۆجىزىسى بولۇشى

(1) بەقەرە سۈرىسى، 253؛ ئالئىمران سۈرىسى، 49؛ ئەئراف سۈرىسى، 103؛ نەمل سۈرىسى، 12 ـ ئايەت

كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ، قىيامەتكىچە بارلىق ئىنسانلار (ئىنسانىيەت دۇنياسى) ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن نەبى ـ رەسۇلغا پەقەت ئۆزى بىلەن دەۋرداش، ماكانداشلارلا ئەمەس، بەلكى قىيامەتكىچە يەر يۈزىگە كېلىدىغان ئىنسانلارمۇ شاھىت بولىدىغان ۋە بۇ كىشىلەرمۇ ئۇ ئارقىلىق ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى (رەسۇلى) ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىدىغان، ئۇ مۆجىزىنى كۆرگەنلەر مۇھەممەد (ئە س)نىڭ نەبى ـ رەسۇل ئىكەنلىكىگە دەرھال قايىل بولىدىغان مۆجىزە (ئىسپات) بولۇشى كېرەك ئىدى. ئاخىرقى نەبى ـ رەسۇل مۇھەممەد (ئە س)غا بېرىلگەن مۆجىزە دەل مۇشۇنداق مۆجىزە (ئىسپات) بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىنغان «قۇرئان»دۇر.

قۇرئاننى ئوقۇغان ۋە ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغان ھەرقانداق كىشى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق زىتلىقنىڭ يوقلىقىنى، ئىچىدىكى تەلىماتلارنىڭ مۆجىزىۋى ھەقىقەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى، بۇنداق بىر كىتابنىڭ پەقەت ئىلاھى كالام ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن مۆجىزىۋى كىتاب ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە بۇ مۆجىزە كىتابنى ئوقۇغان ۋاقىتتا «مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر»[1] دېگەن ئايەتلەرنى كۆرىدۇ، بۇنىڭغا گۇۋاھ بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن «مەن مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دەيدۇ. قۇرئاننى ئوقۇغاندا ئاندىن بۇنىڭغا شاھىت بولىدۇ. باشقا شەكىلدە بۇنىڭغا شاھىت بولالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَيَقُولُ الَّذِينَ كَفَرُوا لَسْتَ مُرْسَلاً قُلْ كَفَى بِاللهِ شَهِيداً بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ وَمَنْ عِنْدَهُ عِلْمُ الْكِتَابِ

«كاپىرلار: ‹سەن (ئاللاھ تەرىپىدىن) ئەۋەتىلگەن رەسۇل ئەمەس› دەيدۇ. ئېيتقىنكى:

‹سىلەر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا شاھىت سۈپىتىدە ئاللاھ كۇپايە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يېنىدا كىتابتىن ئىلمى (خەۋىرى) بولغانلار (شاھىت)› » (رەئىد سۈرىسى، 43 ـ ئايەت).

دېمەك، مۇھەممەد (ئە س)نىڭ رەسۇل ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولالىشىمىز ۋە «مەن مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېيەلىشىمىز ئۈچۈن كىتابتىن (قۇرئاندىن)خەۋەردار بولۇشىمىز كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا بۇ ھەقتە شاھىت بولالمايمىز، «مەن مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېيەلمەيمىز. بۇنداق

(1) ئەھزاب سۈرىسى، 40؛ فەتىھ سۈرىسى، 29؛ ئالئىمران سۈرىسى، 144 ـ ئايەت

دېيەلىشىمىز ئۈچۈن (پەقەت بولمىغاندا بۇ ھەقتە) كىتاب ھەققىدىكى ئىلىمگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا ئىمانىمىزنى ئىقرار قىلغان ھالدا ئېيتقان: «مەن مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن جۈملە ھەقىقىي مەنىسىنى تاپمايدۇ.

بىر نەرسىگە ياكى ۋەقەگە شاھىت بولۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە گۇۋاھ بولغان بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا شاھىت بولغىلى بولىدۇ. ئەگەر بىز قۇرئاننى ئوقۇپ، ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمىساق، ھەم قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن مۆجىزىۋى كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيمىز، ھەم ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ نەبىلىك گۇۋاھنامىسى ئىكەنلىكىنى، يەنى ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ نەبى - رەسۇل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايمىز. بۇنداق ئەھۋالدا «مەن مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېيەلمەيمىز. دېسەكمۇ بۇ گۇۋاھلىق توغرا شەكىلدىكى گۇۋاھلىق بولمايدۇ. پەقەت «ئاڭلىشىمچە مۇھەممەد (ئە س) ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر، بەزى كىشىلەر مۇشۇنداق دەۋاتىدۇ» دېيەلەيمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا مۇناپىقۇن سۈرىسىنىڭ 1-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلمەكتە:

«مۇناپىقلار سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەن ۋاقتىتا: ‹گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى› دەيدۇ. سېنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىڭنى ئاللاھ بىلىدۇ. ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار شەكسىز يالغانچىلاردۇر».

دېمەك، ھەر «ئەشھەدۇ...» دېگۈچى راست گەپ قىلمايدىكەن. «مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلى» دەپ تۇرۇپ، بۇ سۆزىگە چىن دىلىدىن ئىشەنمەيدىغانلار ۋە بۇنىڭغا ھەقىقىي مەنىدە شاھىت بولمايدىغانلارمۇ بار ئىكەن. چۈنكى شاھىت بولالىشى ئۈچۈن قۇرئاننى ئوقۇپ تەپەككۇر قىلىشى ۋە بۇنىڭ (مۇھەممەدنىڭ رەسۇل ئىكەنلىكى)غا گۇۋاھ بولۇشى لازىم. لېكىن بۇنىڭغا گۇۋاھ بولمىغان، شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن «مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى،...» دەيدۇ، يەنى، يالغان ئېيتىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ يالغانچىلىقىنى مەزكۇر ئايەت ئارقىلىق پاش قىلغان. دېمەك، «ئەشھەدۇ...» دېيىش ۋە ياكى يالغانچىلاردىن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن مۆجىزە (قۇرئان)نى ئوقۇپ، ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۇنىڭ

رەسۇل ئىكەنلىكىگە شاھىت بولۇش كېرەك. ئەكسىچە بولغانىدا «مەن گۇۋاھ بېرىمەنكى...» دېگىلى بولمايدۇ.

ئەسلىدە بارلىق مۇسۇلمانلار «قۇرئاننىڭ رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن مۆجىزە ئىكەنلىكىنى» بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن كۆپ سانلىقى «رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن مۆجىزىنىڭ پەقەت قۇرئاندىنلا ئىبارەت ئەمەسلىكىگە، ئۇنىڭغا باشقا مۆجىزىلەرنىڭمۇ بېرىلگەنلىكى»گە ئىشىنىدۇ. بۇ چۈشەنچىنىڭ سىيرەت ۋە ھېكايە كىتابلىرىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئېنىق. چۈنكى قۇرئاندا بۇنداق بىر مەلۇمات يوق. ئەكسىچە، قۇرئان رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن مۆجىزىنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا قۇرئاندىن باشقا مۆجىزىنىڭ بېرىلمىگەنلىكىنى (سەۋەبلىرىنى تىلغا ئېلىپ) روشەن ھالدا بىلدۈرگەن:

**وَقَالُوا لَوْلَٓا اُنْزِلَ عَلَيْهِ اٰيَاتٌ مِنْ رَبِّهٖۜ قُلْ اِنَّمَا الْاٰيَاتُ عِنْدَ اللّٰهِۜ وَاِنَّمَٓا اَنَا۬ نَذ۪يرٌ مُب۪ينٌ اَوَلَمْ يَكْفِهِمْ اَنَّٓا اَنْزَلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ يُتْلٰى عَلَيْهِمْۜ اِنَّ ف۪ي ذٰلِكَ لَرَحْمَةً وَذِكْرٰى لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ**

«ئۇلار: ‹ئۇنىڭغا رەببىدىن ئايەتلەر (مۆجىزىلەر) بېرىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟› دەيدۇ.

ئېيتقىنكى: ‹ئايەتلەر (مۆجىزىلەر) پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدە. مەن پەقەت بىر ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن› .

ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىۋاتقان كىتابنى ساڭا نازىل قىلىشىمىز (مۆجىزە سۈپىتىدە) ئۇلار ئۈچۈن كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ چۈنكى بۇ (كىتابتا) مۇئمىنلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن رەھمەت ۋە ۋەز ـ نەسىھەت بار» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 51 ـ 50 ـ ئايەت).

**وَمَا مَنَعَنَٓا اَنْ نُرْسِلَ بِالْاٰيَاتِ اِلَّٓا اَنْ كَذَّبَ بِهَا الْاَوَّلُونَۜ وَاٰتَيْنَا ثَمُودَ النَّاقَةَ مُبْصِرَةً فَظَلَمُوا بِهَاۜ وَمَا نُرْسِلُ بِالْاٰيَاتِ اِلَّا تَخْو۪يفاً**

«بىزنى ئايەتلەر (مۆجىزىلەر)نى ئەۋەتىشتىن توسۇپ قويغان ئامىل، ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ ئۇ ئايەتلەر (مۆجىزىلەر)نى يالغانغا چىقارغانلىقىدۇر. (مەسىلەن) بىز سەمۇدقا روشەن ئايەت (مۆجىزە) سۈپىتىدە بىر تۆگىنى بەردۇق. لېكىن ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. بىز ئايەتلەر (مۆجىزىلەر)نى پەقەت (بەندىلەرنى) قورقۇتۇش ئۈچۈن ئەۋەتىمىز» (ئىسرا سۈرىسى، 59 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەر قۇرئاننىڭ رەسۇلۇللاھقا بېرىلگەن مۆجىزە ئىكەنلىكىنى، ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن قۇرئاندىن ئىبارەت مۆجىزىنىڭ كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى،

ئىلگىرىكى قوۋملاردىن ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ باشقا مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقىنى، ئۇلارغا بۇ مۆجىزىلەرنىڭ قورقۇتۇش مەقسىتىدە (ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش سۈپىتىدە) ئەۋەتىلگەنلىكىنى، لېكىن بۇ مۆجىزىلەرگە قارىماستىن، ئۇلارنىڭ يەنىلا ئىمان ئېيتمىغانلىقىنى (بۇ ئارقىلىق مۆجىزە تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ تەلەپ قىلغان مۆجىزىسى كەلگەندىمۇ ئىمان ئېيتمىغانلىقىنى)، بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ سۈننەتۇللاھنىڭ تەقەززاسى بىلەن ھالاك قىلىنغانلىقىنى، بۇنىڭغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالماسلىق ئۈچۈن مەككە ئاھالىسىگە مۆجىزىلەرنىڭ ئەۋەتىلمىگەنلىكى (ئەۋەتىلمەيدىغانلىقى)نى بىلدۈرگەن. يەنى، بۇ ئايەتلەر رەسۇلۇللاھقا قۇرئاندىن باشقا بىر مۆجىزىنىڭ بېرىلمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، بېرىلمەسلىك سەۋەبىنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتكەن.

مەككە ئاھالىسىنىڭ ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن كۇپايە قىلىدىغان (ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ رەسۇل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھەقىقي) مۆجىزە ئەۋەتىلگەن. ئۇ بولسىمۇ قۇرئاندۇر. ئەگەر مەككىلىكلەرگە تەلەپ قىلغان باشقا مۆجىزە ئەۋەتىلىپ، ئۇلار بۇنىڭغا قارىماستىن ئىمان ئېيتمىسا (كاجلىقى سەۋەبىدىن ئىمان ئېيتمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان)، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە ئوخشاش ئۇلارمۇ ھالاك قىلىناتتى. بۇ ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى (سۈننەتۇللاھ)دۇر. لېكىن ئاللاھ ئاخىرقى نەبى - رەسۇلنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن بۇنداق ئاقىۋەت (مەككە ئاھالىسىنىڭ ھالاك قىلىنىشى)نى خالىمىغانلىقتىن ئەڭ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇش سۈپىتىدە بىر مۆجىزە ئەۋەتمىگەن[1]. قۇرئان ئىمان ئېيتىدىغانلار ئۈچۈن مۆجىزە سۈپىتىدە يېتىپ - ئاشىدۇ.

تۆۋەندىكى ئايەتلەر مۆجىزىلەرنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ھەرقانداق نەبى - رەسۇلنىڭ بۇ ھەقتە ھېچقانداق ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى روشەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرمەكتە:

**وَاِنْ كَانَ كَبُرَ عَلَيْكَ اِعْرَاضُهُمْ فَاِنِ اسْتَطَعْتَ اَنْ تَبْتَغِيَ نَفَقاً فِي الْاَرْضِ اَوْ سُلَّماً فِي السَّمَّاءِ فَتَأْتِيَهُمْ بِاٰيَةٍ وَلَوْ شَٓاءَ اللّٰهُ لَجَمَعَهُمْ عَلَى الْهُدٰى فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ الْجَاهِلٖينَ**

«ئەگەر ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا مۆجىزە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يەرنىڭ ئاستىغا كىرىشكە ياكى ئاسمانغا چىقىشقا يول ئىزدىگىن! (لېكىن بۇنداق قىلالمايسەن) ئاللاھ خالىغان بولسا، ئەلۋەتتە

(1) مەھمەت ئوكۇيان، «قۇرئانى كەرىمگە ئاساسەن قەبرە ئۇقۇمى ۋە قىيامەت - ئاخىرەت جەريانى»، 378 - 370 - بەتلەر

ئۇلارنى ھىدايەت ئۈستىدە بىرلەشتۈرەتتى. ئۇنداقتا سەن ھەرگىزمۇ نادانلاردىن بولمىغىن» (ئەنئام سۈرىسى، 35 ـ ئايەت).

**وَلَقَدْ اَرْسَلْنَا رُسُلاً مِنْ قَبْلِكَ وَجَعَلْنَا لَهُمْ اَزْوَاجاً وَذُرِّيَّةً وَمَا كَانَ لِرَسُولٍ اَنْ يَاْتِيَ بِاٰيَةٍ اِلَّا بِاِذْنِ اللّٰهِ لِكُلِّ اَجَلٍ كِتَابٌ**

«شۈبھىسىزكى، بىز سەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن رەسۇللارنى ئەۋەتتۇق. ئۇلارغا ئاياللار ۋە بالىلارنى بەردۇق. ھەرقانداق رەسۇل ئاللاھنىڭ ئىزنى بولماستىن ئايەت (مۆجىزە)لەر كەلتۈرەلمەيدۇ. ھەر مۇددەت (بېزىلغان) بىر كىتاب باردۇر» (رەئىد سۈرىسى، 38 ـ ئايەت).

بۇ ھەقتە يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان مەسىلىنى تەستىقلايدىغان ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە (ر ئە)دىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس مۇنداق: «رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) مۇنداق دېدى: ‹ھەر نەبىگە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن شەكسىز بىر مۆجىزە بېرىلگەن. ماڭا بېرىلگەن (مۆجىزە) بولسا ۋەھىي (قۇرئان)دۇر ۋە بۇنى ماڭا ئاللاھ ۋەھىي قىلغان. بۇ سەۋەبتىن باشقا نەبىلەرگە نىسبەتەن قىيامەت كۈنى ئەگەشكۈچىسى ئەڭ كۆپ بولغان نەبى بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن› »[1].

## 4. نەبى - رەسۇل ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمىدىمۇ؟

رەسۇلۇللاھ رىسالەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ۋاپات بولدى. بىز ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىسىنى لايىقىدا ئادا قىلغانلىقىغا (قۇرئان سايىسىدا) شاھىت[2]. ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنغانلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر[3]. ھەتتا بۇنى بارلىق مۇئمىنلەر ئۈچۈنمۇ ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى بىز مۇئمىنلەر ھەر نامىزىمىزدا قۇرئان ئۆگەتكەن «ئى رەببىمىز! ھېساب كۈنىدە مېنى، ئاتا ـ ئانامنى ۋە بارلىق مۇئمىنلەرنى مەغپىرەت قىلغىن»[4] دۇئاسىنى ئوقۇيمىز. بۇ سەۋەبتىن نەبىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدى دەپ ئۈمىد قىلالايمىز، لېكىن قەتئىيلىك بىلەن مەغپىرەت قىلىندى

(1) ئىبراھىم جانان، «كۇتۇبى ـ سىتتە»، 4351 (بۇخارى، مۇسلىم)

(2) رەئىد سۈرىسى، 43 ـ ئايەت

(3) ئالئىمران سۈرىسى، 155؛ نىسا سۈرىسى، 43، 99؛ مائىدە سۈرىسى، 101؛ ئىسرا سۈرىسى، 25، 44؛ فۇرقان سۈرىسى، 6، 79... ئايەتلەر

(4) ئىبراھىم سۈرىسى، 41 ـ ئايەت

دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز. ئۇنىڭ قەتئىي گۇناھ ئۆتكۈزمىگەنلىكىنىمۇ ئىلگىرى سۈرەلمەيمىز. چۈنكى نەبىنىڭ بەزى گۇناھلىرى قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان.

فَاعْلَمْ اَنَّهُ لَٓا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ وَاسْتَغْفِرْ لِذَنْبِكَ وَلِلْمُؤْمِنٖينَ وَالْمُؤْمِنَاتِۜ وَاللّٰهُ يَعْلَمُ مُتَقَلَّبَكُمْ وَمَثْوٰيكُمْ

«بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. (سەن) ھەم گۇناھىڭ ئۈچۈن، ھەم مۇئمىن ئەر - ئاياللارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ سىلەرنىڭ بارغان جايىڭلارنى ۋە تۇرغان ماكانىڭلارنى بىلىدۇ» (مۇھەممەد سۈرىسى، 19-ئايەت).

دېمەك، نەبىنىڭ بەزى گۇناھلىرى بولغان بولۇپ، قۇرئان بۇنى ئىما قىلماقتا. ئەمما بەزىلەر فەتىھ سۈرىسى 1-3-ئايەتلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ (بۇ ئايەتلەرگە خاتا مەنە بېرىپ)، ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنغان بولۇشىنى (بىر مۇئمىن بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن) ئۈمىد قىلىمىز. ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز. لېكىن ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرەلمەيمىز. چۈنكى بۇ ئاللاھقا خاس ھوقۇق بولۇپ، ئۇنى قانداق قىلىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر.

«نەبىنىڭ بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان» دېگۈچىلەر فەتىھ سۈرىسىنىڭ 1-3-ئايەتلىرىگە ئومۇمەن مۇنداق مەنە بېرىدۇ:

«شۈبھىسىزكى، بىز ساڭا روشەن فەتىھ ئېھسان قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ سېنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە كېلەچەكتىكى بارلىق گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ساڭا بولغان نېمىتىنى تاماملايدۇ ۋە سېنى توغرا يولغا باشلايدۇ. ھەمدە ساڭا شانلىق زەپەر بىلەن ياردەم قىلىدۇ»[1].

مىسال قىلىپ كۆرستىلگەن بۇ مەنە تەرجىمىدىكى خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. بۇ مەنە تەرجىمىنىڭ ئۆزىدىنمۇ نەبىنىڭ بەزى گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەنلىكى چىقىپ تۇرامدۇ؟ نەبى پەقەت گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن بولسا ئىدى، ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە كېلەچەكتىكى گۇناھلىرى ئىما قىلىناتتىمۇ؟ دېمەك، نەبىنىڭ بەزى خاتالىقلىرى بولغان. بۇنىڭغا قارىماستىن «نەبىنىڭ بەزى

---

(1) دىيانەت ۋەقپى قۇرئان مەنە تەرجىمىسى

http://www.Kur’anmeali.com/ayetkarsilastirma.asp?sure=48&ayet=1&x=11&y=18o

گۇناھلىرى بولغان، لېكىن ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان. چۈنكى فەتھ سۈرىسى 1 ـ 3 ـ ئايەتلەر ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە كېلەچەكتىكى بارلىق گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ» دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھۇدەيبىيە سۈلھىسى مەزگىلىدە (ھىجرى 6 ـ يىل) نازىل بولغان فەتھ سۈرىسى 3 ـ 1 ـ ئايەتلەردىن ئىككى يىل كېيىن (يەنى مەككىنىڭ فەتھ قىلىنىشى جەريانىدا) نازىل بولغان نەسر سۈرىسى 3 ـ 1 ـ ئايەتلىرىدىمۇ نەبىگە «... ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن»[1] دېيىلگەن. نەبىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە كېلەچەكتىكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان بولسا، نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىر بۇيرۇق بېرىلگەن؟ نەسر سۈرىسى ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان سۈرە بولۇپ، نەبىنىڭ ۋاپاتىدىن تەخمىنەن 80 كۈن ئىلگىرى نازىل بولغان. ئۇنداقتا «فەتھ سۈرىسى 3 ـ 1 ـ ئايەتلەرنى نەبىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە كېلەچەكتىكى بارلىق گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ» دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان تەقدىردىمۇ (شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن بۇنى بىز بىلمەيمىز، بۇنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ)، بۇ ئايەتلەرنى مەزكۇر قاراشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولغان بولسا قۇرئاندا مۇنداق ئايەت يەر ئالمىغان بولاتتى:

قُلْ مَا كُنْتُ بِدْعاً مِنَ الرُّسُلِ وَمَٓا اَدْرٖي مَا يُفْعَلُ بٖي وَلَا بِكُمْۜ اِنْ اَتَّبِعُ اِلَّا مَا يُوحٰٓى اِلَيَّ وَمَٓا اَنَا۬ اِلَّا نَذٖيرٌ مُبٖينٌ

«ئېيتقىنكى: ‹مەن رەسۇللارنىڭ تۇنجىسى ئەمەسمەن، ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن پەقەت ماڭا ۋەھيي قىلىنغان نەرسىگىلا ئەگىشىمەن. مەن ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن› » (ئەھقاف سۈرىسى، 9 ـ ئايەت).

ئەمدى فەتھ سۈرىسى 3 ـ 1 ـ ئايەتلەرگە بېرىلگەن مەنىدىكى خاتالىقلارنى يۇقىرىدىكى تەرجىمە ئاساسىدا كۆرۈپ چىقايلى. بىرىنچى ئايەتنىڭ مەنە تەرجىمىسى «بىز ساڭا روشەن بىر فەتھ ئىھسان قىلدۇق» شەكلىدە بولۇپ، ئىككىنچى ئايەتتە «شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ سېنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە كېلەچەكتىكى بارلىق گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىدۇ...» دېيىلىدۇ. فەتھنى ئىھسان قىلغۇچى ئاللاھ تۇرسا، نېمە ئۈچۈن نەبى مەغپىرەت قىلىنىدۇ؟ يەنى، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ بەخش ئەتكەن بىر زەپەر (ئاللاھ ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىش) سەۋەبىدىن نەبىنىڭ گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ؟ بۇ نۇقتىدا نەبىنىڭ قايسى ھەرىكىتى سەۋەبىدىن

(1) قۇرئانى كەرىم، 110 ـ سۈرە

گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ؟ ۋە ياكى نەبىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بىرەر ئىش - ھەرىكىتى بارمۇ؟ ئۈچىنچى ئايەتتە بولسا «ساڭا شانلىق زەپەر بىلەن ياردەم قىلىدۇ» دېيىلىدۇ. بۇ ئايەتتىن ياردەم قىلغۇچىمۇ، زەپەرنى ئېھسان قىلغۇچىنىڭمۇ ئاللاھ ئىكەنلىكى مەلۇم. لېكىن مەغپىرەت قىلىنغۇچى نەبى. نېمە ئۈچۈن؟ دېمەك، بۇ مەنە تەرجىمىدە (مەنە پۈتۈنلىكىنى بۇزۇپ تاشلىغان) مۇناسىۋەت خاتالىقى مەۋجۇت. مەسىلىنىڭ ئەسلى مۇنداق:

بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق نەبىدىن مەككە قوشۇنى ھەققىدە سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش بىلدۈرۈلگەن. نەبى ئەگەر بۇنى قىلسا (خاتالىقنى تۈزەتسە) ھەم ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ، ھەم مەككە فەتىھ قىلىنىدۇ، ھەم بۇ مەسىلىدە سادىر قىلغان خاتالىقى مەغپىرەت قىلىناتتى. بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق دېيىلمەكچى بولغان مەقسەت بۇنىڭدىن ئىبارەت. بۇنداق بولغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولۇشى كېرەك:

**إِنَّا فَتَحْنَا لَكَ فَتْحاً مُبِيناًۙ لِيَغْفِرَ لَكَ اللّٰهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِكَ وَمَا تَاَخَّرَ وَيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكَ وَيَهْدِيَكَ صِرَاطاً مُسْتَقِيماًۙ وَيَنْصُرَكَ اللّٰهُ نَصْراً عَزِيزاً**

«(بۇ ھەقتىكى خاتالىقلىرىڭنى تۈزەتسۇن دەپ) بىز سەن ئۈچۈن روشەن بىر زەپەرنىڭ ئىشىكىنى ئاچتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ سېنىڭ (بەدىردىن) بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلغاي، نېمىتىنى كامالەتكە يەتكۈزگەي ۋە سېنى توغرا يولغا باشلىغاي. (سەن خاتالىقىڭنى تۈزەتسەڭ) ئاللاھ(مۇ) ساڭا شانلىق زەپەر بىلەن ياردەم قىلىدۇ» (فەتىھ سۈرىسى 3 ـ 1 ـ ئايەتلەر).

ئايەتتىكى «ما تەقاددەمە» ۋە «ما تەئاخخەرە» ئىبارىلىرى باشقا ئايەتلەردىكىگە ئوخشاش «ئىلگىرىكى» ۋە «كېيىنكى» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ[1]. ئۇنىڭدىن باشقا «مىن زەنبىكە» ئىبارىسىدىكى «مىن» كەلىمىسىمۇ «بىر قىسىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (تەبئىدىييە)[2]. بۇ سەۋەبتىن ئايەتتىكى «ما تەقاددەمە مىن زەنبىكە ۋە ما تەئاخخەرە» جۈملىسى «ئۆتمۈشتىكى ۋە كېلەچەكتىكى بارلىق گۇناھلارنى» ئەمەس، بەزى گۇناھلارنى (گۇناھلارنىڭ بىر قىسمىنى) كۆرسىتىدۇ. ئايەتلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئارقىلىق نەزەردە تۇتۇلغان بۇ گۇناھلارنىڭ نەبىنىڭ مەككە قوشۇنى مۇناسىۋەتتى بىلەن سادىر قىلغان

(1) بەقەرە سۈرىسى، 110؛ ئەئراف سۈرىسى، 34؛ يۇسۇف سۈرىسى، 49؛ ھىجر سۈرىسى، 24؛ نەھل سۈرىسى، 61؛ مۇددەسسىر سۈرىسى، 37 ـ ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 61، 267، 271؛ ئالئىمران سۈرىسى، 91؛ ئەنئام سۈرىسى، 52 ـ ئايەت (مەھمەت ئوكۇيان، «قۇرئانى كەرىمدە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر»، 713 ـ بەت

گۇناھلار ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. يەنى:

مەككە مەزگىلىدە نازىل بولغان ئايەتلەر، نەبىنىڭ مەككىدىن چىقىشقا مەجبۇر قالىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىش بىلەن بىرگە، (قىسقا بىر مۇددەتتىن كېيىن) مەككىنىڭ فەتھە قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇشخەۋەردىنمۇ بېشارەت بەرمەكتە ئىدى:

«سېنى بۇ زېمىندىن (مەككىدىن) چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن سېنى خاتىرجەم تۇرالماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدىغان كۈنلەرگە ئاز قالدى. ئەگەر چىقىرىۋەتسە، سەندىن كېيىن ئۇلارمۇ بۇ يەردە خاتىرجەم ھالدا ئۇزۇن تۇرالمايدۇ. سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن ئەلچىلەرگە تۇتقان يول (سۈننەتۇللاھ) مۇشۇنداقتۇر. بىزنىڭ تۇتقان يولىمىزدا ئۆزگىرىش تاپالمايسەن» (ئىسرا سۈرىسى، 77 ـ 76 ـ ئايەتلەر).

مەككە دەۋرىدە نازىل بولغان بۇ ئايەتلەر، نەبىنىڭ مۇشرىكلارنىڭ زۇلۇمى سەۋەبىدىن مەككىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قالىدىغانلىقى، لېكىن مۇشرىكلارنىڭمۇ ئۇ جايدا ئۇزۇن مەزگىل تۇرالمايدىغانلىقى (مەككىنىڭ يېقىن كېلەچەكتە فەتھە قىلىنىدىغانلىقى) خوشخەۋىرىنى بەرمەكتە ئىدى. ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى (سۈننەتۇللاھ) مۇشۇنداق ئىدى. مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى (خۇشال بولىدىغانلىقىنى) بىلدۈرىدىغان باشقا ئايەتلەرمۇ بار:

«رىملىقلار مەغلۇپ بولدى. (مەغلۇبىيەت) ناھايىتى يېقىن جايدا يۈز بەردى. ئۇلار، بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن غەلىبە قازىنىدۇ. غەلىبە ئۈچ بىلەن توققۇز يىل ئىچىدە قولغا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ۋە كېيىنمۇ ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر. ئۇ كۈندە مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ. ئاللاھ تىرىشقان كىشىگە ياردەم قىلىدۇ. ئۇ (ئاللاھ) كۈچلۈكتۇر، ئىلتىپاتى چەكسىزدۇر. بۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر. كىشىلەرنىڭ تولىسى بىلمىسىمۇ، ئاللاھ ۋەدىسىدە تۇرغۇچىدۇر» (رۇم سۈرىسى، 6 ـ 2 ـ ئايەت).

دېمەك، مۇئمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى يېقىن ئىدى. چۈنكى ئاللاھ مۇشرىكلار خالىمىسىمۇ دىنىنى ئۈستۈن قىلاتتى.

«...ئاللاھ ۋەدىسىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئۇ كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى، ھەقنى ئۈستۈن قىلىپ باتىلنى خار قىلىشنى خالايدۇ» (ئەنفال سۈرىسى، 7 ـ ئايەت).

«مۇشرىكلار خالىمىسىمۇ، ئۇ (ئاللاھ) دىنى (ئىسلام)نى بارلىق دىنلاردىن

ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن رەسۇلىنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى» (تەۋبە سۈرىسى، 38-ئايەت).

ئاللاھ دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ، مۇئمىنلەرنى غالىب قىلاتتى. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن مۇئمىنلەرمۇ ئۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك قائىدىلەر (ئاللاھنىڭ بىلدۈرگەنلىرى)گە رىئايە قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەكسىچە بولغاندا غەلىبە قىلالمايتتى. بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

«ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلارغا ئۇچراشساڭ، شۇنداق قاتتىق زەربە بەرگىنكى، ئارقىدىكىلەر قېچىپ كەتسۇن. بەلكىم ئۇلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغاي» (ئەنفال سۈرىسى، 57-ئايەت).

«(ئۇرۇشتا) كاپىرلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلارنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلغىچە بويۇنلىرىغا چېپىڭلار. ئاندىن (ئەسىرلەرنى) چىڭ باغلاڭلار. ئاندىن ئۇلارنى فىدىيە ئېلىپ ياكى فىدىيەسىز قويۇپ بېرىڭلار. تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغۇچە مۇشۇنداق قىلىڭلار...» (مۇھەممەد سۈرىسى، 4-ئايەت).

«ئۇلارنى (سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغانلارنى) تۇتۇۋالغان يېرىڭلاردا ئۆلتۈرۈڭلار. سىلەرنى چىقىرىۋەتكەن جايدىن سىلەرمۇ ئۇلارنى چىقىرىۋېتىڭلار...» (بەقەرە سۈرىسى، 191-ئايەت).

نەبى (ۋە مۇئمىنلەر) بۇ ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلسا، مەككىنى فەتىھ قىلىشقا مۇۋەپپەق بولاتتى. لېكىن نەبى (ۋە مۇئمىنلەر) بۇ مەسىلىدە بىرسى بەدىر ئۇرۇشىدىن بۇرۇن، يەنە بىرسى ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئىككى چوڭ خاتالىق سادىر قىلدى (گۇناھ ئۆتكۈزدى) ۋە بۇ خاتالىقى سەۋەبىدىن مەككىنىڭ فەتىھ قىلىنىشى كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى. نەبىنىڭ (تۆۋەندە تەپسىلىي بايان قىلىنىدىغان) بۇ ئىككى خاتالىقى مۇنداق بولغانىدى:

نەبى، ھىجرەتتىن بىر يىل كېيىن مەككە مۇشرىكلىرىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ «بۇنىڭدىن كېيىن قۇرەيشكە ئائىت سودا كارۋانلىرىنىڭ ئىسلام ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى جايلاردىن ئۆتمەسلىكىنى» بىلدۈردى[1]. مۇئمىنلەر بۇ تارىختىن باشلاپ مەدىنە ئەتراپىدىن ئۆتكەن قۇرەيشلىكلەرگە تەۋە سودا كارۋانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ غەنىيمەت ئېلىشقا باشلىغانىدى. مۇشۇ مەقسەتتە مىلادى

(1) مۇھەممەد ھامىدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 1-جىلد، 219-بەت

623 ـ يىلى مارتتىن 624 ـ يىلى يانۋارغىچە بولغان ئارىلىقتا سەككىز قېتىم يۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇلاردىن تۆت قېتىملىق غازاتقا مۇھەممەد (ئە س) ئۆزى قۇماندانلىق قىلغانىدى[1]. قالغان تۆت قېتىملىقى نەبىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، نەبى قۇماندانلىق قىلمىغانىدى[2].

بەدىر ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى نەبىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەۋەتىلگەن بۇ يۈرۈشلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئابدۇللاھ بىن. جەھش قوماندانلىقىدىكى ئەترەت ئىدى. بۇ ئەترەت تائىفتىن مەككىگە قايتىۋاتقان تۆت كىشىلىك بىر سودا كارۋىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، كارۋان بېشى ئامر بىن ھادرامىنى ئۆلتۈردى. ئىككى كىشىنى ئەسىر ئالدى (بىرسى قېچىپ كەتتى). غەنىيمەتنىڭ بەشتىن تۆت قىسمىنى ئۆز ئارا بۆلۈشتى (بەشتىن بىرىنى رەسۇلۇللاھقا ئايرىپ قويدى). ئۇلار ئىككى ئەسىرنى مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى. نەبى بۇ ئەسىرلەرنى سولاپ قويدى. لېكىن ئۆزىگە ئايرىلغان غەنىيمەتنى ئالمىدى. چۈنكى ئوتتۇرىدا ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە بار ئىدى. بۇ ۋەقە ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىش (قان تۆكۈش) ھارام ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلغۇچى تەرەپ مۇئمىنلەر بولۇپ، ئۇلارنى نەبى ئەۋەتكەنىدى. بۇ ۋەقە ئەرەبلەر ھەممىدىن بەك ئۇلۇغلايدىغان ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا (رەجەپ) بولغانىدى. نەبى مۇشرىكلار بۇ ۋەقەنى مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا ئىشلىتىلىدۇ دەپ قارىغانىدى. دەرۋەقە شۇنداق بولدى. مۇشرىكلار مۇئمىنلارنىڭ زىيىنىغا تەشۋىق ئېلىپ بېرىشقا باشلاپ: «مۇھەممەد ۋە ھەمراھلىرى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىدى، ھارام ئايدا قان تۆكتى. كارۋاننىڭ ماللىرىنى ئېلىپ، ئادەملىرىنى ئەسىر قىلدى» دەپ مۇئمىنلەرنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. بۇ ئەھۋال نەبى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ دىلىنى غەش قىلدى. ئۇلارنى قىيىنچىلىققا ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا قان تۆكۈش (ئۇرۇش)نىڭ توغرا بولۇپ ـ بولمىغانلىقى دەتالاش قىلىنىشقا باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى[3]:

«ئۇلار سەندىن: ‹(ئۇرۇش) ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟›

---

(1) بۇ غازاتلار ئەبۋا (ۋەددان)، بۇۋات، سافەۋان ۋە زۇل ـ ئۇشەيرا سەپەرلىرى ئىدى (جەلالەتتىن ۋەتەنداش، «مەدىنە دەۋرى»، 92 ـ 89 ـ بەتلەر)

(2) بۇلار سىفئۇل باھر، رابىغ ھارار ۋە ناھلە يۈرۈشلىرى ئىدى (جەلالەتتىن ۋەتەنداش، «مەدىنە دەۋرى»، 92 ـ 89 ـ بەتلەر)

(3) رازى، بەقەرە سۈرىسى 217؛ بەيزاۋى، بەقەرە سۈرىسى 217؛ يازىر، بەقەرە سۈرىسى 217 ـ ئايەت. جەلالەتتىن ۋەتەنداش، «مەدىنە دەۋرى»، 92 ـ 91 ـ بەتلەر.

دەپ سورايدۇ. ئېيتقىنكى:

«بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر. (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاھنى ئىنكار قىلىش، مەسجىدى ھەرەمنى زىيارەت قىلىشتىن توسۇش ۋە ئاھالىسى ئۇ يەردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئاللاھنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر. فىتنە ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر ...» (بەقەرە سۈرىسى، 217-ئايەت).

بۇ ئايەت، مۇشرىكلار قىلغان بېسىم ۋە زۇلۇملارنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، ھارام ئايدا ئۇرۇش قىلغان مۇئمىنلەرنىڭمۇ گۇناھ سادىر قىلغانلىقىنى قەيت قىلدى. بەدىر ئۇرۇشىدىن بىر يېرىم ئاي بۇرۇن يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە، فەتىھ سۈرىسى 2-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان نەبىنىڭ (بەدىردىن ئىلگىرىكى) گۇناھى ئىدى. نەبىنىڭ بەدىردىن كېيىنلا سادىر قىلغان گۇناھى بولسا بەدىر ئەسىرلىرى ھەققىدە ئىدى. يەنى:

نەخلە يۈرۈشى بولۇپ بىر يېرىم ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، مۇشرىكلارغا ئائىت چوڭ سودا كارۋىنى شامدىن قايتىپ كېلىۋاتقانىدى. كارۋان بېشى ئەبۇ سۇفيان بولۇپ، كارۋان مىڭ تۆگە ۋە ئەللىك مىڭ دىنار دەسمايىدىن تەشكىل تاپقانىدى. ئومۇمىي قىممىتى تەخمىنەن 500 مىڭ دەرھەمگە توغرا كېلەتتى. لېكىن بۇ كارۋاننىڭ قوغدىغۇچىلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. مۇئمىنلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال بۇ كارۋانغا ھۇجۇم قىلىشقا نىيەتلەندى. نەبى ساھابىلەرنى يىغىپ، كارۋان مەككىگە قايتىش يولىدا ئۆتىدىغان بەدىر ئەتراپىدا كارۋانغا ھۇجۇم قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئەنسار - مۇھاجىرلارنى سەپەرۋەر قىلدى. زۆرۈر تېپىلسا جەڭ قىلاتتى، ساھابىلەر بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. يەتمىش تۆگە، ئىككى ئات ۋە 305 ئەسكەردىن تەشكىل تاپقان قوشۇن ھەرىكەتكە ئۆتتى. لېكىن ئەبۇ سۇفيان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مەككىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى ۋە يولنى ئۆزگەرتىپ، ئادەتتە بەك ئىشلىتىلمەيدىغان بىر يول بىلەن كارۋاننى قىزىل دېڭىز بويىدىن ئېلىپ ماڭدى. يەنى، كارۋان بەدىردىن ئۆتمىدى. بۇ جەرياندا 700 تۆگە، يۈز ئات ۋە 1000 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەبۇ جەھىل قوماندانلىقىدىكى قۇرەيش قوشۇنىمۇ كارۋاننى قوغداش ئۈچۈن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. لېكىن ئۇلار نورمال يولدا ماڭغانلىقى ئۈچۈن كارۋان بىلەن ئۇچراشمىدى. كارۋان قىزىل دېڭىز ساھىل يولىنى بويلاپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن بەدىرگە كەلگەن مۇئمىنلەرمۇ كارۋاننى تاپالمىدى. يەنى، كارۋان مۇئمىنلەردىن قېچىپ قۇتۇلغان ئىدى. ئەبۇ سۇفيان بۇ ئەھۋالنى

مەككە قوشۇنىغا يەتكۈزدى. لېكىن بۇنىڭغا قارىماستىن مەككە قوشۇنى قايتىپ كەتمىدى. ھەم كۈچىنى كۆرسىتىپ قويۇش، ھەم نەھلە يۈرۈشىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن مەدىنىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئەمما مۇئمىنلەرنىڭ مەقسىتى مەككە قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىش ئەمەس، بەلكى سودا كارۋىنىنى ئولجا ئېلىش ئىدى. لېكىن بەدرىگە يېتىپ كەلگەندە (كارۋاننىڭ ئورنىغا) مەككە قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار ۋە مۇئمىنلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى ئۇرۇش (بەدىر) يۈز بەردى (ھىجرى 2، مىلادى 624-يىلى)[1]. قۇرئان بۇ رېئاللىقنى مۇنداق بايان قىلماقتا:

«ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئۇ ئىككى گۇرۇھتىن بىرسى سىلەرنىڭ بولىدۇ دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. سىلەر قورالسىز بولغانلارنى (كارۋاننى) قولغا كەلتۈرۈشنى ياقتۇردۇڭلار. ئاللاھ ۋەدىسىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ھەقنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە ئۇ كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى (ئۈچۈن مەككە قوشۇنىنى سىلەرگە بېرىشنى)خالايدۇ» (ئەنفال سۈرىسى، 7-ئايەت).

«ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادى (بەدىر)نىڭ تۆۋەن تەرىپىدە، ئۇلار يۇقىرى تەرىپىدە، (سودا) كارۋىنى بولسا سىلەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىڭلار (ساھىل)دا ئىدى. (سىلەر ئۇرۇش ئۈچۈن) ئەھدىلەشكەن بولساڭلار بۇنداق ئۇچرىشىپ قالالمايتىڭلار. ئەمما ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىش بولسۇن، كىم يوق بولىدىغان بولسا ھەقىقەتنى كۆرۈپ يوق بولسۇن، كىم ياشايدىغان بولسا ھەقىقەتنى كۆرۈپ ياشىسۇن دەپ مۇشۇنداق قىلدى. ئاللاھ ئەلۋەتتە ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (ئەنفال سۈرىسى، 42-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن مۇئمىنلەر (نەبى)نىڭ يۈرۈش قىلىشتىكى مەقسىتىنىڭ، مەككە قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىش ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنى، نەبى ئۆزىگە مەككىنىڭ فەتىھ قىلىنىشىنىڭ ۋەدە قىلىنغانلىقىغا قارىماستىن[2]، مەككە قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىمىغانىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى بەدىردە ئۇچراشتۇردى ۋە ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېدى:

«ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلارغا ئۇچراشساڭ، شۇنداق قاتتىق زەربە بەرگىنكى، ئارقىدىكىلەر قېچىپ كەتسۇن. بەلكىم ئۇلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغاي» (ئەنفال سۈرىسى، 57-ئايەت).

---

(1) سارىچام ئىبراھىم، «ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە ئۇنىۋېرسال تەلىماتى»، 157-150-بەتلەر؛ جەلالەتتىن ۋەتەنداش، «مەدىنە دەۋرى»، 107-93-بەتلەر

(2) ئىسرا سۈرىسى، 77-76 ۋە رۇم سۈرىسى 6-2-ئايەتلەر

«(ئۇرۇشتا) كاپىرلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلارنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلغىچە بويۇنلىرىغا چېپىڭلار. ئاندىن (ئەسىرلەرنى) چىڭ باغلاڭلار. ئاندىن ئۇلارنى فىدىيە ئېلىپ ياكى فىدىيە ئالماي قويۇپ بېرىڭلار. تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغۇچە مۇشۇنداق قىلىڭلار...» (مۇھەممەد سۈرىسى، 4-ئايەت).

«ئۇلارنى (سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغانلارنى) تۇتۇۋالغان يېرىڭلاردا ئۆلتۈرۈڭلار. سىلەرنى چىقىرىۋەتكەن جايدىن سىلەرمۇ ئۇلارنى چىقىرىۋېتىڭلار...» (بەقەرە سۈرىسى، 191-ئايەت).

نەبى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ بۇيرۇقلارنى ئاساسىي جەھەتتىن ئادا قىلدى[1]. مەككە قوشۇنى تارمار قىلىندى، لېكىن ئۇلارنى ئايەتتە تەلەپ قىلىنغاندەك ئۈزۈل - كېسىل بىتچىت قىلمىدى. ھالبۇكى، مۇشۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئاللاھنىڭ ۋەدىسى كېچىكمەستىن ئەمەلگە ئېشىشى كېرەك ئىدى. مەككە قوشۇنى ئۈزۈل - كېسىل بىتچىت قىلىنىشى، مەككە فەتھە قىلىنىشى ۋە ئىسلام ئۈستۈن قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەمما بۇ (مەككىنىڭ فەتھە قىلىنىشى) بىر ئاز كېچىكتى. چۈنكى بەدىردە مۇشرىكلار مەغلۇپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مۇئمىنلەر دۈشمەننى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلماستىن مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. نۇرغۇن كىشى ئەسىر ئېلىنىدى ۋە بۇ ئەسىرلەر فىدىيە ئېلىنىپ قويۇپ بېرىلدى. مانا بۇ سەۋەبتىن (نەبىنىڭ بەدىردىن كېيىنلا سادىر قىلغان خاتالىقىنى بىلدۈرگەن) تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى[2]:

مَا كَانَ لِنَبِيٍّ اَنْ يَكُونَ لَهُٓ اَسْرٰى حَتّٰى يُثْخِنَ فِي الْاَرْضِۜ تُرٖيدُونَ عَرَضَ الدُّنْيَاۗ وَاللّٰهُ يُرٖيدُ الْاٰخِرَةَۜ وَاللّٰهُ عَزٖيزٌ حَكٖيمٌ لَوْلَا كِتَابٌ مِنَ اللّٰهِ سَبَقَ لَمَسَّكُمْ فٖيمَٓا اَخَذْتُمْ عَذَابٌ عَظٖيمٌ

«ھەرقانداق نەبىنىڭ جەڭ مەيدانىدا دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرمەي تۇرۇپ، ئەسىر ئېلىشى توغرا ئەمەس ئىدى. سىلەر كۆز ئالدىڭلاردىكى دۇنيا مەنپەئىتىنى كۆزلەيسىلەر، ئاللاھ بولسا سىلەرگە ئاخىرەتنى كۆزلەيدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئەگەر ئاللاھنىڭ ھۆكمى[3] بولمىغان بولسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار» (ئەنفال سۈرىسى، 67-68-ئايەتلەر).

---

(1) ئەنفال سۈرىسى، 9، 13 ۋە 17-ئايەتلەر

(2) جەلالىددىن ۋەتەنداش، «مەدىنە دەۋرى»، 114-116-بەتلەر

(3) «زەپەر سىلەرنىڭ بولىدۇ» دېگەن ئىسرا سۈرىسى، 76-77 ۋە رۇم سۈرىسى 2-4-ئايەتلەردىكى ھۆكۈم

دېمەك، مەككە قوشۇننى ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلماستىن ئەسىر ئېلىش (ۋە بۇ ئەسىرلەرنى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىش)، نەبى سادىر قىلغان مۇھىم خاتالىق (گۇناھ) ئىدى. بۇنىڭ نەقەدەر چوڭ خاتالىق ئىكەنلىكى (بۇ خاتالىق سەۋەبىدىن ئاللاھ ۋەدە قىلغان مەككە فەتىھىنىڭ قانداق كېچىكىپ كەتكەنلىكى) كېيىن مەلۇم بولدى. ئۇزۇل ـ كېسىل بىتچىت قىلىنمىغان مەككە قوشۇنى ئۇھۇد ئۇرۇشىدا 70 مۇئمىننى شېھىت قىلدى[1].

يىغىنچاقلاشقا توغرا كەلسە، فەتىھ سۈرىسى 1 ـ 3 ـ ئايەتلەردە نەبىنىڭ مەككە قوشۇنى ھەققىدە سادىر قىلغان خاتالىقلىرى ئىما قىلىنغان ۋە «ئەگەر يەنە خاتالىق سادىر قىلمىساڭ ۋە مەككىنىڭ فەتىھ قىلىنىشىغا نائىل بولساڭ (بۇنىڭ ئۈچۈن مەجبۇرىيىتىڭنى ئادا قىلساڭ)، مەزكۇر خاتالىقلار مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېيىلمەكتە. يەنى، بۇ مەسىلىدە ئىلگىرى ئىككى قېتىم خاتالىق سادىر قىلغان نەبىگە خاتالىقىنى تۈزىتىش ئۈچۈن بىر قېتىم پۇرسەت بېرىلگەن. نەبى بۇ پۇرسەتتىن ئۇنۇملۇك پايدىلانسا، ھەم مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ھەم ياردەمگە ئېرىشىدۇ. نەتىجىدە نەبىگە ۋەدە قىلىنغان بۇ ياردەم (زەپەر، يەنى مەككىنىڭ فەتىھ قىلىنىشى)، بۇ ئايەتلەر نازىل بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن روياپقا چىقتى:

«ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن، كىشىلەر توپ ـ توپ ھالدا ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرگەنلىكىنى كۆرگەن ۋاقتتا، رەببىڭگە ھەمد ئېيتىپ، ئۇنى تەسبىھ قىلغىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. چۈنكى ئۇ تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر» (نەسر سۈرىسى، 3 ـ 1 ـ ئايەت).

دېمەك، فەتىھ سۈرىسىدە ۋەدە قىلىنغان ياردەم (ۋە زەپەر) بۇ ئايەتلەر بىلەن كەلگەن. يەنى، بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق نەبىگە «مانا ئەمدى سەن مەجبۇرىيىتىڭنى ئادا قىلدىڭ، خاتالىقىڭنى تۈزەتتىڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ساڭا ۋەدە قىلغان غەلىبە ساڭا يەتكۈزۈلدى، ئەمدى ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىنىكى، ئاللاھمۇ سېنى مەغپىرەت قىلغاي» دېمەكتە.

دېمەك، بەزى خاتالىقلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى، ئالدى بىلەن مەزكۇر خاتالىقنىڭ تۈزىتىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئاللاھ ئەلۋەتتە (تەۋبە ۋە ئىستىغپار بىلەن) بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئۇنىڭ ئىلكىدىكى ئىش بولۇپ، بىز ئۇنىڭ نامىدىن سۆز قىلالمايمىز. شۇنداقتىمۇ، خاتالىقنىڭ تۈزىتىلىشى (زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش) ئارقىلىق

---

(1) جەلالىددىن ۋەتەنداش، «مەدىنە دەۋرى»، 116 ـ بەت

قىلىنغان تەۋبە ۋە ئىستىغپارىنىڭ مەقبۇل بولۇشقا تېخىمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېيتالايمىز[1].

## قايسى نەبى - رەسۇلغا ئىمان ئېيتايلى؟

نەبى (پەيغەمبەر)لەرگە ئىمان، قۇرئان تەلەپ قىلغان شەكىلدە بولۇشى كېرەك. يەنى، ئۆزىمىز تەسەۋۋۇر قىلغان نەبىگە ئەمەس، قۇرئان تونۇشتۇرغان نەبىگە ئىمان ئېيتىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا بارلىق نەبى تەسەۋۋۇرلىرى توغرا ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن تەسەۋۋۇر قىلىنغان بۇ خىيالى نەبىلەرگە ئىمان ئېيتىش، ئەسلىدە ئىمان ئەمەس، ئىنكار قىلىش بولىدۇ. تارىختا نەبىلەرنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئىككى خىل يولى (ئەمەلىي تۇرمۇشتا پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان ئىككى خىل چۈشەنچە) مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

بىرىنچىسى، بىزگە ئوخشاش بىر بەشەر (ئىنسان)نىڭ پەيغەمبەر بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغان چۈشەنچە. مەسىلەن: مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھقا تۇتقان پوزىتسىيىسى بۇ تۈرگە كىرىدۇ.

ئىككىنچىسى بولسا، پەيغەمبەرنى ئېغىزدا ئېتىراپ قىلغان، لېكىن ئۇنى ئىنسان ئۈستى كۆرۈپ ئىلاھلاشتۇرغان چۈشەنچىدۇر. مەسىلەن: خىرىستىيانلارنىڭ ھەزرىتى ئىساغا تۇتقان پوزىتسىيەسى مۇشۇنداق ئىدى.

بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى كىشىلەر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغاندەك، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى كىشىلەرمۇ پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان. چۈنكى ئۇلار قۇرئان تونۇشتۇرغان پەيغەمبەرگە ئەمەس، ئۆزىنىڭ زېھنىدە شەكىللەندۈرگەن ۋە قۇرئانغا زىت ئىكەنلىكى روشەن بولغان پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتقان. لېكىن ھەقىقەتتە ئۇنداق بىر پەيغەمبەر يوق. مەۋجۇت بولمىغان بىر پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىپ، ھەقىقىي پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىشتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش، بۇ پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

قۇرئان، بۇ ھەر ئىككى خىل چۈشەنچىنى رەت قىلىپ، بىزنى «بەشەر پەيغەمبەرگە» ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىز مۆئمىنلەر شاھادەت ئېيتقاندا «مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد (ئە س) ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر» دەپ ئىمانىمىزنى ئىقرار قىلىمىز. يەنى ئالدى بىلەن پەيغەمبەرنىڭ

(1) بەقەرە سۈرىسى، 11؛ نۇر سۈرىسى، 5-ئايەت

«بەندە» خاسلىقى تەكتلەنگەندىن كېيىن، ئاندىن « رەسۇل (ئەلچى)» ئىكەنلىكىنى ئېيتىمىز. بۇ ئارقىلىق قۇرئان تەلەپ قىلغان شەكىلدە بەندە ـ ئەلچىگە ئىمان ئېيتقان بولىمىز.

ئالدىنقى پاراگرافلاردا نەبى ـ رەسۇل مۇھەممەد (ئە س) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەرنى ئوقۇپ ئۆتتۇق. بۇ ئارقىلىق، قۇرئان تونۇشتۇرغان بەشەر نەبى ـ رەسۇلنى تونۇپ يېتىشكە تىرىشتۇق. بۇ ئايەتلەردە تونۇشتۇرۇلغان نەبى ـ رەسۇل بىلەن بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدىكى نەبى ـ رەسۇل چۈشەنچىسى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بارلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ رېئاللىققا كۆندىلىك تۇرمۇشتا ناھايىتى كۆپ ئۇچراپ تۇرىمىز. ھەتتا نەبى ـ رەسۇل بىلەن مۇناسىۋەتلىك قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭمۇ بىر بەشەر ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋاقتىمىزدا (بۇنى بىز ئەمەس، قۇرئان بىلدۈرۈۋاتىدۇ)، بەزىلەرنىڭ خۇددى بىز نەبىگە ھاقارەت قىلىۋاتقاندەك ئىنكاس قايتۇرغانلىقىغا شاھىت بولماقتىمىز. نەبى ـ رەسۇل بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇش قانداقمۇ ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلغانلىق بولسۇن؟

**قُلْ اِنَّمَٓا اَنَا۬ بَشَرٌ مِثْلُكُمْ يُوحٰٓى اِلَيَّ اَنَّمَٓا اِلٰهُكُمْ اِلٰهٌ وَاحِدٌۚ فَمَنْ كَانَ يَرْجُوا لِقَٓاءَ رَبِّه۪ فَلْيَعْمَلْ عَمَلاً صَالِحاً وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّه۪ٓ اَحَداً**

«ئېيتقىنكى: ‹مەنمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش بىر بەشەرمەن (ئىنسان). ماڭا ئىلاھىڭلارنىڭ يالغۇز بىر ئىلاھ ئىكەنلىكى ۋەھيي قىلىنىدى. كىمكى رەببى بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، سالىھ (ياخشى) ئىش قىلسۇن ۋە رەببىگە قىلغان ئىبادەتلىرىگە ھېچكىمنى ئورتاق (شېرىك) قىلمىسۇن› » (كەھف سۈرىسى، 110 ـ ئايەت).

مۇھەممەد (ئە س)نى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ئۇ ئېلىپ كەلگەن سۆزلەرنى، يەنى قۇرئاننى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى قۇرئانغا ئەگىشىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان قۇرئان، نەبىگىمۇ سالات (ياردەم) قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ[1]. بۇ ئەلۋەتتە نەبىنى ھۆرمەتلەشنى تەقەززا قىلىدۇ. لېكىن نەبىنى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭ ئىنسانلىقتىن ھالقىغان مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا سالات (ياردەم) قىلىش، يەنى ئۇنىڭ دەۋاسىغا ياردەم قىلىش، بۇ يولدا خىزمەت قىلىش، قۇرئانغا ئەگىشىش ئارقىلىق ئەمەلگە

(1) ئەھزاب سۈرىسى، 56 ـ ئايەت

ئاشدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، خىرىستىيانلار ھەزرىتى ئىساغا قىلغىنىدەك ئۇنى ھەددىدىن زىيادە كۆككە كۆتۈرۈش، قۇرئانغا زىت ھالدا ئۇلۇغلاش ئارقىلىق نەبىگە ھۆرمەت كۆرسەتكىلى بولمايدۇ. بۇ نەبىنى ھۆرمەتلەش ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئۇنىڭغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىكتۇر. ھېچقانداق بىر ئايەتتە نەبىنىڭ ئۇلۇغلىنىشى تەلەپ قىلىنمىغاندەك، نەبىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىنىشىنى خالىمىغان. بۇ مەسىلە ھەققىدە قۇرئان روھىغا ماس كېلىدىغان مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس (ر ئە) رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەزرىتى ئۆمەر (ر ئە)نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ)نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

ھەققىمدە خىرىستىيانلارنىڭ مەريەم ئوغلى ئىساغا قىلغاندەك ھەددىدىن زىيادە ماختاشتا بولماڭلار. مەن ھەققەتەن بىر بەندە. مەن ئۈچۈن ‹ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى› دەڭلار»[1].

ئۇنداقتا خىرىستىيانلارنىڭ ھەزرىتى ئىساغا قىلغىنىدەك شەكىلدە بىزنىڭمۇ نەبى مۇھەممەدنى ئۇلۇغلاپ ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇشىمىز، ئۇنى ھۆرمەتلەش ئەمەس، ئەكسىچە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن: خىرىستىيانلار «بىز ئىساغا ئىشەنمەيمىز» دېمىدى. ئۆزلىرىچە ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىكمۇ قىلمىدى. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلىدى. ھەتتا، ھەددىدىن ئېشىپ «ئىسا ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېيىشتى (نەئۇزى بىللاھ). ئۇلار بۇنى ئىساغا ھاقارەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن قىلدى. ئەمما بۇنداق قىلغۇچىلارنى ئاللاھ تائالا «كاپىر بولدى» دېدى[2].

يەنە ئوخشاش شەكىلدە يەھۇدىيلارمۇ «بىز ئۇزەير نەبىگە ئىشەنمەيمىز» دېيىشمىدى. ئۆزلىرىچە ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىكمۇ قىلىشمىدى. دەل ئەكسىچە، ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلاشتى. ھەتتا بۇ ئۇلۇغلاش چەكتىن ئېشىپ «ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېيىشتى (نەئۇزى بىللاھ). ئۇلار بۇنى ئۇزەير (ئە س)گە ھاقارەت قىلىش ئۈچۈن قىلمىدى، بەلكى ئۇنى ئۇلۇغلاش مەقسىتىدە قىلغانىدى. لېكىن ئاللاھ بۇنداق قىلغۇچىلارنى «ئۇلار كاپىر بولدى» دېدى[3].

قۇرئان ئىلگىرىكى كىتاب ئەھلى سادىر قىلغان بۇ خاتالىقلارنى بىزلەرگە

(1) ئىبراھىم جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 5392

(2) مائىدە سۈرىسى، 72-ئايەت

(3) تەۋبە سۈرىسى، 30-ئايەت

نېمە ئۈچۈن بايان قىلىپ بېرىدۇ؟ ئەلۋەتتە، بىزنىمۇ بۇ خاتالىققا چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ. بۇ ئارقىلىق قۇرئان بىزگە مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۇھەممەد ئۈممىتى! سىلەرمۇ يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ قىلغىنىدەك خاتالاشماڭلار. ئۇلار نەبىلىرىنى ھەقىقەتكە زىت ھالدا ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلىغان ۋە بۇ سەۋەبتىن ئېزىپ كەتكەنىدەك، سىلەرمۇ مۇھەممەدنى ھەقىقەتكە خىلاپ ھالدا ھەددىدىن زىيادە كۆككە كۆتۈرمەڭلار، ئۇنىڭغا خۇددى ئىلاھتەك مۇئامىلە قىلماڭلار، ئۇنى بەزى ئىلاھى سۈپەتلەر بىلەن ئۇلۇغلىماڭلار، ئەكسىچە بولغاندا يولدىن ئادىشىپ كېتىسىلەر ۋە شېرىك پاتقىقىغا پېتىپ قالىسىلەر...».

ئەپسۇسكى، مەن مۇسۇلمان دېگۈچىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى بۇ خاتالىققا مۇپتىلا بولدى. چۈنكى خاتالىققا پېتىپ قالغانلار بىلەن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئەقىدىلىرى بەلگىلىك نۇقتىدا كېسىشمەكتە. ئۇلارنىڭ نەبى - رەسۇل چۈشەنچىسىدىكى ئورتاق نۇقتىلار تۆۋەندىكىچە:

1) مەككە مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھقا «سېنىڭ پەۋقۇلئاددە - پەرىشتىلەردەك - ئالاھىدىلىكىڭ بولۇشى كېرەك» دېيىشكەنىدى[1]. دەۋرىمىزدىكىلەر بولسا «ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە - پەرىشتىلەردەك - ئالاھىدىلىكلىرى بار» دېمەكتە.

2) مەككە مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھقا «سېنىڭ ھەر تۈرلۈك مۆجىزىلىرىڭ بولۇشى كېرەك»[2] دېيىشكەنىدى. دەۋرىمىزدىكىلەرمۇ «ئۇنىڭ تۈرلۈك مۆجىزىلىرى بار» دېمەكتە.

3) مەككە مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھقا «سەن، ھەققىدە ئايەت چۈشمىگەن مەسىلىلەردە بىر نەرسە دېيىشىڭ كېرەك، ئۇنى ئۆزۈڭ ئىجاد قىلغىن...»[3]، ھەتتا «قۇرئاننى ئۆزگەرتىشىڭ، باشقا قۇرئان ئېلىپ كېلىشىڭ كېرەك»[4] دېيىشكەنىدى. دەۋرىمىزدىكىلەر بولسا «ئۇ، ھەققىدە ئايەت چۈشمىگەن مەسىلىلەر توغرىسىدىمۇ سۆز قىلغان. چۈنكى ئۇنىڭغا ھەدىسلەر ئارقىلىق قۇرئانغا ئوخشىشى (باشقا بىر قۇرئان!) بېرىلگەن» دېمەكتە.

4) مەككە مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھقا «سەن ئەلچى ئەمەس، چۈنكى سەنمۇ

---

(1) فۇرقان سۈرىسى، 7-ئايەت

(2) ئىسرا سۈرىسى، 94-93-ئايەتلەر

(3) ئەئراف سۈرىسى، 203-ئايەت

(4) يۇسۇپ سۈرىسى، 15-ئايەت

بىزگە ئوخشاش بىر بەشەر»[1] دېيىشكەنىدى. دەۋرىمىزدىكىلەر بولسا «ئۇ ئەلچىدۇر، لېكىن بىزگە ئوخشاش ئىنسان ئەمەس» دەيدۇ. يەنى، مەككە مۇشرىكلىرىمۇ دەۋرىمىزدىكىلەرمۇ «بىر بەشەرنىڭ ئەلچى بولالايدىغانلىقىغا، رەسۇلۇللاھنىڭ بىزگە ئوخشاش بەشەر ئىكەنلىكىگە، بۇنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەرگە[2] ئىشەنمىدى (ئىشەنمىدى). يەنى ئۇنى ئىنكار قىلدى (قىلىۋاتىدۇ)». چۈنكى ئۇلار قۇرئان تەرىپلەپ بەرگەن بىر بەشەر - ئەلچىگە ئەمەس، ئۆزىنىڭ زېھنىدىكى خىيالى ئەلچىگە ئىمان ئېيتىشتى. بۇ سەۋەبتىن مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن كۈنىمىزدىكى مۇشرىكلارنىڭ نەبى - رەسۇل چۈشەنچىسىنىڭ ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاش ئىكەنلىكى ۋە بۇ سەۋەبتىن قۇرئان تونۇشتۇرغان نەبى - رەسۇلغا ئەمەس، ئۆزىنىڭ زېھنى دۇنياسىدىكى خىيالى پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتقانلىقىنى (يەنى، ھەقىقىي رەسۇلغا ئىمان ئېيتمىغانلىقىنى) ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئۇنداقتا، رەسۇلغا ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن زېھنى دۇنيايىمىزدا شەكىللەندۈرگەن (قۇرئانغا زىت) رەسۇل چۈشەنچىسىگە ئەمەس، بەلكى قۇرئان تونۇشتۇرغان نەبى - رەسۇلغا ئىمان ئېيتىشىمىز كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، رەسۇلغا ئىمان ئېيتقان بولمايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ۋە باشقا بارلىق نەبى - رەسۇللارنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى ئىكەنلىكىگە؛ ھەممىسىنىڭ بىزگە ئوخشاش ئىنسان ئىكەنلىكىگە؛ ئۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ بەزى مۆجىزىلەرنى بەرگەنلىكى، لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئاللاھىدىلىككە ئىگە ئەمەسلىكىگە؛ ئاللاھ خالىمىسا ھېچقانداق مۆجىزە كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىغا، مۆجىزىلەرنىڭ ئۇلارغا ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا ئائىت ئىكەنلىكىگە؛ ئاللاھتىن ۋەھىي ئالغانلىقىغا، ۋەزىپىسىنىڭ پەقەت ئاللاھتىن ئالغان ۋەھيىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئىكەنلىكىگە؛ ئىنسان بولغانلىقى سەۋەبىدىن بەزى خاتالىقلىرىنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ئەمما خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋالماستىن تەۋبە قىلغانلىقىغا ۋە ئۆزىگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە بويسۇنۇپ گۈزەل ئۈلگىلىك كىشىلەرگە ئايلانغانلىقىغا؛ ئۇلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش ۋاقتى كەلگەندە ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدىغانلىقىغا (ھەزرىتى ئىسانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بارلىق نەبىلەرنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا ۋە ھېچقانداق نەبى - رەسۇلنىڭ قايتا دۇنياغا كەلمەيدىغانلىقىغا)[3] ئىشىنىش كېرەك.

ئى رەببىمىز! بىز بارلىق نەبى - رەسۇللارغا ئىمان ئېيتتۇق. ئۇلار ئارىسىدا

---

(1) مۇئمىنۇن سۈرىسى، 25 ـ ئايەت

(2) كەھف سۈرىسى، 110؛ فۇسسىلەت سۈرىسى، 6 ـ ئايەت

(3) ئالئىمران سۈرىسى، 55؛ مائىدە سۈرىسى، 117 ـ ئايەت

ھېچقانداق پەرق يوق. مۇھەممەد (ئە س)، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە نەبىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر. بىز ئۇ ئارقىلىق بىزگە ئەۋەتكەن قۇرئانغا ئىمان ئېيتتۇق. ئۇنى بىزگە ئېلىپ كەلگەن رەسۇلغا ئىمان ئېيتتۇق. قۇرئاننىڭ تەرىپىگىدىن ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىنغان ھەقىقەتلەر ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇق. بىزنى رەسۇلۇڭغا ئىتائەت قىلغان، قۇرئانغا ئەگەشكەن ۋە بۇ ئارقىلىق پەقەت ساڭىلا ئىبادەت قىلغان ۋە پەقەت ساڭىلا ئىتائەت قىلغان بەندىلىرىڭ قاتارىدىن قىلغىن! (ئامىن!).

## قۇرئانغا ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن رەسۇلغا ئىمان ئېيتىش كېرەك

قۇرئان ۋە رەسۇل ئىككى پەرقلىق زاماندا كەلمىگەن. ھەر ئىككىسى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ۋە بىرلىكتە كەلگەن ئىدى. قۇرئاننىڭ نازىل بولۇش مۇددىتى رەسۇلنىڭ رىسالەت مۇددىتىگە، يەنى 23 يىلغا تەڭ كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا رەسۇلنى تاللىغان تۇنجى ۋاقىتتا بىزگە تۇيلەنگەن ھالەتتە بىر كىتاب ئەۋەتمىگەن. ئاللاھ رەسۇلغا «مەن بىر كىتاب ئەۋەتتىم، 23 يىل بويىچە ئۇ كىتابنى كىشىلەرگە چۈشەندۈر» دېمىگەنىدى. ئاللاھ تائالا بىزگە «ئېچىڭلاردىن تاللىغان بىر رەسۇل ئارقىلىق سىلەرگە بىر كىتاب ئەۋەتىمەن (ئەۋەتتىم)، ئۇ كىتابقا ئەگىشىڭلار» دېگەنىدى.

قۇرئان ئايەتلىرى، بىر كۈن، بىر ئاي ۋە ياكى بىر يىل ئىچىدە رەسۇلۇللاھقا كەلمىگەنىدى. قۇرئان ئايەتلىرى مۇھەممەد (ئە س)غا، نەبى - رەسۇل بولغان دەسلەپكى پەيتتىن تارتىپ ۋاپات بولغان ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتقىچە، يەنى 23 يىل بويىچە پەيدىن - پەي نازىل بولغان. رەسۇلۇللاھ، رىسالەت ھاياتى بويىچمۇ ئۆزىگە پەيدىن - پەي كەلگەن بۇ ئايەتلەرنى تەبلىغ قىلغان. بارلىق كۈرىشىنى كىشىلەرنىڭ بۇ ئايەتلەرگە ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن ئېلىپ بارغانىدى. بۇ يولدا ئۆزىنى ھالاك قىلىۋېتىشكە تاس قالغانىدى. ھەتتا بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا، «كىشىلەر ئىمان ئېيتمىدۇ دەپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلما، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. سەن ئۆزۈڭنى شۇنچە ئۇرساڭمۇ كىشىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى ئىمان ئېيتمايدۇ، سەن تەبلىغ قىلىش ۋەزىپەڭنى ئادا قىلساڭ كۇپايە، بىز سېنى ئۇلارغا زورلىغۇچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق...»[1] دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئايەتلەرنى تەبلىغ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ

(1) نىسا سۈرىسى، 80؛ ئەنئام سۈرىسى، 107؛ يۇسۇف سۈرىسى، 106 ـ 103؛ كەھف سۈرىسى، 6؛ فاتىر سۈرىسى، 8؛ شۇرا سۈرىسى، 48-ئايەت

مەسچىتتىكى خۇتبىلىرىدىمۇ دائىم كىشىلەرگە ئايەت ئوقۇغان. چۈنكى ئايەتلەر سىجىل ھالدا نازىل بولۇۋاتقانلىقتىن، ئۇ بۇ ئايەتلەرنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشى كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلمىسا رىسالەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمايتتى. ئۇ، رىسالەت ئۆمرىنىڭ ھەممىسىنى بۇ ئايەتلەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن سەرپ قىلغانىدى. بۇ مەقسەتتە ھىجرەت قىلغان ۋە بۇ مەقسەتتە ئۇرۇش قىلغان. ئۇنىڭ قۇرئاننى ئۈستۈن قىلىشتىن باشقا بىر غايىسى يوق ئىدى. ئۇ، «قۇرئاننى ئۈستۈن قىلدىم، ئەمدى ھەدىسلىرىمنى ئۈستۈن قىلاي» دېمىگەنىدى. «ئالدى بىلەن كىتابنى ئۈستۈن قىلدىم، ئەمدى بولسا ھەدىسلىرىمنى ئۈستۈن قىلاي» دېگۈدەك شەكىلدە كىتاب بىر كۈندە بىراقلا نازىل بولغان ۋە ئۈستۈن قىلىنمىغانىدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۇنداق ۋەزىپىمۇ يوق ئىدى.

ئاللاھ تائالا، ئۇنىڭغا كىتابنى چۈشەندۈرۈش ۋەزىپىسى بەرمىگەن بولۇپ، تەبلىغ قىلىشنى ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇرغانىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ، قالغان ئىشلار كىشىلەرنىڭ ئىختىيارىغا قالغان ئىدى. بىز «رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئاننى ئىزاھلاش بولماستىن تەبلىغ قىلىشتۇر، قۇرئان مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ» دېگەن (بۇ ھەقتىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئوقۇغان) ۋاقتىمىزدا، بەزى كىشىلەرنىڭ دەرھال مۇنداق دېگەنلىكىگە شاھىت بولماقتىمىز:

«پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا تەبلىغ قىلىش دېگەن نېمە گەپ؟ پەيغەمبەر پوچتىكەشمۇ؟ پەيغەمبەرنىڭ قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش ۋەزىپىسى بولمىسا، ئاللاھ نېمىشقا پەقەت كىتابنىلا ئەۋەتمەي پەيغەمبەرنىمۇ ئەۋەتتى؟ دېمەك، قۇرئاننى بىزگە پەيغەمبەر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ».

## مۇھەممەد (ئە س) پوچتىكەش ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى

«پەيغەمبەر پوچتىكەشمۇ ئەمىسە؟» دېگەن سوئالنى پەيغەمبەرنىڭ پوچتىكەش ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن سوراش كېرەك. بىز بۇنداق قاراشنى ئىلگىرى سۈرمىدۇق. ئەكسىچە، بىز مۇھەممەد (ئە س) ئۈچۈن پەقەت ئاللاھ قۇرئاندا ئىشلەتكەن سۆپەتلەرنى ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى ۋە قۇرئاندىكى بۇ سۆپەتلەرنىڭ ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدۇق. يەنى، مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ پوچتىكەش ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ رەسۇلى (ئەلچىسى) ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىۋاتىمىز:

وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُ أَفَإِنْ مَاتَ أَوْ قُتِلَ انْقَلَبْتُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ وَمَنْ يَنْقَلِبْ

عَلَى عَقِبَيْهِ فَلَنْ يَضُرَّ اللَّهَ شَيْئًا وَسَيَجْزِي اللَّهُ الشَّاكِرِينَ

«مۇھەممەد پەقەت بىر ئەلچى (رەسۇل)دۇر. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ كۆپ ئەلچى (رەسۇل)لەر ئۆتكەن. ئەگەر ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، سىلەر كەينىڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ كىمكى يېنىۋالىدىكەن، ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكرى قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ» (ئالئىمران سۈرىسى، 144-ئايەت).

«مۇھەممە (ئە س) ئاللاھنىڭ رەسۇلى ۋە نەبىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر»[1]. قۇرئان مۇشۇنداق دەۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىر سۈپەتنى ئۇنىڭغا بېرىشتىن ياكى قۇرئان تىلى بىلەن ئېيتساق، «ئاغزىمىزغا كەلگەننى دېيىشتىن»[2] ھەزەر ئەيلىشىمىز كېرەك. ھەتتا نەبى ۋە رەسۇل كەلىمىلىرىدىن باشقا قۇرئاندا تىلغا ئېلىنمىغان ۋە تۈركچىدە ئەسلىدە مەۋجۇت بولمىغان «پەيغەمبەر» كەلىمىسىنىمۇ ئىمكان بار ئىشلەتمەسلىك، تېمىغا ماس ھالدا نەبى ياكى رەسۇل كەلىمىسىنى ئىشلىتىش كېرەك. ئاللاھنىڭ كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان ۋە ئاللاھ مۇۋاپىق كۆرگەن بۇ ئىككى كەلىمە (نەبى ۋە رەسۇل) قايسى مەقسەتنى ئىپادىلەپ بېرەلمەي قالغانلىقتىن بىز باشقا بىر كەلىمىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدۇق؟ قۇرئاندىكى بۇ ئىبارىلەر نېمە ئۈچۈن دىققەتكە ئېلىنمايدۇ؟ بىر كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنمىغۇدەك ئىشمۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ مەرتىۋە ياكى ۋەزىپە بولامدۇ؟

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولۇشقا پەقەت نەبىلەر لايىقتۇر. باشقا ھېچقانداق بىر كىشى بۇ مەرتىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ. يەنى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولۇش سالمىقى كىچىك ۋەزىپە ئەمەس. لېكىن بۇ مەرتىۋە بېرىلگەن ئەلچى نەتىجىدە يەنىلا بىر ئىنسان بولۇپ، مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئەلچىلەر ئۆز تۈرى ئىچىدىن تاللىنىدۇ. يەر يۈزىدە ياشايدىغانلار ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن، نەبى - رەسۇللارمۇ (پەرىشتىلەر ئىچىدىن ئەمەس) ئىنسانلار ئىچىدىن تاللىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىنى ئويلاش ياكى تەمە قىلىش ھاماقەتلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

«ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى بىر رەسۇل كەلگەندە، كىشىلەرنى ئىمان ئېيتىشتىن توسۇپ قويغان بىردىنبىر ئامىل، ئۇلارنىڭ: ‹ئاللاھ بىر ئىنساننى رەسۇل قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟› دېيىشى ئىدى. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى:

‹ئەگەر زېمىندا ئولتۇراقلاشقان ۋە مېڭىپ يۈرىدىغانلار پەرىشتىلەر بولسا

(1) ئەھزاب سۈرىسى، 40-ئايەت

(2) ئەھزاب سۈرىسى، 4؛ مۇجادىلە سۈرىسى، 2-ئايەت

ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى رەسۇل قىلىپ ئەۋەتتۇق› » (ئىسرا سۈرىسى، 95 ـ 94 ـ ئايەتلەر).

بۇ سەۋەبتىن بەشەر بولغان رەسۇللارمۇ ئەلۋەتتە بىزگە ئوخشاش غىزالىنىدۇ ۋە بازارلاردا ئايلىنىدۇ:

وَقَالُوا مَا لِهٰذَا الرَّسُولِ يَأْكُلُ الطَّعَامَ وَيَمْشِي فِي الْاَسْوَاقِۜ لَوْلَٓا اُنْزِلَ اِلَيْهِ مَلَكٌ فَيَكُونَ مَعَهُ نَذ۪يراًۙ

«ئۇلار مۇنداق دېدى: ‹يەپ ـ ئىچىدىغان ۋە بازاردا ئايلىنىپ يۈرىدىغان قانداق رەسۇل بۇ؟ ئۇنىڭغا قوشۇپ بىر پەرىشتە ئەۋەتىلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاگاھلاندۇرۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟› » (فۇرقان سۈرىسى، 7 ـ ئايەت).

وَمَٓا اَرْسَلْنَا قَبْلَكَ مِنَ الْمُرْسَل۪ينَ اِلَّٓا اِنَّهُمْ لَيَأْكُلُونَ الطَّعَامَ وَيَمْشُونَ فِي الْاَسْوَاقِۜ

«بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن بارلىق رەسۇللارنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى ۋە بازارلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتى...» (فۇرقان سۈرىسى، 20 ـ ئايەت).

بىر ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولۇشى ياكى بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلغۇچىنىڭ ئىنسان بولۇشى، مۇئمىنلەر ئۈچۈن ناھايىتى نورمال ئىش بولۇپ، بۇنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. لېكىن بۇ ئەھۋال مۇشرىكلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغانىدى. مۇشرىكلار ئۆز ئىچىدىكى بىر كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى قىلىپ تاللىنىشىغا ھەيران قالغان ۋە ھەتتا ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىنسان تۇرىدىن بولغان ئەلچى (رەسۇلۇللاھ)نى كۆزگە ئىلمىغانىدى:

وَاِذَا رَاَوْكَ اِنْ يَتَّخِذُونَكَ اِلَّا هُزُواًۜ اَهٰذَا الَّذ۪ي بَعَثَ اللّٰهُ رَسُولاً

«ئۇلار سېنى كۆرگەن ۋاقىتتا سېنى مەسخىرە قىلىشتى ۋە (مۇنداق دېدى:) ‹ئاللاھ ئەۋەتكەن رەسۇل مۇشۇمۇ؟› ...» (فۇرقان سۈرىسى، 41 ـ ئايەت).

ئاللاھنىڭ بىر ئىنساننى ئەلچى قىلىپ تاللىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلار (ئەلچىنىڭ ئىنسان تۇرىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلار)، ئەلچىنى ئىنسانلاردىن ئۈستۈن بولۇشىنى ئارزۇ قىلغانلار (ياكى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر) كاپىرلار ياكى مۇشرىكلاردۇر. ئۇلار بىر ئىنسان بولغان رەسۇلۇللاھتىن دائىم ئىنسان ئۈستى ئالاھىدىلىكلەرنى تەلەپ قىلغانىدى:

وَقَالُوا لَنْ نُؤْمِنَ لَكَ حَتّٰى تَفْجُرَ لَنَا مِنَ الْاَرْضِ يَنْبُوعاًۙ اَوْ تَكُونَ لَكَ جَنَّةٌ مِنْ نَخ۪يلٍ وَعِنَبٍ فَتُفَجِّرَ الْاَنْهَارَ خِلَالَهَا تَفْج۪يراًۙ اَوْ تُسْقِطَ السَّمَٓاءَ كَمَا زَعَمْتَ عَلَيْنَا كِسَفاً اَوْ تَأْتِيَ بِاللّٰهِ وَالْمَلٰٓئِكَةِ قَب۪يلاًۙ اَوْ يَكُونَ لَكَ

بَيْتٌ مِنْ زُخْرُفٍ اَوْ تَرْقٰى فِي السَّمَٓاءِۜ وَلَنْ نُؤْمِنَ لِرُقِيِّكَ حَتّٰى تُنَزِّلَ عَلَيْنَا كِتَاباً نَقْرَؤُهُۜ قُلْ سُبْحَانَ رَبّ۪ي هَلْ كُنْتُ اِلَّا بَشَراً رَسُولاً

« ‹تاكى سەن بىزگە يەردىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ياكى سېنىڭ خورمىلىق ۋە تاللىق ئۈزۈمزارلىق بېغىڭ بولسۇن، ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭ ئاققۇزغىن ۋە ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە - پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن ياكى ئاللاھ ۋە پەرىشتىلەرنى گۇۋاھچى قىلىپ ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن. ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن ياكى سەن ئاسمانغا چىق. ئاسماندىن بىزگە ئوقۇيدىغان بىر كىتاب ئېلىپ كەلمىگىچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمىز› دېيىشتى. ئېيتقىنكى:

‹سۇبھانەللاھ (ئاللاھ پاكتۇر)، مەن پەقەت ئىنسانلاردىن بولغان رەسۇل ئەمەسمۇ؟› » (ئىسرا سۈرىسى، 93 - 90 - ئايەتلەر).

دېمەك، بىر ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى قىلىپ تاللانغانلىقىغا ئىشەنمەسلىك ياكى «مەن خۇددى سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان (بەشەر)»[1] دېگەن بىر ئەلچىدىن ئىنسان ئۈستى ئالاھىدىلىكلەرنى تەمە قىلىش، ئۇنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلالماسلىق (مۇئمىنلەرگە ئەمەس) مۇشرىكلارغا خاستۇر. بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىش كېرەك. مۇشرىكلار، مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئىسپات (مۆجىزە) تەلەپ قىلغانىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا بېرىلگەن قۇرئان مۇئمىنلەر ئۈچۈن مۆجىزە سۈپىتىدە يېتىپ - ئاشىدۇ.

وَقَالُوا لَوْلَٓا اُنْزِلَ عَلَيْهِ اٰيَاتٌ مِنْ رَبِّه۪ۜ قُلْ اِنَّمَا الْاٰيَاتُ عِنْدَ اللّٰهِۜ وَاِنَّمَٓا اَنَا۬ نَذ۪يرٌ مُب۪ينٌ اَوَلَمْ يَكْفِهِمْ اَنَّٓا اَنْزَلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ يُتْلٰى عَلَيْهِمْۜ اِنَّ ف۪ي ذٰلِكَ لَرَحْمَةً وَذِكْرٰى لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ

«ئۇلار: ‹ئۇنىڭغا رەببىدىن ئايەتلەر (مۆجىزىلەر) بېرىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟› دەيدۇ.

ئېيتقىنكى: ‹ئايەتلەر (مۆجىزىلەر) پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدە. مەن پەقەت بىر ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن› .

ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىۋاتقان كىتابنى ساڭا نازىل قىلىشىمىز (مۆجىزە سۈپىتىدە) ئۇلار ئۈچۈن كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ چۈنكى بۇنىڭدا (كىتابتا) مۇئمىنلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن رەھمەت ۋە ۋەز - نەسىھەت بار» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 51 - 50 - ئايەت).

(1) كەھف سۈرىسى، 110؛ فۇسسىلەت سۈرىسى، 6 - ئايەت

قۇرئان، مۇھەممەد (ئە س)نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىزگە بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، كىم ئەمەسلىكىنىمۇ بىلدۈرگەن. ئۇ يالغانچى[1]، مەجنۇن[2]، سېھىرگەر[3]، كاھىن[4] ۋە شائىر[5] ئەمەس. بىزنى مەجبۇر ئىشىنىشكە زورلىغۇچى (جاپپار)مۇ ئەمەس[6]. ئۇ ھېچكىمنىڭ ۋەكىلىمۇ ئەمەس[7]. ئۇ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىش (مۇبەللىغ) بولغان بىر ئەلچىدۇر[8].

ئۇ قىلغان تەبلىغ بىلەن باشقا مۇئمىنلەر قىلغان تەبلىغ ئوتتۇرىسىدا ئەلۋەتتە بەزى پەرقلەر بار. چۈنكى ئايەتلەر ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىگە نازىل بولغان ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسى ئۇچۇن ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان[9]. ھەر ئايەتنىڭ تۇنجى تەبلىغ قىلغۇچىسى ئۇ ئىدى. ئۇ ئۆزىگە پەيدىن - پەي نازىل ۋەھيي قىلىنغان بارلىق ئايەتلەرنى (6236 ئايەت) ھېچ كېچىكتۈرمەستىن دەرھال تەبلىغ قىلغان بولۇپ، تەبلىغ ۋەزىپىسىنى ئاكتىپ ھالدا ئادا قىلغان. چۈنكى ئۇ مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. «ۋاقتى كەلگەندە تەبلىغ قىلىمەن»، «ئايەتلەر ھازىرچە مەندە تۇرۇپ تۇرسۇن، كىشىلەر بۇ مەسىلە ھەققىدە سوئال سوراشقا باشلىغاندا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئوقۇپ جاۋاب بېرىمەن» دېيەلمەيتتى. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ بارلىق ئايەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا تەبلىغ قىلغان. چۈنكى مۇشۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەكسىچە بولغاندا رەسۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان بولاتتى[10].

رەسۇلۇللاھ تەبلىغ قىلغان بارلىق ئايەتلەرنى تەتبىقلىغان، ئەلۋەتتە. تەبلىغ قىلغان ئايەتلەر نېمىش قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا ياكى نېمىنى تەۋسىيە قىلغان بولسا ئۇنى ئادا قىلغان، نېمىنى ھارام قىلغان بولسا ئۇنىڭدىن يىراق تۇرغان. لېكىن ئايەتلەرگە قوشۇپ قويمىغان ياكى كېمەيتمەتمىگەن، پەقەت ئايەتلەرنى تەتبىقلىغان.

---

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 184؛ ساد سۈرىسى، 4-ئايەت

(2) ھىجر سۈرىسى، 6؛ ساففات سۈرىسى، 36؛ تۇر سۈرىسى، 29؛ ھاققە سۈرىسى، 41-ئايەت

(3) يۇنۇس سۈرىسى، 2؛ ساد سۈرىسى، 41-ئايەت

(4) تۇر سۈرىسى، 29-ئايەت

(5) ساففات سۈرىسى، 36؛ تۇر سۈرىسى، 30؛ قەلەم سۈرىسى، 2؛ تەكۋىر سۈرىسى، 22-ئايەت

(6) قاف سۈرىسى، 45؛ غاشىيە سۈرىسى، 22-ئايەت

(7) زۇمەر سۈرىسى، 41؛ شۇرا سۈرىسى، 6-ئايەت

(8) بەقەرە سۈرىسى، 119، 213؛ مائىدە سۈرىسى، 19؛ ئەئراف سۈرىسى، 48، 184؛ ھۇد سۈرىسى، 12؛ ھىجر سۈرىسى، 89؛ ھەج سۈرىسى، 49؛ شۇئەرا سۈرىسى، 115؛ فاتىر سۈرىسى، 23؛ غاشىيە سۈرىسى، 21-ئايەت

(9) بەقەرە سۈرىسى، 97؛ شۇئەرا سۈرىسى، 194-ئايەت

(10) مائىدە سۈرىسى، 67-ئايەت

ئۇنىڭدىن باشقا، «پەيغەمبەر پوچتىكەشمۇ؟» دېگۈچىلەرگە پەقەت تۆۋەندىكىلەرنى ئەسلىتىمىز:

بۇ پوچتىكەش ئوخشىتىشنى توغرا دەپ ئويلامسىلەر؟ ئەگەر شۇنداق ئويلىغان بولساڭلار ئېغىر لوگىكىلىق خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىسىلەر. چۈنكى پوچتىكەش ئېچىلمىغان لىتاپىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ھېچقانداق پوچتىكەش ئېلىپ كەلگەن لىتاپىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلمەيدۇ. لىتاپىنىڭ ئىچىدە خەت بارمۇ؟ ياكى تالۇنمۇ؟ ۋە ياكى ھۆججەت بارمۇ؟ پۇل ياكى باشقا نەرسە بارمۇ؟ بۇنى بىلمەيدۇ. لىتاپىنىڭ ئىچىدە قانداق نەرسىنىڭ بارلىقىنى (خەت ياكى باشقا نەرسە) بارلىقىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى (نېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى) بىلمەيدۇ.

ھالبۇكى، رەسۇل ئوچۇق مەكتۇپ (كتاب)[1]نى ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئېلىپ كەلگەن ئوچۇق مەكتۇپ (كتابى مۇبىن)[2]نى ئۆزى كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرىدۇ. يەنى، مەكتۇپ (كىتابنىڭ بارلىق ئايەتلىرى)نى ئوچۇق ھالدا تەبلىغ قىلىدۇ. ھېچقانداق نەرسىنى قوشۇپ قويالمايدۇ ياكى ئېلىۋېتەلمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئەلچى ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپ (كتاب)نى ئەڭ ياخشى شەكىلدە بىلگۈچىدۇر. يەنى مۇھەممەد (ئە س) ئاللاھنىڭ پوچتىكىشى ئەمەس. ئۇ، قۇرئان بىلدۈرگەندەك ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر.

«مۇھەممەد پەقەت بىر ئەلچىدۇر»[3]. ئەلچىنىڭ ۋەزىپىسى ئوپئوچۇق تەبلىغ قىلىشتۇر[4]. رەسۇلنىڭ تەبلىغدىن باشقا ۋەزىپىسى يوقتۇر[5].

قۇرئانغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئىقرار قىلغان ھەر كىم بۇ ئايەتلەرگىمۇ ئىمان ئېيتىشى كېرەك. «مۇھەممەد (ئە س) پەقەت ئەلچىدۇر ۋە ئەلچىنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر» دېيىش، شەخسى قارىشىنى بىلدۈرۈش ئەمەس، بەلكى بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغانلىقتۇر. ئۇنىڭ تەتۈرسىنى بىلدۈرىدىغان ھەر سۆز بولسا پەقەت كۆز قاراشلا بولۇپ قالماستىن، قۇرئانغا زىت ھالدا ئېيتىلغان سۆزدۇر، ۋەسسالام.

---

(1) قۇرئاندا «مەكتۇپ» ئۇچۇن «كتاب» ئىبارىسى ئىشلىتىلىدۇ (نەمل سۈرىسى، 29-28-ئايەت)

(2) ھىجر سۈرىسى، 1؛ شۇئەرا سۈرىسى، 195؛ نەمل سۈرىسى، 1؛ قەسەس سۈرىسى، 2-ئايەت

(3) ئالئىمران سۈرىسى، 144-ئايەت

(4) مائىدە سۈرىسى، 92؛ نۇر سۈرىسى، 54؛ ئەنكەبۇت سۈرىسى، 18-ئايەت

(5) نەھل سۈرىسى، 35-ئايەت

«رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر» دېيىلگەندە، «نېمە؟ ئۇ پوچتىكەشمۇ؟» دەپ ئېتىراز قىلغۇچىلار ئومۇمەن «نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭمۇ ۋەھيي مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى» ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردۇر. ئەگەر رەسۇلنىڭ قۇرئاننى تەبلىغ قىلىشى پوچتىكەشلىك بولىدىغان بولسا (ئۇلار مۇشۇنداق قارايدۇ)، ئۇنداقتا قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھيينى تەبلىغ قىلىشى پوچتىكەشلىك بولمامدۇ؟ ئۇلارنىڭچە ھەر ئىككىسىمۇ ۋەھيي ئەمەسمۇ؟ رەسۇلنىڭ ئالغان ۋەھيينى ئۆز پېتى يەتكۈزۈشى -ئەلچىلىك ئەمەس- پوچتىكەشلىك بولىدىغان بولسا، قۇرئاننى ۋە قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھنى يەتكۈزۈشىمۇ پوچتىكەشلىك بولىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ لېكىن ئۇلار رەسۇلنىڭ قۇرئاننى يەتكۈزۈشىنى پوچتىكەشلىك، ۋەھيي مەھسۇلى ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ھەدىسلەرنى يەتكۈزۈشىنى بولسا «ئەلچىلىك قىلىش» دېيىشىدۇ. يەنى، رەسۇللۇقنى قۇرئان بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەدىسلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. بۇ نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق ئەھۋال!

## رەسۇل بىلەن قۇرئان ئىككى پەرقلىق مەزگىلدە كەلمىگەن

نۇرغۇن نەبى - رەسۇل پەقەت ئۆز قوۋمىگە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، مۇھەممەد (ئە س) بولسا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئەلچىدۇر. رەسۇلۇللاھ ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن قۇرئان قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق بولغان. قۇرئان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى (بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان تەرەپلەرنى) ئەسلىگە قايتۇرىدىغان يېڭى رەسۇل ئەۋەتىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. تۆۋەندىكى ئايەتتە پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد (ئە س)نىڭ رەسۇل سۈپىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن:

**قُلْ يَٓا اَيُّهَا النَّاسُ اِنّ۪ي رَسُولُ اللّٰهِ اِلَيْكُمْ جَم۪يعاً الَّذ۪ي لَهُ مُلْكُ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِۚ لَٓا اِلٰهَ اِلَّا هُوَ يُحْي۪ وَيُم۪يتُۖ فَاٰمِنُوا بِاللّٰهِ وَرَسُولِهِ النَّبِيِّ الْاُمِّيِّ الَّذ۪ي يُؤْمِنُ بِاللّٰهِ وَكَلِمَاتِه۪ وَاتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ**

«ئېيتقىنكى: ‹ئى ئىنسانلار! مەن ئاللاھ ھەممىڭلارغا (ئەۋەتكەن) رەسۇلدۇرمەن. ئۇ (ئاللاھ)، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ساھىبىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوق. ئۇ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنداقتا ئاللاھقا ۋە ئۇممىي نەبى بولغان رەسۇلغا ئىمان ئېيتىڭلار. ئۇ (نەبى - رەسۇل) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە (كىتابىغا) ئىشىنىدۇ. توغرا يولنى تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا (رەسۇلغا ياكى كىتابقا) ئەگىشىڭلار› » (ئەئراف سۈرىسى، 158-ئايەت).

ئايەتنىڭ ئاخىرىدا يەر ئالغان «ئىنتەبى ئۇھۇ (ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار)» كەلىمىسىدىكى «ئۇنىڭغا (ھۇ)» ئالمىشى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ رەسۇلنىمۇ ياكى كىتابنى، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى كۆرسىتەمدۇ؟ ئەرەبچە گىراماتىكا قائىدىسىگە ئاساسەن ئالماش ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغان كەلىمىنى (يەنى كىتابنى) كۆرسىتىدۇ. ئەمما رەسۇلنى كۆرسەتسىمۇ ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى رەسۇلغا ئەگىشىش، كىتابقا ئەگىشىش دېگەنلىكتۇر.

يەنى، ئۆزىمىزنى قۇرئان ۋەھيي قىلىنغان دەۋردە ۋە مەككىدە ياشاۋاتىمەن دەپ پەرەز قىلايلى. ئارىمىزدا ياشاۋاتقان بىر كىشى (مۇھەممەد بىن ئابدۇللاھ) چىقىپ، بىزگە مۇنداق دەيدۇ:

«ئى ئىنسانلار! مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ياشاۋاتقان بىر كىشى، بۇنى بىلىسىلەر. مەن ئاللاھتىن ۋەھيي ئېلىشقا باشلىدىم. ئاللاھ مېنى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن نەبى ـ رەسۇل قىلىپ تاللىدى. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە ئاللاھ ماڭا قىلغان ۋەھيىنى ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېرىمەن. ماڭا ئەگىشىڭلار، مۇشۇنداق قىلساڭلار ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىسىلەر».

مۇھەممەد بىن ئابدۇللاھنىڭ بۇ چاقىرىقىغا قارىتا بەزى مەككىلىكلەر مۇنداق دېيىشتى:

«ياق، سەن ئاللاھتىن ۋەھيي ئالمايۋاتىسەن. ئېيتىۋاتقانلىرىڭنى ئۆزۈڭ توقۇپ چىقىۋاتىسەن. سەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئەمەس، يالغانچى. ئاللاھ ساڭا ئوخشاش بىر يېتىمنى ئەلچى قىلىپ تاللىمايدۇ. ئاللاھ بىزگە بىر نەرسە ئەۋەتمەكچى بولسا، ساڭا ئوخشاش بىر ئىنساننى ئەمەس، پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ. ساڭا جىن چاپلىشىپ قاپتۇ. سەن مەجنۇن بولۇپ قاپسەن. بىز ساڭا ئوخشاش يالغانچىغا ئەگەشمەيمىز، ئەجدادىمىزغا ئەگىشىمىز، ئۇلار توغرا يولدا ئىدى، سەن توغرا يولدا ئەمەس...»[1].

مۇشۇنداق دېگەن مەككىلىكلەر، ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى بولۇپ تاللانغانلىقىغا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئوقۇغان ئايەتلەرنىڭ ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيي ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن كاپىر بولدى.

ئەمما بەزى مەككىلىكلەرمۇ مۇھەممەد بىن ئابدۇللاھنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قارىتا

(1) يۇنۇس سۈرىسى، 38؛ ھۇد سۈرىسى، 13، 35؛ فۇرقان سۈرىسى، 4،5؛ سەجدە سۈرىسى، 3ـ ئايەت.

مۇنداق دېيىشتى:

«شۇنداق، بىز ئاللاھنىڭ ساڭا ۋەھيي قىلغانلىقىغا ۋە سېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولۇپ تاللانغانلىقىڭغا ئىشەندۇق. چۈنكى سەن ئېلىپ كەلگەن بۇ سۆزلەر پەقەت ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى بولالايدۇ. ئۇنداقتا، سەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى، سەن ئېلىپ كەلگەن بۇ كىتابمۇ ئاللاھ بىزگە ئەۋەتكەن ھەق كىتابتۇر»[1].

بۇ سۆزلەرنى قىلغان مۇئمىنلەر ئالدى بىلەن مۇھەممەدنىڭ راست ئېيتقانلىقىغا، يەنى ئۇنىڭ رەسۇل بولۇپ تاللانغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن مۇئمىن بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇغان ئايەتلەرنىڭمۇ ئاللاھتىن كەلگەن سۆزلەر ئىكەنلىكىگە تەبىئىي ھالدا ئىشەنگەن بولدى.

مەككىلىكلەر ئېچىدە مۇھەممەدنىڭ رەسۇل ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن، لېكىن ئېلىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان ھېچكىم چىقمىدى، ھەم چىقمايتتى. مۇھەممەدنىڭ رەسۇل ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان، لېكىن ئېلىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان ھېچكىم چىقمىدى، ھەم چىقمايتتى.

يەنى، رەسۇلغا ئىشەنگەن ھەركىم تەبىئىي ھالدا قۇرئانغا، قۇرئانغا ئىشەنگۈچىلەرمۇ تەبىئىي ھالدا رەسۇلغا ئىشەنگەن ئىدى. رەسۇلغا ئىشەنمەيدىغانلار تەبىئىي ھالدا قۇرئانغا، قۇرئانغا ئىشەنمەيدىغانلار بولسا تەبىئىي ھالدا رەسۇلغا ئىشەنمىگەنىدى.

چۈنكى قۇرئاننى ئېلىپ كەلگۈچى رەسۇلدۇر. رەسۇل بىلەن قۇرئان ئىككى پەرقلىق دەۋردە كەلمىگەن. رەسۇل بىلەن قۇرئاننىڭ مۇناسىۋىتىنى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ئىپادىلەشكە بولىدۇ.




(1) بەقەرە سۈرىسى، 285؛ ئالئىمران سۈرىسى، 193ـ ئايەت

مەككىلىكلەر ئۇچۇن كۇچكە ئىگە بولغان بۇ رىئاللىق، ئەلۋەتتە دەۋرىمىزدىكى كىشىلەر ئۇچۇنمۇ كۈچكە ئىگە. قۇرئان بارلىق ئىنسانلار ئالەمىگە (مۇسۇلمان، يەھۇدىي، خرىستىيان، بۇددىست، ھىندى ۋە بارلىق ئېتىقاد گۇرۇپپىلىرىغا ۋە دىنسىزلارغا) خىتاب قىلغان بايانىدۇر[1]. قۇرئان بۇ شەكىلدە ئاللاھقا ئىشىنىدىغان بارلىق كىشىلەرگە، ئاخىرقى نەبى - رەسۇلغا ئىمان ئېيتىڭلار دەپ چاقىرىق قىلىدۇ. «ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەبى - رەسۇلى مۇھەممەد (ئە س) ئارقىلىق ئەۋەتكەن تەلىماتلىرى (قۇرئان)غا قۇلاق سېلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىڭلار ۋە ئەگىشىڭلار» دەيدۇ. يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلار ئۆزلىرىچە ئاللاھقا ئىشىنىدۇ. لېكىن ئۇلار ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد (ئە س)غا ئىشەنمىگەنلىكى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۇچۇن ئۇ ئېلىپ كەلگەن قۇرئانغىمۇ ئىمان ئېيتمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدۇ. قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، ئاخىرقى پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتماسلىقىدۇر. شۇڭا ئاخىرقى پەيغەمبەر (مۇھەممەد ئە س)گە ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش، مانا بۇ سەۋەبتىن قۇرئانغا ئىمان ئېيتقانلىق ۋە قۇرئانغا ئەگەشكەنلىكتۇر. ئۇ تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنگەن قۇرئاننىڭ ئاللاھتىن كەلگەن كىتاب ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكتۇر.

قۇرئان تۇپلەنگەن بىر كىتاب ھالىتىدە ئاللاھنىڭ ئەرشتىن ئالدىمىزغا چۈشۈرگەن ۋە ياكى رەسۇلۇللاھقا نازىل قىلغان بىر كىتاب ئەمەس. قۇرئان، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋاستىسى بىلەن بىزگە ئەۋەتكەن ئايەتلەر جۇغلانمىسىدۇر. بۇ ئايەتلەرنىڭ چۈشۈشى ۋە جەملىنىشى 23 يىل داۋاملاشقان. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان ئوقۇلىدىغان كىتاب (مۇسھەب) شەكلىگە رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كەلگەن.

**وَلَوْ نَزَّلْنَا عَلَيْكَ كِتَاباً فِي قِرْطَاسٍ فَلَمَسُوهُ بِاَيْدِيهِمْ لَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا اِنْ هٰذَا اِلَّا سِحْرٌ مُبِينٌ**

«ئەگەر بىز ساڭا قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتاب چۈشۈرگەن بولساق ۋە ئۇنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن تەقدىردىمۇ، كاپىرلار يەنە: ‹شەكسىزكى، بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر› دەيتتى...» (ئەنئام سۈرىسى، 7-ئايەت).

**اَوْ يَكُونَ لَكَ بَيْتٌ مِنْ زُخْرُفٍ اَوْ تَرْقٰى فِي السَّمَاءِ وَلَنْ نُؤْمِنَ لِرُقِيِّكَ حَتّٰى تُنَزِّلَ عَلَيْنَا كِتَاباً نَقْرَؤُهُ قُلْ سُبْحَانَ رَبِّي هَلْ كُنْتُ اِلَّا بَشَراً رَسُولاً**

---

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 138-ئايەت

« ‹ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن ياكى سەن ئاسمانغا چىق. ئاسماندىن بىزگە ئوقۇيدىغان بىر كىتاب ئېلىپ كەلمىگىچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمىز› دېيىشتى. ئېيتقىنكى:

‹سۇبھانەللاھ (ئاللاھ پاكتۇر)، مەن پەقەت ئىنسانلاردىن بولغان رەسۇل ئەمەسمۇ؟› » (ئىسرا سۈرىسى، 93 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە پەقەت ئۆزىگە ۋەھيي قىلىنغان ئايەتلەرنى ئوقۇيدىغان بىر رەسۇل بار. قۇرئان تېخى كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلمىگەنىدى. چۈنكى قۇرئان كىتاب ھالىتىدە ۋە بىر قېتىمدىلا چۈشۈرۈلمىگەن:

وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوْلَا نُزِّلَ عَلَيْهِ الْقُرْاٰنُ جُمْلَةً وَاحِدَةًۚ كَذٰلِكَ لِنُثَبِّتَ بِهٖ فُؤَادَكَ وَرَتَّلْنَاهُ تَرْتِيلاً

«كاپىر (ئىنكار قىلغۇچى)لار: ‹قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟› دېدى.

بىز ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە مۇستەھكەم يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدۇق (پارچە ـ پارچە چۈشۈردۇق) ۋە ئۇنى ئايرىم ـ ئايرىم قىلىپ ئوقۇدۇق» (فۇرقان سۈرىسى، 32 ـ ئايەت).

دېمەك، قۇرئان رەسۇلۇللاھقا بىر قېتىمدا ۋە بىراقلا نازىل قىلىنمىغان. قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى 23 يىل داۋاملاشقان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىغىچە ئايەتلەر تەدرىجىي ھالدا نازىل بولغان. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىغىچە ئايەت چۈشۈپ تۇرغانلىقتىن ئۇ بۇ يېڭى ئايەتلەرنى كىشىلەرگە ئوقۇپ بەرگەن ۋە تەبلىغ قىلغان. قۇرئان، مۇھەممەد (ئە س) نەبىلىك ھاياتى بويىچە قۇرئاننى چۈشەندۈرۈپ بەرگەندەك بىر قېتىمدا ۋە نۇبۇۋۋەتنىڭ بىرىنچى يىلىدا (كىتاب ھالىتىدە) چۈشمىگەنىدى. ئوتتۇرىدا چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك بىر كىتاب يوق ئىدى. چۈشۈشكە باشلىغان ۋە تەبلىغ قىلىنىشى كېرەك بولغان ئايەتلەر بار ئىدى. ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئېيتمىغانلار بار ئىدى. پۈتۈن كۈرەش بۇ ئايەتلەر ئۈچۈن ۋە ئايەتلەرگە قارشى تۇرغۇچىلار ئارىسىدا بولغان ئىدى. بۇ ھالەت 23 يىللىق رىسالەت ھاياتى بويىچە داۋاملاشقانىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتى بىلەن قۇرئان بىر كىتاب ھالىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن رىسالەت بۇ كىتاب بىلەن داۋام قىلغانىدى. رىسالەت قىيامەتكىچە ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغان بۇ كىتاب (قۇرئان) بىلەن داۋاملىشىدۇ.

ئاللاھ كىتابلارنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەۋەتمىگەن.

ئاللاھ كىتابلىرىنى كىشىلەر ئارىسىدىن تاللىغان ئەلچىلەر ۋاستىسى بىلەن (ئۇلار بىلەن بىرلىكتە) ئەۋەتكەن. يەنى ئەلچىلىرىنى كىتابلارنى ئەۋەتىش ئۈچۈن تاللىغان. ئەلچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىتابنى يەتكۈزۈشتۇر. ئاللاھ، ئالدى بىلەن ئەلچىسىنى تاللايدۇ ۋە ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كىشىلەرگە كىتابنى ئەۋەتىدۇ:

كَانَ النَّاسُ أُمَّةً وَاحِدَةً فَبَعَثَ اللّٰهُ النَّبِيِّينَ مُبَشِّرِينَ وَمُنْذِرِينَ وَأَنْزَلَ مَعَهُمُ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ

«ئىنسانلار بىر ئۈممەت ئىدى. ئاللاھ خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى نەبىلەر ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھەق كىتابلارنى ئەۋەتتى» (بەقەرە سۈرىسى، 213 ـ ئايەت).

لَقَدْ اَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَاَنْزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِۚ

«بىز روشەن دەلىللەر بىلەن رەسۇللىرىمىزنى ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىشى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىللە كىتاب ۋە مىزاننى ئەۋەتتۇق» (ھەدىد سۈرىسى، 25 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە كۆرستىپ ئۆتۈلگەندەك ئاللاھ نەبى ـ رەسۇللىرىنى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە كىتابلارنى ئەۋەتتى. بۇ ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھ ۋە قۇرئان ئۈچۈنمۇ شۇنداق ئىدى. بارلىق قۇرئان ئايەتلىرى ئالدى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىگە نازىل قىلىنغان[1]. ئىنسانىيەت ئالمى بۇ ئايەتلەرنى ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەر سۈپىتىدە ئاڭلىغان. قۇرئان بۇ سۆزلەر ئۈچۈن، يەنى رەسۇلۇللاھقا ۋەھيي قىلىنغان ۋە ئۇ كىشىلەرگە يەتكۈزگەن بۇ ئايەتلەر ئۈچۈن «سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى (ئەھسەنەل ھەدىس)»[2] ئىپادىسىنى ئىشلىتىدۇ. دېمەك، ھەدىسلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى قۇرئان ئايەتلىرىدۇر. مۇئمىنلەر بارلىق سۆزلەر (ھەدىسلەر)گە قۇلاق سالىدۇ، لېكىن يەنىلا سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان قۇرئان ئايەتلىرىگە ئەگىشىدۇ:

فَبَشِّرْ عِبَادِ الَّذِينَ يَسْتَمِعُونَ الْقَوْلَ فَيَتَّبِعُونَ اَحْسَنَهُۜ اُولٰٓئِكَ الَّذِينَ هَدٰيهُمُ اللّٰهُ وَاُولٰٓئِكَ هُمْ اُولُوا الْاَلْبَابِ

«(خاس) بەندىلىرىمگە خۇشخەۋەر بەرگىن. ئۇلار سۆزگە قۇلاق سالىدۇ ۋە ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھ توغرا يولغا باشلىغان كىشىلەردۇر ۋە ھەقىقىي ئەقىل ئىگىلىرىدۇر» (زۇمەر سۈرىسى، 18 ـ 17 ـ ئايەت).

---

(1) بەقەرە سۈرىسى، 97؛ شۇئەرا سۈرىسى، 194 ـ ئايەت

(2) زۇمەر سۈرىسى، 18، 23، 55 ـ ئايەت

اَللّٰهُ نَزَّلَ اَحْسَنَ الْحَدٖيثِ كِتَاباً مُتَشَابِهاً مَثَانِيَۗ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذٖينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْۚ ثُمَّ تَلٖينُ جُلُودُهُمْ وَقُلُوبُهُمْ اِلٰى ذِكْرِ اللّٰهِۜ ذٰلِكَ هُدَى اللّٰهِ يَهْدٖي بِهٖ مَنْ يَشَٓاءُۜ وَمَنْ يُضْلِلِ اللّٰهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ

«ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى (ئەڭ ياخشى ھەدىس)نى بىر - بىرىگە ماس كېلىدىغان بىر كىتاب شەكلىدە نازىل قىلدى. رەببىدىن ھايا قىلىدىغانلار ئۇنى (ئوقۇغاندا) بەدەنلىرى تىترەيدۇ. ئاندىن قەلبلىرى ۋە بەدەنلىرى (يەنە) ئاللاھنى ياد قىلىش بىلەن ئەمىن تاپىدۇ. خالىغان كىشىنى ئاللاھ مانا بۇ كىتاب بىلەن ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ كىمنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلسا، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ» (زۇمەر سۈرىسى، 23-ئايەت).

وَاتَّبِعُٓوا اَحْسَنَ مَٓا اُنْزِلَ اِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ مِنْ قَبْلِ اَنْ يَأْتِيَكُمُ الْعَذَابُ بَغْتَةً وَاَنْتُمْ لَا تَشْعُرُونَۙ

«سىلەر تۇيمىغان ھالەتتە سىلەرگە ئازابنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىشىدىن ئىلگىرى سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ ياخشىغا (قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار» (زۇمەر سۈرىسى، 55-ئايەت).

دېمەك، «ئەڭ ياخشى ھەدىس - ئەھسەنەل ھەدىس» قۇرئان ئايەتلىرى بولۇپ، بۇ ئايەتلەرنى بىزگە رەسۇل مۇھەممەد ئېلىپ كەلگەن (ئوقۇپ بەرگەن). رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن چىققان بۇ ئەڭ ياخشى ھەدىسلەر، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بۇ ئايەتلەردىن (بۇ ياخشى ھەدىسلەردىن) كېيىن بىزنىڭ باشقا بىر ھەدىسكە (قۇرئانغا زىت سۆزگە) ئىشىنىشىمىز ۋە ئۇ ھەدىسكە ئەگىشىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

تِلْكَ آيَاتُ اللَّهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِالْحَقِّ فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَ اللَّهِ وَآيَاتِهِ يُؤْمِنُونَ وَيْلٌ لِكُلِّ أَفَّاكٍ أَثِيمٍ

«ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئۇنى ساڭا لايىق رەۋىشتە ئوقۇپ بېرىمىز. ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى ھەدىسكە (سۆزگە) ئىشىنىدۇ؟ ئۇ يالغانچى گۇناھكارلارنىڭ ھالىغا ۋاي!» (جاسىيە سۈرىسى، 6-7-ئايەتلەر).

فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَهُ يُؤْمِنُونَ

«ئۇلار بۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) كېيىن قايسى ھەدىس (سۆز)كە ئىشىنىدۇ؟» (مۇرسەلات سۈرىسى، 50-ئايەت).

ئاللاھ تائالا، رەسۇل مۇھەممەدكە ئايەتلىرىنى ۋەھيي قىلغان (دىلىغا

سالغان)[1]، ئىنسانىيەت دۇنياسى بۇ ئايەتلەرنى رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغان. بۇنىڭغا ئاساسەن بارلىق ئايەتلەر ئۈچۈن «ھەقىقىي سەھىھ (ئىشەنچلىك) ھەدىسلەر» ئىپادىسىنى ئىشلەتسەك بولىدۇ. ئايەتلەر ئۈچۈن «ئەڭ ياخشى ھەدىس (ئەھسەنەل ھەدىس)»[2] ئىپادىسىنى ئىشلەتكەن قۇرئان، ئۆزى ئۈچۈن بۇ سۈپەتنى يەنە ئۆزى قويغان. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئان ئۆزى ئۈچۈن «توقۇپ چىقىلغان بىر ھەدىس ئەمەسلىكىنى، دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر نەرسىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بەرگەنلىكىنى، مۇئمىنلەر ئۈچۈن رەھمەت ۋە ھىدايەت ئىكەنلىكىنى»[3] بىلدۈرگەن. دېمەك، تېكىستتە «ھەدىس» ئىبارىسى ئۆتكەن بارلىق ئايەتلەر (قۇرئان)[4] بىزگە مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ھەدىسلەر رەسۇل مۇھەممەد ئېلىپ كەلگەن قۇرئان ئايەتلىرىدۇر. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى توقۇپ چىقىلغان ھەدىس ئەمەس، ھەممىسى ئىشەنچلىكتۇر. ھەممىسى ۋەھىيدۇر. سىلەر ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچى بولسۇن دەپ ئەۋەتىلگەن. ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىڭلار...».

يىغىنچاقلىغاندا، بىزگە ئالدى بىلەن بىر كىتاب، ئاندىن نەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن رەسۇل ئەۋەتىلمىدى. مەسىلەن: 1400 يىل ئىلگىرى بىر كىتاب (قۇرئان) ۋە ھازىر بولسا بىر رەسۇل ئەۋەتىلمىگەن. قۇرئان بىلەن رەسۇل 1400 يىل بۇرۇن بىرلىكتە ئەۋەتىلگەن. قۇرئاننى بىزگە ئاللاھنىڭ رەسۇلى (ئەلچىسى) ئېلىپ كەلگەن.

ئۇنداقتا رەسۇل ـ قۇرئان مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ئىپادىلەشكە بولمايدۇ.




(1) بەقەرە سۈرىسى، 97؛ شۇئەرا سۈرىسى، 194ـ ئايەت

(2) زۇمەر سۈرىسى، 23ـ ئايەت

(3) يۇسۇف سۈرىسى، 111ـ ئايەت

(4) يۇسۇف سۈرىسى، 111؛ لۇقمان سۈرىسى، 6، 7؛ جاسىيە سۈرىسى، 9ـ6؛ زۇمەر سۈرىسى، 23ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا بىزلەرگە مۇنداق دېمىگەن: «ئى ئىنسانلار، مەن سىلەرگە ئىلگىرى كىتاب ئەۋەتكەنىدىم، سىلەر بۇ كىتابقا رىئايە قىلالىتىڭلار. ئەمدى مەن سىلەرگە بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن پەقەت كىتابقىلا ئەگىشىش كۇپايە قىلمايدۇ. ھەم كىتابقا، ھەم پەيغەمبەرگە ئەگىشىشىڭلار كېرەك...».

ئەكسىچە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

«ئى ئىنسانلار، مەن ئىچىڭلاردىن تاللىغان بىر كىشى ئارقىلىق سىلەرگە بىر كىتاب ئەۋەتتىم. ئۇ كىتاب قىيامەتكىچە مېنىڭ ھىمايەم ئاستىدا بولىدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇنىڭدا ھېچقانداق شۈبھە يوقتۇر. پەقەت ئۇ كىتابقا ئەگىشىڭلار، ئۇ كىتابتىن باشقا نەرسىلەرگە ئەگەشكۈچى بولماڭلار. سىلەرنى ئاخىرەتتە باشقا كىتابتىن ئەمەس، بۇ كىتابتىن جاۋابكارلىققا تارتىمەن. قۇرئاندىن باشقا جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان كىتاب (سۆز) يوق، بۇ كىتابتىن مەسئۇلىيىتىڭلار سوروۇشتە قىلىنىدۇ...»[1].

بىر كىشىنىڭ قۇرئانغا ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ قۇرئاننى ئېلىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، قۇرئاننىڭ ئاللاھتىن كەلگەن بىر كىتاب ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. ئىشەنمىگەن بىر كىتابقا ئەگەشمەيدۇ.

يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە مەككە مۇشرىكلىرى ئاللاھنىڭ بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ھەتتا بۇ پەيغەمبەرنى ساقلاۋاتقانىدى. ئەمما ئۇلار بۇ پەيغەمبەرنىڭ كەلگەنلىكىگە (بۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ تاللانغانلىقىغا) ئىشەنمىدى. بۇ سەۋەبتىن قۇرئاننىڭمۇ ئاللاھتىن كەلگەن بىر كىتاب ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىدى. ئۇلار ئاللاھنى ئىنكار قىلمىغانىدى. لېكىن رەسۇلۇللاھنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئايەتلەرنىمۇ ئىنكار قىلىشتى ۋە بۇ سەۋەبتىن كاپىر بولدى. ئۇلار: «بىز قۇرئان (كىتاب)غا ئىمان ئېيتتۇق، ئەمما مۇھەممەدنىڭ سۆزلىرى (ھەدىسلىرى)گە ئىشەنمەيمىز» دېمىگەنىدى. «بىز مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ۋە بۇ ئايەتلەرنىڭ ئاللاھتىن كەلگەنلىكىگە ئىشەنمەيمىز» دېيىشتى.

رەسۇل، بارلىق ئىنسانلارغا ۋەھيىنى تاپانچ قىلغان ھەدىسلىرىنى، يەنى قۇرئاننى تەبلىغ قىلدى. كىشىلەرنى بۇ ھەدىسلەر (قۇرئان)گە دەۋەت قىلدى.

(1) ئەنئام سۈرىسى، 157ـ155؛ ئەئراف سۈرىسى، 3؛ ھىجر سۈرىسى، 9؛ زۇخرۇف سۈرىسى، 44ـئايەت

ئەمما ئۇنىڭ ۋەھيىگە ئاساسلىنىپ قىلغان بۇ ھەدىسلىرىگە (قۇرئانغا) ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرگە «سىلەر مېنىڭ ۋەھيىگە ئاساسلانغان ھەدىسلىرىمگە ئىمان ئېيتتىڭلار، لېكىن مېنىڭ قۇرئاندىن بولمىغان سۆزلىرىمگە (كىلاسسىك ھەدىسلەرگىمۇ) ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك» دېمىدى. بۇنىڭ دەل ئەكسىچە 23 يىللىق رىسالەت ھاياتى بويىچە ھەر كۈنى، ھەر ھەپتە، ھەر ئاي يېڭى كەلگەن ئايەتلەرنى (ۋەھيىگە ئاساسلانغان ھەدىسلىرىنى) تەبلىغ قىلدى. بۇنىڭ (قۇرئان) ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئىمان ئېيتمىغانلارمۇ «بىز سېنىڭ ۋەھيىگە ئاساسلانغان ھەدىسلىرىڭ (قۇرئان)گە ئىمان ئېيتتۇق، لېكىن سېنىڭ قۇرئاندىن بولمىغان سۆزلىرىڭ (كىلاسسىك ھەدىسلەر)گە ئىمان ئېيتمايمىز» دېيىشمىدى. «بىز سەن ئېلىپ كەلگەن ھەرقانداق نەرسىگە ئىشەنمەيمىز» دېيىشتى. يەنى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئايرىپ مۇئامىلە قىلماستىن، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىدى. بۇ سەۋەبتىن قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىغانلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغان، قۇرئانغا ئىمان ئېيتقانلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان بولدى.

رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن كۈنتەرتىپتە پەقەت ۋە پەقەت ۋەھيي قىلىنغان ھەدىسلەر (قۇرئان) بار ئىدى. مۇئمىنلەرنىڭ كۈنتەرتىپىگە باشقا بىر سۆز كىرمەيتتى. ۋەھيي (ئايەتلەر) قىزىقىش تېمىسى ئىدى. يېڭى چۈشكەن بىرەر ئايەت بارمۇ؟ بار بولسا نېمە ھەققىدە؟ رەسۇلۇللاھ بۇ ھەپتىدىكى خۇتبىسىدە يېڭى ئايەت ئوقۇمىدۇ؟ مۇئمىنلەرنىڭ قىزىقىش نۇقتىسى بۇ ھەقتە ئىدى. ھەتتا مۇشرىكلارمۇ شۇنداق ئىدى. يەنى:

**وَاِذَا لَمْ تَأْتِهِمْ بِاٰيَةٍ قَالُوا لَوْلَا اجْتَبَيْتَهَاۜ قُلْ اِنَّمَا اَتَّبِعُ مَا يُوحٰى اِلَيَّ مِنْ رَبّ۪يۚ هٰذَا بَصَٓائِرُ مِنْ رَبِّكُمْ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ**

«ئۇلارغا (ئارزۇلىرىغا ئاساسەن) بىر ئايەت ئېلىپ كەلمىسەڭ، ئۆزۈڭ ئىجاد قىلساڭ بولمامدۇ؟ دېيىشىدۇ.

ئېيتقىنكى: ‹مەن پەقەت رەببىمدىن ماڭا ۋەھيي قىلىنغانغىلا ئەگىشىمەن. مانا بۇ قۇرئان رەببىڭلاردىن كەلگەن پاراسەتتۇر (قەلب كۆزىنى ئاچىدىغان بايانلاردۇر) ۋە ئىمان ئېيتقان قوۋم ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر› » (ئەئراف سۈرىسى، 203 ـ ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇشرىكلارمۇ پەقەت مۇھەممەد رەسۇلنىڭلار ئايەتلەرنى ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن كۆڭلىدىكىدەك بىرەر ئايەت كەلمىسە ياكى ئارزۇ قىلغان ۋاقىتتا كەلمىسە، خۇددى بۇ ئەھۋال

رەسۇلۇللاھنىڭ ئارزۇسى (نەپسى ـ خاھىشى)غا مۇناسىۋەتلىكتەك «ئۆزۈڭ ئىجاد قىلساڭ بولامدۇ؟» دېيىشەتتى. قىزىقارلىق نۇقتا شۇكى، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا «ئايەت توقۇغىن» دېمەيتتى. چۈنكى بۇنداق قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. «ئۆزۈڭ ئىجاد قىل، يەنى ئىلگىرى نازىل بولغان ئايەتلەرگە ئاساسەن (بۇ ھەقتە) بىزگە بىر نەرسە دېگىن» دەيتتى. ئەمما رەسۇلۇللاھ «مەن پەقەت رەببىمدىن ماڭا ۋەھيي قىلىنغانغا ئەگىشىمەن، ھەرگىزمۇ بۇنداق قىلالمايمەن» دەيتتى. بۇ ئايەتلەر ئاللاھ (دىن) نامىدىن سۆز قىلغۇچىلارنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى چوقۇم ئايەتلەرنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ.

رەسۇلۇللاھ مەدىنىدىكى ۋاقتىدا ھەر ھەپتە جۈمە خۇتبىسى ئوقۇغان بولۇپ، بۇ 500 دىن ئارتۇق خۇتبە ئوقۇغان دېگەنلىكتۇر. ھەممىگە مەلۇمكى، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ خۇتبىلىرى يازدۇرۇلغان (ئالاھىدە تەييارلانغان) ئەمەس ئىدى. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بۇ خۇتبىلەردە ئايەتلەردىن باشقا نەرسە ئوقۇمىغان بولۇپ، شۇڭا يېزىلمىغان. ئەكسىچە بولغاندا، يۈزلەرچە ساھابە ئاڭلىغان بۇ خۇتبىلەر (كىلاسسىك) ھەدىس شەكلىدە رىۋايەت قىلىنىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟

يىغىنچاقلىغاندا، كۈنتەرتىپتە ئاللاھنىڭ كالامىدىن باشقا سۆز يوق ئىدى. چۈنكى ھەر مەسىلە ئۇ ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلەتتى. ھەتتا قۇرئان، قۇرئان تىلىغا ئالمىغان مەسىلىلەرنى سورىماڭلار، كوچىلاپ يۈرمەڭلار، بولمىسا ئۇنىڭ ھەققىدە ئايەت چۈشۈپ ئۆزۈڭلارنى قىيناپ قويىسىلەر دېمەكتە ئىدى:

**يَٓا اَيُّهَا الَّذ۪ينَ اٰمَنُٓوا اَوْفُوا بِالْعُقُودِۜ اُحِلَّتْ لَكُمْ بَه۪يمَةُ الْاَنْعَامِ اِلَّا مَا يُتْلٰى عَلَيْكُمْ غَيْرَ مُحِلِّي الصَّيْدِ وَاَنْتُمْ حُرُمٌۜ اِنَّ اللّٰهَ يَحْكُمُ مَا يُر۪يدُ**

«ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر بايان قىلىنسا سىلەرگە ئېغىر كېلىدىغان نەرسىلەرنى سورىماڭلار. قۇرئان نازىل قىلىنىۋاتقان چاغدا سورىساڭلار، ئۇلار سىلەرگە بايان قىلىنىدۇ (ۋە سىلەرگە ئېغىر كېلىدۇ). (قۇرئاندا) بايان قىلىنمىغانلىقتىن، ئاللاھ ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلدى (قۇرئاندا بايان قىلىنمىغان نەرسىلەردىن سىلەر جاۋابكارلىققا تارتىلمايسىلەر). ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى يۇمشاق مۇئامىلە قىلغۇچىدۇر» (مائىدە سۈرىسى، 101 ـ ئايەت).

رەسۇلۇللاھ ئۆزىدىن سورالغان سوئاللارغا مەزكۇر مەسىلە ھەققىدىكى ئايەتلەر بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ھەققىدە ئايەت چۈشمىگەن مەسىلە سورالغاندا بولسا ئۆز ئالدىغا جاۋاب بەرمەيتتى ۋە ساقلايتتى. زىھار ھەققىدە ئېرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان ۋە بۇ ھەقتە سوئال سورىغان بىر ئايالغا (تېخى ئۇ ھەقتە

ئايەت چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن) جاۋاب بەرمىگەن ۋە سۈكۈت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال رەسۇلۇللاھ بىلەن مۇنازىرە قىلغان ۋە مەن دۇچ كەلگەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىن دەپ مۇجادىلە قىلغان:

قَدْ سَمِعَ اللَّهُ قَوْلَ الَّتِي تُجَادِلُكَ فِي زَوْجِهَا وَتَشْتَكِي إِلَى اللَّهِ وَاللَّهُ يَسْمَعُ تَحَاوُرَكُمَا إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ بَصِيرٌ

«ئاللاھ ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە (سېنى) ئاللاھقا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى. (شۇنداق) ئاللاھ ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلىدى. چۈنكى ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (مۇجادىلە سۈرىسى، 1 ـ ئايەت).

مۇھەممەد (ئە س)غا سورالغان سوئاللارنىڭ ۋەھيىنىڭ تېمىسى بولغانلىقى ۋە بۇلارنىڭ (كىلاسسىك) ھەدىسلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى قۇرئان بىلەن، يەنى رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن جاۋابلانغانلىقىنى قۇرئاندا كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز:

«سەندىن نېمىنى ئىنفاق قىلىدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى...»[1]

«سەندىن هارام ئايلار ھەققىدە سورايدۇ. ئېيتقىنكى...»[2]

«سەندىن يېتىملار ھەققىدە سورايدۇ. ئېيتقىنكى...»[3]

«سەندىن ھەيز ھەققىدە سورايدۇ. ئېيتقىنكى...»[4]

«سەندىن نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقى ھەققىدە سورايدۇ. ئېيتقىنكى...»[5]

«سەندىن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى ھەققىدە سورايدۇ. ئېيتقىنكى...»[6]

«سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدە سورايدۇ. ئېيتقىنكى...»[7]

دېمەك، مۇھەممەد (ئە س) ئۆزىدىن سورالغان سوئاللارغا ئۆزىنىڭ قاراشلىرى (نەبىنىڭ ھەدىسلىرى) بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە كەلگەن ۋەھيى بىلەن، يەنى رەسۇل سۈپىتىدە (ئايەتلەر بىلەن) جاۋاب بېرەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ

(1) بەقەرە سۈرىسى، 215 ـ ئايەت
(2) بەقەرە سۈرىسى، 217 ـ ئايەت
(3) بەقەرە سۈرىسى، 220 ـ ئايەت
(4) بەقەرە سۈرىسى، 222 ـ ئايەت
(5) مائىدە سۈرىسى، 4 ـ ئايەت
(6) ئەنفال سۈرىسى، 1 ـ ئايەت
(7) ئەئراف سۈرىسى، 187 ـ ئايەت

بىردىنبىر ئىلىم مەنبەسى قۇرئان ئىدى:

وَكَذٰلِكَ نُصَرِّفُ الْاٰيَاتِ وَلِيَقُولُوا دَرَسْتَ وَلِنُبَيِّنَهُ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ

«(ئۇلارنىڭ): ‹سەن ھەقىقەتەن بۇلارنى (باشقا بىرسىدىن) ئۆگەندىڭ› دېيىشى ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلىي ھالدا چۈشەندۈرىمىز ۋە (بىزمۇ) چۈشىنىدىغان بىر قەۋم ئۈچۈن ئۇلارنى بايان قىلىپ بەرگەن بولىمىز» (ئەنئام سۈرىسى، 105 ـ ئايەت).

رەسۇلۇللاھ ئۆزىدىن سورالغان سوئاللارغا ئاللاھ بەرگەن جاۋاب، يەنى قۇرئاندىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق جاۋاب بېرەتتى. بۇ جاۋابلارنى ئالغانلارمۇ «سەن ھەقىقەتەن بىرسىدىن ئۆگىنىپ سەن» دەيتتى. دېمەك، مۇئمىنلەرمۇ رەسۇلۇللاھتىن سوئال سورايتتى ۋە رەسۇلۇللاھمۇ بۇ سوئاللارغا قۇرئان بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ئۇلارمۇ بۇ جاۋابلارغا قايىل بولاتتى ۋە ئۇلارمۇ «سەن ھەقىقەتەن بىرسىدىن ئۆگىنىپ سەن» دەيتتى. چۈنكى ئاللاھ مۇئمىنلەرگە لازىم بولغان ھەر نەرسىنى قۇرئاندا چۈشەندۈرگەن ئىدى. رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، ئاللاھنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ـ ئەلچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ـ كىشىلەرگە يەتكۈزۈش ئىدى.

رەسۇلدىن سورالغان بۇ سوئاللار ۋە بۇ سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلار 23 يىللىق نۇبۇۋۋەت ـ رىسالەت ھاياتى بويىچە داۋام قىلغان. قولىمىزدىكى قۇرئان بۇ جەرياننىڭ ھەممىسىنى بىزگە ئۆز پېتى نەقىل قىلىپ بەرگەن كىتابتۇر. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان سىيەر كىتابىدۇر. تۆۋەندە بىز بۇ ھەقتە بىر ئاز توختۇلۇپ ئۆتەيلى.

## سىيەرى نەبى كىتابى سۈپىتىدە قۇرئان

قۇرئان، ھەم ئاللاھنىڭ ئەھكامى (ھۆكمى)، ھەم رەسۇلنىڭ سۈننىتى، ھەم نەبىنىڭ سىيرەتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابتۇر. قۇرئاننى ئوقۇغان ھەر مۇئمىن، ئاللاھنىڭ ئەھكامى بىلەن بىللە رەسۇلنىڭ سۈننىتىنى ۋە نەبىنىڭ سىيرەتىنىمۇ ئۆگىنىدۇ. چۈنكى قۇرئان مۇھەممەد (ئە س)نى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭ نۇبۇۋۋەتى ـ رىسالەت (پەيغەمبەرلىك) دەۋرىنى (ئازراق بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مەزگىلىنى) تەپسىلىي ھالدا بىزگە يەتكۈزىدۇ. رەببىمىز بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنى ـ ئىنسان تەرىپىدىن يېزىلغان ـ باشقا بىر كىتابقا موھتاج

قىلمايدۇ. بۇلارنى ئۆزىنىڭ كىتابى بىلەن بىرلىكتە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

قۇرئان، نەبى ـ رەسۇلنىڭ ئايەتلەرنى قانداق تەبلىغ (تەتبىق) قىلغانلىقىنى، دۇچ كەلگەن ئېتىرازلارنى، بۇنىڭغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى، مۇئمىن، مۇشرىك، كاپىر، مۇناپىق، ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار) بىلەن قىلغان دىيالوگىنى، ئۇلارغا قىلغان مۇئامىلىسىنى، ئېلىپ بارغان غازاتلىرىنى، ئۆز ئالدىغا ئالغان قارارلىرىنى، قاراش ۋە ئىجتىھاتلىرىنى، ئىنسانىي، ئىجتىمائىي، دىنىي، ھەربىي، ھەتتا شەخسىي تۇرمۇشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى بىزگە نەقىل قىلىپ بېرىدۇ. ھەتتا ئاياللىرى بىلەن بولغان بەزى مەسىلىلەرنى، ساھابىلەرگە دېيەلمىگەن سۆزلىرىنى ۋە ئاۋامدىن تەپ تارتقانلىقى ئۈچۈن ئىچىدە يوشۇرغانلىرىنىمۇ بىزگە نەقىل قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆلگىلىك تەرىپىنى كۆرسىتىپ بەرگەن خۇسۇسلار (ئېلىشىمىز كېرەك بولغان ساۋاقلار) بار ئىدى. ئەگەر ئاللاھ تائالا بۇلارنى كىتابىدا نەقىل قىلمىغان بولسا ئىدى، بىزنىڭ بۇلارنى باشقا شەكىلدە ئۆگىنىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ دىلىدىكىنى پەقەت ئاللاھلا بىلەتتى.

قىسقىسى، قۇرئان ـ ئىلگىرىكى نەبىلەر بىلەن بىللە ـ ئاخىرقى نەبى ـ رەسۇلنىڭ نۇبۇۋۋەت دەۋرىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن كىتابتۇر. ئاللاھنىڭ مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر بىلەن نەبى ـ رەسۇلنىڭ ھاياتىغا نازىل قىلغان. قۇرئان ئۇنىڭ ھاياتىغا چۈشكەن بۇ ئەھكامنى ـ ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن بىرلىكتە ـ بىزگە نەقىل قىلىپ بەرگەن كىتابتۇر. دېمىسىمۇ مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى بىز مۇئمىنلەر ئۇنىڭ ھاياتىنى بىلىش ۋە ئۇنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىز زۆرۈر بولۇپ، بۇنى ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبەدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك ئىدى.

مانا بۇ سەۋەبتىن قۇرئان «بۇنى مۇنداق قىلىڭلار،... ئۇنى مۇنداق قىلىڭلار...» دېگەندەك، يەنە نۇرغۇن ئايەتتە «ئۆز ۋاقتىدا سىلەر مۇنداق قىلغانىدىڭلار...»، «ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق بولغانىدى...»، «سەن مۇنداق قىلغانىدىڭ...»، «سەن مۇنداق دېگەنىدىڭ...» شەكلىدىكى ئىپادىلەر بىلەن يۈز بېرىدىغانلارنى ئەمەس، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى (نەبى ـ رەسۇلنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى) نەقىل قىلىدۇ. قۇرئاننى بۇ نەزەر بىلەن ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئايەتلەرنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىمىز. تۆۋەندە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا مەزكۇر ئايەتلەردە نەبى ـ رەسۇلنىڭ، ساھابىلەرنىڭ، مۇشرىكلارنىڭ، ئەھلى كىتابنىڭ...، يەنى ئايەتلەرنىڭ

چۈشۈشكە سەۋەب بولغانلارنىڭ نىمە ئىش قىلدىغانلىقىنى ئەمەس، نىمە ئىش قىلغانلىقىنى بايان قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. يەنى، بۇ ئايەتلەر كېلەچەكتە بولىدىغان ۋەقە - ھادىسىلەرنى ئەمەس، ئۆتمۈشتە بولغان ۋەقەلەرنى نەقىل قىلماقتا. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ۋەھيىنىڭ بىۋاستە ئىجرا قىلىنىشىنى، بىر قىسمى بولسا نەبىنىڭ ۋەھيىگە تايانمىغان -ئىجتىھاتى- ئىشلىرىنى بايان قىلماقتا. بۇلارنىڭ ئىچىدە نەبىنىڭ ئىنسانىي، ئىجتىمائىي، دىنى، ھەربىي، ھەتتا شەخسىي تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بار. بۇ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى بىزگە نەبىنىڭ بىلىنىپ تۇرىدىغان ھاياتىنى (تاشقى دۇنياسىنى) ئەمەس، ئىچكى دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى نەقىل قىلىدۇ. قىسقىسى، بۇ ئايەتلەر نەبى - رەسۇلنىڭ، ھەتتا ساھابىلەرنىڭ رېئال ھاياتىنى نەقىل قىلىپ بېرىدۇ. ئەمدى ئىچىدە نەبىگە قارىتىلغان ئاگاھلاندۇرۇشلار بولغان بۇ ئايەتلەرنى، يۇقىرىدىكى ئەسكەرتىشنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ھالدا بىرلىكتە ئوقۇپ چىقايلى:

«ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ھېچكىمگە قارىماستىن قېچىۋاتقان ئىدىڭلار. رەسۇل سىلەرنى ئارقاڭلاردىن چاقىراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ سىلەرگە ئايرىلىپ قالغانلىرىڭلارغا ۋە دۇچ كەلگەن مۇسىبەتكە بەك قايغۇرۇپ كەتمىسۇن دەپ غەم ئۈستىگە غەم بەردى. ئاللاھ قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر» (ئالئىمران سۈرىسى، 153-ئايەت).

«ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ئۇلارغا مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلغانىدىڭ. ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىل ۋە ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىل. ئىش ھەققىدە ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن. قارار قىلغاندىن كېيىن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن. چۈنكى ئاللاھ ئۆزىگە تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» (ئالئىمران سۈرىسى، 159-ئايەت).

«ئى ئەھلى كىتاب! نىمە ئۈچۈن ئىبراھىم ھەققىدە مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ ھالبۇكى، تەۋرات ۋە ئىنجىل ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىن كېيىن نازىل بولغان. سىلەر ئەقلىڭلارنى پەقەت ئىشلەتمەمسىلەر؟» (ئالئىمران سۈرىسى، 65-ئايەت).

«ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ سېنى ھەق ئۈچۈن ئۆيۈڭدىن چىقارغانىدى. مۇئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ بۇنى ياقتۇرمىغانىدى. ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىنمۇ سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەنىدى. خۇددى ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە

ھەيدىلىۋاتقانىدى» (ئەنفال سۈرىسى، 6-5-ئايەتلەر).

«... سىلەر قورالسىز بولغان (كارۋان)نى كۆزلىگەن ئىدىڭلار...» (ئەنفال سۈرىسى، 7-ئايەت).

«ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماقتا ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى پالىۋېتىش ئۈچۈن ساڭا مىكىر ئىشلەتكەنىدى...» (ئەنفال سۈرىسى، 30-ئايەت).

«ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادى (بەدىر)نىڭ تۆۋەن تەرىپىدە، ئۇلار يۇقىرى تەرىپىدە، (سودا) كارۋىنى بولسا سىلەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىڭلار (ساھىل)دا ئىدى...» (ئەنفال سۈرىسى، 42-ئايەت).

«ھەرقانداق نەبىنىڭ ئۇرۇشتا دۈشمەننى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتماي تۇرۇپ ئەسىر ئېلىشى توغرا ئەمەس. سىلەر دەرھال قولۇڭلارغا كىرىدىغان دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر. ھالبۇكى، ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن ئاخىرەتنى كۆزلەيدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، توغرا قارار بەرگۈچىدۇر. ئاللاھنىڭ ئۇچۇق ھۆكمى بولمىغان بولسا ئىدى، ئەسىر ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار» (ئەنفال سۈرىسى، 68-67-ئايەتلەر).

«ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ بىر قانچە يەردە ۋە ھۇنەين كۈنىدە سىلەرگە ياردەم قىلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتكەنىدىڭلار. لېكىن سان جەھەتتىن كۆپ بولۇشۇڭلارنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. بىپايان زېمىن سىلەرگە تار كەلگەنىدى. ئاندىن ئارقاڭلارغا قاراپ قاچقان ئىدىڭلار. ئاندىن ئاللاھ، رەسۇلىغا ۋە مۇئمىنلەرگە خاتىرجەملىك بېغىشلىدى ۋە سىلەر كۆرەلمەيدىغان ئەسكەرلەر بىلەن سىلەرگە ياردەم قىلىپ، كاپىرلارنى جازالىدى. مانا بۇ كاپىرلارنىڭ جازاسىدۇر. ئاندىن ئاللاھ، خالىغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدى. ئاللاھ غەفۇر (مەغپىرەت قىلغۇچى)دۇر ۋە رەھىم (مېھرىبان)دۇر» (تەۋبە سۈرىسى، 27-25-ئايەتلەر).

«... ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى ئىككى كىشىنىڭ بىرسى سۈپىتىدە (مەككىدىن) قوغلاپ چىقارغانىدى. ئىككىسى غاردىكى ۋاقىتتا ھەمراھىغا: ‹قايغۇرما، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە› دېگەنىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك بېغىشلىغان، ئۇنىڭغا سىلەر كۆرەلمەيدىغان قوشۇنلار بىلەن ياردەم قىلغانىدى...» (تەۋبە سۈرىسى، 40-ئايەت).

«ئاللاھ سېنى ئەپۇ قىلسۇن. نېمە ئۈچۈن ھەقىقەت ساڭا تولۇق ئايان

بولماستىن، كىمنىڭ راستچىل، كىمنىڭ يالغانچىلىق قىلغانلىقىنى بىلمەستىن، يالغانچىلارنى قويۇپ بەردىڭ، ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن رۇخسەت بەردىڭ؟» (تەۋبە سۈرىسى، 43_ ئايەت).

«(ئى مۇھەممەد!) مۇشرىكلار، ساڭا ۋەھيى قىلغىنىمىزدىن باشقا نەرسىنى يالغاندىن بىزگە تۆھمەت قىلدۇرۇشقا تاس قالغانىدى. مۇشۇنداق قىلساڭ ئاندىن ئۇلار سېنى ئۆزلىرىگە دوست قىلاتتى. ئەگەر بىز سېنى مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق، ھەقىقەتەن ئۇلارغا مايىل بولۇپ كېتەتتىڭ» (ئىسرا سۈرىسى، 74_73_ ئايەتلەر).

«ئۇ بوھتاننى چاپلىغۇچىلار ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى بىر گۇرۇھ ئادەملەر ئىدى. بۇ ۋەقەنى ھەققىڭلاردا يامانلىق دەپ ئويلىماڭلار. دەل ئەكسىچە، (بۇ) سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئۇنى ئاڭلىغان ۋاقتىتا مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللار ئۆز نەپسى نامىدىن ياخشى گۇماندا بولۇپ: ‹بۇ، ئېنىق توقۇپ چىقىلغان تۆھمەت› دېيىشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ بۇ ھەقتە تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ شاھىت كەلتۈرەلمىگەنىكەن، ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يالغانچىلاردۇر. ئەگەر ئاللاھنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرگە بولغان پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، بوھتان چاپلىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار. شۇ ۋاقىتتا سىلەر بوھتاننى تىلىڭلار بىلەن تارقاتتىڭلار ۋە ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتىڭلار بولمىغان نەرسىنى توشۇپ يۈردۈڭلار، بۇنى سەل چاغلىدىڭلار. ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇ چوڭ گۇناھتۇر. بۇ بوھتاننى ئاڭلىغان ۋاقتىڭلاردا: ‹بۇنى تارقىتىپ يۈرۈش بىزگە ياراشمايدۇ. بۇ ھەقىقەتەن چوڭ تۆھمەتتۇر› دېيىشىڭلار كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۇ (تۆھمەت)كە ئوخشاش ئىشقا ھەرگىز قايتماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇ (بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلغۇچى بولماڭلار)» (نۇر سۈرىسى، 17_11_ ئايەتلەر).

«ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈڭلارغا قوشۇن يۈرۈش قىلغان ئىدى... ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ ئۈستۈڭلارغا كەلگەنىدى. بۇ چاغدا كۆزلىرىڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا كەپلىشىپ قالغان ۋە ئاللاھ ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار» (ئەھزاب سۈرىسى، 10_9_ ئايەتلەر).

«ئەينى چاغدا ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم: ‹ئى يەسرىب (مەدىنە)لىكلەر!

ئەمدى بۇ يەردە تۇرماي قايتىپ كېتىڭلار› دەيتتى. ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ: ‹ھەقىقەتەن ئۆيلىرىمىز ئوچۇق ھالدا قالدى› دەپ نەبىدىن رۇخسەت سورىغانىدى...» (ئەھزاب سۈرىسى، 13ـ ئايەت).

«ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ نېمەت بەرگەن ۋە سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشى (زەيد)گە: ‹ئايالىڭنى ئەمرىڭدە تۇتقىن ۋە ئاللاھتىن قورققىن› دېگەنىدىڭ...» (ئەھزاب سۈرىسى، 37ـ ئايەت).

«ئى مۇئمىنلەر! سىلەر تاماققا چاقىرىلمىسىمۇ، ئۆزۈڭلار خالىغان ۋاقىتتا نەبىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقتىڭلاردىلا كىرىڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندا كىرىڭلار، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار، پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرماڭلار، چۈنكى بۇ قىلمىشىڭلار نەبىنى رەنجىتىدۇ. لېكىن ئۇ (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ، ئاللاھ ھەق (نى ئېيتىش)تىن خىجىل بولمايدۇ...» (ئەھزاب سۈرىسى، 53ـ ئايەت).

«ئۇلار (ساڭا) بىر مىكىر ئىشلەتتى. بىز ئۇلارنىڭ مىكرىنى ئۇلارغا تۇيدۇرماستىن بىتچىت قىلدۇق» (نەمل سۈرىسى، 50ـ ئايەت).

«ئاللاھ ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئاللاھقا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى. ئاللاھ ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلىدى. چۈنكى ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (مۇجادىلە سۈرىسى، 1ـ ئايەت).

«ئۇلارنىڭ ئىچىدە سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالىدىغانلار بار. لېكىن ئۇلار يېنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئىلىم بېرىلگەن كىشىلەردىن: ‹باياتىن نېمە دېدى؟› دەپ سورايدۇ...» (مۇھەممەد سۈرىسى، 16ـ ئايەت).

«بەدەۋىلەردىن ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلار ساڭا كېلىپ: ‹ماللىرىمىز ۋە ئائىلىمىز بىزنى توسۇپ قويدى. بىز ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن› دەيدۇ. ئۇلار دىلىدا بولمىغاننى تىلىدا ئېيتتى. ئېيتقىنكى:

‹ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە بىرەر زىياننى ياكى پايدىنى مۇرات قىلسا، كىم سىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئالدىدا دال بولالايدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەردار. ئەسلىدە سىلەر رەسۇل ۋە مۇئمىنلەر ئائىلىسىگە مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەيدۇ دەپ گۇمان قىلغان ئىدىڭلار. بۇ دىلىڭلارغا چىرايلىق كۆرۈنگەن، شۇنىڭ بىلەن يامان گۇماندا بولغان ئىدىڭلار. سىلەر ھالاك

بولغۇچى قوۋم بولدۇڭلار› » (فەتھ سۈرىسى، 12 ـ 11 ـ ئايەتلەر).

«ئى نەبى! نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ھارام قىلىسەن؟» (تەھرىم سۈرىسى، 1 ـ ئايەت).

«ئۆز ۋاقتىدا نەبى ئاياللىرىدىن بىرىگە بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتقانىدى. لېكىن ئايالى ئۇ سۆزنى باشقىلارغا ئېيتىپ بەرگەن، ئاللاھنىڭ ئۇنى نەبىگە بىلدۈرۈشى بىلەن، (نەبى ئۇ سۆزلەرنىڭ) بەزىسىنى ئېيتىپ، بەزىسىنى ئېيتمىغانىدى. نەبى بۇنى ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن چاغدا ئايالى: ‹بۇنى ساڭا كىم يەتكۈزدى؟› دېدى. نەبى: ‹بىلگۈچى، ھەر ئىشتىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچى ئاللاھ بىلدۈردى› دېدى. (ئى نەبىنىڭ ئىككى ئايالى) ئەگەر ئىككىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلساڭلار (ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ)، سىلەرنىڭ دىلىڭلار بۇرۇلۇپ كەتتى. ئەگەر ئۇنىڭغا قارشى ئۆزئارا ھەمكارلاشساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئاللاھ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، جىبرىئىل ۋە سالىھ مۇئمىنلەرمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر. پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭ يۆلەنچۈكىدۇر. ئەگەر ئۇ سىلەرنى تالاق قىلسا، رەببى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا سىلەردىنمۇ ياخشى، (ئاللاھقا) تەسلىم بولغان، ئىمان ئېيتقان، ئىتائەتچان، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلىدىغان، (ئاللاھقا) يۈزلەنگەن چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىدۇ» (تەھرىم سۈرىسى، 5 ـ 3 ـ ئايەتلەر).

«يېنىغا ئەما (بىرسى) كەلدى دەپ تەرىنى تۈردى ۋە يۈزنى ئۆرىۋالدى. سەن نېمە بىلىسەن، بەلكىم ئۇ پاكلىنىشى مۇمكىن؟ ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن. سەن بولساڭ ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلايدىغان كىشىگە يۈزلىنىسەن. ئۇ پاكلانمىسا، بۇنىڭغا سەن جاۋابكار ئەمەس. لېكىن ئالدىڭغا يۈگۈرۈپ كەلگەن، ھۆرمەت كۆرسەتكەن ھالدا كەلگەن كىشىگە قارىماي قويىسەن» (ئەبەسە سۈرىسى، 10 ـ 1 ـ ئايەتلەر).

«بىز سېنىڭ يۈزۈڭنى بۇراپ ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈۋاتىمىز. مانا ئەمدى سېنى سەن خۇشال بولىدىغان بىر قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن» (بەقەرە سۈرىسى، 142 ـ ئايەت).

«ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ سېنى قايغۇغا سالغانلىقىنى (رەنجىتكەنلىكىنى) بىز ئەلۋەتتە بىلىمىز... » (ئەنئام سۈرىسى، 33 ـ ئايەت).

«بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز»

(ھىجر سۈرىسى، 15 ـ ئايەت).

«سەن گەرچە ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ» (يۇسۇف سۈرىسى، 103 ـ ئايەت).

«ئەگەر ساڭا نازىل قىلغىنىمىزدىن شەكلەنگەن بولساڭ، (ئۇنداقتا) كىتابنى سەندىن بۇرۇن ئوقۇغانلاردىن سوراپ باققىن» (يۇنۇس سۈرىسى، 94 ـ ئايەت).

«شۈبھىسىزكى، رەببىڭ سېنىڭ كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىدىن بىر ئاز ئۆتكەندە، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىرىدە (ناماز ئۈچۈن) تۇرغانلىقىڭنى بىلىدۇ. سەن بىلەن بىللە بولغانلاردىن بىر جامائەنىڭمۇ شۇنداق قىلغانلىقىنى (بىلىدۇ)» (مۇززەممىل سۈرىسى، 20 ـ ئايەت).

يۇقىرىدا مىسال سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن ئايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى (قۇرئاننىڭ كۆپ سانلىق قىسمى مۇشۇنداق)، ئاللاھنىڭ ئەھكامى بولغان قۇرئان نەبىنىڭ ھاياتىنىمۇ بىرگە نەقىل قىلىپ بېرىدۇ. يەنى، ئەھكامنى نەبىنىڭ ھاياتى بىلەن بىللە نەقىل قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئەھكامنى نەبىنىڭ ھاياتىغا تەدرىجىي ھالدا مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر ئاساسىدا قەدەممۇ قەدەم نازىل قىلدى. قۇرئان بۇ نازىل بولۇش سەۋەبلىرىنىمۇ بىرگە نەقىل قىلىپ بەردى. بۇنىڭغا (ئەھكامنىڭ قايسى سەۋەبلەرگە ئاساسەن چۈشكەنلىكىگە) مۇناسىۋەتلىك بەزى مىساللار تۆۋەندىكىچە:

رەسۇلۇللاھتىن ئايلار ھەققىدە سوئال سورالغان، ئاللاھ ۋەھيي ئارقىلىق جاۋاب ئەۋەتكەن[1]. قانداق ئىنفاق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورالغان، ئاللاھ ۋەھيي ئارقىلىق جاۋابىنى (ھۆكمىنى)بەرگەن[2]. ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە سوئال سورالغان، ئاللاھ ۋەھيي ئارقىلىق جاۋابىنى (ھۆكمىنى) بىلدۈرگەن[3]. ھاراق ۋە قىمار ھەققىدە سوئال سورالغان، ئاللاھ ۋەھيي ئارقىلىق جاۋابى (ھۆكمى)نى بەرگەن[4]. يېتىملار ھەققىدە سوئال سورالغان، ئاللاھ ۋەھيي ئارقىلىق جاۋابى (ھۆكمى)نى بىلدۈرگەن[5]. ئاياللارنىڭ ھەيز مەزگىلى ھەققىدە سوئال سورالغان، ئاللاھ ۋەھيي ئارقىلىق جاۋابى

(1) بەقەرە سۈرىسى، 189 ـ ئايەت
(2) بەقەرە سۈرىسى، 215 ـ ئايەت
(3) بەقەرە سۈرىسى، 217 ـ ئايەت
(4) بەقەرە سۈرىسى، 219 ـ ئايەت
(5) بەقەرە سۈرىسى، 220 ـ ئايەت

(ھۆكمى)نى بەرگەن[1]. ھالال ـ ھارام ھەققىدە سوئال سورالغان، ئاللاھ ۋەھيي ئارقىلىق جاۋابى (ھۆكمى)نى بىلدۈرگەن[2]. ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى ھەققىدە سوئال سورالغان، ئاللاھ ۋەھيي ئارقىلىق جاۋابى (ھۆكمى)نى بەرگەن[3]. قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورالغان، ئاللاھ ۋەھيي ئارقىلىق جاۋابى (ھۆكمى)نى بەرگەن[4]. ئاياللار ھەققىدە پەتىۋا سورالغان، ئاللاھ ۋەھيي ئارقىلىق پەتىۋا ئەۋەتكەن[5]. كەلالە (ھېچقانداق ۋارىسى يوق مېيىت) ھەققىدە پەتىۋا سورىغان، ئاللاھ تائالا ۋەھيي ئارقىلىق پەتىۋاسىنى ئەۋەتكەن[6]. روھ ھەققىدە سوئال سورالغان، ئاللاھ تائالا ۋەھيي ئارقىلىق جاۋاب ئەۋەتكەن[7]. زۇلقەرنەيىن ھەققىدە سوئال سورالغان، ئاللاھ تائالا ۋەھيي ئارقىلىق جاۋاب بەرگەن[8]. تاغلار ھەققىدە سوئال سورالغان، ئاللاھ تائالا ۋەھيي ئارقىلىق جاۋاب ئەۋەتكەن[9]. بىر ئايال زىھار ھەققىدە سوئال (پەتىۋا) سورىغان، ئاللاھ تائالا ۋەھيي ئارقىلىق جاۋاب (ھۆكۈم) ئەۋەتكەن[10]. مۇئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ كىشى زىنا بۆھتىنى چاپلىغان، ئاللاھ بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەھكامنى ۋەھيي ئارقىلىق ئەۋەتكەن[11]... مىساللارنى مۇشۇنداق كۆپەيتىش مۇمكىن.

دېمەك، ئاللاھ نەبى ـ رەسۇلدىن سورالغان ھەر سوئالغا ۋەھيي ئارقىلىق جاۋاب بەرگەن ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى (سوئاللار ۋە جاۋابلار)نى كىتابىغا كىرگۈزگەن. بىزلەر بۇگۈن بۇلارنى قۇرئاندىن ئوقۇۋاتىمىز. دېمىسىمۇ «ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر بايان قىلىنسا سىلەرگە ئېغىر كېلىدىغان نەرسىلەرنى سورىماڭلار. قۇرئان نازىل قىلىنىۋاتقان چاغدا سورىساڭلار، ئۇلار سىلەرگە بايان قىلىنىدۇ. بايان قىلىنمىغانلارنى ئاللاھ سىلەردىن كەچۈرۈم قىلدى (قۇرئاندا بايان قىلىنمىغان نەرسىلەردىن سىلەرگە جاۋابكارلىققا تارتىلمايسىلەر). ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى يۇمشاق مۇئامىلە قىلغۇچىدۇر»

(1) بەقەرە سۈرىسى، 222 ـ ئايەت
(2) مائىدە سۈرىسى، 4 ـ ئايەت
(3) ئەنفال سۈرىسى، 1 ـ ئايەت
(4) ئەئراف سۈرىسى، 187 ـ ئايەت
(5) نىسا سۈرىسى، 127 ـ ئايەت
(6) نىسا سۈرىسى، 176 ـ ئايەت.
(7) ئىسرا سۈرىسى، 85 ـ ئايەت
(8) كەھف سۈرىسى، 83 ـ ئايەت
(9) تاھا سۈرىسى، 105 ـ ئايەت
(10) مۇجادەلە سۈرىسى، 4 ـ 1 ـ ئايەتلەر
(11) نۇر سۈرىسى، 14 ـ 11 ـ ئايەتلەر

مەنىسىدىكى مائىدە سۈرىسى 101 ـ ئايەت بۇ ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. قۇرئان نازىل بولغان مەزگىلدە، يەنى 23 يىللىق رىسالەت ھاياتى بويىچە رەسۇلۇللاھتىن سورالغان ھەر سوئال قۇرئان بىلەن جاۋابلانغان. بۇ ھەقىقەت بىزگە يېتىپ كېلىشى زۆرۈر بولغان ھەر شەيئىنىڭ قۇرئانغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى، كىرگۈزۈلمىگەنلەردىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ. دېمىسىمۇ مائىدە سۈرىسى 101 ـ ئايەت بۇنى روشەن ھالدا بايان قىلماقتا. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھتىن سورالغان ھەر سوئالغا قۇرئان بىلەن جاۋاب بېرىلگەن. «(ئۇلارنىڭ): ‹سەن ھەقىقەتەن بۇلارنى (باشقا بىرسىدىن) ئۆگەندىڭ› دېيىشى ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلىي ھالدا چۈشەندۈرىمىز ۋە (بىزمۇ) چۈشىنىدىغان بىر قەۋم ئۈچۈن ئۇلارنى بايان قىلىپ بەرگەن بولىمىز› » مەنىسىدىكى ئەنئام سۈرىسى 105 ـ ئايەتمۇ بۇنى تەستىقلايدۇ. قۇرئان پەقەت نەبى ـ رەسۇلدىن سورالغان سوئاللارنى ۋە بۇلارنىڭ ـ ۋەھىي ئارقىلىق كەلگەن ـ جاۋابلىرىنىلا ئەمەس، رەسۇلۇللاھنى گەپتە چېقىشلارنى ۋە بۇ چېقىشلىرىنى ـ ۋەھىي ئارقىلىق ـ بېرىلگەن جاۋابلارنىمۇ نەقىل قىلىدۇ. يەنى:

رەسۇلۇللاھ، رەسۇل سۈپىتىدە تەبلىغقا «ئى يۆگىنىۋالغان كىشى! تۇر ۋە ئاگاھلاندۇر!»[1] ئايىتى بىلەن باشلىدى. لېكىن بۇ پەقەت باشلىنىش ئىدى. ئۇ بۈيۈك ھېكايىنىڭ ئەسلى قىسمى كېيىن كېلىشكە باشلىغانىدى. قۇرئان بۇ ھېكايىنىڭ ـ بىزگە يېتىپ كېلىشى زۆرۈر بولغان ـ بارلىق تەپسىلاتلىرىنى نەقىل قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ۋەھيىنى قانداق تەبلىغ قىلدى، دەسلەپكى ئىنكاسلار قانداق بولغان؟ مەككە مۇشرىكلىرى ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېگەن، ئۇلار بىلەن قانداق كۈرەش قىلغان، كىملەر ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلاشتى، كىملەر ئۇنىڭغا خىيانەت قىلدى، قانداق خەتەرلەرگە، بېسىملارغا دۇچ كەلدى، مەككىدىن مەدىنىگە نېمە سەۋەبتىن ۋە قانداق ھىجرەت قىلدى، مەدىنىدە قانداق ئىشلار بولدى، بۇ جەرياندا قانداق ئىجتىھاتلارنى قىلدى، قايسى جەھەتتە خاتالاشتى، قايسى جەھەتتە توغرا قىلدى؟... قىسقىسى 23 يىللىق نۇبۇۋۋەت ـ رىسالەت ھاياتىنىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرىنى قۇرئاندىن ئۆگىنىمىز. بۇلارنى كونكرېت ھالدا تۆۋەندىكى ئايەتلەر بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

رەسۇلۇللاھ ئاكتىپ تەبلىغ ھاياتىنى باشلىشى بىلەن، مۇشرىكلار: «ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان كىشى، سەن ھەقىقەتەن مەجنۇنسەن! ئەگەر سەن

---

(1) مۇددەسسىر سۈرىسى، 2 ـ 1 ـ ئايەتلەر

راستچىللاردىن بولساڭ، ئالدىمىزغا پەرىشتىلەرنى ئېلىپ كەلگىن!»[1] دېدى. «ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇش ئۈچۈن بىر پەرىشتە ئەۋەتىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟»[2] دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ۋەھيي ئارقىلىق بۇ سۆزلەرگە جاۋاب بېرىلگەن: «بىز پەرىشتىلەرنى پەقەت بىر مۇددەئا بىلەن چۈشۈرىمىز، بۇ چاغدا ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيدۇ (ھالاك قىلىمىز)»[3].

مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھنى مەسخىرە قىلىپ: «ئاللاھ ئەۋەتكەن رەسۇل مۇشۇ كىشىمۇ؟»[4]، «ئاللاھ رەسۇل قىلىپ بىر ئىنساننى ئەۋەتتىمۇ؟»[5] دېيىشتى ۋە بىر ئىنساننىڭ رەسۇل بولالايدىغانلىقىغا ئىشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن «ئېيتقىنكى: ‹ئەگەر زېمىندا ئولتۇراقلاشقان ۋە مېڭىپ يۈرىدىغانلار پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى رەسۇل قىلىپ ئەۋەتەتتۇق› »[6] دەپ جاۋاب كەلدى. مۇشرىكلار يەنە: «... ‹(بىزگە ئوخشاش) يەپ - ئىچىدىغان ۋە بازاردا ئايلىنىپ يۈرىدىغان قانداق رەسۇل بۇ؟› »[7] دېيىشتى. بۇنىڭغا: «(رەسۇلۇم!) بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن بارلىق رەسۇللارنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى ۋە بازارلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتى...»[8] دېگەن ئايەت بىلەن جاۋاب بېرىلگەندى.

مۇشرىكلار يەنە «بىر مەجنۇن شائىرنى دەپ ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋېتەمدۇق؟»[9]، «بۇ ھەقىقەتەن ئاشكارا سېھىرگەردۇر»[10] دېگەن قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭغا جاۋابەن «(ياق، ئۇنداق ئەمەس)، ئۇ بىر شائىرنىڭ سۆزى ئەمەس... ئۇ بىر كاھىننىڭ سۆزى ئەمەس...»[11]، «بىز ئۇنىڭغا شېئىر ئۆگەتمىدۇق. ئۇنىڭغا شېئىر مۇناسىپمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى پەقەت ئاللاھتىن كەلگەن ۋەز - نەسىھەتتۇر ۋە روشەن (مۇبىن) قۇرئاندۇر»[12]، «سەن ۋەز - نەسىھەت

(1) ھىجر سۈرىسى، 7 ـ 6 ـ ئايەتلەر

(2) فۇرقان سۈرىسى، 7 ـ ئايەت

(3) ھىجر سۈرىسى، 8 ـ ئايەت

(4) فۇرقان سۈرىسى، 41 ـ ئايەت

(5) ئىسرا سۈرىسى، 94 ـ ئايەت

(6) ئىسرا سۈرىسى، 95 ـ ئايەت

(7) فۇرقان سۈرىسى، 7 ـ ئايەت

(8) فۇرقان سۈرىسى، 20 ـ ئايەت

(9) ساففات سۈرىسى، 36 ـ ئايەت

(10) يۇنۇس سۈرىسى، 2 ـ ئايەت

(11) ھاققە سۈرىسى، 42 ـ 41 ـ ئايەتلەر

(12) ياسىن سۈرىسى، 69 ـ ئايەت

قىل! رەببىڭنىڭ نېمىتى بىلەن كاھىنمۇ ئەمەسسەن، مەجنۇنمۇ ئەمەسسەن»[1]، «ياق، ئۇنداق ئەمەس! ئۇ ھەقنى ئېلىپ كەلدى ۋە (ئىلگىرىكى) رەسۇللارنى تەستىق قىلدى»[2] دېگەن ئايەتلەر جاۋاب سۈپىتىدە نازىل بولدى.

مۇشرىكلار قۇرئاننىڭ رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن توقۇپ چىقىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتى[3]. بۇنىڭغا قارىتا «ئېيتقىنكى: ‹ئەگەر بۇ سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار ئاللاھتىن باشقا بارلىق ياردەمچىڭلارنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئوخشاش توقۇپ چىقىلغان ئون سۈرە كەلتۈرۈپ بېقىڭلار› »[4]، «... ئېيتقىنكى: ‹ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا بارلىق ياردەمچىڭلارنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر سۈرە كەلتۈرۈپ بېقىڭلار› »[5]، «ئېيتقىنكى: ‹ئەگەر ئۇنى مەن توقۇغان بولسام، ئاللاھتىن ماڭا كېلىدىغان نەرسىنى توسۇپ قېلىشقا قۇربىتىڭلار يەتمەيدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قۇرئان ھەققىدە قىلغان تۆھمەتلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ، مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر... › »[6] دەپ جاۋاب بەرگەن ئايەتلەر چۈشكەن.

كاپىرلار يەنە «بۇ (قۇرئاننى) ئۇنىڭغا بىر ئىنسان ئۆگەتتى»[7] دېيىشتى. بۇنىڭغا جاۋاب سۈپىتىدە «ھالبۇكى، ئۇلار ئىما قىلغان كىشىنىڭ تىلى يات تىلدۇر (ئەرەبچە ئەمەس). بۇ (قۇرئان) بولسا روشەن ھالدا ئەرەب تىلىدىدۇر»[8] دېگەن ئايەت نازىل بولدى. «(بۇلار) ئەتىگەن - ئاخشام ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىلگەن ۋە باشقا بىرسىگە يازدۇرغان بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇر»[9] دېگەن ۋاقىتتا، «ھالبۇكى، سەن بۇرۇن ئەۋەتىلگەن كىتابلاردىن ھېچبىرىنى ئوقۇمىغانىدىڭ ۋە ئۇلارنى قولۇڭ بىلەنمۇ يازمىغانىدىڭ. شۇنداق بولغان بولسا ئىدى، باتىلغا ئېتىپ قالغانلار شۈبھىلىنەتتى»[10] دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

بۇ مىساللارنى يەنە كۆپەيتىشكە بولىدۇ. قۇرئاننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى

(1) تۇر سۈرىسى، 29-ئايەت

(2) سافات سۈرىسى، 37-ئايەت

(3) يۇنۇس سۈرىسى، 38؛ ھۇد سۈرىسى، 13؛ ئەھقاف سۈرىسى، 8-ئايەت

(4) ھۇد سۈرىسى، 13-ئايەت

(5) يۇنۇس سۈرىسى، 38-ئايەت

(6) ئەھقاف سۈرىسى، 8-ئايەت

(7) نەھل سۈرىسى، 103-ئايەت

(8) نەھل سۈرىسى، 103-ئايەت

(9) فۇرقان سۈرىسى، 5-4-ئايەتلەر

(10) ئەنكەبۇت سۈرىسى، 48-ئايەت

رىئال تۇرمۇش بىلەن مانا مۇشۇنداق دىيالوگ ئىچىدە. قۇرئان ئىلگىرىكى نەبى - رەسۇللارنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەھيىنى قانداق تەبلىغ قىلغانلىقىنى، قانداق رەددىيەلەرگە دۇچ كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىجتىھاتلىرىنى، بۇ يولدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ۋە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە مۇھەممەد (ئە س) ئۈچۈنمۇ ئوخشاش شەكىلدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن سورالغان ھەر سوئال ۋە ئۇنىڭغا قارىتىلغان ھەر تۈرلۈك قاراشلار قۇرئاندا يەر ئېلىپلا قالماستىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قۇرئاننىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنىمۇ بىزگە بىلدۈرىدۇ. بىز بۇ ھەقىقەتنى قۇرئاندا كۆرۈپ تۇرۇمىز. «ئۇلار قانداق بىر سوئالنى تاشلىغان بولسا، (ئۇنىڭغا قارىتا) بىز ساڭا توغرا جاۋابنى ۋە ھەممىدىن ياخشى چۈشەندۈرۈشنى نازىل قىلدۇق»[1] مەنىسىدىكى ئايەت بۇ ھەقىقەتنىڭ ئىسپاتىدۇر.

دېمەك، قۇرئانى كەرىم رەسۇلۇللاھقا بىر قېتىمدا ۋە تەييار بىر كىتاب سۈپىتىدە بېرىلمىگەن. چۈنكى ئايەتلەر -تېخى كىتاب ھالىتىگە كەلمىگەن بولۇپ- چۈشۈش سەۋەبلىرىگە بىنائەن 23 يىللىق مۇددەت ئىچىدە قەدەممۇ قەدەم تەدرىجىي ھالدا نازىل بولدى. ئىنكار قىلغۇچىلار ئىلگىرى سۈرگەن قاراشلار ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋاب سۈپىتىدىكى تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر:

«كاپىرلار: ‹قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟› دېدى. بىز ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە مۇستەھكەم يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدۇق (پارچە - پارچە چۈشۈردۇق) ۋە ئۇنى ئايرىم - ئايرىم قىلىپ ئوقۇدۇق»[2].

«ئەگەر بىز ساڭا قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتاب چۈشۈرگەن بولساق ۋە ئۇنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن تەقدىردىمۇ، كاپىرلار يەنە: ‹شەكسىزكى، بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر› دەيتتى...»[3].

«... ‹سەن ئاسمانغا چىقساڭمۇ، بىزگە ئوقۇيدىغان بىر كىتاب ئېلىپ كەلمىگىچە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمىز› دېيىشتى...»[4].

دېمەك، ئاللاھ تائالا كىتابىنى رەسۇلۇللاھقا بىر قېتىمدىلا بەرمىگەن، ئۇنى 23 يىللىق مۇددەت ئىچىدە نازىل قىلغان. يەنى، ئاللاھ رەسۇلىغا «بۇ قۇرئاننى ئال

(1) فۇرقان سۈرىسى، 33-ئايەت

(2) فۇرقان سۈرىسى، 32-ئايەت

(3) ئەنئام سۈرىسى، 7-ئايەت

(4) ئىسرا سۈرىسى، 93-ئايەت

ۋە ئۇقۇ، ئىچىدە 23 يىللىق دەۋەت ھاياتىدا دۇچ كېلىدىغان بارلىق مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەل قىلىش تەدبىرلىرى بار. ئۇلارنى ئوقۇ ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلغىن» دېمىگەن. چۈنكى قۇرئان نەبى ـ رەسۇلغا تەييار ھالەتتە بېرىلگەن بىر كىتاب ئەمەس، بەلكى دەۋەت جەريانىدا شەكىللەنگەن (ئۇنىڭ ھاياتىنى شەكىللەندۈرگەن) كىتابتۇر. چۈنكى قۇرئان ئۇ سادىر قىلغان خاتالىقلارنى، ئىجتىھاتلارنى ۋە بۇ سەۋەبتىن ئالغان ئاگاھلاندۇرۇشلارنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىلغان توغرا ئىجتىھاتلىرىنى ۋە ئالغان مەدھىيەلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمما قۇرئانىنىڭ نازىل بولۇشى ئاخىرلىشىپ، دىن تاماملاندى. يەنى، قۇرئان بىز ئۈچۈن رەببىمىز تەرىپىدىن پۈتۈن قىلىنغان بىر كىتابتۇر. ئىچىدە ئاللاھنىڭ ئەھكامى بىلەن بىرلىكتە نەبى ـ رەسۇلنىڭ ئۆلگىلىك ھاياتىمۇ بار. قۇرئان رىسالەت دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا بىر پۈتۈن ھالغا كەلتۈرۈلگەن كىتاب ئەمەس. يەنى، ئۇ مەزگىلدە ـ بۈگۈنكىدەك تاماملانغان ـ بىر كىتاب يوق ئىدى. پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلى قىلىپ تاللانغان بىر زات (مۇھەممەد ئە س) ۋە بىر قانچە ئايەت بار ئىدى. نەبى ـ رەسۇلغا 23 يىل بويىچە دۇچ كېلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر كىتاب بېرىلمىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەلچى قىلىپ تاللاپ، ۋەھيىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىغا قارىتا تەبلىغنى باشلاشقا بۇيرىدى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ تەبلىغنى باشلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مەسىلىلەر ئارقىمۇ ئارقا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ۋەھيىنىڭ نېگىزلىك (تەۋھىدى) پرىنسىپلىرىنى تەبلىغ قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن قاتتىق قارشىلىققا دۇچ كەلدى. مەككىدە مۇشرىكلارغا، مەدىنىدە بولسا ئەھلى كىتابلارغا قارشى كۈرەش قىلدى. بۇ جەريانىدا ئونلارچە، يۈزلەرچە ئىجتىھات قىلدى، بۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. چۈنكى قولىدا دۇچ كېلىدىغان ھەر مەسىلىنى (ۋە ئۇنىڭغا قارشى قانداق قىلىدىغانلىقىنى) بىرمۇ بىر بىلدۈرگەن بىر كىتاب يوق بولۇپ، پەقەت ۋەھيىنىڭ نېگىزلىك پرىنسىپلىرىلا بار ئىدى. بۇ سەۋەبتىن 23 يىل جەريانىدا يۈزلەرچە قېتىم ئىجتىھات قىلدى. قۇرئان بىزنى ئۆلگە ئالسۇن دەپ ئۇنىڭ بۇ ئىجتىھاتلىرىنى بىزگە نەقىل قىلىپ بەردى. رەببىمىز ـ توغرا ئىجتىھاتلىرى ئۈچۈن ـ بەزىدە ئۇنى ماختىدى، بەزىدە ـ ناتوغرا ئىجتىھاتى سەۋەبىدىن ـ ئۇنى ئاگاھلاندۇردى ۋە ۋەھيى ئارقىلىق ئۇنىڭغا دائىم يول كۆرسەتتى. رەسۇلۇللاھمۇ پەقەت ۋە پەقەت ئۇنىڭ بۇ ۋەھيىسىگە ئەگەشتى[1].

(1) ئەنئام سۈرىسى، 51 ـ 50؛ ئەئراف سۈرىسى، 203 ـ ئايەت

دېمەك، قۇرئان پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب ئەمەس. ئۇ «ئاللاھنىڭ ئەھكامىنى، رەسۇلنىڭ سۈننىتىنى ۋە نەبىنىڭ سىيرەتىنى»مۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتاب. ئۇ، نەبىنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئاياللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى[1]، قورقۇلىرىنى[2]، قايغۇسىنى[3]، ئارزۇسىنى[4]، ئىشتىياقىنى[5]، شۈبھىلىرىنى[6]، ئىككىلىنىشلىرىنى[7]، قورققانلىقى ئۈچۈن دېيەلمىگەنلىرىنى[8]... يەنى، ئائىلە ۋە شەخسىي ھاياتى بىلەن بىرلىكتە ھېس - تۇيغۇلىرىنىمۇ بىزگە بىلدۈرگەن كىتابتۇر. نەبىنىڭ قۇرئاندىن باشقا سۆزلىرىنى يازدۇرماسلىقى (ئۇلارنى يېزىشنى مەنئى قىلىشى) مانا بۇ سەۋەبتىندۇر. چۈنكى رەببىمىز ئۇنىڭ ھاياتىدىن بىزگە يېتىپ كېلىشى زۆرۈر بولغان ھەر نەرسىنى كىتابىغا كىرگۈزگەن. بۇ سەۋەبتىن بىزنى باشقا بىر كىتابقا موھتاج قىلمىغان. نەبىمىز ساھابىلىرىگە دېيەلمىگەن سۆزلىرىنى، ھەتتا ئاياللىرى بىلەن بېشىدىن ئۆتكۈزگەن خۇسۇسىي مەسىلىلىرىنىمۇ ۋەھيي ئارقىلىق بايان قىلىشقا (بىلدۈرۈشكە) مەجبۇر بولغان. نەبىنىڭ ھاياتىدىن قۇرئان ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلمىگەن، ئايرىم يازدۇرغىدەك نېمە قالدى؟ دىلىدا يوشۇرغانلىرىنىمۇ ئايەتلەر ئارقىلىق بىزگە بىلدۈرۈش (ئوقۇشقا)كە مەجبۇر قالغان بىر نەبى باشقا يەنە نېمىنى يازدۇرىدۇ؟ بىزگە يېتىپ كېلىشى زۆرۈر بولغان تۇرۇپ، قۇرئاندا بولمىغان نېمە چۈشۈپ قالغاندى؟ ۋاپات بولغىچە مۇشۇنداق داۋاملاشمىدىمۇ؟ ۋەھيي كاتىپلىرى بۇلارنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يېزىپ ماڭمىدىمۇ؟ ئۇنداقتا يەنە باشقا نېمىنى يازدۇراتتى؟

يىغىنچاقلىساق، قۇرئان رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى قانداق تەبلىغ ۋە تەتبىق قىلغانلىقىنى، يەنى ئۇنىڭ، ھەتتا ساھابىلەرنىڭ ئىنسانىي، ئىجتىمائىي، دىنىي ۋە شەخسىي ھاياتىنى بايان قىلىپ بەرگەن بىر كىتابتۇر. بۇنى پەقەت بىر تېكىست سۈپىتىدە ئەمەس، ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ قىسسەلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قۇرغان ھالدا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئەمىر ۋە تەۋسىيەلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان مۇئمىنلەر ئۈچۈن

(1) ئەھزاب سۈرىسى، 37؛ تەھرىم سۈرىسى، 5 ـ 1 ـ ئايەتلەر

(2) تەۋبە سۈرىسى، 40 ـ ئايەت

(3) ئەنئام سۈرىسى، 33 ـ ئايەت

(4) بەقەرە سۈرىسى، 142 ـ ئايەت

(5) يۇسۇف سۈرىسى، 103 ـ ئايەت

(6) يۇنۇس سۈرىسى، 94 ـ ئايەت

(7) ئىسرا سۈرىسى، 73 ـ ئايەت

(8) ئەھزاب سۈرىسى، 53 ـ ئايەت

ھەم نەزەرىيە (ئەھكام)، ھەم پىراكتىكا (تەتبىقلاش) كىتابىدۇر. قۇرئاننى ئوقۇغان ھەر مۇئمىن نەبى - رەسۇلنىڭ ئاللاھنىڭ ئەھكامىنى قانداق تەتبىقلىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق كۈرەش قىلغانلىقىنى ۋە قانداق ئىجتىھاتلار ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرىدۇ. ھەتتا بۇ ئىجتىھاتلار سەۋەبىدىن ئاللاھتىن ئالغان تەستىق ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنىمۇ كۆرىدۇ. شۇڭا قۇرئاننى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇبۇۋۋەت ۋە رىسالەت ھاياتىنى بايان قىلغان كىتابۇللاھ (كالامۇللاھ)» دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تەبلىغ قىلسۇن دەپ رەسۇلغا ئەۋەتكەن ئايەتلەرنى رەسۇلنىڭ قانداق تەبلىغ (تەتبىق) قىلغانلىقىنى -يەنە ئايەتلەر ئارقىلىق- ئۆزى بايان قىلىپ بەرگەن. بۇ، 23 يىللىق رىسالەت ھاياتى بويىچە مۇشۇنداق ھالدا داۋاملاشقان. رەببىمىز ئالدى بىلەن تۇنجى ئايەتلەرنى ئەۋەتىپ، رەسۇلغا ئۇلارنى تەبلىغ قىلىشقا بۇيرۇغان. ئاندىن ئۇلارنى تەبلىغ (تەتبىق) قىلغان ۋاقىتتا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى يەنە ئايەتلەر ئارقىلىق بىزگە بايان قىلىپ بەرگەن. يەنى، ئايەتلەرنى ئايەتلەر بىلەن تەپسىر قىلغان[1]. بۇ ھەقىقەت مائىدە سۈرىسى 3-ئايەت نازىل بولغىچە، يەنى چۈشەندۈرۈلمىگەن (تەپسىر قىلىنمىغان) ھېچقانداق بىر ئايەت قالمىغۇچە مۇشۇنداق داۋاملاشقان. بۇ ئايەت چۈشۈپ بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن نەبى - رەسۇل ۋاپات بولغان. چۈنكى دىن (كىتاب) بۇ ئايەت بىلەن تاماملانغان.

دېمەك، قۇرئان نەبىنىڭ سۆز، ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن ھاسىل بولغان ھاياتىنىلا ئەمەس، يەنە ھېس - تۇيغۇلىرى ۋە ئوي - پىكىرلىرىدىن شەكىللەنگەن ھاياتىنىمۇ بىزگە نەقىل قىلىپ بېرىدۇ. سىز قۇرئاندىن باشقا مۇشۇنداق بىر ھەدىس كىتابى بىلەمسىز؟ قۇرئاننى تەپەككۇر قىلغان ھالدا -بىر قېتىم بولسىمۇ- ئوقۇغان كىشى بۇ سوئاللارنى سورىمايدۇ. يەنى، قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن مۇپەسسىرلەرنىڭ ۋە ئالىملارنىڭ سۆزلىرىگە مۇراجىئەت قىلىمىز - يۇ، نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى ۋە سىيرىتىگە قارىمايدىكەنمىز؟ پەيغەمبەر پەقەت ئاللاھنىڭ تەلىماتلىرىنى بىلدۈرىدىغان پوچتىكەشمۇ؟ تەبلىغ قىلغان ئايەتلەر ھەققىدە ھېچقانداق سۆز قىلمىدىمۇ؟ 23 يىل جەريانىدا قۇرئاندىن باشقا دىن ھەققىدە سۆز قىلمىدىمۇ؟ ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىجتىھاتى بار ۋە بولىدۇ - يۇ، پەقەت ئۇنىڭ ئىجتىھات قىلىش ھەققى يوقمۇ؟ ئالىملارغا بېرىلگەن ئىجتىھات ھەققى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىلمەيدۇ؟ ئۇ كېچە - كۈندۈز ئىنجىل ئايەتلا ئوقۇدىمۇ؟ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن باشقا ھېچقانداق سۆز قىلمىدىمۇ؟ ئۇنىڭدىن

(1) ھۇد سۈرىسى، 2-1-ئايەتلەر

ھېچقانداق سوئال سورالمىدىمۇ؟ ئۇ ئۆزىدىن سورالغان سوئالغا ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدىمۇ؟ ئايەتلەر ھەققىدە ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش بەرمىدىمۇ؟...

بۇ سوئاللارنى پەقەت قۇرئاننى بىر ئەھكام كىتابى دەپ قارايدىغانلار سورايدۇ. ھالبۇكى، قۇرئان پەقەت ئاللاھنىڭ ھالال ـ ھاراملىرىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەر كىتابى ئەمەس. ئۇ، نەبى ـ رەسۇلنىڭ بۇ ئەھكاملارنى قانداق تەتبىقلىغانلىقىنى، يەنى سۈننەت ۋە سىيرەتىنى بايان قىلغان كىتابتۇر. ھەتتا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى نەبى ـ رەسۇللارنىڭ سۈننىتى ۋە سىيرەتىنىمۇ بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، قۇرئان 300 ـ 500 ئايەتتىن تەركىب تاپقان ھۆكۈم كىتابى بولاتتى. يەنى، قولىمىزدىكى مۇسھەفلارنىڭ ھەجمى مەۋجۇت ھەجمىنىڭ ئوندىن بىرىگە توغرا كېلەتتى. لېكىن قۇرئان 6 مىڭدىن ئارتۇق ئايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب بولۇپ، بۇ ئايەتلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ـ ئىلگىرىكى نەبىلەر بىلەن بىللە ـ ئاخىرقى نەبىنىڭ سىيرەتىنى بايان قىلىدۇ. ئەھكام بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمى كۆپ سانلىقنى ئىگىلىمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن قۇرئاننى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇبۇۋۋەت ۋە رىسالەت ھاياتىنى بايان قىلغان، ئىچىدە ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىمۇ بولغان كالامۇللاھ» دېيىشكە بولىدۇ. دېمەك، «پەقەت قۇرئانغىلا ئەگىشەيلى» دېيىش، رەسۇلنىڭ سۈننەتلىرىنى رەت قىلىش ۋە نەبىنىڭ سىيرەتىنى كۆرمەسكە سېلىۋېلىش ئەمەس، دەل ئەكسىچە ئۇلارغا چىڭ ئېسىلىشتۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ـ تولۇق ۋە زىتلىقتىن خالىي ھالدا ـ پەقەت قۇرئاندىلا بايان قىلىنغان.

# ئۈچىنچى باب

# بىردىنبىر مەنبە: قۇرئان

# قۇرئان مۆئمىنلەر ئۈچۈن كەمتۈك كىتاب ئەمەس

قۇرئان مۆئمىنلەر ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بارلىق مەلۇماتلارنى تەپسىلىي ھالدا بايان قىلغان كىتابتۇر.

**لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِأُولِي الْأَلْبَابِ مَا كَانَ حَدِيثاً يُفْتَرَى وَلَكِنْ تَصْدِيقَ الَّذِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ كُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ**

«ئۇلارنىڭ قىسسەلىرىدە ھەقىقەتەن ساپ ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەتلەر بار. (بۇ قۇرئان) توقۇپ چىقىلغان سۆز ئەمەس. لېكىن ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنى تەستىقلايدۇ. ئىمان ئېيتقان بىر قەۋم ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى ئىنچىكە بايان قىلغۇچى ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر، رەھمەتتۇر» (يۇسۇف سۈرىسى، 111-ئايەت).

**وَنَزَّلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ تِبْيَاناً لِكُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً وَبُشْرَى لِلْمُسْلِمِينَ**

«ساڭا بۇ كىتاب (قۇرئان)نى ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، توغرا يولغا باشلىغۇچى ۋە رەھمەت بۇلىقى ۋە مۇسۇلمانلارغا خۇشخەۋەر بولسۇن دەپ نازىل قىلدۇق» (نەھل سۈرىسى، 98-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە قۇرئان كەمتۈك بىر كىتاب ئەمەس، بەلكى مۆئمىنلەر ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ھەرقانداق نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن كىتابتۇر. قۇرئان، پەقەت ھەر نەرسىنى بىلدۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بىلدۈرگەن ھەر نەرسىنى ئىنچىكە بايان قىلىپ بەرگەن. قۇرئاننىڭ ھەر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر بۇ ئايەتلەرگە نېمە دەيدۇ؟ ياكى «قۇرئان ھەر نەرسە ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتىدۇ، لېكىن ئۇنى چۈشەندۈرۈشكە موھتاج» دېگۈچىلەر بۇ ئايەتلەرنى قانداق قىلىدۇ؟

قۇرئاندا بەزى ھۆكۈملەرنىڭ يوقلۇقىنى ۋە ياكى بۇ ھۆكۈملەرنىڭ رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن تولۇقلانغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەسلىدە رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقىنىڭ بارلىقى چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىققان. بۇ بىر تەرەپلىمە قاراش، رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەرگە[1]، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەرگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 20؛ نەھل سۈرىسى، 35؛ نۇر سۈرىسى، 54؛ ئەنكەبۇت سۈرىسى، 18-ئايەت

مەزمۇندىكى باشقا ئايەتلەرگە زىت كېلىدۇ[1]. بۇ سەۋەبتىن قۇرئاندا بەزى ھۆكۈملەرنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش قۇرئانغا زىت بولغان قاراشتۇر[2].

قۇرئان، چوشقا گۆشى يېيىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى، ئەمما ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئاستىدا (ھەددىدىن ئاشمىغان مىقداردا) يېيىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[3]. ئاچلىق سەۋەبىدىن ھاياتى خەۋپكە ئۇچراش تۈپەيلىدىن چوشقا گۆشى يېيىشكە مەجبۇر قالغان مۇئمىنلەرنىڭ سانى (نىسبىتى) نى تولۇق بىلەلمەيمىز. لېكىن مۇشۇنداق بىر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بەلكىم مىلياردتا بىر (كۈنىمىزدە بۇ ئېھتىماللىق بەلكىم 10 ـ 100 مىلياردتا بىردۇر. ئەمما قۇرئاننىڭ بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ئاز بولسىمۇ بار دېگەنلىك)دۇر. بۇ دەرىجىدە ئاز كۆرۈلىدىغان بىر مەسىلە ئۈستىدىمۇ (تۆت ئايەتتە) توختالغان بىر كىتاب (قۇرئان)نىڭ مۇئمىنلەر كۆپ دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەر ھەققىدە توختالماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ مەسىلەن: ھەر مۇئمىن كۈندە بەش ۋاقىت ئادا قىلغان ناماز ھەققىدە قۇرئاننىڭ مەلۇمات بەرمىگەنلىكىنى ياقلاش مۇمكىنمۇ؟

قۇرئان دىنىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى بولۇپ، كەمتۈك ئەمەس. سۈننەت بولسا قۇرئان ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈملەرنىڭ رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە كۆرسىتىپ بېرىلىشىدۇر[4]. رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنىڭ قۇرئاندىن باشقا يەردە ئەمەسلىكىنى، قۇرئاننىڭ بىرەر تەتبىقلىنىشى ئىكەنلىكىنى مىساللار بىلەن كېيىنكى پاراگرافلاردا چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

## قۇرئان ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلگەن ھالدا نازىل بولغان كىتاب

قۇرئان ئايەتلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن كىتابتۇر. ئۇ نازىل قىلىنغاندىن كېيىن ئايرىم ھالدا باشقا قوشۇمچە مەلۇماتلار بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن كىتاب ئەمەس، بەلكى چۈشەندۈرۈلگەن ھالەتتە نازىل بولغان كىتابتۇر. تۆۋەندە بۇ ھەقىقەتنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەرنى گۇرۇپپىلار ھالىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

---

(1) نەھل سۈرىسى، 89؛ يۇنۇس سۈرىسى، 111؛ يۇسۇف سۈرىسى، 37؛ مائىدە سۈرىسى، 3 ـ ئايەت

(2) فاتىھ ئورۇم، «قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدا قۇرئاننى چۈشىنىش مېتودى»، 71 ـ بەت

(3) بەقەرە سۈرىسى، 173؛ مائىدە سۈرىسى، 3؛ ئەنئام سۈرىسى، 145؛ نەھل سۈرىسى، 115 ـ ئايەت

(4) فاتىھ ئورۇم، «قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدا قۇرئاننى چۈشىنىش مېتودى»، 20 ـ بەت

الر كِتَابٌ أُحْكِمَتْ آيَاتُهُ ثُمَّ فُصِّلَتْ مِنْ لَدُنْ حَكِيمٍ خَبِيرٍ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا اللَّهَ إِنَّنِي لَكُمْ مِنْهُ نَذِيرٌ وَبَشِيرٌ

«ئەلىف لام را. بۇ شۇنداق بىر كىتابكى، ئايەتلىرى پۇختا قىلىنغان، ئاندىن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن ئايەتلىرى تەپسىلىي ھالدا بايان قىلىنغان بولۇپ، سىلەرنىڭ ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلماسلىقىڭلار (ئۈچۈن شۇنداق قىلىندى). مەن بولسام سىلەرگە ئۇ (ئاللاھ) تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇرمەن» (ھۇد سۈرىسى، 2 ـ 1 ـ ئايەت).

أَفَغَيْرَ اللَّهِ أَبْتَغِي حَكَمًا وَهُوَ الَّذِي أَنْزَلَ إِلَيْكُمُ الْكِتَابَ مُفَصَّلًا

«(ئېيتقىنكى): مۇپەسسەل (ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر نەرسە تەپسىلىي بايان قىلىنغان) بىر كىتابنى نازىل قىلغان ئاللاھتىن غەيرى ھۆكۈم قىلغۇچى تەلەپ قىلامدىم؟» (ئەنئام سۈرىسى، 114 ـ ئايەت).

كِتَابٌ فُصِّلَتْ اٰيَاتُهُ قُرْاٰناً عَرَبِياًّ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ

«بۇ، بىلىدىغان بىر قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرى چۈشەندۈرۈلگەن ئەرەبچە بىر قۇرئاندۇر» (فۇسسىلەت سۈرىسى، 3 ـ ئايەت).

وَلَوْ جَعَلْنَاهُ قُرْاٰناً اَعْجَمِياًّ لَقَالُوا لَوْلَا فُصِّلَتْ اٰيَاتُهُۜ ءَاَعْجَمِيٌّ وَعَرَبِيٌّ

«مۇبادا بىز ئۇنى ئەجەم تىلىدىكى قۇرئان قىلىپ نازىل قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە: ‹نېمىشقا ئۇنىڭ ئايەتلىرى روشەن بايان قىلىنمىدى؟ ئەلچى ئەرەب، كىتاب ئەجەمچىمۇ؟› دەيتتى» (فۇسسىلەت سۈرىسى، 44 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇرئان ئايەتلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلگەن كىتابتۇر. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان چۈشەندۈرۈشكە موھتاج ئەمەس، ئۇ ھەر نەرسىنى (ئىلگىرىكى كىتابلارنىمۇ) چۈشەندۈرگەن كىتابتۇر.

وَمَا كَانَ هٰذَا الْقُرْاٰنُ اَنْ يُفْتَرٰى مِنْ دُونِ اللّٰهِ وَلٰكِنْ تَصْد۪يقَ الَّذ۪ي بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْص۪يلَ الْكِتَابِ لَا رَيْبَ ف۪يهِ مِنْ رَبِّ الْعَالَم۪ينَ

«بۇ قۇرئان ئاللاھتىن بولۇپ، باشقىسى تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىلغان ئەمەس. لېكىن ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنى تەستىق قىلىدۇ ۋە كىتابنى بايان قىلىدۇ (تەپسىلىي ھالدا چۈشەندۈرىدۇ). ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر. ئۇ، ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر» (يۇنۇس سۈرىسى، 37 ـ ئايەت).

لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِأُولِي الْأَلْبَابِ مَا كَانَ حَدِيثاً يُفْتَرَى وَلَكِنْ تَصْدِيقَ الَّذِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ كُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ

«ئۇلارنىڭ قىسسەلىرىدە ھەقىقەتەن ساپ ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەتلەر بار. (بۇ قۇرئان) توقۇپ چىقىلغان سۆز ئەمەس. لېكىن ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنى تەستىقلايدۇ. ئىمان ئېيتقان بىر قەۋم ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى ئېنىقكە بايان قىلغۇچى ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر، رەھمەتتۇر» (يۇسۇف سۈرىسى، 111-ئايەت).

قۇرئان يەنە، ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىدىكى ئايەتلەر بىلەن چۈشەندۈرگەن كىتاب بولۇپ، سۈرىلەردە تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەر ئايەتلەر بىلەن ئېنىقكە ھالدا، ھەتتا تۈرلۈك مىساللار بىلەن تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلىدۇ ۋە ئاخىرىدا «مانا قارىغىن، بىز ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق چۈشەندۈرىمىز» دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

كَذَلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ

«ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان بىر قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مانا مۇشۇنداق چۈشەندۈرىمىز» (رۇم سۈرىسى، 28-ئايەت).

كَذَلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ

«تەپەككۇر قىلىدىغان بىر قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق بايان قىلىپ بېرىمىز» (يۇنۇس سۈرىسى، 24-ئايەت).

أُنْظُرْ كَيْفَ نُصَرِّفُ الْآيَاتِ لَعَلَّهُمْ يَفْقَهُونَ

«ئۇلارنى چۈشەنسۇن دەپ ئايەتلىرىمىزنى تۈرلۈك شەكىللەردە قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن» (ئەنئام سۈرىسى، 65-ئايەت).

قَدْ فَصَّلْنَا الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ

«بىز، بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى -مانا مۇشۇنداق- تەپسىلىي ھالدا چۈشەندۈردۇق» (ئەنئام سۈرىسى، 97-ئايەت).

قَدْ فَصَّلْنَا الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَفْقَهُونَ

«بىز، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى -مانا مۇشۇنداق- ئېنىقكىلىك بىلەن چۈشەندۈردۇق» (ئەنئام سۈرىسى، 98-ئايەت).

قَدْ فَصَّلْنَا الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَذَّكَّرُونَ

«بىز، ئىبرەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى ـ مانا مۇشۇنداق ـ تەپسىلىي بايان قىلدۇق» (ئەنئام سۈرىسى، 126 ـ ئايەت).

وَنُفَصِّلُ الْاٰيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ

«بىز، ئۇقىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز» (تەۋبە سۈرىسى، 11 ـ ئايەت).

وَتِلْكَ الْاَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِۚ وَمَا يَعْقِلُهَٓا اِلَّا الْعَالِمُونَ

«بىز، ئىنسانلارغا بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئىبرەت ئالغۇچىلاردىن باشقىسى چۈشەنمەيدۇ» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 43 ـ ئايەت).

وَلَقَدْ صَرَّفْنَا فٖي هٰذَا الْقُرْاٰنِ لِلنَّاسِ مِنْ كُلِّ مَثَلٍ وَكَانَ الْاِنْسَانُ اَكْثَرَ شَيْءٍ جَدَلاً

«شۇ بىر ھەقىقەتكى، بىز بۇ قۇرئاندا كىشىلەر ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك مىساللارنى بىرىپ چۈشەندۈردۇق. لېكىن ـ بۇنىڭغا قارىماستىن ـ ئىنسان دەتالاش قىلىشقا ھېرىسمەندۇر» (كەھف سۈرىسى، 54 ـ ئايەت).

وَلَقَدْ صَرَّفْنَا لِلنَّاسِ فٖي هٰذَا الْقُرْاٰنِ مِنْ كُلِّ مَثَلٍ فَاَبٰٓى اَكْثَرُ النَّاسِ اِلَّا كُفُوراً

«شۈبھىسىزكى، بىز بۇ قۇرئاندا ئىنسانلارغا تۈرلۈك مەسىلىلەرنى خىلمۇ خىل شەكىلدە چۈشەندۈردۇق. لېكىن بۇنىڭغا قارىماستىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ» (ئىسرا سۈرىسى، 89 ـ ئايەت).

وَلَقَدْ صَرَّفْنَاهُ بَيْنَهُمْ لِيَذَّكَّرُواۘ فَاَبٰٓى اَكْثَرُ النَّاسِ اِلَّا كُفُوراً

«شۈبھىسىزكى، بىز ئىنسانلارنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۈرلۈك شەكىلدە بايان قىلدۇق. شۇنداقتىمۇ ئىنسانلارنىڭ تولىسى كۇپۇردا چىڭ تۇرىدۇ» (فۇرقان سۈرىسى، 50 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەر بىلدۈرگەن ئەھكام بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى چۈشەندۈرۈشلەر ۋە ھەققىدە توختالغان مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى مىساللار بېرىلگەندىن كېيىن، بۇ جۈمللەر تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق تەكىتلىنىدۇ. پەقەت مۇشۇ شەكىلدىكى پارچىلارلا ئەمەس، قۇرئاننىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى بۇ خىل چۈشەندۈرۈش ۋە مىساللار بىلەن تولۇپ تاشقان.

## پەقەت قۇرئاندىنلا جاۋابكارلىققا تارتىلىمىز

قۇرئانىنىڭ ھەركىم ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان بىر كىتابى ئىكەنلىكىنى بارلىق مۇسۇلمانلار ئېتىراپ قىلىدۇ، بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. لېكىن قۇرئاندىن باشقا بىر كىتاب ياكى سۆزدىن (مەسىلەن، ھەدىسلەردىن) جاۋابكارلىققا تارتىلىپ ـ تارتىلمايدىغانلىقىمىز ھەققىدە ئىختىلاپ بار. بۇ ھەقتە مۇسۇلمانلارنىڭ زېھنىدە مۇجمەللىك مەۋجۇت. ھالبۇكى، بىز مۆئمىنلەر قۇرئاندىن باشقا بىر سۆز ياكى كىتابتىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايمىز. قۇرئان بۇ ھەقىقەتنى (پەقەت قۇرئاندىنلا جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىزنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدىغانلىقىمىزنى) ناھايىتى روشەن ھالدا بىزگە بىلدۈرگەن. بۇ رېئاللىقنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەرنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر.

2. پەقەت قۇرئانغىلا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر.

3. جاۋابكارلىقنىڭ قۇرئان بىلەن چەكلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەر.

4. قۇرئاندىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەر.

5. ئىلاھى ئادالەت ۋە «تەكلىفۇ ما لا يۇتاق» (كىشىنىڭ تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلاردا ئىلاھىي تەكلىپنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان) ئايەتلىرى.

6. قۇرئانغا بىر نەرسە قوشۇپ قويۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەر.

### 1. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر

ئالدىنقى بابلاردا كۆرۈپ ئۆتۈلگەن (رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان) بۇ ئايەتلەر، ئەگىشىشكە تېگىشلىك يېگانە يېتەكچىنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكىنى روشەن ھالدا كۆرسىتىپ بەرمەكتە. ئىتائەت قىلىنىدىغان ۋە ئۈلگە قىلىنىدىغان ئوبيېكت (باشقا بىر سۆز ياكى كىتاب ئەمەس) ئايەتلەرنى تەبلىغ قىلغان رەسۇلدۇر، يەنى قۇرئاندۇر.

## 2. پەقەت ۋەھيي (قۇرئان)غا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر

رەسۇلۇللاھنىڭمۇ پەقەت ئۆزىگە ۋەھيي قىلىنغان قۇرئانغا ئەگەشكەنلىكى ۋە بىزلەرنىمۇ ئۆزى ئەگەشكەن بۇ ۋەھيي (قۇرئان) بىلەن ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى (ئۆزىگە مۇشۇنداق تەلىمات بېرىلگەنلىكىنى) ئالدىنقى بابتا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرگە ئاساسەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنىدۇق[1]. بۇ ئايەتلەرگە قوشۇمچە ھالدا قۇرئانغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەرمۇ بار[2]. بۇ ئايەتلەر جاۋابكارلىقتا تارتىلىدىغان كىتابنىڭ پەقەت قۇرئان ئىكەنلىكىنى، بۇ سەۋەبتىن پەقەت قۇرئانغا ئەگىشىشنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق بىر سۆز ياكى كىتابقا ئەگەشمەسلىككە بۇيرۇيدۇ. ئەئراف سۈرىسى 2-3-ئايىتى بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

**كِتَابٌ اُنْزِلَ اِلَيْكَ فَلَا يَكُنْ فِي صَدْرِكَ حَرَجٌ مِنْهُ لِتُنْذِرَ بِهٖ وَذِكْرٰى لِلْمُؤْمِنٖينَ اِتَّبِعُوا مَٓا اُنْزِلَ اِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهٖٓ اَوْلِيَٓاءَۜ قَلٖيلاً مَا تَذَكَّرُونَ**

«(بۇ) كىتاب (ئىنسانلارنى) ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ۋە مۇئمىنلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا نازىل قىلىندى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە شۈبھەڭ بولمىسۇن. (ئى مۇئمىنلەر! سىلەرمۇ) رەببىڭلاردىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان (بۇ كىتابقا، يەنى قۇرئان)غا ئەگىشىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دوستلارغا ئەگەشمەڭلار. لېكىن ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىڭلار بۇ ۋەز - نەسىھەتكە قۇلاق سالىسىلەر» (ئەئراف سۈرىسى، 2-3-ئايەتلەر).

بۇ ئايەت ئارقىلىق مۇنداق دېيىلمەكتە:

1) قۇرئانغا ئەگىشىڭلار.

2) دىن ئىشىدا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ئەگەشمەڭلار.

يەنى، «پەقەت قۇرئانغىلا ئەگىشىڭلار» دېيىلمەكتە. ھەم قۇرئانغا، ھەم ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىگە ئەگەشكىلى بولمايدۇ، ئەگەشمەسلىك كېرەك. مۇقەددەسلىك تونى كەيگۈزۈلگەن ھالدا ئالدىمىزغا كەلتۈرۈلگەن، لېكىن قۇرئانغا زىت كېلىدىغان ھەدىسلەرمۇ بۇ دائىرىگە كىرىدۇ. چۈنكى قۇرئانغا زىت كېلىدىغان

(1) ئەنئام سۈرىسى، 19، 50، 51؛ ئەئراف سۈرىسى، 2، 3، 203؛ يۇسۇف سۈرىسى، 111؛ نەمل سۈرىسى، 92؛ سەبەئ سۈرىسى، 50؛ زۇخرۇف سۈرىسى، 43، 44؛ ئەھقاف سۈرىسى، 9؛ قاف سۈرىسى، 9-ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 170؛ ئەنئام سۈرىسى، 155؛ ئەئراف سۈرىسى، 3-ئايەت

ھەرقانداق نەرسە قۇرئاندىن باشقا نەرسىلەر كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. دېمەك، بىز مۆئمىنلەر پەقەت قۇرئاننىڭ تەلىماتلىرىغا بويسۇنۇشىمىز كېرەك. ئاللاھ تىلغا ئالمىغان نەرسىلەرنى كوچىلاپ سورىماسلىقىمىز لازىم. ئەكسىچە بولغاندا ئىلگىرىكى ئۈممەت دۇچار بولغان مۇسىبەتلەرگە بىزمۇ دۇچار بولىمىز (بەزى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بۇ مۇسىبەتنىڭ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىش قىيىن). ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَرَهْبَانِيَّةً ابْتَدَعُوهَا مَا كَتَبْنَاهَا عَلَيْهِمْ اِلَّا ابْتِغَاءَ رِضْوَانِ اللّٰهِ فَمَا رَعَوْهَا حَقَّ رِعَايَتِهَا فَاٰتَيْنَا الَّذِينَ اٰمَنُوا مِنْهُمْ اَجْرَهُمْ وَكَثِيرٌ مِنْهُمْ فَاسِقُونَ

«... ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىمىز دەپ بىز ئۇلار ئۈچۈن بېكىتمىگەن راھبانىيەتنى پەيدا قىلدى. بۇنى ئۇلارغا بىز پەرز قىلمىدۇق. ئۇلار بۇنى ئۆزلىرىگە ئۆزى پەرز قىلدى. لېكىن بۇنىڭغىمۇ ئەمەل قىلىشمىدى. بىز ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى بەردۇق. لېكىن تولىسى يولدىن چىقىپ كەتتى» (ھەدىد سۈرىسى، 27 ـ ئايەت).

قۇرئاندىن باشقا بىر سۆز (ھەدىس)نى ئېتىبارغا ئالماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدىغان تۆۋەندىكى ئايەتلەرمۇ، دىندا بىردىنبىر مەنبەنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە:

تِلْكَ آيَاتُ اللّٰهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِالْحَقِّ فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَ اللّٰهِ وَآيَاتِهِ يُؤْمِنُونَ وَيْلٌ لِكُلِّ أَفَّاكٍ أَثِيمٍ

«ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئۇنى ساڭا لايىق رەۋىشتە ئوقۇپ بېرىمىز. ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى ھەدىسكە (سۆزگە) ئىشىنىدۇ؟ ئۇ يالغانچى گۇناھكارلارنىڭ ھالىغا ۋاي!» (جاسىيە سۈرىسى، 7 ـ 6 ـ ئايەتلەر).

فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَهُ يُؤْمِنُونَ

«ئۇلار بۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) كېيىن قايسى ھەدىس (سۆز)كە ئىشىنىدۇ؟» (مۇرسەلات سۈرىسى، 50 ـ ئايەت).

تۆۋەندىكى ئايەتلەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ياخشى سۆزنىڭ يەنىلا قۇرئان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە:

فَبَشِّرْ عِبَادِ اَلَّذِينَ يَسْتَمِعُونَ الْقَوْلَ فَيَتَّبِعُونَ اَحْسَنَهُ اُولٰٓئِكَ الَّذِينَ هَدٰيهُمُ اللّٰهُ وَاُولٰٓئِكَ هُمْ اُولُوا الْاَلْبَابِ

«(خاس) بەندىلىرىمگە خۇشخەۋەر بەرگىن. ئۇلار سۆزگە قۇلاق سالىدۇ ۋە ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھ توغرا يولغا باشلىغان كىشىلەردۇر ۋە

ھەقىقىي ئەقىل ئىگىلىرىدۇر» (زۇمەر سۈرىسى، 17-18-ئايەتلەر).

**اَللّٰهُ نَزَّلَ اَحْسَنَ الْحَد۪يثِ كِتَاباً مُتَشَابِهاً مَثَانِيَۗ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذ۪ينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْۚ ثُمَّ تَل۪ينُ جُلُودُهُمْ وَقُلُوبُهُمْ اِلٰى ذِكْرِ اللّٰهِۜ ذٰلِكَ هُدَى اللّٰهِ يَهْد۪ي بِه۪ مَنْ يَشَٓاءُۜ وَمَنْ يُضْلِلِ اللّٰهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ**

«ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى (ئەڭ ياخشى ھەدىس)نى بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدىغان كىتاب شەكلىدە نازىل قىلدى. رەببىدىن تەپ تارتىدىغانلار ئۇنى (ئوقۇغاندا) بەدەنلىرى تىترەيدۇ. ئاندىن قەلبلىرى ۋە بەدەنلىرى (يەنە) ئاللاھنى ياد قىلىش بىلەن ئەمىن تاپىدۇ. خالىغان كىشىنى ئاللاھ مانا بۇ كىتاب بىلەن ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ كىمنىڭ ئېزىشىغا رۇخسەت قىلسا، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ» (زۇمەر سۈرىسى، 23-ئايەت).

**وَاتَّبِعُٓوا اَحْسَنَ مَٓا اُنْزِلَ اِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ مِنْ قَبْلِ اَنْ يَأْتِيَكُمُ الْعَذَابُ بَغْتَةً وَاَنْتُمْ لَا تَشْعُرُونَۙ**

«سىلەر تۇيمىغان ھالەتتە ئازابنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىشىدىن ئىلگىرى سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ ياخشىغا (قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار» (زۇمەر سۈرىسى، 55-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا قۇرئان ئايەتلىرىنى «ئەڭ چىرايلىق ھەدىس (ئەھسەنەل ھەدىس)» دەپ تەرىپلىمەكتە. دېمەك، ئەگىشىشكە تېگىشلىك ھەدىسلەر رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ھەدىسلىرى بولغان قۇرئان ئايەتلىرىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەقىقىي «ھەدىسى قۇتسى»[1] پەقەت قۇرئان ئايەتلىرىدىن ئىبارەتتۇر. بولۇپمۇ بۇ ھەدىسلەر (ئايەتلەر)نىڭ پەقەت مەنىسىلا ئەمەس، ھەم مەنىسى، ھەم لەۋزى ئاللاھقا، ئەمما بايانى بولسا رەسۇلغا مەنسۇپتۇر. ئىنسانىيەت دۇنياسى بۇ ھەدىسلەر (ئايەتلەر)نى رەسۇلنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان. يەنى بۇ ھەدىسلەرنىڭ رەسۇلنىڭ ئېغىزىدىن چىققانلىقى ۋە ۋەھيىنى تايانچ قىلغانلىقىدا شەكسىز بولۇپ، ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغان ۋە ئىچىدە ھېچقانداق شۈبھە يوق[2].

## 3. مەسئۇلىيەتنىڭ قۇرئان بىلەن چەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەر

تۆۋەندە زىكىر قىلىنغان بەزى ئايەتلەر مەسئۇلىيەتنىڭ پەقەت قۇرئان دائىرىسى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى، قىيامەت كۈنى باشقا بىر مەنبەدىن ھېسابقا تارتىلمايدىغانلىقىمىز (پەقەت قۇرئاندىنلا جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىز)نى،

(1) مەنىسى ئاللاھقا، سۆزلىرى نەبىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر

(2) بەقەرە سۈرىسى، 2؛ يۇنۇس سۈرىسى، 37؛ ھىجر سۈرىسى، 9؛ كەھف سۈرىسى، 1؛ سەجدە سۈرىسى، 2-ئايەت

قوشۇمچە بىر دەلىلگە موھتاج بولمايدىغان شەكىلدە بىزگە بىلدۈرۈلمەكتە:

وَهٰذَا كِتَابٌ اَنْزَلْنَاهُ مُبَارَكٌ فَاتَّبِعُوهُ وَاتَّقُوا لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَۙ اَنْ تَقُولُوا اِنَّمَا اُنْزِلَ الْكِتَابُ عَلٰى طَٓائِفَتَيْنِ مِنْ قَبْلِنَاۖ وَاِنْ كُنَّا عَنْ دِرَاسَتِهِمْ لَغَافِلِينَۙ اَوْ تَقُولُوا لَوْ اَنَّٓا اُنْزِلَ عَلَيْنَا الْكِتَابُ لَكُنَّٓا اَهْدٰى مِنْهُمْۚ فَقَدْ جَٓاءَكُمْ بَيِّنَةٌ مِنْ رَبِّكُمْ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ

«مانا بۇ (قۇرئان) بىز نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر. ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار ۋە ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بۇ ئارقىلىق رەھمەتكە ئېرىشكەيسىلەر.

‹پەقەت بىزدىن ئىلگىرىكى ئىككى تائىپىگىلا (يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا) كىتاب نازىل قىلىنغان، بىز ئۇلار ئوقۇغان كىتابتىن بىخەۋەر ئىدۇق› ياكى ‹بىزگىمۇ بىر كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن بەكرەك توغرا يولدا بولاتتۇق› دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (بۇ قۇرئاننى نازىل قىلدۇق)» (ئەنئام سۈرىسى، 155 ـ 157 ـ ئايەتلەر).

دېمەك، قۇرئان ئاخىرەتتە بىزنى باھانە تاپمىسۇن دەپ بىزگە ئەۋەتىلگەن كىتابتۇر. قۇرئاننىڭ ئەۋەتىلمىگەنلىكىنى باھانە قىلىپ كۆرسىتەلەيدىغان بولساق (قۇرئان كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇنداق قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس)، بۇ، قۇرئاننىڭ ئىچىدە بولمىغان ھەرقانداق بىر مەلۇمات سەۋەبىدىن باھانىمىز بار بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. قۇرئاندىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدىغان بۇ ئايەت، ئاللاھنىڭ قۇرئاندا بولمىغان بىر مەلۇمات سەۋەبىدىن بىزنى جاۋابكارلىققا تارتمايدىغانلىقىنى، يەنى قۇرئان ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلمىگەن بىر مەلۇمات سەۋەبىدىن ئاخىرەتتە جاۋابكارلىققا تارتىلمايدىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان روشەن دەلىل ئەمەسمۇ؟ ئىلاھى ئادالەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئاللاھ كىتابىدا بولمىغان بىر مەسىلە ئۈچۈن بىزدىن ھېساب ئالمايدۇ. بۇ ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەنە بىر ئايەت مۇنداق:

يَٓا اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوا اَوْفُوا بِالْعُقُودِ اُحِلَّتْ لَكُمْ بَهِيمَةُ الْاَنْعَامِ اِلَّا مَا يُتْلٰى عَلَيْكُمْ غَيْرَ مُحِلِّي الصَّيْدِ وَاَنْتُمْ حُرُمٌ اِنَّ اللّٰهَ يَحْكُمُ مَا يُرِيدُ

«ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر بايان قىلىنسا سىلەرگە ئېغىر كېلىدىغان نەرسىلەرنى سورىماڭلار. قۇرئان نازىل قىلىنىۋاتقان چاغدا سورىساڭلار، ئۇلار سىلەرگە بايان قىلىنىدۇ. بايان قىلىنمىغانلارنى ئاللاھ سىلەردىن كەچۈرۈم قىلدى. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى يۇمشاق مۇئامىلە قىلغۇچىدۇر» (مائىدە سۈرىسى، 101 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتكە ئاساسلانغاندا قۇرئاندا بايان قىلىنمىغان (بولمىغان) بىر مەسىلە سەۋەبىدىن ئاللاھ تەرىپىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايدىغانلىقىمىز ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەن ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ بۇ ئايەت ئارقىلىق «قۇرئان نازىل بولۇۋاتقاندا زۆرۈر بولغان ھەممە نەرسە بايان قىلىندى، ئەگەر مەن بەزى نەرسىلەرنى قۇرئانغا كىرگۈزمىگەن بولسام، ئۇنتۇپ قالغانلىقىم سەۋەبىدىن ئەمەس (نەئۇزۇ بىللاھ)، سىلەردىن ئۇ مەسىلىنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىم ئۈچۈن قۇرئانغا كىرگۈزمىدىم، سىلەر بۇ مەسىلىلەرنى كوچىلىماڭلار، بولمىسا پۇشايمان قىلىپ قالىسىلەر» دېمەكتە. بۇ ھەقىقەتكە قارىماستىن، قۇرئان تىلغا ئالمىغان مەسىلىلەر ھەققىدە سوئال سوراش كىشىگە «ياكى ئىلگىرى مۇسادىن سوئال سوراۋەرگەندەك، سىلەرمۇ رەسۇلىڭلاردىن سوئال سوراۋەرمەكچىمۇ؟» دېگەن بەقەرە سۈرىسى 108 ـ ئايىتىنى ئەسلىتىدۇ. بۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەش ۋە قۇرئاننىڭ دىنى مەسىلىدە يېتەرلىك كىتاب ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. ئوخشاش مەزمۇندىكى يەنە بىر ئايەت مۇنداق:

وَلَوْ أَنَّا أَهْلَكْنَاهُمْ بِعَذَابٍ مِنْ قَبْلِهِ لَقَالُوا رَبَّنَا لَوْلَا أَرْسَلْتَ إِلَيْنَا رَسُولاً فَنَتَّبِعَ آيَاتِكَ مِنْ قَبْلِ أَنْ نَذِلَّ وَنَخْزَى

«ئەگەر بىز ئۇلارنى ئۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) ئىلگىرى ھالاك قىلغان بولساق، ئۇلار چوقۇم: ‹ئى رەببىم! بۇ خارلىق ۋە رەسۋالىققا دۇچار بولۇشتىن ئىلگىرى بىزگە بىر رەسۇل (ئەلچى) ئەۋەتكەن بولساڭ، بىزمۇ سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگەشكەن بولاتتۇق› دەيتتى» ( تاھا سۈرىسى، 134 ـ ئايەت).

تاھا سۈرىسى 134 ـ ئايەتتە ۋە ئىلگىرىكى بابتا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئوخشاش مەزمۇندىكى ئايەتلەر[1]، مۇنداق مۇھىم نۇقتىلارنى تەكىتلىمەكتە:

رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىش (تەبلىغ قىلىش)تۇر.

ئاللاھ تائالا ھېچقانداق بىر قەۋم (ھېچكىم)گە رەسۇل ئارقىلىق ئايەتلىرىنى ئەۋەتمەي تۇرۇپ ئازابقا دۇچار قىلمايدۇ (ئىمان ئېيتمىسا ۋە رەسۇل ـ كىتابقا ئەگەشمىسە، ھالاك قىلىدۇ). چۈنكى بىر رەسۇل ئارقىلىق كىتاب ئەۋەتىلمىگەن قەۋم (شەخس)لەر مەسئۇلىيەتتىن خالىيدۇر. مەسئۇلىيەت رەسۇلنىڭ كىتابنى تەبلىغ قىلىشى بىلەن باشلىنىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، كىشىلەر پەقەت ئۆزىگە يېتىپ كەلگەن ئايەتلەردىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. بۇ ئايەتلەردىن باشقا جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان (ئازابقا

(1) قەسەس سۈرىسى، 59؛ ئىسرا سۈرىسى، 15؛ شۇئەرا سۈرىسى، 208 ـ ئايەت

دۇچـار قىلىنىدىغـان) ھېچقانـداق مەسىلە يـوق.

يىغىنچاقلىغانـدا، بىرلـەر پەقـەت ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئارقىلىق بىرگە بىلدۈرگەن مەسىلىلەردىن، يەنـى پەقـەت رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى (قۇرئان)دىـن جاۋابكارلىققا تارتىلىمىز. قۇرئانـدا مەۋجۇت بولمىغان مەسىلىلەردىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايمىز (بۇ مەسىلىلەر سەۋەبىدىن ئازابقا دۇچـار بولمايمىز)، ئىلاھـى ئادالـەت بۇنـى تەقـەززا قىلىدۇ.

## 4. قۇرئاندىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەر

زۇخـرۇف سۈرىسى 44-ئايـەت ھەممىمىزنىـڭ قۇرئاندىـن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان ـلىقىمىزنى ئوچۇق ۋە روشـەن ھالـدا بىلدۈرمەكتـە:

فَاسْتَمْسِكْ بِالَّذِي أُوحِيَ إِلَيْكَ إِنَّكَ عَلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ وَإِنَّهُ لَذِكْرٌ لَكَ وَلِقَوْمِكَ وَسَوْفَ تُسْأَلُونَ

«سـەن سـاڭا ۋەھـيى قىلىنغـان (قۇرئان)غـا چىـڭ ئېسىلغىن. چۈنكـى سـەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇرسـەن. شۈبھىسىزكى، ئۇ (ساڭا ۋەھيى قىلىنغان قۇرئان) ھـەم سـەن ئۈچـۈن، ھـەم قوۋمىـڭ ئۈچـۈن نەسىھەتتۇر ۋە ھەممىڭلار كېلەچەكتـە ئۇنىڭدىـن جاۋابكارلىققا تارتىلىسـىلەر» (زۇخـرۇف سۈرىسـى، 44-43-ئايەتلـەر).

بـەزى كىشـىلەر «بـۇ ئايـەت، قۇرئاندىـن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىزنـى بىلدۈرىـدۇ، لېكىـن باشـقا بىـر نەرسـىدىن (مەسـىلەن: ھەدىسـلەردىن) جاۋابكارلىققا تارتىلمايدىغانلىقىمىزنـى بىلدۈرمەيـدۇ» دېيىشـى مۇمكىـن. لېكىـن بۇنـداق بىـر قاراشـنىڭ ئاساسـى يـوق بولـۇپ، پـۈت تـىرەپ تۇرالمايـدۇ. چۈنكـى قۇرئـان بىرگـە بىلدۈرگەنلـەر قانچىلىـك مۇھـىم بولسـا، بىلدۈرمىگەنلەرمۇ شـۇ دەرىجـىدە مۇھـىم. قۇرئاننىـڭ ئاللاھنىـڭ كالامـى ئىكەنلىكـى نەزەردىـن ساقىت قىلىنماسلىق كېـرەك. ئاللاھ بىر مەسـىلىنى قۇرئاندا تىلغا ئالمىغان بولسـا ئۇنتـۇپ قالغانلىقى سـەۋەبىدىن ئەمـەس، بەلكـى بىزنـى ئـۇ مەسـىلىدە كەچـۈرۈم قىلغانلىقـى ئۈچـۈن تىلغـا ئالمىغان. بـۇ سـەۋەبتىن قۇرئـان بىلدۈرمىگەنلىرىمـۇ بىزگـە بىـر نەرسـە دېگـەن بولـىدۇ (ئـۇ مەسـىلىدە بىـز ئەپـۇ قىلىنغـان).

قۇرئـان زۇخـرۇف سۈرىسـى 44-ئايىتـى ئارقىلـىق بىزگـە مەخسـۇس ھالـدا بىلدۈرمىگـەن تەقدىردىمـۇ، بىـز باشـقا ئايەتلەردىن پەقەت قۇرئاندىنلا جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىزنـى ئىدراك قىلالايتتـۇق. ئەممـا بۇنىڭغـا قارىماستىن قۇرئاندىـن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىز (بۇ ئايەت ئارقىلىق مەخسۇس ھالدا) بىلدۈرۈلگەن.

بۇ ئايەت بىزنىڭ قۇرئاندىن مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدىغانلىقىمىزغا مۇناسىۋەتلىك روشەن دەلىل بولۇش بىلەن بىرگە، پەقەت قۇرئاندىنلا جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىزغا (ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىدىن ھېساب تارتىلمايدىغانلىقىمىزغا) مۇناسىۋەتلىك ئېنىق دەلىلدۇر. چۈنكى بىزنى جاۋابكار قىلغان نەرسە (قۇرئان) ئىلاھى ئادالەتنىڭ تەقەززاسى سەۋەبىدىن بىزگە بىلدۈرۈلگەن. يەنى، ئېتىراز قىلماسلىقىمىز ئۈچۈن قۇرئاندىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بايانات بىزگە ئالاھىدە قىلىپ ئۇقتۇرۇلغان. بۇنىڭ ئەكسىچە بىزنىڭ (قۇرئاننىڭ سىرتىدا) باشقا بىر نەرسىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدىغان بىر ئۇقتۇرۇش كەلمىگەن بولۇپ، (ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن، جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان مەنبەنىڭ) پەقەت قۇرئان ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

وَاُوحِيَ اِلَيَّ هٰذَا الْقُرْاٰنُ لِاُنْذِرَكُمْ بِهٖ وَمَنْ بَلَغَ

«بۇ قۇرئان ماڭا ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنى ۋە ئۇ يېتىپ بارغان بارلىق كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم ئۈچۈن ۋەھيي قىلىندى» (ئەنئام سۈرىسى، 19-ئايەت).

وَاَنْذِرْ بِهِ الَّذٖينَ يَخَافُونَ اَنْ يُحْشَرُٓوا اِلٰى رَبِّهِمْ لَيْسَ لَهُمْ مِنْ دُونِهٖ وَلِيٌّ وَلَا شَفٖيعٌ لَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ

«رەببىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىشتىن قورقىدىغانلارنى ئۇنىڭ (قۇرئان) بىلەن ئاگاھلاندۇر. ئۇلارغا ئاللاھتىن غەيرى دوست ۋە شاپائەتچى (ياردەم قىلغۇچى) يوقتۇر» (ئەنئام سۈرىسى، 51-ئايەت).

نَحْنُ اَعْلَمُ بِمَا يَقُولُونَ وَمَٓا اَنْتَ عَلَيْهِمْ بِجَبَّارٍ فَذَكِّرْ بِالْقُرْاٰنِ مَنْ يَخَافُ وَعٖيدِ

«بىز ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى بىلىمىز. سەن ئۇلارنى زورلىغۇچى ئەمەسسەن. مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلغىن» (قاف سۈرىسى، 45-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇرئان رەسۇلۇللاھقا، ھەم تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىلىرىغا، ھەم ئۇ (قۇرئان) يېتىپ بارغان بارلىق كىشىلەرنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيي قىلىنغان. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ نەبىلىك دەۋرىدە پەقەت قۇرئاننى تەبلىغ قىلغان ۋە قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرغان. دېمەك، بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىپ (خۇددى رەسۇلۇللاھ قىلغاندەك) پەقەت قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

## 5. ئاللاھ تائالا بىزنى ئادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلارغا بۇيرۇمايدۇ (تەكلىفۇ ما لا يۇتقا)

ئاللاھ تائالا، ئىلاھى ئادالىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان (ئادا قىلالمايدىغان) ئىشقا تەكلىپ قىلمىغان[1].

لَا يُكَلِّفُ اللّٰهُ نَفْساً اِلَّا وُسْعَهَاۜ

«ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ...» (بەقەرە سۈرىسى، 286-ئايەت).

لَا نُكَلِّفُ نَفْساً اِلَّا وُسْعَهَا

«بىز ھېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز...» (ئەنئام سۈرىسى، 152؛ ئەئراف سۈرىسى، 2؛ مۇئمىنۇن سۈرىسى، 62-ئايەت).

ئىلاھى ھىمايە ئاستىدا ۋە مۇتەۋاتىر يول بىلەن بىزگە يېتىپ كەلگەن قۇرئان كەرىمگە ئەگىشىش، بىز مۇئمىنلەر ئادا قىلالايدىغان (قۇربىمىز يېتىدىغان) ۋەزىپىدۇر.

چۈنكى قۇرئاندا ھېچقانداق شۈبھە ۋە زىتلىق يوق[2]. لېكىن قۇرئاندىن باشقا ھېچقانداق بىر سۆز بۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس. قۇرئاندىن باشقا بارلىق سۆزلەر (كىمگە مەنسۇپ قىلىنغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) شۈبھە ۋە زىتلىقتىن خالىي ئەمەس[3]. بىزنىڭ زىتلىققا تولغان قۇرئاندىن باشقا سۆزلەرگە ئەگىشىش مەجبۇرىيىتىمىز بولمىغانىدەك، بۇ سۆزلەر ئىچىدىكى توغرا - خاتانى ئايرىش ۋەزىپىمىزمۇ يوق. بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى قۇرئان دىن ھەققىدىكى ھەر نەرسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلغان كىتابتۇر[4]. شۇڭا (بىز ئايرىپ چىقىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولمىغان) قۇرئاندىن غەيرى سۆزلەردىن جاۋابكارلىققا تارتىلىشىمىز ئىلاھى ئادالەتكە توغرا كەلمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ ھېچكىمگە تاقىتى يەتمەيدىغان مەسئۇلىيەت بەرمىگەن.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى، 233، 286؛ ئەنئام سۈرىسى، 152؛ ئەئراف سۈرىسى، 42؛ مۇئمىنۇن سۈرىسى، 62-ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 2؛ نىسا سۈرىسى، 82؛ يۇنۇس سۈرىسى، 37-ئايەت

(3) بەقەرە سۈرىسى، 2؛ نىسا سۈرىسى، 82-ئايەت

(4) يۇسۇف سۈرىسى، 111؛ نەھل سۈرىسى، 89-ئايەت

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتساق، بىز مۇئمىنلەر رەسۇلغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان. لېكىن نەبىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلمىغان. چۈنكى رەسۇل (ئېلىپ كەلگەن) سۆزلەر ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغان (ئۆز پېتى) ھالدا بىزگە يېتىپ كەلگەن. بىز، رەسۇلغا ۋەھىي قىلىنغان بۇ سۆزلەرنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىمىز. رەسۇلنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئەگىشىش قۇربىمىز يېتىدىغان (ئادا قىلالايدىغان) مەجبۇرىيەت قاتارىدىندۇر. لېكىن مۇھەممەد (ئە س)نىڭ قۇرئاندىن باشقا سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنى شۈبھىسىز ھالدا بىلەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئەگىشىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ نەبىلىك سالاھىيىتى بىلەن قىلغان ئىشلىرى ۋە ئېيتقان سۆزلىرى ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنمىغان، ئېلىنىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىشى زۆرۈر بولغان سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى رەسۇل سالاھىيىتى بىلەن ئۇنىڭغا ئېيتقۇزۇلغان ۋە قۇرئانغا كىرگۈزۈلگەن. يەنى، ئۇنىڭ ئۆلگىلىك تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنىپ، شۈبھىدىن خالىي ھالدا بىزگە يەتكۈزۈلگەن. بىز مانا بۇ سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلەردىن جاۋابكارلىققا تارتىلىمىز. لېكىن ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنمىغان ھەرقانداق بىر سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتتىن جاۋابكارلىققا تارتىلمايمىز. چۈنكى بۇ سۆزلەرنى بىلىش بىزنىڭ قۇربىتىمىزدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىزنى تاقىتىمىزدىن ھالقىغان ئىشلار سەۋەبلىك بىزنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ.

قۇرئان، ئايەتلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك بىزنىڭ قۇرئاندىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرگەن. قۇرئاندىن باشقا بىر كىتاب ياكى سۆزدىنمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرمىگەن. يەنى، بۇنداق سۆزنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئايەتلەر قۇرئاندا يەر ئالغان. ئاخىرەتتە ئىمتىھاننىڭ قايسى كىتابتىن ئېلىنىدىغانلىقى (سوئاللارنىڭ قەيەردىن چىقىدىغانلىقى) ئېنىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ (سوئاللار چىقىدىغان مەنبە) ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ كاپالەت بەرگەن. ئۇنداقتا قۇرئاندىن باشقا بىر كىتابتىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىز ئىلاھى ئادالەتكە ۋە ئاللاھنىڭ كاپالىتىگە زىت كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھقا بۇنداق ئادالەتسىزلىكنى مەنسۇپ قىلغىلى بولمايدۇ. كۈنىمىزدە مەكتەپلەردە ئوقۇشلۇقنىڭ سىرتىدىكى بىر مەنبەدىن سوئال سورىغان ھەرقانداق بىر ئوقۇتقۇچىغا «بۇ قانداق ئادالەت؟ ئوقۇغۇچىلار جاۋابكار بولمىغان بىر كىتابتىن سوئال چىقىرامدۇ؟» دەپ ئېتىراز قىلىنىدۇ. بىر ئوقۇتقۇچىغا راۋا كۆرمىگەن بۇنداق ئادالەتنى، ئىلاھى ئادالەتكە راۋا كۆرۈش مۇمكىنمۇ؟ ئاللاھقا بۇنداق ئادالەتسىزلىكنى مەنسۇپ قىلغىلى بولامدۇ؟

بىز مۇئمىنلەرگە لازىم بولغان ھەرقانداق دىنىي ئىلىم (جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان مەسىلىلەر) قۇرئاندا مەۋجۇت. قۇرئان بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كەمتۈك كىتاب ئەمەس. ئەگەر ئاللاھ تائالا بەزى مەلۇماتلارنى قۇرئانغا كىرگۈزمىگەن بولسا (نەئۇزۇ بىللاھ) ئۇنتۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى شۇنداق بولۇشىنى خالىغانلىقى، ئۇلارنى بىزدىن كەچۈرۈم قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. بۇ سەۋەبتىن بىز ئەگىشىدىغان بىردىنبىر مەنبە رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بولغان قۇرئاندۇر.

### 6. قۇرئانغا ئىلاۋە قىلغىلى بولمايدىغانلىق مەسىلىسى

ئاللاھنىڭ كىتابىغا كىرگۈزمىگەن ھەرقانداق بىر مەلۇمات (ھۆكۈم)نى ھېچكىم ئۇنىڭغا قوشۇپ قويالمايدۇ. نەبى ـ رەسۇلمۇ بۇنداق قىلالمايدۇ. ھەتتا بۇ ھەقتە مەخسۇس رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن بىلدۈرۈلگەن:

وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ الْأَقَاوِيلِ لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِالْيَمِينِ ثُمَّ لَقَطَعْنَا مِنْهُ الْوَتِينَ فَمَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ عَنْهُ حَاجِزِينَ

«ئەگەر ئۇ (رەسۇل) بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسىي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى» (ھاققە سۈرىسى، 47 ـ 44 ـ ئايەتلەر).

بۇ ئايەتلەر، مۇھەممەد (ئە س)نىڭ نەبى ياكى رەسۇل سالاھىيتى بىلەن ھەرقانداق بىر ھۆكۈم قويالمايدىغانلىقىنى، يەنى ئاللاھ ئېيتمىغان ھەرقانداق بىر نەرسىنى ئۇنىڭمۇ ھەرگىز (ئاللاھ نامىدىن) ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. ئەگەر بۇنداق قىلماقچى بولسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ جان تومۇرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، جېنىنى ئالاتتى.

بۇ ئايەتنى «رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە قۇرئاننىڭ لەۋزىگە (تېكىستىگە) ئىلاۋە قىلالمايتتى، لېكىن قۇرئاندا بولمىغان بەزى ھۆكۈملەرنى قۇرئاننىڭ لەۋزىگە ئىلاۋە قىلماستىن بېكىتەلەيدۇ» دېگەن شەكىلدە شەرھلەش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى مۇھىم بولغان ئامىل ھۆكۈمدۇر. لەۋزىنىڭ ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنىشى، قۇرئان ھۆكۈملىرىنى ھىمايە ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈندۇر. بۇ سەۋەبتىن قۇرئاننىڭ لەۋزىگە، ھۆكۈملىرىگە ئىلاۋە قىلغىلى بولمايدۇ. ئەبۇ ھەنىفەنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشىمۇ دەل مۇشۇنداق. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيەسى نەزەردىن

ساقىت قىلىنغان. ئەبۇ ھەنىفە ئۆزگە رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىسنى رەت قىلغان ۋاقىتتا (قۇرئانغا زىت دەپ قارىغان بۇ رىۋايەتنىڭ نەبى - رەسۇل تەرىپىدىن ئېيتىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىزاھلاپ)، ھاققە سۈرىسى 47-44- ۋە نىسا سۈرىسى 80-ئايەتلەرنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن ۋە (قىسقىچە) مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ نېمە دېگەن بولسا رەسۇلمۇ شۇنى دېگەن. ئۇ، ئاللاھ بىلدۈرگەن بىر نەرسىنى ھەرگىزمۇ ئۆزگەرتىۋەتمىگەن ۋە ئاللاھ دېمىگەن (بىلدۈرمىگەن) بىر نەرسىنى بىلدۈرمىگەن. ئەگەر ئۇ بۇنداق قىلغان بولسا ئىدى، ئاللاھ ئۇنىڭ جان تومۇرىنى ئۈزۈپ تاشلايتتى. ئاللاھ نېمىنى بىلدۈرگەن بولسا ئۇمۇ شۇنى بىلدۈرگەن»[1].

ئەبۇ ھەنىفە بۇ قارىشى ئارقىلىق «رەسۇلۇللاھ قۇرئاننىڭ لەۋزىگىمۇ، ھۆكمىگىمۇ ھەرگىز ئىلاۋە قىلمىدى» دېگەن. چۈنكى ئۆزىدىن سورالغان سوئال «قۇرئاندا مۇنداق بىر ئايەت بارمۇ؟» شەكلىدە ئەمەس، بەلكى «نەبىنىڭ سۆزىگە قانداق قارايسەن؟» دېگەن شەكىلدە ئىدى. يەنى، نەبى - رەسۇل قۇرئانغا ئىلاۋە قىلمىغان، لېكىن ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىنغان بىر سۆز (ھەدىس) بار ئىدى، ئەبۇ ھەنىفە بۇ ھەدىسنى قۇرئانغا زىت دەپ قاراپ رەت قىلغان. ئۇنداقتا رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈم بېكىتەلەيدىغانلىقى (يېڭى ھۆكۈم بېكىتىش ھوقۇقى بارلىقى)نى ئېيتىش، «رەسۇل قۇرئاننىڭ لەۋزىگە ئەمەس، بەلكى ھۆكمىگە ئىلاۋە قىلالايدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قاراشنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ھاققە 47-44-ئايەتلەر (چوقۇم) مۇشرىكلارنىڭ مۇنداق تەلەپلىرىگە (ياقتۇرمىغان ئايەتلەرنى رەسۇلۇللاھتىن ئۆزگەرتىش ياكى ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشىغا) قارشى نازىل بولغان (توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر):

وَاِذَا تُتْلٰى عَلَيْهِمْ اٰيَاتُنَا بَيِّنَاتٍۙ قَالَ الَّذٖينَ لَا يَرْجُونَ لِقَٓاءَنَا ائْتِ بِقُرْاٰنٍ غَيْرِ هٰذَٓا اَوْ بَدِّلْهُۜ قُلْ مَا يَكُونُ لٖٓي اَنْ اُبَدِّلَهُ مِنْ تِلْقَٓائِ نَفْسٖيۚ اِنْ اَتَّبِعُ اِلَّا مَا يُوحٰٓى اِلَيَّۚ اِنّٖٓي اَخَافُ اِنْ عَصَيْتُ رَبّٖي عَذَابَ يَوْمٍ عَظٖيمٍ

«ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز روشەن قىلىپ ئوقۇپ بېرىلسە، بىز بىلەن ئۇچرىشىشقا ئىشەنمەيدىغانلار: ‹بۇنىڭدىن باشقا بىر قۇرئان كەلتۈر ياكى بۇنى ئالماشتۇر› دەيدۇ.

ئېيتقىنكى: ‹مەن ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتەلمەيمەن. مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگە ئەگىشىمەن. ئەگەر رەببىمگە قارشى چىقسام، ئەلۋەتتە بۈيۈك كۈننىڭ

(1) ئەبۇ ھەنىفە، «ئەل-ئالىم ۋەل-مۇتەئاللىم»، 25-24-بەتلەر

ئازابىدىن قورقمەن› » (يۇنۇس سۈرىسى، 15 ـ ئايەت).

دېمەك، مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئوقۇپ بەرگەن ئايەتلىرىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى، لېكىن ئۇلارغا ياقمىغانلىقى ئۈچۈن بۇلارنى ئۆزگەرتىش ياكى ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغانىدى. ھالبۇكى، رەسۇلنىڭ بۇنداق قىلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئاللاھنىڭ كالامىنى (لەۋزى ياكى ھۆكمى جەھەتتىن) ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ:

وَلَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَاتِ اللهِ

«ئاللاھنىڭ كەلىمىلىرىنى (قانۇنلىرىنى) ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ» (ئەنئام سۈرىسى، 34 ـ ئايەت).

وَتَمَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ صِدْقاً وَعَدْلاً لَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَاتِهِ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ

«رەببىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راست، ناھايىتى توغرا ۋە ئادىلدۇر. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچ كىشى يوق. ئۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (ئەنئام سۈرىسى، 115 ـ ئايەت).

اَلْيَوْمَ اَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَاَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْاِسْلَامَ دِيناً

«...بۈگۈن سىلەرگە دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، (بۇ ئارقىلىق) سىلەرگە بولغان نېمىتىمنى تاماملىدىم ۋە ئىسلامنى سىلەرگە دىن قىلىپ تاللىدىم...» (مائىدە سۈرىسى، 3 ـ ئايەت).

قۇرئاننىڭ پۈتۈن قىلىنىشى بىلەن دىن (ئىسلام) تاماملانغان ۋە مۇكەممەل ھالغا كەلگەن. ئاللاھ تائالا دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر نەرسىنى قۇرئان ئارقىلىق بىزگە بىلدۈرگەن. ئاللاھ بىزگە يەتكۈزمەكچى بولغان، لېكىن كىتابىدىن ئورۇن ئالمىغان ھېچقانداق سۆزى يوق. ئاللاھنىڭ كىتابىغا قويمىغان بىر سۆزنى ئەلۋەتتە نەبى ـ رەسۇلمۇ ئېيتقان ئەمەس. ئەمما كېيىنكىلەر (ئاللاھ ۋە رەسۇل دېمىگەن) بەزى سۆزلەرنى نەبى ـ رەسۇلنىڭ ئاغزىغا قويۇپ، شۇنداق دېدى دېگەن. بۇنداق قىلغۇچىلار مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ھەم ئاللاھقا، ھەم رەسۇلغا تۆھمەت قىلغان بولدى. ھەتتا ئاللاھنىڭ بەزى نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولدى. چۈنكى ئاللاھ «بىز بىر نەرسىنى قۇرئانغا كىرگۈزمىگەن بولساق (ئۇنتۇپ قالغانلىقىمىز سەۋەبىدىن ئەمەس)، ئۇ مەسىلىدە سىلەرنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن كىرگۈزمىدۇق» دەيدۇ.

قۇرئاننىڭ لەۋزىگە ئەمەس، (ئاللاھ ۋە رەسۇل نامىدىن) ھۆكۈملىرىگە ئىلاۋە قىلغۇچىلار، بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ دىنىنى (كىتابىنى)كەمتۈك دەپ قاراپ، ئۇنى تولۇقلاشقا ئۇرۇنۇشتەك قاپ يۈرەكلىك قىلىشتى. «رەسۇلنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا ھۆكۈم بېكىتىش ھوقۇقى بار» دېگەن قاراشتىكىلەر بىلەن قۇرئاندا بولمىغان سۆزلەرنى رەسۇلنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ دېگۈزگۈچىلەر ياكى قۇرئاندا بولمىغان ھۆكۈمنى رەسۇلغا (چاپلانغان تۆھمەتلەر بىلەن ئۇنىڭغا) مەنسۇپ قىلغۇچىلار مۇشۇنداق قىلماي نېمە قىلدى؟

رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرئانغا ئىلاۋە قىلىش ياكى كېمەيتىۋېتىش قىلمىغانلىقىدا شەك يوق. ئەمما رەسۇلنىڭ ئىسمىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، قۇرئانغا (لەۋزىگە ئەمەس، ھۆكمىگە) ئىلاۋە ۋە كېمەيتىش ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئېنىق (بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مىساللارنى كېيىنكى پاراگرافلاردا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز).

«پەقەت قۇرئانغىلا ئەگىشىمەن دېگۈچىلەر» نېمە دېمەكتە؟

قۇرئان، شۈبھىسىزكى ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (ئاللاھنىڭ كالامى بولغان)[1] كىتابتۇر[2]. لېكىن ئىنسانىيەت دۇنياسى بۇ كىتابنىڭ ھەر بىر ئايىتىنى رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ئېغىزىدىن (رەسۇلنىڭ بايانى سۈپىتىدە) ئاڭلىغان. يەنى، قۇرئان پۈتۈنلەي رەسۇلنىڭ ۋەھىيگە تايانغان ھەدىسلىرىدۇر.

اِنَّهُ لَقَوْلُ رَسُولٍ كَرِيمٍ

«شۈبھىسىزكى، ئۇ (قۇرئان) ئىشەنچلىك (شەرەپلىك) بىر ئەلچىنىڭ سۆزىدۇر» (ھاققە سۈرىسى، 40؛ تەكۋىر سۈرىسى، 19 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان «رەسۇلنىڭ سۆزى» ئىپادىسىدىكى «رەسۇل» رەسۇلۇللاھتىن بەكرەك جىبرىئىل (ئە س)نى كۆرسىتىدىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ يەردە مۇھىم بولغان نۇقتا قۇرئاننىڭ ئاللاھتىن باشقىسىغا، يەنى رەسۇلغا تەۋە قىلىنغانلىقىدۇر.

ھالبۇكى، قۇرئان ئاللاھنىڭ كالامىدۇر، بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك يوق. ئەمما بۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، قۇرئان ئۆتچۈن بۇ ئايەتلەردە «رەسۇلنىڭ سۆزى» دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن. دېمەك، قۇرئان ئۆتچۈن «رەسۇل مۇھەممەد ئېلىپ كەلگەن سۆزلەر» مەنىسىدە «رەسۇل مۇھەممەدنىڭ سۆزلىرى (ھەدىسلىرى)»

(1) يۇنۇس سۈرىسى، 37؛ شۇئەرا سۈرىسى، 192؛ سەجدە سۈرىسى، 2؛ ۋاقىئە سۈرىسى، 80 ـ ئايەت
(2) بەقەرە سۈرىسى، 75؛ ئەئراف سۈرىسى، 144؛ تەۋبە سۈرىسى، 6؛ فەتىھ سۈرىسى، 15 ـ ئايەت

دېيىش خاتا ئەمەس. ھەتتا شەرتتۇر. چۈنكى قۇرئان ئۆزىنى «ئەڭ چىرايلىق ھەدىس (ئەھسەنەل ھەدىس)» دەپ تونۇشتۇرغان:

اَللّٰهُ نَزَّلَ اَحْسَنَ الْحَدِيثِ كِتَاباً مُتَشَابِهاً مَثَانِيَ

«ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى (ئەڭ ياخشى ھەدىس)نى بىر - بىرىگە ماس كېلىدىغان بىر كىتاب شەكلىدە نازىل قىلدى...» (زۇمەر سۈرىسى، 23-ئايەت).

ئاللاھ تائالا، بارلىق ئايەتلەرنى رەسۇل مۇھەممەدنىڭ دىلىغا ۋەھيى (ئىلقا)[1] قىلغان بولۇپ، رەسۇل مۇھەممەد ئاللاھنىڭ كالامى بولغان بۇ ئايەتلەر (ئەڭ ياخشى ھەدىسلەر)نى كىشىلەرگە بايان قىلىپ بەرگەن (يەتكۈزگەن). يەنى، ئاللاھنىڭ كالامى - رەسۇلنىڭ بايانى بولغان قۇرئان، ئاللاھنىڭ ئىپادىسى بىلەن ئەڭ ياخشى (ئەڭ ئىشەنچلىك، سەھىھ ھەدىسلەر - ئەھسەنەل ھەدىس) لەردۇر. قۇرئان، «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ نازىل قىلغان سۆزلەر (ھەدىسلەر)نىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان قۇرئانغا ئەگىشىڭلار، سىلەرنىڭ ئىگىسى يېتەكچىڭلار قۇرئان بولسۇن، پەقەت قۇرئانغىلا ئەگىشىڭلار، ئۇنىڭدىن باشقا يېتەكچىلەرگە ئەگەشمەڭلار...»[2] دېمەكتە.

ئۇنداقتا «مەن پەقەت قۇرئانغىلا ئەگىشىمەن، مېنىڭ قۇرئاندىن باشقا يول باشچىم يوق» دېگەن بىر مۇئمىن، «مەن پەقەت رەسۇل مۇھەممەدگە ئەگىشىمەن، مېنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يېتەكچىم يوق» دېگەن بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇنداق پوزىتسىيەدە بولغان مۇئمىننىڭ بۇ سۆزى رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەھمىيەتسىزلەشتۈرگەنلىك بولمايدۇ. دەل ئەكسىچە، «مەن ئۇچۇن ئىگىسى يېتەكچى رەسۇلنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەردۇر، مەن ئەڭ ياخشى ھەدىس بولغان بۇ سۆزلەردىن باشقا ھېچقانداق سۆزگە دىنى جەھەتتىن ئەھمىيەت بەرمەيمەن» دېگەن بولىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق رەسۇلنىڭ نوپۇزىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن بولىدۇ. بۇنداق قىلىش (بەزىلەر ئىلگىرى سۈرگەندەك) رەسۇلغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى رەسۇلۇللاھقا كۆرسىتىلگەن ئەڭ ئالىي ئېھتىرامدۇر. چۈنكى بۇ پوزىتسىيە ھەم دىنى مەسىلىدە رەسۇلۇللاھتىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ نوپۇزىنى قوبۇل قىلمىغانلىق، ھەم ئۇنىڭغا خاس بولغان بۇ ھوقۇقنى باشقا بىرسىگە بەرمىگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق دىن، زۇمەر سۈرىسى 3-ئايەتتە تىلغا ئېلىنغاندەك پەقەت ئاللاھقىلا خاس قىلىنغان بولىدۇ.

(1) بەقەرە سۈرىسى، 97؛ شۇئەرا سۈرىسى، 194-ئايەت
(2) ئەئراف سۈرىسى، 3؛ زۇمەر سۈرىسى، 18؛ 55-ئايەت

## ئەجىر قىلغان ھەرقانداق كىشى قۇرئاننى چۈشىنەلەيدۇ

قۇرئان نازىل بولغان دەۋردە كاپىرلاردىن تارتىپ «بىز بۇ قۇرئاننى چۈشىنەلمىدۇق» دەيدىغان ھېچقانداق بىر كىشى چىقمىغاندى. يەنى، ئەبۇ بەكرىمۇ، ئەبۇ جەھلمۇ قۇرئاننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلىگەن. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتى. ئەبۇ جەھل بولسا چۈشەندى، لېكىن ئىمان ئېيتمىدى. مانا بۇ ئوتتۇرىدىكى پەرقتۇر. ئىمان ئېيتقانلار ياكى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ (مۇسۇلمان، يەھۇدىي، خىرىستىيان، كاپىر ۋە مۇشرىكلار) ھەممىسى قۇرئاننى چۈشەندى. ھەتتا شۇ دەرىجىدە ئېنىق چۈشەنگەن بولۇپ، ئىمان ئېيتمىغانلار رەسۇلۇللاھقا ۋە قۇرئانغا قارشى تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن «بىز بۇ قۇرئاننى چۈشىنەلمەيمىز» دېگەن باھانىنى كۆرسەتمىدى. رەسۇلۇللاھقا تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى چاپلىغان بولسىمۇ، بۇنداق يالغانچىلىقنى قىلمىدى.

كاپىرلار رەسۇلۇللاھنى يالغانچى[1]، مەجنۇن[2]، سېھىرگەر[3]، ساختىپەز[4]، كاھىن[5] ۋە شائىر[6] دېيىشتى. «ئۇ ئېزىپ كەتتى، ئازغۇن بولدى»[7]، «قۇرئاننى ئۆزى توقۇپ چىقتى»[8]، «بۇ ھەقتە باشقا بىرسى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىۋاتىدۇ»[9]، ھەتتا «قۇرئاننى ئۇنىڭغا شەيتان ۋەھيي قىلىۋاتىدۇ»[10] دېيىشتى. قۇرئان ئۇچۇن شېئىر[11]، سېھىر[12]، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەپسانىسى[13] دېيىشتى. يەنى، ئەقلىگە

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 184؛ ساد سۈرىسى، 4-ئايەت

(2) ھىجر سۈرىسى، 6؛ ساففات سۈرىسى، 36؛ تۇر سۈرىسى، 29؛ قەلەم سۈرىسى، 2؛ تەكۋىر سۈرىسى، 22-ئايەت

(3) يۇنۇس سۈرىسى، 2؛ ساد سۈرىسى، 41-ئايەت

(4) نەھل سۈرىسى، 101-ئايەت

(5) تۇر سۈرىسى، 29-ئايەت

(6) ساففات سۈرىسى، 36؛ تۇر سۈرىسى، 30؛ ھاققە سۈرىسى، 41-ئايەت

(7) نەجم سۈرىسى، 2-ئايەت

(8) يۇنۇس سۈرىسى، 38؛ رەئد سۈرىسى، 13؛ 35؛ ئەھقاف سۈرىسى، 8-7-ئايەتلەر

(9) نەھل سۈرىسى، 103؛ فۇرقان سۈرىسى، 5-4-ئايەتلەر

(10) شۇئەرا سۈرىسى، 210-ئايەت

(11) ياسىن سۈرىسى، 69-ئايەت

(12) مۇددەسسىر سۈرىسى، 24؛ ئەھقاف سۈرىسى، 8-7-ئايەتلەر

(13) ئەنفال سۈرىسى، 31؛ نەھل سۈرىسى، 24؛ نەمل سۈرىسى، 68؛ قەلەم سۈرىسى، 15-ئايەت

كېلىدىغان ھەر تۈرلۈك يالغان، تۆھمەتنى چاپلىدى. لېكىن «بىز بۇ قۇرئاننى چۈشىنەلمەيمىز» دېيەلمىدى. لېكىن قۇرئان ئۇلارنىڭ بارلىق تۆھمەتلىرىگە قايىل قىلارلىق ئۇسلۇبتا جاۋاب بېرىپ رەت قىلدى:

وَلَا يَأْتُونَكَ بِمَثَلٍ اِلَّا جِئْنَاكَ بِالْحَقِّ وَاَحْسَنَ تَفْسِيراً

«ئۇلار قانداق بىر سوئالنى تاشلىمىسۇن، بىز ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ھەممىدىن ياخشى چۈشەندۈرۈشنى نازىل قىلدۇق» (فۇرقان سۈرىسى، 33 ـ ئايەت).

دېمەك، قۇرئاننى قارىلاش ئۈچۈن ھەر پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن ئەھلى كىتاب، ھەر تۈرلۈك يالغاننى چاپلىغان مۇشرىكلار قۇرئان ئۈچۈن «بۇ قانداق كىتاب، بىز بۇنى چۈشىنەلمىدۇق» دېيەلمىدى. يەنى، بۇنداق باھانە كۆرسىتەلمىدى. چۈنكى قۇرئاننىڭ بايانلىرى شۇنداق روشەن ۋە ئوچۇق بولۇپ، بۇنداق باھانىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەقلىگە كەلمىدى. ئاڭلىغان ياكى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى قۇرئاننى چۈشىنەلىدى. لېكىن بەزىلىرى ئىمان ئېيتتى، بەزىلىرى ئىمان ئېيتمىدى. ئىمان ئېيتقانلار ياكى ئېيتمىغانلار بولسۇن، ھەممىسى بۇ تاللىشنى ئۇنى چۈشىنىپ تۇرۇپ قىلدى.

ئۇ مەزگىلدە ھېچكىمنىڭ «مەن بۇ قۇرئاننى چۈشىنەلمىدىم» دېگەن باھانىنى كۆرسەتمىگەنلىكىنى قۇرئان بىزگە خەۋەر قىلماقتا. چۈنكى ئوتتۇرىغا تاشلانغان ھەر تۈرلۈك باھانىلەرنى تىلغا ئالغان ۋە ئۇلارغا لايىقىدا جاۋاب بەرگەن قۇرئان، بۇنداق باھانە توغرىسىدا توختالمىغان. ئەكسىچە، قۇرئان بۇنداق باھانىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

وَلَوْ جَعَلْنَاهُ قُرْاٰناً اَعْجَمِياً لَقَالُوا لَوْلَا فُصِّلَتْ اٰيَاتُهُ ءَاَعْجَمِيٌّ وَعَرَبِيٌّ

«مۇبادا بىز ئۇنى (قۇرئاننى) ئەجەم تىلىدىكى قۇرئان قىلىپ نازىل قىلغان بولساق، ئەلۋەتتە ئۇلار: ‹ئۇنىڭ ئايەتلىرى ئېنىقچىلىك بىلەن بايان قىلىنىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ بۇ ئەجەمچىمۇ ياكى ئەرەبچىمۇ؟› دەيتتى...» (فۇسسىلەت سۈرىسى، 44 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن مەلۇم بولغاندەك كاپىرلار قۇرئاننىڭ چۈشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرەلمىگەنىدى. چۈنكى قۇرئان (يات بىر تىلدا ئەمەس) ھەم ئۆز تىلىدا، ھەم ئايەتلىرى تەپسىلىي شەكىلدە بايان قىلىنغان ھالدا نازىل قىلىنغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىدى، ئۇلار مۇشۇنداق ئېتىرازنى قىلاتتى. ئەمما بۇنداق ئېتىراز قىلالمىدى. چۈنكى قۇرئاننىڭ بارلىق تەلىماتلىرى ناھايىتى ئېنىق

ۋە روشەن ئىدى. ئۇلار بارلىق ئايەتلەرنى چۈشەنگەنىدى. ھەتتا چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە ياقمىغان ئايەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغانىدى:

وَإِذَا تُتْلَى عَلَيْهِمْ آيَاتُنَا بَيِّنَاتٍ قَالَ الَّذِينَ لَا يَرْجُونَ لِقَاءَنَا ائْتِ بِقُرْآنٍ غَيْرِ هَٰذَا أَوْ بَدِّلْهُ قُلْ مَا يَكُونُ لِي أَنْ أُبَدِّلَهُ مِنْ تِلْقَاءِ نَفْسِي إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَىٰ إِلَيَّ إِنِّي أَخَافُ إِنْ عَصَيْتُ رَبِّي عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ

«ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز روشەن قىلىپ ئوقۇپ بېرىلسە، بىز بىلەن ئۇچرىشىشقا ئىشەنمەيدىغانلار: ‹بۇنىڭدىن باشقا بىر قۇرئان كەلتۈر ياكى بۇنى ئالماشتۇر› دەيدۇ.

ئېيتقىنكى: ‹مەن ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتەلمەيمەن (مەن ئۈچۈن بۇ مۇمكىن ئەمەس). مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگە ئەگىشىمەن. ئەگەر رەببىمگە قارشى چىقسام، ئەلۋەتتە بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىدىن قورقىمەن› » (يۇنۇس سۈرىسى، 15 ـ ئايەت).

دېمەك، مائارىپ سەۋىيەسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر (ئىمان ئېيتقان ياكى ئېيتمىغان) ھەرقانداق كىشى قۇرئاننى چۈشىنەلىگەن. مەيلى قۇرئان نازىل بولغان دەۋردە بولسۇن ياكى كېيىنكى دەۋرلەردە بولسۇن بۇنداق قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەنلەر بولمىدى. كاپىر ۋە مۇشرىكلارمۇ ھەم شۇنداق دېيەلمىدى. بۇ ھەقتە قۇرئان بىلدۈرگەن (ۋە يۇقىرىدا يىغىنچاقلانغان) مەلۇماتلار يېتىپ ئاشىدۇ. تارىخىي نۇقتىدىن بايان قىلىنغان تۆۋەندىكى مەلۇماتلارمۇ بۇ ھەقىقەتنى (قۇرئاننىڭ ھەرقانداق كىشى تەرىپىدىن چۈشىنىپ يېتىلگەنلىكىنى) ئىسپاتلاپ بەرمەكتە:

ھەزرىتى ئۆمەر بىر كۈنى خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دېدى: «ئاياللارغا مەھرى ھەققى بەرگەندە چەكتىن ئاشماڭلار. ئەگەر ئۇلارغا كۆپ مىقداردا مەھرى ھەققى بېرىش دۇنيادا ياخشىلىق ۋە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە تەقۋالىقنىڭ ئىپادىسى بولغان بولسا ئىدى، بۇنى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ئۈستۈن كىشى بولغان رەسۇلۇللاھ قىلاتتى. ئۇ بولسا مەيلى ئاياللىرى بولسۇن ياكى قىزلىرى بولسۇن ئون ئىككى ئۇقىيە[1]دىن ئارتۇق مەھرى ھەققى بېكىتمىگەن» دېدى[2].

شۇ ۋاقىتتا بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى ئۆمەر، (ھەقنى) ئاللاھ بىزگە بەرگەن، سەن بولساڭ بىزگە ھارام قىلىۋاتامسەن؟! جانابى ئاللاھ كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ‹ئۇ ئاياللاردىن بىرسىگە كۆپ مال ـ دۇنيا مەھرى ھەققى بەرگەن

(1) بىر ئۇقىيە 1282 گرامغا تەڭ كېلىدىغان ئۆلچەم بىرلىكىدۇر

(2) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 3457

بولساڭلارمۇ، (ئاجراشقاندا) ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرىۋالماڭلار› [1].
ئايالنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر بېشىنى ئېگىپ مۇنداق دېدى: ‹ئۇ ئايال توغرا ئېيتتى، ئۆمەر خاتالاشتى. ئى ئۆمەر، بارلىق كىشىلەر سەندىن بەكرەك ئاڭلىق!› »[2].

بۇ ۋەقەدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە بولسۇن ياكى دەسلەپكى خەلىپىلەر دەۋرىدە بولسۇن، «قۇرئاننى ھەرقانداق كىشىنىڭ چۈشىنەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنى پەقەت بەزى كىشىلەرنىڭلا چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى» ئىلگىرى سۈرىدىغان ھېچقانداق كىشى چىقمىغان. ئادەتتىكى بىر ئايالنىڭ خەلىپە ئۆمەرگە قۇرئان ئايىتىنى دەلىل كۆرسىتىپ ئېتىراز قىلالىغانلىقى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇنىڭغا ناھايىتى نورمال مۇئامىلە قىلغانلىقى، ھەتتا ئايالنى (ئەسلىدە ئايەتنى) توغرا، ئۆزىنىڭ بولسا خاتالاشقانلىقىنى ئېلان قىلىشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر ياكى باشقىلار بۇ ئايالغا «مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە بۇنداق ئېتىراز قىلغۇدەك سەن كىم؟ قۇرئاننى خەلىپە ئۆمەردىنمۇ بەكرەك ياخشى بىلگۈدەك سەن كىم ئىدىڭ؟» دېمىگەن. مانا بۇ، قۇرئان ئايەتلىرى ئالدىدا تۇتۇشقا تېگىشلىك پوزىتسىيە (مۇئمىنلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىش). يەنى، ئايەتلەر بىلەن بېرىلگەن جاۋابتا، جاۋاب بەرگۈچىگە ئەمەس، بەلكى ئايەتكە قاراش كېرەك. بۇنداق ئەھۋالدا قارشى تەرەپ مەزكۇر شەخس ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ كالامى بولغان قۇرئاندۇر. بۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىم.

دېمەك، «چۈشىنىش قېيىن بىر كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئاننىڭ ھەرقانداق كىشى چۈشىنەلمەيدىغانلىقى» توغرىسىدىكى قاراش كېيىنكى مەزگىللەردە ئوتتۇرىغا چىققان ناتوغرا چۈشەنچىدىن ئىبارەت. شۈبھىسىزكى، بۇ قاراشنى كېيىنكى ئەسىرلەردىكى غەربلىك تەتقىقاتچىلار (مۇستەشرىق ۋە ئورىيانتالىستلار) مەقسەتلىك ھالدا قايتا ـ قايتىلاپ كۈنتەرتىپكە كەلتۈرگەن. لېكىن بۈگۈن بۇ قاراشنى غەربلىكلەر، كاپىرلار، يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلاردىن بەكرەك ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دېگۈچىلەر ئىلگىرى سۈرمەكتە، بۇ ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

---

(1) نىسا سۈرىسى، 20 ـ ئايەت

(2) قۇرتۇبى، 4 ـ جىلد، 21 ـ 20 ـ بەتلەر

# قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ قۇرئانى پرىنسىپلىرى

قۇرئان بىزنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ ئاللاھ تەرىپىدىن ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلگەن ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلىنغان كىتابتۇر. بۇ سەۋەبتىن بارلىق كىشىلەرگە خىتاب قىلىدۇ. لېكىن قۇرئاننىڭ ئاسانلاشتۇرۇلغانلىقى، قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەجىر قىلمىغان كىشىلەرنىڭمۇ چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك. ئاللاھ، بۇ ھەقتە تىرىشچانلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ يولىنى ئاچىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە:

**وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ**

«بىزنىڭ يولىمىزدا تىرىشچانلىق (جەھد) كۆرسەتكەنلەرنى ئەلۋەتتە يوللىرىمىزغا يېتەكلەيمىز. ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 69 ـ ئايەت).

ئۇنداقتا قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش زۆرۈر بولۇش بىلەن بىرگە، كۆرسىتىلگەن بۇ تىرىشچانلىق توغرا ئۇسلۇبتا بولۇشى كېرەك. چۈنكى قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ قۇرئانى پرىنسىپلىرى بار. بۇ پرىنسىپلارغا رىئايە قىلمىغاندا، قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن قەتئىينەزەر قۇرئاننى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار تۆۋەندىكىچە:

1. غەيرەت قىلىش

2. رىئايە قىلىش (قۇرئانى پرىنسىپلار)

قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ قۇرئانى پرىنسىپلىرى ئىچكى ۋە تاشقى شەرتلىرى شەكلىدە تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، قۇرئان بۇنداق تۈرلەرگە ئايرىمايدۇ. لېكىن ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق ئۇسلۇبنى قوللىنىشقا بولىدۇ. قۇرئاننى ئوقۇشقا باشلاشتىن بۇرۇن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار «تاشقى شەرتلەر»، قۇرئاننى ئوقۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، يەنى قۇرئاننى چۈشىنىشكە تىرىشىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلارنى «ئىچكى شەرتلەر» دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ چەك ـ چېگرالىرى ئېنىق ئايرىلمىغانلىقى، ئوخشاش پرىنسىپ ئىچىدە ھەم قۇرئاننى ئوقۇشقا باشلاشتىن بۇرۇن، ھەم

ئوقۇشقا باشلىغاندىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر ئايەتنىڭ قۇرئاننى چۈشىنىشتە بىر پرىنسىپ بولالايدىغانلىقى قوبۇل قىلىنىشى كېرەك. بۇ سەۋەبتىن قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ قۇرئانى پرىنسىپلىرىنىڭ پەقەت بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغانلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى كېرەك.

## 1. قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ ئالدىنقى (تاشقى) شەرتلىرى

### 1.1. قۇرئانغا بىر پۈتۈن ھالدا ئىشىنىش

قۇرئاننى ئاللاھنىڭ مۇرادىغا مۇۋاپىق شەكىلدە چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قۇرئانغا چىن دىلدىن ئىشىنىش كېرەك.

وَلَقَدْ جِئْنَاهُمْ بِكِتَابٍ فَصَّلْنَاهُ عَلَى عِلْمٍ هُدًى وَرَحْمَةً لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ

«ھەقىقەتەن بىز توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ۋە رەھمەت بولغان بىر كىتابنى ئەۋەتتۇق، ئىمان ئېيتقۇچىلار ئۈچۈن ئۇ كىتابنى ئىلىم بىلەن چۈشەندۈردۇق» (ئەئراف سۈرىسى، 52-ئايەت).

قۇرئانغا ئىمان ئېيتىش شەرتسىز ھالدا بولۇشى كېرەك. ئايەتلەر نېمە دېگەن بولسا ئۇنىڭغا شەرتسىز ھالدا تەسلىم بولۇش لازىم. ئەمما، لېكىن ئىبارىلىرى ئارقىلىق ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرى بۇرمىلانماسلىقى، قۇرئان بۇ شەكىلدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىلماسلىقى كېرەك.

قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى، بارلىق ئايەتلەرگە چىن دىلدىن تەسلىم بولۇشتۇر. يەنى، قۇرئانغا ھەقىقىي مەنىدە ئىمان ئېيتىشتۇر. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن كىتابنىڭ بىر قىسمىغا ئىمان ئېيتىپ، يەنە بىر قىسمىنى ئىنكار قىلماستىن، قۇرئانغا بىر پۈتۈن ھالدا ئىمان ئېيتىش كېرەك.

اَفَتُؤْمِنُونَ بِبَعْضِ الْكِتَابِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍ

«... سىلەر كىتابنىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، بىر قىسمىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟...» (بەقەرە سۈرىسى، 85-ئايەت).

## 2.1. قۇرئاننىڭ چۈشىنىش ئاسان كىتاب ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش كېرەك

قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم پىرىنسىپلىرىدىن بىرسى، قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشىنىشكە ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىلگەن كىتاب ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتۇر. چۈنكى ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دېمەكتە:

**وَلَقَدْ يَسَّرْنَا الْقُرْاٰنَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِنْ مُدَّكِرٍ**

«ھەقىقەتەن بىز ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ قۇرئاننى ئاسان قىلىپ بەردۇق، ئىبرەت ئالغۇچىلار يوقمۇ؟» (قەمەر سۈرىسى، 40، 32، 22، 17 - ئايەتلەر).

بۇ ئايەت قۇرئاننىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرىگە ئىشارەت بولۇپ، قۇرئان ھەقىقەتەن مۆجىزىۋى شەكىلدە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلگەن كىتابتۇر. بۇ ھەقىقەتنى قۇرئان ئۈستىدە ئىزدەنگەن ھەرقانداق كىشى ئىدراك قىلالايدۇ.

قۇرئانغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى دەۋا قىلغان ھەرقانداق كىشى قەمەر سۈرىسىدە 4 قېتىم تەكرارلانغان بۇ ئايەتلەرگىمۇ ئىمان ئېيتىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، قۇرئانغا ھەقىقىي مەنىدە ئىمان ئېيتقان بولمىغاندەك قۇرئاننىمۇ چۈشەنمەيدۇ. قۇرئاننى چۈشىنەلەيدىغانلىقى (ئۇنىڭ ئاسان ئىكەنلىكى)غا ئىشەنمەيدىغان بىر كىشى، قۇرئاننى قانداقمۇ چۈشىنەلىسۇن؟

قۇرئاننىڭ بۇ روشەن ئايەتلىرىگە قارىماستىن، «شۇنداق، ئايەت مۇشۇنداق دەيدۇ، لېكىن قۇرئاننى چۈشىنىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس...» دېيىش ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس. مۇشۇنداق ئىپادىلەر بىلەن تۈرلۈك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى قۇرئاندىن يىراقلاشتۇرغۇچىلار، بۇنىڭ ھېسابىنى بېرىشتە قىينىلىدۇ. قۇرئاننىڭ چۈشىنىش قېيىن كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر مۇنداق دېگەن بولىدۇ: «ئاللاھ، مەن قۇرئاننى سىلەر ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ ئاسانلاشتۇرۇپ بەردىم دەيدۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ قۇرئاننى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشكە كۈچى يەتمەيدۇ» (نەئۇزى بىللاھ). قۇرئانغا ئىمان ئېيتىش (بۇ ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا)، قۇرئاننىڭ بارلىق ئايەتلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، قۇرئانغا ئىمان ئېيتقانلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

قۇرئاننىڭ سۆزلۈك قۇرۇلمىسىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بولۇپ، مۆجىزىۋى شەكىلدە ئاسانلىققا ئىگە. ئەسلىدە بۇ ھالىڭ ـ تالىڭ قالغۇدەك ئىش ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ بىزنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ قۇرئاننى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن. مانا بۇ قۇرئاننىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىۋى ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرسى بولۇپ، بارلىق تەلىماتلىرىنى ھەم تەڭداشسىز سۆزلۈك قۇرۇلمىسى، ھەم مىسلىسىز ئاسانلىق ئىچىدە كىشىلەرگە تەقدىم قىلىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە مۇشۇنداق بولۇپ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. مۇشۇنداق بىر كىتابنى تۈزۈپ چىقىش ئىنسان ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئاللاھ ئۈچۈن ئوڭايدۇر. بۇ ھەقىقەتنى ئىنساننى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئەمەس، ئاللاھنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئەنە شۇ ۋاقىتتا قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئوڭاي ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

### 3.1. قۇرئاننىڭ جىمى كىشىگە خىتاب قىلغانلىقىغا ئىشىنىش

قۇرئان پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن كىتابتۇر:

**هٰذَا بَيَانٌ لِلنَّاسِ**

«بۇ (قۇرئان) ئىنسانلار ئۈچۈن باياندۇر» (ئالئىمران سۈرىسى، 138 ـ ئايەت).

**اِنْ هُوَ اِلَّا ذِكْرٌ لِلْعَالَمِينَ**

«بۇ (قۇرئان) پۈتكۈل جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر» (ساد سۈرىسى، 87 ـ ئايەت).

بۇ سەۋەبتىن جىمى ئىنسانلار قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلۇشى كېرەك:

**وَاُوحِيَ اِلَيَّ هٰذَا الْقُرْاٰنُ لِاُنْذِرَكُمْ بِهٖ وَمَنْ بَلَغَ**

«بۇ قۇرئان ماڭا ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنى ۋە ئۇ يېتىپ بارغان بارلىق كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم ئۈچۈن ۋەھيي قىلىندى» (ئەنئام سۈرىسى، 19 ـ ئايەت).

ئاللاھقا ھېساب بېرىش مەسئۇلىيىتى بولغان (ئاقىل ـ بالىغ) ھەرقانداق كىشى قۇرئاننى چۈشىنەلەيدۇ. چۈنكى قۇرئان يەتكەن ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن قۇرئاننى چۈشىنىش ھېچكىمنىڭ مونوپوللۇقى ئاستىدا ئەمەس. بۇ يولدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ھەر كىشى قۇرئاننى چۈشىنەلەيدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئىلاھى ئادالەتتىن، ھەتتا قۇرئاننىڭ پۈتۈن

ئىنسانلارغا خىتاب قىلغانلىقىدىن ئىبغىز ئىچىش مۇمكىن ئەمەس. قۇرئاننىڭ ھەر ئىنسانغا خىتاب قىلغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، ئىنسانىيەت دۇنياسىغا مەنسۇپ ھەرقانداق بىر شەخس، ئەقلى ھوشى جايىدا بولغان ۋە بۇ پاراگرافتا بىز تىلغا ئالغان پىرىنسىپلارغا رىئايە قىلسا قۇرئاننى چۈشىنەلەيدۇ.

## 4.1. قۇرئاننىڭ كەمتۈك ئەمەسلىكىگە ئىشىنىش

قۇرئاننىڭ دىنغا مۇناسىۋەتلىك «ھەر نەرسىنى تەپسىلي بايان قىلغانلىقى»نى بىلدۈرگەن يۈسۈف سۈرىسى 111-ئايىتى ۋە «كىتابنى ئىنچىكە چۈشەندۈردۇ» دېگەن يۇنۇس سۈرىسى 37-ئايىتىنى ئىلگىرىكى پاراگرافلاردا كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. مەزمۇن جەھەتتىن بۇلارغا ئوخشاپ قالىدىغان يەنە بىر ئايەت مۇنداق:

وَنَزَّلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ تِبْيَانًا لِكُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً وَبُشْرَى لِلْمُسْلِمِينَ

«ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ كىتابنىمۇ ساڭا ھەر نەرسە ئۈچۈن ئىزاھات، ھىدايەت ۋە رەھمەت بولىقى ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خۇشخەۋەر قىلىپ نازىل قىلدۇق» (نەھل سۈرىسى، 89-ئايەت).

قۇرئاننى چۈشىنىشتىكى ئەڭ مۇھىم شەرتلەردىن بىرسى قۇرئاننىڭ مۇئمىنلەر ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىلمەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىغا ئىشىنىش ۋە قۇرئانغا بۇ نۇقتىئىينەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتۇر. ئەكسىچە بولغاندا، بىز موھتاج بولغان مەلۇماتلارنى قۇرئاندىن ئىزدەيمىز. ئىزدىمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن قۇرئاندىن تاپالمايمىز. قۇرئاننىڭ كەمتۈك ئەمەسلىكىگە ئىمان ئىيتىش، گەرچە بىز ۋاقىپ بولمىساقمۇ بىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىغا ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر. شۇنداق بولغاندا بىز موھتاج بولغان مەلۇماتلارنى ئۇنىڭدىن ئىزدەپ تاپالايمىز.

قۇرئاننىڭ تولۇق ئەمەس ئىكەنلىكىگە (بەزى مەلۇماتلارنىڭ قۇرئاندا ئىنچىكە چۈشەندۈرۈلمىگەنلىكىگە) ئىشىنىش، ئەپسۇسكى مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن مۇسىبەتلەردىن بىرى. بۇ سەۋەبتىن بىزگە لازىم بولغان مەلۇماتلارنى قۇرئاندىن ئىزدىمىگەندەك، كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان ئايەتلەردىكى مەلۇماتلارنىمۇ بايقىيالمايۋاتىمىز. چۈنكى بۇ ھەقتە قۇرئاندا ھېچقانداق مەلۇماتنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈلدۇق. بۇ رىئاللىقنى ناماز مەسىلىسىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بىزلەر ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنىڭ (نامازنىڭ رۇكنىلىرى، ۋاقىتلىرى، بولۇپمۇ

رەكەت سانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنىڭ) قۇرئاندا يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈلگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ ھەقتە قۇرئاندا مەلۇماتلار يوق دەپ قارايتتۇق. ھالبۇكى، بۇ مەلۇماتلار قۇرئاندا بار. بولۇپمۇ ھەممىمىز يادا بىلىدىغان ئايەتلەرنىڭ ئىچىدە بار. لېكىن بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنىڭ قۇرئاندا يوق دەپ قارىغانلىقىمىز ۋە قۇرئاننى چۈشەنمەستىن، تەپەككۇر قىلماستىن ئوقۇغانلىقىمىز ئۈچۈن ئايەتلەردىكى مەلۇماتلارنى بايقىيالمىغاندۇق (بۇ مەسىلە نامازنى مىسال قىلىش ئارقىلىق كېيىنكى پاراگرافتا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلدۇ).

## 5.1. ئەرەبچە بىلىش

قۇرئان ۋەھيىنىڭ تۇنجى خىتاب قىلىنغۇچىلىرى ئەرەب خەلقى بولغانلىقتىن، قۇرئاننىڭ تىلىمۇ تەبىئىي ھالدا ئەرەبچىدۇر.

وَلَوْ جَعَلْنَاهُ قُرْاٰناً اَعْجَمِياً لَقَالُوا لَوْلَا فُصِّلَتْ اٰيَاتُهُ ءَاَعْجَمِيٌّ وَعَرَبِيٌّ

«مۇبادا بىز ئۇنى ئەجەم تىلىدىكى قۇرئان قىلىپ نازىل قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە: ‹نېمىشقا ئۇنىڭ ئايەتلىرى روشەن بايان قىلىنمىدى؟ ئەلچى ئەرەب، كىتاب ئەجەمچىمۇ؟› دەيتتى» (فۇسسىلەت سۈرىسى، 44-ئايەت).

بۇ سەۋەبتىن قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ يەنە بىر شەرتى ئەلۋەتتە ئەرەبچە بىلىشتۇر.

كِتَابٌ فُصِّلَتْ اٰيَاتُهُ قُرْاٰناً عَرَبِياً لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ

«بۇ، بىلىدىغان بىر قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرى چۈشەندۈرۈلگەن ئەرەبچە بىر قۇرئاندۇر» (فۇسسىلەت سۈرىسى، 3-ئايەت).

قۇرئاننى چۈشىنىشتە ئەرەبچە گىراماتىكا قائىدىلىرىنىڭ بىلىنمەسلىكى ئەمەس، بەلكى ناھايىتى پىششىق بىلىدىغان قائىدىلەرگە تەپسىرچىلەرنىڭ رىئايە قىلماسلىق مەسىلىسى كۆرۈلمەكتە. نېمىشقىدۇر ئازراقلا ئەرەبچە ئۆگەنگەنلەرمۇ بىلىدىغان بەزى ئەرەبچە گىراماتىكا قائىدىلىرىگە مەنە تەرجىمە ۋە تەپسىرلەردە رىئايە قىلىنمىغانلىقى كۆرۈلمەكتە. بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشتە تۆۋەندىكى مىسال بىز ئۈچۈن كۇپايە:

وَمَنْ اَضَلُّ مِمَّنْ يَدْعُوا مِنْ دُونِ اللّٰهِ مَنْ لَا يَسْتَجِيبُ لَـهُٓ اِلٰى يَوْمِ الْقِيٰمَةِ وَهُمْ عَنْ دُعَٓائِهِمْ غَافِلُونَ وَاِذَا حُشِرَ النَّاسُ كَانُوا لَهُمْ اَعْدَٓاءً وَكَانُوا بِعِبَادَتِهِمْ كَافِرِينَ

بۇ ئايەتكە ئومۇمەن مۇنداق (خاتا) مەنە بېرىلگەن[1]:

«ئاللاھنى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان شەيئىلەرگە چوقۇنىدىغان كىشىدىنمۇ ئازغۇن كىم بار؟ ئۇلار، بۇلارنىڭ چوقۇنۇشىدىن بىخەۋەردۇر. كىشىلەر توپلانغان چاغدا ئۇلارغا دۈشمەن بولىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ» (ئەھقاف سۈرىسى، 5-6-ئايەتلەر).

يۇقىرىدىكى مەنە تەرجىمىدە ناھايىتى ئېغىر خاتالىق بار[2]. چۈنكى ئەرەبچە گىراماتىكا قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىنمىغان. لېكىن كۆرۈلگەن بۇ خاتالىق زۆرۈر بولغان ئەرەبچە گىراماتىكا قائىدىسىنى بىلمەسلىكتىن ئەمەس، بەلكى بىلىدىغان قائىدىگە رىئايە قىلىنماسلىقتىن كېلىپ چىققان. چۈنكى ئىمام - خاتىپ ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئۆگىتىلىدىغان گىراماتىكا بىلىمىنى مەنە تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. يەنى، ئەرەبچىدە «مەن» كەلىمىسى ئەقىللىق مەۋجۇداتلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ ۋە «كىشى» ياكى «كىشىلەر» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ «مەن ئامەنە - ئىمان ئېيتقان كىشى». «مەن شائە - خالىغان كىشى»، «مەن كەزەبە - يالغانلىغۇچى كىشى» دېگەن ئىبارىدىكىلەرگە ئوخشايدۇ.

«ما» كەلىمىسى بولسا «شەيئى» ياكى «شەيئىلەر» دېگەنلىك بولىدۇ. يەنى، «ما ئۇنزىلە ئىلەيكە - سىلەرگە نازىل قىلىنغان نەرسە، شەيئى»، «ما تابۇدۇن - سىلەر چوقۇنغان شەيئىلەر» ئىبارىلىرىدىكىگە ئوخشايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن يۇقىرىدىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بارلىق «مەن» كەلىمىسىگە «كىم» ياكى «كىمكى» دېگەن مەنە بېرىلىشى كېرەك تۇرۇپ، بىرسىگە «كىم»، يەنە بىرسىگە «شەيئى» مەنىسى بېرىلگەن. نەتىجىدە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئېغىر دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتكەن ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان. ھالبۇكى، گىراماتىكا قائىدىسىگە رىئايە قىلماستىن، 5-ئايەتكە بېرىلگەن خاتا مەنە، 6-ئايەتتە ئۆزىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. يۇقىرىدا مىسال سۈپىتىدە كۆرسەتكەن ئەرەبچە گىراماتىكا قائىدىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرمۇ (ئەقلىنى ئازراق ئىشلەتسە) بۇ ئەھۋالنى بايقايدۇ. لېكىن خاتالىق ئۆز پېتى داۋاملاشقان. يەنى:

ئەھقاف سۈرىسى 5-ئايەتتە «چوقۇنغان نەرسە» دەپ ئىپادىلەنگەن جانسىز بۇتلار، ئەھقاف سۈرىسى 6-ئايەتتە ئىنسانلار تىرىلدۈرۈلۈپ يىغىلغان كۈندە ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە تىرىلدۈرۈلىدۇ ۋە ئۆزىگە چوقۇنغان (دۇئا قىلغان)

(1) دىيانەت ئىشلىرى ئورگىنى، قۇرئان مەنە تەرجىمىلىرى

(2) ئابدۇلئەزىز بايىندىر، «قۇرئان نۇرى ئاستىدا ‹توغرا دەپ قارالغان خاتالىقلار›»، 27-26-بەتلەر

كىشىلەرگە (مۇشرىكلارغا) ئاچچىقلىنىپ، ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ!

بۇ نۇقتىدا مەسىلە يوقمۇ؟ ياغاچ، تاشلاردىن ياسالغان جانسىز بۇتلار نېمە ئۈچۈن ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە تىرىلدۈرۈلىدۇ؟ قۇرئاندا بۇتلارنىڭ تىرىلدۈرۈلۈپ سۆزلىتىدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئايەت بارمۇ؟

ھالبۇكى، گىراماتىكا قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىنغان ھالدا بارلىق «مەن» كەلىمىسىگە «كىشى» ياكى «كىشىلەر» دېگەن مەنە بېرىلگەن بولسا، ئايەتنىڭ مەنىسى (توغرا بولغان مەنە تەرجىمىسى) مۇنداق بولاتتى:

«ئالل‍اھتىن باشقا قىيامەت كۈنىگىچە ئۆزىگە جاۋاب بېرەلمەيدىغان (دۇئاسىغا ئىجابەت قىلالمايدىغان) كىشىلەرنى ياردەمگە چاقىرغۇچىدىنمۇ بەكرەك ئېزىپ كەتكۈچى كىمدۇر؟ ھالبۇكى، بۇلار ئۇلارنىڭ دەۋىتىدىن غاپىلدۇر. كىشىلەر تىرىلدۈرۈلگەن چاغدا بۇلار ئۇلارغا دۈشمەن بولىدۇ ۋە ئۆزلىرىگە ئىبادەت قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ» (ئەھقاف سۈرىسى، 6-5-ئايەتلەر).

دېمەك، ھەم دۇئا قىلغۇچى (چوقۇنغۇچى)، ھەم دۇئا قىلىنغۇچى (چوقۇنۇلغۇچى) ئىنساندۇر. قىيامەت كۈنى بۇلار ئۆزئارا ھېسابلىشىشى مۇمكىن. لېكىن تاش ياكى ياغاچتىن ياسالغان بۇت بىلەن ھېسابلىشىشى مۇمكىن ئەمەس.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، گىراماتىكىلىق قائىدىلەرگە رىئايە قىلىنغان ھالدا بېرىلگەن مەنىدە زىتلىق يوق. دېمەك، ئەرەبچە بىلىش قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن زۆرۈر. ئەمما كۇپايە قىلمايدۇ، بىلىدىغان گىراماتىكىلىق قائىدىلەرنىمۇ ئىشلىتىش كېرەك. بۇ قائىدىلەر قۇرئاننى چۈشىنىشتە قوشۇمچە ئىمكانىيەتلەر يارىتىپ بېرىدۇ.

## 2. قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ شەرتلىرى (ئىچكى شەرتلەر)

### 1.2. قۇرئاننى ھەرقانداق بىر تەرەپلىمە قاراشتىن خالىي ھالدا ئوقۇش

قۇرئاننى بىر تەرەپلىمە قاراشتىن خالىي ھالدا ئوقۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق شەيتانى ۋەسۋەسە ۋە خۇراپاتلىقلاردىن خالىي بولغان ھالدا ئوقۇشقا باشلاش كېرەك.

فَاِذَا قَرَأْتَ الْقُرْاٰنَ فَاسْتَعِذْ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّج۪يمِ

«قۇرئاننى ئوقۇغان ۋاقتىڭدا ئالدى بىلەن قوغلاندى شەيتاندىن ئالالاھقا سىغىنغىن» (نەھل سۈرىسى، 98-ئايەت).

بىز مۇئمىنلەر قۇرئان ئوقۇشقا باشلىغاندا بۇ ئايەتكە رىئايە قىلىپ «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم (قوغلاندى شەيتاندىن ئالالاھقا سىغىندىم)» دەيمىز. لېكىن تىلىمىزدا ئېيتقان بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئاڭقىرىشىمىز ۋە مېڭىمىزنى ئىشغال قىلغان بارلىق ۋەسۋەسە ۋە خۇراپاتلىقلاردىن قۇتۇلۇشىمىز كېرەك. كۈنىمىزدىكى مىسال بىلەن ئىپادىلىسەك، «مېڭىمىزنى فورماتلىشىمىز، ئىچىدىكى ۋىرۇسلاردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئۇنى قايتىدىن قوزغىتىشىمىز كېرەك». ساپ مېڭە بىلەن، بىر تەرەپلىمە قاراشتىن خالىي ھالدا (باشقا بىر كىتابنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالماستىن، ئۆمىي ھالەتتە) قۇرئان ئوقۇشىمىز كېرەك. ئوقۇغان ئايەتنىڭ تەلىماتى بىلەن زېھنىمىزدىكى مەلۇمات ئۆزئارا توقۇنۇشسا، زېھنىمىزدىكى مەلۇماتنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىشىمىز لازىم. ئەكسىچە بولغاندا، قۇرئاننى قانداقمۇ چۈشىنەلەيمىز؟ ھەتتا ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئىمان ئېيتقان بولىمىز؟

## 2.2. قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن ئوقۇش

بىر كىتابنى چۈشىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئالدى بىلەن ئۇنى ئوقۇشتۇر، ئەلۋەتتە.

**اِقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ**

«ئوقۇ! ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن (ئوقۇ!)» (ئەلەق سۈرىسى، 1-ئايەت).

**اَوْ زِدْ عَلَيْهِ وَرَتِّلِ الْقُرْاٰنَ تَرْتِيلاً**

«ياكى ئۇنى بىرئاز جىقايتقىن ۋە قۇرئاننى دانە - دانە ئوقۇغىن» (مۇززەممىل سۈرىسى، 4-ئايەت).

تەرتىل سۆزى «كەلىمىلەرنى ئېغىزدىن توغرا ۋە تولۇق شەكىلدە چىقىرىپ تەلەپپۇز قىلىش، كالامنى لايىقىدا، چىرايلىق ۋە مۇۋاپىق شەكىلدە ئېيتىش»؛ قىرائەت بولسا «تەرتىل جەريانىدا ھەرپلەرنى ۋە كەلىمىلەرنى بىر - بىرىگە قوشۇش، چاپلاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ[1]. بۇ سەۋەبتىن قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن

(1) راغىپ ئەل-ئىسفاھانى، «مۇفرەدات»، 596، 1203-بەت

ئۇنى تەرتىل بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئوقۇش كېرەك.

**وَقُرْآناً فَرَقْنَاهُ لِتَقْرَأَهُ عَلَى النَّاسِ عَلَى مُكْثٍ وَنَزَّلْنَاهُ تَنْزِيلاً**

«بىز قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە ـ دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلدۇق» (ئىسرا سۈرىسى، 106 ـ ئايەت).

### 3.2. قۇرئاننى چۈشەندۈرۈشكە ئەمەس، چۈشىنىشكە ئىنتىلىش كېرەك

قۇرئاننىڭ ئەڭ مۇھىم باياناتىدىن بىرسى ھېسابلىنىدىغان تۆۋەندىكى ئايەتنى قايتىدىن ئوقۇپ ئۆتەيلى:

**الر كِتَابٌ أُحْكِمَتْ آيَاتُهُ ثُمَّ فُصِّلَتْ مِنْ لَدُنْ حَكِيمٍ خَبِيرٍ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا اللَّهَ إِنَّنِي لَكُمْ مِنْهُ نَذِيرٌ وَبَشِيرٌ**

«ئەلىف لام را. بۇ شۇنداق بىر كىتابكى، ئايەتلىرى پۇختا قىلىنغان، ئاندىن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن ئايەتلىرى تەپسىلىي ھالدا بايان قىلىنغان بولۇپ، سىلەرنىڭ ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلماسلىقىڭلار (ئۈچۈن شۇنداق قىلىندى). مەن بولسام سىلەرگە ئۇ (ئاللاھ) تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن» (ھۇد سۈرىسى، 2 ـ 1 ـ ئايەتلەر).

ئالدىنقى پاراگرافلاردا كۆرۈپ ئۆتكەن مەزكۇر ئايەتتىكى بۇيرۇقلار، قۇرئاننى چۈشىنىشتىكى مۇھىم پىرىنسىپلاردىن بىرى، ھەتتا ئەڭ مۇھىم پىرىنسىپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئايەتكە ئاساسەن ھېچقانداق بىر كىشى تەرىپىدىن قۇرئان ئىزاھلانمايدۇ. قۇرئاننى ئاللاھنىڭ ئايەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بەرگەن ئىزاھاتلىرى ئاساسىدا چۈشەنگىلى بولىدۇ. قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ نېگىزلىك پىرىنسىپى مانا بۇ قۇرئانى پىرىنسىپتۇر. يۇقىرىدىكى ئايەتكە مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشايدىغان يەنە بىر ئايەت مۇنداق:

**لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِأُولِي الْأَلْبَابِ مَا كَانَ حَدِيثاً يُفْتَرَى وَلَكِنْ تَصْدِيقَ الَّذِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ كُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ**

«ئۇلارنىڭ قىسسەلىرىدە ھەقىقەتەن ساپ ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەتلەر بار. (بۇ قۇرئان) توقۇپ چىقىلغان سۆز ئەمەس. لېكىن ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنى تەستىقلايدۇ. ئىمان ئېيتقان بىر قوۋم ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى ئىنچىكە بايان قىلغۇچى ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر، رەھمەتتۇر» (يۇسۇف سۈرىسى، 111 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن مەلۇم بولغاندەك، قۇرئان چۈشەندۈرۈشكە موھتاج كىتاب ئەمەس، ئەكسىچە ئۆزى ھەر نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن كىتابتۇر. ھەم (دىنغا مۇناسىۋەتلىك) ھەر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەم ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر نەرسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتە.

## 4.2. سۆزلەرگە قۇرئان بەرگەن مەنىنى بېرىش كېرەك

قۇرئان، كەلىمە ۋە ئاتالغۇلارنى ئۆزى ئىزاھلاپ بەرگەن كىتاب بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئايەتلەردىكى ئاتالغۇلار ئالدى بىلەن قۇرئان بەرگەن مەنىلەر دائىرىسى ئىچىدە چۈشىنىلىشى كېرەك. قۇرئان بىر سۆزگە پەرقلىق ئايەتلەردە پەرقلىق مەنە بېرىش بىلەن بىرگە، بەزى ئەھۋاللاردا لۇغەت مەنىسىنىڭ دەل ئەكسىچە مەنىنى بېرىدۇ. بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن: «جاھىل (ج-ھ-ل) كەلىمىسىنىڭ لۇغەتتىكى ئاساسلىق مەنىسى نەپسىنىڭ ئەقلى بىلىمدىن يوقسۇل بولۇشى»[1] بولۇپ، قۇرئان بۇ كەلىمىگە بەرگەن مەنە تۆۋەندىكى ئايەتتە پەرقلىقتۇر:

**وَاِنْ كَانَ كَبُرَ عَلَيْكَ اِعْرَاضُهُمْ فَاِنِ اسْتَطَعْتَ اَنْ تَبْتَغِيَ نَفَقاً فِي الْاَرْضِ اَوْ سُلَّماً فِي السَّمَٓاءِ فَتَأْتِيَهُمْ بِاٰيَةٍۜ وَلَوْ شَٓاءَ اللّٰهُ لَجَمَعَهُمْ عَلَى الْهُدٰى فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ الْجَاهِلِينَ**

«ئەگەر ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا مۆجىزە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يەرنىڭ ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا يول ئىزدىگىن! (لېكىن بۇنداق قىلالمايسەن) ئاللاھ خالىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھىدايەت ئۈستىدە بىرلەشتۈرەتتى. ئۇنداق سەن ھەرگىزمۇ جاھىللاردىن بولمىغىن» (ئەنئام سۈرىسى، 35-ئايەت).

قۇرئان «جاھىل» كەلىمىسىگە بۇ ئايەتتە بەرگەن مەنە «ئېرىشىش تەبىئىي ھالدا ئىمكانسىز بولغان نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىش ۋە سەۋر قىلىش كېرەك بولغان ئىشلاردا سەۋرچان بولالماسلىق» شەكلىدە بولغان[2].

**قَالَ رَبِّ السِّجْنُ اَحَبُّ اِلَيَّ مِمَّا يَدْعُونَنٖٓي اِلَيْهِۚ وَاِلَّا تَصْرِفْ عَنّٖي كَيْدَهُنَّ اَصْبُ اِلَيْهِنَّ وَاَكُنْ مِنَ الْجَاهِلِينَ**

«(يۇسۇف): ‹رەببىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر.

(1) راغىپ ئەل-ئىسفاھانى، «مۇفرەدات»، 351-بەت
(2) توشىھىكو ئىزۇتسۇ، «قۇرئاندا دىنى ۋە ئەخلاقىي ئۇقۇملار»، 84-بەت

ئەگەر ئۇلارنىڭ ھېيلىسىنى مەندىن دەپئى قىلمىساڭ، ئۇلارغا مايىل بولۇپ، جاھىل (نادان)لاردىن بولۇپ قالىمەن› دېدى» (يۇسۇف سۈرىسى، 33-ئايەت).

قۇرئان جاھىل كەلىمىسىگە بۇ ئايەتتە «بىلمىدىن يوقسۇل بولۇش ئەمەس»، دەل ئەكسىچە «بىلىپ تۇرۇپ گۇناھ ئۆتكۈزۈش، نەپسىنىڭ ئارزۇلىرىغا ئوگاي بېرىلىپ كېتىش ۋە توغرىنى بىلىپ تۇرۇپ خاتالىق سادىر قىلىش» مەنىسىنى بەرگەن[1].

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، قۇرئان «جاھىل» كەلىمىسگە بەرگەن مەنىلەر پەرقلىق، ھەتتا لۇغەت مەنىسىنىڭ دەل ئەكسىچە بولغان. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان مىساللار كۆپ.

### 5.2. ئايەتلەرنى باشقا ئايەتلەر ئاساسىدا چۈشىنىش كېرەك

قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلگەنلىكىنى ئالدىنقى پاراگرافلاردا ھۇد سۈرىسى 1-، 2- ئايەتلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندۇق. مەزكۇر ئايەتكە مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشاپ قالىدىغان يەنە بىر ئايەت تۆۋەندىكىچە:

**وَمَا كَانَ هٰذَا الْقُرْاٰنُ اَنْ يُفْتَرٰى مِنْ دُونِ اللّٰهِ وَلٰكِنْ تَصْد۪يقَ الَّذ۪ي بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْص۪يلَ الْكِتَابِ لَا رَيْبَ ف۪يهِ مِنْ رَبِّ الْعَالَم۪ينَ**

«بۇ قۇرئان ئاللاھتىندۇر، ئۇنىڭدىن باشقىسى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنى تەستىق قىلىدۇ ۋە كىتابنى بايان قىلىدۇ (تەپسىلىي ھالدا چۈشەندۈرىدۇ). ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر. ئۇ، ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر» (يۇنۇس سۈرىسى، 37-ئايەت).

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «كىتابنى چۈشەندۈرىدۇ» ئىپادىسىدىكى كىتابنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇپەسسىرلەر ئۆزئارا مۇنازىرە قىلىشقان ۋە ئۇنىڭ «قۇرئاندىن ئىلگىرىكى ئىلاھى كىتابلار»، «قۇرئان ئىچىدىكى ھۆكۈملەر» ياكى بارلىق ئىلاھى كىتابلارنىڭ ئانا مەنبەسى بولغان «لەۋھۇل مەھپۇز» ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن[2]. يۇسۇف سۈرىسى 111- ئايەتنى يۇنۇس سۈرىسى 37-ئايەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇلغان ۋاقىتتا، قۇرئان چۈشەندۈرگەن بۇ كىتابنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ياكى ئۆزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بارلىق كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى

---

(1) توشىھىكو ئىزۇتسۇ، «قۇرئاندا دىنى ۋە ئەخلاقىي ئۇقۇملار»، 83-بەت

(2) تەبەرى، بەيزاۋى، رازى، قۇرتۇبى، ھامدى يازىرى، يۇنۇس سۈرىسى، 37-ئايەت

ھۆكۈملەر ئىكەنلىكىنى ئىپتىشقا بولىدۇ. لېكىن قۇرئاننىڭ چۈشەندۈرۈلگەن ئەمەس، بەلكى چۈشەندۈرگەن كىتاب ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر. چۈنكى «كىتابنى چۈشەندۈردۇ» دېيىلمەكتە.

بۇ سەۋەبتىن قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن بىرگە تېگىشلىك ۋەزىپە ئاللاھنىڭ ئايەتلەرنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە بەرگەن ئىزاھاتلىرىنى تېپىش، يەنى قايسى ئايەتنى قايسى ئايەت بىلەن چۈشەندۈرگەنلىكىنى تېپىپ چىقىش ۋە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى بىرلەشتۈرۈشتۇر. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى پەقەت ئاللاھ بەرگەن چۈشەندۈرۈشلەر ئاساسىدا توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ.

## 6.2. ئايەتلەرنى كائىنات ئايەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش كېرەك

قۇرئان ئىنساننىڭ، ئۈپۈقلارنىڭ، كېچىنىڭ، كۈندۈزنىڭ، قۇياشنىڭ ۋە ئاينىڭ، يەنى كائىناتتىكى ھەر شەيئىنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ[1]. بارلىق ئايەتلەرنى ياراتقان ۋە بۇ ئايەتلەرنىڭ ئىچىگە يارىتىلىش قانۇنىيەتلىرىنى قويغۇچى ئاللاھتۇر. شۇڭا قۇرئان ئايەتلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن پەقەت كىتابتىكى باشقا ئايەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، كائىنات ئايەتلىرى (بولۇپمۇ ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى ئايەتلەر)گىمۇ نەزەر تاشلاش كېرەك. ئاللاھ ۋەھيىنىڭ دەسلەپكى ئايىتى بىلەن بۇ نۇقتىنى تەكىتلىگەن:

اِقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ خَلَقَ الْاِنْسَانَ مِنْ عَلَقٍ

«ئوقۇ! ياراتقان رەببىڭنىڭ نامى بىلەن (ئوقۇ!). ئۇ، ئىنساننى ئەلەقتىن ياراتقۇچىدۇر» (ئەلەق سۈرىسى، 2-1-ئايەتلەر).

ۋەھيىنىڭ بۇ تۇنجى ئايەتلىرى ئارقىلىق بىئولوگىيەلىك (ئەلەق، تۆرەلمە) شەكىلدە يارىتىلغان ئىنساننىڭ يارىتىلىش قانۇنلىرى ئىما قىلىنغان ۋە ئوقۇشنىڭ بۇ قانۇنىيەتلەر دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەكلىكى بىلدۈرۈلگەن. يەنى، «ئىنساننىڭ يارىتىلىشىنى چۈشەنگەن (تەتقىق قىلغان) ھالدا ئوقۇ!» دېيىلگەن. بۇ ئايەتلەر، قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تېبابەت ۋە ئاسترونومىيە قاتارلىق مۇسبەت ئىلىملەردىن پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بارلىق ئىلىملەر نەتىجىدە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى (قانۇنلىرى)نى تەتقىق قىلىدۇ. قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆز شەكلىدىكى ئايەتلىرى بولۇپ، ئىنسان ۋە كائىناتتىكى ھەر

---

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى، 37، 53-ئايەتلەر

شەيئى ئاللاھنىڭ كەۋنى (يارىتىلغان) ئايەتلىرىدۇر[1].

**سَنُرِيهِمْ اٰيَاتِنَا فِي الْاٰفَاقِ وَفِي اَنْفُسِهِمْ حَتّٰى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ اَنَّهُ الْحَقُّ اَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ اَنَّهُ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ**

«ئۇلارغا بىز تاكى (قۇرئاننىڭ) ھەق (كىتاب) ئىكەنلىكى ئېنىق بولغىچە ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى ئايەتلىرىمىزنى كۆرسىتىمىز. رەببىڭنىڭ ھەر شەيئىگە شاھىت بولۇشى كۇپايە قىلمامدۇ؟» (فۇسسىلەت سۈرىسى، 53-ئايەت).

قۇرئاننىڭ چۈشەندۈرۈلگەن كىتاب ئىكەنلىكى بەزى ئايەتلەردىكى «فۇسسىلەت ئاياتۇھۇ»[2]، «ئەل-كىتابە مۇفەسسەلەن»[3]، «كىتابۇن فۇسسىلەت»[4]، «تەفسىلە كىتاب»[5] ۋە «تەفسىلە كۇللى شەيئىن»[6] ئىبارىلىرى بىلەن بىلدۈرۈلگەن. دېمەك، قۇرئان (دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك) ھەر نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن[7]. بۇ تەپسىلاتنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ ئىچىدە بار. قۇرئاننىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشلىرىنى تېپىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى بىر يەرگە جەملەش كېرەك. قىلىشقا تېگىشلىك ئىش مانا بۇ. لېكىن بەزى ئايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك چۈشەندۈرۈشلەرنى (پەقەت سۆز شەكلىدىكى ئايەتلەردىن ئەمەس) كائىنات ئايەتلىرىدىن تاپالايمىز. بۇ ھەقىقەت بەزى ئايەتلەرنىڭ قۇرئاندا چۈشەندۈرۈلمىگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى بۇ ئايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ھەم قۇرئاندا، ھەم كائىناتتا (ھەم سۆز شەكلىدىكى ئايەتلەردە، ھەم كائىنات ئايەتلىرىدە) بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: ئەئراف سۈرىسى 172-ئايەتتە ئادەم بالىلىرىنى (نەسلىنى) ئۇلارنىڭ پۇشتىدىن چىقىرىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىز بۇ ئايەتتىكى مەلۇماتنى (چۈشەندۈرۈشنى) مۇسبەت تېبابەت بىلىمى سايىسىدە ئىنسان ۋۇجۇدىدا، يەنى كەۋنى ئايەتلەردە كۆرەلەيمىز. ئەمما بۇ ئەھۋال، بۇ مەلۇماتنىڭ قۇرئاندا يوقلىقى (چۈشەندۈرۈلمىگەنلىكى)نى بىلدۈرمەيدۇ، ئەكسىچە قۇرئاندىكى بۇ مەلۇماتنىڭ كائىناتتا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

---

(1) ئىنسان ۋۇجۇدى ھەقىقەتەن جانابى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان مىلياردلارچە ئايەت (مۆجىزە) تىن تەركىب تاپقان. بىر دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇلارغا شاھىت بولىمەن ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە قالىمەن. بىر قانچە قۇرئان ئايىتى ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بۇ ھەقىقەتلەرنى 14 ئەسىر ئىلگىرى بىزگە بىلدۈرگەن. بىلىم يېڭى - يېڭى بايقىغان مەسىلىلەرنى قۇرئان ئايەتلىرىدە كۆرگەن ۋاقىتتا، قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ كالامى ئىكەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم شاھىت بولىمەن.

(2) ھۇد سۈرىسى، 3؛ فۇسسىلەت سۈرىسى، 44-ئايەت

(3) ئەنئام سۈرىسى، 114-ئايەت

(4) فۇسسىلەت سۈرىسى، 3-ئايەت

(5) يۇنۇس سۈرىسى، 37-ئايەت

(6) يۇسۇف سۈرىسى، 111-ئايەت

(7) يۇنۇس سۈرىسى، 37؛ يۇسۇف سۈرىسى، 111-ئايەت

بۇ ئەھۋال قۇرئاننى چۈشىنىش يولىدا لۇغەتكە مۇراجىئەت قىلىشقا ئوخشايدۇ. چۈنكى قۇرئان كەلىمە ۋە ئۇقۇملارغا ئۆزى مەنە بەرگەن كىتابتۇر. ئەسلىدە مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. لېكىن بىزلەر كەلىمە ۋە ئۇقۇملار ئۈچۈن بەزىدە لۇغەتكە مۇراجىئەت قىلىمىز. ھالبۇكى، شەرت ئەمەس بولۇپ، قوشۇمچە ئىمكاندۇر، خالاس. كائىنات ئايەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشمۇ خۇددى بۇنىڭغا ئوخشايدۇ (شەرت ئەمەس، قوشۇمچە بولىدۇ، خالاس).

ئۇنىڭدىن باشقا، قۇرئاننىڭ ئاساسى، يەنى ئانىسى مۇھكەم ئايەتلەر[1] بولۇپ، دىننى ياشاش ئۈچۈن مۇئمىنلەرگە لازىم بولغان ئايەتلەر مانا بۇلاردۇر (ئەھكام ئايەتلىرىدۇر). مۇئمىنلەر ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلگەن بۇ ئايەتلەرنى[2] ھاياتىغا تەتبىقلاش ئارقىلىق دىننى تولۇق ھالدا ياشىيالايدۇ. چۈنكى ئايەتلەر قۇرئان مۇئمىنلەرگە لازىم بولىدىغان ھەر مەلۇماتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە بۇ بىلىملەرنى ئىنچىكە ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن[3]. دىلىدا ئەگرىلىك بولغانلار بولسا چۈشەندۈرۈلگەن (روشەن) بۇ ئەھكام ئايەتلىرىدىن باشقا مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە يېپىشىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ ۋە ئىلىمدە چوڭقۇرلاشقانلارلا (ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر)[4] بىلىدۇ. بۇلارمۇ تەبىئىيكى مۇھىم ئايەتلەر. ئەمما بۇلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىلىمدە چوڭقۇرلىشىش، مۇتەخەسسىسلىشىش كېرەك. بۇلارنىڭ بىر قىسمى كىشىلەرگە ئۆزىدىكى ۋە كائىناتتىكى ئايەتلەر (مۆجىزىلەر)نى كۆرسىتىدىغان ۋە بۇ ئارقىلىق قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئايەتلەردۇر[5]. ئالەمدىكى ھەقىقەتلەر ھەققىدە توختالغان (دىنى ھايات بىلەن مۇناسىۋەتسىز) بۇ ئايەتلەردىكى چۈشەندۈرۈشلەرنى ماددىي ئايەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال مەزكۇر ئايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ قۇرئاندا يوق ئىكەنلىكىنى ئەمەس، ئەكسىچە قۇرئاندىكى بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ كائىناتتىمۇ بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئايەتتە بىلدۈرۈلگەن «قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكى بىزگە روشەن ھالدا ئايان بولىدۇ»[6]. مەسىلەن: بىلىم يېڭى بايقىغان ئىنسان ھەققىدىكى بەزى ھەقىقەتلەر (كەۋنى ئايەتلەر)نى

---

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 7-ئايەت

(2) ھۇد سۈرىسى، 2-1-ئايەتلەر

(3) يۇنۇس سۈرىسى، 37؛ يۇسۇف سۈرىسى، 111-ئايەت

(4) ئالئىمران سۈرىسى، 7-ئايەت

(5) فۇسسىلەت سۈرىسى، 37، 53-ئايەتلەر

(6) فۇسسىلەت سۈرىسى، 53-ئايەت

قۇرئاندىمۇ كۆرگەن ياكى قۇرئاندىكى بۇ مەلۇماتلارنى ئىنسان ۋۇجۇدىدا كۆرگەن بىر دوختۇر، قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ كالامى ئىكەنلىكىگە دەرھال قايىل بولىدۇ. ئالەم بوشلۇقىدىكى ھەقىقەتلەرنى قۇرئاندا كۆرگەن بىر ئاسترولوگمۇ ئوخشاش شەكىلدە بۇ قاراشقا كېلىدۇ. بۇلار مەزكۇر مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ قۇرئاندا چۈشەندۈرۈلمىگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى بۇ مەسىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك قۇرئاندىكى بايانلارنىڭ كائىناتتىمۇ بار ئىكەنلىكىنى، يەنى كائىناتتىكى بۇ ھەقىقەتلەرنى قۇرئاندىمۇ كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق كىشىلەر قۇرئاننىڭ ئاللاھ كالامى ئىكەنلىكىگە ئۆزى شاھىت بولىدۇ.

## 7.2. بىلىش (بىلىملىك بولۇش)

قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. لېكىن ئاللاھ قۇرئاننى ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەزى كىشىلەر ئۈچۈن (چۈشىنىش يولىدا تىرىشقان كىشىلەر ئۈچۈن) چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. قايسى ساھەدە تىرىشىش كېرەكلىكىنىمۇ بىزگە قۇرئان بىلدۈرگەن.

قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرسى بىلىشتۇر. يەنى ئىلىمگە ئىگە بولۇش ياكى بىلىم ئېلىشقا تىرىشىشتۇر.

قَدْ فَصَّلْنَا الْاٰيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ

«بىز، بىلىدىغان قوۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى (مانا مۇشۇنداق) ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈردۇق» (ئەنئام سۈرىسى، 97ـ ئايەت).

وَنُفَصِّلُ الْاٰيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ

«بىز بىلىدىغان قوۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق بايان قىلىپ بېرىمىز» (تەۋبە سۈرىسى، 11ـ ئايەت).

وَكَذٰلِكَ نُصَرِّفُ الْاٰيَاتِ وَلِيَقُولُوا دَرَسْتَ وَلِنُبَيِّنَهُ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ

«ئۇلار: ‹سەن (قۇرئاننى باشقىلاردىن) ئۆگەندىڭ› دېسۇن دەپ بىلىدىغان قوۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مانا مۇشۇنداق ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلىپ بېرىمىز» (ئەنئام سۈرىسى، 105ـ ئايەت).

دېمەك، قۇرئان بىلىدىغان، ئاڭقىرىدىغان بىر قوۋم ياكى كىشى ئۈچۈن ئىزاھلاپ بېرىلگەن. قۇرئاننىڭ تەپسىلىي ھالدا چۈشەندۈرۈلگەن بولۇشى، بىلمەيدىغان (بۇ

ھەقتە تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەن)لار ئۈچۈن ھېچ نەرسىنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار (ئىلىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن جەھد ـ تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەن بولۇپ) بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنى كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ.

## 8.2. ئەقىل يۈرگۈزۈش (ئەقلىنى ئىشلىتىش)

قۇرئان ئايەتلىرىنى ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەقلىنى ئاكتىپ ئىشلىتىدىغانلار ئۈچۈن ئىزاھلاپ بېرىلگەن كىتابتۇر:

كَذٰلِكَ نُفَصِّلُ الْاٰيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ

«ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قوۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مانا مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز» (رۇم سۈرىسى، 28 ـ ئايەت).

قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرسى ئاللاھ بەرگەن ئەقلىنى ئىشلىتىشتۇر. قۇرئان بىزدىن بارلىق ئەقلى ۋە پىكىرى قابىلىيەتلىرىمىزنى ئاكتىپ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەقىل يۈرگۈزىدىغان، ئەقلىنى پائال ئىشلىتىدىغانلار ئۈچۈن قۇرئان ئايەتلىرى تەپسىلىي ھالدا چۈشەندۈرۈلگەن. لېكىن ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغانلار، ئەقلىنى باشقىلارغا تاپشۇرغانلار ئۈچۈن قۇرئان چۈشەندۈرۈلمىگەن. ئۇلار ئايەتلەردىكى چۈشەندۈرۈشلەرنى كۆرمەيدىغان بولۇپ، خۇددى قارىغۇ، گاس ۋە گاچىلارغا ئوخشايدۇ. قۇرئان ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغانلارنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

صُمٌّ بُكْمٌ عُمْيٌ فَهُمْ لَا يَعْقِلُونَ

«ئۇلار گاس، گاچا، كورغا ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەقلىنى ئىشلەتمەيدۇ» (بەقەرە سۈرىسى، 171 ـ ئايەت).

وَيَجْعَلُ الرِّجْسَ عَلَى الَّذِينَ لَا يَعْقِلُونَ

«...(ئاللاھ) ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغانلارنىڭ ئۈستىگە نىجاسەت (ئازاب) ياغدۇرىدۇ» (يۇنۇس سۈرىسى، 100 ـ ئايەت).

ئەقىل، ئاللاھ ئىنسانغا بەخش ئەتكەن ئەڭ چوڭ نېمەتلەردىن بىرسى بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىندۇر. قۇرئان ئايەتلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن سۆز ۋە ماددىي شەكىلدىكى ئايەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. بۇ ئايەتلەردىن بىرسىنىڭ ئاللاھ بەرگەن ئەقىل ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئىنسان ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ

ئەقىل سەۋەبىدىن زىممىسىگە مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن. ئەقلى جايىدا بولمىغانلار جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. چۈنكى ئىنسان پەقەت ئەقلىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق مەسئۇلىيىتىنى ئىدراك قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئەقىل ئىشلىتىش، ئەقىل يۈرگۈزۈش، قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرسىدۇر.

## 9.2. تەدەببۇر، تەپەككۇر، تەزەككۇر، فىقھە قىلىش

تەدەببۇر (ئەتراپلىق چۈشىنىش)، تەپەككۇر (پىكىر يۈرگۈزۈش)، تەزەككۇر (ئويلىنىش)، فىقھە قىلىش (چۈشىنىش)، بارلىق ئەقلىي ۋە زېھنىي قابىلىيەتلىرىنى ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئۆتكۈزۈش دېگەنلىكتۇر. بۇ شەكىلدە تەپەككۇر قىلىش، ئايەتلەرنىڭ ئارقا پىلانى، ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋىتى ۋە ئايەتلەر ئىچىدىكى ئىنچىكە نۇقتىلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، ئايەتنىڭ ھەر ئىنچىكە نۇقتىلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش دېگەنلىكتۇر. قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى (بەلكى ھەممىدىن مۇھىمى) ئايەتلەر ھەققىدە مانا مۇشۇنداق تەپەككۇر قىلىشتۇر. مۆئمىنلەر قۇرئان ئايەتلىرىنى بارلىق ئەقىل ۋە زېھنىي قابىلىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ (تەپەككۇر قىلىپ) چۈشىنىشكە تىرىشىشى كېرەك. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْاٰنَ اَمْ عَلٰى قُلُوبٍ اَقْفَالُهَا

«ئۇلار قۇرئاننى ئەتراپلىق ھالدا چۈشەنمەمدۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە قۇلۇپ سېلىنغانمۇ؟» (مۇھەممەد سۈرىسى، 24-ئايەت).

اَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْاٰنَ

«ئۇلار قۇرئاننى ئەتراپلىق ھالدا چۈشەنمەمدۇ؟» (نىسا سۈرىسى، 82-ئايەت).

كِتَابٌ اَنْزَلْنَاهُ اِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِيَدَّبَّرُوا اٰيَاتِهٖ وَلِيَتَذَكَّرَ اُولُوا الْاَلْبَابِ

«ئەقىل ئىگىلىرى ئايەتلەرنى ئەتراپلىق چۈشەنسۇن ۋە ئايەتلەر ھەققىدە ئويلانسۇن دەپ ساڭا بۇ بەرىكەتلىك كىتابنى نازىل قىلدۇق» (ساد سۈرىسى، 29-ئايەت).

كَذٰلِكَ نُفَصِّلُ الْاٰيَاتِ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ

«بىز تەپەككۇر قىلىدىغان قوۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مانا مۇشۇنداق چۈشەندۈرىمىز» (يۇنۇس سۈرىسى، 24-ئايەت).

أُنْظُرْ كَيْفَ نُصَرِّفُ الْاٰيَاتِ لَعَلَّهُمْ يَفْقَهُونَ

«چۈشەنسۇن (فىقھ قىلسۇن) دەپ ئايەتلىرىمىزنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈرگەنلىكىمىزگە قارىغىن» (ئەنئام سۈرىسى، 65 ـ ئايەت).

قَدْ فَصَّلْنَا الْاٰيَاتِ لِقَوْمٍ يَفْقَهُونَ

«بىز چۈشەنسۇن دەپ ئايەتلىرىمىزنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق» (ئەنئام سۈرىسى، 98 ـ ئايەت).

قَدْ فَصَّلْنَا الْاٰيَاتِ لِقَوْمٍ يَذَّكَّرُونَ

«بىز ئويلىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈردۇق» (ئەنئام سۈرىسى، 126 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەندەك، قۇرئان ئۆزى ھەققىدە تەپەككۇر قىلغۇچىلار ئۈچۈن تەپسىلىي ھالدا چۈشەندۈرۈلگەن كىتابتۇر. تەپەككۇر قىلمايدىغانلار بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنى بايقىيالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان ئەقىلسىزلەر، تەپەككۇر قىلمايدىغانلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بارلىق ئەقلى ۋە زېھنى قابىلىيەتلىرىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈپ تەپەككۇر قىلغۇچىلار ئۈچۈن تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر. قۇرئاننىڭ چۈشەندۈرۈلگەن كىتاب ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلغۇچىلار، ئەقىل ۋە زېھنىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرمىگەن (ئەقىلسىز ۋە تەپەككۇر قىلمايدىغان) كىشىلەردۇر.

قۇرئان، ئايەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمايدىغانلارنىڭ قۇرئاننى چۈشىنەلمەي ـ دىغانلىقىنى، ھەتتا بۇنداق قىلغۇچىلارنىڭ قەلبلىرىنىڭ قۇلۇپلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئايەتلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلمايدىغانلار ئۆز قەلبىگە ئۆز قولى بىلەن قۇلۇپ سالغان بولۇپ، يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنى ھەم تەستىقلايدىغان، ھەم يىغىنچاقلايدىغان ئايەت مۇنداق:

وَتِلْكَ الْاَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِۚ وَمَا يَعْقِلُهَٓا اِلَّا الْعَالِمُونَ

«بىز بۇ مىساللارنى ئىنسانلارغا بايان قىلىپ بېرىۋاتىمىز، (لېكىن) بىلىدىغانلاردىن باشقىلار بۇلارنى ئىدراك قىلالمايدۇ» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 43 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت مىسلىسىز گىراماتىكىلىق ئۇسلۇب بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھ ئايەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك مىساللارنى كىشىلەرگە

كەلتۈرگەن. لېكىن كىشىلەر بۇ مىساللارنى ئىدراك قىلالمايدۇ. بۇ مىساللارنى پەقەت ئالىملار (بىلىدىغانلار)لا ئىدراك قىلالايدۇ.

## 10.2. ئايەتلەر (قۇرئان)گە بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىدە نەزەر سېلىش

قۇرئاننى توغرا چۈشىنىشتە مۇستەقىل ھالدا زۆرۈر بولغان بۇ پرىنسىپنىڭ باشقا پرىنسىپلار بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋىتى بار. چۈنكى قۇرئاننى توغرا چۈشىنىشتە سەل قارالغان ئەڭ مۇھىم نۇقتىلاردىن بىرسى بۇ پرىنسىپنىڭ نەزەردىن ساقىت قىلىنغانلىقىدۇر.

بۇ سەۋەبتىن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى نەزەردە تۇتۇلۇشى ـ ئەگەر مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە بىردىن ئارتۇق ئايەت بولسا ـ ، بىر ئايەتكە قاراپلا ھۆكۈم چىقىرىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى تاھا سۈرىسى 114 ـ ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

فَتَعَالَى اللّٰهُ الْمَلِكُ الْحَقُّۚ وَلَا تَعْجَلْ بِالْقُرْاٰنِ مِنْ قَبْلِ اَنْ يُقْضٰٓى اِلَيْكَ وَحْيُهُ وَقُلْ رَبِّ زِدْنِي عِلْماً

«ھەقىقىي ھۆكۈمدار بولغان ئاللاھ ئۇلۇغدۇر. قۇرئان ساڭا تولۇق ۋەھيى قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئوقۇشقا (ھۆكۈم بېرىشكە) ئالدىراپ كەتمە. پەقەت ‹رەببىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن› دېگىن».

بۇ ئايەتنىڭ بېشىدىكى «ھەقىقىي ھۆكۈمدار ئاللاھتۇر» دەپ تەكىتلىنىشى ۋە ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى «رەببىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن» جۈملىسىدىن، بىر مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى نازىل بولماستىن (ئوقۇلماستىن) ھۆكۈم بېرىشكە ئالدىرىماسلىق كېرەكلىكى مەلۇم بولماقتا. يەنى، مەلۇم مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا توغرا ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن قۇرئانغا بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە قاراش لازىم، بىر قىسمىغىلا ئېسىلىۋېلىشتىن يىراق تۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەم مەسىلە ھەققىدىكى بارلىق ئايەتلەر نەزەردە تۇتۇلۇشى، ھەم ھەر ئايەتنىڭ ئالدى ـ ئارقىسى نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك. ئەمدى بۇ پرىنسىپنىڭ قانداق تەتبىقلىنىدىغانلىقىنى بەزى مىساللار بىلەن كۆرۈپ ئۆتەيلى:

كىتابنىڭ ئىككىنچى بابىدا «نەپسى ـ خاھىشى بىلەن سۆزلىگەن كىم؟» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن «ئۇ نەپسى ـ خاھىشى بىلەن

سۆزلىمەيدۇ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ۋەھيىدۇر»[1] دېگەن ئايەت ۋە «نەبى ـ رەسۇلنىڭ شەرىئەت بەلگىلەش هوقۇقى يوق» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا زىكىر قىلىپ ئۆتكەن «رەسۇل سىلەرگە نېمىنى بەرسە ئۇنى ئېلىڭلار، سىلەرگە نېمىنى هارام قىلسا ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇڭلار»[2] ئايىتى ھەققىدە بېرىپ ئۆتكەن چۈشەندۈرۈشلىرىمىز؛ نىسا سۈرىسى 65، 105؛ مائىدە سۈرىسى 43، 44 ۋە ئەنئام سۈرىسى 114 ـ ئايەتلەر بىلەن بىرلىكتە كۆرۈپ ئۆتكەن «رەسۇلنىڭ هاكىم (قازى) بولۇشى»، بۇ مەسىلە ھەققىدە بېرىلگەن ئۈچ مۇھىم مىسالدۇر. لېكىن تۆتىنچى مىسالنى (ئىسرا سۈرىسى 79 ـ ئايەتنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىدىكى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نەزەردە تۇتۇلغان هالدا) بۇ پاراگرافتا كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمىز.

وَمِنَ الَّيْلِ فَتَهَجَّدْ بِهِ نَافِلَةً لَكَۗ عَسٰى اَنْ يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَاماً مَحْمُوداً

«كېچىنىڭ بىر قىسمىدا پەقەت ساڭىلا خاس بولغان بىر نەپلە ئىبادەت سۈپىتىدە ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغىن. مۇشۇنداق قىلساڭ رەببىڭ چوقۇم سېنى ماقامى مەھمۇدقا (شاپائەت ـ ياردەم قىلغۇچى مەرتىۋىگە) يەتكۈزىدۇ»[3] (ئىسرا سۈرىسى، 79 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ماقامى مەھمۇد» ئىپادىسى ئادەتتە شاپائەت مەرتىۋىسى دەپ چۈشىنىلگەن ۋە تەپسىرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش شەكىلدە مەنە بېرىلگەن. لېكىن بۇ ئايەتنى ئالدى ۋە ئارقىسىدىكى ئايەتلەر بىلەن قوشۇپ بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئالدىمىزغا (ئوخشاش تەپسىردە) مۇنداق بىر پارچە چىقىدۇ (بۇ ئايەتلەر گۇرۇپپىسىنى بىر پۈتۈن هالدا ئوقۇپ، ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان مەسىلىنى نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە تىرىشىپ باقايلى):

«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سېنى بىز ساڭا ۋەھيى قىلغان قۇرئانغا خىلاپلىق قىلدۇرۇپ، بىزگە قۇرئاندىن غەيرىنى ئىپتىرا قىلدۇرۇشقا تاس قالدى، شۇنداق قىلغىنىڭدا ئەلۋەتتە ئۇلار سېنى دوست قىلىۋالاتتى. سېنى بىز مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق، ئۇلارغا مايىل بولۇپ كەتكىلى ھەقىقەتەن تاس قالغان ئىدىڭ. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ساڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەسسىلەپ ئازاب بەرگەن بولاتتۇق، ئاندىن سەن بىزگە قارشى ياردەم بېرىدىغان ھېچ ئادەم

---

(1) نەجم سۈرىسى، 3 ـ 2 ـ ئايەتلەر
(2) ھەشر سۈرىسى، 7 ـ ئايەت
(3) هامدى يازىر، «ھەق دىن قۇرئان تىلى»، ئىسرا سۈرىسى، 79 ـ ئايەت

تاپالمايتتىڭ. سېنى يۇرتۇڭدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ يەردىن سېنى خاتىرجەم تۇرغۇزماسلىققا تاس قالدى. ئەگەر شۇنداق بولغاندا، سەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ. (بۇ) سەندىن ئىلگىرى بىز ئەۋەتكەن رەسۇللارغا تۇتقان يولىمىزدۇر، سۈننىتىمىزدە (تۇتقان يولىمىزدا) ئۆزگىرىش تاپالمايسەن. (ئى مۇھەممەد!) كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقا قەدەر (بەلگىلىك ۋاقىتلاردا) ناماز ئوقۇغىن. بامدات نامىزىنىمۇ ئوقۇغىن، چۈنكى بامدات نامىزىدا كۈندۈزنىڭ ۋە كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى چوقۇم ھازىر بولىدۇ. ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ قۇرئان بىلەن ناماز ئوقۇغىن. رەببىڭنىڭ سېنى مەدھىيەلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت دەرىجىسىگە) تۇرغۇزۇشى ھەقىقەتتۇر. (ئى مۇھەممەد!) ‹رەببىم! مېنى تەقدىر قىلغان يەرگە خاتىرجەملىك ئىچىدە ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، چىقىدىغان يەردىنمۇ راستچىللىق ۋە سالامەت بىلەن چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن› دېگىن»[1] (ئىسرا سۈرىسى، 80 ـ 73 ـ ئايەتلەر).

بۇ بۆلەكتە (نەبىگە خىتاب قىلىپ) تىلغا ئېلىنغان نۇقتىلارنى ماددىلارغا ئايرىپ بىرلىكتە ئوقۇپ چىقايلى:

(ئى مۇھەممەد!)، مۇشرىكلارنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن سەنمۇ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ ۋەھيىگە يالغان قوشۇپ قويغىلى تاس قالدىڭ.

ئەگەر مۇشۇنداق قىلغان بولساڭ، مۇشرىكلار سېنى ئۆزىگە دوست قىلىۋالاتتى. لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولاتتىڭ. ئاللاھ سېنى مۇستەھكەم قىلمىغان بولسا ئىدى، بۇ خاتالىقنى سادىر قىلاتتىڭ. ئۇ ۋاقىتتا دۇنيادا ئۆلۈم، ئاخىرەتتە قاتمۇ قات ئازابقا دۇچار بولاتتىڭ.

1) لېكىن شۇنى بىلگىنكى، مۇشرىكلار جىم تۇرمايدۇ. ساڭا بولغان بېسىمنى كۈچەيتىدۇ ۋە يېقىندا سېنى يۇرتۇڭ (مەككە)دىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ. بۇ نەبىلەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان سۈننەتتۇر. سەن بۇنى ئۆزگەرتەلمەيسەن.

2) ئەمما سېنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، مۇشرىكلارمۇ مەككىدە ئۇزۇن مەزگىل تۇرالمايدۇ (يەنى مەككە فەتىھ قىلىنىدۇ).

سەن بىر كۈن ئىچىدىكى بەلگىلىك ۋاقىتلاردا نامازنى ئادا قىل. كېچە نامىزىنىمۇ ئادا قىل. بۇ ئارقىلىق رەببىڭ سېنى «ماقامى مەھمۇد»قا يەتكۈزىدۇ.

---

(1) ھامدى يازىر، «ھەق دىن قۇرئان تىلى»، ئىسرا سۈرىسى، 80 ـ 73 ـ ئايەتلەر

3) مۇنداق دۇئا قىل: «رەببىم! مېنى تەقدىر قىلغان يېرىڭگە خاتىرجەملىك ۋە ھوزۇر ئىچىدە كىرگۈزگىن، چىقىدىغان يېرىمدىنمۇ راستچىللىق ۋە سالامەتلىك ئىچىدە چىقارغىن. ماڭا دەرگاھىڭدىن ياردەم قىلىدىغان كۈچ بەرگىن».

4) يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەنىدەك، بۇ ئايەتلەر گۇرۇپپىسىدا نەبىنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ھارپىسىدىكى ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ھىجرەتتىن كېيىنكى كېلەچەك بايان قىلىنماقتا. ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ماقامى مەھمۇد» ئىپادىسى «مەدھىيەلەنگەن، ماختاشقا سازاۋەر بولغان ماكان»[1] دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەدىنە قۇرئاندا ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان، لېكىن ھىجرەت قىلغۇچىلار جايلىشىدىغان جاي سۈپىتىدە ماختاشقا سازاۋەر بولغان ماكاندۇر. يەنى:

وَالَّذِينَ هَاجَرُوا فِي اللهِ مِنْ بَعْدِ مَا ظُلِمُوا لَنُبَوِّئَنَّهُمْ فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَلَاَجْرُ الْاٰخِرَةِ اَكْبَرُ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ

«زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى بۇ دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز. ئۇلار بىلىدىغان بولسا ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭدۇر» (نەھل سۈرىسى، 41-ئايەت).

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر، زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغۇچىلاردۇر. بۇلارنىڭ ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە يەرلەشكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. بۇ سەۋەبتىن بۇ ئايەتتىكى «ياخشى جاي» ئىبارىسى بىلەن مەدىنە نەزەردە تۇتۇلغان بولسا كېرەك. دېمەك، مەدىنە قۇرئاندا «ماختالغان ماكان»دۇر.

بۇ سەۋەبتىن 79-ئايەتتىكى «ماقامى مەھمۇد» ئىپادىسى ئارقىلىق مەدىنە نەزەردە تۇتۇلغانمىدۇ؟ ئەمدى بۇ مەلۇماتلار ئاساسىدا بۇ ئايەتلەرنى قايتا ئوقۇپ چىقايلى:

«(ئى مۇھەممەد!) مۇشرىكلار سېنى بىز ساڭا قىلغان ۋەھيىدىن باشقا بىر نەرسىنى توقۇپ چىقىپ، بىزگە ئىپتىرا قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئازدۇرغىلى تاس قالدى. ئەنە شۇنداق قىلساڭ ئۇلار سېنى ئۆزلىرىگە دوست قىلىۋالاتتى. ئەگەر بىز سېنى مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق، ھەقىقەتەن ئۇلارغا ئازراق بولسىمۇ مايىل بولاتتىڭ. ئۇ چاغدا ھەقىقەتەن ساڭا ھاياتنىڭ ۋە ئۆلۈمنىڭ ئازابىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتەتتۇق. ئاندىن بىزگە قارشى ئۆزۈڭگە ھېچقانداق دوست تاپالمايتتىڭ.

---

(1) «ماقام» كەلىمىسى، بەقەرە سۈرىسى 125-ئايەتتىكى «ماقامى ئىبراھىمنى ناماز يېرى قىلىڭلار» جۈملىسىدىكىگە ئوخشاش بىر قانچە ئايەتتە جاي، ماكان مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن (بەقەرە سۈرىسى، 125؛ ئالئىمران سۈرىسى، 97؛ دۇخان سۈرىسى، 26، 51-ئايەتكە قاراڭ).

(ئى مۇھەممەد!) يېقىندا سېنى يۇرتۇڭ (مەككە)دىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن سېنى بىئارام قىلىدۇ (ۋە سېنى يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ). ئەمما سەندىن كېيىن ئۇلارمۇ ئۇ جايدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرالمايدۇ (مەككە فەتىھ قىلىنىدۇ). بۇ سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن رەسۇللارغا تۇتقان سۈننىتىمىزدۇر (قانۇندۇر). بىزنىڭ سۈننىتىمىزدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن. (ئۇنداقتا سەن ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلىش ئۈچۈن) كۈندۈز كۈن قايرىلغاندىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە (بەلگىلىك ۋاقىتلاردا) نامازنى ئادا قىلغىن. ئۇنىڭدىن باشقا فەجرنىڭ قاراڭغۇلىقىدا (بامدات) نامىزىنى ئادا قىلغىن. چۈنكى فەجرنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى كۆز بىلەن روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ساڭا خاس نەپلە ئىبادەت بولغان تەھەججۇدنى ئادا قىلغىن. (مۇشۇنداق قىلساڭ) رەببىڭ سېنى مەدھىيەگە لايىق ماكانغا (ياخشى جايغا، مەدىنىگە) يەتكۈزىدۇ ۋە دۇئا قىلىپ: ‹رەببىم! كىرىدىغان يېرىم (مەدىنە)گە راستچىللىق بىلەن كىرگۈزگىن، چىقىدىغان يەردىنمۇ (مەككىدىن) راستچىللىق ۋە سالامەت بىلەن چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن› دېگىن».

مەزكۇر ئايەتلەرگە يۇقىرىدىكى مەنىلەرنى بەرگەندە:

1. مەزكۇر ئايەتلەرنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئوقۇش كېرەك.

2. مەزكۇر ئايەتلەر گۇرۇپپىسىدا تىلغا ئېلىنغان بەزى ئىپادىلەرنى باشقا ئايەتلەر ئاساسىدا چۈشىنىش كېرەك.

بىز يۇقىرىدا قۇرئانغا بىر پۈتۈن ھالەتتە نەزەر سېلىشتىن باشقا ئۇسۇلۇبنى قوللانمىدۇق. بىز «ماقامى مەھمۇد» ئىپادىسىگە يېڭى مەنە بەرمىدۇق. بۇ ئىپادىنىڭ «ماختالغان ماكان، جاي» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقى تەپسىرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بايان قىلىنغان[1]. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن بۇنىڭ رەسۇلۇللاھقا بېرىلىدىغان «شاپائەت ماقامى» ئىكەنلىكى شەكلىدە ئىپادىلەنگەن.

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ماقامى مەھمۇد» ئىپادىسىگە ئاساسەن رەسۇلۇللاھنىڭ ماختالغان بىر ماقامغا يەتكۈزىدىغانلىقى ياكى يەتكۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىشقا بولىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى قۇرئان ھەر نەبى - رەسۇلنى مەدھىيەلەيدۇ[2]. بۇ ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈنمۇ شۇنداق[3]. لېكىن بىز پەقەت بۇ ئايەتنىكى «ماقامى مەھمۇد»

(1) تەبەرى، بەيزاۋى، رازى، ئىسرا سۈرىسى 79 ـ ئايەت

(2) ئەنئام سۈرىسى، 89 ـ 81؛ مەريەم سۈرىسى، 51، 54؛ شۇئەرا سۈرىسى، 107، 125، 143، 162 ـ ئايەتلەر

(3) ئەنبىيا سۈرىسى، 107؛ قەلەم سۈرىسى، 4 ـ ئايەت

ئىپادىسىگە تايىنىپ، بۇنىڭ شاپائەت ماقامى ئىكەنلىكىنى ئىپتىشنىڭ قۇرئانغا ئاساسەن ئەمەس، بەلكى رىۋايەتلەرگە تايانغان ھالدا ئىلگىرى سۈرۈلگەنلىكىنى، پۈت تىرەپ تۇرغىدەك دەلىلگە تايانمىغانلىقىنى، ئايەتنىڭ ئالدى ـ ئارقىسى نەزەرگە ئېلىنغاندا بۇنىڭ پەرقلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تىرىشتۇق. بۇ مەقسەتتە ھەم مەزكۇر ئايەتنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ چىقتۇق، ھەم باشقا ئايەتلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىدۇق. بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئايەت مۇنداق:

لَيْسُوا سَوَٓاءًۜ مِنْ اَهْلِ الْكِتَابِ اُمَّةٌ قَٓائِمَةٌ يَتْلُونَ اٰيَاتِ اللّٰهِ اٰنَٓاءَ الَّيْلِ وَهُمْ يَسْجُدُونَ

«ئۇلار (ئەھلى كىتاب)نىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس. ئەھلى كىتابتىن شۇنداق كىشىلەر باركى، كېچىلىرى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ سەجدە قىلىدۇ» (ئالئىمران سۈرىسى، 113 ـ ئايەت).

«ماقامى مەھمۇد»نى شاپائەت ماقامى دېگۈچىلەر، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ دەرىجىگە كېچە نامازلىرى ۋەجىدىن يەتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئىپتىشىدۇ. لېكىن يۇقىرىدىكى ئايەتتە كېچە نامىزىنىڭ پەقەت رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى بىر جامائەت تەرىپىدىنمۇ ئادا قىلىنغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە. كۈنىمىزدە نۇرغۇن مۇئمىن كېچە (تەھەججۇد) نامىزى ئوقۇيدۇ. دېمەك، كېچە نامىزى ئوقۇش شاپائەت دەرىجىسىگە يېتىشتىكى بىر سەۋەب بولالمايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، بۇ نامازنى ئادا قىلغان ھەرقانداق كىشىنى شاپائەت قىلىش دەرىجىسىگە يېتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتقان يەنە بىر ئايەت مۇنداق:

يَٓا اَيُّهَا الَّذ۪ينَ اٰمَنُوا اسْتَع۪ينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلٰوةِۜ اِنَّ اللّٰهَ مَعَ الصَّابِر۪ينَ

«ئى مۇئمىنلەر! سەۋر قىلىش ۋە نامازنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھتىن ياردەم تىلەڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر» (بەقەرە سۈرىسى، 153 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت ئېغىر كۈنلەردە سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھتىن ياردەم سوراشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ئايەت ئارقىلىق كۈرەش قىلىش غەيرىتىمىز ۋە ئىرادىمىزنىڭ پەقەت ناماز ۋە سەۋر ئارقىلىق كۈچىيىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. بۇ سەۋەبتىن يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ئىسرا سۈرىسى 80 ـ 73 ـ ئايەتلەردە قىسقىچە قىلىپ مۇنداق دېيىلگەن:

ئى مۇھەممەد! ئېغىر كۆڭۈللەرنى يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن، ھەرگىزمۇ مۇشرىكلارنىڭ تەۋسىيەلىرىگە بويۇن ئەگمە، ئۇلار سېنى يېقىندا مەككىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ بارلىق رەسۇللار دۇچ كەلگەن ئەھۋالدۇر. سەن بۇنى ئۆزگەرتەلمەيسەن. ئەمما سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئىرادەڭنى كۈچەيتسەڭ ۋە مەسئۇلىيىتىڭنى ئادا قىلساڭ، بىزمۇ سېنى ياخشى جاي (مەدىنە)غا يەرلەشتۈرىمىز ۋە ئاندىن غەلىبە ئاتا قىلىمىز (مەككىنى پەتھ قىلىسەن). بۇ سەۋەبتىن سەن نامازلىرىڭدا مەككىدىن ساق ـ سالامەت چىقىشنى ۋە مەدىنىگە ساق ـ سالامەت ھالدا يېتىپ بېرىشنى ئاللاھتىن تىلىگىن.

قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى يىغىنچاقلىساق، قۇرئاننىڭ بىر قىسمىغا ئەمەس، بەلكى ھەممىسىگە تولۇق ئىمان ئېيتىش؛ بارلىق ئايەتلەرگە ھەقىقىي مەنىدە ئىمان ئېيتىش، قۇرئاننى چۈشىنىشنىڭ ئاسان ئىكەنلىكىگە ۋە بىزگە خىتاب قىلىنغانلىقىغا ئىشىنىش، قۇرئاننىڭ كەمتۈك ئەمەسلىكىگە ۋە بىزگە لازىم بولغان بارلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىغا ئىشىنىش، ئەرەبچە بىلىش ۋە ھەممىگە مەلۇم ئەرەبچە گىرامماتىكىلىق قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش، بارلىق بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە شەيتانى ۋەسۋەسىلەردىن خالىي بولغان ھالدا قۇرئان ئوقۇشقا باشلاش، قۇرئاننى دانە ـ دانە ئوقۇش، چۈشىنىش ئۈچۈن ئوقۇش، قۇرئان ئۇقۇملىرىنى لۇغەتتىن زىيادە قۇرئان ئۆزى بەرگەن مەنە بىلەن چۈشىنىش، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلگەنلىكىنى ئىدراك قىلغان ھالدا ئايەتلەرنى كىتابى ۋە كائىنات ئايەتلىرى ئاساسىدا چۈشىنىش، ئىلىم ئىگىسى بولۇش، ئىلىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىش، بارلىق ئەقلى ۋە زېھنى قابىلىيەتلىرىمىزنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قۇرئانغا مەركەزلىشىش، ئايەتلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن تەپەككۇر قىلىش ۋە قۇرئانغا بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە نەزەر سېلىش كېرەك.

قۇرئان بۇ شەكىلدە ئوقۇلغاندا چۈشەنگىلى بولمايدۇ دەيدىغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس. ئاللاھ قۇرئاننى چۈشەنسۇن ۋە ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ ئەۋەتكەنىدى. قۇرئاننىڭ روشەن ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشىنى كىشىنىڭ رىزىق ئىزدىشىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. رىزىقنى بەرگۈچى ئاللاھتۇر، لېكىن كىشىلەر رىزىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا ئاللاھ ياراتقان بۇ رىزىقلارنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. قۇرئاندىن مەنپەئەتلىنىشمۇ خۇددى بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. كىمكى كۆپ ئەجىر سىڭدۈرسە ئۇنىڭدىن شۇنچە كۆپ

مەنپەئەتلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭدىن ئۆزىگە لايىق شەكىلدە مەنپەئەتلىنىدۇ. مەسىلەن: بارلىق ماتېماتىكىلىق ھېسابلار 0 بىلەن 9 ئارىسىدىكى جەمئىي 10 دانە رەقەمدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇ رەقەملەر بىلەن پەقەت بىر خانىلىق ئاددىي ھېسابلارنى قىلالايدۇ. ئىرىشقان ۋە بۇ ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان بەزى كىشىلەر بولسا بۇ رەقەملەردىن پايدىلىنىپ مىليونلۇق، مىلياردلىق، ترىليونلۇق ... مۇرەككەپ ھېسابلارنى قىلالايدۇ[1]. ھالبۇكى، ھەممە كىشى ئوخشاش رەقەملەردىن پايدىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جەمئىي بۇ 10 دانە رەقەم بولۇپ، كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىق ۋە ئەجىرگە ماس ھالدا نەتىجىمۇ ئۆزگىرىدۇ. نەتىجىدە ھەر ئىنسان پەقەت ۋە پەقەت تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىگە ئېرىشىدىغان[2] بولۇپ، بۇ ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىدۇر (سۈننەتۇللاھتۇر). ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا غەيرەت قىلغانلارغا يولنى ئېچىپ، ئىشلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[3].

يۇقىرىدىكىلەرگە ئاساسەن دېيىشكە بولىدۇكى، بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، قۇرئاننى چۈشەندۈرۈشكە ئىنتىلىش ئەمەس، بەلكى چۈشىنىشكە تىرىشىشتۇر. ئايەتلەرنى ئايەتلەر ئاساسىدا ئىزاھلاش، قۇرئاننى چۈشىنىشكە تىرىشقانلىقتۇر. ئەمما ئايەتلەرنى ئايەتلەرگە قارىماستىن شەرھلەش (ئاللاھنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى يېتەرلىك دەپ قارىماسلىق) قۇرئاننى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقتۇر. قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش بىلەن چۈشىنىشكە تىرىشىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تۆۋەندىكى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتەيلى:

مۇپەسسىرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى «شېرىك ھەقىقەتەن بۈيۈك زۇلۇمدۇر»[4] ئايىتىگە ئاساسەن، «ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىمانلىرىغا زۇلۇمنى يۇقتۇرمىغانلار، ئەنە شۇلار قايغۇدىن خالىي بولغۇچىلار ۋە ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر»[5] ئايىتىدىكى «زۇلۇم» كەلىمىسىنى «شېرىك كەلتۈرۈش» دەپ چۈشەنگەن[6]. مانا بۇ ئايەتنى ئايەت بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگەن (ئىككى ئايەتنى بىرلەشتۈرگەن) مىتود بولۇپ، بۇ قۇرئاننى چۈشىنىشكە تىرىشىشتۇر. بۇ قايسى ئايەتنىڭ قايسى ئايەت

(1) ئابدۇلئەزىز بايىندىر، «قۇرئان نۇرى ئاستىدا توغرا بىلىنگەن خاتالار»، 311 ـ 312 ـ بەتلەر

(2) نەجم سۈرىسى، 39 ـ 41 ـ ئايەتلەر

(3) ئەنكەبۇت سۈرىسى، 69 ـ ئايەت

(4) لۇقمان سۈرىسى، 13 ـ ئايەت

(5) ئەنئام سۈرىسى، 82 ـ ئايەت

(6) رازى، قۇرتۇبى، بەيزاۋى، بايراقلى، ئەنئام سۈرىسى، 82 ـ ئايەت. مەھمۇد ئۇستائوسمانئوغلى، «قۇرئانى مەجىد ۋە تەپسىرلى مەئالى ئالىسى»، 27/72، (ئىستانبۇل، 2007)

بىلەن چۈشەندۈرۈلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا تىرىشقانلىقتۇر. يەنى، قۇرئاننى چۈشىنىشكە تىرىشىشتۇر.

لېكىن قۇرئاننى چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بەزى تەپسىرلەر (قاراشلار) بار. مەسىلەن مۇشۇنداق بىر تەپسىردە «غەيبنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئۇ غەيبنى ئۆزى رازى بولغان رەسۇلدىن باشقا ھېچكىمگە بىلدۈرمەيدۇ»[1] مەنىسىدىكى ئايەتنىڭ ئېنىق ھۆكمىگە قارىماستىن، پەقەت رەسۇللارغىلا ئەمەس ۋەلىلەرگىمۇ بەزى غەيبلەرنى بىلدۈرگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن؛ ... بۇ ئايەتنىڭ لەۋزىگە قاراپ غەيبلەرنىڭ پەقەت رەسۇللارغا بىلدۈرۈلگەنلىكى ھۆكمى چىقىرىلغان بولسا، پەرىشتىلەرگىمۇ نەبىلەرگىمۇ ھېچقانداق غەيبنى بىلدۈرمىگەنلىكىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. شۇڭا «ئاللاھۇ تائالانىڭ پۈتۈن غەيبلىرىنى رەسۇللىرىغا بىلدۈرگەنلىكى» ھۆكمىنى چىقارغىلى بولمىغاندەك، «رەسۇل بولمىغان پەرىشتە، نەبى، ۋەلىگە ھېچقانداق غەيبنى بىلدۈرمەيدىغانلىقى» ھۆكمىنىمۇ چىقارغىلى بولمايدۇ[2].... مانا بۇ پوزىتسىيە ئايەتنى، ئاللاھ قىلغان ئىزاھاتلار (ئايەتلەر) بىلەن چۈشىنىش ئەمەس، (ئۆز مەيلىچە) چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتۇر. يەنە مەزكۇر تەپسىردە «...ۋە ئەمرلەرنى ئادا قىلغۇچىلار (بىلەن قەسەمكى)»[3] مەنىسىدىكى ئايەتتىن (ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ)، «ۋاپات بولغان ۋەلىلەرنىڭ روھلىرىنىڭمۇ تەسەررۇپ ساھىبى ئىكەنلىكى» ھۆكمى چىقىرىلغان ۋە «بۇ سەۋەبتىن ئىشلىرىڭلاردا گاڭگىراپ قالغان ۋاقىتتا قەبرە ئەھلىدىن ياردەم تىلەڭلار» دېيىلگەن[4] دەپ، (ئاللاھتىن ئەمەس بەلكى) ئۆلۈكلەر (قەبرە ئەھلى)دىن ياردەم تىلەش تەۋسىيە قىلىنغان.

مانا بۇ، ئايەتلەرنى ئايەتلەر بىلەن چۈشىنىشكە تىرىشىش ئەمەس، ئەكسىچە ئايەتلەرگە قارىماستىن ئۇنى شەرھلەشكە؛ ئاللاھنىڭ چۈشەندۈرۈشنى يېتەرلىك دەپ قارىماي، ئۇنىڭغا ئىلاۋە چۈشەندۈرۈشلەرنى قىلىش؛ ئايەتلەرنى ئاللاھنىڭ چۈشەندۈرۈشى ئاساسىدا چۈشىنىشكە تىرىشماي، ئەكسىچە باشقىلارنىڭ سۆزلىرى ئاساسىدا چۈشەندۈرۈش؛ ئاللاھ بەرگەن ئىنچىكە چۈشەندۈرۈشلەرگە قوشۇمچە قىلىشتۇر. بۇنداق بولغاندا ئايەتلەر ھەققىدە ھەر خىل چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇقەررەر. مەسىلەن: «بېشىغا كۆن چۈشكەن كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان، ئۇنى (قىيىنچىلىقتىن) قۇتقۇزغۇچى كىمدۇر؟ ئاللاھتىن

(1) جىن سۈرىسى، 27ـ 26ـ ئايەتلەر

(2) مەھمۇد ئۈستائوسمانئوغلى، ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئەسەر، جىن سۈرىسى، 27ـ ئايەت، (ئىستانبۇل، 2007)

(3) نازىئات سۈرىسى، 5ـ ئايەت

(4) مەھمۇد ئۈستائوسمانئوغلى، ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئەسەر، نازىئات سۈرىسى، 5ـ ئايەت، (ئىستانبۇل، 2007)

باشقا بىر ئىلاھ بارمۇ؟»[1] مەنىسىدىكى ۋە مەركىزى ئىدىيىسى «ئىبىياكە نەئبۇدۇ ۋە ئىيياكەنەستەئىن ـ پەقەت ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز»[2] بولغان قۇرئاننى، (گويا) تەپسىر قىلغاندا بەزى ئايەتلەرنىڭ «ئېغىر كۆڭۈلدە (ئاللاھتىن ئەمەس، ئەكسىچە) ئۆلۈكلەردىن ياردەم تىلەڭلار» دېگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەپسۇسكى، مانا بۇ قۇرئاننى ئاللاھنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى (ئايەتلىرى) ئاساسىدا چۈشىنىشنىڭ ئورنىغا ئايەتلەرگە پەرۋا قىلماستىن، ئۇنى شەرھلەشكە ئۇرۇنۇشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## قۇرئاندىكى ناماز ئايەتلىرى (تەپسىلاتلىرى)

قۇرئاننىڭ مۇئمىنلەر ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق ئىلمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغانلىقى» ھەققىدىكى قاراش كۆپىنچە نامازنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ بارلىقى، لېكىن ۋاقتى، رەكەت سانى... دېگەندەك تەپسىلاتىنىڭ قۇرئاندا مەۋجۇت ئەمەسلىكى، بۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئادەتتە بۇ قاراش توغرا دەپ قارىلىدۇ. ھەتتا مائارىپتىن يوقسۇن مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، دىنى ئىلمى بار كۆپ سانلىق كىشىلەرمۇ مۇشۇنداق قاراشتا. مەسىلەن: (قۇرئان مەركەزلىك ھەدىس مېتودىنى ئوتتۇرىغا قويغان) خايرى كېرباشئوغلىمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېمەكتە:

«شۇنداق بولغاندىمۇ قۇرئاننىڭ دىنى مەسىلىلەردە ھەرقانداق مەلۇماتنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغانلىقى كۆرۈلمەكتە. مەسىلەن: ناماز، روزا، زاكات، ھەج، تىجارەت، جازالارغا ئوخشاش تۈرلۈك مەسىلىلەردە بىر تۈركۈم تەپسىلاتلار ۋە ئىنچىكە تەرەپلەرنى قۇرئاندىن تېپىش مۇمكىن ئەمەس»[3].

«ھەممىگە مەلۇمكى، ناماز، زاكات، ھەج، روزا... قاتارلىق ئىبادەتلەردىن تارتىپ جازا، مىراس، توي قىلىش... قاتارلىق قانۇنى مەسىلىلەرگىچە بولغان نۇرغۇن تەرەپلەردە قۇرئان ئاساسلىق پىرىنسىپلارنى بەرگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ تەپسىلاتلىرى ھەققىدە توختالمىغان»[4].

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇنىڭغا ئوخشاش قاراشلارنى يېقىنغىچە بىزمۇ

(1) نەھل سۈرىسى، 62 ـ ئايەت

(2) فاتىھە سۈرىسى، 5 ـ ئايەت

(3) كېرباشئوغلۇ، «ئىسلام چۈشەنچىسىدە سۈننەت»، 132 ـ بەت

(4) كېرباشئوغلۇ، «ئىسلام چۈشەنچىسىدە سۈننەت»، 134 ـ بەت

ئىلگىرى سۈرگەن ۋە بۇ ھەقتىكى كەڭ تارقالغان (لېكىن ناتوغرا) قاراشنى بىزمۇ توغرا دەپ قارايتتۇق. لېكىن بۇ قاراشنىڭ بىر تۈركۈم بىر تەرەپلىمە قاراشنى تايانچ قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى. چۈنكى بۇ قاراشلار قۇرئان ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە قۇرئان ھەققىدە ھېچقانداق تەتقىقات ئېلىپ بارماستىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلار ئىدى. توغرا بولۇپ ـ بولمىغانلىقى تەكشۈرۈلمىگەنىدى. بىزمۇ بۈگۈنگىچە مۇشۇنداق تەتقىقات ئېلىپ بارمىغانىدۇق. قاچانكى، قۇرئاننى بۇ مەقسەتتە ۋە ناماز مەسىلىسىنى مەركىزى ئورۇنغا قويۇپ تەتقىق قىلدۇق، ئەنە شۇ چاغدا بۇنداق ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يەتتۇق. (ئاللاھ خالىسا) بۇ پاراگرافنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىققان ھەرقانداق كىشى بۇ ھەقىقەتنى روشەن ھالدا تونۇپ يېتىدۇ.

بىز ئادا قىلىۋاتقان نامازلارنىڭ بارلىق رۇكنلىرى (تەپسىلاتلىرى) قۇرئاندا بار. نامازنىڭ ھېچقانداق رۇكنى رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنمىگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن. ئەمدى بۇ مەسىلە ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى كۆرۈپ چىقايلى.

مەلۇم بولغانىدەك، ئۇنلىغان ئايەتلەر ئارقىلىق نامازنىڭ شەرتلىرى ۋە رۇكنلىرى بەلگىلەنگەن. قۇرئان بىلەن بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن بۇلار نامازنىڭ (ئىچىدىكى ۋە تېشىدىكى) پەرزلىرى دەپ ئاتالغان. نامازنىڭ پەرزلىرى دەپ بىلىنگەن ۋە ھەر بىرى قۇرئان ئايىتىگە ئاساسلانغان نامازنىڭ شەرتلىرى ۋە رۇكنلىرى تۆۋەندىكىچە:

**نامازنىڭ تېشىدىكى پەرزلىرى:** ھەدەستىن تاھارەت، نىجاسەتتىن تاھارەت، سەترى ئەۋرەت، قىبلە، ۋاقىت، نىيەت.

**نامازنىڭ ئىچىدىكى پەرزلەر:** باشلىنىش تەكبىرى، قىيام، قىرائەت، رۇكۇ، سەجدە، قەئدە ئاخىرە[1].

ئەمدى ناماز ئۈچۈن بۇيرۇلغان بۇ شەرت ۋە رۇكنلەرنىڭ قايسى ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغانلىقىغا قاراپ چىقايلى.

### 1. نامازنىڭ شەرتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر

نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن تەييارلىق قىلىش نۇقتىسىدىن زۆرۈر بولغان تاھارەت، غۇسۇل ۋە زۆرۈر بولغاندا قىلىشقا تېگىشلىك تەيەممۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر

(1) بىلمەن، «بۈيۈك ئىسلام ئىلمىھالى»، 113 ـ بەت

تۆۋەندىكىچە:

يَآ اَيُّهَا الَّذٖينَ اٰمَنُوا اِذَا قُمْتُمْ اِلَى الصَّلٰوةِ فَاغْسِلُوا وُجُوهَكُمْ وَاَيْدِيَكُمْ اِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُوا بِرُؤُ۫سِكُمْ وَاَرْجُلَكُمْ اِلَى الْكَعْبَيْنِۜ وَاِنْ كُنْتُمْ جُنُباً فَاطَّهَّرُواۜ وَاِنْ كُنْتُمْ مَرْضٰٓى اَوْ عَلٰى سَفَرٍ اَوْ جَٓاءَ اَحَدٌ مِنْكُمْ مِنَ الْغَٓائِطِ اَوْ لٰمَسْتُمُ النِّسَٓاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَٓاءً فَتَيَمَّمُوا صَعٖيداً طَيِّباً فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَاَيْدٖيكُمْ مِنْهُۜ مَا يُرٖيدُ اللّٰهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ حَرَجٍ وَلٰكِنْ يُرٖيدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ

«ئى مۇئمىنلەر! نامازغا تۇرغىنىڭلاردا يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇپ بولساڭلار پاكلىنىڭلار، ئەگەر كېسەل بولساڭلار، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ» (مائىدە سۈرىسى، 6-ئايەت).

يَآ اَيُّهَا الَّذٖينَ اٰمَنُوا لَا تَقْرَبُوا الصَّلٰوةَ وَاَنْتُمْ سُكَارٰى حَتّٰى تَعْلَمُوا مَا تَقُولُونَ وَلَا جُنُباً اِلَّا عَابِرٖي سَبٖيلٍ حَتّٰى تَغْتَسِلُواۜ وَاِنْ كُنْتُمْ مَرْضٰٓى اَوْ عَلٰى سَفَرٍ اَوْ جَٓاءَ اَحَدٌ مِنْكُمْ مِنَ الْغَٓائِطِ اَوْ لٰمَسْتُمُ النِّسَٓاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَٓاءً فَتَيَمَّمُوا صَعٖيداً طَيِّباً فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَاَيْدٖيكُمْۜ اِنَّ اللّٰهَ كَانَ عَفُوّاً غَفُوراً

«ئى مۇئمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە، جۇنۇپ بولساڭلار، -يول ئۈستىدە بولغانلار مۇستەسنا- غۇسلى قىلمىغۇچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار، ئەگەر كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار، ياكى ھاجەت قىلساڭلار، ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار، سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر» (نىسا سۈرىسى، 43-ئايەت).

نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

اَقِمِ الصَّلٰوةَ لِدُلُوكِ الشَّمْسِ اِلٰى غَسَقِ الَّيْلِ وَقُرْاٰنَ الْفَجْرِۜ اِنَّ قُرْاٰنَ الْفَجْرِ كَانَ مَشْهُوداً

«كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقىچە ناماز ئوقۇغىن. فەجرنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا (بامدات) نامىزىنى ئادا قىلغىن. چۈنكى فەجرنىڭ قاراڭغۇلۇقنى كۆز بىلەن روشەن كۆرگىلى بولىدۇ» (ئىسرا سۈرىسى، 78-ئايەت).

وَاَقِمِ الصَّلٰوةَ طَرَفَيِ النَّهَارِ وَزُلَفاً مِنَ الَّيْلِ اِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ ذٰلِكَ ذِكْرٰى لِلذَّاكِرِينَ

«كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (پېشىن ۋە ئەسىر) ۋە كېچىنىڭ زۇلۇفلىرىدا (نامازشام، خۇپتەن ۋە بامدات) ناماز ئوقۇغىن. شۈبھىسىزكى، ھەسەنات (ياخشى ئىشلار) يامانلىقلارنى يۇيىدۇ. مانا بۇ ئاللاھنى ياد قىلغۇچىلار ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر» (ھۇد سۈرىسى، 114-ئايەت).

حَافِظُوا عَلَى الصَّلَوَاتِ وَالصَّلٰوةِ الْوُسْطٰى وَقُومُوا لِلّٰهِ قَانِتِينَ

«نامازلارنى ۋە ئوتتۇرا نامازنى داۋاملاشتۇرۇڭلار ۋە ئاللاھ ئۈچۈن خۇشۇ ئىچىدە قىيامدا تۇرۇڭلار» (بەقەرە سۈرىسى، 238-ئايەت).

فَسُبْحَانَ اللّٰهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ تُصْبِحُونَ وَلَهُ الْحَمْدُ فِي السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِ وَعَشِياًّ وَحِينَ تُظْهِرُونَ

«سىلەر ئاخشامغا ئۇلاشقاندا ۋە ئەتىگەندە، كۈندۈزنىڭ ئاخىرىدا ۋە چۈش ۋاقتىدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەمدۇسانالار ئاللاھقا خاستۇر» (ئىسرا سۈرىسى، 17-18-ئايەتلەر).

يَا اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوا اذْكُرُوا اللّٰهَ ذِكْراً كَثِيراً وَسَبِّحُوهُ بُكْرَةً وَاَصِيلاً

«ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار. ئۇنىڭغا ئەتىگەن - ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار» (ئەھزاب سۈرىسى، 41-42-ئايەتلەر).

فَاصْبِرْ عَلٰى مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ

«ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن. كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن بۇرۇن رەببىڭگە ھەمد بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن» (قاف سۈرىسى، 39-ئايەت).

قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

قَدْ نَرٰى تَقَلُّبَ وَجْهِكَ فِي السَّمَاءِ فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبْلَةً تَرْضٰيهَا فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَحَيْثُ مَا كُنْتُمْ فَوَلُّوا وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُ

«بىز سېنىڭ قايتا - قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن مەمنۇن بولىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. قەيەردە بولماڭلار، (نامازدا) يۈزۈڭلارنى ئۇ تەرەپكە (مەسجىدى ھەرامغا) قىلىڭلار» (بەقەرە سۈرىسى، 144-ئايەت).

وَمِنْ حَيْثُ خَرَجْتَ فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ

«... قەيەردىن يولغا چىقسىڭدىن قەتئىينەزەر (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن...» (بەقەرە سۈرىسى، 150 ـ ئايەت).

نامازدا ئەۋرەتنى يېپىشقا (سەترى ئەۋرەت) بۇيرۇغان ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

**يَا بَنِي اٰدَمَ خُذُوا زِينَتَكُمْ عِنْدَ كُلِّ مَسْجِدٍ**

«ئى ئادەم بالىلىرى! بارلىق سەجدە ماكانلىرىدا زىننىتىڭلارنى (تاشقى كىيىمڭلارنى) كىيىڭلار» (ئەئراف سۈرىسى، 31 ـ ئايەت).

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «زىننەت» كەلىمىسى، لۇغەتتە «ئىنسانىنى مەيلى دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە بولسۇن ئەھۋالغا، ھالىتىگە ھېچقانداق شەكىلدە داغ چۈشۈرمىگەن، ئۇنى سەت ياكى رەسۋا قىلمىغان نەرسە»[1] دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەئراف سۈرىسى 31 ـ ئايىتى ئارقىلىق «ئى ئىنسانلار! ناماز ئوقۇغاندا سىلەرنى رەسۋا قىلىشتىن ساقلايدىغان ۋە سىلەرنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغان تاشقى لىباسلىرىڭلارنى كىيىڭلار» دېگەن بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئەۋرەت جايلارنى يېپىش ئۈچۈن (ئىچكى) ۋە جابدۇنۇش ئۈچۈن (تاشقى) لىباسلارنى چۈشۈرگەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە:

**يَا بَنِي اٰدَمَ قَدْ اَنْزَلْنَا عَلَيْكُمْ لِبَاساً يُوَارِي سَوْاٰتِكُمْ وَرِيشاً**

«ئى ئادەم بالىلىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرىتىڭلارنى ياپىدىغان (ئىچكى) كىيىم ۋە زىننەتلىنىدىغان (تاشقى) لىباسلارنى چۈشۈردۇق» (ئەئراف سۈرىسى، 26 ـ ئايەت).

دېمەك، ناماز (سەجدە) قىلغاندا پەقەت ئىچكى كىيىملەرلا ئەمەس، (ۋۇجۇتنى ياپىدىغان) تاشقى كىيىملەرنىمۇ كىيىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، تەسەتتۇر كىيىشكە بۇيرۇغان بارلىق ئايەتلەر پەقەت نورمال ئەھۋاللاردىلا ئەمەس، ئەلۋەتتە نامازدىمۇ تەسەتتۇرلۇق بولۇشقا بۇيرۇغان بولىدۇ[2].

## 2. نامازنىڭ ئەركانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر

تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرۇغان ئايەت مۇنداق:

---

(1) راغىپ ئەل ـ ئىسفاھانى، «مۇفرەدات»، 682 ـ بەت

(2) نۇر سۈرىسى، 30، 31؛ ئەھزاب سۈرىسى، 59 ـ ئايەت

قُلِ ادْعُوا اللّٰهَ اَوِ ادْعُوا الرَّحْمٰنَۜ اَياًّ مَا تَدْعُوا فَلَهُ الْاَسْمَٓاءُ الْحُسْنٰىۚ وَلَا تَجْهَرْ بِصَلَاتِكَ وَلَا تُخَافِتْ بِهَا وَابْتَغِ بَيْنَ ذٰلِكَ سَبِيلاً وَقُلِ الْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذٖي لَمْ يَتَّخِذْ وَلَداً وَلَمْ يَكُنْ لَهُ شَرٖيكٌ فِي الْمُلْكِ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ وَلِيٌّ مِنَ الذُّلِّ وَكَبِّرْهُ تَكْبٖيراً

«‹ئاللاھ› دەپ ئاتىساڭلامۇ، ‹رەھمان› دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلا مەيلى. ئەڭ گۈزەل ئىسىملار ئۇنىڭدۇر. ناماز ئوقۇغاندا ئاۋازىڭنى ناھايىتى يۇقىرى ياكى ناھايىتمۇ پەس قىلمىغىن، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن. ئېيتقىنكى: ‹جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر. ئۇنىڭ بالىسى يوق، ھۆكۈمرانلىقتا ئۇنىڭ شېرىكى يوق. خارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمۇ دوستقا موھتاج ئەمەس. ئۇنى تەكبىر ئېيتىپ ئۇلۇغلا›» (ئىسرا سۈرىسى، 111 ـ 110 ـ ئايەتلەر).

**قىيام، قىرائەت، رۇكۇ، سەجدە، قەئدە ئاخىرە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر:**

اُتْلُ مَٓا اُوحِيَ اِلَيْكَ مِنَ الْكِتَابِ وَاَقِمِ الصَّلٰوةَ

«ساڭا كىتابتا ۋەھىي قىلىنغانلارنى ئوقۇپ (تىلاۋەت قىلىپ) ناماز ئوقۇغىن» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 45 ـ ئايەت).

فَاقْرَؤُا مَا تَيَسَّرَ مِنَ الْقُرْاٰنِ

«قۇرئاندىن سىلەرگە ئوڭاي بولغاننى قىرائەت قىلىڭلار (ئوقۇڭلار)» (مۇززەممىل سۈرىسى، 20 ـ ئايەت).

وَاَقٖيمُوا الصَّلٰوةَ وَاٰتُوا الزَّكٰوةَ وَارْكَعُوا مَعَ الرَّاكِعٖينَ

«نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكات بېرىڭلار ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىلىڭلار» (بەقەرە سۈرىسى، 43 ـ ئايەت).

يَٓا اَيُّهَا الَّذٖينَ اٰمَنُوا ارْكَعُوا وَاسْجُدُوا وَاعْبُدُوا

«ئى مۇئمىنلەر! رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىش ئارقىلىق رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار» (ھەج سۈرىسى، 77 ـ ئايەت).

لَا تَسْجُدُوا لِلشَّمْسِ وَلَا لِلْقَمَرِ وَاسْجُدُوا لِلّٰهِ الَّذٖي خَلَقَهُنَّ اِنْ كُنْتُمْ اِيَّاهُ تَعْبُدُونَ

«قۇياشقا ۋە ئايغا سەجدە قىلماڭلار، ئەگەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلماقچى بولساڭلار، ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھقا سەجدە قىلىڭلار» (فۇسسىلەت سۈرىسى، 37 ـ ئايەت).

اَمَّنْ هُوَ قَانِتٌ اٰنَٓاءَ الَّيْلِ سَاجِداً وَقَٓائِماً يَحْذَرُ الْاٰخِرَةَ وَيَرْجُوا رَحْمَةَ رَبِّهٖ

«مۇنداق بىر كىشى، كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان، قىيامدا تۇرغان، ئاخىرەتتىن قورققان ۋە رەببىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان بىرسى بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟» (زۇمەر سۈرىسى، 9-ئايەت).

مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللّٰهِ وَالَّذ۪ينَ مَعَهُٓ اَشِدَّٓاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَٓاءُ بَيْنَهُمْ تَرٰيهُمْ رُكَّعاً سُجَّداً

«مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلار كۇففارلارغا قاتتىق قول، ئۆز ئىچىدە بولسا ناھايىتى مېھرىباندۇر. سەن ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، قىيامدا تۇرغان ھالدا كۆرىسەن» (فەتھ سۈرىسى، 29-ئايەت).

بۇ ئايەتلەرگە ئاساسەن نامازنىڭ بەلگىلىك ۋاقىتلاردا (بامدات، پېشىن، ئەسىر، نامازشام ۋە خۇپتەن) ئوقۇش[1]، نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىش (سۇ بولمىسا تەيەممۇم قىلىش)، زۆرۈر تېپىلسا غۇسۇل قىلىش[2]، نامازغا نىيەت قىلىپ قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش[3]، تەكبىر ئېيتىش[4]، قىيامدا تۇرۇش[5]، قۇرئاندىن قىرائەت قىلىش[6]، رۇكۇ قىلىش[7]، سەجدە قىلىش[8] ۋە قەئدە ئاخىرە قىلىش (تەشەھۇدتا ئولتۇرۇش)[9] كېرەك. يۇقىرىدا مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن بۇ ئايەتلەردە نامازنىڭ ئەركانلىرى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، قۇرئاندىن نامازغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى تاپقىلى بولىدۇ.

نامازنىڭ ئەركانلىرىنى بىلدۈرگەن قۇرئان، بۇ ئەركانلارنىڭ ئىچىنى قانداق تولدۇرۇلىدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرگەن. مەسىلەن: نامازدا قىرائەت قىلىشقا بۇيرۇغان بەزى ئايەتلەر، قايسى تۈردىكى ئايەتلەرنىڭ قىرائەت قىلىنىشى كېرەكلىكىنى، ھەتتا بۇ قىرائەتنىڭ قانداق ئىنتوناتسىيەدە بولۇشى كېرەكلىكىنىمۇ بىلدۈرگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئىسرا سۈرىسى 111-ئايەتنى بۇنىڭغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى، 238؛ نىسا سۈرىسى، 103؛ ھۇد سۈرىسى، 114؛ ئىسرا سۈرىسى، 78؛ رۇم سۈرىسى، 17، 18؛ ئەھزاب سۈرىسى، 42-41؛ قاف سۈرىسى، 39-ئايەت

(2) مائىدە سۈرىسى، 6؛ نىسا سۈرىسى، 43-ئايەت

(3) بەقەرە سۈرىسى، 144، 150-ئايەت

(4) ئىسرا سۈرىسى، 111-ئايەت

(5) بەقەرە سۈرىسى، 239-238؛ زۇمەر سۈرىسى، 9-ئايەت

(6) ئەنكەبۇت سۈرىسى، 45؛ مۇززەممىل سۈرىسى، 20-ئايەت

(7) بەقەرە سۈرىسى، 43؛ مائىدە سۈرىسى، 55؛ فەتھ سۈرىسى، 29؛ ھەج سۈرىسى، 77-ئايەت

(8) ئالئىمران سۈرىسى، 113؛ زۇمەر سۈرىسى، 9؛ فەتھ سۈرىسى، 29؛ ھەج سۈرىسى، 77؛ فۇسسىلەت سۈرىسى، 37-ئايەت

(9) ئالئىمران سۈرىسى، 191-ئايەت

وَقُلِ الْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي لَمْ يَتَّخِذْ وَلَداً وَلَمْ يَكُنْ لَهُ شَرِيكٌ فِي الْمُلْكِ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ وَلِيٌّ مِنَ الذُّلِّ وَكَبِّرْهُ تَكْبِيراً

«ناماز ئوقۇغاندا ئاۋازىڭنى ناھايىتى يۇقىرى ياكى ناھايىتىمۇ پەس قىلمىغىن، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن. ئېيتقىنكى: ‹جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر. ئۇنىڭ بالىسى يوق، ھۆكۈمرانلىقتا ئۇنىڭ شېرىكى يوق. خارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمۇ دوستقا موھتاج ئەمەس. ئۇنى تەكبىر ئېيتىپ ئۇلۇغلا› » (ئىسرا سۈرىسى، 111 ـ ئايەت).

دَعْوٰيهُمْ فِيهَا سُبْحَانَكَ اللّٰهُمَّ وَتَحِيَّتُهُمْ فِيهَا سَلَامٌۚ وَاٰخِرُ دَعْوٰيهُمْ اَنِ الْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ

«ئۇلارنىڭ (مۇئمىنلەرنىڭ) ئۇ جايدىكى دۇئاسى ‹سۇبھانەكە ئاللاھۇممە (رەببىمىز بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز)› ۋە تەھىيياتلىرى ‹سالام› ۋە دۇئالىرىنىڭ ئاخىرى بولسا ‹ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىن› دۇر» (يۇنۇس سۈرىسى، 10 ـ ئايەت).

مۇززەممىل سۈرىسى 20 ـ ئايەت «قۇرئاندىن سىلەرگە ئاسان بولغاننى قىرائەت قىلىڭلار» دېمەكتە. بۇنىڭغا ئاساسەن ناماز ئىچىدە ئوقۇلىدىغان قىسقا بىر ئايەتمۇ قۇرئاننىڭ بۇ بۇيرۇقىنى ئادا قىلىدۇ. لېكىن ئىسرا سۈرىسى 110، 111 ۋە يۇنۇس سۈرىسى 10 ـ ئايەتلىرى ناماز ئىچىدە ئوقۇلىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق ئايەتلەرنى (ياكى ئايەتلەر گۇرۇپپىسىنى) ئالاھىدە ھالدا كۆرسىتىپ بەرمەكتە. ھەتتا ئىنتوناتسىيەنىڭمۇ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە.

نامازلىرىمىزدا ئوقۇغان «سۇبھانەكە»[1] دۇئاسى ۋە «فاتىھە» سۈرىسى ئەلۋەتتە بۇ ئايەتلەردە ئىشارەت قىلىنغان دۇئا ۋە سۈرىلەر قاتارىدىندۇر. بىز بۇلارنى بىلىمىز. لېكىن ئىسرا سۈرىسى 111 ـ ئايەتتىكى شۇ دۇئا لەۋزىنىمۇ بىر شەكىلدە ھەر نامازدا ئوقۇشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇمۇ قۇرئاننىڭ روشەن تەۋسىيەسىدۇر:

الْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي لَمْ يَتَّخِذْ وَلَداً وَلَمْ يَكُنْ لَهُ شَرِيكٌ فِي الْمُلْكِ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ وَلِيٌّ مِنَ الذُّلِّ

«جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر. ئۇنىڭ بالىسى يوق، ھۆكۈمرانلىقتا ئۇنىڭ شېرىكى يوق. خارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمۇ دوستقا موھتاج ئەمەس» (ئىسرا سۈرىسى، 111 ـ ئايەت).

---

(1) بۇ دۇئانىڭ ھەممىسى شۇ ئايەتلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. يەنى، «سۇبھانەكە ئاللاھۇممە» (يۇنۇس سۈرىسى، 10)، «ۋە بىھەمدى رەببىكە» (نەسر سۈرىسى، 3)، «ۋەتابارە كەسمۇ رەببىكە» (رەھمان سۈرىسى، 78)، «ۋەتەئالە جەددۇكە (رەببىنا)» (جىن سۈرىسى، 3)، «ۋە لا ئىلاھە (غەيرۇكە) ئەنتە سۇبھانەكە» (ئەنبىيا سۈرىسى، 87 ـ ئايەت)

نامازنىڭ ئەركانلىرى ئالماشقاندا ئوقۇغان «ئاللاھۇ ئەكبەر» ئىبارىسى، ئىسرا سۈرىسى 111-ئايىتىدە بۇيرۇلغان «ئۇ (ئاللاھ)نى تەكبىر ئېيتىپ ئۇلۇغلا!» بۇيرۇقىنى تەتبىقلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق جامائەت بىلەن ئادا قىلىنغان نامازلاردا جامائەتنىڭ ئىمامغا ئەگىشىشى ئاسانلىشىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ئوقۇغان نامىزىمىزدا ئادا قىلغان رۇكۇنلار قۇرئاندا مەۋجۇت. قۇرئان بىز نامازدا ئادا قىلغان بارلىق ناماز ئەركانلىرىنى ۋە بۇ ئەركانلار ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلارنى بىلدۈرگەن. ھەتتا ناماز قىلغاندا ھۆرمەت بىلەن ئۆرە تۇرۇش ۋە قۇنۇت ئوقۇش[1]، نامازنى خۇشۇ ئىچىدە ئادا قىلىش[2] ۋە ناماز ئوقۇغاندا نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلىش[3] دېگەندەك بىز بەك دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان مەلۇماتلارنىمۇ بىلدۈرمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئان، سەپەر ۋە قورقۇنچ ھالىتىدە نامازنى ئۇلاغ (قاتناش ۋاسىتىسى) ئۈستىدە تۇرۇپ ئادا قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى[4]، ئۇرۇش ھالىتىدە بولسا نامازنى قىسقارتىپ ئادا قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[5]. يەنى ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق تەپسىلات قۇرئاندا ئاتلاپ ئۆتۈلمىگەن.

بۇ سەۋەبتىن بىز مۇئمىنلەر نامازنى ئادا قىلغان ۋاقتىمىزدا باشقا بىر مەنبەنى ئاساس قىلىپ ئەمەس، بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قۇرئان مۇشۇنداق شەكىلدە بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كۆرسەتكەن شەكىلدە ئادا قىلىمىز. بەزى ئوقۇرمەنلەر «خوش، لېكىن بىز بۇ ئايەتلەردە نامازنىڭ رەكەت سانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرەر مەلۇماتنى كۆرمىدۇق. نامازنىڭ بارلىق ئەركانلىرى قۇرئاندا بار ئىكەن، بۇنى كۆردۇق، ئەمما رەكەت سانى ھەققىدە توختالغان بىرەر ئايەتنى كۆرمىدۇق. دېمەك، قۇرئاندا نامازنىڭ رەكەت سانى يوق ئىكەن» دېگەندەك قىلىدۇ. بۇنداق ئويدا بولۇپ قالغان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بېرىدىغان جاۋابىمىز: «ياق، ئۇنداق ئەمەس. رەكەت سانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتمۇ قۇرئاندا بار. ھەتتا سىز مۇناسىۋەتلىك ئايەتنى يۇقىرىدا ئوقۇپ ئۆتتىڭىز. لېكىن ئايەت ئۈستىدە تەپەككۇر قىلمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ئوقۇغان بۇ ئايەتنىڭ ئىچىدىكى ھېكمەتنى (ئايەتنىڭ ھۆكمى، نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى) ئىلگىرى بايقىيالمىغاندەك، ھازىرمۇ بايقىيالمىدىڭىز». ئۇنداقتا بىز ئايەتنى تەكرار ئوقۇپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، مەزكۇر ئايەت ھەققىدە

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 43-ئايەت

(2) مۇئمىنۇن سۈرىسى، 2-ئايەت

(3) نىسا سۈرىسى، 43-ئايەت

(4) بەقەرە سۈرىسى، 239-238-ئايەتلەر

(5) نىسا سۈرىسى، 103-101-ئايەتلەر.

بىرئـاز تەپەككـۇر قىلايلى.

قۇرئان، نامازنىڭ رەكەت سانىنى تۆۋەندىكى ئايەت (شـەكىل) بىلەن بەلگىلەپ بەرگەن:

**وَاَقِيمُوا الصَّلٰوةَ وَاٰتُوا الزَّكٰوةَ وَارْكَعُوا مَعَ الرَّاكِعِينَ**

«نامازنـى ئـادا قىلىـڭلار ۋە زاكاتنـى بېرىڭلار ۋە رۇكـۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكـۇ قىلىڭلار» (بەقەرە سۈرىسى، 43-ئايەت).

«رەكـەت»، «رۇكـۇ» دېگەنلىـك بولـۇپ، ئاللاھ تائالا نامازلارنىـڭ قانچە رەكەت قىلىنىدىغانلىقىنى جامائەتكە ئەگىشىش ئارقىلىق ئۆگىنىشىمىزنى مۇرات قىلغان. مەنبە قىلىپ كۆرسەتكەن ئادرېس دىنى تېكىست ئەمەس، بەلكى ئۈممەتنىـڭ مۇتەۋاتىر ئىجراسىدۇر. رەسۇلمۇ قۇرئاننىـڭ بۇ ئەمرىگە بويسۇنۇپ (يەنى بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن مۇتەۋاتىر ئىجراغا ئەگىشىپ)، نامازنى ئادا قىلغان، بىزمۇ شۇنداق قىلىمىز. رەسۇلۇللاھ ئۆزى نامازنىڭ رەكەت سانىنى بەلگىلىمىگەن (بۇ مەسىلە «شەرىئەتتە ئىزچىللىق» ماۋزۇسى ئاستىدا تېخىمۇ تەپسىلىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈلىدۇ). لېكىن بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختۇلۇشتىن بۇرۇن، بۇ مەسىلە ھەققىدە ھەممىمىز بىرلىكتە ئويلىنىپ باقايلى:

«ناماز تۇنجى قېتىم رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن ئادا قىلىندىمۇ؟ بۇ سەۋەبتىن نامازنىڭ قانچە رەكەت بولىدىغانلىقىنى ئۇ بەلگىلىدىمۇ؟ ئۇنىڭدىن بۇرۇن ناماز ئوقۇيدىغانلار يوق بولغانلىقتىن نامازنىڭ رەكەت سانىنى رەسۇلۇللاھ بەلگىلەپ بەردىمۇ؟ مۇئمىنلەر بۇرۇندىن تارتىپ ئادا قىلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىبادەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمىگەن ۋە كۆرۈپ باقمىغانلىقتىن بۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانمۇ؟

قۇرئان مانا بۇ سەۋەبتىن -بەقەرە سۈرىسى 43 ۋە ئالئىمران سۈرىسى 43-ئايەتلەر ئاساسىدا- مۇنداق دېگەن: «ئى مۇئمىنلەر! نامازلارنىڭ رەكەت سانىنى ئۆگەنمەكچى بولۇۋاتامسىلەر؟ ئۇنداقتا رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىلىڭلار (مەسچىتتىكى جامائەتكە ئەگىشىڭلار) ۋە بۇ ئارقىلىق رەكەت سانىنى ئۆگىنىڭلار...». مەسچىتلەردە جامائەت بىلەن ئادا قىلىنغان پەرز نامازلار، ھەم نامازلارنىڭ رەكەت سانىنى بىلدۈرىدىغان، ھەم نامازنى ئادا قىلىش شەكلىنى ئۆگىتىدىغان مۇتەۋاتىر ئىجرائات (سۈننەت)تۇر. بىز قۇرئاننىڭ بۇ ئايەتلىرىگە ئاساسەن، يەنى «رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىلىش» ئارقىلىق

نامازلىرىمىزنى ئادا قىلىمىز. بۇ ئارقىلىق نامازلارنىڭ رەكەت سانىنى ئەمەلىي پىراكتىكىدا قىلىش ئارقىلىق ئۆگىنىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ تەلىم پائالىيىتى ۋە پىراكتىكىدا نەتىجىسىدە نامازنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلىنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا (مۇتەۋاتىر شەكىلدە) يەتكۈزۈپ بېرىمىز. ھېچقاچان ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىجرائات ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا «رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇغانلىقىغا قارىغاندا، (قىيامەتكىچە) رۇكۇ قىلىدىغان بىر جامائەت دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

دېمەك، رەكەت سانى «مېتود» سۈپىتىدە قۇرئاندا يەر ئالىدۇ. بۇ ئەھۋالنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتەيلى. ئىسلام ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتى بولمىغان بىر غەيرى مۇسلىم بۈگۈن مۇسۇلمان بولسا ۋە نامازنى قانداق ئادا قىلىدىغانلىقىنى سورىسا، ئۇنىڭغا مۇنداق دەيمىز: «بىر گۇرۇپپا مۇئمىن بەش ۋاقىت نامازنى دائىم مەسچىتتە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئادا قىلىدۇ. سەن جامائەت بىلەن نامازنى ئادا قىلغان بۇ مۇئمىنلەرنى تەقلىت قىلىپ تاھارەت ئال ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە نامازنى ئادا قىلغىن، ئۇلار قانداق قىلسا سەنمۇ دوراپ شۇنداق قىلغىن (رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىلغىن). مۇشۇنداق قىلساڭ نامازنى ئادا قىلغان بولىسەن. جامائەت بىلەن ئادا قىلغان نامازلاردا قىرائەت قىلمىساڭمۇ بولىدۇ، چۈنكى جامائەتكە ۋاكالىتەن ئىمام قىرائەت قىلىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سەنمۇ بەزى ئايەتلەرنى يادا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئالدىڭغا ناماز ئوقۇساڭ بولىدۇ» دەيمىز.

بىزنىڭ بۇ تەكلىپىمىزگە ئەمەل قىلغان بىر كىشىنىڭ نامىزى بىلەن بىزنىڭ نامازلىرىمىزنىڭ رەكەت سانى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ مەسىلەن: بۇ كىشىنىڭ نامازشامنى 3 رەكەت ئەمەس، 2 رەكەت ياكى 4 رەكەت قىلىپ ئوقۇشى ئېھتىماللىقى بارمۇ؟ ۋە ياكى پېشىن نامىزىنى 4 رەكەتنىڭ ئورنىغا 2 رەكەت قىلىپ ئوقۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇنداق بولمايدۇ. ئەگەشكەن جامائەت پەرز نامازنى قانچە رەكەت ئادا قىلغان بولسا (قانچە قېتىم رۇكۇغا بارغان بولسا)، ئۇ كىشىمۇ شۇنچە قېتىم رۇكۇغا بارىدۇ. ئۇنداقتا بۇ كىشى قايسى مەلۇماتقا ئاساسەن نامازنىڭ رەكەت سانىنى ئۆگەنگەن ۋە نامازلىرىنى باشتىن تارتىپ بىزگە ئوخشاش ئادا قىلغان؟ فىقھ كىتابلىرىغا قاراپمۇ؟ ھەدىسلەرگە قاراپمۇ؟ ياكى پەقەت قۇرئاننىڭ تەلىماتى (كۆرسەتكەن ئۇسلۇبى) بىلەن ئۆگەندىمۇ؟

قۇرئان نامازنىڭ رەكەت سانلىرىنى يۇقىرىدىكى ئايەت (مېتود) بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن. لېكىن رەكەت سانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قۇرئاندىكى مەلۇمات پەقەت

يۇقىرىدىكى ئايەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېمەكتە:

وَاِذَا ضَرَبْتُمْ فِي الْاَرْضِ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ اَنْ تَقْصُرُوا مِنَ الصَّلٰوةِۗ اِنْ خِفْتُمْ اَنْ يَفْتِنَكُمُ الَّذِينَ كَفَرُواۜ اِنَّ الْكَافِرِينَ كَانُوا لَكُمْ عَدُواًّ مُبِيناً وَاِذَا كُنْتَ فِيهِمْ فَاَقَمْتَ لَهُمُ الصَّلٰوةَ فَلْتَقُمْ طَٓائِفَةٌ مِنْهُمْ مَعَكَ وَلْيَأْخُذُٓوا اَسْلِحَتَهُمْ فَاِذَا سَجَدُوا فَلْيَكُونُوا مِنْ وَرَٓائِكُمْۖ وَلْتَأْتِ طَٓائِفَةٌ اُخْرٰى لَمْ يُصَلُّوا فَلْيُصَلُّوا مَعَكَ وَلْيَأْخُذُوا حِذْرَهُمْ وَاَسْلِحَتَهُمْۚ وَدَّ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ اَسْلِحَتِكُمْ وَاَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُمْ مَيْلَةً وَاحِدَةًۜ وَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ اِنْ كَانَ بِكُمْ اَذًى مِنْ مَطَرٍ اَوْ كُنْتُمْ مَرْضٰٓى اَنْ تَضَعُٓوا اَسْلِحَتَكُمْۚ وَخُذُوا حِذْرَكُمْۜ اِنَّ اللّٰهَ اَعَدَّ لِلْكَافِرِينَ عَذَاباً مُهِيناً فَاِذَا قَضَيْتُمُ الصَّلٰوةَ فَاذْكُرُوا اللّٰهَ قِيَاماً وَقُعُوداً وَعَلٰى جُنُوبِكُمْۚ فَاِذَا اطْمَاْنَنْتُمْ فَاَقِيمُوا الصَّلٰوةَۚ اِنَّ الصَّلٰوةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَاباً مَوْقُوتاً

«سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭلاردا كاپىرلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كاپىرلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر. (ئى مۇھەممەد!) سەن مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرغان، ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قورallىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن، ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (بىر رەكەت) ناماز ئوقۇسۇن، ئېھتىيات بىلەن ھوشيار تۇرسۇن، قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن، كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن، ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ئەپسىز بولىدىغان بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار، قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن خور قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى. نامازدىن فارىغ بولغىنىڭلاردا ئۆرە تۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار. خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى تولۇق ئادا قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ناماز مۆئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى» (نىسا سۈرىسى،103 ـ 101 ـ ئايەتلەر).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغاندەك، كاپىرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان مۇشەققەتلىك ئۇرۇش مەزگىلىدىمۇ (ھەتتا بۇنداق جەڭ ۋاقتىدا ئاغرىپ قالسىمۇ) نامازنى كېچىكتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنمىغان بولۇپ، قىسقارتىپ بىرەر رەكەتتىن بولسىمۇ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغان. ئايەتتە بىر رەكەت ھالىتىدە ئادا قىلىنغان نامازنىڭ «قىسقارتىلغان ناماز» دەپ ئاتالغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، (سەپەردە)

ئىككى رەكەت ھالىتىدە قىلىنغان ناماز «تولۇق قىلىنغان» ناماز دېگەنلىكتۇر. ئۇنداقتا (ئايەتتە ھېچقانداق بىر ۋاقىتنىڭ تىلغا ئېلىنمىغانلىقىغا قارىغاندا) بارلىق نامازلارنىڭ رەكەت سانى ئەڭ ئاز «ئىككى» بولۇشى كېرەك[1].

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا (ۋە باشقا بىر ماقالىمىزدىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك) قۇرئان، ئىچىدە رەسىملىك چۈشەندۈرۈش بولغان ناماز قوللانمىسىدىن كۆپرەك مەلۇمات (تەپسىلات)نى ۋە كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان جانلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (قۇرئان يۈزلەندۈرگەن مۇتەۋاتىر ئىجرائات بىلەن بۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ)[2]. بۇ جانلىق مەلۇمات ئەسىرلەردىن بۇيان كۈندە بەش ۋاقىت جامائەت ھالىتىدە نامازنى ئادا قىلىۋاتقان مۇئمىنلەرنىڭ كۆرۈنۈشى ۋە ھەرىكەتلىرىدىن ئىبارەتتۇر. قۇرئان، نامازنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلى ئۈچۈن مۇئمىنلەرنىڭ ئەمەلىي ئىجرا قىلىش شەكلىنى يېپ ئۇچى قىلىپ كۆرسەتمەكتە ۋە نامازنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلى (رەكەت سانى)نى بۇ ئەمەلىي تەتبىقلىنىشتىن ئۆگىنىشىڭلار دېمەكتە.

دېمەك، نامازنىڭ رەكەت سانى قۇرئاندا مەۋجۇت. ھەم بۇ ئايەتتىن، ھەم يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن «مۇتەۋاتىر ئىجرا قىلىش شەكلى» ئارقىلىق قۇرئاندىن بۇ سان ھەققىدىكى مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز. بۇ نۇقتىدا مۇنداق بىر سوئال ئەقلىمىزگە كېلىشى مۇمكىنمۇ؟ نامازنىڭ رەكەت سانىنى ئەڭ باشتا بەلگىلەپ بەرگۈچى كىم؟ ئاللاھ تائالامۇ؟ رەسۇلۇللاھمۇ؟

بۇ سوئال، ئادەتتە قۇرئاندا نامازنىڭ رەكەت سانىنىڭ يوقلىقى ۋە بۇلارنىڭ غەيرى مەتلۇۋ ۋەھيىلەر ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئالدىن شەكىللەنگەن قاراشنىڭ مەھسۇلى. مەزكۇر سوئالغا كەڭ دائىرىلىك چۈشەندۈرۈشلەر ئاساسىدا بۇ پاراگرافتا جاۋاب بېرىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ قىسقىچە قىلىپ ئېيتىپ ئۆتەيلىكى، نامازنىڭ رەكەت سانىنى بەلگىلىگۈچى ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالادۇر. چۈنكى رەسۇلنىڭ نامازنىڭ رەكەت سانىنى ۋە ياكى نامازنىڭ ھەرقانداق رۇكنىنى بېكىتىش ھوقۇقى يوق. بۇ ھوقۇق ئىبادەت قىلغۇچى (ئابىد)غا ئەمەس، بەلكى پەقەت ۋە پەقەت ئىبادەت قىلىنغۇچى (مەئبۇد)قا خاستۇر. رەسۇل بولسا

(1) ناماز، سەپەرگە چىققاندا قىسقارتىلىپ (مەسىلەن: تۆت رەكئەت ناماز ئىككى رەكئەت ھالىتىدە) ئادا قىلىنىدۇ. لېكىن ھېچقانداق بىر سەۋەب بىلەن نامازنى كىچىكلىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى قۇرئان ئۇرۇش ۋاقتىدىمۇ نامازنى كىچىكلىتىۋېتىشكە رۇخسەت قىلمىغان بولۇپ، «قىسقارتىپ ئادا قىلىڭلار» دېگەن. بۇ سەۋەبتىن نامازنى كىچىكلىتىۋېتىش ياكى قازا قىلىش دەيدىغان بىر ئىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس

(2) زەكى بايراكتار، «قۇرئاندىن رەسىملىك ناماز ئۆگىنىش دەرسى»، كىتاب ۋە ھېكمەت ژۇرنىلى، 4 ـ سان، 29 ـ 23 ـ بەتلەر

مەئبۇد ئەمەس، بەلكى ئابىد (بەندە)تۇر[1].

ئاللاھ تائالا رەكەت سانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتنى رەسۇلغا غەيرى مەتلۇۋ ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرمىگەن. رەسۇل بەزى مەسىلىلەردە غەيرى مەتلۇۋ ۋەھيي ئالغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن رەسۇل بۇ شەكىلدە ئېلىپ كەلگەن ھەرقانداق بىر ئەھكام (بىزگە مەسئۇلىيەت ئارتىدىغان ھۆكۈم) ئەمەس. چۈنكى بىز جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان ئەھكام قۇرئاندۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا ئورۇن ئالمىغان مەسىلىلەردە بىزنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن[2]. بۇ سەۋەبتىن نامازنىڭ رەكەت سانلىرىنىڭ قۇرئانغا ئاساسلانمىغانلىقىنى (قۇرئان سىرتىدىكى مەلۇماتلار بىلەن كەلگەنلىكىنى) ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر، «پەرز نامازلاردىكى رەكەت سانىنىڭ ئاساس ئەمەسلىكىنى» ئىلگىرى سۈرگەن بولىدۇ. بۇ قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەنلەرگە قارىتا مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ: «قۇرئاندا نامازنىڭ رەكەت سانى يوق دەۋاتىسىلەر. ئۇنداقتا بۇنىڭغا ئاساسەن نامازنىڭ مۇقىم رەكەت سانى يوق دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كىشى خالىغان شەكىلدە ناماز قىلسا بولىدۇ. ھەتتا بارلىق نامازلارنى بىر رەكەت ھالىتىدە قىلىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا قۇرئاندا پەرز قىلىنغان بارلىق رۇكۇنلار (قىيام، قىرائەت، رۇكۇ، سەجدە...) بىر رەكەت نامازدا مەۋجۇت. قۇرئان بۇلارنى پەرز قىلغان، لېكىن رەكەت سانى ھەققىدە ھېچقانداق شەرت قويمىغان. دېمەك، نامازلارنى بىر رەكەتتىن ئوقۇسىمۇ بولىدۇ...».

«نامازنىڭ رەكەت سانى قۇرئانغا تايانمايدۇ» دېگۈچىلەرنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلەرگە ئېتىراز قىلىدىغانلىقىدا شەك يوق. يەنى، «ياق، ئۇنداق ئەمەس. نامازنىڭ رەكەت سانى قۇرئانغا تايانمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ سانىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ھەر نامازنىڭ رەكەت سانى ئېنىق، مۇقىم بولۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. بۇنى ئۆزگەرتمەكچى بولغانلار ئاللاھقا ھېساب بېرىدۇ،...». ئۇلارنىڭ بۇ ئېتىرازلىرى توغرا. لېكىن بۇ ئەھۋالدا « ‹ئاللاھ قۇرئاندا سىلەرگە بايان قىلىنمىغان مەسىلىلەردە سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئۇلار توغرىسىدا سىلەرنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ› دېگەن. بۇنداق بولغاندا قۇرئان مەۋجۇت بولمىغان نامازنىڭ رەكەت سانى سەۋەبلىك نېمە ئۈچۈن بىزنى جاۋابكارلىققا تارتسۇن؟» دېگەن بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشى كېرەك.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى، 23؛ ئەنفال سۈرىسى، 41؛ ئىسرا سۈرىسى، 1؛ كەھف سۈرىسى، 1؛ فۇرقان سۈرىسى، 1-ئايەت

(2) مائىدە سۈرىسى، 101-ئايەت.

بۇ زىتلىقتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن يا قۇرئاندا نامازنىڭ رەكەت سانىنىڭ بىلدۈرۈلگەنلىكىنى قوبۇل قىلىشى ياكى (قۇرئاندا نامازنىڭ رەكەت سانى يوق دېسە) نامازنىڭ مۇقىم رەكەت سانىنىڭ يوقلىقىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. بىز نامازنىڭ رەكەت سانى قۇرئاندا بىلدۈرۈلگەن ۋە مۇتلەق دەپ قارايمىز. نەتىجىدە رەسۇلۇللاھمۇ نامازلىرىنى بىزگە ئوخشاش قۇرئانغا ئەگىشىپ، يەنى «رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىلىپ» ئادا قىلغان. نامازنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىغا ئوخشاش شەكىلدە رەكەت سانىمۇ رەسۇلۇللاھقا قۇرئان ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن. بىز بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلاردىن قۇرئان ئارقىلىق خەۋەردار بولدۇق ۋە ئۆزىمىزمۇ ھېس قىلماستىن (مۇتەۋاتىر ئەمەل سۈپىتىدە) ئىجرا قىلىۋاتىمىز. بۇ سەۋەبتىن بىز مۇتەۋاتىر ئەمەلگە ئەگىشىپ ئادا قىلغان نامازلار ئىچىدە بار بولۇپ، لېكىن قۇرئاندا يەر ئالمىغان ھېچقانداق بىر ناماز شەرتى (رۇكنى) مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما نامازنى مۇتەۋاتىر ئەمەلدىن ئۆگەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن (ئەسلى مەنبەسىنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكىنى) بايقىيالماي قالدۇق. تۆۋەندىكى مىسال بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

مەسىلەن، قىيامدا تۇرغاندا نېمە ئۈچۈن قول باغلاپ تۇرىمىز؟ چۈنكى قۇرئان ھەزرىتى مەريەم ئارقىلىق ھەممىمىزنى نامازدىكى ۋاقىتتا ھۆرمەت بىلەن ئۆرە تۇرۇشقا (قۇنۇتتا تۇرۇشقا) بۇيرۇغان:

**يَا مَرْيَمُ اقْنُتِي لِرَبِّكِ وَاسْجُدِي وَارْكَعِي مَعَ الرَّاكِعِينَ**

«ئى مەريەم! رەببىڭ ھۇزۇرىدا ھۆرمەت بىلەن تۇرغىن، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىل (دېگەندى)» (ئالئىمران سۈرىسى، 43-ئايەت).

رەسۇلۇللاھ، مانا بۇ قۇرئاننىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن نامازدا قول باغلاپ تۇرغان ۋە بۇ ئارقىلىق رەببىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا ھۆرمەت بىلەن قىيامدا تۇرغان. چۈنكى قول باغلاپ تۇرۇش ھەرقانداق مىللەتتە ھۆرمەت ئىپادىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش شەكىلدە رۇكۇ ۋە سەجدە جەريانىدا ئېيتقان تەسبىھلىرىمىزمۇ قۇرئاننىڭ تۆۋەندىكى بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈندۇر:

**سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى**

«رەببىڭنى ئۇلۇغ (ئەئلا) ئىسمىنى تەسبىھ قىل» (ئەئلا سۈرىسى، 1-ئايەت).

فَسَبِّحْ بِاسْمِ رَبِّكَ الْعَظِيمِ

«رەببىڭنى ئۇستۇن (ئەزىم) ئىسمى بىلەن تەسبىھ قىل» (ۋاقىئە سۇرىسى، 96 - ئايەت).

مانا بۇ سەۋەبتىن بىز رۇكۇ ۋە سەجدە جەريانىدا بۇ (ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش بەزى) ئايەتلەرگە ئاساسەن «سۇبھانە رەببىيەل - ئەزىم» ۋە «سۇبھانە رەببىيەل - ئەئلا» دەيمىز. رۇكۇغا بارغان ۋە قايتقاندا ئېيتقان «سەمى ئاللاھۇ - لىمەن ھەمىدەھ» ۋە «رەببانا لەكەل - ھەمد» ئىپادىلىرىنى بولسا تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئېيتىمىز:

فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَكُنْ مِنَ السَّاجِدِينَ

«رەببىڭنى ھەمد بىلەن تەسبىھ قىل ۋە سەجدە قىلغۇچىلار قاتارىدىن بول» (ھىجر سۇرىسى، 98 - ئايەت).

بۇ ئايەتكە ئاساسەن رۇكۇدىن قايتقاندا رەببىمىزگە ھەمد بىلەن تەسبىھ ئېيتىمىز ۋە ئاندىن سەجدىگە بارىمىز. يەنى خۇددى يۇقىرىدىكى ئايەتتە بۇيرۇلغاندەك ئالدى بىلەن رەببىمىزگە ھەمد بىلەن تەسبىھ ئېيتىمىز، ئاندىن سەجدىگە بارىمىز. ئەمما بۇلارنى بايقىماستىن (بۇ ئايەتلەرنى تەتبىق قىلىۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەستىن) ئادا قىلىمىز. ئۆزىمىز ھېس قىلالماي قالغان يەنە بىر ئەركاننى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئادا قىلىمىز:

«سەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىل! كۈن چىقىشتىن ۋە پېتىشتىن بۇرۇن رەببىڭگە ھەمد بىلەن تەسبىھ ئېيت. كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ۋە سەجدىدىن كېيىنمۇ (رەببىڭگە) تەسبىھ ئېيت» (قاف سۇرىسى، 40 - 39 - ئايەتلەر).

بىزلەر بۇ ئايەتنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن سەجدىدىن كېيىنكى ئولتۇرۇشتا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىمىز. ئەمما بۇنىڭمۇ قۇرئاننىڭ بۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن ئادا قىلىمىز. چۈنكى بىزلەر نامازنى مۇتەۋاتىر ئەمەلگە ئەگىشىپ ئادا قىلىمىز. نامازنىڭ ئىچىدىكى ھەر رۇكۇننىڭ قۇرئاننىڭ بىرەر بۇيرۇقىغا ئاساسلانغانلىقتىن، بۇ ئەمەل ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يېتىپ كەلگەن مۇتەۋاتىر ئەمەللەردىن نامازنى ئۆگىنىمىز. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ ئادا قىلغان ناماز بىلەن بىز ئادا قىلىۋاتقان ناماز ئارىسىدا (شەكىل جەھەتتىن) ھېچقانداق پەرق يوق. چۈنكى بۇ مۇتەۋاتىر ئەمەلنىڭ زەنجىرى رەسۇلۇللاھقىچە تۇتۇشىدۇ. ھەتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا، ھەتتا ئادەم ئەلەيھىسسالامغىچە تۇتۇشىدۇ. بۇ ئىلاھى ھىمايە ئاستىدىكى قۇرئان ئارقىلىق

مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ. قۇرئاننىڭ ھىمايىگە ئېلىنغان بولۇشى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى زىكىر (ئەھكام)نىڭ قانداق ئىجرا قىلىنىشىنىڭمۇ ھىمايە ئاستىغا ئېلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر بىر قۇرئان ھۆكمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى مۇتەۋاتىر يول بىلەن داۋاملىشىپ كەلگەن بولسا، رەببىمىز بۇنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى خالىغان بولسا، ئۇ ئەمەلمۇ ـ ئەھكامى بىلەن بىرلىكتە ـ ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغان دېگەنلىكتۇر. ئەكسىچە بولغاندا، ئىلاھى ھىمايىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. قۇرئاننىڭ ھەم ئەھكامى، ھەم بۇ ئەھكامنىڭ ئىجرا قىلىنىش شەكلى ئەسىرلەر بويى بۇ ئىلاھى ھىمايە ئاستىدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يېتىپ كەلگەن. مۇئمىنلەر بۇ ئارقىلىق نامازنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلىنىمۇ ـ ئاللاھتىن ـ ئۆگەنگەن. چۈنكى نامازلارنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلىنى بىزگە ئۆگەتكۈچى ئاللاھتۇر. ئەمما ئاللاھ بۇنى ـ بىز ئويلىغاندەك شەكىلدە ئەمەس ـ مۇئەييەن سىستېما ئارقىلىق ئۆگەتكەن. يەنى، ئاللاھنىڭ نامازنى ئۆگىتىشى بىز ئويلىغاندەك شەكىلدە بولمايدۇ.

## نامازنى قانداق ئوقۇشنى ئاللاھ ئۆگەتكەن

رەببىمىز مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «... ماڭا ئىبادەت قىل ۋە مېنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن»[1] دېگەن. دېمەك، ناماز ئاللاھنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ئادا قىلىنىدۇ. يەنى، بىز مۇئمىنلەر نامازنى، رەببىمىزنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ئوقۇيمىز. مۇنداقچە ئېيتساق، بىزلەر تەلەپكە لايىق شەكىلدە (ئاللاھ ئۆگەتكەن ھالەتتە) رەببىمىزنى ياد ئەتسەك، نامازنى ئوقۇغان بولىمىز. چۈنكى رەببىمىز «مېنى، مەن ئۆگەتكەن شەكىلدە ياد ئېتىڭلار» دېمەكتە.

«نامازلارنى ۋە ئوتتۇرا نامازنى داۋاملاشتۇرۇڭلار ۋە ئاللاھ ئۈچۈن خۇشۇ ئىچىدە قىيامدا تۇرۇڭلار. ئەگەر قورقۇنچتا قالغان بولساڭلار، بۇنى پىيادە ياكى ئۇلاغ ئۈستىدە كېتىۋېتىپ (ئادا قىلىڭلار). خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن ۋاقتىڭلاردا ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆگەتكىنى بۇيىچە ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار» (بەقەرە سۈرىسى، 238 ـ 239 ـ ئايەتلەر).

دېمەك، بىز مۇئمىنلەر رەببىمىزنى بىزگە ئۆگەتكەن شەكىلدە ياد ئېتىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ياد قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق سالات (ناماز)لىرىمىزنى مۇھاپىزەت (ئادا) قىلغان بولىمىز. ئاللاھ بىزگە بۇنى (ئاللاھنى ياد قىلىش، يەنى ناماز ئوقۇشنى) قاچان ۋە قانداق ئۆگەتكەن؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى

(1) تاھا سۈرىسى، 14 ـ ئايەت

بىرىش ئۈچۈن، رەببىمىزنىڭ بىلمىگەنلىرىمىزنى بىزگە قانداق ئۆگەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئوقۇش ۋە بۇ ئارقىلىق رەببىمىزنىڭ بىزگە قانداق ئۆگەتكەنلىكىنى قۇرئاندىن كۆرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

رەببىمىز بىزگە بىلمىگەنلىرىمىزنى قانداق ئۆگىتىدۇ؟

ئاللاھ ئۆزى ئۈچۈن «ئۇ، قەلەم بىلەن (يېزىش)نى ئۆگەتكۈچىدۇر»[1] دېگەن. ھالبۇكى، بىز ئىنسانلارغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكۈچى باشقا كىشىلەردۇر. لېكىن ئىلىمنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئاللاھ بولغانلىقى ئۈچۈن، رەببىمىز كىشىلەر ئۆگەتكەن بۇ يېزىش پائالىيىتىنى ئۆزىگە قاراتقان.

«ئىچىڭلاردىن بىر كاتىپ (قەرزنى) ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئۆگەتكىنى بويىچە يازسۇن، ھەرقانداق كاتىپ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئۆگەتكىنىدەك يېزىشتىن باش تارتمىسۇن...»[2] دېگەن ئايەتتە ئىپادىلەنگەنىدەك يېزىشنى ئاللاھ ئۆگەتكەن. ھالبۇكى، ھەممىمىزگە مەلۇم بولغاندەك كاتىپلارنىڭ خەت يېزىشنى باشقا كىشىلەردىن ئۆگىنىدۇ. لېكىن رەببىمىز ئىنسانلار ئۆگەتكەن بۇ پائالىيەتنى ئۆزىگە نىسبەت قىلماقتا. چۈنكى ئىلىملەرنىڭ مەنبەسى ئاللاھتۇر.

يەنە ئوخشاش شەكىلدە ئوۋچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارمۇ ئىنسانلاردىن ئۆگىنىلگەن تۇرۇپ، بۇلارنىڭ ئوۋچىلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئۆگىتىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان «ئاللاھ سىلەرگە ئۆگەتكەن ئىلىملەر بىلەن سىلەر ئۆگەتكەن جانىۋارلار شىكار قىلغان نەرسىلەرنى يەڭلار»[3] مەنىسىدىكى ئايەتتىمۇ ئوخشاش نۇقتا تىلغا ئېلىنغان. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، شىكار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان باشقا كىشىلەردىن ئۆگىنىمىز. ئوۋچىلار، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ كېلىنگەن تەجرىبە خاراكتېرلىك بىلىملەرنى ئاللاھ ئۆزىگە مەنسۇپ قىلماقتا.

بۇ مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىشىلەر ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ بېرىش (تەۋاتۇر) ئارقىلىق ئۆگەنگەن بارلىق بىلىملەرنى رەببىمىز ئۆزىگە مەنسۇپ قىلماقتا. چۈنكى نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ھەر نەرسىنى ئۆگەتكۈچى ئاللاھتۇر. رەببىمىزگە تۇتۇشمايدىغان ھېچقانداق ئىلىم يوق. چۈنكى «ئۇ (ئاللاھ)، ئىنسانغا

---

(1) ئەلەق سۈرىسى، 3 ـ ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 282 ـ ئايەت

(3) مائىدە سۈرىسى، 4 ـ ئايەت

بىلمىگەن ھەر نەرسىنى ئۆگەتتى»[1].

دېمەك، رەببىمىز بىزگە ئۆزىنى قانداق ياد ئېتىدىغانلىقىمىزنى (نامازنى قانداق ئادا قىلىدىغانلىقىمىزنى) ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ كېلىنگەن مۇتەۋاتىر مەلۇماتلار ئارقىلىق ئۆگەتمەكتە. ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ كېلىنگەن بۇ خىل مەلۇماتلار ئىسلام ئىلمىدە «تەۋاتۇر (مۇتەۋاتىر)» دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىنكى پاراگرافلاردا بۇ ھەقتە تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلىدۇ. بۇنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى (رەببىمىزنىڭ ناماز ئوقۇش شەكلىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزۈش يولىنى - تەۋاتۇر سۈپىتىدە - قانداق ئۆگەتكەنلىكىنى) تۆۋەندىكى ئايەتتىن روشەن ھالدا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

يَٓا اَيُّهَا الَّذٖينَ اٰمَنُٓوا اِذَا نُودِيَ لِلصَّلٰوةِ مِنْ يَوْمِ الْجُمُعَةِ فَاسْعَوْا اِلٰى ذِكْرِ اللّٰهِ وَذَرُوا الْبَيْعَۜ ذٰلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ اِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ فَاِذَا قُضِيَتِ الصَّلٰوةُ فَانْتَشِرُوا فِي الْاَرْضِ وَابْتَغُوا مِنْ فَضْلِ اللّٰهِ وَاذْكُرُوا اللّٰهَ كَثٖيراً لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ

«ئى مۇئمىنلەر! جۈمە كۈنى ناماز(ئەسسالات)قا دەۋەت قىلىنغان چاغدا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە ئالدىراڭلار ۋە سودا - سېتىقنى تاشلاڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. نامازنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال زېمىنغا تارىلىپ، ئاللاھنىڭ پەزلىنى ئىزدەڭلار. مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار» (جۇمۇئە سۈرىسى، 10 - 9 - ئايەتلەر).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە «جۈمە كۈنى ناماز ئۈچۈن چاقىرىلغان ۋاقتتا ‹نامازغا ئالدىراڭلار› ئىپادىسىنىڭ ئورنىغا ‹جۈمە كۈنى نامازغا چاقىرىلغان ۋاقتتا ئاللاھنى ياد قىلىشقا ئالدىراڭلار» ئىپادىسى يەر ئالغان بولۇپ، ‹نامازنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال تارقىلىڭلار› ...» دېيىلگەن. يەنى، «ناماز» ئارقىلىق «ئاللاھنى ياد ئېتىش» ئىپادىلىرى مەنىداش شەكىلدە ئىشلىتىلگەن.

رەببىمىز، ئۆزىنى قانداق ياد ئېتىدىغانلىقىمىزنى (نامازنى قانداق ئادا قىلىدىغانلىقىمىزنى) بىزگە مانا مۇشۇنداق مۇتەۋاتىر ئەمەل ئارقىلىق ئۆگىتىدۇ. بىزلەر نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىزدىن ئىلگىرىكىلەردىن ئۆگىنىمىز، بىزدىن كېيىنكىلەر بولسا بىزدىن ئۆگىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەسىرلەر بويى بارلىق ئەۋلادلار نامازنى ئوخشاش شەكىلدە ئادا قىلىدۇ.

بىز مۇئمىنلەر جۈمە كۈنى ئەس - سالات (ناماز) ئۈچۈن چاقىرىلغان ۋاقتتا جەم بولۇپ، بىرلىكتە ئاللاھنى ياد ئېتىمىز. تۇنجى قېتىم جۈمە نامىزىغا كەلگەن بىر

(1) ئەئلا سۈرىسى، 5 - ئايەت

مۇئمىن باشقا مۇئمىنلەرنىڭ «قۇرئاندىن بەزى ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى قىلغانلىقىنى (خۇتبە)، ئاندىن بىرلىكتە ئوخشاش تەرەپكە يۈزلىنىپ (قىبلە)، ھۆرمەت بىلەن ئۆرە تۇرغانلىقىنى (قىيام)، ئاللاھقا تەكبىر، تەسبىھ، تەھمىد، تازىم قىلغانلىقىنى، بۇ مەقسەتتە قۇرئاندىن بەزى ئايەتلەرنى ئوقۇغانلىقىنى (قىرائەت)، بۇلارنى ئالدىغا ئېگىلىپ (رۇكۇ) ۋە پېشانىسىنى يەرگە تەگكۈزۈپ (سەجدە) ئادا قىلغانلىقىنى، بۇ ھەرىكەتلەرنى ئىككى قېتىم تەكرارلاپ (رەكەت)، ئاخىرىدا بىر ئاز ئولتۇرۇپ (قۇئۇد) ئاللاھنى ياد قىلغان (ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقان)دىن كېيىن، ئاندىن ئوڭ ۋە سول تەرەپكە سالام بەرگەنلىكىنى، ئۆزئارا خاتىرجەملىك تىلەپ تارقالغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ ئارقىلىق نامازنىڭ قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقىنى باشقا مۇئمىنلەردىن ئۆگىنىدۇ. رەببىمىز ئۆزىنى قانداق ياد ئېتىدىغانلىقىمىزنى (نامازنى قانداق ئادا قىلىدىغانلىقىمىزنى) مانا مۇشۇنداق ئۆگىتىدۇ.

بىزلەر قۇرئاندىكى نامازنىڭ تەپسىلاتلىرىنى پەرز دەپ بىلىنگەن ۋە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئادا قىلىنغان نامازلاردىن ئۆگىنىمىز. جامائەت بىلەن ئادا قىلىنغان نامازلار قۇرئاننىڭ ناماز ئەھكامنى ـ شەكىل جەھەتتىن ـ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن مۇسۇلمانلار ئادا قىلىۋاتقان نامازلاردا قۇرئاندا بولمىغان بەزى تەرەپلەرنىڭ قوشۇلغانلىقى ۋە شەكىلۋازلىقنىڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغانلىقىمۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەتتۇر (بۇ ئەھۋال ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن ئەللەردىن بىرسى تۈركىيە). بۇ شەكىلدىكى ئىلاۋەلەر ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۆگەتكەن نامازنىڭ دائىرىسى ئىچىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى بۇلار ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك قۇرئان ئەھكاملىرى ئىچىدە يوق. بۇ سەۋەبتىن بۇلارنى قۇرئانغا قاراپ شاللاش كېرەك. چۈنكى نامازنىڭ تەتبىقلىنىشى قۇرئان ئەھكامى بىلەن بىردەك بولۇشى شەرت. ئاللاھ ئۆگەتكەن نامازنىڭ ئەھكامدا قۇرئانغا، تەتبىقلاشتا بولسا مۇئمىنلەرنىڭ ئىجرا قىلىشىنى ئاساس قىلىشى، ئەھكام ۋە تەتبىقلاشنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىش ئىچىدە بولۇشىنى تەقەززا قىلىدىغان بولۇپ، بۇ، ئەسىرلەر بويىچە مۇشۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن.

قۇرئاندىن ئىبارەت ئەھكام بار يەردە بۇنىڭ ئەكسىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى قۇرئان ھۆكۈملىرىنى قوغداپ كەلگەندەك، ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىمۇ ئەلۋەتتە ھىمايە قىلىپ كەلگەن.

بىز مۇئمىنلەر نامازلىرىمىزنى ئەسىرلەردىن بۇيان مانا بۇ يول ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش شەكىلدە ئادا قىلىمىز. بىزنىڭ نامىزىمىز بىلەن ئۇ (رەسۇلۇللاھ)نىڭ نامىزى ئارىسىدا ـ شەكىل جەھەتتىن ـ ھېچقانداق پەرق يوق. ھەتتا ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ نامىزى بىلەنمۇ پەرق يوق. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى

قۇرئان ئۇنى مۇتەۋاتىر ئەمەل ۋاستىسى ئارقىلىق ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىپ قوغدىغان. نامازنىڭ ئەركانلىرىنى بەلگىلەپ بەرگۈچى ئاللاھتۇر ۋە ئۇلارنى ھەم ئەھكام، ھەم تەتبىقلاش جەھەتتە بىرگە ئۆگەتكۈچى يەنىلا ئاللاھتۇر.

مانا بۇ مەلۇماتلار «رەسۇلۇللاھ، نامازنىڭ رەكەت ۋە رۇكۇنلىرىنى نېمىگە ئاساسەن بەلگىلىگەن؟» دېگەن ئۇ بىمەنە سوئالنى بىھۇدە ھالغا كەلتۈرىدۇ. شۇنداقتىمۇ مەزكۇر سوئالنى سورىغۇچىلارغا بىز مۇنداق سوئال بىلەن جاۋاب بېرەيلى: «نامازنىڭ رەكەت ۋە ئەركانلىرىنى بەلگىلىگۈچى رەسۇلۇللاھمۇ؟ ئۇنداقتا ئۇ بۇنى نېمىگە ئاساسەن بەلگىلىگەن؟ رەسۇلۇللاھنىڭ ‹نامازنى قانچە رەكەت قىلىمىز ۋە قانداق شەكىلدە ئادا قىلىمىز؟› دەيدىغان مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۆزىدىن مۇشۇنداق سوئالنى سوراپ باقتىمۇ؟ قۇرئان ئۇنىڭدىن سورالغان ئۇنلىغان سوئالنى بىرگە نەقىل قىلىپ بېرىدۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە مۇشۇنداق بىر سوئال ھەققىدە توختالمايدۇ؟ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟ چۈنكى بۇنداق بىر سوئال سورالمىدى، شۇڭا قۇرئان بۇ ھەقتە توختالمىغان... چۈنكى ناماز رەسۇلۇللاھ بىلەن باشلانمىغان... چۈنكى ناماز قۇرئان دەۋىتى باشلىنىشتىن بۇرۇنمۇ ئادا قىلىناتتى... چۈنكى بىر گۇرۇپپا ئەھلى كىتاب ۋە ـ تېخى نەبى ـ رەسۇل بولمىغان 30 ياشتىكى ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەدمۇ ـ ھەنىف كىشىلەر مىلادى 600 ـ يىلىدا، يەنى دەۋەت باشلىنىشتىن بۇرۇنمۇ ناماز ئوقۇيتتى... 30 ياشلاردىكى مۇھەممەد، نامازنى قايسى ۋاقىتلاردا ۋە قانچە رەكەت قىلاتتى؟ بۇلارنى ئۇنىڭغا كىم ئۆگەتكەنىدى؟». ئۇ، نەبى ـ رەسۇل بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ ۋەھيي ئالاتتى ۋە نامازنىڭ قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقىنى مۇشۇنداق يول بىلەن ئۆگەنگەنىدى، دېيەلمەيدىغانلىقىمىز نەزەردە تۇتۇلغاندا، ناماز ئوقۇشنى بۈگۈن بىزگە كىم ئۆگەتكەن بولسا، ئۇنىڭغىمۇ ئۇ ئۆگەتكەن.

بىز رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمەلى بىلەن بىزنىڭ ئەمەلىمىز ئوتتۇرىسىدا شەكىل جەھەتتىن نېمە ئۈچۈن پەرق يوقلىقىنى، پەقەت نامازنى مىسال قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە باشقا مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈش ۋە بۇ مەسىلىنى «ۋەھيىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە شەرىئەتتە ئىزچىللىق پىرىنسىپى» دائىرىسى ئىچىدە چۈشەندۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىمىز.

## ۋەھيىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە شەرىئەتتە ئىزچىللىق پىرىنسىپى

ۋەھيىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ئالدىنقى شەرىئەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىش پىرىنسىپى نەزەردە تۇتۇلمىغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن مەسىلىدە خاتا چۈشىنىش كېلىپ

چىقماقتا. خۇددى رەسۇلۇللاھ تۇنجى ئىسلام پەيغەمبىرى، بىز بولساق تۇنجى مۇسۇلمان ئۈممىتىدەك قارالغان ۋە ئىسلامنىڭ 14 ئەسىر ئىلگىرى نۆلدىن باشلانغان بىر دىن ئىكەنلىكى، بارلىق شەرىئەتنىڭ تۇنجى بولۇپ قۇرئان ئارقىلىق نازىل قىلىنغان دەپ چۈشىنىلگەن. بۇ چۈشەنچە توغرا ئەمەس.

ئىسلام، ئاللاھ ئەۋەتكەن تۇنجى دىن ئەمەس بولۇپ، ئەزەلدىن تارتىپ بار بولغان ۋە ئەبەدىي مەۋجۇت بولىدىغان دىندۇر[1]. مۇھەممەد (ئە س)، ئەۋەتىلگەن تۇنجى مۇسۇلمان نەبى - رەسۇل ئەمەس، ئەكسىچە ئەڭ ئاخىرقى نەبى - رەسۇلدۇر[2]. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ناھايىتى كۆپ مۇسۇلمان نەبى - رەسۇللار ئەۋەتىلگەن[3]. بىزلەرمۇ تۇنجى ئەمەس، بەلكى ئاخىرقى مۇسۇلمان ئۈممىتىمىز. چۈنكى ئىلگىرىكى نەبى - رەسۇلۇللارغا ئەگەشكەنلەرمۇ مۇسۇلمان ئىدى[4].

بۇ رېئاللىق نەزەردە تۇتۇلمىغانلىقى ئۈچۈن تەھەرەت، ناماز، زاكات، ھەج ۋە روزىغا ئوخشاش ئاساسلىق ئىبادەتلەرنىڭ خۇددى تۇنجى قېتىم قۇرئان بىلەن پەرز قىلىنغان دەپ قارالغان. ھالبۇكى، بۇ ئىبادەتلەر تۇنجى قېتىم قۇرئان ئارقىلىق پەرز قىلىنغان ئەمەس. قۇرئان بۇ ئىبادەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇرئان ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن. لېكىن بۇ ئىبادەتلەر قۇرئاندىن ئىلگىرى باشلانغانىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ ئىبادەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك قۇرئان ئايەتلىرى نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى (ئىلگىرىكى شەرىئەتكە رىئايە قىلىپ) ئادا قىلىشقا باشلىغان. يەنى، رەسۇلۇللاھ بۇ ئىبادەتلەرنى قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھيى مەلۇماتلىرىغا (غەيرى مەتلۇۋ ۋەھيى) ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى ۋەھيى (شەرىئەت ئەھكامى)گە رىئايە قىلىپ ئادا قىلىشقا باشلىغان.

مۇسا جارۇللاھ بىگىيېۋ، «ناماز، تاھارەت، تەيەممۇم، ھەج، روزا ۋە زاكاتقا ئوخشاش ئاساسلىق ئىبادەتلەرنىڭ تۇنجى بولۇپ قۇرئان ئارقىلىق پەرز قىلىنمىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئادا قىلىنىپ كېلىنگەنلىكىنى، چۈنكى بۇلارنىڭ سۈننەت ئارقىلىق بەلگىلەنگەنلىكىنى، بۇ سەۋەبتىن دىندا ئەسلى مەنبەنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى، قۇرئاننىڭ بولسا بۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى كېيىن خاتىرىلەپ ماڭغانلىقىنى»[5] ياقلايدۇ. بىگىيېۋنىڭ بۇ قارىشى

---

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 19، 85؛ مائىدە سۈرىسى، 3-ئايەت

(2) ئەھزاب سۈرىسى، 40-ئايەت

(3) ئالئىمران سۈرىسى، 67، 144؛ ئەنئام سۈرىسى، 42؛ يۈسۈف سۈرىسى، 109؛ ئەنبىيا سۈرىسى، 7؛ رەئد سۈرىسى، 38؛ قەسەس سۈرىسى، 53-ئايەت

(4) بەقەرە سۈرىسى، 132؛ قەسەس سۈرىسى، 53-52-ئايەتلەر

(5) مۇسا جارۇللاھ بىگىيېۋ، «كىتابۇس-سۈننە»، 11-7-بەتلەر

(بۇ ئىبادەتلەرنىڭ قۇرئاندىن ئىلگىرى مەۋجۇتلىقى) ئەلۋەتتە توغرا. لېكىن بىگىيىۋنىڭ سۈننەت ھەققىدىكى قارىشى خاتا. چۈنكى دىنىنىڭ ئەسلى مەنبەسى سۈننەت ئەمەس، بەلكى «كىتاب»تۇر. «كىتاب» ئىپادىسى پەقەت «قۇرئان»نىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك[1].

رەسۇلۇللاھ بۇ ئىبادەتلەرنى ئۆزىگە ۋەھيي قىلىنغان غەيرى مەتلۇۋ ۋەھيي بىلەن ئەمەس، ئىلگىرىكى كىتابلار (شەرىئەتلەر)نىڭ ھۆكۈملىرىگە (ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ سۈننىتىگە) ئەگىشىپ ئادا قىلغان. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ شەخسى تاللىشى ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە بۇيرۇلغان ۋە ئادا قىلىشى زۆرۈر بولغان ۋەزىپە ئىدى. ئەگەر قۇرئاندىن ئىلگىرىكى ئىلاھى كىتابلارنىڭ ئەسىرلەر بويىچە ئىجرا قىلىنىپ كېلىنگەن ھۆكۈملىرىگە (ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنىغا) «مۇتەۋاتىر سۈننەت» مەنىسىدە «سۈننەت» دېسەك، شۇنداق، بۇ مەنىدىكى «سۈننەت» دىنىنىڭ ئەسلى مەنبەسى ۋە ياكى «دىنى ئىبادەتلەرنىڭ تەتبىقلىنىش ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن ئەسلى مەنبەسى» دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن بۇنداق سۈننەت بىگىيىۋنىڭ نەزەردە تۇتقان سۈننەت ئەمەسلىكى، يەنى بۇلارنىڭ «غەيرى مەتلۇۋ ۋەھيي» ئەمەسلىكى شەكسىزدۇر. بۇلار ئىلگىرىكى ئىلاھى كىتابلارنىڭ ئەھكامى ۋە بۇ ئەھكامنىڭ مۇتەۋاتىر شەكلىدە ئىجرا قىلىنىشىدۇر. بۇ خۇددى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بولغان قۇرئان ئەھكاملىرىنىڭ مۇتەۋاتىر تەتبىقلىنىشىغا ئوخشايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ مۇتەۋاتىر سۈننىتى، رەسۇلۇللاھنىڭ دىنى جەھەتتىن دەسلەپكى مەلۇمات مەنبەسى بولغان ئىدى. بۇ سۈننەت ۋەھيىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە شەرىئەتنىڭ ئىزچىللىقى نەتىجىسىدە نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان يېتىپ كەلگەن. ئىلگىرىكى رەسۇللاردىن رەسۇلۇللاھقا، رەسۇلۇللاھتىن بولسا بىزگە يېتىپ كەلگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ شەكىلدە ئادا قىلىشقا باشلىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئەھكامى، كېيىن نازىل بولغان ئايەتلەر ئارقىلىق قۇرئاندىن ئورۇن ئالغان ۋە بۇ شەكىلدە خاتىرىلەنگەن. ئەمدى بۇ مەسىلىنى باشتىن باشلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئۆتەيلى:

ئاخىرقى نەبى - رەسۇل مۇھەممەد (ئە س)كە ۋەھيي قىلىنغانلار بىلەن، ئىلگىرىكى نەبى - رەسۇللارغا ۋەھيي قىلىنغانلار ئوتتۇرىسىدا (نەسخ قىلىنغان، يەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھۆكۈملەردىن باشقا) ھېچقانداق بىر پەرق يوق. ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە شەرىئەت قىلىپ بەلگىلىگەن نەرسىلەرنى بىزگىمۇ

(1) يۇنۇس سۈرىسى، 37؛ زۇخرۇف سۈرىسى، 4؛ ۋاقىئە سۈرىسى، 78-77؛ بۇرۇج سۈرىسى، 22-21-ئايەتلەر.

ئوخشاش شەكىلدە شەرىئەت (دىن) قىلىپ بەلگىلىگەن:

**شَرَعَ لَكُمْ مِنَ الدِّينِ مَا وَصّٰى بِه۪ نُوحاً وَالَّـذ۪ٓي اَوْحَيْنَٓا اِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِه۪ٓ اِبْرٰه۪يمَ وَمُوسٰى وَع۪يسٰٓى اَنْ اَق۪يمُوا الدّ۪ينَ وَلَا تَتَفَرَّقُوا ف۪يهِ**

«(ئاللاھ) نۇھقا بۇيرۇغان نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن دىن (شەرىئەت) قىلدى. ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بۇيرۇغانلىرىمىزنى ساڭىمۇ ۋەھيي قىلدۇق (ئۇلارغا نېمىنى بۇيرۇغان بولساق، ساڭىمۇ ئوخشىشىنى بۇيرۇدۇق). «دىننى تىكلەڭلار، ئۇنىڭدا تەپرىقچىلىك قىلماڭلار» (دېدۇق)» (شۇرا سۈرىسى، 13 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە نۇھ (ئە س)نىڭ قوۋمى ئۈچۈن شەرىئەت (دىن) قىلىنغانلار بىلەن بىز ئۈچۈن شەرىئەت (دىن) قىلىنغانلار ئوخشاشتۇر. ئاللاھ ئىلگىرىكى نەبى ـ رەسۇللارغا نېمىنى ۋەھيي قىلغان (بۇيرۇغان) بولسا، رەسۇلۇللاھقىمۇ ئوخشاش نەرسىنى بۇيرۇغاندى. يەنى، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە بۇيرۇلغان بۇيرۇقلار (ھۆكۈملەر) بىزگىمۇ بېرىلگەنىدى. بۇ سەۋەبتىن ۋەھيىنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە شەرىئەتنىڭ ئىزچىللىقىنىڭ تەقەززاسى بىلەن، ئىلگىرىكى شەرىئەت ئەھكامى (نەسخ قىلىنمىغىچە) بىز ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە (شەرئۇ مەن قەبلەنا)[1]. بۇ سەۋەبتىن ئىلگىرىكى رەسۇللارغا بېرىلگەن بارلىق ئەمرلەر (ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ھۆكۈملىرى) رەسۇلۇللاھ ئارقىلىق ھەممىمىزگە بېرىلدى دېگەنلىكتۇر. چۈنكى مۇھەممەد (ئە س)كە ۋەھيي قىلىنغان قۇرئان، ئىلگىرىكى رەسۇللارغا ۋەھيي قىلىنغانلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**اِنَّٓا اَوْحَيْنَٓا اِلَيْكَ كَمَٓا اَوْحَيْنَٓا اِلٰى نُوحٍ وَالنَّبِيّ۪نَ مِنْ بَعْدِه۪ۚ وَاَوْحَيْنَٓا اِلٰٓى اِبْرٰه۪يمَ وَاِسْمٰع۪يلَ وَاِسْحٰقَ وَيَعْقُوبَ وَالْاَسْبَاطِ وَع۪يسٰى وَاَيُّوبَ وَيُونُسَ وَهٰرُونَ وَسُلَيْمٰنَۚ وَاٰتَيْنَا دَاوُ۫دَ زَبُوراً**

«شۈبھىسىزكى، بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن نەبىلەرگە ۋەھيي قىلغاندەك ساڭىمۇ ۋەھيي قىلدۇق (ئۇلارغا نېمىنى ۋەھيي قىلغان بولساق، ساڭىمۇ ئوخشىشىنى ۋەھيي قىلدۇق). ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، ياقۇپقا، نەۋرىلىرىگە، ئىساغا، ئەييۇپقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا ۋە سۇلەيمانغىمۇ ۋەھيي قىلدۇق. داۋۇدقا زەبۇرنى بەردۇق» (نىسا سۈرىسى، 163 ـ ئايەت).

**مَا يُقَالُ لَكَ اِلَّا مَا قَدْ ق۪يلَ لِلرُّسُلِ مِنْ قَبْلِكَۜ اِنَّ رَبَّكَ لَذُو مَغْفِرَةٍ وَذُو عِقَابٍ اَل۪يمٍ**

«(ئى رەسۇل) ساڭا ئېيتىلغانلار، سەندىن ئىلگىرىكى رەسۇللارغا ئېيتىلغانلاردىن

---

(1) فاتىھ ئورۇم، «قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدا قۇرئاننى چۈشىنىش مېتودى»، 31 ـ بەت

باشقا نەرسە ئەمەس» (فۇسسىلەت سۈرىسى، 43-ئايەت).

قۇرئان، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىلاھى كىتابلارنى رەت قىلغان ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى تەستىق قىلغان ۋە ساقلاپ قالغان كىتابتۇر[1]. ئىلگىرىكى كىتابلاردىن يوشۇرۇلغان ھەقىقەتلەرنى بايان قىلغان (ئاشكارا قىلدى)[2]. ئۇلاردا يەر ئالغان ھۆكۈملەرنىڭ بۇيۇك بىر قىسمىنى تەستىق قىلغاندا، بۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئوخشىشى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى بىلەن ئالماشتۇرىدۇ (نەسخ قىلىدۇ)[3]. بۇ ئارقىلىق ئالدىنقى كىتابلارنى ھەم تەستىق قىلغان، ھەم قوغداپ قالغان بولىدۇ.

وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقاً لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِناً عَلَيْهِ

«بىز ساڭا ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلسۇن ۋە ئۇلارنى ساقلاپ قالسۇن دەپ ساڭا بۇ كىتابنى ھەق بىلەن نازىل قىلدۇق» (مائىدە سۈرىسى، 48-ئايەت).

مانا بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ ئىبادەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نازىل بولۇشتىن بۇرۇن (ئىلگىرىكى شەرىئەتكە ئەگىشىپ) ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا باشلىغانىدى. چۈنكى بۇلار ئىلگىرىكى كىتابلاردا بىلدۈرۈلگەن ھۆكۈملەر ئىدى. بۇلار ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۆزگە بىلدۈرۈلدىغان (ۋەھيى قىلىنىدىغان) ھۆكۈملەر ئىدى. بۇ سەۋەبتىن بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ھەر بىرىنى ئالاھىدە كۆتۈشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئەكسىچە پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىنمۇ بىر تۈركۈم ئىبادەتلەرنى ئادا قىلمىغان، مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇشىنى كۈتكەن بولاتتى. بۇ سەۋەبتىن ئىلگىرىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك تاھارەت، ناماز، زاكات، ھەج ۋە روزىغا ئوخشاش ئىبادەتلەرنى، بۇ ئىبادەتلەرنىڭ پەرز قىلىنغانلىقى قۇرئان ئايىتى بىلەن بىلدۈرۈلۈشتىن بۇرۇن (ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ يولىغا ئەگىشىپ) ئادا قىلىشقا باشلىغان. بۇ رىئاللىق ئۇنىڭ شەخسى تاللىشى ئەمەس، ئاللاھ تائالا بەرگەن ۋەزىپە ئىدى.

أُولَٰئِكَ الَّذِينَ هَدَى اللهُ فَبِهُدَيٰهُمُ اقْتَدِهْ

---

(1) بەقەرە سۈرىسى، 41؛ ئالئىمران سۈرىسى، 81؛ ئەنئام سۈرىسى، 92؛ يۇنۇس سۈرىسى، 37؛ يۇسۇف سۈرىسى، 111-ئايەت

(2) مائىدە سۈرىسى، 15؛ نەھل سۈرىسى، 44، 89-ئايەتلەر

(3) نەسخ، ئىلگىرىكى كىتابلاردا بولغان بىر ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى ياكى تېخىمۇ ياخشىسىنىڭ يولغا قويۇلىشى بولۇپ (مەسىلەن: قىبلىنىڭ قۇددۇستىن مەككىگە ئۆزگەرتىلىشىگە ئوخشاش)، قۇرئاندا نەسخ قىلىنغان ئايەت مۇنداق: «بىز بىر ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىمىز ياكى ئۇنى ئۇنتۇلدۇرساق، چوقۇم تېخىمۇ ياخشىسىنى ياكى ئوخشىشىنى كەلتۈرىمىز. ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟» (بەقەرە سۈرىسى، 106-ئايەت)

«ئەنە شۇلار (ئىلگىرىكى نەبى - رەسۇللار) ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر. سەن ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن» (ئەنئام سۈرىسى، 90-ئايەت).

قُلْ صَدَقَ اللّٰهُ فَاتَّبِعُوا مِلَّةَ اِبْرٰهٖيمَ حَنٖيفاًّ وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكٖينَ

«ئېيتقىنكى: ‹ئاللاھ راست ئېيتتى. ئۇنداقتا توغرا بولغان، ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغۇچى سۈپىتىدە ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن. ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى› » (ئالئىمران سۈرىسى، 95-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ۋەھيىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا نازىل بولغان بۇ ئايەتلەردە، رەسۇلۇللاھقا «ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئىلگىرىكى شەرىئەتكە رىئايە قىل» دېيىلگەنىدى. بۇ مەقسەتتە بارلىق پەيغەمبەرلەر تىلغا ئېلىنغان (ئەنئام سۈرىسى، 89-83-ئايەتلەردە). لېكىن قۇرئان ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگىشىشنى ۋە ئۇنى ئۈلگە قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن[1]. بۇنىڭ سەۋەبى ھىجاز رايونىدىكى بارلىق قوۋملەرنىڭ، يەنى ھەنىفلەر، يەھۇدىيلار، خىرىستىيانلار ۋە ھەتتا بۇتپەرەست مۇشرىكلارنىڭمۇ ھەزرىتى ئىبراھىمنى بىلىدىغانلىقى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلىشى ئىدى[2]. قۇرئان بۇ دەۋالارغا قارشى مۇنداق دېگەنىدى:

اِنَّ اَوْلَى النَّاسِ بِاِبْرٰهٖيمَ لَلَّذٖينَ اتَّبَعُوهُ وَهٰذَا النَّبِيُّ وَالَّذٖينَ اٰمَنُواۜ وَاللّٰهُ وَلِيُّ الْمُؤْمِنٖينَ

«كىشىلەر ئىچىدە ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن بولغانلار، شۈبھىسىزكى ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەردۇر. بۇ نەبى (مۇھەممەد) ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلاردۇر. ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ دوستىدۇر» (ئالئىمران سۈرىسى، 68-ئايەت).

ھەزرىتى ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن بولغانلار بۇ ئايەتتە 1) ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر. 2) نەبى (مۇھەممەد). 3) ئۇنىڭغا (نەبى مۇھەممەدكە) ئىمان ئېيتقانلار شەكلىدە تەرتىپ بىلەن تىلغا ئېلىنغان. نەبىدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان «ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر» ئىبارىسى زامان چەكلىمىسى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا (نەبى مۇھەممەد كېلىشتىن بۇرۇن)، ھەزرىتى ئىبراھىمغا ئەگەشكەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئايەتتە «بۇ نەبى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار» جۈملىسى ئايرىم ھالدا ئىپادىلەنگەن. بۇ سەۋەبتىن «ئۇنىڭغا (ئىبراھىمغا) ئەگەشكەنلەر»نىڭ، «نەبىگە

(1) بەقەرە سۈرىسى، 130؛ ئالئىمران سۈرىسى، 95؛ مۇمتەھىنە سۈرىسى، 6-4-ئايەتلەر
(2) بەقەرە سۈرىسى، 136، 140؛ ئالئىمران سۈرىسى، 85-65-ئايەتلەر

ئەگەشكۈچىلەرنى» كۆرستىشى ھېكمەتكە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ[1].

دېمەك، ھىجاز رايونىدا رەسۇلۇللاھ كېلىشتىن بۇرۇنمۇ ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن بىر جامائەت بار ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ھەج ۋە ناماز قاتارلىق ئىسلامدىكى ئاساسلىق ئىبادەتلەر تا ھەزرىتى ئىبراھىم دەۋرىدىن تارتىپ ئەسىرلەر بويىچە ئادا قىلىنماقتا ئىدى. بۇ ئىبادەتكە شېرىك يۇقتۇرغانلار بولغاندەك، بۇ ئىبادەتلەرنى ئەسلىگە مۇۋاپىق ھالدا ئادا قىلىۋاتقان ھەنىف كىشىلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئالۇسى (ھىجرى 1924/1342)، ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەرنىڭ ئامىر ب. لۇھەي ئەل-خۇزائى ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۇششاق مەسىلىلەر ۋە ئەھكاملاردا ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ شەرىئىتىگە رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى؛ ناماز، روزا، ھەج، زاكات، سىلەئى رەھىم، ياخشى ئىشلار ۋە گۈزەل ئەخلاقنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى؛ بۇزۇلۇشنىڭ بولسا كېيىنكى دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ئېيتقان[2]. ئەمما بۇنىڭغا قارىماستىن بۇزۇلمىغان ھەنىفلەرمۇ بار ئىدى. ھەنىفلەر بۇ ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەزرىتى ئىبراھىم دەۋرىدىن تارتىپ مۇسۇلمان ھالىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ ئادا قىلىپ كەلگەنىدى. ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنى (سۈننىتى)نى ئادا قىلغان جامائەت، مانا بۇ مۇۋاھھىت (تەۋھىد ئەھلى)لەر ئىدى. شۈبھىسىزكى، رەسۇلۇللاھمۇ بۇ مۇۋاھھىت جامائەتنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ بىر قانچە ئىبادەتنى، مەزكۇر ئىبادەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك قۇرئان ئايىتى تېخى نازىل بولماستىن ئادا قىلىشقا باشلىشى، مانا بۇ شەكىلدە ۋە ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنى (سۈننىتى)غا ئەگىشىشى نەتىجىسىدە بولغانىدى. يەنى، قۇرئاننىڭ ئۆزىگە ئارتقان ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ، ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ يولى (سۈننىتىگە ياكى ئىلگىرىكى كىتابلار)غا ئەگىشىش ئارقىلىق ئۇ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغانىدى. تۆۋەندە بۇ ھەقىقەتنى روشەن مىساللار بىلەن ئىزاھلاپ ئۆتىمىز.

## 1. مىسال: زىنا جازاسى

رەسۇلۇللاھنىڭ زىنا جازاسى سۈپىتىدە بىر ياكى ئىككى قېتىم چالما - كېسەك

---

(1) م. ئىززەت دەرۋەزە، «قۇرئانغا ئاساسەن ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ھاياتى»، 1-جىلد، 436-بەت

(2) مەھمۇد شۈكرى ئەل-باغدادى ئەل-ئالۇسى، «بۇلۇغۇل-ئەرەب فى مارىفەتى ئەھۋالىل-ئاراب»، دارۇل كۇتۇبىل ئىلمىيىە، بەيرۇت، ت.ي. 2-جىلد، 194-195-بەتلەر (سەۋىم گەلگەچ، ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئەسەردىن نەقىل قىلىندى)

قىلىش جازاسى ئىجرا قىلىنغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[1]. ئەگەر بۇ جازانى ئىجرا قىلغان بولسا (بۇنى كەسكىن ھالدا شۇنداق قىلغان دېيەلمەيمىز)، بۇنى نۇر سۈرىسىنىڭ 2-ئايىتى نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى ۋە تەۋراتقا ئاساسەن شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن[2]. چۈنكى تەۋرات (ئىلگىرىكى شەرىئەت)نىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى ھۆكمى مۇشۇنداق ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭمۇ -يەھۇدىيلار ئارىسىدا- تەۋرات بىلەن ھۆكۈم قىلىشى، «مۇسۇلمان نەبىلەر يەھۇدىيلار ئىچىدە ئۇنىڭ (تەۋرات) بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ» دېگەن مائىدە سۈرىسى 43-ئايىتىگە ئاساسەن شەرت ئىدى. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ تېخى ۋەھيى چۈشمىگەن مەسىلىلەردە ئىلگىرىكى كىتابلارغا رىئايە قىلىش يولىنى تاللىغان[3]. ھەتتا بۇ تاللاش ئەمەس، بەلكى مەجبۇرىيەت ئىدى. لېكىن كېيىن چۈشكەن نۇر سۈرىسى 2-ئايىتى ئارقىلىق تەۋراتتىكى زىنا جازاسى (چالما - كېسەك قىلىش) نەسخ قىلىنغان (ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان) ۋە بۇ جازا ھۆر كىشىلەر ئۈچۈن 100 دەررە قىلىپ بېكىتىلگەن[4].

## 2. مسال: تاھارەت ۋە ناماز

تاھارەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت[5] ھىجرەتتىن 6 يىل كېيىن ۋە مەدىنە دەۋرىدە نازىل بولغان[6]. لېكىن مەككە دەۋرىدىن تارتىپ ناماز بىتاھارەت ھالدا ئادا قىلىنمىغان. يەنى، رەسۇلۇللاھ ۋە باشقا مۇسۇلمانلار مائىدە سۈرىسى 6-ئايەت نازىل بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ شەرىئەتتىكى ئىزچىللىق پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئىلگىرىكى كىتابلارغا رىئايە قىلىپ تاھارەت ئالغان ۋە نامازلىرىنى بۇ شەكىلدە ئادا قىلغان. ھەتتا ساھابىلەردىن ئەلقامە ب. فەغرانىڭ بىلدۈرۈشىچە، رەسۇلۇللاھ بۇ ئايەت نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى دائىم بىتاھارەت يۈرمەسلىككە ئەھمىيەت بەرگەن

(1) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 1608، 1612، 1613

(2) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 1610

(3) مۇھەممەد ھامىدۇللاھ، «قۇرئانى كەرىم تارىخى»، 100-98-بەتلەر

(4) ئابدۇلئەزىز بايىندىر، «قۇرئان نۇرى ئاستىدا توغرا بىلىنگەن خاتالار»، 297-310-بەتلەر. (ئەنئەنىۋى چۈشەنچىدە نۇر سۈرىسى 2-ئايەتتە بۇيرۇلغان بۇ جازا پەقەت تويى قىلمىغانلار ئۈچۈن بولۇپ، مۇھسان - تويى قىلغانلارنىڭ زىنا جازاسى بولسا چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشتۇر (سەرەخسى، «مەبسۇت»، IX/S.60-61 گە قاراڭ). لېكىن بۇ قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى نىسا سۈرىسى 25-ئايەتتە تويى قىلغان قۇل ۋە دېدەكلەرنىڭ زىنا جازاسىنىڭ «ھۆر كىشىلەر ئۈچۈن ئىجرا قىلىنغان جازانىڭ يېرىمى» دەپ بىلدۈرۈلگەن (50 دەررە). ئۆلۈم جازاسىنىڭ يېرىمىنى ئىجرا قىلغىلى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، نۇر سۈرىسى 2-ئايەتتە بۇيرۇلغان 100 دەررە جازا زىنا سادىر قىلغان تويى قىلغان ياكى تويى قىلمىغان بارلىق ھۆر كىشىلەر ئۈچۈندۇر. دېمىسمۇ ئايەتتە تويى قىلغان - قىلمىغان دەپ ئايرىلمىغان).

(5) مائىدە سۈرىسى، 6-ئايەت

(6) ھامدى يازىر، «ھەق دىن قۇرئان تىلى»، مائىدە سۈرىسى، 6-ئايەت

بولۇپ، ھاجەت قىلغاندىن كېيىن تاھارەت ئالمىغىچە ھېچكىمگە گەپ قىلغان، سالام بەرمىگەن ۋە سالام ئالمىغان. قاچانكى ناماز ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇغان بۇ ئايەت نازىل بولدى، تاھارەتنىڭ ھەرقانداق ئىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ناماز ئۈچۈن شەرت ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن دائىم تاھارەت بىلەن يۈرۈشكە ئىنتىلىپ كەتمىدى[1]. ئىبنى ئابباس (ر ئە)تىن رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە:

**حدثنا مسدد ثنا إسماعيل قال ثنا أيوب عن عبد الله بن أبي مليكة عن عبد الله بن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم خرج من الخلاء فقدم إليه طعام فقالوا ألا نأتيك بوضوء فقال إنما أمرت بالوضوء إذا قمت إلى الصَّلاةَ**

«رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) بىر كۈنى ھاجەتخانىدىن چىققانىدى. ئۇنىڭغا يېمەك ئىكرام قىلىندى (ئۇمۇ ئۇنى قوبۇل قىلدى. ساھابىلەردىن بەزىلەر:) ‹تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ كەلتۈرەيلىمۇ؟› دېدى. ئۇلارغا: ‹مەن پەقەت ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقىتتىلا تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلدۇم› دەپ جاۋاب بەردى»[2].

يەنى، تاھارەت ئېلىش مائىدە سۈرىسى 6-ئايەت بىلەن پەرز قىلىنمىغان. بۇ ئايەت كېلىشتىن بۇرۇنمۇ تاھارەت ئېلىش پەرز ئىدى. لېكىن بۇ ئايەت بىلەن تاھارەت ئېلىش بۇيرىقى قۇرئاندىن ئورۇن ئالغان. تاھارەت ئۈچۈن ئېيتىلغان بۇ چۈشەندۈرۈشلەر، نىسا سۈرىسى 43-ئايىتى بىلەن بۇيرۇلغان غۇسۇل ۋە تەيەممۇم ئۈچۈنمۇ ئوخشاش شەكىلدە كۈچكە ئىگە[3].

## 3. مسال: ناماز ۋە قىبلە

رەسۇلۇللاھ قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن بەقەرە سۈرىسى 144-142-ئايەتلىرى نازىل بولغىچە، يەنى ھىجرى 2-يىلىغىچە (تەخمىنەن 15 يىل،يەنى مەككىدە 13 يىل، مەدىنىدە 2 يىل) قۇددۇسقا قاراپ ناماز ئوقۇغان. چۈنكى ئىلگىرىكى شەرىئەتلەردە قىبلە قۇددۇستىكى بەيتۇلمۇقەددەس ئىدى[4]. بەقەرە سۈرىسى 144-142-ئايەتلىرى بىلەن بۇ ھۆكۈم نەسخ قىلىنغان ۋە ئورنىغا ئۇنىڭغا ئوخشىشى ياكى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى ھۆكۈم كەلتۈرۈلگەن (قىبلىنىڭ

(1) ھامدى يازىر، «ھەق دىن قۇرئان تىلى»، مائىدە سۈرىسى، 6-ئايەت

(2) جانان، «كۈتۈبى سىتتە»، 3890 (مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى)

(3) مۇسا جارۇللاھ بىگىيېۋ، «كىتابۇس - سۈننەت»، 8-بەت

(4) فاتىھ ئورۇم، «قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدا قۇرئاننى چۈشىنىش مېتودى»، 87-بەت

ئۆزگەرتىلىشى ھەققىدە كېيىن مەخسۇس توختىلىپ ئۆتىمىز).

## 4. مىسال: ھەج

شەرىئەتنىڭ ئىزچىللىقى ھەققىدە ئەڭ جانلىق مىساللاردىن بىرسى ھەج ئىبادىتىدۇر. چۈنكى ھەج ئىبادىتىنىڭ ئەسىرلەر بويى مەككىدە ئادا قىلىنغانلىقى قۇرئاندا بىلدۈرۈلگەن. «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق ۋە (ئۇنىڭغا): ‹ماڭا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن. تاۋاپ قىلغۇچىلارغا، قىيامدا تۇرغۇچىلارغا، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا ۋە سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك تۇتقىن. كىشىلەر ئارىسىدا ھەجنى جاكارلىغىن. ئۇلار پىيادە ياكى ھارغىن تۆگىلەر بىلەن ئۇزاق يوللارنى بېسىپ كېلىپ، سېنىڭ دەۋىتىڭگە ئاۋاز قوشسۇن› (دېدۇق)»[1].

بۇ سەۋەبتىن ھەج قەدىمدىن بۇيان بىلىنگەن ۋە ئەرەبلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولغان بىر ئىبادەتتۇر[2]. ھەتتا مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھقا قارشى چىقىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرسىمۇ كەبىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ۋە ھەج ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي سەلتەنەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئىدى. مەككىلىك بولۇپ، ھەج قىلمىغان ھېچقانداق كىشى يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھنىڭ پەقەت بىر قېتىم ھەج قىلغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات توغرا ئەمەس. يەنى، رەسۇلۇللاھ ۋاپات قىلغان يىلى (ھىجرى 10، مىلادى 632) ئادا قىلغان ھەج، ئۇنىڭ تۇنجى ھەج ئىبادىتى ئەمەس. بۇ، ئۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنكى ئادا قىلغان تۇنجى ۋە ئاخىرقى ھەج ئىبادىتى ئىدى. ئىسمىدىنمۇ مەلۇم بولغاندەك «ۋىدا ھەجى» ئىدى. لېكىن بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ھەج ئىبادىتى بولۇپ[3]، رەسۇلۇللاھ ھىجرەتتىن بۇرۇن ئىككى قېتىم، جەمئىي بولۇپ ئۈچ قېتىم ھەج قىلغان[4]. ھالبۇكى، قۇرئاندا ھەج ئىبادىتىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئالئىمران سۈرىسى 97-ئايەت ھىجرى 9-يىلدا نازىل بولغان. دېمەك، رەسۇلۇللاھ ئىككى قېتىملىق ھەج ئىبادىتىنى مەككىدىكى ۋاقتىدا ئىلگىرىكى شەرىئەتكە رىئايە قىلغان ئاساستا ئادا قىلغان.

(1) ھەج سۈرىسى، 27-26-ئايەتلەر

(2) قۇرتۇبى، ئالئىمران سۈرىسى، 97-96-ئايەتلەر

(3) قۇرتۇبى، ئالئىمران سۈرىسى، 97-96-ئايەتلەر

(4) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 1577 (تىرمىزى)؛ قۇرتۇبى، ئالئىمران سۈرىسى، 97-96-ئايەتلەر

رەسۇلۇللاھ بۇنىڭغا ئوخشاش شەكىلدە ئۈچ ياكى تۆت قېتىم ئۆمرە ھەجى قىلغان[1].

## 5. مسال: روزا

روزا ئىبادىتىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بەقەرە سۈرىسى 183 ـ ئايەت، ھىجرەتتىن بىر يېرىم يىل كېيىن (شابان ئېيىنىڭ ئاخىرىدا) نازىل بولغان[2]. يەنى، رەسۇلۇللاھقا نەبىلىك بېرىلىپ، قۇرئان دەۋىتى باشلانغاندىن تەخمىنەن 15 يىل ئۆتكەندىن كېيىن روزا ئىبادىتى پەرز قىلىنغان. 15 يىل روزا تۇتمىغان ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولامدۇ؟ رەسۇلۇللاھ ۋە مۇسۇلمانلار، بەقەرە سۈرىسى 183 ـ ئايەت نازىل بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ روزا تۇتقانىدى[3]. چۈنكى روزا ئىبادىتى ھەزرىتى ئادەمدىن تارتىپ پەرز قىلىنغان ئىبادەتتۇر[4]. بەقەرە سۈرىسى 183 ـ ئايىتىدە «سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ روزا ئىبادىتى پەرز قىلىندى» دېيىلگەن. ئەلمالىلىي ھامدى يازىر، بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە پەرز قىلغىنىمىزدەك سىلەرگىمۇ روزا پەرز قىلىندى... بۇ سەۋەبتىن روزىنىڭ مۇشەققىتىنىڭ پەقەت سىلەرگىلا خاس قىلىنغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ بىئارام بولماڭلار. روزا ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىجرا قىلىپ كېلىنگەن بىر ئىلاھى قانۇندۇر. بۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ تەربىيە ۋە تەرتىپ نۇقتىسىدىن ئېھتىياجى ۋە ئىجرا قىلىنىشىدا چەكسىز مەنپەئەتى بار»[5].

دېمەك، رەسۇلۇللاھ قۇرئان بىلەن پەرز قىلىنىشتىن بۇرۇن ئىلگىرىكى شەرىئەتكە رىئايە قىلىپ روزا تۇتقان. بەقەرە سۈرىسى 183 ـ ئايىتى بىلەن روزا ئىبادىتىنىڭ پەرز ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن ۋە قۇرئانغا كىرگۈزۈلگەن.

## 6. مسال: زاكات

يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش شەكىلدە زاكات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمەللىرى ئىچىدە زاكات بار ئىدى[6]. زاكاتنىڭ

---

(1) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 1581 (مۇۋەتتا)

(2) ھامدى يازىر، «ھەق دىن قۇرئان تىلى»، بەقەرە سۈرىسى، 283 ـ ئايەت

(3) مۇسا جارۇللاھ بىگىيېۋ، «كىتابۇس ـ سۈننەت»، 9 ـ بەت

(4) بەيزاۋى، بەقەرە سۈرىسى، 183 ـ ئايەت

(5) ھامدى يازىر، «ھەق دىن قۇرئان تىلى»، بەقەرە سۈرىسى، 183 ـ ئايەت

(6) مۇسا جارۇللاھ بىگىيېۋ، «كىتابۇس ـ سۈننەت»، 9 ـ بەت

پەرز ئىكەنلىكى قۇرئان ئارقىلىق ھىجرى 2-يىلى بىلدۈرۈلگەن[1]. لېكىن زاكات ئىلگىرىكى شەرىئەتلەردە دائىم بار بولغان بىر ئىبادەت ئىدى.

«(ئىسمائىل) ئەھلىنى ناماز ئوقۇشقا ۋە زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى. (ئۇ) رەببىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن كىشى ئىدى» (مەريەم سۈرىسى، 55-ئايەت).

«ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا - ئانىغا، خىش - ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، يوقسۇللارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئەھدە ئالغان ۋە ‹كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىڭلار، ناماز ئۆتەڭلار، زاكات بېرىڭلار› دەپ بۇيرۇق قىلغانىدۇق. نەتىجىدە ئاراڭلاردىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقىڭلار يۈز ئۆرۈدۈڭلار...» (بەقەرە سۈرىسى، 83-ئايەت).

«(ئىسا:) ‹قەيەردە بولاي ئۇ مېنى ئېزىز قىلدى. ھاياتلا بولىدىكەنمەن ماڭا نامازنى ۋە زاكاتنى ئادا قىلىشقا بۇيرىدى› (دېدى)» (مەريەم سۈرىسى، 31-ئايەت).

دېمەك، رەسۇلۇللاھ زاكات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى ئىسمائىل (ئە س) ۋە ئىسا (ئە س)غا ۋەھىي قىلىنغانلارنى ئۆزىگە ۋەھىي قىلىندى دەپ قاراپ زاكات بېرىشكە بۇيرۇغان. بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە بۇيرۇلغان «ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن»[2] ئايىتىگە بىنائەن ئىلگىرىكى شەرىئەتكە رىئايە قىلغان.

## 7. مسال: قۇربانلىق

قۇربانلىق قىلىشمۇ ھەزرىتى ئادەمدىن تارتىپ بار بولغان ئىبادەت بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ قۇربان قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى (ھەتتا نەبىلىكتىن بۇرۇنمۇ) قۇربانلىق قىلغان. قۇربانلىق قىلىش ئىبادىتى مەككىدە ئومۇملاشقان، ھەممە بىلىدىغان ۋە ئادا قىلىنىغان بىر ئىبادەت ئىدى. ھەتتا مەككە مۇشرىكلىرىمۇ قۇربانلىق قىلىشاتتى. بۇ سەۋەبتىن قۇربانلىق قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تۇنجى ئايەت «قۇربانلىق قىلىڭلار» شەكلىدە ئەمەس، بەلكى «رەببىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغىن» شەكلىدە نازىل بولغان[3].

---

(1) ۋەھبى زۇھەيلى، «ئىسلام فىقھى ئانسىكلوپېدىيىسى»، 3-توم، 250-بەت

(2) ئەنئام سۈرىسى، 90-ئايەت

(3) كەۋسەر سۈرىسى، 2-ئايەت

## 8. مسال: نامازنىڭ رۇكۇنلىرى

رەسۇلۇللاھ خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن مىساللاردىكىگە ئوخشاش شەكىلدە تۇنجى نامىزىنىمۇ ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئادا قىلىشقا باشلىغانىدى. خوش، ئۇنداقتا نېمىگە ئاساسەن ناماز ئۆتەشكە باشلىغان ۋە نامازنىڭ ئەركانلىرىنى (ئادا قىلىنىش شەكلىنى) قەيەردىن ئۆگەنگەنىدى؟

رەسۇلۇللاھ خۇددى باشقا ئىبادەتلەردىكىگە ئوخشاش شەكىلدە نامازنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلىنىمۇ ۋەھيي ۋە شەرىئەتنىڭ ئىزچىللىقى پرىنسىپى ئاساسىدا مۇتەۋاتىر ئەمەللەر (ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ سۈننىتى)دىن ئۆگەنگەنىدى. چۈنكى ئۆزىگە «ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن»[1] دەپ بۇيرۇق قىلىنغانىدەك، «رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىلغىن»[2] دەپ بۇيرۇق قىلىنغانىدى.

دېمەك، رەسۇلۇللاھ «رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىلىش» ئارقىلىق نامازلىرىنى ئادا قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۇنجى مەلۇمات مەنبەسى بۇ مۇتەۋاتىر سۈننەت (رۇكۇ قىلغۇچىلار) بولۇپ، ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ بۇيرۇقنىڭ ئوخشىشى ھەزرىتى مەريەمگىمۇ بېرىلگەنىدى.

يَا مَرْيَمُ اقْنُتِي لِرَبِّكِ وَاسْجُدِي وَارْكَعِي مَعَ الرَّاكِعِينَ

«ئى مەريەم! رەببىڭگە ئىتائەت قىل، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىل» (ئالئىمران سۈرىسى، 43-ئايەت).

قۇرئان، مەككە ۋە ئەتراپىدا ھەزرىتى ئىبراھىم دەۋرىدىن تارتىپ ناماز ئۆتەيدىغان بىر جامائەتنىڭ دائىم مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە. بۇ (مەككە ۋە ئەتراپىدا ناماز ئوقۇيدىغان جامائەتنىڭ بولۇشى) ھەزرىتى ئىبراھىم (ئە س)نىڭ قوبۇل قىلىنغان بىر دۇئاسى ئىدى:

رَبَّنَا اِنِّي اَسْكَنْتُ مِنْ ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيْرِ ذِي زَرْعٍ عِنْدَ بَيْتِكَ الْمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُوا الصَّلٰوةَ

«(ئىبراھىم) ئى رەببىمىز! مەن ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى ئېكىنسىز بۇ ۋادىغا

---

(1) ئەنئام سۈرىسى، 90-ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 43-ئايەت

ئورۇنلاشتۇردۇمكى، نامازنى ئادا قىلسۇن...» (ئىبراھىم سۈرىسى، 37-ئايەت).

رَبِّ اجْعَلْنِي مُقِيمَ الصَّلٰوةِ وَمِنْ ذُرِّيَّتِي رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَآءِ

«ئى رەببىم! مېنى ۋە نەسلىمدىن بولغانلارنى نامازنى ئادا قىلغۇچىلار قاتارىدىن قىلغىن. رەببىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن» (ئىبراھىم سۈرىسى، 40-ئايەت).

وَاِذْ جَعَلْنَا الْبَيْتَ مَثَابَةً لِلنَّاسِ وَاَمْناً وَاتَّخِذُوا مِنْ مَقَامِ اِبْرٰهِيمَ مُصَلًّى وَعَهِدْنَا اِلَى اِبْرٰهِيمَ وَاِسْمٰعِيلَ اَنْ طَهِّرَا بَيْتِيَ لِلطَّآئِفِينَ وَالْعَاكِفِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ

«ئۆز ۋاقتىدا (كەبىنى) كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان جاي ۋە خاتىرجەم ماكان قىلىپ بەردۇق. ‹ئىبراھىمنىڭ ماقامىنى نامازگاھ قىلىڭلار› (دېدۇق). ئىبراھىم ۋە ئىسمائىلغا: ‹ئۆيۈمنى، تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇڭلار› دەپ بۇيرۇدۇق» (بەقەرە سۈرىسى، 125-ئايەت).

وَاِذْ بَوَّأْنَا لِاِبْرٰهِيمَ مَكَانَ الْبَيْتِ اَنْ لَا تُشْرِكْ بِي شَيْئاً وَطَهِّرْ بَيْتِيَ لِلطَّآئِفِينَ وَالْقَآئِمِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ

«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا ئۇ ئۆي (بەيتۇللاھ)نىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ: ‹ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، تاۋاپ قىلغۇچىلار، قىيامدا تۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتقىن› دېگەنىدۇق» (ھەج سۈرىسى، 26-ئايەت).

وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ اِسْمٰعِيلَ اِنَّهُ كَانَ صَادِقَ الْوَعْدِ وَكَانَ رَسُولاً نَبِياًّ وَكَانَ يَأْمُرُ اَهْلَهُ بِالصَّلٰوةِ وَالزَّكٰوةِ وَكَانَ عِنْدَ رَبِّهِ مَرْضِياًّ

«كىتابتا ئىسمائىلنىمۇ ياد ئەتكىن. چۈنكى ئۇ ۋەدىسىدە راستچىل نەبى - رەسۇل ئىدى. ئۇ ئەھلىنى ناماز ئوقۇشقا ۋە زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى. (ئۇ) رەببىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن كىشى ئىدى» (مەريەم سۈرىسى، 55-54-ئايەتلەر).

بۇ ئايەتلەر مەككە ۋە ئەتراپىدا ھەزرىتى ئىبراھىم دەۋرىدىن تارتىپ ناماز ئۆتەيدىغانلارنىڭ دائىم مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. دېمەك، رەسۇلۇللاھ بۇرۇندىن تارتىپ ناماز ئۆتەيدىغان ھەنىف مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە، يەنى «رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىش» ئارقىلىق ناماز ئوقۇشقا باشلىغان. مانا بۇ ئۈنىڭ قۇرئاندا ناماز رۇكۇنلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر تېخى نازىل بولماستىنلا ناماز ئوقۇشقا باشلىشىنىڭ سەۋەبى. بۇ ئەھۋال ئاستىدا رەسۇلۇللاھنىڭ نەبىلىكتىن ئىلگىرىمۇ ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى بىمالال ئېيتىشقا

بولىدۇ. دېمىسىمۇ قۇرئان رەسۇلۇللاھنىڭ نەبىلىكتىن ئىلگىرىكى مەزگىلدىمۇ ناماز ئۆتەيدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتنى بىزگە بەرمەكتە.

يۇقىرىقىدەك مىساللارنى يەنە كۆپەيتىش مۇمكىن. مېنىڭچە بۇلار كۇپايە. يۇقىرىدىكى مىساللار بىزگە روشەن ھالدا رەسۇلۇللاھنىڭ ناماز، روزا، ھەجگە ئوخشاش ئاساسلىق ئىبادەتلەرنى، بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نازىل بولۇشتىن بۇرۇن ئىلگىرىكى شەرىئەتكە رىئايە قىلىش ئارقىلىق ئادا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھقا ئىلگىرىكى رەسۇللارغا ۋەھيى قىلىنغانلارنىڭ ئوخشىشىنى ۋەھيى قىلغانلىقىنى (قىلىدىغانلىقىنى) بىلدۈرگەن. بۇ «تېخى ئايەت چۈشمىگەن مەسىلىلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرۇشۇڭلارنىڭ ھاجىتى يوق، ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ كىتابىغا ئەگىشىڭلار» دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئەنئام سۈرىسى 90-ئايەتتە بۇ مەسىلە (ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ يولىغا ئەگىشىش) ئۇنىڭ (مۇھەممەد ئە س)غا ئېنىق ھالدا ۋەھيى قىلىنغاندى.

## ناماز قاچان پەرز قىلىندى؟

نامازنىڭ مىراج ھادىسىسى[1] جەريانىدا پەرز قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى قاراش مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. لېكىن بۇ قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى ناماز تۇنجى ئۈممەتتىن تارتىپ پەرز قىلىنغان ئىبادەتتۇر.

**يَا بُنَيَّ اَقِمِ الصَّلٰوةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَاصْبِرْ عَلٰى مَٓا اَصَابَكَۜ اِنَّ ذٰلِكَ مِنْ عَزْمِ الْاُمُورِ**

«(لوقمان) ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى ئادا قىلغىن، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن. بۇلار ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر» (لوقمان سۈرىسى، 17-ئايەت).

**قَالُوا يَا شُعَيْبُ اَصَلٰوتُكَ تَأْمُرُكَ اَنْ نَتْرُكَ مَا يَعْبُدُ اٰبَٓاؤُ۬نَٓا اَوْ اَنْ نَفْعَلَ فٖي اَمْوَالِنَا مَا نَشٰٓؤُ۬اۜ اِنَّكَ لَاَنْتَ الْحَلٖيمُ الرَّشٖيدُ**

«ئۇلار: ‹ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ بىزنى بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى تەرك قىلىشقا ياكى ماللىرىمىزدىن خالىغىنىمىزچە پايدىلىنىشتىن قول ئۈزۈشكە بۇيرۇۋاتامدۇ؟ ئەسلىدە سەن مىجەزى ناھايىتى يۇمشاق ۋە پىشىپ - يېتىلگەن كىشىسەن› دېيىشتى» (ھۇد سۈرىسى، 87-ئايەت).

---

(1) ئىسرا سۈرىسى، 1-ئايەت

وَاَوْحَيْنَٓا اِلٰى مُوسٰى وَاَخِيهِ اَنْ تَبَوَّاٰ لِقَوْمِكُمَا بِمِصْرَ بُيُوتاً وَاجْعَلُوا بُيُوتَكُمْ قِبْلَةً وَاَقِيمُوا الصَّلٰوةَۜ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ

«بىز مۇساغا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشىغا مۇنداق دەپ ۋەھيي قىلدۇق: ‹ئىككىڭلار مىسىردا قەۋمىڭلار ئۈچۈن ئۆيلەر تەييارلاڭلار› .

ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ئۆيلىرىڭلارنى نامازگاھ قىلىڭلار، نامازنى تولۇق ۋە داۋاملىق ئۆتەڭلار.

ئى مۇسا! مۇئمىنلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن» (يۇنۇس سۈرىسى، 87-ئايەت).

وَجَعَلَنِي مُبَارَكاً اَيْنَ مَا كُنْتُۖ وَاَوْصَانِي بِالصَّلٰوةِ وَالزَّكٰوةِ مَا دُمْتُ حَياًّۖ

«(ئىسا:) ‹قەيەردە بولاي ئۇ مېنى ئېزىز قىلدى. ھاياتلا بولىدىكەنمەن ماڭا نامازنى ۋە زاكاتنى ئادا قىلىشقا بۇيرىدى› (دېدى)» (مەريەم سۈرىسى، 31-ئايەت).

وَمَا تَفَرَّقَ الَّذِينَ اُو۫تُوا الْكِتَابَ اِلَّا مِنْ بَعْدِ مَا جَٓاءَتْهُمُ الْبَيِّنَةُۜ وَمَٓا اُمِرُٓوا اِلَّا لِيَعْبُدُوا اللّٰهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَٓاءَ وَيُق۪يمُوا الصَّلٰوةَ وَيُؤْتُوا الزَّكٰوةَ وَذٰلِكَ د۪ينُ الْقَيِّمَةِ

«كىتاب بېرىلگەنلەر (ئەھلى كىتاب)، ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىنلا ئىختىلاپ قىلىشتى. ھالبۇكى، ئۇلار دىنىنى پەقەت ئاللاھقا خالىس قىلىشقا، ئۇ (ئاللاھ)نى بىر دەپ بىلىشكە، پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، ناماز ئۆتەشكە ۋە زاكات بېرىشكە بۇيرۇلغانىدى. ئەنە شۇ توغرا دىندۇر» (بەيyينە سۈرىسى، 5-4-ئايەتلەر).

دېمەك، ناماز رەسۇلۇللاھنىڭ مەككە دەۋرىدە يۈز بەرگەن مىراج ۋەقەسى بىلەن پەرز قىلىنغان ئىبادەت ئەمەس. يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە بىلدۈرۈلگەندەك ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن تارتىپ پەرز بولغان ئىبادەتتۇر. يەنى، ناماز رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىن بۇرۇنمۇ پەرز ئىدى. قۇرئان دەۋرىدىن ئىلگىرىكى دەۋردە مەككە ۋە ئەتراپىدا ناماز ئۆتەيدىغان بىر جامائەتنىڭ دائىم مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى نەزەردە تۇتۇلغاندا، رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋەتتىن (40 يېشىدىن) بۇرۇن ناماز ئوقۇمىغانلىقىنى ئېيتىش مۇمكىنمۇ؟ بىزنىڭچە بۇ مۇمكىن ئەمەس (سەۋەبلىرىنى كېيىنكى پاراگرافلاردا ئىزاھلاپ ئۆتىمىز).

## رەسۇلۇللاھ قاچان ناماز ئوقۇشقا باشلىغان؟

بىزنىڭچە رەسۇلۇللاھ قۇرئان دەۋىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە (ھەتتا ئۇنىڭدىن

ئىلگىرىمۇ) ناماز ئوقۇيتتى. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى تۆۋەندە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. دەلىللەرگە ئۆتۈشتىن ئىلگىرى بىردەملىك بولسىمۇ ئويلىنىپ كۆرەيلى. كىتاب ئەھلىدىن بىر جامائەت ۋە مەككە ئەتراپىدىكى ھەنىف مۇسۇلمانلار بۇرۇندىن تارتىپ ناماز ئۆتەۋاتقان تۇرسىمۇ (قۇرئان بۇنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە)[1]، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشىغان ۋە كېلەچەكتە رەسۇل قىلىپ تاللىنىدىغان بىر زات (مۇھەممەد)نىڭ 40 يېشىغىچە پەقەت ناماز ئۆتەپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىش مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس. خوش، ئۇنداقتا بۇ زاتنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى قىلىپ تاللانغاندىن كېيىن يىللارچە (مىراج ۋەقەسىگىچە) ناماز ئۆتىمىگەنلىكىنى ئېيتىشقا بولامدۇ؟ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. دەلىلىمىز تۆۋەندىكىچە:

«سەن ناھايىتى غالىب، مېھرىبان ئاللاھقا يۆلەنگىن. (ئۇ) سېنىڭ (ناماز ئۈچۈن) تۇرغىنىڭنى ۋە سەجدە قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا يۈرگەنلىكىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» (شۇئەرا سۈرىسى، 219-217-ئايەتلەر).

بۇ ئايەتلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەر قاتارىدىن ئىكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلغاندا، ناماز دەۋەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا بار ئىدى. لېكىن رەسۇلۇللاھنى قىيام ۋە سەجدە قىلغان جامائەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە بايان قىلغان «ئۇ، قىيامغا تۇرغانلىقىڭنى ۋە سەجدە قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» جۈملىسى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. چۈنكى بۇ ئايەت ئۇنى ناماز ئۆتەيدىغان بىر جامائەتنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە تونۇشتۇرماقتا ۋە «سېنىڭمۇ ناماز ئۆتىگۈچىلەر قاتارىدىن ئىكەنلىكىڭنى بىلىمىز، سېنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈۋاتىمىز...» دېگەندەك قىلىدۇ. بۇ ئايەتتىكى مەزكۇر ئىپادىمۇ نامازنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن باشلانمىغانلىقىنى، بۇرۇندىن تارتىپ ئادا قىلىنىپ كېلىنگەنلىكىنى، رەسۇلۇللاھنىڭمۇ ناماز ئۆتەيدىغان بۇ جامائەتكە قاتناشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭ يەنە بىر دەلىلى بولسا نامازغا بۇيرۇغان تۇنجى ئايەتلەردىكى «ئەس-سالات» ئىپادىسىدۇر. چۈنكى قۇرئاندا نامازغا بۇيرۇغان ئايەتلەر ئومۇمەن مۇنداق شەكىلدە كېلىدۇ:

وَأَقِيمُوا الصَّلٰوةَ وَاٰتُوا الزَّكٰوةَ

«ئۇ نامازنى ئادا قىلىڭلار ۋە زاكات بېرىڭلار...» (مۇززەممىل سۈرىسى، 20-ئايەت).

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 114-113؛ ئەنئام سۈرىسى، 92-ئايەت

«ئەس-سالاھ» كەلىمىسىنىڭ بېشىدا كەلگەن مەئرىفە (ئېنىقلىق) «ئەل (ال)» قوشۇمچىسى، مەلۇملۇق قوشۇمچىسىدۇر. يەنى، كىشىلەر تەرىپىدىن بىلىنىدىغان نەرسىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئايەتنى ئوقۇغان نەبى باشچىلىقىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلار خۇددى روزا مەسىلىدىكىگە ئوخشاش «ئۇ نامازنى ئادا قىلىڭلار» دېيىلگەن ۋاقىتتا، ئاللاھنىڭ قايسى نامازنى نەزەردە تۇتۇۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق ھالدا چۈشەنگەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئەھلى كىتاب ئادا قىلىۋاتقان شەكىلدە ناماز ئوقۇشقا باشلىغان. مۇسۇلمانلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە قۇددۇس (بەيتۇلمۇقەددەس)قا قاراپ نامازلىرىنى ئادا قىلغانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى ئۇ دەۋردە ئەھلى كىتاب قۇددۇسقا قاراپ ناماز ئۆتەيتتى[1]. بۇ خۇددى مۇنداق ئەھۋالغا ئوخشايدۇ: ناماز ئۆتەشكە بۇيرۇغان ئايەتلەر جەمئىيىتىمىزگە نازىل بولسا، كۆپ سانلىقى ناماز ئوقۇمايدىغان جەمئىيەتتىمۇ «ناماز دېگەن نېمە؟ مەن قەتئىي بۇنداق نەرسىنى ئاڭلاپ باقمىدىم، كۆرۈپ باقمىدىم...» دەيدىغان بىرسى چىقامدۇ؟ چىقمايدۇ. چۈنكى نامازنىڭ نېمە ۋە قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقىنى ناماز ئوقۇمايدىغانلارمۇ بىلىدۇ. مەككىدىكى خەلقنىڭ ئەھۋالىنى مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ دېيىشكە بولىدۇ. يەنى ناماز ئۆتەيدىغانلارمۇ، ئۆتىمەيدىغانلارمۇ نامازنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىكى مەئرىفەلىكنى بىلدۈرىدىغان «ئەس-سالات» ئىپادىلىرى بۇ ھەقىقەتنى تەستىقلايدۇ.

مۇپەسسىر رازى، كەۋسەر سۈرىسىنىڭ 2-ئايىتىدىكى «فەسەللى لى رەببىكە ۋەنھەر» جۈملىسىنى «رەببىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇ ۋە قۇربانلىق قىل» شەكلىدە تەپسىر قىلغۇچىلارنىڭ پەرقلىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرا قاراشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلغان: «جانابى ھەق، بۇ يەردىكى ‹ناماز› ئىبارىسى ئارقىلىق ناماز ئىبادىتىنى نەزەردە تۇتقان. چۈنكى مەككىلىك مۇشرىكلار ئاللاھتىن غەيرىيگە دۇئا قىلاتتى، ئاللاھتىن غەيرى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلاتتى. بۇ ئايەت ئارقىلىق جانابى ھەق، ھەزرىتى مۇھەممەد (س ئە ۋ)كە ئۆزىدىن باشقىسى ئۈچۈن ناماز ئوقۇماسلىق ۋە قۇربانلىق قىلماسلىققا بۇيرۇغان. مۈجمەلنى چۈشەندۈرگەن ئىپادىنىڭ كېيىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقۇچىلار، مانا بۇ ئايەتنى دەلىل كۆرسىتىپ مۇنداق دېيىشكەن: ‹چۈنكى ئاللاھ تائالا، ھەزرىتى پەيغەمبەرگە نامازنى قانداق ئادا قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلماستىن، قانداق بولۇپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ؟› . ئەبۇ مۇسلىم بۇنىڭغا: ‹جانابى ھەق، بۇ يەردىكى ئىپادە ئارقىلىق پەرز بولغان بەش ۋاقىت نامازنى نەزەردە تۇتقان.

(1) ۋەدات يىلماز، «ھەممە بىلىدىغان ناماز»، كىتاب ۋە ھېكمەت ژۇرنىلى، 4-سان، 42-38-بەتلەر

جانابى ھەق، ماھىيەت ھەققىدە توختالمىغان. چۈنكى نامازنىڭ قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقى بۇرۇندىنلا مەلۇم ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن»[1].

ئىبنى ئاشۇر، «سالات قىلغان بىر بەندىنى توسقۇچىنى كۆردۈڭمۇ؟» مەنىسىدىكى ئەلەق سۈرىسى 10-9-ئايەتلىرىگە ئاساسەن رەسۇلۇللاھنىڭ ھەم دەۋەتتىن ئىلگىرى، ھەم ۋەھيىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ناماز ئوقۇغانلىقىنى ئېيتقان. چۈنكى بۇلار دەسلەپكى مەزگىللەردە نازىل بولغان ئايەتلەر ئىدى. ئۇنىڭچىمۇ باشقا مۇپەسسىرلەرگە ئوخشاش بۇ ئايەتلەردە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بەندە مەسجىدى ھەرەمدە ناماز ئوقۇغان رەسۇلۇللاھ بولۇپ، ئۇنى گەپ - سۆز ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلەر بىلەن توسقۇچى بولسا ئەبۇ جەھىلدۇر[2].

دېمەك، ناماز مەككە ئەتراپىدا قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ ئادا قىلىناتتى. نامازنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنىشى كېرەكلىكىنى بۇيرۇغان ئايەتلەردە ناماز ھەققىدە تەپسىلاتلار بولمىسىمۇ، خىتاب قىلىنغۇچىلار جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ بۇنى نورمال قوبۇل قىلىشى مانا بۇ سەۋەبتىن ئىدى. بۇ نۇقتا دەسلەپكى دەۋرلەردىكى مۇپەسسىرلەر تەرىپىدىنمۇ بايان قىلىنغان. رازىنىڭ بۇ قاراش ھەققىدە: «كەۋسەر سۈرىسى 2-ئايەت ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلار ئىچىدە ئەڭ توغرا بولغان قاراش» دېگەنلىكى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بۇ قاراش ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. نېمە ئۈچۈندۇركى، بەزىلەر قۇرئان بىلدۈرگەن بۇ مەسىلىلەرنى خۇددى ئىلگىرى ھېچقانداق بىر مۇپەسسىر تىلغا ئالمىغاندەك، يېڭى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ.

ناماز ھەققىدە قۇرئاندىكى تەپسىلاتلار مەزكۇر مەسىلىنى چۈشىنىپ يېتىش ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ. تارىخى مەلۇماتلار (سىيەر)مۇ رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋەتتىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى تەستىقلايدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئەكسىچە مەلۇمات يوق. يەنى:

مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ئەخلاقى جەھەتتىن گۇمراھلىققا يۈزلەنگەن جەمئىيەتتىن سىقىلىپ بىزارلىق ھېس قىلغان ۋاقىتلاردا ھىرا غارىغا بېرىپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلغانلىقى مەلۇم. ئاللاھقا ئىبادەت مەقستى بىلەن بۇ غارغا بېرىش پەقەت مۇھەممەد

---

(1) رازى، «تەفسىرى كەبىر مەفاتىھۇل غايب»، كەۋسەر سۈرىسى، 2-ئايەت

(2) ئىبنى ئاشۇر، «تەفسىرۇت تەھرىر ۋەتتەنۋىر»، 15-جىلد، 446-بەت. ئەلەق سۈرىسى، 10-9-ئايەتلەر (باشقا مۇپەسسىرلەرگە ئوخشاش ئىبنى ئاشۇرمۇ «سالات قىلغان بىر بەندىنى توسقۇچىنى كۆردۈڭمۇ؟» مەنىسىدىكى بۇ ئايەتلەردە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بەندە مەسجىدى ھەرەمدە ناماز ئوقۇغان رەسۇلۇللاھ بولۇپ، ئۇنى گەپ - سۆز ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلەر بىلەن توسقۇچى بولسا ئەبۇ جەھىلدۇر، دېگەن).

(ئە س)كە خاس ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇۋىسى ئابدۇلمۇتەللىب ۋە زەيد ئىبنى ئەمرى ئىبنى نۇفەيل قاتارلىق مەككىلىك ھەنىفلەرمۇ قىلىدىغان نورمال ئىش ئىدى[1]. مۇھەممەد (ئە س)، دەۋەت باشلىنىشقا يېقىن يىللاردا ھىرا غارىغا بېرىشنى كۆپەيتكەن ۋە 35 يېشىدىن كېيىن ھەر يىلى رامىزان ئېيىنى غاردا ئۆتكۈزگەن. ئاندا ـ ساندا ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئۆيىگە كەلسىمۇ، لېكىن ھەپتىلەپ غاردا قالاتتى ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلاتتى. خەدىچە ئانىمىز پات ـ پات ئۇنىڭغا ئوزۇق ـ تۈلۈك ئەۋەتىپ بېرەتتى. ھىرادىن قايتقاندا بولسا ئۆيىگە بارماستىن كەبىگە بېرىپ تاۋاپ قىلاتتى[2].

مۇھەممەد (ئە س) ھەپتىلەپ تۇرغان بۇ غاردا ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى پەقەت تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەت قىلمىغانلىقىنى ئېيتىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز، ئۇنىڭ ھىرا غارىدا كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلدۈرگەن[3].

دېمەك، رامىزان سەۋەبىدىن روزىدار بولغان مۇھەممەد (ئە س)، ھىرا غارىدىكى ۋاقتىنى پەقەت تەپەككۇر قىلىش بىلەنلا ئەمەس، قىيامدا تۇرۇش، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىش ئارقىلىق، يەنى ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭغا تۇنجى ۋەھيي مىلادى 610 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 27 ـ كېچىسىدە (تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا) بۇ غاردا ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋاقتىدا كەلگەنىدى[4]. بۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد (ئە س)، قۇرئان دەۋىتىدىن ئىلگىرىكى مەزگىلدىمۇ ناماز ئۆتەيتتى. ھەتتا ئۇ، پەقەت ئۆزىنى پىنھانغا ئالغان جايلاردا ۋە يالغۇز ھالدىلا ئەمەس، بەزىدە ھەنىفلەر بىلەن بىرلىكتە كەبىنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇيتتى[5].

## قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە ئىلگىرىكى نامازلار

رەسۇلۇللاھنىڭ بىر قىسىم ئىبادەتلەرنى مۇناسىۋەتلىك قۇرئان ئايەتلىرى نازىل بولۇشتىن بۇرۇن (ۋە ئىلگىرىكى شەرىئەتلەرگە رىئايە قىلغان ھالدا) ئادا قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنىدۇق. ئىلگىرىكى قىبلە قۇددۇستىكى

---

(1) سارىچام، «ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە ئۇنىۋېرسال تەلىماتى»، 80 ـ بەت؛ مۇھەممەد ھامىدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 1 ـ جىلد، 72 ـ بەت

(2) مۇھەممەد ھامىدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 1 ـ جىلد، 73 ـ 72 ـ بەتلەر؛ سارىچام، «ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە ئۇنىۋېرسال تەلىماتى»، 81 ـ 80 ـ بەتلەر

(3) بۇخارى، بەدئۇل ـ ۋەھيي، 3

(4) مۇھەممەد ھامىدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 1 ـ جىلد، 74 ـ بەت

(5) م. ئىززەت دەرۋەزە، «قۇرئانغا ئاساسەن ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ھاياتى»، 1 ـ جىلت، 436 ـ 430 ـ بەتلەر

بەيتۇلمۇقەددەس بولغانلىقتىن، رەسۇلۇللاھ ھىجرى ئىككىنچى يىلىنىڭ ئوتتۇرىغىچە قۇددۇسقا قاراپ ناماز ئوقۇغان[1]. بەزىلەر بۇرۇنقى قىبلىنىڭ قۇددۇس ئىكەنلىكى قۇرئان بىلەن بىلدۈرۈلمىگەنلىكتىن، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ مەلۇماتنى غەيرى مەتلۇۋ ۋەھيي ئارقىلىق ئالغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن[2]. بۇ قاراشنىڭ توغرا ئەمەس ئىكەنلىكى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىلگىرىكى شەرىئەتكە رىئايە قىلىپ ناماز ئوقۇشقا باشلىغانلىقىنى (قىبلىگە يۈزلەنگەنلىكىنى) يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى بۇ (قىبلە) ھەققىدە تېخىمۇ تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

ھىجرەتتىن 18ـ17 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن چۈشكەن بەقەرە سۈرىسى 144ـ142ـئايەتلىرى، قىبلىنىڭ مەسجىدى ھەرەمگە (مەككىگە) ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئىلگىرى قۇددۇس بولغان قىبلىنىڭ يۆنىلىشى نەسخ قىلىنغان[3]. بۇ ئارقىلىق ئىلگىرىكى شەرىئەتتە بار بولغان بىر ھۆكۈم نەسخ قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئوخشىشى ياكى تېخىمۇ ياخشىسى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن (بۇ نەسخ ئارقىلىق قىبلىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ياكى بېكىتىلمىگەنلىكى، پەقەت مەۋجۇت بولغان قىبلىنىڭ يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى، يەنى نەسخ قىلىنغان بىر ھۆكۈم بىلەن ئۇنىڭ ئوخشىشى ياكى تېخىمۇ ياخشىسىنىڭ بېكىتىلگەنلىكىگە دىققەت قىلايلى).

سَيَقُولُ السُّفَهَآءُ مِنَ النَّاسِ مَا وَلّٰيهُمْ عَنْ قِبْلَتِهِمُ الَّتِي كَانُوا عَلَيْهَاۜ قُلْ لِلّٰهِ الْمَشْرِقُ وَالْمَغْرِبُۜ يَهْدِي مَنْ يَشَٓاءُ اِلٰى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ وَكَذٰلِكَ جَعَلْنَاكُمْ اُمَّةً وَسَطاً لِتَكُونُوا شُهَدَٓاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيداًۜ وَمَا جَعَلْنَا الْقِبْلَةَ الَّتِي كُنْتَ عَلَيْهَٓا اِلَّا لِنَعْلَمَ مَنْ يَتَّبِعُ الرَّسُولَ مِمَّنْ يَنْقَلِبُ عَلٰى عَقِبَيْهِۜ وَاِنْ كَانَتْ لَكَبِيرَةً اِلَّا عَلَى الَّذِينَ هَدَى اللّٰهُۜ وَمَا كَانَ اللّٰهُ لِيُضِيعَ اِيمَانَكُمْۜ اِنَّ اللّٰهَ بِالنَّاسِ لَرَؤُ۫فٌ رَحِيمٌ قَدْ نَرٰى تَقَلُّبَ وَجْهِكَ فِي السَّمَٓاءِۚ فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبْلَةً تَرْضٰيهَاۖ فَوَلِّ وَجْهَكَ شَطْرَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِۜ وَحَيْثُ مَا كُنْتُمْ فَوَلُّوا وُجُوهَكُمْ شَطْرَهُۜ وَاِنَّ الَّذِينَ اُو۫تُوا الْكِتَابَ لَيَعْلَمُونَ اَنَّهُ الْحَقُّ مِنْ رَبِّهِمْۜ وَمَا اللّٰهُ بِغَافِلٍ عَمَّا يَعْمَلُونَ

«بەزى ئەخمەق كىشىلەر: ‹ئۇلارنى يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن) نېمە يۈز ئۆرۈگۈزگەندۇ؟› دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ‹مەشرىق ۋە مەغرىب ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ›. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە رەسۇلنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق. سەن ئىلگىرى ياشىغان

(1) فاتىھ ئورۇم، «قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدا قۇرئاننى چۈشىنىش مېتودى»، 87ـ بەت

(2) ئوسمانى، «سۈننەتنىڭ قىممىتى ۋە ئورنى»، 29ـ بەت

(3) تابارى، قۇرتۇبى، رازى، بەقەرە سۈرىسى 144ـ142ـئايەتلەر

تەرەپنى (يەنى مەككىنى) قىبلە قىلىشىمىز، رەسۇلغا ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن ئايرىش ئۈچۈنلا ئىدى. ئاللاھ ھىدايەت قىلغانلاردىن باشقىلارغا بۇ ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر. بىز سېنىڭ قايتا - قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن مەمنۇن بولىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. قەيەردە بولماڭلار، (نامازدا) يۈزۈڭلارنى ئۇ تەرەپكە (مەسجىدى ھەرامغا) قىلىڭلار» (بەقەرە سۈرىسى، 144 ـ 142 ـ ئايەتلەر).

بەزى مۇپەسسىرلەر رەسۇلۇللاھ مەككىدىكى ۋاقتىدا مەككىگە قاراپ ناماز ئوقۇغانلىقىنى، لېكىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى يەھۇدىيلارنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن قۇددۇسقا قاراپ ناماز ئوقۇشقا باشلىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ قىبلە تەرەپنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەت چۈشكىچە داۋاملاشقانلىقىنى ئېيتقان[1]. لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىبلىنى بەلگىلىگەنلىكى مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۇ قاراش توغرا ئەمەس. رەسۇلۇللاھنىڭ ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ھۆكۈمنى بەلگىلىشى ياكى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇنىڭدىن باشقا، رەسۇلۇللاھ مەككىدىكى ۋاقتىدىمۇ قىبلە قۇددۇس بولۇپ، ئۇ مەككىدىكى ۋاقتىدىمۇ قۇددۇسقا قاراپ ناماز ئوقۇغانىدى[2]. بۇ ھەقتە بەيزاۋى تەپسىرىدە ئورۇن ئالغان ۋە ئىبنى ئابباسقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بېرىلگەن بىر مەلۇمات مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، رەسۇلۇللاھ مەككىدىكى ۋاقتىدا قۇددۇس (بەيتۇلمۇقەددەس)قا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، كەبىنىڭ يېقىنىدىكى ۋاقتىدا بولسا كەبىنى قۇددۇس بىلەن ئارىسىغا ئېلىپ ناماز ئوقۇغان[3]. رەسۇلۇللاھنىڭ كەبىنىڭ يېنىدىكى ۋاقىتتا قىلغان نامازلىرى ۋەسلىسى بىلەن مەككە دەۋرىدە قىبلىنىڭ كەبە ئىكەنلىكى ھەققىدە قاراش ھاسىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. كەبىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە نامازغا تۇرغاندا ھەم كەبىگە، ھەم قۇددۇسقا قاراپ نامازغا تۇرغان بولىدۇ. لېكىن مەدىنىدە بۇنداق قىلىش (كەبىنى ئارىغا ئېلىپ قۇددۇسقا يۈزلىنىش) مۇمكىن ئەمەس. مەدىنىدە يا قۇددۇسقا يا مەككىگە يۈزلىنىش كېرەك (رايوننىڭ خەرىتىسىدىن مەككە، مەدىنە ۋە قۇددۇسنىڭ ئورنىغا قاراڭ).

---

(1) تابارى، قۇرتۇبى، رازى، بەقەرە سۈرىسى 144 ـ 142 ـ ئايەتلەر

(2) فاتىھ ئورۇم، «قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدا قۇرئاننى چۈشىنىش مېتودى»، 88 ـ 87 ـ بەتلەر

(3) بەيزاۋى، بەقەرە سۈرىسى، 144 ـ 142 ـ ئايەتلەر




بۇ مەسىلە مۇشۇ شەكىلدە چۈشىنىلگەن ۋاقىتتا، رەسۇلۇللاھ ئۆز خاھىشى بىلەن قىبلە بەلگىلىگەن دېگەنلىك ۋە قۇرئانغا زىت شەرھى (تەپسىر) قىلغانلىق بولىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇنداق ھوقۇقى بولسا، نېمە ئۈچۈن ئاسمانغا قايتا ـ قايتا قاراپ، قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ئۈچۈن ۋەھىي كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ؟

مەدىنىدىكى ئەھلى كىتاب، ئۆزلىرىنىڭ قىبلىسىگە يۈز كەلتۈرۈپ ناماز ئوقۇغان رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدا نامازغا تۇرغان ۋە قىبلە ئۆزگەرتىلگەنگە قەدەر مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ئوخشاش سەپتە تۇرۇپ ناماز قىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى قۇرئان كىتاب ئەھلىدىن بىر جامائەتنىڭمۇ ئۆزلۈكسىز ھالدا ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى (بۇرۇنمۇ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى) بىلدۈرمەكتە:

**لَيْسُوا سَوَآءً مِنْ اَهْلِ الْكِتَابِ اُمَّةٌ قَآئِمَةٌ يَتْلُونَ اٰيَاتِ اللّٰهِ اٰنَآءَ الَّيْلِ وَهُمْ يَسْجُدُونَ يُؤْمِنُونَ بِاللّٰهِ وَالْيَوْمِ الْاٰخِرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَاُولٰٓئِكَ مِنَ الصَّالِحِينَ**

«ئۇلار بىرخىل ئەمەس، ئەھلى كىتابتىن كېچىلىرى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر جامائە كىشىلەر بار. ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ؛ ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر» (ئالئىمران سۈرىسى، 113 ـ 114 ـ ئايەتلەر).

**اَلَّذِينَ اٰتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِهِ هُمْ بِهِ يُؤْمِنُونَ وَاِذَا يُتْلٰى عَلَيْهِمْ قَالُوا اٰمَنَّا بِهِ اِنَّهُ الْحَقُّ مِنْ رَبِّنَا اِنَّا كُنَّا مِنْ قَبْلِهِ مُسْلِمِينَ**

«قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب نازىل قىلغانلار قۇرئانغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار: ‹بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇ رەببىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر. بىز ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمان ئىدۇق› دەيدۇ» (قەسەس سۈرىسى، 52 ـ 53 ـ ئايەتلەر).

بۇ ئايەتلەردىن مەلۇم بولغاندەك، ئەھلى كىتابتىن بىر جامائەت بۇرۇندىن تارتىپ ناماز ئوقۇپ كەلگەنىدى. رەسۇلۇللاھمۇ قۇددۇسقا يۈزلىنىپ ناماز

ئوقۇغان بۇ جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئۆتىگەن (رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلغان) بولۇشى مۇمكىن. لېكىن (قىبلىنىڭ يۆنىلىشى كەبە بولغان ھالدا) رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھلى كىتابنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن قۇددۇسقا يۈزلىنىش (ناماز ئوقۇش)نى تاللىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ (يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈلگەندەك) شەرىئەتتىكى ئىزچىللىق پىرىنسىپىنىڭ تەقەززاسى ۋە ئىلگىرىكى شەرىئەتكە رىئايە قىلىش مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن بولغان. نېمە سەۋەبتىندۇركى، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەھلى كىتابنىڭ «سىلەرنىڭ بىر قىبلەڭلار يوق، بىزنىڭ قىبلىمىزگە يۈز كەلتۈرىسىلەر» دېگەندەك سۆزلىرى سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلار بىئارام بولغان ۋە رەسۇلۇللاھمۇ قىبلىنىڭ مەككە (كەبە)گە ئۆزگەرتىلىشىنى ئۈمىد قىلغان (بۇ ئايەتلەردىن مەلۇم بولماقتا). لېكىن قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئايەت چۈشكىچە رەسۇلۇللاھ ئۆز ئالدىغا ھېچقانداق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارمىغان، بۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەگەر بۇنداق ھوقۇقى بولغان بولسا ئىدى، ئاسمانغا قايتا ـ قايتا قارىمايتتى ۋە قىبلىنى كەبە تەرەپكە ئۆزگەرتەتتى. ئەمما مۇناسىۋەتلىك ئايەت نازىل بولغىچە ساقلاپ تۇردى. قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئايەت چۈشۈشى بىلەن مۇسۇلمانلارمۇ خۇشال بولدى. لېكىن ئەھلى كىتابتىن بولغان بىر قىسىم ئەخمەقلەر بۇنىڭغا قارشى يەنە «بۇنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار ئىدى؟» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار بىلەن ئوخشاش بىر سەپتە ناماز ئوقۇغان مۇناپىقلار ئۆزلۈكىدىن ئايرىلىپ چىققان بولدى.

قۇرئان ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەسخ قىلىنغان بىردىنبىر ئەركاننىڭ قىبلە ئىكەنلىكىنى، ھەتتا بۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق قىلىنغانلىقىنى بىزگە بىلدۈرگەن (رەسۇلغا ھەقىقىي مەنىدە ئەگەشكەنلەرنى ئايرىپ چىقىش ئۈچۈن). ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەسخ قىلىنغان بۇنىڭدىن باشقا ئەركان يوق. دېمەك، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ نامىزى بىلەن نامازلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا قىبلە تەرەپتىن باشقا ھېچقانداق پەرق يوق. يەنى، بىز ئادا قىلغان ناماز بىلەن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ نامىزى ئوخشاش. يىغىنچاقلىساق:

قۇرئان نامازنىڭ ئىلگىرىكى شەرىئەتتە بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە[1].

نامازنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلى خۇددى رەسۇلۇللاھنىڭ مۇتەۋاتىر سۈننىتى سۈپىتىدە بىزگە كەلگەندەك، رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىگىمۇ ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ سۈننىتى سۈپىتىدە يېتىپ كەلگەن. ئەكسىچە بولغاندا قۇرئاننىڭ (ئىلگىرىكى

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى، 87؛ ھۇد سۈرىسى، 87؛ لوقمان سۈرىسى 17؛ مەريەم سۈرىسى، 31؛ بەييىنە سۈرىسى، 5-4-ئايەتلەر.

رەسۇللارنىڭ يولىغا ئەگەش) تەلىماتى ئادا قىلىنغان بولمايتتى. قۇرئاننىڭ مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىنى بۇيرۇمايدىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، ئەگەشكىلى بولىدىغان بىر ئىبادەت (سۈننەت) رەسۇلۇللاھقا يېتىپ كەلگەن. بۇ مۇشۇنداق قوبۇل قىلىنىشى كېرەك. چۈنكى «ئى مەريەم! رەببىڭگە ئىتائەت قىل، سەجدە ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىل»[1] ئايىتىدىن، نامازنى ئادا قىلىش ئەمرىنىڭ (ھەتتا جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئۆتەش بۇيرۇقىنىڭ) ھەزرىتى مەريەمگىمۇ بېرىلگەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. دېمەك، ھەزرىتى مەريەمدىن ئىلگىرىمۇ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇيدىغان بىر جامائەت بار ئىدى. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ كىمگە ئەگىشىپ رۇكۇ قىلىدۇ؟ ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر، بولۇپمۇ ھەزرىتى مەريەمگە بېرىلگەن «رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىل» بۇيرۇقى، ناماز ئوقۇش بۇيرۇقىنىڭ تۈنجى بولۇپ قۇرئان ئايىتى بىلەن كەلمىگەنلىكىنى، قۇرئاندىن بۇرۇن بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. بۇ بۇيرۇق (بىزگىمۇ) ئىسرائىل ئەۋلادى مىسال كەلتۈرۈلۈش ئارقىلىق ئەسلىتىلگەن:

«ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار، ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار! مەن نازىل قىلغان تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، قۇرئاننى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار، مەندىنلا قورقۇڭلار! ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرماڭلار، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار. نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار»[2] (بەقەرە سۈرىسى، 43-40-ئايەتلەر).

بۇ ئايەتلەر «رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىل» تەلىماتىنىڭ تۈنجى قېتىم بېرىلگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى قۇرئاندىن بۇرۇنمۇ بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىسرائىل ئەۋلادى مىسال قىلىنىش جەريانىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ ئايەتلەر، مەزكۇر بۇيرۇقنى ھەم قايتىدىن ئەسلەتكەن، ھەم بىزگىمۇ بۇ بۇيرۇقنى قىلغان. بۇ سەۋەبتىن بۇ ئايەتلەرنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا خىتاب قىلغانلىقى، بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقا بولمايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بىز: «ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرماسلىقى كېرەك، لېكىن بىز شۇنداق قىلساق بولىدۇ! ئۇلار ناماز قىلىشى لازىم، ئەمما بىز قىلمىساقمۇ بولىدۇ! ئۇلار زاكات بېرىشى كېرەك، لېكىن بىز بەرمىسەكمۇ بولىدۇ! ئۇلار رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 43-ئايەت

Yazır, Hamdi, http://www.Kur'anmeali.com/ayetkarsilastirma.asp?sure=2&ayet=40 (2)

بىرلىكتە رۇكۇ قىلىشى لازىم، بىز قىلمىساقمۇ بولىدۇ!» دېگەن بولىمىز.

قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئىسرائىل ئەۋلادلىرى، ئەھلى كىتاب، يەھۇدىي، خىرىستىيان، سابىئى، مۇشرىكلارنىڭ... قىلمىشلىرى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە بېرىلگەن بارلىق تەلىماتلار قايتا ئەسلىتىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن قۇرئاننىڭ ئىسىملىرىدىن بىرسى «ئەسلىتىش، تەزكىرە» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «زىكىر»[1] بولۇپ، بىر قانچە سۈرىدە ئۆتمۈشتىكى قەۋملەر ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئەگەر بۇ مەلۇماتلار بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، بىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئايەتلەر پەقەت «ئى مۇئمىنلەر!» دەپ باشلانغان ئايەتلەر بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ «قۇرئاننىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى بىز مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دېگەنلىك بولىدۇ (نەئۇزۇ بىللاھ). شۇڭا بۇنداق قاراشنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى قۇرئاننىڭ ھەممە ئايىتى بىز بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەسىلەن: «ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن ئېلىنغان ۋەدىلەر» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەقەرە سۈرىسى 84-83-ئايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ۋەھيىنىڭ ئاساسلىق ئون بۇيرۇقى بىز مۇئمىنلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىزمۇ؟ قۇرئان ئىلگىرىكى كىتابلار (ئىلگىرىكى كىتابلاردىكى بۇيرۇقلار)نى تەستىق قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟[2] تەستىقلاش نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ بۇ سەۋەبتىن نامازنىڭ رەكەتسانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا تىلغا ئېلىنغان ۋە ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مىسال قىلىنىپ ئەسلىتىلگەن بەقەرە سۈرىسى 43-ئايىتى ئەلۋەتتە بارلىق مۇئمىنلەرگە خىتاب قىلىدۇ. بۇ ئايەت، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن تارتىپ ئۆزىنى مۇئمىن دەپ دەۋا قىلغان بارلىق كىشىلەرگە خىتاب قىلىش بىلەن بىرگە، «مۇئمىنلەر بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئايەتتىكى «رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىل» بۇيرۇقى، «ناماز ئوقۇڭلار» بۇيرۇقىدىن ئايرىم ھالدا تىلغا ئېلىنغان. بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر ئايەت «نامازنى رۇكۇ قىلغۇچىلارغا ئەگەشكەن ھالدا ئادا قىلىڭلار» دېگەن بولىدۇ. يەنى، بۇ ئايەت ئۆزىنى مۇئمىن دەپ دەۋا قىلغان ھەرقانداق كىشىگە خىتاب قىلىپ (ئەگەر مۇئمىن ئىكەنلىكىڭلارنى دەۋا قىلساڭلار)، سىلەرمۇ مۇئمىنلەر بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇڭلار، دېمەكتە. خۇددى ھەزرىتى مۇسا، ھەزرىتى مەريەم ۋە ھەزرىتى ئىساغا ئوخشاش، ئۇلارغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە ئوخشاش، بۈگۈنگىچە كېلىپ - كەتكەن بارلىق ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە ئوخشاش، سىلەرمۇ «نامىزىڭلارنى

(1) ھىجر سۈرىسى، 9؛ نەھل سۈرىسى، 44-ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 41؛ ئالئىمران سۈرىسى، 3؛ مائىدە سۈرىسى، 48؛ يۇسۇف سۈرىسى، 111-ئايەت

رۇكۇ قىلغۇچىلارغا ئەگەشكەن ھالدا ئادا قىلىڭلار» دەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر ئايەتلەر پەقەت ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى مۇئمىن دەپ دەۋا قىلغان بارلىق كىشىلەرگە خىتاب قىلىدۇ. بۇ ئايەت مەخسۇس ھالدا ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا قارىتىلغان دېگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا نەتىجىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا «نامازنى ئۆز مەيلىڭلارچە ئەمەس، بەلكى رۇكۇ قىلغان مۇئمىنلەرگە ئەگەشكەن ھالدا ئۇلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىلىڭلار. مۇئمىنلەر قايسى قىبلىگە يۈز كەلتۈرسە، سىلەرمۇ شۇ قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈڭلار، مۇئمىنلەر قانچە رەكەت ناماز ئوقۇسا، سىلەرمۇ شۇنچە رەكەت ناماز ئوقۇڭلار...» دەيدۇ. يەنى، بۇ ئايەت «مۇئمىنلەر نامازنى قانداق ئوقۇغان بولسا، سىلەرمۇ شۇنداق ئوقۇڭلار» دېگەن بۇيرۇقنى بەرگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق نامازنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلىنى بىلدۈرگەن.

بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى مەركىزى ئورۇنغا قويغان ھالدا كېلىشى (بۇ بۇيرۇقنىڭ بۇ دائىرىدە ئەسلىتىلىشى)، بۇ ئايەتلەرنىڭ بىز مۇئمىنلەرگە خىتاب قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. نامازلار قانداقلا بولمىسۇن رۇكۇ قىلغان مۇئمىنلەر بىلەن بىرلىكتە (ئۇلارغا ئوخشاش ھالدا) ئادا قىلىنىدۇ ۋە ئەسىرلەر بويى مۇشۇنداق داۋام قىلىپ كەلدى. مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىمۇ نامازلىرىنى مۇشۇنداق ھالدا ئادا قىلىپ كەلگەن بىر جامائەت ھەزرىتى ئىبراھىمدىن تارتىپ (ئاز ياكى كۆپ ساندا) دائىم مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكى قۇرئاندا بىلدۈرۈلگەن[1]. ئوخشاش شەكىلدە رەسۇلۇللاھ دەۋرىدىكى بىر گۇرۇپپا ئەھلى كىتابنىڭمۇ مۇشۇنداق شەكىلدە ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى يەنە قۇرئان بىزگە بىلدۈرىدۇ[2]. «رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىل»[3] تەلىماتىنىڭ ھەزرىتى مەريەمگە بېرىلگەنلىكىگە قارىغاندا، ھەم ھەزرىتى مەريەم دەۋرىدە، ھەم ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋردىمۇ نامازنى جامائەت ھالىتىدە ئادا قىلغان بىر جامائەت دائىم مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ كىمگە ئەگىشىپ (قايسى جامائەت بىلەن) ناماز ئوقۇيتتى؟ دېمەك، جامائەت ھالىتىدە ناماز ئوقۇيدىغان بىر جامائەت (ئاز ياكى كۆپ ساندا) دائىم مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ ئىزچىللىق رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرئان دەۋىتى دەۋرىگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن. بۇنىڭ دەۋەتتىن ئىلگىرى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك قولىمىزدا ھېچقانداق

(1) بەقەرە سۈرىسى، 125؛ ئالئىمران سۈرىسى، 113؛ مەريەم سۈرىسى، 55-54؛ ھەج سۈرىسى، 26؛ ئىبراھىم سۈرىسى، 40-37-ئايەتلەر

(2) ئالئىمران سۈرىسى، 113-ئايەت

(3) ئالئىمران سۈرىسى، 43-ئايەت

قۇرئانى دەلىل يوق. دەل ئەكسىچە، مەزكۇر ئايەتلەر بۇ ئىزچىللىقنىڭ ھېچقاچان ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقىنى، نامازلارنىڭ ئەسىرلەر بويى مۇتەۋاتىر سۈننەتكە ئاساسەن ئادا قىلىنغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. بۇ ھەقىقەتنى، يەنى نامازلارنىڭ رەسۇلۇللاھ ياشىغان دەۋردىن ئىلگىرىمۇ بۇگۈنكىدەك ئادا قىلىنغانلىقىنى، ھەم قۇرئان، ھەم تارىخىي دەلىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

## 1. قۇرئاندىن دەلىللەر

مەككە ۋە ئەتراپىدا (ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قوبۇل قىلىنغان دۇئاسى سايىسىدە) ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن ۋە ناماز ئوقۇيدىغان ھەنىف بىر جامائەتنىڭ بارلىقىنى قۇرئان بىزگە بىلدۈرمەكتە[1]. بۇ ھەقىقەت ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە. يەنى، ئەھلى كىتابتىن بەزى پىرقىلەرمۇ دائىم ناماز ئوقۇغان. بۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ئىبراھىمدىن تارتىپ مەككە ۋە ئەتراپىدا قۇرئان دەۋرىتى باشلانغان (مىلادى 610) يىللارغىچە ناماز ئوقۇيدىغان بىر جامائەت دائىم مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى (بۇنداق ئەمەسلىكىنى) بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق قۇرئانى دەلىل يوق. دەل ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان، كەبە ئەتراپىدا ھەزرىتى ئىبراھىمدىن تارتىپ قىيام، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىپ ناماز ئوقۇيدىغان بىر جامائەتنىڭ دائىم مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەر بار.

«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا: ‹ماڭا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمە. تاۋاپ قىلغۇچىلار، قىيامدا تۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئۆيۈم (كەبە)نى پاك تۇتقىن› دېگەنىدۇق» (ھەج سۈرىسى، 6-ئايەت).

«ئى مەريەم! رەببىڭگە ئىتائەت (قۇنۇت) قىل، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىل» (ئالئىمران سۈرىسى، 43-ئايەت).

«ئۇلار (ئەھلى كىتاب)نىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس. ئەھلى كىتابتىن شۇنداق كىشىلەر باركى، كېچىلىرى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، سەجدە قىلىدۇ» (ئالئىمران سۈرىسى، 113-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ نامازلىرىدا قىيام، قىرائەت (تىلاۋەت)، قۇنۇت، رۇكۇ ۋە سەجدىنىڭ بار ئىكەنلىكى،

(1) بەقەرە سۈرىسى، 84-83-ئايەتلەر

ھەزرىتى ئىبراھىم دەۋرىدىن تارتىپ كەبىنىڭ ئەتراپىدا بۇ شەكىلدە نامازنىڭ ئادا قىلىنغانلىقىنى قۇرئان بىزگە بىلدۈرمەكتە. ئۇنداقتا بۇ، ئىلگىرىكى ئۈممەتنىڭ نامازلىرى بىلەن نامازلىرىمىز ئارىسىدا (قىبلە تەرەپتىن باشقا) ھېچقانداق بىر پەرقىنىڭ يوق ئىكەنلىكى قۇرئان ئارقىلىق ئىسپاتلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ نامازلار ئوتتۇرىسىدىكى بىردىنبىر پەرق بولسا، قىبلە تەرەپنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكى بولۇپ، بىزلەر بەقەرە سۈرىسى 145 ـ 142 ـ ئايەتلەردىن قىبلە تەرەپنىڭ ھىجرەتتىن كېيىن كەبىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولدۇق. بۇ ئەھۋال ئەھلى كىتابنى خېلى بەك بىئارام قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئېتىراز قىلىشقان. قۇرئان *ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك مانا مۇشۇنداق كىچىك ئۆزگىرىش ھەققىدە (قىبلە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ياكى يېڭىدىن بەلگىلەنگەن ئەمەس، پەقەت يۈزلىنىدىغان تەرەپ ئۆزگەرتىلگەن) مۇھىم مەلۇماتلارنى بەرمەكتە. ھەتتا بۇ ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىمۇ بىلدۈرۈلگەن (رەسۇلغا ئەگىشىدىغانلار بىلەن ھەقىقىي مەنىدە ئەگەشمەيدىغانلارنى ئايرىپ چىقىش بولۇپ، رەسۇلغا ئەگىشىش قۇرئانغا ئەگەشكەنلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ). ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىچىككىنە ئۆزگىرىش ھەققىدىمۇ مانا مۇشۇنداق تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن، ھەتتا ئەھلى كىتابنىڭ ئېتىرازلىرىنىمۇ بىلدۈرگەن قۇرئاننىڭ، ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر ئۆزگىرىش (قوشۇش ياكى كېمەيتىش) بولغاندا*، بۇلارنى بىزگە بىلدۈرمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟

نامازلار قەدىمدىن تارتىپ ئوخشاش شەكىلدە ئادا قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇلار (بىزنىڭچە) يېتەرلىكتۇر. لېكىن بۇ ھەقتە باشقا قۇرئانى دەلىللەرمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، نامازغا بۇيرۇغان دەسلەپكى ئايەتلەردىكى «سالات» كەلىمىسى «مەئرىفەلىك (ئېنىقلىق)»نى بىلدۈرىدىغان «ال (ئەل)» قوشۇمچىسى بىلەن، يەنى «الصَّلٰوةَ (ئەسسالات)» شەكلىدە كەلگەن. دېمەك، بۇ ئايەت نازىل بولغان قۇرئان دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىمۇ خىتاب قىلىنغۇچىلار نامازنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. نامازغا بۇيرۇغان تۇنجى ئايەتلەرنىڭ بىرسى تۆۋەندىكىچە:

وَاَقٖيمُوا الصَّلٰوةَ وَاٰتُوا الزَّكٰوةَ

«ئۇ نامازنى ئادا قىلىڭلار ۋە زاكات بېرىڭلار...» (مۇززەممىل سۈرىسى، 20 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت ھەققىدە ۋەدات يىلماز مۇنداق دەيدۇ: «ئەسسالات» سۆزىنىڭ بېشىدا كەلگەن «ال (ئەل)» قوشۇمچىسى، «مەئرىفەلىك»نى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە

بولۇپ، خىتاب قىلىنغۇچىلارغا مەلۇم بولغان نەرسىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئايەتنى ئوقۇغان پەيغەمبەر ۋە باشقا مۇسۇلمانلار خۇددى روزا مەسىلىدىكىگە ئوخشاش[1]، «ھېلىقى نامازنى ئادا قىلىڭلار» دېيىلگەن ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ قايسى ناماز ھەققىدە توختالغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەھلى كىتاب ئادا قىلىۋاتقان شەكىلدە ناماز ئوقۇشقا باشلىغان. قۇددۇسقا قاراپ ناماز ئوقۇشى مانا بۇ سەۋەبتىن ئىدى. چۈنكى ئۇ دەۋرلەردە ئەھلى كىتاب قۇددۇسقا يۈز كەلتۈرۈپ ناماز ئۆتەيتتى[2].

رەسۇلۇللاھنىڭ دەسلەپكى نامازلىرىنى ئىلگىرىكى شەرىئەت ئاساسىدا ئادا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن بىرسى، ئۇنىڭ بەلگىلىك مەزگىلگىچە قۇددۇسقا قاراپ ناماز ئوقۇغانلىقى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ بەقەرە سۈرىسى 142 ـ 144 ـ ئايەتلەر نازىل بولغىچە (بۇ ئايەتلەر ھىجرى 2 ـ يىلىدا چۈشكەن) قۇددۇسقا قاراپ ناماز ئوقۇغان. قۇرئاندا «قۇددۇسقا قاراپ ناماز ئوقۇڭلار» دەيدىغان ئايەت يوق تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ نېمىگە ئاساسەن قۇددۇسقا قاراپ ناماز ئوقۇغان؟ بەزىلەر بۇ سوئالغا «قۇددۇسقا قاراپ ناماز ئوقۇش بۇيرۇقى باشتا قۇرئان ئايىتى ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن، لېكىن كېيىن بۇ ئايەت نەسخ قىلىنغان» ياكى «قۇددۇسقا قاراپ ناماز ئوقۇش ھەققىدىكى بۇيرۇق غەيرى مەتلۇۋ ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما بۇ جاۋابنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى «رەسۇلۇللاھ ئۆزىگە بېرىلگەن ‹ئىلگىرىكى شەرىئەتكە ئەگەش› بۇيرۇقىغا رىئايە قىلىپ قۇددۇسقا يۈز كەلتۈرگەن بولۇپ، ئىلگىرىكى شەرىئەتتە قىبلە قۇددۇستىكى بەيتۇلمۇقەددەس ئىدى»[3]. قېنى ئېيتىپ بېقىڭ، قۇرئان ئاساسىدىكى بۇ جاۋاب نېمىنى چۈشەندۈرۈلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن باشقا يەردىن جاۋاب ئىزدەيمىز؟

رەسۇلۇللاھ قىبلە تەرەپ ئۆزگەرتىلگىچە نامازلىرىنى قۇددۇسقا قاراپ ئوقۇغان بولۇپ، خۇددى بۈگۈنكىگە ئوخشاش ھالدا ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەركان ۋە شەرتلەرنىمۇ ئىلگىرىكى شەرىئەتكە رىئايە قىلىپ ئادا قىلغان، يەنى ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ مۇتەۋاتىر سۈننىتىگە ئەگىشىپ ئادا قىلغان. چۈنكى بۇ (ئىلگىرىكى شەرىئەتكە ئەگىشىش) قۇرئاننىڭ روشەن بۇيرۇقىدۇر[4]. ناماز ئەسىرلەردىن

(1) مۇئەللىپ، بۇ نۇقتىدا «سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە پەرز قىلىنغاندەك، روزا سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى» (بەقەرە سۈرىسى، 183 ـ ئايەت) ئايىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئەھلى كىتابقا ئوخشاش روزا تۇتۇشقا باشلىغانلىقىنى (مۇسۇلمانلارنىڭ روزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىمىغانلىقىنى، بىلىدىغانلىقىنى) نەزەردە تۇتقان بولسا كېرەك

(2) مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات ۋە شەكىللەر ئۈچۈن بۇ ئەسەرگە مۇراجەت قىلىڭ: «ھەممىگە مەلۇم ناماز»، ۋەدات يىلماز، كىتاب ۋە ھېكمەت ژورنىلى، 4 ـ سان، 38 ـ 42 ـ بەتلەر

(3) فاتىھ ئوروم، «قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدا قۇرئاننى چۈشىنىش مېتودى»، 87 ـ بەت

(4) ئالئىمران سۈرىسى، 95؛ ئەنئام سۈرىسى، 90؛ نەھل سۈرىسى، 43؛ ئەنبىيا سۈرىسى، 7؛ شۇرا سۈرىسى،

بۇيان مۇشۇنداق ئادا قىلىنغان. ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار قۇرئاننىڭ نازىل بولۇش جەريانىدا ئايەتلەر بىلەن تەكرار بىلدۈرۈلگەن. قىبلە تەرەپنىڭ ئۆزگەرتىلىشىمۇ بۇ جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، قۇرئاندا ئورۇن ئالغان.

بۇ نۇقتىدا مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. رەسۇلۇللاھنىڭ نەبىلىكتىن ئىلگىرى ياكى دەۋەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئىلگىرىكى شەرىئەتكە ئەگىشىپ ناماز ئوقۇشى، ئۇنىڭ ئۇممى بولۇشى (ئەھلى كىتاب بولماسلىقى) ھەقىقەتتە زىت كەلمەمدۇ؟ ياق، زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇممى ئىكەنلىكىنى (ئەھلى كىتاب ئەمەسلىكىنى) بىلدۈرگەن قۇرئان، ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى نەبى - رەسۇلۇللارنىڭ يولىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان[1]. قۇرئاندا زىتلىق يوق بولۇپ، بۇ ئىككى مەسىلە ئۆزئارا زىت ئەمەس. يەنى، ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ يولىغا ئەگىشىش ئەھلى كىتاب بولۇش دېگەنلىك ئەمەس. بۇ، ئىلگىرىكى شەرىئەتكە، ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ئەسلىگە، ئىلگىرىكى نەبى - رەسۇللارنىڭ مۇتەۋاتىر سۈننىتىگە ئەگىشىش دېگەنلىكتۇر. ئەھلى كىتاب بولسا، ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇمدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر كىتابقا ئەگەشكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىتابنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان كىتابنى (بۇزۇلغان دىنىنى) ئىجرا قىلىپ ماڭغان، ھەتتا «ئىسا ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر، ئۇزەيىر ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر»[2] دەپ مۇشرىك بولغانلار بولغاندەك، بۇنداق ئەمەسلەرمۇ بار. قۇرئان «ئەھلى كىتابنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى، ئىچىدە ئۆزىگە كۆپ مىقداردا مال ئامانەت قويۇلسا، ئۇنى ئۆز پېتى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلارنىڭ ۋە كېچىلەردە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ ناماز ئۆتەيدىغانلارنىڭ بارلىقى»نى بىلدۈرمەكتە[3]. دېمەك، ئەھلى كىتابنىڭ ئىچىدە ئۈلگە ئالغىلى بولغۇدەك كىشىلەرمۇ بار. قۇرئان «بىلمىسەڭلار زىكىر ئەھلىدىن سوراڭلار»[4] دېيىش ئارقىلىق ئەھلى كىتابتىن مەسلىھەت سوراشقا، ھەتتا بۇنىڭ زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى بۇيرۇيدۇ.

نامازلارنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر ئومۇمەن «قۇرئان دەۋىتىدىن ئىلگىرىكى نامازلار ئىككى ياكى ئۈچ ۋاقىت ئىدى، لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە بەش ۋاقىت قىلىپ مۇقۇملاشتۇرۇلدى» دېيىشىدۇ. «قېتىم

13 ـ ئايەت

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 95؛ ئەنئام سۈرىسى، 90؛ نەھل سۈرىسى، 43؛ ئەنبىيا سۈرىسى، 7؛ شۇرا سۈرىسى، 13 ـ ئايەت

(2) تەۋبە سۈرىسى، 30 ـ ئايەت

(3) ئالئىمران سۈرىسى، 75، 113 ـ ئايەت

(4) نەھل سۈرىسى، 43؛ ئەنبىيا سۈرىسى، 7 ـ ئايەت

سانى ئاشۇرۇلدى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بۇ قاراش، قۇرئاننىڭ نەسخ مەنتىقىسىغا زىت كېلىدۇ. چۈنكى قۇرئان ئىلگىرىكى شەرىئەتتىن نەسخ قىلىنغان ئەھكامنى بىزگە بىلدۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ھېچبىرسىدە ئېغىرلاشتۇرۇلمىغان، ئەكسىچە يېنىكلىتىلگەن. بۇنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى «ئۇ نەبى ـ رەسۇل، ئۇلارغا پاكىز نەرسىلەرنى ھالال، نىجىس نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ ۋە يەلكىسىدىكى ئېغىرلىقلارنى يەڭگىللىتىدۇ، سېلىنغان تاقاق ـ كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ...» مەنىسىدىكى ئەئراف سۈرىسى 157 ـ ئايىتىدىن مەلۇم بولماقتا. نەسخ قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق. مەسىلەن: تەۋراتتىكى زىنا جازاسى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش (رەجم) بولۇپ، قۇرئان بۇ جازانى 100 دەررىگە ئۆزگەرتكەن[1]. يەھۇدىيلارنىڭ رامىزان روزىسى مەزگىلىدە ئاياللىرى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى مەنئى قىلىنغان بولۇپ، بۇ چەكلىمە قۇرئان ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان[2]. يەھۇدىيلاردا شەنبە كۈنى شىكار قىلىش ھارام قىلىنغان بولسا، بىزدە بۇنداق ئىش يوق[3]. يەھۇدىيلاردا كالا ۋە قوينىڭ ئىچكى يېغى، تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى ھارام، ئەمما بىزگە بۇلارنىڭ ھەممىسى ھالال قىلىنغان[4]. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۆزگەرتىشلەر (نەسخ) ئىزچىل يەڭگىللىتىش شەكلىدە بولغان. بۇ سەۋەبتىن «رەسۇلۇللاھتىن ئىلگىرى نامازنىڭ كۈندە ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدىغانلىقى، لېكىن بۇنىڭ مىراج ئارقىلىق بەش ۋاقىتقا ئۆزگەرتىلگەنلىكى» ھەققىدىكى قاراشلار پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ[5]. چۈنكى بۇ نامازنىڭ ئېغىرلاشتۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئاندىكى نەسخ مەنتىقىسى بۇنداق ئېغىرلاشتۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قىبلە ھەققىدە ئۆزگەرتىشنىڭ ئېغىرلاشتۇرۇش ئەمەسلىكى ئېنىق.

خۇلاسىلىسەك، قۇرئان نازىل بولغان دەۋردە مەككە ۋە ئەتراپىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى نامازنىڭ نېمە ۋە قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى[6]. ھەتتا ھەنىفلەر ۋە بىر تۈركۈم ئەھلى كىتاب بۇلارنى ئادا قىلىپ

---

(1) نۇر سۈرىسى، 2 ـ ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 187 ـ ئايەت

(3) نەھل سۈرىسى، 124 ـ ئايەت

(4) نىسا سۈرىسى، 160؛ ئەنئام سۈرىسى، 145 ـ 146 ـ ئايەتلەر

(5) قۇرئاندا بەش ۋاقىت نامازغا بۇيرۇغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسرا (مىراج) ۋەقەسىدىن ئىلگىرى چۈشكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن بۇ ئەسەرگە مۇراجەت قىلىڭ: ئىسرافىل بالجى، «بەش ۋاقىت ناماز ھەقىقەتەن مىراجدا پەرز قىلىندىمۇ؟»، كىتاب ۋە ھېكمەت ژۇرنىلى، 4 ـ سان، 7 ـ 15 ـ بەتلەر

(6) بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن بۇ ئەسەرگە مۇراجەت قىلىڭ: فاتىھ ئورۇم، «ئايەت ۋە رىۋايەتلەر رەت قىلغان قاراش ـ ‹سالات› تىن بىخەۋەر ئۇلۇغ پەيغەمبەر!»، كىتاب ۋە ھېكمەت ژۇرنىلى، 4 ـ سان، 16 ـ 22 ـ بەتلەر

كېلىۋاتقاندى (ناماز ئۆتەيتتى). ئادا قىلمايدىغانلارمۇ (خۇددى كۈنىمىزدىكىدەك) نامازنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ باشقا ئىبادەتلەرگە ئوخشاش ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار قۇرئاننىڭ نازىل بولۇش جەريانىدا قۇرئاندىن ئورۇن ئالغان.

## 2. تارىخىي دەلىللەر

ئىلگىرىكى شەرىئەتتىكى ناماز بىلەن بىز ئوقۇۋاتقان ناماز ئوتتۇرىسىدا (قىبلە تەرەپتىن باشقا) ھېچقانداق پەرقنىڭ يوقلىقىغا (قۇرئانى دەلىلگە قوشۇمچە) تارىخىي دەلىللەر تۆۋەندىكىچە:

### 1) ئىسلامى مەنبەلەردىن دەلىللەر:

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن قۇرئانى دەلىللەرگە ئىلاۋە ھالدا ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ نامىزى بىلەن بىزنىڭ نامىزىمىز ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرقنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىلدۇر (قۇرئانى دەلىل بىلەن بىردەك بولغان بۇ ھەدىسنى دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ):

ئىبنى ئابباس (ر ئە): رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) مۇنداق دېدى: «جىبرىئىل (ئە س) ماڭا، بەيتۇللاھنىڭ يېنىدا ئىككى قېتىم ئىماملىق قىلدى. بۇلاردىن بىرىنچى قېتىمدا پېشىن نامىزىنى سايە ئاياغنىڭ بوغقۇچىدەك ئۇزۇنلۇقتىكى ۋاقىتتا بولدى. كېيىن ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىچىلىك بولغاندا ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن كۈن پېتىپ، روزىدار ئېغىزىنى ئاچقان ۋاقىتتا نامازشام ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن ئۇپۇقتىكى يورۇقلۇق (شەپەق) غايىب بولۇشى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن سەھەرنىڭ شەپەق ۋاقتى بىلەن، روزىدارغا غىزا ھارام بولغان ۋاقىتتا بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئىككىنچى قېتىم پېشىن نامىزىنى تۈنۈگۈنكى ئەسىر ۋاقتىدا، ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدا بولغان ۋاقىتتا ئوقۇدى. ئاندىن ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىدىن ئىككى ھەسسە ئۇزۇن بولغان ۋاقىتتا ئەسىرنى ئوقۇدى. ئاندىن ناماز شامنى تۈنۈگۈنكى ۋاقىتتا ئوقۇدى. ئاندىن خۇپتەننى كېچىنىڭ ئۈچتەن بىرى بولغاندا ئوقۇدى. ئاندىن يەر يۈزى ئاقارغاندا بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن جىبرىئىل (ئە س) ماڭا يۈزلىنىپ: ‹ئى مۇھەممەد! بۇلار سەندىن ئىلگىرىكى نەبىلەرنىڭ ناماز ۋاقتىدۇر. ناماز ۋاقتى

بۇ ئىككى ۋاقىت ئارىسىدا قالغان ۋاقىتتۇر، دېدى!»[1].

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىلگىرىكى نەبىلەر (ئۈممەتلەر)نىڭ نامازلىرى بىلەن بىزنىڭ نامىزىمىز ئارىسىدا ۋاقىت، رۇكۇن جەھەتتىن ھېچقانداق پەرق يوق. ئىسلام تارىخىي مەنبەلىرى بەزى ساھابىلەرنىڭ قۇرئان دەۋرىدىن بۇرۇنمۇ بۇ شەكىلدە ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇنمۇ ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتقان ئەبۇ زەر غىفارى[2] ۋە زەيد ئىبنى ئەمر ئىبنى نۇفەيلنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ[3].

## 2) ئەھلى كىتاب مەنبەلىرىدىن دەلىللەر

ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ نامىزى بىلەن بىزنىڭ نامىزىمىز ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىر پەرقنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم دەلىللەردىن بىرىنى يەھۇدىي مەنبەلىرىدىن كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: رەببىنىك يەھۇدىيلەر بامدات (2)، پېشىن (4)، ئەسىر (4)، نامازشام (3) ۋە خۇپتەن (1) بولۇپ كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ئۆتەيدۇ. خۇپتەن نامىزىدىن باشقا ۋاقىتتىكى نامازلىرىنىڭ رەكەت سانى بىز ئوقۇۋاتقان نامازنىڭ رەكەت سانى بىلەن ئوخشاش (نېمە ئۈچۈن بۇنداق پەرق بارلىقى ھەققىدە ئايرىم توختىلىمىز). ئۇلارمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش نامازنى قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولۇش بىلەن باشلايدۇ (نىسىيات كاپايىم)، قىيام (ئامىداھ)، رۇكۇ (برەئىكاھ)، سەجدە (قىداھ)، قەئدە (كرىئاھ) قىلىدۇ، ھەر رەكەتتە ئىككى قېتىم سەجدە قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپ (ئوسەھ شالوم) نامازنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ[4].

رەببىنىك يەھۇدىيلارنىڭ بۇ نامازلىرى قۇرئان ۋە ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ نامىزىغا ئاساسلانغان بولماستىن، بەلكى ئۆزلىرىدىكى دىنى مەنبەلەرگە ئاساسەن ئادا قىلغان. چۈنكى «كونا ئەھدە» ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان تەتقىقاتچىلار، قۇرئاندىكى نامازنىڭ ئەركانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تەۋراتتا بارلىقىنى بايقىغان.

بۇلارنىڭ قايسى بابلاردا يەر ئالغانلىقىنى مەملىكىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان

(1) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 2364، (تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد)

(2) مۇسلىم، 4-جىلد، 1920 (بەيرۇت)

(3) مۇھەممەد ئابىد ئەل-جابىرى، «قۇرئانغا كىرىش»، ئىستانبۇل، 2001، 57-بەت (فاتىھ ئورۇم، يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئەسەردىن نەقىل).

Ben ABRAHAMSON, Tracing the derivation of prayer positions from Torah, to Temple times, to (4) Modern Practice, s .17

بىر تەتقىقاتتىن مۇنداق نەقىل قىلىشقا بولىدۇ[1]: تاھارەت (تەۋىلا)[2]، قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش (مىزراھ)[3]، قىيام (ئامىدا)[4]، رۇكۇ (قاداد، كەرىئا)[5]، سەجدە (شاچاھ، ئەل-پاناۋ)[6]، تىزلىنىپ ئىبادەت قىلىش، قەئدە (كورە ئەل-بىركاۋ)[7]، قول ئېچىپ دۇئا قىلىش[8].

دېمەك، تەۋراتتا بۇيرۇلغان ناماز بىلەن بىزگە بۇيرۇلغان ناماز ئوخشاش. بۇنى ئادا قىلىپ كېلىۋاتقان يەھۇدىيلارنىڭ ئاز ساندا بولۇشى ياكى بۇلارنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكىمىز، ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش دەلىللەرنى خىرىستىيان مەنبەلىرىدىنمۇ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ مەقسەتتە دوكتورلۇق تەتقىقاتىنى سۈرىيانىلەر ھەققىدە ئېلىپ بارغان ۋە بەش يىل بويىچە موناستىردا ياشىغان مەھمەت چەلىكنىڭ «چېركاۋدا ناماز» سەرلەۋھىلىك بىر لېكسىيەسىدىن قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى نەقىل قىلىپ ئۆتەيلى:

«بىزنىڭ ئائىلىرىمىز ۋە بەزى دىنلار تارىخچىسى بولغان ئۇستازلىرىمىز، يەكشەنبە كۈنى چېركاۋدا ئېلىپ بېرىلغان ياد ئېتىش پائالىيىتىنى ئىبادەت دەپ قارايدۇ. ياق، خىرىستىيانلىقتا بۇنداق ئىبادەت يوق. بىر پوپتىن سورىسىڭىزمۇ ئۇنىڭ ئىبادەت ئەمەسلىكىنى سىزگە ئېيتىدۇ. يەكشەنبە كۈنلىرىدە ئېلىپ بارغانلىرى بىزنىڭ مەۋلۇت مۇراسىمىمىزغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىدە يەكشەنبە كۈندىكى پائالىيەتلىرىدە ئىسا (ئە س)نىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشىنى جانلاندۇرۇش ۋە ئۇنى مۇراسىم بىلەن تەبرىكلەش چۈشەنچىسى ياتىدۇ. ئەمدى سىلەرگە بارلىق پىروتستانت مەزھىپى چېركاۋلىرىدىكى ئىبادەت ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەي. بۇ ئىبادەتنى بۈگۈن پەقەت روھبانلارلا ئادا قىلىدۇ.

(1) خاكان ئۇغۇر، « ‹كونا ئەھدە› دىكى ‹دۇئا› ئۇقۇمىنىڭ قۇرئاندىكى ‹سالات› ئۇقۇمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، چاناق قەلئە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلامى ئىلىملەر فاكۇلتېتى ژورنىلى، ج:8، ئىيۇل - دېكابىر 2008، 166-133-بەتلەر

(2) Çıkış XXX/17-21.

(3) Mezmurlar V/7; XXVIII/2; CXXXVIII/2, I. Krallar VIII/30, 35; II. Tarihler VI/21, 26, I. Krallar VIII/48; II. Tarihler VI/38, Besalel, “Tefila”, YA, III/727. 208 Daniel VI/10

(4) I. Samuel I/26, I. Krallar VIII/22-23

(5) Tekvin XXIV/26, Tekvin XXIV/48, Çıkış IV/31, Çıkış XII/27, Nehemya VIII/6, Ester III/2, Nehemya VIII/6

(6) Tekvin XVII/3, Tekvin XLIII/27-28. Yeşu VII/6, Nehemya VIII/6,II. Tarihler XX/18-19,Mezmurlar XCV/6, Çıkış XXXIV/8, Sayılar XX/6

(7) Daniel VI/10, Ezra IX/15, I. Krallar VIII/54, I. Krallar XVIII/42

(8) I. Krallar VIII/22, Mezmurlar XXVIII/1-2, Daniel VI/11, I. Krallar VIII/54

روسلاردا، يۇنانىستانلىقلاردا، قىپتىلەردە، ناستۇرىلەردە، سۇريانىلاردا، سىرپىلاردا، ئەرمېنىلەردە، بولغارلاردا، مارونىلەردە، كەلدانىلاردا چېركاۋلاردا بۈگۈنمۇ بەش ۋاقىت پەرز ناماز ئادا قىلىنىدۇ. بامدات نامىزى تۆت رەكەت بولۇپ، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ. پېشىن نامىزى ئون رەكەت بولۇپ، كۈن پېتىشقا ئاز قالغاندا ئوقۇلىدۇ. نامازشام ئالتە رەكەت بولۇپ، كۈن پاتقاندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. مەن سۇريانى چېركاۋىدا تۇرغان بەش يىل بويىچە ئۇلارنىڭ جامائەت ھالىتىدە قىلغان بۇ نامازلىرىغا شاھىت بولدۇم. چېركاۋدا ئەڭ ئالدىدىكى سەپتە ئەرلەر تۇرىدۇ، ئاندىن ئوغۇللار، ئاندىن ئەڭ ئارقىدا ئاياللار نامازغا تۇرىدۇ. ئاياللاردا ھىجاپ بىزدىكىگە ئوخشاش پەرز. ئۇلارنىڭچە نورمال بىر خىرىستىيان ئايالنىڭ ھىجابىمۇ بىر راھىبەنىڭ ھىجابىغا ئوخشاش بولۇشى كېرەك. ئۇلار نامازدا ئۆرە تۇرۇشنى «گىيومو» (قىيام) دەيدۇ. قىيامدا تۇرغان ۋاقىتتا قولىنى كۆكرەككە يېقىن نۇقتىغا قويغان ھالدا تۇرىدۇ. (قىپتى، سۇريانى، ناستۇرىلەردە) نامازدا قىرائەت قىلغاندا زەبۇردىن پارچىلار ئوقۇلىدۇ (چۈنكى ئۇلار ئىنجىلنى بىر بىيوگرافى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ). قىرائەتتىن كېيىن رۇكۇ قىلىدۇ. رۇكۇ بىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش، لېكىن ئۇلار رۇكۇدا بىرئاز ئۇزۇن تۇرىدۇ. رۇكۇدىن كېيىن قايتىدىن ئۆرە تۇرىدۇ، ئاندىن سەجدىگە بارىدۇ. بەزىلىرى پېشانىسىنى يەرگە تەگكۈزىدۇ، بەزىسى پېشانىسىنى يەرگە بىر غېرىچ قالغۇچىلىك ھالەتتە بېشىنى ئېگىدۇ. ئۇلارنىڭ نامازلىرىدە ئولتۇرۇش (قەئدە) يوق. نامازلىرىنى ئىككى رەكەت ھالىتىدە ئوقۇيدۇ. مەسىلەن: ئون رەكەتلىك پېشىن نامىزىنى ئىككى رەكەتتىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆتەيدۇ. بۇ ئۈچ ۋاقىت ناماز (بامدات، پېشىن ۋە نامازشام)نى جامائەت بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىن، قالغان ئىككى ۋاقىتنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا ئۆزى يالغۇز ئوقۇيدۇ. لېكىن بۇ ئىككى ۋاقىت نامازمۇ پەرز. بۇلار بىزدىكى ئەسىر ۋە خۇپتەن ناماز ۋاقىتلىرىدا ئوقۇلىدۇ. بۇ ئىككى ناماز ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى جامائەت بىلەن ئادا قىلىنىدىكەن. كېيىن ئىجتىھات بىلەن يالغۇز ھالدا ئادا قىلىنىدىغان بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ پەرز نامازلىرى مانا مۇشۇنداق. بۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى ۋاقىت ناماز بار بولۇپ، بۇلار نەپلە نامازلار. بۇلاردىن بىرسى بىزدىكى چاشگاھ ۋاقتىدا ئوقۇلغان نامازغا ئوخشايدۇ. يەنە بىرسى يېرىم كېچىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان كېچە نامىزىدۇر»[1].

ئىنتېرنېت مۇھىتىدا يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان پىرقىلەرنىڭ نامازلىرىغا مۇناسىۋەتلىك كۆپ مىقداردا سىن ھۆججەتلىرى بار. بۇ سىن كۆرۈنۈشلىرىدىن بۇ پىرقىلەرنىڭمۇ قىيام، قىرائەت، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا

(1) Çelik, Mehmet, http://www.Kur’andersi.com/izle1.php?id=394

ئوخشاپ قالىدىغان ھالدا ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بارناباس ئىنجىلىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى تەتقىق قىلغان مەۋدۇدىمۇ بارناباس ئىنجىلىدا زىچ شەكىلدە نامازنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ۋە بۇ نامازلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا مەلۇم بولغان نامازلار ئىكەنلىكىنى (بامدات، پېشىن، ئەسىر، نامازشام، خۇپتەن ۋە تەھەججۇت) ۋە ھەر نامازدىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان[1].

بەزى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان پىرقىلەرنىڭ بۇ نامازلارنى قۇرئانغا ئاساسەن ئوقۇمىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بىز ئوقۇۋاتقان نامازلار بىلەن ئىلگىرىكى ئۈممەتنىڭ نامازلىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق نېگىزلىك پەرقنىڭ يوقلىقى تارىخى مەلۇماتلار بىلەن ئىسپاتلانغان بولىدۇ. دېمەك، بىز «ئىلگىرىكى نامازلار بىلەن بىز ھازىر ئادا قىلىۋاتقان نامازلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق» دېگەن قارىشىمىزنى ھەم قۇرئانى دەلىللەر بىلەن (ئەسلىدە بۇ يېتەرلىك)، ھەم تارىخى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىيالايمىز. لېكىن نېمە ئۈچۈن «ئىلگىرىكى نامازلار بىلەن بىزنىڭ ھازىرقى نامىزىمىز ئوتتۇرىسىدا پەرق بار» دېگۈچىلەر بۇ قارىشىنى ئىسپاتلىماي، ئەكسىچە «ئۆتمۈش ئۈممەتنىڭ نامىزى بىلەن بىزنىڭ نامىزىمىز ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق» دېگۈچىلەر بۇ قارىشىنى ئىسپاتلاشقا مەجبۇر بولىدۇ؟ ئەسلىدە پەرق بار دېگۈچىلەر، بۇ پەرقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قارىشىنى ئىسپاتلىشى كېرەك. مانا بۇ، توغرا ۋە بولۇشقا تېگىشلىك ئىش. لېكىن بولمىغان نەرسىنى (ئوخشاي) كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ. بىز ئىلگىرىكى ئۈممەتنىڭ نامىزى بىلەن بىزنىڭ نامىزىمىزنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، پەرقنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىدۇق. ھالبۇكى، ئىسپاتلاش مەجبۇرىيىتى بولغانلار ئەسلىدە «پەرق بار» دېگۈچىلەر ئىدى.

خۇلاسىلىسەك، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ نامىزى بىلەن بىزنىڭ نامىزىمىز ئوتتۇرىسىدا قىبلە تەرەپتىن باشقا ھېچقانداق پەرق (ئىلاۋە ياكى كېمەيتىش) يوق. بۇ قۇرئان بىلدۈرگەن ھەقىقەت. بۇ مەسىلە ھەققىدە تارىخي دەلىللەرمۇ بار.

بۇ مەسىلىنى مۇنداق سوئاللار بىلەن ئاخىرلاشتۇرايلى: رەسۇلۇللاھ نەبىلىكتىن بۇرۇن، يەنى 40 ياشتىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇدىمۇ؟ ئەگەر جاۋاب «ھەئە، ئوقۇدى» بولسا؛ ئۇنداقتا نېمىگە ئاساسەن ۋە قانداق شەكىلدە ناماز ئوقۇدى؟ ئەگەر جاۋاب «ياق، ئوقۇمىدى» بولسا؛ ئۇنداقتا ناماز ئوقۇيدىغان بىر خەلق ئىچىدە ياشىغان (مەككىدە ھەزرىتى ئىبراھىمدىن تارتىپ ناماز ئوقۇيدىغان بىر جامائەتنىڭ

---

(1) مەۋدۇدى، «تەۋھىد كۈرىشى»، 111-بەت (نەقىل قىلغۇچى - سەۋىم گەلگەچ، دىنى ئىلىملەر ئاكادېمىك تەتقىقات ژورنىلى، ج 15، 1-سان، 2015، 299-275-بەتلەر)

بارلىقىنى قۇرئان بىلدۈرمەكتە)، لېكىن ناماز ئوقۇمايدىغان بىر كىشىنىڭ نەبى قىلىپ تاللىنىشىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ نەبى قىلىپ تاللانغان بىر زاتنىڭ مۇشۇنداق (بىناماز) ياشىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولامدۇ؟

بىزنىڭچە رەسۇلۇللاھ ناماز، ھەج، روزا ۋە زاكاتتىن ئىبارەت ئاساسلىق ئىبادەتلەرنى نەبى بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ ئادا قىلاتتى. ئۇ، ئەلۋەتتە ئۇممى ۋە ھەنىف ئىدى. يەنى، ئۇ نە مۇشرىك، نە ئەھلى كىتاب ئىدى. لېكىن ھەنىف بولۇش پەقەت «شېرىك قوشماسلىق»تىنلا ئىبارەت ئەمەس ئىدى. بۇ سەۋەبتىن «ئۇ شېرىك كەلتۈرىدىغان ئىشتىن خالىي ئىدى، لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىبادەتنى ئادا قىلمىغان» دېيىش توغرا ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئۇ ئەھلى كىتاب ئەمەس ئىدى» دېگەنلىك، «ھېچقانداق ئىبادەتنى قىلمايتتى» دېگەنلىك ئەمەس. ئۇ «شۇنىڭدەك ئەمرىمىز بويىچە ساڭا روھ (قۇرئان)نى ۋەھيي قىلدۇق. سەن كىتاب نېمە؟ ئىمان نېمە؟ بىلمەيتتىڭ»[1] ئايىتىدە مەلۇم بولغاندەك، ئۆزىگە ۋەھيي قىلىنغان قۇرئاندىن ئىلگىرى «كىتاب»نى، يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بىلمەيتتى. لېكىن بۇ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ يولىغا (مۇتەۋاتىر سۈننەتلىرىگە) ئەگىشىشى، ئىلگىرىكى شەرىئەتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىشى، بەزى ئىبادەتلەرنى بۇلارغا ئاساسەن ئادا قىلىشى ئۈچۈن توسالغۇ ئەمەس ئىدى. شۇنداق، ئۇ، قۇرئاندىن ئىلگىرى ئىزدىنىش ئىچىدە ئىدى. چۈنكى ئۇ ياشاۋاتقان جەمئىيەت يولدىن چىقىپ كەتكەن ۋە شېرىك ۋاباسىغا مۇپتىلا بولغانىدى. «شۇنىڭدەك ئەمرىمىز بويىچە ساڭا روھ (قۇرئان)نى ۋەھيي قىلدۇق. سەن كىتاب نېمە؟ ئىمان نېمە؟ بىلمەيتتىڭ»[2]، «بىز سېنى تېڭىرقىغان ھالدا تېپىپ توغرا يولغا باشلىمىدۇقمۇ؟»[3] مەنىسىدىكى ئايەتلەر، ئۇنىڭ قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى بىلمەيدىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالغانلىقىنى ۋە بۇ ھەقتە تېڭىرقاش ئىچىدە ياشىغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. لېكىن بۇ تېڭىرقاش ھالىتىنى ئۇنىڭ شەخسىي كەيپىياتى دەپ قاراشتىن بەكرەك «شېرىككە مۇپتىلا بولغان جەمئىيەتنىڭ تەسىرىدىن قورقۇش ۋە بۇ جەمئىيەتنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن نېمە قىلىشنى بىلمەسلىك» شەكلىدە چۈشىنىش كېرەك. چۈنكى كۇپۇر ۋە شېرىككە قارشى كۆرەش قىلىش ئوڭاي ئەمەس. تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن قۇرئان ۋەھيىدىن كېيىنمۇ (مۇشۇنداق پۇختا يۆلەنچۈكنىڭ بولۇشىغا قارىماستىن)، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتە قىينالغانلىقى مەلۇم بولماقتا:

---

(1) شۇرا سۈرىسى، 52 ـ ئايەت

(2) شۇرا سۈرىسى، 52 ـ ئايەت

(3) دۇھا سۈرىسى، 7 ـ 6 ـ ئايەتلەر

«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سېنى بىز ساڭا ۋەھيي قىلغان قۇرئانغا خىلاپلىق قىلدۇرۇپ، بىزگە قۇرئاندىن غەيرىنى ئىپتىرا قىلدۇرۇشقا تاس قالدى، شۇنداق قىلغىنىڭدا ئەلۋەتتە ئۇلار سېنى دوست قىلىۋالاتتى. سېنى بىز مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق، ئۇلارغا مايىل بولۇپ كەتكىلى ھەقىقەتەن تاس قالغان ئىدىڭ...» (ئىسرا سۈرىسى، 74 ـ 73 ـ ئايەتلەر).

دېمەك، رەسۇلۇللاھ مۇشرىكلارغا قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدا قۇرئان ۋەھيىدىن كېيىنمۇ، يەنى مانا مۇشۇنداق توغرا يېتەكچىنىڭ بولۇشىغا قارىماستىن، بەزىدە قىينالغان (بەزىدە تەرەددۇت قىلغان). بۇ ئايەتلەر بۇ ھەقىقەتنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ ئەھۋال رەسۇلۇللاھنىڭ تەرەددۇت سەۋەبىدىن ئىبادەتلەرنى ئاقسىتىپ قويغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. بۇ ئەھۋال نەبىلىكتىن ئىلگىرىكى مەزگىلى ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. يەنى، رەسۇلۇللاھ نەبى بولۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە بەزىدە ئىككىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ رېئاللىقنى ئۇنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا نامازنى تەرك قىلمىغان دەپ چۈشىنىش كېرەك.

بۇنىڭغا قارىماستىن، رەسۇلۇللاھ ھەققىدە قۇرئان تەستىقلىمىغان ئىككى ئاشقۇن قاراش (ھەددىدىن ئاشۇرۇش ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈش) ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەسىلەن، بەزىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ پەقەت نەبىلىكتىن كېيىنلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ مۆجىزىسى بارلىقىنى، ھەتتا بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ئۇ تۇغۇلغاندا كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى، تۇغۇلغان، بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە ئۇنىلغان مۆجىزە كۆرسەتكەنلىكىنى، نەبى بولغاندىن كېيىن بۇنىڭ تېخىمۇ ھەسسىلەپ ئاشقانلىقىنى... ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە بىر ئىنسان بولغان نەبى ـ رەسۇل، بەھۇدە ئۇرۇنۇشلار سەۋەبىدىن ئىنسان ئۈستى ھالغا كەلتۈرۈلدى، ھەتتا بەزىدە ئىلاھلاشتۇرۇلدى (چەكتىن ئېشىش). يەنە بەزىلەر نېمە ئۈچۈندۇركى، نەبىلىكتىن ئىلگىرىكى (ئۇلارنىڭچە نۇرغۇن مۆجىزە بىلەن ئەۋەتىلگەن) مۇھەممەدنىڭ ناماز ئوقۇمىغانلىقى (بىناماز ئىكەنلىكى)نى ئېيتىشىدۇ (خۇنۇكلەشتۈرىدۇ). رەسۇلۇللاھ ھەققىدە ئاشقۇنلۇق ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئىككى خىل قاراش قۇرئانغا زىت كېلىدۇ، بولۇپمۇ ئىچكى زىتلىققا ئىگە.

## رەسۇلۇللاھنىڭ تۇنجى ئىلىم مەنبەسى

رەسۇلۇللاھقا ۋەھيي قىلىنغان قۇرئان يېپ ـ يېڭى بىر دىننى ئوتتۇرىغا چىقارغان ۋە ئىلگىرى مەۋجۇت بولمىغان ھۆكۈملەرنى ئېلىپ كەلگەن ئەمەس.

قۇرئان ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن تاللىغان ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي دىنى بولغان ئىسلامنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان قىسمىنى ئەسلىگە قايتۇرۇش ۋە ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ئەسلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن كىتابتۇر. قۇرئان دىن بىلەن ھېچقانداق مەلۇماتى يوق، ئاللاھنى بىلمەيدىغان، ئاللاھنى ئىنكار قىلغان بىر جەمئىيەتكە ئەۋەتىلمىگەن بولۇپ، دەل ئەكسىچە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغان، ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان، لېكىن ئىمانىغا شېرىك ئارىلاشتۇرۇۋالغان بىر خەلققە ئەۋەتىلگەن. بۇتپەرەست مەككە مۇشرىكلىرىمۇ مۆئمىنلەر ئىمان ئېيتقان ئاللاھقا ئىشىنەتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلاتتى. لېكىن ئىمانى ۋە ئىبادەتلىرىگە شېرىك (ۋاستىچى) ئارىلاشتۇرۇۋالغان ئىدى. «يامغۇر ياغدۇرغۇچى ۋە ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرگۈچى ئاللاھتۇر»[1]، «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، قۇياش ۋە ئاينى ھۆكمى ئاستىدا تۇتقۇچى ئاللاھتۇر»[2] دەيتتى. ھەتتا «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان، ھەر نەرسىنى بىلىدىغان ئاللاھ ياراتتى»[3] دېيىشەتتى. ئىشىنىپلا قالماستىن يەنە ئۆزلىرى ئىشەنگەن بۇ ئاللاھقا يېقىن بولۇش ئۈچۈن ئىبادەت قىلىشاتتى[4]. لېكىن بەزى ۋاستىلەرنى شاپائەتچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغانىدى. ئۇلار دۇئالىرىنى «ئاللاھۇممە (ئى ئاللاھىم)!»[5] دەپ باشلايتتى. بەيتۇللاھنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇيتتى[6]. ئەمما بۇ ناماز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىلغان ناماز ئىدى. يەنى، مەككىلىك مۇشرىكلار ئاللاھنى بىلمەيدىغان ۋە ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىغان ئەمەس، ئەكسىچە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىلەر ئىدى. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان ئاللاھنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوق ئىكەنلىكى (تەۋھىد)نى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەر بىلەن تولۇپ ـ تاشقان.

مۇشرىكلاردىن باشقا ھىجاز رايونىدا ئاللاھنى بىر دەپ بىلىدىغان ۋە شېرىك ۋاباسى بىلەن يۇقۇملانمىغان ھەنىف بىر جامائەتنىڭ دائىم مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندۇق. دېمەك، مۇشرىكلاردىن تارتىپ ھىجاز رايونىدا ياشايدىغان بارلىق خەلقلەرنىڭ دىن ۋە ئىبادەت ھەققىدە مەلۇماتى بار ئىدى. يەنى، قۇرئان دىن ۋە ئىبادەت ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتى يوق خەلققە

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى، 63 ـ ئايەت

(2) زۇخرۇف سۈرىسى، 9؛ ئەنكەبۇت سۈرىسى، 63 ـ ئايەت

(3) زۇخرۇف سۈرىسى، 9 ـ ئايەت

(4) زۇمەر سۈرىسى، 3 ـ ئايەت

(5) ئەنفال سۈرىسى، 32 ـ ئايەت

(6) ئەنفال سۈرىسى، 35 ـ ئايەت

كەلمىدى. قۇرئاندا ھەج ۋە قۇربانلىق ئۈچۈن «بەلگىلىك كۈنلەر»[1]، روزا ئۈچۈن «سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى»[2] ۋە ھەج ئۈچۈن «بەلگىلىك ئايلاردۇر»[3] دېيىلىشى ئىسلامدا يەر ئالغان بۇ ئىبادەتلەرنىڭ ھىجاز رايونىدىكى ئەرەبلەر تەرىپىدىن قۇرئان دەۋتى باشلىنىشتىنمۇ بۇرۇن بىلىنىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. قۇرئان ئۇزۇن زاماندىن بۇيان ئادا قىلىپ كېلىنىۋاتقان بۇ ئىبادەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرماستىن، شېرىك ۋە بۇتپەرەسلىكتىن پاكلىغان[4]. رەسۇلۇللاھ مانا بۇ ئىشنى قىلغانىدى. قۇرئان ئىلگىرى ھېچ ۋەھيي قىلىنمىغان ۋە بىلىنمىگەن بۇيرۇقلارنى تۈنجى قېتىم ئېلىپ كەلگەن كىتاب ئەمەس[5]. ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىقلىغۇچى كىتابتۇر[6].

رەسۇلۇللاھ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان (ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ يولىغا ئەگىشىش) ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن باشتىن تارتىپ ناماز ئوقۇغان بولسا كېرەك. ھەتتا بۇ مەقسەتتە (تېخى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى) پات - پات ئەھلى كىتاب مەنسۇپلىرى (زىكىر ئەھلى) بىلەن مەسلىھەتلەشكەن ۋە ئۇلاردىن بەزى مەلۇماتلارنى ئالغان. چۈنكى قۇرئان شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغانىدى (بىلمىگەن مەسىلىلەردە ئەھلى زىكىر بىلەن مەسلىھەتلەشكىن دېگەنىدى):

**وَمَّا اَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ اِلَّا رِجَالاً نُوحِّي اِلَيْهِمْ فَسْئَلُوا اَهْلَ الذِّكْرِ اِنْ كُنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ**

«سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئىنسانلارغىلا ۋەھيي نازىل قىلىپ، ئۇلارنى رەسۇل سۈپىتىدە ئەۋەتتۇق. ئەگەر بىلمىسەڭلار ئەھلى زىكىر (ئەھلى كىتاب)دىن سوراڭلار» (نەھل سۈرىسى، 48-ئايەت).

رەسۇلۇللاھ بەلكىم بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئەھلى كىتاب مەنسۇپلىرى بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، كاپىرلار ئۇنىڭ بۇ ئۇچرىشىشلىرىنى باھانە قىلىپ:

---

(1) بەقەرە سۈرىسى، 203-ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 183-ئايەت

(3) بەقەرە سۈرىسى، 197-ئايەت

(4) م. ئىززەت دەرۋەزە، «قۇرئانغا ئاساسەن ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ھاياتى»، 1-جىلد، 539-535-بەتلەر

(5) «سېنى تېڭىرقاپ قالغان ھالدا تېپىپ، توغرا يولغا باشلىمىدۇقمۇ؟» مەنىسىدىكى دۇھا سۈرىسىنىڭ 7-ئايىتى ۋە «شۇنىڭدەك ساڭىمۇ ئەمرىمىز بويىچە روھ (قۇرئان)نى ۋەھيي قىلدۇق. سەن كىتاب نېمە؟ ئىمان نېمە؟ بىلمەيتتىڭ؟» مەنىسىدىكى شۇرا سۈرىسىنىڭ 52-ئايىتى، رەسۇلۇللاھنىڭ نەبىلىكتىن ئىلگىرىكى دەۋردە شېرىك ئەقىدىگە مۇپتىلا بولغان كىشىلەرنىڭ تەسىرىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلەلمەي قالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن چارە ئىزدىگەنلىكىنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاش ئىچىدە قالغانلىقىنى، كىتاب ۋە ئىمان ھەققىدە نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئايرىشتا قىينالغانلىقىنى ۋە مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتىن قۇرئان ۋەھيي ئارقىلىق قۇتۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ زالالەت ئىچىدە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك

(6) بەقەرە سۈرىسى، 41، 101؛ ئالئىمران سۈرىسى، 3؛ يۈسۈف سۈرىسى، 111؛ يۇنۇس سۈرىسى، 37-ئايەت

«قۇرئاننىڭ ئۇنىڭغا باشقا بىر كىشى (جامائەت) تەرىپىدىن ئۆگىتىلگەنلىكى»نى دەۋا قىلغانىدى.

وَلَقَدْ نَعْلَمُ اَنَّهُمْ يَقُولُونَ اِنَّمَا يُعَلِّمُهُ بَشَرٌ لِسَانُ الَّذ۪ي يُلْحِدُونَ اِلَيْهِ اَعْجَمِيٌّ وَهٰذَا لِسَانٌ عَرَبِيٌّ مُب۪ينٌ

«بىز ئۇلارنىڭ: ‹بۇ (قۇرئان)نى ئۇنىڭغا بىر ئىنسان ئۆگىتىدۇ› دەۋاتقانلىقىنى بىلىمىز. ھالبۇكى، ئۇلار نەزەردە تۇتقان كىشىنىڭ تىلى ئەرەبچە ئەمەس، ئەمما بۇ (قۇرئان) بولسا روشەن ھالدا ئەرەبچىدۇر» (نەھل سۈرىسى، 103 ـ ئايەت).

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، قۇرئان رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھلى كىتاب بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ (بۇنداق ئۇچرىشىشنىڭ بولمىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ، دەل ئەكسىچە تەستىقلايدۇ). لېكىن ئۇچراشقان بۇ كىشىنىڭ ئەرەبچە بىلمەيدىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن قۇرئاننى ئۇنىڭغا بۇ كىشىنىڭ ئۆگەتمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مۇپەسسىرلەر رەسۇلۇللاھ كۆرۈشكەن بۇ كىشى (كىشىلەر)نىڭ جەبر، يائىش، يەسار، بەلئام، ئەبۇ مەيسەرە، ئادداس، يەسار ئەبۇ فۇكەيھەگە ئوخشاش تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بىلىدىغان ئەھلى كىتاب مەنسۇپلىرى ئىكەنلىكىنى نەقىل قىلغان. ئىبنى ئابباسنىڭ بايان قىلىشىچە بۇ كىشى مەككىدىكى تەۋراتنى بىلىدىغان بەلئام ئىسىملىك بىر خرىستىيان ئىدى.

قۇرئان بۇ ئىسىملارنى تىلغا ئالماي، پەقەت تىلىنىڭ ئەرەبچە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەنلىكى نەزەردە تۇتۇلغانىدا، بۇ كىشىلەرنىڭ كىم بولۇشى مۇھىم ئەمەس. مۇھىم بولغان نۇقتا، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئۇچرىشىشنى نېمە مەقسەتتە ئېلىپ بارغانلىقىدۇر. قۇرئان بۇ ئۇچرىشىشنىڭ مەقسىتى ھەققىدە مەلۇمات بەرمىگەن. لېكىن بۇ مەقسەتنىڭ «قۇرئاننى ئۆگىنىش» ئەمەسلىكىنى روشەن ھالدا بىلدۈرگەن. بۇنىڭغا ئوخشاش شەكىلدە تۆۋەندىكى ئايەتتىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھلى كىتابتىن بىر جامائەت بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى مۇنداق بىلدۈرگەن:

وَقَالَ الَّذ۪ينَ كَفَرُٓوا اِنْ هٰذَٓا اِلَّٓا اِفْكٌۨ افْتَرٰيهُ وَاَعَانَهُ عَلَيْهِ قَوْمٌ اٰخَرُونَۚ فَقَدْ جَٓاؤُ۫ ظُلْماً وَزُوراًۚ وَقَالُٓوا اَسَاط۪يرُ الْاَوَّل۪ينَ اكْتَتَبَهَا فَهِيَ تُمْلٰى عَلَيْهِ بُكْرَةً وَاَص۪يلاً

«كاپىرلار: ‹بۇ (قۇرئان) پەقەت ئۇ ئۆزى توقۇپ چىققان يالغاندۇر. ئۇنىڭغا ئۇنى توقۇپ چىقىشتا باشقا بىر قوۋم ياردەم بەرگەن› دەيدۇ. بۇلار شۈبھىسىزكى، يالغان ۋە تۆھمەت چاپلىدى. ئۇلار يەنە: ‹(بۇلار) ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىلگەن ۋە باشقىسىغا يازدۇرۇۋالغان بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرى› دېيىشتى» (فۇرقان سۈرىسى، 5 ـ 4 ـ ئايەتلەر).

يۇقىرىدىكى ئايەت «رەسۇلۇللاھنىڭ مۇشۇنداق بىر جامائەت بىلەن (ئەتىگەن ـ ئاخشامدا) كۆرۈشكەنلىكىنى» رەت قىلمايدۇ. لېكىن كاپىرلارنىڭ بۇ ئۇچرىششىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئىلگىرى سۈرگەن «قۇرئاننى ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن يېزىپ چىقىۋاتىدۇ» دېگەن سەپسەتىسىنى رەت قىلىدۇ.

دېمەك، رەسۇلۇللاھ تېخى قۇرئان ئايەتلىرى نازىل بولمىغان (ئۆزى بىلمىگەن) مەسىلىلەردە «بىلمىسەڭلار ئەھلى زىكىردىن سوراڭلار»[1] دېگەن تەلىماتقا رىئايە قىلىپ، ئەھلى كىتابتىن بەزى ئىشلارنى سورىغان ۋە بىلمەيدىغان مەسىلىلەرنى ئۇلاردىن ئۆگەنگەن. ئەكسىچە بولغاندا ئۆزىگە بۇيرۇلغان «ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ يولىغا ئەگەش»[2] ۋە «ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەش»[3] بۇيرۇقلىرىنى قانداق ئادا قىلىدۇ؟ ئۆزى ئۇچۇنمۇ شەرىئەت قىلىپ بەلگىلەنگەن نوھنىڭ شەرىئىتىنى[4] قانداق ئۆگىنەتتى ۋە ئىجرا قىلاتتى؟

رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىگە نازىل قىلىنغان قۇرئان ھەققىدە شۈبھىلىرى (ۋەسۋەسىلىرى) بولغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر شۈبھىنىڭ تۈگىتىلىشى ئۈچۈن «سەندىن ئىلگىرى (ئۇ) كىتابنى ئوقۇغانلاردىن سوراپ باققىن» دېيىلگەنىدى:

«مۇبادا سەن ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابتىن شەكلەنگەن بولساڭ، سەندىن ئىلگىرى كىتاب ئوقۇغانلار (ئەھلى كىتاب)دىن سوراپ باققىن. شۈبھىسىزكى، ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقتۇر. سەن ھەرگىزمۇ شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن» (يۇنۇس سۈرىسى، 94 ـ ئايەت).

دېمەك، ئۇنىڭ ئەھلى كىتابتىن مەسلىھەت سورىشى ئىختىيارىيلىق ئەمەس ـ بەزى ئەھۋاللاردا ـ بەلكى مەجبۇرىيەت ئىدى. بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. چۈنكى قۇرئان ئىلگىرىكى كىتابلارنى رەت قىلمايدۇ، ئەكسىچە (بۇزۇلمىغان تەرەپلىرىنى) تەستىقلايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىلگىرىكى كىتابلارمۇ قۇرئاننى تەستىقلايدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت بۇنىڭ دەلىلى:

«بەنى ئىسرائىل ئۆلىمالىرىنىڭ ئۇنى (قۇرئان ـ رەسۇلنى) بىلىشى، ئۇلار ئۈچۈن دەلىل ئەمەسمۇ؟» (شۇئەرا سۈرىسى، 197 ـ ئايەت).

دېمەك، بەنى ئىسرائىل ئۆلىمالىرى قۇرئان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى

(1) نەھل سۈرىسى، 43؛ ئەنبىيا سۈرىسى، 7 ـ ئايەت

(2) ئەنئام سۈرىسى، 90 ـ ئايەت

(3) ئالئىمران سۈرىسى، 95 ـ ئايەت

(4) شۇرا سۈرىسى، 13 ـ ئايەت

(كېلىدىغانلىقىنى) بىلەتتى ۋە بۇ ھەقتە ۋەز قىلغانلىقتىن بۇ ئايەت مانا بۇ شەكىلدە نازىل بولغان. ئەكسىچە بولغاندا ئۇلار نېمە ئۈچۈن دەلىل قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ؟ مانا بۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ دەسلەپكى يىللاردا مەككە مۇشرىكلىرىغا قارشى ـ ۋاستىلىك ھالدا ـ ئەھلى كىتاب بىلەن بىر سەپتە بولغانلىقىنى؛ بەزى مەسىلىلەردە ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەنلىكىنى، ئۇلاردىن ياردەم ئالغانلىقىنى؛ بۇنىڭ ئىختىيارىيلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى مەجبۇرىيەت سەۋەبىدىن قىلىنغانلىقىنى ۋە بۇ سەپتىن ئۇلار بىلەن ئازراق بولسىمۇ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئىلگىرىكى شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقلىرىنى (بۇ بىز ئۈچۈنمۇ دىن قىلىنغان شەرىئەتتۇر) مانا بۇ سەۋەبتىن ئەھلى كىتاب بىلەن بىرلىكتە ئادا قىلىشقا باشلىغان (مۇناسىۋەتلىك قۇرئان ئايەتلىرى چۈشۈشتىن بۇرۇن). چۈنكى 14 ئەسىر ئىلگىرى خۇددى بىزگە ئوخشاش ناماز قىلغان جامائەتلەر بار ئىدى. ئەھلى كىتابنىڭ (پەقەت بولمىغاندا) بىر پىرقىسى مۇشۇنداق ئىدى. مەسىلەن: رەببىنىك يەھۇدىيلىرى خۇددى بىزگە ئوخشاش بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيتتى. رەببىنىك يەھۇدىيلار بامدات (2)، پېشىن (4)، ئەسىر (4)، نامازشام (3) ۋە خۇپتەن (1) دىن ئىبارەت بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيتتى. خۇپتەندىن باشقا نامازلارنىڭ رەكەت سانى بىزنىڭ پەرز نامازلارنىڭ رەكەت سانى بىلەن ئوخشاش بولۇپ[1]، خۇددى بىزگە ئوخشاش نامازنى قولىنى كۆتۈرۈپ تەسلىمىيەت ئىپادىلىگەن ھالدا باشلايدۇ (نىسيات كاپايىم)، قىيام (ئامىداھ)، رۇكۇ (برەئىكاھ)، سەجدە (قىداھ) ۋە قەئدە (كرىئاھ) قىلىدۇ. ھەر رەكەتتە خۇددى بىزگە ئوخشاش بىر قېتىم رۇكۇ، ئىككى قېتىم سەجدە قىلىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئىككى تەرەپكە سالام (ئۇسەھ شالام) بېرىپ نامازنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ[2].

رەببىنىك يەھۇدىيلەرگە ئوخشاش بەزى خىرىستىيان پىرقىلەرنىڭمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق. دېمەك، ئەھلى كىتابنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر خۇددى بىزگە ئوخشاش ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ ھەقىقەت قۇرئاندىمۇ بىلدۈرۈلگەن. بۇلارنىڭ سان جەھەتتىن ئاز بولۇشى (كۆنىمىزدىكى ئەھلى كىتابنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ ناماز ئوقۇماسلىقى، پەقەت راھىبلىرىنىڭ ناماز ئۆتۈشى) بۇ ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، بىز ئوقۇۋاتقان ناماز بىلەن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئوقۇغان (ئوقۇشى كېرەك بولغان) نامازلار ئوتتۇرىسىدا نېگىزلىك پەرق يوق. قۇرئانى ۋە

(1) خۇپتەن نامىزىنى نېمە ئۈچۈن بىر رەكەت ئوقۇيدىغانلىقى ئايرىم بىر تېما سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىشى كېرەك
(2) ۋەدات يىلماز، «ھەممىگە مەلۇم ناماز»، 41 ـ بەت

تارىخىي دەلىللەر نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئوتتۇرىدا پەرق يوق. رەببىنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن بەزى خىرىستىيان پىرقىلەر نېمىگە ئاساسەن بىزگە ئوخشاش شەكىلدە ناماز ئوقۇيدۇ؟ ئۇلار بۇ نامازلارنى قۇرئان ياكى مۇسۇلمانلارغا قاراپ ئوقۇماستىن، بەلكى ئۆزلىرىدىكى (يازما ۋە ئەمەلىي تەتبىقلاپ كەلگەن) مەنبەلەرگە ئاساسەن ناماز ئوقۇپ كەلگەن. يەنى، ئەسىرلەر بويى ئۇدۇم شەكىلدە داۋام قىلىپ كەلگەن بۇ ئەمەلنى ئادا قىلىشىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال كۈنىمىزدە مۇشۇنداق شەكىلدە بولغاندەك، 14 ئەسىر ئىلگىرىمۇ شۇنداق ئىدى. بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى نامازلىرىنى ئەھلى كىتاب بىلەن بىرلىكتە (قۇددۇسقا يۈز كەلتۈرگەن ھالدا) ئادا قىلغان.

بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرئاندا نامازغا بۇيرۇغان ئايەتلەر نازىل بولۇشتىن بۇرۇن (بۇ ئايەتلەر چۈشكىچە) ناماز ئوقۇمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ. بۇنداق قاراش «مەككىدە بۇرۇندىن تارتىپ ناماز ئوقۇيدىغان بىر جامائەتنىڭ دائىم مەۋجۇت بولغانلىقىغا قارىماستىن، (كېلەچەكتە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى قىلىپ تاللىنىدىغان) مۇھەممەد ناماز ئوقۇمايتتى» دېگەنلىك بولىدۇ. ھەتتا، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى قىلىپ تاللانغاندىن كېيىنمۇ ئاساسلىق ئىبادەتلەرنى، مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نازىل بولغىچە ئادا قىلمىغانلىقىنى (مەسىلەن: ناماز، روزا...) ئىلگىرى سۈرگەنلىك بولىدۇ. بۇ قاراشنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى بۇ قاراشنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر (مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش زامانى نەزەردە تۇتۇلغاندا) رەسۇلۇللاھنىڭ، «نەبى - رەسۇل بولغاندىن كېيىنمۇ 18 يىل تاھارەت ئالمىغانلىقىنى (ناماز ئوقۇمىغانلىقىنى ياكى تاھارەتسىز ناماز ئوقۇغانلىقىنى)، 14 يىل روزا تۇتمىغانلىقىنى، 14 يىل زاكات بەرمىگەنلىكىنى ۋە 12 يىل (ۋاپات بولغىچە) پەقەت ھەج قىلمىغانلىقىنى» ئېيتقان بولىدۇ. بۇنداق قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىنمۇ؟ ئاللاھ، مەككىدە بۇ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشىۋاتقان خېلى كۆپ كىشى تۇرسا، بۇ ئىبادەتلەرنى پەقەت ئادا قىلىپ باقمىغان بىر كىشىنى ئەلچى قىلىپ تاللامدۇ؟ ئاللاھ ئەلچى قىلىپ تاللايدىغان بىر زاتنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ بىر تۈركۈم كىشى ئادا قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىبادەتلەرنى پەقەت قىلىپ باقمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىنمۇ؟ رەسۇلۇللاھنىڭ رەسۇل قىلىپ تاللانغاندىن كېيىنمۇ بۇ ئىبادەتلەرنى (مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نازىل بولغىچە) يىللارچە پەقەت ئادا قىلمىغانلىقىنى قانداقمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولسۇن؟

قۇرئان نازىل بولغان دەۋردە ھەنىف، ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلاردىن تەشكىل تاپقان مەككە جەمئىيىتىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى نامازنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى

بىلدىغان بولۇپ، ناماز (ئەس ـ سالات)، ئۇلار ئۆچۈن نامەلۇم ئىبادەت ئەمەس ئىدى. فاتىھ ئورۇم، بۇ مەسىلىنى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن دەلىللەر كەلتۈرۈش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، خۇلاسىلەپ مۇنداق دېگەن:

«يۇقىرىدىكىلەرگە ئاساسەن كىتاب ـ سۈننەت مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتساق، يادا بولۇپ كەتكەن ‹سۈننەت بولمىغان بولسا ئىدى، ناماز قانداق ئوقۇلاتتى؟› جۈملىسىنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق. مەككىلىكلەر قۇرئان «سالات» ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلىگەن نامازنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان ھەممىگە مەلۇم بولغان نامازنى ئوقۇشقا بۇيرىدى، ئۇنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرى ھەققىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا توختالدى. جىبرىئىلنىڭ مەككىدە رەسۇلۇللاھقا ئىككى كۈن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىمالىق قىلىشى، يېڭى مەلۇماتنىڭ يەتكۈزۈلىشى ئەمەس، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ كۆرسىتىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ مەشھۇر رىۋايەتنىڭ ئاخىرىدا جىبرىئىلنىڭ ‹بۇ، سېنىڭ ۋە سەندىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ناماز ۋاقتى› دېگەن سۆزى بۇنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە»[1].

## ھەنىف ۋە ئەھلى كىتاب بولۇش

قۇرئان «ھەنىف» ئىپادىسىنى «مۇشرىك بولماسلىق» مەنىسىدە ئىشلىتىدۇ[2]. مۇھەممەد (ئە س) ھەنىف ۋە ئۇممىي ئىدى. يەنى، ھەم مۇشرىك، ھەم ئەھلى كىتاب ئەمەس ئىدى. بۇ نۇقتىدا مۇنداق بىر سوئال ئەقلىمىزگە كېلىشى مۇمكىن، ھەنىف ۋە ئۇممىي بولغان (مۇشرىك ۋە ئەھلى كىتاب بولمىغان) مۇھەممەد (ئە س) قانداق بولۇپ ئەھلى كىتابقا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇيدۇ؟

مۇھەممەد (ئە س)، ئەھلى كىتابقا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇمىدى. ئىلگىرىكى رەسۇللارغا (ئۇلارنىڭ سۈننىتىگە) ئەگىشىپ ناماز ئۆتىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەنىف مۇسۇلمانلاردىن تەشكىل تاپقان جامائەتكە ئەگەشتى. ئۇلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىلدى. يەنى، ئەھلى كىتابقا ئەمەس، ئىلگىرىكى رەسۇللارنىڭ مۇتەۋاتىر سۈننىتىگە ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ھەنىف جامائەتكە ئەگەشتى. چۈنكى ئەھلى كىتاب، ھەنىف، ئىسەۋى، مۇسەۋى ۋە مۇسۇلمان ئىپادىلىرى ئارىسىدا قۇرئانغا ئاساسلانغاندا چوڭ پەرقلەر بار. يەنى:

---

(1) فاتىھ ئورۇم، «ئايەت ۋە رىۋايەتلەر رەت قىلغان قاراش ـ ‹سالات› تىن بىخەۋەر ئۇلۇغ پەيغەمبەر!»، كىتاب ۋە ھېكمەت ژورنىلى، 4 ـ سان، 22 ـ 16 ـ بەتلەر

(2) ئالئىمران سۈرىسى، 67 ـ ئايەت

ئاللاھ دىن سۆيىتىدە پەقەت ئىسلامنى چۈشۈردى (باشقا بىر دىن چۈشۈرمىدى). ھەر ئۈممەتكىمۇ بىر مۇسۇلمان نەبى ـ رەسۇل ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھەق كىتاب ئەۋەتتى[1]. مەسىلەن: ئاللاھ يەھۇدىيلىك دەيدىغان بىر دىن ئەۋەتمىدى. ئەكسىچە، مۇسۇلمان نەبى ـ رەسۇل مۇسا (ئە س)نى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەق كىتاب تەۋراتنى ئەۋەتتى. مۇسا (ئە س)مۇ ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر (ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار)مۇ (يەھۇدىي ئەمەس) مۇسۇلمان ئىدى. لېكىن مۇسەۋىلەرنىڭ بىر قىسمى كېيىن تەۋرات (ئىسلام)نى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، يەھۇدىيلىك دەيدىغان بىر دىننى پەيدا قىلدى. بۇ، ئاللاھ ئەۋەتكەن دىن ئەمەس، بەلكى كىشىلەر ئاللاھ ئەۋەتكەن دىن (ئىسلام)نى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، ئوتتۇرىغا چىقارغان (بۇزۇلغان) بىر دىن ئىدى. ھەممىدىن مۇھىم بولغان نۇقتا، بۇنداق قىلغۇچىلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرەتتى، ھەنىف ئەمەس ئىدى. قۇرئان مانا بۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان دىنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئەھلى كىتاب دەپ ئاتايدۇ. ئەمما مۇسا (ئە س) ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنى ئەھلى ـ كىتاب دەپ ئاتىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمان ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئاللاھ خىرىستىيانلىق دەيدىغان بىر دىننى ئەۋەتمىدى. ئەكسىچە مۇسۇلمان نەبى ـ رەسۇل ئىسا (ئە س)نى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەق كىتاب ئىنجىلنى ئەۋەتتى. ئىسا (ئە س) ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرمۇ مۇسۇلمان ئىدى. ئەمما ئىسەۋىلەرنىڭ بىر قىسمى كېيىن ئىنجىل (ئىسلام)نى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، خىرىستىيانلىق دەيدىغان بىر دىن پەيدا قىلدى. بۇ، ئاللاھ ئەۋەتكەن دىن ئەمەس، بەلكى كىشىلەر ئاللاھ ئەۋەتكەن دىن (ئىسلام)نى بۇزۇپ ئوتتۇرىغا چىقارغان بىر دىندۇر. ھەممىدىن مۇھىم بولغان نۇقتا، بۇنداق قىلغۇچىلار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرەتتى، ھەنىف ئەمەس ئىدى. قۇرئان مانا بۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان دىنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئەھلى كىتاب دەپ ئاتايدۇ. ئەمما ئىسا (ئە س) ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنى ئەھلى ـ كىتاب دەپ ئاتىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمان ئىدى.

ھەتتا، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار ئۈچۈن كۆچكە ئىگە بولغان بۇ ئەھۋال بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار (مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئېيتقۇچىلار) ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە. خۇددى مۇسەۋىلەر ۋە ئىسەۋىلەرگە ئوخشاش مۇھەممەدىلەرنىڭمۇ بىر قىسمى دىننى بۇزۇپ تاشلىغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن مۇھەممەدىلەرنىڭ بىر قىسمى مۇسۇلمان، بىر قىسمى ئەھلى كىتابتۇر. چۈنكى كىتاب (قۇرئان)قا ئىمان

(1) بەقەرە سۈرىسى، 213؛ ئەنئام سۈرىسى، 89 ـ ئايەت

ئىيتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھەقىقىي مەنىدە ئىمان ئېيتمىغانلار بار (قۇرئانغا ئاساسلانغاندا ئىنسانلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمىغاندەك، ئىمان ئېيتقانلارنىڭمۇ كۆپ قىسمى شېرىك قوشۇپ ئىمان ئېيتقان. يەنى، مۇشرىكتۇر)[1]. خۇددى مۇسەۋى ۋە ئىسەۋىلەرنىڭ بىر قىسمى مۇسۇلمان، بىر قىسمى ئەھلى كىتاب بولغاندەك، مۇھەممەدىلەر (مۇھەممەدى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر) نىڭمۇ بىر قىسمى مۇسۇلمان ئەمەس، ئەھلى كىتابتۇر.

تەۋراتقا ئىمان ئېيتقانلار تەۋراتقا، ئىنجىلغا ئىمان ئېيتقانلار ئىنجىلغا، قۇرئانغا ئىمان ئېيتقانلار قۇرئانغا رىئايە قىلمىسا ۋە كىتابنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇلار ئاللاھقا تەسلىم (مۇسۇلمان) بولمىدى دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئېيتقىنكى: ‹ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە رەببىڭلاردىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا تولۇق ئەمەل قىلمىغىچە، (توغرا يول) ئۈستىدە بولمايسىلەر› ...» (مائىدە سۈرىسى، 68-ئايەت).

دېمەك، مەككە ئەتراپىدىكى ھەنىفلەر ئىلگىرىكى نەبى - رەسۇللارغا ئەگەشكۈچىلەر ئىدى. بۇلار مۇشرىك ئەمەس، مۇۋاھھىدلار ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىدىن ئىلگىرى ياشىغانلارنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئىسەۋى مۇسۇلمان بولۇشى زۆرۈر ئەمەسمىدى؟ ئەلۋەتتە، شۇنداق. ئەكسىچە بولغاندا ھەرقانداق بىر دىن (شەرىئەت) غا مەنسۇپ بولالمايدۇ ۋە دىنىنى ياشىيالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزلىرى ياشىغان دەۋرنىڭ نەبى - رەسۇلىغا ئىمان ئېيتمىغان بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن مىلادى 610-يىلى (قۇرئان دەۋىتى)دىن بۇرۇنمۇ مۇۋاھھىد ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغان (سانى ئاز بولسىمۇ) مۇشۇنداق بىر جامائەت بار ئىدى، بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەكسىچە بولغاندا، بۇ دىن (ئىسلام)نىڭ پۈتۈنلەي يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بۇنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. مىلادى 610-يىلى (قۇرئان)دىن بۇرۇن ۋاپات بولغان كىشىلەردىن ئاخىرەتتە ھېساب ئېلىنامدۇ؟ بۇلار ئاللاھقا، رەسۇلغا، كىتابقا ئىمان ئېيتىش مەسئۇلىيىتى يوقمۇ؟ بىر رەسۇل (كىتاب)قا ئەگىشىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ بۇلار ناماز، روزا، ھەج ۋە زاكاتقا ئوخشاش ئىبادەتلەردىن جاۋابكارلىققا تارتىلامدۇ؟ ئەگەر جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان بولسا (ئەلۋەتتە تارتىلىدۇ)، بۇ ئىبادەتلەرنى نېمىگە ئاساسەن ئادا قىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە، قۇرئاندىن ئىلگىرىكى ئاخىرقى كىتاب بولغان ئىنجىلغا ئاساسەن (ھەقىقىي ئىسەۋى بولۇش سۈپىتىدە) ئادا قىلىدۇ ۋە

(1) يۇسۇف سۈرىسى، 106-103-ئايەتلەر

ئىسا نەبى ـ رەسۇلنىڭ مۇتەۋاتىر سۈننىتىگە ئەمەل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىر تاللاش بارمۇ؟

مۇھەممەد (ئە س)، رەسۇل بولغاندىن كېيىن تېخى ئايەت نازىل بولمىغان مەسىلىلەردە بەزى ئەھلى كىتاب مەنسۇپلىرى بىلەن (قۇرئاندا بۇلار زىكىر ئەھلى دېيىلىدۇ) كېڭەشكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى قۇرئان مۇشۇنداق قىلىشقا (بىلمىگەن مەسىلىلەرنى ئەھلى كىتابتىن سوراشقا) بۇيرۇغان(1). لېكىن بۇ ئەھۋال رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھلى كىتابقا ئەگەشكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى بەزى مەسىلىلەردە ئەھلى زىكىر (ئەھلى كىتابتىن ھەنىف بولغانلار بىلەن) كېڭەشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

خۇلاسىلىسەك، مۇھەممەد (ئە س) ھەنىف ۋە ئۇممىي ئىدى. يەنى، مۇشرىك ۋە ئەھلى كىتاب ئەمەس ئىدى. ئۇ بارلىق نەبى ـ رەسۇللارغا ئوخشاش مۇسۇلمان بولۇپ، دائىم (40 ياشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن) مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغان. خۇددى كۈنىمىزدىكى ئەھلى كىتاب بولغان مۇھەممەدىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمان مۇھەممەدىلەر بىلەن نامازنى ئادا قىلغىنىمىزدەك، مۇھەممەد (ئە س) نامازنىمۇ ئۇ ھەنىف كىشىلەر بىلەن بىللە ئادا قىلغانىدى.

## سۈننەت نامازلار مەسىلىسى

بۇ يەرگىچە بايان قىلىنغانلاردىن تۆۋەندىكى سوئال كىشىنىڭ ئەقلىگە كېلىشى مۇمكىن:

پەرز نامازلارنى ئادا قىلىشقا ئاللاھ بۇيرۇغان. رەسۇلۇللاھ ۋە بىز ئادا قىلغان نامازلارنىڭ بارلىق ئەركانلىرىنى مەبۇدىمىز بولغان ئاللاھ بەلگىلىگەن ۋە بۇيرۇغان. لېكىن سۈننەت نامازلارنى ئوقۇش ۋە بۇ نامازلارنىڭ ئەركانلىرىنى كىم بۇيرۇغان؟ ئاللاھ تائالامۇ؟ رەسۇلۇللاھمۇ؟

پەرز نامازلارنى، سۈننەت دەپ بىلگەن نامازلارنىمۇ ئەلۋەتتە ئاللاھ (قۇرئاندا) بۇيرۇغان. پەرز بىلەن سۈننەت (دەپ بىلگەن) نامازلار ئوتتۇرىسىدا مۇنداق پەرق بار:

قۇرئان پەرز نامازلار ئۈچۈن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئايەتلەردە «ئەقىمۇس سالات ـ نامازنى ئادا قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلغان. بۇ بۇيرۇق،

(1) نەھل سۈرىسى، 43؛ ئەنبىيا سۈرىسى، 7ـ ئايەت

«نامازنى قۇرئاندا ناماز ئۈچۈن قىلىشقا بۇيرۇلغان بارلىق رۇكۇنلىرىنى ئادا قىلغان هالدا ئوقۇڭلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما قۇرئاندا يەنە «ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار، ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىڭلار، ياد ئېتىڭلار» دېيىلگەن. مانا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق بىز سۈننەت دەپ بىلىدىغان نامازلارنى بۇيرۇغان (تەۋسىيە قىلغان).

**فَسُبْحَانَ اللّٰهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ تُصْبِحُونَ وَلَهُ الْحَمْدُ فِي السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِ وَعَشِيّاً وَحِينَ تُظْهِرُونَ**

«سىلەر ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە، كۈندۈزنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ۋە چۈشتە ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىڭلار، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق ھەمدۇسانالارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا خاستۇر» (رۇم سۈرىسى، 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر).

**يَا اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوا اذْكُرُوا اللّٰهَ ذِكْراً كَثِيراً وَسَبِّحُوهُ بُكْرَةً وَاَصِيلاً**

«ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار. ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىڭلار» (ئەھزاب سۈرىسى، 41 ـ 42 ـ ئايەتلەر).

**فَاصْبِرْ عَلٰى مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ**

«ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن بۇرۇن رەببىڭگە ھەمد بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن» (قاف سۈرىسى، 39 ـ ئايەت).

**وَمِنَ الَّيْلِ فَسَبِّحْهُ وَاِدْبَارَ النُّجُومِ**

«كېچىدە ۋە يۇلتۇزلار پاتقاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن» (تۇر سۈرىسى، 49 ـ ئايەت).

**فَاصْبِرْ عَلٰى مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ غُرُوبِهَاۚ وَمِنْ اٰنَآئِ الَّيْلِ فَسَبِّحْ وَاَطْرَافَ النَّهَارِ لَعَلَّكَ تَرْضٰى**

«ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن. كۈن چىقىشتىن ۋە پېتىشتىن بۇرۇن ۋە كېچە ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ بەلگىلىك ۋاقىتلىرىدا رەببىڭگە ھەمد بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن، شۇنداق قىلساڭ مەمنۇن بولىسەن» (تاھا سۈرىسى، 130 ـ ئايەت).

قۇرئاننىڭ بۇ بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىشنىڭ (بىر كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقىتلىرىدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىشنىڭ، ئاللاھنى زىكىر قىلىشنىڭ) ئەڭ مۇۋاپىق يولى ناماز ئوقۇشتۇر. چۈنكى ناماز ئۆتىگەندە ھەم ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتقان، ھەم ياد ئەتكەن بولىمىز. چۈنكى تۆۋەندىكى ئايەت ناماز ئوقۇشنىڭ ئاللاھنى ياد (زىكىر) قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە:

اِنَّنِيْٓ اَنَا اللّٰهُ لَٓا اِلٰهَ اِلَّٓا اَنَا فَاعْبُدْنِيۙ وَاَقِمِ الصَّلٰوةَ لِذِكْرِي

«مەن ھەقىقەتەن ئاللاھتۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق. پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن» (تاھا سۈرىسى، 14 ـ ئايەت).

رەسۇلۇللاھ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىش ۋە ياد ئېتىش مەقسىتىدە قۇرئاننىڭ بۇ ئايەتلىرىگە ئاساسەن بىر كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقىتلىرىدا (پەرز نامازلارنىڭ ئارىسىدا) قوشۇمچە نامازلارنى ئوقۇغان. مانا بۇ نامازلارنى بىز سۈننەت ناماز دەپ ئاتايمىز. بۇ نامازلار رەۋاتىپ سۈننەتلەر، تەتەۋۋۇئ نامازلار، نەپلە نامازلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ بۇ نامازلارنى پەرز نامازلارغا ئۇلاپ (ئالدىدا ياكى ئارقىسىدا) ئەمەس، بەلكى بىر كۈننىڭ پەرقلىق ۋاقىتلىرىغا چېچىپ ئوقۇغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزى بۇ نامازلارنى ھېچقاچان مەسچىتتە ئوقۇمىغان ۋە باشقىلارنىڭ بۇ (سۈننەت) نامازلارنى مەسچىتتە ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلمىغان[1]. رەسۇلۇللاھ نامازلارنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلىنىڭ كېيىنكى ئۈممەتكە ساپ ھالەتتە يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن، يەنى ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇتەۋاتىر سۈننەتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغان. مانا بۇ ئەستايىدىللىق سەۋەبىدىن (ئەسلىدە ئىلاھى ھىمايە ئاستىدا) پەرز ۋە رەۋاتىپ نامازلار ھېچقاچان بىر ـ بىرى بىلەن ئالمىشىپ كەتمىگەن، ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ.

يۇقىرىدىكىگە ئاساسەن پەرز ۋە سۈننەت دەپ بىلىنگەن نامازلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ بۇيرۇقى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بىزلەر ھەر نامازنى قۇرئانغا ئەگەشكەن ھالدا ئادا قىلىمىز (قۇرئان ئەگەشكۈلار دېگەن مۇتەۋاتىر سۈننەتكە رىئايە قىلىپ، قۇرئاننىڭ فورمىلاسىنى تەتبىقلايمىز). بۇ ئارقىلىق رەسۇلنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشكەن بولىمىز. چۈنكى رەسۇلنىڭ نامازلارنى ئادا قىلىش شەكلى بىلەن بىزنىڭ ئادا قىلىش شەكلىمىز ئارىسىدا (مۇتەۋاتىر ئەمەل نەتىجىسىدە) ھېچقانداق پەرق يوق.

بىز ئادا قىلىۋاتقان نامازلار پەقەت ئاخىرقى نەبى ـ رەسۇل مۇھەممەد (ئە س) نىڭلا ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى بارلىق نەبى ـ رەسۇللارنىڭ ئورتاق سۈننىتىدۇر. بۇمۇ ئاللاھنىڭ ئەھكامى بولغان قۇرئاننىڭ ئەمەلىي ھاياتتا ئىجرا قىلىنىشىدۇر. بىز ئوقۇغان نامازلارنىڭ بارلىق ئەركانلىرى ئىلگىرىكى شەرىئەتلەردىن بىزگە يېتىپ كەلگەن ۋە ئاندىن كېيىن قۇرئاندا ئورۇن ئېلىپ، خاتىرىلەنگەن. رەسۇلۇللاھ

---

(1) جانان، «كۈتۈبى سىتتە»، 2948 (بۇخارى، مۇسلىم، نەسائى)؛ 2949 (مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى)؛ 2950 (مۇۋەتتا)؛ 3097 (ئەبۇ داۋۇد)

قۇرئانـدا بۇيرۇلغـان نامازلارنـىڭ ئەركانلىرىـنـى (قىيام، قىرائەت، رۇكۇ، سـەجدە...) يەنـە قۇرئـان كۆرسـەتكەن فورمىـلا بىلەن بىرلەشتۈرگەن ۋە نامازلىرىنى بۇ شـەكىلدە ئـادا قىلغـان. بىزمۇ قۇرئان كۆرسـەتكەن فورمىلاغا ئاساسـەن، يەنى رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلـەن بىرلىكتـە رۇكـۇ قىلىـش ئارقىلـىق نامازلىرىمىزنـى ئـادا قىلىمىـز، بـۇ ئارقىلـىق رەسـۇلۇللاھنىڭ سـۈننىتىگە ئەگىشـىمىز. مەيلـى «قۇرئانغـا ئەگىشـىپ رەسـۇلنىڭ سـۈننىتىگە ئەمـەل قىلىمىـز» دەيلـى، مەيلـى «رەسـۇلنىڭ سـۈننىتىگە ئەگىشـىپ قۇرئانغا ئەمـەل قىلىۋاتىمىـز» دەيلـى، ئوتتۇرىـدا ھېچقانداق پەرق يـوق. ھەر ئىككى ئىپادە ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئانغا ئەگەشكۈچى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ۋە ئىلگىرىكى رەسـۇللارنىڭ سـۈننىتىگە ئەگەشـكەن بولىدۇ. يەنى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن بىز يەنىلا پەقەت ۋە پەقەت قۇرئانغىلا ئەگىشىشكە بۇيرۇلدۇق:

**كِتَابٌ اُنْزِلَ اِلَيْكَ فَلَا يَكُنْ ف۪ي صَدْرِكَ حَرَجٌ مِنْهُ لِتُنْذِرَ بِه۪ وَذِكْرٰى لِلْمُؤْمِن۪ينَ اِتَّبِعُوا مَٓا اُنْزِلَ اِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِه۪ٓ اَوْلِيَٓاءَۜ قَل۪يلاً مَا تَذَكَّرُونَ**

«كىتاب ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ۋە مۆئمىنلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا نازىـل قىلىنـدى. بۇنىڭدىـن كۆڭلۈڭـدە ھېـچ شـەك بولمىسـۇن. (ئـى مۆئمىنلەر! سـىلەرمۇ) رەببىڭلاردىـن سـىلەرگە نازىـل قىلىنغـان (بۇ كىتابقا، يەنى قۇرئانغا) ئەگىشـىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دوستلارغا ئەگەشـمەڭلار. لېكىن ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىڭلار بۇ ۋەز ـ نەسـىھەتكە قۇلاق سالىسـىلەر» (ئەئراف سۈرىسـى، 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر).

## قۇرئان سىرتىدىكى (غەيرى مەتلۇۋ) ۋەھيي ۋە ناماز

ناماز بىلـەن مۇناسـىۋەتلىك بارلىـق تەپسـىلاتلار قۇرئانـدا يـوق دەپ قارايدىغانلار (بـۇ خىـل بىـر تەرەپلىمـە قاراشـتىكىلەر)، بـەزى مەلۇماتلارنـىڭ رەسـۇلۇللاھقا قۇرئـان سىرتـىدىكى ۋەھيي ئارقىلىق كەلگەنلىكىنى ۋە بۇ سەۋەبتىن نامازنىڭ رەكەت سانى، ئـادا قىلىنىـش شـەكلىنىڭ سۈننەت تەرىپىدىـن بەلگىلەنگەنلىكىنى ياقلايـدۇ[1]. بۇ قاراش پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. بۇ قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ناماز بىلـەن مۇناسـىۋەتلىك بارلىق تەپسـىلاتلارنى دەسـلەپتە ئىلگىرىكى شەرىئەتتىن، كېيىـن قۇرئانـدىـن ئالغانلىقىنى ئالدىنقى پاراگرافتـا چۈشـەندۈرۈپ ئۆتتـۇق. لېكىـن بـۇ پاراگرافتـا قىسـقىچە بولسـىمۇ «قۇرئـان سـىرتىدىكى (غەيـرى مەتلـۇۋ) ۋەھـيي» مەسىلىسـى ھەققىدە توختىلـۇپ ئۆتەيلى.

(1) ئوسمانى، «سۈننەتنىڭ قىممىتى ۋە ھۆكمى»، 42 ـ 27 ـ بەتلەر

بۇ مەسىلىدە دەلىل كۆرسىتىلگەن ئايەتلەردىن بىرسى مۇنداق:

**حَافِظُوا عَلَى الصَّلَوَاتِ وَالصَّلٰوةِ الْوُسْطٰى وَقُومُوا لِلّٰهِ قَانِتِينَ فَاِنْ خِفْتُمْ فَرِجَالاً اَوْ رُكْبَاناًۚ فَاِذَٓا اَمِنْتُمْ فَاذْكُرُوا اللّٰهَ كَمَا عَلَّمَكُمْ مَا لَمْ تَكُونُوا تَعْلَمُونَ**

«نامازلارنى ۋە ئوتتۇرا نامازنى داۋاملاشتۇرۇڭلار ۋە ئاللاھ ئۈچۈن خۇشۇ ئىچىدە قىيامدا تۇرۇڭلار. ئەگەر قورقۇنچتا قالغان بولساڭلار، ئۇنى پىيادە ياكى ئۇلاغ ئۈستىدە كېتىۋېتىپ (ئادا قىلىڭلار). خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن ۋاقتىڭلاردا ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆگەتكىنى بويىچە ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار» (بەقەرە سۈرىسى، 239-238-ئايەتلەر).

مۇھەممەد تاكى ئوسمانى بۇ ئايەتنى مۇنداق شەرھىيلىگەن: «قۇرئان مۇسۇلمانلارغا خاتىرجەم ھالدىكى ۋاقىتتا ئاللاھ تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە ئۆگىتىلگەن شەكىلدە نامازنى ئادا قىلىش ھەققىدە تەلىمات بەرمەكتە. بۇ نورمال شەكىلدە ناماز ئوقۇشنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئۆگىتىلگەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك روشەن دەلىلدۇر. لېكىن قۇرئاندا نامازنى ئادا قىلىش شەكلى تىلغا ئېلىنمىغان. مۇقەددەس كىتابىمىز ناماز ئوقۇش شەكلىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن ھېچقانداق ئايەت يوق. نامازنى قانداق ئوقۇيدىغانلىقى ھەققىدە مۇسۇلمانلارغا پەقەت ھەزرىتى پەيغەمبەر تەلىم بەرگەن. لېكىن قۇرئاندا ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىشى ئاللاھنىڭ ئۆگىتىشى شەكلىدە كۆرسىتىلگەن»[1].

ئوسمانىنىڭ بۇ شەرھىسى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا ئوخشايدىغان قاراشلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشقانلىقى بىزگە مەلۇم. قۇرئاندا ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرئاننى ئوقۇماسلىقتىن ياكى قۇرئاننى ئوقۇلۇشى كېرەك بولغان شەكىلدە (چۈشىنىپ) ئوقۇماسلىقتىن كېلىپ چىققان جاھالەتتۇر. بۇ كىشىلەرنىڭ قۇرئان ئوقۇمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن ئەمەسلىكى نەزەردە تۇتۇلغاندا، قۇرئاننى تەپەككۇر قىلماستىن ئوقۇغانلىقىدا شەك يوق. ئۇلار قۇرئان ھەققىدە تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە قۇلۇپ سېلىنغانمۇ؟[2]

خايرى كېرباشئوغلۇ، ئوسمانىنىڭ بۇ قارىشىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان، ھەتتا بۇ قاراشنىڭ «بىر تەرەپلىمە قاراشتىن كېلىپ چىققان قەستەنلىكتىن پەيدا

(1) ئوسمانى، «سۈننەتنىڭ قىممىتى ۋە ھۆكمى»، 38-بەت

(2) مۇھەممەد سۈرىسى، 24-ئايەت

بولغانلىقىنى ۋە روشەن ھالدىكى بۇزغۇنچىلىق ئىكەنلىكىنى» قەيت قىلغان[1].

ئەمدى بەقەرە سۈرىسى2389ـ 238ـ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان «بىلمىگەن نەرسەڭلارنى سىلەرگە ئۆگەتكىنى بويىچە» جۈملىسىنىڭ نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتەيلى. بۇ جۈملە، رەسۇلۇللاھقا ئۆگىتىلگەن ئالاھىدە بىر مەلۇماتنى ئەمەس، خۇددى تۆۋەندىكى ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك ئومۇمىي جەھەتتىن ھەر نەرسىنى ئۆگەتكۈچىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئىما قىلىدۇ:

فَاِنْ خِفْتُمْ فَرِجَالاً اَوْ رُكْبَاناًۚ فَاِذَٓا اَمِنْتُمْ فَاذْكُرُوا اللّٰهَ كَمَا عَلَّمَكُمْ مَا لَمْ تَكُونُوا تَعْلَمُونَ

«ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى: ‹سىلەرگە پاك ۋە ياخشى نەرسىلەر ھالال قىلىندى› . ئاللاھ سىلەرگە ئۆگەتكىنى بويىچە سىلەر ئۆگەتكەن ئوۋچى ھايۋانلار سىلەر ئۈچۈن شىكار قىلغان نەرسىلەرنى بىسمىللاھ دەپ يەڭلار» (مائىدە سۈرىسى، 4ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ئاللاھ سىلەرگە ئۆگەتكەن بويىچە سىلەر ئۆگەتكەن ئوۋچى ھايۋانلار» جۈملىسىدە، «ئاللاھنىڭ ئوۋچى ھايۋانلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرگە يەتكۈزگەن (ۋەھيي قىلغان) ئالاھىدە مەلۇمات»نىڭ نەزەردە تۇتۇلمىغانلىقى ئېنىق ئەمەسمۇ؟ بىزگە ئەقىل، ئۆگىنىش قابىلىيىتى بەرگەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئىنسانغا ھەر نەرسىنى ئۆگەتكۈچى ئاللاھتۇر، ئەلۋەتتە. ئۇ بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئىنسانغا ئۆگەتكۈچىدۇر:

عَلَّمَ الْاِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ

«(ئاللاھ) ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى» (ئەلەق سۈرىسى، 5ـ ئايەت).

بۇ ھەقىقەت رەسۇلۇللاھنىڭ غەيرى مەتلۇۋ ۋەھيي ئالمىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ، ئەلۋەتتە 1) قۇرئان (ۋەھيي مەتلۇۋ) ۋە 2) قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھيي (ۋەھيي غەيرى مەتلۇۋ) ئالغان[2]. بۇنى ئېيتىشقا بولىدۇ. لېكىن قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھيي ئارقىلىق كەلگەن مەلۇماتلاردىنمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ شەكىلدە كەلگەن ۋە بىزگە مەسئۇلىيەت ئارتقان ھېچقانداق ھۆكۈم يوق. يەنى:

ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئاننى جەملەشكە بىز مەسئۇل»[3] دېگەنلىكى نەزەردە

(1) كىبرباشئوغلۇ، «ئىسلام چۈشەنچىسىدە سۈننەت»، 231ـ 230ـ بەتلەر

(2) ئوسمانى، «سۈننەتنىڭ قىممىتى ۋە ھۆكمى»، 42ـ 27ـ بەتلەر

(3) قىيامەت سۈرىسى، 19ـ 16ـ ئايەتلەر

تۇتۇلغانىدا، قۇرئاننىڭ تەرتىپى (ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تىزىلىشى) رەسۇلۇللاھنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ۋەھيي ئارقىلىق بىلدۈرۈشكە ئاساسەن تىزىلغان بولسا كېرەك. لېكىن بىز بۇ مەلۇماتنى تېكىست (بىر ئايەت) سۈپىتىدە قۇرئاندىن تاپالمايمىز. ئۇنداقتا بۇ مەلۇماتنىڭ قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھيي ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا كەلگەنلىكىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ بىز بۇ مەلۇماتنىڭ ماھىيىتى (ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تىزىلىشى)دىن خەۋەردار. چۈنكى قۇرئان بىزگە - بۇ مەلۇمات نەتىجىسىدە- ئايەت ۋە سۈرىلىرى رەتلىك تىزىلغان ھالدا يېتىپ كەلگەن. بۇ سەۋەبتىن بىز بۇ مەلۇماتتىن (باشقا بىر مەنبەدىن ئەمەس) يەنە قۇرئان ئارقىلىق خەۋەردار بولىمىز.

تەھرىم سۈرىسى 1-3-ئايەتلىرىدە، نەبىنىڭ ئايالى بىلەن ئورتاقلاشقان بىر سىرنى ئايالىنىڭ باشقا بىر ئايالىغا ئاشكارىلاپ قويغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ بۇ ئەھۋالنى نەبىگە بىلدۈرگەنلىكى بايان قىلىنغان[1]. بۇ ئايەتلەر، قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھيىنىڭ بارلىقىنى ياقلىغانلار دەلىل كۆرسەتكەن ئايەتلەردۇر. لېكىن ئۈستىدە بىر ئاز ئويلانسا مەسىلىنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكى دەرھال ئايان بولىدۇ. چۈنكى بۇ ھادىسىدە نەبى ئاللاھ ھالال قىلغان بىر نەرسىنى ئىككى ئايالىنىڭ ئارزۇسى (رازىلىقى)نى كۆزلەپ ئۆزىگە ھارام قىلغان، ئاللاھ ئۇنى سادىر قىلغان خاتالىقى سەۋەبىدىن ئاگاھلاندۇرغانىدى. نەبى، تەھرىم سۈرىسى 1-ئايەتتە مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەم ئۆزىنىڭ قارارىنىڭ، ھەم بۇ قارارنى چىقىرىشقا سەۋەبچى بولغان ئاياللىرىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلدى. بۇ ئايەت بىلەن ھەقىقەت ئۆزىگە مەلۇم بولدى. چۈنكى بۇ ھادىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىر قىسمىنى بۇ ئايەتتىن، يەنە بىر قىسمىنى بۇ ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاگاھلاندۇرۇش سەۋەبىدىن ئاياللىرى ئارقىلىق بىلدى. يەنى، ئاللاھ بۇ ھادىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئۇنىڭغا -قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھيي بىلەن ئەمەس- تەھرىم سۈرىسى 1-ئايەت ئارقىلىق بىلدۈرگەن. ئەگەر بۇ خەۋەر ئۇنىڭغا قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھيي ئارقىلىق كەلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ۋەھيي بارلىق مۇئمىنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرەر ھۆكۈمنى ئېلىپ كەلمىگەن. بۇ ھادىسە سەۋەبىدىن كەلگەن ۋە نەبىدىن تارتىپ بارلىق كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھۆكۈملەر تەھرىم سۈرىسى 1-5-ئايەتلەر ئورۇن ئالغان ۋە بۇ ئايەتلەرنى جىمى مۇئمىن ئوقۇماقتا.

(1) «ئۆز ۋاقتىدا نەبى ئاياللىرىدىن بىرىگە بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتقانىدى. ئۇ ئۇنى ئاشكارا قىلىپ قويدى، ئاللاھ بۇنى نەبىگە بىلدۈردى. نەبى بۇنىڭ بىر قىسمىنى ئېيتتى، بىر قىسمىنى ئېيتمىدى. ئۇ بۇنى ئايالىغا ئېيتقان چاغدا (ئايالى): ‹بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟› دېدى. نەبى: ‹ماڭا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار ئاللاھ خەۋەر قىلدى› دېدى» (تەھرىم سۈرىسى، 3-ئايەت)

نەبىگە ئاياللىرى بىلەن بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھادىسىلەردە قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھىي ئارقىلىق ئايرىم خەۋەرلەر كەلگەن بولسا ئىدى، بۇ شەكىلدىكى بىر ۋەھىي ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزغا زىنا تۆھمىتى چاپلانغان ۋاقىتتا كېلەتتى. چۈنكى ئىفك ۋەقەسى دەپ ئاتالغان بۇ تۆھمەت ۋەقەسىدە، پەقەت ئائىشە ئانىمىزلا ئەمەس، دادىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى قاتارلىق بارلىق ئائىلە ئەزاسى، ھەتتا نەبى تاكى بۇ ھەقتە ئايەت نازىل بولۇپ، بۇنىڭ تۆھمەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولغىچە ھەپتىلەرچە ئازابلاندى. قاچانكى بۇ ئايەتلەر نازىل بولدى، ئەنە شۇ چاغدا كۆڭلى ئارام تاپتى. ئەگەر ئاللاھ نەبىگە قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھىي ئارقىلىق بەزى ئالاھىدە خەۋەرلەرنى يەتكۈزگەن بولسا ئىدى، بۇ خىل خەۋەر ئۈچۈن بەلكىم ئەڭ مۇۋاپىق ۋەقە ئىفك ۋەقەسى ئىدى. لېكىن بۇ ۋەقەدىمۇ بۇنداق بىر ۋەھىينىڭ كەلمىگەنلىكىنى قۇرئاندىن كۆرۈۋالايمىز[1].

ئۇنىڭدىن باشقا، رەسۇلۇللاھ مەۋجۇت قۇرئانى مەلۇماتلار ياكى بۇ مەلۇماتلارنىڭ تەتبىقلىنىشىنى تەستىقلايدىغان بەزى ئالاھىدە ۋەھىيلەرنى ئالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: ئالدىنقى پاراگرافتا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئىبنى ئابباس ھەدىسىدە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك جىبرىئىل (ئە س) بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇغان. لېكىن بۇ ۋەقەدە جىبرىئىلنىڭ قۇرئاندىكى ناماز ئايەتلىرىگە قوشۇمچە ھالدا ئېلىپ كەلگەن ھېچقانداق بىر ئەھكام يوق. رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق مەۋجۇت قۇرئان ھۆكۈملىرىنىڭ تەتبىقلىنىشىنى تەستىقلىغان. بۇنداق ئەھۋال «جىبرىئىلنىڭ تەستىقلىشى» دەپ ئاتىلىدۇ[2].

جىبرىئىلنىڭ يەنە بىر تەستىقى بولسا قۇرئاننى رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە ئوقۇشى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ھەر رامىزان ئېيىدا جىبرىئىل بىلەن بىرلىكتە قۇرئاننى ئوقۇغان[3]. لېكىن بۇ نۇقتىدا قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھىي بىلەن كەلگەن ھېچقانداق بىر ھۆكۈم يوق بولۇپ، ئايەتلەرنىڭ تەرتىپى بۇ شەكىلدە ۋەھىينىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ياكى «ساڭا (قۇرئاننى) ئوقۇتىمىز ۋە سەن قەتئىي ئۇنتۇپ قالمايسەن»[4] ئايىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن، مەۋجۇت قۇرئان ئايەتلىرى بىرلىكتە ئوقۇپ ئۆتۈلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاللاھ بىلەن رەسۇلى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى

---

(1) نۇر سۈرىسى، 18 ـ 11 ـ ئايەتلەر

(2) فاتىھ ئورۇم، «قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدا قۇرئاننى چۈشىنىش مېتودى»، 120 ـ 111 ـ بەتلەر

(3) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 1767

(4) ئەئلا سۈرىسى، 6 ـ ئايەت

ئالاھىدە ئالاقىلار (قۇرئان سىرتىدىكى ۋەھيىلەر) بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىز ئۈچۈن مۇھىم بولغان نۇقتا، بۇ شەكىلدە كەلگەن ۋە بىزگە مەسئۇلىيەت ئارتقان ھېچقانداق ھۆكۈمنىڭ بولماسلىقىدۇر[1]. بىز مۇئمىنلەر بىزگە تەبلىغ قىلىنمىغان (غەيرى مەتلۇۋ) ۋەھيىدىن ئەمەس، بەلكى بىزگە تەبلىغ قىلىنغان (مەتلۇۋ) ۋەھيىدىن، يەنى پەقەت قۇرئاندىن جاۋابكارلىققا تارتىلىمىز:

فَاسْتَمْسِكْ بِالَّذِي اُوحِيَ اِلَيْكَۚ اِنَّكَ عَلٰى صِرَاطٍ مُسْتَقٖيمٍ وَاِنَّهُ لَذِكْرٌ لَكَ وَلِقَوْمِكَۚ وَسَوْفَ تُسْـَٔلُونَ

«سەن ساڭا ۋەھيي قىلىنغان (قۇرئان)غا چىڭ ئېسىلغىن. چۈنكى سەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇرسەن. شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەم سەن ئۈچۈن، ھەم قوۋمىڭ ئۈچۈن نەسىھەتتۇر ۋە ھەممىڭلار كېلەچەكتە ئۇنىڭدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر» (زۇخرۇف سۈرىسى، 44-43-ئايەتلەر).

اُوحِيَ اِلَيَّ هٰذَا الْقُرْاٰنُ لِاُنْذِرَكُمْ بِهٖ وَمَنْ بَلَغَ

«بۇ قۇرئان ماڭا ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنى ۋە ئۇ يېتىپ بارغان بارلىق كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم ئۈچۈن ۋەھيي قىلىندى» (ئەنئام سۈرىسى، 19-ئايەت).

بۇ پاراگرافنى مۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

ناماز پەقەت بىزلەرگىلا ئەمەس، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگىمۇ پەرز قىلىنغان بىر ئىبادەتتۇر. بەش ۋاقىت ناماز مىراج ۋەقەسىدىن ئىلگىرى پەرز قىلىنغان.

شەرىئەتتە ئىزچىللىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ نامىزى بىلەن بىز ئادا قىلىۋاتقان نامازلار ئارىسىدا نەسخ قىلىنغان قىبلە تەرەپتىن باشقا ھېچقانداق پەرق يوق. رەسۇلۇللاھ ئىلگىرىكى قىبلە نەسخ قىلىنغان ھىجرى 2-يىلىغىچە (قۇرئان دەۋىتى باشلانغاندىن تارتىپ تەخمىنەن 15 يىل) قۇددۇسقا قاراپ ناماز ئوقۇغان.

مەككە ۋە ئەتراپىدا ھەزرىتى ئىبراھىم دەۋرىدىن تارتىپ ناماز ئوقۇپ كېلىۋاتقان ھەنىف بىر جامائەت دائىم مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. رەسۇلۇللاھ، قۇرئان دەۋىتىدىن بۇرۇن ۋە دەۋەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بۇ جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇغان. رەسۇلۇللاھنىڭ ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەسلەپكى مەلۇمات مەنبەسى ئىلگىرىكى شەرىئەتنىڭ ئەھكامى ۋە بۇ ھەنىف جامائەت ئادا قىلىۋاتقان ئەمەللەر ئىدى. كېيىن ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نازىل بولغانسېرى

(1) فاتىھ ئورۇم، «قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدا قۇرئاننى چۈشىنىش مېتودى»، 119-61-بەتلەر

نامازنىڭ تەپسىلاتلىرى قۇرئاندا ئورۇن ئېلىشقا ۋە خاتىرىلىنىشكە باشلىغان. قۇرئاندا نامازنىڭ ۋاقتى ۋە رەكەت ساندىن تارتىپ نامازنىڭ بارلىق ئەركانلىرى مەۋجۇت. بىز ئوقۇۋاتقان نامازلاردا مەۋجۇت بولغان، لېكىن قۇرئاندا يەر ئالمىغان ھېچقانداق بىر ئەركان يوق. يەنى، غەيرى مەتلۇۋ ۋەھيي ئارقىلىق كەلگەن ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەپسىلات يوق.

پەرز نامازلارنىمۇ، سۈننەت دەپ بىلىنىدىغان نامازلارنىمۇ ئاللاھ قۇرئاندا بۇيرۇغان. رەسۇلۇللاھ ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق بىر ئەھكام بەلگىلىمىگەن. ئىبادەتلەرنى بەلگىلەش ھوقۇقى ئابىد بولغان رەسۇلۇللاھقا ئەمەس، مەبۇد بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە ھالدا بارلىق ناماز ئەھكامىنىڭ قۇرئاندا يوق ئىكەنلىكى (مەسىلەن: نامازنىڭ رەكەت سانىنىڭ قۇرئاندا زىكىر قىلىنمىغانلىقى) ئىلگىرى سۈرۈلسە، مۇنداق سوئاللارغا جاۋاب بېرىلىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەر مىليوندا ياكى مىلياردتا بىر دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە (مەسىلەن: ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى بولسا چوشقا گۆشىنى يېيىش) ئايەتلەر بىلەن يول كۆرسەتكەن، ئەمما نېمە ئۈچۈن مىلياردلارچە مۇئمىن ھەر كۈنى ئوقۇيدىغان بەش ۋاقىت نامازنىڭ رەكەت سانى كىتابىدا ئورۇن ئالمىغان؟ نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلە بىر ئايەتتە بولسىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان؟ نامازنىڭ رەكەت سانى باشقا مەسىلىلەرگە قارىغاندا ئەھمىيەتسىزمۇ؟ (بۇ سوئاللار، نامازنىڭ رەكەت سانى قۇرئاندا يوق دېگۈچىلەر ئۈچۈن بولۇپ، بىزنىڭچە قۇرئاندا نامازنىڭ رەكەت سانى بار).

ئۇنىڭدىن باشقا، «نامازنىڭ رەكەت سانى قۇرئاندا يوق» دېگۈچىلەر، «پەرز نامازلارنىڭ رەكەت سانى مۇتلەق ئەمەس، ھەركىم بۇ نامازلارنىڭ رەكەت سانىنى ئۆز بىلگەنچە بەلگىلىسە بولىدۇ» دېگەن بولىدۇ. چۈنكى غەيرى مەتلۇۋ ۋەھيي ئارقىلىق كەلگەن مەلۇماتلارنىڭ (مەسىلەن: نامازنىڭ رەكەت سانىنى بىلدۈرىدىغان ھەدىسلەرنىڭ) قۇرئانغا ئوخشاش دەرىجىدە نوپۇزغا ئىگە ئەمەسلىكىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنداقتا رەكەت سانى قۇرئاندا بولمىسا ۋە ھەدىسلەر ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن بولسا، بىز ئوقۇۋاتقان نامازلارنىڭ رەكەت سانىمۇ مۇتلەق ئەمەس. مەسىلەن: ناماز شامنى 3 رەكەت ئوقۇشنىڭ ئورنىغا 2 رەكەت؛ پېشىن نامىزىنى 4 رەكەت ئەمەس، 2 رەكەت قىلىپ ئوقۇساق بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

بۇ سوئالغا (چوقۇم) «ياق، بولمايدۇ. چۈنكى قۇرئان رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا

بۇيرۇغان، بۇ سەۋەبتىن بىز نامازلىرىمىزنى رەسۇلۇللاھ ئوقۇغان شەكىلدە ئوقۇشىمىز كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. بۇ جاۋابنى توغرا دەپ قوبۇل قىلايلى. يەنى، نامازلىرىمىزنى قۇرئان بۇيرۇغان شەكىلدە (ئۇ كۆرسەتكەن ئۇسۇلدا) ئەمەس، رەسۇلۇللاھقا قاراپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇدۇق دەيلى. ئۇنداقتا بىز رەسۇلۇللاھقا قانداق ئەگىشىمىز؟ نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان (كىلاسسىك) ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىقمۇ ياكى رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى بولغان قۇرئانغا (قۇرئان كۆرسىتىپ بەرگەن ئۇسۇلغا) رىئايە قىلىش ئارقىلىق ئەگىشەمدۇق؟ بىزنىڭ نامازلىرىمىزنى رەسۇلۇللاھقا ئوخشاش شەكىلدە ئادا قىلغانلىقىمىز ۋە بۇ مەسىلىدە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكىمىزدا شەك يوق. لېكىن بۇنى كىلاسسىك ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىش بىلەن ئەمەس، رەسۇلنىڭ ھەدىسلىرى (قۇرئان)گە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق، يەنى قۇرئان كۆرسەتكەن ئۇسۇلغا (مۇتەۋاتىر سۈننەتكە) ئاساسەن ئورۇندايمىز. بۇ سەۋەبتىن بۇ ئەمەلنىڭ ئاخىرقى تايانچ مەنبەسى (ئەھكامنىڭ ئۇلى) يەنىلا قۇرئان.

## قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇ پاراگرافتا، قۇرئاننىڭ مۇئمىنلەرگە لازىم بولغان ھەرقانداق مەلۇماتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ۋە قۇرئان بەلگىلىگەن پىرىنسىپلارغا رىئايە قىلىش شەرتى ئاستىدا، تىرىشقان ھەرقانداق كىشىنىڭ قۇرئاننى چۈشىنەلەيدىغانلىقى ئىزاھلاپ ئۆتۈلدى. ئۇنداقتا ھەر مۇئمىن قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن تىرىشىشى، قولىدىن كېلىشىچە غەيرەت قىلىشى كېرەك. بىزگە تاپشۇرۇلغان مەسئۇلىيەت بىزدىن بۇنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئاندىن جاۋابكارلىققا تارتىدىغان ھەر كىشىگە بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلالىغۇدەك ئەقىل ۋە قابىلىيەت ئاتا قىلغان.

بۇنىڭ ئەكسىچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەقلى قابىلىيىتى يېتەرلىك بولمىغانلار (ئەقلى بالىغ ياكى ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولمىغانلار) جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولغان ھەرقانداق كىشى زۆرۈر بولغان تىرىشچانلىقنى كۆرسەتسە، قۇرئاننى چۈشىنەلەيدۇ. قۇرئاننى ھېچقانداق بىر كىشى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. لېكىن ھەرقانداق كىشى چۈشىنەلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھېچكىمنى قۇربى يەتمەيدىغان بىر ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ[1]. بىزگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى چۈشىنىش، چۈشىنىشكە تىرىشىشتۇر.

(1) بەقەرە سۈرىسى، 286 ـ ئايەت

قۇرئاننى ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇساق ۋە كېرەكلىك بولغان غەيرەتنى كۆرسەتسەك، مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىزگە لازىم بولغان خۇسۇسلارنى چۈشىنەلەيمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە، بىلىش زۆرۈرىيىتى ھېس قىلغان مەسىلىلەردە ئالىملاردىن (بىزدىن بەكرەك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلەردىن) پايدىلانساق بولىدۇ. ھەتتا، كۆپىنچە ۋاقىتتا بۇنداق قىلىش زۆرۈر. ئەمما شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن قارارنى ئۆزىمىزگە ۋاكالىتەن يەنىلا ئۆزىمىز چىقىرىمىز. چۈنكى ھەركىم ئۆز قىلمىشىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ھېچكىم بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ ۋە ئالمايدۇ. يەنى، ھەركىم ئۆز قىلمىشىنىڭ جاۋابىنى ئۆزى بېرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ ھەممىمىزنى ھۇزۇرىغا يالغۇز ھالدا چاقىرىدۇ ۋە ئۇ كۈندە ـ بىزگە ياردەم قىلىدىغان ياكى گۇناھىمىزنى ئۈستىگە ئالىدىغان ـ ھېچكىمنى يېنىمىزدا كۆرەلمەيمىز[1]. بۇ سەۋەبتىن قۇرئاننى چۈشىنىش ئۈچۈن ئوقۇش ۋە مەسئۇلىيەتلىرىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىن قېچىش مۇمكىن ئەمەس.

بىزنى ياراتقان ئاللاھ، بىزگە بەخش ئەتكەن ئەقىل بىلەن بىزگە ئەۋەتكەن كىتابنى چۈشەنگىلى بولىدىغانلىقىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئاللاھ كىتابنى ياكى بىزگە بەرگەن ئەقىلنى كەمتۈك قىلمىغان. ئۇنداقتا ھېچكىم «قۇرئاننى چۈشىنىش قىيىن» دېيەلمەيدۇ. بۇنداق بىر قاراش ئەڭ ئاۋۋال ئىلاھى ئادالەتكە خىلاپتۇر. ئەپسۇسكى، «ئەھبار ۋە روھبانلار (موللا ـ ئىشانلار)»نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇنى (قۇرئاننىڭ چۈشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى) ئاشكارا ھالدا ۋەز قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ خىل سۆزلىرى ئارقىلىق ئەسلىدە مۇنداق دەۋاتىدۇ (نەئۇزۇبىللاھ، ئاللاھ ئەپۇ قىلغاي):

«ئى رەببىم! سەن بىزگە بىر كىتاب ئەۋەتتىڭ ۋە بۇ كىتابتىن ھەممىمىزدىن جاۋابكارلىققا تارتىمەن دېدىڭ. لېكىن بۇ كىتاب بىز چۈشىنەلەيدىغان بىر كىتاب ئەمەس. ئى رەببىم! سەن بىزگە بۇ كىتابنى چۈشىنەلىگىدەك ئەقىل بەرمىدىڭ. ئى رەببىم! بۇ قانداق ئىلاھى ئادالەت؟».

ئاللاھ تائالانىڭ ھېچكىمگە تاقىتى يەتمەيدىغان مەسئۇلىيەتنى ئارتمايدىغانلىقى

(1) «ئۇنىڭ دېگەنلىرى (مېلى ۋە ئەۋلادى)گە بىز ۋارىس بولىمىز، ئۇ بىزگە يالغۇز كېلىدۇ» (مەريەم سۈرىسى، 80-ئايەت) دېمەك ئۆزى ئالدىمىزغا تەنھا كېلىدۇ» (مەريەم سۈرىسى، 80-ئايەت)؛ «قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ» (مەريەم سۈرىسى، 95-ئايەت)؛ «بۈگۈن، بىز دەسلەپتە سىلەرنى قانداق ياراتقان بولساق، دەرگاھىمىزغا شۇنداق تەنھا كەلدىڭلار ۋە سىلەرگە ئاتا قىلغان جىمى نەرسىنى ئارقاڭلاردا قويۇپ كەلدىڭلار. شاپائەتچى دەپ قارىغان شېرىكلىرىڭلارنىمۇ يېنىڭلاردا كۆرمەيۋاتىمىزغۇ؟ چۈنكى ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ھەقىقەتەن ئۈزۈلدى ۋە سىلەر ئىشەنچ قىلغانلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى غايىب بولۇپ كەتتى» (ئەنئام سۈرىسى، 94-ئايەت)

نەزەردە تۇتۇلغاندا، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز قۇرئاننى چۈشىنىشكە تىرىشىش، بۇنىڭ ئۈچۈن غەيرەت قىلىشتۇر. بىز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلساق، قۇربىمىزدىن ھالقىغان خۇسۇسلاردا ئالىملار (يەنى، بىزدىن بەكرەك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، جەھد قىلغانلار)دىن سورىساق بولىدۇ ۋە توغرا تاپساق ئۇلارغا ئەتائەت قىلساق بولىدۇ. بۇنداق قىلىش قۇرئاننىڭ تەلىماتىدۇر[1]. لېكىن ئالىملاردىن مەسلىھەت سورىغان ۋاقتىتىمۇ قازىمىز دائىم ئاللاھ ۋە رەسۇلى، يەنى قۇرئان بولۇشى كېرەك. ھېچقاچان ھېچكىمگە (ئىمامغا، موللىغا، شەيخكە، ئىشانغا...) مۇتلەق ئەتائەت قىلماسلىقىمىز كېرەك. ھېچقاچان قۇرئان بىلەن بىردەك بولمىغان پەتىۋالارغا ئەمەل قىلماسلىقىمىز لازىم[2]. بۇنىڭ ئۈچۈن دائىم قۇرئاننى ئوقۇشىمىز ۋە ئالغان پەتىۋالارنىڭ قۇرئانغا مۇۋاپىق بولۇپ - بولمىغانلىقىغا قاراپ چىقىشىمىز، قاراپ چىقالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا ئاقىۋەتتىگە مەسئۇل بولىمىز. ئۇنداقتا قىلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر ئىش قۇرئانغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنىڭ نوپۇزىنى قوبۇل قىلماسلىقتۇر:

اِتَّبِعُوا مَٓا اُنْزِلَ اِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِه۪ٓ اَوْلِيَٓاءَۜ قَل۪يلاً مَا تَذَكَّرُونَ

«(ئى مۇئمىنلەر! سىلەرمۇ) رەببىڭلاردىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان (بۇ كىتابقا، يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دوستلارغا ئەگەشمەڭلار. لېكىن ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىڭلار بۇ ۋەز - نەسىھەتكە قۇلاق سالىسىلەر» (ئەئراف سۈرىسى، 3 - ئايەت).

## ئەڭ ياخشى (ئەڭ سەھىھ - ئىشەنچلىك) ھەدىسلەر قۇرئان ئايەتلىرىدۇر

قۇرئان ئايەتلىرى رەسۇل مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن سۆزلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا رەسۇل مۇھەممەد (ئە س)غا ئايەتلىرىنى ۋەھيي قىلغان (قەلبىگە نازىل قىلغان)[3]، ئىنسانىيەت دۇنياسى ئۇنىڭ بۇ ئايەتلىرى (سۆزلىرى)نى رەسۇل مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان. يەنى، بارلىق ئايەتلەر ئۈچۈن «ئەڭ ياخشى (ئەڭ سەھىھ - ئىشەنچلىك) ھەدىسلەر» ئىبارىسىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. دېمىسىمۇ قۇرئان، ئايەتلەر ئۈچۈن «ئەڭ ياخشى ھەدىس (ئەھسەنەل ھادىس)» ئىبارىسىنى ئىشلەتكەن:

(1) نەھل سۈرىسى، 43؛ ئەنبىيا سۈرىسى، 7؛ نىسا سۈرىسى، 59 - ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 111؛ ئەنئام سۈرىسى، 119؛ نەمل سۈرىسى، 64؛ قەسەس سۈرىسى، 75؛ لوقمان سۈرىسى، 7 - 6 - ئايەتلەر

(3) بەقەرە سۈرىسى، 97؛ شۇئەرا سۈرىسى، 194 - ئايەت

**اَللّٰهُ نَزَّلَ اَحْسَنَ الْحَدٖيثِ كِتَاباً مُتَشَابِهاً مَثَانِيَۗ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذٖينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْۚ ثُمَّ تَلٖينُ جُلُودُهُمْ وَقُلُوبُهُمْ اِلٰى ذِكْرِ اللّٰهِۜ ذٰلِكَ هُدَى اللّٰهِ يَهْدٖي بِهٖ مَنْ يَشَٓاءُۜ وَمَنْ يُضْلِلِ اللّٰهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ**

«ئاللاھ سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى (ئەڭ ياخشى ھەدىس)نى بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدىغان بىر كىتاب شەكلىدە نازىل قىلدى. رەببىدىن ھايا قىلىدىغانلار ئۇنى (ئوقۇغاندا) بەدەنلىرى تىترەيدۇ. ئاندىن قەلبلىرى ۋە بەدەنلىرى (يەنە) ئاللاھنى ياد قىلىش بىلەن ئەمىن تاپىدۇ. خالىغان كىشىنى ئاللاھ مانا بۇ كىتاب بىلەن ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ كىمنىڭ ئېزىشىغا رۇخسەت قىلسا، ئۇنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ» (زۇمەر سۈرىسى، 23 ـ ئايەت).

دېمەك، «ئەڭ ياخشى ھەدىس (ئەھسەنەل ھادىس)» قۇرئان ئايەتلىرىدۇر ۋە بۇ ئايەتلەرنى بىزگە رەسۇل مۇھەممەد (ئە س) ئېلىپ كەلگەن (ئوقۇپ بەرگەن). رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن چىققان بۇ ئەڭ ياخشى ھەدىسلەر، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، بۇ ئايەتلەر بىزنى ئەڭ توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان ھەدىسلەردۇر:

**اِنَّ هٰذَا الْقُرْاٰنَ يَهْدٖي لِلَّتٖي هِيَ اَقْوَمُ وَيُبَشِّرُ الْمُؤْمِنٖينَ الَّذٖينَ يَعْمَلُونَ الصَّالِحَاتِ اَنَّ لَهُمْ اَجْراً كَبٖيراًۙ**

«بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ. ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خوشخەۋەر بېرىدۇ» (ئىسرا سۈرىسى، 9 ـ ئايەت).

بىزنى ئەڭ توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان بۇ ئايەتلەردىن (بۇ ئەڭ ياخشى ھەدىسلەردىن) كېيىن، بىز باشقا بىر ھەدىسكە (قۇرئانغا زىت سۆزگە) ئىشىنىشىمىز ۋە ئۇ ھەدىسكە ئەگىشىشىمىز مۇمكىن ئەمەس:

**تِلْكَ اٰيَاتُ اللّٰهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِالْحَقِّۚ فَبِاَيِّ حَدٖيثٍ بَعْدَ اللّٰهِ وَاٰيَاتِهٖ يُؤْمِنُونَ وَيْلٌ لِكُلِّ اَفَّاكٍ اَثٖيمٍ**

«ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئۇنى ساڭا لايىق رەۋىشتە ئوقۇپ بېرىمىز. ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى ھەدىسكە (سۆزگە) ئىشىنىدۇ؟ ئۇ يالغانچى گۇناھكارلارنىڭ ھالىغا ۋاي!» (جاسىيە سۈرىسى، 7 ـ 6 ـ ئايەتلەر).

**فَبِاَيِّ حَدٖيثٍ بَعْدَهُ يُؤْمِنُونَ**

«ئۇلار بۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) كېيىن قايسى ھەدىس (سۆز)كە ئىشىنىدۇ؟» (مۇرسەلات سۈرىسى، 50 ـ ئايەت).

ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا تۆھمەت قىلىپ توقۇپ چىقىلغان بەزى ھەدىسلەرنىڭ بارلىقى

ھەممىگە مەلۇم. بارلىق ياخشى نىيەتلىك تىرىشچانلىقلارغا قارىماستىن، بۇ تولۇقلىما ھەدىسلەر يۇتۇنلەي تازىلىنىپ كېتىلمىدى. ئەمما ئاللاھنىڭ كالامى ۋە رەسۇلنىڭ بايانى بولغان قۇرئاننىڭ ئىچىدە مۇنداق تولۇقلىما ھەدىس (ئايەت) يوق. چۈنكى قۇرئان توقۇپ چىقىلغان ھەدىس ئەمەس. قۇرئان مۇئمىنلەر ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق نەرسىلەرنى تەپسىلىي شەكىلدە چۈشەندۈرۈگەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىغان (ئۇلارغا يول كۆرسەتكەن) ۋە رەھمەت بولغان كىتابتۇر:

مَا كَانَ حَدِيثاً يُفْتَرٰى وَلٰكِنْ تَصْدِيقَ الَّذِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ كُلِّ شَيْءٍ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ

«...(بۇ قۇرئان) توقۇپ چىقىلغان سۆز ئەمەس. لېكىن ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنى تەستىقلايدۇ. ئىمان ئېيتقان بىر قوۋم ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى ئىنچىكە بايان قىلغۇچى ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر، رەھمەتتۇر» (يۇسۇف سۈرىسى، 111 ـ ئايەت).

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك قۇرئان دىن ھەققىدە ھەرقانداق نەرسىنى قىسقىچە ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب ئەمەس، ئەكسىچە مۇئمىنلەر ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەرقانداق نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر نەرسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگەن كىتابتۇر. ئاللاھ «ئەڭ ياخشى ھەدىس (ئەھسەنەل ھەدىس)» دېگەن بۇ كىتابنىڭ ئايەتلىرى، قوشۇمچە چۈشەندۈرۈشكە موھتاج بولمىغىدەك دەرىجىدە روشەندۇر. چۈنكى ئاللاھ ئايەتلىرىنى (ئەڭ ياخشى ھەدىسلىرىنى) ئۆزى مەزكۇر كىتابىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن[1].

ئۇنداقتا قۇرئانغا ئەگىشىش «ئەڭ ياخشى ھەدىس (ئەھسەنەل ھەدىس)لەر»گە ئەگەشكەنلىكتۇر. ئۇ ھەدىسلەرنى (قۇرئاننى) ئاللاھ رەسۇلغا ۋەھيي قىلغان، رەسۇلى بولسا ئۇلارنى بىزگە تەبلىغ قىلغان. قىيامەتكىچە ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تۇرىدىغان بۇ ھەدىسلەر (قۇرئان) ئىچىدە ھېچقانداق شۈبھە ۋە زىتلىق يوق. بۇ سەۋەبتىن بىز پەقەت بۇ «ئەڭ ياخشى ھەدىس (قۇرئان)»غا ئەگىشىشكە بۇيرۇلدۇق. بىز مۇئمىنلەر ھەر ھەدىس (سۆز)گە قۇلاق سالساق بولىدۇ. لېكىن ئەڭ ياخشىسىغا (ئەڭ ياخشى ھەدىس بولغان قۇرئانغا) ئەگىشىمىز:

فَبَشِّرْ عِبَادِ اَلَّذِينَ يَسْتَمِعُونَ الْقَوْلَ فَيَتَّبِعُونَ اَحْسَنَهُ اُولٰٓئِكَ الَّذِينَ هَدٰيهُمُ اللّٰهُ وَاُولٰٓئِكَ هُمْ اُولُوا الْاَلْبَابِ

«(خاس) بەندىلىرىمگە خوشخەۋەر بەرگىن. ئۇلار سۆزگە قۇلاق سالىدۇ ۋە ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھ توغرا يولغا باشلىغان كىشىلەردۇر ۋە ھەقىقىي ئەقىل ئىگىلىرىدۇر» (زۇمەر سۈرىسى، 18 ـ 17 ـ ئايەتلەر).

---

(1) ئەنئام سۈرىسى، 114؛ ھۇد سۈرىسى، 1؛ فۇسسىلەت سۈرىسى، 3، 44 ـ ئايەتلەر

وَاتَّبِعُوا اَحْسَنَ مَٓا اُنْزِلَ اِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ مِنْ قَبْلِ اَنْ يَأْتِيَكُمُ الْعَذَابُ بَغْتَةً وَاَنْتُمْ لَا تَشْعُرُونَۙ

«سىلەر تۇيمىغان ھالەتتە سىلەرگە ئازابنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىشىدىن ئىلگىرى سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ ياخشىغا (قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار» (زۇمەر سۈرىسى، 55 ـ ئايەت).

# تۆتنچى باب

# رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى: قۇرئان

## قۇرئاندىكى سۈننەت ئۇقۇمى

قۇرئاندا يەر ئالغان «سۈننەت» ئىبارىلىرى، «سۈننەتۇن»[1]، «سۈننەتۇللاھ»[2] ۋە «سۈننەتى ئەۋۋەلىن»[3] شەكلىدە تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە «ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنلىرى، بەلگىلىمىلىرى»[4] دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سُنَّةَ اللهِ فِي الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلُۚ وَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّةِ اللهِ تَبْدِيلاً

«بۇ ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولى (سۈننەتۇللاھ)دۇر ۋە سۈننەتۇللاھتا (ئاللاھنىڭ قانۇنىدا) ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن» (ئەھزاب سۈرىسى، 26-ئايەت).

سُنَّةَ مَنْ قَدْ اَرْسَلْنَا قَبْلَكَ مِنْ رُسُلِنَا وَلَا تَجِدُ لِسُنَّتِنَا تَحْوِيلاً

«بۇ سەندىن ئىلگىرى بىز ئەۋەتكەن رەسۇللىرىمىز ھەققىدىكى سۈننىتىمىز (قانۇنىمىز)دۇر. بىزنىڭ سۈننىتىمىزدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن» (ئىسرا سۈرىسى، 77-ئايەت).

گەرچە قۇرئاندا «رەسۇلنىڭ سۈننىتى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە يوق بولسىمۇ، لېكىن سۈننەت ئۇقۇمى ئىجتىمائىي ھاياتتا دائىم نەبى - رەسۇل بىلەن زىچ گىرەلەشتۈرۈلگەن. ئۇنداقتا «سۈننەت» دېگەن نېمە؟ سۈننەت دېيىلگەن ۋاقىتتا (قۇرئاننى چۆرىدىگەن ھالدا) نېمە دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك؟

## رەسۇلنىڭ سۈننىتى قۇرئاندۇر

«سۈننەت» سۆزى ئارقىلىق «مۇھەممەد (ئە س)نىڭ سۆز، ئىش - ھەرىكەتلىرى، ئۇ رەت قىلمىغان ئىشلار»نىڭ ۋە مۇھەممەد (ئە س)نىڭ دىنىنى ھاياتىغا تەتبىقلىشىنىڭ نەزەردە تۇتۇلغانلىقى مەلۇم[5]. ئەلۋەتتە، مۇھەممەد (ئە

---

(1) ئىسرا سۈرىسى، 77-ئايەت

(2) ئەھزاب سۈرىسى، 38، 62 (ئىككى قېتىم)؛ فاتىر سۈرىسى، 43 (ئىككى قېتىم)؛ غافىر سۈرىسى، 85؛ فەتىھ سۈرىسى، 23-ئايەت (ئىككى قېتىم)

(3) ئەنفال سۈرىسى، 38؛ ھىجر سۈرىسى، 13؛ كەھف سۈرىسى، 55؛ فاتىر سۈرىسى، 43-ئايەت

(4) ئىسھاق ئەمىن ئاكتەپە، «ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىنىڭ سۈننەت چۈشەنچىسى»، 31-30-بەتلەر

(5) زەكى بايراكتار، «قۇرئاننىڭ نەبەۋى تەدبىقلىنىشى سۈننەت»، 44-35-بەتلەر

س)نىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى بىلەن سۈننەتنىڭ مۇناسىۋىتى بار. ئەمما قايسى ئىش - ھەرىكەتنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك؟ نەبى سۈپىتىدە قىلغانلىرى بىلەنمۇ ياكى رەسۇل سۈپىتىدە قىلغانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

بۇ سوئالدىن مەلۇم بولغاندەك، سۈننەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىش - ھەرىكەتلەر رەسۇل مۇھەممەدنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدۇر. ئەكسىچە، نەبى مۇھەممەدنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى، يەنى ئۇنىڭ ۋەھيىنى تايانچ قىلمىغان، دىنى ھۆكۈملەر دائىرىسى ئىچىگە كىرمىگەن ۋە ئىنسان بولۇش سەۋەبىدىن قىلغان ئىش - ھەرىكەتلىرى، مۇئامىلىسى سۈننەت ئەمەس[1]. ئۇنداقتا سۈننەت، رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرئاننى تەتبىقلىغاندا قىلغان ئىش - ھەرىكەتلەردۇر. يەنى، رەسۇلنىڭ قۇرئاننى تەتبىقلىشىدۇر[2]. بۇ ئەھۋالدا سۈننەت قۇرئاننىڭ ئىزاھاتى ياكى قوشۇمچىسى ئەمەس، بەلكى قۇرئاننىڭ بىرەر تەتبىقلىنىشىدۇر.

## فىقھى سۈننەت ۋە رەسۇلنىڭ سۈننىتى

بۇ يەردە مۇھىم بىر نۇقتىنى ئەسلىتىپ ئۆتەيلى:

فىقھ تىلىدا قوللىنىلغان «سۈننەت» ئۇقۇمى بىلەن «رەسۇلنىڭ سۈننىتى» ئۇقۇمىنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرىۋەتمەسلىك كېرەك. فىقھ تىلىدىكى پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە مەندۇپ (مۇستەھەپ) ئۇقۇملىرى ئەمەللەرنىڭ (ئىبادەتلەرنىڭ) دەرىجىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئاتالغۇلاردۇر. فىقھ تىلىدا پەرز دېيىلگەندە چوقۇم ئادا قىلىنىشى كېرەك بولغان بىر ئىبادەتنى؛ سۈننەت دېيىلگەندە ئادا قىلىش تەۋسىيە قىلىنغان بىر ئىبادەتنى؛ مۇباھ دېيىلگەندە قىلىش - قىلماسلىق كىشىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغان بىر ئەمەلنى ئىپادىلىگەن

(1) مۇھەممەد ناسىرۇد-دىن ئەل-بانى، «ھەدىسنىڭ ئېتىقادتا دەلىل بولۇشى»، 21-بەت

(2) ئىلگىرى «قۇرئاننىڭ نەبەۋى تەتبىقلىنىشى سۈننەت» ماۋزۇسى بىلەن نەشر قىلغان كىتابىمىزدا، سۈننەتنىڭ قۇرئاننىڭ سىرتىدىكى بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى، قۇرئانغا ئىلاۋە ياكى ئۇنىڭغا رەقىپ پرىنسىپلار ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە قۇرئاننىڭ بىرەر تەتبىقلىنىشى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن ۋە قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا سۈننەت «قۇرئاننىڭ نەبەۋى تەتبىقلىنىشى» دەپ تەرىپلىگەنىدۇق. سۈننەتنىڭ قۇرئاندىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بۇ قارىشىمىز ئەلۋەتتە توغرا ئىدى. ئەمما سۈننەتنى نەبى بىلەن باغداشتۇرغان بۇ كىتابىنىڭ ئىسمى خاتا ئىدى. چۈنكى سۈننەت «رەسۇلنىڭ قۇرئاننى تەتبىقلىشى» ئىدى. بۇ سەۋەبتىن نەبى - رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تېخى بايقىمىغان ۋاقىتتا يازغان تۇنجى كىتابىمىزنىڭ -باشتا ئىسمى- بەزى بابلىرىنى (بۇ كىتاب ئارقىلىق تۈزەتتۇق. بولۇپمۇ نەبى - رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە دىققەت قىلماستىن «پەيغەمبەر» دەپ تەرجىمە قىلغان ئايەت مەنىلىرىنى ۋە بۇ مەنالارنى چۆرىدىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرىمىزنى (مەلۇم بىر ماۋزۇ ياكى بابنى نەزەردە تۇتمىدىم، نەبى - رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە دىققەت قىلماستىن سادىر قىلغان بارلىق خاتالىقلارنى) يېڭىلاۋاتىمىز. قىسقىسى، بۇ كىتابىمىز ئارقىلىق تۇنجى كىتابىمىزنىڭ نەبى - رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە دىققەت قىلماستىن يازغان بارلىق بابلىرىنى بۇ باب بىلەن نەسخ قىلدۇق.

بولىمىز. مەكرۇھ دېگەن ۋاقىتتا ئۇزىنى تارتىش كېرەك بولغان ئەمەلنى؛ هارام دېيىلگەندە قەتئىي قىلىشقا بولمايدىغان ئەمەلنى ئىپادىلىگەن بولىمىز.

ئەمما رەسۇلنىڭ سۈننىتى دېگەن ۋاقىتتا فىقھ تىلىدا پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە مۇباھ دېيىلگەن بارلىق ئەمەللەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش شەكلى نەزەردە تۇتۇلغان بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ كىتابتىكى سۈننەت ئىپادىلىرى (زىتتى بىلدۈرۈلمىگىچە)، فىقھ تىلىدىكى سۈننەتنى ئەمەس، بەلكى رەسۇلنىڭ سۈننىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بىز نەزەردە تۇتقان سۈننەت مانا بۇ.

بۇ مەنىدىكى سۈننەت (رەسۇلنىڭ سۈننىتى)، باشتىن ئاخىرى قۇرئان هۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىنىشى بولۇپ، ئۇ دائىرىسى كەڭ ئومۇمى ئۇقۇم سۈپىتىدە قۇرئان بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ قۇرئان ئەهكامىنىڭ تەتبىقلىنىشىدۇر.

## قۇرئاندىكى پەرز، سۈننەت، مۇباھ، مەكرۇھ ۋە هاراملار

قۇرئان هەم رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، هەم رەسۇلنى ئۈلگە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەرنى ئالدىنقى بابلاردا كۆرۈپ ئۆتتۇق. رەسۇلنى ئۈلگە قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان ئايەت مۇنداق:

**لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللّٰهِ اُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُوا اللّٰهَ وَالْيَوْمَ الْاٰخِرَ وَذَكَرَ اللّٰهَ كَثِيراً**

«سىلەرگە ـ ئاللاهنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاهنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ ئاللاهنىڭ رەسۇلىدا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈرنەكلەر بار» (ئەهزاب سۈرىسى، 12 ـ ئايەت).

دېمەك، ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئۈرنەك ئېلىشقا تېگىشلىك ئوبيېكت «رەسۇل»دۇر. بۇ ئەهۋالدا فىقھ تىلىدىكى سۈننەت بىلەن رەسۇلنى ئۈلگە قىلىش ئارىسىدا مۇنداق مۇناسىۋەت قۇرۇش مۇمكىن:

رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش، قۇرئاننىڭ بۇيرۇقلىرى (فىقھ تىلىدا «پەرز» دېيىلگەن ئەمەللەر)نى ئادا قىلىش؛ رەسۇلنى ئۈلگە قىلىش ـ قۇرئان تەۋسىيە قىلغاننى (فىقھ تىلىدا «سۈننەت» دېيىلگەن ئەمەللەرنى) قىلىش دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن (فىقھ تىلىدىكى) پەرزلەر ۋە سۈننەتلەرنىڭ تايانچ نۇقتىسى قۇرئان بولىدۇ. قۇرئان، پەقەت «پەرزلەر»نىلا ئادا قىلىشقا بۇيرۇغان كىتاب ئەمەس. فىقھ تىلىدىكى «ۋاجىپ»، «سۈننەت»، «مەندۇپ»، هەتتا «مۇباھ» دەپ بىلىنگەن

ئەمەللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلىنى «رەسۇلنىڭ قۇرئاننى تەتبىقلىشى» دەپ ئاتايمىز. چۈنكى قۇرئان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە رەسۇلۇللاھ قۇرئاننىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلغاندەك، تەۋسىيەلىرىنىمۇ ئادا قىلغان.

ئەنئەنىۋى چۈشەنچە پەرزلەرنى قۇرئاندا بۇيرۇلغان ھۆكۈملەر، سۈننەتلەرنى ھەدىسلەر بىلەن تەۋسىيە قىلىنغان ئەمەللەر دەپ قارىغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بىر ئەمەلنىڭ سۈننەت بولالىشى ئۈچۈن ئۇ ئەمەل قۇرئاندا بولماسلىقى (قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنمىغان بولۇشى)، لېكىن نەبى - رەسۇل تەرىپىدىن ئادا قىلىنغان بولۇشى كېرەك. تۆۋەندە سۈننەت ھەققىدىكى بۇ قاراشنىڭ نەقەدەر خاتا ئىكەنلىكىنى بەزى مىساللار بىلەن كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئەنئەنىۋى دىنى چۈشەنچىدە ھەج قىلىش پەرز، ئۆمرە قىلىش سۈننەتتۇر. ئۇنداقتا -بۇ چۈشەنچىگە ئاساسلانغاندا- پەرز بولغان ھەج قۇرئاندا بۇيرۇلغان، سۈننەت دەپ قارالغان ئۆمرە ھەج بولسا قۇرئاندا بۇيرۇلمىغان ياكى تەۋسىيە قىلىنمىغان (پەقەت ھەدىسلەردە تەۋسىيە قىلىنغان) بولۇشى كېرەك (ئىدى). ھالبۇكى، ئۆمرە ئىبادىتىمۇ ھەجگە ئوخشاش قۇرئاندا ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىبادەتتۇر[1]. ئۇنىڭدىن باشقا ھەممىگە مەلۇمكى، زاكات پەرز، سەدىقە بېرىش سۈننەتتۇر. بۇنداق بولغاندا پەرز بولغان زاكات قۇرئاندا بۇيرۇلغان، لېكىن سۈننەت ئىبادەت بولغان سەدىقە قۇرئاندا بۇيرۇلمىغان ياكى تەۋسىيە قىلىنمىغان (پەقەت ھەدىسلەردە تەۋسىيە قىلىنغان) بولۇشى كېرەك (ئىدى). لېكىن سەدىقە قۇرئاندا بىر قانچە ئايەتتە تەۋسىيە قىلىنغان ئەمەلدۇر[2].

دېمەك، سۈننەت دەپ بىلىنگەن ئەمەللەرمۇ قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنماقتا. ئەكسىچە بولغاندا، بۇ ئەمەللەر سۈننەت بولالمايتتى. قۇرئان بىر پەرز دېگەن ئەمەللەرنى «ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار»[3] دېگەن شەكىلدە قەتئىي بۇيرۇق بىلەن بۇيرۇسا، سۈننەت دەپ ئاتالغان ئەمەللەرنى «... بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ... بۇنداق قىلساڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ...، بۇ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر» دېگەندەك ئىپادىلەر بىلەن تەۋسىيە قىلىدۇ. يەنە بەزى ئەمەللەر مۇتلەق شەكىلدە بۇيرۇلمىغان، لېكىن كۈچلۈك شەكىلدە تەۋسىيە قىلىنغان. مەسىلەن: «ئەگەر سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار نېمە دېگەن ياخشى!

(1) بەقەرە سۈرىسى، 158، 196-ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 177، 196، 263، 271، 276؛ نىسا سۈرىسى، 114؛ ئەھزاب سۈرىسى، 35، 37-ئايەتلەر

(3) بەقەرە سۈرىسى، 43، 83، 110 ... - ئايەتلەر

ئەمما ئۇنى كەمبەغەللەرگە يوشۇرۇن هالدا بەرسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئاللاھ بۇ سەۋەبتىن سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يايدۇ»[1] دېيىلگەن. يەنى، سەدىقە بېرىش تەۋسىيە قىلىنغاندەك، سەدىقىنى كەمبەغەللەرگە مەخپىي هالدا بېرىشمۇ تەۋسىيە قىلىنغان. سەدىقىنى يوقسۇللارغا مەخپىي هالدا بېرىش مۇتلەق مەجبۇرىيەت ئەمەس. لېكىن ناھايىتى قاتتىق تەكىتلەنگەن ئىشتۇر. يەنى، قۇرئاننىڭ بۇ تەۋسىيەسى سەۋەبىدىن سۈننەتتۇر. «بەرگەننى قاتمۇ قات ئاشۇرغان هالدا ئۆزىگە قايتۇرۇلۇشى ئۈچۈن، ئاللاھقا ياخشى قەرز بەرگۈچى يوقمۇ؟ يوقسۇللۇق ۋە موللۇقنى ئاتا قىلغۇچى ئاللاھتۇر. ئاللاھقا قايتۇرۇلىسىلەر»[2] ۋە «ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ هالى ياخشىلانغۇچە مۆھلەت بېرىڭلار. ئەگەر سەدىقە قىلىۋەتسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر»[3] شەكلىدىكى ئايەتلەر ئارقىلىق ھەم قەرز بېرىش، ھەم قەرزدارغا مۆھلەت بېرىش، ھەتتا قەرزنى قايتۇرالمىسا قەرزنى كەچۈرۈۋېتىش (ئايرىم ـ ئايرىم) تەۋسىيە قىلىنغان. لېكىن بۇلارنى قىلىش مەجبۇر ئەمەس. ئەمما بۇ ئەمەللەر ناھايىتى كۈچلۈك شەكىلدە تەۋسىيە قىلىنغان. يەنى، بۇلارنى قىلغۇچى مۇئمىنلەر ئاللاھ نەزىرىدە ئالاھىدە مۇكاپاتقا نائىل بولىدۇ. قۇرئان تەۋسىيە قىلغان بۇ ئەمەللەرنى بىز سۈننەت دەپ ئاتىغاندەك، قۇرئان يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇغان ئەمەللەردىن يىراق تۇرۇشمۇ مەكرۇھتۇر. مەسىلەن: قۇرئان رەببىمىزگە ئەيمىنىش ئىچىدە (مەخپىي، ئىچىمىزدىن چىقىرىپ) دۇئا قىلىشقا (ۋارقىراپ ـ جارقىراپ دۇئا قىلماسلىققا) بۇيرۇيدۇ[4]. ئۇنداقتا، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ دۇئا قىلىش مەكرۇھتۇر. ئاللاھ بېكىتكەن بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلغان ئاساستا ئۆزلىشىپ كېتىش مۇباھ بولسىمۇ، لېكىن جەڭگى ـ جېدەل قىلىپ ئاجرىشىپ كېتىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى قۇرئاننىڭ تەۋسىيەسى چىرايلىقچە ئۆزلىشىپ كېتىشتۇر[5]. سەدىقە بېرىش سۈننەت، لېكىن سەدىقىنى بىراۋنى رەنجىتكەن هالدا بېرىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى قۇرئان بۇنداق قىلىشنى ناچار قىلمىش قاتارىدىن تىلغا ئالىدۇ[6]. ساھۇر (زولۇق) يېمەستىن روزا تۇتۇشقا بولىدۇ. ئەمما قۇرئان زولۇقنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىغىچە يەپ ـ ئىچىشنى (روزىنى مانا بۇ شەكىلدە تۇتۇشنى) تەۋسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق قىلىش مەكرۇھتۇر[7].

---

(1) بەقەرە سۈرىسى، 271 ـ ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 245 ـ ئايەت

(3) بەقەرە سۈرىسى، 280 ـ ئايەت

(4) ئەئراف سۈرىسى، 55 ـ ئايەت

(5) بەقەرە سۈرىسى، 229 ـ ئايەت

(6) بەقەرە سۈرىسى، 263 ـ ئايەت

(7) بەقەرە سۈرىسى، 187 ـ ئايەت

دېمەك، قۇرئان يىراق تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان ئەمەللەرنى قىلىش مەكرۇھتۇر. لېكىن قۇرئان تەۋسىيە قىلغان ئەمەللەرنى قىلماسلىق (سۈننەتلەرنى تەرك قىلىش) نىمۇ مەكرۇھ دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: قۇرئان مۇئمىنلەرنىڭ خۇشۇ ئىچىدە ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[1]. دېمەك، نامازنى خۇشۇ ئىچىدە ئادا قىلماسلىق (قۇرئاننىڭ بۇ تەۋسىيەسىنى قىلماسلىق) مەكرۇھتۇر.

يىغىنچاقلىساق، قۇرئاننىڭ مۇتلەق بۇيرۇقلىرى پەرز، مۇتلەق چەكلىمىلىرى ھارام (چوشقا گۆشى، تاپ يېمەكلار، ھاراق ئىچمەكلار، ئۆسۈم ئالماقلار، ئوغرىلىق قىلماقلار، ئادەم ئۆلتۈرمەكلار، زىناغا يېقىن كەلمەكلار... قاتارلىقلار)[2]. بۇلاردىن باشقا قۇرئاننىڭ مۇتلەق بۇيرۇقى دائىرىسى ئىچىدە بولمىغان تەۋسىيەلەر سۈننەت؛ مۇتلەق بولمىغان چەكلىمىلەر مەكرۇھ دەپ ئاتىلىدۇ (فىقھ تىلىدا). بۇلارنىڭ سىرتىدىكى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى مۇباھتۇر. مەسىلەن: سودا قىلىش[3]، يەپ ـ ئىچىش[4]، بازار ئايلىنىش[5]، يوللۇق شەكىلدە زىننەتلىنىش[6] قاتارلىق ئەمەللەر مۇباھتۇر. قۇرئان قىلىش ياكى قىلماسلىقتا ئىختىيارلىقنى كىشىلەرگە تاپشۇرغان ئەمەللەردىن، يەنى مۇباھلار ھەققىدە توختالغان كىتابتۇر. ئەمما قۇرئاننىڭ بارلىق مۇباھلارنى بىرمۇ بىر تىلغا ئېلىشى، ئۇلار ھەققىدە ئايرىم ـ ئايرىم توختۇلۇشى كېرەك ئەمەس. چۈنكى ئىسلامدا ئىباھات ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن قۇرئان ھالاللارنى ئەمەس، ھاراملارنى كۆرسىتىپ بەرگەن. قۇرئان بىر نەرسىنى ھارام (ياكى مەكرۇھ) دەپ كۆرسەتمىگەن بولسا، ئۇ نەرسە ھالالدۇر (مۇباھتۇر).

دېمەك، سۈننەت قۇرئاننىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئىچىدە. شۇنداق بولۇشى كېرەك. چۈنكى سۈننەتنىڭ مەنبەسى قۇرئاندۇر. قۇرئان پەرز، سۈننەت، مۇباھ، مەكرۇھ، ھارام، قىسقىسى بارلىق ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابتۇر. چۈنكى ئەھكام (ھۆكۈم)نىڭ قۇرئاندىن باشقا مەنبەسى يوق.

---

(1) مۇئمىنۇن سۈرىسى، 2 ـ ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 173، 279 ـ 275؛ نىسا سۈرىسى، 93؛ مائىدە سۈرىسى، 3، 38، 91؛ ئەنئام سۈرىسى، 145؛ نەھل سۈرىسى، 115؛ ئىسرا سۈرىسى، 32 ـ ئايەت

(3) نىسا سۈرىسى، 29 ـ ئايەت

(4) بەقەرە سۈرىسى، 172؛ مائىدە سۈرىسى، 88 ـ ئايەت

(5) فۇرقان سۈرىسى، 7، 20 ـ ئايەت

(6) ئەئراف سۈرىسى، 32 ـ 31 ـ ئايەتلەر

# قۇرئان ۋە مۇتەۋاتىر ئەمەللەر (سۈننەت)

قۇرئانىنىڭ فىقھ ئىلىدىكى پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مەندۇپ، مەكرۇھ ۋە ھارام شەكلىدە ئىپادىلەنگەن بارلىق ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەندۇق. يەنى، قۇرئان قىلىشقا (پەرز) ۋە قىلماسلىققا تېگىشلىك (ھارام) ئەمەللەرنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، قىلىش تەۋسىيە قىلىنغان (سۈننەت) ۋە قىلماسلىق تەۋسىيە قىلىنغان (مەكرۇھ) ئەمەللەرنىمۇ بىلدۈرگەن. ئەلۋەتتە، قىلىش ـ قىلماسلىققا ئىختىيارلىققا تاپشۇرۇلغان (مۇباھ) ئەمەللەرنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن.

قۇرئان بۇ ئەمەللەرنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، بۇ ئەمەللەرنىڭ ئادا قىلىنىش شەكىللىرىنىمۇ بىرگە بىلدۈرگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەپسىلاتلارنىمۇ بىلدۈرگەن. بىز مانا بۇ ئەمەللەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى (تەتبىقلىنىشى)نى «رەسۇلنىڭ سۈننىتى» دەپ ئاتايمىز.

قۇرئان ئۆزى بەلگىلىگەن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش ھەققىدە زۆرۈر بولغان بارلىق مەلۇماتلارنى بەرگەندەك، ئۇنىڭغا قوشۇمچە بەزى تەتبىقلىنىش ئۇسلۇبلىرىنىمۇ بەرگەن. مەسىلەن: ناماز ۋە ھەجگە ئوخشاش جىسمانىي ئىبادەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئەھكاملارنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، بۇ ئەھكامنىڭ قانداق ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ قوشۇمچە بەزى مېتودلارنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بەزى كۆرۈنۈش خاراكتېرلىك ماتېرىياللارنىمۇ بېرىدۇ. مەسىلەن: نامازنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇممەتنىڭ مەزكۇر ئىبادەتنى ئادا قىلىش شەكلىنى مەنبە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئىلگىرىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك «رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرگە رۇكۇ قىلىڭلار» دېيىش ئارقىلىق ئۇممەتنىڭ ئورتاق ئەمەلگە (جامائەت بىلەن ئادا قىلىنغان نامازلارغا) ئەگىشىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ ئارقىلىق «نامازنى مۇتەۋاتىر ئەمەل (سۈننەت) گە ئەگىشىپ قىلىڭلار» دەيدۇ ۋە ناماز ھەققىدىكى بارلىق ئەھكامنىڭ ئىجرا قىلىنىش شەكلىنى كۆرۈنۈش ئارقىلىق ئۇممەتكە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئوخشاش شەكىلدە ھەج ئۈچۈنمۇ بۇ ئۇسلۇبنى ئىشلىتىدۇ. قۇرئان ھەج بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق تەپسىلاتلارنى (ھەج ئەركانلىرىنى) بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ھەجنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن قوشۇمچە مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. مۆئمىنلەرگە ھەجنى مۇتەۋاتىر ئادا قىلىنىش شەكلىگە ئەگىشىپ ئادا

قىلىشقا بۇيرۇيدۇ:

«... ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرامدا (مۇزدەلىفەدە) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار، ئۇنى ئۇ سىلەرگە كۆرسەتكەن شەكىلدە ياد ئېتىڭلار.

ئاندىن (مۇزدەلىفەدىن) كېيىن كىشىلەر (سەل كەبى) ئاققان يەردە سىلەرمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇڭلار ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە يۈرۈڭلار. ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار» (بەقەرە سۈرىسى، 199 ـ 198 ـ ئايەتلەر).

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك قۇرئان ھەجنىڭ ئەڭ مۇھىم پارچىسى بولغان ئەرەفات ۋەقفىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئۈممەتنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى مەنبە قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق «ھەجنى ئۈممەتنىڭ مۇتەۋاتىر ئەمەللىرى (سۈننەت)گە ئەگىشىپ ئادا قىلىڭلار» دەۋاتىدۇ. مۇئمىنلەرگە «ئەرافاتتىن سەل كەبى ئاققان كىشىلەرگە قوشۇلۇپ، سىلەرمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە مېڭىڭلار (ئۇلار نېمىش قىلسا سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار)، مۇزدەلىفەدە ئارام ئېلىپ ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار، ئاندىن تەكرار سەل كەبى ئاققان كىشىلەرگە قايتىدىن قوشۇلۇپ، ئۇلار بىلەن بىرگە يۈرۈڭلار» دېيىش ئارقىلىق، ھەج ئەھكامىنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلىنى جانلىق كۆرۈنۈش ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرمەكتە. يەنە ئوخشاش ئۇسلۇب ھەجنىڭ مۇھىم ئەركانى بولغان كەبىنى تاۋاپ قىلىش ھەققىدىكى ئايەتلەردە «تاۋاپ قىلغۇچىلار»[1] ئىبارىسى ئۈچۈنمۇ كۆچكە ئىگە. دېمەك، قۇرئان ھەج بىلەن مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر بولغان بارلىق تەپسىلاتلار (ھەجنىڭ ئەركانلىرى) نى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، بۇ رۇكۇنلارنى قانداق تەتبىقلاش نۇقتىسىدا مۇتەۋاتىر ئەمەل (سۈننەت)كە ئەگىشىشكە بۇيرۇش ئارقىلىق ھەجنىڭ ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەلۇماتلارنى قوشۇمچە ھالدا بەرگەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈممەت ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان (مۇتەۋاتىر تەتبىقلىنىشنى) مەنبە قىلىپ كۆرسەتكەن.

قۇرئانغا ئاساسەن ئەمەللەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، يەنى سۈننەت مانا بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. سۈننەت، ناماز ۋە ھەج مىسالىدىكىگە ئوخشاش قۇرئان ئەگىشىڭلار دېگەن مۇتەۋاتىر ئەمەللەردۇر. دېمەك، سۈننەت بەزىلەر دېگەندەك ھەدىسلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى «قۇرئان» ۋە «قۇرئان ئەگىشىڭلار (بەزى ئەمەللەر ئۈچۈن)» دېگەن مۇتەۋاتىر تەتبىقلىنىش يولى ئارقىلىق يېتىپ كېلىدۇ. ئۇنداقتا سۈننەت، ئەھكامدا، تەتبىقلاشتا قۇرئانغا ئاساسلىنىدۇ. يەنى، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشتا سۈننەت پۈتۈنلەي قۇرئانغا تايىنىدۇ.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى، 125، 158؛ ھەج سۈرىسى، 26، 29 ـ ئايەت

# مىساللار بىلەن رەسۇلنىڭ سۈننەتلىرى

بۇ پاراگرافتا سۈننەتنىڭ ھەدىسلەرگە ئەمەس، بەلكى قۇرئانغا تايانغانلىقىنى مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. مىسال سۈپىتىدە (تۆۋەندە) تىلغا ئېلىنغان ھەر سۈننەتنىڭ قۇرئاندىكى قايسى ئايەتلەرگە ئاساسلانغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتىمىز:

پەرز نامازلار سىرتىدا ئوقۇلغان نامازلار سۈننەتتۇر. ئەمما بۇ نامازلار ھەدىسلەردە بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر[1].

ئۆمرە قىلىش سۈننەتتۇر. لېكىن ئۆمرە قىلىش ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر[2]. رامىزان روزىسىدىن باشقا روزىلار سۈننەت روزىلاردۇر. لېكىن بۇ روزىلار ھەدىسلەردە بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر[3]. ھەنەفىلەردە ۋاجىپ، باشقا مەزھەپلەردە سۈننەت دەپ قوبۇل قىلىنغان قۇربانلىق ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ۋاجىپ ياكى سۈننەتتۇر[4].

سەدىقە ۋە ئىنفاق قىلىش سۈننەتتۇر[5]. چۈنكى قۇرئاندا ئونلىغان ئايەت بىلەن تەۋسىيە قىلىنغان بولۇپ، بۇ مەسىلە پەقەت ھەدىسلەردىلا تەۋسىيە قىلىنمىغان.

مەغپىرەت تىلەش[6]، ئاللاھقا ھەمد بىلەن تەسبىھ ئېيتىش[7] ۋە ئاللاھنى دائىم زىكىر قىلىش[8] سۈننەتتۇر. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، قۇرئاندا بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر.

ئورۇق - تۇققانلارغا ياردەم قىلىش ھەدىسلەردە بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس،

---

(1) تاھا سۈرىسى، 14، 130؛ ھىجر سۈرىسى، 98؛ قاف سۈرىسى، 40؛ ئىنسان سۈرىسى، 26؛ رۇم سۈرىسى، 17ـ18؛ مۇززەممىل سۈرىسى، 2ـئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 158، 196ـئايەت

(3) تەۋبە سۈرىسى، 112؛ ئەھزاب سۈرىسى، 35؛ تەھرىم سۈرىسى، 5ـئايەت

(4) ھەج سۈرىسى، 34؛ ئەنئام سۈرىسى، 162؛ كەۋسەر سۈرىسى، 2ـئايەت

(5) بەقەرە سۈرىسى، 177ـئايەت

(6) فەتھ سۈرىسى، 2؛ نەسر سۈرىسى، 3ـئايەت

(7) رۇم سۈرىسى، 17، 18؛ فۇرقان سۈرىسى، 58؛ ھىجر سۈرىسى، 98؛ مۇھەممەد سۈرىسى، 19؛ قاف سۈرىسى، 39، 40؛ ۋاقىئە سۈرىسى، 74؛ غافىر سۈرىسى، 55ـئايەت

(8) ئەھزاب سۈرىسى، 41ـ42ـئايەتلەر

قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر[1].

يېتىملارنىڭ بېشىنى سىيلاش سۈننەت، ھەتتا پەرزدۇر. چۈنكى قۇرئاننىڭ بۇ ھەقتىكى تەۋسىيەسى ناھايىتى كۈچلۈك[2]. يېتىملار مەسىلىسى پەقەت ھەدىسلەردىلا تىلغا ئېلىنغان مەسىلە ئەمەس.

يوقسۇللىنى، يېتىم - يېسىرلارنى، مىسكىننى تويغۇزۇش ۋە ئۇلارغا ئىگە چىقىش سۈننەتتۇر[3]. چۈنكى بۇلار قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان، ھەم ھەدىسلەردىمۇ تىلغا ئېلىنغان. لېكىن ھەدىسلەردە بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر.

باياشاتچىلىقتىمۇ، قەھەتچىلىكتىمۇ ئىنفاق قىلىش[4] ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئاشكارا ياكى مەخپىي سەدىقە قىلىش[5] ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر.

سېخىي[6] ۋە خەيرى - ساخاۋەتچى بولۇش[7] سۈننەتتۇر. چۈنكى بۇلار پەقەت ھەدىسلەردىلا ئەمەس، قۇرئاندىمۇ تەۋسىيە قىلىنغان. شۇڭا بۇلار سۈننەتتۇر.

قىيىنچىلىقتا قالغان كىشىگە قەرز بېرىش، قەرزدارغا مۆھلەت بېرىش ۋە زۆرۈر تېپىلسا قەرزنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىش[8] سۈننەتتۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان ۋە ئاللاھنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن ئەمەللەردۇر. بۇ ئەمەللەر شۇ دەرىجىدىكى، قىيىنچىلىقتا قالغان كىشىگە بېرىلگەن قەرزنى ئۆزىگە بېرىلگەن قەرز دەپ تەرىپلىمەكتە.

قەرەللىك قەرز بەرگەندە قەرزنىڭ مىقدارىنى ۋە مۆھلىتىنى يېزىش، ئاز - كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىككى شاھىت بىلەن بۇلارنى يېزىش[9] سۈننەتتۇر. قۇرئاندا مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر.

---

(1) نىسا سۈرىسى، 36؛ نەھل سۈرىسى، 90؛ بەقەرە سۈرىسى، 93، 177؛ ئىسرا سۈرىسى، 26؛ رۇم سۈرىسى، 38؛ نۇر سۈرىسى، 22-ئايەت

(2) زۇھا سۈرىسى، 9؛ بەقەرە سۈرىسى، 220، 215، 177؛ نىسا سۈرىسى، 127؛ ئەنئام سۈرىسى، 153-151-ئايەتلەر

(3) نىسا سۈرىسى، 36؛ ئەنفال سۈرىسى، 41؛ ئىسرا سۈرىسى، 26؛ ئىنسان سۈرىسى، 8-ئايەت

(4) ئالئىمران سۈرىسى، 134-ئايەت

(5) بەقەرە سۈرىسى، 271؛ ئەھزاب سۈرىسى، 35؛ ھەدىد سۈرىسى، 18-ئايەت

(6) سەبەئ سۈرىسى، 39-ئايەت

(7) بەقەرە سۈرىسى، 200، 215، 177-ئايەت

(8) بەقەرە سۈرىسى، 245، 280؛ ھەدىدى سۈرىسى، 18؛ تەغابۇن سۈرىسى، 17-ئايەت

(9) بەقەرە سۈرىسى، 282-بەت

كەڭ قورساق[1]، ئەپۇچان[2]، رەھىم دىل[3]، ۋە مېھرى - شەپقەتلىك بولۇش[4] سۈننەت. بۇ ھەدىسلەردە قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، قۇرئاندا قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر.

خۇش چىراي بولۇش[5]، چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىش[6]، ياخشى سۆز قىلىش[7]، كەڭ قورساق بولۇش ۋە مۇنازىرىدىن چىرايلىقچە ئايرىلىش[8] ھەدىسلەردە زىكىر قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر.

كىيىم - كېچەك ۋە بەدەننىڭ پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش[9] ۋە چىرايلىق كىيىنىش[10] سۈننەت. چۈنكى بۇلار قۇرئاننىڭ تەۋسىيەسىدۇر. مىسۋاك ئىشلىتىش (چىش چوتكىلاش) ۋە بەدەن پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش مانا بۇ سەۋەبتىن سۈننەتتۇر. بۇلار پەقەت ھەدىسلەردىلا تىلغا ئېلىنمىغان.

كەمتەر بولۇش[11]، تەمكىنلىك بىلەن مېڭىش[12] قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان بولۇپ، ھەدىسلەردىلا قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، قۇرئاندا قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر.

سالامنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە سالامنى ئىلىك ئېلىش[13]، ھەتتا نادانلىق بىلەن ئازار بەرگۈچىگىمۇ سالام بېرىپ ئۆتۈپ كېتىش[14] سۈننەتتۇر. لېكىن بۇلار ھەدىسلەردە قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، قۇرئاندا قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر.

---

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 119؛ مائىدە سۈرىسى، 100-ئايەت

(2) مائىدە سۈرىسى، 13؛ جاسىيە سۈرىسى، 14؛ نەھل سۈرىسى، 126-ئايەت

(3) ئىسرا سۈرىسى، 24؛ تەۋبە سۈرىسى، 128؛ ئەنبىيا سۈرىسى، 107؛ شۇئەرا سۈرىسى، 125-ئايەت

(4) تەۋبە سۈرىسى، 128-ئايەت

(5) بەقەرە سۈرىسى، 263-بەت

(6) نەھل سۈرىسى، 125-126؛ بەقەرە سۈرىسى، 256؛ ئەنكەبۇت سۈرىسى، 46-ئايەت

(7) ئىسرا سۈرىسى، 53-ئايەت

(8) مۇززەممىل سۈرىسى، 10-ئايەت

(9) مۇددەسسىر سۈرىسى، 4-ئايەت

(10) ئەئراف سۈرىسى، 32-ئايەت

(11) ئىسرا سۈرىسى، 37؛ ھىجر سۈرىسى، 88-ئايەت

(12) فۇرقان سۈرىسى، 63-ئايەت

(13) نىسا سۈرىسى، 86؛ نۇر سۈرىسى، 61؛ فۇرقان سۈرىسى، 63-ئايەت

(14) فۇرقان سۈرىسى، 63-ئايەت

غەزىپىنى بېسىۋېلىش[1]، ھەقسىزلىققە چىرايلىقچە جاۋاب قايتۇرۇش[2]، يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بېرىش[3] سۈننەتتۇر. چۈنكى بۇلار قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان بولۇپ، پەقەت ھەدىسلەردىلا تىلغا ئېلىنمىغان.

تىرىشچان ۋە غەيرەتلىك بولۇش[4] سۈننەتتۇر. لېكىن بۇلار ھەدىسلەردە قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، قۇرئاندا قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر.

قانائەتچان بولۇش[5] سۈننەتتۇر. بۇ قۇرئاننىڭ تەۋسىيەسى بولۇپ، پەقەت ھەدىسلەردىلا تەۋسىيەسى قىلىنمىغان. سەۋرچان بولۇش[6] ۋە يامانلىققمۇ ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش[7] ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر.

مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىش[8] ۋە ئامانەتنى ئەھلىگە تاپشۇرۇش[9] سۈننەتتۇر. چۈنكى بۇلار ھەدىسلەردىلا ئەمەس، قۇرئاندىمۇ تەۋسىيە قىلىنغان.

بالىلىرىمىزنىڭ كەمچىللىكلىرىنى كۆرمەسكە سېلىش ۋە ئۇلارنى ئەپۇ قىلىش[10] سۈننەتتۇر. بۇلار ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، قۇرئاننىڭ تەۋسىيەسى بولغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر.

بۇ مىساللارنى مانا مۇشۇنداق شەكىلدە كۆپەيتىشكە بولىدۇ. سۈننەت دېيىلگەن ۋاقىتتا ئەمەلىي ھاياتتا ئەڭ باشتا ئەقلىمىزگە كەلگەن بۇ مىساللار ھازىرچە كۇپايە قىلىدۇ. قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ ھەقتە مىسال بولالايدۇ. چۈنكى قۇرئان باشتىن - ئاخىر رەسۇلنىڭ سۈننىتىدىن ئىبارەت[11].

---

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 134-ئايەت

(2) مۇئمىنۇن سۈرىسى، 97-96؛ فۇسسىلەت سۈرىسى، 36-34؛ شۇرا سۈرىسى، 40-ئايەت

(3) نۇر سۈرىسى، 22-ئايەت

(4) تەۋبە سۈرىسى، 24؛ ھۇجۇرات سۈرىسى، 15-14-ئايەتلەر

(5) تەۋبە سۈرىسى، 55، 85-ئايەت.

(6) يۇنۇس سۈرىسى، 109؛ قاف سۈرىسى، 39؛ ساد سۈرىسى، 17؛ رۇم سۈرىسى، 60؛ تاھا سۈرىسى، 130؛ ئەھقاف سۈرىسى، 35؛ مەئارىج سۈرىسى، 5؛ بەقەرە سۈرىسى، 155، 177-ئايەت

(7) مۇئمىنۇن سۈرىسى، 97-96؛ فۇسسىلەت سۈرىسى، 36-34؛ شۇرا سۈرىسى، 40-ئايەت

(8) شۇرا سۈرىسى، 42-37؛ ئالئىمران سۈرىسى، 159-ئايەت

(9) نىسا سۈرىسى، 58-ئايەت

(10) تەغابۇن سۈرىسى، 14-ئايەت

(11) رەسۇلنىڭ سۈننىتى ئۇقۇمى ئارقىلىق پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، مەندۇپ ... دەپ ئاتالغان بارلىق قۇرئان ئەھكاملىرى ۋە تەتبىقلىنىش شەكىللىرىنى نەزەردە تۇتقانلىقىمىزنى باشتا ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ نۇقتا چىقىش قىلىنغان ئاساستا قۇرئان - سۈننەت بىر پۈتۈنلۈكى ۋە سۈننەتنىڭ قۇرئاندىكى ئاساسىغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە مىساللار تېخىمۇ تەپسىلىي ھالدا كىتابنىڭ ئاخىرقى بابىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلىدۇ

بۇ نۇقتىدا ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز. قۇرئان ئايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بۇ مەسىلىلەر (بارلىق سۈننەتلەر)نىڭ بىر قىسمى بەزى ھەدىسلەر ئارقىلىق تەۋسىيە قىلىنغان بولۇپ، بۇ ناھايىتى نورمال ئەھۋال. لېكىن بۇ سۈننەتنىڭ مەنبەسىنىڭ ھەدىسلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى نەبىنىڭ سۆز ۋە ئەمەللىرىدە قۇرئان تەۋسىيە قىلغان ئىشلارنىڭ ئورۇن ئېلىشى ناھايىتى نورمال ھادىسىدۇر. ئەمما بۇ (بىر ئەمەلنىڭ ھەدىسلەردە زىكىر قىلىنغان بولۇشى)، ئۇ ئەمەلنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالمايدۇ. بۇ ئەھۋال سۈننەتنىڭ مەنبەسىنىڭ ھەدىسلەر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بولالمايدۇ. قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان بىر ئەمەل، ھەدىسلەردىمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ھەدىسلەر ئايەتتە بولمىغان يېڭى بىر ھۆكۈم (سۈننەت)نى بەرپا قىلالمايدۇ. ئۇ پەقەت ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئىزاھلايدۇ (كۆرسىتىدۇ) ياكى ئىجرا قىلىنىشىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنى، مۇناسىۋەتلىك ئايەتنى تەكرارلايدۇ، تەستىقلايدۇ. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغان ھەدىسلەرنى، مەزكۇر ئايەتلەرنى چۈشىنىشكە ياردىمى بولىدىغان تېكىست سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا بولىدۇ. لېكىن ھېچقانداق بىر ھەدىس ئارقىلىق ئايەتتە بولمىغان يېڭى ھۆكۈم بەلگىلىگىلى بولمايدۇ، بەلگىلىمەسلىك كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا قۇرئانغا ئىلاۋە قىلىنغان بولىدۇ. سۈننەت، قۇرئاننىڭ ئىلاۋىسى ئەمەس. سۈننەت، قۇرئاننىڭ چۈشەندۈرۈشى ئەمەس. ئۇ، قۇرئاننىڭ بىرمۇ بىر تەتبىقلىنىشىدۇر. بۇنى تۆۋەندىكى ھەدىس ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتەيلى:

(سەلمان فارىسىدىن رىۋايەت قىلىنغان)، «بىر كىشى رەسۇلۇللاھقا كېلىپ: ‹ئەسسالامۇ ئەلەيكە› دېدى. ئۇمۇ ‹ۋە ئەلەيكە ۋە رەھمەتۇللاھ› دەپ جاۋاب بەردى. كېيىن باشقا بىرسى كەلدى ۋە ‹ئەس ـ سالامۇ ئەلەيكە ۋە رەھمەتۇللاھ› دېدى. رەسۇلۇللاھمۇ ‹ۋە ئەلەيكە ۋە بەرەكەتۇللاھ› دەپ جاۋاب بەردى. كېيىن باشقا بىرسى كەلدى ۋە ‹ئەس ـ سالامۇ ئەلەيكە ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ› دېدى. رەسۇلۇللاھمۇ ‹ۋە ئەلەيكە› دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ‹ئى رەسۇلۇللاھ، ئانام ـ دادام ساڭا پىدا بولسۇن، سەن پالانى ۋە پالانى ئادەم كېلىپ سالام بەردى، سەنمۇ ئۇلارغا سالام بەردىڭ. ماڭا قايتۇرغان جاۋابىڭنىمۇ ئارتۇق جاۋاب بىلەن سالام قايتۇردۇڭ› دېدى. رەسۇلۇللاھمۇ جاۋاب بېرىپ: ئاللاھ ‹بىرسى سالام بەرگەن ۋاقتتا سىلەرمۇ ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشىسى بىلەن سالام بېرىڭلار ياكى بېرىلگەن سالامنىڭ ئوخشىشى بىلەن قايتۇرۇڭلار› دېمىدىمۇ؟ بىزمۇ

ئوخششى بىلەن جاۋاب قايتۇردۇق، دېدى»[1].

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، رەسۇلۇللاھ نىسا سۈرىسى 68-ئايەتنى بىرمۇ بىر تەتبىقلىغان. باشتا كەلگەن كىشىگە ئەڭ ياخشىسى بىلەن، ئەڭ ئاخىرىدا كەلگەن كىشىنىڭ سالامىغا ئوخششى بىلەن جاۋاب قايتۇرغان. دېمىسىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇشۇنداق قىلىشقا (ئەڭ ياخشىسى ياكى ئوخششى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا) بۇيرۇيدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ تەتبىقلاش بىلەن مەزكۇر ئايەتكە بىر نەرسە قوشۇپمۇ قويمىغان ياكى ئېلىۋەتمىگەن، ئۆز پېتى تەتبىقلىغان.

رەسۇلۇللاھ قۇرئاننىڭ مۇتلەق بۇيرۇقلىرىنى، يەنى پەرزلىرىنىلا ئەمەس، بارلىق تەۋسىيەلىرىنى، يەنى سۈننەتلىرىنى تەتبىقلىغان. پەقەت هارامىلاردىنلا ئەمەس، قۇرئان ئەيىبلىگەن ئەمەللىرىدىن، يەنى مەكرۇهلاردىن ئۆزىنى چەتكە تارتقان. قىسقىسى، قۇرئاننى باشتىن ئاخىر تەتبىقلىغان، يەنى جانلىق قۇرئان بولغان. بۇ ئەھۋالنى ئەڭ يارقىن هالدا ئىپادىلەپ بەرگەن سۆز «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى قانداق ئىدى؟» دېگەن سوئالغا، ھەزرىتى ئائىشە (ر ئە) ئانىمىزنىڭ بەرگەن بۇ جاۋابىدۇر: «سىلەر قۇرئان ئوقۇمامسىلەر؟ ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»[2].

دېمەك رەسۇلۇللاھ جانلىق قۇرئان بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرئاندىن باشقا يېتەكچىسى يوق ئىدى.

قُلْ مَا كُنْتُ بِدْعاً مِنَ الرُّسُلِ وَمَٓا اَدْرٖي مَا يُفْعَلُ بٖي وَلَا بِكُمْۜ اِنْ اَتَّبِعُ اِلَّا مَا يُوحٰٓى اِلَيَّ وَمَٓا اَنَا۬ اِلَّا نَذٖيرٌ مُبٖينٌ

«ئېيتقىنكى: ‹مەن رەسۇللارنىڭ تۇنجىسى ئەمەسمەن، ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن پەقەت ماڭا ۋەھيى قىلىنغان نەرسىگىلا ئەگىشىمەن. مەن ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن› » (ئەھقاف سۈرىسى، 9-ئايەت).

قُلْ اِنْ ضَلَلْتُ فَاِنَّمَٓا اَضِلُّ عَلٰى نَفْسٖيۚ وَاِنِ اهْتَدَيْتُ فَبِمَا يُوحٖٓي اِلَيَّ رَبّٖيۜ اِنَّهُ سَمٖيعٌ قَرٖيبٌ

«ئېيتقىنكى: ‹ئەگەر مەن ئازسام، ئازغانلىقىمنىڭ زىيىنى ئۆزۈمگىدۇر. ئەگەر ھىدايەت تاپسام، بۇ رەببىمنىڭ ماڭا ۋەھيى قىلغان (قۇرئان) سەۋەبىدىندۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇ (ئاللاھ) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، يېقىندۇر› » (سەبەئ سۈرىسى، 50-ئايەت).

---

(1) تەبەرى، 4-جىلد، 86 (589/8)

(2) مۇسلىم، 1/514 (746)

## قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنمىغان ھەرقانداق ئەمەل سۈننەت بولالمايدۇ

كۈندىلىك ھاياتتا پەرز، ۋاجىپ ۋە سۈننەت دەپ بىلىنگەن بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئەسلىدە ھەدىسلەرگە ئەمەس، بەلكى قۇرئانغا تايانغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، ئەكسىچە قۇرئاندا بۇيرۇلغانلىقى ئۈچۈن پەرز، ۋاجىپ ۋە ياكى سۈننەت بولغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئادا قىلىنىشىنى رەسۇلنىڭ سۈننىتى دېگەنلىكىمىزنى ۋە بۇ سەۋەبتىن سۈننەتنىڭ قۇرئانغا تايانغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق.

ئۇنداقتا، قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنمىغان بىر ئەمەل رەسۇلنىڭ سۈننىتى بولالمايدۇ. يەنى، سۈننەت دەپ بىلىنگەن بىر ئەمەل بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا قۇرئان ئايەتلىرىگە تايانمىغان بولسا، بۇنى مۇھەممەد (ئە س) قىلغان تەقدىردىمۇ سۈننەت بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا يېتەكچى سۈپىتىدە بىزگە قۇرئاننى ئەۋەتكەن بولۇپ، قۇرئان ۋە رەسۇل دەپ ئىككى پەرقلىق يېتەكچى ئەۋەتمىگەن، قۇرئاننى رەسۇل ئارقىلىق ئەۋەتكەن. قۇرئان بەزى تەلىماتلارنى، رەسۇل باشقا ئەمىرلەرنى ئېلىپ كەلمىگەن. يەنى، قۇرئان بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ئەمەس.



قۇرئان بىلەن رەسۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك شەكىلدە كۆرسىتىش مۇمكىن:




## نەبى ۋە رەسۇلنىڭ ئەمەللىرى ئىچىدىن سۈننەتنى ئېنىقلاش

مۇهەممەد (ئە س) قىلغان بىر ئەمەلنىڭ سۈننەت بولالىشى ئۈچۈن بۇ ئەمەل رەسۇل سۈپىتىدە قىلىنغان بولۇشى، يەنى بۇ ئەمەل قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان بولۇشى كېرەك. قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنمىغان بىر ئەمەل، قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ۋە بۇ ئەمەلنى مۇهەممەد (ئە س) قىلغان تەقدىردىمۇ سۈننەت بولۇپ هېسابلانمايدۇ. مىسال بىلەن چۈشەندۈرسەك، مەسىلەن: «ئۇلار: ‹(خۇددى بىزگە ئوخشاش) تاماق يەيدىغان، بازاردا ئايلىنىپ يۈرىدىغان بۇ قانداق رەسۇل؟› دېيىشتى...»[1] دېگەن ئايەتتىن مەلۇم بولغاندەك ئاللاھ رەسۇلى بەزىدە بازارلاردىن ئايلىنىپ يۈرگەن. لېكىن كۆنىمىزگىچە بازار ئايلىنىشنىڭ «ساۋاب بولىدىغان سۈننەت» ئىكەنلىكىنى هېچكىم ئىلگىرى سۈرۈپ باقمىغان. چۈنكى بۇنداق سۈننەت يوق. هالبۇكى، بۇ ئەمەلنى رەسۇلۇللاهمۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى رەسۇللارمۇ قىلغانىدى. ئەمما بۇ ئەمەلنى قىلىش قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنمىغان. بۇ سەۋەبتىن بۇ ئەمەل سۈننەت ئەمەس، مۇباھتۇر.

دېمەك، بىر ئەمەلنىڭ سۈننەت بولۇشى ئۈچۈن بۇ ئەمەل قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان بولۇشى كېرەك. بىر ئەمەلنىڭ قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنىشى، ئۇ ئەمەلنىڭ سۈننەت بولۇشى ئۈچۈن هەم زۆرۈر، هەم يېتەرلىك شەرتتۇر. يەنى، بىر ئەمەلنىڭ

(1) فۇرقان سۈرىسى، 7، 20-ئايەت

قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان بولۇشى، ئۇ ئەمەلنىڭ سۈننەت بولۇشى ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا يېتەرلىكتۇر. ئەمما بىر ئەمەل قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنمىغان بولسا (نەبى بۇ ئەمەلنى قىلغان بولسىمۇ)، ھەرقانداق بىر سەۋەب ئۇ ئەمەلنى سۈننەت دەرىجىسىگە كۆتۈرەلمەيدۇ.

بىر ئەمەلنى نەبىنىڭ قىلغان بولۇشى، ئۇ ئەمەلنىڭ سۈننەت بولۇشى ئۈچۈن ھەم يېتەرلىك، ھەم زۆرۈر شەرت ئەمەس. ھەتتا نەبىنىڭ قىلغانلىرى ئەمەس، قىلمىغان بەزى ئەمەللىرىمۇ سۈننەت بولالايدۇ. مەسىلەن: نەبىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. گەرچە بەزى ئەھۋاللاردا قۇرئان بۇنىڭغا يول قويغان بولسىمۇ، بۇ ھەقتە سۈننەت بولغان ئەمەل نەبىگە ئوخشاش كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئەمەس، بەلكى قۇرئاننىڭ تەۋسىيەسى بولغان بىر خوتۇنلۇق بولۇشتۇر[1].

ئۇنداقتا مۇھەممەد (ئە س)، قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنمىغان بىر ئەمەلنى قىلغان بولسا بۇ ئەمەل مۇباھتۇر. ئەمما قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان بىر ئەمەل (بىز ئۇنىڭ بۇ ئەمەلنى قىلغانلىقىنى كۆرەيلى ياكى كۆرمەيلى) سۈننەتتۇر. ئۇنىڭ قۇرئاندىكى تەۋسىيەلەرنى ھاياتىغا تەتبىقلاپ بىزگە ئۈلگە بولغانلىقىدا ھېچقانداق شەك يوق. چۈنكى قۇرئان بىزگە رەسۇلنى ئۈلگە قىلىڭلار دەيدۇ. دېمەك، ئۇ سۈننەت بولغان (قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان ئەمەللەرنى) رەسۇل سۈپىتى بىلەن ئادا قىلغان. يەنى، بىز ئۇنىڭ نەبى سالاھىيتى بىلەن قىلغانلىرىنى ئەمەس، رەسۇل سۈپىتىدە قىلغانلىرىنى ئۆرنەك قىلىمىز. چۈنكى قۇرئاندا نەبىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلمىغاندەك، نەبىنى ئۆرنەك قىلىشمۇ بۇيرۇلمىغان. لېكىن رەسۇلغا ھەم شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان، ھەم ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئۈلگە قىلىش تەۋسىيە قىلىنغان. بىزلەر پەرز ۋە سۈننەت دەپ بىلىدىغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغان ۋاقتىمىزدا ھەم رەسۇلغا ئىتائەت قىلغان، ھەم رەسۇلنى ئۈلگە قىلغان بولىمىز. چۈنكى قۇرئاندا بۇيرۇلغان ئەمەللەر (پەرزلەر) رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشنى، تەۋسىيە قىلىنغان ئەمەللەر (سۈننەتلەر) بولسا رەسۇلنىڭ ئۈلگە بولۇشىنى تەمسىل قىلىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد (ئە س)نىڭ قىلغان بىر ئەمەلنى نەبى سۈپىتىدە قىلدىمۇ ياكى رەسۇل سۈپىتىدە قىلدىمۇ؟ يەنى، بۇ ئەمەلنىڭ سۈننەت بولۇپ - بولمىغانلىقىنى بىلىشنىڭ ئەڭ ئوڭاي ئۇسۇلى قۇرئانغا مۇراجىئەت قىلىشتۇر. ئۇ قىلغان بىر ئەمەل ئەگەر قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان بولسا، ئۇ بۇ ئەمەلنى رەسۇل سالاھىيتى بىلەن،

(1) «ئەگەر يېتىملار ھەققىدە ئادىل بولالماسلىقتىن قورقساڭلار، سىلەرگە ھالال قىلىنغان ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى، تۆتنى ئېلىڭلار. ئۇ ئاياللار ئارىسىدا ئادىل بولالماي قېلىشتىن قورقساڭلار، بىرنى ئېلىڭلار ياكى قول ئاستىڭلاردىكىلەر بىلەن كۇپايىلىنىسەڭلار بولىدۇ. زۇلۇم قىلماسلىق ئۈچۈن بۇ ئەڭ توغرىدۇر» (نىسا سۈرىسى، 3 - ئايەت)

قۇرئانـدا تەۋسـيە قىلىنمىغـان بولسا نەبـى سـالاھىيتى بىلـەن قىلغـان دېگەنلىكتۇر. ئـۇ بـۇ ئەمەلنـى بەشـەرى، فىتـرى، يەرلـىك ۋە تارىخـى سـەۋەبلەر بىلەن، ياكـى ئۇلۇل ئەمىر بولۇش سۈپىتى بىلەن قىلغان بولۇشـى مۇمكىن. بۇ نۇقتىدا شۇنى ئەسـكەرتىش كېرەككى، بىـر ئەمەلنىـڭ پـەرز ياكـى سۈننەت بولۇشـى ئۈچۈن قۇرئاننىـڭ بۇيرۇقـى ياكـى تەۋسىيەسـى بولۇشـى كۇپايە. بۇنىـڭ ئۈچۈن رەسـۇلۇللاھنىڭ بـۇ ئەمەلنـى قىلغـان بولۇشـى شـەرت ئەمـەس. چۈنكـى رەسـۇلۇللاھنىڭ ھاياتـىدا ھېـچ قىلمىغـان بىـر سۈننەت (ھەتتـا پەرز) بولۇشـىمۇ مۇمكىن. مەسـىلەن: تالاق مەسىلىسـى. قۇرئانـدا ئۈزلىشـىپ كېتىـش (تـالاق)[1] بىلەن مۇناسـىۋەتلىك ئايەتلەرگـە رىئايە قىلىش ئەلۋەتتە پـەرز. لېكىـن رەسـۇلۇللاھ بـۇ ئايەتلەرنـى ھاياتـىدا پەقـەت ئىجرا قىلىـپ باقمىغـان. چۈنكـى ھېچقانـداق بىـر ئايالنـى تـالاق قىلمىغـان. ئەلۋەتتـە، تـالاق ئـۆز ئالدىغا پەرز ياكـى سۈننەت ئەمـەس، مۇباھتۇر. ئەگـەر تـالاق قىلىدىغـان ئىش بولسـا، ئۇنىـڭ قانـداق بولىدىغانلىقىنـى بىلدۈرگـەن ئايەتلەرگـە رىئايـە قىلىـش پـەرز. بـۇ سـەۋەبتىن رەسـۇلۇللاھنىڭ بـۇ پەرزنـى ھېـچ تەتبىقلىمىغانلىقـى، تـالاق بىلـەن مۇناسـىۋەتلىك ئايەتلـەردە بۇيرۇلغانلارنىـڭ پـەرز ئەمەسـلىكىنى، گەرچـە ئـۇ بـۇ پـەرز ياكى سـۈننەتنى قىلىـپ باقمىغـان بولسـىمۇ، بـۇ ئايەتتىكـى تەۋسـيەلەرنىڭ (مەسـىلەن: چىرايلىقچە ئاجرىشـىپ كېتىشـنىڭ) سۈننەت ئەمەسـلىكىنى كۆرسـەتمەيدۇ.

ئۇنىڭدىـن باشـقا، مۇھەممـەد (ئـە س)، بـەزى ئىشـلارنى رەسـۇل ياكـى نەبـى سـۈپىتىدە ئەمـەس، بەلكـى «ئۇلـۇل ـ ئەمـر» سـۈپىتىدە قىلغان بولۇشـىمۇ مۇمكىـن. بۇنىڭغا دىققەت قىلىـش كېـرەك. ئۇنداقتـا مۇھەممـەد (ئـە س)نىـڭ بارلىـق سـۆز ۋە ئەمەللىرىنـى تۆۋەندىكـى رەسـىمدىكىدەك تۆرگـە ئايرىـش مۇمكىن.




(1) بەقەرە سۈرىسى، 232 ـ 227 ـ ئايەتلەر

يۇقىرىدىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، رەسۇل (ئېلىپ كەلگەن) سۆزلەر بولغان قۇرئان، ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغان ھالدا بىزگە يېتىپ كەلگەن. بۇ سۆزلەرنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق شۈبھە يوق[1]. بىز مۇئمىنلەر قولىمىزدىكى قۇرئانغا ئەگەشكەن ۋاقتىتا رەسۇلغا ئىتائەت (بۇ ئارقىلىق ئاللاھقا) قىلغان بولىمىز. لېكىن نەبىنىڭ سۆزلىرى دەپ بىزگە سۇنۇلغان ھەدىسلەرنىڭ بىر قىسمى نەبىگە ئائىت بولمىغان سۆزلەردۇر. بۇ سۆزلەرگە باشقىلارنىڭ سۆزلىرى، ھەتتا نەبىگە قىلىنغان تۆھمەتلەر (توقۇلما ھەدىسلەر) ئارىلىشىپ كەتكەن. چۈنكى بۇ سۆزلەر ئىلاھى ھىمايە ئاستىدا ئەمەس. بىزنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئايرىش قابىلىيىتىمىز ۋە بۇنداق قىلىش مەسئۇلىيىتىمىز يوق. قۇرئان بىز مۇئمىنلەرگە بۇنداق ۋەزىپە بەرمىگەن.

## نېمىلەر سۈننەت ئەمەس؟

بىر ئەمەلنىڭ سۈننەت بولالىشى ئۈچۈن نەبى تەرىپىدىن قىلىنغان بولۇشىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، نەبى تەرىپىدىن قىلىنغان بىر ئەمەلنىڭ قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئەكسىچە بولغاندا ئۇنىڭ سۈننەت بولالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندۇق.

نەبى، بىر ئەمەلنى (ھەقىقەتەن قىلىپ - قىلمىغانلىقى تۇرۇپ تۇرسۇن) ئىنسانىي، فىترى، ئۆرپ - ئادەت، تارىخىي ۋە يەرلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ سەۋەبلەردىن قىلىنغان بىر ئەمەل سۈننەت بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىۋېرساللىقتا ئىگە ئەمەس. سۈننەت بولالىشى ئۈچۈن بۇ ئەمەلنىڭ قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنىشى ۋە مۇھەممەد (ئە س)نىڭ بۇنى رەسۇل سالاھىيىتى بىلەن (پىرىنسىپ سۈپىتىدە) قىلغان بولۇشى كېرەك.

قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنمىغان، لېكىن نەبى ئىنسانىي، فىترى، ئۆرپ - ئادەت، تارىخى ۋە رايون خاراكتېرلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىلغان ۋە سۈننەت بولمىغان بەزى ئەمەللەرگە تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ[2]:

### 1. نەبىنىڭ ئادەت ۋە ئەنئەنە سەۋەبىدىن قىلغان ئىشلىرى

مەسىلەن: بېزەلگەن ۋە يوللۇق كىيىم كىيىشى[3]، تون كىيىشى[4] ۋە سەللە

(1) بەقەرە سۈرىسى، 2؛ يۇنۇس سۈرىسى، 37؛ كەھف سۈرىسى، 1؛ سەجدە سۈرىسى، 2-ئايەت

(2) ئالى چەلىك (Ali Çelik)، «ئىسلامنىڭ چۈشىنىشتە سۈننەتنىڭ ئورنى ۋە قىممىتى»، 387-373-بەتلەر

(3) مۇۋەتتا، لىبا 68؛ مۇسنەد، II/154

(4) تىرمىزى، لىباس 30

يۆگەپ، ماتانىڭ بىر ئۇچىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ساڭگىلىتىپ قويۇشىغا[1] ئوخشاش ئىشلار سۈننەت ئەمەس. چۈنكى بۇلار ئەرەبلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى سەۋەبىدىن قىلىنغان، دىنى تىلىدا مۇباھ بولغان ئەمەللەر بولۇپ، سۈننەت ئەمەس.

بۇ ھەقتە كۆرسىتىشكە بولىدىغان يەنە بىر مۇھىم مىسال ـ نەبىنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى بولۇپ، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش نەبى ياشىغان دەۋردە ئەرەب ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە مەۋجۇت بولغان ئىش بولۇپ، نەبىگىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئەرەب خەلقى ئىچىدىكى ئادەت ئىدى. بۇ ئەھۋال جەمئىيەتتە ناھايىتى نورمال ئىش ئىدى. نەبىنىڭمۇ تارىخىي ۋە ئۆرپ ـ ئادەت سەۋەبىدىن كۆپ (13) خوتۇنلۇق[2] بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. لېكىن كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش سۈننەت ئەمەس. چۈنكى قۇرئاننىڭ بۇنداق تەۋسىيەسى يوق. ئۇنىڭ ئەكسىچە قۇرئان (بەزى ئەھۋاللاردا بۇنىڭغا يول قويسىمۇ) بىر ئاياللىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلغان[3]. دېمەك، مۇھەممەد (ئە س) كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى رەسۇل سالاھىيىتىدە ئەمەس، نەبى سالاھىيىتى بىلەن قىلغان. قۇرئان ئۇنىڭ ئاياللىرىغا «ئى رەسۇلنىڭ ئاياللىرى!» دېمەستىن، «ئى نەبىنىڭ ئاياللىرى!»[4] دەپ خىتاب قىلغان.

## 2. نەبىنىڭ فىترى تاللىشى سەۋەبىدىن قىلغان ئىشلىرى

مەسىلەن: نەبىنىڭ سوغۇق ۋە تاتلىق شەربەتلەرنى ياقتۇرماسلىقى[5]؛ كاۋىدىن قىلىنغان تاماقلارنى[6]، ھالۋا ۋە ھەسەلنى ياخشى كۆرۈشى[7] سەۋەبىدىن بۇ غىزالارنى يېيىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ. بۇلار

(1) مۇسنەد، VI/148, 152؛ ئىبن ماجە، لىباس 15

(2) ھەمدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 2ـ جىلد، 691ـ676ـ بەتلەر. ئۇممۇھاتۇل مۇئمىنىن ـ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى تەرتىپ بىلەن مۇنداق: 1. خەدىچە ب. خۇۋەيلىد؛ 2. سەۋدە ب. زەمئا؛ 3. ئائىشە ب. ئەبۇبەكىر؛ 4. ھەفسە ب. ئۆمەر؛ 5. زەينەب ب. ھۇزەيمە؛ 6. ئۇممۇ سەلەمە ب. مۇغىرە؛ 7. زەينەب ب. جاھش؛ 8. جۇۋەيرىيە ب. ھارىس؛ 9. ئۇممۇ ھەبىبە ب. سۇفيان؛ 10. سافىيە ب. ھۇۋەي؛ 11. مەيمۇنە ب. ھارىس؛ 12. رەيھانە؛ 13. مارىيە. جۇۋەيرىيە، سافىيە، رەيھانە ۋە مارىيە ئانىلىرىمىز نەبىنىڭ دىدەكلىرى بولۇپ، نەبى ئۇلارنى نىكاھىغا ئېلىپ ئازاد قىلغانىدى. چۈنكى دىدەكلەر بىلەن نىكاھلانماستىن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش قۇرئانغا ئاساسەن ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس (ئەلى رىزا دەمىرجان، «قۇرئان ۋە سۈننەت نۇرى ئاستىدا دىدەكلەر ۋە دەپسەندە قىلىنغان جىنسىيلىقى»، 195، 153، 131ـ107ـ بەتلەرگە قاراڭ). نەبىنىڭ مارىيە ئانىمىزدىن بىر ئوغلى بولغان (كىچىك ۋاقتىدا قازا قىلغان ئىبراھىم).

(3) نىسا سۈرىسى، 3ـ ئايەت

(4) ئەھزاب سۈرىسى، 33ـ28ـ ئايەتلەر

(5) تىرمىزى، ئەشرىبە 21؛ مۇسنەد، I/338

(6) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 975

(7) بۇخارى، ئەشرىبە 15

نەبىنىڭ فىترى تاللاشلىرى بولۇپ، نەبىنىڭ خىنە پۇرىقىنى ياقتۇرماسلىقى[1]، كىلەر[2] گۆشىنى ياخشى كۆرمەسلىكى[3] قاتارلىقلار فىترى تاللاشلىرى بولۇپ، خىنە ۋە كەسلەنچۈكنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. نەبى كەسلەنچۈك گۆشىنى ئۆزى يېمىگەن، لېكىن يېيىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[4]. ئۆزى يېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ساھابىلەرنىڭ چېكەتكە يېيىشىنى توسمىغان[5]. چۈنكى بۇلارنى يېيىش سۈننەت ئەمەس بولۇپ، ھارام ياكى مەكرۇھمۇ ئەمەس، مۇباھتۇر.

## 3. نەبىنىڭ تارىخى سەۋەبلەردىن قىلغان ئىشلىرى

مەسىلەن: تۆگىگە مىنىش[6]، ئوقيا، قىلىچ، قالقان ۋە نەيزە ئىشلىتىش[7]، خام قىش بىلەن ياسالغان ۋە ئۆگزىسى خورما شاخلىرى بىلەن يېپىلغان ئۆيلەردە ئولتۇرۇش، خورما تالالىرى بىلەن توشقۇزۇلغان تېرە كارىۋاتلاردا ئۇخلاش[8]، ئارا - پىچاق ئىشلەتمەسلىك ۋە يەردە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش[9]... قاتارلىقلار نەبى تارىخى شەرت - شارائىت سەۋەبىدىن قىلغان ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزگەرگەن ئىشلاردۇر. بۇ سەۋەبتىن بۇلار سۈننەت ئەمەس.

## 4. نەبىنىڭ رايون خاراكتېرلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىلغان ئىشلىرى

مەسىلەن: تەرەت كەشكە ئوخشاش ئاياغ كىيىش، كۆن نۇرى ۋە چۆل قۇمىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن سەللە يۆگەش[10] ۋە چۈشتىن كېيىن ئۇخلاش[11] نەبىنىڭ ئىسسىق ئىقلىم سەۋەبىدىن، يەنى جۇغراپىيەلىك شەرت - شارائىت سەۋەبىدىن قىلغان ئىشلار بولۇپ، بۇلار ئەلۋەتتە سۈننەت ئەمەس، مۇباھتۇر.

---

(1) ئىبنى ماجە، تىبابەت 29

(2) كەسلەنچۈكنىڭ بىر تۈرى، چوڭ كەسلەنچۈك

(3) مۇسلىم، سايد 39

(4) بۇخارى، ئەتىمە 10

(5) بۇخارى، زەبائىھ 13

(6) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 332، 5798

(7) بۇخارى، جىھاد 84-78

(8) مۇسلىم، لىباس 37، 387

(9) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 3866 (بۇخارى، تىرمىزى)

(10) بۇنيامىن ئەرۇل، «سۈننەت، ئىسلامغا كىرىش»، 29-28-بەتلەر

(11) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 2865 (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى)، 5548 (بۇخارى، مۇسلىم، نەسائى)

## 5. نەبىنىڭ ئىنسان بولغانلىقى سەۋەبىدىن قىلغان ئىشلىرى

مەسىلەن: نەبىنىڭ بەزىدە ئۆرە تۇرۇپ[1]، بەزىدە ئولتۇرۇپ[2] كىچىك تەرەت قىلىشىغا ئوخشاش ئىنسانىي ئىشلىرى، بۇلارنىڭ سۈننەت ياكى مەكرۇھ ئىكەنلىكىنى ئەمەس، مۇباھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۆرە تۇرۇپ ياكى ئولتۇرۇپ كىچىك تەرەت قىلىش ھەققىدە قۇرئاندا ھېچقانداق بىر تەۋسىيە بولماسلىق بىلەن بىرگە، بۇ ھەقتە ئۈچ تەرەپلىمە (سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە تەستىق) نەبەۋى تەۋسىيەمۇ يوق. بۇ مەسىلە ھەققىدە نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان بەزى رىۋايەتلەر ئولتۇرغان ھالدا كىچىك تەرەت قىلىشنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغان بولماستىن، ئەكسىچە سۈيدۈكنىڭ چاچراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەدبىر ئېلىشنى تەۋسىيە قىلغان رىۋايەتلەردۇر[3].

## 6. نەبىنىڭ تېببى داۋالىنىش ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرى

نەبىنىڭ بەزى كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن قىلغان ياكى تەۋسىيە قىلغان ئىشلىرى، ئۇنىڭ دىن دائىرىسى ئىچىدە قىلغان ئەمەللىرى ئەمەس، بەلكى تەجرىبىلەرگە ئاساسەن كۆرسەتكەن تېببى داۋالاش ئۇسۇللىرىدۇر. مەسىلەن: قان ئالدۇرۇش[4] ۋە داغلاش[5]. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرمۇ كۈنىمىزدە ئىشلىتىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسى بۇنداق ئەمەس. بۇلار ئۆزگەرمەس نەرسىلەر ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن سۈننەت قاتارىغا كىرمەيدۇ.

نەبىنىڭ تېبابەت نۇقتىسىدىن ئىشلىرى ۋە تەۋسىيەلىرى (تېببى نەبەۋى) ۋەھيىگە تايانمىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ كۆزىتىش ۋە تەجرىبە ئارقىلىق قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ يارقىن مىسال تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

«ئەمگۈزۈۋاتقان ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ھارام قىلىشنى ئويلىغانىدىم. لېكىن يۇنانلىقلار بىلەن پارسلارنىڭ ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتنى

(1) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 3549 ـ 3548 (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى)
(2) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 3553 (تىرمىزى، نەسائى)
(3) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 3555، 5495 (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى)
(4) بۇخارى، تىب 6؛ تىرمىزى، تېبابەت 2
(5) مۇسلىم، سەلام 175؛ تىرمىزى، تېبابەت 11

داۋاملاشتۇرغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ پەرزەنتىگە زىيان يەتكۈزمىگەنلىكىنى كۆرۈپ بۇنىڭدىن ۋازكەچتىم»[1].

دېمەك، نەبى ئەمگۈزۈۋاتقان ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى «باللارغا زىيان يېتىپ قالىدۇ دېگەن سەۋەب» بىلەن ھارام قىلىشنى ئويلىغان (بۇنى ۋەھيي ئالغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باللارغا زىيان يېتىپ قالىدۇ دېگەن ئەندىشە بىلەن ھارام قىلىشنى ئويلاشقان)، لېكىن كۆزىتىش نەتىجىسىدە بۇنىڭ بۇنداق نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقارمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن بۇ قاراشتىن ۋازكەچكەن. نەبى ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۇ دەۋردىكى مەلۇمات ۋە تەجرىبىگە ئاساسەن مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇشى ۋە بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن قۇرئاندا بۇنداق چەكلىمە (ھارام) بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بۇيرۇق مەڭگۈ ئۆزگەرمەس ھۆكۈم سۈپىتىدە مەۋجۇت بولالمايتتى.

## 7. نەبىنىڭ دۇنيالىق ئىشلار سەۋەبىدىن قىلغانلىرى ۋە تەۋسىيەلىرى

نەبى دۇنيالىق ئىشلار سەۋەبىدىن قىلغان سۆز ۋە تەۋسىيەلىرىنىڭ ھۆكۈم ئەمەسلىكىنى، ھەتتا بۇ مەسىلىلەرنى كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىن بەكرەك ياخشى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭغا قارىتا ئىش قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. مەسىلەن: مەدىنىدە خورما ئۆلايدىغان بەزى كىشىلەرگە «بۇنىڭ پايدىسى بولىدۇ دەپ قارىمايمەن» دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇنداق قىلىشتىن ۋازكەچكەن، لېكىن نەتىجىسى ياخشى بولمىغان. بۇ سەۋەبتىن «مەنمۇ بىر ئىنسان، سىلەرگە دىنىڭلاردىن بىر نەرسىنى دېگەن بولسا ئۇنى ئېلىڭلار، لېكىن ئۆز كۆز قارىشىم بىلەن بىر نەرسە دېسەم، نەتىجىدە مەنمۇ بىر ئىنسان. سىلەر دۇنيالىق ئىشلارنى مەندىن ياخشى بىلىسىلەر»[2] دېگەن.

شۇڭا قۇرئاندا بۇيرۇلمىغان ۋە نەبىنىڭ ئىنسانىي، فىترى، تارىخىي ۋە جۇغراپىيەلىك شەرت ـ شارائىت، كۇلتۇر، تىبابەت ۋە دۇنيالىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىلغان بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرى سۈننەت ئەمەس بولۇپ، ئىباھاتىنى بىلدۈرىدۇ (مۇباھتۇر). بۇلارنىڭ ئىچىدە كۈنىمىزدە قىلغىلى بولمايدىغان بەزى ئەمەللەر بار. بۇلار قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنمىغان بولۇپ، ئۇنىۋېرسال ئەمەللەر ئەمەس. كىشىگە، تارىخقا، كۇلتۇرگە ۋە رايونغا قاراپ ئۆزگىرىدىغان ئىشلاردۇر.

---

(1) مۇسلىم، نىكاھ 24 (140)؛ ئەبۇ داۋۇد، 3882؛ تىرمىزى، 2076؛ نەسائى، نىكاھ 54؛ ئىبنى ماجە، 2011

(2) مۇسلىم، فەدائىل، 141ـ139

قۇرئان ۋە سۈننەت بولسا ئۇنىۋېرسال بولۇپ، ھەر دەۋر ۋە ماكانغا ماس كېلىدۇ. مەسىلەن: سىبىرىيەدە ياشايدىغان بىر مۇئمىن ھېچقاچان تەرلىك كىيەلمەيدۇ. كۈنىمىزدىكى مۇئمىنلەرنىڭ كۆپ سانلىقى تۆگىگە مىنىپ ساياھەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس. كۈنىمىزدە ئۇرۇشلاردا ئوقيا ۋە نەيزە ئىشلىتىلمەيدۇ. كىشىلەر خام كېسەكتىن سېلىنغان ئۆيلەردە ئولتۇرمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىجرا قىلغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلگەن بۇ ئەمەللەرنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىش، ئىسلامنىڭ ھەر ماكان ۋە ھەر زاماندا ياشىغىلى بولىدىغان بىر دىن ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس.

قۇرئان ۋە سۈننەت ئۇنىۋېرسال بولۇپ، زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىدىن خالىيدۇر. بەلگىلىك بىر شەخسكە ياكى پەترەتكە خاس ئەمەس. جەنۇب - شىمال ياكى شەرق - غەرب دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە سۈننەت ئادا قىلغىلى بولۇشى كېرەك. سۈننەت، ئەر ياكى ئايال ھەر مۇئمىن رىئايە قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. سۈننەت، ياز - قىش، ئىسسىق - سوغۇق ھەر ئىقلىمدا ئادا قىلغىلى بولۇشى كېرەك. 14 ئەسىر بۇرۇنمۇ، كۈنىمىزدىمۇ، مىڭ يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ قۇرئان ۋە سۈننەتنى ياشىغىلى بولىدۇ، ياشىغىلى بولۇشى كېرەك.

سۈننەت، باشقىلار تەرىپىدىن تاسادىپىي كۆرۈپ قالغان نەبىنىڭ ئىنسانىي، پىترى، كۈلتۈر ۋە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىلغان ئىشلىرى ئەمەس، بەلكى ئالاھىدە ۋە ئائىلىۋى مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەسۇلۇللاھنىڭ ئاۋامغا ئوچۇق - ئاشكارا بىلدۈرگەن بۇيرۇق ۋە تەۋسىيەلىرىدۇر. سۈننەت، ئاۋام ئالدىدا قىلغان ۋە قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان، ھەتتا قىلمىغانلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئەمەللەردۇر. سۈننەت، مۇئمىنلەرنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇغان ئۇنىۋېرسال دىنى پرىنسىپلاردۇر.

رەسۇلۇللاھ، قۇرئاندا يەر ئالغان بۇ پرىنسىپلارنى ئۈلگە ئالىدىغان شەكىلدە ئادا قىلغان ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاۋامغا ئۆزى قىلىپ كۆرسەتكەن. ئۈلگە ئېلىشنى تەلەپ قىلغان بۇ ئەمەللەرنى يوشۇرۇن - مەخپىي ھالدا قىلمىغان. بىرسى ئۇنىڭ بۇ ئەمەللىرىنى تاسادىپىي ھالدا كۆرۈپ قالمىغان. چۈنكى ئۇنىڭ تاسادىپىي ھالدا كۆرۈپ قالغان ئىشى سۈننەت ئەمەس. مەسىلەن: ئۆگزىدە تۇرغان ۋاقتىدا تاسادىپىي ھالدا نەبىنىڭ تەرەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان ۋە قايسى تەرەپكە يۈزلىنىپ تەرەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن بىر رىۋايەتتىن[1] بۇ ھەققە

(1) جانان، «كۈتۈبى سىتتە»، 3546، (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى)

بىر سۈننەت بەرپا قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە بىر سۈننەت بولسا، بۇ خۇسۇس قۇرئاندا يەر ئالغان ۋە رەسۇلۇللاھ بۇنى كىشىلەرگە بىلدۈرگەن بولاتتى.

قۇرئان، رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى تەكىتلەپ، ئۇنى بۇ تەرەپتىن ئۈلگە قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان[1]. ئۇنىڭ جىسمانىي خاسلىقى، كىيىم - كېچەكى، يەپ - ئىچىش ھالىتى، بۇ جەھەتتىكى تاللاشلىرى ۋە دۇنيالىق قابىلىيەتلىرى ھەققىدە توختالمايدۇ. چۈنكى بۇلار ھەم رەسۇلنىڭ ئۈلگىلىك رولىغا ماس كېلىدىغان، ھەم ئۈلگە بولۇشىغا ئاساس بولغان ئامىللار ئەمەس[2].

يۇقىرىدىكى ئىزاھاتلاردىن كېيىن بۇ مەسىلىنى يىغىنچاقلاش نۇقتىسىدىن بەزى ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزئۆندىلەرنى بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق:

ئىبنى قۇتەيبە (ۋاپات، 998/672)، بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

*«سۈننەت، پەقەت دىن ئىشىدا بولۇپ، يەپ - ئىچىدىغان ئىشلاردا بولمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى رەسۇلۇللاھ يېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ئۆمرىدە تاۋۇزنى خورما بىلەن بىرلىكتە يېمىگەن بولسا، ياكى ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، كاۋا يېمىسە، بۇ كىشى ئۇچۇن سۈننەتنى تەرك قىلدى دېگىلى بولمايدۇ»*[3].

*مۇسا جارۇللاھ بىگىيېۋ، «رەسۇلۇللاھقا كەلگەن ۋەھيىنى ۋە رىسالەتنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن قىلغان ۋە قىلىشقا تىرىشقان ھەرقانداق ئىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى»*[4]، لېكىن ئۇنىڭ دىننى تەبلىغ قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس، ئەرەب ئۆرپ - ئادىتى سەۋەبىدىن قىلغانلىرىنىڭ سۈننەت بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

*«ئىسلامنىڭ كەڭچىللىكى سەۋەبىدىن ھەر ئۈممەتنى ئۆز تەبىئىتى ۋە ئادىتى مەسىلىسىدە ئەركىن قويۇۋەتكەن. ھېچقانداق ئۈممەتكە باشقا بىر ئۈممەتنىڭ ئادەتلىرىنى تاڭمىغان... ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى قۇرئاننىڭ ھەرقانداق بىر ھۆكمىنى چۈشەندۈرگەن ياكى پۈتكۈل ئۈممەت رىئايە قىلىشى كېرەك بولغان تەلىماتنى كۆرسەتسە، ئۇ ئىش - ھەرىكەت ھەم شەرئى قانۇنلار ئارىسىدا، ھەم ئىسلامنىڭ تۆت ئاساسى ئىچىدە بىرىنچى قاتاردا ئورۇن ئالىدۇ. لېكىن ئىش - ھەرىكەت پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئىش بولغان بولسا ياكى ئەرەب قەۋمىگە ئائىت دەۋر خاراكتېرلىك ئۆرپ - ئادەت بولغان بولسا، مەزكۇر*

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى، 21؛ قەلەم سۈرىسى، 4؛ تەۋبە سۈرىسى، 128-ئايەت

(2) ئىسمائىل ھاككى ئۈنئال، «ئىسلامنى چۈشىنىشتە سۈننەتنىڭ ئورنى ۋە قىممىتى»، 26-بەت

(3) راشىت كۈچۈك، «ئىسلامنى چۈشىنىشتە سۈننەتنىڭ ئورنى ۋە قىممىتى»، 288-بەت

(4) بىگىيېۋ، «كىتابۇس - سۈننە»، 6-بەت

*ئىش ـ ھەرىكەت پۈتكۈل ئۈممەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك قانۇن بولالمايدۇ»*[1].

ئەھزاب سۈرىسى 21ـ ئايەتتە «ئۈسۋەئى ھەسەنە» ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن ۋە ئۈلگە ئېلىش تەۋسىيە قىلىنغان رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈلگىلىك ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مۇھەممەد غەززالى مۇنداق دەيدۇ:

*«بىز ئۇنىڭغا ئوخشاش بولۇشقا ئەمەس، ئۇنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشقا بۇيرۇلدۇق. پەيغەمبەرنى ئۈلگە قىلىش، ئۇ قىلغان ھەر ئىش ـ ھەرىكەتنى ئۆز پېتى تەقلىد قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ۋە مەقسىتىنى بىلىش كېرەك. بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك دەلىل لازىم. بۇ دەلىل، ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلىغان بىرەر سۆز بولۇشى ياكى ئۈلگە قىلماقچى بولغان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قۇرئاندىكى ئاساسىدۇر. يەنى، مەزكۇر مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەردۇر. ئەگەر، ئۈلگە قىلىندىغان ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قۇرئاندا ئوچۇق دەلىلى بولمىسا، ئۈلگىلىك سالاھىيەتكە ئىگە بولالمايدۇ»*[2].

بۇ ھەقتە يۇسۇف قەرزاۋى مۇنداق دەيدۇ:

*«پەيغەمبەرگە مەنسۇپ ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئۇنىڭ يارىتىلىش ۋە مىجەز ـ خۇلقىدىن كېلىپ چىققانلىقى نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك. مەسىلەن: سەھىھ ھالەتتە يېتىپ كەلگەن ‹ئۇ كاۋا يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى›*[3] *ۋە ‹ئۇ قوينىڭ سان گۆشىگە ئامراق ئىدى›*[4]*. پەيغەمبەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر قىسمى بولسا ئۆرپ ـ ئادەتتىن ئىدى. مەسىلەن: سەللە يۆگىشى ۋە ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى مۈرىسىگە چۈشكىدەك قىلىپ ساڭگىلىتىپ قويۇش*[5]*....*

*ئۇلاردىن يەنە بىر قىسمى بولسا «قۇربەت» جەھەتتىن، يەنى ئۇلۇغ ئاللاھقا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە قىلىنغان ئەمەللەردۇر. يەنى، ناماز، ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، زىكىرلىرى، دۇئالىرى... قاتارلىقلار. بۇ نۇقتىدا مېنىڭ قارىشىم مۇنداق: ئاللاھقا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە قىلىنغان ئىشلار سۈننەت، بۇنىڭدىن باشقىلىرى مۇباھتۇر*[6].

---

(1) بىگىيېۋ، «كىتابۇس ـ سۈننە»، 119ـ بەت

(2) مۇھەممەد غەززالى، «نەبەۋى سۈننەت»، 218ـ بەت

(3) بۇخارى، ئەتىمە 33، 35، 38؛ مۇسلىم، ئەشرىبە 145

(4) بۇخارى، 21/3؛ مۇسلىم، ئىمان 327، 328؛ ئەبۇ داۋۇد، ئەتىمە 20

(5) مۇسلىم، ھەج 451، 454

(6) يۇسۇف قەرزاۋى، «سۈننەتنى چۈشىنىش مېتودى»، 39ـ بەت

*نەبى (ئە س)نىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئايرىم تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتتا، ئۇ ئەمەلنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، بىر ئەمەلنىڭ مۇستەھەپ (سۈننەت) ياكى ۋاجىپ (پەرز) بولۇشى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە نەبى (ئە س)دىن كەلگەن سۆز شەكلىدىكى دەلىل بولۇشى كېرەك»[1].*

بەلكىم خەيرەتتىن كارامانىنىڭ (كۈندىلىك مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان) تۆۋەندىكى سۆزلىرى، قۇرئان ۋە سۈننەت ھەققىدە بۇ كىتابتا چۈشەندۈرمەكچى بولغان نۇقتىلارنى ئەڭ يارقىن شەكىلدە يىغىنچاقلاپ بېرىدۇ:

*مۇھاپىزىكارلىق نامىدىن تارىخنى كۈنىمىزگە ئېلىپ كېلىشكە، ئەسىرلەر بويى خاتالىقتىن (پەيغەمبەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن گۇناھتىن) خالىي بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىجتىھات ۋە قاراشلىرىنى بۈگۈننىڭ مۇسۇلمانلىرىغا تېڭىشقا ئۇرۇنغان ۋە بۇ سەۋەبتىن ئىسلامچىلارنىمۇ ئىنسابسىزلىق بىلەن ئەيىبلىگەن، تۆھمەت قىلغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ تىلىدىن چۈشمەيدىغان بىر سۆزى بار، يەنى «چارىمىز سۈننەتكە ئەگىشىش، يەنى پەيغەمبىرىمىز (س ئە ۋ)نىڭ يولىغا ئەگىشىش ۋە ئۇنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشتۇر».*

*ئۇلار، كىتاب ۋە سۈننەت بىلەن ئەمەل قىلىش ئەڭ باشتا ئىسلامچىلارنىڭ تەۋسىيەسى، پىرىنسىپى، بولمىسا بولمايدىغان شەرتى ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ لېكىن (جېدەل مانا بۇ نۇقتىدا باشلىنىدۇ) سۈننەت بىلەن ئەمەل قىلىش قانداق بولىدۇ؟*

*ھەدىس دەپ رىۋايەت قىلىنغان ھەر تېكىست سەھىھمۇ؟ ھەر سۈننەتنى (پەيغەمبىرىمىز قىلىشقا بۇيرۇغان) بىزگە يەتكۈزۈپ بېرەمدۇ؟*

سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئۆزگەرمەس سۈننەت، مۇئەييەن بىر مەزھەپنىڭ ئىجتىھاتىغا مۇۋاپىق كەلمىسە، مەزھەپكە ئەگىشەمدۇق ياكى ھەدىس (سۈننەت)كىمۇ؟

كۆپ ساندىكى مۇجتەھىد، مەسىلەن ئالتە سەھىھ كىتاب دېيىلگەن ھەدىس كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان ۋە «سەھىھ» دېيىلگەن نۇرغۇن ھەدىس بىلەن ئەمەل قىلمىغان (بۇلارنى ئادا قىلمىغان) بولۇپ، يا قىياس، مەسالىھ[2] قاتارلىق قائىدىلەر بىلەن ئىجتىھات قىلغان ياكى باشقا بىر ھەدىسنى ۋە ياكى ھەدىسنىڭ شەرھىسىگە ئاساسلانغان. ئۆزلىرى (ئۇنىغا يېقىن مەدىدا بەلگىلەپ) توغرا ۋە مۇۋاپىق دەپ قارىغان سەۋەبلەر بىلەن بەزى ھەدىسلەرگە رىئايە قىلىشنى تەرك قىلغان

---

(1) يۈسۈف قەرزاۋى، «سۈننەتنى چۈشىنىش مېتودى»، 44 ـ بەت

(2) پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش

*مۇجتەھىدلار، «سۈننەتنى تەرك قىلغان ئىسلامچىلار» بولامدۇ؟ پەن - تېخنىكا ساھەسىگە كىرىدىغان مەسىلىلەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىگە - بۇلارنىڭ ۋەھىي ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەن ساھابىلەر- ئېتىراز قىلاتتى، پەرقلىق قاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قوياتتى. بۇلار سۈننەتكە ئەمەل قىلمىغان بولامدۇ؟*

*«بىر زېمىننى بوزلاشتۇرغۇچى ئۇ يەرگە ئىگە بولىدۇ» دېگەن مەنىدىكى ھەدىسنى، ئەبۇ ھەنىفە ۋە باشقا بەزى مۇجتەھىدلار «پەيغەمبىرىمىز بۇ سۆزنى، دۆلەت رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قىلغان، ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن رۇخسەت ئېلىش كېرەك. خەلىپىلەر پەرقلىق شەكىلدە ئىجرا قىلسا، رۇخسەت قىلمىسىمۇ بولىدۇ» دەپ شەرھلىگەن. پەرقلىق شەكىلدە يول تۇتقان، بۇ زېمىنلارنى رۇخسەتسىز ھالدا بوزلاشتۇرغۇچىغا مۈلۈك سۈپىتىدە بەرمىگەن مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلار سۈننەتكە خىلاپلىق قىلغان بولامدۇ؟*

*بۇ خىل مىساللار ۋە سوئاللارنى يەنە كۆپەيتىش مۇمكىن. لېكىن مۇھىم بولغان تەرەپ مەقسىتىمىز بولۇپ، مەقسىتىمىزگە كەلسەك:*

*سۈننەت باش تاجىمىزدۇر. ئەمما ئۇنى توغرا شەكىلدە چۈشىنىش ۋە مەقسىتىگە ماس ھالدا ياشاش شەرت[1].*

يىغىنچاقلىساق:

بىر ئەمەلنىڭ سۈننەت بولالىشى ئۈچۈن، ئۇ قۇرئان ئايىتى بىلەن بۇيرۇلغان ياكى تەۋسىيە قىلىنغان بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ ئىزچىل ئادا قىلغان ناماز، ھەج، روزا، زاكات، ئىنفاق، تازىلىق، سېخىيلىق... قاتارلىق ئەمەللەر. ھەتتا بىر ئەمەل قۇرئاندا بۇيرۇلغان ياكى تەۋسىيە قىلىنغان بولۇپ، لېكىن رەسۇلۇللاھ پەقەت قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئەمەل پەرز ياكى سۈننەتتۇر. مەسىلەن: ئاجىرىشىشتا بېكىتىلگەن بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىش.

ئەگەر بىر ئەمەل قۇرئان بىلەن تەۋسىيە قىلىنمىغان بولسا ئۇ ئەمەل سۈننەت بولالمايدۇ. مۇھەممەد (ئە س) بۇ ئەمەلنى مەيلى قىلغان بولسۇن ياكى قىلمىغان بولسۇن بۇ پرىنسىپ ئۆزگەرمەيدۇ.

ھەتتا مۇھەممەد (ئە س) قىلغان ۋە قۇرئاندا يەر ئالغان بولسىمۇ، قىلىش پەرز ياكى سۈننەت بولمىغان بەزى ئەمەللەرمۇ بار. چۈنكى بۇلارنى قىلىش - قىلماسلىق[2]

(1) ھەيرەتتىن كارامان، يېڭى شەپەق گېزىتى (Hayrettin Karaman, Yeni Şafak)؛ 2013-يىلى، 24-ماي

(2) بەقەرە سۈرىسى، 198، 282؛ نىسا سۈرىسى، 29؛ مائىدە سۈرىسى، 96؛ ئەنئام سۈرىسى، 199؛ ئەنبىيا

كىشىنىڭ ئىختىيارلىقىغا تاپشۇرۇلغان (مۇباھ بولغان) ئەمەللەردۇر. مەسىلەن: ھارام بولمىغان نەرسىلەرنى يېيىش، ئىچىش، بازار ئايلىنىش ۋە ئۆسۈمگە يۇلۇقماستىن تىجارەت قىلىش دېگەندەك ئەمەللەر قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان. بۇلارنى قىلىش پەرز ياكى سۈننەت ئەمەس. چۈنكى بۇلار مۇباھ. مەسىلەن: «ئۇلار مۇنداق دېدى: بۇ قانداق رەسۇل؟ (خۇددى بىزگە ئوخشاش) يەپ - ئىچىپ، بازار ئايلىنىپ يۈرىدۇ؟»[1] ئايىتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىلگىرىكى نەبى - رەسۇللارغا ئوخشاش مۇھەممەد (ئە س)مۇ يەپ - ئىچكەن ۋە بازار ئايلىنىپ يۈرگەن[2]. شۇنداقتىمۇ بازار ئايلىنىش سۈننەت ئەمەس. بۇ ئايەتتىن رەسۇلۇللاھنىڭ خەلقتىن يىراق ھالدا ئۇلارغا ئارىلاشماي ياشىمىغانلىقىنى ۋە ئاكتىپ ھالدا ھاياتنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياشىغانلىقىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن كۆزىتىپ تۇرۇلغانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. ھەتتا بۇ رېئاللىقتىن مۇھىم تەلىماتلارنى چىقىرىشقا بولىدۇ. ئەمما تېما نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتساق، «بازار ئايلىنىش»نىڭ ساۋاب ئالىدىغان سۈننەت ئەمەسلىكىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۈگۈنگىچە (بىلىشىمىزچە) مۇشۇنداق سۈننەتنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بىرەر كىشى چىقمىغان. ھالبۇكى، بۇ ئىشنىڭ رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن قىلىنغانلىقى قۇرئاندا روشەن ھالدا بىلدۈرۈلگەن. ئەمما پەرز، ۋاجىپ ياكى سۈننەت ئەمەس، بەلكىدە مۇباھ.

دېمەك، قۇرئان فىقھ تىلىدا پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت، ھەتتا مۇباھ دېيىلگەن بارلىق ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابتۇر. بىز بۇ ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى «رەسۇلنىڭ سۈننىتى» دەپ ئاتايمىز. بۇ سەۋەبتىن بارلىق قۇرئان ئەھكامىنىڭ تەتبىقلىنىشى بولغان «رەسۇلنىڭ سۈننىتى» ئۇقۇمى بىلەن، بۇ ئەھكامنىڭ بىر قىسمىنى بىلدۈرىدىغان فىقھ تىلىدىكى «سۈننەت» ئۇقۇمى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلمەسلىكى كېرەك.

ئەنئەنىۋى قاراشتا سۈننەت «نەبىنىڭ سۆز، ئىش - ھەرىكىتى ۋە تەستىقى» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. (تۈركىيە) ديانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىدە يەر ئالغان سۈننەت ئېنىقلىمىسى مۇنداق: «سۈننەت، ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ سۆز، ئىش - ھەرىكىتى ۋە تەستىقلىغانلىرىنىڭ ئورتاق ئىسمى بولۇپ، شەرئىي دەلىللەرنىڭ ئىككىنچى ئاساسىدۇر»[3].

---

سۈرىسى، 8؛ فۇرقان سۈرىسى، 20 - ئايەت

(1) فۇرقان سۈرىسى، 7 - ئايەت

(2) فۇرقان سۈرىسى، 20 - ئايەت

(3) ديانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىدە، 2010 - يىل، 38 - توم، 153 - 150 - بەتلەر (مۇرتەزا بەدىر)؛ 154 - 153 - بەتلەر

بۇ ئېنىقلىمىغا ئاساسلانغاندا، نەبىنىڭ ھەر سۆزى، ھەر ئىش - ھەرىكىتى ۋە تەستىقى مۇستەقىل سۈننەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. چۈنكى بۇ سۈننەت ئېنىقلىمىسىدا نەبىنىڭ سۆز، ھەر ئىش - ھەرىكىتى ۋە تەستىقى ئارىسىدا ھېچقانداق مۇستەسنا ئەھۋاللار نەزەردە تۇتۇلمىغان. ئەمما بۇ ئېنىقلىما قۇرئانغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. چۈنكى سۈننەت نەبىنىڭ ھەر سۆزى، ئىش - ھەرىكىتى ۋە تەستىقى ئەمەس، بەلكى قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان سۆز، ئىش - ھەرىكەت ۋە تەستىقتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقىقەتنى قۇرئاندىكى مىساللار بىلەن كۆرۈپ ئۆتەيلى:

**1. نەبىنىڭ سۆزى (قەۋلى)**. بېقىۋالغان ئوغلى زەيد (ر ئە)كە «ئايالىڭنى تالاق قىلما، ئەمرىڭدە تۇتقىن»[1] دېگەنىدى. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن كىلاسسىك سۈننەت ئېنىقلىمىسىغا ئاساسەن نەبىنىڭ بۇ بۇيرۇقى قەۋلى سۈننەت بولۇشى كېرەك ۋە زەيد (ر ئە) بۇ بۇيرۇقنى ئادا قىلىشى لازىم (ئىدى). ئۇنداق قىلمىسا، سۈننەتكە قارشى چىققان بولىدۇ (بولاتتى). ئەمما زەيد (ر ئە) نەبىنىڭ بۇ سۆزى (سۈننەت) گە ئىتائەت قىلمىدى ۋە ئايالىنى تالاق قىلدى. يەنى، كىلاسسىك چۈشەنچىگە ئاساسلانغاندا سۈننەتكە رىئايە قىلمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن ئاللاھ ياكى نەبى ۋە ياكى ساھابىلەر تەرىپىدىن ئەيىبلەنمىدى. چۈنكى نەبىنىڭ بۇ سۆزى (قۇرئاننىڭ تەۋسىيەسى بولمىغانلىقتىن) سۈننەت ئەمەس ئىدى. دېمەك، نەبىنىڭ ھەر سۆزى (ھەر بۇيرۇقى) سۈننەت ئەمەس.

**2. نەبىنىڭ ئىش - ھەرىكىتى**. نەبى - رەسۇل بەزىدە بازار ئايلىناتتى[2]. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىلاسسىك سۈننەت ئېنىقلىمىسىچە بولغاندا، نەبىنىڭ بۇ ئىش - ھەرىكىتى «ئەمەلى سۈننەت» بولۇشى ۋە مۇئمىنلەرمۇ بۇنى (ساۋاب ئېلىش ئۈچۈن) ئادا قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۈگۈنگىچە (بىلىشىمىزچە) مۇشۇنداق سۈننەتنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بىرەر ئالىم يوق. چۈنكى بۇنداق سۈننەت يوق ئىدى. دېمەك، رەسۇلنىڭ ھەر ئىش - ھەرىكىتى سۈننەت ئەمەس.

**3. نەبىنىڭ تەستىقى**. ئىكرام قىلىنغان تاماقتىن كېيىن، تارقاپ كەتمەي سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان ساھابىلەر ئالدىدا سۈكۈت قىلغان[3]. يەنى، كىلاسسىك سۈننەت چۈشەنچىسى بويىچە بولغاندا، نەبى ساھابىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىنى تەستىقلىغان. ئۇنداقتا، كىلاسسىك سۈننەت چۈشەنچىسىچە نەبىنىڭ بۇ تەستىقى «تەستىقلانغان سۈننەت» دەپ قوبۇل قىلىنىشى كېرەك ۋە مۇئمىنلەر ساۋاب ئېلىش

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى، 37 - ئايەت

(2) فۇرقان سۈرىسى، 7 - ئايەت

(3) ئەھزاب سۈرىسى، 53 - ئايەت

ئۇچۇن بۇ سۈننەتنى ئادا قىلىشى لازىم ئىدى. لېكىن بۇنداق بولمىدى. چۈنكى مۇناسىۋەتلىك قۇرئان ئايىتى بۇ قىلمىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن. يەنى، ساھابىلەرنىڭ بۇ مۇئامىلىسى توغرا ئەمەس (مەكرۇھ) ئىدى. بۇ سەۋەبتىن نەبىينىڭ بۇ ھادىسىدىكى تەستىقى سۈننەت ئەمەس.

بۇ سەۋەبتىن نەبىينىڭ ھەر سۆزى، ھەر ئىش - ھەرىكىتى ۋە ھەر تەستىقى سۈننەت ئەمەس. بىر سۆزنىڭ، بىر ئەمەلنىڭ، بىر تەستىقنىڭ سۈننەت بولالىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنىشى كېرەك. يەنى، سۈننەت نەبىينىڭ سۆز، ئىش - ھەرىكەت ۋە تەستىقى ئەمەس، بەلكى نەبى - رەسۇلنىڭ قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان سۆز، ئىش - ھەرىكەت ۋە تەستىقىدۇر. بۇنى نەبىينىڭ ئۈچ نۇقتىدىكى ئىش - ھەرىكەتلىرى (سۆز، ئىش - ھەرىكەت ۋە تەستىقى)دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## ئۈچ نۇقتىدىن (سۆز، ئىش - ھەرىكەت ۋە تەستىق) نەبەۋى ئەمەل

نەبىينىڭ ئىنسانىي، فىترى، تارىخىي، ئۆرپ - ئادەت ۋە جۇغراپىيىلىك شەرت - شارائىت سەۋەبىدىن قىلغان ئىشلىرىنى ئايرىشنىڭ ئەڭ ئوڭاي يولى، شۈبھىسىزكى قۇرئانغا قاراشتۇر. بىر ئەمەل قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان بولسا سۈننەت، ئەكسىچە بولسا سۈننەت ئەمەس. ئەمما بىر ئەمەلنىڭ سۈننەت بولۇپ - بولمىغانلىقىنى پەقەت ھەدىسلەرگە قاراپمۇ (ئاساسەن دېگۈدەك) ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. بۇ مەقسەتتە قۇرئان - سۈننەت بىر پۈتۈنلۈكنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ھالدا نەبىينىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئۈچ نۇقتىدىن (ئىش - ھەرىكەت، سۆز ۋە تەستىق) ئوقۇش، سۈننەتنى ئېنىقلاپ چىقىشتا بىزگە قولايلىق ئېلىپ كېلىدۇ[1]. يەنى:

نەبىينىڭ ھەرقانداق بىر مەسىلىدىكى ئەمەلى (ئىش - ھەرىكىتى) ئۆز ئالدىغا ئۇ ئەمەلنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. نەبىينىڭ ھەرقانداق بىر مەسىلە ھەققىدىكى سۆزلىرىمۇ (قەۋلى) ئۆز ئالدىغا ئۇنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. شۇنىڭدەك، نەبىينىڭ ھەرقانداق بىر ئىشنى تەستىقلىشىمۇ ئۆز ئالدىغا ئۇنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ.

لېكىن نەبىينىڭ بىر ئىشنى قىلىشى، ھەم سۆزلىرى ئارقىلىق تەۋسىيە قىلىشى، ھەم ئۇنى قىلغۇچىلارنى تەستىقلىشى ياكى ئادا قىلمىغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇشى، ئۇ ئەمەلنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى بۇ ئەمەل

---

(1) ئالى ئاكيۈز (Ali Akyüz)، «ئىنسان ۋە پەيغەمبەر سۈپىتىدە ھەزرىتى مۇھەممەد»، دىنىي تەلىم - تەربىيە ژورنىلى، 10/2002، 175 - 141 - بەتلەر

بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئۈچ نۇقتىدىن (ئىش ـ ھەرىكەت، سۆز ۋە تەستىق) نەبەۋى تەۋسىيە بار بولغان بولىدۇ. بۇ، ئۇ ئەمەلنى قۇرئان تەۋسىيە قىلىنغانلىقى (بۇ سەۋەبتىن رەسۇل سۈپىتىدە ئادا قىلىنغانلىقى)غا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ كۈچلۈك دەلىلدۇر.

ئۇنداقتا، بىر ئەمەلنىڭ سۈننەت بولالىشى ئۈچۈن، ئۇ ئەمەل ھەققىدە نەبىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ياكى سۆزى ۋە ياكى تەستىقى ئەمەس، بەلكى نەبىنىڭ ھەم ئىش ـ ھەرىكىتى، ھەم سۆزى، ھەم تەستىقى بولۇشى كېرەك. بۇنى ئېنىقلاش ئۈچۈن نەبىنىڭ ھاياتىغا ئۈچ نۇقتىدىن قاراش چىقىش كېرەك. بۇنداق قىلىش ئانچە ئاسان ئەمەس. بۇنى بەزى مىساللار بىلەن بىرلىكتە كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئەمدى ئۈچ نۇقتىدىن نەبەۋى تەۋسىيەنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىغان بىر ئەمەلنى مىسال سۈپىتىدە كۆرۈپ چىقايلى (چىش چوتكىلاش). نەبىنىڭ ئېغىز ۋە چىش تازىلىقىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئۆيگە كەلگەندە ئۇ قىلىدىغان تۇنجى ئىش مىسۋاك ئىشلىتىش (چىش چوتكىلاش) بولۇپ، ھەر نامازدىن بۇرۇن چىشنى چوتكىلايتتى[1]. نەبىنىڭ دائىم قىلغان بۇ ئىشى، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەمەلىدۇر. نەبى ئۆزى بۇنى دائىم قىلىش بىلەن بىرگە، «ئەگەر مۇئمىنلەرگە مۇشەققەت بولمايدىغانلىقىنى بىلسەم، ھەر ناماز ئۈچۈن مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇيتتىم»[2] دېيىش ئارقىلىق مۇئمىنلەرگىمۇ تەۋسىيە قىلغان. بۇ نەبىنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆز ئارقىلىق قىلغان تەۋسىيەسى ئىدى. نەبى بۇ ئەمەلنى ئۆزى دائىم قىلغانلىقى ۋە باشقىلارغىمۇ تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىرگە، چىشنى چوتكىلىمىغانلارنىمۇ ئاگاھلاندۇرغان ۋە «بۇ نېمە؟ ساپ ـ سېرىق بولۇپ كەتكەن چىشلار بىلەن يېنىمغا كېلىسىلەر. ئەگەر ئۈممىتىمگە ئېغىر كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، تاھارەت ئالغاندەك چىشلىرىنى مىسۋاكلاشنىمۇ پەرز قىلغان بولاتتىم»[3] دېيىش ئارقىلىق، پەقەت بولمىغاندا بارماقلىرى بىلەن چىشنى يۇيۇشقا بۇيرۇغان[4]. نەبىنىڭ بۇ ئىشىمۇ مەزكۇر مەسىلە ھەققىدىكى تەستىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ، ئېغىز ۋە چىش تازىلىقى ھەققىدە نەبىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت، سۆز ۋە تەستىق شەكلىدىكى تەۋسىيەسى، يەنى ئۈچ تەرەپلىمە نەبەۋى تەۋسىيەنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، چىش چوتكىلاشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنىڭ

---

(1) مۇسلىم، تاھارەت 15 (44)

(2) مۇسلىم، تاھارەت 15 (42)

(3) ئەنبىيا يىلدىرىم، «ھەدىس مەسىلىلىرى»، 142ـ بەت (بەيھەقى، قۇبرا، I/36)

(4) ئەنبىيا يىلدىرىم، «ھەدىس مەسىلىلىرى»، 142ـ بەت (بەيھەقى، قۇبرا، 1ـI/40)

كۆچلۈك دەلىلىدۇر. لېكىن بۇنىڭغا قارىماستىن پەقەت بۇ رىۋايەتلەرگە تايىنىپ چىش چوتكىلاشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى (قەتئىيلىك بىلەن) ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى نەتىجە ئېتىبارى بىلەن قەتئىي مەلۇماتنى بىلدۈرمەيدۇ، ئەكسىچە گۇمانى (زاننىي) مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سەۋەبتىن رىۋايەتلەرنىڭ قۇرئان بىلەن مۇناسىۋىتى قۇرۇلۇشى (قۇرئانغا تايىنىپ - تايانمايدىغانلىقى تەكشۈرۈلۈشى) كېرەك. چۈنكى كىيىم ۋە بەدەن پاكىزلىقىنى تەۋسىيە قىلغان بارلىق قۇرئان ئايەتلىرى[1] بۇ ئەمەلنىڭ قۇرئانغا تايانغانلىقىنى ۋە بۇ سەۋەبتىن ئېغىز ۋە چىش تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ سۈننەت (يەنى بۇ رىۋايەتلەرنىڭ سەھىھ) ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، مۇھەممەد (ئە س) بۇ ئەمەلنى نەبى ئەمەس، بەلكى رەسۇل سالاھىيىتى بىلەن قىلغان.

ئۈچ نۇقتىدىن نەبەۋى تەۋسىيە مەلۇم بولغان رەسۇلنىڭ سۈننىتىگە مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر مىسال، ئەمەلدە ئوتتۇرھال بولۇش ۋە دىندا چەكتىن ئاشماسلىقتۇر. نەبى دائىم ئوتتۇرھال ئىبادەت ھاياتىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن[2] بولۇپ، «ئىشلار (**ئەمەل**) نىڭ ئەڭ ياخشىسى ئوتتۇرھال ۋە چەكتىن ئاشمىغان ھالدا بولغىنىدۇر»[3] دېيىش ئارقىلىق مۇشۇنداق يولنى تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلغان (**سۆز**). چەكتىن ئېشىپ كەتكۈچىلەرنى بولسا «ئاللاھ ئۈچۈن ئېيتىپ بېقىڭلار، ئىچىڭلاردىن بەزىلەر مېنىڭ قىلغانلىرىمنى ياراتماي ئۇنىڭدىن قاچىدىكەن، بۇ توغرىمۇ؟ ئاللاھقا قەسەمكى، مەن ئاللاھنى ئۇلاردىن بەكرەك بىلىمەن، ئاللاھتىن ئۇلاردىن بەكرەك قورقىمەن»[4] دېيىش ئارقىلىق قاتتىق شەكىلدە ئاگاھلاندۇرغان (**تەستىق**)[5]. ئىبادەت ھاياتىدا چەكتىن ئاشقان بەزى ساھابىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە «سىلەر مۇنداق مۇنداق دەپ سىلەر. ھالبۇكى، ئاللاھقا قەسەم قىلىمەن، مەن ئىچىڭلاردا ئاللاھتىن ھەممىدىن بەك قورققۇچى ۋە ئۇ ھارام قىلغانلاردىن ھەممىدىن بەك ھەزەر ئەيلىگۈچىدۇرمەن. شۇڭا مەن بەزىدە روزا تۇتىمەن، بەزىدە ئېغىزى ئوچۇق يۈرۈمەن. ناماز ئوقۇيمەن، ھەم ئۇخلايمەن. ئاياللار بىلەن بىللە بولىمەن (مانا بۇ مېنىڭ سۈننىتىم)، كىم سۈننىتىمنى ياقتۇرمىسا، ئۇ مەندىن ئەمەس»[6] دېگەن.

نەبىنىڭ ئىبادەت ھاياتىدا مۆتىدىل ۋە نورمال بولۇشنى ئەمەل، سۆز ۋە تەستىق

---

(1) نىسا سۈرىسى، 43؛ مائىدە سۈرىسى، 6؛ مۇددەسسىر سۈرىسى، 4-ئايەت

(2) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 72، 73، 74، 75

(3) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 84

(4) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 71 (بۇخارى، مۇسلىم)

(5) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 73 (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، تىرمىزى)

(6) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 70 (بۇخارى، مۇسلىم، نەسائى)

نۇقتىسىدىن تەۋسىيە قىلىشى، ئىبادەتتە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلىدۇر. ئەمما بۇنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى قەتئىيلىك بىلەن ئېيتىش ئۈچۈن قۇرئاندىن ئاساسى بولۇشى كېرەك. قۇرئاندىمۇ ئىبادەت ھاياتىنىڭ مۆتىدىل بولۇشى كېرەكلىكى تەۋسىيە قىلىنغان ۋە روھبانلىق چەكلەنگەن[1]. بۇ سەۋەبتىن ئىبادەتلەردە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك سۈننەتتۇر.

نەبىنىڭ ئۈچ نۇقتىدىن نەبەۋى تەۋسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ۋە قۇرئاندا ئاساسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن سۈننەت بولمىغان بەزى ئەمەللىرىگە مۇنداق مىساللارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

مەسىلەن: نەبى ناماز ئوقۇۋاتقاندا قىز نەۋرىسى ئۇمامەنى يۈدۈۋالغانلىقى، سەجدىگە بارغاندا ئۇنى قويۇپ قويغانلىقى، قىيامدا تۇرغاندا قايتىدىن يۈدۈۋالغانلىقى ۋە بۇ شەكىلدە نامىزنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سەھىھ بىر رىۋايەت مەۋجۇت[2]. نەبى بۇ ئىشنى ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا قىلغان بولۇپ، نامازنىڭ بۇنداق بىر سۈننىتى بار دېيىشكە بولامدۇ؟ ئەگەر بۇ ھەدىس ھەقىقەتەن سەھىھ بولسا، نەبى بۇ ھەقتە بىر ئەمەل قىلدى دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمما نەبىنىڭ بۇ ئەمەلنى قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان ۋە قىلمىغانلارنى ئاگاھلاندۇرغان سۆزى (**تەستىق**) يوق. يەنى، بۇ ئەمەل بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۈچ تەرەپلىمە نەبەۋى تەۋسىيە يوق. ئۇنداقتا بۇ ئەمەلنى سۈننەت دېگىلى بولمايدۇ. قۇرئاندىمۇ بۇنداق تەۋسىيە يوق. بىز نەبىنىڭ بۇ ئەمەلدىن ناماز ئوقۇغاندا كىچىك بالىنى مۈرىمىزگە ئېلىۋېلىشنىڭ نامازنى بۇزمايدىغانلىقىنى ئېيتالايمىز. ھەتتا قىز باللارغا ياخشى كۆزدە قارالمىغان بىر دەۋر ۋە جەمئىيەتتە، قىزلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، نەبىنىڭ مۇشۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتالايمىز. ئەمما بۇنداق سۈننەتنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرەلمەيمىز.

يەنە مەسىلەن: نەبىنىڭ سول قولىغا كۆمۈش ئۈزۈك تاقىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[3]. بۇ، نەبى قىلغان (رىۋايەت قىلىنغان) بىر ئەمەلدۇر. لېكىن بۇ ھەقتە نەبىنىڭ ئۈزۈك تاقاشنى تەۋسىيە قىلغان ۋە ئۈزۈك تاقىمىغان ساھابىنى ئاگاھلاندۇرغان سۆزى يوق. يەنى، بۇ ھەقتە ئېنىقلانغان ئۈچ تەرەپلىمە نەبەۋى تەۋسىيە يوق. ھەممىدىن مۇھىمى ئۈزۈك تاقاشنى تەۋسىيە قىلغان ھېچقانداق بىر

(1) بەقەرە سۈرىسى، 143؛ ھەدىد سۈرىسى، 27ـ ئايەت

(2) بۇخارى، سالات 160، ئەدەب 18؛ مۇسلىم، مەساجىد 41 (543)؛ ئەبۇ داۋۇد، سالات 169 (917)؛ نەسائى، مەساجىد 19 (245)

(3) بۇخارى، مەۋاقىت 25، 40، لىباس 48، ئەزان 36، 156؛ مۇسلىم، مەساجىد 223 (640)

ئايـەت يـوق. ئۇنداقتـا ئـۇزۇك تاقـاش سۈننەت ئەمـەس، مۇباھتـۇر.

يەنە بۇنىڭغا ئوخشاش شـەكىلدە نەبىنىڭ سـەللە يۆگـەنلىكى ۋە سەللىسىنىڭ بىـر ئۇچىنـى مۈرىسـىنىڭ ئارىسـىغا ساڭگىلىتىپ قويغانلىقى رىۋايـەت قىلىنغان (**ئەمەل**)[1]. لېكىن نەبىنىڭ سـەللە يۆگـەشنى تەۋسىيە قىلغان (**سۆز**) ياكى سـەللە يۆگىمىگـەن ساھابىنى ئاگاھلاندۇرغـان بىر سۆزى (**تەستىق**) يـوق. يەنى، بۇ ھەقتە ئېنىقلانغـان ئـۈچ تەرەپلىمـە نەبـەۋى تەۋسـيە يـوق. نامـازدا ياكى نورمـال ئەھۋاللاردا سـەللە يۆگـەش (ئەرلەرنـىڭ بېشـنى يېپىش)نـى تەۋسـىيە قىلغـان ھېچقانـداق بىـر ئايـەت يـوق. بـۇ سـەۋەبتىن نەبـى قىلغـان بـەزى ئەمەل، بەزى سۆز، بەزى تەسـتىق بىلـەن قىلغانلىقـى رىۋايـەت قىلىنغـان بـۇ ئەمەللـەر (ئـۇزۇك تاقـاش، سـەللە يۆگـەش ... قاتارلـىق)، بـۇ رىۋايەتلـەر توغـرا بولغـان تەقدىردىمـۇ سۈننەت ئەمەس[2].

نەبـى بىـر ئىشـنى ئەمـەل، سۆز ۋە تەسـتىق نۇقتىسـىدىن (داۋاملىـق) بىرلىكتـە قىلغـان بولسـا، بـۇ ئەمەلنىڭ قۇرئانغا تايانغان بولـۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولۇپ، ئـۇ بـۇ ئەمەلنـى رەسۇل سـالاھىيتى بىلـەن قىلغـان دېگەنلىكتۇر. يەنـى، بىر ئەمەل قۇرئانغا تايانغـان بولسـا، بـۇ ئەمـەل بىلەن مۇناسـىۋەتلىك ئەمەل، سۆز ۋە تەسـتىق خاراكتېرلـىك نەبـەۋى تەۋسـيەنى ئاساسـەن دېگـۈدەك تېپىـپ چىقالايمـىز. لېكـىن دىققـەت قىلىشـقا تېگىشـلىك بىـر نۇقتـا بـار بولۇپ، قۇرئانـدا تەۋسـىيە قىلىنغان بىر ئەمەلنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىش ئۈچۈن بۇ شـەرت ئەمەس. يەنى، قۇرئانـدا تەۋسـيە قىلىنغـان بىـر ئەمەلنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىش ئۈچـۈن، بۇ ئەمەل ھەققىـدە ئـۈچ تەرەپلىمـە نەبـەۋى تەۋسـيەنى ئېنىقـلاش ھاجەتسـىز. بىـر ئەمەلنىـڭ قۇرئانـدا تەۋسـيە قىلىنىشـىنىڭ ئۆزىـلا، مەزكـۇر ئەمەلنىـڭ سۈننەت ئىكەنلىكىگـە يېتەرلـىك ۋە قەتئىـي دەلىلـدۇر. بـۇ ئەمـەل ئۈچـۈن نەبىگـە مەنسـۇپ قىلىنغان ھەدىسـلەردە ئەمـەل، سۆز ۋە تەسـتىق خاراكتېرلـىك نەبـەۋى سۈننەتنىڭ بولۇشـى شـەرت ئەمـەس. ئايـەت بىلـەن تەۋسـيە قىلىنغانلىقـى ئۈچـۈن سۈننەت بولسـىمۇ، لېكـىن ئـۈچ تەرەپلىمـە نەبـەۋى تەۋسـيە مەۋجـۇت بولمىغـان، يەنـى ھەدىسـلەردە تىلغـا ئېلىنمىغـان ئەمەللەرمـۇ بـار. مەسـىلەن: بەقـەرە سۈرىسـى 282ـ ئايەتتـە قـەرز ئېلىشـتا ئىككى گۇۋاھچىنىڭ شـاھىت بولۇشـى بۇيرۇلغان ياكى تەۋسـيە قىلىنغان. بـۇ سـەۋەبتىن بـۇ ئەمـەل سۈننەتتۇر. لېكـىن بـۇ ئەمـەل بىلـەن مۇناسـىۋەتلىك ئـۈچ تەرەپلىمـە نەبـەۋى تەۋسـيە (ھەدىسـلەر) يـوق. ئەممـا بـۇ ئەھـۋال مەزكـۇر ئەمەلنىڭ سۈننەت بولۇشـتەك ھەقىقىتىنـى ئۆزگەرتەلمەيـدۇ.

---

(1) تىرمىزى، لىباس 12 (1736)؛ ئەبۇ داۋۇد، لىباس 24 (4079)

(2) مەھمەت گۆرمەز، «مېتود مەسىلىسى»، 289ـ بەت

ئۇنداقتا نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان رىۋايەتلەردە بىر ئەمەلنى:

1. نەبىنىڭ ئۆزى دائىم ۋە قائىدە سۈپىتىدە قىلغان بولسا (ئەمەل بار بولسا)،

2. نەبى بۇ ئەمەلنى قىلىشقا تەۋسىيە قىلغان بولسا (بۇ ھەقتە قىلغان سۆزى بولغان بولسا)،

3. نەبى بۇ ئەمەلنى قىلغۇچىلارنى تەستىقلىغان (ياكى قىلمىغانلارنى ئاگاھلاندۇرغان) بولسا (تەستىق مەۋجۇت بولسا).

بۇلار مەزكۇر ئەمەلنىڭ قۇرئانغا ئاساسلانغانلىقىنى كۈچلۈك شەكىلدە ئىما قىلىدۇ. بۇ شەرتلەرگە چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن قۇرئانغا تايانمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى رىۋايەتلەر توقۇلما بولۇشى مۇمكىن. يىغىنچاقلىغاندا، قۇرئاندا تەۋسىيە قىلىنغان بولسا سۈننەت، قىلىنمىغان بولسا سۈننەت بولمايدۇ.

## سۈننەت مۇتەۋاتىر ئەمەل ئارقىلىق يېتىپ كېلىدۇ

قۇرئاننىڭ تەتبىقلىنىشى بولغان سۈننەت، ئەھەد خەۋەر[1] خاراكتېرىدىكى ھەدىس بىلەن ئەمەس، قۇرئان ئىشارەت قىلغان (ئەگىشىڭلار دېگەن) مۇتەۋاتىر ئەمەللەر ئارقىلىق يېتىپ كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن سۈننەتنىڭ سۆز خاراكتېرلىك مەنبەسى قۇرئان بولغاندەك، ئادا قىلىنىش مەنبەسىمۇ قۇرئان (قۇرئان ئىشارەت قىلغان ئەمەللەرنىڭ مۇتەۋاتىر ئىجرا قىلىنىش شەكىللىرى)دۇر. يەنى:

ئىلگىرى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، قۇرئان جىسمانىي جەھەتتىن ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلالىشىمىز ئۈچۈن، بىزنى ئۈممەت ئورتاق ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان ئىبادەت شەكلىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇيدۇ. مەسىلەن: «رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار»[2] تەلىماتى ئارقىلىق نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. دېمەك، نامازلار بىرلىكتە رۇكۇ قىلغۇچى (جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغان) مۇئمىنلەرنىڭ تەتبىقلىشىغا ئەگىشىش ئارقىلىق ئادا قىلىنىدۇ. بۇ ھەم نامازلارنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، ھەم بۇ ئەمەلنىڭ تەۋاتۇر شەكلىدە كېيىنكى ئەۋلادلارغا يېتىپ بېرىشىغا ئاساس بولغان قۇرئانى مېتود. بۇ تەۋسىيە نەتىجىسىدە ھەر مۇسۇلمان نامازشامنى 3، بامداتنى 2، پېشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزىنى 4 رەكەت شەكلىدە ئادا قىلىدۇ. خالىغان

---

(1) بىر كىشى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس

(2) بەقەرە سۈرىسى، 43-ئايەت

كىشى رەۋاتىپ (نەپلە) نامازلىرىنى ئايرىم ھالدا ئوقۇيدۇ. قايسى مەزھەپتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەرقانداق مۇسۇلمان «مەن نامازشامنى 3 ئەمەس، 4 رەكەت ئوقۇيمەن» دېمەيدۇ. ھەتتا يېڭى مۇسۇلمان بولغان بىر كىشىمۇ «مەن نامازلارنىڭ قانچە رەكەت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ناماز ئوقۇيالمىدىم» دېيەلمەيدۇ. بارلىق نامازلارنى مەسچىتتە جامائەتنى تەقلىد قىلىش (يەنى رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە رۇكۇ قىلىش ۋە مۇتەۋاتىر سۈننەتكە ئەگىشىش) ئارقىلىق نامىزىنى ئادا قىلالايدۇ.

يەنە مەسىلەن، ھەجنى ئادا قىلىشتا بۇيرۇلغان «تاۋاپ قىلغۇچىلار»[1] ئىبارىسى ۋە «كىشىلەر ئەرافاتتىن سەلدەك ئاققان جايدىن سىلەرمۇ ئۇلار بىلەن بىللە مېڭىڭلار» تەلىماتى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاشتۇر. بۇ بۇيرۇقلار «تاۋاپ قىلغان كىشىلەرگە قوشۇلۇپ تاۋاپ قىلىڭلار ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇپ سىلەرمۇ ئەرافات (مۇزدەلىفە)تىن مىناغا قاراپ مېڭىڭلار»[2] دېمەكتە. ھەج، قۇرئاننىڭ مانا بۇ «ئەگىشىڭلار» دېگەن جامائەت خاراكتېرلىك تەتبىقلىنىش ۋاستىسى (يەنى مۇتەۋاتىر سۈننەت) ئارقىلىق ئەسىرلەردىن بۇيان ئوخشاش شەكىلدە ئادا قىلىنىپ كېلىنگەن.

روزىمۇ ئوخشاش شەكىلدە يېتىپ كەلگەن. قۇرئان، «سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە پەرز قىلىنغاندەك رامىزان روزىسى سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى»[3] ئايىتى ئارقىلىق روزىنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، «روزىنى، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەت قانداق تۇتقان بولسا سىلەرمۇ شۇنداق تۇتۇڭلار» دېمەكتە. دېمەك، روزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە قانداق تۇتۇلىدىغانلىقىمۇ مۇتەۋاتىر سۈننەتتىن ئۆگىنىلىدۇ (ئۆگەنگەن).

دېمەك، قۇرئاننىڭ ھەم سۆز، ھەم تەتبىقلاش شەكلى (ھېچ بولمىغاندا بەزى ھۆكۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى) مۇتەۋاتىر يول بىلەن يېتىپ كېلىدۇ. ئۇنداقتا، «قۇرئاننىڭ ئەھكامى لەۋزى تەۋاتۇر ئارقىلىق، بۇ ئەھكامنىڭ تەتبىقلىنىش شەكلى بولغان سۈننەت بولسا ئەمەلى تەۋاتۇر يولى بىلەن يېتىپ كېلىدۇ» دېيىشكە بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن سۈننەتنىڭ مەنبەسى بولغان لەۋزى (ئەھكام)مۇ، ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىش شەكلى بولغان (سۈننەت)مۇ مۇتەۋاتىر يول بىلەن ئۈممەتكە يېتىپ كەلگەن ۋە ھەر ئىككىسى قۇرئاندا جەم بولغان. شاتىبىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتساق:

---

(1) بەقەرە سۈرىسى، 125؛ ھەج سۈرىسى، 26-ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 199-ئايەت

(3) بەقەرە سۈرىسى، 183-ئايەت

«نەتىجىدە سۈننەت كىتاب (قۇرئان)قا تايىنىدۇ»[1].

تەۋاتۇرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن خۇددى نامازلارنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلى ۋە ھەجنىڭ ئادا قىلىنىشىغا ئوخشاش، قۇرئان ئەگىشىڭلار دېگەن جامائەت خاراكتېرلىك تەتبىقلىنىشلار قىيامەتكىچە بىر گۇرۇپپا مۆئمىن تەرىپىدىن دائىم ئادا قىلىنىدۇ ۋە پەقەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. بۇ ئىلاھى كاپالەتتۇر. ئەكسىچە بولغاندا تەۋاتۇر ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. پەرز نامازلارنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىمۇ (بەلكىم) مانا بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. چۈنكى نامازنىڭ تەۋاتۇر شەكلى مانا مۇشۇنداق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ مەسچىتتە پەقەت پەرز نامازلارنى ئادا قىلدۇرۇشى ۋە پەرزلەردىن باشقا قوشۇمچە نامازنىڭ (نەپلە) ئوقۇلۇشىغا رۇخسەت قىلماسلىقى مانا بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. ئۇ، نامازلارنىڭ تەۋاتۇر شەكلىگە بىرەر زىيان يېتىپ قالمىسۇن دەپ مانا مۇشۇنداق ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلغان[2]. ئۇنىڭ بۇ ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى نەتىجىسىدە، پەرز نامازلار بىلەن سۈننەت نامازلار ھېچقاچان ئارىلىشىپ كەتمىگەن ۋە قايسى مەزھەپتىن بولۇشتىن قەتئىينەزەر بارلىق مۇسۇلمانلار ئەسىرلەر بويى ئوخشاش شەكىلدە، يەنى ئوخشاش ۋاقىتلاردا ۋە ئوخشاش رەكەت بىلەن ناماز ئوقۇپ كەلگەن.

ناماز، ھەج ۋە روزا ئىبادەتلىرىنىڭ ئادا قىلىنىشى ھەققىدە ئەلۋەتتە ئوقۇلغان ھەدىسمۇ بار. بۇ ناھايىتى نورمال ئىش. لېكىن بىز مۆئمىنلەر ھەج، ناماز ۋە روزىنى بۇ ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى قۇرئان ئەگىشىڭلار دېگەن مۇتەۋاتىر تەتبىقلىنىشقا ئەگىشىپ ئادا قىلىمىز.

ئۇنداقتا، قۇرئان ھەرقانداق بىر ئىبادەت (ئەھكام)نىڭ ئادا قىلىنىشى ئۈچۈن ئۈممەتنىڭ مۇتەۋاتىر تەتبىقلىشىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان بولسا (ناماز ۋە ھەج مەسىلىدىكىگە ئوخشاش)، بۇ تەتبىقلىنىشقا ئەگىشىش شەرت. چۈنكى بۇ ئىبادەتلەرنىڭ باشقا شەكىلدە ئادا قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن قۇرئان ھەرقانداق بىر ئەھكامنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن، ھېچقانداق بىر تەتبىقلىنىشقا ئەگىشىشكە بۇيرۇمىغان بولسا، بۇ مەزكۇر ئەھكامنىڭ تەتبىقلىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر ۋە يېتەرلىك مەلۇماتنى ئۆزى بەرگەن دېگەنلىكتۇر. بۇ مەسىلىلەردە قۇرئاننىڭ ئىچىدە ئورۇن ئالغان مەلۇماتلارنىڭ ھەم ئەھكام، ھەم ئەمەل جەھەتتىن يېتەرلىك ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە بۇ ھەقتە قوشۇمچە مەلۇماتلارنى (ھەدىس)

---

(1) شاتىبى، «مۇۋافاقات»، 4-جىلد، 38-9-بەتلەر

(2) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 2950 (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى)؛ 2948 (بۇخارى، مۇسلىم، نەسائى)؛ 2949 (مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى)؛ 2950 (مۇۋەتتا)؛ 3097 (ئەبۇ داۋۇد)

ئىزدىمەسلىك كېرەك.

يۇقىرىدىكىلەرگە ئاساسلانغاندا سۈننەتنىڭ يېتىپ كېلىش شەكلى مۇنداق بولىدۇ:

1. ئەھكامنىڭ يېتىپ كېلىشى. قۇرئاننىڭ لەۋزى بىلەن (لەۋزى تەۋاتىر ئارقىلىق)،

2. ئەمەلنىڭ يېتىپ كېلىشى. قۇرئان ئەگىشكۈچىلار دېگەن تەتبىقلىنىشلار (ئەمەلى تەۋاتۇر) ئارقىلىق يېتىپ كېلىدۇ.

دېمەك، رەسۇلنىڭ سۈننىتى ھەم ئەھكامدا، ھەم ئەمەلدا مۇتەۋاتىر يول ئارقىلىق ئۈممەتكە يېتىپ كېلىدۇ. يەنى، مۇتەۋاتىر يول ئارقىلىق كەلمىگەن مەلۇمات (ئەھكام ياكى ئەمەل) رەسۇلنىڭ سۈننىتى ئەمەس (بولالمايدۇ). مۆئمىنلەر پەقەت مۇتەۋاتىر يول ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن (قەتئىي دەلىللىك بولغان) مەلۇماتلاردىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. مۆئمىنلەرنىڭ قەتئىي بولمىغان (گۇمانى) مەلۇماتلاردىن جاۋابكارلىققا تارتىلىشى ئىلاھى ئادالەتكە خىلاپتۇر. ئىلاھى ئادالەتنىڭ تەقەززاسىمۇ ھېچقانداق بىر مۆئمىننى گۇمانى مەلۇماتلاردىن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ.

## مۇتەۋاتىر ئەمەللەرنىڭ سۈننەت ئۈچۈن ئەھمىيتى

رەسۇلنىڭ سۈننىتىنىڭ ئۈممەتكە يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن مۇتەۋاتىر ئەمەللەرنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكى، يەنى بۇ ئەمەللەرنىڭ سۈننەتنىڭ يەتكۈزۈلۈشىدە «بولمىسا بولمايدىغان دەرىجىدە» رول ئوينىغانلىقىنى، نامازلارنىڭ جەم قىلىپ ئادا قىلىنىش سۈننىتى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ.

مەلۇم بولغىنىدەك رەسۇلۇللاھ ناماز ۋاقىتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بەرگەن رۇخسەتلەردىن پايدىلىنىپ، بەزى چاغلاردا پېشىن بىلەن ئەسىر، ناماز شام بىلەن خۇپتەننى بىرلەشتۈرۈپ (جەم قىلىپ) ئوقۇغان (ئوقۇتقان). ئۇ بۇنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ناماز ۋاقىتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرگە ئاساسەن قىلغان. چۈنكى بۇ ئايەتلەر پېشىن بىلەن ئەسىر ۋە ناماز شام بىلەن خۇپتەن ۋاقىتلىرىنىڭ ئۆزئارا زىچ گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى (ئارىسىدا ئېنىق چەك - چېگرا يوقلىقىنى) ۋە بۇلارنىڭ زۆرۈر بولغاندا جەم قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە[1].

---

(1) ئابدۇلئەزىز بايىندىر، www.suleymaniyevakfi.org/arastirmalar/Kur'an'da_namaz_vakitleri.html

رەسۇلۇللاھ سەپەر، كېسەللىك ۋە يامغۇرغا ئوخشاش ئەھۋاللاردا نامازلارنى جەم قىلىپ ئوقۇغانىدەك[1]، بۇنداق سەۋەبلەر بولمىغان ئەھۋاللاردىمۇ (مەدىنىدە تۇرۇۋاتقان چاغلاردا) نامازلارنى جەم قىلىپ ئوقۇغان. ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى ئىشەنچلىك ھەدىسلەر بار. بۇلارنىڭ بەزىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

*ئىبنى ئابباس (ر ئە)، رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) بىلەن بىرلىكتە مەدىنىدە پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىنىڭ پەرزلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ (جەم قىلىپ) 8 رەكەت ۋە نامازشام بىلەن خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ 7 رەكەت ئوقۇدۇم*[2].

*ئىبنى ئابباس (ر ئە)، رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) مەدىنىدە مۇقىم تۇرۇۋاتقان چاغدا، ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە سەپەر ئەھۋاللىرى بولمىغان ھالەتتىمۇ پېشىن بىلەن ئەسىرنى ۋە ناماز شام بىلەن خۇپتەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇدى. مەن (سەئىد بىن جۇبەير) ئىبنى ئابباستىن: «سىنىڭچە رەسۇلۇللاھ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدى؟» دەپ سوردۇم. ئۇ: «ئۇممىتىدىن ھېچكىمنى مۇشكۇل ئەھۋالغا قويماسلىقى ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەردى*[3].

رەسۇلۇللاھنىڭ ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلغان ۋاقىتتا ئەرەفاتتا پېشىن بىلەن ئەسىرنى، مۇزدەلىفەدە نامازشام بىلەن خۇپتەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغانلىقى تەۋاتۇر شەكلىدە بىزگە يېتىپ كەلگەن[4]. بۇ سەۋەبتىن بارلىق مۇسۇلمانلار ھەج جەريانىدا ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدە بۇ نامازلارنى جەم قىلىپ ئوقۇيدۇ. قايسى مەزھەپتىن بولۇشتىن قەتئىينەزەر بارلىق مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ تەتبىقلىشى (مۇتەۋاتىر سۈننىتى)غا ئەگىشىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەرەفاتتا پېشىن ۋاقتى كىرگەندە ئالدى بىلەن پېشىن نامىزىنى (2 رەكەت) ۋە ئاندىن ئەسىر نامىزىنى (2 رەكەت) شەكلىدە جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇدى (يەنى ئەسىر نامىزىنى پېشىن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ جەم قىلغان). ھەر ناماز ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەكبىر ئېيتقۇزغان. مۇزدەلىفەدە بولسا نامازشامنى خۇپتەنگە كېچىكتۈرۈپ، خۇپتەن ۋاقتى كىرىشى بىلەن باشتا نامازشامنىڭ پەرزىنى، ئاندىن خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇدى (يەنى نامازشامنى

---

(1) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 2910ـ2911 (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى)؛ 2912 (بۇخارى)

(2) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 2917 (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى)

(3) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 2918 (مۇسلىم، مۇۋەتتا)

(4) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 2913 (بۇخارى، مۇسلىم، مۇۋەتتا، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى)؛ 2914 (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى)؛ 2915 (ئەبۇ داۋۇد)

خۇپتەنگە كېچىكتۈرۈپ، خۇپتەن بىلەن جەم قىلغان). بۇ ئارقىلىق جەم قىلىنغان نامازلارنى ئالدىغا ئېلىپ (جەمئى تەقدىم) ياكى كېچىكتۈرۈپ (جەمئى تەخىر) ئوقۇشقا بولىدىغانلىقىنى مىڭلىغان مۇئمىنگە ئەمەلىي تەتبىقلاش بىلەن ئۆگەتكەن ۋە بۇ سۈننەتنى ئەمەلىي تەۋاتۇر زەنجىرىگە قوشقان.

بۇ سۈننەت رەسۇلۇللاھنىڭ ھەجدىكى تەتبىقلىشى، يەنى مۇتەۋاتىر ئەمىلى ئارقىلىق ئۈممەتكە يېتىپ كەلگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سەھىھ ھەدىسلەر بۇ سۈننەتنىڭ ئۈممەتكە يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن (بەزى مەزھەپلەردە) يېتەرلىك بولمىغان. مەسىلەن: ھەنەفى مەزھىپىدىكىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۈننىتىنى پەقەت ھەجگە خاسلاشتۇرغان ۋە باشقا چاغلاردا بۇ نامازلارنى جەم قىلىپ ئوقۇغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ تەتبىقلىشىنى قۇرئانغا ماس ھالدا (مالىكى، شافى ۋە ھەنبەلىيلەردىكىدەك) باشقا مەزگىللەردىمۇ ئىجرا قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ تەتبىقلىنىش قۇرئان (يەنى رەسۇلنىڭ سۈننىتى)غا تايانغان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ھەدىسلەرگە تايىنىپ، مالىكى ۋە شافى مەزھىپىدىكىلەر سەپەر ۋە بىتاپ مەزگىللەردە، ھەنبەلىيلەر بولسا ھەرقانداق ئەھۋالدا (مۇقىم تۇرۇۋاتقان چاغدىمۇ) بۇ نامازلارنى جەم قىلىپ ئوقۇشقا بولىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ[1]، لېكىن ھەنەفىلەر بۇ نامازلارنى پەقەت ھەج مەزگىلىدە جەم قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ھەنەفىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدىكى بۇ ئەمەلىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ تەۋاتۇر سۈپىتىدە يېتىپ كەلگەنلىكىنى، لېكىن «ناماز مۇئمىنلەرگە ۋاقتى بىلەن پەرز قىلىندى»[2] ئايىتى سەۋەبىدىن، بۇ تەتبىقلاشنى باشقا ۋاقىتلاردا قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، چۈنكى نامازنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىنىشى كېرەك بولغان ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ[3].

ھەنەفىلەرنىڭ بۇ قارىشى زىتلىق ئىچىدە بولۇپ، ئۇلار ھەم رەسۇلۇللاھنىڭ ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدە نامازلارنى جەم قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەم «نامازلارنى جەم قىلىپ ئوقۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى جەم قىلىنغان نامازلار ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىنمىغان بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھنىڭ ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدىكى نامازلىرى ئۈچۈن «ۋاقتىدا قىلىنمىدى» دېگەن بولىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئوقۇپ قۇرئانغا خىلاپلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

---

(1) سەرەخسى، «مەبسۇت»، 1 ـ جىلد، 267 ـ 266 ـ بەتلەر

(2) نىسا سۈرىسى، 103 ـ ئايەت

(3) سەرەخسى، «مەبسۇت»، 1 ـ جىلد، 267 ـ بەت

بۇ نۇقتا نەزەردە تۇتۇلغاندا، ھەنەفىلەرنىڭ بۇ قارىشى خاتا ۋە قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدىكى نامازلار ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ئەھكام يوق. يەنى، ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدىكى نامازلارنى جەم قىلىپ ئوقۇشقا بولىدىغانلىقىنى، لېكىن باشقا جايلاردا نامازنى جەم قىلىپ ئوقۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان (بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدىغان) ھېچقانداق بىر ئايەت يوق.

تۆۋەندە رەسۇلۇللاھنىڭ بۇنى قۇرئاننىڭ قايسى ئايىتىگە تايىنىپ تۇرۇپ تەتبىقلىغانلىقىنى (ھەنەفىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋە قايسى نۇقتىدا زىتلىق ئىچىدە قالغانلىقىنى) ئىزاھلاپ ئۆتەيلى:

نىسا سۈرىسى 103-ئايىتىدە «... چۈنكى ناماز مۇئمىنلەرگە ۋاقىتلىرى بەلگىلەنگەن پەرزدۇر» دېيىلمەكتە. دېمەك، ناماز ۋاقىتلىرى ئېنىق ۋە چەكلىك مۇددەت ئىچىدە بولغان ئىبادەت. ئىسرا سۈرىسى 78-ئايىتىدە بولسا «كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقى چۈشكىچە ۋە تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن (بامدات) نامىزىنى ئوقۇغىن. چۈنكى تاڭ ئېتىۋاتقان ۋاقىتنى كۆز بىلەن پەرق قىلغىلى بولىدۇ» دېيىلمەكتە. بۇ ئايەتتە بىر كۈن ئىچىدىكى بارلىق نامازلارنىڭ قايسى ۋاقىتلاردا ئادا قىلىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە. بۇنىڭغا ئاساسەن بىر كۈننىڭ دەسلەپكى ناماز ۋاقتى چىڭقىچۈش مەزگىلىدىن كېيىنلا باشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە (بەزى نامازلار) ئوقۇلغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان ناماز بار بولۇپ، بۇ بامدات نامىزىدۇر. بۇ ئايەتتە ئىشارەت قىلىنغان ناماز ۋاقىتلىرى مۇنداق:

1. قۇياش تىكلىشىپ قايرىلغان ۋاقىت (1. پېشىن نامىزىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى).

2. قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىت (2. خۇپتەن ۋاقتىنىڭ ئاخىرلىششى).

3. تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن (3. بامدات نامىزىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى).

ھۇد سۈرىسى 114-ئايەتتە «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ۋە كېچىنىڭ زۇلفىلىرىدە (كۈندۈزگە يېقىن ۋاقىتلىرىدا) ناماز ئوقۇغىن» دېيىلگەن. كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى نامىزى كۈن تىكلىشىپ قايرىلغان ۋاقىت بىلەن باشلانغانلىقى ئۈچۈن، كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئوقۇلىدىغان ناماز پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىدۇر. كۈن پاتقاندىن كېيىن قايتىدىن كۈن چىققىچە بولغان مۇددەت كېچە دەپ ئاتىلىدۇ. كېچىنىڭ زۇلفىلىرى - كۈندۈزگە يېقىن بولغان ۋاقىت دېگەنلىكتۇر. ئۇنداقتا، كېچىنىڭ زۇلفىلىرىدا ئوقۇلىدىغان نامازلار ناماز شام، خۇپتەن ۋە بامدات

نامازلىرىدۇر. بۇ ئايەتتە ئىما قىلىنغان ناماز ۋاقىتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپى (1. پېشىن نامىزىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى).

2.كۈندۈزنىڭ ئاخىرقى تەرىپى (2. ئەسىر نامىزىنىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتى).

3.كېچىنىڭ بىر زۆلەفى (3. نامازشامنىڭ باشلىنىش ۋاقتى، 4. خۇپتەن).

4.كېچىنىڭ يەنە بىر زۆلەفى (5. بامداتنىڭ ئاخىرلىشىشى).

قاف سۈرىسى 39-ئايەتتە «ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن. كۈن چىقىشتىن بۇرۇن، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن رەببىڭگە ھەمد بىلەن تەسبىھ ئېيتقىن» دېيىلگەن. دېمەك، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن بىر ناماز (بامدات) ۋە پېتىشتىن بۇرۇن بىر ناماز (ئەسىر) ئوقۇلغان. بۇ ئايەتتە ئىشارەت قىلىنغان ناماز ۋاقىتلىرى مۇنداق:

1. كۈن چىقىشتىن بۇرۇن (1. بامداتنىڭ ئاخىرلىشىش ۋاقتى).

2. كۈن پېتىشتىن بۇرۇن (2. ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى).

ئەمدى بىز بۇ ئايەتلەردىن ئېرىشكەن نامازلارنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقىتلىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلگە ئورۇنلاشتۇرايلى:

| پېشىننىڭ باشلىنىشى | پېشىننىڭ ئاخىرى ئەسىرنىڭ بېشى | ئەسىرنىڭ ئاخىرى نامازشامنىڭ باشلىنىشى | نامازشامنىڭ ئاخىرى خۇپتەننىڭ باشلىنىشى | خۇپتەننىڭ ئاخىرلىشىشى | بامداتنىڭ باشلىنىشى |
|---|---|---|---|---|---|
| كۈننىڭ قايرىلىشى | --- | كۈن پېتىش | --- | قاراڭغۇ كېچە | شەپەقتىن بۇرۇن |

يۇقىرىدىكى جەدۋەلدە كۆرۈلگەندەك پېشىن نامىزىنىڭ چىقىپ كېتىش ۋاقتى بىلەن ئەسىر نامىزىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى قۇرئاندا بەلگىلەنمىگەن. قۇرئان بۇ نامازلار ئارىسىدا ئېنىق چەك - چېگرا بەلگىلىمىگەن. بۇنىڭ مەنىسى مۇنداق: كۈن قايرىلغاندىن تارتىپ كۈن پاتقىچە بولغان ۋاقىتتا ئىككى ناماز (پېشىن ۋە ئەسىر) ئوقۇلىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى نامازنى زۆرۈر بولغاندا (ئالدىغا ئېلىنىپ ياكى ئارقىغا سۈرۈلۈپ) بىرلىكتە ئوقۇشقا بولىدۇ. قۇرئان بۇنىڭغا يول قويغان. ئوخشاش شەكىلدە نامازشامنىڭ چىقىپ كېتىش ۋاقتى بىلەن خۇپتەننىڭ باشلىنىش ۋاقتىمۇ ئېنىق بەلگىلەنمىگەن. يەنى بۇ نامازلارنىڭ ۋاقىتلىرى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە

كۆرسىتىلگەندەك بىر - بىرىگە زىچ كىرىشىپ كەتكەن.

بۇ نامازلارنى قۇرئان بەرگەن رۇخسەتكە ئاساسەن (ئالدىغا ئېلىنىپ ياكى ئارقىغا سۈرۈلۈپ) بىرلىكتە ئوقۇشقا بولىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ نامازلارنى جەم قىلىشى قۇرئان بەرگەن بۇ رۇخسەتنى پائال ئىشلىتىشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى جەم قىلىنغان بۇ نامازلار ئوخشاش ۋاقىتنىڭ قوش كېزەك نامازلىرى بولۇپ، بۇنى 24 سائەتلىك بىر كۈننىڭ ناماز ۋاقىتلىرىغا ئاساسەن 4 پارچىغا ئايرىش ئارقىلىق ئېرىشكەن تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرۈپ باقايلى:

| ناماز | سائەت (تەخمىنەن) | ئاخىرلىشىش | باشلىنىش | |
|---|---|---|---|---|
| --- | 06:00 – 12:00 | چىڭقى چۈش | كۈن چىقىش | 1.ۋاقىت |
| پېشىن - ئەسىر | 12:00 – 18:00 | كۈن پېتىش | چىڭقى چۈش | 2.ۋاقىت |
| نامازشام - خۇپتەن | 18:00 – 24:00 | قاراڭغۇ كېچە | كۈن پېتىش | 3.ۋاقىت |
| بامدات | 24:00 – 06:00 | كۈن چىقىش | قاراڭغۇ كېچە | 4.ۋاقىت |

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك پېشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى ئوخشاش ۋاقىت تىلىمى ئىچىدە، ناماز شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتىمۇ ئوخشاش ۋاقىت تىلىمى ئىچىدە يەر ئالماقتا. پەرقلىق ۋاقىت تىلىملىرى ئىچىدە ئورۇن ئالغان نامازلارنى (مەسىلەن: ئەسىر بىلەن ناماز شام ياكى بامدات بىلەن پېشىن) جەم قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن ئوخشاش ۋاقىت تىلىملىرى ئىچىدە ئورۇن ئالغان نامازلارنى جەم قىلغىلى بولىدۇ. قۇرئان بۇنىڭغا يول قويماقتا. رەسۇلۇللاھ قۇرئان بەرگەن بۇ رۇخسەتنى تەتبىقلىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئىش قىلمىغان. ئۇنداقتا قۇرئاننىڭ بۇ رۇخسىتىگە ئاساسەن ئوخشاش زامان تىلىمى ئىچىدىكى نامازلارنى پەقەت ھەج مەزگىلىدىلا ئەمەس، (زۆرۈر بولغاندا) باشقا ۋاقىتلاردىمۇ جەم قىلىپ ئوقۇشقا بولىدۇ.




دېمەك، جەم قىلىپ ئوقۇلغان نامازلار (ھەنەفىلەر ئىلگىرى سۈرگەن قاراشنىڭ ئەكسىچە) ئەسلىدە يەنە ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىنغان بولىدۇ. چۈنكى ۋاقىتلىرى ئوخشاش زامان تىلىمى ئىچىدە ئورۇن

ئالغان نامازلارنىلا جەم قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتى ئېنىق بولغان بامدات نامىزىنى باشقا ۋاقىتتىكى نامازلار بىلەن جەم قىلغىلى بولمايدۇ. ئەسىر نامىزى بىلەن ناماز شامنى جەم قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىششى ۋە ناماز شامنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ئېنىق بېكىتىلگەن. بۇ نامازلارنىڭ ۋاقتى ئۆزئارا زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن ئەمەس.

رەسۇلۇللاھنىڭ ھەج ۋاقتىدا بۇ نامازلارنى (ئىلاھى بىر ئىشارەت ئارقىلىقمۇ ياكى بۇ تەتبىقلاشنىڭ كېيىنكى مۇئمىنلەرگە لازىم بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ) نېمە ئۈچۈن جەم قىلىپ ئوقۇغانلىقىنى بىلمەيمىز. لېكىن بۇ تەتبىقلاشنىڭ بۇ سەۋەبتىن ئەمەلى تەۋاتۇرغا ئايلانغانلىقىنى ۋە بۇ سايىدە ئۈممەتكە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز. چۈنكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋە قۇرئان بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغان سەھىھ ھەدىسلەرگە قارىماستىن، ھەنەفىلەر بۇ نامازلارنى جەم قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ ھەج جەريانىدىكى مۇتەۋاتىر تەتبىقلىشىنى ئىنكار قىلالمىغان. بۇ سەۋەبتىن قايسى مەزھەپتىن بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مۇسۇلمانلار ھەج جەريانىدا بۇ نامازلارنى جەم قىلىپ ئوقۇيدۇ (بۇ مۇتەۋاتىر سۈننەتكە ئەگىشىدۇ).

مەملىكىتىمىزدە ھەنەفىلەرنىڭ كۆپ سانلىقتا ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم[1]. بۇ سەۋەبتىن مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى بۇ نامازلارنى جەم قىلىپ ئوقۇشقا بولىدىغانلىقىنى تۇنجى بولۇپ ھەجگە بارغاندا ئۆگىنىدۇ. بىز بۇ تەتبىقلاشتىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق نۇرغۇن مۇئمىنىنىڭ ھەجگە بارغاندا بۇ ئەمەلنى ئۆگەنگەنلىكىنى ۋە ھەجدىن قايتقاندا (زۆرۈر تېپىلغاندا) بۇنى ئىجرا قىلىشقا باشلىغانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇق. ھەتتا بۇ مۇئمىنلەرنىڭ «نېمە ئۈچۈن بۇرۇن بىزگە بۇلار ئۆگىتىلمىدى؟ ئەگەر بىلگەن بولساق ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن نامازلىرىمىزنى بۇ شەكىلدە ئادا قىلاتتۇق» دېگەنلىكىنى كۆردۇق. مانا بۇ تەۋاتۇرنىڭ ئەھمىيىتى ۋە كۈچى بولسا كېرەك. بۇ ئەھۋال مۇتەۋاتىر ئەمەللەرنىڭ سۈننەتنىڭ ئۈممەتكە يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بىزگە كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

(1) بۇ كىتابىمىزدىكى «ھەنەفىلەر» ئىبارىسى دائىم «ھەنەفى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلدى. چۈنكى ھەنەفى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ پىرىنسىپلىرىدىن زىيادە، شافى ـ ھەنبەلى ئەبجەش بىر يولنى تۇتۇپ ماڭماقتا. ئېتىقادى جەھەتتىمۇ ئەھۋال ئوخشاش. مەسىلەن: ماتۇرىدى پىرىنسىپلار ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئېتىقادى قاراشلىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بولۇپ، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ماتۇرىدى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقا بولىدۇ (ئاھمەد ئاك، «مىلەل ۋە نىھال»، ئەقىدە، كۈلتىر ۋە ئەپسانىلەر تەتقىقات ژورنىلى، 7 ـ جىلد، 2 ـ سان، 2010، 240 ـ 223 ـ بەتلەرگە قاراڭ). لېكىن كۈنىمىزدىكى ھەنەفىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى ئەشئارى مەزھىبىدە بولۇپ، ئۇلار بۇنى ھېس قىلمايدۇ (بۇ ھەقتە تېخىمۇ تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن زەكى بايراكتار، «ئەبۇ ھەنىفە ھەنەفىمىتى؟»، كىتاب ۋە ھېكمەت ژورنىلى، 2 ـ يىل، 6 ـ سان، 94 ـ 90 ـ بەتلەرگە قاراڭ).

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئەھۋال، سۈننەتنىڭ ئۈممەتكە يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر. ئۇ، ھەج جەريانىدا بۇ تەبلىغلاش ئارقىلىق بۇ نامازلارنى قۇرئانغا ماس ھالدا جەم قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بارلىق مۇئمىنلەرگە كۆرسىتىپ بەرگەن (ئۆگەتكەن).

رەسۇلۇللاھ، ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدە بۇ نامازلارنى نېمە ئۈچۈن جەم قىلىپ ئوقۇغان؟ بۇ يەردىكى نامازلار ھەققىدە ئايرىم بىر ھۆكۈم بولمىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە بولۇشى مۇمكىن؟

«بۇنىڭ سەۋەبى سەپەر ئۈستىدە بولغانلىقى» دېيىشكە بولمايدۇ. ئەگەر سەۋەب بۇ بولغان بولسا ئىدى پەقەت ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ھەج جەريانىدا نامازلارنى مۇشۇنداق ئوقۇغان بولاتتى. دېمەك، بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب سەپەر ئۈستىدە بولغانلىقى ئەمەس. «مۇشەققەت ھالدا بولۇشى» دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى مۇشەققەت ھالدا بولۇشى پۈتكۈل ھەج جەريانىدا مەۋجۇت. ھەتتا ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدىنمۇ مۈشكۈل بولغان ۋاقىتلار بار. دېمەك، سەۋەب مۇشەققەت ھالدا بولغانلىق ئەمەس. «ۋاقىت قىسلىقى» دېسەك، بۇمۇ مەنتىقلىق ئەمەس. چۈنكى پەقەت بولمىغاندا ئەرەفاتتا بۇنداق ئەھۋالنىڭ يوقلىقى بىزگە مەلۇم. ھەتتا جىمى ھاجىلارنىڭ ناماز شامغىچە بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ۋاقىتنى دۇئا (ئىبادەت) بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بۇ سەۋەبتىن پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا (جەم قىلماستىن) بىمالال ھالدا ئوقۇيالايدۇ. ئۇنداقتا سەۋەب نېمە؟ بىزنىڭچە بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: رەسۇلۇللاھ بۇ تەبلىغلاشنى بارلىق ھاجىلار جەم بولغان ماكاندا (ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفەدە) قىلىش ئارقىلىق مۇتەۋاتىر ھالغا كەلتۈرۈش ۋە بۇ سۈننەتنى ئۈممىتىگە ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلغان. دەرۋەقە شۇنداق ئۆگەتكەن. ئۇ بۇ تەبلىغلاشنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان جامائەتنىڭ (يۈز مىڭلىغان مۇئمىنىنىڭ) گۇۋاھلىقىغا ئامانەت قىلىپ، بۇ سۈننەتنى تەۋاتۇر زەنجىرىگە قوشقان ۋە ئۈممىتىگە يەتكۈزۈپ بەرگەن. رەسۇلۇللاھ جەمئىي تەقدىمنى ئەرەفاتتا، جەمئىي تەخىرنى مۇزدەلىفەدە مىڭلارچە مۇئمىنگە ئۆگىتىپ، قۇرئان بەرگەن رۇخسەتتىن پايدىلىنىپ ئائىلەرگە رەھمەت بولغان. پۈتۈن ئائىلەرگە ئەۋەتىلگەن رەسۇل ئىكەنلىكىنى (يەنە بىر قېتىم) ئىسپاتلاپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈممىتى پەقەت ئون بەش ئەسىر ئىلگىرى ياشىمىغان بولۇپ، قىيامەتكىچە ياشايدۇ. ئون بەش ئەسىر ئىلگىرىمۇ، كۈنىمىزدىمۇ، ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بارلىق مۇئمىنلەر بۇ نامازلارنى ئوقۇيدۇ. ئىسلام پەقەت يېزا ئىگىلىك خەلقنىڭ دىنى ئەمەس. زامانىۋى، دەرىجىدىن تاشقىرى زامانىۋى بارلىق

دەۋرلەرنىڭ دىنىدۇر. شۇنداقلا پىنسىيەگە چىققان ياشىنىپ قالغانلارنىڭ، ئىشى يوق بىكار تەلەپلەرنىڭ دىنى ئەمەس. قېرى - ياش، ئىشى بار - ئىشى يوق، ئىشچى - خوجايىن بارلىق كىشىنىڭ دىنىدۇر. سىبىرىيە سوغۇقىدا ياشايدىغانلار ئۈچۈنمۇ، ئەرەبىستان چۆللىرىدە ياشايدىغانلار ئۈچۈنمۇ بىردىنبىر دىن ئىسلامدۇر. سائەتلەرچە ئوپېراتسىيە بىلەن مەشغۇل بولىدىغان دوختۇرلارنىڭ، سائەتلەرچە ئايروپىلان ھەيدىگەن لۇچىكلارنىڭمۇ دىنى ئىسلامدۇر. قىيامەتكىچە كېلىدىغان بارلىق مۇئمىنلەر بۇ دىننى ياشايدۇ. مۇھەممەد (ئە س) پەقەت مەلۇم بىر رايون ۋە دەۋر ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن نەبى - رەسۇل ئەمەس بولۇپ، ماكان ۋە زاماندىن ھالقىغاندۇر. مانا بۇ سەۋەبتىن ئۇ، بۇ تەتبىقلىشى (سۈننىتى) ئارقىلىق بەزى نامازلارنى زۆرۈر بولغاندا جەم قىلىپ ئوقۇشقا بولىدىغانلىقنى كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە پۈتكۈل مۇئمىنلەرگە (ئالەملەرگە) رەھمەت بولغان.

بۇلارنىڭ ھەممىسى رەسۇلنىڭ سۈننىتىنىڭ ھەدىسلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى قۇرئان ۋە مۇتەۋاتىر ئەمەللەر بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەلۇم بولغاندەك بۇ ھەقتىكى سەھىھ ھەدىسلەر بەزى مەزھەپلەر ئۈچۈن دەلىل بولالمىغان، بولالمايدۇ. چۈنكى سۈننەت ھەدىسلەر ئارقىلىق يېتىپ كەلمەيدۇ. بۇ ھەقتىكى سەھىھ ھەدىسلەرنى دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلمىغان ھەنەفىلەرمۇ مۇتەۋاتىر ئەمەل (سۈننەت)نى ئىنكار قىلالمىدى. مانا بۇ تەۋاتۇرنىڭ كۈچى ۋە ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## قۇرئاندىكى سۈننەتلەرگە مىساللار

بۇ پاراگرافتا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئىزاھات قىسمىدا كۆرسىتىش ئارقىلىق قۇرئاندىن بەزى بۇيرۇق ۋە تەۋسىيەلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان بۇ بۇيرۇق ۋە تەۋسىيەلەرنىڭ نەقەدەر كەڭ دائىرىلىك ئىكەنلىكىگە ۋە بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ (ئەمەلىي تۇرمۇشتا) سۈننەت دەپ قارىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغايسىلەر. شۇنداق، قۇرئاننىڭ بۇ بۇيرۇق ۋە تەۋسىيەلىرى (بۇلارنىڭ تەتبىقلىنىشى)نى سۈننەت دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. لېكىن بۇلار ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەندەك ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن سۈننەتتۇر. دېمىسىمۇ، رەسۇلنىڭ سۈننىتىنىڭ قۇرئان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندۇق. ئۇنداقتا، رەسۇلنىڭ سۈننىتىنىڭ پۈتۈنلەي (ھەدىسلەرگە ئەمەس) قۇرئانغا تايانغانلىقىنى تۆۋەندىكى مىساللار بىلەن كۆرۈپ ئۆتەيلى.

# قۇرئان (سۈننەت)نىڭ بۇيرۇق ۋە تەۋسىيەلىرىگە مىساللار

ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش[1]، ئىمان ئېيتىش[2]، پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش ۋە پەقەت ئۇنىڭدىنلا ياردەم تىلەش[3]، پەقەت قۇرئانغا ئەگىشىش[4]، نامازنى ئادا قىلىش[5]، زاكات بېرىش[6]، روزا تۇتۇش[7]، ھەج (ئۆمرە ھەج)نى ئادا قىلىش[8]، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش[9]، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ياردەم قىلىش[10]، يېتىملەرگە ئىگە چىقىش[11]، ئىنفاق قىلىش (سەدىقە بېرىش)[12]، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش[13]، سېخىي بولۇش[14]، كەمبەغەل، ئىگە - چاقىسىز، مىسكىنلەرگە تائام بېرىش، ھامىي بولۇش[15]، ئائىلىسىگە[16]، پەرزەنتلىرىگە[17]، قولۇم - قوشنىلارغا[18]، ھەرقانداق كىشىگە ياخشى مۇئامىلە

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 32، 132؛ مائىدە سۈرىسى، 92؛ شۇئەرا سۈرىسى، 125؛ نىسا سۈرىسى، 90-ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 3، 285؛ ئالئىمران سۈرىسى، 84، 110، 179؛ نىسا سۈرىسى، 171؛ ئەئراف سۈرىسى، 158؛ ھەدىد سۈرىسى، 7-ئايەت

(3) فاتىھە سۈرىسى، 4؛ كەۋسەر سۈرىسى، 2؛ نەجم سۈرىسى، 62؛ زارىيات سۈرىسى، 56؛ ئەنبىيا سۈرىسى، 25، 92؛ رەئد سۈرىسى، 36؛ ئىسرا سۈرىسى، 23؛ تاھا سۈرىسى، 14-ئايەت قاتارلىقلار

(4) ئەئراف سۈرىسى، 3-ئايەت

(5) بەقەرە سۈرىسى، 238؛ نىسا سۈرىسى، 77، 103، 162؛ رەئد سۈرىسى، 114؛ ئىسرا سۈرىسى، 78؛ تاھا سۈرىسى، 132؛ ئەنكەبۇت سۈرىسى، 45؛ مائىدە سۈرىسى، 6، 12، 55... ئايەتلەر

(6) بەقەرە سۈرىسى، 43، 110، 177؛ نىسا سۈرىسى، 77، 162؛ مائىدە سۈرىسى، 12، 55؛ مەريەم سۈرىسى، 31؛ ئەھزاب سۈرىسى، 33؛ نەمل سۈرىسى، 3؛ مۇئمىنۇن سۈرىسى، 4 ... ئايەتلەر

(7) بەقەرە سۈرىسى، 183-187، 196؛ مائىدە سۈرىسى، 89، 95؛ نىسا سۈرىسى، 92؛ ئەھزاب سۈرىسى، 35-ئايەت

(8) بەقەرە سۈرىسى، 189، 196 - 198، 200؛ ئالئىمران سۈرىسى، 97؛ مائىدە سۈرىسى، 97؛ ھەج سۈرىسى، 27-ئايەت.

(9) ئىسرا سۈرىسى، 23، 24؛ ئەھقاف سۈرىسى، 15-ئايەت

(10) نىسا سۈرىسى، 36؛ نەھل سۈرىسى، 90؛ بەقەرە سۈرىسى، 93، 177؛ ئىسرا سۈرىسى، 26؛ رۇم سۈرىسى، 38؛ نۇر سۈرىسى، 22-ئايەت

(11) زۇھا سۈرىسى، 9؛ بەقەرە سۈرىسى، 177، 215، 220؛ نىسا سۈرىسى، 127؛ ئەنئام سۈرىسى، 151-153-ئايەتلەر

(12) بەقەرە سۈرىسى، 177، 271، 276، 280؛ ئەنئام سۈرىسى، 141؛ يۇسۇف سۈرىسى، 88؛ ئەھزاب سۈرىسى، 35؛ ھەدىد سۈرىسى، 35-ئايەت

(13) ئالئىمران سۈرىسى، 110-ئايەت

(14) سەبەئ سۈرىسى، 39-ئايەت

(15) نىسا سۈرىسى، 36؛ ئەنفال سۈرىسى، 41؛ ئىسرا سۈرىسى، 26؛ ئىنسان سۈرىسى، 8-ئايەت

(16) نىسا سۈرىسى، 129؛ شۇئەرا سۈرىسى، 169؛ تەھرىم سۈرىسى، 6-ئايەت

(17) نىسا سۈرىسى، 127؛ ئەنئام سۈرىسى، 151-ئايەت

(18) نىسا سۈرىسى، 36-ئايەت

قىلىش[1]، قىز پەرزەنتلەرنى ئاسراش[2]، ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش[3]، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ مىراسىنى[4]، مىراسنى ئادالەت بىلەن تەقسىم قىلىش[5]، ئاياللىرىغا مەھرى ھەققىنى بېرىش[6]، ئائىلىگە نەپىقىسىنى بېرىش[7]، (ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولسا) چىرايلىقچە ئۆزلىشىپ كېتىش[8]، ھەرقانداق كىشىگە ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش[9]، كىشىلەرنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىش[10]، ياردەمپەرۋەر بولۇش[11]، خۇش چىراي بولۇش[12]، كەڭ قورساق[13]، ئەپۇچان[14]، مېھرىبان[15]، شەپقەتلىك بولۇش[16]، ھەقسىزلىقنىمۇ چىرايلىقچە رەت قىلىش[17]، ياخشى سۆز قىلىش[18]، ئامانەتنى ئەھلىگە تاپشۇرۇش[19]، پاكىز بولۇش[20]، چىرايلىق كىيىنىش[21]، چىرايلىقچە خىتاب قىلىش[22]، تانە - تانە ئېنىق ئوقۇش (سۆزلەش)[23]، پوتكۇل كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈش[24]، كىچىك پېئىل بولۇش[25]،

(1) مۇمتەھىنە سۈرىسى، 12؛ ئەنكەبۇت سۈرىسى، 15-14-ئايەت

(2) نەھل سۈرىسى، 59-58؛ شۇرا سۈرىسى، 49؛ تەكۋىر سۈرىسى، 8-ئايەت

(3) نىسا سۈرىسى، 6، 127؛ شۇئەرا سۈرىسى، 169؛ تەھرىم سۈرىسى، 6-ئايەت

(4) نىسا سۈرىسى، 12، 176-ئايەت

(5) ئالئىمران سۈرىسى، 180؛ نىسا سۈرىسى، 8، 11، 12، 127، 176؛ مائىدە سۈرىسى، 108-107-ئايەتلەر

(6) بەقەرە سۈرىسى، 237؛ نىسا سۈرىسى، 4، 20، 24، 25؛ مائىدە سۈرىسى، 5-ئايەت

(7) بەقەرە سۈرىسى، 233؛ تەلاق سۈرىسى، 7-6-ئايەتلەر

(8) بەقەرە سۈرىسى، 229-ئايەت

(9) نىسا سۈرىسى، 58، 138؛ مائىدە سۈرىسى، 8، 42؛ ئەئراف سۈرىسى، 29، 89؛ ئەنئام سۈرىسى، 153-151-ئايەتلەر

(10) نىسا سۈرىسى، 11، 12، 127، 129؛ شۇئەرا سۈرىسى، 183-ئايەت

(11) بەقەرە سۈرىسى، 220، 215، 177-ئايەت

(12) بەقەرە سۈرىسى، 263-ئايەت

(13) ئالئىمران سۈرىسى، 119؛ مائىدە سۈرىسى، 100-ئايەت

(14) نەھل سۈرىسى، 125، 126؛ مائىدە سۈرىسى، 13؛ نىسا سۈرىسى، 159؛ جاسىيە سۈرىسى، 14-ئايەت

(15) ئىسرا سۈرىسى، 24؛ تەۋبە سۈرىسى، 128؛ ئەنبىيا سۈرىسى، 107؛ شۇئەرا سۈرىسى، 215-ئايەت

(16) تەۋبە سۈرىسى، 128-ئايەت

(17) مۇئمىنۇن سۈرىسى، 96-97؛ فۇسسىلەت سۈرىسى، 34-36؛ شۇرا سۈرىسى، 40-ئايەت

(18) ئىسرا سۈرىسى، 53-ئايەت

(19) نىسا سۈرىسى، 58-ئايەت

(20) مۇددەسسىر سۈرىسى، 4-ئايەت

(21) مۇددەسسىر سۈرىسى، 4-ئايەت

(22) ئىسرا سۈرىسى، 53-ئايەت

(23) مۇززەممىل سۈرىسى، 4-ئايەت

(24) ئەنئام سۈرىسى، 70؛ ئەئراف سۈرىسى، 176؛ ھىجر سۈرىسى، 89؛ مۇددەسسىر سۈرىسى، 2؛ ئىسرا سۈرىسى، 105-ئايەت

(25) ئىسرا سۈرىسى، 37؛ ھىجر سۈرىسى، 88؛ فۇرقان سۈرىسى، 63-ئايەت

كەمتەرلىك بىلەن مېڭىش[1]، ئاددى ـ ساددا ياشاش[2]، ۋاپادار بولۇش[3]، سالامنى يېيىش ۋە سالامغا ئەڭ ياخشى شەكىلدە جاۋاب قايتۇرۇش[4]، گەپتە چېقىۋالسىمۇ «سالام» دەپ ئۆتۈپ كېتىش[5]، ئىكرام قىلىش[6]، كېڭەش قىلىش[7]، ئاچچىقىنى بېسىۋېلىش[8]، قانائەتچان بولۇش[9]، ئىپپەت ـ هايالىق بولۇش[10]، تەسەتتۇرغا رىئايە قىلىش[11]، تىرىشچان ۋە غەيرەتلىك بولۇش[12]، تارازىنى توغرا ۋە ئادىللىق بىلەن تارتىش[13]، تىجارەتتە توغرا يولدىن قېيىپ كەتمەسلىك[14]، ھەممە كىشىگە ياخشىلىق قىلىش[15]، كاپىر ۋە مۇناپىقلارغا قاتتىق قول[16]، مۇئمىنلەرگە كۆيۈمچان ۋە مېهرىبان بولۇش[17]، خىزمەتچىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش[18]، سەۋرچان بولۇش[19]، يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش[20]، مۇنازىرە بولۇپ قالسا چىرايلىقچە يىراقلىشىش[21]، چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىش[22]، كەمچىلىكلىرىنى كۆرمەسكە سېلىش[23]، ئۆزىگە قىلىنغان يامانلىقنى ئەپۇ قىلىش[24]، تەدبىر ئېلىپ

---

(1) فۇرقان سۈرىسى، 63 ـ ئايەت

(2) كەهف سۈرىسى، 28 ـ ئايەت

(3) كەهف سۈرىسى، 28؛ فەتىھ سۈرىسى، 10 ـ ئايەت

(4) نىسا سۈرىسى، 86؛ نۇر سۈرىسى، 61؛ فۇرقان سۈرىسى، 63 ـ ئايەت

(5) فۇرقان سۈرىسى، 63 ـ ئايەت

(6) نۇر سۈرىسى، 61 ـ ئايەت

(7) شۇرا سۈرىسى، 42 ـ 37؛ ئالئىمران سۈرىسى، 159 ـ ئايەت

(8) ئالئىمران سۈرىسى، 134 ـ ئايەت

(9) تەۋبە سۈرىسى، 55، 85 ـ ئايەت

(10) نۇر سۈرىسى، 31؛ ئەهزاب سۈرىسى، 32 ـ 28 ـ ئايەتلەر

(11) نۇر سۈرىسى، 31؛ ئەهزاب سۈرىسى، 59 ـ ئايەت

(12) تەۋبە سۈرىسى، 24؛ هۇجۇرات سۈرىسى، 15 ـ 14 ـ ئايەتلەر

(13) ئەنئام سۈرىسى، 152؛ ئەئراف سۈرىسى، 82؛ رەئىد سۈرىسى، 84 ، 85؛ ئىسرا سۈرىسى، 35؛ رەهمان سۈرىسى، 9؛ ئىنفىتار سۈرىسى، 1 ـ 3 ـ ئايەتلەر

(14) بەقەرە سۈرىسى، 275؛ نىسا سۈرىسى، 29؛ مائىدە سۈرىسى، 89 ـ ئايەت

(15) مۇمتەهىنە سۈرىسى، 12؛ جاسىيە سۈرىسى، 15 ـ 14 ـ ئايەتلەر

(16) تەهرىم سۈرىسى، 9 ـ ئايەت

(17) مائىدە سۈرىسى، 54؛ تەۋبە سۈرىسى، 28 ـ ئايەت

(18) نىسا سۈرىسى، 36 ـ ئايەت

(19) يۇنۇس سۈرىسى، 109؛ قاف سۈرىسى، 39؛ ساد سۈرىسى، 17؛ رۇم سۈرىسى، 60؛ تاها سۈرىسى، 130؛ ئەهقاف سۈرىسى، 35؛ مائارىج سۈرىسى، 5؛ بەقەرە سۈرىسى، 155، 177 ـ ئايەت

(20) مۇئمىنۇن سۈرىسى، 96، 97؛ فۇسسىلەت سۈرىسى، 34 ـ 36؛ شۇرا سۈرىسى، 40 ـ ئايەت

(21) مۇززەممىل سۈرىسى، 10 ـ ئايەت

(22) نەهل سۈرىسى، 125، 126؛ بەقەرە سۈرىسى، 256؛ ئەنكەبۇت سۈرىسى، 46 ـ ئايەت

(23) تاغابۇن سۈرىسى، 14 ـ ئايەت

(24) شۇرا سۈرىسى، 40 ـ 37 ـ ئايەت

تەۋەككۇل قىلىش[1]، قىيىنچىلىقتا قالغۇچىغا قەرز ۋە مۆھلەت بېرىش[2]، قەرزلىك قەرزنى ھۆججەتلىشىش[3]، باياشاتچىلىقتا، يوقسۇللۇقتىمۇ ئىنفاق قىلىش[4]، ئاشكارا - يوشۇرۇن سەدىقە قىلىش[5]، يامانلىق قىلغۇچىغىمۇ ياخشىلىق قىلىش[6]، ھەمدە ئېيتىش[7]، مەغپىرەت تىلەش[8]، پاناھلىق تىلەپ كەلگۈچىنى ھىمايە قىلىش[9]، ئاقسۆڭەك ئەمەس، ئاددىي پۇقرا بولۇپ ئاۋام بىلەن بىرگە ياشاش[10]، زۇلۇم ۋە بېسىمغا قارشى كۈرەش قىلىش[11]، زورلۇق تېپىلسا جەڭ قىلىش[12]، ئەسىرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش[13]، ئاللاھ ئۈچۈن جىھاد قىلىش[14] قاتارلىقلار قۇرئاندىكى بۇيرۇق ۋە تەۋسىيەلەردۇر.

## قۇرئان (سۈننەت) ھارام قىلغانلارغا مۇناسىۋەتلىك مىساللار

بۇ پاراگرافتا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ئىزاھاتتا بېرىلىپ، قۇرئان بەلگىلىگەن بەزى چەكلىمىلەر (ھارام ياكى مەكرۇھ دېيىلگەنلەر) كۆرسىتىپ ئۆتۈلىدۇ. بۇ مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەتتە ھەدىسلەر ئارقىلىق بەلگىلەنگەن دەپ قارالغان نۇرغۇن ھاراملارنىڭ ئاساسى بۇ ھەدىسلەر ئەمەس، بەلكى قۇرئان ئايەتلىرىدۇر. مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتكەندە بۇ نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.

ئاللاھتىن (قۇرئاندىن) غەيرىيگە ئەگەشمەسلىك[15]، ئاللاھقا شېرىك

(1) ئەنفال سۈرىسى، 61-ئايەت

(2) بەقەرە سۈرىسى، 245، 280؛ ھەدىد سۈرىسى، 18؛ تەغابۇن سۈرىسى، 17-ئايەت

(3) بەقەرە سۈرىسى، 282-ئايەت

(4) ئالئىمران سۈرىسى، 134-ئايەت.

(5) بەقەرە سۈرىسى، 271؛ ئەھزاب سۈرىسى، 35؛ ھەدىد سۈرىسى، 18-ئايەت

(6) نۇر سۈرىسى، 22-ئايەت

(7) فۇرقان سۈرىسى، 58؛ ھىجر سۈرىسى، 98؛ مۇھەممەد سۈرىسى، 19؛ قاف سۈرىسى، 40؛ ۋاقىئە سۈرىسى، 74؛ غافىر سۈرىسى، 55-ئايەت

(8) فەتىھ سۈرىسى، 2-ئايەت.

(9) ئەنفال سۈرىسى، 72؛ تەۋبە سۈرىسى، 4-ئايەت

(10) فۇرقان سۈرىسى، 7-ئايەت

(11) نىسا سۈرىسى، 75-ئايەت

(12) تەۋبە سۈرىسى، 13-ئايەت

(13) مۇھەممەد سۈرىسى، 4-ئايەت

(14) بەقەرە سۈرىسى، 218؛ ئالئىمران سۈرىسى، 142؛ مائىدە سۈرىسى، 35؛ تەۋبە سۈرىسى، 24، 41، 74؛ تەھرىم سۈرىسى، 9؛ مۇھەممەد سۈرىسى، 20، 31؛ ئەنكەبۇت سۈرىسى، 6-ئايەت

(15) ئەئراف سۈرىسى، 3-ئايەت

قوشماسلىق[1]، بىگۇناھ جاننى ئۆلتۈرمەسلىك[2]، يالغاندىن گۇۋاھچى بولماسلىق[3]، زىنا قىلماسلىق[4]، تۆھمەت قىلماسلىق[5]، ئۆسۈم يېمەسلىك[6]، ئاتا - ئانىنى قاخشاتماسلىق[7]، يېتىمنىڭ مېلىنى يېۋالماسلىق[8]، ھارام مىراس ئالماسلىق[9]، ئوغرىلىق قىلماسلىق[10]، زۇلۇم قىلماسلىق[11]، بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىق[12]، ھەقسىزلىق قىلماسلىق[13]، ھاياسىزلىق قىلماسلىق[14]، مەست قىلغۇچى بويۇم ئىشلەتمەسلىك[15]، قىمار ئوينىماسلىق[16]، چوشقا، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان ۋە ئاللاھتىن غەيرىيگە ئاتاپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان گۆشىنى يېمەسلىك[17]، كاپىر ۋە مۇشرىك بىلەن توي قىلما[18]، زىناخور بىلەن توي قىلما[19]، پىخسىق بولما[20]، پېقىرلىق ئەندىشىسى بىلەن ياشىما[21]، ئىپپىتىڭنى ساقلا - ھارامغا قارىما[22]، تىجارىتىڭگە ھارام ئارلاشتۇرما[23]، غەيۋەت قىلما[24]،

---

(1) قەسەس سۈرىسى، 87؛ رۇم سۈرىسى، 31؛ يۇنۇس سۈرىسى، 105؛ ئەنئام سۈرىسى، 14، 151؛ بەقەرە سۈرىسى، 22؛ لوقمان سۈرىسى، 13-ئايەت

(2) نىسا سۈرىسى، 32؛ ئەنئام سۈرىسى، 151؛ مائىدە سۈرىسى، 32؛ ئىسرا سۈرىسى، 33؛ فۇرقان سۈرىسى، 68-ئايەت

(3) فۇرقان سۈرىسى، 72-ئايەت

(4) نىسا سۈرىسى، 24-25؛ مائىدە سۈرىسى، 5؛ ئىسرا سۈرىسى، 32؛ نۇر سۈرىسى، 2-4؛ فۇرقان سۈرىسى، 68-ئايەت

(5) نۇر سۈرىسى، 6، 23-ئايەت

(6) بەقەرە سۈرىسى، 275-ئايەت

(7) ئىسرا سۈرىسى، 23؛ مەريەم سۈرىسى، 14؛ لوقمان سۈرىسى، 14؛ ئەھقاف سۈرىسى، 17-ئايەت

(8) نىسا سۈرىسى، 9، 10، 127؛ ئەنئام سۈرىسى، 152؛ زۇھا سۈرىسى، 9-ئايەت

(9) فەجر سۈرىسى، 19-ئايەت

(10) مائىدە سۈرىسى، 38؛ مۇمتەھىنە سۈرىسى، 12-ئايەت

(11) ئەئراف سۈرىسى، 29؛ ئەنئام سۈرىسى، 151-153-ئايەتلەر

(12) بەقەرە سۈرىسى، 231؛ تەۋبە سۈرىسى، 4؛ نەمل سۈرىسى، 85-ئايەت

(13) ئىسرا سۈرىسى، 132-ئايەت

(14) مائىدە سۈرىسى، 90-91؛ بەقەرە سۈرىسى، 219-ئايەت

(15) بەقەرە سۈرىسى، 219-ئايەت

(16) بەقەرە سۈرىسى، 219-ئايەت

(17) مائىدە سۈرىسى، 3، 60؛ ئەنئام سۈرىسى، 145؛ نەھل سۈرىسى، 115؛ بەقەرە سۈرىسى، 173-ئايەت

(18) نۇر سۈرىسى، 3؛ مۇمتەھىنە سۈرىسى، 10-ئايەت

(19) نۇر سۈرىسى، 3-ئايەت

(20) ئىسرا سۈرىسى، 29-ئايەت

(21) بەقەرە سۈرىسى، 268؛ تەۋبە سۈرىسى، 28-ئايەت

(22) نۇر سۈرىسى، 30-31-ئايەتلەر

(23) نىسا سۈرىسى، 29؛ مائىدە سۈرىسى، 62-63-ئايەتلەر

(24) ھۇجۇرات سۈرىسى، 12-ئايەت

ھېچكىمنى خورلىما[1]، ھەرگىزمۇ تەكەببۇر بولما[2]، ھېچكىمگە لەقەم قويما[3]، قىلغان ياخشىلىقنى كىشىنىڭ يۈزىگە سالما[4]، مىننەت قىلما[5]، باشقىلارنىڭ مۇقەددەس نەرسىلىرىگە ھاقارەت قىلما[6]، دەتالاش قىلما[7]، بىلمەي تۇرۇپ سۆزلىمە[8]، بىلمىگەن نەرسىگە ئەگەشمە[9]، قۇرۇق گەپ قىلما[10]، چىللىمىغان يەرگە بارما، ساھىبخانىنى بىئارام قىلما[11]، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلما[12]، پاكىتسىز گەپ قىلما[13]، ۋەدەڭدە تۇر ۋە ئەھدىگە ۋاپاسىزلىق قىلما[14]، ئامانەتكە خىيانەت قىلما[15]، زۇلۇم قىلما[16]، پاسىق ئېلىپ كەلگەن خەۋەرگە ئىشەنمە[17]، ياخشى گۇمان قىل، تۆھمەتكە ئىشەنمە[18]، پىچىرلاشما[19]، مەخپىي سۆزلەشمە[20]، باشقىلارنىڭ سىرىنى كوچىلىما[21]، ئىسراپخورلۇق قىلما[22]، كېڭەشتە خاتالاشقۇچىنى ئەيىبلىمە[23]، رۇخسەت ئالماي ـ سالام بەرمەي ئۆيگە كىرمە[24]، سەپرا، ئاچچىغى يامان ۋە قوپال

---

(1) رەئد سۈرىسى، 31 ـ ئايەت

(2) ئىسرا سۈرىسى، 37؛ ھىجر سۈرىسى، 88 ـ ئايەت

(3) ھۇجۇرات سۈرىسى، 11 ـ ئايەت

(4) بەقەرە سۈرىسى، 264 ـ 262؛ ھۇجۇرات سۈرىسى، 17؛ مۇددەسسىر سۈرىسى، 6 ـ ئايەت

(5) ھۇجۇرات سۈرىسى، 17 ـ ئايەت

(6) ئەنئام سۈرىسى، 108 ـ ئايەت

(7) ئالئىمران سۈرىسى، 152؛ ئەنفال سۈرىسى، 22؛ كەھف سۈرىسى، 24 ـ 22 ـ ئايەتلەر

(8) نۇر سۈرىسى، 15 ـ ئايەت

(9) ئىسرا سۈرىسى، 36 ـ ئايەت

(10) فۇرقان سۈرىسى، 72 ـ ئايەت

(11) ئەھزاب سۈرىسى، 53 ـ ئايەت

(12) ھۇجۇرات سۈرىسى، 12 ـ ئايەت

(13) كەھف سۈرىسى، 22؛ غافىر سۈرىسى، 56 ـ ئايەت

(14) بەقەرە سۈرىسى، 177؛ ئەنفال سۈرىسى، 72؛ تەۋبە سۈرىسى، 4 ـ ئايەت

(15) بەقەرە سۈرىسى، 283؛ ئالئىمران سۈرىسى، 161؛ مەئارىج سۈرىسى، 32 ـ ئايەت

(16) ئەئراف سۈرىسى، 29؛ ئەنئام سۈرىسى، 153 ـ 151 ـ ئايەتلەر

(17) ھۇجۇرات سۈرىسى، 6 ـ ئايەت

(18) نۇر سۈرىسى، 12 ـ ئايەت

(19) نىسا سۈرىسى، 114 ـ ئايەت

(20) مۇجادىلە سۈرىسى، 8 ـ ئايەت

(21) ھۇجۇرات سۈرىسى، 12؛ تەغابۇن سۈرىسى، 14 ـ ئايەت

(22) ئەئراف سۈرىسى، 31؛ ئىسرا سۈرىسى، 26 ـ ئايەت

(23) ئالئىمران سۈرىسى، 159 ـ ئايەت

(24) نۇر سۈرىسى، 27 ـ ئايەت

بولما[1]، ئۇرۇشقاق بولما[2]، دۇنيا مېلىغا بېرىلىپ كەتمە[3]، باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىگە زىيان يەتكۈزمە[4]، ھورۇنلۇق قىلما[5]، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە تاجاۋۇز قىلما[6]، ئاۋازىڭنى يۇقىرى قىلما[7]، رىياكارلىق قىلما[8]، ئەيىب ئىزدىمە[9]، زىيىنىڭغا بولغان تەقدىردىمۇ ئەھدىدىن يېنىۋالما[10]، ھېچكىمگە بويۇن ئەگمە[11]، ھورۇنلۇق قىلما[12]، ئىشتىن رايىنى ياندۇرما[13]، دۇنيا مېلىغا كۆز قىزارتما[14]، سەۋەبسىز قەسەم قىلما[15]، ھەر تۈرلۈك گۇماندىن يىراق تۇر[16]، جەڭدە ئاللاھ بەلگىلىگەن چەكلىمىگە رىئايە قىل[17]، ئۇرۇشتا ئايال، قېرىلار، كېسەللەر ۋە باللارغا قول ئۇزاتما[18].

بۇ تىزىملىك پەقەت مىسال بولۇپ، ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىش مۇمكىن. ھەتتا، قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. لېكىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن بۇ ئۆرنەكلەر دىندىكى ئەمىر ۋە چەكلىمىلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسىنىڭ ھەدىسلەر ئەمەس، قۇرئان ئايەتلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يۇقىرىدا تاللاپ كۆرسىتىلگەن ئۆرنەكلەرنىڭ ئىزاھاتلاردا كۆرسىتىلگەندە تېخىمۇ كۆپ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

---

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 159-ئايەت

(2) ھۇجۇرات سۈرىسى، 9-10-ئايەتلەر

(3) كەھف سۈرىسى، 28، 46؛ ھەدىد سۈرىسى، 20-ئايەت

(4) ئەئراف سۈرىسى، 85-ئايەت

(5) ئىنشىراھ سۈرىسى، 7-8؛ رۇم سۈرىسى، 60-ئايەت

(6) ئەھزاب سۈرىسى، 53-ئايەت

(7) ھۇجۇرات سۈرىسى، 2-ئايەت

(8) ساد سۈرىسى، 86-ئايەت

(9) ھۇجۇرات سۈرىسى، 12-ئايەت

(10) تەۋبە سۈرىسى، 4-ئايەت

(11) تەۋبە سۈرىسى، 123؛ بەقەرە سۈرىسى، 190-195؛ ھەج سۈرىسى، 39؛ نىسا سۈرىسى، 71-ئايەت

(12) ئىنشىراھ سۈرىسى، 7، 8؛ رۇم سۈرىسى، 60-ئايەت

(13) ئەھزاب سۈرىسى، 21؛ نىسا سۈرىسى، 95-ئايەت

(14) قەسەس سۈرىسى، 77-80؛ ئالئىمران سۈرىسى، 14؛ بەقەرە سۈرىسى، 212؛ ئەنئام سۈرىسى، 32؛ تەۋبە سۈرىسى، 55، 85-ئايەت

(15) بەقەرە سۈرىسى، 225؛ مائىدە سۈرىسى، 89-ئايەت

(16) ھۇجۇرات سۈرىسى، 12-ئايەت

(17) بەقەرە سۈرىسى، 190-192-ئايەتلەر

(18) نىسا سۈرىسى، 75-ئايەت

# بەشىنچى باب

# ھەدىسلەر سۈننەتكە ۋەكىللىك قىلالامدۇ؟

كىتابنى، سۈننەتنى، ئىجمانى چۆرۈپ تاشلىدۇق،
ھاۋايى ـ ھەۋەسىمىزگە مايىل بولدۇق، ئاۋامنى ئالدىدۇق.
بۇزۇپ شەرىئەتنى، باشقا بىر بىنا ئاپىرىدە قىلدۇق،
نەبىگە ئارتىپ مىڭلىغان سەپسەتە توقۇپ چىقتۇق.
شۇ دەرىجىگە يەتتىكى بۇ جۈرئەت ـ «يەجۇزۇ فىت تەركىپ»،
تەقدىرى ئەزەلى پەتىۋا بولدى! نىمە دېگەن غەلىتە،
ھەدىس ۋەز قىلىپ، ساۋاب تەمە قىلغانلارمۇ بار!
بىر كۈنى كېلىدۇ، ساۋابى بارمىكەن بىلىپ قالىدۇ!
جاھاننى تىترەتسە نىدائىي «مەن كەزەبە».
ئاڭلىمامدۇ، نىچۈن، قاراپ شۇ بىئەدەبكە.
تىلى پاك نەبىدىن يالغانلار توقۇيدۇ.
بولماستىن خىجىل «ساۋابلىق ئىش قىلدىم» دەيدۇ.
باقمىدىڭمۇ ئويلاپ شەرىئەتنى قەتلى قىلغىنىڭنى؟
ئويلامسەنكى جىنايىتىڭ قالىدۇ جازاسى؟
بىر كۈنى كېلىدۇ، ساۋابى بارمىكەن بىلىپ قالىدۇ!
ساۋاب تەمە قىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئېيتىڭلاركى نامەرتكە،
كۆرىسەن ساۋابنى سەن ھۇزۇرى مەھشەردە!

مەھمەت ئاكىف ئەرسوي

# ھەدىس مەسىلىسىگە ئومۇمىي نەزەر

بارلىق مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ بىرىنچى مەنبە ئىكەنلىكىگە (ئېغىزدا) بولسىمۇ ھەمپىكىر. لېكىن بۇنى تەتبىقلاشقا كەلگەندە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنى تەتبىقلىشىدا ھەدىسلەر قۇرئاندىن بەكرەك نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، بەلگىلىگۈچ رول ئوينايدۇ. بۇ سەۋەبتىن «دىن» ھەققىدىكى دەتالاشنىڭ ئۇلىدا ھەدىس مەسىلىسى ياتىدۇ. يەنى، بارلىق ئىختىلاپلارنىڭ سەۋەبى ھەدىس مەسىلىسىدىكى پەرقلىق قاراشلاردۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئانغا ۋە ھەدىسلەرگە بولغان قاراشلىرى پەرقلىق بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن بىر قانچە مەزھەپ (پىرقە) ئوتتۇرىغا چىققان. ھەر كىم ئۆز مەزھىپىگە ماس كېلىدىغان ھەدىس بىلەن پەتىۋا بەرگەن، ھېچكىم ئۆزىنىڭ قارىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەدىس تېپىشتا قىلچە قىينىلىپ قالمىغان. ئەھۋال مۇشۇنداق بولغاچقا بىر دىنىنىڭ ئورنىغا بىردىن كۆپ دىن ئوتتۇرىغا چىققان. چۈنكى بەزى مۇسۇلمانلار ھەدىس دەپ تىلغا ئالغان بارلىق سۆزلەرنى (نەبىگە مەنسۇپ بولۇپ - بولمىغانلىقى ھەققىدە ئازراقمۇ ئىزدىنىپ باقماي) قوبۇل قىلغان، ھەتتا بۇلارنى قۇرئاندىن ئۈستۈن كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن قۇرئاننىڭ لەۋزىدە ئەمەس، ئەھكامىدا ناھايىتى كۆپ ئىلاۋە ۋە كېمەيتىشلەر مەيدانغا كەلگەن.

بەزى مۇسۇلمانلار نەبىگە ئائىت بولغان سۆز بىلەن ئائىت بولمىغان سۆزلەرنى ئايرىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا تولۇق مۇۋەپپەق بولالمىغان. چۈنكى قۇرئاننىڭ مۇتلەق نوپۇزىنى (ھەقىقىي مەنىدىن) قوبۇل قىلمىغان. بۇ مۇسۇلمانلارمۇ (ئۆزى ھېس قىلماستىن) قۇرئان (ھۆكۈم)غا ئىلاۋە ياكى كېمەيتىش ئېلىپ بارغان.

گەرچە بەزى مۇسۇلمانلار «ھېچقانداق نەرسىنى قۇرئاندىن ئۈستۈن كۆرمەيمىز» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭغا قارىماستىن (ئۆزلىرىمۇ تۇيماي) بەزى ھەدىسلەرنى قۇرئاندىن ئۈستۈن كۆرمەكتە. چۈنكى مېتودلىرىدا قۇرئاننى مەركىزى ئورۇنغا قويمىغان. بەزى مۇسۇلمانلار بولسا (ناھايىتى ئاز ساندا) ھېچقانداق نەرسىنى قۇرئاندىن ئۈستۈن كۆرمىگەن بولۇپ، ھەدىسلەرنى ھۆكۈم قويغۇچى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن بېكىتىلگەن ھۆكۈملەرنى ئىزھار قىلغۇچى تېكىستلەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان. ئۇلار ھەدىسلەرنى قۇرئاندا ئىلاۋە ياكى كېمەيتىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە چۈشىنىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

ئەسلىدە بۇ خاتالىقلار سۈننەتنى ھەدىسلەردىن تەشكىل تاپقان دەپ قارىغانلىقتىن كېلىپ چىققان. بۇ سەۋەبتىن ھەدىسلەر سۈننەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققان ۋە رىۋايەتلەر قۇرئاندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھالغا كېلىپ قالغان. ھەتتا بەزى مۇئمىنلەر ئۈچۈن سۈننەت قۇرئاندىن كېيىن تۇرىدىغان مەنبە ئەمەس، ئەكسىچە بىرىنچى مەنبەدۇر. ئۇلارنىڭچە سۈننەت (ھەدىسلەر) قۇرئاننى نەسخ (قۇرئان ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ). لېكىن قۇرئان سۈننەتنى نەسخ قىلالمايدۇ. مەسىلەن: مەكھۇل (ۋاپات 311/317) «سۈننەتنىڭ قۇرئانغا بولغان ئېھتىياجىدىن زىيادە قۇرئان سۈننەتكە موھتاج»[1] دېگەن. «سۈنەنى دارىمى» مۇئەللىپى دارىمى (ۋاپات 152/768) كىتابى ئىچىدە «سۈننەت قۇرئاننى نەسخ قىلىدۇ، ئەمما قۇرئان سۈننەتنى نەسخ قىلالمايدۇ» ماۋزۇدا بىر باب ئورۇن ئالغان[2].

ھالبۇكى، ئالدىنقى پاراگرافلاردا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك دىنىنىڭ ئەسلى مەنبەسى قۇرئاندۇر. سۈننەت بولسا قۇرئاننىڭ (ئىلاۋىسى ياكى كېمەيتىلىشى ئەمەس) بىرمۇ بىر تەتبىقلىنىشىدۇر. بۇ سەۋەبتىن سۈننەتنىڭ مەنبەسى ھەدىسلەر ئەمەس، بەلكى قۇرئاندۇر[3]. بۇ باىتا دىنى مەسىلىلەردىكى بارلىق ئىختىلاپلارنىڭ تەكتىدە ياتىدۇ دەپ قارىغان ھەدىس مەسىلىسىنى (ھەدىس ئۇسۇلى ھەققىدە) چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز ۋە خۇلاسە سۈپىتىدە مۇنداق دېمەكچىمىز:

«سەھىھ ھەدىسلەر قۇرئاندا بولمىغان يېڭى ھۆكۈم پەيدا قىلمايدۇ، پەقەت قۇرئاندا مەۋجۇت بولغان ھۆكۈمنى ئىزاھلايدۇ. بۇ سەۋەبتىن قۇرئانغا ئۇيغۇن بولغان سەھىھ ھەدىسلەر مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى چۈشىنىشتە مۇراجىئەت قىلىنىدىغان قوشۇمچە مەنبەدۇر. ھېچقانداق بىر ھەدىسكە تايىنىپ قۇرئانغا زىت (ئىلاۋە) بىر ھۆكۈم بېكىتكىلى بولمايدۇ. قۇرئانغا مۇخالىپ ھۆكۈم قويۇش، قۇرئاندا بولغان بىر ھۆكۈمنىڭ زىتنى ئېيتقانلىقتۇر. قۇرئاندا بولمىغان بىر ھۆكۈمنى پەيدا قىلىشمۇ (قۇرئان كەمتۈك ۋە بۇ ھۆكۈم بىلەن تولۇقلاندى دېگەنلىك بولۇپ) قۇرئانغا زىت كېلىدۇ».

بۇ قاراش ئەسلىدە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھەدىس مەسىلىسىگە تۇتقان مەيدانىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرمەكتە بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك پاراگرافلاردا ئىزاھلاپ ئۆتىمىز. ھەدىس مەسىلىسىگە بۇ نۇقتىدىن قارىغان ۋاقىتتا (يۇقىرىدا يىغىنچاقلانغان پىرىنسىپلارغا ئەسلىدە ھەدىس ئىلمى ئارقىلىقمۇ ئېرىشكىلى بولىدۇ)، ئىختىلاپلارنىڭ ھەممىسى

(1) دارىمى، «سۈنەن»، I/44، (ئۈنئالان، «شىئەلەردە ھەدىس ئۇسۇلى»، 28ـ بەت)

(2) كېرباشئوغلۇ، «ئىسلام چۈشەنچىسىدە سۈننەت»، 17ـ بەت

(3) ئەھمەت يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 139ـ132ـ بەتلەر

ھەل بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئالدى بىلەن قىسقىچە قىلىپ ھەدىس ئۇسۇللىرى ھەققىدە توختىلىمىز، ئاندىن بەزى ئىزاھاتلارنى بېرىپ ئۆتىمىز.

## ھەدىس ئۇسۇلى نۇقتىسىدىن ھەدىسلەر

«ھەدىس» دېيىلگەندە ئىستېمالدا نەبىگە مەنسۇپ «سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە تەستىقلار» ئەقلىمىزگە كېلىدۇ. لېكىن ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى نەبىگە مەنسۇپ ئەمەس بولۇپ، نەبىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن سۆزلەردۇر. چۈنكى ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرىمۇ ھەدىس دېيىلىدۇ. مەۋجۇت ھەدىس توپلاملىرىدىكى ھەدىسلەر تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ[1]:

### مەنبەسى نۇقتىسىدىن ھەدىسلەر

1. مەرفۇ ھەدىس
2. مەۋقۇف ھەدىس
3. مەقتۇ ھەدىس

### ئىلمىي قىممىتى نۇقتىسىدىن ھەدىسلەر

1. مۇتەۋاتىر خەۋەر
2. ئەھەد خەۋەر

### سەھىھ بولۇش دەرىجىسى نۇقتىسىدىن ھەدىسلەر

1. سەھىھ ھەدىس
2. ھەسەن ھەدىس
3. زەئىپ ھەدىس
4. مەۋزۇ (توقۇلما) ھەدىس

تۆۋەندە بۇ ھەدىسلەرنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتەيلى:

---

(1) ئەھمەت يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 139 ـ 132 ـ بەتلەر

## مەنبەسى نۇقتىسىدىن ھەدىسلەر[1]

**ھەدىسى قۇددۇسى-** مەنىسى ئاللاھقا، سۆزلىرى نەبىگە مەنسۇپ بولغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ھەدىسلەردۇر.

**مەرفۇ ھەدىسلەر-** نەبىگە ئائىت ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان سۆز، ئىش - ھەرىكەت ۋە تەستىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**مەۋقۇف ھەدىسلەر-** ساھابىلەرگە ئائىت ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان سۆز، ئىش - ھەرىكەت ۋە تەستىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**مەقتۇ ھەدىس-** تابىئىنغا ئائىت ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان سۆز، ئىش - ھەرىكەت ۋە تەستىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىلمىي قىممىتى نۇقتىسىدىن ھەدىسلەر

**مۇتەۋاتىر خەۋەر (سۆز) -** يالغانلىقى ھەققىدە بىرلىككە كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان، كۆپ سانلىق تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان سۆزنى كۆرسىتىدۇ[2].

**ئەھەد خەۋەر-** بىر راۋى (رىۋايەت قىلغۇچى) تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ياكى بىردىن ئارتۇق راۋى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مۇتەۋاتىر خەۋەر دەرىجىسىگە توشمىغان خەۋەرلەردۇر[3].

مۇتەۋاتىر خەۋەر- «لەۋزى (كەلىمىسى)» ياكى «مەنىۋى» مۇتەۋاتىر بولۇشى مۇمكىن. بارلىق رىۋايەتلەردىكى لەۋزى ئوخشاش بولغان مۇتەۋاتىر خەۋەرلەر «لەۋزى مۇتەۋاتىر (مۇتلەق مۇتەۋاتىر)»، پەرقلىق لەۋزلەر ئارقىلىق كەلگەن مۇتەۋاتىر خەۋەرلەر بولسا «مەنىۋى مۇتەۋاتىر» خەۋەرلەر دەپ ئاتىلىدۇ[4].

ئۇنىڭدىن باشقا مۇتەۋاتىر بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇتەۋاتىر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن مەرۇف ۋە مەشھۇر خەۋەرلەرمۇ بار. بۇلار ئەھەد خەۋەر بولسىمۇ،

---

(1) ئەھمەت يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 139 - 132 - بەتلەر

(2) خاتىب ئەل - باغدادى، «ئەل - كىفايە»، 93 - 91 - بەتلەر

(3) خاتىب ئەل - باغدادى، «ئەل - كىفايە»، 93 - 91 - بەتلەر

(4) ئەھمەت يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 158 - 142 - بەتلەر

كېيىن كەڭ تارقالغان ۋە ياكى راۋى سانى ئۆلچىگەن تۆۋەن بولمىغان، لېكىن مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە توشمايدىغان خەۋەرلەردۇر[1].

## سەھىھلىك دەرىجىسى جەھەتتىن ھەدىسلەر[2]

**سەھىھ ھەدىس-** ئادىل ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ياخشى راۋىلار تەرىپىدىن ئارقىمۇ ئارقا رىۋايەت قىلىنغان، كەمتۈكلۈك بولمىغان ھەدىسلەردۇر.

**ھەسەن ھەدىسلەر-** گەرچە سەھىھ ھەدىسلەر شەرتىگە توشىسىمۇ، لېكىن رىۋايەت زەنجىرىدىكى كىشىلەردىن بىرسى ياكى بىر قانچىسىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەن بولغان ھەدىسلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**زەئىپ ھەدىسلەر-** سەھىھ ياكى ھەسەن دەرىجىسىگە توشمىغان ھەدىسلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**مەۋزۇ (توقۇلما) ھەدىسلەر-** نەبى ئېيتمىغان ياكى قىلمىغان سۆز ۋە ئىشلارنى خۇددى نەبى قىلغاندەك توقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك پەقەت نەبىگىلا ئەمەس، ساھابىلەرگە (مەۋقۇف)، ھەتتا تابىئىنلارغا (مەقتۇ) مەنسۇپ قىلىنغان سۆز، ئىش - ھەرىكەت ۋە تەستىقلارمۇ ھەدىس دەپ ئاتالغان. ھەدىس توپلاملىرىدا كۆپ ساندا مەۋقۇف ۋە مەقتۇ ھەدىسلەرنىڭ بارلىقى ئېنىق.

ئۇنىڭدىن باشقا، توقۇلما ھەدىسلەر ئەمەلىيەتتە ھەدىس بولمىسىمۇ، توقۇپ چىققۇچى ئۇنىڭ ھەدىس ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، توقۇلما بولسىمۇ رىۋايەت قىلغۇچى كىشى ۋە مەزمۇنغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن شەكىل جەھەتتىن ھەدىس سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان ۋە ھەدىس توپلاملىرىدا ئورۇن ئالغان. ھەدىس ئالىملىرىمۇ پۈتۈن كۈچىنى بۇ توقۇلما ھەدىسلەرنى بىلىش ۋە ئايرىپ چىقىشقا سەرپ قىلغان. ھەدىس ئۇسۇلى، بۇ مەقسەتتە ئوتتۇرىغا چىققان ئىلمىي قائىدە - پىرىنسىپلاردۇر[3]. ھەدىس ئالىملىرى بۇ مېتودقا ئاساسەن توقۇلما ھەدىسلەرنى

---

(1) ئەھمەت يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 150 - 142 - بەتلەر؛ ھۈسەيىن خانسۇ، «مۇتەۋاتىر خەۋەر»، 180 - 179 - بەتلەر

(2) ئەھمەت يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 200 - 158 - بەتلەر

(3) بۇ ھەدىس ئىلىملىرىگە جەرھ ۋە تادىل، ئىلەلۇل ھەدىس، غەرىبۇل ھەدىس، مۇھتەلىفۇل ھەدىس، نەسىخ ۋە مەنسۇھ ۋە ئەسبابۇ ۋۇرۇدىل ھەدىس دېگەندەك پىرىنسىپلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ (ئاھمەت يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 217 - 204 - بەتلەر)

تونۇش ۋە ئايرىپ چىقىشقا تىرىشقان. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەدىسلەرنى ھەممىدىن ئايرىپ چىققۇچىلار (رەت قىلغۇچىلار) ئەسلىدە مۇھەددىسلەردۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە قانچىلىك دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان بولۇپ، دائىم مۇنازىرە قىلىنغان. شۇنچە كۆپ ئەمگەككە قارىماستىن كۆپ ساندا توقۇلما ھەدىسلەرنىڭ ھەدىس توپلاملىرىدا ئورۇن ئېلىشى ۋە ئايرىپ چىقىلمىغانلىقىمۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەتتۇر (بۇ ھەقتە كونكرېت دەلىللەر كۆرسىتىپ ئۆتۈلىدۇ).

## ئەھەد ۋە مۇتەۋاتىر خەۋەر مەسىلىسى

مۇتەۋاتىر خەۋەر رەت قىلىشقا بولمايدىغان مەلۇماتنى ئەكس ئېپادىلەيدۇ. بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. لېكىن مۇتەۋاتىر خەۋەرنىڭ شەرتلىرى ھەققىدە (قانداق خەۋەرنىڭ مۇتەۋاتىر بولىدىغانلىقى ھەققىدە) ئىختىلاپ بار. كالامچىلار، ئۇسۇلچىلار ۋە ھەدىسچىلەر بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان مۇتەۋاتىر خەۋەر ئېنىقلىمىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ سەۋەبتىن ھەر خىل ئېنىقلىما ئوتتۇرىغا چىققان. ھەتتا كۆپ سانلىق ھەدىسچىلەر ئوتتۇرىغا قويغان مۇتەۋاتىر خەۋەر ئېنىقلىمىسىمۇ ئوخشاشمايدۇ[1].

بەزى مۇھەددىسلەر مۇتەۋاتىر خەۋەرنى، «ئۇممەتنىڭ ھەممىسى تەرىپىدىن ساغلام ئورگانلار ئارقىلىق (كۆرۈپ، ئاڭلاپ) شاھىت بولغان ۋە ھەر تەبىقىدىن ئوخشاش شارائىتقا ئىگە كىشىلەر (پۈتكۈل ئۇممەت) تەرىپىدىن يېتىپ كەلگەن خەۋەرلەر» دەپ ئېنىقلىغان، يەنە بەزىلەر بولسا «4، 7، 17، 300... دېگەندەك راۋى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان خەۋەرلەر» مۇتەۋاتىر خەۋەر بولىدۇ دېگەن[2]. ئەپسۇسكى، بۇ سانلار تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان، لېكىن تېما بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان ۋە بۇ سەۋەبتىن ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان سانلاردۇر.

مۇتەۋاتىر ھەدىسنىڭ بار - يوقلىقى (بۇ ئېنىقلىمىدىكى ئوخشاشماسلىقلار سەۋەبىدىن) دائىم دەتالاش قىلىنغان. بەزى ھەدىسچىلەر مۇتەۋاتىر ھەدىسنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ياقلىغان. لېكىن ئالىملارنىڭ كۆپ سانلىقى ھەدىسلەر ئىچىدە مۇتەۋاتىر خەۋەرنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتقان. مەسىلەن: ئىبنۇس-سالاھنىڭچە پەقەت

(1) ئەھمەت يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 145-142-بەتلەر
(2) ئەھمەت يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 149-بەت؛ خانسۇ، «مۇتەۋاتىر خەۋەر»، 180-179-بەتلەر

بىرلا لەۋزى مۇتەۋاتىر ھەدىس بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ «مەن كەزەبە ھەدىسى» دەپ داڭ چىقارغان «مېنىڭ ھەققىمدە بىلىپ تۇرۇپ يالغان ئېيتقۇچىلار جەھەننەمدىكى جايىغا تەييارلىق قىلسۇن»[1] دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىستۇر. ئالىملارنىڭ كۆپ سانلىقىمۇ ئىبنۇس-سالاھنىڭ بۇ قارىشىنى قوللايدۇ[2]. لېكىن مۇتلەق مۇتەۋاتىر ھەدىس ئۈچۈن مىسال سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن «مەن كەزەبە» ھەدىسى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار، بۇ ھەدىسنىڭمۇ پەرقلىق لەۋزلەر بىلەن رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى ۋە بۇ سەۋەبتىن مۇتلەق ئەمەس، مەنىۋى مۇتەۋاتىر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. ئۇنداقتا، ئالىملارنىڭ كۆپ سانلىقىمۇ يۇقىرىدا قەيت قىلغانىدەك مۇتلەق مۇتەۋاتىر ھەدىس مەۋجۇت ئەمەس[3]. مۇتلەق مۇتەۋاتىر خەۋەر دەرىجىسىگە توشىدىغان بىرلا تېكىست بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ قۇرئاندۇر.

مۇھەددىسلەر سەنەدى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مۇتەۋاتىر ھەدىسنىڭ ئېنىقلاشقا موھتاج ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن مۇھەددىسلەرنىڭ تەتقىق قىلىش ساھەسىگە كىرمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا مۇتەۋاتىر ھەدىسنىڭ بولۇپ - بولمىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ (خۇلاسىلىسەك):

«ھەدىسلەر ئىچىدە مۇتەۋاتىر خەۋەر بولمايدۇ. چۈنكى مۇتەۋاتىر خەۋەرلەر ئىشەنچلىك مەلۇماتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنى ئىسپاتلاش ۋە راۋىلىرىنى ئېنىقلاشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ سەۋەبتىن مۇتەۋاتىر خەۋەر بىزنىڭ تەتقىق قىلىش ساھەيىمىزگە دائىرىسى ئىچىدە ئەمەس. بىز مۇھەددىسلەر ‹گۇمان (زان)› ئىپادىلەيدىغان ئەھەد خەۋەرلەرنى تەتقىق قىلىمىز. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ‹مۇتەۋاتىر ھەدىس بارمۇ؟› سوئالى بىز ئۈچۈن بىمەنە ۋە بىھۇدە سوئالدۇر»[4].

مۇھەددىسلەر بۇ رېئاللىقنى «مۇتەۋاتىر ئۈچۈن ئىسپات تەلەپ قىلىنمايدۇ»[5] دەپ يەكۈنلىگەن. ئۇنداقتا، ئىسپات ئۈچۈن تەتقىق قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدە مۇتەۋاتىر ھەدىس يوق. چۈنكى مۇتەۋاتىر خەۋەر دەپ تونۇشتۇرۇلغان ھەدىسلەر تەكشۈرۈلگەن ۋاقىتتا، بۇ ھەدىسلەرنىڭ «لەۋزى مۇتەۋاتىر» ئەمەس، بەلكى «مەنىۋى مۇتەۋاتىر» ئىكەنلىكى ياكى مۇتەۋاتىر خەۋەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن

(1) بۇخارى، ئىلىم 38؛ مۇسلىم، زۇھد 72

(2) ئەھمەت يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 145-بەت

(3) ئەھمەت يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 146-بەت؛ كېرباشئوغلۇ، «ھەدىس مېتودى»، 108-بەت

(4) كېرباشئوغلۇ، «ھەدىس مېتودى»، 125-95-بەتلەر؛ خانسۇ، «مۇتەۋاتىر خەۋەر»، 151-148-بەتلەر؛ ئەھمەت يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 149-بەت

(5) نائىم، «تەجرىدى سارىھ» تەرجىمىسى، 1-جىلد، 102-بەت

«مەرۇپ، مۇستەفىز ياكى مەشھۇر خەۋەرلەر» ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا[1]. مەسىلەن: مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن كەتتانىنىڭ[2] ئەسىرى تەتقىق قىلىنغاندا، ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەدىسلەرنىڭ 4 - 10 راۋى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ئاھاد خەۋەرلەر ئىكەنلىكى، ھەتتا بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ سەھىھ بولۇش شەرتىگىمۇ توشمايدىغانلىقى ئايان بولماقتا[3]. بۇ ئەسەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تۆرلۈك تەتقىقاتلار، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ھەدىسلەرنىڭ زەيىپ ۋە توقۇلما ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن[4].

## تەۋاتۇر نۇقتىسىدىن مۇتەۋاتىر ھەدىس مەۋجۇت ئەمەس

ھەدىس تۈپلاملىرىدىكى ھەدىسنىڭ ھەممىسى مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە توشمايدىغان ئەھەد خەۋەرلەر بولۇپ، مەيلى كىلاسسىك دەۋردە بولسۇن ياكى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە بولسۇن، كۆپ ساندىكى ئالىم مۇتلەق مۇتەۋاتىر (لەۋزى مۇتەۋاتىر) ھەدىسنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان ۋە بۇ رېئاللىقنى ئوتتۇرىغا قويغان[5]. مەسىلەن: ئىبنى ھىببان، ھەزم، ئىبنۇ سالاھ، نەۋەۋى، زەبىدى، جازائىرى ۋە سۇبھى سالىھ قاتارلىقلار[6]. ھەتتا مۇتەۋاتىر ھەدىس مەسىلىسىدە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان «مەن كەزەبە» ھەدىسىنىڭمۇ پەرقلىق شەكىللەردە رىۋايەت قىلىنغانلىقى ۋە مۇتلەق مۇتەۋاتىر ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مۇتەۋاتىر ھەدىس ئىكەنلىكى ئېيتىلغان (شۇنداق دەپ قارالغان) ھەدىسلەرنىڭ مەنىۋى مۇتەۋاتىر ئىكەنلىكى ياكى مۇتەۋاتىر خەۋەر بىلەن ئاسان ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن مەرۇپ، مۇستەفىز ياكى مەشھۇر خەۋەرلەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. ئۇنداقتا شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، لەۋزى (مۇتلەق) مۇتەۋاتىر بولغان ھېچقانداق ھەدىسنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى تەۋاتۇر نۇقتىسىدىن ئېنىق بولغان ھەقىقەتتۇر.

---

(1) يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 150 - 142 - بەتلەر؛ خانسۇ، «مۇتەۋاتىر خەۋەر»، 136 - 126 - بەتلەر

(2) ئەل - كەتتانى، «مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر»، كارىنجا نەشرىياتى، 2003 - يىلى، ئىستانبۇل

(3) يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 148 - 149 - بەتلەر؛ كېرباشئوغلۇ، «ئىسلام چۈشەنچىسىدە ھەدىس مېتودى»، 108 - 92 - بەتلەر؛

خايرى كېرباشئوغلۇ، «پەرقلىق ھەدىس مېتودى»، 102 - 97 - بەتلەر.Alternatfi hadis metodolojisi

(4) كېرباشئوغلۇ، «ئىسلام چۈشەنچىسىدە سۈننەت»، 18 - بەت

(5) خانسۇ، «مۇتەۋاتىر خەۋەر»، 127 - بەت؛ كېرباشئوغلۇ، «ھەدىس مېتودى»، 108 - بەت؛ يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 146 - بەت

(6) خانسۇ، «مۇتەۋاتىر خەۋەر»، 127 - بەت

بۇ سەۋەبتىن ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئەھەد خەۋەر خاراكتېرىدە بولۇپ، بىردىن كۆپ راۋىسى بولغان ئەھەد خەۋەرلەر مۇتەۋاتىر خەۋەر سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىغان (مەرۇف ياكى مۇستەفىز ۋە ياكى مەشھۇر) ھەدىسلەردۇر. مۇتەۋاتىر بولمىغان خەۋەرلەر (يەنى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى) ھەرقانچە سەھىھ بولغان تەقدىردىمۇ نەتىجىدە زاننى مەلۇمات سۈپىتىدىن خالىي بولالمايدۇ[1]. قۇرئان بولسا گۇماننىڭ ھەقىقەت ئالدىدا ھېچقانداق قىممىتى يوقلىقىنى بىلدۈرىدۇ[2]. نېمىلا بولمىسۇن بىر تۈركۈم مۇھەددىسلەر «دىندا ئېنىق بولمىغان (چىنلىقىدا گۇمان بولمىغان) نەرسىلەرنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق»[3] دېگەن سۆزلىرى بىلەن قۇرئان كۆرسەتكەن بۇ ھەقىقەت ھەدىس ئۇسۇلى نۇقتىسىدىنمۇ ئىسپاتلىغان. قۇرئان كۆرسىتىپ بەرگەن بۇ مەلۇماتنى سىناپ بېقىش ياكى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قوشۇمچە مەلۇمات ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن ھەدىس ئۇسۇلى ھەققىدە قۇرئان بەرگەن بۇ مەلۇمات (نەتىجە)قا ئېرىشىش ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە .

## ھەدىسلەرنىڭ گۇماني (زانني) خاراكتېرلىك بولۇشى

نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ھېچبىرىنىڭ مۇتلەق (لەۋزى) مۇتەۋاتىر خەۋەر سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىغان، ھەممىسىنىڭ ئەھەد خەۋەرلەر ئىكەنلىكى ۋە قانچىلىك دەرىجىدە سەھىھ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر زاندىن خالىي ئەمەسلىكى (زانني غالىب ئىكەنلىكى) بارلىق ھەدىس ئۇسۇلچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ھەقىقەتتۇر[4]. ھەتتا بۇنىڭ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى مۇھەددىسلەرنىڭ كۆپ سانلىقى قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن: خايرى كېرباشئوغلۇ، ھەدىس مەنبەلىرىدىكى مىڭلىغان رىۋايەت ئىچىدە شۈبھىدىن خالىي ھېچقانداق بىر مۇتەۋاتىر ھەدىسنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ۋە ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك «ئەھەد خەۋەر كاتېگورىيەسى»گە تەۋە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ھەدىسلەرنىڭ زانني ھەققىدە مۇنداق دېمەكتە:

«ئۇنداقتا، ھەرقانداق بىر ھەدىس رىۋايىتىنىڭ ماتېماتىكىلىق نەتىجىگە

---

(1) كېرباشئوغلۇ، «ئىسلام چۈشەنچىسىدە سۈننەت»، 135، 202، 239ـ بەتلەر؛ كېرباشئوغلۇ، «ھەدىس مېتودى»، 60ـ1ـ بەتلەر

(2) يۇنۇس سۈرىسى، 36؛ نەجم سۈرىسى، 28ـ ئايەت

(3) سۇبھى ئەس ـ سالىھ، «ھەدىس ئىلىملىرى ۋە ھەدىس ئىستىلاھلىرى»، 180ـ177ـ بەتلەر

(4) خايرى كېرباشئوغلۇ، «پەرقلىق ھەدىس مېتودى»، 59ـ55ـ بەتلەر

ئوخشاش ‹كەسكىن› ھالدا ھەزرىتى پەيغەمبەرگە ئائىت دېيىش ھەم مۇمكىن ئەمەس، ھەم خاتا.

بىر ھەدىسنىڭ ‹سەھىھ› بولۇشى، ئۇنىڭ شەكسىز ھالدا ھەزرىتى پەيغەمبەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئەمەس، ئۇنىڭغا ئائىت بولۇش ‹ئېھتىماللىقى› نى بىلدۈرىدۇ. سەرخىسىنىڭ بايانى بىلەن ئېيتقاندا: ‹سەھىھ ھەدىس(لەر) دېگەنلىك، ھەزرىتى پەيغەمبەرگە ئائىت بولۇش ئېھتىمالى، ئائىت بولماسلىق ئېھتىماللىقىدىن يۇقىرى بولغان رىۋايەت(لەر) دېگەنلىكتۇر. يەنى، سەھىھ بولغان تەقدىردىمۇ ئەھەد بولغان بۇ رىۋايەتلەر زاننى غالىبنى بىلدۈرىدۇ› .

... بىر ئەھەد ھەدىس رىۋايىتىنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىنى ئېيتىش، ئۇنىڭ ھەزرىتى پەيغەمبەرگە ئائىت بولۇش ‹ئېھتىماللىقى› ئېغىر توختايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك؛ زەئىپ ياكى توقۇلما ئىكەنلىكىنى ئېيتىشمۇ، بۇ رىۋايەت(لەر)نىڭ ھەزرىتى پەيغەمبەرگە ئائىت بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ ئاجىز ۋە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى ماتېماتىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىسەك، مۇتەۋاتىر ـ بىر رىۋايەتنىڭ يۈز پىرسەنت ھەزرىتى پەيغەمبەرگە ئائىت ئىكەنلىكىنى ـ ئەڭ ياخشى مىسالنى قۇرئاننىڭ نەقلى بىزگە كۆرسىتىپ بەرمەكتە ـ؛ ئەھەد خەۋەر بولسا، بىر خەۋەر قانچىلىك دەرىجىدە سەھىھ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەزرىتى پەيغەمبەرگە ئائىت بولۇش نىسبىتىنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا99% ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ھەزرىتى پەيغەمبەرگە ئائىت بولۇش نىسبىتى50% نىڭ ئاستىغا چۈشسە، ھەدىس زەئىپ بولغان بولىدۇ. نىسبەت تۆۋەنلىگەنسېرى ئۇنىڭ توقۇلما بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقا بولىدۇ»[1].

كېرباشئوغلى بۇ بايانلاردىن كېيىن بارلىق ھەدىسلەرنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بولۇش ئېھتىمالىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك تۆرگە ئايرىغان:

مەۋزۇ (توقۇلما) ھەدىس ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بولۇش ئېھتىمالى 0 ـ30% ئارىلىقىدا بولغان رىۋايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

زەئىپ ھەدىس ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بولۇش ئېھتىمالى 30ـ 50% ئارىلىقىدا بولغان رىۋايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ھەسەن ھەدىس ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بولۇش ئېھتىمالى 50ـ

(1) خايرى كېرباشئوغلۇ، «پەرقلىق ھەدىس مېتودى»، 57ـ55ـ بەتلەر

70% ئارىلىقىدا بولغان رىۋايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

سەھىھ ھەدىس ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بولۇش ئېھتىمالى 70 ـ 99% ئارىلىقىدا بولغان رىۋايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مۇتەۋاتىر ھەدىس ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بولۇش ئېھتىمالى 100% بولغان رىۋايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ[1].

بىز ھەدىسلەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كېرباشئوغلىنىڭ بۇ ئىپادىلىرىگە قوشۇلىمىز. لېكىن ھەدىسلەرنىڭ ھەزرىتى پەيغەمبەرگە ئائىت بولۇش ئېھتىمالى توغرىسىدا بېرىلگەن بۇ نىسبەتلەر ھەققىدە (ئىلاۋە) بەزى قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

«سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ھەزرىتى پەيغەمبەرگە ئائىت بولۇش ئېھتىماللىقى 70 ـ 99% ئارىسىدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ» دېگەن سۆزى نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ ئالدى بىلەن بۇ نىسبەتنىڭ تەخمىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ھەدىسلەرنىڭ قانچە پىرسەنتىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى، يەنى قانچىلىك قىسمىنىڭ ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەجرىبە خاراكتېرلىك مېتود بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس بولغانلىقتىن، بۇ خىل رەقەم بېرىش توغرا ئەمەس. ئۇنداقتا بېرىلگەن بۇ پىرسەنتلەر پەرەز قىلىنغان رەقەملەردۇر. ئەگەر بۇنداق بولمىغان بولسا نەبىگە ئائىت بولغانلار بىلەن ئائىت بولمىغانلار ئايرىپ چىقىلغان ۋە دەتالاش تۈگىگەن بولاتتى. لېكىن بۇنىڭ نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان سۆزلەرنىڭ قانچىلىك قىسمىنىڭ ئۇنىڭ ئائىت ئىكەنلىكىنى پەقەت ئاخىرەتتە كۆرىمىز.

ئۇنداقتا «سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ھەزرىتى پەيغەمبەرگە ئائىت بولۇش ئېھتىماللىقى 70 ـ 99% ئارىسىدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ» دېگەنلىك، «نەبىگە ئائىت بولۇش ئېھتىماللىقى بەزى ھەدىسلەردە 70%، بەزى ھەدىسلەردە 80%، بەزى ھەدىسلەردە 90%، بەزى ھەدىسلەردە 99% بولۇشى مۇمكىن» دېگەنلىكتۇر. يەنى، دېيىلمەكچى بولغان سۆز مانا بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. لېكىن بېرىلگەن بۇ رەقەملەر ماتېماتىكىلىق ئېنىقلىقنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى ئابستراكت ئېھتىماللىقنى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇ ئەھۋال مۇئمىنلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن سەل قارىغىلى بولمايدىغان مەسىلىدۇر. چۈنكى سەھىھ دەپ قوبۇل قىلىنغان ۋە بۇ سەۋەبتىن ئەمەل قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ پەقەت بولمىغاندا بىر قىسمى ئەسلىدە نەبىگە ئائىت ئەمەسلىكىنى

(1) خايرى كېرباشئوغلۇ، «پەرقلىق ھەدىس مېتودى»، 57 ـ بەت

بىلدۈرىدۇ (مانا مۇشۇنداق ئېھتىماللىق دائىم مەۋجۇت). ئەپسۇسكى، بىز بۇ ھەدىسلەرنىڭ قايسى ئىبادەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز (ئەگەر بىلگەن بولساق ھېچقانداق مەسىلە قالمايتتى). يەنى، بىز ھەر كۈنى قىلىۋاتقان بەزى ئىبادەتلىرىمىزنى نەبىگە ئائىت بولمىغان بۇ (يالغان) سۆزلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ ئادا قىلىۋاتقان بولۇشىمىز مۇمكىن (ئېھتىمال). مەسىلەن: بۇ ھەدىسلەر ناماز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە بىز ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلغان بولساق، خاتا ناماز (كەم) ئوقۇغان؛ روزا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا خاتا (كەم) روزا تۇتقان؛ ھەج بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا خاتا (كەم) ھەج ياكى ئۆمرە قىلغان بولىمىز دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مەسئۇلىيەت كىمدە بولىدۇ؟ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان راۋىلەردىمۇ؟ بۇ ھەدىسكە ئاساسەن پەتىۋا بەرگەن ئالىملاردىمۇ؟ نەبىنىڭ سۆزى دېگەن سەۋەب بىلەن بۇ ھەدىسلەرگە (زاننىي بولغان، قۇرئان سىرتىدىكى ھۆكۈمگە) رىئايە قىلغان مۇئمىنلەردە بولامدۇ؟

بۇ ئەھۋال (ھەدىسلەرنىڭ شۈبھىدىن خالىي بولالماسلىقى) ئەلۋەتتە سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ھەتتا بىز يالغان ھەدىسلەرنىڭ ئاز ساندا ئىكەنلىكىنى ئېيتالايمىز. لېكىن مەسىلە دەل بۇ نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ. چۈنكى بۇ شەكىلدىكى ھەدىسلەرنىڭ نىسبىتى تۆۋەن بولسىمۇ (مەسىلەن: 10 پىرسەنت)، تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىبادەت ساھەسى (مەسىلەن: 50 پىرسەنت) بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەدىسلەر يىلدا بىر قېتىم ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر بولۇشى ياكى ھەر كۈنى ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. نەتىجىدە زىچ ياكى نادىر ھالدا مىليونلىغان مۇئمىن بۇ ئىبادەتلەرنى پەقەت بۇ ناتوغرا ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئادا قىلىۋاتقان بولسا، بۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ؟ (ئەلۋەتتە بۇ نۇقتىدا پەقەت بۇ شەكىلدىكى ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئادا قىلىنغان ئىبادەتلەرنى نەزەردە تۇتىۋاتىمىز).

## ھەدىسلەردە سەنەت (رىۋايەت قىلغۇچىلار)نى ئېنىقلاپ چىقىش

ھەدىس ئالىملىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ھەدىس ئۇسۇللىرى (مېتودى) نىڭ ئاساسى قىسمى، ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى (تېكستى)نى تەكشۈرۈشتىن زىيادە سەنەدىنى تەكشۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەتتا مۇھەددىسلەرنىڭ ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بۇ ئىشقا (سەنەدىنى تەكشۈرۈشكە) سەرپ قىلغانلىقىنى

ئىپتىشقا بولىدۇ. چۈنكى «ئىلمۇل ھەدىسنىڭ ئاساسى، تەۋەلىكنى ئىنىقلاشتۇر»[1] سۆزى مەشھۇردۇر. بۇ مەقسەتتە زەئىپ ھەدىسلەرنى (ئاساسەن دىگۈدەك سەنەت تەكشۈرۈشى ئارقىلىق) ئىنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بەزى ئاتالغۇلار (قائىدە - ئۇسۇللار) مۇنداق:

رىۋايەت ھالقىسىنىڭ بېشىدىن بىر ياكى بىر قانچە راۋى رەت قىلىنىش ئارقىلىق يۇقىرىدىكى راۋىدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىس «مۇئەللەق ھەدىس»؛ رىۋايەت ھالقىسىدا تابىئىندىن كېيىنكى راۋىلەردە بىر ئۈزۈلۈش بولغان (راۋىلەر ئارىسىدا باغلىنىش بولمىغان) ھەدىس «مۇنقەتى ھەدىس»؛ رىۋايەت ھالقىسىدا ساھابىگە تۇتاشقىچە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ راۋى ئارقىمۇ ئارقا ئىسمى ئېيتىلمىغان ھەدىس «مۇئزەل ھەدىس»؛ تابىئىنلارنىڭ ساھابىلەردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، بىۋاستە نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ھالدا «قالە رەسۇلۇللاھ...» دەپ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر بولسا «مۇرسەل ھەدىس»؛ بىر كىشى بىۋاستە كۆرۈشمىگەن ياكى كۆرۈشكەن تەقدىردىمۇ ھەدىس ئالمىغان كىشىدىن ھەدىس ئاڭلىغانلىق گۇمانىنى پەيدا قىلغان ھالدا رىۋايەت قىلغان ھەدىس «مۇدەللەس ھەدىس»؛ تاشقى كۆرۈنۈشى سەھىھ بولغان، لېكىن رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ قۇسۇرى سەۋەبىدىن مەخپىي ۋە ئىشەنچلىك بولۇشىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان ئىللىتى بولغان ھەدىس «مۇئەللەل ھەدىس»؛ بىر - بىرىگە زىت ھالدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر «مۇزدارىپ ھەدىس»؛ زەئىپ راۋىنىڭ ئىشەنچلىك راۋىلەرگە زىت ھالدا رىۋايەت قىلغان ۋە بۇ رىۋايەت بىلەن يالغۇز قالغان ھەدىس «مۇنكەر ھەدىس»؛ ئىشەنچلىك بىر راۋىنىڭ ئۆزىدىن تېخىمۇ ئۈستۈن بىر راۋىگە زىت ۋە يالغۇز ھالدا نەقىل قىلغان ھەدىسى «شاز ھەدىس»؛ رىۋايەت ھالقىسىدىكى راۋىلەرنىڭ ئىسمى ۋە نەسەپلىرى ياكى تېكىستتىكى كەلىمە ۋە ئىبارىلەرنىڭ ئورۇنلىرى ئالماشتۇرۇلغان ھالدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر «مەقلۇب ھەدىس»؛ رىۋايەت ھالقىسىدا ياكى تېكىستىدە ھەدىسنىڭ ئەسلىدە بولمىغان ھالدا راۋى تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان سۆز - ئىبارىلەر بولغان ھەدىسلەر «مۇدرەج ھەدىس» دەپ ئاتالغان[2].

يۇقىرىدا كۆرۈلگەندەك، ھەدىس ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان مۇھىم قائىدىلەر مەۋجۇت. ئالىملار بۇ قائىدىلەرگە ئاساسەن سەھىھ، زەئىپ ۋە توقۇلما ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقىشقا تىرىشقان. لېكىن بۇ ھەقتە قانچىلىك مۇۋەپپەق بولغانلىقى دائىم مۇنازىرە قىلىنغان. يەنى، بۇ ساھەدە ئۇتۇقلۇق بولالمىغان. چۈنكى

(1) نائىم، ئەھمەت، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 70 - بەت

(2) يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 192 - 172 - بەتلەر

بۇ قائىدىلەرنىڭ ئاساسى قىسمى ھەدىسنىڭ رىۋايەت زەنجىرىدىكى مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشقا قارىتىلغان بولۇپ، ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. گەرچە ھەدىس تېكىستى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇسۇللار بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوڭۇشلۇق شەكىلدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتقىلى بولمايدۇ.

بۇ مېتودلار ئارقىلىق ھەدىسنىڭ رىۋايەت ھالقىسىدا كۆرۈلگەن بەزى مەسىلىلەرنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدۇ. ئەمما ھەدىستە ھېچقانداق مەسىلىنىڭ يوقلىقىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، بۇ ئۇسۇللار بىلەن مەسىلىنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش مۇمكىن، لېكىن مەسىلە يوقلىقىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: رىۋايەت ھالقىسىدا ئۈزۈكلۈك (ئىنقىتا) بولغان بىر ھەدىسنىڭ توقۇلما ئىكەنلىكى ۋە بۇ ھەدىسنىڭ نەبىگە مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى (كەسكىن ھالدا) ئېيتىشقا بولىدۇ. لېكىن رىۋايەت ھالقىسىدا ئۈزۈلۈش بارلىقى بايقالمىغان بىر ھەدىسنىڭ نەبىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى (كەسكىن ھالدا) ئېيتقىلى بولمايدۇ.

بۇ ئەھۋالنى سەھىھى بۇخارى ۋە تەجرىدى سارىھنى تەرجىمە قىلغۇچى بابانزادە ئەھمەت نائىمنىڭ مۇنداق سۆزلىرى بىلەن يىغىنچاقلايلى: «قانداقلا بولمىسۇن ‹پالانى ھەدىس سەھىھ› دېيىش، ئۇ ھەدىسنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىقىغا قاراپ مۇتتاسىل[1] ۋە تەۋەللىكىنىڭ ئېنىق بولغانلىقىغا ئاساسەن قوبۇل قىلىنغان دېگەنلىك بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىدە شەك يوق دېگەنلىك ئەمەس. يەنى، مۇتەۋاتىر خەۋەرگە ئوخشاش شۈبھىدىن خالىيلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. رىۋايەت قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ خاتالىق ۋە ئۇنتۇغاقلىقتىن پۈتۈنلەي خالىي ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ»[2].

ھەدىس مەسىلىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان دەتالاشلارنىڭ بەلكىم ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى، بۇ خۇسۇسنىڭ نەزەردىن ساقىت قىلىنىشى ۋە رىۋايەت ھالقىسى پۇختا بولغان ھەدىسلەرنىڭ نەبىگە ئائىت ئىكەنلىكىدە شەك يوق دەپ قاراشتىن ئىبارەتتۇر. گەرچە مۇھەددىسلەرمۇ بۇنىڭ بۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن رېئال ھاياتتا ئۇلار ئېيتقاندەك قوبۇل قىلىنمىغان. زەئىپ ۋە توقۇلما ھەدىسلەرنىڭ بارلىقى، لېكىن ھەدىس ئىلىملىرى سايىسىدا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئايرىپ چىقىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن[3].

---

(1) رىۋايەت زەنجىرىدە ئۈزۈلۈش بولمىغان

(2) ئاھمەت نائىم، «تەجرىدى سارىھ تەرجىمىسى»، 210-209-بەتلەر

(3) چاكان، «مۇختەلىفۇل ھەدىس ئىلمى»، 90-51-بەتلەر

مەسىلەن: خاتىپ باغدادى (ۋاپات، 1701/364)، «سەھىھ سەنەت بىلەن رەسۇلۇللاھتىن كەلگەن بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى ھەدىس بىلمەيمەن. كىمدە شۇنداق ھەدىس بولسا ئېلىپ كەلسۇن ئايرىپ بېرەي»[1] دېگەن. شاتىبى (ۋاپات، 8831/097)مۇ ئوخشاش شەكىلدە «ھەققىدە ئايرىم توختىلىش زۆرۈر بولىدىغان دەرىجىدە ئۆزئارا زىت ئىكەنلىكى خۇسۇسىدا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاق قىلغان ئىككى دەلىلنى كۆرستەلمەيسىلەر. دەماللىققا زىتلىق باردەك بىر ئەھۋالنىڭ بارلىقىغا شاھىت بولغۇچى، ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپنىڭ كۆتۈرلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى زۆرۈر»[2] دېگەن. يەكۈنلىسەك، توقۇلما ھەدىسلەرنىڭ ئىلغاپ چىقىلغانلىقى ۋە سەھىھ دەپ قوبۇل قىلىنغان ھەدىسلەر ئىچىدە ھېچقانداق زىتلىق يوق ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

ئەھۋال ھەقىقەتەن يۇقىرىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەندەكمۇ؟ ھەدىسلەرگە ئارىلىشىپ كەتكەن توقۇلما رىۋايەتلەر ھەقىقەتەن ئىلغاپ چىقىلغانمۇ؟ سەھىھ ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ھەدىسلەردە ھەقىقەتەن زىتلىق يوقمۇ؟

بىر ھەدىسنىڭ توقۇلما بولۇپ ـ بولمىغانلىقىنى بىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆلچىمى قۇرئانغا زىت كەلمەسلىكى بولۇپ، مەزمۇن ۋە رىۋايەت ھالقىسى قايسى مېتودلار بىلەن ئېنىقلاپ چىقىشتىن قەتئىينەزەر، بىر ھەدىسنىڭ ئېنىقلىنىشقا تېگىشلىك بولغان ئەسلى تەرىپى قۇرئان بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ ـ بولمىغانلىقىدۇر. ئەپسۇسكى، بۇنىڭ تولۇق ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى ۋە «ئىچىدە ھېچقانداق توقۇلما ھەدىس يوق» دېيىلگەن كىتابلاردىمۇ خېلى كۆپ ھەدىسنىڭ قۇرئانغا زىت كېلىدىغانلىقى ئايان بولماقتا. دېمەك، مۇھەددىسلەر توقۇلما ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقىشتا ئەڭ مۇھىم شەرتنىڭ قۇرئانغا زىت كەلمەسلىك پىرىنسىپىنى پائال ئىشلەتمىگەن ۋە ئىشلىتىشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان. شۇنداقتىمۇ، ھەدىس كىتابلىرىدا توقۇلما ھەدىسلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققانلار يەنىلا مۇھەددىسلەردۇر.

---

(1) خاتىپ باغدادى، «ئەل ـ كىفايە»، 433 ـ 432 ـ بەتلەر

(2) شاتىبى، «ئەل ـ مۇۋافاقات»، 4 ـ جىلد، 202 ـ 201 ـ بەتلەر

## مسالىلار بىلەن ھەدىس ۋە سەنەت مەسىلىسى

بىز، نەبى ئېيتقان دېگەن قاراش بىلەن ئالدىمىزغا ئېلىپ كېلىنگەن بىر سۆز (ھەدىس)نى، ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن نەبىدىن ئاڭلىمىدۇق، باشقا بىرسىدىن ئاڭلىدۇق. ئۇمۇ باشقا بىرسىدىن، ئۇمۇ يەنە باشقا بىرسىدىن... ئاڭلىغان. يەنى بارلىق ھەدىسلەر «مەن (ئا)دىن ئاڭلىدىم. ئۇ بولسا (ب)دىن ئاڭلاپتۇ. ئۇ بولسا (ج)دىن، ئۇ (ئە)دىن، ئۇ (ف)دىن... ئۇ بولسا نەبىدىن...» دېگەن شەكىلدە بىزگە يېتىپ كەلگەن راۋى سۆزلىرىدۇر[1]. بۇ ئەھۋالنى بىر ھەدىسنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىزاھلاپ ئۆتەيلى. سۈنەنى تىرمىزىدا ئورۇن ئالغان بىر ھەدىس مۇنداق:

تىرمىزى (1) مۇنداق نەقىل قىلغان: ھەسەن بىن مۇھەممەد ئەز-زافەرانىدىن ئاڭلىدىم (2)، ئۇمۇ ئەففان بىن مۇسلىمدىن (3)، ئۇ بولسا ھەممام بىن قەتادەدىن (4)، ئۇ ئامىر ئىبنى شۇئەيبتىن (5)، ئۇ دادىسىدىن (6)، ئۇ چوڭ دادىسىدىن (7)، چوڭ دادىسى: رەسۇلۇللاھ (8) «ئاللاھ نېئمىتىنىڭ ئەسىرىنى بەندىسىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ» [2] دېدى.

نەبى تەرىپىدىن ئېيتىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان بۇ سۆز، مەرفۇ ھەدىستۇر (سۆز نەبىگە تۇتاشتۇرۇلغان). ئىمام تىرمىزى، ھىجرى 209-يىلىدا، يەنى نەبىنىڭ ۋاپاتىدىن (ھىجرى 11) 198 يىل كېيىن دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ سۆزنى نەبىدىن ئاڭلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ بۇ سۆزنى ھەسەن ب. مۇھەممەددىن ئاڭلىغان. ئۇ بولسا باشقا بىرسىدىن، ئۇمۇ باشقا بىرسىدىن ... ئاڭلىغان بولۇپ، ئىمام تىرمىزىغا يېتىپ كەلگىچە بولغان ھالقىدا يەتتە ئىسىم بار. ئۇنداقتا بۇ سۆز كىمگە ئائىت؟ بۇ سۆزنى بىزگە نەقىل قىلغۇچى (كىتابىغا كىرگۈزگۈچى) ئىمام تىرمىزىغا ئائىتمۇ؟ ياكى ئارىلىقتىكى راۋىلەرگىمۇ؟ ۋە ياكى نەبىگە ئائىتمۇ؟ ئەگەر ئارىدىكى راۋىلارغا ئائىت بولسا، ئۇنداقتا ئۇلاردىن كىمگە ئائىت؟

---

(1) ھەمدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 2-جىلد، 709-بەت

(2). تىرمىزى، ئەدەب 54 (تىرمىزى بۇ ھەدىس ئۈچۈن «ھەسەن» دەپ باھا بەرگەن). بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ ھەدىس «ئېيتقىنكى: ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن زىننەت بويۇملىرى ۋە پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟ ئېيتقىنكى: ئۇلار دۇنيا ھاياتىدا ۋە قىيامەت كۈنىدە مۇئمىنلەرگە خاستۇر. بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بىز ئايەتلىرىمىزنى مانا مۇشۇنداق چۈشەندۈرىمىز» دېگەن مەنىدىكى ئەئراف سۈرىسى 32-ئايەت ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇندىكى باشقا ئايەتلەر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

نەتىجىدە بۇ سۆز (ھەدىس) يېزىلغان كىتاب ھېچقانداق بىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان بولسا، ئۇنداقتا ئىمام تىرمىزىغا ئائىتتۇر. بۇ سۆز ھەققىدە ئېيتىشقا بولىدىغان ئەڭ كەسكىن ھۆكۈم مانا بۇنىڭدىن ئىبارەت. شۇنداقتىمۇ بۇنى يۈز پىرسەنت شۇنداق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھەدىس كىتابلىرى ئىلاھى ھىمايە ئاستىدا ئەمەس. بىر قىسىم خاتالىقلار، بۇزغۇنچىلىقلار، ھەتتا نۇسخىلار ئارىسىدا ئوخشاشماسلىقلار بولۇشى مۇمكىن[1]، شۇنداقمۇ بولغان. بۇ سەۋەبتىن (كىلاسسىك) ھەدىسلەر ئۈچۈن «بۇ سۆزنى نەبى ئېيتتى» ئەمەس، بەلكى «بۇ سۆزنى نەبى ئېيتتى دېگەن راۋىلەر بار» دېيەلەيمىز. بىز نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان ۋە سەھىھ دەپ قارالغان (مەرفۇ) بىر ھەدىسنىڭ «نەبى تەرىپىدىن ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىنلىكى»نى پەرەز قىلىمىز. لېكىن نەبى بۇ سۆزنى قىلمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ خۇسۇس ئەلۋەتتە ساھابىلەرگە مەنسۇپ قىلىنغان مەۋقۇف ۋە تابىئىنغا مەنسۇپ قىلىنغان مەقتۇ ھەدىسلەر ئۈچۈنمۇ شۇنداقتۇر. چۈنكى ھەدىس كىتابلىرىدا «ھەزرىتى ئۆمەر دېدىكى...، ھەزرىتى ئەلى ئېيتتىكى، ... ئىبنى ئابباس دېدىكى...» دېگەن شەكىلدە بېرىلگەن ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلاردىن بىۋاستە ئاڭلىغان سۆزلەر ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىقى رىۋايەت قىلىنغان سۆزلەردۇر. بۇلارمۇ خۇددى نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان مەرفۇ ھەدىسلەرگە ئوخشاش ئېيتىلغان بولۇشىمۇ، ئېيتىلمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنداقتا «نەبى ئېيتتى» دېگەن قاراش بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلگەن بارلىق ھەدىسلەر ئۈچۈن مۇنداق ئېھتىماللىقلار مەۋجۇت:

1. بۇ سۆز نەبى تەرىپىدىن ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن (بارلىق راۋىلەر توغرا ئاڭلىغان ۋە توغرا شەكىلدە نەقىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن).

2. بۇ سۆز نەبى تەرىپىدىن ئېيتىلمىغان بولۇشى مۇمكىن (راۋىلەردىن بىرسى ياكى بىر قانچىسى يالغان ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن).

3. نەبى بۇ سۆزلەرنى ئەمەس، بەلكى بۇنىڭغا ئوخشاش سۆز قىلغان بولۇشى مۇمكىن (راۋىلەردىن ھەرقانداق بىرسى ياكى بىر قانچىسى خاتا چۈشىنىپ قالغان ۋە ياكى ناتوغرا شەكىلدە نەقىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن).

بۇنى تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

---

(1) كىبرىباشئوغلۇ، «ھەدىس مېتودى»، 321-308-بەتلەر




ئۇنداقتا، بىر سۆز (ھەدىس)دىكى سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە تەستىقلەرنىڭ نەبىگە ئائىت بولۇشىمۇ ـ بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. لېكىن بۇ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە تەستىقلار ھەقىقەتەن نەبىگە ئائىت بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ سۆز ناتوغرا شەكىلدە يەتكۈزۈلۈشى، تولۇق يەتكۈزۈلمەي قېلىشى، قوشۇپ قويۇلغان شەكىلدە نەقىل قىلىنغان بولۇشى ۋە قايسى مەقسەتتە ئېيتىلغانلىقى ئېنىق بىلىنمەي قېلىشى مۇمكىن. ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە ھەر جەھەتتىن تولۇق يەتكۈزۈلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما بۇ ئەھۋالدا بۇ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە تەستىقلارنىڭ نەبى تەرىپىدىن ئىنسانىي، فىترى ئىختىيارلىق ياكى تارىخى، كۈلتۈر سەۋەبىدىن ئېيتىلغان (قىلىنغان) بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇيرۇق، چەكلىمە ۋە ياكى تەۋسىيە خاراكتېرىدە بولىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا بۇلارنىڭ ئۇلۇل ـ ئەمر سۈپىتىدە ئېيتىپ ـ ئېيتمىغانلىقى ئېنىقلىنىشى كېرەك (ئۇلۇل ـ ئەمر سۆزلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى مۇئمىنلەر ئۈچۈن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۆزىدىن كېيىنكى دەۋردە كەلگەن مۇئمىنلەر ئۈچۈن مۇناسىۋەتسىز بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىلگىرىكى پاراگرافلاردا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنىدۇق). بۇ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە تەستىقلار نەبى تەرىپىدىن ئېيتىلغان ياكى قىلىنغان بولسا، بۇلار قۇرئانغا ئىلاۋە سۆزلەر ئەمەس، بەلكى قۇرئاننى تەستىقلايدىغان ۋە ياكى ئايەت بىلەن ئوخشاش

مەزمۇننى ئىپادىلىگەن، يەنى ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئىزھار قىلغان سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە تەستىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

يىغىنچاقلىساق، نەبى ئىبتىقان دەپ رىۋايەت قىلىنغان بىر سۆز، ئەگەر قۇرئانغا ئۇيغۇن بولسا قوبۇل قىلىمىز. ھەتتا، قۇرئانغا ئۇيغۇن ھەر سۆزگە ھۆرمەت قىلىمىز. بۇ سۆزنى نەبى ئىبتىمغان تەقدىردىمۇ ھۆرمەت قىلىمىز. لېكىن بۇ سۆزنى نەبى قىلغان(لىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن) تەقدىردىمۇ، قۇرئانغا زىت كېلىدىغان ھەرقانداق سۆزگە ئېتىبار قىلمايمىز. «نەبىنىڭ سۆزى» دېگەن سەۋەب بىلەن (قۇرئاندا بولمىغان بىر ھۆكۈمنى بىلدۈرگەن، قۇرئانغا ئىلاۋە ھۆكۈم ئېلىپ كەلگەن) بىر سۆزگە رىئايە قىلىش، قۇرئانغا خىلاپ ئىش قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان، قۇرئانغا خىلاپ بولغان بارلىق سۆزلەرنىڭ «قۇرۇپ گەپ (لەھۋەل ھەدىس)» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.

**وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْتَرِي لَهْوَ الْحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًا أُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُهِينٌ وَإِذَا تُتْلَى عَلَيْهِ آيَاتُنَا وَلَّى مُسْتَكْبِرًا كَأَنْ لَمْ يَسْمَعْهَا كَأَنَّ فِي أُذُنَيْهِ وَقْرًا فَبَشِّرْهُ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ**

«بەزى كىشىلەر ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن نادانلارچە بىھۇدە سۆزلەرگە (لەھۋەل ھەدىسكە) چىڭ ئېسىلىۋالىدۇ ۋە ئۇنى (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى) مەسخىرە قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ئۈچۈن خور قىلغۇچى ئازاب بار. بۇنداق كىشىلەرگە ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلگەن ۋاقىتتا گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بارلىقىنى يەتكۈزگىن» (لوقمان سۈرىسى،7 ـ 6 ـ ئايەتلەر).

**تِلْكَ آيَاتُ اللَّهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِالْحَقِّ فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَ اللَّهِ وَآيَاتِهِ يُؤْمِنُونَ وَيْلٌ لِكُلِّ أَفَّاكٍ أَثِيمٍ**

«ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئۇنى ساڭا لايىق رەۋىشتە ئوقۇپ بېرىمىز. ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى ھەدىسكە (سۆزگە) ئىشىنىدۇ؟ ئۇ يالغانچى گۇناھكارلارنىڭ ھالىغا ۋاي!» (جاسىيە سۈرىسى، 7 ـ 6 ـ ئايەتلەر).

**فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَهُ يُؤْمِنُونَ**

«ئۇلار بۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) كېيىن قايسى ھەدىس (سۆز)كە ئىشىنىدۇ؟» (مۇرسەلات سۈرىسى، 50 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتلەرنىڭ لەۋزىدىكى «ھەدىس» كەلىمىسى، قۇرئانغا زىت كېلىدىغان بارلىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، قۇرئانغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان

بەزى (كىلاسسىك) ھەدىسلەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە. قۇرئانغا زىت كېلىدىغان بىر سۆز، نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان (ئاتالغۇ نۇقتىسىدىن «سەھىھ ھەدىس» سۈپىتىگە ئىگە بولغان) دەپ بۇ ئايەتلەرنىڭ قاراتمىلىقىدىن خالىي بولالمايدۇ. ھەتتا، بۇ ئايەتتە نەزەردە تۇتۇلغان سۆزلەر بەلكىم بۇ شەكىلدىكى ھەدىسلەر، يەنى نەبىگە مەنسۇپ قىلىنىپ ئايەتلەرگە قارشى ئىشلىتىلگەن سۆزلەر بولۇشى مۇمكىن (توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر).

## ھەقىقىي سەھىھ ھەدىس ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئىپادىلەيدۇ (كۆرسىتىدۇ)

قۇرئانغا ئىلاۋە بىر ھۆكۈم ئېلىپ كەلگەن، يەنى قۇرئاندا بولمىغان بىر ھۆكۈمنى بىلدۈرىدىغان ھەرقانداق ھەدىس قۇرئانغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. گەرچە سەنەت جەھەتتىن سەھىھ ھەدىس سۈپىتىگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، قۇرئانغا ئۇيغۇن بولمىغان ھەرقانداق ھەدىس (ھەقىقىي مەنىدە) سەھىھ ھەدىس بولالمايدۇ. چۈنكى نەبىنىڭ ئېيتقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىر سۆز ئارقىلىق قۇرئاندا مەۋجۇت بولمىغان يېڭى بىر ھۆكۈم پەيدا قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ قۇرئانغا ئىلاۋە قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ قۇرئاندا نەبى - رەسۇل بۇنداق بىر ئىشنى قىلىپ قالسا، دەرھال ئۇنىڭ جان تومۇرىنى ئۈزۈۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئاللاھ، بۇ ھۆكۈمنى پەقەت قۇرئاننىڭ لەۋزىنىلا نەزەردە تۇتۇپ دېمىگەن بولۇپ، قۇرئاننىڭ ھەم لەۋزى، ھەم ھۆكمى ئۈچۈن بىلدۈرگەن. شۇڭا قۇرئاندا مەۋجۇت بولمىغان ھۆكۈملەرنى بىلدۈرىدىغان ھەدىسلەر (ھەقىقىي مەنىدىن) سەھىھ بولالمايدۇ. لېكىن نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان، قۇرئان ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن سۆزلەر ھەقىقەتەن سەھىھ ھەدىس بولۇشى مۇمكىن. بۇنى بىر قانچە مىسال بىلەن ئىزاھلاپ ئۆتەيلى:

قۇرئانغا ئۇيغۇن بەزى ھەدىسلەرنى ئالدىنقى بابلاردا قوشۇمچە دەلىللەر سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. مەسىلەن: ناماز ۋاقىتلىرىنى بىلدۈرگەن ھەدىس[1]، نامازلارنى جەم قىلىپ ئوقۇشقا بولىدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر[2] ۋە تاھارەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەدىس. يەنى، ئىبنى ئابباس (ر ئە)دىن رىۋايەت قىلىنغان تاھارەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ ھەدىسنى مىسال سۈپىتىدە كۆرۈپ ئۆتەيلى:

---

(1) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 2364 (تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد)

(2) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 2917 (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى)؛ 2918 (مۇسلىم، مۇۋەتتا)

**حدثنا مسدد ثنا إسماعيل قال ثنا أيوب عن عبد الله بن أبي مليكة عن عبد الله بن عباس أن رسول الله صلى الله عليه وسلم خرج من الخلاء فقدم إليه طعام فقالوا ألا نأتيك بوضوء فقال إنما أمرت بالوضوء إذا قمت إلى الصَّلاَةَ**

«رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) بىر كۈنى ھاجەتخانىدىن چىققانىدى. ئۇنىڭغا يېمەك ئىكرام قىلىندى (ئۇمۇ ئۇنى قوبۇل قىلدى. ساھابىلەردىن بەزىلەر:) ‹تەرەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ كەلتۈرەيمۇ؟› دېدى. ئۇلارغا: ‹مەن پەقەت ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقتىتا تەرەت ئېلىشقا بۇيرۇلدۇم› دەپ جاۋاب بەردى»[1].

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن بۇ ھەدىس يېڭى بىر ھۆكۈم بېكىتمىگەن، تەرەت ئايىتىنىڭ (مائىدە، 6) ھۆكمىنى بايان قىلىپ بەرگەن. يەنى، قۇرئان پەقەت ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇغان. نەبىمۇ بۇ سۆزى (ئەمەلى) ئارقىلىق قۇرئاندىكى بۇ ھۆكۈمنى بايان قىلىپ بەرگەن. يەنى تەرەت ئېلىشنىڭ پەقەت ناماز ئۈچۈن شەرت ئىكەنلىكىنى، باشقا بىر ئىبادەت ئۈچۈن (مەسىلەن: قۇرئان ئوقۇش، تاۋاپ قىلىش، قۇربانلىق قىلىش...) زۆرۈر ئەمەسلىكىنى، قۇرئاننىڭ بۇنداق بۇيرۇقىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرگەن. ئەمما ئۇ بۇ ئايەتكە ئاساسەن مۇشۇنداق قىلغان. بۇ ئايەتتىن ئىلگىرى ئۆزىمۇ تەرەت مەسىلىسىدە مۇنداق قىلمىغان بولۇپ، بىتەرەت يۈرمەسلىككە تىرىشقان. لېكىن بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن تەرەت ئەمرىنىڭ پەقەت ناماز بىلەن چەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە بۇ ئايەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلغان[2]. نەبى يۇقىرىدىكى بۇ سۆزى (ئەمەلى) ئارقىلىق مائىدە سۈرىسى 6-ئايەتنىڭ ھۆكمىنى تەكرار بايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، قۇرئانغا بىر ھۆكۈم ئىلاۋە قىلمىغان ياكى قۇرئاندىن بىر ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرمىغان.

يەنە مەسىلەن، ئۇممۇ ئالا بىنت ھارىس (ر ئە) مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «مۇھاجىرلار چەك تاشلاش ئارقىلىق ئەنسارلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنغانىدى. بىزنىڭ ئائىلىگە ئوسمان بىن مەزئۇن چىققانىدى. بىز ئوسماننى ئۆيىمىزدە مېھمان قىلدۇق. لېكىن ئوسمان (بىر مەزگىلدىن كېيىن) ئاغرىپ قالدى ۋە ۋاپات بولدى. مېيىتنى يۇيۇلدى ۋە كېيىمى بىلەن كېپەنلەندى. كېيىن رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) جىنازە نامىزى ئۈچۈن كەلدى. مەن (مېيىتنى پاكلاپ): ئى ئەبۇ سائىب، ‹جانابى ھەق ساڭا رەھمەت قىلغاي! سېنىڭ ھەققىڭدە بىلگىنىم ۋە بۇ جامائەتكە بىلدۈرمەكچى بولغىنىم شۇكى، سەن ئاللاھ تائالانىڭ (ئاخىرەت ئالىمىدە) كىرەم

---

(1) جانان، «كۈتۈبى سىتتە»، 3890 (مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى)

(2) يازىر، «ھەق دىنى قۇرئان تىلى»، مائىدە سۈرىسى، 6-ئايەت

ۋە ئىنايىتىگە ئېرىشكەن بىر زات› دېدىم. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ): ‹ئاللاھۇ تائالانىڭ بۇ مېيىتقا ئىكرام ۋە ئىنايەت قىلغانلىقىنى قانداق بىلدىڭ؟› دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ، ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ئاللاھ (بۇ ئىمان ـ ئېتىقادلىق بەندىسىگە ئىكرام قىلمىسا) كىمگە ئىكرام قىلىدۇ؟› دېدىم. بۇ قېتىم رەسۇلى ئەكرەم: ‹ئوسمان بىن مەزئۇن ۋاپات بولدى ۋە ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەنمۇ بۇ مېيىت ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە سائادەت تىلەيمەن. لېكىن يەنە ئاللاھقا قەسەمكى، مەن ئاللاھنىڭ بىر ئەلچىسى تۇرۇپ ماڭا ۋە سىلەرگە ئەتە ئاللاھ تەرىپىدىن قانداق مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن› دېدى. ئۇممۇ ئالا مۇنداق دېدى: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھېچكىمنى ئاقلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم› »[1].

نەبى بۇ سۆزى ئارقىلىق ئۆزىنىڭمۇ قازا تاپقان بىر كىشىگە قانداق مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. نەبىنىڭ بۇ سۆزى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ تەكرارلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس:

قُلْ مَا كُنْتُ بِدْعاً مِنَ الرُّسُلِ وَمَٓا اَدْر۪ي مَا يُفْعَلُ ب۪ي وَلَا بِكُمْۜ اِنْ اَتَّبِعُ اِلَّا مَا يُوحٰٓى اِلَيَّ وَمَٓا اَنَا۬ اِلَّا نَذ۪يرٌ مُب۪ينٌ

«ئېيتقىنكى: ‹مەن رەسۇللارنىڭ تۇنجىسى ئەمەسمەن، ماڭا ۋە سىلەرگە نېمە قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن پەقەت ماڭا ۋەھيي قىلىنغان نەرسىگىلا ئەگىشىمەن. مەن ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن› » (ئەھقاف سۈرىسى، 9 ـ ئايەت).

يەنە بىر مىسال، نۇمان بىن بەشىردىن (ر ئە) رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ): «دۇئا ئىبادەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر» دېدى ۋە بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «رەببىڭلار ئېيتتىكى: ماڭا دۇئا قىلىڭلار مەن ئىجابەت قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، ماڭا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ»[2].

نەبى بۇ سۆزى ئارقىلىق قۇرئاندا بولمىغان بىر ھۆكۈمنى بېكىتمىگەن. رەببىمىزنىڭ ئايەتتە بايان قىلغىنىغا دۇئانى ئىبادەت قاتارىدىن تىلغا ئالغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مۇناسىۋەتلىك ئايەت مۇنداق:

وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ

---

(1) بۇخارى، 620

(2) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 464 (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە)

«رەببىڭلار ئېيتتىكى: ماڭا دۇئا قىلىڭلار مەن ئىجابەت قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، ماڭا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ» (غافىر سۈرىسى، 60 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە «دۇئا» ۋە «ئىبادەت» مەنىداش سۆز سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. نەبىمۇ بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ، ئايەتنىڭ ھۆكمىنى تەكرار بايان قىلغان. دۇئانىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكى باشقا ئايەتلەردىمۇ بىلدۈرۈلگەن[1].

دېمەك، قۇرئانغا ئۇيغۇن بولغان نەبى سۆزلىرى، يېڭى بىر ھۆكۈم بېكىتمەيدۇ، ئايەتتە بار بولغان ھۆكۈمنى تەكرار بايان قىلىپ بېرىدۇ (كۆرسىتىدۇ). بۇنى «ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن خۇسۇسىيەتلەرنى پەرقلىق شەكىلدە ئىپادىلەپ، ئايەتنى تەكرارلىغان ۋە تەپسىر قىلغان» دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ھەرقانداق بىر ھەدىس بىلەن يېڭى ھۆكۈم قويغىلى بولمايدۇ. چۈنكى نەبىنىڭ ئۆز ئالدىغا تەشرى (ھۆكۈم بېكىتىش) ھوقۇقى يوق. نەبى ـ رەسۇل قۇرئانغا ئىلاۋە قىلالمايدۇ. قۇرئاندا بولمىغان بىر نەرسىنى قانۇن ھالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ. ئاللاھ، رەسۇلغا بۇنداق ھوقۇقنى بەرمىگەن. رەسۇلنىڭ ۋەزىپىسى ئايەتلەرنى ئۆز پېتى يەتكۈزۈشتۇر. قانۇن بېكىتىش ھوقۇقى پەقەت ئاللاھقا ئائىتتۇر. ئاللاھقا ئائىت بولغان بۇ ھوقۇقنى قىسمەن بولسىمۇ رەسۇلغا بەرگىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئاللاھنىڭ نوپۇزى ئورتاقلىشىلغان ۋە شېرىك قوشۇلغان بولىدۇ.

ئۇنداقتا، قۇرئانغا ئۇيغۇن ھەدىسلەر قۇرئاننى چۈشىنىشتە مۇراجىئەت قىلىنسا بولىدىغان پايدىلىنىش ماتېرىيالىدۇر. لېكىن ھېچقانداق ھەدىس ئۈچۈن «بۇلار بولمىسا قۇرئاننى چۈشەنگىلى بولمايدۇ ۋە دىن كەم قالىدۇ» دېيىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولسا ئىدى، ھەدىسلەر نەبى تەرىپىدىن يازدۇرۇلاتتى. لېكىن نەبى بۇنداق قىلمايلا قالماستىن، يازدۇرمىغان ۋە يېزىشنى مەنئى قىلغان. چۈنكى قۇرئان مۇئمىنلەر ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە بۇ مەلۇماتلار ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلگەن كىتابتۇر[2].

يەنە بۇنى مۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ: قۇرئان ھۆكۈملىرىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ دېگەن سەھىھ ھەدىسلەر، ئەسلىدە قۇرئاندا مەۋجۇت بولمىغان ھۆكۈملەرنى چىقارغۇچىلارنىڭ ئالدىنى توسايدۇ. خاتا ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنى تۈزىتىدۇ. چۈنكى مۇھكەم قۇرئان ئايەتلىرىدىكى ھۆكۈملەر ئىزاھلاشقا موھتاج ئەمەس.

---

(1) فۇرقان سۈرىسى،77؛ زارىيات سۈرىسى، 56 ـ ئايەت

(2) يۇنۇس سۈرىسى، 37؛ يۈسۈف سۈرىسى، 111؛ ھۇد سۈرىسى، 2 ـ ئايەت

قۇرئاننىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ ھۆكۈملەر روشەن، چۈشىنىشلىك بولۇپ، قۇرئان شۇنداق دېمەكتە. لېكىن (دىلىدا ئەگرىلىك بولغانلار ئۈچۈن) مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە بېرىلىپ كەتكۈچىلەر[1] مۇھكەم ئايەتلەرنىڭ ئوچۇق ھۆكمىنى كۆرمەيدۇ. بۇ كىشىلەر قۇرئانغا ئۇيغۇن نەبى سۆزلىرى (سەھىھ ھەدىسلەر)دىن پايدىلىنىدۇ. لېكىن بۇ كىشىلەر قۇرئانغا ئۇيغۇن بولغان ۋە ئۇيغۇن بولمىغان سۆزلەرنى قانداق ئايرىيدۇ؟ مانا بۇ ئۇلاردا ساقلانغان ئەسلى مەسىلە. ئۇلار بۇنى ئايرىيالىغۇدەك دەرىجىدە قۇرئاندىن خەۋەردار بولغان بولسا (قۇرئان بىلەن بۇ مەقسەتتە زىچ ئالاقىدە بولغان بولسا)، مۇھكەم ئايەتلەردىكى ھۆكۈملەرنى كۆرەتتى ۋە قۇرئاندا بولمىغان ھۆكۈملەرنى چىقارمايتتى. لېكىن قۇرئان بىلەن ئالاقىسى زىچ بولمىغانلىقى ئۈچۈن (قۇرئانغا بۇ نۇقتىدىن نەزەر سالمىغانلىقتىن)، «ھېچقانداق بىر ئىلمگە ئاساسلانماستىن» ۋە «ئاساسى يوق سۆزلەرگە» يېپىشىپ، يەنى «لەھۋەل ھەدىسكە» چىڭ ئېسىلىپ «بىغەيرى ئىلمىن» پەتىۋا بېرىدۇ:

**وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْتَرِي لَهْوَ الْحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًا أُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُهِينٌ وَإِذَا تُتْلَى عَلَيْهِ آيَاتُنَا وَلَّى مُسْتَكْبِرًا كَأَنْ لَمْ يَسْمَعْهَا كَأَنَّ فِي أُذُنَيْهِ وَقْرًا فَبَشِّرْهُ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ**

«بەزى كىشىلەر ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن نادانلارچە بىھۇدە سۆزلەرگە (لەھۋەل ھەدىس) چىڭ ئېسىلىۋالىدۇ ۋە ئۇنى (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى) مەسخىرە قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ئۈچۈن خور قىلغۇچى ئازاب بار. بۇنداق كىشىلەرگە ئايەتلىرىمىز ئوقۇلۇپ بېرىلگەن ۋاقىتتا گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بارلىقىنى يەتكۈزگىن» (لوقمان سۈرىسى، 7-6-ئايەتلەر).

بۇ كىشىلەر ئايەتتە ئېيتىلغاندەك، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئوقۇلغاندا «خۇددى گاستەك ۋە ئۇلارنى ئاڭلىمىغاندەك» قىلىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئۆرۈيدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق بىر ھەدىسنىڭ قۇرئانغا ئۇيغۇن بولۇپ - بولمىغانلىقىنى (بۇ سۆزنى نەبىنىڭ ئېيتىپ - ئېيتمىغانلىقىنى) پەرق قىلغۇدەك قابىلىيىتى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

**وَقَدْ فَصَّلَ لَكُمْ مَا حَرَّمَ عَلَيْكُمْ اِلَّا مَا اضْطُرِرْتُمْ اِلَيْهِۜ وَاِنَّ كَث۪يراً لَيُضِلُّونَ بِاَهْوَٓائِهِمْ بِغَيْرِ عِلْمٍۜ اِنَّ رَبَّكَ هُوَ اَعْلَمُ بِالْمُعْتَد۪ينَ**

«مەجبۇر قالمىغۇچە ھارام بولىدىغان نەرسىلەرنى ئۇ (ئاللاھ) سىلەرگە تەپسىلىي

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 7-ئايەت

شەكىلدە بايان قىلغان تۇرسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، بىلمەستىن - بەرگەن پەتىۋالار بىلەن - كىشىلەرنى ئازدۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، رەببىڭ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ» (ئەنئام سۈرىسى، 119 - ئايەت).

## مەۋجۇت ھەدىس توپلاملىرىغا قىسقىچە نەزەر

ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەدىس توپلاملىرىغا كىرىپ قالغان خېلى كۆپ ساندا (قۇرئانغا زىت) توقۇلما ھەدىسلەر بار. بەلگىلەنگەن شۇنچە كۆپ پرىنسىپ ۋە سىڭدۈرۈلگەن شۇنچە كۆپ ئەجىرلەرگە قارىماستىن بۇلار تېخىچە شاللىنىپ كېتەلمىدى. بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى ھەدىس ئۆلىمالىرىنىڭ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن بەكرەك سەنەتكە ئەھمىيەت بېرىشى بولۇپ، سەنەتنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سىڭدۈرۈلگەن ئەجىرلەر، رىۋايەت مەزمۇنى ئۈچۈن سەرپ قىلىنمىغان. بۇ سەۋەبتىن قۇرئانغا زىت كېلىدىغان بەزى ھەدىسلەر ئىلغىۋېتىلمىگەن.

خايرى كىرباشئوغلۇ[1] ئەھلى ھەدىسنىڭ دىققىتىنى ھەدىسنىڭ سەنەتكە مەركەزلەشتۈرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تېكىستنى تەكشۈرۈشكە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنى؛ ئۇلارنىڭ بۇنى قوبۇل قىلمىسىمۇ، ئالىملارنىڭ سەھىھۇلبۇخارى، سەھىھۇمۇسلىم، سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد، سۈنەنى تىرمىزى، سۈنەنى ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەت بىن ھەنبەلنىڭ مۇسنەدى قاتارلىق ھەدىس توپلاملىرىدا مەۋجۇت بولغان توقۇلما (قۇرئانغا زىت) ھەدىسنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىققانلىقىنى تىلغا ئالغان ۋە بۇ توقۇلما ھەدىسلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا تىزىپ كۆرسەتكەن[2].

مەسىلەن، كىرباشئوغلۇنىڭ بۇ تىزىملىكىدە مىسال سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن ۋە سەييىد سالىھ ئەبۇ بەكىر ئېنىقلاپ چىققان سەھىھۇلبۇخارى (ۋاپات 256/872) مەنبەلىك توقۇلما ھەدىس سانى 120. لېكىن بۇ تەتقىقاتنى ئېلىپ بارغان سەييىد سالىھ ئەبۇ بەكىر، بۇ مىقدارنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلغان:

*«ئەسەردە 120 ھەدىس تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلار پەقەت مىسالدۇر. تەكشۈرۈش كېرەك بولغان ھەدىسلەرنىڭ سانى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ. بۇ مىساللار*

---

(1) پروفېسسور دوكتۇر م. خايرى كىرباشئوغلۇ، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلامى ئىلىملەر فاكۇلتېتى، ھەدىس ئىلىملىرى ئوقۇتقۇچىسى

(2) م. خايرى كىرباشئوغلۇ، «ھەدىس مېتودى»، 354 - 263 - بەتلەر

قۇرئان ئاساس قىلىنغان ھالدا تەكشۈرۈلۈپ، ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرى ئارىسىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەنلىرى ئېنىقلاپ چىقىلىدۇ»[1].

كېرباشئوغلۇ، بۇخارى مەنبەلىك بۇ 120 توقۇلما ھەدىسنىڭ باشقا ھەدىس مەنبەلىرىدىمۇ (مۇسلىم، ۋاپات 261؛ ئەبۇ داۋۇد، ۋاپات 275؛ تىرمىزى، ۋاپات 279؛ نەسائى، ۋاپات 303؛ ئىبنى ماجە، ۋاپات 283؛ دارىمى، ۋاپات 251؛ دارقۇتنى، ۋاپات 385؛ بەيھەقى، ۋاپات 458؛ مۇسنەد ۋە مۇسەننەفلەردە) يەر ئالغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە مەزكۇر بابتا ھەدىس توپلاملىرىدا بولغان يۈزلەرچە توقۇلما ھەدىسنى بۇ 120 ھەدىسكە ئىلاۋە قىلغان ھالدا ئايرىم تىزىپ چىققان[2].

ئىسمائىل لۇتفى چاكان[3]، سۈنەنلەرنىڭ (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە، دارىمى، دارقۇتنى ۋە بەيھەقى) ئىچىدە سەھىھ ۋە زەئىپ ھەدىسلەر بىلەن بىرگە، ئاز ساندا توقۇلما ھەدىسلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

«سۈنەنلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن باھالايدىغان بولساق، بۇلاردىكى بارلىق ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىنى ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس. ھەم سەھىھ، ھەم زەئىپ، ھەتتا ئاز ساندا بولسىمۇ توقۇلما ھەدىسلەرنىڭ بارلىقى ھەقىقەتتۇر.

ئەبۇ داۋۇد، ‹ئۇ ھەقتە سەھىھ ھەدىس يوق› دېگەن سەۋەب بىلەن؛ تىرمىزى ‹فەقىھلەردىن ھەرقانداق بىرسىنىڭ ئەمەل قىلغان بولۇشى› شەرتى بىلەن؛ نەسەئى بولسا ‹ئالىماسلىقتا مۇھەددىسلەرنىڭ ئىتتىپاق بولمىغانلىقى› سەۋەبدىن زەئىپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ماجە بولسا ھافىز، راستچىل ۋە ئىلمى مول بولۇشىغا قارىماستىن، كىتابىدىكى مۇنكەر ۋە ئاز ساندا بولسىمۇ توقۇلما ھەدىسلەر سەۋەبدىن ئەسىرى سۈنەنىڭ ئېتىبارىغا داغ چۈشۈرگەن.

دارىمى سۈنەنىدە مۇرسەل، مۇنقەتىئ ۋە مەقتۇئ رىۋايەتلەرگە ئورۇن بەرگەن.

دارقۇتنىنىڭ سۈنەنى بولسا زەئىپ، غەلەت، شاز، مۇئەللەل ۋە باشقا سۈنەنلەردە بولمىغان ھەدىسلەر بىلەن تولۇپ - تاشقان.

---

(1) «ئەل-ئادۋائۇل قۇرئانىييە»، 3-6-بەتلەر (كېرباشئوغلۇ، «ھەدىس مېتودى»، 268-بەت)

(2) كېرباشئوغلۇ، «ھەدىس مېتودى»، 354-283-بەتلەر

(3) پىروفېسسور دوكتور ئىسمائىل لۇتفى چاكان، مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلامى ئىلىملەر فاكۇلتېتى، ھەدىس ئىلىملىرى ئوقۇتقۇچىسى

*بەيەھقىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ زەئىپ ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان»*[1].

*ئەھمەت يۈجەل*[2]، ھەدىس توپلاملىرىدىكى قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرگەن رىۋايەتلەرنىڭ «*سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى: ‹ئۇنى پەقەت رەببىم بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقتىتا مەيدانغا چىقىرىدۇ. ئاسمانلار ۋە زېمىن كۆتۈرەلمەيدىغان ئۇ سائەت، سىلەرگە تۇيۇقسىز يېتىپ كېلىدۇ› . گويا سەن ئۇنىڭ ۋاقتىدىن خەۋەرداردەك سەندىن سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى: ‹ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلىش پەقەت ئاللاھقا خاستۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ›* » دېگەن مەنىدىكى ئەئراف سۈرىسىنىڭ 187-ئايىتىگە زىت كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[3]. ئۇنداقتا بۇ قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى قۇرئانغا ئۇيغۇن ئەمەس ۋە توقۇلما دېگەنلىكتۇر[4]. ھەتتا قىيامەت ئالامەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەدىسلەرمۇ شۇنداقتۇر[5]. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەم بۇ ئايەتتە، ھەم نەھل سۈرىسى 77-ئايەتتە قىيامەتنىڭ تۇيۇقسىز (كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە) كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا تاھا سۈرىسى 15-ئايەتتە «*مەن، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىگە يارىشا نەتىجىسىنى كۆرسۇن دەپ، ۋاقتىنى مەخپىي تۇتقان قىيامەت شەكسىز يېتىپ كېلىدۇ*» دېگەن.

بۇ ئومۇمىي باھادىن كېيىن، ھەدىس توپلاملىرى ئىچىدىكى قۇرئانغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى ئېنىقلانغان بىر قانچە ھەدىسكە مىسال سۈپىتىدە قاراپ باقايلى.

سۈنەنى ئىبنى ماجەدە ئورۇن ئالغان ۋە ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزغا مەنسۇپ قىلىنغان (قۇرئانغا زىت) بىر ھەدىس (رىۋايەت) سەنەتى بىلەن مۇنداق:

**حدثنا أبو سلمة يحيى بن خلف . حدثنا عبد الأعلى عن محمد بن إسحاق عن عبد الله بن أبي بكر عن عمرة عن عائشة . وعن عبد الرحمن بن القاسم عن أبيه عن عائشة: قالت لقد نزلت آية الرجم ورضاعة الكبير عشرا . ولقد كان في صحيفة تحت سريري . فلما مات رسول الله صلى الله عليه و سلم وتشاغلنا بموته دخل داجن فأكلها**

---

(1) ئىسمائىل لۇتفى چاكان، «ھەدىس ئەدەبىياتى»، 131-بەت

(2) پىروفېسسور دوكتۇر ئەھمەت يۈجەل، مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلامى ئىلىملەر فاكۇلتېتى، ھەدىس ئىلىملىرى ئوقۇتقۇچىسى

(3) يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 199-بەت

(4) بۇ ھەقتە ئونلارچە ھەدىس بار. مەسىلەن: «كۇتۇبى سىتتە»، 5025 (بۇخارى، مۇسلىم)؛ 5026 (تىرمىزى)؛ 5030 (مۇسلىم)

(5) بۇ ھەقتىمۇ ئونلارچە ھەدىس بار. مەسىلەن: «كۇتۇبى سىتتە»، 5032 (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد)؛ 5034 (تىرمىزى)؛ 5035 (بۇخارى، مۇسلىم)

*ئەبۇ سەلەمە ياھيا ب. ھالەف (1)، ئابدۇل-ئالا (2)، مۇھەممەد ب. ئىسھاق (3)، ئابدۇللاھ ب. ئەبى بەكر (4)، ئۇمرە (5)، ئائىشە (6): «قەسەمكى، رەجم (زىنا قىلغۇچىنى چالما - كېسەك قىلىش جازاسى) ئايىتى ۋە ئون قېتىم ئەمگۈزگۈچى بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەت نازىل بولدى ۋە قەسەمكى بۇ ئايەتلەر كارۋىتىمىنىڭ ئاستىدىكى بىر سەھىپىگە يېزىلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) ۋاپات بولغاندا، بىز ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالدۇق، بۇ ئارىلىقتا بىر ئۆچكە (ياكى قوي) ھۇجرىغا كىردى ۋە ئۇ سەھىپىنى يېدى»*[1].

بۇ رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا رەجم جازاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت نازىل بولغان، لېكىن بۇ ئايەت يېزىلغان سەھىپىنى بىر ئۆچكە يېۋەتكەنلىكى ئۈچۈن مەزكۇر ئايەت قۇرئاندىن ئورۇن ئالمىغان. يەنى، بۇ ئايەتنى قوغداپ قالالمىغان (نەئۇزۇبىللاھ). بۇ رىۋايەت «زىكىر (قۇرئان)نى بىز نازىل قىلدۇق، ئەلۋەتتە ئۇنى بىز قوغدايمىز» دېگەن مەنىدىكى ھىجر سۈرىسىنىڭ 9-ئايىتىگە ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا خىلاپتۇر. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ بۇنداق سۆزنى قىلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ سۆز (ھەدىس) ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ ئەمەس، «ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دېدى» دېگەن يالغانچى راۋىلەرنىڭ سۆزىدۇر. بۇ يالغان، مەزكۇر يالغاننى ھەدىس كىتابىغا كىرگۈزگەن ئىبنى ماجە ياكى بەش راۋىدىن بىرسىگە ئائىتتۇر. ئەمما ئائىشە ئانىمىزغا ھەرگىزمۇ ئائىت ئەمەس.

بۇ مەسىلە ھەققىدە بارلىق ھەدىس مەنبەلىرى (بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، مۇۋەتتا)نىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئورۇن ئالغان قورقۇنچ بىر رىۋايەت بار. ئىبنى ئابباس (ر ئە)غا مەنسۇپ قىلىنغان بۇ رىۋايەت مۇنداق:

*ھەزرىتى ئۆمەر خۇتبە ئوقۇغاندا ئۇنىڭغا قۇلاق سالدىم. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئاللاھ تائالا ھەزرەتلىرى مۇھەممەد (س ئە ۋ)نى ھەق (دىن بىلەن) ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا كىتابنى نازىل قىلدى. بۇ نازىل قىلىنغانلار ئىچىدە رەجم ئايىتىمۇ بار ئىدى! بىز بۇ ئايەتنى ئوقۇدۇق ۋە يادقا ئالدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) زىنا قىلغۇچىنىڭ جازاسىنى تەتبىقلىدى، ئاندىن كېيىن بىزمۇ تەتبىقلىدۇق. مەن شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن: ئارىدىن ئۇزۇن زامان ئۆتكەندىن كېيىن بەزىلەر چىقىپ، ‹بىز كىتابۇللاھتا رەجم جازاسىنى كۆرمىدۇق (دەپ ئىنكارغا مۇپتىلا بولۇشى ۋە)، ئاللاھنىڭ كىتابىدا نازىل قىلغان بىر پەرزنى تەرك قىلىپ، زالالەتكە دۇچار بولىدۇ. بىلىڭلاركى، رەجم، ئايال ۋە ئەرلەردىن مۇھسەن بولغۇچىلارنىڭ زىنالىرى،*

---

(1) ئىبنى ماجە، كىتابۇن نىكاھ، 1944

*ـ ساراڭ ياكى هامىلە ۋە ياكى تۆھمەت يولى ـ سادىر بولغان تەقدىردە، ئۇلارغا تەتبىقلىنىشى كېرەك بولغان نەرسە كىتابۇللاھتا بار بولغان ھەققەتتۇر. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر كىشىلەر: ‹ئۆمەر ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا قېتىپ قويىدى› دېمەيدىغان بولسا ئىدى، رەجىم ئايىتىنى (كىتابۇللاھقا) يازاتتىم»*[1].

بۇ ئىككى ھەدىسچە، ئاللاھ ئەۋەتكەن بەزى ئايەتلەر ياخشى ساقلانمىغانلىقى ئۈچۈن يوقاپ كەتكەن ۋە بۇ سەۋەبتىن قۇرئاندىن ئورۇن ئالمىغان. يەنى، قولىمىزدىكى قۇرئان ئاللاھ ئەۋەتكەن قۇرئان ئەمەس. بەزى ئايەتلىرى كەم بولغان كىتابتۇر (نەئۇزۇ بىللاھ).

بىز سەھىھۇلبۇخارى ۋە سەھىھۇمۇسلىمدىن تارتىپ بىر قانچە ھەدىس كىتابىدا يەر ئالغان بۇ رىۋايەتلەرنىڭ قەيىرىنى تۈزىتەيلى؟ ئىبنى ئابباسقا چاپلانغان تۆھمەتنى تۈزىتەمدۇق؟ ياكى ھەزرىتى ئۆمەرگە چاپلانغان تۆھمەتنىمۇ؟ ياكى قۇرئانغا چاپلانغان تۆھمەتنىمۇ؟ ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئايەتنىڭ قۇرئاندا بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ، بۇنى قۇرئانغا كىرگۈزمەكچى بولىدۇ، لېكىن خەلقنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭدىن يالتىيىدۇ ۋە قۇرئاننىڭ تولۇق بولماسلىقىغا كۆز يۇمىدۇ، شۇنداقمۇ؟ دېمەك، ئۇ بەھەيۋەت ھەزرىتى ئۆمەر ئاللاھتىن قورقماي، خەلقتىن قورقۇپتىمىش! بۇ قانداق مەنتىق؟ بۇ قانداق پوزىتسىيە؟ بۇنداق بىر قاراشنى (قۇرئاندا بولۇشى كېرەك بولغان بەزى ئايەتلەرنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى) غەربلىك بىر غەيرى مۇسلىم ئىلگىرى سۈرسە قانداق ئىنكاس قايتۇراتتۇق؟ بۇ قاراشنى ھەدىس كىتابلىرىدا كۆرگەن ۋاقتتا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز؟

ئىسلام دۈشمەنلىرى دېيىلگەن نۇرغۇن يازغۇچى ھەدىس توپلامىلىرىدىكى بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەرنى دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى:

*«قۇرئاندا، قۇرئان ئىلاھى ھىمايە ئاستىدا دېيىلگەن بىر ئايەت بار. لېكىن قاراپ بېقىڭلار، قۇرئان ھىمايە قىلىنمىغان، بەزى ئايەتلەر يوقاپ كەتكەن. بۇنى بىز دېمەيۋاتىمىز، ھەدىسلەر دەۋاتىدۇ، ھەزرىتى ئۆمەر دەۋاتىدۇ، ھەزرىتى ئائىشە دەۋاتىدۇ... ئەگەر قۇرئان ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان بولسا ئىدى، ئاللاھ كىتابىنى قوغدايتتى. دېمەك، قۇرئان ئاللاھنىڭ كىتابى ئەمەس، ئۇنى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان، ھەتتا ئۇنىڭغا بۇ ئايەتلەرنى شەيتان پىچىرلاپ بەرگەن، ...»*[2].

---

(1). جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 1589 (بۇخارى، ھۇدۇد 30، 31؛ مۇسلىم، ھۇدۇد 15 (1691)؛ تىرمىزى، ھۇدۇد 7 (1431)؛ ئەبۇ داۋۇد، ھۇدۇد 23 (4418)؛ مۇۋەتتا، ھۇدۇد، (824، 823) ).

(2) «شەيتان ئايەتلىرى» ناملىق كىتابنى يازغان سالمان رەشدى ئىسىملىك ئىنگلىز يازغۇچىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن غەربلىك مىسسىئونېر ۋە پوپلار بۇ خىل توقۇلما ھەدىسلەرنى دەلىل كەلتۈرۈپ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش

يۇقىرىدىكى بايانلارغا ئوخشاش جۈملىلەرنى نۇرغۇن غەربلىك مىسسىئونېرلاردىن ئاڭلىغىلى ۋە مەملىكىتىمىزدە پائالىيەت قىلىۋاتقان بەزى چېركاۋلار تارقاتقان يانچۇق كىتابلىرىدا كۆرگىلى بولىدۇ. بۇلارغا قارىماستىن قۇرئانغا زىت ئىكەنلىكى روشەن بولغان ۋە يۇقىرىدىكىدەك قاراشلارغا سەۋەب بولىدىغان بۇ خىل ھەدىسلەرنى مۇداپىئە قىلىش، قايسى ئەقىلگە خىزمەت قىلىشنىڭ نەتىجىسى؟ بۇ نە سۈننەتنى، نە دىننى مۇداپىئە قىلغانلىقتۇر. بۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئەقىلسىزلىقتۇر. قۇرئاننىڭ تىلى بىلەن ئېيتساق «ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلىك، قارىغۇ، گاس ۋە گاچا» بولغانلىقتۇر[1].

بۇنداق قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن سالمان رەشدى ئىسىملىك بىر يازغۇچى ئۈچۈن بەزى ئىسلام ئەللىرى ئۆلۈم پەرمانى چىقاردى. لېكىن بىز مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىغان ئىپادىلەرنى مۆتىۋەر دەپ قوبۇل قىلغان ھەدىس كىتابلىرىدا كۆرگەن ۋاقتىتا، ھېچ ئىش بولمىغاندەك بۇ ئىپادىلەرنى ئۇلۇغلاشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمىز. قۇرئانغا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ تۆھمەت بولامدۇ؟ بۇ ھەدىسلەرنى مۇداپىئە قىلىش بىلەن نېمىنى ھىمايە قىلىۋاتىمىز؟ قۇرئاننى ھىمايە قىلىۋاتامدۇق ياكى سۈننەتنىمۇ؟ ۋە ياكى بۇ ھەدىسلەرنى دەلىل كۆرسىتىپ قۇرئانغا ۋە ئىسلامغا ھۇجۇم قىلغان ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ قاراشلىرىنى قوللاۋاتامدۇق؟

قۇرئانغا زىت ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، بىر قانچە ھەدىس كىتابىدا ئورۇن ئالغان يەنە بىر توقۇلما ھەدىس، يەنى ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزغا مەنسۇپ قىلىنغان رىۋايەت تۆۋەندىكىچە:

*ھەزرىتى ئائىشە (رئە)، رەسۇلۇللاھقا (يەھۇدىيلار تەرىپىدىن) سېھىر قىلىندى. بۇ شۇ دەرىجىدە بولۇپ، رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) قىلمىغان بىر ئىشنى قىلدىم دەپ ئويلاپ قالاتتى. بىر كۈنى مېنىڭ يېنىمدىكى ۋاقتىتا ئاللاھقا دۇئا قىلدى، ئاندىن يەنە قايتىدىن دۇئا قىلىدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئى ئائىشە، سورىغان نەرسەم ھەققىدە ئاللاھنىڭ ماڭا پەتىۋا بەرگەنلىكىنى ھېس قىلدىڭمۇ؟» (مەن:) «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، قايسى خۇسۇستا؟» دېدىم. (ئۇ:) «ئىككى كىشى يېنىمغا كېلىپ، بىرسى باش تەرىپىمدە، يەنە بىرسى ئاياغ تەرىپىمدە ئولتۇردى. بىرسى يەنە بىرسىگە: بۇ كىشىنىڭ كېسىلى نېمە؟ دېدى. يەنە بىرسى: ‹سېھىردۇر!› دېدى. باشتىكى كىشى يەنە سورىدى: ‹كىم سېھىرلەپ قويىدى؟› يەنە بىرسى: ‹لەبىد ئىبنۇل ئەسەم ئىسىملىك بەنى زۇرەيكلىك بىر يەھۇدىي› دەپ جاۋاب*

---

قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرگەن

(1) بەقەرە سۈرىسى، 171 ـ ئايەت

بەردى. يەنە بىرسى: ‹سېھىرنى نېمە بىلەن قىلدى؟› دېدى. ھەمراھى: ‹بىر تاغاق بىلەن چۈشۈپ كەتكەن چاچقا ۋە ئەركەك خورما ئۇرۇقىنىڭ ئىچىگە› دەپ جاۋاب بەردى. يەنە بىرسى: ‹ئۇنداقتا، ئۇ نەرسە ھازىر قەيەردە؟› دەپ سورىدى. ھەمراھى: ‹زەرۋان قۇدۇقىدا!› دەپ جاۋاب بەردى» (دېدى). شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) بىر قانچە ساھابە بىلەن بىرلىكتە قۇدۇققا باردى. قارىسا ئۇ يەردە بىر خورما بار ئىدى. ئاندىن مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كېلىپ: «ئى ئائىشە! ئاللاھقا قەسەمكى، قۇدۇقنىڭ سۈيى خۇددى خېنە چىلانغاندەك (دۇغ) ۋە (ئۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان) خورما دەرەخلىرىنىڭ بېشىمۇ خۇددى شەيتانىنىڭ بېشىغا ئوخشايتتى!» دېدى. مەن: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئۇنى (قۇدۇقتىن) چىقاردىڭمۇ؟» دەپ سورىدۇم. «ياق!» دېدى ۋە داۋاملاشتۇرۇپ: «ماڭا كەلسەك، ئاللاھ ماڭا سالامەتلىك بەخش ئەتتى ۋە شىپا بەردى. مەن ئۇنىڭدىن كىشىلەرگە بىر زىيان يېتىپ قېلىشتىن قورقتۇم!» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنى كۆمۈۋېتىشكە بۇيرىدى ۋە يەرگە كۆمۈۋېتىلدى[1].

ئەمدى بۇ ھەدىس ھەققىدە بەزى ئىسلام ئالىملىرى نېمىلەرنى دېگەنلىككە قاراپ باقايلى:

ئەبۇ ھەنىفە (ۋاپات 150/767)، رەسۇلۇللاھنىڭ ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرگەن قۇرئان ئايەتلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن بۇ رىۋايەتنى رەت قىلغان. يەنە ئىبنى ھەزم، ئەبۇ ئىسھاق، ئەبۇ بەكر جاسساسمۇ ئوخشاش سەۋەبتىن بۇ ھەدىسلەرنى رەت قىلغان[2].

بۇ ھەدىسنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە زىت ئىكەنلىكى ئېنىق:

«بىز ئۇلارنىڭ سېنى قانداق شەكىلدە ئاڭلاۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىمىز. ئۇ زالىملار ئۆز پىچىرلىشىپ: ‹سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن ئادەمگە ئەگىشى - ۋاتىسىلەر!› دېيىشكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمىز»[3].

«ئۇ زالىملار: ‹سىلەر پەقەت سېھىرلەنگەن بىر ئادەمگە ئەگىشىۋاتىسىلەر!› دېيىشتى. (رەسۇلۇم!) قارا، سېنىڭ ھەققىڭدە نېمە دېگەن غەلىتە مىساللارنى كەلتۈرۈشتى؟ ئۇلار ئازدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن (توغرا يولغا باشلايدىغان) ھېچقانداق بىر يولنى

---

(1) بۇخارى، تىبابەت 50، 74؛ ئەدەب 56؛ مۇسلىم، سەلام 43؛ ئىبنى ماجە، تىبابەت 45؛ نەسائى، 30/66؛ ئىبنى ھەنبەل 367/4، 57/6

(2) ئىبراھىم سارمىش، «ھەزرىتى پەيغەمبەرگە سېھىر قىلىنغانلىق قارىشى ۋە بەقەرە سۈرىسى 102 - ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە»، قۇرئانى ھايات ژورنىلى، 2010 - يىلى 2 - نويابىر، 30 - 19 - بەتلەر

(3) ئىسرا سۈرىسى، 47 - ئايەت

*تاپالمايدۇ»*[1].

*«(رەسۇلۇم!) سەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن. رەببىڭنىڭ نېمىتى بىلەن سەن كاھىنمۇ ئەمەس، مەجنۇنمۇ ئەمەسسەن»*[2].

*«سەن ـ رەببىڭنىڭ نېمىتى بىلەن ـ مەجنۇن ئەمەسسەن»*[3].

*«ئۇ (قۇرئان)، ھەقىقەتەن ئىززەتلىك بىر ئەلچى (جىبرىئىل) ئېلىپ كەلگەن سۆزدۇر. ئۇ ئەلچى كۈچلۈك، ئەرشنىڭ ساھىبى (ئاللاھنىڭ) دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر. ئۇ ئۇ يەردە ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئىشەنچلىك (بىر ئەلچى)تۇر. ھەمراھىڭلار (مۇھەممەد)مۇ مەجنۇن ئەمەس. قەسەمكى، ئۇنى (جىبرىئىلنى) روشەن ئۇپۇقتا كۆردى. ئۇ، غەيىب ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى (سىلەردىن) يوشۇرمايدۇ. ئۇ لەنەتلىك شەيتاننىڭ سۆزىمۇ ئەمەس»*[4].

بۇ ئايەتلەردىن «رەسۇلۇللاھ سېھىرلەنگەن» دېگۈچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغانلار ئىكەنلىكىنى روشەن ھالدا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قۇرئان ئۇلارنى «زالىملار» دەپ تەرىپلىمەكتە.

بۇ ھەدىس ھەققىدە مۇھەممەد غەززالى مۇنداق دەيدۇ: «بىز كىمگە ئىشىنەيلى؟ قۇرئانغىمۇ ياكى بىر يەھۇدىينىڭ رەسۇلۇللاھقا سېھىر قىلغانلىقىنى نەقىل قىلغان بۇخارىغىمۇ؟»[5].

م. ئىززەت دەرۋەزەمۇ بۇ ھەدىسنىڭ قۇرئانغا روشەن ھالدا زىت كېلىدىغانلىقى قەيت قىلغان ۋە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: *«رەسۇلۇللاھقا قىلىنغان سېھىرنىڭ بۇزۇلۇشى ئۈچۈن فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى نازىل بولغان، دېيىشىدۇ. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھقا سېھىر قىلىنغانلىقى ۋەقەسىنىڭ مەدىنىدە بولغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە. فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى بولسا مەككىدە نازىل بولغان. بىز رەسۇلۇللاھنىڭ سېھىرلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بۇخارى ۋە مۇسلىمغا قانداق بولۇپ كىرىپ قالغانلىقىغا ھەيرانمىز»*[6].

بەزى رىۋايەتلەردە رەسۇلۇللاھقا قىلىنغان سېھىرنىڭ تەسىرىنىڭ 6 ئاي

---

(1) فۇرقان سۈرىسى، 9 ـ 8 ـ ئايەتلەر

(2) تۇر سۈرىسى، 29 ـ ئايەت

(3) قەلەم سۈرىسى، 2 ـ ئايەت

(4) تەكۋىر سۈرىسى، 25 ـ 19 ـ ئايەتلەر

(5) مۇھەممەد غەززالى، «نەبەۋى سۈننەت»، 292 ـ بەت

(6) م. ئىززەت دەرۋەزە، «ئەت ـ تەفسىرۇل ھەدىس»، 1 ـ جىلد، 113 ـ 112 ـ بەتلەر

داۋاملاشقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ مۇددەت ئىچىدە قىلمىغان ئىشنى (مەسىلەن: ئاياللىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت) قىلدىم دەپ قالغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. مەسىلەن، سەھىھۇلبۇخارىدا يەر ئالغان ۋە ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزغا مەنسۇپ قىلىنغان مەزكۇر مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا رىۋايەت مۇنداق: «*رەسۇلۇللاھقا سېھىر قىلىندى، ئۇ شۇ دەرىجىدە بولۇپ، قىلمىغان بىر ئىشنى قىلدىم، دەپ قالغاندى*»[1].

بەزى ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇ توقۇلما ھەدىسكە ئاساسەن «*رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىگە قىلىنغان سېھىر سەۋەبىدىن 6 ئايغىچە ئەسلىگە كېلەلمىگەنلىكىنى، بۇ مەزگىلدە نېمە ئىش قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمىگەنلىكىنى، كەلگەن ۋەھيىنى ئېسىدە چىڭ تۇتالمىغانلىقىنى، شەيتاننىڭ ئايەتلەرگە ئىغۋا قىلىپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقانلىقىنى، جىنسىي ئىقتىدارىنى يوقۇتۇپ قويغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن ئاياللىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەلمىگەنلىكىنى، لېكىن ئۆتكۈزدۈم دەپ قالغانلىقىنى، ھەتتا (جىنسىي ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىغان) ھەزرىتى ئائىشە ۋە ئىبراھىمنىڭ ئانىسى مارىيەنىڭ باشقا چارە ئىزدىگەنلىكى*» سەپسەتىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن[2]. ئەپسۇسكى، بۇ تۆھمەتلەرگە سەۋەب بولغان ۋە بۇلارغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن نەرسە مانا بۇ توقۇلما ھەدىسلەردۇر.

ئالى ئوسمان ئاتەش، قۇرئاننىڭ سەھىھلىكى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسمەت سۈپىتىگە داغ چۈشۈرگەن بۇ خىل ھەدىسلەرنى مۇداپىئە قىلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ، ھەم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسلام دۈشمىنى يازغۇچىلارنى خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى، ھەم ئوقۇغان، تەپەككۇر قىلىدىغان ۋە سېلىشتۇرما ئېلىپ بارىدىغان ئۇقۇمۇشلۇق تەبىقىدە ناتوغرا ئىسلام ئوبرازى ياراتقانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېگەن: «*ئۇلارغا مىڭبىر مۇشەققەت ۋە جاپا بىلەن تەئۋىل قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان بولساقمۇ، كۆپىنچە ۋاقىتتا قارشى تەرەپنى قايىل قىلالمىغانلىقىمىز ئېنىق. بۇ خىل رىۋايەتلەرگە تايانغان بىر پەيغەمبەر ئوبرازىنى تونۇشتۇرۇش ھەققىمىز يوق. بۇ ھەقتە چۈشەنگىلى بولمايدىغان مۇھاپىزىكارلىقىڭىزمۇ ھاجىتى يوق دەپ قارايمەن. ھەزرىتى پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ ئىسمەت سۈپىتىنى، قۇرئان كەرىمنى ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ياقلامدۇق ياكى بۇ خىل رىۋايەتلەرنى مۇداپىئە قىلامدۇق؟ كۈنىمىزدە مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتە قارار چىقىرىش ۋاقتىنىڭ*

---

(1) بۇخارى، جىزىيە 14

(2) ئىبراھىم سارمىش، «ھەزرىتى پەيغەمبەرگە سېھىر قىلىنغانلىق قارىشى ۋە بەقەرە سۈرىسى 102-ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە»، قۇرئانى ھايات ژۇرنىلى، 2010-يىلى 2-نويابىر، 30-19-بەتلەر

*كېلىپ ئۆتـۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىزاھلاشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ قاراشنىڭ ھەرگىزمۇ ھەدىس ۋە سۈننەتنى رەت قىلىشنى ئىپادىلىمەيدىغانلىقى ئېنىق...»*[1].

خۇلاسىلىسەك، مەۋجۇت ھەدىس توپلاملىرىدىكى قۇرئانغا ئۇيغۇن بولمىغان ھەدىسلەرنى مۇداپىئە قىلىش، قۇرئان ۋە سۈننەتكە خىزمەت قىلغانلىق ئەمەس. چۈنكى سۈننەت ھەدىسلەردىن ئىبارەت ئەمەس. سۈننەتنىڭ نەقىل مەنبەسى «قۇرئان» ۋە «قۇرئانغا ئەگىشىشلار» دېگەن مۇتەۋاتىر ئەمەللەردۇر. قۇرئان ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي تەتبىقلىنىشى بولغان سۈننەتمۇ ئىلاھى ھىمايە ئاستىغا ئېلىنغان بولۇپ، ھېچكىم بۇلارنى قوغداشقا ئۇرۇنماسلىقى كېرەك. چۈنكى ھېچكىم بۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. لېكىن ھەر كىم ئۆزىگە زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، ھەر مۇسۇلمان بۇنى بىلىشى كېرەك ۋە بۇ خىل قۇرئانغا زىت بولغان توقۇلما ھەدىسلەرنى ئەمەس، ئۆزىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. توقۇلما ھەدىسلەرنى ھىمايە قىلىش ئارقىلىق سۈننەتنى مۇداپىئە قىلغىلى بولمايدۇ. سۈننەتنى مۇداپىئە قىلىمىز دەپ، قۇرئانغا زىت كېلىدىغان ھەدىسلەرنى ياقلاش، چاپاقنى ئالىمەن دەپ كۆزنى قارىغۇ قىلغاندەكلا ئىش. بىز نېمىنى مۇداپىئە قىلىمىز؟ قۇرئاننىمۇ؟ رەسۇلنىمۇ؟ ياكى كازراپ راۋىلەرنىمۇ؟ بۇ (توقۇلما) ھەدىسلەر بولمىسا نېمە بولاپتۇ؟ دىنىمىزدىن نېمە كېمىيىپ قالىدۇ؟ يۈسۈف قەرداۋى ئېيتقاندەك، بۇ خىل توقۇلما ھەدىسلەرنىڭ شالاۋېتىلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ۋە ئەمەللىرىدە تېرىقچىلىك كېمىيىشكە سەۋەب بولالمايدۇ[2].

## ھەدىسلەرنىڭ قۇرئانغا زىت ئىكەنلىكى قانداق ئېنىقلىنىدۇ؟

ئەمدى ئەسلىدىكى سوئالىمىزغا قايتىپ كېلەيلى. گەرچە ھەدىسچىلەر شۇنچە ئەجىر سىڭدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىدە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشنى، يەنى بۇ ھەدىسلەرنىڭ قۇرئانغا زىت ئىكەنلىكىنى نېمە ئۈچۈن ئېنىقلاپ چىقالمىدى؟ نېمە ئۈچۈن قۇرئانغا زىت بولغان بۇ ھەدىسلەرنى شاللىۋېتەلمىدى؟

بۇ سوئالغا ھەر تۈرلۈك جاۋابنى بېرىش مۇمكىن. ئەمما بىزنىڭچە بۇنىڭ ئەسلى سەۋەبىنى قىسقا ۋە ئېنىق قىلىپ ئېيتساق، ھەدىسچىلەر قۇرئانغا ۋە ھەدىسلەرگە ئەبۇ ھەنىفىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلمىغان ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش نۇقتئىنەزەردە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلمىغان.

---

(1) ئالى ئۇسمان ئاتەش، «قۇرئان ۋە ھەدىسلەرگە كۆرە جىنلار ۋە سېھىر»، 261-بەت

(2) يۈسۈف قەرداۋى، «سۈننەتنى چۈشىنىشتە مېتود»، 204-بەت

خوش، ئۇنداقتا ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قۇرئانغا بولغان مۇئامىلىسى قانداق ئىدى؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تۆۋەندىكى پاراگرافتا ئەبۇ ھەنىفەنىڭ سۆزى بىلەن ئىزاھلاپ ئۆتىمىز.

لېكىن يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بار. يەنى، ھەدىسلەردىكى مەسىلىلەر پەقەت راۋى، سەنەت ۋە تېكىستتىنلا كېلىپ چىقمىغان. ھەدىسچىلەر زۆرۈر بولغان ئىلغاشلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ھەدىس ئەسەرلىرىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەر مەۋجۇت. چۈنكى بەزى ھەدىس كىتابلىرىنىڭ نۇسخىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشماسلىقلار بار. مەسىلەن: مەۋجۇت ھەدىس كىتابلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ (مىسال: مۇسنەد) پەرقلىق نۇسخىلىرىنىڭ بارلىقى ۋە بۇ نۇسخىلار سەۋەبىدىن بەزى مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىققانلىقى ئېنىقلاندى[1].

ئۇنىڭدىن باشقا، مۇھەددىسلەر ئاغزاكى شەكىلدە ھەدىسلەرنى نەقىل قىلغاندا بەزى خاتالىقلار كۆرۈلگەن. مەسىلەن: كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، مەشھۇر مۇھەددىس بولغان ئەبۇ داۋۇد ئەت-تايالىسى (ۋاپات، 203/818)نىڭ باغداتقا كېلىپ، يۈز مىڭدىن ئارتۇق ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقى، لېكىن بەسرەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باغداتقا بىر مەكتۇپ يېزىپ، «رىۋايەتلىرىدە 70 كە يېقىن خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى، بۇلارنى تۈزىتىشنىڭ لازىملىقىنى» بىلدۈرگەنلىكى نەقىل قىلىنغان[2]. شۇنىڭدەك ئىبنى ھىببانمۇ مۇھەممەد ب. ئىبراھىم ب. مۇسلىم باغدادى (ۋاپات، 273/886)نىڭ مىسىرغا بېرىپ، كىتاب ئوقۇماستىن قىلغان رىۋايەتلىرىدە بەزى خاتالىقلارنىڭ سادىر بولغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر رىۋايەتلەرنى ئەمەس، كىتابلىرىدىكى رىۋايەتلەرنىلا ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن[3]. ئاغزاكى نەقىللەردىكى ئوخشاش خاتالىقلارنى باشقا مۇھەددىسلەر (رىۋايەتلەر)دىمۇ كۆرۈش مۇمكىن[4].

بۇ سەۋەبتىن ھەدىسچىلەر قىلالمىغان شاللاشلارنى ئېنىقلاپ چىقىش ۋە پەرقلىق نۇسخىلىرىدىن كېلىپ چىققان ھەدىس مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن قۇرئاننى مەركىزى ئورۇنغا قويغان (ئەبۇ ھەنىفە يولىغا) نۇقتىئىنەزەرگە قايتىش

(1) كېرباشئوغلۇ، «ھەدىس مېتودى»، 262-246، 321-308-بەتلەر

(2) ئىبنىنى ھاجەر، تەھزىب، 4-جىلد، 186 (نەقىل قىلغۇچى - فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 39-بەت (Fuat Sezgin, Buhari'nin kaynakları))

(3) ئىبنىنى ھاجەر، تەھزىب، 9-جىلد، 15-16 (نەقىل قىلغۇچى - فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 39-بەت

(4) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 40-39-بەتلەر

كىرەك. بۇ مەجبۇرىيەتتۇر. ئەكسىچە بولغاندا، ھەدىس مەسىلىسىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس ۋە بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ ھەم دۇنيادىكى، ھەم ئاخىرەتتىكى ھاياتىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەتتا، ئىسلام دۇنياسى پېتىپ قالغان پاتقاقتىن قۇتۇلۇپ چىقالمايدۇ.

## ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھەدىسلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى

ئەبۇ ھەنىفە (ھىجرى 150 ـ 80)نىڭ ھەدىسلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسىنى بىر ئوقۇغۇچىسى (ئەبۇ مۇقاتىل) سورىغان سوئالغا بەرگەن جاۋابىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تالىپىنىڭ سوئالى ۋە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ بەرگەن جاۋابى تۆۋەندىكىچە:

**تالىپ (ئەبۇ مۇقاتىل):** «زىنا قىلغان بىر مۇئمىننىڭ ئىمانى كىيىم سېلىنغاندەك بېشىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئاندىن تەۋبە قىلسا ئىمانى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ»[1] دېگەن بىر رىۋايەت (بۇنى ئېلىپ كەلگۈچى) ھەققىدە نېمە دەيسەن؟

**ئالىم (ئەبۇ ھەنىفە):** «مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. مېنىڭ بۇ سۆزلەرگە ئىشەنمەسلىكىم ۋە بۇ سۆزلەرنى رەت قىلىشىم، نەبىنى (س ئە ۋ) يالغانچىغا چىقىرىش ئەمەس. نەبىنى يالغانچىغا چىقارغانلىق، ‹مەن نەبىنىڭ بۇ سۆزىگە ئىشەنمەيمەن› دېيىش بىلەن بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشى: ‹مەن نەبىنىڭ (س ئە ۋ) ھەر سۆزىگە ئىشىنىمەن، لېكىن نەبى قۇرۇق گەپ قىلمايدۇ ۋە قۇرئانغا قارشى چىقمايدۇ› دېسە، بۇ ئۇنىڭ نەبىنى تەستىق قىلغانلىقىنى ۋە نەبىنى قۇرئانغا قارشى چىقىشتىن يىراق دېگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر نەبى قۇرئانغا قارشى چىققان بولسا ۋە جانابى ئاللاھقا قارشى ھەقتىن باشقا نەرسىنى ئېيتقان بولسا ئىدى، جانابى ئاللاھ: ‹ئى مۇھەممەد، بىزگە قارشى ئۇ (قۇرئان)غا بەزى سۆزلەرنى قوشۇپ قويغان بولساڭ، بىز ئۇنى كۈكۈلىسىدىن قاماللاپ تۇتقان، ئاندىن جان تومۇرىنى ئۈزۈپ تاشلىغان بولاتتۇق، ھېچ قايسىڭلار ئۇنى بىزدىن قوغداپ قالالمايتتىڭلار!› [2] دېگەن سۆزىگە ئاساسەن ئۇنى قاماللاپ تۇتاتتى ۋە جان تومۇرىنى ئۈزۈپ تاشلايتتى.

ئاللاھنىڭ نەبىسى ئاللاھنىڭ كىتابىغا قارشى سۆز قىلمايدۇ. ئاللاھنىڭ كىتابىغا

---

(1) ئەبۇ ھۇرەيرەدىن نەقىل قىلىنغان بۇ رىۋايەتنىڭ دەل ئۆزى ئەبۇ داۋۇد (سۈننەت 15، 16) ۋە تىرمىزىدە (ئىمان 11)، ئوخشىشى بولسا بۇخارى (ھۇدۇد 1، 20)، مۇسلىم (ئىمان 100 [57]) ۋە نەسائىدا (سارىق 1 [8، 64]) ئورۇن ئالغان («كۇتۇبى سىتتە»، 5880 ۋە 5881 نومۇرلۇق ھەدىسلەرگە قاراڭ)

(2) ھاققە سۈرىسى، 47 ـ 44 ـ ئايەتلەر

ئۆكتىچىلىك قىلغان كىشى ئاللاھنىڭ نەبىسى بولالمايدۇ! رىۋايەت قىلىنغان بۇ خەۋەر قۇرئانغا زىت. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئاندا ‹زىنا قىلغان ئايال ۋە زىنا قىلغان ئەرلەر...› [1] دېگەن، لېكىن زانى ۋە زانىيە (زىنا قىلغان ئەر - ئايال)دىن ئىمان سۈپىتىنى ئېلىۋەتمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ‹سىلەردىن پاھىشە قىلغانلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى...› [2] ئايىتىدىكى ‹سىلەردىن› ئىبارىسى ئارقىلىق يەھۇدىيلارنى ياكى خىرىستىيانلارنى ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنى نەزەردە تۇتقان. ئۇنداقتا قۇرئانغا زىت ھالدا نەبىدىن ھەدىس نەقىل قىلغان ھەرقانداق بىر كىشىنى رەت قىلىش، نەبىنى رەت قىلغانلىق ياكى نەبىنى يالغانچى دېگەنلىك بولمايدۇ. ئەكسىچە، نەبىنىڭ نامىدىن باتىل نەرسىلەرنى رىۋايەت قىلغۇچىنى رەت قىلغانلىق بولىدۇ. ئەيىبلەش نەبىگە ئەمەس، بۇ سۆزنى نەقىل قىلغۇچىغا قارىتىلغان بولىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن نەبى ئېيتقان ھەر نەرسىنى ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلىغان بولايلى - بولمايلى ئۇ باش تاجىمىزدۇر. بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتتۇق. ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ نەبىسى ئېيتقان ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمىز ۋە يەنە گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، ئۇ، ئاللاھ توسقان بىر نەرسىگە بۇيرۇمىغان، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان نەرسىنى يوشۇرمىغان. ئۇ ھېچقانداق نەرسىنى ئاللاھ تەرىپلىگەندىن باشقا شەكىلدە تەرىپلىمىگەن. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، ئۇ، بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا رىئايە قىلغان، ھېچقانداق بىدئەتنى پەيدا قىلمىغان. ئاللاھ دېمىگەن ھېچقانداق نەرسىنى ئاللاھ نامىدىن ئېيتمىغان. مانا بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا: ‹كىمكى رەسۇلغا ئىتائەت قىلسا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ!› [3] دېگەن»[4].

ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھەدىسلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەكتە. ئۇنىڭ بۇ سىستېمىلىق پوزىتسىيەسىدە دىققىتىمىزنى تارتقان (دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك) ناھايىتى مۇھىم نۇقتىلار بار:

بىرىنچىسى، ئۇ، نەبىگە ئائىت دېگەن قاراش بىلەن تىلغا ئېلىنغان بىر سۆزنى «قۇرئاننىڭ دېگىنىنىڭ تەتۈرىسىنى ئېيتىۋاتىدۇ» دەپ ئەمەس، بەلكى «قۇرئان دېمىگەن نەرسىنى دەۋاتىدۇ، قۇرئانغا ئىلاۋە قىلىۋاتىدۇ!» دەپ، قۇرئانغا زىت دېگەن. بۇنداق دېيىشىنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە ھاققە سۈرىسىنىڭ

---

(1) نۇر سۈرىسى، 2-ئايەت

(2) نىسا سۈرىسى، 16-ئايەت

(3) نىسا سۈرىسى، 80-ئايەت

(4) ئەبۇ ھەنىفە، «ئەل-ئالىم ۋەل-مۇتەئاللىم»، 25-24-بەتلەر

47ـ44ـئايەتكە ئاساسەن مۇنداق: «نەبى ئاللاھ ئىزاھلاپ بەرگەن بىر نەرسىنى پەرقلىق شەكىلدە ئىزاھلىمايدۇ ۋە ئاللاھ بىلدۈرمىگەن بىر نەرسىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئاللاھ نېمىنى بىلدۈرگەن بولسا نەبىمۇ شۇنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ قۇرئاننىڭ لەۋزىگە ياكى ئەھكامىغا ئىلاۋە قىلالمايدۇ (قىلالمايدۇ)».

ئەبۇ ھەنىفەنىڭ بۇ مۇئامىلىسى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىدىن خېلىلا پەرقلىق. ھاققە سۈرىسى 47ـ44ـئايەتلىرى، ئادەتتە رەسۇل (نەبى)نىڭ قۇرئان لەۋزىدە ئىلاۋە ياكى كېمەيتىش ئېلىپ بارالمايدىغانلىقى شەكىلدە چۈشىنىپ كېلىنگەن. ھالبۇكى، ئەبۇ ھەنىفە ھاققە سۈرىسى 47ـ44ـئايەتلىرىنى دەلىل كۆرسىتىپ تۇرۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرئاننىڭ پەقەت لەۋزىدىلا ئەمەس، ئەھكامىدىمۇ ھېچقانداق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ، مەنتىقىلىق ۋە توغرا بولغان قاراش، ئەلۋەتتە. «رەسۇل (نەبى) قۇرئاننىڭ لەۋزىگە ئىلاۋە قىلالمايدۇ، چۈنكى قۇرئان ئاللاھنىڭ كالامى بولۇپ، ھۆكمى پەقەت ئاللاھقىلا ئائىت. لېكىن رەسۇل (نەبى) قۇرئانغا ئىلاۋە قىلالماستىن، قۇرئان سىرتىدىكى سۆزلىرى ئارقىلىق ھۆكۈم بېكىتەلەيدۇ» شەكلىدىكى ئەنئەنىۋى قاراش توغرا ئەمەس. «رەسۇل (نەبى) ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئىلاۋە قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، كىتابنىڭ سىرتىدىكى سۆزلىرى بىلەن (يەنى چاندۇرماستىن) ھۆكۈم بېكىتەلەيدۇ» دېيىش، ئەقىلگە ۋە مەنتىقىگە سىغمايدۇ. بۇنداق بولغاندا كىتابقا ئىلاۋە قىلىنمىغان بولامدۇ؟ بۇ قانداق مەنتىقە؟ ئەسلى مۇھىم بولغان لەۋزىمۇ ياكى ئەھكامىمۇ؟

ئۇنداقتا، نەبىنىڭ بىلدۈرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان بىر سۆز، ئەگەر بىرەر ھۆكۈم قويىدىغان بولسا (مەسىلەن: بۇ سۆز «زىنا قىلغۇچىنىڭ ئىمانى چىقىپ كېتىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە) ۋە قۇرئاندا بۇنداق بىر ھۆكۈم بولمىسا (ئەلۋەتتە يوق)، بۇ سۆزنى نەبى دېگەن ئەمەس. چۈنكى بۇ سۆز قۇرئاندا بولمىغان (قۇرئانغا زىت) ھۆكۈمدۇر. نەبى ـ رەسۇل قۇرئاندا بولمىغان (قۇرئانغا نامۇۋاپىق) بىر ھۆكۈمنى قويالمايدۇ. بۇ قۇرئانغا ئىلاۋە قىلىش بولىدۇ. نەبى ـ رەسۇلنىڭ بۇنداق ھوقۇقى يوق.

ئىككىنچى، ئەبۇ ھەنىفە مەسىلىگە قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھالدا (ئۆزگە ئۆزلەشتۈرگەن ھالەتتە) مۇئامىلە قىلغان. خۇددى «ئۇنىڭ ھەر كالامىدا، ھەر كەلىمىسىدە، ھەتتا ھەر ھەرپىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەنىلەر بار. ھەر كەلىمىسىگە قاراش ۋە ھەر كەلىمىسىدىن دەرس چىقىرىشىمىز كېرەك» دېگەندەك مۇئامىلە قىلغان. بۇ سەۋەبتىن ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «مىنكۇم (سىلەردىن)» سۆزىگە ئاساسەن، زىنا قىلغۇچىلارنىڭ «بىزدىن (مۇئمىنلەردىن)»

ئىكەنلىكى يەكۈنىنى چىقارغان.

ئەبۇ ھەنىفەنى ئىمامى ئەزەم قىلغان بەلكىم ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيەسى بولسا كېرەك. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇركى، بۇ نۇقتىئىنەزەر كېيىنكى مەزگىللەردە تەرك قىلىنغان ۋە ئەگەشكۈچىلىرى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغۇچىلارمۇ ئۇنىڭ بۇ پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلمىغان. قايسى مەزھەپ ۋە قايسى پىرقىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بارچە «نەبى ـ رەسۇلنىڭ ھەرگىزمۇ قۇرئانغا خىلاپ بىر سۆز قىلمايدۇ» پرىنسىپىنى قوبۇل قىلسىمۇ، لېكىن قۇرئانغا زىت كېلىدىغان بىر تۈركۈم سۆز نەبىگە ئېيتقۇزۇلغان ۋە بۇ سۆزلەر بىلەن پەتىۋا بېرىلگەن! بۇ شەكىلدە بېرىلگەن پەتىۋالار (ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يېزىلغان) ھەنەفى مەنبەلىرىدىمۇ مەۋجۇت.

ئۇنداقتا، بۇ قانداق پەيدا بولدى؟ چۈنكى قۇرئانغا ئەبۇ ھەنىفىگە ئوخشاش نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلمىغان، ئۇنىڭ پرىنسىپلىرى تەرك قىلىنغان. بىر سۆزنىڭ قۇرئانغا زىت دەپ قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، بۇ سۆزنىڭ دەل ئەكسىنى (بىرمۇ بىر زىتىنى) ئىپادىلەيدىغان ئايەتلەرنىڭ بار ـ يوقلىقىغا قاراپ چىقىلمىغان. ھالبۇكى، بۇنداق قاراش بىلەن قۇرئانغا زىت كېلىدىغان سۆز (ھەدىس) تېپىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن قۇرئانغا زىت بولغان بىر ھەدىسنىڭ قۇرئانغا خىلاپ ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ چىقىلمىغان ۋە بۇ سۆزلەر نەبىگە ئائىت دېيىش ئارقىلىق ھەدىس توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ رىۋايەتلەرگە ئاساسەن يۈزلەرچە پەتىۋا بېرىلگەن ۋە بۇلار ھەنەفى مەنبەلىرىدە ئورۇن ئالغان. لېكىن بۇ پەتىۋالار ئەبۇ ھەنىفەگە ئائىت ئەمەس. گەرچە بۇ پەتىۋالار ھەنەفى مەنبەلىرىدە ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، لېكىن كىم تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. بۇ سەۋەبتىن بۇلارنىڭ تەۋەلىكى (بولۇپمۇ ئەبۇ ھەنىفە ۋە تۈنجى تالىپلىرىغا مەنسۇپ قىلىش) مەسىلىسىدە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

چۈنكى ھەنەفى مەنبەلىرىدە ئورۇن ئالغان بۇ پەتىۋالار (ھەتتا بۇ مېتودلار) ئەبۇ ھەنىفىگە ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى ئوقۇغۇچىلىرىغا ئائىت ئەمەس. ھەنەفى قائىدە ـ پرىنسىپلىرى تاللاپ ئېلىشنى ئاساس قىلغان ھالدا ئەبۇ ھەنىفەدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن سىستېمىلاشتۇرۇلغان[1]. پەتىۋالارمۇ بۇ مېتودلار بىلەن بېرىلگەن. ھەتتا پەرقلىق قاراشلاردىكى ئۇسۇل ئالىملىرى ھەنەفى ئۇسۇلىدىكى بوشلۇقلارنى ئۆزىنىڭ قاراشلىرى ئاساسىدا تولدۇرۇپ پەتىۋا بەرگەن. فىقھىتا ھەنەفى، لېكىن

(1) مەتىن يىگىت (Metin Yiğit)، «دەسلەپكى دەۋر ھەنەفى مەنبەلىرىگە ئاساسەن ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مېتود چۈشەنچىسىدە سۈننەت»، ئىسلام قانۇنى تەتقىقاتى ژورنىلى، 2012 (12)، 114 ـ 69 ـ بەتلەر

كالام جەھەتتىن پەرقلىق قاراشتا بولغان ناھايىتى كۆپ ئالىم ئۆتكەن. بۇ سەۋەبتىن ھەنەفى مەنبەلىرىدە ئورۇن ئالغان كۆپ ساندىكى پەتىۋا ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئوقۇغۇچىلىرىغا ئائىت ئەمەس.

ھەنەفى ئۇسۇلىنىڭ ئەبۇ ھەنىفە ياكى تالىپلىرى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋە تاللاپ ئېلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن سىستېمىلاشتۇرۇلغانلىقىنى بايان قىلغان دەھلەۋى مۇنداق دەيدۇ: *«مەۋجۇت ئۇسۇلىنىڭ ھەممىسى ئىماملارنىڭ (شەخسىي) قاراشلىرىدىن تاللاپ ئېلىنغان... بۇلارنى ئەبۇ ھەنىفە ۋە تالىپلىرىغا مەنسۇپ قىلىش توغرا ئەمەس»*[1].

لەكنەۋىمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: *«ھەنەفىلىك، تارماق مەسىلىلەردە ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنى تەقلىد قىلىپ، شەرئى ئەمەللەردە ئۇنىڭ يولىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلاردىن شەكىللەنگەن بىر پىرقىدۇر. ئەقىدە ئاساسلىرىدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ - ئەگەشمىگەنلىكىگە قارالمايدۇ. ئەگەر ئەقىدە جەھەتتىمۇ ئەبۇ ھەنىفىگە ئەگەشكەن بولسا، بۇلار ‹كامىل ھەنەفىلەر› دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئەقىدە جەھەتتە ئۇنىڭغا ئەگەشمىگەن بولسا، كالامى جەھەتتىكى مايىللىقىنى ئەسكەرتكەن ھالدا پەقەت ھەنەفى دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلىدۇ. فىقھتا ھەنەفى بولۇپ، ئەقىدە جەھەتتە مۇتەزىلە بولغان نۇرغۇن ئالىملار بار. كەششافنىڭ مۇئەللىپى جارۇللاھ زەمەخشەرىگە ئوخشاش فىقھتا ھەنەفى بولسىمۇ، ئۇسۇلدا (ئەسلىدە) مۇرجىئە ياكى زەيدى بولغان نۇرغۇن ئالىملار بار. نەتىجىدە ھەنەفىلىكنىڭ ئەقىدە جەھەتتىن تۈرلۈك ئېقىملىرى بار. بەزىسى شىئە، بەزىسى مۇتەزىلە، بەزىسى مۇرجىئەدۇر»*[2].

دېمەك، ھەنەفى مەنبەلىرىدە بار بولغان، لېكىن ئەبۇ ھەنىفەنىڭ پرىنسىپلىرىغا زىت بولغان خېلى كۆپ پەتىۋا، ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى دەۋردىكى ئوقۇغۇچىلىرىغا ئائىت ئەمەس. بۇلاردىن بىر - ئىككىسىنى تۆۋەندە مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز. لېكىن مىساللارغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن (مەسىلىنىڭ قانداق بولۇپ بۇ نۇقتىغا كەلگەنلىكىنى ئىزاھلاشقا پايدىسى بولۇشى ئۈچۈن) ئەبۇ ھەنىفەگە قارىتىلغان قاتتىق تەنقىتلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. چۈنكى ئاساسەن دېگۈدەك ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان بۇ تەنقىتلەر ئەبۇ ھەنىفەنى ئەمەس، بەلكى ھەنەفى مەنبەلىرىنى يازغان ئالىملارغا تەسىر كۆرسەتكەن. يەنى، ئەبۇ

---

(1) شاھ ۋەلىيۇللاھ ئەھمەت ئىبن ئابدىرراھىم دەھلەۋى، «ھۇججەتۇللاھىل بالىغا»، 1- جىلد، 362- بەت (نەقىل - مەتىن يىگىت، يۇقىرىدىكى ئەسەر، 75- بەت)

(2) لەكنەۋى (Leknevi)، «ئەر- رەفئ ۋەت- تەكمىل»، 386-385- بەتلەر (نەقىل - مەتىن يىگىت، يۇقىرىدىكى ئەسەر، 75- بەت)

ھەنىفەنىڭ يۇقىرىدا ئىخچاملاپ ئۆتكەن ھەدىسلەر ھەققىدىكى قارىشى، ئەھلى ھەدىس[1] دەپ ئاتالغان ھەدىس تەرەپتارلىرى تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەن، ھەتتا ئەبۇ ھەنىفە باشلامچىلىق قىلغان رەي تەرەپتارلىرىنى «سۈننەت دۈشمىنى ۋە بىدئەت ئەھلى» دېگەندەك ئېغىر سۆزلەر بىلەن ئەيىبلىگەن[2]. مەسىلەن: ئەۋزائى (ۋاپات، 157/774)، ئەبۇ ھەنىفە ئۈچۈن مۇنداق دېگەن:

*«بىز ئەبۇ ھەنىفەنى رەي (ئۆزىنىڭ قارىشى) بىلەن ھۆكۈم چىقارغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلىمىدۇق. چۈنكى بىزمۇ رەي بىلەن ھۆكۈم چىقىرىۋاتىمىز. بىز ئۇنى ئۆزىگە ھەدىس يېتىپ بارغان بولسىمۇ، باشقا بىر قاراش بىلەن ھەدىسكە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەۋاتىمىز»*[3].

ئەھمەد بىن ھەنبەلنىڭ (ۋاپات، 241/857) ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەگەشكۈچىلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلغان تۆۋەندىكى سۆزلىرى تېخىمۇ قاتتىق:

*«ئۇلار (ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەگەشكۈچىلىرى) بىدئەتچى ۋە ئازغۇنلاردۇر، سۈننەتكە ۋە ئەسەر (ھەدىس)كە دۈشمەندۇر، ھەدىسلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ رەسۇلۇللاھقا قارشى چىقىدۇ. ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئويلايدىغانلارنى ئىمام ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنى ئۆزىگە دىن قىلىۋالىدۇ. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى، ساھابىنىڭ يولىنى تەرك قىلىپ ئەبۇ ھەنىفە ۋە تەرەپدارلىرىنىڭ يولىغا ئەگەشكەندۇر»*[4].

ئەھمەت بىن ھەنبەل بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەگەشكۈچىلىرى ئۈچۈن «*رەسۇلۇللاھقا ۋە سۈننەتكە قارشى چىققان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ دىنىدا ئەمەس، باشقا بىر دىنغا (ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دىنىغا) مەنسۇپ بولغانلار*» دېمەكتە. ئەبۇ ھەنىفىگە ئۇۋۋال قىلىنغانلىقى ئاشكارىدۇر. نېمە ئۈچۈندۇركى، ئەبۇ ھەنىفىگە قارىتىلغان بۇ تەنقىتلەر پەقەت بۇ سۆزلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەدىسلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى تەنقىت قىلغان ئونلارچە كىتاب ۋە رەددىيە يېزىلغان. مەسىلەن: ئىمام بۇخارى «بەزى كىشىلەر، كىشىلەردىن بىرسى» ئىبارىسىنى ئىشلىتىپ ئەبۇ ھەنىفەگە ئېتىراز قىلغان[5]. ئەبۇ ھەنىفەنىڭ تالىپى ئىمام مۇھەممەدنى (مۇھەممەد ب. ھەسەن شەيبانى)مۇ شىددەت بىلەن تەنقىت

(1) ھەدىسكە ئاساسەن ئەمەل قىلىشقا تىرىشقان كىشىلەر بولۇپ، ھىجرى ئىككىنچى ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىققان پىرقىدۇر (ئەھمەت يۈجەل، «ھەدىس تارىخى»، 47- بەتكە قاراڭ)

(2) ئەھمەت يۈجەل، «ھەدىس تارىخى»، 65-47- بەتلەر

(3) ئىبنى قۇتەيبە، «ھەدىس مۇداپىئەسى»، 71- بەت (ئاھمەت يۈجەل، «ھەدىس تارىخى»، 52- بەت)

(4) ئىبنى ئەبى يالا، «تاباقاتۇل ھانابىلە»، 1- جىلد، 35، 36 (يۈجەل، «ھەدىس تارىخى»، 53- بەت)

(5) يۈجەل، «ھەدىس تارىخى»، 77- بەت

قىلغان جەھمىييە پىرقىسى قاتارىدىن تىلغا ئالغان[1]. ئىبنى ئەبى شەيبە، «ئەل-مۇسەننەف» ناملىق ئەسىرىدە ئەبۇ ھەنىفەنى تەنقىت قىلىش ئۈچۈن «كىتابۇر-رەد ئەلا ئەبى ھەنىفە» ماۋزۇسىدا بىر باب ئايرىغان ۋە 125 مەسىلىدە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ نەبىدىن كەلگەن ھەدىسلەرگە قارشى چىققانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن 485 رىۋايەت نەقىل قىلغان[2]. بۇ 125 مەسىلىنىڭ ۋە ئەبۇ ھەنىفە قوبۇل قىلمىغان 485 ھەدىسنىڭ نىمىلەر ئىكەنلىكى «مۇھەددىسلەر نەزىرىدە ئەبۇ ھەنىفە» ئىسىملىك بىر كىتابتا يەر ئالماقتا[3].

قىزىقارلىق بولغان نۇقتا شۇكى، بۈگۈن ھەنەفى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن مۇسۇلمانلار ئەبۇ ھەنىفەنى ئەمەس، بەلكى ئۇنى قاتتىق تەنقىت قىلغانلارغا ئەگەشمەكتە. چۈنكى ھەنەفى مەنبەلىرىدىكى نۇرغۇن پەتىۋا ئەبۇ ھەنىفەنىڭ پىرىنسىپلىرى بىلەن ئەمەس، ئۇنى تەنقىت قىلغانلارنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن بېرىلگەن. بىز بۇ يەردە ھەنەفى مەنبەلىرىدە ئورۇن ئالغان بۇ شەكىلدىكى ئىككى ئۆرنەك پەتىۋا، يەنى 1) روزىنىڭ كاپارىتى؛ 2) زىنا جازاسى ئۈستىدە توختىلىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

## 1. ئۆرنەك: روزىنىڭ كاپارىتى

سەۋەبسىز تاماق يېيىش ئارقىلىق روزىنى بۇزۇشنىڭ كاپارىتى شافى ۋە ھەنبەلى مەزھىپىدە بىر كۈنگە بىر كۈن بولۇپ، ھەنەفىلەردە بولسا بىر كۈن روزىسىنى قازا قىلغۇچىنىڭ كاپارىتى بىر كۈن قازا، ئىككى ئاي ئۇدا روزا تۇتۇش، يەنى 61 كۈن روزا تۇتۇشتۇر[4].

**ھەنەفىلەر بۇ پەتىۋانى تۆۋەندىكى ھەدىسكە ئاساسەن بەرگەن[5]:**

*ئەبۇ ھۇرەيرە (ر ئە)، «رەسۇلۇللاھقا بىر ئادەم كەلدى ۋە: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ھالاك بولدۇم» دېدى. ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسەللەم: «سېنى ھالاك قىلغان نەرسە نېمە؟» دەپ سورىدى. (ئۇ كىشى): «رامىزاندا ئايالىمغا يېقىنچىلىق قىلدىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ئارىسىدا مۇنداق*

(1) يۈجەل، «ھەدىس تارىخى»، 76-بەت

(2) يۈجەل، «ھەدىس تارىخى»، 77-بەت

(3) مۇھەممەد كاسىم ئابدۇھ ئەل-ھارىسى، «مۇھەددىسلەر نەزىرىدە ئەبۇ ھەنىفە»

(4) سەرەخسى، «مەبسۇت»، 3-جىلد، 108-107-بەتلەر

(5) سەرەخسى، «مەبسۇت»، 3-جىلد، 113-107-بەتلەر

*سۆزلەر بولۇپ ئۆتتى: «ئازاد قىلغۇدەك بىرەر قۇل تاپالامسەن؟»، «ياق!». «ئارقىمۇ ئارقا ئىككى ئاي ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتالامسەن؟»، «ياق!». «ئاتمىش پېقىرنى تويغۇزالامسەن؟»، «ياق!». «ئۇنداقتا، ئولتۇر!» دېدى. بىز بۇ تەرەپتە تۇرۇپ كۈتۈپ تۇردۇق، ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسەللەمگە ئىچىدە خورما بولغان يوغان سېۋەت كەلتۈرۈلدى. «سوئالنىڭ ئىگىسى قېنى؟» دەپ ئۇ ئادەمنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ كىشى: «مەن، مانا مەن!» دېيىشىگە، ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسەللەم: «بۇ سېۋەتنى ئال، سەدىقە قىل!» دېدى. ئۇ كىشى: «مەندىنمۇ كەمبەغەل بىرسىگىمۇ؟ ئاللاھقا قەسەم قىلىمەن، مەدىنىدە شۇ ئىككى قورام تاش ئارىسىدا مەندىنمۇ ئۆتە كەمبەغەل يوق!» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ كۈلدى ۋە «ئۇنداقتا بۇنى ئەھلىگە يېگۈز!» دېدى[1].*

ھەنەفىلەرنىڭ بۇ ھەدىسكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بەرگەن «روزىنىڭ كاپارىتى» پەتىۋاسى 1) قۇرئانغا؛ 2) سۈننەتكە؛ 3) ئەبۇ ھەنىفەنىڭ پىرىنسىپلىرىغا؛ 4) ھەنەفى فىقھ ئۇسۇلىغا؛ 5) ھەتتا دەلىل سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بۇ ھەدىسكە زىت كېلىدۇ. يەنى:

## 1.1. قۇرئانغا زىت كېلىشى

روزىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ۋە تۇتالمىغان روزا ھەققىدىكى ھۆكۈمنى بىلدۈرگەن ئايەتلەر مۇنداق:

**يَٓا اَيُّهَا الَّذ۪ينَ اٰمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذ۪ينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَۙ اَيَّاماً مَعْدُودَاتٍۜ فَمَنْ كَانَ مِنْكُمْ مَر۪يضاً اَوْ عَلٰى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِنْ اَيَّامٍ اُخَرَۜ وَعَلَى الَّذ۪ينَ يُط۪يقُونَهُ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْك۪ينٍۜ فَمَنْ تَطَوَّعَ خَيْراً فَهُوَ خَيْرٌ لَهُۜ وَاَنْ تَصُومُوا خَيْرٌ لَكُمْ اِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذ۪ي اُنْزِلَ ف۪يهِ الْقُرْاٰنُ هُدًى لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِنَ الْهُدٰى وَالْفُرْقَانِۚ فَمَنْ شَهِدَ مِنْكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُۜ وَمَنْ كَانَ مَر۪يضاً اَوْ عَلٰى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِنْ اَيَّامٍ اُخَرَۜ يُر۪يدُ اللّٰهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلَا يُر۪يدُ بِكُمُ الْعُسْرَ وَلِتُكْمِلُوا الْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُوا اللّٰهَ عَلٰى مَا هَدٰيكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ**

«ئى مۇئمىنلەر! رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغانىدەك، سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى. (بۇ) ساناقلىق كۈنلەردە سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولسا، تۇتمىغان كۈنلەرنى باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى تۇتالايدىغانلار بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى

(1) جانان، «كۈتۈبى سىتتە»، 3227 (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەنبەل)

لازىم. كىمكى چىن دىلىدىن چىقىرىپ بىر ياخشىلىق قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالسا، باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، بۇلار سانىنى تولدۇرۇشۇڭلار، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلار، شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر» (بەقەرە سۈرىسى، 185 ـ 183 ـ ئايەتلەر).

بۇ ئايەتلەر روزىنىڭ 1) ساناقلىق كۈنلەر (رامىزاندا) تۇتۇلۇشى كېرەكلىكىنى؛ 2) لېكىن كېسەللىك ۋە سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قېلىش سەۋەبلىك كەيىنگە تارتىشقا بولىدىغانلىقىنى؛ 3) بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېچىكتۈرۈلگەن روزىنىڭ باشقا كۈنلەردە بىر كۈنگە بىر كۈن شەكلىدە قازا قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى؛ 4) تۇتۇلغان بۇ روزىلار ئۈچۈن ئايرىم ھالدا بىر يوقسۇلنى تويغۇزۇش (فىدىيە، فىتىر بېرىلىشى) كېرەكلىكىنى بىلدۈرمەكتە. يەنى، ھەم رامىزان روزىسى تۇتۇلىدۇ (كېچىكتۈرۈلگەن بولسا قازاسى قىلىنىدۇ)، ھەم فىدىيە (فىتىر) بېرىلىدۇ. يەنى، يا روزا تۇتىدۇ ياكى فىدىيە بېرىدۇ ئەمەس. ھەر ئىككىسىنى قىلىدۇ[1]. بۇلار ھەقلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۇتۇش مۇمكىن بولماي قالغان روزىنى تۇتۇش (سانىنى تولۇقلاش) ئۈچۈن بېرىلگەن رۇخسەتتۇر. ئايەتتىكى «بۇلار سانىنى تولدۇرۇشۇڭلار ۋە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر» جۈملىسى بۇنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنداقتا، قۇرئان پەقەت سەپەر ياكى كېسەللىك ھالىتىدە تۇتۇلماي قالغان روزىلار ئۈچۈن تولۇقلاش پۇرسىتى بېرىدۇ. لېكىن سەۋەبسىز ھالدا بۇزۇلغان ياكى تۇتۇلماي قالغان روزىلار ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش پۇرسىتى بەرمىگەن. يەنى 61 كۈنلۈك روزىمۇ بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ.

## 2.1. سۈننەتكە زىت كېلىشى

قۇرئان بۇيرۇغان بۇ ھۆكۈمنىڭ دەل ئۆزى نەبى ـ رەسۇل تەرىپىدىنمۇ بۇيرۇلغان. نەبىدىن نەقىل قىلىنغان تۆۋەندىكى رىۋايەت ئايەتنىڭ بۇ ھۆكمىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرسىتىپ بېرىدۇ (ئايەتنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ):

(1) ئابدۇلئەزىز بايىندىر، «قۇرئان نۇرى ئاستىدا ‹توغرا بىلىنگەن خاتالار› »، 213 ـ 208 ـ بەتلەر

ئەبۇ ھۇرەيرە (ر ئە)، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: «كىمكى ئاللاھ بەرگەن (كېسەللىك ۋە سەپەرگە ئوخشاش) بىر ئىجازەت بولماستىن رامىزان ئېيىدا بىر كۈن روزا تۇتمىسا، پۈتۈن ھاياتى بويىچە روزا تۇتقان تەقدىردىمۇ بۇ روزىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ» (دېدى)[1].

ئۇنداقتا ھەنەفىلەرنىڭ قۇرئانغا ئۇيغۇرن بولمىغان بۇ پەتىۋاسى، قۇرئاننىڭ ئۆزىدىن باشقا نەرسە بولمىغان سۈننەتكىمۇ (تەبىئىي ھالدا) زىت كېلىدۇ.

## 3.1. ئەبۇ ھەنىفەنىڭ پرىنسىپلىرىغا ماس كەلمەسلىكى

بۇ پەتىۋا، «نەبى، ئاللاھ نېمىنى بۇيرۇغان بولسا ئۇنى بۇيرۇغان. ئاللاھ چۈشەندۈرگەن بىر نەرسىنى باشقا شەكىلدە چۈشەندۈرمىگەن. بىز نەبىنىڭ ھەر نەرسىدە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمىز. ئۇ، ئاللاھ بۇيرۇمىغان بىر نەرسىنى بۇيرۇمىغان، ھارام قىلمىغان بىر نەرسىنى ھارام قىلمىغان. ئاللاھ نېمە دېگەن بولسا، نەبىمۇ شۇنى يەتكۈزگەن» دېگەن ئەبۇ ھەنىفەنىڭ پرىنسىپلىرىغا خىلاپتۇر. چۈنكى بۇ پەتىۋا ئارقىلىق ئاللاھ بۇيرۇمىغان بىر نەرسىنى نەبىنىڭ بۇيرۇغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

## 4.1. ھەنەفى ئىلمىي قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس

ھەنەفىلەر بۇ پەتىۋالىرىدا پەقەت قۇرئانغا، سۈننەتكە ۋە ئەبۇ ھەنەفىنىڭ پرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلىپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ پرىنسىپلىرىغىمۇ خىلاپلىق قىلغان. ھەنەفى ئىلمىي قائىدىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىدىن بىرسى (ناھايىتى توغرا قائىدە) مۇنداق: تەقدىرات، كاپارەت، ھۇدۇد ۋە بەدەللەردە قىياس قىلىش جائىز ئەمەس[2].

ئەمما بۇ پەتىۋادا ھەنەفىلەر، كاپارەت ئۈچۈن قىياس قىلغان. ھەدىستە «جىنسىي مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن روزىسىنى بۇزغان كىشى»گە بېرىلگەن جازانى (ئەسلىدە مەسىلە ئۇنداق ئەمەس، لېكىن شۇنداق چۈشىنىۋالغان) قىياس قىلىش ئارقىلىق ‹يەپ ـ ئىچىش سەۋەبىدىن روزىسىنى بۇزغان كىشى› گىمۇ تەتبىقلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ پىرىنسىپلىرىغىمۇ خىلاپلىق قىلىشتى.

---

(1) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 3226 (بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد)

(2) فاتىھ ئورۇم، «فىقھە ئۇسۇلدا قىياس مېتودى»، 53 ـ 52 ـ بەتلەر

ھەنەفىلەرنىڭ يەنە بىر زىتلىقى بولسا، رەسۇلۇللاھ بۇ كىشىنىڭ ئايالىغا ھېچقانداق جازا بەرمىگەن بولسىمۇ، «روزىدار ھالدا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئايالغىمۇ كاپارەت كېرەك»[1] دەپ پەتىۋا بەرگەن. دەلىل كۆرسەتكەن بۇ رىۋايەتتە، جىنسىي مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن روزىسىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن جازا بېرىلگەن كىشىنىڭ (مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن) ئايالىغا، رەسۇلۇللاھنىڭ نېمە ئۈچۈن ھېچقانداق بىر جازا بەرمىگەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. ھەتتا رەسۇلۇللاھ، بۇ كىشىگە بۇزۇلغان روزىسىنىڭ قازاسى ھەققىدە سۆز قىلمىغان (پەقەت ئىككى ئاي روزا تۇتۇش ھەققىدە توختالغان) بولسىمۇ، ھەنەفىلەر بۇ خۇسۇسقا دىققەت قىلمىغان. بۇ خۇسۇسلارغا دىققەت قىلغان بولسا ئىدى، مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئايدىڭلاشقان ۋە بۇ پەتىۋانى بەرمىگەن بولاتتى.

### 5.1. دەلىل كۆرسەتكەن ھەدىسكە ماس كەلمەسلىك

مۇسا جارۇللاھ بىگىيېۋ روزا كاپارىتىنىڭ 61 كۈن بولمايدىغانلىقىنى دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئىسپاتلىغان، ھەتتا بۇ ھەقتە ئايرىم بىر كىتاب يازغان. بۇ كىتاب تىلىمىزغا (تۈركچىگە) تەرجىمە قىلىنغان[2]. بۇزۇلغان روزىنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد بىن ھەنبەلنىڭ مۇسنەدىدە ئۇرۇن ئالغان بۇ ھەدىس بىلەن مۇناسىۋەتلىك (كۆپ قىسمى جارۇللاھقا ئائىت) بەزى قاراشلىرىمىز تۆۋەندىكىچە:

رەسۇلۇللاھقا كەلگەن كىشى، «رامىزاندا ئايالىمغا باردىم، يېقىنچىلىق قىلدىم (ۋەقاتۇ ئەلا ئەمرەئەتى فى رامادان)» دەۋاتىدۇ، «روزامنى بۇزدۇم» دېمەيۋاتىدۇ.

بۇنىڭغا قارىماستىن تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان «رامىزان» ئىبارىسى نەزەردە تۇتۇلغان ھالدا مەسىلە روزا تۇتۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالغا كەلتۈرۈلگەن. «رامىزاندا» ئىبارىسى بۇ زاتنىڭ ئەمەس، بەلكى مەزكۇر ۋەقەنىڭ رامىزاندا بولغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغان راۋىنىڭ بولۇشى ئېھتىماللىقى يۇقىرى. چۈنكى ۋەقە يۈزبەرگەن ۋاقىت رامىزان ئىكەنلىكىگە قارىغاندا، رەسۇلۇللاھقا كەلگەن بۇ زاتنىڭ «رامىزاندا ئايالىمغا يېقىنچىلىق قىلدىم» دېگەن شەكىلدە ئەمەس، «روزىدار تۇرۇپ ئايالىمغا يېقىنچىلىق قىلدىم» دېگەن شەكىلدە مەسىلىنى

(1) سەرەخسى، «مەبسۇت»، 3-جىلد، 111-بەت

(2) مۇسا جارۇللاھ بىگىيېۋ، «ئۇزۇن كۈنلەردە روزا»، 217-213-بەتلەر («كىتابۇس-سۇننەت»، 123-119-بەتلەر)

بىلدۈرۈشى مەنتىقلىق بولىدۇ. لېكىن ئۇنداق دېمىگەن. دېمەك بۇ ئىپادە راۋىغا ئائىت. ئەمما بۇ زات جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن روزىسىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئىما قىلغان تەقدىردىمۇ، يەپ ـ ئىچىش ئارقىلىق روزىسىنى بۇزمىغان. يەنى، بۇ ھەدىس پەقەت جىنسىي مۇناسىۋەت بىلەن بۇزۇلغان روزىنىڭ جازاسىغا دەلىل بولالايدۇ. شافى ۋە ھەنبەلىيلەردە مۇشۇنداق. لېكىن قۇرئان ۋە سۈننەت سەپەر ۋە كېسەللىكتىن باشقا سەۋەبلەرنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، شافى ۋە ھەنبەلىيلەرنىڭ بۇ پەتىۋاسىمۇ قۇرئان (سۈننەت)غا خىلاپتۇر.

بۇ زاتنىڭ مەسىلىسى، ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىك سەۋەبىدىن روزىسىنىڭ بۇزۇلغانلىقى بولغان بولسا ئىدى، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ زاتقا بېرىدىغان جازانىڭ ئوخشىشى ئايالىغىمۇ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما رەسۇلۇللاھ بۇنداق جازا بەرمىگەن. دېمەك، بۇ زاتنىڭ مەسىلىسى روزىنىڭ بۇزۇلغانلىقى ئەمەس. ئۇنداقتا مەسىلە نېمە بولۇشى مۇمكىن؟

بۇنىڭ جاۋابى، بۇ زاتنىڭ قىلمىشى (ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىش) ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ بەرگەن جازاسىنىڭ تەرتىپىدە ئايان بولماقتا. يەنى، 1) قۇل ئازاد قىلىش؛ 2) ئىككى ئاي روزا تۇتۇش؛ 3) ئاتمىش پېقىرنى تويغۇزۇش. بۇلار قۇرئاننىڭ زىھار ئۈچۈن بۇيرۇغان كاپارىتىدۇر. دېمەك، رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ زاتقا بەرگەن جازاسى بۇزۇلغان روزىنىڭ ئەمەس، بەلكى زىھارنىڭ كاپارىتىدۇر[1].

قۇرئاندا زىھار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر مۇنداق: «ئاياللىرىغا زىھار قىلغاندىن كېيىن يېنىۋالغۇچىلار، ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن بىر قۇل ئازاد قىلىشى كېرەك (1). ئاللاھ بۇنىڭ بىلەن سىلەرگە مۇشۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. (بۇنىڭغا قۇربى) يەتمەيدىغانلار ئاياللىغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم (2). بۇنىڭغا قادىر بولالمىغانلار 60 مىسكىنگە تاماق بېرىشى كېرەك (3). بۇ، ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىمان ئېيتقانلىقىڭلارنىڭ تەقەززاسىدۇر. بۇلار ئاللاھنىڭ ھۆكمىدۇر. كاپىرلار ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بار» (مۇجادىلە سۈرىسى، 4 ـ 3 ـ ئايەتلەر).

ھەنەفىلەر روزىنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن دەلىل كۆرسەتكەن يۇقىرىدىكى ھەدىس، ئەھمەد بىن ھەنبەلنىڭ مۇسنەدىدە رەسۇلۇللاھقا كەلگەن زاتنىڭ (يەنى ۋەقەنى سادىر قىلغۇچى سەلەمە بىن سەھلۇل ئەنسارى) ئۆزى تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان.

---

(1) زىھار، ئەرەپلەرنىڭ ئەنئەنىسىدىكى ئەرلەرنىڭ ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن قىلغان قەسىمى بولۇپ، ئاياللارغا ئۇۋۇال قىلىدىغان بىر خىل تالاق شەكلىدۇر

بۇ زات ئايالىنى زىھار قىلغاندىن كېيىن، يەنە ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغان. يەنى، زىھارنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلگەن. مەسىلە روزىنى بۇزغانلىق ئەمەس. ئۇ بۇ ۋەقەنى ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەن ھالدا مۇنداق بايان قىلماقتا (ھەدىسنىڭ ئەرەبچە تېكىستى ئىزاھاتتا بېرىلمەكتە):

سەلەمە بىن ساھرۇل ئەنسارى: «شەھۋەت جەھەتتىن باشقىلاردا بولمىغان كۈچكە ئىگە بىر كىشى ئىدىم. رامىزان كىرگەندە كېچىدە بىر ئىشلار بولۇپ، تاڭ ئاتقىچە ئايالىمنىڭ قوينىدىن چىقالماي قالماي دېگەن ئەندىشە بىلەن، رامىزان چىقىپ كەتكىچە ئايالىمغا زىھار قىلدىم. لېكىن كېچىدە ئايالىم ماڭا خىزمەت قىلىۋاتقاندا كىيىمى ئېچىلىپ قېلىپ، بەدىنىدىن بىر يەر كۆرۈنۈپ قالدى. مەنمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدىم ۋە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ يېقىنچىلىق قىلدىم. تاڭ ئاتقاندا ئائىلەمنىڭ يېنىغا باردىم ۋە ئەھۋالنى ئېيتتىم. مېنى نەبىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىڭلار، بولغان ئىشلارنى ئېيتاي، دېدىم. ھەممىسى ماڭا: ‹قەسەم قىلىمىزكى، بىز سېنى ئېلىپ بارمايمىز. ھەققىڭدە ئايەت نازىل بولۇشتىن قورقىمىز ياكى نەبىنىڭ بىزگە قاتتىق گەپ قىلىشىدىن قورقىمىز. لېكىن سەن ئۆزۈڭ بارغىن، ئۆزۈڭ مۇناسىپ كۆرگەن ئىشنى قىل› دېيىشتى. مەن ئۆيدىن چىقىپ نەبىنىڭ يېنىغا باردىم. ئەھۋالنى دەپ بەردىم. (ئۇ) ماڭا: ‹ھەقىقەتەن شۇنداق بولدىمۇ؟› دېدى. (مەن): ‹ھەئە، دەل شۇنداق بولدى› دېدىم. قايتىدىن: ‹ھەقىقەتەن شۇنداق بولدىمۇ؟› دېدى. (مەن): ‹ھەئە، دەل شۇنداق بولدى› دېدىم. قايتىدىن: ‹ھەقىقەتەن شۇنداق بولدىمۇ؟› دېدى. (مەن): ‹ھەئە، دەل شۇنداق بولدى، سەۋر قىلىمەن. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ماڭا تەتبىقلىغىن› دېدىم. ماڭا: ‹بىر قۇل ئازاد قىل› دېدى. مەن قولۇم بىلەن بوينۇمغا ئۇردۇم ۋە ‹بوينۇمدىن باشقا مۈلكىم يوق› دېدىم...»[1]. ھەدىسنىڭ ئاخىرى باشقا مەنبەلەردىكى بىلەن ئوخشاش شەكىلدە داۋاملاشقان.

---

(1) ئىبنى ھەنبەل، «مۇسنەد»، 4 ـ جىلد، 37 ـ بەت

حَدَّثَنَا يَزِيدُ بْنُ هَارُونَ، قَالَ: أَخْبَرَنَا مُحَمَّدُ بْنُ إِسْحَاقَ، عَنْ مُحَمَّدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ عَطَاءٍ، عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ، عَنْ سَلَمَةَ بْنِ صَخْرٍ النَّصَارِيِّ قَالَ: كُنْتُ امْرَأً قَدْ أُوتِيتُ مِنْ جِمَاعِ النِّسَاءِ مَا لَمْ يُؤْتَ غَيْرِي، فَلَمَّا دَخَلَ رَمَضَانُ تَظَاهَرْتُ مِنْ امْرَأَتِي حَتَّى يَنْسَلِخَ رَمَضَانُ، فَرَقًا مِنْ أَنْ أُصِيبَ فِي لَيْلَتِي شَيْئًا، فَأَتَتَابَعُ فِي ذَلِكَ إِلَى أَنْ يُدْرِكَنِي النَّهَارُ وَأَنَا لَا أَقْدِرُ عَلَى أَنْ أَنْزِعَ، فَبَيْنَا هِيَ تَخْدُمُنِي إِذْ تَكَشَّفَ لِي مِنْهَا شَيْءٌ فَوَثَبْتُ عَلَيْهَا، فَلَمَّا أَصْبَحْتُ غَدَوْتُ عَلَى قَوْمِي فَأَخْبَرْتُهُمْ خَبَرِي وَقُلْتُ لَهُمْ: انْطَلِقُوا مَعِي إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأُخْبِرُهُ بِأَمْرِي فَقَالُوا: لَا وَاللهِ لَا نَفْعَلُ، نَتَخَوَّفُ أَنْ يُنْزِلَ فِينَا قُرْآنًا أَوْ يَقُولَ فِينَا رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَقَالَةً يَبْقَى عَلَيْنَا عَارُهَا، وَلَكِنْ اذْهَبْ أَنْتَ فَاصْنَعْ مَا بَدَا لَكَ، قَالَ: فَخَرَجْتُ حَتَّى أَتَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَخْبَرْتُهُ خَبَرِي فَقَالَ لِي: أَنْتَ بِذَاكَ ، فَقُلْتُ: أَنَا بِذَاكَ، فَقَالَ: أَنْتَ بِذَاكَ ، فَقُلْتُ: أَنَا بِذَاكَ، قَالَ: أَنْتَ بِذَاكَ ، قُلْتُ: نَعَمْ، هَا أَنَا ذَا ، فَأَمْضِيَّ حُكْمَ اللهِ عَزَّ وَجَلَّ فَإِنِّي صَابِرٌ لَهُ، قَالَ: أَعْتِقْ رَقَبَةً، قَالَ: فَضَرَبْتُ صَفْحَةَ رَقَبَتِي بِيَدِي وَقُلْتُ: لَا وَالَّذِي بَعَثَكَ بِالْحَقِّ، مَا أَصْبَحْتُ أَمْلِكُ غَيْرَهَا ، قَالَ: فَصُمْ شَهْرَيْنِ، قَالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ، وَهَلْ أَصَابَنِي مَا أَصَابَنِي إِلَّا فِي الصِّيَامِ، قَالَ: فَتَصَدَّقْ ، قَالَ: فَقُلْتُ: وَالَّذِي بَعَثَكَ بِالْحَقِّ، لَقَدْ بِتْنَا لَيْلَتَنَا هَذِهِ وَحْشًا مَا لَنَا عَشَاءٌ، قَالَ: اذْهَبْ إِلَى صَاحِبِ صَدَقَةِ بَنِي زُرَيْقٍ فَقُلْ لَهُ فَلْيَدْفَعْهَا إِلَيْكَ، فَأَطْعِمْ عَنْكَ مِنْهَا وَسْقًا مِنْ تَمْرٍ سِتِّينَ مِسْكِينًا، ثُمَّ اسْتَعِنْ بِسَائِرِهِ عَلَيْكَ وَعَلَى عِيَالِكَ، قَالَ: فَرَجَعْتُ إِلَى قَوْمِي فَقُلْتُ: وَجَدْتُ عِنْدَكُمُ الضِّيقَ وَسُوءَ الرَّأْيِ، وَوَجَدْتُ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ السَّعَةَ وَالْبَرَكَةَ، قَدْ أَمَرَ لِي بِصَدَقَتِكُمْ فَادْفَعُوهَا لِي، قَالَ: فَدَفَعُوهَا إِلَيَّ

دېمەك، بۇ زاتقا بېرىلگەن جازا روزىنىڭ كاپارىتى ئەمەس، زىھارنىڭ كاپارىتىدۇر. ۋەقەنىڭ باش قەھرىمانى تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان مۇسنەددىكى بۇ رىۋايەت ۋەقەنى تەپسىلىي ھالدا بايان قىلماقتا. لېكىن بۇ زاتنىڭ نەبىگە ئېيتقان تۆنجى سۆزلىرى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان راۋى (ئەبۇ ھۇرەيرە) تەرىپىدىن ئىشتىلمىگەن ۋە مەزكۇر ھەدىس باشقا مەنبەلەرگە بۇ كەمتۈك ھالىتىدە كىرگەن. شۇنداقتىمۇ باشقا مەنبەلەردىكى رىۋايەتلەردە مەزكۇر ۋەقەلىك نامەلۇم ئەمەس. رەسۇلۇللاھقا كېلىپ «ھالاك بولدۇم» دېگەن بۇ زات، باشقا مەنبەلەردىكى ھېچقانداق رىۋايەتتە «مەن روزامنى بۇزدۇم» دېمىگەن، «ئايالىمغا يېقىنچىلىق قىلدىم» دېگەن. رەسۇلۇللاھمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىقرارى ئاساسىدا شارائىتىغا قارىتا جازالارنى تىلغا ئالغان. ئەمما قۇرئاندا روزا ئۈچۈن بۇنداق بىر جازا شەكلى (كاپارەت) يوق. ئۇنداقتا بۇ جازا قانداق بولۇپ روزىغا خاس قىلىندى؟ رەسۇل تەتبىقلىغان جازا تەرتىپىنىڭ قۇرئاندا پەقەت زىھار ئۈچۈن بېرىلگەنلىكى نەزەردە تۇتۇلغان بولسا ئىدى، بۇ كىشىگە بېرىلگەن جازانىڭمۇ زىھارنىڭ كاپارىتى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوڭاي بىلگىلى بولاتتى. ئەمما ھەدىسلەرگە قۇرئاننى مەركەز قىلغان ھالدا مۇئامىلە قىلىنمىغانلىقتىن بۇنى چۈشىنەلمەي قالغان.

## 2. مسال: زىنا جازاسى

ھەنەفى مەنبەلىرىدە ئورۇن ئالغان ۋە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ پرىنسىپلىرىغا زىت كېلىدىغان پەتىۋالاردىن يەنە بىرسى زىنا جازاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەلۇم بولغاندەك، قۇرئاننىڭ توي قىلغان ياكى بويتاق زىناخور ئۈچۈن بەلدۈرگەن جازا (زىنانىڭ تۆت شاھىت بىلەن دەلىللەنگەن بولۇشى شەرتى بىلەن) يۈز دەررە ئۇرۇشتۇر[1]. ئەمما ھەنەفى مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا بۇ جازا پەقەت بويتاقلارغا خاس بولۇپ، ئەگەر زىنا قىلغۇچى مۇھسەن (ئۆي - ئوچاقلىق) بولغانلارغا بېرىلىدىغان زىنا جازاسى چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشتۇر (رەجىم)[2].

رەسۇلۇللاھ زىنا جازاسىنى بىلدۈرىدىغان نۇر سۈرىسىنىڭ 2-ئايىتى نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى تەۋراتتا يېزىلغان زىنا جازاسىنى (يەنى رەجىم جازاسىنى) شەرىئەتتىكى سىجىللىق تەقەززاسى بىلەن تەتبىقلىغان بولۇشى مۇمكىن (بۇمۇ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. چۈنكى بۇنى «شۇنداق بولغان» دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز). لېكىن -شۇنداق بىر ئىش بولغان تەقدىردىمۇ- نۇر

(1) نۇر سۈرىسى، 2-ئايەت

(2) سەرەخسى، «مەبسۇت»، 4-جىلد، 61-60-بەتلەر

سۈرىسىنىڭ 2-ئايىتى نازىل بولۇش بىلەن، بۇ ھۆكۈم (رەجىم جازاسى) نەسخ قىلىنغان (ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان) ۋە ئورنىغا ئۆي - ئوچاقلىق ياكى بويتاق بارلىق زىناخورلار ئۈچۈن 100 دەررە ئۇرۇش جازاسى بېكىتىلگەن[1].

ئۇنداقتا، «بىز نەبىنىڭ ھەر نەرسىدە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئوخشاشلىقنى ئىگە ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمىز. ئۇ، ئاللاھ بۇيرۇمىغان بىر نەرسىنى بۇيرۇمىغان» دېگەن ئەبۇ ھەنىفە، رەسۇل ئۈچۈن «ئاللاھ بۇيرۇمىغان بىر جازانى (ھەم ناھايىتى ئېغىر جازانى) تەتبىقلىدى» دېمەيدۇ. يۇقىرىدىكى روزا (زىھار) جازاسى مىسالىدا كۆرسىتىلگەندەك، قۇرئان بەرگەن جازالارنىڭ ئەڭ يەڭگىللىنى تەتبىقلىغان بىر رەسۇل، قۇرئاندا ھېچ مەۋجۇت بولمىغان (ئاللاھ بۇيرۇمىغان) ۋە ئاقىۋىتى ئۆلۈم بولغان بىر جازانى (نۇر سۈرىسى 2-ئايەتتىن كېيىن) تەتبىقلىغانلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلارنىڭ ۋە زېمىندا بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى تۆۋەندىكىچە:

«ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا قارشى جەڭ قىلغۇچىلارنىڭ ۋە زېمىندا (ھەق - توغرا) تۈزۈمنى بۇزۇپ تاشلىماقچى بولغانلارنىڭ جازاسى ئۆلتۈرۈلۈش، ياكى دارغا ئېسىلىش، ياكى قول ۋە پۇتىنى ئوڭ - سول قىلىپ چېپىپ تاشلاش ۋە ياكى پالىۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر» (مائىدە سۈرىسى، 33-ئايەت).

خەيرەتتىن كارامان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: *«زىنا جىنايىتىنىڭ ئىسلام قانۇنىدىكى جازاسى كۆرسىتىلگەندەك يۈز دەررە ئۇرۇشتۇر. ئېپپەتكە ئىلاۋە ھالدا ئائىلىنى قوغداش ئۈچۈن نىكاھلىق بولغانلارنىڭ زىنا جىنايىتىگە رەجىمگە ئوخشاش يەرقلىق ۋە تېخىمۇ ئېغىر بىر جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى ھەد (ئۆزگەرمەس، مۇقىم) جازا ئەمەس، بەلكى تازىر (ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغان) جازادۇر. ئىسلام تارىخى بويىچە نادىر بولسىمۇ ئىجرا قىلىنىپ كېلىنگەن»*[2].

*كارامان، مۇھەممەد ئەبۇ زەھرا ۋە يۇسۇف قەرزاۋىغا ئوخشاش ئالىملارنىڭمۇ مۇشۇنداق قاراشتا ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان ۋە مۇنداق يىغىنچاقلىغان: «ئىسلام ئالىملىرى ئارىسىدا رەجىم جازاسىنىڭ ئۆزگەرمەس بىر جازا ئەمەسلىكىنى ياكى يەھۇدىي شەرىئىتىگە ئائىت بولغان بۇ جازانى ئىسلامنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى*

(1) ئابدۇلئەزىز بايىندىر، «قۇرئان نۇرى ئاستىدا ‹توغرا بىلىنگەن خاتالار›»، 310-297-بەتلەر

(2) خەيرەتتىن كارامان، www.hayrettinkâraman.net

*ۋە شەرىئەت نامىدىن ئىجرا قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھەمدە ۋە جائىز بولمايدىغانلىقىنى ياقلىغان مەشھۇر كىشىلەردۇر. بۇ سەۋەبتىن كۈنىمىزدە ئىسلام زىيىنىغا سۇيىئىستېمال قىلىنغان ۋە كىشىلەرنى ئىسلامدىن قورقۇتۇشقا يارايدىغان بىر جازاغا ئىگە چىقىش ۋە مۇداپىئە قىلىش مۇناسىپ ئەمەس»*[1].

بۇ ئىككى مىسالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەنەفى مەنبەلىرىدە مەۋجۇت بولغان نۇرغۇن پەتىۋا قۇرئانغا، سۈننەتكە ۋە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىغا خىلاپتۇر[2]. دېمەك، مەلۇم تارىختىن كېيىن ئەبۇ ھەنىفەنىڭ پرىنسىپلىرىدا ئېغىش كۆرۈلگەن. بۇنىڭ تۈرلۈك (تارىخىي، سىياسىي، كۇلتېر ۋە دىنىي) سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مۇشۇنداق ئېغىپ كېتىشنىڭ بولغانلىقىدا شۈبھە يوق.

## بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر

بۇ پاراگرافتا قۇرئاندىن قالسىلا ھەممىدىن بەك ئىشەنچلىك دەپ قارالغان (ئېتىبارغا ئېلىنغان) ئىمام بۇخارىنىڭ «سەھىھۇلبۇخارى» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە بەزى باھالارنى نەقىل كەلتۈرىمىز. بۇ نەقىللەر، بۇ ئەسەر ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ كەڭ دائىرىلىك تەتقىقات خىزمەتلىرىدىن بىرى بولغان فۇئاد سەزگىننىڭ «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر» ناملىق ئەسەردىن ئېلىنىدۇ[3].

فۇئاد سەزگىن تەمىنلىگەن كونكرېت دەلىللەر تەكشۈرۈلگەن ۋاقىتتا مەلۇم بولىدۇكى، ئىمام بۇخارى ۋە ئەسىرى لايىق بولمىغان شۆھرەتكە ئىگە بولغان. «سەھىھۇلبۇخارى» ئىسمىلىك ئەسەرگە قارىتىلغان شەرتلەر ئەسلىدە بۇ ئەسەردە پەقەت يوق. چۈنكى ئىمام بۇخارى ئىلگىرىكى كىتابلاردىن كۆپ مىقداردا ھەدىس نەقىل قىلغان. ئەمما بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى قايسى مەنبەدىن ئالغانلىقىنى بىلدۈرمىگەن. بەزى فىلولوگلارنىڭ كىتابىدىن ئالغان ئۈزۈندىلەرنىمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ قارىشىدەك نەقىل قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ نەقىللەردە تەقلىت قىلىش، بىخەستەلىك، ھەتتا بۇزۇپ قويۇش كۆرۈلگەن. بۇ سەۋەبتىن ئىمام بۇخارىنىڭ كىتابىغا بېرىلگەن شەرتلەر ئەسلىدە ئۇنىڭ ئەسىرىدە تېپىلمايدۇ. بۇ خۇسۇسلارنى فۇئاد سەزگىننىڭ بايقاشلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

سەھىھۇلبۇخارىنىڭ ھەرقانداق بىر بابىدا «قالە (دېدى)» ئىبارىسى بىلەن

(1) خەيرەتتىن كارامان، يېڭى شەپەق گېزىتى، 2010-يىلى 29-ئاۋغۇست. (Yeni Şafak Gazetesi)

(2) ئەبۇ ھەنىفە، «ئەل-ئالىم ۋەل-مۇتەئاللىم»، 25-24-بەتلەر

(3) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، ئوتتو (Otto) نەشرىياتى، ئەنقەرە، 2015-يىلى

نەقىل قىلىنغان بەزى ھەدىسلەر، باشقا بىر باپتا «ھەددەسەنا (يەتكۈزۈلدى)» ياكى «ئەخبەرەنا (خەۋەر قىلىندى)» ئىبارىسى بىلەن نەقىل قىلىنغان. بۇ ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. سەھىھۇلبۇخارىدا «قالە» ئىبارىسى بىلەن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىس، بۇخارىنىڭ باشقا بىر كىتابىدا «ئەخبەرەنا» ياكى «ھەددەسەنا» كەلىمىسى بىلەن نەقىل قىلىنغان. بۇنىڭ تەتۈرىسىمۇ بولغان[1].

سەھىھۇلبۇخارىنىڭ ئوندىن بىرى قۇرئاننى تەپسىر قىلغان رىۋايەتلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇخارى كىتابۇت تەفسىر بابىدا ئورۇن ئالغان بۇ رىۋايەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئابدۇللاھ بىن ئابباس ۋە مۇجاھىدتىن نەقىل قىلغان. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغاندەك، ھەم ئىبنى ئابباسنىڭ، ھەم مۇجاھىدنىڭ تەپسىرى يوق. بۇخارى، ئىبنى ئابباس تەپسىرىدىكى رىۋايەتلەرنى بۇ تەپسىرنىڭ بىر نۇسخىسى قولىدا بولغان ئەبۇ سالىھ (ۋاپات، 223)تىن ئالغان (ئۇنىڭ قولىدىكى سەھىپىلەردىن ئالغان). لېكىن بۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ رىۋايەتلەرنى «قالە ئىبنى ئابباس» ياكى «ۋە يۇزكەرۇ ئەن ئىبنى ئابباس» شەكلىدە بىۋاسىتە رىۋايەت قىلغان. بۇ بۇخارىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئەبۇ سالىھتىن بىر نەرسە ئاڭلىمىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا بىر نەرسە ئوقۇمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەتتا سەھىھدە ئەبۇ سالىھنىڭ شەيخنى ئىما قىلىپ، «قالە ئەل-لەيس» دەپ نەقىل قىلغان رىۋايەتلىرىمۇ ئەبۇ سالىھتىن كەلگەن. بۇخارى بۇنى ئۆزى بايان قىلغان[2].

بۇخارى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى فىلولوگنى، بولۇپمۇ ئەبۇ ئۇبەيدە (ۋاپات، 210) ۋە فەررائىنىڭ (ۋاپات، 215) ئەسەرلىرىدىن كەڭ پايدىلانغان. بۇ ئىككى فىلولوگدىن پەقەت «كىتابۇت - تەفسىر» بابىدىلا ئەمەس، سەھىھدىكى بارلىق بابلاردا بەزىدە تەكرارلاشلار ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى كۆپ مەلۇماتنى نەقىل قىلغان[3]. ھەتتا زارىيات سۈرىسى[4] ۋە قەدىر سۈرىسىگە[5] ئوخشاش بەزى سۈرىلەرنىڭ تەپسىرىنى، بىر - ئىككى ئايەتتىن باشقا ھەممىسىنى باشتىن - ئاخىر بۇ ئىككى فىلولوگدىن ئالغان. لېكىن بۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئەبۇ ئۇبەيدە ۋە فەررائىدىن ئالغانلىرىنى كۆپىنچە ئۇلارغا مەنسۇپ قىلمايدۇ. ئۇلارنى كۆپىنچە ئۆزىنىڭ قارىشىدەك تۇيغۇ

(1) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 125-بەت

(2) «رىجالۇس-ساھىھاين»، 1-جىلد، 269-268 (فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 150-149-بەتلەر)

(3) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 153-بەت

(4) بۇخارى، 5-جىلد، 139، 9-14، 15-16-سان

(5) بۇخارى، 5-جىلد، 175، 4-5-سان

بىرىدىغان ئۇسلۇب بىلەن نەقىل قىلىدۇ[1].

بۇخارى كىمدىن ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرمىگەنلىكتىن، خۇددى ئۆزىنىڭ قارىشىدەك تۇيغۇ پەيدا قىلغان جايلار پەقەت فىلولوگلاردىن ئالغان ئۆزۈندىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇخارى ئۆزىنىڭ ئۇستازلىرىدىن ياكى ئۇستازلىرىنىڭ ئۇستازلىرىدىن ۋە ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مەنبەلەردىن ئالغانلىرىنىمۇ ئوخشاش تۇيغۇنى پەيدا قىلىدىغان شەكىلدە (مەنبەسىز قىلىپ) ئەسىرىگە كىرگۈزگەن. مەسىلەن: سەھىھۇلبۇخارىنىڭ باش قىسمىدىكى كىتابۇل ئىمانىنىڭ تۇنجى بابىنى مۇشۇنداق شەكىلدە يازغان. ئىمام مالىكنىڭ مۇۋەتتاسىدىنمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش شەكىلدە نەقىللەرنى ئالغان. مەسىلەن: مۇۋەتتانىڭ كىتابۇل - ئىلىم بابىدىن ئالغان پاراگرافلارنى كىتابۇل ئىلمىدە يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش (مەنبەسىز قىلىپ) نەقىل قىلغان[2].

ئىبنى ھەجەر، بۇخارىنىڭ سەھىھىگە باشقا مەنبەلەردىن ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ قارىشىدەك قىلىپ مەنبەسىز شەكىلدە نەقىل قىلغان پاراگرافلىرىنى ۋە بۇلار يېتىپ كەلگەن بارلىق مەنبەلەرنى «فەتھۇل - بارى» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىپ بەرگەن[3].

بۇخارى ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ قاراشلىرىدەك قىلىپ نەقىل قىلغاندا، ئۇ سادىر قىلغان نەھۋى (گىراماتىكىلىق) خاتالىقلارنى ئۆز پېتى تەكرارلىغان. يەنى كۆچۈرگەن[4]. ئەمما ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ ئىزاھاتلىرىنى بىرئاز ئۆزگەرتىپ ئالغانلىقى ئۈچۈن تىل خاتالىقىمۇ سادىر بولغان. فۇئاد سەزگىن بىر قىسمىدا ئېغىر خاتالىقلارغا سەۋەب بولغان بۇخارىنىڭ مەزكۇر خاتالىرىدىن بەزىلىرىنى ئەسىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن[5].

سەھىھۇلبۇخارىدىكى بۇ مىساللارغا ئەستايىدىللىق بىلەن قارىغان ۋاقتىمىزدا، بۇخارىنىڭ ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ كىتابىدىن تەقلىد، ئۆزگەرتىش ۋە كۆچۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم بولماقتا. بۇخارى بۇ نەقىللىرى سەۋەبىدىن بەزى شەرھچىلەر تەرىپىدىن «غەلىتە ئىش قىلغانلىق» بىلەن، بەزىلىرى تەرىپىدىن بولسا تەقلىدچىلىك بىلەن ئەيىبلەنگەن. بۇلاردىن بىرسى بۇخارى ئۈچۈن ناھايىتى

(1) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 155 ـ بەت

(2) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 156 ـ بەت

(3) «فەتھۇل ـ بارى»، 1 ـ جىلد، 46 ـ 43 (فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 156 ـ بەت)

(4) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 174 ـ بەت

(5) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 177 ـ 170 ـ بەتلەر

ئېغىر گەپ قىلغان[1].

فۇئاد سەزگىن بۇخارىنىڭ ئەبۇ ئۇبەيدەگە «تەقلىدچىلىككە يېتىپ بارغان دەرىجىدە مەستانە» بولغانلىقىنى ئېيتقان. چۈنكى ئۇ نۇرغۇن مەسىلىدە[2] ئابدۇللاھ ب. مەسئۇد، مۇجاھىد ۋە فەرراغا ئوخشاش مۇپەسسىرلەرنىڭ قارشىغا قوشۇلمىغان ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ تىل نۇقتىسىدىكى ئىزاھاتلىرىنى قوبۇل قىلغان. فۇئاد سەزگىننىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى تۆۋەندىكىچە:

«بۇخارىنىڭ ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ ئىزاھاتىنى تاللىشى، ئۇنىڭ بىر فىلولوگقا بولغان دەرىجىدىن تاشقىرى ھۆرمىتىدىن باشقا، سەھىھكە كىيىن قوشۇلغان مەنبە ھەققىدىكى شەرتلەرگە لايىق بولۇپ ـ بولمىغانلىقى ھەققىدە كىشىنى تەبئىي ھالدا شۈبھىلەندۈرىدۇ... ھەتتا بۇخارىنىڭ بۇ جەھەتتە بىر ھەدىس كىتابىدا بولماسلىقى كېرەك بولغان كەلىمە ۋە ئىزاھاتلارغا ئەسىرىدە ئورۇن بېرىشى ۋە نېمە سەۋەبتىن ئۆزگە بېرىلگەن شۆھرەتكە قارىماستىن، بەزىدە ھېچقانداق بىر مۇھەددىس دۇچ كەلمىگەن قاتتىق ھۇجۇملارغا ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئايان بولىدۇ.

يۇقىرىدا كۆزدىن كەچۈرگەن مىساللاردىن روشەن ھالدا مەلۇم بولىدۇكى، بۇخارى پەيغەمبەرنىڭ ھەدىس ۋە سۈننىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىخچاملانغان بىر كىتابنى روياپقا چىقىرىش غايىسىدىن ھالقىپ، تىلنى ئاساس قىلغان كىتابنىڭ جىلۋىسىگە مايىل بولغان. بولۇپمۇ، ئەبۇ ئۇبەيدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن فەررائىنىڭ قاراشلىرىغا ئاساسەن ئورۇن بەرگەن. بۇخارى بۇ ئىش ئۈچۈن يا «قالە مامەر» شەكلىدە مەلۇم ياكى «قالە غەيرۇھۇ، يۇقالۇ» دېگەندەك نامەلۇم ئىپادىلەرنى تاللاپ ئىشلەتكەن. ھېچقانداق ئەسكەرتىش بەرمەستىن ئالغانلىرى باشقىلارنىڭ جۇغلانمىسىدىن قاتمۇ قات كۆپ بولغان»[3].

بۇخارى، ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ «مەجازۇل ـ قۇرئان» ناملىق ئەسىرىدىن ئالغان ئۆزلۈندىلەرگە ئوخشاش شەكىلدە، فەررائىنىڭ «مائانىل ـ قۇرئان» ناملىق ئەسىرىدىنمۇ ئالغان[4]. لېكىن فەررائىدىن ئېلىنغانلار ئەبۇ ئۇبەيدەدىن ئېلىنغانلارنىڭ بەشتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. ئەمما كۆچۈرۈپ ئېلىنغانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوخشاشتۇر.

(1) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 173 ـ بەت.

(2) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 176 ـ بەت.

(3) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 177 ـ بەت.

(4) فۇئاد سەزگىن بۇخارىنىڭ «مەجازۇل ـ قۇرئان» ۋە «مائانىل ـ قۇرئان»دىن ئالغان ئۆزلۈندىلەرنى، مەزكۇر ئەسەرلەردىكى ئورنىنى كۆرسەتكەن ھالدا تىزىپ چىققان (فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 362 ـ 367 ـ بەتلەرگە قاراڭ)

يەنى، فەررائىنىڭ ئىسمىنىمۇ پەقەت تىلغا ئالماستىن ياكى «قالە» ۋە ياكى «قالە غەيرۇھۇ» ئىبارىسى بىلەن، نادىر ھالدا «قالە ياھيا» شەكلىدە ئۇچۇق تىلغا ئېلىپ نەقىل قىلغان[1]. فۇئاد سەزگىن، بۇخارىنىڭ فەررائىغا نىسبەتەن چەكسىز ئالقىشلاش ۋە ھەيرانلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا كۆز قارىشىنى كۈچلەندۈرىدىغان كونكرېت دەلىللەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن[2].

بۇ مىساللار بۇخارىنىڭ ئۆزۈندىلەردە تەقلىد، ئۆزگەرتىش ۋە كۈچۈرۈشلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. بۇخارى مانا بۇ سەۋەبتىن باشقا مۇھەددىسلەرگە قارىغان ئەڭ كۆپ تەنقىدكە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. فۇئاد سەزگىن بۇخارىغا قارىتىلغان بۇ قاتتىق تەنقىتلەرنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە ئىككى مەنبەگە مۇراجىئەت قىلىشنى ئېيتقان[3].

دېمەك، بۇخارى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى لايىق بولمىغان بۇ شۆھرەتكە كېيىنكى مەزگىللەردە ئېرىشكەن. بۇخارىنىڭ ئەسەرى «ئىگە دەپ قارالغان شۆھرەتكە (باشتىن تارتىپ) ئىگە ئەمەس» ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر پەقەت بۇلاردىنلا ئىبارەت ئەمەس. بۇ ھەقتىكى يەنە بىر مەسىلە، «ئەل-جامىئۇس-سەھىھ رىۋايەتلىرى»نىڭ ۋە نۇسخىلىرىنىڭ رىۋايەتلەرگە كۆرە تۈرلۈك ئوخشاشماسلىققا ئىگە بولۇشىدۇر. بۇ ئەھۋال تېكىستنىڭ ساغلاملىقىنى جىددىي خەۋپكە ئۇچرىتىش بىلەن بىرگە، ئەسەرنىڭ ئەسىرلەر بويىچە ئېرىشكەن شۆھرىتىگە ماس كەلمەيدۇ. ھەتتا، فۇئاد سەزگىنىڭچە، مەشھۇر ئالتە ھەدىس كىتابلىرى ئارىسىدا رىۋايەتلىرى جەھەتتىن ئەڭ مۇجمەل، ھەققىدە ئەڭ كۆپ شەرھ ئەسەر يېزىلغان ھەدىس كىتابى بۇخارىنىڭ سەھىھىدۇر[4]. بۇخارىنىڭ ۋاپاتىدىن بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىتابىنى شەرھلىمەكچى بولغان خاتتابى (ۋاپات، 388)، كىتابىنىڭ مەزمۇنلار ئىچىدىن ئاران ئىككى رىۋايەتتىن پايدىلىنالىغان[5]. بۈگۈن قولىمىزدىكى ئەڭ تارقالغان بۇخارى نۇسخىسى، بۇ ئىككى نۇسخىدىن بىرى بولغان فىرەبرى رىۋايىتىدۇر. فىرەبرى (ۋاپات، 329)، بۇخارىدىن سەھىھنى ئىككى قېتىم، يەنى بىر قېتىم بۇخارانىڭ بىر يېزىسى بولغان فىرەبرىدە

(1) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 178-بەت

(2) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 179-بەت

(3) «فەتھۇل-بارى»، 8-جىلد، 271؛ «ئايىنى»، 8-جىلد، 677-بەت (فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 177-بەت)

(4) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 185-بەت

(5) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 186-بەت

ھىجرى 248 ـ يىلىدا، يەنە بىر قېتىم بولسا بۇخارادا 252 ـ يىلىدا ئاڭلىغان. لېكىن بۇ تۆت يىللىق بىر مەزگىل ئىچىدە مەزكۇر ئىككى قېتىملىق ئاڭلاش ئوتتۇرىسىدا بۇخارىنىڭ كىتابىدا ئۆزگەرتىش بولۇپ ـ بولمىغانلىقى، بولغان بولسا بۇلارنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكى، بۇلارنىڭ فىرەبرى تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ ـ ئېنىقلانمىغانلىقى، ئىككى قېتىملىق ئاڭلاشتا پەرقلىق تېكىستلەرنىڭ ئىشلىتىلىپ ـ ئىشلىتىلمىگەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر بىزگە نامەلۇم. ھەتتا بۇخارىنىڭ تېكىستىنىڭ، ئۇنى رىۋايەت قىلغۇچىلىرىغا يۆتكەن ئاخىرقى نۇسخىسى ھالىتىدە يېتىپ كەلگەنمۇ ياكى رەتلەنمىگەن ھالەتتە يېتىپ كەلگەنمۇ؟ بۇ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. فىرەبرى نۇسخىسىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك رىۋايەت قىلغۇچىسى ئەبۇ زەرر ھەرەۋى (ۋاپات، 434)، فىرەبرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى بىردىنبىر راۋى بولغان شەيخى ئەبۇ ئىسھاق مۇستەملى (ۋاپات، 374)نىڭ: «بۇخارىنىڭ كىتابىنى مۇھەممەد ب. يۇسۇف فىرەبرىنىڭ قولىدىكى ئەسلى نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈپ چىقتىم. ئاخىرقى ھالەتكە، يەنى رەتلەنمىگەنلىكىنى، بەزى يەرلىرىنىڭ بوش قويۇپ قويۇلغانلىقىنى، بەزى بابلاردا ھېچنېمىنىڭ يوقلىقىنى، بەزى ھەدىسلەرنىڭ ئۆزگە خاس بابلارغا نەقىل قىلىنمىغانلىقىنى كۆردۈم، بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى بەزىلىرىگە قوشۇپ قويدۇق» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. بۇ سۆزنى رىۋايەت قىلغان ئەبۇل ۋەلىد باجىمۇ (ۋاپات، 474) ئوخشاش ئەسلى نۇسخىدىن كۆچۈرگەن بولسىمۇ، ئەبۇ ئىسھاق، ئەبۇ مۇھەممەد، ئەبۇل ـ ھەيسەم ۋە ئەبۇ زەيد نۇسخىلىرىدا بولغان رىۋايەتلەرنىڭ رەتلىنىشى ۋە تۈزىتىلىشى بۇ سۆزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ[1]. لېكىن فىرەبرى ۋە نەسەفى رىۋايىتى تەتقىق قىلىنغاندا، بۇ نۇسخىلار ئارىسىدىكى پەرقنىڭ پەقەت رىۋايەتلەرنىڭ رەتلىنىش ۋە تۈزىتىلىشتە ئەمەسلىكى، بەزى نۇسخىلىرىدا رىۋايەتنىڭ تېخىمۇ تەپسىلىي بولۇشى، مەنبەلەرنىڭ تىلغا ئېلىنىشى، غەلەت رىۋايەتلەرنىڭ كۆپ ـ ئاز بولۇشى ۋە بەزى ئىپادىلەردە ئوخشاشماسلىقلارنىڭ بولۇشىدەك پەرقلەرنىڭ بارلىقى كۆرۈلمەكتە[2]. يەنى، سەھىھۇلبۇخارىنىڭ نۇسخىلىرىدا راۋى ۋە كۆچۈرۈپ يازغۇچىلاردىن كېلىپ چىققان خاتالىقلارمۇ مەۋجۇت[3].

دېمەك، بۇخارى سىستېمىلىق شەكىلدە تۈزۈپ چىقلىغان ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھەدىس كىتابلىرىنى يىغىنچاقلىماقچى بولغان ۋە بۇ جەھەتتە ئەڭ كۆپ ماتېرىيالنى ئىمام مالىكنىڭ مۇۋەتتا ناملىق ئەسىرىدىن ئالغان (600 گە يېقىن

(1) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 188 ـ 186 ـ بەتلەر

(2) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 193 ـ 192 ـ بەتلەر

(3) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 203 ـ بەت

ھەدىس)[1]. لېكىن ئۇ بۇنى مۇۋەتتانىڭ رىۋايەت ھەققىنى ئىلكىدە تۇتقان بىر ياكى ئىككى راۋىغا بىۋاسىتە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى بىر ـ بىردىن پەرقلىق ئوتتۇز شەيخدىن پايدىلىنىپ ئالغان. يەنى، مۇۋەتتاغا بىۋاسىتە مۇراجىئەت قىلمىغان، مۇۋاتتادىن نەقىل ئالغان ئۇستازلىرىنىڭ كىتابلىرىدىن پايدىلانغان[2]. بەزى رىۋايەتلەردە ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشچە ئاز راۋىنى تىلغا ئېلىش ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى رىۋايەت ۋە مەنبەلىرىگە ئېرىشىشكە ئوخشاش مۇھەددىسلەر تۇتقان ھەدىس ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىلەرگە خىلاپ ھالدا يول تۇتۇپ، ئۆزى بىلەن ئىمام مالىك ئوتتۇرىسىدا ئىككى راۋىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىمام مالىك بىلەن ئارىسىدا تىلغا ئالغان بۇ ئىككى راۋى، ئىمام مالىكتىن بىۋاسىتە ھالدا مۇۋەتتانى رىۋايەت قىلىش ھوقۇقىنى ئالالمىغان، نىسبەتەن ياش راۋىلاردۇر[3].

سەھىھى بۇخارىدىكى مۇۋەتتەدىن ئېلىنغان ھەدىسلەرنىڭ قايتا ـ قايتا تەكرارلانغانلىقى مەلۇم. ھەتتا بۇلاردىن بىر تانىسى بەش قېتىم تەكرارلانغان ۋە ھەر قېتىمدا پەرقلىق راۋى بىلەن باشقا بابتا بايان قىلىنغان. بۇ ھەدىسنىڭ ھەر بابتا پەرقلىق راۋى بىلەن نەقىل قىلىنىشى، مۇۋەتتانىڭ مۇناسىۋەتلىك بابىدىن (مۇناسىۋەتلىك بابنى نەقىل قىلغان ئۇستازىدىن) ئالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇخارىنىڭ رىۋايەت ھالقىلىرىنى يادقا ئېلىپ، «قالە مالىك» ئىبارىسى بىلەن (مۇجمەل شەكىلدە) ئىمام مالىكتىن نەقىل قىلغان ھەدىسلىرىمۇ بولغان[4].

بۇ مەسىلىلەر ئىمام بۇخارىنىڭ ئەسىرگە بېرىلگەن شۆھرەتلەرنىڭ بۇ ئەسەردە يوقلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. پەقەت بۇخارىلا ئەمەس، مۇسلىممۇ كىتابقا بېرىلگەن سۈپەتلەرنىڭ ئۆز كىتابلىرىدا بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ باقمىغان. بۇ سۈپەتلەر مەزكۇر ئەسەرلەرگە كېيىنكى مەزگىللەردە بېرىلگەن. بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۆز كىتابلىرىغا ئالغان ھەدىسلەر ئۈچۈن ـ بۇ كىتابتىكى ھەدىسلەرگە بېرىلگەن ـ بەزى سۈپەتلەرنى ئۆزلىرى ئىلگىرى سۈرۈپ باقمىغان. دېمەك، بۇ كىتابلارغا ماھىيىتىگە مۇۋاپىق بولمىغان سۈپەتلەر كېيىنكى دەۋرلەردە بېرىلگەن. بۇ سۈپەتلەرنى بۇ كىتابلارغا تۇنجى بولۇپ بەرگۈچى ئەل ـ ھاكىم ئەن ـ نىسابۇرى (ۋاپات، 405)دۇر. ئۇنىڭچە بۇخارى ۋە مۇسلىم بىر ھەدىسنى كىتابلىرىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئەڭ ئاز

(1) فۇئاد سەزگىن، بۇ ھەدىسلەرنىڭ بۇخارى ۋە مۇۋەتتادىكى يەرلىرىنى تىزىپ چىققان («بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 326 ـ 319 ـ بەتلەر)

(2) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 313 ـ بەت

(3) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 316 ـ بەت

(4) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 317 ـ بەت

ئىككى سەنەت بولۇشىنى شەرت قىلغان. ھاكىمنىڭ بۇ ھۆكمىنىڭ كىتابلارنىڭ مەزمۇنى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى، مۇبالىغە ۋە چەكتىن ئاشقان ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى مەقدىسىدىن سۈيىئىستېمال قىلغان مۇھەددىس تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ھەتتا ئىبنى ھەجەر ئېيتقاندەك «بۇ پەقەت سەھىھەينى تەتقىق قىلىپ باقمىغان بىرسىنىڭ ھۆكمىدۇر»[1]. ئاساسەن نە بۇخارى، نە مۇسلىم ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن باشقا ھەدىس رەتلەپ يازغۇچىلارنىڭ ھېچبىرى، كىتابلىرىدا ھەدىس تاللاشنىڭ شەرتلىرىنى تىلغا ئالمىغان. ئۇلاردىن مۇشۇنداق بىر سۆزمۇ نەقىل قىلىنمىغان. بۇ شەرتلەر بۇ كىتابلارغا كېيىن بېرىلگەن. ھەتتا بۇ كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىدە مۇقەددىمە قىسمىمۇ يوق بولۇپ، ئۇدۇل ھەدىس رىۋايەت قىلىشقا باشلىغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىلماقچى بولغان ئىشىنى يارقىن شەكىلدە ئىپادىلەپ بەرگەن مۇسلىمنىڭ مۇقەددىمىسىدىمۇ كىتابىنىڭ شەرتلىرى تىلغا ئېلىنمىغان. ھەتتا ئۇنىڭ مۇقەددىمىدە تىلغا ئالغان سەھىھ ھەدىس تەبىرىمۇ ئادەتتىكى بىر ئىپادە بولۇپ، «مۇستەلەھۇلھەدىس» كىتابلىرىدىكى ئۆلچەملەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مۇسلىمنىڭ «سەھىھ ھەدىس» تەبىرى بىلەن، كېيىنكىلەر ئوخشاش كەلىمىدىن چۈشەنگەن مەنىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بۇ مەسىلىدە بۇخارىنىڭ كىتابىدىمۇ ئالاھىدە بىر مەنانىڭ بولمايدىغانلىقى ئېنىق. بۇخارى ئىشلەتكەن بەزى ھەدىس ئىستىلاھلىرىمۇ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: مۇرسەل ئورنىغا مۇنقەتىئ، مۇتتەسىل ئورنىغا مۇسنەد دېگەندەك[2].

بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ سەھىھلىرىنى راۋى ۋە سەنەتلىرى جەھەتتىن تەنقىت قىلغان تۇنجى ئەسەر دارقۇتنى (ۋاپات، 385) تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان. بۇ پائالىيەتنى كېيىن ئەد ـ دىمەشقى (ۋاپات، 400) ۋە ئەبۇ ئەلى غاسسانى (ۋاپات، 498) داۋاملاشتۇرغان. ھەتتا ۋەلىد ئەل ـ باجى تەمىنلىگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇخارىنىڭ ئۇچىنچى تەبىقە راۋىلىرىدىن بولغان ئەبۇ زەرر ئەل ـ ھەرەۋى (ۋاپات، 434) «ئىلزاماتۇل ـ بۇخارى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ، رىۋايەت قىلغان كىتابنى ئۇستازلىرى نۇقتىسىدىن تەنقىت قىلغان. ئەمما غاسسانىنىڭ ئەسىرىدىن باشقا سەھىھەيننى تەنقىت قىلغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھېچبىرى بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئىبنى ئابدىلبەررىنىڭمۇ (ۋاپات، 463) بۇخارىنىڭ غەلىتە قارالغان بەزى تەرەپلىرى ھەققىدە توختالغان بىر ئەسەر يازغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق[3].

---

(1) «تەدرىبۇر راۋى»، 17 ـ بەت (فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 208 ـ بەت)

(2) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 208 ـ 207 ـ بەتلەر

(3) فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 209 ـ بەت

بۇخارىنى تەنقىت قىلغۇچىلاردىن يەنە بىرسى خاتىپ باغدادى (ۋاپات، 463) بولۇپ، ئۇنىڭ «ئەل-مۇدرەج» ناملىق ئەسىرىدە بۇخارىغا قارىتىلغان تەنقىتلىرىدىن بىرسى مۇنداق: «بۇخارى مەسرۇق ۋاستىسى ئارقىلىق ئائىشەنىڭ ئانىسى بىلەن ئۇممۇ رۇماندىن ئىفك ۋەقەسىنىڭ بىر قىسمىنى نەقىل قىلغان. بۇ بىر پەرەزدىن ئىبارەتتۇر. مەسرۇق ئۇممۇ رۇماندىن ھەدىس ئاڭلىمىغان. ئۇممۇ رۇمان پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا ۋاپات بولغان. ئۇ ۋاپات بولغان چاغدا مەسرۇق 6 ياشتا ئىدى. ئىشنىڭ بۇ تەرىپى بۇخارىغا مەلۇم بولمىغان. پەرىزىمچە مۇسلىم بۇ ئىشنى بايقىغان ۋە مەزكۇر ھەدىسنى نەقىل قىلىشتىن يالتايغان»[1].

باغدادىنىڭ بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئېتىرازلىرى كۆپ. بۇخارى، دېمەككى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەنبەلەرنى يىغىنچاقلاشقا تىرىشقان، لېكىن بۇ جەرياندا بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلغان. ھەتتا پەرەز بىلەن ئىش قىلغان.

## نەبى ھەدىسلەرنى يازدۇردىمۇ؟ ھەدىسلەر سۈننەتكە ۋەكىللىك قىلالامدۇ؟

نەبىنىڭ (س ئە ۋ) ھەدىسلەرنى يازدۇرمىغانلىقى، ھەتتا بۇنى چەكلىشى، ھەدىسلەرنىڭ سۈننەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك (كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى بابلىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن دەلىللەرگە قوشۇمچە) مۇھىم ئىسپاتتۇر. ھەدىسلەرنىڭ سۈننەتكە ۋەكىللىك قىلىشى ياكى سۈننەتنىڭ ھەدىسلەر بىلەن ئۇممەتكە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. سۈننەتنىڭ مەنبەسى قۇرئاندۇر. سۈننەتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈلۈش ۋاستىسى بولسا قۇرئان ۋە قۇرئان ئەگىشىشكە بۇيرۇغان مۇتەۋاتىر ئەمەللەردۇر. سۈننەتنىڭ يېتىپ كېلىشىدە ئەھەد خەۋەرلەر (ھەدىسلەر)گە چۈشكەن (ھەققىي) ۋەزىپە يوق. ئاللاھ ۋە رەسۇلى ھەدىسلەرگە بۇنداق بىر ۋەزىپىنى بەرمىگەن. لېكىن كىشىلەر ھەدىسلەرگە مۇشۇنداق بىر ۋەزىپىنى بەرگەن. ئۆزلىرىچە سۈننەتنىڭ ھەدىسلەر ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن دەپ قارىغان. ھالبۇكى، سۈننەت ھەدىسلەر ئارقىلىق يېتىپ كەلمەيدۇ. ھەدىسلەر سۈننەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەدىسلەر سۈننەت تېمىسى بولغانلىقتىن، «سۈننەت» دېيىلگەن بەزى ئەمەللەر ئەسلىدە سۈننەت ئەمەس، بەلكى كىشىلەر سۈننەت دەپ ئىلگىرى سۈرگەن ئەمەللەردۇر.

ھەدىسلەرنىڭ سۈننەتكە باراۋەر ئىكەنلىكىنى ياكى سۈننەتنىڭ ھەدىسلەر

(1) «ئەل-مۇدرەج»، 102-بەت؛ «ھەدۇۋس-سارى»، 371-بەت (فۇئاد سەزگىن، «بۇخارى پايدىلانغان مەنبەلەر»، 210-بەت)

ئارقىلىق يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى كېرەك:

1. سۈننەت ھەدىسلەر بىلەن يېتىپ كېلىدىغان بولسا، سۈننەتنىڭ ئۈممەتكە يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن ھەدىسلەر نەبى تەرىپىدىن يازدۇرۇلۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟

2. رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن دەۋەت ۋەزىپىسىنى تاماملىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغاندا، سۈننەتنىڭ ئۈممەتكە يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بۇ تەدبىرنى نېمە ئۈچۈن ئۆزى باش بولۇپ قىلمىدى؟ ياكى نېمە ئۈچۈن بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر تەلىمات (ۋەسىيەت) قالدۇرمىدى؟

نەبىنىڭ (س ئە ۋ) ئۆزى سۆزلىرىنى (ھەدىسلەرنى) يازدۇرمىغانلىقى تارىخىي ھەقىقەت بولۇپ، قۇرئان بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەدىسلەرنى يېزىشنى مەنئى قىلغان[1]. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى ئىشەنچلىك رىۋايەتلەر بار. گەرچە بۇ چەكلىمىنىڭ كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بەزى رىۋايەتلەر بولسىمۇ، لېكىن نەبىنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزى باش بولۇپ يازدۇرغانلىقىغا (مۇشۇنداق تەلىمات بەرگەنلىكىگە) مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق رىۋايەت يوق. نەبى ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشى ئۈچۈن پائال ھەرىكەت ئۆتمەسلىك بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ بۇ ھەقتە ھېچقانداق تەۋسىيەسىمۇ بولمىغان[2]. بىزنىڭچە بۇ مەسىلىگە مانا بۇ نۇقتىدىن قاراش كېرەك. بۇ دائىم دەتالاش قىلىنىۋاتقان بىر مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز مەسىلىگە بۇ كۆزنەكتىن (نەبىنىڭ بۇ ھەقتە ئاكتىپ ھالدا ھەرىكەتكە ئۆتمەسلىكى نۇقتىسىدىن) قاراش ۋە بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق رىۋايەتلەرنى كۆرۈپ چىقىش كېرەك دەيمىز.

ھەدىس يېزىشنى مەنئى قىلغانلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە[3]:

1. ئەبۇ سەئىد ئەل-خۇدرىدىن رىۋايەت قىلىنغان رىۋايەتتە نەبى مۇنداق دېگەن: «مەندىن ئاڭلىغان سۆزلەردىن قۇرئاندىن باشقىسىنى يازماڭلار. كىمكى مەندىن ئاڭلىغان قۇرئاندىن باشقا سۆزنى يازغان بولسا ئۇنى يوقاتسۇن»[4].

2. يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ ئوخشىشىنى ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق نەقىل قىلغان:

---

(1) يۈجەل، «ھەدىس ئۇسۇلى»، 132-بەت

(2) زەكى بايراكدار، «قۇرئاننىڭ نەبەۋى تەدبىقلىنىشى سۈننەت»، 254-247-بەتلەر

(3) مۇھەممەد ھامىدۇللاھ، «قىسقىچە ھەدىس تارىخى ۋە ساھىفەئى ھەممام ئىبن مۇنەببىھ»، 100-96-بەتلەر

(4) ئىبنى ھەنبەل، «مۇسنەد»، كىتابۇ ئەل-مەساھىف، III/31؛ سۈنەنى دارەمى (2ب) I/119

«مەندىن يازماڭلار، كىمكى مەندىن قۇرئاندىن باشقا بىر نەرسە يازغان بولسا يوق قىلسۇن»[1].

3. ئەبۇ سەئىد ئەل-خۇدرىدىن قىلىنغان باشقا بىر رىۋايەت مۇنداق: «ھەدىس يېزىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھتىن ئىجازەت سورىدۇم، لېكىن رەت قىلدى»[2].

4. يۇقىرىدىكى ھەدىس دارىمىنىڭ سۈنەنىدە مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «بەزى كىشىلەر رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغانلىرىنى يازماقچى بولدى، لېكىن ئۇ رەت قىلدى»[3].

5. زەيد بىن سابىتنىڭ رىۋايىتى مۇنداق: «ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىزگە ھەدىستىن ھېچقانداق نەرسىنىڭ يېزىلماسلىقىنى بۇيرۇدى»[4].

6. ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «بىز ھەدىس يېزىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بىر كۈنى، ئاللاھنىڭ رەسۇلى ھۇجرىسىدىن چىقتى ۋە بىزگە: ‹نېمىش قىلىۋاتىسىلەر؟› دېدى. (بىز): ‹سەندىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى يېزىۋاتىمىز› دېدۇق. (ئۇ) مۇنداق دېدى: ‹ئاللاھنىڭ كىتابىدىن باشقا كىتاب تەلەپ قىلىۋاتامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرىكى قوۋملەر (دىنلىرىغا مۇناسىۋەتلىك) ئاللاھنىڭ كىتابىدىن باشقا كىتاب يازغانلىقى ئۈچۈن يولدىن ئادىشىپ كەتتى› . شۇنىڭ بىلەن يازغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى يىغدۇق ۋە ئوچۇقچۇلۇقتا كۆيدۈرۈپ تاشلىدۇق»[5].

7. باشقا بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ كىتابىغا تەڭ تۇرىدىغان بىر كىتابمۇ؟ ئاللاھنىڭ كىتابىنى ساپ تۇتۇڭلار (بۇزماڭلار)، بۇلغىماڭلار»[6].

8. ئابدۇرراھمان بىن ئەۋف تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ باشقا بىر رىۋايىتى مۇنداق: «رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنىڭ بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەسچىتتە مۇنبەرگە چىقىپ: ‹يازغانلىقىڭلار قۇلىقىمغا يەتكەن بۇ كىتابلار نېمىلەر؟ مەن بىر ئىنسان، كىمدە مۇشۇنداق بىر نەرسە بولسا ئۇنى ماڭا ئېلىپ كەلسۇن› دېدى»[7].

(1) مۇسلىم، زۇھد 72؛ ئىبنى ھەنبەل، «مۇسنەد»، III/12, 21, 39, 56؛ سۈنەنى دارىمى، مۇقەددىمە 42

(2) تىرمىزى، «سۈنەن»، 39:12

(3) سۈنەنى دارىمى، مۇقەددىمە 42

(4) خاتىپ باغدادى، «تاقيىد ئەل-ئىلم»، 35-بەت

(5) ئىبنى ھەنبەل، «مۇسنەد»، III/12-13؛ خاتىپ ئەل-باغدادى، «تاقيىد ئەل-ئىلم»، 35-بەت

(6) ئىبنى ھەنبەل، «مۇسنەد»، III/12-13

(7) خاتىپ باغدادى، «تاقيىد ئەل-ئىلم»، 35-33-بەتلەر

ھەدىس يېزىشتىن چەكلەنمىگەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر تۆۋەندىكىچە[1]:

1. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئەل-ئاس مۇنداق دېگەن: «مەن رەسۇلۇللاھتىن نېمىنى ئاڭلىغان بولسام شۇنى يازاتتىم. بەزى كىشىلەر مېنى بۇنىڭدىن توساپ ‹نەبى نېمىلا بولمىسۇن بىر ئىنسان، خۇشال بولغان ياكى ئاچچىقلانغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا دىققەت قىلماستىن دېگەن سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېزىش توغرا بولمايدۇ› دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھتىن سورىماستىن بىر نەرسە يازماسلىق نىيىتىگە كەلدىم. كېيىن يېنىغا بېرىپ: ‹سىزدىن ئاڭلىغانلىرىمنى يازسام بولامدۇ؟› دەپ سورىدۇم. ئۇ: ‹بولىدۇ› دېدى. ئېھتىيات تەدبىرى ئۈچۈن قايتىلاپ: ‹خۇشال بولغان ياكى ئاچچىقلانغان ۋاقىتلاردىمۇ (ئېيتقان سۆزلەرنى يازسام) بولامدۇ؟› دەپ سورىدۇم. رەسۇلۇللاھ ئېغىزىنى ئىشارەت قىلىپ: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ يەردىن نېمە چىقسا، ئۇ مۇتلەق توغرا ۋە ھەقىقەتتۇر› دېدى»[2].

2. بۇخارى، ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھنىڭ قېرىندىشى ھەممام ئىبنى مۇنەببىھقە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئەبۇ ھۇرەيرەدىن ئاڭلىدىم. رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرى ئارىسىدا ئىبنى ئامردىن باشقا مەندىن ئارتۇق ھەدىس رىۋايەت قىلغان كىشى يوق. ئۇ ئاڭلىغانلىرىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يازاتتى، مەن بۇنداق قىلالمايتتىم»[3].

3. تىرمىزىنىڭ نەقىل قىلىشىچە ئەنسارلاردىن بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، ۋەز - نەسىھەت ياكى ئاگاھلاندۇرۇش ۋاستىسى بىلەن قىلغان سۆزلىرىنى ئېسىدە تۇتالمىغانلىقىدىن شىكايەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «ئوڭ قولۇڭدىن ياردەم ئالغىن»[4].

4. ئەبۇ رافىئ: «ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ رافى ئىسلامغا كىرگەن بىر قىپتى ئىدى. ئۇمۇ نەبىدىن ھەدىس يېزىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى ۋە ئىجازەت بېرىلدى»[5].

5. ئەنەس بىن مالىكنىڭ يازغان بەزى ھەدىسلەرنى كۆرسىتىپ: «بۇلار

(1) مۇھەممەد ھامىدۇللاھ، «قىسقىچە ھەدىس تارىخى ۋە ساھىفەئى ھەممام ئىبنى مۇنەببىھ» ، 50-44-بەتلەر

(2) تىرمىزى، كىتاب ئەل-ئىلىم 3:12:39؛ ئەبۇ داۋۇد، ئىلىم 3:24

(3) بۇخارى، كىتاب ئەل-ئىلىم 3:49

(4) تىرمىزى، كىتاب ئەل-ئىلىم 12:1

(5) مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، «قىسقىچە ھەدىس تارىخى ۋە ساھىفەئى ھەممام ئىبنى مۇنەببىھ» ، 48-بەت

نەبىدىن ئاڭلىغانلىرىم ۋە ئۆزگە ئوقۇپ بەرگەن ھەدىسلەردۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[1].

## ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشىغا قارىتا دەسلەپكى خەلىپىلەرنىڭ پوزىتسىيەسى

ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە دەسلەپكى تۆت خەلىپە دەۋرىدە پوزىتسىيەنىڭمۇ نەبىنىڭ پوزىتسىيىسىگە ئوخشاش بولغانلىقى كۆرۈلمەكتە.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى (ر ئە)نىڭ 500 گە يېقىن ھەدىس يىغقانلىقى ۋە بۇنى بىر كىتاب ھالىغا كەلتۈرگەنلىكى، لېكىن بۇلارنى كېيىن يوق قىلىۋەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. زەھەبى، قاسىم ئىبىن مۇھەممەدنى مەنبە كۆرسىتىپ ھەزرىتى ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «ئاتام نەبىنىڭ ھەدىسلىرىنى يىغدى، سانى بەش يۈز بولدى. لېكىن بىر كېچە ئۇيقۇسى قېچىپ، كارىۋىتىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ياتتى. بىردەم كارىۋاتنىڭ بىر تەرىپىدە، يەنە بىردەم يەنە بىر تەرىپىدە ياتتى. بۇ مېنى بەكمۇ بىئارام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سورىدۇم: ‹مىجەزىڭ يوق شۇنداق قىلىۋاتامسەن ياكى ساڭا بىرەر خەۋەر كېلىپ بۇ سەۋەبتىن مۇشۇنداق قىلىۋاتامسەن؟› . ئەتىسى ئەتىگەندە مۇنداق دېدى: ‹ئى قىزىم، يېنىڭدىكى ھەدىس كىتابىنى ماڭا ئېلىپ كەل› . مەن ئېلىپ كەلدىم، ئۇنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتتى. سورىدۇم: ‹ئۇنى نېمىشقا كۆيدۈرۈۋەتتىڭ؟› . مۇنداق دېدى: ‹بۇ كىتابنى قالدۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەر دۇرۇست ۋە ئىشەنچلىك بىر كىشى تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان تەقدىردىمۇ، مېنىڭ ئۇلارنى ئۇنىڭ نەقىل قىلغان شەكىلدە يازالماي قالغانلىقىمدىن ۋە كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن قورقتۇم. ئاللاھ ھەر نەرسىنى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ»[2].

ھەزرىتى ئۆمەر (ر ئە) ھەدىسلەرنى بىر يەرگە يىغىشنى ۋە ئۇنى بىر كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈشنى ئويلىغانلىقى، بۇنى ساھابىلەر بىلەن كېڭەشكەنلىكى، ساھابىلەرنىڭمۇ ھەدىسلەرنىڭ يىغىپ رەتلىنىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەنلىكى، لېكىن ھەزرىتى ئۆمەر بىر ئاي ئويلانغان ۋە ئىستىخارە قىلغاندىن كېيىن بۇ ئىشتىن ۋازكەچكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئەز-زۇھۇرىنىڭ ئۇرۋەنى كۆرسىتىپ نەقىل قىلغان بۇ ۋەقەدە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئاخىرى مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت

(1) مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، «قىسقىچە ھەدىس تارىخى ۋە ساھىفەئى ھەممام ئىبىن مۇنەببىھ» ، 49-بەت

(2) زەھەبى، «تەزكىرەت ئەل-ھۇلفاز» ، I/5

قىلىنغان: «*ھەدىسلەرنى يازدۇرۇشنى ئويلىغانىدىم، لېكىن سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن قوۋملەرنى ئويلىدىم. ئۇلارمۇ كىتاب يازغان ۋە ئۇ كىتابلار شۇنداق كۆپىيىپ كەتتىكى، ئاخىرى ئاللاھنىڭ كىتابىغا كۆڭۈل بۆلمىدى ۋە ئۇنى تەرك قىلدى. ئاللاھ ھەققى ئۇچۇن مەن ئۆزۈم ئاللاھنىڭ كىتابىغا باشقا نەرسىنى ئىلاۋە قىلمايمەن*»[1].

ھەزرىتى ئەلىنىڭ قولىدا بەزى قول يازمىلارنىڭ بارلىقى، لېكىن بۇلارنىڭ تۆگىلەرنىڭ زاكات ياشلىرى ۋە مەدىنىنىڭ ھەرام چېگرالىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. بۇخارىنىڭ ئەبۇ جۇھەيفەدىن نەقىل قىلغان رىۋايىتى مۇنداق: «ئەلى ئىبن ئەبى تالىپتىن سورۇدۇم: ‹سىزنىڭ يېنىڭىزدا كىتاب بارمۇ؟› . ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: ‹ياق، ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر مۇسۇلماننىڭ چۈشەنگەنلىرى بىلەن بۇ سەھىپىلەردىن باشقا بىر كىتاب يوق› . (مەن): ‹بۇ سەھىپىلەردە نېمىلەر بار؟› دەپ سورۇدۇم. (ئۇ): ‹فىدىيە ھەققىدە ھۆكۈملەر، ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ۋە ھېچقانداق بىر مۇسۇلماننى بىر كاپىر ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر بار› دېدى»[2].

ئىمام بۇخارى، باشقا بىر بابتا بۇ سەھىپىدە «تۆگىلەرنىڭ زاكاتتىكى ياشلىرى ۋە مەدىنىنىڭ ھەرەم چېگرالىرىنىڭ ئاير دۆڭىدىن ئېتىبارەن ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك»[3] مەلۇماتلارنىڭ بارلىقىنى نەقىل قىلغان.

مەزكۇر ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد مۇنداق نەقىل قىلغان: «*ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدىن نەقىل قىلىنغان بولۇپ، بىز نەبىدىن قۇرئاندىن ۋە بۇ سەھىپىلەردە بولغانلاردىن باشقا نەرسىلەرنى يازمايتتۇق. نەبى، ئاير دۆڭىدىن سەۋر دۆڭگىچە بولغان جاينىڭ ھەرام ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى…*»[4]. مەزكۇر نەقىل بۇ ھەرەم رايونىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلغان ھالدا داۋاملاشقان.

## ھەدىسلەرنى يېزىش ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ شەرھلىنىشى

بۇ رىۋايەتلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن باھالىغان ۋاقتىمىزدا، نەبىنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى يازدۇرۇشنىڭ ئەكسىچە، ئۇنى مەنئى قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. گەرچە

(1) خاتىب باغدادى، «تاقيىد ئەل-ئىلم»، 49-بەت

(2) بۇخارى، كىتاب ئەل-ئىلم 3:49

(3) بۇخارى، جىھاد 58:10

(4) ئەبۇ داۋۇد، «سۈنەن»، II/99

بەزىلەر ـ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن ـ بۇ چەكلىمىنىڭ كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەممىگە ئايان. چۈنكى:

1. ھەدىس يېزىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقىنى بildۈرىدىغان رىۋايەتلەر، ئۇنىڭ ئەكسىنى بildۈرگەن رىۋايەتلەردىن كۆپ بولۇپ، ۋەزنى ئېغىر ۋە تېخىمۇ روشەن.

2. دەسلەپكى مەزگىلدىكى خەلىپىلەرنىڭ ھەدىسلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى (ئۆز ئىختىيارلىقى سىرتىدا توپلانغان ھەدىسلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىشى)، بۇ چەكلىمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغانلىقىنى، بۇنى ئۆز دەۋرىدىمۇ داۋاملاشتۇرغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن «نەبىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدە مەزكۇر چەكلىمىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى» شەكلىدىكى شەرھلەرنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دەسلەپكى خەلىپىلەر مەزگىلدە (نەبىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن) بۇنىڭغا ئىجازەت بەرمىگەن بولسا (بەرمىدى)، نەبىنىڭ بۇ چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى قانداقمۇ ئېيتقىلى بولسۇن؟ نەبى بۇ چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسا (ئۇنداق ئىش يوق)، دەسلەپكى مەزگىلدىكى خەلىپىلەر نېمە ئۈچۈن بۇ چەكلىمىنى داۋاملاشتۇرغان؟ دېمەك، بۇ چەكلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك بولغان يەنە بىر خۇسۇس، نەبىنىڭ مۇشۇنداق بىر چەكلىمىنى قويۇپ ـ قويمىغانلىقى ۋە ياكى قويغان چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ـ قالدۇرمىغانلىقى مەسلىسى ئەمەس، بەلكى ھەدىسنىڭ يېزىلىشى مەسلىسىدە ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىپ ـ چىقارمىغانلىقى مەسلىسىدۇر. نەبى ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى يېزىشقا بۇيرۇغانمۇ؟ بۇ ھەقتە ھەرقانداق بىر تەلىمات بەرگەنمۇ؟ ھايات ۋاقتىدا ياكى ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇنى بىر شەكىلدە ۋۇجۇدقا چىقىرىش ھەققىدە بىرەر ۋەسىيەت قالدۇرغانمۇ؟ يەنى، يىغىنچاقلىساق نەبىنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ يېزىلىشى كېرەكلىكىنى، ئەكسىچە بولغاندا سۈننەتنىڭ يېتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بildۈرىدىغان ھەرقانداق بىر بۇيرۇقى (ۋەسىيتى) بولغانمۇ؟ ياق. ئەكسىچە ساھابىلەرنى بۇنىڭدىن چەكلىگەن بۇيرۇقى بولغان. ھەتتا، نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقىنى بildۈرگەن ـ كىتابۇللاھنىڭ يېنىغا باشقا بىر كىتابنىڭ قويۇلماسلىقى، دىنىنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا ئوخشاش ـ توغرا بولغان سەۋەبلەرنى تىلغا ئالغان. بۇ سەۋەبلەر ئۆتكۈنچى ئەمەس، ھەر ۋاقىت قىممىتىنى يوقاتمايدىغان ھەقىقەت ئىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى كېيىن نەزەردىن ساقىت قىلىنغان ۋە ھەدىسلەر ـ ياخشى نىيەت بىلەن سۈننەت يوقاپ كەتمىسۇن دەپ ـ يېزىپ رەتلەنگەنىدى. نەبىمىزنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ

نېمە دېگەن توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرمەيۋاتامدۇق؟ نەتىجىسى نۇقتىسىدىن قارىغان ۋاقىتىمىزدا، نەبى ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى يازدۇرمىغان، يېزىشنى مەنئى قىلغان ۋە دەسلەپكى خەلىپىلەرمۇ ئۇنىڭ بۇ بۇيرۇقىنى ـ تەبىئىي ھالدا ـ داۋاملاشتۇرغان. بۇ ھەقتىكى بارلىق رىۋايەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مۇلاھىزە قىلىنغان، بولۇپمۇ دەسلەپكى خەلىپىلەرنىڭ ھەدىسلەر ھەققىدىكى پوزىتسىيەسى نەزەردە تۇتۇلغاندا، بۇنىڭدىن باشقا ـ مەنتىقلىق ـ ئىزاھات بەرگىلى بولمايدۇ.

بۇ ھەقتە بەزىلەر تەرىپىدىن «*ھەدىسلەرنىڭ نەبى (س ئە ۋ) زامانىدا يېزىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ دەۋردە ئەرەبلەر ئارىسىدا ئەستە تۇتۇش ۋە ئاغزاكى يەتكۈزۈش ئەنئەنىسى يېزىقتىنمۇ كۈچلۈك ئىدى...*» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغانلىقى كۆرۈلمەكتە[1]. بۇ ئىزاھات پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى:

ئىسلام دىنى يېزىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن ۋە مۇھىم ئۇچۇرلارنى يېزىشقا بۇيرۇغان بىر دىندۇر. ئاللاھ تائالا ۋەھىينىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرىدە «قەلەم بىلەن يېزىشنى» ئىما قىلغان[2] ۋە يەنە ۋەھىينىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرىدە قەلەمگە ۋە ئۇنىڭ بىلەن يېزىلغانلارغا قەسەم قىلغاندى[3]. قۇرئانمۇ قەغەزگە ۋە يازما تېكىستلەرنى ئىما قىلىپ ئۆتكەن[4]. قۇرئاننىڭ ئەڭ ئۇزۇن ئايىتىدە (بىر بەتكە لىق كەلگەن) قەرەللىك قەرز ئېلىشتا «*ئىككى گۇۋاھچى بىلەن بىرلىكتە قەرزنىڭ مىقدارىنى ۋە قايتۇرۇش مۇددىتىنى يېزىڭلار، ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ئېغىر ئالماستىن يېزىڭلار*»[5] دەپ بۇيرۇغان. مۇشۇنداق بىر مەسىلىدىمۇ بارلىق تەپسىلاتلىرىنى يېزىڭلار دېگەن (بۇلارنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار دېمىگەن) بىر دىنىنىڭ، ئۆزىنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرىنى (سۈننەتكە ۋەكىللىك قىلىشى سەۋەبىدىن ھەدىسلەرنى) يازدۇرماسلىقىنى ئويلاش مۇمكىن ئەمەس. سۈننەتنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى ۋە ئۈممەتكە يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن ھەدىسلەرنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن بىر ۋەزىپە بولسا ئىدى، ھەدىسلەرنىڭ نەبى تەرىپىدىن يازدۇرۇلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا ھەدىسلەر نەبىنىڭ تەلىماتى بىلەن يازدۇرۇلغان بولاتتى. نەبى بۇ ئىشنى باشقىلارغا (ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغانلارغا) ھاۋالە قىلمايتتى. نەبىنىڭ بۇنداق قىلمىغانلىقى، ھەتتا بۇنداق قىلىشنى مەنئى قىلىشى نەزەردە تۇتۇلغاندا، سۈننەتنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن ھەدىسلەرگە يۈكلەنگەن

(1) ئابدۇللاھ ئايدىنلى (Abdullah Aydınlı)، «ئىسلامنى چۈشىنىشتە سۈننەتنىڭ ئورنى ۋە قىممىتى»، 149 ـ بەت

(2) ئەلەق سۈرىسى، 4 ـ ئايەت

(3) قەلەم سۈرىسى، 1 ـ ئايەت

(4) ئەنئام سۈرىسى، 7؛ ئابەسە سۈرىسى، 13 ـ ئايەت

(5) بەقەرە سۈرىسى، 282 ـ ئايەت

ھېچقانداق بىر ۋەزىپە يوق. بۇنداق ئەھۋالدا ھەدىسلەرنىڭ سۈننەتكە ۋەكىللىك قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئاننىڭ يىغىلىشى (تەرتىپى)[1] ۋە مۇھاپىزەت قىلىنىشى[2] بىزگە ئائىت» دېمەكتە. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھقا يۈكلەنگەن بىر ۋەزىپە يوق. ئەمما بۇنىڭغا قارىماستىن رەسۇلۇللاھ قۇرئاننىڭ يېزىلىشى، تىزىلىشى ۋە ئۈممەتكە يېتىپ بېرىشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ھەتتا ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنىڭ يېزىلىشىنى، قۇرئانغا ئارىلىشىپ كەتمىسۇن دەپ مەنئى قىلغان. بۇ ئارقىلىق قۇرئاندىن باشقا بىر يازما ماتېرىيالنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. يەنى، «قۇرئاننى نېمىلا بولمىسۇن ئاللاھ قوغدايدۇ، ئۇنى قوغداش مېنىڭ ۋەزىپەم ئەمەس، مېنىڭ ۋەزىپەم پەقەت تەبلىغ قىلىش» دېمىگەن ۋە قۇرئاننىڭ يېزىلىشى، مۇھاپىزەت قىلىنىشى ئۈچۈن پائال تىرىشقان. لېكىن ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشى ئۈچۈن ھېچقانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەن، ئەكسىچە يېزىشنى مەنئى قىلغان.

بەزىلەر ھەدىسلەرنىڭ نەبى تەرىپىدىن يازدۇرۇلماسلىقىنىڭ، ھەدىسلەرنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرمىگەنلىكىنى، چۈنكى بۇنىڭ دەۋرنىڭ شارائىتى سەۋەبىدىن زۆرۈر بولمىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:

*«يېزىقنىڭ ئۇ دەۋردىكى خەلق ئىچىدە ئىشەنچلىك بولۇش دەرىجىسى ئەستە ساقلاشتىن تۆۋەن ئىدى. ئۇ دەۋردىكى يازما ماتېرىياللاردا مەيلى چېكىت - پەش بولسۇن، ياكى ھەرپلەرنىڭ ئاستى ئۈستىگە قويۇلغان ئىشارەتلەر بولسۇن، مەيلى يازما ماتېرىيال بىر ياكى بىر قانچە نۇسخىدا بولسۇن ئوخشىلا خاتالىقلارغا سەۋەب بولاتتى ياكى ئۆزگەرتىۋېتىش ئاسان ئىدى. بۇ، ئۇ دەۋردە يېزىققا بولغان ئىشەنچنى ئەستا تۇتۇشقا قارىغاندا خېلىلا ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنىدى»*[3].

بۇ قاراش، «ئەجىبا، قۇرئاندىمۇ بەزى يازما خاتالىق بارمىدۇ؟» دېگەن سوئالنى كىشىنىڭ ئەقلىگە سالىدىغانلىقى ئۈچۈن قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى قۇرئان «يېزىقنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن» بۇ دەۋردە قول يازما ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن. يېزىقتىن زىيادە ئەستە تۇتۇشنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى قارىشى ئارقىلىق، ھەدىسلەرنىڭ يازدۇرۇلمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بۇ بايانلار، پەقەتلا ھەدىسلەرنىڭ يازدۇرۇلمىغانلىقىنى تەستىقلايدۇ، خالاس. بۇ ھەقىقەت يۇقىرىدىكى

---

(1) قىيامەت سۈرىسى، 19 ـ 16 ـ ئايەتلەر

(2) ھىجر سۈرىسى، 9 ـ ئايەت

(3) ئابدۇللاھ ئايدىنلى، «ئىسلامنى چۈشىنىشتە سۈننەتنىڭ ئورنى ۋە قىممىتى»، 150 ـ بەت

بايانلارنى سەرپ قىلغان كىشىلەر تەرىپىدىنمۇ ئېتىراپ قىلىنماقتا[1]. چۈنكى بۇ ئەھۋال (ھەدىسلەرنىڭ يازدۇرۇلمىغانلىقى) ھەققەتتۇر. قەرەرلىك قەزر ئېلىشىنىمۇ يېزىشقا بۇيرۇغان قۇرئان نازىل بولغان دەۋردە يېزىقچىلىقنىڭ گۈللەنمىگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرا ئەمەس. بۇ قاراش، ئەمەلىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر مەسىلە (قەرز ئېلىش) ئۈچۈن، «قۇرئان قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئىشقا بۇيرۇۋاتىدۇ» مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىدە شەك يوق.

تارىخىي مەلۇماتلار ۋە ھۆججەتلەرمۇ بۇ قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن قۇرئاندىن باشقا يازدۇرۇلغان بەزى يازما ھۆججەتلەرنىڭ بارلىقى ۋە بۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىكى ئېنىق. مەسىلەن: رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسلامغا دەۋەت مەقسىتى بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىغا ئەۋەتكەن دىپلوماتىك مەكتۇپلار[2]، مەككە دەۋرىدىن تارتىپ بارلىق ئىتتىپاق ۋە سۈلھى كېلىشىملىرى، يازغان مەكتۇپلىرى، كەلگەن مەكتۇپلارغا بەرگەن جاۋابلار، بەيئەت ۋە ئامانەت ھۆججەتلىرى، نوپۇس ئىستاتىستىك ھۆججەتلىرى، ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتناشقان خالىس مۇجاھىدلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان تىزىملىك، مەدىنە دۆلىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى، دۆلەت باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك يۈزلەرچە ئەمىر، تەلىمات ۋە ۋالىيلارغا ئەۋەتىلگەن پەرمانلار[3]. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئازاد قىلىنغان قۇللار ۋە قۇللارنى ئېلىپ - سېتىش كېلىشىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرمۇ بار[4].

مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ رەسۇلۇللاھنىڭ ھىجرەتتىن كېيىنلا مەدىنىدىكى غەيرى مۇسلىم قەبىلىلەر بىلەن تۈزگەن «مەدىنە ۋەسىقىسى»[5] دەپ بىلىنگەن كېلىشىمنىڭ، دۇنيانىڭ تۇنجى يازما ئاساسىي قانۇنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ۋە «دۇنيادا تۇنجى يازما ئاساسىي قانۇن» ناملىق كىتابىدا بۇ ۋەسىقە نەشر قىلىنغان[6].

ھەمىدۇللاھ رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا بار بولغان ۋە ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن

(1) ئابدۇللاھ ئايدىنلى، «ئىسلامنى چۈشىنىشتە سۈننەتنىڭ ئورنى ۋە قىممىتى»، 149 - بەت

(2) مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، «ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ ئالتە ئەسلى دىپلوماتىك مەكتۇبى»، 83 - 187 - بەتلەر

(3) مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، «ئەل - ۋەسائىقۇس - سىياسە»، 45 - 396 - بەتلەر

(4) مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 2 - جىلد، 711 - بەت

(5) مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، «ئەل - ۋەسائىقۇس - سىياسە»، 63 - 73 - بەتلەر

(6) مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، «ئىسلام ئاساسىي قانۇنى (The first Written Constitution in the World)»، 17، 26 - بەتلەر؛ مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، «ئىسلامنىڭ قانۇن ئىلمىگە قوشقان تۆھپىلىرى»، 28 - 35 - بەتلەر

مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىن يىغقان تىبابەت، مال دوختۇرلۇق، ناۋايلىق، تىككۈچىلىك، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، زەرگەرلىك، بوياقچىلىق، نەقىشچىلىك، پادىچىلىق... قاتارلىق كەسىپلەر ئورۇن ئالغان تىزىملىكنىڭ ئالدىنقى بەش ماددىسى مۇنداق: 1) ساۋاتنى چىقىرىش ئوقۇتقۇچىلىقى؛ 2) قۇرئان ئوقۇتقۇچىلىقى؛ 3) قۇرئان ئايەتلىرىنى كۆپەيتىپ يېزىش؛ 4) تەرجىمانلىق؛ 5) ساۋاتنى يوقلارغا قانۇنلۇق ھۆججەت يېزىپ بېرىش، كاتىپلىق[1].

بۇلارنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھ زامانىدا يېزىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەتتا، ئەرەب يېزىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا رەسۇلۇللاھ ئۆزى بىر قوللۇق تەرغىب قىلىش بىلەن ھەسسە قوشقان. مەسىلەن: ئەرەبچىدىكى بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى ھەرپلەرنىڭ نۇقتىلىرىنىڭ قويۇلۇشىنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە بارلىقى ئېيتىلغاندەك، بۇ نۇقتىلارنىڭ رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە قويۇلغانلىقىنى ئېيتقانلارمۇ بار. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەھىي كاتىپلىرىدىن مۇئاۋىيەگە ھەرپلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان زىر ـ زىۋەرلەرنى قويۇشنى تەۋسىيە قىلغانلىقى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەرەب يېزىقىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۆھپە قوشقانلىقى بىلىنمەكتە. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەقتىكى پوزىتسىيەسى ئىزچىل ھالدا يېزىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش تەرەپتە ئىدى. ئۇ ئىلىمنىڭ يېزىق بىلەن خاتىرىلىنىشىگە بۇيرۇغان ۋە ئۈسمۈرلەرنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشنىڭ دادىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ساۋات چىقىرىشنى ساھابىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشقان. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ دەۋرىدە ساۋاتى بارلارنىڭ سانى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئەرەبلەر ئارىسىدا كىتابى نەسىل كۆپەيگەن. بەدىر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن مۇشرىك ئەسكەرلەر، ئۇن بالىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ قويۇش شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلگەن. يېزىق ئىشلىرىدا تاش، ياغاچ تاختىلار، سۆڭەكلەر، رەخت، تېرە، ئىشلەنگەن نېپىز تېرە ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن ئىشلەنگەن قەغەزلەر ئىشلىتىلگەن. بۇ ئارقىلىق قۇرئاندىن باشقا يەنە يېزىلىشى كېرەك بولغان بارلىق مەلۇماتلار يېزىپ قالدۇرۇلغان[2].

بۇلار يېزىقچىلىقنىڭ رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە (قۇرئان نازىل بولغان مەزگىلدە) راۋاجلانغانلىقىنى ۋە قۇرئاندىن باشقا يېزىلىشقا تېگىشلىك مەلۇماتلارنىڭ يېزىلغانلىقىنى، بۇلارنى يېزىپ قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ساۋاتلىق كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

---

(1) مۇھەممەد ھەمدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 2 ـ جىلد، 992 ـ 991 ـ بەتلەر

(2) سارىچام، «ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە ئۇنىۋېرسال تەلىماتى»، 331 ـ 330 ـ بەتلەر

بۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە خاتالىق ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش ئەندىشىسى سەۋەبىدىن ھەدىسلەرنى يېزىشتىن يىراق تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر خاتا ۋە بۇزغۇنچىلىق مەيدانغا كېلىدۇ دەيدىغان ئەندىشە بولغان بولسا، قۇرئاننى يېزىشتىن ئۆزىنى چەتكە تارتىش كېرەك ئىدى. لېكىن بۇنداق ئەندىشە بولمىغان ۋە قۇرئان بىلەن بىرگە باشقا ھۆججەتلەرمۇ يېزىپ قالدۇرۇلغان. بۇلارنىڭ ھېچبىرى قۇرئان بىلەن ئارىلىشىپ كەتمىگەن.

رەسۇلۇللاھ ئۆزىگە ئائىت مۇھىم مەلۇماتلارنى ئۆزى يازدۇرۇش بىلەن بىرگە، قۇرئاننىمۇ ئۆزى بېشىدا تۇرۇپ يازدۇرغان. ھالبۇكى، قۇرئاننىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى ئۈچۈن يېزىشنىڭ ھاجىتى بولماسلىقىمۇ مۇمكىن ئىدى. قۇرئان يادقا ئېلىنغان ھالدا ئۈممەتكە يېتىپ بارالايتتى. ھېچقانداق بىر ئايەت يېزىلمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ مۆجىزىۋى ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن مۇھاپىزەت قىلىنغىلىمۇ بولاتتى. شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھ: «قۇرئان قارىلار ئارقىلىق مۇھاپىزەت قىلىندى، ئۇ ھاپىزلار سايىسىدە ۋە ئاللاھنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئۈممەتكە يېتىپ باردۇ، يېزىقنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش ئوڭاي...» دېمىگەن ۋە ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ ۋەھيي كاتىپلىرىغا قۇرئاننىڭ بارلىق ئايەتلىرىنى يازدۇرغان. يازدۇرغان بۇ ئايەتلەرنىڭ تىزىلىشىمۇ ئۇنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن (ئۇممىي بولۇشىنىڭ يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان بولماسلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ساۋاتىنىڭ بارلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەنىدۇق).

رەسۇلۇللاھ ئالغان ۋەھيىنى دەرھال ئەرلەردىن تەشكىل قىلىنغان بىر جامائەتكە، ئاندىن ئاياللاردىن تەشكىل تاپقان باشقا بىر جامائەتكە تەبلىغ قىلاتتى ۋە ئارقىسىدىنلا ۋەھيي كاتىپلىرىغا بۇلارنى ئۆزى بېشىدا تۇرۇپ يازدۇراتتى. زەيد بىن سابىتقا ئوخشاش ۋەھيي كاتىپلىرىغا يازدۇرغان بۇ ئايەتلەرنى يېزىلغاندىن كېيىن ئوقۇتاتتى ۋە ھەرقانداق بىر خاتالىق بولسا دەرھال تۈزىتەتتى. يېزىلغان بۇ يېڭى ئايەتلەرنى ئىلگىرىكى ۋەھيىلەرنىڭ قايسى ئورنىغا ۋە قەيەرگە تىزىدىغانلىقىنى ئۆزى دەپ بېرەتتى. ئاندىن بۇ ئايەتلەرنى كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرىشكە رۇخسەت قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ھەر رامىزان ئېيىدە ئۇ كۈنگىچە چۈشكەن بارلىق ئايەتلەرنى جاراڭلىق ئاۋازدا تىلاۋەت قىلاتتى، ساھابىلەرمۇ يېنىدا ئېلىپ كەلگەن ئايەت نۇسخىلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ تىلاۋەتكە قوشۇلاتتى. ئەگەر ئۆزى يېزىۋالغان نۇسخىلىرىدا چۈشۈپ قالغان ئايەتلەر بولسا تولۇقلايتتى. ئايەتلەرنىڭ تىزىلىشىمۇ بۇ تىلاۋەتكە ئاساسەن تەرتىپلەنگەنىدى. رەسۇلۇللاھ ھەر رامىزان ئېيىدا قىلغان بۇ قۇرئان تىلاۋىتىگە جىبرىئىلمۇ ھەمراھ بولاتتى، ئاخىرقى رامىزاندا بۇ تىلاۋەتنىڭ

ئىككى قېتىم ئىلىپ بېرىلغانلىقى مەلۇم بولماقتا[1].

يەنى، قۇرئان تۆۋەندىكى شەكىلدە مۇھاپىزەت قىلىنغان:

نازىل بولغان ھەر ئايەت ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ نازارەتچىلىكى ئاستىدا ۋەھيي كاتىپلىرىغا يازدۇرۇلغان.

يېزىلغان بۇ ئايەتلەر كاتىپلار تەرىپىدىن جاراڭلىق ھالدا ئوقۇلغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ كۆزىدىن كەچۈرۈشى ۋە تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن.

بۇ باسقۇچتىن كېيىن يادقا ئېلىنغان.

قۇرئان، ھەر رامىزان ئېيىدا جاراڭلىق ئاۋازدا تىلاۋەت قىلىنغان ۋە ساھابىلەر بۇ تىلاۋەتكە ئىشتىراك قىلغان[2].

مانا بۇ شەكىلدە قۇرئان رەسۇلۇللاھنىڭ نازارەتچىلىكى ئاستىدا يېزىلغان ۋە رەتلەنگەن[3]. ۋەھيي كاتىپلىرىدىكى نۇسخىلار ساھابىلەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ كۆپەيتىلگەن ۋە كۆپ ساندىكى ساھابە بۇلارنى يادقا ئالغان. بۇ سەۋەبتىن ساھابىلارنىڭ قولىدا چۇۋالچاق ھالەتتە بولسىمۇ، كۆپ ساندا قۇرئان نۇسخىسى ۋە بۇلارنى يادقا ئالغان قارىلار مەيدانغا كەلگەن. يەنى، رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا پۈتۈنلەي يېزىپ خاتىرىلەنگەن بىر قۇرئان ۋە قۇرئاننى پۈتۈنلەي يادقا ئالغان ئونلارچە ساھابە بار ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ساھابىلەرنىڭ قولىدا چۇۋالچاق ھالەتتە تۇرغان ئايەتلەرنى يىغىش ئۈچۈن زەيد بىن سابىت رەئىسلىكىدە بىر ھەيئەت تەشكىللىگەن. زەيدكە، قۇرئانغا كىرگۈزۈلىدىغان ھەر بىر ئايەت ئۈچۈن ئەڭ ئاز ئىككى قول يازما ئىسپاتنى كەلتۈرۈشنى شەرت قىلدى ۋە بارلىق ئايەتلەرنىڭ ئەڭ ئاز ئىككى قول يازما دەلىل بىلەن ئىسپاتلىنىشنى، يادقا ئېلىنغان نۇسخىنى قەتئىي ئېتىبارغا ئالماسلىقنى بۇيرۇدى. ئىككى ئايەتتىن باشقا ئايەتلەر ئۈچۈن بۇ شەرت ئادا قىلىندى. پەقەت بىرلا يازما نۇسخىسى بولغان بۇ ئىككى ئايەتنى كۆپ ساندىكى ساھابىلەرنىڭ يادقا ئالغان شەكلى بىلەن تەستىقتىن ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئايەتلەر بىر كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلدى ۋە قولىمىزدىكى بۈگۈنكى مۇسھەف (كىتاب) ھاسىل بولدى. ھەزرىتى ئوسمان زامانىدا بۇ مۇسھەف 7 نۇسخا قىلىپ كۆپەيتىلدى ۋە ئالتىسى مەدىنە سىرتىدىكى ئالتە چوڭ ئىسلام مەركىزىگە ئەۋەتىلدى. يەنى، قۇرئان

(1) جانان، «كۈتۈبى سىتتە»، 1767

(2) مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 2-جىلد، 699-697-بەتلەر

(3) شىبلى، «ئەسرى سائادەت»، 4-جىلد، 98-79-بەتلەر

ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ نازارىتى ئاستىدا يېزىپ خاتىرىلەنگەنىدى ۋە رەتلەنگەنىدى. يېزىپ خاتىرىلەنگەن بۇ ئايەتلەر ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى زامانىدا بىر كىتاب (مۇسھەف) ھالىغا كەلتۈرۈلگەن، ھەزرىتى ئوسمان زامانىدا بۇ مۇسھەفلار كۆپەيتىلىپ تارقىتىلغان[1].

قۇرئاننىڭ بەزى نۇسخىلىرىغا كاربون تەتبىقلاش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەردە، بۇ نۇسخىلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىگە ئائىت ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. بۇ ئارقىلىق قۇرئاننىڭ نازىل بولار - بولماس يېزىلغانلىقى ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن ئىسپاتلاندى[2].

ئەسلى تېمىغا قايتىپ كەلسەك، ھەدىسلەرنى يېزىش مەسىلىسىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

قۇرئان يازما ئىسپاتقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئەڭ ئۇزۇن ئايىتى ئارقىلىق (دەل بىر بەت كېلىدىغان) قەررەلىك قەرز ئېلىشتىكى تەپسىلاتلارنى يېزىڭلار دەپ بۇيرۇغان. لېكىن ھەدىسلەرنى يېزىش ئۈچۈن ھېچقانداق بىر بۇيرۇق ياكى تەۋسىيەدە بولمىغان.

بۇ سەۋەبتىن نەبى ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنىڭ يېزىلىشنى مەنئى قىلغان.

بۇ بۇيرۇقنىڭ كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولسىمۇ، ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشى مەسىلىسىدە نەبىنىڭ پائال تەشەببۇسى بولمىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزىدىن كېيىنكى مەزگىللەردە ھەدىسلەرنى يېزىش ھەققىدە ھېچقانداق نەبەۋى تەۋسىيە قالدۇرمىغان.

ساھابىلەر تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بەزى ھەدىسلەر، نەبىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ساھابىلەرنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن يېزىلغان.

ساھابىلەر تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بەزى ھەدىسلەرنىڭ مەۋجۇت ھەدىس توپلاملىرى ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى ناھايىتى ئاز.

دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تۆت خەلىپە ھەدىسلەرنى يېزىش ئۈچۈن ھېچقانداق تەشەببۇستا بولمىغان. ھەتتا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەر ئۆز دەۋرلىرىدە يىغىلغان بەزى ھەدىسلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

---

(1) مۇھەممەد ھەمدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 2-جىلد، 705-702-بەتلەر

https://en.wikipedia.org/wiki/Birmingham_Quran_manuscript (2)

هەدىسلەرنى يىغىش ۋە رەتلەش خىزمىتى ھىجرى 2-ئەسىرنىڭ بېشىدا (ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىز دەۋرىدە، 101-99) باشلانغان.

خۇلاسىلىسەك، نەبىنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى يازدۇرمىغانلىقى، ھەتتا بۇنداق قىلىشنى مەنئى قىلغانلىقى ھەقىقەتتۇر. نەبىنىڭ ئۆزىدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن ھەرقانداق بىر ھەدىس كىتابىنىڭ يوقلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر. بەزى ساھابىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يازغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ مەۋجۇت ھەدىس توپلاملىرىدا ئىگىلىگەن سالمىقى ناھايىتى ئاز. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەدىسلەرنىڭ سۈننەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قوشۇمچە دەلىللەردۇر. بۇنىڭغا قارىماستىن «گەرچە نەبى ئۆز سۆزلىرىنى يازدۇرمىغان ۋە بۇلارنى مۇھاپىزەت قىلمىغان بولسىمۇ، ھەدىسلەر بىز ئۈچۈن ھۆكۈم مەنبەسىدۇر. چۈنكى ھەدىسلەر بولماستىن دىننى ياشىغىلى بولمايدۇ» دېگەنلىك «رەسۇلۇللاھ رەسۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىدى» دېگەنلىك بولىدۇ. ھەتتا «ئىسلام قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى تاماملىنىشى بىلەن ئەمەس، كېيىن يېزىلغان بۇ ھەدىسلەر بىلەن تاماملاندى» دېگەنلىك بولىدۇ (نەئۇزۇ بىللاھ). دىن (ئىسلام)، قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشى ئاخىرلىششى بىلەن تاماملاندى ۋە پۈتۈنلەندى[1]. قۇرئان بىز مۇئمىنلەر ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەر مەلۇماتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان[2]. رەسۇلۇللاھمۇ ئۆزىگە بېرىلگەن تەبلىغ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغان[3]. ئۇ، ئاللاھ ۋەھيى قىلغان ئايەتلەرنى ئوقۇپ (تەبلىغ قىلىپ) كىتابنى، يەنى ھېكمەت (سۈننەت)نى ئۈممەتكە ئۆگەتكەن[4]. بۇ سەۋەبتىن بىز باشقا بىر نەرسىدىن ئەمەس، پەقەت ئۇ تەبلىغ قىلغان قۇرئاندىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىمىز بىلدۈرۈلگەن[5]. ھەمدە «رەببىڭلاردىن نازىل قىلىنغان قۇرئانغا ئەگىشىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىگە ئەگەشكۈچى بولماڭلار» دېگەن[6].

ئاللاھ تائالا بىزگە بىلدۈرمەكچى بولغان بارلىق بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنى قۇرئان ئارقىلىق بىلدۈرگەن. رەسۇلغا دېگۈزمەكچى بولغان ھەر نەرسىنى «ئېيتقىنكى...» دەپ باشلىغان ئايەتلەردە ئېيتقۇزغان[7]. قۇرئاندىكى 6236 ئايەتنىڭ ھەممىسى

---

(1) مائىدە سۈرىسى، 3-ئايەت

(2) يۇسۇف سۈرىسى، 111؛ نەھل سۈرىسى، 89-ئايەت

(3) مائىدە سۈرىسى، 57-ئايەت

(4) بەقەرە سۈرىسى، 151-ئايەت

(5) زۇخرۇف سۈرىسى، 44-ئايەت

(6) ئەئراف سۈرىسى، 3-ئايەت

(7) ئالى ئاكيۈز (Ali Akyüz)، «جانلىق قۇرئان ھەزرىتى پەيغەمبەر»، 17-16-بەتلەر

رەسۇلنىڭ بايانى ئارقىلىق (ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ) بىزگە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن نۇرغۇن ئايەتتە بۇيرۇقلار «ئى رەسۇل، ئېيتقىنكى...» ياكى «سەندىن مۇنداق سورايدۇ، ئېيتقىنكى...» ئىبارىلىرى بىلەن مەخسۇس ھالدا رەسۇلغا ئېيتقۇزغان. ئاللاھ دېمەكچى بولۇپ، لېكىن ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن (نەئۇزۇبىللاھ) قۇرئانغا كىرگۈزمىگەن بىر سۆز (كالام) يوق (بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس). ئەگەر بىر سۆز ياكى ھۆكۈم قۇرئاندا ئورۇن ئالمىغان بولسا، ئاللاھ بىزنى ئۇ سۆز (ھۆكۈم)دىن ئەپۇ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئورۇن ئالمىغان. ئاللاھ تائالا بىزنى ئۇ سۆز (ھۆكۈم)دىن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ بىزنى «بىزگە بىر كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، بىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاش توغرا يولدا بولغان بولاتتۇق»[1] دېمىسۇن (مۇشۇنداق بىر باھانىنى ئىلگىرى سۈرمىسۇن) دەپ بۇ قۇرئاننى ئەۋەتكەن. ئەگەر قۇرئان بىزگە كەلمىگەن بولسا ئىدى، بىزنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۆزرىمىز بولاتتى، لېكىن قۇرئان كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ مۇمكىن ئەمەس. ھەممىمىز بۇ قۇرئاندىن جاۋابكارلىققا تارتىلىمىز. چۈنكى ئاللاھ «بۇ قۇرئان ھەم ساڭا، ھەم ئۈممىتىڭگە ۋەز - نەسىھەتتۇر، كېلەچەكتە ھەممىڭلار ئۇنىڭدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر»[2] دېمەكتە.

## ۋىدا خۇتبىسى مىسالىدىن ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشىغا نەزەر

قۇرئاندىن باشقا يېزىلىشقا تېگىشلىك بولغان سۆز، بەلكىم نەبىنىڭ ۋىدا خۇتبىسى بولسا كېرەك. لېكىن يۈز مىڭدىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان جامائەتكە قىلىنغان بۇ خۇتبىنىڭ يازما شەكلىدە ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىگە زىت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە ۋارىيانتلىق رىۋايەت شەكلىدە يېتىپ كەلگەن. نېمە ئۈچۈن؟ يۈز مىڭدىن ئارتۇق راۋى (ساھابە) ئاڭلىغان بۇ خۇتبە نېمە سەۋەبتىن بۇنداق ئېغىز زىتلىقلارنى (رىۋايەتلەرنى) ئۆز ئىچىگە ئالغان. نېمە سەۋەبتىن بۇنداق بولىدۇ؟ دېمەك، بۇ خۇتبە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يېزىلمىغان، كېيىن قەلەمگە ئېلىنغان. لېكىن ھەر پىرقە ئۆزىنىڭ قارىشىنى بۇ خۇتبىگە كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى نەبىگە مەنسۇپ قىلغان. مەقسىتىمىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندە ۋىدا خۇتبىسىنىڭ قانداق بىر مۇھىتتا قىلىنغانلىقىنى ئىزاھلاش بىلەن بىرگە، قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

مەلۇم بولغىنىدەك، نەبى مەككىدىن مەدىنىگە مىلادى 622 - يىلى ھىجرەت

(1) ئالى ئاكيۈز (Ali Akyüz)، «جانلىق قۇرئان ھەزرىتى پەيغەمبەر»، 17 - 16 - بەتلەر

(2) زۇخرۇف سۈرىسى، 44 - ئايەت

قىلغان ۋە ۋاپات بولغىچە مەدىنىدە ياشىغان. ۋىدا ھەجگىچە مەككىگە قايتا بېرىپ باقمىغان (بارالمىغان). نەبى ھىجرەتتىن 6 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھەج قىلىش ئۈچۈن ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە مەككە چېگراسىغىچە باردى. لېكىن مۇشرىكلارنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن مەككىگە كىرەلمىدى. ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنى (6/628) قىلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل كېيىن (8/630) مەككە پەتىھ قىلىندى (رامىزان ئېيىدا). لېكىن نەبى ھەج ۋاقتىنى كۈتمەستىن (ئۆمرە قىلىپ) مەدىنىگە قايتىپ كەتتى[1].

ھىجرى 10 ـ يىلىغا كەلگەندە نەبى ھەجگە تەييارلىق قىلىش ھەققىدە تەلىمات بەردى (زۇلقائىدە/ 632 ـ يىلى يانۋار). نەبىنىڭ بۇ تەلىماتى مەككە ۋە مەدىنە ئەتراپىدا ناھايىتى چوڭ ھاياجان پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ھەج قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بارلىق مۇئمىنلەر ھاياجان ئىلىكىدە ھەجگە ئىشتىراك قىلىشقا تۇتۇش قىلدى. نەتىجىدە نەبىنىڭ ۋاپاتىدىن 3 ئاي ئىلگىرى ئەمەلگە ئاشقان بۇ ھەجگە ئەر ـ ئايال بولۇپ تەخمىنەن 140 مىڭ مۇئمىن ئىشتىراك قىلدى. نەبى، «ۋىدا خۇتبىسى»نى ئەرافات مەيدانىدا توپلانغان بۇ جامائەتكە قىلدى (زۇلھەججە 632/9 ـ يىلى 6 ـ مارت)[2].

نەبى، ئۇممەتكە ۋەسىيەت خاراكتېرىدىكى بۇ خۇتبىسىنى ھەممە كىشىگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن جەرىر ب. ئابدۇللاھ ۋە رەبىئا ب. ئۇمەييەگە ئوخشاش ئاۋازى ياڭراق چىقىدىغان كىشىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ۋە بۇ ئارقىلىق جامائەتنىڭ خۇتبىنى ئاڭلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغانىدى[3]. ئەنە شۇ كۈنى نازىل بولغان ۋە دىنىنىڭ پۈتتۈنلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايىتى[4]، ئۇنىڭ بۇ خۇتبىسىدىن ئىلگىرى نازىل بولغان بولسا كېرەك، ئۇ خۇتبىسىنىڭ دەسلەپكى سۆزلىرىدە مۇنداق دېدى: «ئى ئىنسانلار! سۆزلىرىمگە ئوبدان قۇلاق سېلىڭلار. بۇ يىلدىن كېيىن بۇ ماكاندا سىلەر بىلەن قايتا جەم بولۇپ ـ بولالمايدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن»[5].

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ۋاپاتىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىما قىلاتتى. دېگەندەك ۋىدا ھەجى بولۇپ ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇ ۋاپات بولدى. بۇ سۆزلەر يىللاردىن

---

(1) سارىچام، «ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە ئۇنىۋېرسال تەلىماتى»، 127 ـ 117؛ 213 ـ 196 ـ بەتلەر

(2) مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 1 ـ جىلد، 273 ـ بەت

(3) سارىچام، «ھەزرىتى مۇھەممەد ۋە ئۇنىۋېرسال تەلىماتى»، 388 ـ بەت (تابارى، 3 ـ جىلد، 151 ـ بەت)

(4) مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 1 ـ جىلد، 273 ـ بەت (ھەنبەل، 188 ، I, 28)

(5) مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 1 ـ جىلد، 277 ـ 273 ـ بەتلەر

بۇيان سىغىنىش ئىچىدە ئۇنى ساقلاۋاتقان مۇئمىنلەرنى قايغۇغا چۆمدۈرگەن ۋە تۇيغۇلىرىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەنىدى. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار نەبىنىڭ ئۈممەتكە ۋەسىيىتى سۆپىتىدىكى بۇ خۇتبىسىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاشقا باشلىدى[1].

نەبى مانا مۇشۇنداق ئاتموسفېرادا ۋىدا خۇتبىسىنى قىلغانىدى. ئەپسۇسكى، 140 مىڭ راۋىسى بولغان بۇ خۇتبە (ھەدىس) بىر ـ بىرىگە زىت رىۋايەتلەر ھالىتىدە يېتىپ كەلگەن[2]. بۇ نېمە ئۈچۈن ۋە نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق بولغان؟ بۇنى قانداق ئىزاھلايمىز؟ تەخمىنەن 140 مىڭ ساھابە (راۋى) ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ناھايىتى مۇھىم بولغان نەبىنىڭ بۇ سۆزى (ھەدىسى) توغرا شەكىلدە يېزىپ قالدۇرۇلمىغان بولسا، بىزنىڭ باشقا ھەدىسلەرگە بولغان پوزىتسىيەمىز قانداق بولۇشى كېرەك؟ ھەدىس توپلاملىرىغا كىرگەن ۋىدا خۇتبىسىنىڭ بىر نەچچە خىل ۋارىيانتى مەۋجۇت. ھەتتا بۇ خۇتبىگە كېيىنكى مەزگىللەردە بەزى ئىلاۋەلەر بولغانلىقى كۆرۈلمەكتە[3]. بىز بۇ تېكىستلەردىكى ئۇنلارچە زىتلىق ۋە ئوخشاشماسلىقلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، پەقەت بىر مەسىلىدىكى زىتلىقنى (نەبى ـ رەسۇلنىڭ ئۈممەتكە قالدۇرۇپ كەتكەن ئامانىتى نېمە ئىدى؟) مىسال سۈپىتىدە كۆرۈپ ئۆتەيلى. نەبىنىڭ ئۈممەتكە قالدۇرۇپ كەتكەن ئامانىتى ھەققىدە بۇ خۇتبىلەردە تىلغا ئېلىنغان ئۈچ پەرقلىق رىۋايەت مەۋجۇت. بۇلار:

بەزى رىۋايەتلەردە قۇرئان[4].

بەزى رىۋايەتلەردە قۇرئان ۋە سۈننەت[5].

بەزى رىۋايەتلەردە قۇرئان ۋە ئەھلى بەيت[6].

بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ نەبىنىڭ ئۈممەتكە ۋەسىيىتى خاراكتېرىدىكى بىر خۇتبىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىغان 140 مىڭ مۇئمىنگە (راۋىغا) قارىماستىن، بۇنداق زىتلىق قانداق بولۇپ پەيدا بولۇپ قالدى؟ بۇ ئەھۋال ھەدىسلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يا

(1) مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، «ئىسلام پەيغەمبىرى»، 1 ـ جىلد، 277 ـ 273 ـ بەتلەر

(2) مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، «ئەل ـ ۋەسائىقۇس ـ سىياسىييە»، 379 ـ 383 ـ بەتلەر

(3) مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ، «ئەل ـ ۋەسائىقۇس ـ سىياسىييە»، 390 ـ 383 ـ بەتلەر

(4) بۇخارى، كىتابۇل ـ ۋەسايە، 3 (2583)؛ مۇسلىم، 19/15 (1218)؛ ئەبۇ داۋۇد، ئىلىم 10 (1905)؛ ئىبن ماجە، مەناسىك 76 (3074)

(5) مۇۋەتتا 3/46 (1395)؛ ھاكىم، مۇستەدرەك، 1 ـ جىلد، 93 ـ بەت؛ ئىبنى ھىشام، «ئەس ـ سىراتۇن ـ نەبەۋىيە»، 2 ـ جىلد، 604 ـ بەت

(6) مۇسلىم، كىتابۇ فەزائىل، ئالى ب. ئەبى تالىب، 7 ـ جىلد، 122 ـ بەت؛ تىرمىزى، ئىلىم، 7؛ ئىبنى ھەنبەل، مۇسنەد، 3 ـ جىلد، 17 ـ بەت؛ مۇستەدرەكى ھاكىم، 3 ـ جىلد، 109 ـ بەت

«ھەدىس ئۇسۇللىرى» ئىلگىرى سۈرۈلگەنىنىڭ ئەكسىچە ھەدىستىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئاجىز، ياكى بىلىپ تۇرۇپ ئىلىپ بېرىلغان ئۆزگەرتىشلەر مەۋجۇتتۇر. بۇ مەسىلىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئىزاھاتى يوق.

بۇ مەسىلىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن تارىخى ئىسپاتلار ۋە ۋىدا خۇتبىسىنىڭ ئىچىدىكى مەلۇماتلار ئاساسىدا قايتىدىن كۆرۈپ چىقىدىغان بولساق[1]:

نەبى بۇ خۇتبىنى ۋاپاتىدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى قىلغان. يەنى، ئەگەر نەبى ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى يېزىشنى توسۇپ، كېيىن بۇنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ، بۇ مەزگىلدە ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشى مەنئى قىلىنمىغان، دېمەكتۇر.

بۇ خۇتبىنى نەبى بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلغان تەخمىنەن 140 مىڭ مۇئمىن ئاڭلىغان. يەنى، راۋىلەرنىڭ ھەممىسى مۇئمىن ئىدى. بۇ ئون مىڭلىغان ئىشەنچلىك (سىقە) راۋى بار دېگەنلىكتۇر.

نەبى خۇتبىسىنىڭ بېشىدا پات يېقىندا ۋاپات بولىدىغانلىقىنى ئىما قىلغانلىقتىن، ئۈممەتكە ۋەسىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدىغان بۇ سۆزلەرنى مۇئمىنلەر پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلىغان.

نەبى خۇتبىسىدە پات ـ پات «بۇ سۆزلىرىمنى بۇ يەردىكىلەر، بۇ يەردە بولمىغانلارغا يەتكۈزسۇن» دەپ جېكىلىگەن. يەنى، ئەگەر رىۋايەتلەر توغرا بولسا، بۇ مەزكۇر خۇتبىدىكى سۆزلەرنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشىنى تەلەپ قىلغان، دېگەنلىكتۇر.

نەبى بۇ خۇتبىسىدە پات ـ پات «تەبلىغ قىلدىممۇ؟ تەبلىغ قىلدىممۇ؟» دېيىش ئارقىلىق قىلغان تەبلىغىگە مۇئمىنلەرنى شاھىت قىلغان.

نەبى بۇ خۇتبىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ۋاپاتى خۇتبىنى ئاڭلىغان بارلىق مۇئمىنلەر ئۈچۈن مەزكۇر خۇتبىنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. ئەگەر نەبىنىڭ سۆزلىرى (ھەدىسلىرى) ساھابە تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان بولسا ئىدى، نەبىنىڭ يېزىلىشقا تېگىشلىك بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم سۆزلىرى بولمىسا كېرەك. قۇرئاندىن قالسا يېزىلىشقا تېگىشلىك باشقا بىر تېكىست بار دېيىلسە، بەلكىم ئۇ مانا بۇ خۇتبە بولاتتى.

لېكىن بۇلارغا قارىماستىن، بۇ خۇتبە تېكىستى ناھايىتى چوڭ زىتلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ يا نەبىنىڭ قۇرئاندىن باشقا ھېچقانداق سۆزىنىڭ

---

(1) مۇھەممەد ھەمدۇللاھ، «ئەل ـ ۋەسائىقۇس ـ سىياسىييە»، 382 ـ 379 ـ بەتلەر

يېزىلمىغانلىقىنى، ياكى يېزىلغان بولسا بۇ سۆزلەرگە كېيىنكى مەزگىللەردە تۈرلۈك ئىلاۋىلەرنىڭ قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا 140 مىڭ ساھابە (راۋى) ئۆز قۇلىقى بىلەن نەبىدىن ئاڭلىغان بۇ سۆزلەردىكى زىتلىقلار قانداق ئىزاھلىنىدۇ؟

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئېيتىپ ئۆتمەكچى بولغان يەنە بىر مەسىلە، نەبىنىڭ مەدىنىدىكى دەۋرىدە قىلغان جۇمە خۇتبىلىرىدۇر. مەلۇم بولغانىدەك نەبى ھىجرى 622-يىلى مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋە ۋاپات بولغىچە (تەخمىنەن 10 يىل) مەدىنىدە ياشىغان. بۇ، نەبىنىڭ مەدىنىدە قىلغان ئەڭ ئاز 500 ئەتراپىدا جۇمە خۇتبىسى بار دېگەنلىكتۇر (سەپەرگە چىققان ھەپتىلەرنى نەزەرگە ئالمىغان ۋە ھەر يىل تەخمىنەن 50 خۇتبە ئوقۇغانلىقى پەرەز قىلىنغاندا، 10x50=500 خۇتبە بولىدۇ). بۇ خۇتبىلەرنى يۈزلەرچە ساھابىنىڭ ئاڭلىغانلىقىدا شەك يوق. ئەمما بىز بۇ خۇتبىلەرنى ھەدىس توپلاملىرىدا كۆرەلمەيمىز. نېمە ئۈچۈن؟

بۇنىڭ ئىككى خىل سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. رەسۇلۇللاھ بۇ خۇتبىلەردە يا ئايەتلەردىن باشقا نەرسە ئوقۇمىغان (بىزنىڭچە مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك). ئۇ خۇتبە ئوقۇغان، لېكىن يېزىلىشنى خالىمىغان. قايسىنى تاللىشىمىزدىن قەتئىينەزەر بۇلار رېئاللىقتۇر. يۈزلەرچە ساھابە ئاڭلىغان بۇ خۇتبىلەر مۇستەقىل ھالدا بىزگە يېتىپ كېلەلمىدى. چۈنكى يېزىلمىغانىدى. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئەھۋال. ئەگەر بۇ خۇتبىلەردە ئايەتلەردىن باشقا سۆزلىرى (خىتابلىرى) بولغان بولسا ئىدى، نەبى - رەسۇلنىڭ يېزىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ھەدىسلىرى مانا بۇ سۆزلىرى (خۇتبىلىرى) بولماسمىدى؟ لېكىن ئۇنداق بولمىدى. چۈنكى خۇتبىلەر ئايەتلەردىن تەركىب تاپقانىدى. بۇ سەۋەبتىن بەش ۋاقىت نامازلاردا مەسچىتكە كېلەلمىگەن (يىراقتىن كېلىدىغانلار) ساھابە «رەسۇلۇللاھ بۇ ھەپتە خۇتبىدە قايسى ئايەتلەرنى ئوقۇيدۇ؟ ئەجەبا بۇ ھەپتە نازىل بولغان يېڭى ئايەت بارمۇ؟» دەپ جۇمە كۈنلىرىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى. چۈنكى -ئەگەر بولسا- ئۇ ھەپتىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنى تۇنجى قېتىم ئاڭلايتتى. رەسۇلۇللاھمۇ ھەپتە ئىچىدە مەسچىتكە كېلەلمىگەن يۈزلەرچە - مىڭلارچە ساھابىگە ئايەتلەرنى بۇ خۇتبىلەردە تەبلىغ قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ئايەتلەرنى تەبلىغ قىلىشتا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى (مۇۋاپىق) پۇرسەت بولامدۇ؟ يېڭى نازىل بولغان ئايەتلەرنى مەدىنە ئەتراپىدا ياشايدىغان مۇئمىنلەرگە بۇنىڭدىن باشقا قايسى ئۇسۇلدا يەتكۈزەتتى؟ ئۇلار ھەر كۈنى نەبى - رەسۇل بىلەن كۆرۈشەلمەيتتى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۇمە خۇتبىلىرى تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى. مۇئمىنلەر تېخى بارلىق ئايەتلەرنى ئاڭلىمىغان (ئۇلارغا بارلىق ئايەتلەر تېخى تەبلىغ قىلىنمىغان) بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ خۇتبىدە بۇ ئايەتلەرنى تەبلىغ

قىلماستىن، قۇرئان سىرتىدىكى سۆزلەرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ ھەرگىزمۇ «نەبى ـ رەسۇل خۇتبىلىرىدە قۇرئاندىن باشقا ھېچقانداق سۆز قىلمىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئېھتىياجغا قاراپ قۇرئان سىرتىدىكى سۆزلىرىمۇ بولغان. بۇنىڭ تەتۈرىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ خۇتبىلىرى ئاساسەن قۇرئاندىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى قۇرئاننىڭ دەۋەت ۋەزىپىسى بۇنى تەقەززا قىلاتتى[1].

بۈگۈن بارلىق قۇرئان ئايەتلىرى بىر مۇسھەپ ئىچىگە جەملەنگەن ھالدا قولىمىزدا تۇرماقتا. لېكىن ئۇ دەۋردە بۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، ئايەتلەرنىڭ چۈشۈشى داۋاملىشىۋاتقانىدى. بۇ ۋەزىيەت ساھابىلەرگە باشقىچە ھاياجان بەخش ئېتەتتى. يېڭى ئايەت نازىل بولغانمىدۇ؟ نازىل بولغان بولسا نېمە ھەققىدە چۈشكەن ۋە نېمىگە بۇيرۇغانىدى؟ ھازىرغىچە نازىل بولغان ئايەتلەر ئوقۇپ بېرىلگەن ۋە يادقا ئېلىنغانمىدى؟ ئۆتكەن ھەپتە، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھەپتە، ئۆتكەن ئاي چۈشكەن ئايەتلەر ھەممىگە يەتكۈزۈلگەن، تەبلىغ قىلىنغانمىدى؟ يەنى، نەبى ـ رەسۇلنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ كۈنتەرتىپىدە دائىم ئايەتلەر بار ئىدى. ئايەتلەرنىڭ چۈشۈشى داۋاملىشىۋاتقان ۋە قۇرئان مەزكۇر رايوندا ھاكىم ئورۇنغا ئۆتمىگەن بولۇپ، ئۇلار (ئايەتلەرنى تاشلاپ) باشقا نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولغۇدەك ھالدا ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى چۈشكەن ئايەتلەرنى ئوقۇش، يادقا ئېلىش، ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ۋە قۇرئاننى ھاياتىغا تەتبىقلاش ئىدى. رەسۇل ـ نەبى 23 يىللىق دەۋەت ھاياتى بويىچە نېمە ئىش قىلغان بولسا، ھەممىسىنى بۇنىڭ ئۈچۈن قىلدى. ئۇ يۇرتىدىن قۇرئان ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولمىدىمۇ؟ شۇنچە كۆپ ئۇرۇشلارنى پەقەت قۇرئاننى تەبلىغ قىلىش ۋە ياشاش ئۈچۈن ئېلىپ بارمىدىمۇ؟ دېمىسىمۇ ئەڭ چوڭ جىھاد قۇرئان بىلەن ئېلىپ بېرىلغان جىھاد ئەمەسمىدى؟

فَلَا تُطِعِ الْكَافِرِينَ وَجَاهِدْهُمْ بِهِ جِهَاداً كَبِيراً

«كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن ۋە ئۇلارغا قارشى بۇ (قۇرئان) بىلەن چوڭ جىھادنى قىلغىن» (فۇرقان سۈرىسى، 52ـ ئايەت).

## ساھابىلەر ۋە سەلەفنىڭ يولى قايسى ئىدى؟

ھەدىسلەر ھەققىدە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەردىن بىرسى ساھابىلەرنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ دەۋرىدىكى سەلەفلىرىمىزنىڭ «نەبىدىن كەلگەن رىۋايەتلەرگە قۇرئاندىن بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ياكى بۇ رىۋايەتلەرنى

(1) مائىدە سۈرىسى، 67ـ ئايەت

توساپ دىنىنى ياشىغانلىقى» ھەققىدىكى قاراشتۇر. لېكىن مەزكۇر دەۋر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قولىمىزدىكى قول يازمىلار بۇ قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەكتە. مەسىلەن: مەزكۇر دەۋردىن كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە ئىسلام تارىخىنىڭ تۇنجى قول يازما ئەسەرلەردىن بىرى بولغان ھەسەن بەسرىنىڭ «قەدەر رىسالىسى» ، بۇ ھەقتە ناھايىتى مۇھىم يىپ ئۇچى بەرمەكتە[1]. يەنى:

ھەسەن بەسرى، ھىجرى 12 ـ يىلىدا (رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن 11 يىل كېيىن ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە) تۇغۇلغان ۋە ھىجرى 110 ـ يىلى (مىلادى 728) ۋاپات بولغان بولۇپ، تابىئىن دەۋرى ئالىملىرىدىن ئىدى. ئۇ «مۇتتەقىلەرنىڭ ئىمامى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇ مەزكۇر قەدەر رىسالىسىنى ھىجرى 75 ـ 86 ـ يىللىرى ئارىسىدا خەلىپىلىك قىلغان ئابدۇلمەلىك بىن مەرۋاننىڭ ئۆزىگە يازغان مەكتۇبىغا جاۋابەن يازغان بولۇپ، خەلىپىنىڭ ئۇنىڭغا يازغان مەكتۇبىنىڭ (قىسقىچە) مەزمۇنى مۇنداق:

*«... مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە سەندىن تەقدىرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە شۇنداق نەرسىلەر يېتىپ كەلدىكى، بۇنىڭغا ئوخشايدىغان سۆزلەر سەلەفكە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ھېچبىرىدىن يېتىپ كەلمىگەن. مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۇچراشقان ھېچقانداق بىر ساھابىدىن بۇ ھەقتە مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە سەندىن كەلگەن تۈردىكىگە ئوخشايدىغان كالام يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ھالبۇكى، سېنىڭ ئەھۋالىڭ ۋە يۈزلىنىشىڭگە ئاساسەن سېنىڭ ياخشى كىشى ئىكەنلىكىڭنى، دىنىدا پەزىلەتلىك، ئاڭلىق، تەلەپچان ۋە ئىشتىياقلىق بىر كىشى ئىكەنلىكىڭنى بىلىدۇ.*

*قىسقىسى، مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى سەندىن كەلگەن بۇ قاراشنى رەت قىلدى (بۇ سۆزگە ئىشەنمىدى). دەرھال بۇ قارىشىڭنى ۋە بۇ ئىشتا نېمىگە تايانغانلىقىڭنى ياز! بۇ قاراشنى ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ساھابىلىرىدىن كەلگەن بىر رىۋايەتتىن ئالدىڭمۇ ياكى ئۆز رايىڭ بىلەن بۇ چۈشەنچىگە كەلدىڭمۇ، ياكى قۇرئان تەستىقلىغان بىر ھۆكۈمگە باردىڭمۇ؟ ... ۋەلھاسىلى كالام، مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە بۇ ھەقتىكى قارىشىڭنى ئوچۇق ۋە روشەن قىلىپ خۇلاسىلە!...»*[2].

خەلىپىنىڭ بۇ مەكتۇپىغا قارىتا ئىمام ھەسەن بەسرىنىڭ جاۋاب سۈپىتىدە يازغان ئالتە بەتلىك مەكتۇپى (قەدەر رىسالىسى) مۇنداق باشلانغان:

*«... ئاللاھ سېنى ئىسلاھ قىلسۇن ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئوچۇق ئېيتقاندا*

---

(1) مۇستافا ئىسلامئوغلۇ، «ھەسەن ئەل ـ بەسرىنىڭ قەدەر رىسالىسى ۋە شەرھىسى» ، 214 ـ 102 ـ بەتلەر

(2) مۇستافا ئىسلامئوغلۇ، «ھەسەن ئەل ـ بەسرىنىڭ قەدەر رىسالىسى ۋە شەرھىسى» ، 100 ـ 99 ـ بەتلەر

*بىز ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغان، ھېكمىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى تەتبىقلىغان سەلەفنىڭ زامانىدا ياشىدۇق. ئۇلار ھەقىقەتنى ئىنكار قىلمايتتى. ئۇلار رەببىنىڭ زاتىغا مەنسۇپ قىلغان نەرسىلەردىن باشقا ھەرقانداق بىر باتىلنى رەببىگە مەنسۇپ قىلمايتتى. ئۇلار ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئۇنىڭ كىتابىدا كەلتۈرگەن دەلىللەردىن باشقا دەلىل كەلتۈرمەيتتى...»*[1].

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىمام ھەسەن بەسرى، خەلىپىنىڭ «*بۇ چۈشەنچىگە ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ساھابىلىرىدىن كەلگەن بىر رىۋايەتتىن ئالدىڭمۇ ياكى ئۆز رايىڭ بىلەن بۇ قاراشقا كەلدىڭمۇ ۋە ياكى قۇرئان تەستىقلىغان بىر ھۆكۈمگە ئۇلاشتىڭمۇ؟*» دېگەن سوئالىغا ھەيران قالغان ۋە ئالتە بەتلىك مەكتۇپىغا «*ساھابىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى تەتبىقلىغانلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىدا بار بولغان ئايەتلەردىن باشقا بىر دەلىل كەلتۈرمىگەنلىكىنى*» ئېيتقان. يەنى، «*سۈننەتنىڭ قۇرئاندىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى*» ئىما قىلغان ھالدا باشلىغان. بۇ نۇقتىدا «*ساھابىنىڭ ئايەتلەردىن باشقا بىر دەلىل ئىلىپ كەلمىگەنلىكى*»نى تەكىتلىشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆزىمۇ مەكتۇپىدا دەل شۇنداق قىلغان ۋە ئالتە بەتلىك مەكتۇپىدا يۈزگە يېقىن ئايەتنى زىكىر قىلىپ، پۈتۈن دەلىللىرىنى قۇرئاندىن كەلتۈرگەن. بۇ ئايەتلەر ئىچىدە «*بۇ ھەقتە نەبى مۇنداق، مۇنداق دېدى...*» دەپ ياكى «*بۇ ھەقتە ساھابىمۇ مۇنداق، مۇنداق دېگەن...*» دەپ ھەرقانداق بىر ئىلاۋە سۆز (ھەدىس) نەقىل قىلمىغان. ھەر بىرى 35 قۇردىن تەشكىل تاپقان ئالتە بەتنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئايەتلەردىن تەشكىل تاپقان (مەكتۇپنىڭ ھەر بېتىگە تەخمىنەن 17 ـ 16 ئايەت توغرا كېلىدۇ).

بۇ مەكتۇپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ساھابىنىڭ، تابىئىننىڭ ۋە سەلەفلىرىمىزنىڭ يولى» دېيىلگەن يول قۇرئان ئىدى. ئۇلارغا قارىتىلغان ئاساسلىق يول مانا بۇ ئىدى. مەزكۇر دەۋردىن كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن نادىر قولىيازما ئەسەرلەردىن بىرى بولغان بۇ مەكتۇپ، مەزكۇر ئەھۋالنى ناھايىتى روشەن ۋە ئېنىق شەكىلدە بىزگە كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مەكتۇپ، ھەدىس مەدەنىيىتىنىڭ ھۆكۈمدارلار (سىياسىي كۈچ) تەرىپىدىن قانداق قىلىپ ھەرىكەتكە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغانلىقىنى (ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىكىنى) ناھايىتى روشەن ھالدا كۆرسىتىپ بەرمەكتە. دېمەككى، دەسلەپكى ئەسىردە (ھىجرى 100 ـ يىلغىچە) ساھابىنىڭ ۋە تابىئىن نەسلىنىڭ

(1) مۇستافا ئىسلامئوغلۇ، «ھەسەن ئەل ـ بەسرىنىڭ قەدەر رىسالىسى ۋە شەرھىسى»، 103 ـ 102 ـ بەتلەر

دىن ھەققىدىكى بىردىنبىر دەلىلى قۇرئان ئىدى. ئەمما كېيىنكى مەزگىللەردە رىۋايەت مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇملىششى ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ بۇنى قوللىشى نەتىجىسىدە ھەدىسلەر دەلىل سۈپىتىدە سەھنىگە چىقتى. ھەتتا، قۇرئانىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ۋە قۇرئاننى نوپۇزى ئاستىغا ئالدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر ۋە ھەزرىتى ئۆمەر ئۆز دەۋرىدە يىغىلغان ھەدىسلەرنى «ھەدىسلەر قۇرئاندىن ئۈستۈن ھالغا كېلىپ قالمىسۇن» دەپ (بۇ ئەندىشە سەۋەبىدىن) كۆيدۈرۈۋەتكەنىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئەندىشە قىلغان بۇ ئەھۋال ئۆزلىرىدىن كېيىنكى خەلىپىلەر دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ مەسىلىدە ئۇلاردىن كېيىنكى مەزگىللەردىكى خەلىپىلەرنىڭ ھەسسىسىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىدە شەك يوق. يۇقىرىدا مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن خەلىپە ئابدۇلمەلىك بىن مەرۋاننىڭ (ھىجرى 86 ـ 75) مەزكۇر مەسىلىگە بولغان مەيدانى ۋە تۈنجى قېتىملىق ھەدىس يىغىش ۋە رەتلەش خىزمىتىنى باشلىغان ئۆمەر بىن ئابدۇلئەزىزنىڭ خەلىپىلىك دەۋرى (ھىجرى 101 ـ 99) نەزەرگە ئېلىنغاندا، مەسىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ناھايىتى ئوڭاي كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## زەيد (ر ئە) مىسالدىن ھەدىس مەسىلىسىگە نەزەر

رەببىمىزنىڭ ئەھزاب سۈرىسى 37 ـ ئايەتتە بىلدۈرگەن زەيد (ر ئە) ۋەقەسى، ھەدىس مەسىلىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان يارقىن مىسالدۇر. ئاللاھ ھەدىس مەسىلىسىنى بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرمەكتە ۋە بۇ ھەقتە بىزنى باشقا مەلۇماتقا مۇراجىئەت قىلىشتىن ساقلاپ قالماقتا. يەنى:

ھەدىسلەر نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە تەستىقتىن ئىبارەتتۇر. بىز بىر ھەدىس ئۇچۇن سەھىھ دېگەن ۋاقتىمىزدا ياخشى گۇمان قىلغان (زاننى غالىب) ھالدا «بۇ سۆز نەبىگە ئائىت بولۇشى مۇمكىن» دېگەن بولىمىز. لېكىن ھېچقاچان كەسكىن ھالدا بۇنداق دېيەلمەيمىز. ھالبۇكى، ھەزرىتى زەيد نەبىنىڭ سۆزىنى (ھەدىسىنى) ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا بۇ سۆزنى نەبى ئۆزى دېگەنىدى. نەبى زەيدكە «ئايالىڭنى ئەمرىڭدە تۇت، ئاللاھتىن قورق» دېگەنىدى. لېكىن ئۇ نەبىنىڭ بۇ ئەمرىگە (ھەدىسىگە) رىئايە قىلمىدى ۋە ئايالى زەينەپنى تالاق قىلدى. ئەمما ھېچكىم بۇ قىلمىشى سەۋەبىدىن زەيدنى ئەيىبلىمىدى. نېمە ئۇچۇن؟ چۈنكى قۇرئاندا تالاقنى ھارام قىلغان ئايەت يوق ئىدى. قۇرئان ھارام قىلمىغاننى نەبىمۇ ھارام قىلالمايتتى. قۇرئان بۇيرۇمىغاننى نەبىمۇ بۇيرۇيالمايتتى.

دېمەك، ئەگەر نەبى ـ قۇرئان بۇيرۇمىغان ـ بەزى نەرسىلەرنى بۇيرۇغان بولسا، بۇنى پەقەت تەۋسىيە سۈپىتىدە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. نەبىنىڭ ھەققەتەن مۇشۇنداق بىر تەۋسىيەسى بولسا، بەلكىم شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. يەنى، قۇرئاندا بولمىغان، ئەمما ھەدىسلەردە بولغان بەزى بۇيرۇقلار (بۇ بۇيرۇقلار ھەققەتەن نەبىگە ئائىت بولغان تەقدىردىمۇ) پەقەت تەۋسىيە خاراكتېرىدە بولىدۇ. لېكىن بۇ تەۋسىيەلەر «تەتبىقلىسا ساۋاب، تەرك قىلسا گۇناھ» بولىدىغان تەۋسىيەلەر ئەمەس. بۇلار مۇباھ دەرىجىسىدىكى تەۋسىيەدۇر. بۇ سەۋەبتىن مۇئمىنلەر بۇ تەۋسىيەلەرگە ئەمەل قىلىش ـ قىلماسلىق ھەققىدە خۇددى ھەزرىتى زەيدكە ئوخشاش ئىختىيارلىققا ئىگە. چۈنكى 1) نەبى ھەزرىتى زەيدكە بۇ ھەدىسنى ئېنىق ھالدا دېگەن. 2) بۇ ھەدىس بۇيرۇق جۈملىسىدە ئېيتىلغان (يەنى فىقھ ئۇسۇلىغا ئاساسلانغاندا ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ). 3) نەبى مەرۇپ ئىشنى بۇيرۇغان. لېكىن بۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن ھەزرىتى زەيد نەبىنىڭ بۇ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلمىغان. ئەمما بۇ سەۋەبتىن ئەيىبلەشكە ئۇچرىمىغان. چۈنكى نەبىنىڭ بۇ سۆزى (بۇيرۇقى) قۇرئاننىڭ بىر ئەمرى (ياكى تەۋسىيەسى) ئەمەس ئىدى. قۇرئاندا ئاجرىشىشنى مەنئى قىلغان بۇيرۇق يوق. بۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى زەيد ئۈچۈن مەزكۇر بۇيرۇقنىڭ ھۆكمى كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى.

ئۇنداقتا، نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان سۆزلەر (ھەدىسلەر)دە، خۇددى زەيد (ر ئە) مىسالىدىكىگە ئوخشاش قۇرئاندا بولمىغان بەزى تەۋسىيەلەر بار بولسا، بۇ تەۋسىيەلەر بىز ئۈچۈن ئىتائەت قىلىشنى تەقەززا قىلمايدۇ (سۈننەت ئەمەس). بۇنىڭ بىردىنبىر شەرتى، بۇ تەۋسىيەلەرنىڭ قۇرئاندىن ئورۇن ئالغان بولۇشى بولۇپ، ئەنە شۇ ۋاقىتتا قۇرئان بىزگە بۇنى تەۋسىيە قىلغان بولىدۇ.

بەزىلەر «نەبىنىڭ ئەھزاب سۈرىسى 37 ـ ئايەتتىكى بۇيرۇقى دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلە ھەققىدە ئەمەس ئىدى، ھەزرىتى زەيد بۇ سۆزگە ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىتائەت قىلمىدى، لېكىن ساھابە نەبىنىڭ دىن ھەققىدىكى سۆزىگە ئىتائەت قىلاتتى...» دەيدۇ. بۇنى ئېيتقۇچىلاردىن «تالاق مەسىلىسىنىڭ دىن بىلەن ئالاقىسى يوقمۇ؟ سىلەر دىننى پەقەت ناماز، ھەج، زاكات ۋە روزىدىن ئىبارەت دەپ قارامسىلەر؟ قۇرئان ئۈستىدە توختالغان بىر مەسىلە، بولۇپمۇ ھەققىدە ‹تالاق› [1] نامى بىلەن مۇستەقىل بىر سۈرە بولغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەرمۇ[2]

(1) قۇرئان كەرىم، 65 ـ سۈرە، 12 ـ 1 ـ ئايەتلەر

(2) بەقەرە سۈرىسى، 232 ـ 227، 237 ـ 236، 241؛ نىسا سۈرىسى، 24 ـ 20؛ ئەھزاب سۈرىسى، 28، 49 ۋە باشقا ئايەتلەر

بولغان بىر مەسىلە دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىسا، قايسى مەسىلە دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك؟» دەپ سوراشقا توغرا كېلىدۇ.

دېمەك، ساھابە نەبىنىڭ ھەر سۆزىگە ئەمەس، بەلكى قۇرئان بىلەن بىردەك بولغان سۆزلىرى (بۇيرۇقى)گە ئەمەل قىلاتتى. ئەگەر نەبىنىڭ سۆزى (بۇيرۇقى) قۇرئاندا بولمىغان بىر نەرسىگە بۇيرۇغان بولسا، بۇ بۇيرۇق خۇددى ھەزرىتى زەيد مىسالىدىكىدەك بولسا پەقەت تەۋسىيە بولىدۇ. لېكىن بۇ تەۋسىيە شەرتسىز ئىتائەتنى تەلەپ قىلمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن قۇرئاندا بولمىغان بىر بۇيرۇق -(تەۋسىيە)نى- بىلدۈرىدىغان ھەدىسلەرمۇ خۇددى ھەزرىتى زەيدكە قىلىنغان بۇيرۇققا ئوخشايدۇ. مۇئمىنلەر بۇ ھەدىسلەرگە قارىتا خۇددى ھەزرىتى زەيدكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ھەتتا مۇجادىلە سۈرىسى 1-ئايەتتىكى «نەبىگە ئېتىراز قىلغان، لېكىن ئەيىبلەنمىگەن ئايال»غا ئوخشاش ھالەتتە بولىدۇ. قۇرئاندا كۆرسىتىلگەن بۇ ئۆرنەكلەر ئەسلىدىلا روشەن بولغان مەسىلىنى مىساللار ئارقىلىق ئىزاھلاپ بەرگەن.

## رەسۇلۇللاھ كىمنى ئاللاھقا شىكايەت قىلىدۇ؟

قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ھەر بىرى رەسۇل ئاللاھتىن بىزگە ئېلىپ كەلگەن سۆزلەردۇر. ھەر قۇرئان ئايىتى ئۇنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن چىققان. ئىنسانىيەت دۇنياسى ئاللاھنىڭ كالامى بولغان بۇ سۆزلەرنى ئۇنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن ئاڭلىغان. ھەر مۇئمىننىڭ رەسۇل مۇھەممەدنىڭ (ئە س) ئاغزىدىن چىققان بۇ سۆزلەرگە، يەنى قۇرئاندىكى 6236 ئايەتكە ئەگىشىش ۋە بۇ ئارقىلىق رەسۇلغا ئىتائەت قىلىش مەسئۇلىيىتى بار. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يولى يوق. چۈنكى ئاللاھ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى بىۋاسىتە ئەمەس، بەلكى ئىچىمىزدىن تاللىغان بىر رەسۇل ئارقىلىق بىزگە يەتكۈزگەن. يەنى، ھەدىسى قۇددۇسقا بېرىلگەن ئاللاھدىلىكلەر ئەسلىدە قۇرئان ئايەتلىرىدە مەۋجۇت. ئەگىشىش كېرەك بولغان، ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان يېگانە سۆزلەر ئاللاھنىڭ كالامى - رەسۇلنىڭ بايانى بولغان قۇرئان ئايەتلىرىدۇر.

وَاُوْحِيَ اِلَيَّ هٰذَا الْقُرْاٰنُ لِاُنْذِرَكُمْ بِهٖ وَمَنْ بَلَغَ

«بۇ قۇرئان ماڭا ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنى ۋە ئۇ يېتىپ بارغان بارلىق كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيي قىلىندى» (ئەنئام سۈرىسى، 19-ئايەت).

بىر كىشى مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىسە،

ئۇ ئېلىپ كەلگەن كىتابنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ياكى بىر كىشى قۇرئانغا ئىشەنمىسە، مۇھەممەد (ئە س)نىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىنى قۇرئان بىلدۈرگەن. شۇڭا رەسۇلغا ئىمان ئېيتقان ۋاقىتتا قۇرئانغا، قۇرئانغا ئىمان ئېيتقان ۋاقىتتا رەسۇلغا ئىمان ئېيتقان بولىمىز. رەسۇلغا ئىمان ئېيتىپ، لېكىن قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىغان ياكى قۇرئانغا ئىمان ئېيتىپ، رەسۇلغا ئىمان ئېيتمىغان ھېچقانداق كىشى يوق، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

مۇنداق بىر مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، رەسۇلۇللاھ تۇيۇقسىز ئالدىمىزغا چىقسا ۋە بىزگە: «مەندىن كېيىن قانداق قىلدىڭلار؟ مېنىڭ يولۇم (سۈننىتىم)غا ئەگەشتىڭلارمۇ ياكى باشقا بىر يولغا ئەگەشتىڭلارمۇ؟» دېسە، نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟ ئەسلىدە بۇ خىيالى سوئال ئەمەس بولۇپ، ئاخىرەتتە بىزدىن سورۇلىدىغانلىقىدا شەك بولمىغان سوئال. قۇرئان مۇشۇنداق دېمەكتە[1]. بۇ سوئالغا بەزىلىرىمىز مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

*«ئى رەسۇلۇللاھ، شۇنداق، مەن سېنىڭ يولۇڭ (سۈننىتىڭ)غا ئەگەشتىم. يەنى ھەم قۇرئانغا، ھەم سېنىڭ سۆزلىرىڭگە (ھەدىسلەرگە) چىڭ ئېسىلدىم. ھەممىدىن بەك ھەدىسلەرگە چىڭ يېپىشتىم. چۈنكى ھەدىسلەردە قۇرئاندا بولمىغان نۇرغۇن سۈننەتلەر بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇرئاننى كۆپرەك ساۋاب ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇدۇم. ھەتتا قىلماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا تىرىشمىدىم. چۈنكى مەن ئۇنى چۈشىنەلمەيتتىم، خاتالىشىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن سەندىن كەلگەن بارلىق ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلدىم. بۇ ئارقىلىق سېنىڭ بارلىق سۈننىتىڭنى، ھەتتا قۇرئاندا بولمىغان سۈننەتلىرىڭنىمۇ ئادا قىلدىم. چۈنكى سەن بىزنىڭ يول باشلىغۇچىمىز. پەقەت ئاللاھلا ئەمەس، سەنمۇ ھۆكۈم بېكىتەلەيسەن...»*.

بۇ سوئالغا يەنە بەزىلەر مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

*«ئى رەسۇلۇللاھ، شۇنداق، مەن سېنىڭ يولۇڭ (سۈننىتىڭ)غا ئەگەشتىم. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پەقەت ۋە پەقەت سەن رەببىمىزدىن بىزگە ئېلىپ كەلگەن قۇرئانغا ئەگەشتىم. چۈنكى سېنىڭ سۈننىتىڭ قۇرئاندىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەن ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنىشكە ۋە ئۇنى تەتبىقلاشقا تىرىشتىم. قۇرئاندىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ئەگەشمىدىم. ماڭا ‹نەبى دېگەن› دېيىلگەن بەزى سۆزلەر*

(1) زۇخرۇف سۈرىسى، 44؛ فۇرقان سۈرىسى، 30 ـ 25 ـ ئايەتلەر

*يېتىپ كەلدى، لېكىن مەن ئۇ سۆزلەرگە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدىم. چۈنكى ئىچىدە قۇرئاندا زىت كېلىدىغان سۆزلەرمۇ بار ئىدى. سەن قۇرئاندا ئىلاۋە بىر نەرسە ئېيتمىغان. قۇرئاندا ئۇيغۇن سۆزلىرىڭ بار ئىدى. ئەمما ئۇلارمۇ قۇرئاننىڭ دېگەنلىرىنى تەكرارلىغان. قۇرئاندىن باشقا بىر نەرسە دېمىگەنىدى. بۇ سەۋەبتىن مەن پەقەت قۇرئانغا ئەگەشتىم، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىگە ئەگەشمىدىم»* .

رەسۇلۇللاھ بۇ ئىككى پەرقلىق جاۋاب بەرگۈچىدىن قايسىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيەتتى؟ بۇنىڭ جاۋابىنى قۇرئان مۇنداق بەرمەكتە:

**وَقَالَ الرَّسُولُ يَا رَبِّ اِنَّ قَوْمِي اتَّخَذُوا هٰذَا الْقُرْاٰنَ مَهْجُوراً**

«(ئۇ كۈندە) رەسۇل: ‹ئى رەببىم! مېنىڭ بۇ ئۈممىتىم بۇ قۇرئاننى تەرك قىلدى› دەيدۇ» (فۇرقان سۈرىسى، 30-ئايەت).

رەسۇلنىڭ يولىغا ئەگەشمەي، قۇرئاندىن يىراقلاشقان كىشىنىڭ ئەھۋالىنى بىزگە قۇرئان يەنە مۇنداق بىلدۈرىدۇ:

**وَيَوْمَ يَعَضُّ الظَّالِمُ عَلٰى يَدَيْهِ يَقُولُ يَا لَيْتَنِي اتَّخَذْتُ مَعَ الرَّسُولِ سَبِيلاً يَا وَيْلَتٰى لَيْتَنِي لَمْ اَتَّخِذْ فُلَاناً خَلِيلاً**

«ئۇ كۈندە زالىم كىشى بارمىقىنى چىشلەپ مۇنداق دەيدۇ: ‹ئىسىت، ئۇ رەسۇلنىڭ يولىغا ئەگەشكەن بولسامچۇ؟ ۋاي ئىسىت ماڭا! پالاننى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ؟ چۈنكى زىكىر (قۇرئان) ماڭا يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، (مەن دوست دەپ بىلگەن پالانچى) مېنى (قۇرئاندىن) ئازدۇردى› دەيدۇ» (فۇرقان سۈرىسى، 29-27-ئايەتلەر).

نەبىنىڭ سۆزى دەپ قاراپ قۇرئانغا زىت ھەدىسلەرگە ئەگىشىش، ئەلۋەتتە قۇرئاندىن يىراقلىشىش ۋە رەسۇلنىڭ يولىنى تەرك قىلىشتۇر. دېمىسىمۇ رەسۇلمۇ ئۈممەتنىڭ قۇرئاننى تەرك قىلغانلىقىنى كۆرۈپ (ھېساب كۈنى ھەقىقەتنىڭ مۇشۇنداق بولغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ)، رەببىگە يۈزلىنىپ: «ئى رەببىم! مېنىڭ بۇ ئۈممىتىم بۇ قۇرئاننى تەرك قىلدى» دەيدۇ ۋە ئۈممىتىنى ئاللاھقا شىكايەت قىلىدۇ.

قۇرئان، قۇرئاندىن يىراقلىشىپ كەتكەن كىشىلەرگە شەيتاننىڭ مۇسەللەت قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇلار ئېزىپ كەتكەن تۇرۇپمۇ ئۆزلىرىنى ھىدايەت (توغرا يولدا) تە دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېمەكتە:

**وَمَنْ يَعْشُ عَنْ ذِكْرِ الرَّحْمٰنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَاناً فَهُوَ لَهُ قَرِينٌ وَاِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ السَّبِيلِ وَيَحْسَبُونَ**

اَنَّہُمْ مُهْتَدُونَ

«كىمكى مېھرىبان ئاللاھنىڭ زىكرى (قۇرئان)دىن يۈز ئۆرىسە، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز ۋە ئۇنىڭ يېقىن دوستى بولىدۇ. ئۇ شەيتانلار، ئۇلارنى توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى ھەقىقەتەن توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ» (زۇخرۇف سۈرىسى، 37 ـ 36 ـ ئايەتلەر).

دىققەت قىلىدىغان بولساق، شەيتان مۇسەللەت قىلىنغان ۋە ئېزىپ كەتكەن تۇرۇپ ئۆزىنى توغرا يولدا دەپ قارىغۇچىلار «قۇرئانغا ئىشەنمەيدىغانلار» ئەمەس، بەلكى «قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر»دۇر. ھەتتا بۇلار ئۆزلىرىنى كاپىر، مۇشرىك... دېمەيدۇ. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، «ھەقىقىي ھىدايەت ئۈستىدە بولغۇچىلارنىڭ» دەل ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ (شۇنداق گۇمان قىلىدۇ). تۆۋەندىكى ئايەتنى بىرگە ئوقۇيلى:

**وَمَنْ اَعْرَضَ عَنْ ذِكْرٖي فَاِنَّ لَهُ مَعٖيشَةً ضَنْكاً وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيٰمَةِ اَعْمٰى قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرْتَنٖٓي اَعْمٰى وَقَدْ كُنْتُ بَصٖيراً قَالَ كَذٰلِكَ اَتَتْكَ اٰيَاتُنَا فَنَسٖيتَهَاۚ وَكَذٰلِكَ الْيَوْمَ تُنْسٰى**

«كىمكى مېنىڭ زىكرىم (قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا تار بىر مەئىشەت (ئېغىر كۈنلەر) بار، قىيامەت كۈنى بىز ئۇنى كور قوپۇرىمىز. ئۇ: ‹ئى رەببىم! مېنى نېمە ئۈچۈن كور ھالەتتە تىرىلدۈردۈڭ؟ ھالبۇكى، كۆزۈم ئىلگىرى كۆرەتتى› دەيدۇ. ئاللاھ:

‹بۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ساڭا يېتىپ كەلگەندە سەن ئۇلارنى ئۇنۇتتۇڭ. بۈگۈن سەنمۇ ئەنە شۇنداق ئۇنتۇلدۇڭ› دەيدۇ» (تاھا سۈرىسى، 126 ـ 124 ـ ئايەتلەر).

بۇ ئايەتكە ئاساسلانغاندا «قىيامەت كۈنى قارىغۇ ھالدا تىرىلدۈرۈلىدىغان ۋە ئۇنتۇلىدىغانلار»، دۇنيادىكى ۋاقتىدا «ئايەتلەرگە ئىشەنمەيدىغانلار» ئەمەس، ئەكسىچە «ئايەتلەرنى ئۇنتۇغانلار (نەزەردىن ساقىت قىلغانلار)»، ئايەتلەرنى كۈنتەرتىپىدە تۇتمىغانلاردۇر.

بۇ ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغانلارنىڭ ئىچىدە ئەجەبا «مەن مۇسۇلمان ۋە قۇرئانغا ئىمان ئېيتتىم» دېگەن بەزى كىشىلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بارلىق مۇسۇلمانلار بۇ سوئالنى ئۆزىدىن سوراپ بېقىشى كېرەك. بولۇپمۇ، خاتا مەلۇماتنى تۈزىتىش ئۈچۈن «قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن» دېگەن ۋاقىتتا ۋە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر

كۆرسىتىلگەن (ئوقۇلغان) چاغدا، زېھنىدىكى مەلۇماتقا توغرا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن «بۇنى خۇددى ئاڭلىمىغاندەك» مۇئامىلە قىلغان ۋە ئىمان ئېيتقانلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ تۇرۇپمۇ، «قۇرئان سەۋەبىدىن قەلبلىرى تىترىمەيدىغان» كىشىلەر بۇ ھەقتە ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك.

**اَلَمْ يَأْنِ لِلَّذٖينَ اٰمَنُوا اَنْ تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ اللّٰهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ الْحَقِّ وَلَا يَكُونُوا كَالَّذٖينَ اُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلُ فَطَالَ عَلَيْهِمُ الْاَمَدُ فَقَسَتْ قُلُوبُهُمْ وَكَثٖيرٌ مِنْهُمْ فَاسِقُونَ**

«ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئاللاھنى ياد ئېتىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن كەلگەن قۇرئان سەۋەبىدىن دىلى ئېرىيدىغان ۋاقت كەلمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەرگە ئوخشاش بولۇپ قالمىسۇن. (ئۇلارغا ۋەھيي بېرىلىپ) ئۇزۇن ۋاقت ئۆتكەندىن كېيىن دىللىرى قېتىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن كىشىلەردۇر» (ھەدىد سۈرىسى، 16-ئايەت).

دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، ئايەت «ئىمان ئېيتقانلار» ھەققىدە توختالغان. يەنى خىتاب «ئىمان ئېيتمىغانلار»غا ئەمەس، «ئىمان ئېيتقانلار»غا قارىتىلغان. ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولماسلىق ۋە ئېزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن قۇرئانغا چىڭ ئېسىلىشتىن باشقا ئىلاجىمىز يوقتۇر. قۇرئان ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرۇشتىن باشقا چارە يوق.

**اَفَنَضْرِبُ عَنْكُمُ الذِّكْرَ صَفْحاً اَنْ كُنْتُمْ قَوْماً مُسْرِفٖينَ**

«سىلەر ھەددىدىن ئاشقانلاردىن بولدۇڭلار دەپ، سىلەرنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ۋازكېچەمدۇق؟» (زۇخرۇف سۈرىسى، 5-ئايەت).

ئۇنداقتا، قىيامەت كۈنىدە رەسۇلۇللاھ ئاللاھقا شىكايەت قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر ئىش، پەقەت ۋە پەقەت قۇرئانغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭدىن غەيرىنى يېتەكچى قىلىۋالماسلىقتۇر.

**اِتَّبِعُوا مَٓا اُنْزِلَ اِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهٖٓ اَوْلِيَٓاءَ قَلٖيلاً مَا تَذَكَّرُونَ**

«(ئى ئىنسانلار!) سىلەرگە رەببىڭلاردىن نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ئەگىشىڭلار. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئەۋلىيا (دوستلار)نىڭ نوپۇزىنى قوبۇل قىلماڭلار. (لېكىن) ئىچىڭلاردىكى ناھايىتى ئاز كىشىلەر بۇ ۋەز - نەسىھەتكە قۇلاق سالىدۇ» (ئەئراف سۈرىسى، 3-ئايەت).

# ئالتىنچى باب

# قۇرئاندىن يىراقلىششىنىڭ نەتىجىسى:
# كۇپۇرلۇق ۋە شېرىك

## ئىمان ۋە كۇپۇر (مۇئمىن ۋە كاپىر)

«كاپىر» كەلىمىسى «بىر نەرسىنى يايقۇچى ياكى يوشۇرغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇرۇقنى تۇپراقنىڭ ئاستىغا كۆمگەن دېھقانمۇ ئەرەبچىدە «كاپىر» دەپ ئاتىلىدۇ. دىنىي تىلدا بولسا «تەۋھىدنى، شەرىئەتنى، نەبىلىك ماقامىنى ياكى بۇلاردىن قايسىبىرىنى توغرا ئىكەنلىكىنى چىن دىلىدىن بىلىپ تۇرۇپ، ئىنكار قىلغۇچى كىشى»، يەنى «فىترىتىدىكى ئىسلامنى يوشۇرغان، ئۇنى باستۇرۇپ قويغان» كىشى «كاپىر» دەپ ئاتىلىدۇ[1]. كۇپۇرنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل تۈرى بار:

1. ئىنكار كۇپۇرى. يەنى، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى مۇتلەق ئىنكار قىلىش.

2. جۇھۇد كۇپۇرى. يەنى، كىشىنىڭ ھەقىقەتنى چىن دىلىدىن بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنى تىلى بىلەن ئېيتماسلىق. مەسىلەن: ئىبلىسنىڭ كۇپۇرى مۇشۇنداق.

3. كاجلىق كۇپۇرى. يەنى، كىشىنىڭ ئاللاھنى چىن دىلىدىن بىلىشى ۋە ئۇنى تىلى بىلەن ئىپادىلىشىگە قارىماستىن، ھەسەت ۋە ئازغۇنلۇق سەۋەبىدىن ئۇ دىننى قوبۇل قىلماسلىق.

4. نىفاق كۇپۇرى. يەنى، ھەقىقەتنى تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن دىلىدا ئۇنى ئىنكار قىلىش[2]. مۇناپىق مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

دېمەك، كاپىر بولۇشنىڭ يولى پەقەت ئاللاھنى ئىنكار قىلىش ۋە «ئاللاھ يوق» دېيىشتىنلا ئىبارەت ئەمەس. ھەتتا بۇ شەكىلدە كاپىر بولغان كىشى يوق دېيەرلىك دەرىجىدە ئاز. چۈنكى بارچە ئاللاھنىڭ بار ئىكەنلىكىنى يارىتىلىشتىن بىلىدۇ. بار ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرى (بارلىق ئايەتلىرى)غا ئىشىنىش ۋە ئۇلارغا تەسلىم بولۇش، سەل قاراشقا بولمايدىغان نېگىزلىك مەسىلىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن «مەن ئىمان ئېيتتىم» دېيىش كۇپايە قىلمايدۇ. مۇئمىن بولۇش ئۈچۈن تىل بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزنى چىن دىلدىن تەستىق قىلىش (ئاللاھنىڭ بارلىق ئايەتلىرىگە ھەقىقىي مەنىدە ئىمان ئېيتىش) كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا ئىمان ئېيتقان بولۇپ

---

(1) راغىپ ئەل-ئىسفاھانى، «مۇفرەدات»، 284، 1285-بەتلەر

(2) مەھمەت ئوكۇيان، «قۇرئان كەرىمدە مەنانىڭ كۆپ خىللىقى»، 543-542-بەتلەر

ھېسابلانمايدۇ.

**يَٓا اَيُّهَا الَّذ۪ينَ اٰمَنُٓوا اٰمِنُوا بِاللّٰهِ وَرَسُولِه۪ وَالْكِتَابِ الَّذ۪ي نَزَّلَ عَلٰى رَسُولِه۪ وَالْكِتَابِ الَّـذ۪ٓي اَنْزَلَ مِنْ قَبْلُۜ وَمَنْ يَكْفُرْ بِاللّٰهِ وَمَلٰٓئِكَتِه۪ وَكُتُبِه۪ وَرُسُلِه۪ وَالْيَوْمِ الْاٰخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالاً بَع۪يداً**

«ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، رەسۇلىغا، رەسۇلىغا نازىل قىلغان كىتابقا ۋە ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابقا (ھەقىقىي مەنىدە) ئىمان ئېيتىڭلار. كىم ئاللاھنى، پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، رەسۇللىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ» (نىسا سۈرىسى، 136 ـ ئايەت).

**قَالَتِ الْاَعْرَابُ اٰمَنَّاۜ قُلْ لَمْ تُؤْمِنُوا وَلٰكِنْ قُولُٓوا اَسْلَمْنَا وَلَمَّا يَدْخُلِ الْا۪يمَانُ ف۪ي قُلُوبِكُمْۜ وَاِنْ تُط۪يعُوا اللّٰهَ وَرَسُولَهُ لَا يَلِتْكُمْ مِنْ اَعْمَالِكُمْ شَيْـٔاًۜ اِنَّ اللّٰهَ غَفُورٌ رَح۪يمٌ**

«(بەدەۋى ـ چۆل) ئەرەبلەر: ‹بىز ئىمان ئېيتتۇق› دەيدۇ. ئېيتقىنكى: ‹ياق، سىلەر ئىمان ئېيتمىدىڭلار. لېكىن تەسلىم بولدۇق، دەڭلار. چۈنكى ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى› » (ھۇجۇرات سۈرىسى، 14 ـ ئايەت).

ئىمان بىلەن كۇپۇر ئارىسىدا ناھايىتى ئىنچىكە سىزىق بار بولۇپ، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىنمۇ كاپىر بولۇپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولىدۇ. چۈنكى كۇپۇرلۇق قىلىش (يۇقىرىدا ئىزاھلاپ ئۆتكىنىمىزدەك) پەقەت ئاللاھنى ئىنكار قىلىش بىلەنلا بولمايدۇ. مەلۇم بولغان ھەقىقەت (ھەرقانداق بىر ئايەت)نىڭ ئۈستىنى يېپىشمۇ كۇپۇرلۇق بولىدۇ. ھەتتا كۇپۇرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇنداق بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ، فىترىتىمىزگە تەۋھىدنى يەرلەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ھەر ئىنسان تۇغۇلۇشتىنلا مۇئمىن ھالەتتە تۇغۇلىدۇ. كېيىن بۇ ھەقىقەتنىڭ ئۈستىنى يېپىشى مۇمكىن (ۋە مۇشۇ سەۋەبتىن كاپىر بولىدۇ).

ئىمان ۋە كۇپۇر يانمۇ يان تۇرىدۇ

ئالدىنقى پاراگرافتا ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەن ئەئراف سۈرىسى 172 ـ ئايىتىگە ئاساسەن، ھەرقانداق كىشى تۇغۇلۇشتىنلا مۇئمىندۇر. ئەمما بەزى كىشىلەر فىترىتىدىكى بۇ ھەقىقەتنى يېپىپ كاپىر بولۇپ قالىدۇ.

**مَنْ كَفَرَ بِاللّٰهِ مِنْ بَعْدِ ا۪يمَانِه۪ٓ اِلَّا مَنْ اُكْرِهَ وَقَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالْا۪يمَانِ وَلٰكِنْ مَنْ شَرَحَ بِالْكُفْرِ صَدْراً فَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ مِنَ اللّٰهِۚ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظ۪يمٌ**

«كىمكى ئاللاھقا چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئاللاھنى ئىنكار قىلسا (مەجبۇرلاش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا)، ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلىدۇ. ئۇلار

ئۇچۇن دەھشەتلىك ئازاب بار» (نەھل سۈرىسى، 106 ـ ئايەت).

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىمان بىلەن كۇپۇر ئارىسىدا ناھايىتى ئىنچىكە سىزىق بار بولۇپ، مەن ئىمان ئېيتتىم دېگەن ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان تاكى ئۆلگىچە مۇسۇلمان ھالەتتە بولىمەن دېيەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئىمان ئېيتقان ھەرقانداق كىشى يەنە كاپىر بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار. ھەتتا بۇ مەسىلىدە ئىزچىل ھالدا تەكرارلىنىش بولۇشى مۇمكىن:

**اِنَّ الَّذِينَ اٰمَنُوا ثُمَّ كَفَرُوا ثُمَّ اٰمَنُوا ثُمَّ كَفَرُوا ثُمَّ ازْدَادُوا كُفْراً لَمْ يَكُنِ اللّٰهُ لِيَغْفِرَ لَهُمْ وَلَا لِيَهْدِيَهُمْ سَبِيلاً**

«ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولغانلار، ئاندىن يەنە ئىمان ئېيتىپ قايتىدىن كاپىر بولغانلار، ئاندىن كۇپۇردا ئەزۋەيلىگەنلەرنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلمايدۇ ۋە توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ» (نىسا سۈرىسى، 137 ـ ئايەت).

**لَا تَعْتَذِرُوا قَدْ كَفَرْتُمْ بَعْدَ اِيمَانِكُمْۜ اِنْ نَعْفُ عَنْ طَٓائِفَةٍ مِنْكُمْ نُعَذِّبْ طَٓائِفَةً بِاَنَّهُمْ كَانُوا مُجْرِمِينَ**

«سىلەر ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولدۇڭلار. بەزىڭلارنى ئەپۇ قىلساقمۇ، گۇناھتا ئەزۋەيلىگەن بەزىڭلارنى ئازابقا دۇچار قىلىمىز» (ھۇجۇرات سۈرىسى، 66 ـ ئايەت).

**ذٰلِكَ بِاَنَّهُمْ اٰمَنُوا ثُمَّ كَفَرُوا فَطُبِعَ عَلٰى قُلُوبِهِمْ فَهُمْ لَا يَفْقَهُونَ**

«بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولدى. دىللىرى پېچەتلەنگەنلىكتىن چۈشەنمەيدۇ» (مۇنايىقۇن سۈرىسى، 3 ـ ئايەت).

كىشىلەر، بولۇپمۇ قۇرئان ئايەتلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى سەۋەبىدىن كۇپۇرلۇق سادىر قىلىپ سالىدۇ:

**حَتّٰٓى اِذَا جَٓاؤُ۫ قَالَ اَكَذَّبْتُمْ بِاٰيَاتِي وَلَمْ تُحِيطُوا بِهَا عِلْماً اَمَّاذَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ**

«ئاقىۋەت ئۇلار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا) كەلگەن چاغلىرىدا ئاللاھ ئۇلارغا: ‹سىلەر تولۇق بىلمەي تۇرۇپ ئايەتلىرىمنى ئىنكار قىلدىڭلار، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا قىلمىشىڭلار نېمە ئىدى؟› دەيدۇ» (نەمل سۈرىسى، 48 ـ ئايەت).

ئاللاھ، ئۆزى نازىل قىلغان كىتاب بىلەن ھۆكۈم قىلمىغانلارنى كاپىر دەپ جاكارلىغان:

**وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَٓا اَنْزَلَ اللّٰهُ فَاُو۬لٰٓئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ**

«... كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان بىلەن ھۆكۈم قىلمىسا، ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر» (مائىدە سۈرىسى، 44-ئايەت).

ئۇنداقتا ھەرقانداق كىشى (بولۇپمۇ ئۆلىمالار) ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىشى كېرەك. ھۆكۈمنىڭ مەنبەسى قۇرئاندىن باشقا بىر كىتاب بولماسلىقى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، «مەن قۇرئانغا ئىمان ئېيتتىم» دېگەن ھەرقانداق كىشى، ئۆزىگە ئۇقۇلغان ئايەتلەرگە بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىقى، بارلىق ئايەتلەرگە شەرتسىز تەسلىم بولۇشى كېرەك. ھەرقانداق ئايەت ئالدىدا «ئەمما، لېكىن،...» دېمەسلىكى لازىم. ئەكسىچە بولغاندا، كىتابنىڭ بىر قىسمىغا ئىمان ئېيتىپ، يەنە بىر قىسمىغا ئىمان ئېيتمىغان (كاپىر) بولىدۇ:

**اَفَتُؤْمِنُونَ بِبَعْضِ الْكِتَابِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍۚ فَمَا جَزَٓاءُ مَنْ يَفْعَلُ ذٰلِكَ مِنْكُمْ اِلَّا خِزْيٌ فِي الْحَيٰوةِ الدُّنْيَاۚ وَيَوْمَ الْقِيٰمَةِ يُرَدُّونَ اِلٰٓى اَشَدِّ الْعَذَابِؕ وَمَا اللّٰهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ**

«ياكى سىلەر كىتابنىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى، دۇنيا ھاياتىدا خورلۇققا قېلىش، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر. ئاللاھ قىلمىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەس» (بەقەرە سۈرىسى، 85-ئايەت).

## قۇرئانغا ئاساسەن كۈپۈرلۈق تۈرلىرى (مەلۇم بولغان تۈرلەرگە ئىلاۋە)

قۇرئانغا ئاساسلانغاندا كۈپۈرلۈق كۆپ خىل بولىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى (ئانچە) بىلىنىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئەنئەنىۋى دىن چۈشەنچىسىدە كۈپۈر پەقەت «ئاللاھنىڭ ۋە ياكى قۇرئاننىڭ بىر پۈتۈن رەت قىلىنىشى»دىن ئىبارەتتۇر. ھالبۇكى، قۇرئان «ئىمان ئېيتتىم» دېگۈچىلەرگە، تۈرلۈك كۈپۈرلۈقلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ پەرقلىق كۈپۈرلۈق تۈرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ قۇرئان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

بىر - بىرىدىن پەرقلىق كۈپۈرلۈق تۈرلىرىدىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1. كىتابنىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىغا ئىشەنمەسلىك

(قۇرئان ئايەتلىرىگە شەرتسىز تەسلىم بولماسلىق)

**اَفَتُؤْمِنُونَ بِبَعْضِ الْكِتَابِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍۚ فَمَا جَزَٓاءُ مَنْ يَفْعَلُ ذٰلِكَ مِنْكُمْ اِلَّا خِزْيٌ فِي الْحَيٰوةِ الدُّنْيَاۚ**

وَيَوْمَ الْقِيٰمَةِ يُرَدُّونَ اِلٰٓى اَشَدِّ الْعَذَابِ وَمَا اللّٰهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ

«ياكى سىلەر كىتابنىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىنى ئىنكار قىلىۋاتامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى، دۇنيا ھاياتىدا خورلۇققا قېلىش، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر. ئاللاھ قىلمىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەس» (بەقەرە سۈرىسى، 85 ـ ئايەت).

اَلَّذِينَ جَعَلُوا الْقُرْاٰنَ عِضِينَ فَوَرَبِّكَ لَنَسْـَٔلَنَّهُمْ اَجْمَعِينَۙ عَمَّا كَانُوا يَعْمَلُونَ

«ئۇلار قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى پارچە ـ پارچە قىلىپ ئايرىۋەتتى. رەببىڭنىڭ نامىدىن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ ۋە قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى كۆرىدۇ» (ھىجر سۈرىسى، 93 ـ 91 ـ ئايەتلەر).

## 2. ئايەتلەر ھەققىدە مۇنازىرە (مۇجادىلە) قىلىش

مَا يُجَادِلُ فِي اٰيَاتِ اللّٰهِ اِلَّا الَّذِينَ كَفَرُوا

«ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى كاپىرلاردىن باشقىلار مۇنازىرە قىلمايدۇ» (غافىر سۈرىسى، 4 ـ ئايەت).

## 3. ئايەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش

وَالَّذِينَ سَعَوْا فِي اٰيَاتِنَا مُعَاجِزِينَ اُولٰٓئِكَ اَصْحَابُ الْجَحِيمِ

«ئايەتلىرىمىزنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشقۇچىلار، ئەنە شۇلار ئەھلى دەۋزەختۇر» (ھەج سۈرىسى، 51 ـ ئايەت).

## 4. كىتاب (ئايەتلەر)نى يوشۇرۇش

اِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَٓا اَنْزَلَ اللّٰهُ مِنَ الْكِتَابِ وَيَشْتَرُونَ بِهٖ ثَمَناً قَلِيلاًۙ اُولٰٓئِكَ مَا يَاْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ اِلَّا النَّارَ وَلَا يُكَلِّمُهُمُ اللّٰهُ يَوْمَ الْقِيٰمَةِ وَلَا يُزَكِّيهِمْۚ وَلَهُمْ عَذَابٌ اَلِيمٌ

«ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابتىكى نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ، ئۇنى دۇنيا مېلىغا ساتقۇچىلار، قارنىغا تولۇپ تاشقىدەك ئوتتىن باشقا نەرسىنى يېمەيدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا سۆز قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. ئۇلار قاتتىق

ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئەنە شۇلار، ھىدايەتنى بېرىپ گۇمراھلىقنى، مەغپىرەتنى تاشلاپ ئازابنى سېتىۋالدى. بۇلار دوزاخ ئازابىغا نېمىدېگەن چىداملىق!» (بەقەرە سۈرىسى، 175 ـ 174 ـ ئايەتلەر).

مِنْ قَبْلُ هُدًى لِلنَّاسِ وَاَنْزَلَ الْفُرْقَانَ اِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِاٰيَاتِ اللّٰهِ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ وَاللّٰهُ عَزِيزٌ ذُو انْتِقَامٍ

«ئاللاھ، كىتاب بېرىلگەنلەردىن ‹كىتابنى يوشۇرمايسىلەر ۋە ئۇنى چوقۇم كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىسىلەر› دەپ ئەھدە ئالغانىدى. لېكىن ئۇلار بۇنى ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى ۋە ئۇنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ سودىسى نېمىدېگەن قەبىھ!» (ئالئىمران سۈرىسى، 187 ـ ئايەت).

## 5. قۇرئاندىن باشقا سۆزلەرگە ئەھمىيەت بېرىش

وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْتَرِي لَهْوَ الْحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَنْ سَبِيلِ اللّٰهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًا أُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُهِينٌ وَإِذَا تُتْلَى عَلَيْهِ آيَاتُنَا وَلَّى مُسْتَكْبِرًا كَأَنْ لَمْ يَسْمَعْهَا كَأَنَّ فِي أُذُنَيْهِ وَقْرًا فَبَشِّرْهُ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ

«بەزى كىشىلەر ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن نادانلارچە بىھۇدە سۆزلەرگە (لەھۋەل ھەدىسكە) چىلىك ئېسىلىۋالىدۇ ۋە ئۇنى (ئاللاھنىڭ يولىنى) مەسخىرە قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ئۈچۈن خور قىلغۇچى ئازاب بار. بۇنداق كىشىلەرگە ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلگەن ۋاقىتتا گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاندەك تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بارلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بەرگىن» (لوقمان سۈرىسى، 7 ـ 6 ـ ئايەتلەر).

تِلْكَ اٰيَاتُ اللّٰهِ نَتْلُوهَا عَلَيْكَ بِالْحَقِّ فَبِاَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَ اللّٰهِ وَاٰيَاتِهِ يُؤْمِنُونَ وَيْلٌ لِكُلِّ اَفَّاكٍ اَثِيمٍ يَسْمَعُ اٰيَاتِ اللّٰهِ تُتْلٰى عَلَيْهِ ثُمَّ يُصِرُّ مُسْتَكْبِراً كَاَنْ لَمْ يَسْمَعْهَا فَبَشِّرْهُ بِعَذَابٍ اَلِيمٍ وَاِذَا عَلِمَ مِنْ اٰيَاتِنَا شَيْئاً اتَّخَذَهَا هُزُواً اُولٰئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُهِينٌ

«ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئۇنى ساڭا لايىق رەۋىشتە ئوقۇپ بېرىمىز. ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ قايسى ھەدىسكە (سۆزگە) ئىشىنىدۇ؟ ئۇ يالغانچى گۇناھكارلارنىڭ ھالىغا ۋاي! (ئۇلار) ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ گويا ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك تەكەببۇرلۇق قىلىپ چىڭ تۇرىدۇ (خاتالىقىدا ئەزۋەيلەيدۇ). ئۇلارغا ئەلەملىك ئازاب بىلەن خۇشخەۋەر بەرگىن. ئۇلار ئايەتلىرىمىزدىن بىرەر نەرسىنى ئاڭلىغان چاغدا ئۇنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئەنە شۇلار خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ» (جاسىيە سۈرىسى، 9 ـ 6 ـ ئايەتلەر).

فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَهُ يُؤْمِنُونَ

«ئۇلار بۇنىڭدىن (قۇرئاندىن) كېيىن قايسى ھەدىس (سۆز)كە ئىشىنىدۇ؟» (مۇرسەلات سۈرىسى، 50 ـ ئايەت).

## 6. قۇرئانغا ئاساسلانماستىن ھۆكۈم (پەتۋا) بېرىش (قۇرئانغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك)

إِنَّا أَنْزَلْنَا التَّوْرٰيةَ فِيهَا هُدًى وَنُورٌ يَحْكُمُ بِهَا النَّبِيُّونَ الَّذِينَ اَسْلَمُوا لِلَّذِينَ هَادُوا وَالرَّبَّانِيُّونَ وَالْاَحْبَارُ بِمَا اسْتُحْفِظُوا مِنْ كِتَابِ اللّٰهِ وَكَانُوا عَلَيْهِ شُهَدَاءَۚ فَلَا تَخْشَوُا النَّاسَ وَاخْشَوْنِ وَلَا تَشْتَرُوا بِاٰيَاتِي ثَمَناً قَلِيلاًۜ وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا اَنْزَلَ اللّٰهُ فَاُولٰئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ

«ئىچىدە ھىدايەت ۋە نۇر بولغان تەۋراتنى ئەلۋەتتە بىز نازىل قىلدۇق. مۇسۇلمان نەبىلەر ئۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقاردى. ئۇنى (كىتابنى) قوغداش ۋەزىپىسى بېرىلگەن رەببانىلار ۋە ئالىملارمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم چىقىراتتى ۋە ئۇنى ئاساس قىلاتتى. ئى ئاللاھنىڭ كىتابىغا شاھىت بولغۇچىلار، كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار ۋە مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا ساتماڭلار! كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان (كىتاب) بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر!» (مائىدە سۈرىسى، 44 ـ ئايەت).

## 7. ئايەتلەرنى چۈشىنىشكە تىرىشماسلىق

حَتّٰى اِذَا جَٓاؤُ قَالَ اَكَذَّبْتُمْ بِاٰيَاتِي وَلَمْ تُحِيطُوا بِهَا عِلْماً اَمَّاذَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ

«ئاقىۋەت ئۇلار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا) كەلگەن چاغلىرىدا ئاللاھ ئۇلارغا: ‹سىلەر تولۇق بىلمەي تۇرۇپ ئايەتلىرىمنى ئىنكار قىلدىڭلار، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا قىلمىشىڭلار نېمە ئىدى؟› دەيدۇ» (نەمل سۈرىسى، 48 ـ ئايەت).

## 8. قۇرئاننى پارچىلارغا ئايرىۋېتىش

اِنَّ الَّذِينَ فَرَّقُوا دِينَهُمْ وَكَانُوا شِيَعاً لَسْتَ مِنْهُمْ فِي شَيْءٍۜ اِنَّمَا اَمْرُهُمْ اِلَى اللّٰهِ ثُمَّ يُنَبِّئُهُمْ بِمَا كَانُوا يَفْعَلُونَ

«دىنىنى پارچىلاپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا ـ جۇداسەن. ئۇلارنىڭ ئىشى ئاللاھقا خاستۇر. ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزگە

ئېيتىپ بېرىدۇ» (ئەنئام سۈرىسى، 159 ـ ئايەت).

مِنَ الَّذِينَ فَرَّقُوا دِينَهُمْ وَكَانُوا شِيَعاًۜ كُلُّ حِزْبٍ بِمَا لَدَيْهِمْ فَرِحُونَ

«سىلەر دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ پىرقە ـ پىرقە بولۇپ، ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشاللىنىدىغانلاردىن (بولماڭلار)» (رۇم سۈرىسى، 32 ـ ئايەت).

اَلَّذِينَ جَعَلُوا الْقُرْاٰنَ عِضِينَ فَوَرَبِّكَ لَنَسْـَٔلَنَّهُمْ اَجْمَعِينَۙ عَمَّا كَانُوا يَعْمَلُونَ

«ئۇلار قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى پارچە ـ پارچە قىلىپ ئايرىۋەتتى. رەببىڭنىڭ نامىدىن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ ۋە قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى كۆرىدۇ» (ھىجر سۈرىسى، 93 ـ 91 ـ ئايەتلەر).

### 9. قۇرئان ئايەتلىرى ئوقۇلسا قەلبى تىترىمەسلىك

اَلَمْ يَأْنِ لِلَّذِينَ اٰمَنُوا اَنْ تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ اللّٰهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ الْحَقِّۙ وَلَا يَكُونُوا كَالَّذِينَ اُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلُ فَطَالَ عَلَيْهِمُ الْاَمَدُ فَقَسَتْ قُلُوبُهُمْۜ وَكَثِيرٌ مِنْهُمْ فَاسِقُونَ

«ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئاللاھنى ياد ئېتىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن كەلگەن قۇرئان سەۋەبىدىن دىلى ئېرىيدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمىدىمۇ؟ ئۇلار ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەرگە ئوخشاش بولۇپ قالمىسۇن. (ئۇلارغا ۋەھيي بېرىلىپ) ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دىللىرى قېتىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن كىشىلەردۇر» (ھەدىد سۈرىسى، 16 ـ ئايەت).

### 10. قۇرئاننى ئۇنتۇش

وَمَنْ اَظْلَمُ مِمَّنْ ذُكِّرَ بِاٰيَاتِ رَبِّه۪ ثُمَّ اَعْرَضَ عَنْهَاۜ اِنَّا مِنَ الْمُجْرِمِينَ مُنْتَقِمُونَ

«رەببىڭنىڭ ئايەتلىرى ئەسلىتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، بىز گۇناھكارلاردىن ئىنتىقام ئالىمىز (ئۇلارغا لايىق بولغان جازانى بېرىمىز)» (سەجدە سۈرىسى، 22 ـ ئايەت).

### 11. قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈش

وَمَنْ اَعْرَضَ عَنْ ذِكْرِي فَاِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنْكاً وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيٰمَةِ اَعْمٰى قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرْتَن۪ٓي اَعْمٰى

وَقَدْ كُنْتُ بَصِيراً قَالَ كَذٰلِكَ اَتَتْكَ اٰيَاتُنَا فَنَسِيتَهَاۚ وَكَذٰلِكَ الْيَوْمَ تُنْسٰى

«كىمكى مېنىڭ زىكرىم (قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا (بۇ دۇنيادا) تار بىر مەئىشەت (ئېغىر كۈنلەر) بار، قىيامەت كۈنى بىز ئۇنى كور قوپۇرىمىز. ئۇ: ‹ئى رەببىم! مېنى نېمە ئۈچۈن كور ھالەتتە تىرىلدۈردۈڭ؟ ھالبۇكى، كۆزۈم ئېلگىرى كۆرەتتى› دەيدۇ. ئاللاھ:

‹بۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ساڭا يېتىپ كەلگەندە سەن ئۇلارنى ئۇنۇتتۇڭ. بۈگۈن سەنمۇ ئەنە شۇنداق ئۇنۇتۇلىسەن› دەيدۇ» (تاھا سۈرىسى، 124 ـ 126 ـ ئايەتلەر).

## 12. قۇرئان ئايەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلماسلىق (دىلى پېچەتلىنىش)

اَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْاٰنَ اَمْ عَلٰى قُلُوبٍ اَقْفَالُهَا

«ئۇلار قۇرئان ھەققىدە تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە قۇلۇپ سېلىنغانمۇ؟» (مۇھەممەد سۈرىسى، 24 ـ ئايەت).

## 13. ئىماننىڭ قەلبتە ئەمەس، ئېغىزدا بولۇشى

قَالَتِ الْاَعْرَابُ اٰمَنَّاۜ قُلْ لَمْ تُؤْمِنُوا وَلٰكِنْ قُولُوا اَسْلَمْنَا وَلَمَّا يَدْخُلِ الْاِيمَانُ فٖي قُلُوبِكُمْۜ وَاِنْ تُطٖيعُوا اللّٰهَ وَرَسُولَهُ لَا يَلِتْكُمْ مِنْ اَعْمَالِكُمْ شَيْـًٔاۜ اِنَّ اللّٰهَ غَفُورٌ رَحٖيمٌ

«(بەدەۋى) ئەرەبلەر: ‹بىز ئىمان ئېيتتۇق› دەيدۇ. (ئۇلارغا): ‹ياق، سىلەر ئىمان ئېيتمىدىڭلار، لېكىن (تەسلىم بولدۇڭلار)، تەسلىم بولدۇق، دەڭلار. ئىمان تېخى دىلىڭلارغا يەرلەشمىدى› دېگىن» (ھۇجۇرات سۈرىسى، 14 ـ ئايەت).

## 14. ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىپ تۇرۇپ، دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتكە تېگىشىش

اَللّٰهِ الَّذٖي لَهُ مَا فِي السَّمٰوَاتِ وَمَا فِي الْاَرْضِۜ وَوَيْلٌ لِلْكَافِرٖينَ مِنْ عَذَابٍ شَدٖيدٍۙ اَلَّذٖينَ يَسْتَحِبُّونَ الْحَيٰوةَ الدُّنْيَا عَلَى الْاٰخِرَةِ وَيَصُدُّونَ عَنْ سَبٖيلِ اللّٰهِ وَيَبْغُونَهَا عِوَجاًۜ اُولٰٓئِكَ فٖي ضَلَالٍ بَعٖيدٍ

«ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر. قاتتىق ئازابتىن كاپىرلارغا ۋاي! ئۇلار بۇ دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرىدۇ. (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەگرى كېتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. مانا بۇلار

قاتتىق ئازغۇنلۇققا مۇپتىلا بولغانلاردۇر» (ئىبراھىم سۈرىسى، 3 ـ 2 ـ ئايەتلەر).

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك كۇپۇرلۇقنىڭ تۈرلىرى كۆپ. يۇقىرىدىكىلەر بىر قانچە مىسالدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلاردىن باشقا ئايەتلەرمۇ بار. «مەن ئىمان ئېيتتىم، مەن قۇرئانغا ئىمان ئېيتتىم» دېگەن نۇرغۇن كىشى (مۇئمىن؟) يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن كۇپۇر تۈرلىرىدىن بىر ياكى بىر قانچىسىنىڭ دائىرىسى ئىچىگە كىرىپ قېلىشى مۇمكىن، ھەتتا چۈشۈپ قالىدۇ، مانا بۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىدۇر. چۈنكى ئىمتىھان «ئىمان ئېيتتىم» دېگۈچىلەر ئۈچۈندۇر:

**اَحَسِبَ النَّاسُ اَنْ يُتْرَكُوا اَنْ يَقُولُوا اٰمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللّٰهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ**

«كىشىلەر ‹ئىمان ئېيتتۇق› دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق. ئاللاھ ھەقىقەتەن راستچىللارنى بىلىدۇ، يالغانچىلارنىمۇ بىلىدۇ (ئايرىپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ)» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 3 ـ 2 ـ ئايەتلەر).

**اَمْ حَسِبْتُمْ اَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَعْلَمِ اللّٰهُ الَّذِينَ جَاهَدُوا مِنْكُمْ وَيَعْلَمَ الصَّابِرِينَ**

«ئاللاھ ئىچىڭلاردىن كىملەرنىڭ جىھاد قىلىدىغانلىقىنى ۋە كىملەرنىڭ (قىيىنچىلىقلارغا) بەرداشلىق بېرىدىغانلىقىنى ئايرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىمىز دەپ ئويلامسىلەر؟» (ئالئىمران سۈرىسى، 142 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە «ئىمان ئېيتتىم» دېگۈچىلەرنىڭ سىنىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. دېمەك، ھەقىقىي ئىمتىھان «ئىمان ئېيتتىم» دېگەندىن كېيىن باشلىنىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەردە مۇئمىنلەرنىڭ ئېغىر ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن:

**فَلَمْ تَقْتُلُوهُمْ وَلٰكِنَّ اللّٰهَ قَتَلَهُمْ وَمَا رَمَيْتَ اِذْ رَمَيْتَ وَلٰكِنَّ اللّٰهَ رَمٰى وَلِيُبْلِيَ الْمُؤْمِنِينَ مِنْهُ بَلَاءً حَسَناً اِنَّ اللّٰهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ**

«(جەڭدە) ئۇلارنى سىلەر ئۆلتۈرمىدىڭلار، چۈنكى ئۇلارنى ئاللاھ ئۆلتۈردى. ئاتقان ۋاقتىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، لېكىن (ئۇنى) ئاللاھ ئاتتى. (ئاللاھ) مۇئمىنلەرنى ئېغىر ئىمتىھان بىلەن سىناش ئۈچۈن (مۇشۇنداق قىلدى). شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (ئەنفال سۈرىسى، 17 ـ ئايەت).

**اِذْ جَاؤُكُمْ مِنْ فَوْقِكُمْ وَمِنْ اَسْفَلَ مِنْكُمْ وَاِذْ زَاغَتِ الْاَبْصَارُ وَبَلَغَتِ الْقُلُوبُ الْحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِاللّٰهِ الظُّنُونَا**

هُنَالِكَ ابْتُلِيَ الْمُؤْمِنُونَ وَزُلْزِلُوا زِلْزَالاً شَدِيداً

«ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزلىرىڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، ئاللاھ ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار. مانا بۇ يەردە مۇئمىنلەر قاتتىق دىلغۇللۇق ئىچىدە سىنالغان ئىدى» (ئەھزاب سۈرىسى، 11 ـ 10 ـ ئايەتلەر).

اَمْ حَسِبْتُمْ اَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُمْ مَثَلُ الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلِكُمْ مَسَّتْهُمُ الْبَأْسَاءُ وَالضَّرَّاءُ وَزُلْزِلُوا حَتّٰى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ اٰمَنُوا مَعَهُ مَتٰى نَصْرُ اللّٰهِ اَلَٓا اِنَّ نَصْرَ اللّٰهِ قَرِيبٌ

«(ئى مۇئمىنلەر!) سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىنلەر) قاتتىق يوقسۇللۇق ۋە ئېغىرچىلىققا ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى. ھەتتا رەسۇل ۋە مۇئمىنلەر: ‹ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟› دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر» (بەقەرە سۈرىسى، 214 ـ ئايەت).

وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِنَ الْخَوْفِ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِنَ الْاَمْوَالِ وَالْاَنْفُسِ وَالثَّمَرَاتِ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ اَلَّذِينَ اِذَٓا اَصَابَتْهُمْ مُصِيبَةٌ قَالُوا اِنَّا لِلّٰهِ وَاِنَّٓا اِلَيْهِ رَاجِعُونَ

«بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنچ بىلەن، بىر ئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇشخەۋەر بەرگىن. ئۇ سەۋر قىلغۇچىلار شۇنداق كىشىلەركى، ئۆزلىرىگە بىرەر مۇسىبەت يەتكەن چاغدا: ‹بىز ئەلۋەتتە ئاللاھقا ئائىت ۋە ھەممىمىز ئۇنىڭغا قايتىمىز› دەيدۇ» (بەقەرە سۈرىسى، 156 ـ 155 ـ ئايەتلەر).

لَتُبْلَوُنَّ فٖٓي اَمْوَالِكُمْ وَاَنْفُسِكُمْ وَلَتَسْمَعُنَّ مِنَ الَّذِينَ اُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِكُمْ وَمِنَ الَّذِينَ اَشْرَكُوٓا اَذًى كَثِيراً وَاِنْ تَصْبِرُوا وَتَتَّقُوا فَاِنَّ ذٰلِكَ مِنْ عَزْمِ الْاُمُورِ

«سىلەر ماللىرىڭلار بىلەن، جانلىرىڭلار بىلەن چوقۇم سىنىلىسىلەر. سىلەر ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردىن ۋە مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر. سەۋر قىلساڭلار ۋە ئۆزۈڭلارنى (يامانلىقتىن) ساقلىساڭلار، بۇ ھەقىقەتەن (قىلىشقا تېگىشلىك) ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر» (ئالئىمران سۈرىسى، 186 ـ ئايەت).

وَمَٓا اَرْسَلْنَا قَبْلَكَ مِنَ الْمُرْسَلِينَ اِلَّٓا اِنَّهُمْ لَيَاْكُلُونَ الطَّعَامَ وَيَمْشُونَ فِي الْاَسْوَاقِ وَجَعَلْنَا بَعْضَكُمْ لِبَعْضٍ فِتْنَةً اَتَصْبِرُونَ وَكَانَ رَبُّكَ بَصِيراً

«(رەسۇلۇم!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن رەسۇللارمۇ يەپ - ئىچەتتى، بازارلاردا ئايلىناتتى. (ئى ئىنسانلار!) تاقەت قىلالامدۇ - يوق دەپ، سىلەرنىڭ بەزىڭلارنى بەزىڭلارغا ئىمتىهان ۋاستىسى قىلدۇق. رەببىڭ هەر نەرسىنى لايىقىدا كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (فۇرقان سۈرىسى، 20 - ئايەت).

كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ وَنَبْلُوكُمْ بِالشَّرِّ وَالْخَيْرِ فِتْنَةً وَإِلَيْنَا تُرْجَعُونَ

«هەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنى بىز يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز. سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر» (ئەنبىيا سۈرىسى، 35 - ئايەت).

اَوَلَا يَرَوْنَ اَنَّهُمْ يُفْتَنُونَ فِي كُلِّ عَامٍ مَرَّةً اَوْ مَرَّتَيْنِ ثُمَّ لَا يَتُوبُونَ وَلَا هُمْ يَذَّكَّرُونَ

«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ هەر يىلى بىر ياكى ئىككى قېتىم سىنىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئاندىن ئۇلار نە تەۋبە قىلىدۇ، نە ئىبرەت ئالىدۇ» (تەۋبە سۈرىسى، 126 - ئايەت).

وَهُوَ الَّذِي خَلَقَ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضَ فِي سِتَّةِ اَيَّامٍ وَكَانَ عَرْشُهُ عَلَى الْمَاءِ لِيَبْلُوَكُمْ اَيُّكُمْ اَحْسَنُ عَمَلاً

«ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى. ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى. سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئاللاھ (ئۇلارنى ياراتتى)...» (هۇد سۈرىسى، 7 - ئايەت).

وَاعْلَمُوا اَنَّمَا اَمْوَالُكُمْ وَاَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ وَاَنَّ اللّٰهَ عِنْدَهُ اَجْرٌ عَظِيمٌ

«بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، كاتتا مۇكاپات ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر» (ئەنفال سۈرىسى، 28 - ئايەت).

مانا بۇ ئايەتلەر (بارلىق كىشىلەرگە خىتاب قىلىش بىلەن بىرگە)، مۇئمىنلەرنىڭ قانداق سىنالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ھەقىقەتەن سىناشقا تېگىشلىك بولغانلار «مەن ئىمان ئېيتتىم» دېگۈچىلەر ئەمەسمۇ؟ ئىمان ئېيتمىغان بىر كىشىنىڭ نېمىسى سىنىلىدۇ؟ لېكىن «ئىمان ئېيتتىم» دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى ئېغىزدىمۇ ياكى دىلدىمۇ؟ ئىمانىغا سادىقمۇ ياكى سادىق ئەمەسمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى سىنىلىدۇ. شۇڭا «ئىمان ئېيتتىم» دېگەن ھەرقانداق كىشى ئەمدى نىجاتلىققا ئېرىشتىم، ئىمتىهاندىن ئۆتتۈم دەپ قارىماسلىقى كېرەك. ئىمتىهان ئاخىرقى نەپەسكىچە داۋاملىشىدۇ. ئۇنداقتا مەسىلىنىڭ نېگىزى «ئىمان ئېيتتىم» دېيىش ئەمەس، بەلكى ئاخىرقى نەپەسكىچە ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇشتۇر.

## مۇئمنلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەتەر - شېرىك

شېرىك، بارلىق مۇئمىنلەرگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان خەتەردۇر. ھەتتا، ئەڭ چوڭ خەۋپتۇر. چۈنكى شېرىك ھەم ئاللاھ قەتئىي مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئەڭ چوڭ زۇلۇم (گۇناھ)دۇر، ھەم ئەڭ كۆپ سادىر قىلىنغان گۇناھتۇر[1]. مانا بۇ سەۋەبتىن قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ كۆپ سانلىق قىسمى شېرىك بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر[2].

إِنَّ اللّٰهَ لَا يَغْفِرُ اَنْ يُشْرَكَ بِهٖ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذٰلِكَ لِمَنْ يَشَاءُۚ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللّٰهِ فَقَدِ افْتَرٰى اِثْماً عَظِيماً

«ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن ، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىپ، چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ» (نىسا سۈرىسى، 48 ـ ئايەت).

ئاللاھ تائالا، شېرىك گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، مۇشرىكلارغا جەننەتنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ جەھەننەمگە تاشلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن:

مَنْ يُشْرِكْ بِاللّٰهِ فَقَدْ حَرَّمَ اللّٰهُ عَلَيْهِ الْجَنَّةَ وَمَأْوٰيهُ النَّارُۜ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ اَنْصَارٍ

«كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ بارار جايى جەھەننەم بولىدۇ. زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار بولمايدۇ» (مائىدە سۈرىسى، 72 ـ ئايەت).

مۇشرىكلار، ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان ۋە ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەر ئەمەس ئىدى. چۈنكى «مۇشرىك» بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن «مۇئمىن» بولۇش كېرەك. ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان بىرسى مۇشرىك ئەمەس، بەلكى كاپىر بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا (ئاللاھقا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن) ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرەلمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن مۇشرىك بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇئمىن بولۇش كېرەك. قۇرئان

(1) نىسا سۈرىسى، 48، 116؛ يۇسۇف سۈرىسى، 106 ـ ئايەت

(2) قۇرئاندا جازاسى ئەبەدى جەھەننەمدە قېلىش بولغان قەستەن بىر مۇئمىننى ئۆلتۈرۈش مەسىلىسى پەقەت بىر ئايەتتە (نىسا سۈرىسى، 93 ـ ئايەت)، قالغان چوڭ گۇناھلاردىن زىنا 11 ئايەتتە، جازانە 4 ئايەتتە، ھاراقنىڭ ھارام ئىكەنلىكى 4 ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، شېرىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ. چۈنكى ئەڭ كۆپ سادىر بولىدىغان، ھەم مەغپىرەت قىلىنمايدىغان بىردىنبىر گۇناھ (زۇلۇم) شېرىكتۇر.

بۇ ھەقىقەتنى (مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھقا ئىشىنىدىغانلىقىنى) مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَلَئِنْ سَاَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضَ لَيَقُولُنَّ خَلَقَهُنَّ الْعَزٖيزُ الْعَلٖيمُۙ

«ئەگەر سەن ئۇلار (مۇشرىكلار)دىن: ‹ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى؟› دەپ سورىساڭ، ئۇلار: ‹ئەلۋەتتە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئېزىز ۋە ئەلىم (غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ) ياراتتى› دەيدۇ» (زۇخرۇف سۈرىسى، 9 ـ ئايەت).

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك مۇشرىكلار «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچىنىڭ ئاللاھ» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ھەتتا، ئاللاھ ئۈچۈن «ئېزىز ۋە ئەلىم» سۈپەتلىرىنى ئىشلەتكەن (ئايەتتىكى بۇ جۈملىلەر مۇشرىكلارغا ئائىت). تۆۋەندىكى ئايەتلەرمۇ ئوخشاش ھەقىقەتنى بىلدۈرمەكتە:

وَلَئِنْ سَاَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضَ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ لَيَقُولُنَّ اللّٰهُۚ فَاَنّٰى يُؤْفَكُونَ

«ئەگەر سەن ئۇلار (مۇشرىكلار)دىن: ‹ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، قۇياش ۋە ئاينى ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچى كىم؟› دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: ‹ئاللاھ› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ ئۇلار نېمە ئۈچۈن يۈز ئۆرۈيدۇ؟» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 61 ـ ئايەت).

وَلَئِنْ سَاَلْتَهُمْ مَنْ نَزَّلَ مِنَ السَّمَٓاءِ مَٓاءً فَاَحْيَا بِهِ الْاَرْضَ مِنْ بَعْدِ مَوْتِهَا لَيَقُولُنَّ اللّٰهُۜ قُلِ الْحَمْدُ لِلّٰهِۜ بَلْ اَكْثَرُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ

«ئەگەر سەن ئۇلاردىن: ‹بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەن كىم؟› دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: ‹ئاللاھ› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئېيتقىنكى: ‹جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر›. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى چۈشەنمەيدۇ» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 63 ـ ئايەت).

وَلَئِنْ سَاَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضَ لَيَقُولُنَّ اللّٰهُۜ قُلِ الْحَمْدُ لِلّٰهِۜ بَلْ اَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ

«ئەگەر سەن ئۇلاردىن: ‹ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم خەلق ئەتتى؟› دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: ‹ئاللاھ› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئېيتقىنكى: ‹جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر›. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى چۈشەنمەيدۇ» (لوقمان سۈرىسى، 25 ـ ئايەت).

دېمەك، مۇشرىكلار ئاللاھقا ئىشىنىدۇ ۋە ئۆزلىرى ئىشەنگەن ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى ۋە مۇتلەق قۇدرەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ (يەنى مۇشرىكلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئاللاھقا ئىشىنىدۇ). مۇشرىكلارنىڭچىمۇ ئاللاھتىن غەيرى (ئۇنىڭغا

تەڭداش) بىر ئىلاھ يوق ئىدى. لېكىن مۇشرىكلار ئاللاھقا مەنسۇپ بەزى سۈپەت ۋە قۇدرەتنى باشقا مەخلۇقلار (ۋاستىچىلار)غىمۇ بېرەتتى. يەنى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە شېرىك قوشاتتى. بۇ سەۋەبتىن پەقەت ئاللاھقىلا ئەمەس، ئاللاھ بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاستە دەپ قارىغان باشقا مەخلۇقلارغىمۇ ئىبادەت قىلاتتى. لېكىن بۇنى ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا ئىشەنگەنلىكى ۋە ئاللاھقا يېقىنلىششنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئۈچۈن قىلاتتى (شۇنداق دەۋا قىلاتتى):

**اَلَا لِلّٰهِ الدّ۪ينُ الْخَالِصُّ وَالَّذ۪ينَ اتَّخَذُوا مِنْ دُونِه۪ٓ اَوْلِيَٓاءَۢ مَا نَعْبُدُهُمْ اِلَّا لِيُقَرِّبُونَٓا اِلَى اللّٰهِ زُلْفٰىۜ اِنَّ اللّٰهَ يَحْكُمُ بَيْنَهُمْ ف۪ي مَا هُمْ ف۪يهِ يَخْتَلِفُونَۜ اِنَّ اللّٰهَ لَا يَهْد۪ي مَنْ هُوَ كَاذِبٌ كَفَّارٌ**

«بىلگىنكى، ساپ دىن پەقەت ئاللاھقا خاستۇر. ئۇنىڭ (ئاللاھ) بىلەن بىرلىكتە باشقا دوست (ئەۋلىيا)نى ئۆزىگە هامىي قىلىۋالغانلار: ‹بىز ئۇلارغا (هىمايىچىلەرگە) پەقەت بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرسۇن دەپ ئىبادەت قىلىمىز› دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرى ئۈستىدە چوقۇم هۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھ، هەقىقەتەن يالغانچى ۋە كۇپۇرلۇق قىلغۇچىنى هىدايەت قىلمايدۇ» (زۇمەر سۈرىسى، 3 ـ ئايەت).

دېمەك، مۇشرىكلار ئاللاھقا ئىشىنىدۇ، هەتتا ئىبادەتلىرىنى ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا قوشۇپ ۋاستىچى (ۋەسىلە) دەپ قارىغان مەخلۇقلارغىمۇ دۇئا قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئاللاھقىمۇ دۇئا قىلىدۇ. هەتتا قۇرئان ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى «ئاللاھۇممە (ئى ئاللاھىمىز)» دەپ باشلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:

**وَاِذْ قَالُوا اللّٰهُمَّ اِنْ كَانَ هٰذَا هُوَ الْحَقَّ مِنْ عِنْدِكَ فَاَمْطِرْ عَلَيْنَا حِجَارَةً مِنَ السَّمَٓاءِ اَوِ ائْتِنَا بِعَذَابٍ اَل۪يمٍ**

«ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (مۇشرىكلار): ‹ئى ئاللاھىمىز! ئەگەر بۇ، هەقىقەتەن سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان هەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن› دېيىشتى» (ئەنفال سۈرىسى، 23 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتلەردىن مەلۇم بولغاندەك، مۇشرىكلار ئۆزلىرىچە «دىندار» كىشىلەر ئىدى. هەتتا، ئاشقۇن دىندارلار ئىدى. ئاشقۇنلىقى شۇ دەرىجىدە بولۇپ، مۇئمىنلەرنى «دىندار ئەمەس» دەپ ئەيىبلىگەن (ئۆزلىرى مۇقەددەس دەپ بىلگەن مەخلۇقلارنى ئۇلۇغ دەپ ئېتىراپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن). مۇشرىكلار ئۆزلىرىنى دىندار دەپ جاكارلايدۇ. لېكىن يېتەكچىسى «ئاللاھنىڭ كىتابى» بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇشرىك دىندارلار «ئاللاھنىڭ دىنى»نىڭ دىندارلىرى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى

توقۇپ چىققان دىنىنىڭ دىندارلىرىدۇر.

مۇشرىكلار، قايسى ئەمەلنىڭ تېخىمۇ خەيرلىك (ئۈستۈن) ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: ھاجىلارغا سۇ بېرىش ۋە كەبىنى رېمونت قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى (ئۆزلىرى قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ ئەلا دەپ بىلىدۇ.

«سىلەر ھاجىلارغا سۇ بېرىشنى ۋە مەسجىدى ھەرامنى ئاۋات قىلىشنى، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىپ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ ئىمانى بىلەن تەڭ دەپ ھېسابلامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلار باراۋەر ئەمەس...» (تەۋبە سۈرىسى، 19-ئايەت).

دېمەك، مۇشرىكلار ئاللاھنى ئىنكار قىلمايدۇ، ھەتتا كەبىنى ئاۋات قىلىش ۋە ھاجىلارغا خىزمەت قىلىشقا ئوخشاش ئۆزلىرىچە ئۇلۇغ دەپ بىلگەن ئىشلارنى قىلىشاتتى.

مۇشرىكلار ھېچقاچان «بىز ئاللاھقا ئىشەنمەيمىز» دېمىگەندەك، «بىز ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈۋاتىمىز» دېمىگەن. ئەكسىچە، شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنى (مۇشرىك بولغانلىقىنى) قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ ۋە «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز مۇشرىك ئەمەس ئىدۇق» دېيىشىدۇ.

**وَيَوْمَ نَحْشُرُهُمْ جَمِيعاً ثُمَّ نَقُولُ لِلَّذِينَ اَشْرَكُوا اَيْنَ شُرَكَاۤؤُكُمُ الَّذِينَ كُنْتُمْ تَزْعُمُونَ ثُمَّ لَمْ تَكُنْ فِتْنَتُهُمْ اِلَّا اَنْ قَالُوا وَاللّٰهِ رَبِّنَا مَا كُنَّا مُشْرِكِينَ اُنْظُرْ كَيْفَ كَذَبُوا عَلٰى اَنْفُسِهِمْ وَضَلَّ عَنْهُمْ مَا كَانُوا يَفْتَرُونَ**

«ئۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەھشەردە يىغىمىز، ئاندىن -ئاللاھقا- شېرىك كەلتۈرگەنلەردىن: ‹ئاللاھنىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان مەبۇدلىرىڭلار قېنى؟› دەپ سورايمىز. ئاندىن (ئۇلار): ‹ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، رەببىمىز، بىز مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدۇق› دەيدۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا باھانە تاپالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى قانداق يالغان سۆزلىگەنلىكىگە ۋە ئۇلار تۆھمەت قىلغان (شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرى)لىرىنىڭ ئۇلاردىن قانداق قاچقانلىقىغا قارىغىن» (ئەنئام سۈرىسى، 24-22-ئايەتلەر).

دېمەك، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن شېرىكلاردىن ساقلىنىش كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا شېرىك كەلتۈرۈپ سېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەرقانداق بىر مۇشرىك «مەن شېرىك كەلتۈرۈۋاتىمەن» دېمەيدۇ. ھەتتا، قىلمىشىنىڭ شېرىك ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ. بەلكى ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن مۇشرىك

ئەمەسلىكگە ئىشىنىدۇ. چۈنكى كىتابقا ئاساسەن ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ گۇمانى بىلەن ئىش قىلىدۇ.

مۇشرىكلارنىڭ بۇ ئەھۋالى، ئاللاھ «هارام» دېگەن بىر نەرسىنى، «هارام ئەمەس» دېيىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ «شېرىك» دېگەن نەرسىنى، «ياق، بۇ شېرىك ئەمەس» دېگەن بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ھېچكىم «بۇ قىلمىشىم شېرىك، لېكىن نەپسىمگە ئەگەشتىم ۋە شېرىك كەلتۈردۈم» دېمەيدۇ، ئۆز قىلمىشىنىڭ «شېرىك ئەمەسلىكىنى» ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن شېرىك بارلىق مۇئمىنلەرنى خەۋپ ئاستىدا قالدۇرغان خېيىم - خەتەردۇر. نەبى (ئە س)دىن كەلگەن تۆۋەندىكى رىۋايەت بۇ رېئاللىقنى (مۇئمىنلەر ئۈچۈن شېرىك خەۋپىنى) مۇنداق بايان قىلماقتا:

«نەبى (ئە س): ‹شېرىك، ئۈممىتىم ئىچىدە قاراڭغۇ كېچىدە قارا تاشنىڭ ئۈستىدىكى چۈمۈلىنىڭ ئاياغ تىۋىشىدىنمۇ مەخپىيدۇر› دېگەن»[1].

ئىنسانلارنىڭ تولىسى كاپىر (مۇشرىك)مۇ؟

بارلىق مۇئمىنلەر (مەيلى قوبۇل قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن) شېرىك نۇقتىسىدا ناھايىتى چوڭ خەۋپ ئاستىدا تۇرىدۇ. بۇ، قۇرئان بىلدۈرگەن ھەقىقەتتۇر. چۈنكى قۇرئان ئىلگىرىكىلەرنىڭ تولىسىنىڭ مۇشرىك بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى (ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى)، لېكىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭمۇ شېرىك كەلتۈرگەن ھالدا ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى (كۆپ سانلىقىنىڭ مۇشرىك بولىدىغانلىقىنى) بىلدۈرمەكتە:

**قُلْ سِيرُوا فِي الْاَرْضِ فَانْظُرُوا كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الَّذِينَ مِنْ قَبْلُۜ كَانَ اَكْثَرُهُمْ مُشْرِكِينَ**

«ئېيتقىنكى: يەر يۈزىدە كېزىپ ئايلىنىڭلار ۋە ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار. ئۇلارنىڭ تولىسى مۇشرىك ئىدى» (رۇم سۈرىسى، 42 - ئايەت).

**وَمَٓا اَكْثَرُ النَّاسِ وَلَوْ حَرَصْتَ بِمُؤْمِنِينَ**

«سەن گەرچە ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ» (يۇسۇف سۈرىسى، 103 - ئايەت).

(1) ئەھمەد بىن ھەنبەل، «مۇسنەد»، 4 - جىلد، 403 - بەت

وَمَا يُؤْمِنُ اَكْثَرُهُمْ بِاللّٰهِ اِلَّا وَهُمْ مُشْرِكُونَ

«ئۇلار (ئىمان ئېيتقۇچىلار)نىڭ تولىسى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتىدۇ» (يۇسۇف سۈرىسى، 106 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتلەرگە ئاساسلانغاندا يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئىمان ئېيتمايدۇ، ئىمان ئېيتقانلارنىڭمۇ تولىسى ئىمانىغا شېرىك يۇقتۇرۇۋالىدۇ. يەنى، مۇشرىك بولىدۇ.

بۇ رېئاللىقنى كۆنىمىزگە تەتبىقلىساق، تەخمىنەن يەتتە مىليارد ئىنساننىڭ ئىچىدە 1.5 مىليارد ئەتراپىدىكى كىشى «مەن مۇسۇلمان» دەيدۇ. يەنى، كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كۇپۇردا چىڭ تۇرغان[1] ۋە (بىز مۇسۇلمانلارنىڭچە) ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان[2]. لېكىن «مەن مۇسۇلمان» دېگۈچىلەرنىڭ كۆپ سانلىقىمۇ يۇسۇف سۈرىسى 106 ۋە رۇم سۈرىسى 42 ئايەتكە ئاساسەن مۇشرىكتۇر. ئاللاھ تائالا «خالىسا بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى، لېكىن شېرىك كەلتۈرۈشنى ھەرگىزمۇ مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقىنى»[3] ۋە «مۇشرىكلارغا جەننەتنى ھارام قىلغانلىقىنى»[4] بىلدۈرگەنلىكىدىن، بۇ ئاقىۋەت (ئىمان ئېيتقۇچىلارنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ مۇشرىك بولۇشى مۇمكىنلىكى) ئەلۋەتتە كىشىنى چۆچۈتىدۇ. لېكىن بۇ يەكۈن بىز چىقارغان خۇلاسە بولماستىن، بەلكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە بىلدۈرۈلگەن بولۇپ ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

خوش، ئۇنداقتا ئىنسانلارنىڭ تولىسى نېمە ئۈچۈن ئىمان ئېيتمايدۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنىمۇ قۇرئان بەرمەكتە. كىشىلەرنىڭ تولىسى قۇرئانغا (ھەقىقىي مەنىدە) ئىشەنمىگەنلىكتىن، ئۇلار ئىمان ئېيتقانلار قاتارىدىن بولمايدۇ.

اِنَّهُ الْحَقُّ مِنْ رَبِّكَ وَلٰكِنَّ اَكْثَرَ النَّاسِ لَا يُؤْمِنُونَ

«ئۇ (قۇرئان) ھەقىقەتەن رەببىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەتتۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (ئۇنىڭغا) ئىمان ئېيتمايدۇ» (ھۇد سۈرىسى، 17 ـ ئايەت).

---

(1) فۇرقان سۈرىسى، 50؛ ئىسرا سۈرىسى، 89

(2) يۇسۇف سۈرىسى، 103؛ شۇئەرا سۈرىسى، 8

(3) نىسا سۈرىسى، 48، 116 ـ ئايەت

(4) مائىدە سۈرىسى، 72 ـ ئايەت

وَلَقَدْ صَرَّفْنَا لِلنَّاسِ فِي هٰذَا الْقُرْاٰنِ مِنْ كُلِّ مَثَلٍ فَاَبٰى اَكْثَرُ النَّاسِ اِلَّا كُفُوراً

«شۇبھىسىزكى، بىز بۇ قۇرئاندا ئىنسانلارغا تۈرلۈك مەسىلىلەرنى خىلمۇ ـ خىل شەكىلدە چۈشەندۈردۇق. لېكىن بۇنىڭغا قارىماستىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ» (ئىسرا سۈرىسى، 89 ـ ئايەت).

وَلَقَدْ صَرَّفْنَاهُ بَيْنَهُمْ لِيَذَّكَّرُوا فَاَبٰى اَكْثَرُ النَّاسِ اِلَّا كُفُوراً

«شۇبھىسىزكى، بىز ئىنسانلارنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ يامغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى تۈرلۈك شەكىلدە بايان قىلدۇق (چۈشەندۈردۇق). شۇنداقتىمۇ ئىنسانلارنىڭ تولىسى كۇپۇرلۇقتا چىڭ تۇرىدۇ» (فۇرقان سۈرىسى، 50 ـ ئايەت).

ئۇنداقتا «مەن ئىمان ئېيتتىم» دېگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىمانى ئىشەنچلىك ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن شېرىككە مۇپتىلا بولۇپ قالماسلىق ۋە قۇرئانغا شەرتسىز تەسلىم بولۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا دىنىنى پۈتۈنلەي ئاللاھقا خاس قىلغىلى بولىدۇ. مانا بۇ شەكىلدە ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلالايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن، ئاللاھقا خاس ھەرقانداق قۇدرەت ۋە سۈپەتنى ھەرگىزمۇ باشقا مەخلۇققا بەرمەسلىك كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىماننى قۇرئان بىلەن تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىم. ئەكسىچە بولغاندا شېرىكتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق. بىر مۇئمىن ئەلۋەتتە بارلىق گۇناھلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن غەيرەت قىلىشى لازىم. لېكىن ھەممىدىن بەكرەك ھەزەر ئەيلەش كېرەك بولغان مەسىلە ئاللاھ ھەرگىزمۇ مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە كەڭ كۆلەمدە سادىر بولغان زۇلۇم (گۇناھ)ـ شېرىك كەلتۈرۈشتۇر.

شۇڭا قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ خېلى كۆپ سالمىقى شېرىك ۋە تەۋھىد ھەققىدە بولۇپ، شېرىك خەۋپى ھەممىمىزنى تەھدىت قىلىپ تۇرىدۇ. مۇئمىنلەر ئوقۇيدىغان كىتاب قۇرئاننىڭ مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە بۇنچە كۆپ ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى سەۋەبسىز ئەمەس. بەزىلەر ئېيتقاندەك شېرىك مەسىلىسى بىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغان بولسا، بۇنچە كۆپ ئايەتلەرنى ئەۋەتكەن ئاللاھ بىمەنە ئىش قىلغان بولامدۇ؟ (نەئۇزى بىللاھ). ئاللاھ ھەرگىزمۇ بىمەنە ئىش قىلمايدۇ. چۈنكى شېرىك (بىز مۇئمىنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) بارلىق كىشىلەرگە تەھدىت سېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ خەتەردۇر.

بۇ سەۋەبتىن، قۇرئان ئاللاھنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئايەتلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى (فىترەت جەھەتتىن ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىغان كىشى يوق،

مەۋجۇت ئەمەس)، بەلكى ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى (ئاللاھقا خاس سۈپەت ۋە قۇدرەتنىڭ ئۇنىڭدىن غەيرىدە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى) بىلدۈرىدىغان ئايەتلەر بىلەن تولۇپ - تاشقان. ھەر نەبى - رەسۇل ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلمىغان. ئەكسىچە، بارلىق رەسۇللار ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك (تەۋھىد)نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. لېكىن بۇ ھەقتە بارلىق رەسۇللارغا قىلىنغان ئۆزگەرمەس ئېتىرازلارمۇ (كېيىنكى پاراگرافتا ئىزاھلاپ ئۆتىمىز) دائىم ئەجدادىنىڭ قىلغانلىرى (تۇتۇپ ماڭغان يولى) بولغان.

«ئۇنداق ئەمەس! ئۇلار: ‹بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز. بىز ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھىدايەت تاپىمىز› دېدى. سەندىن ئىلگىرى ھەرقاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەۋەتسەك، ئۇ يۇرتنىڭ كاتتىلىرى: ‹بىز ھەقىقەتەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى كۆردۇق. شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز› دېيىشتى» (زۇخرۇف سۈرىسى، 23 ـ 22 ـ ئايەتلەر).

دېمەك، بىز مۇئمىنلەر بۇنداق ئەھۋالغا دىققەت قىلىشىمىز، كۇپۇرنىڭ پەقەتلا ئاللاھنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەسلىكىنى (ئەسلىدە بۇنداق ئىنكار قىلىش تۈرىنىڭ فىترەت نۇقتىسىدىن مۇمكىن ئەمەسلىكىنى)، ھەرقانداق بىر ھەقىقەت (ئايەت)نىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويۇشنىڭ ياكى ئۇنى كۆرمەسكە سېلىشنىڭمۇ كۇپۇرلۇق بولىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز لازىم. شېرىكنىڭمۇ ئاللاھ بىلەن تەڭداش دېيىلگەن بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئەمەسلىكىنى (بۇنداق شەكىلدە شېرىك كەلتۈرگۈچىنىڭ يوقلىقىنى)، كەڭ تارقالغان شېرىك تۈرىنىڭ ئاللاھقا خاس قۇدرەت ۋە سۈپەتلەردىن بىرىنى ئازراق بولسىمۇ باشقا بىر مەخلۇققا بېرىش ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. شېرىك مەسىلىسىنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال مۇئمىنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ۋە بۇ مەسىلىدە ناھايىتى ئەستايىدىل بولۇشىمىز لازىم. شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش بىلەن مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى، لېكىن بۇ ئىماننىڭ ناتوغرا بولغان «ئاللاھ ئەقىدىسى»نىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى (شېرىك كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى) بىلىشىمىز كېرەك.

ذٰلِكُمْ بِاَنَّهُۤ اِذَا دُعِيَ اللّٰهُ وَحْدَهُ كَفَرْتُمْۚ وَاِنْ يُشْرَكْ بِه۪ تُؤْمِنُواۜ فَالْحُكْمُ لِلّٰهِ الْعَلِيِّ الْكَب۪يرِ

«سىلەرگە بېرىلگەن بۇ جازا شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، سىلەر ئاللاھنى بىر دەپ بىلىشكە چاقىرىلغاندا ئىنكار قىلدىڭلار. لېكىن ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈلگەندە

ئىمان ئېيتتىڭلار. ھۆكۈم ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك ئاللاھقا خاستۇر» (غافىر سۈرىسى، 12 - ئايەت).

دېمەك، شېرىك ئەڭ باشتا ئىمان ئېيتقانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ، «ھارامنىڭ شۈبھىلىك بولغانلىرىدىنمۇ ھەزەر ئەيلەيمىز» دېگۈچىلەر (بۇنداق ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولغۇچىلار)، «ئاللاھ مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن» ھارامlardin بۇرۇن، «ھەرگىزمۇ مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن» زۇلۇم (ھارام)دىن، يەنى شېرىك بالاسىدىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. لېكىن كۈنىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تولىسى (ئەپسۇسكى) بۇ ھوشيارلىققا ئىگە ئەمەس. ئەكسىچە، قۇرئان شېرىك دېگەن خېلى كۆپ ئەمەل، (ئەپسۇسكى) مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئىبادەت مەقسىتىدە ئادا قىلىنماقتا. بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئايەت «بىز بۇ ئايەتلەرگە ئىشەنمەيمىز» دېگەن سەۋەب بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە باشقا باھانىلەر بىلەن نەزەردىن ساقىت قىلىنماقتا. ئىلگىرى سۈرۈلگەن باھانە بەزىدە ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرى (ئۇلارنى رەب قىلىۋېلىش)[1]، بەزىدە مەزھەپۋازلىق[2]، كۆپىنچە «ئەجدادىمىزنىڭ يولى»[3]دىن ئىبارەت. ھالبۇكى، قىلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر ئىش (باشقا نەرسە ئەمەس)، پەقەت ۋە پەقەت قۇرئانغا ئەگىشىشتۇر.

فَاسْتَمْسِكْ بِالَّذ۪ٓي اُو۫حِيَ اِلَيْكَۚ اِنَّكَ عَلٰى صِرَاطٍ مُسْتَق۪يمٍ وَاِنَّهُ لَذِكْرٌ لَكَ وَلِقَوْمِكَۚ وَسَوْفَ تُسْـَٔلُونَ

«سەن ساڭا ۋەھيي قىلىنغان (قۇرئان)غا چىڭ ئېسىلغىن. چۈنكى سەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇرسەن. شۈبھىسىزكى، ئۇ (ساڭا ۋەھيي قىلىنغان قۇرئان) ھەم سەن ئۈچۈن، ھەم قەۋمىڭ ئۈچۈن نەسىھەتتۇر ۋە ھەممىڭلار كېلەچەكتە ئۇنىڭدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر» (زۇخرۇف سۈرىسى، 44 - 43 - ئايەتلەر).

اِتَّبِعُوا مَٓا اُنْزِلَ اِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِه۪ٓ اَوْلِيَٓاءَۜ قَل۪يلاً مَا تَذَكَّرُونَ

«سىلەرگە رەببىڭلاردىن نازىل قىلىنغان (قۇرئان)غا ئەگىشىڭلار. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئەۋلىيا (دوستلار)نىڭ نوپۇزىنى قوبۇل قىلماڭلار. ئىچىڭلاردىكى ناھايىتى ئاز كىشىلەر بۇ ۋەز - نەسىھەتكە قۇلاق سالىدۇ» (ئەئراف سۈرىسى، 3 - ئايەت).

---

(1) تەۋبە سۈرىسى، 31 - ئايەت

(2) ئەنئام سۈرىسى، 159؛ ھىجر سۈرىسى، 93 - 91؛ مۇئمىنۇن سۈرىسى، 53 - 52؛ رۇم سۈرىسى، 32 - ئايەت

(3) بەقەرە سۈرىسى، 170؛ مائىدە سۈرىسى، 104؛ ساد سۈرىسى، 7 - 5؛ زۇخرۇف سۈرىسى، 23 - ئايەت

## شېرىكنىڭ تۈرلىرى ۋە ئەڭ كۆپ شېرىك قوشۇلغان مەخلۇقلار

مۇشرىكلار ئاللاھقا ئىشەنگەنلىكى ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن (ئاللاھقا دۈشمەن كىشىلەر ئەمەس ئىدى)، ئاللاھقا يېقىن دەپ قارىغان مەخلۇقلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلاتتى. قۇرئان ئەڭ كۆپ شېرىك كەلتۈرۈلگەن نەرسىلەرنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى (ئىبرەت ئېلىشىمىز ۋە بىزمۇ ئوخشاش خاتالىقنى سادىر قىلماسلىقىمىز ئۈچۈن) بىزلەرگە بىلدۈرگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەڭ كۆپ شېرىك كەلتۈرۈلگەن مەخلۇقلار (بۇلار تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەر) تۆۋەندىكىچە:

1. پەرىشتىلەر[1].

2. نەبىلەر[2].

3. ئۆلىمالار[3].

4. ئۇلۇغ (دەپ قارالغان) زاتلار[4].

مۇشرىكلار بۇ مەخلۇقلارغا بەزىدە بىۋاسىتە، كۆپىنچە ۋاقىتتا بولسا بۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەزى سىمۋوللارغا (روھلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇت، ھەيكەللەرگە) دۇئا (ئىبادەت) قىلىپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ (بۇلارنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى بىرئازدىن كېيىن چۈشەندۈرىمىز). ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۈچ تۈرلۈك شېرىك مەۋجۇت:

**ئۇلۇھىيەتتە شېرىك كەلتۈرۈش.** بۇ تۈر شېرىك ئاللاھقا خاس ھەرقانداق بىر قۇدرەت ۋە سۈپەتنى (ئىلاھى خاسلىقلارنى) ئازراق بولسىمۇ، باشقا بىرى مەخلۇققا بېرىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. پەرىشتىلەر ۋە پەيغەمبەرلەرگە ھېچقانداق شەكىلدە ئىلاھى سۈپەتلەرنى بېرىشكە بولمايدۇ.

**ئۇبۇدىيەتتە (ئىبادەتتە) شېرىك كەلتۈرۈش.** بۇ تۈر شېرىك ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىش، ئۇلارغا بەندە بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىبادەتنىڭ پەقەت سەجدە ۋە رۇكۇدىن ئىبارەت بولمىغانلىقىنى، ياردەم تىلەش مەقسىتىدە قىلىنغان

---

(1) سەبەئ سۈرىسى، 40-41؛ ساففات سۈرىسى، 150-153؛ زۇخرۇف سۈرىسى، 16؛ نەجم سۈرىسى، 27-ئايەت

(2) ئالئىمران سۈرىسى، 79؛ نىسا سۈرىسى، 171؛ مائىدە سۈرىسى، 116؛ تەۋبە سۈرىسى، 30-31-ئايەتلەر

(3) تەۋبە سۈرىسى، 31-ئايەت

(4) ئەئراف سۈرىسى، 3؛ كەھف سۈرىسى، 102؛ ئەنكەبۇت سۈرىسى، 41؛ زۇمەر سۈرىسى، 3؛ نۇھ سۈرىسى، 23-ئايەت

دۇئانىڭمۇ بىر ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. چەكتىن ئاشقان ھۆرمەتنىڭمۇ شېرىككە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم.

**رۇبۇبىيەتتە شېرىك كەلتۈرۈش.** بۇ تۈر شېرىك ئاللاھتىن غەيرىنى رەب قىلىۋېلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئاللاھتىن غەيرىنى رەب قىلىۋېلىش ئۈچۈن مەزكۇر مەخلۇقلارغا سەجدە ۋە رۇكۇ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە زىت پەتىۋا (ھۆكۈم) بەرگۈچىلەرگە ئېتىبار قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئۇلارنى رەب قىلىۋالغانلىق بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن رۇبۇبىيەتكە شېرىك كەلتۈرۈش (رەب قىلىۋېلىش)، ئەڭ كۆپ سادىر بولىدىغان شېرىك تۈرلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

**مَا كَانَ لِبَشَرٍ اَنْ يُؤْتِيَهُ اللّٰهُ الْكِتَابَ وَالْحُكْمَ وَالنُّبُوَّةَ ثُمَّ يَقُولَ لِلنَّاسِ كُونُوا عِبَاداً لِي مِنْ دُونِ اللّٰهِ وَلٰكِنْ كُونُوا رَبَّانِيِّنَ بِمَا كُنْتُمْ تُعَلِّمُونَ الْكِتَابَ وَبِمَا كُنْتُمْ تَدْرُسُونَۙ وَلَا يَأْمُرَكُمْ اَنْ تَتَّخِذُوا الْمَلٰٓئِكَةَ وَالنَّبِيِّنَ اَرْبَاباًۜ اَيَأْمُرُكُمْ بِالْكُفْرِ بَعْدَ اِذْ اَنْتُمْ مُسْلِمُونَ**

«ئاللاھ كىتاب، يەنى ھېكمەت ۋە نەبىلىك بەرگەن كىشى: ‹ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە ماڭا بەندە بولۇڭلار› دېمەيدۇ. ئەكسىچە، ‹ئۆگىنىپ ئۆگەتكەن كىتابىڭلارنىڭ تەلىماتى بويىچە پەقەت رەبكە خاس بەندە بولۇڭلار› دەيدۇ. ئۇ سىلەرنى، پەرىشتىلەرنى ۋە نەبىلەرنى رەب قىلىۋېلىشقا بۇيرۇمايدۇ. (ئۇ) سىلەر مۇسۇلمان بولغاندىكىن كېيىن، سىلەرنى كاپىر بولۇشقا بۇيرۇمدۇ؟» (ئالئىمران سۈرىسى، 80 ـ 79 ـ ئايەتلەر).

**اِتَّخَذُوٓا اَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ اَرْبَاباً مِنْ دُونِ اللّٰهِ وَالْمَسٖيحَ ابْنَ مَرْيَمَۚ وَمَٓا اُمِرُوٓا اِلَّا لِيَعْبُدُوٓا اِلٰهاً وَاحِداًۚ لَٓا اِلٰهَ اِلَّا هُوَۜ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ**

«ئۇلار ھېبرلىرىنى ۋە روھبانلارنى (ئۆلىمالىرىنى ۋە دىنى زاتلارنى)، مەريەم ئوغلى مەسىھنى ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرىگە رەب قىلىۋالدى. ھالبۇكى، ئۇلار پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغانىدى. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ، مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر» (تەۋبە سۈرىسى، 13 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت نازىل بولغاندا، ساھابىلەردىن ئادى بىن ھاتەم (ر ئە) رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇلار (يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار) دىنىي زاتلارغا سەجدە قىلمايدۇ، نېمە ئۈچۈن ئايەتتە رەب قىلىۋالدى» دېيىلدى؟ دەپ سورىغان ۋە بۇنىڭغا نەبى (ئە س) مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

«ئەسلىدە ئۇلار روھبانلىرىغا چوقۇنمىدى (سەجدە قىلمىدى)، لېكىن روھبانلىرى (ئاللاھ ھارام قىلغان بىر نەرسىنى) ئۆزلىرىگە ھالال قىلسا، دەرھال ھالال دەپ قوبۇل

قىلدى؛ (ئاللاھ ھالال قىلغان بىر نەرسىنى) ئۆزلىرىگە ھارام قىلسا، دەرھال ھارام دەپ قوبۇل قىلىشتى»[1].

دېمەك، بىر كىشىنى رەب قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئاللاھنىڭ كىتابىغا زىت ھالدا بېرىلگەن ھۆكۈملەرنى توغرا دەپ قوبۇل قىلىش، ئۇنى رەب قىلىۋالغانلىقتۇر. بۇنداق قىلغان بىر كىشىنىڭ دىنىي ئالىم، جامائەت ئاتامانى، تەرىقەت شەيخى... بولۇشى، ھەتتا نەبى بولۇشىمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق بىر نەبى ئاللاھنىڭ كىتابىغا خىلاپ ھۆكۈم بەرمەيدۇ. لېكىن ئىنسانلار ئۇنىڭغا مۇشۇنداق پەتىۋالارنى مەنسۇپ قىلىشى مۇمكىن. يەنى، توقۇلما ھەدىسلەر مانا مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. توقۇلما ھەدىسلەرنى نەبى ئېيتمىغان. لېكىن بۇ سۆزلەر (قۇرئانغا زىت بولسىمۇ) نەبىگە مەنسۇپ قىلىنغان. بۇ سۆزلەر «نەبى ئېيتقان دېگەن قاراش بىلەن» توغرا دەپ قارالسا، نەبى ياكى نەبىگە بۇ يالغاننى مەنسۇپ قىلغان كىشىلەر رەب قىلىنغان بولىدۇ. مەسىلەن: ئىيسا (ئە س)، «ئى ئىنسانلار! مېنى رەب قىلىۋېلىڭلار»[2] دېگەن ئەمەس. لېكىن (كۆرۈپ تۇرغىنىمىزدەك) خىرىستىيانلارنىڭ ئۇنى رەب قىلىۋالغانلىقىنى قۇرئان بىزگە بىلدۈرمەكتە. ئىيسا (ئە س)دىن كېيىن كەلگەن (ئاتالمىش) ئىسەۋىلەر، ئۇنىڭغا بۇ يالغان سۆزلەرنى مەنسۇپ قىلغان. بەزىلىرى بۇ يالغان سۆزلەرگە ئىشەنگەن ۋە بۇ سەۋەبتىن ئىيسا (ئە س)نى رەب قىلىۋالغان (ئەسلىدە ئۇلار ئىيساغا تۆھمەت قىلىپ، بۇ يالغاننى ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلغۇچىلارنى رەب قىلىۋالدى). ھالبۇكى، ئاللاھ بۇنداق بىر نەرسىگە بۇيرۇمىغان، ئىيسا (ئە س) بۇنداق دېمىگەن. ئەكسىچە بۇنى قاتتىق مەنئى قىلغان.

بۇ خەۋپلەرمۇ ئەلۋەتتە بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەۋجۇت. ئەكسىچە بولغاندا، بۇ مەسىلىلەر بىزگە ئەسكەرتىلمەيتتى ۋە «(ئۇ نەبى) سىلەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، سىلەرنى كاپىر بولۇشقا بۇيرۇمدۇ؟» دېگەن ئالئىمران سۈرىسىنىڭ 80-ئايىتى قۇرئاندا ئورۇن ئالمايتتى.

«ئاللاھ كىتاب، يەنى ھېكمەت ۋە نەبىلىك بەرگەن كىشى: ‹ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە ماڭا بەندە بولۇڭلار› دېمەيدۇ. ئەكسىچە، ‹ئۆگىنىپ ئۆگەتكەن كىتابىڭ تەلىماتى بويىچە پەقەت رەبكە خاس بەندە بولۇڭلار› دەيدۇ. ئۇ سىلەرنى، پەرىشتىلەرنى ۋە نەبىلەرنى رەب قىلىۋېلىشقا بۇيرۇمايدۇ. (ئۇ) سىلەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، سىلەرنى كاپىر بولۇشقا بۇيرۇمدۇ؟» (ئالئىمران سۈرىسى، 80-79-ئايەتلەر).

---

(1) جانان، «كۈتۈبى سىتتە»، 643

(2) مائىدە سۈرىسى، 117-116-ئايەتلەر

دېمەك، ئەڭ كۆپ شېرىك كەلتۈرۈلگەن مەۋجۇدىيەتلەر پەرىشتىلەر، نەبىلەر ۋە ئۆلىمالاردۇر. ئەپسۇسكى، بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە باشقىلارنى ئۆزلىرىگە رەب قىلىۋېلىپ بۇ خاتالىقنى سادىر قىلماقتا. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ناھايىتىمۇ خەتەرلىكتۇر. نەبى (ئە س)دىن كەلگەن تۆۋەندىكى رىۋايەت بۇ رېئاللىقنى ئىما قىلماقتا:

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «نەبى، ‹سىلەر ئۆزۈڭلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ يولىنى قەدەممۇقەدەم بېسىپ ماڭىسىلەر. بۇ شۇ دەرىجىدە بولىدۇكى، ئۇلار بىر كەسلەنچۈكنىڭ كامىرىغا كىرسە، سىلەرمۇ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ كىرىسىلەر› دېدى. (بىز): ‹ئۇلار (بىز ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭىدىغانلار) يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارمۇ؟› دەپ سورىدۇق. (ئۇ): ‹باشقا كىم بولاتتى؟› دېدى»[1].

ئۇنداقتا، ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ئايرىلماسلىقىمىز ۋە ھېچقانداق كىشىنى (ئۇستاز، ئالىم، شەيخ) رەب قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك. «مەن ھېچكىمنى رەب قىلىۋالمىدىم، چۈنكى مېنىڭ ئۇستازىم، مېنىڭ شەيخىم... قاتارلىقلار قۇرئانغا خىلاپ پەتىۋا (ھۆكۈم) بەرمەيدۇ» دېمەسلىك كېرەك. بۇ مەسىلىدىكى ئەسلى خەۋپ مانا بۇ چۈشەنچە ئاستىدا ياتماقتا. ئۇلار بەرگەن ھۆكۈملەرنىڭ قۇرئانغا مۇۋاپىق بولۇپ - بولمىغانلىقى تەتقىق قىلىنمىغانلىقتىن بۇ ئەھۋالنى ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ نۇقتىدا ئالدىنئالا بېرىلىپ بولغان شەرتسىز ئىتائەت مەۋجۇت. بولمىسا ھېچكىم (ئاللاھقا دۈشمەن بولغان) شەيتاننى ئۆزىگە رەب قىلىۋالمايدۇ. لېكىن ئاللاھقا يېقىن بولغان (دەپ قارالغان) مەۋجۇدىيەتلەر رەب قىلىنىدۇ. مانا بۇ سەۋەبتىن ئەڭ كۆپ شېرىك كەلتۈرۈلگەن مەۋجۇدىيەتلەر (شەيتان ئەمەس، بەلكى) پەرىشتىلەر، نەبىلەر ۋە ئۇلۇغ زاتلار بولغان. چۈنكى ئۇلار ئاللاھقا يېقىن بولغان (شۇنداق دەپ قارالغان) مەۋجۇدىيەتلەردۇر.

ئىلگىرى ئىزاھلاپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇشرىكلار شېرىك كەلتۈرگەن مەۋجۇدىيەتكە بەزىدە بىۋاسىتە، كۆپىنچە بۇ مەۋجۇدىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەزى سىمۋوللارغا (روھلارغا ۋەكىللىك قىلغان بۇت، ھەيكەل) دۇئا (ئىبادەت) قىلىپ شېرىك كەلتۈرىدۇ. لېكىن ھېچقاچان «بىز شېرىك كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىمىز» دېمەيدۇ. شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ[2]. مۇشرىكلارنىڭ شېرىك ئۈچۈن ۋاستە سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان بەزى ئىسىم ۋە سىمۋوللار قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنغان:

---

(1) بۇخارى، ئىتىسام بىس-سۇننە، 14

(2) زۇمەر سۈرىسى، 3-ئايەت

ئىلاھ[1]، ئالىھە ـ ئىلاھلار[2]، ئەنداد ـ ھەمرا ۋە تەڭداشلىرى[3]، ئەسنام ـ ھەيكەلدىن بۇتلار[4]، ئەۋسان ـ بۇتلار[5]، تەماسىل ـ ھەيكەللەر[6]، شۇرەكا ـ شېرىكلەر[7]، شۇھەدا ـ شاھىتلار[8]، شۇفەئا ـ شاپائەتچىلەر، ۋاستىچىلار[9]، ئەرباب ـ رەبلەر[10]، ئەۋلىيا ـ ۋەلىلەر، دوستلار[11]، ئەمسال ـ جورلار، ئوخشاشلار[12]، تاغۇت ـ ئازغۇن ھۆكۈمدار[13]، جىبت ـ بۇتلار[14]، ئەنساب ـ پال تاشلىرى، بۇتلار[15]، ۋەلەد ـ بالا ۋە ساھىبە ـ ئايال، خانىم، تەڭرىچە[16]، ھەۋا (ھاۋايى ـ ھەۋەس)[17].

## مۇشرىكلار كاپىر، كاپىرلار مۇشرىكتۇر

قۇرئانغا ئاساسلانغاندا بارلىق كاپىرلار مۇشرىكتۇر:

**سَنُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُوا الرُّعْبَ بِمَا أَشْرَكُوا بِاللَّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ سُلْطَانًا وَمَأْوَاهُمُ النَّارُ وَبِئْسَ مَثْوَى الظَّالِمِينَ**

«ھەققىدە (ئاللاھ) ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن، كاپىرلارنىڭ دىلىغا قورقۇنچ سالىمىز. ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. زالىملارنىڭ بارىدىغان جايى نېمە دېگەن يامان!» (ئالئىمران سۈرىسى، 151 ـ ئايەت).

مۇشرىكلار، ئاللاھ «بۇلار شېرىكتۇر» دېگەن نۇرغۇن نەرسىنى «ياق، بۇلار

(1) بەقەرە سۈرىسى، 163؛ ئالئىمران سۈرىسى، 2، 8؛ ھىجر سۈرىسى، 96 ـ ئايەت
(2) ئەنبىيا سۈرىسى، 36 ـ ئايەت
(3) بەقەرە سۈرىسى، 165 ـ ئايەت
(4) ئەئراف سۈرىسى، 138 ـ ئايەت
(5) ھەج سۈرىسى، 30 ـ ئايەت
(6) ئەنبىيا سۈرىسى، 52 ـ ئايەت
(7) رەئد سۈرىسى، 16 ـ ئايەت
(8) بەقەرە سۈرىسى، 23 ـ ئايەت
(9) زۇمەر سۈرىسى، 43 ـ ئايەت
(10) تەۋبە سۈرىسى، 31؛ يۇسۇف سۈرىسى، 39 ـ ئايەت
(11) كەھف سۈرىسى، 102؛ ئەنكەبۇت سۈرىسى، 41؛ زۇمەر سۈرىسى، 3 ـ ئايەت
(12) نەھل سۈرىسى، 74 ـ ئايەت
(13) بەقەرە سۈرىسى، 256 ـ ئايەت
(14) نىسا سۈرىسى، 51 ـ ئايەت
(15) مائىدە سۈرىسى، 90 ـ ئايەت
(16) جىن سۈرىسى، 3 ـ ئايەت
(17) جاسىيە سۈرىسى، 23 ـ ئايەت

(بۇنداق قىلىش) شېرىك ئەمەس» دەيدۇ ۋە بۇ سەۋەبتىن يۇقىرىقىدەك ئايەتنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا بارلىق مۇشرىكلار كاپىردۇر. مەسىلەن: ئىسا (ئە س)نى شېرىك كەلتۈرگەنلەر كاپىر بولغانىدى:

**لَقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُوا اِنَّ اللّٰهَ هُوَ الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ**

«مەريەم ئوغلى مەسىھ ئاللاھتۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى...» (مائىدە سۈرىسى، 17 ـ ئايەت).

چۈنكى بۇنداق دېگۈچىلەر تۆۋەندىكى ئايەتنى (ۋە باشقا ئايەتلەرنىمۇ) ئىنكار قىلغان بولىدۇ:

**مَا الْمَسِيحُ ابْنُ مَرْيَمَ اِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُ وَاُمُّهُ صِدِّيقَةٌ كَانَا يَاْكُلَانِ الطَّعَامَ**

«مەريەم ئوغلى مەسىھ (ئىسا)، پەقەت بىر رەسۇلدۇر. ئۇنىڭدىن بۇرۇن نۇرغۇن رەسۇللار ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى دۇرۇست ئايالدۇر. ھەر ئىككىسى تاماق يەيتتى...» (مائىدە سۈرىسى، 75 ـ ئايەت).

دېمەك، ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىر قاراش قۇرئانغا زىت كېلىدىغان بولسا، بۇ كۇپۇرلۇقتۇر. ئىلگىرىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتكىنىمىزدەك خاتالىقنى بىلىپ تۇرۇپ ياكى بىلمەستىن سادىر قىلىش رېئاللىقنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ قاراشلار بىلەن ئايەت ياكى ئايەتلەر ئىنكار قىلىنغان بولىدۇ. مانا بۇ شېرىك كەلتۈرۈش جەھەتتە ئەڭ چوڭ خەتەر بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق قىلغان بەزى كىشىلەر ئاللاھ نامىدىن (ۋە بولۇپمۇ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە خىلاپ ھالدا) ھۆكۈم بەرگەن بولىدۇ. يەنى، ئاللاھ بۇيرۇمىغان بىر نەرسىنى «ئاللاھ مۇشۇنداق دەيدۇ» دەپ ئاللاھقا تۆھمەت قىلىدۇ. بۇنداق قىلغۇچىلار سېپىي ئۆزىدىن «ئاللاھقا دىن ئۆگەتمەكچى بولىدۇ ۋە ئۇلار ئاللاھ بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن» دېيىشكىمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ:

**قُلْ اَتُعَلِّمُونَ اللّٰهَ بِدِينِكُمْ وَاللّٰهُ يَعْلَمُ مَا فِي السَّمٰوَاتِ وَمَا فِي الْاَرْضِ وَاللّٰهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ**

«ئېيتقىنكى: دىنىڭلارنى ئاللاھقا سىلەر ئۆگىتەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بولغان ھەممە نەرسىنى بىلىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر» (ھۇجۇرات سۈرىسى، 16 ـ ئايەت).

**قُلْ اَتُنَبِّؤُنَ اللّٰهَ بِمَا لَا يَعْلَمُ فِي السَّمٰوَاتِ وَلَا فِي الْاَرْضِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالٰى عَمَّا يُشْرِكُونَ**

«ئېيتقىنكى: سىلەر ئاللاھقا ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھ بىلمەي قالغان بىر

نەرسىدىن خەۋەر بېرىۋاتامسىلەر؟ ئاللاھ ئۇلار شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن پاكتۇر ۋە ئۇلۇغدۇر» (يۇنۇس سۈرىسى، 18 ـ ئايەت).

## دۇئا ئىبادەت بولۇپ، دۇئادا شېرىك كەلتۈرمەسلىك كېرەك

مۇشرىك بولۇش ئۈچۈن «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بار» ياكى «ئاللاھتىن باشقا ياراتقۇچىلارمۇ بار» دېيىشنىڭ هاجىتى يوق. «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» دەپ تۇرۇپ، ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلغۇچى ۋە قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە ئاللاھتىن غەيرىيگە دۇئا قىلغۇچىلار (ياردەم تىلىگۈچىلەر) ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ياردەم تىلەش ئۈچۈن پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھقىلا دۇئا قىلىش كېرەك. ئاللاھتىن غەيرىدىن ياردەم تىلىمەسلىك (ھەتتا نەبىدىنمۇ) كېرەك. چۈنكى بۇ مەقسەتتە دۇئا قىلغۇچى، ياردەم تىلەنگۈچىگە ئىبادەت قىلغان بولىدۇ. دۇئا ئىبادەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر:

**وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي اَسْتَجِبْ لَكُمْۜ اِنَّ الَّذ۪ينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَت۪ي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِر۪ينَ**

«رەببىڭلار ئېيتىدۇ: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن ئىجابەت قىلاي. شۈبھىسىزكى، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ماڭا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ» (غافىر سۈرىسى، 60 ـ ئايەت).

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، بۇ ئايەتتە رەببىمىز دۇئا قىلىشنى ئۆزىگە قىلىنغان ئىبادەت دەپ تىلغا ئالماقتا. يەنى دۇئا، ئىبادەت بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلگەن. دۇئانىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن نەبى (ئە س)نىڭ تۆۋەندىكى سۆزىمۇ بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە:

نۇمان بىن بەشىر (ر ئە) مۇنداق دېگەن:

نەبى (ئە س): دۇئا ئىبادەتتۇر، دېدى[1].

بۇ سەۋەبتىن پەقەت ئاللاھتىنلا ياردەم تىلەش كېرەك ۋە دۇئالىرىمىزغا ئاللاھتىن غەيرىنى ئارىلاشتۇرۇۋالماسلىقىمىز لازىم.

**اِيَّاكَ نَعْبُدُ وَاِيَّاكَ نَسْتَع۪ينُۜ**

«پەقەت ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە پەقەت سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» (فاتىھە

(1) جانان، «كۇتۇبى سىتتە»، 464 (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە)

سۈرىسى، 5-ئايەت).

ئاللاھقا قىلىنىدىغان بىر دۇئادا باشقا بىر ۋاستە قىستۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزگە جان تومۇرىمىزدىنمۇ بەكرەك يېقىن.

وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْاِنْسَانَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهٖ نَفْسُهُۚ وَنَحْنُ اَقْرَبُ اِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ الْوَرِيدِ

«بىز ھەقىقەتەن ئىنسانىنى ياراتتۇق. بىز نەپسىنىڭ ئۇنىڭغا نېمىلەرنى پىچىرلىغانلىقىنى بىلىمىز. بىز ئۇنىڭغا جان تومۇرىدىنمۇ بەكرەك يېقىنمىز» (قاف سۈرىسى، 16-ئايەت).

وَاِذَا سَاَلَكَ عِبَادِي عَنّ۪ي فَاِنّ۪ي قَر۪يبٌۜ اُج۪يبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ اِذَا دَعَانِۙ فَلْيَسْتَج۪يبُوا ل۪ي وَلْيُؤْمِنُوا ب۪ي لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُونَ

«مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى): مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن. ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن» (بەقەرە سۈرىسى، 186-ئايەت).

بۇ سەۋەبتىن بارلىق دۇئالىرىمىزنى پەقەت ئاللاھقا خاس قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن غەيرىنى، ھەتتا رەسۇلۇللاھنىمۇ دۇئالىرىمىزغا شېرىك قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا (قۇرئاننىڭ بىزدىنمۇ ئىلگىرىكىلەر كۆپ سادىر قىلغان بۇ خاتالىقلارنى ئۈتكۈزمەسلىكىمىز ئۈچۈن بىزنى قايتا - قايتا ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماستىن)، بىزمۇ بۇ خاتالىقنى سادىر قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى ئاللاھقا شېرىك قوشقان بولىمىز. ھالبۇكى، قۇرئاننىڭ بۇ ھەقتىكى ئاگاھلاندۇرۇشى ناھايىتى روشەن:

قُلْ اِنَّمَٓا اَدْعُوا رَبّ۪ي وَلَٓا اُشْرِكُ بِه۪ٓ اَحَداً

«ئېيتقىنكى: مەن پەقەت رەببىمگىلا دۇئا قىلىمەن ۋە (دۇئايىمدا) ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك قىلمايمەن» (جىن سۈرىسى، 20-ئايەت).

قُلْ اِنَّمَٓا اَنَا۬ بَشَرٌ مِثْلُكُمْ يُوحٰٓى اِلَيَّ اَنَّمَٓا اِلٰهُكُمْ اِلٰهٌ وَاحِدٌۚ فَمَنْ كَانَ يَرْجُوا لِقَٓاءَ رَبِّه۪ فَلْيَعْمَلْ عَمَلاً صَالِحاً وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّه۪ٓ اَحَداً

«ئېيتقىنكى: مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن. ماڭا ئىلاھىڭلارنىڭ يالغۇز بىر ئىلاھ ئىكەنلىكى ۋەھيي قىلىنىدى. كىمكى رەببى بىلەن ئۇچرىشىشنى

ئۈمىد قىلىدىكەن، ئۇنداقتا ياخشى ئىش قىلسۇن، رەببىگە قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن» (كەھف سۈرىسى، 110 ـ ئايەت).

**قُلْ اِنَّمَٓا اَنَا۬ بَشَرٌ مِثْلُكُمْ يُوحٰٓى اِلَيَّ اَنَّمَٓا اِلٰهُكُمْ اِلٰهٌ وَاحِدٌ فَاسْتَقٖيمُٓوا اِلَيْهِ وَاسْتَغْفِرُوهُۜ وَوَيْلٌ لِلْمُشْرِكٖينَۙ**

«ئېيتقىنكى: مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن. ماڭا ئىلاھىڭلارنىڭ يالغۇز بىر ئىلاھ ئىكەنلىكى ۋەھيي قىلىندى. ئۇنىڭغا يۆنىلىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار. شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!» (فۇسسىلەت سۈرىسى، 6 ـ ئايەت).

ئۇنداقتا، ئاللاھتىن غەيرى ھەرقانداق بىر مەۋجۇدىيەتنى دۇئالىرىمىزغا ئارىلاشتۇرماسلىقىمىز كېرەك. نەتىجىدە دۇئالىرىمىزنى قوبۇل قىلغۇچى ئاللاھتۇر. ئاللاھ، دۇئانىڭ ئەدەب ـ قائىدىسىنى (قانداق دۇئا قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى) بىزلەرگە مىساللار بىلەن بىرلىكتە قۇرئاندا ئۆگەتكەن. مەزكۇر مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر ناھايىتى روشەن ۋە چۈشىنىشلىكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇرئاندا يۈزلەرچە دۇئا ئۆرنىكى بار بولۇپ، بۇ دۇئالارنىڭ ھەممىسى نەبى ـ رەسۇللارنىڭ ئاغزىدىن بىزگە ئۆگىتىلگەن. بۇ دۇئالارنىڭ ھېچبىرسىدە ئاللاھتىن غەيرىنىڭ (پەرىشتىلەر، نەبىلەر) ئىسمى تىلغا ئېلىنمايدۇ. دۇئالار پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ دۇئالار (ئۇزۇن ۋە ئەلەملىك ئەمەس بولۇپ) ناھايىتى مېغىزلىق ۋە قىسقىدۇر. ئاللاھ پەقەت دۇئانىڭ مەزمۇنىنىلا ئەمەس، دۇئا قىلغان ۋاقىتتا ئاۋازىمىزنىڭ ۋە ھالىتىمىزنىڭ قانداق بولۇشىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن ھەرقانداق ھالەتتە (ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان...) دۇئا قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئەمەس، بويۇن پۈككەن (كەمتەرلىك بىلەن) ۋە تۆۋەن ئاۋازدا دۇئا قىلىش كېرەك.

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، دۇئا قىلغاندا باشقا بىر ئىسمىنى قوشۇپ دۇئا قىلىش، دۇئانىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن (ھەرگىزمۇ) سەۋەب بولالمايدۇ. ئەكسىچە (دۇئانىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۇياقتا تۇرسۇن)، شېرىك كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا قارىماستىن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى (ئەپسۇسكى) دۇئالىرىغا ئاللاھتىن غەيرىنىڭ ئىسمىنىمۇ قوشۇۋالىدۇ. بۇنداق روشەن ۋە چۈشىنىشلىك ئايەتلەرنىڭ بولۇشىغا قارىماستىن، بۇ خاتالىق نېمە ئۈچۈن سادىر بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە، قۇرئاندىن يىراقلاشقانلىق ۋە شەيتاننىڭ پىچىرلاشلىرىغا قۇلاق سالغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

**وَمَنْ يَعْشُ عَنْ ذِكْرِ الرَّحْمٰنِ نُقَيِّضْ لَهُ شَيْطَانًا فَهُوَ لَهُ قَرٖينٌ وَاِنَّهُمْ لَيَصُدُّونَهُمْ عَنِ السَّبٖيلِ وَيَحْسَبُونَ اَنَّهُمْ مُهْتَدُونَ**

«كىمكى مېھرىبان ئاللاھنىڭ زىكرى (قۇرئان)دىن يۈز ئۆرىسە، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز ۋە ئۇنىڭ يېقىن دوستى بولىدۇ. ئۇ شەيتانلار، ئۇلارنى توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى ھەقىقەتەن توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ» (زۇخرۇف سۈرىسى، 37 ـ 36 ـ ئايەتلەر).

ھالبۇكى، دۇئا جەريانىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى روشەن ۋە ئېنىقتۇر. پەقەت ئاللاھقىلا دۇئا قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن غەيرىنىڭ ئىسمىنى دۇئاغا شېرىك قىلماسلىق كېرەك.

قُلْ اِنَّمَا اَدْعُوا رَبِّي وَلَٓا اُشْرِكُ بِهٖٓ اَحَداً

«ئېيتقىنكى: مەن پەقەت رەببىمگىلا دۇئا قىلىمەن ۋە (دۇئايىمدا) ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك قىلمايمەن» (جىن سۈرىسى، 20 ـ ئايەت).

فَادْعُوا اللّٰهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ

«سىلەر كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، دىنىنى ئاللاھقا خاس قىلغان ھالدا پەقەت ئاللاھقىلا دۇئا قىلىڭلار» (غافىر سۈرىسى، 14 ـ ئايەت).

## ئاللاھتىن غەيرى ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ، قۇتقۇزالمايدۇ

اَمَّنْ يُجِيبُ الْمُضْطَرَّ اِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ السُّوٓءَ وَيَجْعَلُكُمْ خُلَفَٓاءَ الْاَرْضِۜ ءَاِلٰهٌ مَعَ اللّٰهِۜ قَلِيلاً مَا تَذَكَّرُونَۜ

«بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىدىغان، بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىنىنىڭ ئورۇن باسارى قىلغان كىم؟ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر نېمە دېگەن ئاز ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر؟» (نەمل سۈرىسى، 62 ـ ئايەت).

وَاِذَا مَسَّكُمُ الضُّرُّ فِي الْبَحْرِ ضَلَّ مَنْ تَدْعُونَ اِلَّٓا اِيَّاهُۚ فَلَمَّا نَجّٰيكُمْ اِلَى الْبَرِّ اَعْرَضْتُمْۜ وَكَانَ الْاِنْسَانُ كَفُوراً

«سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا ئاللاھتىن باشقا چوقۇنغانلىرىڭلار غايىب بولىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر. ئىنسان ناھايىتىمۇ تۇزكوردۇر» (ئىسرا سۈرىسى، 67 ـ ئايەت).

قُلْ مَنْ يُنَجّٖيكُمْ مِنْ ظُلُمَاتِ الْبَرِّ وَالْبَحْرِ تَدْعُونَهُ تَضَرُّعاً وَخُفْيَةًۚ لَئِنْ اَنْجٰينَا مِنْ هٰذِهٖ لَنَكُونَنَّ مِنَ الشَّاكِرِينَ قُلِ اللّٰهُ يُنَجّٖيكُمْ مِنْهَا وَمِنْ كُلِّ كَرْبٍ ثُمَّ اَنْتُمْ تُشْرِكُونَ

«ئېيتقىنكى: بىزنى قۇتقۇزسا چوقۇم شۈكرى قىلغۇچىلاردىن بولىمىز دەپ يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېلىنغان ۋاقتىڭلاردا سىلەرنى قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتقۇزغان كىم؟ ئېيتقىنكى: سىلەرنى ئۇنىڭدىن ۋە بارلىق غەملەردىن قۇتقۇزغۇچى ئاللاھتۇر. لېكىن سىلەر يەنە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرىسىلەر» (ئەنئام سۈرىسى، 64 ـ 63 ـ ئايەتلەر).

## ئۆلگەنلەردىن ياردەم تىلەشكە بولمايدۇ

**وَمَٓا اَنْتَ بِمُسْمِعٍ مَنْ فِي الْقُبُورِ**

«سەن قەبرىلەردىكىلەرگە ئاڭلاتقۇزالمايسەن!» (فاتىر سۈرىسى، 22 ـ ئايەت).

**اِنَّكَ لَا تُسْمِعُ الْمَوْتٰى**

«شۈبھىسىزكى، سەن ئۆلۈكلەرگە ئاڭلىتالمايسەن» (نەمل سۈرىسى، 80؛ رۇم سۈرىسى، 92 ـ ئايەت).

**وَمَنْ اَضَلُّ مِمَّنْ يَدْعُوا مِنْ دُونِ اللّٰهِ مَنْ لَا يَسْتَجِيبُ لَـهُٓ اِلٰى يَوْمِ الْقِيٰمَةِ وَهُمْ عَنْ دُعَٓائِهِمْ غَافِلُونَ وَاِذَا حُشِرَ النَّاسُ كَانُوا لَهُمْ اَعْدَٓاءً وَكَانُوا بِعِبَادَتِهِمْ كَافِرِينَ**

«ئاللاھنى قويۇپ قىيامەتكىچە ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيدىغان بىراۋغا دۇئا قىلغان (ياردەم تىلىگەن) كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ (ھالبۇكى) ئۇلار، بۇلارنىڭ دۇئا (ياردەم تىلەك)لىرىدىن بىخەۋەردۇر. (قىيامەت كۈنى) كىشىلەر توپلانغان چاغدا ئۇلار (دۇئا قىلغۇچىلار ۋە دۇئا قىلىنغۇچىلار) بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ ۋە ئىبادەت قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ» (ئەھقاف سۈرىسى، 6 ـ 5 ـ ئايەتلەر).

**وَالَّذِينَ يَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللّٰهِ لَا يَخْلُقُونَ شَيْـًٔا وَهُمْ يُخْلَقُونَۜ اَمْوَاتٌ غَيْرُ اَحْيَٓاءٍۚ وَمَا يَشْعُرُونَۙ اَيَّانَ يُبْعَثُونَ**

«ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغانلىرى ھېچقانداق شەيئىنى يارىتالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يارىتىلغان بولۇپ، تىرىك ئەمەس ئۆلۈكتۇر. ھەمدە ئۇلار قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ» (نەھل سۈرىسى، 21 ـ 20 ـ ئايەتلەر).

**اِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللّٰهِ عِبَادٌ اَمْثَالُكُمْ فَادْعُوهُمْ فَلْيَسْتَجِيبُوا لَكُمْ اِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ**

«سىلەر ئاللاھنى قويۇپ دۇئا قىلغان (ياردەم تىلىگەن)لىرىڭلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر. ئەگەر دەۋايىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قېنى ئۇلارنى

چاقىرىڭلار، ئۇلار سىلەرگە جاۋاب بېرىپ باقسۇن» (ئەئراف سۈرىسى، 194 ـ ئايەت).

بەندىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان بىردىن بىر نەرسە، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن قىلىغان سالىھ ئەمەللەردۇر.

**وَمَا اَمْوَالُكُمْ وَلَا اَوْلَادُكُمْ بِالَّتِي تُقَرِّبُكُمْ عِنْدَنَا زُلْفَى اِلَّا مَنْ اٰمَنَ وَعَمِلَ صَالِحاً فَاُولٰئِكَ لَهُمْ جَزَاءُ الضِّعْفِ بِمَا عَمِلُوا وَهُمْ فِي الْغُرُفَاتِ اٰمِنُونَ**

«ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرالمايدۇ. پەقەت ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن قىلغان ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلار بىزگە يېقىن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ. ئۇلار جەننەت سارايلىرىدا خاتىرجەم ھالدا تۇرىدۇ» (سەبەئ سۈرىسى، 37 ـ ئايەت).

**يَٓا اَيُّهَا الَّذٖينَ اٰمَنُوا اتَّقُوا اللّٰهَ وَابْتَغُٓوا اِلَيْهِ الْوَسٖيلَةَ وَجَاهِدُوا فٖي سَبٖيلِهٖ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ**

«ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئۇنىڭغا يېقىن بولۇش ئۈچۈن ۋەسىلە ئىزدەڭلار ۋە ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىڭلار (ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ، ئاللاھقا يېقىن بولۇڭلار). مۇشۇنداق قىلىپ نىجاتلىققا ئېرىشكەيسىلەر» (مائىدە سۈرىسى، 35 ـ ئايەت).

**قُلِ ادْعُوا الَّذٖينَ زَعَمْتُمْ مِنْ دُونِهٖ فَلَا يَمْلِكُونَ كَشْفَ الضُّرِّ عَنْكُمْ وَلَا تَحْوٖيلاً اُولٰئِكَ الَّذٖينَ يَدْعُونَ يَبْتَغُونَ اِلٰى رَبِّهِمُ الْوَسٖيلَةَ اَيُّهُمْ اَقْرَبُ وَيَرْجُونَ رَحْمَتَهُ وَيَخَافُونَ عَذَابَهُ اِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ كَانَ مَحْذُوراً**

«ئېيتقىنكى: ‹ئاللاھتىن باشقا (بىر كۈچكە ئىگە دەپ) ئويلىغانلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، قېنى سىلەرگە ياردەم قىلىپ باقسۇن. ئۇلار سىلەردىن مۇسىبەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىشكە ياكى ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىشكىمۇ قادىر ئەمەس› . ئۇلار يالۋۇرۇپ تىۋىنىلغانلار (پەرىشتىلەر ۋە باشقىلار) رەببىگە قايسى ئەمەل بىلەن يېقىنلىشىمىز دەپ ۋەسىلە ئىزدەيدۇ. رەببىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئازابىدىن قورقىدۇ. چۈنكى رەببىڭنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر» (ئىسرا سۈرىسى، 57 ـ 56 ـ ئايەتلەر).

**وَاسْجُدْ وَاقْتَرِبْ**

«سەجدە قىل ۋە (بۇ ئارقىلىق رەببىڭگە) يېقىنلاش» (ئەلەق سۈرىسى، 19 ـ ئايەت).

نەبى (ئە س)مۇ مۇشۇنداق دېگەن. يەنى، «بەندە رەببىگە ئەڭ يېقىن بولغان

ۋاقىت سەجدىدىكى ۋاقتىدۇر. شۇڭا (سەجدىدە) دۇئانى كۆپرەك قىلىڭلار»[1].

## بىراۋنىڭ خالىغانچە ھارام - ھالال بەلگىلىشى ئاللاھقا تۆھمەت قىلغانلىقتۇر

وَلَا تَقُولُوا لِمَا تَصِفُ اَلْسِنَتُكُمُ الْكَذِبَ هٰذَا حَلَالٌ وَهٰذَا حَرَامٌ لِتَفْتَرُوا عَلَى اللّٰهِ الْكَذِبَ اِنَّ الَّذ۪ينَ يَفْتَرُونَ عَلَى اللّٰهِ الْكَذِبَ لَا يُفْلِحُونَ

«ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغان بىلەن ‹بۇ ھالال، بۇ ھارام› دېمەڭلار. چۈنكى (بۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ نامىدىن يالغان توقۇپ ئاللاھقا تۆھمەت قىلغان بولىسىلەر. ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ» (نەھل سۈرىسى، 116 ـ ئايەت).

قُلْ اَرَاَيْتُمْ مَا اَنْزَلَ اللّٰهُ لَكُمْ مِنْ رِزْقٍ فَجَعَلْتُمْ مِنْهُ حَرَاماً وَحَلَالاًۜ قُلْ آٰللّٰهُ اَذِنَ لَكُمْ اَمْ عَلَى اللّٰهِ تَفْتَرُونَ

«ئېيتقىنكى: ‹ئاللاھ سىلەرگە نازىل قىلغان، سىلەر بولساڭلار بىر قىسمىنى ھالال، بىر قىسمىنى ھارام قىلغان رىزىقلارنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟›. (ئۇلارغا): ‹(مۇشۇنداق قىلىشىڭلارغا) ئاللاھ ئىجازەت بەرگەنمۇ؟ ياكى سىلەر ئاللاھقا تۆھمەت قىلىۋاتامسىلەر؟› دېگىن» (يۇنۇس سۈرىسى، 59 ـ ئايەت).

قُلْ مَنْ حَرَّمَ ز۪ينَةَ اللّٰهِ الَّت۪ٓي اَخْرَجَ لِعِبَادِه۪ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِۜ قُلْ هِيَ لِلَّذ۪ينَ اٰمَنُوا فِي الْحَيٰوةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيٰمَةِۜ كَذٰلِكَ نُفَصِّلُ الْاٰيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ

«ئېيتقىنكى: ‹ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان زىننەتلەرنى ۋە پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟›. ئېيتقىنكى: ‹بۇلار، بۇ دۇنيا ھاياتىدا مۇئمىنلەر ئۈچۈندۇر، قىيامەت كۈنىدىمۇ پەقەت ئۇلارغىلا خاستۇر›. چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بىز ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز» (ئەئراف سۈرىسى، 32 ـ ئايەت).

### مۇشرىكلارنىڭ ھارام بەلگىلىشى

سَيَقُولُ الَّذ۪ينَ اَشْرَكُوا لَوْ شَٓاءَ اللّٰهُ مَٓا اَشْرَكْنَا وَلَٓا اٰبَٓاؤُ۬نَا وَلَا حَرَّمْنَا مِنْ شَيْءٍۜ كَذٰلِكَ كَذَّبَ الَّذ۪ينَ مِنْ قَبْلِهِمْ حَتّٰى ذَاقُوا بَأْسَنَاۜ قُلْ هَلْ عِنْدَكُمْ مِنْ عِلْمٍ فَتُخْرِجُوهُ لَنَاۜ اِنْ تَتَّبِعُونَ اِلَّا الظَّنَّ وَاِنْ اَنْتُمْ اِلَّا تَخْرُصُونَ

(1) مۇسلىم، سالات 215، (482)؛ ئەبۇ داۋۇت، سالات 152

«مۇشرىكلار: ‹ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى بىز ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچقانداق نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق› دەيدۇ. ئۇلاردىن ئىلگىرى ئىنكار قىلغۇچىلارمۇ مۇشۇنداق دېگەنىدى ۋە بۇ سەۋەبتىن ئازابىمىزغا دۇچار بولغانىدى. (ئۇلارغا): ‹بىزگە كۆرسەتكۈدەك پاكىتىڭلار بارمۇ؟ سىلەر پەقەت گۇمان (زان)غىلا ئاساسلىنىسىلەر ۋە ئاللاھقا يالغاننى چاپلاۋاتىسىلەر› دېگىن» (ئەنئام سۈرىسى، 148 ـ ئايەت).

**وَقَالَ الَّذِينَ اَشْرَكُوا لَوْ شَٓاءَ اللّٰهُ مَا عَبَدْنَا مِنْ دُونِهٖ مِنْ شَيْءٍ نَحْنُ وَلَٓا اٰبَٓاؤُ۬نَا وَلَا حَرَّمْنَا مِنْ دُونِهٖ مِنْ شَيْءٍۜ كَذٰلِكَ فَعَلَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْۚ فَهَلْ عَلَى الرُّسُلِ اِلَّا الْبَلَاغُ الْمُبِينُ**

«مۇشرىكلار: ‹مۇبادا ئاللاھ خالىسا ئىدى بىز ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئاللاھتىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلمايتتۇق ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇغىنىدىن باشقا ھېچنەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق› دەيدۇ. ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرمۇ مۇشۇنداق قىلغانىدى. بۇنىڭغا قارشى رەسۇللارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت روشەن ھالدا تەبلىغ قىلىشتىنلا ئىبارەتتۇر» (نەھل سۈرىسى، 35 ـ ئايەت).

## ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاللاھ دوستى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، كىمنىڭ توغرا؟

تارىخ بويى ئۆزىنى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دەپ تونۇتقان ھېچقانداق بىر كىشى (خەلق) بولمىغان. ئەكسىچە، يەھۇدىي، خىرىستىيان ۋە مۇشرىكلاردىن تارتىپ بارلىق خەلقلەر ئۆزلىرىنى ئاللاھ كۆرسەتكەن يولنىڭ ھەقىقىي يولۇچىسى دەپ قارىغان. ھەتتا ھەر پىرقە «جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقىنى...» ئىلگىرى سۈرگەن. تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇ ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەكتە:

**وَقَالُوا لَنْ يَدْخُلَ الْجَنَّةَ اِلَّا مَنْ كَانَ هُوداً اَوْ نَصَارٰىۜ تِلْكَ اَمَانِيُّهُمْۜ قُلْ هَاتُوا بُرْهَانَكُمْ اِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ**

«ئۇلار (ئەھلى كىتاب): ‹يەھۇدىي ياكى ناسارالاردىن باشقا ھېچكىم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ› دەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ خام ـ خىيالىدىن ئىبارەتتۇر. سەن ئۇلارغا: ‹ئەگەر راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار› دېگىن» (بەقەرە سۈرىسى، 111 ـ ئايەت).

**وَقَالَتِ الْيَهُودُ وَالنَّصَارٰى نَحْنُ اَبْنَٓاءُ اللّٰهِ وَاَحِبَّٓاؤُ۬هُۜ قُلْ فَلِمَ يُعَذِّبُكُمْ بِذُنُوبِكُمْۜ بَلْ اَنْتُمْ بَشَرٌ مِمَّنْ خَلَقَۜ يَغْفِرُ لِمَنْ يَشَٓاءُ وَيُعَذِّبُ**

«يەھۇدىي ۋە ناسارالار: ‹بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز ۋە دوستلىرىدۇرمىز› دەيدۇ. (ئۇلارغا): ‹ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن گۇناھلىرىڭلار سەۋەبىدىن سىلەرنى ئازابلايدۇ؟ سىلەرمۇ ئۇنىڭ باشقا بەندىلىرىگە ئوخشاش ئىنسانسىلەر. ئۇ، خالىغان بەندىسىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان بەندىسىگە ئازاب قىلىدۇ...› دېگىن» (مائىدە سۈرىسى، 18 ـ ئايەت).

قُلْ يَٓا اَيُّهَا الَّذ۪ينَ هَادُوٓا اِنْ زَعَمْتُمْ اَنَّكُمْ اَوْلِيَٓاءُ لِلّٰهِ مِنْ دُونِ النَّاسِ فَتَمَنَّوُا الْمَوْتَ اِنْ كُنْتُمْ صَادِق۪ينَ

«ئېيتقىنكى: ئى يەھۇدىيلار! ئەگەر سىلەر باشقىلارنى ئەمەس، پەقەت ئۆزۈڭلارنىلا ئاللاھنىڭ دوستلىرى دەپ دەۋا قىلىدىغان بولساڭلار، بۇ سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، قېنى ئەمسە ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار» (جۇمۇئە سۈرىسى، 6 ـ ئايەت).

وَقَالَتِ الْيَهُودُ لَيْسَتِ النَّصَارٰى عَلٰى شَيْءٍۖ وَقَالَتِ النَّصَارٰى لَيْسَتِ الْيَهُودُ عَلٰى شَيْءٍۙ وَهُمْ يَتْلُونَ الْكِتَابَۜ كَذٰلِكَ قَالَ الَّذ۪ينَ لَا يَعْلَمُونَ مِثْلَ قَوْلِهِمْۚ فَاللّٰهُ يَحْكُمُ بَيْنَهُمْ يَوْمَ الْقِيٰمَةِ ف۪يمَا كَانُوا ف۪يهِ يَخْتَلِفُونَ

«ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىتابنى ئوقۇپ تۇرۇپ، يەھۇدىيلار: ‹ناسارالار توغرا يولدا ئەمەس› دېدى. ناسارالارمۇ: ‹يەھۇدىيلار توغرا يولدا ئەمەس› دېدى. كىتابتىن بىخەۋەر بولغانلارمۇ خۇددى ئۇلارغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى دېدى. ئاللاھ، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ» (بەقەرە سۈرىسى، 113 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك پەقەت يەھۇدىي ۋە ناسارالارلا ئەمەس، كىتابتىن بىخەۋەر بولغانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. بۇ ھەققەت پەقەت ئەھلى كىتاب ئۈچۈنلا ئەمەس، مۇشرىكلار ئۈچۈنمۇ شۇنداقتۇر. چۈنكى مۇشرىكلار تۆۋەندىكى ئايەتتە بىلدۈرۈلگەندەك ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئىبادەت قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ:

«بىلگىنكى، ساپ دىن پەقەت ئاللاھقا خاستۇر. ئۇنىڭ (ئاللاھ) بىلەن بىرلىكتە باشقا دوست (ئەۋلىيا)نى ئۆزىگە ھامىي قىلىۋالغانلار: ‹بىز ئۇلارغا (ھىمايىچىلارغا) پەقەت بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرسۇن دەپ ئىبادەت قىلىمىز› دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھ، ھەقىقەتەن يالغانچى ۋە كۇپۇرلۇق قىلغۇچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ» (زۇمەر سۈرىسى، 3 ـ ئايەت).

دېمەك، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلار، يەھۇدىيلار، ناسارالار ۋە مۇشرىكلاردىن تارتىپ ھەركىم، ئۆزىنى ئاللاھقا ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولنىڭ يولۇچىسى دەپ قارايدۇ، شۇنداق ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ھەتتا ئاللاھ ھارام قىلغان

قەبىھ گۇناھلارنى سادىر قىلغان چاغدىمۇ بۇنى «ئاللاھ بۇيرىدى» دەپ قىلىدۇ:

**وَاِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً قَالُوا وَجَدْنَا عَلَيْهَٓا اٰبَٓاءَنَا وَاللّٰهُ اَمَرَنَا بِهَاۜ قُلْ اِنَّ اللّٰهَ لَا يَأْمُرُ بِالْفَحْشَٓاءِۜ اَتَقُولُونَ عَلَى اللّٰهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ**

«ئۇلار بىرەر قەبىھ ئىشنى قىلغان چاغلىرىدا: ‹بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق. ئاللاھ بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان› دەيدۇ. (ئۇلارغا): ‹ئاللاھ ھەرگىزمۇ يامان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ. سىلەر ئۆزلىرىڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى تۆھمەت قىلىپ ئاللاھقا چاپلاۋاتامسىلەر؟› دېگىن» (ئەئراف سۈرىسى، 28 ـ ئايەت).

دېمەك، خاتا يولدىكىلەردىن تارتىپ ھېچكىم ئۆزىنىڭ خاتا يولدا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ھەر كىم ئۆزىنىڭ توغرا يولدا (ئاللاھ يولىدا) ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنداقتا، كىمنىڭ توغرا ۋە بۇنى بىز قانداق ئايرىيمىز؟

كىمنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە ئاللاھ بىلىدۇ. بىزمۇ ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆلچەم قىلىش ئارقىلىق بۇنى بىلەلەيمىز. چۈنكى ئاللاھ توغرا يولنىڭ بەلگىلىرىنى كىتابى ئارقىلىق بىزگە بىلدۈرگەن بولۇپ، بۇلار سىر ئەمەس، ھەممە نەرسە روشەن ھالدا ئوتتۇرىدا تۇرۇپتۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئاللاھ بىزنى جاۋابكارلىققا تارتمايتتى. كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىنى چىڭ تۇتسا، توغرا يولنىڭ يولۇچىسى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن يىراقلاشسا، يولدىن ئاداشقۇچى ئۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇلار بۇنى ھېس قىلالمايدۇ. ئۆزلىرىنى توغرا يول ئۈستىدە دەپ قارايدۇ.

«كىمكى مېھرىبان ئاللاھنىڭ زىكرى (قۇرئان)دىن يۈز ئۆرىسە، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز ۋە (ئۇ شەيتان) ئۇنىڭ يېقىن دوستى بولىدۇ. ئۇ شەيتانلار، ئۇلارنى توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى ھەقىقەتەن توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ» (زۇخرۇف سۈرىسى،37 ـ 36 ـ ئايەتلەر).

ئۇنداقتا، ئېزىپ كەتكەن تۇرۇپ بۇنى ھېس قىلالمىغانلار، ھەتتا ئۆزىنى توغرا يولدا دەپ قالغانلار قاتارىدىن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بىردىن بىر ئىش ـ ئاللاھنىڭ كىتابىنى چىڭ تۇتۇشتۇر.

«بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ. ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خوشخەۋەر بېرىدۇ» (ئىسرا سۈرىسى، 9 ـ ئايەت).

«سەن ساڭا ۋەھيي قىلىنغان (قۇرئان)غا چىڭ ئېسىلغىن. چۈنكى سەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇرسەن. شۈبھىسىزكى، ئۇ (ساڭا ۋەھيي قىلىنغان قۇرئان) ھەم سەن ئۈچۈن، ھەم قەۋمىڭ ئۈچۈن نەسىھەتتۇر ۋە ھەممىڭلار كېلەچەكتە ئۇنىڭدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر» (زۇخرۇف سۈرىسى، 44 ـ 43 ـ ئايەتلەر).

دېمەك، ئاللاھقا بارىدىغان يول روشەن ۋە ئېنىقتۇر. لېكىن ئاللاھ ھارام قىلغان بىر قەبىھ گۇناھنى سادىر قىلغان چاغدىمۇ، «بۇنى بىزگە ئاللاھ بۇيرۇغان» دەپ ئاللاھقا تۆھمەت قىلىدىغان كىشى، ھەددىنى ئاشقان شۇنداق مەخلۇقكى، ئاللاھقا دىن ئۆگەتمەكچى بولغان بولىدۇ:

قُلْ اَتُعَلِّمُونَ اللّٰهَ بِدٖينِكُمْ وَاللّٰهُ يَعْلَمُ مَا فِي السَّمٰوَاتِ وَمَا فِي الْاَرْضِ وَاللّٰهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلٖيمٌ

«ئېيتقىنكى: دىنىڭلارنى ئاللاھقا سىلەر ئۆگىتەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بولغان ھەممە نەرسىنى بىلىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر» (ھۇجۇرات سۈرىسى، 16 ـ ئايەت).

## «بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن بۇنداق ئاڭلىمىدۇق» دېگۈچىلەرگە

قۇرئان ۋەھيينى تەتبىقلاش ئۈچۈن، ۋەھيينى تەتبىقلىغان ئەجدادلارغا ئەگىشىشنى مەنئى قىلمايدۇ. ھەتتا «ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگىشىڭلار»[1] دېگەن ئايەتلەردىكىگە ئوخشاش ئەجدادقا ئەگىشىشنى تەرغىب قىلىدۇ. لېكىن ۋەھييگە قارشى چىقىش ئۈچۈن ئەجدادنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىشنى رەت قىلىدۇ. چۈنكى ۋەھييگە قارشى ئېتىرازنىڭ ئۆزگەرمەس باھانىسى مىڭلارچە يىلدىن بۇيان دائىم «ئەجدادىمىزنىڭ قىلغانلىرى» بولۇپ كەلگەن. ۋەھييگە قارشى چىققانلار ھېچقاچان «بىز ئاللاھنى ئىنكار قىلىمىز» دېمىگەن. لېكىن «ئاللاھ بۇنداق بىر ئىشقا بۇيرۇغان بولسا ئىدى، بۇنى ئەجدادىمىزدىن ئاڭلىغان بولاتتۇق، بىز ئەجدادىمىزدىن بۇنداق بىر نەرسىنى ئاڭلىمىدۇق» دېگەن. ئۇلارنىڭچە «ئەجدادلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى» ئەڭ توغرا دەلىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىمۇ شۇنداق ئىدى، كۈنىمىزدىمۇ مۇشۇنداق بولۇپ، ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. يەنى:

كۈنىمىزدىن تەخمىنەن 6000 ـ 5500 يىل ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن نوھ (ئە س) قەۋمىنى ۋەھييگە چاقىرغان، لېكىن قەۋمى «بىز ئاللاھقا ئىشەنمەيمىز» دېمىگەن، «ئاللاھ بىزگە بۇنداق بىر نەرسىنى بۇيرۇمىغان، بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن بۇنداق

(1) ئالئىمران سۈرىسى، 95؛ ھەج سۈرىسى، 78 ـ ئايەت

بىر نەرسىنى ئاڭلىمىدۇق» دەپ ئېتىراز قىلغانىدى.

«بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قوۋمىگە ئەۋەتتۇق. نۇھ قوۋمىگە: ‹ئى قوۋمىم، ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن غەيرى ئىلاھ يوقتۇر. شۇنداق بولسىمۇ يەنە قورقماسىلەر؟› دېدى» (مۇئمىنۇن سۈرىسى، 23-ئايەت).

«شۇنىڭ بىلەن قوۋمىدىكى ئىنكارچى كاتتىلار: ‹بۇ پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر. ئۇ سىلەردىن ئۈستۈن بولۇۋالماقچى. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە بىر پەرىشتىنى ئەۋەتەتتى. بىز بۇرۇنقى ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن بۇنداق سۆزنى ئاڭلاپ باقمىدۇق› دېيىشتى» (مۇئمىنۇن سۈرىسى، 24-ئايەت).

كۆنىمىزدىن تەخمىنەن 4500 يىل ئىلگىرى ھۇد (ئە س)نىڭ قوۋمى (ئاد) ۋە سالىھ (ئە س)نىڭ قوۋمى (سەمۇد)مۇ ئەۋەتىلگەن ۋەھيىگە قارشى ئوخشاش باھانىلەر (ئەجدادىنىڭ قىلمىشلىرى، ئەنئەنە) بىلەن ئېتىراز قىلغانىدى:

«(ئۇلار ھۇدقا): ‹سەن بىزگە پەقەت يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشىمىز ۋە ئاتا - بوۋىلىرىمىز چوقۇنۇپ كەلگەنلەرنى تەرك قىلىشىمىزغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر راستچىللاردىن بولساڭ، بىزنى قورقۇتقان ئازابنى كەلتۈر› دېدى» (ئەئراف سۈرىسى، 70-ئايەت).

«(ئۇلار): ‹نەسىھەت قىلامسەن - قىلمامسەن بەرىبىر بىزگە ئوخشاش. بۇ (قىلىۋاتقان ئىشىمىز) بۇرۇنقىلار (ئەجدادىمىز)نىڭ ئەنئەنىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز بۇ سەۋەبلىك جازالانمايمىز› دېدى» (شۇئەرا سۈرىسى، 138-136-ئايەتلەر).

«(نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قوۋمى رەسۇللىرىغا): ‹سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان. سىلەر بىزنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقانلارغا ئىبادەت قىلىشىمىزدىن توسماقچى بولۇۋاتىسىلەر. ئۇنداقتا بىزگە روشەن پاكىت كۆرسىتىڭلار› دېدى» (ئىبراھىم سۈرىسى، 10-ئايەت).

كۆنىمىزدىن تەخمىنەن 4000 يىل ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن ئىبراھىم (ئە س)غا قىلىنغان ئېتىرازلارنىڭ سەۋەبىمۇ ئوخشاش (ئەجدادىنىڭ ئەنئەنىسى) ئىدى، ئەلۋەتتە.

«ئىبراھىم: ‹خوش، سىلەر يالۋۇرغاندا ئۇلار سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلامدۇ؟› دېدى» (شۇئەرا سۈرىسى، 72-ئايەت).

«ئۇلار: ‹ياق، لېكىن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدۇق› دەپ جاۋاب بەردى» (شۇئەرا سۈرىسى، 74-ئايەت).

كۆنمىزدىن تەخمىنەن 3500 يىل ئىلگىرى مىسىرغا ئەۋەتىلگەن مۇسا (ئە س)غا قىلىنغان ئېتىرازلارنىڭ سەۋەبىمۇ ئوخشاش (ئەجدادىنىڭ ئەنئەنىسى) ئىدى.

«مۇسا ئۇلارغا روشەن ئايەتلىرىمىزنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا: ‹بۇ ئويدۇرۇپ چىقىلغان سېھىردۇر. بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن بۇنداق ئاڭلىمىغانىدۇق› دېدى» (قەسەس سۈرىسى، 36 - ئايەت).

كۆنمىزدىن 1400 يىل ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن ئاخىرقى نەبى - رەسۇل مۇھەممەد (ئە س)غا قىلىنغان ئېتىرازلارنىڭ سەۋەبىمۇ ئوخشاش (ئەجدادىنىڭ ئەنئەنىسى) ئىدى.

«ئۇلارغا: ‹ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئان)غا ئەگىشىڭلار› دېيىلسە، ئۇلار: ‹ياق! ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان يولغا ئەگىشىمىز› دېيىشىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرى ھېچنەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان بولسىمۇ، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟» (بەقەرە سۈرىسى، 170 - ئايەت).

«ئۇلارغا: ‹ئاللاھ نازىل قىلغانغا ۋە رەسۇلغا ئەگىشىڭلار› دېيىلسە، (ئۇلار): ‹ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى (يولى) بىزگە كۇپايە› دەيدۇ. ئاتا - بوۋىلىرى ھېچنەرسىنى بىلمىگەن، يەنى توغرا يولدا بولمىغان بولسىمۇ، (يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟)» (مائىدە سۈرىسى، 104 - ئايەت).

«(ئۇلار): ‹ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش› (دېيىشتى). ئۇلارنىڭ كاتتىلىرى: ‹ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا ئىبادەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇڭلار. چۈنكى (بىزدىن) تەلەپ قىلىنغان مانا بۇدۇر› دەپ قوزغۇلۇپ كەتتى. (ئۇلار): ‹بىز بۇنى باشقا (ئاخىرقى) بىر دىندىنمۇ ئاڭلىمىدۇق، بۇ پەقەت ئىچى بوش ئويدۇرمىدىن ئىبارەت› (دېدى)» (ساد سۈرىسى، 7 - 5 - ئايەتلەر).

**وَكَذٰلِكَ مَٓا اَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ فِي قَرْيَةٍ مِنْ نَذ۪يرٍ اِلَّا قَالَ مُتْرَفُوهَٓاۙ اِنَّا وَجَدْنَٓا اٰبَٓاءَنَا عَلٰٓى اُمَّةٍ وَاِنَّا عَلٰٓى اٰثَارِهِمْ مُقْتَدُونَ**

«سەندىن ئىلگىرى ھەرقاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەۋەتسەك، ئۇ يۇرتنىڭ كاتتىلىرى: ‹بىز ھەقىقەتەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى كۆردۇق. شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز› دېيىشتى» (زۇخرۇف سۈرىسى، 23 - ئايەت).

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئۆزگەرمىگەن بۇ باھانە ئەلۋەتتە كۆنمىزدىمۇ ۋەھىيگە

قارشى قىلىنغان ئېتىرازنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلماقتا. نۇھ (ئە س)غا قىلىنغان ئېتىراز بىلەن مۇھەممەد (ئە س)غا قىلىنغان ئېتىراز ئارىسىدا (نەچچە مىڭ يىل ئۆتكەن بولۇشىغا قارىماستىن) ھېچقانداق پەرق يوق. قۇرئان بۇ سەۋەبتىن ئىلگىرىكى رەسۇللار ۋە قوۋملىرىنى قىسسە قىلىپ بايان قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرگە مەسەل ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىبرەت ئېلىشىمىز ۋە ئوخشاش خاتالىقنى سادىر قىلماسلىقىمىز ئۈچۈن بايان قىلىپ بېرىلگەن. لېكىن قۇرئاندىكى بۇ قىسسەلەر بەزىلەرگە مەسەلدەك تۇيۇلىدۇ. مۇشرىكلارمۇ بۇ قىسسەلەرنى «ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەپسانىلىرى (مەسەللىرى)» دېگەنىدى (دېگەن).

ۋەھىي (قۇرئان)گە قارشى ئېتىراز قىلغۇچىلار ھېچقاچان «بىز ئاللاھ (قۇرئان) قا ئىشەنمەيمىز» دېمەيدۇ. ئىلگىرىكى قوۋملەرمۇ بۇنداق دېمىگەنىدى. لېكىن ۋەھىي (قۇرئان)گە ئېتىراز قىلغۇچىلار خۇددى ئۆتمۈشتىكى قوۋملەرگە ئوخشاش بۇ ئېتىرازلىرىنى چىرايلىق بېزەلگەن كونۋېرت ئىچىگە سېلىپ پەردازلىغان ۋە مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ بىزگە مۇنداق بىر نەرسىنى بۇيرىمىدى، بۇنداق بىر نەرسىگە بۇيرۇغان بولسا ئىدى، بۇنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىلەتتى. بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن بۇنداق نەرسىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق، 1400 يىلدىن بۇيان بۇنداق گەپنى ئاڭلاپ باقمىدۇق، 1400 يىلدىن بېرى بۇنچە كۆپ كىشى بىلەلمەي قېلىپ، سىلەر بىلدىڭلارمۇ؟...».

بۈگۈن بىزمۇ پەقەت ۋە پەقەت مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئەسلىتىش (ئوقۇپ بېرىش) ئارقىلىق مۇنداق دەيمىز:

«(ئى ئىنسانلار!) ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئانغا ئەگىشىڭلار، ئۇنىڭدىن باشقا بىر ۋەلى (دوست)گە ئەگەشمەڭلار[1]؛ قۇرئاندىن باشقا يېتەكچى يوق، ئاللاھ بىزنى باشقا نەرسىدىن ئەمەس، بەلكى قۇرئاندىن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ[2]؛ قۇرئان بىز مۇئمىنلەرگە لازىم بولغان بارلىق دىنىي مەلۇماتلارنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ[3]، بۇ چۈشەندۈرۈش ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغان[4]؛ ئاللاھ ئايەتلىرىنى ئاللاھتىن غەيرىيگە بەندە بولۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن ئۆزى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، بۇ ئىشنى باشقا بىرسىگە تاپشۇرمىغان (ئەلچىلەرگىمۇ بەرمىگەن). قۇرئاننى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئىزاھلىيالمايدۇ، ئەكسىچە بولغاندا بىز

(1) ئەئراف سۈرىسى، 3 ـ ئايەت

(2) زۇخرۇف سۈرىسى، 44 ـ ئايەت

(3) يۇسۇف سۈرىسى، 111 ـ ئايەت

(4) ھۇد سۈرىسى، 2 ـ ئايەت

ئىزاھلىغۇچىنىڭ (مەنىۋى) بەندىسى بولۇپ قالىمىز. رەسۇلۇللاھ ئاللاھ ئۆزى ئىزاھلاپ بەرگەن بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنى قۇرئان ئارقىلىق بىزگە تەبلىغ قىلغان، يەتكۈزگەن[1].

بۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار ھېچقاچان «بىز بۇ ئايەتلەرگە ئىشەنمەيمىز» ياكى «قۇرئاندا بۇنداق بىر ئايەت يوق» دېمەيدۇ. لېكىن دائىم مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەر قۇرئاننى چۈشىنەلمەيسىلەر. بىز 14 ئەسىردىن بۇيان (ئەجدادىمىزدىن) بۇنداق سۆزنى ئاڭلىمىدۇق، شۇنچە كۆپ كىشىلەر بىلەلمەي، سىلەر بىلىپ كەتتىڭلارمۇ؟ بىز ئەنئەنىمىز (ئەجدادىمىز)گە ۋە ئىلگىرىكىلەر (سەلەف)نىڭ يولىغا ئەگىشىمىز. بۇ ئايەتلەرنى پەقەت سىلەرلا كۆردۈڭلارمۇ؟ بىزنىڭ ئۇستاز (شەيخ)لىرىمىز بۇ ئايەتلەرنى بىلمەمدۇ؟ ئۇلار بىلمەي قېلىپ، سىلەر بىلىپ كەتتىڭلارمۇ؟...».

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەجدادلىرىنى شېپى كەلتۈرۈپ ئېتىراز قىلغۇچىلار ئەجدادىنىڭ ئىشلىرىنى خۇددى ئاللاھنىڭ ئەمرىدەك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. قۇرئاندىمۇ بۇ ئەھۋال (ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقى) مۇنداق بايان قىلىنغان:

**وَإِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً قَالُوا وَجَدْنَا عَلَيْهَا آبَاءَنَا وَاللَّهُ أَمَرَنَا بِهَا قُلْ إِنَّ اللَّهَ لَا يَأْمُرُ بِالْفَحْشَاءِ أَتَقُولُونَ عَلَى اللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ**

«ئۇلار بىرەر قەبىھ ئىشنى قىلغان چاغلىرىدا: ‹بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق. ئاللاھ بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان› دەيدۇ. (ئۇلارغا): ‹ئاللاھ ھەرگىزمۇ يامان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ. سىلەر ئۆزلىرىڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى تۆھمەت قىلىپ ئاللاھقا چاپلاۋاتامسىلەر؟› دېگىن» (ئەئراف سۈرىسى، 28-ئايەت).

ئۇلار ئاللاھ (قۇرئان)نى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «ئاللاھنىڭ مۇشۇنداق بۇيرۇغانلىقىنى» ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇئامىلىدە بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەجدادىنى شېپى كەلتۈرىدۇ. «ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىلەر ئەجدادىمىز ئىدى. ئاللاھ بىزگىمۇ مۇشۇنداق قىلىشىمىزنى بۇيرۇغان» دەيدۇ. سادىر قىلغانلىرىنى قەبىھ ئىشلار دەپ قارىمايدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى قەبىھ ئىشلار دەپ ئاتاۋاتىدۇ.

يىغىنچاقلىساق، ۋەھيي (قۇرئان)گە قىلىنغان ئېتىرازلارنىڭ سەۋەبى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئوخشاش بولغان. يەنى، دائىم «ئەجدادلىرىنىڭ ئىشلىرى»نى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن. ئەمما قۇرئان ئەجدادلارنىڭ ياكى كۆپ سانلىقنىڭ

---

(1) ھۇد سۈرىسى، 2، 3؛ مائىدە سۈرىسى، 92؛ نۇر سۈرىسى، 54؛ نەھل سۈرىسى، 35-ئايەت

ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە كۆپ سانلىقنىڭ دائىم گۇمراھلىق ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى روشەن ھالدا بايان قىلغان.

«ئەگەر يەر يۈزىدىكى كۆپ سانلىققا ئەگەشسەڭ، سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇلار پەقەت گۇمان (زان)غا ئەگىشىدۇ ۋە جۆيلۈيدۇ» (ئەنئام سۈرىسى، 116 ـ ئايەت).

«سەن گەرچە ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ» (يۇسۇف سۈرىسى، 103 ـ ئايەت).

«ئۇلار (ئىمان ئېيتقۇچىلار)نىڭ تولىسى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتىدۇ» (يۇسۇف سۈرىسى، 106 ـ ئايەت).

«بۇلار، رەببىڭدىن ساڭا ھەق سۈپىتىدە نازىل قىلىنغان كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇ ئايەتلەرگە) ئىشەنمەيدۇ» (رەئىد سۈرىسى، 1 ـ ئايەت).

ئۇنداقتا قىلىشقا تېگىشلىك بىردىن بىر ئىش، (ئەجدادلارغا ئەگىشىش ئەمەس) قۇرئانغا ئەگىشىشتۇر. پەقەت ۋە پەقەت قۇرئانغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارنى يېتەكچى قىلىۋالماسلىق لازىم.

«... سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (قۇرئاندا) سىلەرگە بىلدۈرۈلدى. سەن ‹ئاللاھ› دېگىن، ئاندىن ئۇلارنى تەرك قىل. ئۇلار پېتىپ قالغان پاتقاقتا ئويناپ يۈرسۇن» (ئەنئام سۈرىسى، 91 ـ ئايەت).

«سەن ساڭا ۋەھيي قىلىنغان (قۇرئان)غا چىڭ ئېسىلغىن. چۈنكى سەن ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇرسەن. شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەم سەن ئۈچۈن، ھەم قەۋمىڭ ئۈچۈن نەسىھەتتۇر ۋە ھەممىڭلار كېلەچەكتە ئۇنىڭدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر» (زۇخرۇف سۈرىسى، 44 ـ 43 ـ ئايەتلەر).

«(ئى ئىنسانلار!) سىلەر رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان (قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار. ئۇنىڭدىن باشقا بىر دوست (يېتەكچىگە) ئەگەشكۈچى بولماڭلار. (لېكىن) سىلەردىن ناھايىتى ئاز بىر تۈركۈمىڭلار بۇ ۋەز ـ نەسىھەتكە قۇلاق سالىسىلەر» (ئەئراف سۈرىسى، 3 ـ ئايەت).

ئى رەببىمىز! بىزنى پەقەت قۇرئانغا ئەگەشكۈچىلەر قاتارىدىن قىلغىن. بىزنى رەسۇلنىڭ يولىدىن ئايرىمىغىن. بىزنى رەسۇلنىڭ يولىدىن ئادىشىپ، باشقىلارنى

دوست قىلىۋالغۇچىلار قاتارىدىن، قۇرئانغا ئىمان ئېيتتىم دەپ تۇرۇپ ئۇنى ئۇنتۇپ قالغانلار ۋە قۇرئانغا قىڭغىر قارىغۇچىلار قاتارىدىن قىلمىغىن. ئى رەببىمىز، قۇرئاندىن ئادىشىپ كەتكەن تۇرۇپ ئۆزىنى توغرا يولدا دەپ قارىغۇچىلاردىن قىلمىغىن. ئى رەببىم، بىزنى سېنىڭ ئىسمىڭ تىلغا ئېلىنسا ۋە قۇرئان ئوقۇلسا دىلى تىترەيدىغانلار قاتارىدىن قىلغىن. ئى رەببىمىز، بىزنى قۇرئانغا دىلى قېتىپ كەتكەن، ئايەتلەر ئالدىدا دىلى پىچەتلەنگەنلەر قاتارىدىن قىلمىغىن. ئى رەببىمىز، بىزنى قۇرئان ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغۇچىلار قاتارىدىن قىلغىن، قۇرئان ئىلمىمىزنى زىيادە قىلغىن. ھەقىقەتلەرنى فۇرقان بولغان قۇرئان بىلەن بايقىيالايدىغانلاردىن قىلغىن. ئى رەببىمىز، بىزنى قۇرئاندا تەۋھىد قىلغىن، بىزنى قىيامەت كۈنى رەسۇلنىڭ ساڭا شىكايەت قىلىدىغان كىشىلەر قاتارىدىن قىلمىغىن. ئۇ كۈندە قۇرئاندىن جاۋابكارلىققا تارتىلغاندا، يۈزىمىز يورۇق ھالدا مۇنداق دېيىشكە نېسىپ قىلغىن:

«ئى رەببىم! سەن: ‹بۇ قۇرئان ھەممىڭلار ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر، رەھمەتتۇر، ھىدايەتتۇر، سىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىدىغان نۇردۇر، ھەممىڭلار ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىڭلار ۋە پەقەت ئۇنىڭغىلا ئەگىشىڭلار، ئۇنىڭدىن باشقا يېتەكچىگە ئەگەشمەڭلار، چۈنكى مەن سىلەرنى ئۇنىڭدىن جاۋابكارلىققا تارتىمەن› دېدىڭ. مەنمۇ بۇ سەۋەبتىن قۇرئانغا چىڭ ئېسىلدىم. چۈنكى ۋەز - نەسىھەت ئۈچۈن قۇرئان ماڭا كۇپايە. رەسۇلۇللاھ سەندىن ئېلىپ كەلگەن قۇرئاندىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزۈمگە يېتەكچى قىلمىدىم. پەقەت قۇرئانغا ئەگەشتىم. مۇشۇنداق قىلىشقا تىرىشتىم. سەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىسەن. ئى رەببىم، قوبۇل قىلغىن! (ئامىن، ۋەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىن)».

# پایدلانغان مەنبەلەر


**Kur'an-ı Kerim**

**Abdülaziz Bayındır**

Kur'an ışığında doğru bildiğimiz yanlışlar, Süleymaniye vakfı y, 2011.

Kur'an'a ve geleneğe göre Nebi ve Resul (www.suleymaniyevakfi.org.tr) .

Kur'an'da namaz vakitleri (www.suleyma¬niyevakfi.org.tr).

http://www.suleymaniyevakfi.org/fitrat-ve-tip-arastirmalari/ruh-ve-vucut-den¬gesi.html.

**Abdullah Aydınlı**

İslam'ın Anlaşılmasında Sünnetin Yeri ve Değeri, Kutlu Doğum Sempozyumu (2001), TDVY, Ankara, 2008.

**Ali Akyüz**

Yaşayan Kur'an Hz. Peygamber, Kuram y, İstanbul, 2007.

Beşer ve Peygamber olarak Hz.Muhammed, Din Eğitimi Araştırmaları Dergisi, 2002 (sayı 10)

**Ali Çelik**

İslam'ın Anlaşılmasında Sünnetin Yeri ve Değeri, Kutlu Doğum Sempozyumu (2001), TDVY, Ankara, 2008.

**Ali Rıza Demircan**

Kur'an ve Sünnet Işığında Cariyeler ve Sömürülen Cinsellikleri, Ensar y, İstanbul, 2010.

**Abdullah Kahraman**

Fıkhı hadislerin doğru anlaşılıp yorumlan¬ması hususunda bazı esaslar,www.cumhu¬riyet.edu.tr/edergi/makale/316.

**Ahmet Naim**
Hadis Usulü, Ravza y, İstanbul, 2008 .
Sahih-i Buhari Muhtasarı Tecrid-i Sarih Tercemesi, Ankara 1982.

**Ali Osman Ateş**
Kur'an ve Hadislere Göre Cinler ve Büyü, Beyan y, İstanbul, 2011 .

**Abdullah Ünalan**
Şia'da Hadis Usulü, Çıra y, İstanbul, 2008.

**Ahmet Yücel**
Hadis Usulü, IVAF y, İstanbul, 2011.
Hadis Tarihi, IVAF y, İstanbul, 2011.

**Abdullah Yeğin**
Yeni Lügat, Hizmet Vakfı, İstanbul,1983.

**Bayraktar Bayraklı**
Yeni bir anlayışın ışığında Kur'an Tefsiri, Bayraklı y, İstanbul, 2007.

**Beydavi (Kadı Beydavi)**
Envaru't-Tenzil ve Esrarü't-Te'vil (trc. Şadi Eren), İstanbul, 2011.

**Buhari** (Muhammed bin İsmail el-Buhari)
el-Camiu's-Sahih, Çağrı y, İstanbul, 1992.

**Bünyamin Erul**
İslam'a Giriş, Sünnet, DİB, İstanbul, 2010.

**Campbell-Walsh Urology**
Testicular embriology and normal descent, Volume 4, Philadelphia, 2007.

**Celaleddin Vatandaş**
Hz.Muhammed'in hayatı ve İslam daveti, Pınar y, İstanbul, 2010.

**Cürcî Şahin Atıyye**
Süllemü'l-lisân fî's-sarfi ve'n-nahvi ve'l-beyân, Dâru Reyhaniyyi li't-tıbâati ve'n-neşr, 4. Baskı, Beyrut, trs.,

**Darimi** (Ebu Muhammed Abdullah b. Ab¬durrahman ed-Darimi)
Sünenü'd-Darimi, Beyrut, 1407.

**Diyanet İslam Ansiklopedisi,** yıl: 2010, cilt: 38 Ebu Davud (Süleyman b. El-Eş'as es-Sicistani)

**Sünen-i Ebu Davud Tercemesi**, Konya Ki¬tapçılık, İstanbul, 2007.

**Ebu Hanife** (Numan bin Sabit)
el-Alim ve'l-Muteallim, Matbaati'l-Envar, Kahire,1327.

**Enbiya Yıldırım**
Hadis Meseleleri, Rağbet y, İstanbul, 2008.

**Fatih Orum**
Fıkıh Usulünde Kıyas Metodu, Yalın y, İstanbul, 2009.
Kur'an ve sünnet temelinde Kur'an'ı anlama usulü, Süleymaniye Vakfı y, 2012.
Ayet ve rivayetlerin reddettiği bir iddia; Salattan bihaber ahfad-ı peygamber, Kitap ve Hikmet Dergisi, yıl 2,sayı 4 .

**Fuat Sezgin**
Buharî'nin kaynakları, Otto y, 4. baskı, Ankara, 2015

**Hakan Uğur**
"Eski Ahid'deki "Dua" Kavramının Kur'an'daki "Salât" Kavramıyla İlişkisi", Ç.Ü.İ.F.D, C: 8,Temmuz-Aralık 2008, s.133-166

**Hatip el-Bağdadi**
El-Kifaye fi ilmi'r-rivaye, Beyrut, 1987.

**Hayrettin Karaman**
www.hayrettinkaraman.net.
Yeni Şafak Gazetesi, 29.08.2010

**Heyet (DIB)**
Kur'an Yolu, DİB y, Ankara, 2003.

**Hüseyin Hansu**
Mütevatir Haber, Bilge adamlar y, İstanbul, 2008.

**İbn-i Mace** (Ebu Abdillah Muhammed b. Yezid el-Kazvini)
Sünen-i İbni Mace, Kahraman y,1992.

**İbni Kayyım el-Cevziyye**
Zadu'l-Mead, İklim y, İstanbul, 1998.

**İbrahim Canan**
Hadis Ansiklopedisi-Kütüb-i Sitte, Akçağ y,1993.

**İbrahim Sarıçam**
Hz.Muhammed ve Evrensel Mesajı, DİB, Ankara, 2007 .

**İbrahim Sarmış**
Hz. Peygamberin büyülendiği iddiası ve Bakara 102 ayetinin anlamı üzerine, Kur'ani Hayat Dergisi, 2/11/2010.

**İshak Emin Aktepe**
İslam Hukukçularının Sünnet Anlayışı, İnsan y, İstanbul, 2008.

**İsrafil Balcı**
Beş Vakit Namaz Gerçekten Mi'râc'da mı Farz Kılındı? Kitap ve Hikmet Dergisi, yıl 2, sayı 4 .
İslam'ın Anlaşılmasında Sünnet'in Yeri ve Değeri
Kutlu Doğum Sempozyumu (2001), TDVY, Ankara, 2008.

**İsmail Hakkı Ünal**
İslam'ın Anlaşılmasında Sünnetin Yeri ve Değeri, Kutlu Doğum Sempozyumu (2001),TDVY, Ankara, 2008.

**İsmail Lütfi Çakan**
Muhtelifü'l-Hadis İlmi, IVAF y, İstanbul, 2010.
Hadis Edebiyatı, IVAF y, İstanbul, 2011.

**Kettani** (Muhammed b. Cafer el-el-Kettani)
Mütevatir hadisler, (trc. Hanefi Akın), Polen y, İstanbul, 2007.

**Kurtubi** (Muhammed b. Ahmed b. Ebi Bekr b. Farh el-Kurtubi)
El-Camiu li-ahkâmi'l-Kur'an (trc. Beşir Eryarsoy), Buruc y, İstanbul, 2006.

**Mehmet Çelik**
http://www.Kur'andersi.com/izle1.php?id=394.

**Mehmet Hayri Kırbaşoğlu**
İslam Düşüncesinde Sünnet, Ankara, 2002.
Alternatif Hadis Metodolojisi, Ankara, 2004.
İslam Düşüncesinde Hadis Metodolojisi, Ankara, 2006.

**Mehmet Görmez**
Sünnet ve Hadisin Anlaşılması ve Yo¬rumlanmasında Metodoloji Sorunu, DVY, Ankara, 1997 .

**Mehmet Okuyan**
Kur'an-ı Kerim'e Göre Kabir Kavramı ve Kıyamet-Ahiret Süreci, Düşün y, İstanbul, 2013.
Kur'an-ı Kerim'de Çok Anlamlılık, Düşün y, İstanbul, 2013.
Kur'an ve risalet, Fecr y, Ankara, 2009.

**Mehmet Said Hatipoğlu**
Hadis tetkikleri, Otto y, Ankara, 2009.

**Metin Yiğit**
İlk dönem Hanefi kaynaklarına göre Ebu Hanifenin usul anlayışında Sünnet, İslam Hukuku Araştırmaları Dergisi, 2012 (sayı 12).

**Mevlana Şibli**
Asr-ı Saadet (İslam Tarihi, trc.Ömer Rıza Doğrul), Eser neşriyat, İstanbul, 1997 .

**Muhammed Gazali**
Fakihlere ve muhaddislere göre Nebevi Sünnet, Ekin y, İstanbul, 1992 .

**Muhammed Hamidullah**
İslam Peygamberi, İrfan Y, İstanbul, 1993.
el-Vesaiku's-Siyase, Kitabevi y, İstanbul, ty.
İslamın Hukuk İlmine Katkıları, Beyan y, İstanbul, 2005.
İslam Anayasa Hukuku, Beyan y, İstanbul, 2005.
Hz. Peygamber'in Altı Orijinal Diplomatik Mektubu, Beyan y, İstanbul, 2007.
Muhtasar Hadis Tarihi ve Sahife-i Hemmam ibn Münebbih, Beyan y, İstanbul, 2007.
Kur'an-ı Kerim Tarihi, Beyan y, İstanbul, 2000.

**Muhammed Hamdi Yazır (Elmalılı)**
Hak Dini Kur'an Dili, Zehravey y, İstanbul, ty.

**Muhammed İzzet Derveze**
Kur'an'a göre Hz.Muhammed'in hayatı, Düşün yayıncılık, İstanbul, 2011 .
Et-Tefsirul'l-Hadis, Nüzul sırasına göre Kur'an tefsiri, Ekin y, İstanbul, 1997.

**Muhammed Kasım Abduh el-Harisi**
Muhaddisler nazarında Ebu Hanife (trc.Ahmet Yücel, İbrahim Tüfekçi), Misvak y, İstanbul, 2004.

**Muhammed Nasirud-Din el-Bani**
Hadisin İtikatta Delil Oluşu, İşrak y, İstan¬bul, 2008.

**Muhammed Taki Osmani**
Sünnetin Değeri ve Bağlayıcılığı (trc.Meh¬met Özşenel), Akademi y, İstanbul, 2007.

**Musa Carullah Bigiyev**
Kitabu's-Sünne (trc. Mehmet Görmez), Ankara okulu y, 2009 .
Uzun günlerde oruç (trc.Yusuf Uralgiray), Ankara, 1975 .

**Mustafa Fayda**
Hz. Ömer ve ticaret malları vergisi veya öşür, http://dergiler.ankara.

edu.tr/dergi¬ler/37/771/9811.pdf .

**Mustafa İslamoğlu**
Hayat Kitabı Kur'an, Düşün y, İstanbul, 2008.
Hasan el-Basri'nin Kader Risalesi ve Şerhi, Düşün y, İstanbul, 2012.

**Müslim** (Müslim b. Haccac b. Müslim el-Ku¬seyri en-Nisaburi)
Camiu's-Sahih, Çağrı y, İstanbul, 1992.

**Müsned (Ahmed İbni Hanbel)**
Müsned, Çarpı y, İstanbul, 1992.

**Muvatta (Malik b. Enes, Ebu Abdullah)**
Muvatta, Kahire, ty.

**Nesai (Ebu Abdi'r-Rahman Ahmed b. Şuayb en-Nesei)**
Sünen-i Nesai Tercemesi, Konya Kitapçılık, İstanbul, 2005.

**Ömer Nasuhi Bilmen**
Büyük İslam İlmihali, Bilme y, İstanbul, 1990.

**Rağıb el-Isfahani**
Müfredat, Pınar y, İstanbul, 2007.

**Raşit Küçük**
İslam'ın Anlaşılmasında Sünnet'in Yeri ve Değeri, TDVY, Ankara, 2008.

**Razi (Fahrüddin er-Razi)**
Mefatihul Gayb, Tefsir-i Kebir, Ankara,1990.

**Sevim Gelgeç,**
Dinbilimleri Akademik Araştırma Dergisi, c.15,sayı 1,2015

**Saffet Köse**
Hz. Ömer'in bazı uygulamaları bağlamında ahkâmın değişmesi tartışmalarına bir bakış, İslam Hukuku Araştırma Dergisi, 2006 (sayı 7).

**Serahsi (Ebu Sehl Ebu Bekir Muhammed b. Ahmed)**
Mebsut (trc. Cevat Akşit), Gümüşev y, İstanbul, 2007.

**Sevim Gelgeç**
Dinbilimleri Akademik Araştırma Dergisi, c.15,sayı 1,2015,s.275-299

**Subhi es-Salih**
Hadis İlimleri ve Istılahları, DİB, Ankara, 1971.

**Şatıbi** (Ebu İshak İbrahim b. Musa eş-Şatibi)
Muvafakat,(İz yayıncılık, İstanbul, 2003.

**Taberi (İbni Cerir et-Taberi)**
Taberi Tefsiri, Hikmet Neşriyat, İstanbul, 2008 .

**Tirmizi (Ebu İsa et-Tirmizi)**
Sünen-i Tirmizi tercemesi, Konya kitapçılık, İstanbul, 2007.

**Toshihiko Izutsu**
Kur'an'da dini ve ahlaki kavramlar, Pınar y, İstanbul, 2010.

**Yusuf el-Karadavi**
Sünnet'i Anlamada Yöntem (trc. Bünyamin Erul), Nida y, İstanbul, 2009.
Bilgi ve Medeniyet Kaynağı Sünnet (trc. Özcan Hıdır),Yörünge y, İstanbul, 2001.

**Vedat Yılmaz**
Herkesin bildiği namaz, Kitap ve Hikmet Dergisi, yıl 2, sayı 4 .

**Vehbe Zuhayli**
İslam Fıkhı Ansiklopedisi, Risale y, İstanbul, 1994.

**Zeki Bayraktar**
Kur'an'ın Nebevi Tatbikatı Sünnet, Çıra y, İstanbul, 2010.
Kur'an'ın içinde 'resimli namaz hocası ara¬mak', Kitap ve Hikmet Dergisi, yıl 2, sayı 4.
Ebu Hanife Hanefi mi idi? Kitap Ve Hikmet Dergisi, yıl 2, sayı 6